ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



ۋ. گ. يان

# باتۇخان

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ۋ.گ. يان

# باتۇخان



تەرجىمە قىلغۇچى: ئابدۇۋەلى مۇقىيت

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ئېسىمدىن چىقماس جان جىگەر
يولداشىم مارىيا يانغا بېغىشلايمەن.
بۇ كىتاب ئىككىمىزنىڭ بىرلىكتە يازغان
ئەڭ ئاخىرقى كىتابىمىز ئىدى.

ۋ.يان

كىتابخان! بۇ ھېكايىدە «... چەكسىز قەھرىمانلىق بىلەن ھەددىدىن ئاشقان ياۋۇزلۇق، ئازادلىق يولىدىكى مەردانە كۆرەش بىلەن يۈگەنسىز زورلۇق، سەمىمىي دوستلۇق بىلەن ۋاپاسىزلىق تەسۋىرلىنىدۇ.

باتۇخاننىڭ تولۇق قۇراللانغان، جاھاننى زىلزىلىگە سالغان ياۋۇز قوشۇنى ئىستىلا قىلغان يەرلەردىكى خەلقلەرنىڭ ئادەم چىدىغۇسىز ئازاب - ئوقۇبەتلىرى، موڭغۇل لەشكەرلىرىنىڭ ئىدىل دەرياسى بويىدا توختىغانلىقى ۋە بۇ يەردە ئۇلارنىڭ ئۇلۇغ داھىيسى باتۇخاننىڭ «ئالتۇن ئوردا» دەپ ئاتالغان غايەت كۈچلۈك ئىمپېرىيە قۇرغانلىقى بايان قىلىنىدۇ».

(ھاجى رەھىمنىڭ قول يازمىسىدىن)

«... شۇنداق قىلىپ ئادەمزات بىلمەيدىغان يات ئەللەرگە سەپەر قىلايلى. كىتابخان! سەن ئۇ يەرلەردە بىلمىگەنلىرىڭنىڭ ھەممىسىنى بىلىسەن»

(قەدىمكى ئەرەب ھېكايىلىرىدىن)

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

# ئاپتور ھەققىدە

ۋاسىلى گىرىگورىۋىچ يانچىۋىسكىي (يان — ئەدەبىي تەخەللۇسى) سوۋېت ئىتتىپاقى يازغۇچىسى بولۇپ، 1874 - يىلى كىيېۋتا ئوقۇتقۇچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن.

ئۇ 1897 - يىلى پېتربۇرگ شۆيېۋەنىنىڭ تارىخ فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، روسىيىنىڭ شىمالىي ۋە ئوتتۇرا قىسىملىرىنى ئىككى يىل پىيادە ساياھەت قىلىپ چىققان ھەمدە «سەپەر خاتىرىلىرى» نى يېزىپ 1901 - يىلى نەشر قىلدۇرغان. 1901 - يىلىدىن كېيىن، ئوتتۇرا ئاسىياغا ئاتلىق سەپەر قىلىپ، كېيىنكى مەزگىللەردە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ تارىخىغا دائىر رومان يېزىپ چىقىش ئۈچۈن ئاساس سالغان.

1905 - يىلىدىكى رۇس - ياپون ئۇرۇشىدا ۋە 1914- يىلىدىكى 1 - دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىللىرىدە ھەربىي مۇخبىر بولۇپ ئىشلىگەن. ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن، تارىخىي ماۋزۇلاردا يېزىلغان ھېكايىلىرى بىلەن جامائەتچىلىككە تونۇلۇشقا باشلىغان. ئۇنىڭ «فىنكىيە كېمىسى» (1931)، «قورغان ئوتلىرى» (1932) قاتارلىق ھېكايىلىرى كىشىلەر سۆيۈپ ئوقۇيدىغان ئەسەرلەردىن بولۇپ قالغان.

ئاپتور 1939 - يىلى تارىخىي رومان «چىڭگىزخان» نى مۇۋەپپەقىيەتلىك يېزىپ چىققان. 1942 - يىلى بۇ كىتاب ئۈچۈن يانچىۋىسكىي ستالىن مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن. 1942 - يىلى تارىخىي رومان «باتۇخان» نى يېزىپ تاماملىغان. 1954-

يىلى يەنە تارىخىي رومان «ئاخىرقى دېڭىزغا يۈرۈش» نى يېزىپ چىققان. بۇنىڭ بىلەن ئاپتور ھاجى رەھىمنىڭ قول يازمىلىرى باشتىن - ئاخىر يېپ ئۆچى قىلىنغان «موڭغۇللار-نىڭ تاجاۋۇزى» ناملىق تىرىلوگىيىسىنى تاماملاپ، دۇنيا ئەدە-بىياتى خەزىنىسىگە ئاجايىپ زور تۆھپە قوشقان.

ئاپتور پۈتكۈل دۇنيا تارىخىنىڭ دەۋر بۆلگۈچ ۋاقتىنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلىش ئۈچۈن، ھەر خىل تىللاردا يېزىلغان نۇرغۇن كونا كىتابلارنى ئوقۇپ چىققان. بۇ تىرىلوگىيىسىدە چىنلىق ئۈچۈن ھارماي ئىزلەنگەن. ئۇ بەدىئىي ماھارەت جەھەتتە ئۆزىنىڭ مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن رومان يازغۇچىلىرىنىڭ بەزى تارىخىي ۋەقەلىكلەرنى توقۇپ چىقىرىش ھوقۇقىدىن ئاساسەن پايدىلانماي، كىتابنىڭ تارىخىي قىممىتىنى ساقلاپ قالغان.

شۇنداق بولۇشقا قارىماي، خەلق ئوغلانلىرىنىڭ سان ۋە ھەربىي تېخنىكا جەھەتتىن ئۆزىدىن مۇتلەق ئۈستۈن، تەشكىل-چانلىقى كۈچلۈك بولغان موڭغۇل تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى جان تىكىپ كۈرەش قىلغانلىقى، ئەل بېشىغا ئېغىر كۈن چۈشكەن قىيىن شارائىتلاردىمۇ ئۆز بۇرچىنى ئادا قىلغان تەسىرلىك كۆرۈنۈشلەرنى گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىشتە ئاپتور يۈكسەك بەدىئىي ماھارىتىنى جارى قىلدۇرۇپ، كىتابنىڭ بەدىئىي قىممىتىنى ئاشۇرغان.

يانچېۋسكىينىڭ تىرىلوگىيىسى دۇنيادا كۆپ تىللارغا تەر-جىمە قىلىنغان.

ئاپتور 1954 - يىلى 80 يېشىدا موسكۋا ئوبلاستىدا ۋاپات بولغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# مۇندەرىجە

## بىرىنچى قىسىم

## چىڭگىزخاننىڭ ۋەسىيىتى


بىرىنچى باب شەرق تارىخچىسىنىڭ كۆلبىسىدە ......... 1

ئىككىنچى باب يېرىم كېچىدە كەلگەن مېھمان ............ 6

ئۈچىنچى باب ئەر قانتى ئات ....................... 11

تۆتىنچى باب يىگىتنىڭ ھايات يولى ................... 16

بەشىنچى باب مۇڭغۇللار سەپەرگە تەييارلانماقتا ......... 25

ئالتىنچى باب غالىب قوماندان ....................... 30

يەتتىنچى باب ئىماملارنىڭ تەگلىكتە قېلىشى ............ 35

سەككىزىنچى باب كۆيىك خاننىڭ پالىقى .................. 40

توققۇزىنچى باب نەزەر كەرىزەك باتۇر .................. 46

ئونىنچى باب خاننىڭ مەردلىكى ........................ 51

ئون بىرىنچى باب يوقالغان ئاتنىڭ ئىزى بىلەن ......... 60

ئون ئىككىنچى باب ئاق بوز ئات ...................... 65

ئون ئۈچىنچى باب ئاكا - ئۇكا يىلقىچىلار .............. 71

ئون تۆتىنچى باب توسۇن ئاتنى كۆندۈرۈش ............... 77

ئون بەشىنچى باب ئادىل سوراقچى ...................... 85

ئون ئالتىنچى باب خوتۇننىڭ ئەقلى ..................... 94

ئون يەتتىنچى باب يۇلتۇز .............................. 99

ئون سەككىزىنچى باب دەرۋىشلەرنىڭ ھەممىسى يىغىلىشۇن.... 105

ئون توققۇزىنچى باب جاھانگىرنىڭ ئارمىنى .............. 110
يىگىرمىنچى باب جاھانگىر .............................. 119
يىگىرمە بىرىنچى باب داھىينى سايلاش .................. 126


## ئىككىنچى قىسىم

## باتۇخاننىڭ غەربكە يۈرۈشى


بىرىنچى باب قوشۇن ئاتلاندى ........................... 136
ئىككىنچى باب يولدا ...................................... 143
ئۈچىنچى باب ئارقىدا قالغانلارنىڭ جازاسى — ئۆلۈم ... 149
تۆتىنچى باب يالغۇزلۇقتا ............................... 155
بەشىنچى باب كارۋان يولى ............................... 161
ئالتىنچى باب باتۇخاننىڭ يەتتە يۇلتۇزى ................ 168
يەتتىنچى باب يەتتىنچى يۇلتۇز ......................... 173
سەككىزىنچى باب جاھانگىر بىلەن سۆھبەت ............... 182
توققۇزىنچى باب چىڭگىز ئەۋلادلىرىنىڭ كېڭىشى .......... 189
ئونىنچى باب ئىدىل دەرياسى بويىدا ...................... 204
ئون بىرىنچى باب ۋاۋىلا بوۋاي ........................... 214
ئون ئىككىنچى باب ئىدىلدىن ئۆتۈش ...................... 222
ئون ئۈچىنچى باب قۇيرۇقلۇق يۇلتۇز ...................... 233
ئون تۆتىنچى باب ئۇراق تېغىدىكى سېھىرگەر ............... 244
ئون بەشىنچى باب موڭغۇل لەشكەرلىرىنىڭ بەزمىسى ... 258
ئون ئالتىنچى باب مۇدھىش كېچە ......................... 263
ئون يەتتىنچى باب ئىدىل خانى توغرۇلۇق چۆچەك ...... 271


## ئۈچىنچى قىسىم

## موڭغۇللار رۇسلارنىڭ بوسۇغىسىدا


بىرىنچى باب ئورمانچى تاغا ............................ 290
ئىككىنچى باب شەھەردىن كەلگەنلەر ..................... 297

www.uyghurkitap.com


ئۈچىنچى باب دەسلەپكى خەۋەر ........ 302

تۆتىنچى باب ۋەھشىي دالاغا ئاتلىنىش ........ 306

بەشىنچى باب خەلقىنىڭ غۇلغۇلىسى ........ 309

ئالتىنچى باب رەزان قۇرۇلتىيى ........ 315

يەتتىنچى باب تاتار ئەلچىلىرى ........ 322

سەككىزىنچى باب ۋەھشىي دالادا ........ 330

توققۇزىنچى باب تاتارلار كالمىئۇس يولى بىلەن كەلمەكتە ........ 339

ئونىنچى باب ئالدىنقى سەپتىكى تاتار يۈزلۈكى ........ 347

ئون بىرىنچى باب تۇنجى رۇس تۇتقۇنى ........ 356


## تۆتىنچى قىسىم
## موڭغۇللار بىلەن بولغان دەسلەپكى جەڭ


بىرىنچى باب باتۇخان ھوزۇرىدىكى رۇس ئەلچىلىرى ... 364

ئىككىنچى باب تاتارلارنىڭ ۋارونىژ دەرياسى بويىدىكى قارارگاھىدا ........ 373

ئۈچىنچى باب چاقىرىلمىغان مېھمانلار ........ 392

تۆتىنچى باب ئوردا بوران ئاستىدا ........ 401

بەشىنچى باب موڭغۇللارنىڭ ھۇجۇمى باشلاندى ........ 418

ئالتىنچى باب يېۋپراكسىيا خانىم ........ 421

يەتتىنچى باب تۇتقۇن قىلىنغان موڭغۇللار ........ 429

سەككىزىنچى باب ۋەھشىي دالادىكى جەڭ ........ 436

توققۇزىنچى باب رەزانغا يۈرۈش ........ 443

ئونىنچى باب جەسەت دالا ........ 447


## بەشىنچى قىسىم
## رەزان يانغىن ئىچىدە


بىرىنچى باب پالتىلىرىڭلارنى چىڭ تۇتۇڭلار ........ 451

ئىككىنچى باب رەزان قورغىنىنىڭ ئۈستىدە ........ 456

ئۈچىنچى باب «تاتارلار كېلىۋاتىدۇ!» ............ 461
تۆتىنچى باب رەزاننى مۇھاسىرىگە ئېلىش ............ 470
بەشىنچى باب ئىتلارنىڭ قاۋىغىنىنى ئاڭلىمىدىڭمۇ؟ ... 474
ئالتىنچى باب شەھەر ئەتراپىدىكى مەھەللىدە ............ 478
يەتتىنچى باب «بىز ھايۋانغىمۇ رەھىم قىلمىمىز» ............ 488
سەككىزىنچى باب تىنچسىز كېچە ............ 493
توققۇزىنچى باب كىمنىڭ خۇداسى كۈچلۈك ............ 498
ئونىنچى باب رەزاننىڭ ئاخىرقى كۈنلىرى ............ 506
ئون بىرىنچى باب خوشلىشىش ............ 513

## ئالتىنچى قىسىم
## رۇس تۇپرىقىنى ۋەھىمە كەزمەكتە

بىرىنچى باب «غىچىرلايدۇ» ............ 523
ئىككىنچى باب كىنەزنىڭ قۇلى ئۇزۇن، ئىنساپى يوق ... 529
ئۈچىنچى باب تاتارلار يېقىن ............ 534
تۆتىنچى باب ۋەتەننى قوغداشقا ئالدىراڭلار ............ 544
بەشىنچى باب مەشكاقا بارىمىز ............ 552
ئالتىنچى باب باتۇخان چەت ئەل سودىگەرلىرىگە ھۆرمەت
كۆرسەتتى ............ 564
يەتتىنچى باب قۇلقانخان كالومنا تۈۋىدە ............ 582
سەككىزىنچى باب قورشاۋنى بۆسۈش ............ 593
توققۇزىنچى باب باتۇخاننىڭ غەزىپى ............ 604
ئونىنچى باب پايتەخت خەۋپ ئاستىدا ............ 611
ئون بىرىنچى باب گىرېك - رۇس مەكتىپىدە ............ 615
ئون ئىككىنچى باب ۋلادىمىرنىڭ قايغۇلۇق كۈنلىرى ... 620
ئون ئۈچىنچى باب تىرىك ئوت ............ 629

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

يەتتىنچى قىسىم

زەردىلىك يېۋۇپاتى

بىرىنچى باب رەزانىنىڭ يىلتىزى ........................ 641
ئىككىنچى باب ئورمان سەيناسىدا ........................ 653
ئۈچىنچى باب سوۋغات ........................ 664
تۆتىنچى باب «ئوقتوكموۋ!» ........................ 672
بەشىنچى باب باتۇنى قوغلاش ........................ 679
ئالتىنچى باب كېچىدىكى جەڭ ........................ 689
يەتتىنچى باب بېرىبەندەي سازلىقى ........................ 692
سەككىزىنچى باب ئەڭ ئاخىرىدا دۆڭدە قالغانلار ...... 702

سەككىزىنچى قىسىم

بوران داۋاملاشماقتا

بىرىنچى باب روستوۋ كىنەزى ۋاسىلكو ........................ 710
ئىككىنچى باب لەشكەرلەر ياتىقى ........................ 719
ئۈچىنچى باب باتۇخان موناستىردا ........................ 727
تۆتىنچى باب ھۆجرا ئىشىكى ئالدىدا ........................ 736
بەشىنچى باب «تېز بول!» ........................ 742
ئالتىنچى باب موناستىرنىڭ بېغىدا ........................ 752
يەتتىنچى باب باتۇخاننىڭ چۈشى ........................ 763
سەككىزىنچى باب باتۇخاننىڭ يولى ........................ 772
توققۇزىنچى باب پايانسىز ئورماندا ........................ 776
ئونىنچى باب ئاق پەرىلەر، مەدەت قىلىڭلار! ........................ 781
ئون بىرىنچى باب سىت پاتقاقلىقىدا ........................ 786
ئون ئىككىنچى باب سىت ۋادىسىنى بوران كەزمەكتە ... 791
ئون ئۈچىنچى باب قورقۇنچلۇق خەۋەر ........................ 796

ئون تۆتىنچى باب ئۇرۇش ........................ 800
ئون بەشىنچى باب مۇسىبەتلىك كۈنلەر .................. 810
ئون ئالتىنچى باب جەڭ ئاخىرلاشقاندىن كېيىن ......... 818
ئون يەتتىنچى باب ئىگىناچ - كرېست يېنىمدىكى كې-
لىشمەسلىك ........................................ 829
ئون سەككىزىنچى باب قارشىلىق باستۇرۇلسۇن ......... 836
ئون توققۇزىنچى باب سەھراغا قايتىش ................. 842
يىگىرمىنچى باب ئاسمىنىڭ ئاقىۋىتى .................. 850
يىگىرمە بىرىنچى باب «رۇس ئېلى قايتىدىن باش كۆ-
تۈرمەكتە» ........................................ 856
يىگىرمە ئىككىنچى باب يىراقتىكى ۋەتەندە ............... 862

www.uyghurkitap.com

## بىرىنچى قىسىم

# چىڭگىزخاننىڭ ۋەسىيىتى

ئەگەر قايغۇ - ھەسرەت تۆتەپ ياندىغان بولسا،
يەر يۈزىنى قارا تۈتۈن قاپلىغان بولاتتى.
(شەھىد بەلخى IX ئەسىر)

## بىرىنچى باب

## شەرق تارىخچىسىنىڭ كۈلبىسىدە

ئۆزۈن ئاق قەغەز ئۈستىدە پەي قەلەم توختىماي يورغىلايتتى. ھاجى رەھىم چىرايلىق ئەرەب ھەرپلىرى مارجاندەك تىزىلغان قۇرلارنى شۇۋىرلاپ ئوقۇپ قوياتتى. كۈلبىنىڭ ئىچى جىمجىت. سىرتتىكى ئاق يېغىنغا ئايلانغان يامغۇرنىڭ ئۆگزىگە توختىماي تارىسلداپ چۈشۈپ تۇرۇشى، دەرۋىشنىڭ شىۋىرلىغان ئاۋازى بىلەن بىرلىشىپ كەتكەنىدى.

«... چىڭگىزخاننىڭ① ۋەسىيىتىنى بىلىش ئۈچۈن كۆپ ئىزدەندىم، ئۇنىڭدىن خەۋەرى بارلىكى كىشىلەردىن سۈرۈشتۈردۇم. شۇنداق قىلىپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە تۆھمەتكە ئۇچراپ بۇخارانىڭ ئەۋلىيا - ئىماملىرى تەرىپىدىن قولغا ئېلىندىم.

ئۇلار مېنى خۇداغا شەك كەلتۈرگەن گۇناھكار ئادەم دەپ، پاسكىنا، تار تۆمۈر قەپەزگە بەنت قىلدى. قەپەس ئىچىدە باشنى كۆتۈرۈپ، بەلنى رۇسلاشقا مۇمكىن بولمىغانلىقتىن، ھايۋان كەبى تۆت ئاياغلاپ يۈرىدىغان بولدۇم. ئۇستۇمدىكى كىيىم يىرتىلىپ جۇل - جۇل بولۇپ كەتتى. كىيىمىمنىڭ ساڭگىلاپ قالغان پارچىلىرىنى بىر - بىرىگە باغلاپ قوياتتىم. گۈندىپاي چۆچەكىمگە كىرىنگە بىر قېتىم بىرنەچچە يۇتۇم دوغ سۇ قويۇپ بېرەتتى. شۇنىمۇ كۆپىنچە ۋاقىتلاردا ئۇنتۇپ قالاتتى. بەزىدە ئۇ، قولى زەنجىر بىلەن باغلانغان، پۇتىغا كىشەن سېلىنغان بىر قۇلنى باشلاپ كېلىپ ئۇنىڭغا مېنىڭ قەپىسىمدىكى نىجاسەتلەرنى تازىلىتاتتى. ئەگەر باشقا تۇتقۇنلارنىڭ يىغلاپ كەلگەن ئۈرۈق - تۇغقانلىرى مېنى كۆرۈپ قالسا قورقىنىدىن تىترەپ، ئېھتىيات بىلەن ئاستا ئالدىمغا كېلىپ ماڭا سىنچىلاپ

---

① چىڭگىزخان (1155 - 1227) موڭغۇل پادىشاھى. چاۋشەندىن قارا دېڭىزغىچە سوزۇلۇپ ياتقان بىپايان زېمىننى بېسىۋېلىپ ناھايىتى زور ئىمپېرىيە قۇرغان ئادەم. چىڭگىزخان قوشۇنىنىڭ جابا بىلەن سۇبىتاي باھادىر قوماندانلىق قىلغان ئالدىن چارلاش قىسىملىرى دنېپىر دەرياسىنىڭ قېشىغىچە يېتىپ بارغان. شۇ ۋاقىتتا رۇس، قىپچاق لەشكەرلىرى يېڭىلگەنىدى. جابا بىلەن سۇبىتاي باھادىرنىڭ بۇ سەپىرى چىڭگىزخان ھايات ۋاقتىدا ئالدىنئالا قىلىنغان چارلاش بولۇپ، چىڭگىزخاننىڭ مەقسىتى — پۈتكۈل ياۋروپانى بېسىۋېلىش ئىدى. چىڭگىزخاننىڭ بۇ نىيىتىنى خېلى زور دەرىجىدە ئورۇندىغان كىشى ئۇنىڭ نەۋرىسى باتۇخان بولدى. ئۇ ئۆز قوشۇننى باشلاپ ئادرىيانتىك دېڭىز قىرغىقىغا باردى. چىڭگىزخاننىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا بېسىپ كىرىشى (1220-1225) بۇ ئۈچ تومluق رومانىنىڭ بىرىنچى كىتابى يەنى ۋ. يائىنىڭ «چىڭگىزخان» دېگەن رومانىدا (1939) بايان قىلىنغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قارايتتىمۇ، زوۋان سۈرمەيتتى. چۈنكى «ئەۋلىيا ـ ئىماملار ماڭا لەنەت ئوقۇپ»، مېنى «ۋەيلۇن دوزاخ ئوتىدا ئەبەدىي كۆيۈشكە ھۆكۈم قىلغان...»

دەرۋىش شامنى پەرلەپ قويدى ـ دە، قايتىدىن ئوقۇشقا باشلىدى.

بىر كۈنى مۇنداق بىر ئاجايىپ ۋەقە بولدى: ئوتقا چوقۇنىدىغان لولى قەبىلىسىنىڭ بىر قىزى كىشىلەرنىڭ كەمسىتىش ۋە مازاق قىلىشىدىن قورقماي، قەپەسنىڭ يېنىغا كېلىپ بىرئاز تۇردى. بىرئازدىن كېيىن ئالدىمغا بىر ئوش مېغىز ۋە ياڭاق تۆكتى ـ دە، ئاستا كەينىگە قارىماي قېچىپ كەتتى. ئەتىسى ئۇ قىز بېشىغا چوڭ قارا رومال سېلىپ يەنە كەلدى. ئۇ ئىنتايىن ئېھتىيات بىلەن تۈرمىنىڭ تېمىنى ياقىلاپ كېلىپ، ماڭا بىر توقاچ بىلەن بىر تىلىم قوغۇن بەردى. ئاندىن مەن ياتقان قەپەسنىڭ تۆمۈر پەنجىرىسىگە ئېسىلىپ قاپقارا كۆزلىرىنى مەندىن ئۈزمەي، بىر ھازاغىچە تىكىلىپ تۇردى ـ دە:

— مېنىڭ بەختىمنى تىلەپ دۇئا قىلغىن! — دېدى.

مېنى مازاق قىلىۋاتقان ئوخشايدۇ، دەپ جاۋاب قايتۇرماي تەتۈر قاراپ ئولتۇرۇۋالدىم. ئەتىسى ئۇ قىز يەنە كېلىپ:

— مېنىڭ سۆيۈملۈك شوڭقارىمنىڭ ئامان ـ ئېسەن بولۇشى ئۈچۈن دۇئا قىلغىن! — دەپ كەتمەي تۇرۇۋالدى.

— دۇئا قىلىشنى بىلمەيمەن، ئىماملار لەنەت ئوقۇپ قارغىغان ئادەمنىڭ دۇئاسى قوبۇل بولمايدۇ، — دېدىم مەن.

— ئىماملار ئىبلىس، مەلئۇندىن بەتتەر بۇزۇق، ئۆتۈپ كەتكەن قارا نىيەتچى، پاسىق ئادەملەر. ئەگەر ئىماملار سېنى قارغىغانلا بولسا، ئەمدى سەن تېۋا قىلىپ «ئىمانلىق» بولمىساڭلا، گۇناھلىق بولمايسەن. يىراقتا يۈرگەن ئاشۇ يارىم بىلەن مېنىڭ بەختىمنى تىلەپ خۇداغا دۇئا قىلغىن، — دېدى.

مەن ئۇنىڭ ئىلتىماسىنى ئورۇندىماقچى بولۇپ ۋەدە بەردىم، ئۇنىڭ كۆڭلىنى تىندۇرۇش ئۈچۈن: «كىچە - كىچىلەپ ئۇخلىماي خۇدادىن توقسان توققۇز قېتىم بەختىڭنى تىلەيمەن» دېدىم.

بىر كۈنى شۇ قىز (ئىسمى بىنت - زەنگىجە ئىدى) ياش بىر يىگىتنى باشلاپ كەلدى. يىگىتنىڭ چىرايى سولغۇن، ئۇزۇن، قارا چېچى يەلكىسىگە چۈشكەن، بېلىگە كومۇش دەستىلىك خەنجەر ئېسىلغان بولۇپ، پۇتىغا سېرىق بۇلغاردىن تىكىلگەن ئېگىز، ئىنچىكە ئۆكچىلىك ئۆتۈك كىيگەنىدى. ئۇ ئۈن - تىنسىز ماڭا بىرئاز تىكىلىپ قاراپ تۇرغاندىن كېيىن قىزغا بۇرۇلۇپ:

— دەل ئۆزى... ئاق كۆڭۈل بىچارىنىڭ... مەن ئۇنى قوتقۇزىمەن! — دېدى. بىز خېلىغىچە بىر - بىرىمىزگە تەلمۈرۈپ قاراپ قاپتىمىز. شۇندىمۇ بىزدىن كۆز ئۈزمەي قاراپ تۇرغان گوندىپاينى بىلىپ قالمىسۇن دەپ، ئۆزىمىزنىڭ ئاكا - ئۇكا ئىكەنلىكىمىزنى سەزدۇرمەسلىككە تىرىشتۇق... بۇ بەستىلىك ياش يىگىت مېنىڭ توغان دېگەن ئىنىم ئىدى. ئۇنىڭدىن ئايرىلغىنىمغا كۆپ زامانلار بولغاچقا، ئۇنى قايتا كۆرەرمەن، دېگەن ئۈمىدىم يوق ئىدى.

ئۇ قىزغا قاراپ ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىۋاتقان قىياپەتتە تۇرۇپ مۇنداق دېدى:

— ئەي ئىنسانلارنىڭ قارغىشىغا كەتكەن ئىمانلىق كىشى، سۆزۈمنى تىڭشا! مەن ساڭا ئۈچ كومىلاچ دورا بېرىمەن. سەن ئۇنى ئىچكەندىن كېيىن، شېرىن ئۇيقۇغا كېتىسەن، چۈشۈڭدە تاغ ئېشىپ شارقىراپ ئاققان سۇ ۋەخۇش پۇراق گۈللەر ۋادىسىغا ئۇچۇپ بارىسەن، ئۇ يەردە كىشىنى مەپتۇن قىلىدىغان چىرايلىق ئارغىماقلارنى، بەس - بەستە سايراۋاتقان بۇلبۇللارنى كۆرىسەن، ئۇ يەردە يەنە ياش ۋاقتىڭدا تۇنجى قېتىم ئاشىق بولغان

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

يارىڭنى كۆرۈپ ئۇنىڭ ۋىسالىغا قانىسەن...

— ئويغانغاندىن كېيىن، ئۆزۈمنى يەنە شۇ ئىسپلاس تۆمۈر قەپەستە كۆرمەمدۇ؟ ماڭا ئۇنداق ئويغۇنىڭ، ئۇنداق چۈشنىڭ كېرىكى يوق. — دېدىم مەن يىگىتنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ.

— سەۋر قىل، سۆزۈمنىڭ داۋامىنى تىڭشا! سەن چۈشۈڭنىڭ پەيزىنى سۈرۈپ، شېرىن ئويقۇدا ياتقان ۋاقتىڭدا، مەن تۈرمە باشلىقىغا سېنىڭ ئۆلگەنلىكىڭنى خەۋەر قىلىمەن. شەرىئەت بويىچە جەسەتنى دەررۇ دەپنە قىلىش كېرەك. تۈرمىدىكى قوللار قەپەسنى بۇزۇپ كىرىپ تۆمۈر ئىلمەك بىلەن سېنى ئىلىپ، ئۆلۈكلەر ئازگىلىغا سۆرەيدۇ. بۇ ۋاقىتتا جېنىڭ قانچە قاقشىسىمۇ ئۈنىڭنى چىقارما! بولمىسا تۆمۈر چوقماق بىلەن بېشىڭغا ئۇرۇپ مىجىقىڭنى چىقىرىدۇ... سەن ئۆلۈكلەر ئازگىلىدا ياتقان، ئاچ ئىتلار، چىلبۆرىلەر سېنى يېيىش ئۈچۈن ئەتراپىڭنى ئەگىپ يۈرگەن يېرىم كېچىدە، مەن ئۈچ يىگىت بىلەن يېنىڭدا ھازىر بولىمەن. بىز سېنى تونىغا ئوراپ شەھەردىن سىرتقا ئېلىپ چىقىمىز، ئۇ يەردە داپ چېلىپ ئۇسسۇل ئويناپ، سېنى تىرىلدۈرىمىز. خۇدا ئۆز پاناھىدا ساقلىغاي، سەن ھوشۇڭغا كەلگەندىن كېيىن، خالىغان ئاتقا مىنىپ، كۆڭلۈڭ تارتقان تەرەپكە كېتىۋېرىسەن. سەن ئۇ يەرلەردە ھاياتىڭنىڭ يېڭى سەپىرىنى باشلايسەن.

يازغان خاتىرىلىرىنى شۇ تەقلىدتە شىۋىرلاپ ئوقۇۋاتقان دەرۋىش بىر نەرسىدىن خاۋاتىرلەنگەندەك ئەتراپىغا قۇلاق سېلىپ، قانداقتۇر بىر تەۋىشنى ئىشىتكەندەك بولۇپ تىترىقاپ تۇرۇپ قالدى-دە، ئاندىن يەنە يېزىشقا كىرىشىپ كەتتى.

«شۇ جەسۇر يىگىتنىڭ دېگىنىدەك بولدى. ئۇنىڭ ياردىمى بىلەن مەن ھايات قالدىم. تىنىم زەئىپلىشىپ ھايات چىرىغىم ئۆچەي دەپ قالغاندا، ئارمان قىلغان ئەركىنلىككە ئېرىشتىم.

تۈنجى كۈنۈمنى دەشت - باياۋاننى ماكان قىلغان قەبىلىدە ئۆتكۈزدۈم. ئاندىن چىغاناق① قا قاراپ يول ئالدىم. ئۇ يەردە مېنىڭ ئىككىنچى ھاياتىم باشلاندى.

## ئىككىنچى باب

# يېرىم كېچىدە كەلگەن مېھمان

سىرتتىن يەنە بايىقى تىۋىش ئاڭلانغاندەك بولدى. ھاجى رەھىم يېزىشنى توختىتىپ، قەلەمنى قەلەمدانغا سالدى - دە، ساقىلىنى سىلاپ تۇرۇپ: «كۈزنىڭ بۇ يامغۇرلۇق سوغۇق كېچىسىدە نېمە قىلىپ يۈرگەن ئادەمكىنە؟ يامان نىيەتلىك نەرسە بولمىسا، بۇ يەتتە خۇپتەندە ئۇنىڭغا بۇ يەردە نېمە بار...» دەپ ئويلىدى.

رەتلىك دەستىلەنگەن كىتابلارنىڭ ئۈستىدىكى كۆيۈپ بولاي دېگەن شامنىڭ پىلدىرلاپ تۇرغان خىرە نۇرى كۆل بىنىڭ ئىلىشىپ كەتكەن تاملىرىنى، يەرگە سېلىنغان كونا گىلەمنى، گىلەم ئۈستىدە ئولتۇرغان بىلىملىك ئالىمنىڭ جۈدەڭ يۈزىنى غۇۋا يورۇتۇپ تۇراتتى. بىر چاغدا ئەينەكنى يوق ئوچۇق دېرىزىگە تارتىلغان پەردىنىڭ بىر چېتى مىدىرلىغاندەك بولدى.

ئىشىك ئالدىدا توگۇلۇپ ئۇخلاۋاتقان يوغان ئىت قاۋاشقا باشلىدى. شۇ چاغدا بىر قول دېرىزىنىڭ پەردىسىنى كۆتۈردى، كۆڭگا يورۇقتا ئۇ ئادەمنىڭ قىسىق كۆزلىرى غىل - پال كۆرۈنۈپ قالدى.

---

① چىغاناق XIII ئەسىردە سىردەريا بويىدىكى ئاۋات باي شەھەر. جوجى خان قوبىلىسىنىڭ دەسلەپكى پايتەختى بولغان. شەھەرنىڭ ھازىرقى قالدۇق خارابىلىرىدىن ئەينى يىللاردا ئۇنىڭ ئاۋات ۋە باي شەھەرلەردىن بولغانلىقىنى كۆرۈشكە بولىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— كىم سەن؟ — دېدى ھاجى رەھىم ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ سىرتقا قاراپ ئېتىلغان ئىتنى تۇتۇۋېلىپ، — يات، بۆرىباسار.

— يولدىن ئاداشتىم، پۈتۈن بەدىنىم چىلىق-چىلىق سۇ بولۇپ كەتتى. ئۆيۈڭگە كىرىپ كىيىمىمنى قۇرۇتۇۋېلىشقا رۇخسەت قىلغىن! — دېدى سىرتتىكى ئادەم پەس ئاۋاز بىلەن.

«بىرسىدىن قورقاندەك پىچىرلاپ تۇرغىنىنى نېمىسىدۇر... — دېدى دەرۋىش ئىچىدە، — ئۇنىڭ گېپىگە ئىشىنىشكە بولارمۇ؟»

— كىتابلىرىڭنى كۆرۈپ سېنى ھاجى رەھىم ئۇستازمىكىن، دەپ ئويلاۋاتىمەن.

— توغرا ئېيتتىڭ. شۇنىڭ ئۆزىمەن.

— ئەمدى مېنى تېزدەك ئۆيۈڭگە كىرگۈز! مارائۇننەھىرنىڭ باش ۋەزىرى مەھمۇت يالۋاچ ساڭا سالام ئېيتتى.

— باشقا بىرسى بولغان بولسا، ئۆيگە كىرگۈزمەيتتىم. مەھمۇت يالۋاچنى تىلغا ئالغانلىقىڭ ئۈچۈن كىرگۈزەي، — دېدى دەرۋىش ۋە ئىشىكنىڭ ئىلمىكىنى چىقىرىپ مېھماننى ئۆيگە كىرگۈزدى. كەلگەن كىشى مۇڭغۇلچە كىيىنگەن، بۇغداي ئۆڭلۈك، غوللۇق يىگىت ئىدى. ئۇ بوسۇغىدا بىرئاز تۇرۇپ، بۇ تار كۈلبىنىڭ بۇلۇڭ-پۇچقاقلىرىغىچە قاراپ چىقتى. يوچۇن كىشىگە خىرقىراپ خىرىس قىلىۋاتقان بۆرىباسارنى ئۇستىدىن بېسىپ تۇرغان ھاجى رەھىمۇ يىگىتنىڭ بېشىدىن ئايىغىچە سەپسېلىپ چىقتى. مېھماننىڭ يۈرۈش-تۇرۇشىدىن ئالاھىدە جەسۇرلۇق، ئۆزىگە ئىشىنىش ۋە ئۆزگىچە بىر سۈر مانا مەن دەپ كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۇ كىيىمىنى يېشىپ تامدىكى قوزۇققا ئىلدى. سۇ ئۆتۈپ ھۆل بولۇپ كەتكەن ئۆتۈكىنى يېشىپ تاپىسىغا قويدى-دە، ئوت ئالدىغا سېلىنغان تاقىر كىلەم ئۈستىگە كېلىپ ئولتۇردى. ئاتەمىن خۇددى ئۆز ئۆيىدەكلا قىلىچە

تارتىنماستىن يېنىدا ياتقان تولغا قولىنى ئېرتىشقا باشلىدى.

— شامنى ئۆچۈرۈش كېرەك. — موڭغۇل شۇنداق دېدى. پىلىلداپ يېنىپ تۇرغان شامنىڭ پىلىكىنى قولى بىلەن قىستى. شام ئۆچكەندىن كېيىن، ئۆينىڭ ئىچى قاپقاراڭغۇ بولۇپ ھېچنېمىنى كۆرگىلى بولماي قالدى. بىر ھازادىن كېيىن ئۆي ئىچىگە دېرىزە پەردىسىدىن ئۆتكەن خىرە تۈن شولىسى چۈشتى.

— نېمىشقا ئۆچۈردۈڭ؟ — دېدى دەرۋىش پىچىرلىغان ئاۋاز بىلەن.

— ياۋۇز ئادەملەر پېيىمگە چۈشۈپ، مېنى قوغلاپ كېلىۋاتىدۇ. — دېدى موڭغۇل پىچىرلاپ، — دادامنى ئۆلتۈرۈپ ئىمىن تاپماي مېنىمۇ يوقاتماقچى. دېرىزەڭدىن چۈشكەن يورۇق يىراقتىن كۆرۈنىدىكەن. يورۇقنى كۆرۈپ مۇشۇ تەرەپكە قاراپ قاچتىم، ئىتىڭنى ئۆيدىن قوغلا.

مېنىڭ بىردىنبىر مۇھاپىزەتچىم ۋە ھەمراھىم مۇشۇ ئىت تۇرسا، ئۇنى نەگە قوغلا دېمەكچىسەن...

— ئۆيدىن چىقىرىۋەت! ھاۋشىغىنىنى ئاڭلاپ قالىدۇ.

— ئۇنىڭدىن خاتىرجەم بول.

— ئىتنىڭ سىرتتا يۈرگىنى ياخشى، ئىزىمغا چۈشكەن دۈشمەنلەر كېلىپ قالسا، قاۋاپ بىزگە خەۋەر بېرىدۇ.

سوغۇق تەلەت، سۈرلۈك مېھمان ھاجى رەھمىنى ئۆز ئىختىيارىغا قويمىدى. ئىتنى تالاغا چىقىرىۋېتىشكە توغرا كەلدى.

دەرۋىش: «ياماننغا يولۇقساڭ يالىسى دىگەندەك، بۇنىڭ بالاسى يۇقىدىغان نەرسە ئوخشايدۇ، قېچىپلا قۇتۇلايمىكىن» دېگەن ئارىسالدا خىيال بىلەن ئىشىك ئالدىدا تۇرغاندا، مېھماننىڭ كۈچلۈك قولى بىردىنلا ھاجى رەھمىنى ئۆينىڭ ئىچىگە تارتىۋالدى ۋە بىر قولىدا ئۇنى چىڭ تۇتۇپ تۇرۇپ، يەنە بىر قولى بىلەن ئىشىكنىڭ ئىلغۇنى كىرگۈزدى — دە،

ئۆلى كىلەم ئۈستىگە ئاپىرىپ ئولتۇرغۇزدى. ئاندىن ئۆزىمۇ ئولتۇرۇپ پىچىرلاپ سۆزلەشكە باشلىدى. ئىت ھەر بىر قاۋىغاندا ئۇ توختاپ تالاغا دىققەت بىلەن قۇلاق سالاتتى.

— ئىشىكنىڭ ئىلغۇچىنى ئاچقۇچى بولما. ئۇلار ئاستا كىلىپ ئىشىك ئالدىدا پايلاپ تۇرۇشىمۇ مۇمكىن. ئۇلار مىنىڭ دادامنى ئۆلتۈردى. مەن ھاياتلا بولىدىكەنمەن، زالىملاردىن ئىنتىقامىمنى ئالماي قويمايمەن. بۇ ئىتلارنى قايناپ تۇرغان داشقازانغا تىرىك تاشلىمىسام، ئاتامنىڭ بالىسى بولماي كىتەي... ئەگەر قاچىمەن دەيدىكەنسەن سىنىمۇ بوغۇپ ئۆلتۈرىمەن!...

مىھمان ئۆي ئىگىسىنىڭ گەۋدىسىگە مىنىۋىلىپ ئۇنى تىقىمدىن چىقارماي قىسىپ ئولتۇراتتى. ئۆزى بولسا بەزگەك بولغان ئادەمدەك جاقىلداپ تىترەيتتى. بىر چاغدا ئورنىدىن سەكرەپ تۇردى - دە، سىرتتىن ئاڭلىنىۋاتقان تىۋىشقا قۇلاق سىلىپ بىردىنلا كەينىچە تۆرگە قاراپ چىكىندى ۋە ئىنتايىن پەس ئاۋازدا: «ياۋۇزلار! ئەجەل مىنى قوغلاپ يەتتى! مىنى تۇتۇپ بەرگۈچى بولما» دىدى. تالادا ئىتنىڭ قاتتىق ھاۋشىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. بىرى ئىشىك ئالدىغا كەلگەندەك بولدى. كىشىلەرنىڭ سۆزلەشكەن ئاۋازلىرى ئاڭلاندى. ئىشىك ئالدىغا كەلگەن ئادەملەر تامنى ئۇرۇشقا باشلىدى.

— ھەي، ئۆيدە كىم بار! ئىشىكىڭنى ئاچ!

— مەن ۋالىينىڭ كاتىپىمەن. تۈن يىرىمىدا مىنىڭ خاتىرجەملىكىمنى بۇزۇپ ئەدىبىڭلارنى يىگۈڭلار كىلىۋاتامدۇ؟— دىدى ھاجى رەھىم ئورنىدىن قوزغالماي تۇرۇپ.

— ماۋۇ كۆلبەڭنىڭ كۆلى كۆككە ئۈچمىسۇن، دىسەڭ ئىشىكنى تىزرەك ئاچ، بىز گۇناھكار قاچقۇننى ئىزلەپ يۈرىمىز.

— مەن ئىككى كۈندىن بېرى ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالدىم. قاچقۇن تۇرماق تونۇشلارنىڭ بىرەرسىمۇ كۈلبەمنىڭ ئىچىگە بېشىنى تىقىپ قويغىنى يوق. ئۇچاقتىقا ئوت يېقىپ بىرەر يۇتۇم سۇنى ئىسسىتىپ بېرىدىغان ئادەم چىقمىدى. گۇناھكار ئادەمنى، ئۆلەي دەپ قالغان شور پېشانە چالنىڭ ئۆيىدىن ئىزلىگىچە توقايلىقتىن، قۇمۇشلۇقتىن ئىزلەڭلار!

— سىرتتىكىلەر بىر نىمىلەرنى دەپ گۇدۇڭلىشىۋاتاتتى، بىرى كېلىپ ئىشىكنى ئۇرۇشقا باشلىدى. بۇ چاغدا يارىلانغان ياۋايى ھايۋاننىڭ ھۆركىرىگىنىدەك بىر دەھشەتلىك ئاۋاز باشقا ئاۋازلارنىڭ ھەممىسىنى بېسىپ كەتتى. شۇ ۋاقىتتا ۋايجان - ۋايىيەي، دەپ ۋارقىرىغان ۋە ئىڭرىغان ئاۋازلار ئاڭلىنىپ ئاندىن ئاستا - ئاستا يىراقلاشقاندەك بولۇپ جىمىپ كەتتى. ھاجى رەھىم ئەمدىلا بىر نەرسە دەي دەپ تەمشەلگەندى، مېھمان ئالقىنى بىلەن ئۇنىڭ ئاغزىنى ئېتىۋالدى.

— ئۇ ياۋۇزلارنىڭ شەيتاندىنمۇ قۇۋ ئىكەنلىكىنى بىلمەيسەن، — دېدى موڭغۇل دەرۋىشنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلاپ، — ئۇلار بىزنى قانداق قىلىدىكىن، دەپ ئەتەي جىم بولۇۋالدى. بىرنەچچىسى ئۆينىڭ ئەتراپىغا يوشۇرۇنۇپ، قالغانلىرى ئىشىك ئالدىدا ماراپ تۇرغان بولۇشى مۇمكىن، مەيلى قانداقلا بولمىسۇن ھوشيار بولۇشىمىز كېرەك.

ئىككىسى ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ، دېرىزىنىڭ ئالدىغا كەلەي - دە، پەردىنىڭ يىرچۇقىدىن قاراڭغۇلۇق ئىچىگە كۆز يۈگۈرتتى. ئۇ يەردىن قانداقتۇر بىر نەرسىنىڭ تىۋىشى ئاڭلاندى. بەزىدە يامغۇرنىڭ دەرەخ يوپۇرماقلىرىغا تارسىلداپ چۈشكەن ئاۋازىمۇ ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىدىكى
www.uyghurkitap.com

# ئۈچىنچى باب

## ئەر قانتى ئات

ئاق سەھەر سۈبھى كۆتۈرۈلگەندە مېھمان ئورنىدىن تۇرۇپ ئۆتۈكىنى كىيدى. ئاندىن قىزغۇچتىكى كۆك چاپىنىنى ئېلىپ قارىۋىدى ئېخچە قورۇماپتۇ. ئۇنى پىرقىرىتىپ تاشلىۋېتىپ ساھىبخانىنىڭ رۇخسىتىسىزلا ئۆڭۈپ كەتكەن كونا پەرىجىسىنى ئالدى - دە، تارتىشتۇرۇپ كىيىۋالدى.

— ھەسسىنە ئېتىمنىڭ يوقلۇقى! قۇتۇلۇشۇم قىيىن... دىۋانە سوپەتتە چىقىپ كەتسەم، سېنىڭ بۇ يېرتىق تونۇڭ مېنى ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇرۇپ قالسا ئەجەب ئەمەس... — مېھمان شۇنداق دېدى - دە، ئىشىك يېنىغا بېرىپ يوچۇقتىن بىرئاز ماراپ قارىغاندىن كېيىن، ھاجى رەھىمگە ئىشىكنى ئاچ دەپ ئىشارەت قىلدى.

دەرۋىش بەكمۇ ئېھتىيات بىلەن ئىلغۇچنى چىقىرىپ ئىشىكنى ئاستا ئېچىپ، ئىشىك ئالدىدا تۇرغان ئۇزۇن، سېرىق كۆڭلەك كىيگەن، بوينىغا بالداق سالغان بىر ياش قىزنى كۆردى. قىزنىڭ قولىدا چوڭ كومزەك، كومزەكنىڭ ئېغىزى يوغان يوپۇرماق بىلەن يېپىلغان بولۇپ، يوپۇرماقنىڭ ئۈستىدە تونۇردىن ھازىرلا سويۇلغان ئىسسىق توقاچتىن ئۈچى دەستىلەكلىك تۇراتتى.

— ئەسسالام ھاجى ئاكا! — دېدى قىز كۈلۈمسىرەپ. — مېنى ماۋۇ يېڭى سېغىلغان سۈت بىلەن توقاچلارنى ئاپىرىپ بەرگىن، دەپ نەزەر كەرىزەك غوجام ئەۋەتكەن، يەنە نېمىلەر

ھاجەتكەن شۇنىمۇ بىلگەچ كەلگەن دېۋىدى.

ھاجى رەھىم ئىچىدە بىر نېمىلەرنى دەپ دۇئا قىلدى - دە، قىزنىڭ قولىدىكى كومزەكنى ئېلىپ سىرتقا چىقتى. ئۆيۈقتىن ئەمدىلا كۆتۈرۈلۈۋاتقان قۇياش ئۆزىنىڭ ئالتۇن نۇرىنى يەر يۈزىگە چاچماقتا. بۆلجۈرگەننىڭ بەرگىلىرىدىكى مۆلدۈرلەپ تۇرغان يامغۇر تامچىلىرى زۇمرەتتەك يالتىراپ تۇراتتى. ئىككى كۆزىگە قىپقىزىل قان تولۇپ كەتكەن قېرى بۆرىباسار يولنىڭ ئوتتۇرىسىدا چوقچىيىپ ئولتۇراتتى.

سەھەرنىڭ شەبنەمى چۈشكەن چۆپ ئۈستىدە بىر ئادەم ئەرەب چەكمىنىنى غىرىبچىسىغا يېپىنىپ دۇنيادىن بىغەم ئۇخلاۋېتىپتۇ. ئۇنىڭ يېنىدا ئىگەر توقۇمى ئېلىنمىغان بىر ئاق بوز ئات باغلاقلىق تۇرۇپتۇ. ئات ئېغىزدۇرۇقى ئېلىۋېتىلگەچكە بىمالال ئوتلاپ يۈرەتتى. بەزىدە بېشىنى چۆلغۇپ قۇيرۇقىنى شىپاڭشىتىپ چىۋىنداپ قوياتتى.

دەرۋىش كۆلىمىسىگە قايتىپ كىرگەندە مېھمان بوسۇغىدا كۈتۈپ تۇراتتى.

— خەير - خوش ئۇستازىم ھاجى رەھىم، — دېدى مېھمان مېڭىشقا تەمشىلىۋېتىپ.

— يولغا ئوزۇق ئېلىۋال، — دېدى ھاجى رەھىم مېھماننىڭ يېڭىدىن تۇتۇۋېلىپ.

— مېنى راستىنلا تونۇماي قالدىڭمۇ؟ — دېدى مېھمان قوينىغا ئىسسىق توقاچلارنى سېلىۋېتىپ، — بۇنىڭدىن ئون يىل بۇرۇن ماڭا قەلەم تۇتۇشنى ئۆگىتىپ ئەرەبچىدىن دەرس بەرمىگەنمىدىڭ، شۇ چاغدا ئۆگەتكەنلىرىڭنىڭ كۆپىنى ئۇنتۇپ كەتتىم. بىراق «جاھانگىر» پۈتۈن دۇنيانى ئىلكىگە ئالغۇچى دېگەن سۆزۈڭ ھازىرغىچە ئېسىمدە... ئۇزۇن ئۆتمەي مەن تۇغرۇلۇق كۆپ سۆزلەرنى ئاڭلايسەن! ئۆزۈممۇ ساڭا ئادەم ئەۋەتىمەن...

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

سۆزلەۋاتقان مېھمان ئىشىك ئالدىدا ھاڭ - تاڭ بولۇپ
تۇرغان كىچىك قىزغا يالت قىلىپ قارىدى - دە:
— ئىسمىڭ نېمە؟ قەيەرلىكسەن؟ — دېدى.
— ئىسمىم يۇلتۇز، يېتىممەن. نەزەر كەرىزەك دېگەن
كىشىنىڭ ئۆيىدە ئىشلەيمەن.
— سېنىڭ ئاۋازىڭ نېمىدېگەن يېقىملىق. قوڭغۇراقتەك
جاراڭلاپ تۇرىدۇ. ئىسمىڭ يۇلتۇز ئىكەن، يولۇم ئاق بولىدى-
غان ئوخشايدۇ، يولۇمغا بەخت يۇلتۇزى نۇر چاچىدىكەن... —
دەپ مېھمان بوسۇغىنى ئاتلاپ ئىشىكتىن چىقتى.
— ئاتنى خۇدانىڭ ئۆزى ئەۋەتكەنىكەن! — دېدى ئۇ،
ئۆينىڭ يېنىدىكى باغلاقلىق ئاق بوز ئاتنى كۆرۈپ، — بۇ
خۇدانىڭ كارامىتى، بۇ ئات بوۋام چىڭگىزخاننىڭ ئۆزى
مىنىپ يۈرگەن «سەتتار» دېگەن ئاق تۇلپاردەك غەلبە ئېتى
بولىدۇ. ئەمدى غەيرىتىم ۋۇجۇدۇمغا قايتىپ كەلدى.
يىگىت پۇتىنىڭ ئۇچىدا دېگۈدەك مېڭىپ ئاتنىڭ يېنىغا
باردى - دە، ئۇخلاپ ياتقان ئىگىسىگە تۇيدۇرماي ئارقانىنى
كېسىپ يۆگەپ غانجۇغىغا باغلىدى. ئاندىن ئاتقا سەكرەپ مىنىپلا
دۈۋىتىۋىدى، تۇۋنىقى قىزىپ تۇرغان ئات ئۇچقاندەك چېپىپ، ھەش-
پەش دېگۈچە قېلىن دەرەخلەر ئارىسىغا كىرىپ غايىب بولدى.
ھاڭ - تاڭ بولۇپ يولۇچىنىڭ ئارقىسىدىن ئاغزىنى ئېچىپ
قاراپ قالغان قىز، ئۆرۈلۈپ ھاجى رەھىمگە، بۇ نېمە قىلىدى-
غان ئادەم، دېگەندەك نەزەر بىلەن تىكىلدى. ھاجى رەھىم
چوڭقۇر خىيالغا پېتىپ مىدىر قىلماي تۇراتتى.
— قاراقچىغۇ دەيمەن؟ — دېدى قىز.
— يىگىتلەرنىڭ قاپلىنى.
— ياخشى ئادەم بولسا بىراۋلارنىڭ ئېتىنى ئوغرىلاپ
كېتەتتىمۇ؟

— ئۇ شۇ ئاتقا مىنىپ يۈرۈپ تالاي ئەلنى، تالاي پادىشاھلىقلارنى ئۆزىگە بويسۇندۇرىدۇ... قىزىم يۇلتۇز ئۆيۈڭگە قايتقىن، نەزەر كەرىزەككە مەندىن سالام ئېيت، ئاغرىپ ياتقان قېرى دەرۋىشنى ئەسلەپ مەرھەمەت قىلغانلىقىڭغا مەمنۇن بولۇپ كۆپ رەھمەت ئېيتتى، دېگىن.

قىز يۈگۈرۈپ - يۈگۈرۈپ يولغا چىققاندىن كېيىن، ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ، ئالدىرىماي سالماق قەدەم بىلەن مېڭىپ كەتتى.

بىر ئازدىن كېيىن سۇر چەكمەن مىدىرلىۋىدى، سەل نېرىراقتا ياتقان ئاق ئىت بېشىنى كۆتۈرۈپ خىرقىراپ قويدى. چەكمەن ئاستىدىن قارا بۇدۇر چاچلىق ياش بىر يىگىتنىڭ بېشى كۆرۈندى. ئۇ كېيىمنى يەشمەيلا ياتقانىكەن. ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ بېشىغا سەللىسىنى ئورىدى، ئېسىۋالغان ئەگرى قىلىچى بىلەن بېلىگە قىستۇرۇلغان خەنجىرى ئۇنىڭ نۆكەر يىگىت ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرەتتى.

— ئېتىم يوققۇ؟ — دېدى يىگىت يېنىدا باغلاقلىق تۇرغان ئاتنىڭ بىردەمدە غايىب بولغانلىقىغا ئىشەنمەي، ئۇ ئاق بوز ئايغىرىنىڭ ھازىرلا ئوتلاپ يۈرگەن يېرىگە بېرىپ، ئوغرىنىڭ ئىزىغا قاراپ مۇڭغۇل ئۆتۈكنىڭ ئىزىنى كۆردى - دە، — ئېتىمنى ئوغرىلىغان مۇڭغۇل ئىكەن - دە، سۇنماس قانىتىم، جەڭلەردە قايتماس تولپارىمدىن ئايرىلدىم! بۇ قىلىچىنىڭ ئەمدى ماڭا نېمە كېرىكى بولسۇن؟ ئەمدى ئاتسىز قېلىپ قانىتى سۇنغان شۇڭقار بولدۇم. — دېگىنىچە يىگىت كۆزىگە ياش ئېلىپ، ئېغىر خورسىنغان ھالدا ئولتۇرۇپ قالدى.

— قايغۇرما ئوكام، — دېدى دەرۋىش يىگىتنىڭ يېنىغا كېلىپ، — ئېتىڭنى مىنىپ كەتكەن كىشى بىر ئات ئورنىغا مىڭ ئات بېرەلەيدىغان ئادەم... ھاجى رەھىم قامچىسىغا تايانغىنىچە ھەسرەت چېكىپ ئولتۇرغان بۇ يىگىتكە تەسەللى

www.uyghurkitap.com

بەردى. — سۆزۈمگە ئىشەنگىن، سەن ھېچنېمەڭدىن ئايرىلمايسەن، بەلكى خۇدا ساڭا كۆپ نەرسىلەرنى ئاتا قىلىشى مۇمكىن، — دېدى.

— ئۇ مېنىڭ ھاياتىمنى تالاي قېتىم خەتەردىن قۇتۇلدۇرۇپ چىققان سادىق دوستۇم ئىدى!... تالاي قېتىم جەڭگە كىرىپ، ئەجەل بورنۇمغا پۇراپ تۇرغاندا ئۇ مېنى مۈشكۈللەردىن سالامەت ئېلىپ چىققانىدى. بىر نۆكەرنىڭ ئاتسىز ئۆتكەن ئۆمرىنىڭ نېمە مەززىسى بولسۇن؟

— ھازىر سېنىڭ ئاق بوز ئېتىڭنى مىنىپ كەتكەن كىشىنى مەن ياخشى تونۇيمەن. ئېتىڭنىڭ قولۇڭغا قايتىپ كېلىشىدە شۈبھە يوق! ئەگەر دېگىنىم بولمىسا، ھاجى رەھىم باغدادى بولماي كېتەي، — دېدى دەرۋىش.

بۇ چاغدا يىگىت بىر قولىدا چەكمىنىنى تۇتقىنىچە ئورنىدىن تۇرۇپ، مۆھتەرەم ئالىمنىڭ ئالدىدا بېشىنى ئېگىپ:

— ئەگەر مېنىڭ ئالدىمدا تۇرغان كىشى بىلىم خەزىنىسىنىڭ تەڭداشسىز بايلىقى بىلەن شۆھرەت قازانغان مۇتەپەككۇر ھاجى رەھىم ئەل باغدادى بولسا، ئۇنىڭ سۆزلىرىگە ئىشەنمەسلىككە ھەددىم يوق. خۇدا مەرتىۋەڭنى ئۈستۈن قىلغاي. يىراق كۇرت ئىستان تاغلىرىدىن سەپەر ئازابىنى چېكىپ كەلگەن يولۇچىغا بوسۇغاڭدىن ئورۇن بەرگەيسەن. باتۇرلارنىڭ سەردارى جەسۇر جالالىدىن① دىن ساڭا سالام!

— جېنىم ئوكام، — دېدى دەرۋىش كۆزىگە ياش ئېلىپ، — ئالەم ئۆكتەي - توكتەي بولۇپ، دۇنيانى توپان بالاسى قاپلىغان بۇ كۈنلەردە خەلق بېشىغا چۈشكەن كۈلپەت ئاھىدىن تاغۇ تاشلار ئېرىگەن، بۇ تەندىكى جاندا ئىشەنچ

---

① جالالىدىن مەڭگۈ بېردى — خارەزىمنىڭ ئەڭ ئاخىرقى پادىشاھىنىڭ ئوغلى. ئۇ پۈتۈن ئۆمرىنى چىڭگىزخانغا قارشى كۈرەش بىلەن ئۆتكۈزگەن.

قالمىغان ۋاقىتتا ئامان - ئېسەن كېلىپ، يىراقتىكى ئاتاقلىق قەھرىمانىنىڭ سالىمىنى يەتكۈزۈپ، مېنى شادلىق دېڭىزىغا چۆمدۈردۈڭ. قېنى جۇر ئاكائىنىڭ غېرىب كۆلبىسىگە مەرھەمەت قىلغىن.

## تۆتىنچى باب

## يىگىتنىڭ ھايات يولى

ھاياتىممۇ، ماماتىممۇ
ئۆتكۈر نەيزەم تىغىدا
(جۇڭغار خەلق قوشاقلىرىدىن)

ياش نۆكەر ئېگىشىپ كۆلبىنىڭ ئىچىگە كىردى - دە، بوسۇغىدىن ئۆتۈپ باداشقانىنى قۇرۇپ ئولتۇردى. ھاجى رەھىم بولسا ئوچاق ئالدىغا سېلىنغان كونا گىلەم ئۈستىدىن ئورۇن ئالدى. ئىككىسى پاتىھە ئوقۇپ ساقاللىرىنى سىيپاشقاندىن كېيىن، كونا ئۆرپ - ئادەت بويىچە بىرئاز ۋاقىت سۆز قىلىشماي جىم ئولتۇرۇشتى.

جاھانكەشلىك بىلەن ئۆتكەن ئۆمرىدە ئاجايىپ قىسمەتلەرنى كۆرگەن ھاجى رەھىم بىرئاز سۈكۈتتە تۇرغاندىن كېيىن، ئالدىرىماي تەپسىلىي ھال - ئەھۋال سوراشقا باشلىدى:

— ئۆزۈڭ كىم بولىسەن؟ قەيەرلىك؟ ئىسمىڭ نېمە؟ كىمنىڭ بالىسى بولىسەن؟ ئاتا - ئاناڭ بارمۇ؟ كېيىمىڭگە قارىغاندا، قىپچاققا ئوخشايسەن، ئەمما يۈرۈش - تۇرۇشۇڭغا قارىغاندا يات ئەللەردىن كەلگەندەك قىلىسەن.

نۆكەر تامىقىنى قىرىپ قويۇپ پەس ئاۋاز بىلەن جاۋاب بەردى:

— ئىسمىم ئەرەپشاھ، لېكىن يولداشلىرىم «ئەنناسىر»① دەپ ئاتايدۇ. سەۋەبى بۇ مېنىڭ جەڭگە كىرگەندە، قارا قاغىدەك يوپۇرۇلۇپ كېلىۋاتقان دۈشمەن سېپىگە ئەقلىدىن ئېزىپ، جىندىن توپىغان ئارسلان كەبى بۆسۈپ كىرىپ، ئۇلارنى تىرىپىرەن قىلىۋېتىدىغانلىقىمدىن بولسا كېرەك... ئىسمىم ئەرەپشاھ بولغىنى بىلەن بۇ ئىسمىمنى كىمنىڭ قويغانلىقىنىمۇ ھەتتا قەيەردە تۇغۇلۇپ قەيەردە ئۆسكەنلىكىمنىمۇ بىلمەيمەن، ئاتا. پەقەت ھازىرغىچە چالا-پۇچۇق ئېسىمدە قالغىنى: قېلىن ئورمان ئىچىدىكى بىر كۆلنىڭ بويىدا ئولتۇراتتۇق. دادام بېلىقچى ئىدى. ئىككىمىز قېيىق بىلەن تور سېلىپ ئۆيگە چېلەك-چېلەكلەپ بېلىق ئەكېلەتتۇق. ئاپامنىڭ قۇچىقىدا ئەركىلەپ ياتقانلىرىم ئېسىمدە... بىر كۈنى ئۆيىمىزنى قاراقچىلار بۇلاپ، سىڭلىم ئىككىمىزنى تۇتۇپ كەتتى. ئۇلار بىزنى بىر چوڭ شەھەرگە ئەكىلىپ كېمىچىلەرگە ساتتى. كېمىدە كىچىك قىزلار بىلەن ئوغۇل باللار ناھايىتى كۆپ ئىكەن. كېمىچىلەر بىزنى بىر توپ غازلار بىلەن بىرگە كېمىدىكى چوڭ بىر ئۆيگە قاماپ قويدى. غازلار كىيىمىمىزنى يىرتىپ، بىزنى چىشلەپ يول بويى ئارام بەرمىدى. كېمە دەسلەپتە بىر چوڭ دەريا بىلەن مېڭىپ ئاخىرى دېڭىزغا چىقتى. دېڭىز ياقىسىدىكى بىر شەھەرگە كېلىپ توختىغاندا، كېمىچىلەر بىزنى شۇ شەھەرنىڭ بازىرىدا باشقا كىشىلەرگە سېتىۋەتتى. شۇندىن كېيىن ماڭا كېمىچىلەرنىمۇ، سىڭلىمنىمۇ قايتا كۆرۈش نېسىپ بولمىدى.

---

① ئەنناسىر — ئەرەبچە غالىب دېگەن سۆز.

— ئالتۇن بىلەن كۈمۈش ئۈچۈن تالاي نارسىدىلەرنى
يات يەرلەرگە ئاپىرىپ سېتىپ، سەبىيلەرنىڭ پاك تەنلىرىگە
«مەڭگۈلۈك قۇل»لۇق تامغىسىنى باسقان ئاشۇ دۇنياخۇمار
سودىگەرلەرنىڭ ئاچكۆزلۈكى، — دېدى دەرۋىش ئېغىر خۇرسىنىپ.
— پەرىزىمچە ئەسلى يۇرتۇم شىمالدىكى ئۆلكىلەرنىڭ
بىرەرسىمىكىن دەيمەن. ئېھتىمال ئاتا - ئانام مۇرداۋا، ساك-
سىن ياكى بولمىسا رۇس بولۇشى مۇمكىن. بۇنداق دېيىشىم
رۇس ئېلىدىن كەلگەن قۇللار ئىنتايىن قاۋۇل بولىدۇ. ئۇلۇغ
پەرۋەردىگارىم ماڭا كەلگەندىمۇ كۈچ - قۇۋۋەتنى ئايىماي بې-
رىپتىكەن، ئۇلار مېنى دىربېنت دېگەن شەھەرنىڭ قۇل بازىرىدا
سېتىپ كەتتى. كاۋكازنىڭ تۆمۈر دەرۋازىسى شۇ شەھەر بولى-
دىكەن. ئۇيەردە بىر خوجايىنىمنىڭ قولىدىن ئىككىنچى بىر
خوجايىنىمنىڭ قولىغا ئۆتۈش بىلەن بولدۇم. بىرئاز چوڭ بولغى-
نىمدىن كېيىن، خوجايىنلىرىم ئەڭ ئېغىر ئىشلارغا سالىدىغان
بولدى. مېنى ئېشەك بىلەن چىغىرىققا قوشۇپ، چوڭقۇر قۇدۇق-
تىن سۇ تارتقۇزدى. بوينۇمدا قۇۋۇق تۇرسىمۇ، تاشتەك قېتىپ
كەتكەن توڭلارنى چاپتىم. يوغان - يوغان لىم ياغاچلارنى
ئۆزۈم يالغۇز توشۇدۇم. ئاشۇ ئادەم چىدىغۇسىز قۇللۇقتا ئۆتكەن
كۈنلىرىمدە ھۆرلۈك توغرىسىدا ئويلىسامۇ، لېكىن ئۇنىڭغا
ئېرىشىشكە كۆزۈم يەتمەيتتى.
— ئۇ ئەبلەخلەر قۇللۇقتا ئۆتكەن ئادەم بالىسىدىن
كۆرە، ئۆزىنىڭ ھايۋانلىرىنى كۆپرەك ئاسرايدۇ. — دېدى
ھاجى رەھىم ئېچىنىش تەلەپپۇزى بىلەن.
— 17 ياشقا كىرگىنىمدە ھاياتىمدا چوڭ ئۆزگى-
رىش بولدى. ئۇ ۋاقىتتا ئەزەربەيجاندىكى بىر خاننىڭ چاكىرى
ئىدىم. ئېگىز تاغنىڭ ئېتىكىدە قوي بېقىپ يۈرگەن كۈنلىرىم-
نىڭ بىرىدە، توساتتىن تاغ ئۈستىدە بىر توپ ئاتلىق ئادەملەر

www.uyghurkitap.com

پەيدا بولۇپ قالدى. تۆپىمىزنىڭ ئالدىدا قومۇش قۇلاق قارا
ئارغىماق مىنگەن بىر ياش يىگىت كېلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ تەقى-
تۇرقى باشقىلاردىن ئۆزگىچە ئىدى. سەل بۇرۇن قاتتىق يام-
غۇر يېغىپ، يەر بوشاپ كەتكەن بولغاچقا، بىر چاغدا ھېلىقى
يىگىتنىڭ ئاستىدىكى ئات يىقىلىپ كېتىپ، يىگىت بىلەن ئات
بىر - بىرىدىن ئاجراپ چوڭقۇر سايىنىڭ ئاستىغا قاراپ دومى-
لاشقا باشلىدى. يىگىت دومىلاپ كېتىۋېتىپ كوپىلا قىلىپ بىر
پۇتاقنى تۇتۇۋېلىۋىدى، بىر قىيا تاشنىڭ ئۈستىدە ئېسىلىپ
قالدى. شۇ چاغدا مەن ئارقان تاشلاپ ئۇ يىگىتنى چىقىرىۋال-
دىم. ئاندىن مەن يىگىتكە: «ئېتىڭنىمۇ ئېلىپ چىقىمەن...»
دېدىم. «ئەگەر ئېتىمنى ئېلىپ چىقالايدىغان بولساڭ، مېنىڭدىن
خالىغىنىڭنى ئال» دېدى ئۇ يىگىت.

ئۇنىڭ ھەمراھلىرى ئىككى ئۇزۇن ئارقان تاشلىدى.
بىرىنى بېلىمگە باغلاپ تۆۋەنگە قاراپ سىيرىلدىم. ئارغىماق
چوڭقۇر سايىنىڭ لېۋىدىكى بىر تاشقا تىرىلىپ ئامان قاپتۇ.
مەن چۈشكەندە ئۇ ھېچ نەرسە بولمىغاندەك ئوتلاپ يۈرەتتى.
تۇسۇن ئايغىر مېنى كۆرۈپ پۇشقۇرۇپ يېقىن يولاتمىدى. لې-
كىن مەن ئۇنىڭ مەيلىگە قويماي چاققانلىق بىلەن تىزگىنىنى
تۇتۇۋالدىم - دە، ئارقان بىلەن بېلىنى ئوراپ باغلىدىم، بۇ
چاغدا يۇقىرىدا تۇرغان كىشىلەر بىرلىشىپ ئاتنى تارتىپ چى-
قىرىۋالدى. ئارقىدىن مېنىمۇ تارتىپ چىقاردى.

— بارىكاللا غەيرىتىڭگە ئاپىرىن! ساڭا خۇدانىڭ نەزىرى
چۈشكەنىكەن بالام! — دېدى ھاجى رەھىم رازىلىق بىلەن.

— ئۈستىگە چىققىنىمدا يىگىت مەندىن ئالدىدىكى يول-
لار توغرىسىدا سۈرۈشتۈرۈشكە باشلىدى: قايسى يول قەيەرلەر-
دىن ئۆتىدىغانلىقىنى، قايسى يولنىڭ توغرا كېسىپ چىقىدى-
غانلىقىنى، قايسى يولنىڭ بىخەتەر ئىكەنلىكىنى سورىدى. مەن

بىلدىغىنىمنىڭ ھەممىسىنى ئېيتىپ بەردىم. كورتلارنىڭ قەيەرلەردە يول تۇسۇپ ئۆتكەن - كەچكەنلەرگە تويۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ بۇلايدىغانلىقىنى، ئويەرلەردىن ئەگىپ ئۆتۈپ كەتكىلى بولىدىغان چىغىر يوللارنىمۇ ئېيتىپ بەردىم. يىگىت يوللارنىڭ ئەھۋالىنى تەپسىلىي بىلىۋالغاندىن كېيىن: «ئەمدى خالىغىنىڭنى سورا!» دېدى. مەن كۆپ ئويلاپ تۇرمايلا «ھۆر ئادەم بولۇش ئارزۇيۇم بار» دېدىم. «ئۇنداق بولسا مېنىڭ كەينىمدىن ماڭ، ئازادلىقىڭنى ئۆتكۈر قىلىچ ۋە نەيزەڭنىڭ تىغى بىلەن ئالسەن!...» دېدى يىگىت. شۇ چاغدىلا ئۇنىڭ موڭغۇللار بىلەن توختىماي كۆرەش قىلغان پەرۋانە ① شەھىرىدە موڭغۇل قوشۇنلىرىنى بىتچىت قىلغان ئاتاقلىق قەھرىمان جالالىدىن ئىكەنلىكىنى بىلدىم. شۇندىن باشلاپ ئۇنىڭ قوشۇنىدا نۆكەر بولدۇم. ئۇ ماڭا ئۆز قولى بىلەن بىر شەمشەر ۋە بىر ياخشى ئارغىماق ئىنئام قىلىپ: «كۆز قارچۇقۇڭدەك ساقلا» دېگەنىدى. بۈگۈن قارا! باسقاندەك ئۇخلاپ قېلىپ، شۇ تۇلپارىمدىن ئايرىلىپ قالدىم! — دەپ يىگىت يەنە كۆزىگە ياش ئالدى.

— كۆرگەن بىلگىنىڭنى ئېيتىۋەرگىن. ئېيتقىدىن غەم قىلما، تېپىلىدۇ، — دېدى دەرۋىش.

— قايتىدىن ئەركىن دۇنياغا كېلىپ، ئويناپ تۇرىدىغان شاش ئارغىماق مىنىپ، قەيسەر جالالىدىننىڭ قوشۇنىغا كىرگەندىن كېيىن، بۇرۇنقى تار دۇنيا ماڭا ئەمدى پايانى يوق كۆرۈنۈپ دادام بىلەن بىرگە سۈزۈك كۆل ئۈستىدە ئۈزۈپ يۈرۈپ بېلىق تۇتقان، بەخت ئىچىدە ئۆتكەن ھېلىقى بالىلىق چاغلىرىمغا قايتىپ كەلگەندەك بولدۇم. بۇ دۇنيادا ئىنسانىڭ ئەر-

① پەرۋانە — ئافغانىستاننىڭ شىمالىدىكى بىر شەھەر. بۇ شەھەرنىڭ يېنىدا جالالىدىن باشچىلىقىدىكى تۈرك لەشكەرلىرى كۈچ جەھەتتە ئۆزىدىن ئۈستۈن كېلىدىغان موڭغۇللار بىلەن ئۇرۇش قىلىپ ئۇلارنى يېڭىپ چىققان.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

كىشىلىك ۋە ئازادلىقىنىمۇ قىممەتلىك. ئۇنىڭدىنمۇ ھۇزۇر - ھالا-
ۋەتلىك ئەرسىنىڭ بولمايدىغانلىقىنى شۇ ۋاقىتتىلا چۈشەندىم!...
ئۈچ يىل ئاتاقلىق سەردارنىڭ يېنىدىن ئايرىلماي تۇردۇم. نۇر-
غۇن دەھشەتلىك جەڭلەردە ئۇنى دۈشمەننىڭ قىلىچىدىن قوغداپ
قالدىم. شۇنىڭ بىلەن غالىب ئەنناسىر دېگەن داڭقىم چىقتى.
جالالىدىن ماڭا كۆپ قېتىم: «موڭغۇللارنىڭ ئاسارىتىدىكى خارە-
زىمدە ھاجى رەھىم ئەل باغدادى دېگەن بىر دانىشمەن دەرۋىش
بار. ئۇ ئادالەت بىلەن ھەقىقەت ئۈچۈن جېنىنى پىدا قىلىدىغان
ئادەم، ئەگەر بېشىڭغا كۈن چۈشسە شۇ ئادەمگە بېرىپ سالام
قىلىپ مېنىڭ ئىسمىمنى چىقارساڭ قولىدىن كېلىدىغان ياردىمىنى
ئايىمايدۇ» دېگەنىدى.

ھاجى رەھىم ئورنىدىن تۇرۇپ ئەرەپشاھقا ئىككى قولىنى
سوزغان ھالدا:

— جالالىدىن دېگىنىڭدىلا يۈرىكىم يېرىلىپ كەتكەنىدى.
ئۇ خۇددى قاراڭغۇ تۈندىكى چاقناپ تۇرغان يورۇق يۇلتۇزغا
ئوخشايدۇ. جالالىدىن دېگەن تىلىڭدىن ئۆرگىلىپ كېتەي جېنىم
ئوكا، يېنىمغا يېقىنراق كېلىپ ئولتۇرساڭچۇ! — دېدى.

ئەرەپشاھ دەرۋىشنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى.

— قەدىرلىك ئىنىم ئەرەپشاھ ئەنناسىر، — دېدى ھاجى
رەھىم، — سەن ئەمدى ماڭا جالالىدىننىڭ قانداق ئايرىلغانلى-
قىنى ئېيتىپ بەرگىن. ئۇ ئۆزى ئامان - ئېسەنمۇ؟ ياۋۇز
موڭغۇللارنىڭ قولىغا چۈشۈپ ھالاك بولمىغاندۇ؟ ئادەم تەقدىرىنىڭ
ئۆزگىرىشى ھېچ گەپ ئەمەس. بەزىدە باتۇر يىگىتنىڭ ئۆزى
كۆزلىگەن مەقسىتىگە ئەمدى يېتەي دېگىنىدە، ئويلىمىغان يەر-
دىن بىر بەختسىزلىككە ئۇچراپ ئارماندا كېتىدىغان ۋاقىتلىرىمۇ
بولۇپ تۇرىدۇ...

— دېگىنىڭ توغرا! مېنىڭ بېشىمدىن ئاشۇنداق كەچۈر-

مىشلەر ئۆتتى. — دېدى يىگىت، — مۇڭغۇللار بىلەن بولغان بىر قېتىملىق جەڭدە جالالىددىننىڭ قوشۇنى ئوڭـۇشسىزلىققا ئۇچراپ، مەن دۈشمەن قولىغا چۈشۈپ كېتىشكە تاس قالغاندا، ئاران قېچىپ قۇتۇلدۇم. شۇندىن بېرى باتۇر سەردارىمنى قايتا كۆرەلمىدىم. ئۇ غەربكە قاراپ كەتتى. مەن قاتمۇ قات تاغلار ئارىسىدىكى سوقماق يوللار بىلەن شەرققە قاراپ مېڭىۋەردىم. تاغ ئىچىدە يول توراپ مۆكۈپ ياتقان قاراقچىلارغا دۈچ كېلىپ، ئۇلار بىلەن ئۇرۇشۇپ يۈرۈپ ئاران قۇتۇلدۇم. ئاخىرىدا خارە-زىمگە كېتىۋاتقان بىر كارۋانغا ئۇچراپ شۇنىڭغا قوشۇلدۇم. مەن خېلىدىن بېرى كۆرمىگەن چەت ئەللەرنى، ئۇ يەرلەردىكى ناتونۇش خەلقلەرنى كۆرۈشنى ئارزۇ قىلىپ يۈرەتتىم. شۇ ۋەجىدىن سودىگەرلەر بىلەن كېلىشىپ كارۋان مۇھاپىزەتچىسى بولدۇم. بىر كۈنى سۇسىز چۆلدە كېتىۋاتقاندا، ئويلىمىغان يەردىن قاراقچىلارنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىدۇق. قاراقچىلارنى كۆرگەندىن كېيىن چىداپ تۇرالمىدىم. قىزىپ كېتىپ بىر نەچچىسىنى چېپىپ ئۆلتۈرۈپ قالغانلىرىنى تىرىپىرەن قىلىپ قوغلىۋەتتىم. بىراق مېنىڭ بۇ قەھرىمانلىقىمنى ئاچكۆز سودىگەرلەر توغرا باھالى-مىدى. ساق - سالامەت خارەزىمگە يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۇلار خۇدانى ئۇنتۇدى. خۇدا جاجىسىنى بەرگۈرلەر ئەمگەك ھەققىمنىمۇ تولۇق بەرمىدى. بەرگەن پۇلى چىغناققا يېتىپ كېلىش خىراجىتىگىمۇ يەتمىدى. ئاران دېگەندە چىغناققا يېتىپ كەلدىم، كېلىپلا سىنىڭ ئۆيۈڭنى ئىزلەپ تېپىشقا ئالدىرىدىم. ئەقىل - پاراسەتنىڭ چىرىغى، ئىلىم - پەننىڭ چوڭقۇر دېڭىزى بولغان ھاجى رەھىم مېنى تالادا قويماس دېدىم. شۇ خىياللار بىلەن تۈن - كېچىدە سىنىڭ ئۆيۈڭگە قاراپ كېلىۋاتسام بىر توپ ئادەملەر ئىشىكىڭنى بۇزۇۋاتقانىكەن، ئۇلارنى كۆرۈشۈم بىلەنلا ۋارقىرىغىنىمچە ئۈستىگە ئات سالدىم. ئۇچىنى يارىلاندۇرۇپ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بىرىنىڭ قولىقىنى كېسىپ تاشلىدىم. ئۇلارنى ئېتىمغا دەسسىتىپ يەر بىلەن يەكسان قىلىۋېتەي دېگەنىدىم. ئىپلاسلار چىدىيالماي قۇيرۇقىنى تىكىۋەتتى.

— توغرا ۋارقىرىغان بىر ئاۋاز ئاڭلانغانىدى. شۇ سەن ئىكەنسەن - دە، — دەپ ياشانغان ئالىم بېشىنى ئېگىپ ئەدەپ بىلەن ئولتۇرغان ياش يىگىتكە ھەيران بولغىنىچە قارىدى.

— ئۇنداق بولسا سېنىڭ بۇ يەردە تۇرۇشۇڭ خەۋپلىك، سەۋەبى قېچىپ كەتكەنلەر قاراقچى ئەمەس، بەلكى مۇڭغۇللار، ئۇلار سېنىڭ قىلغىنىڭنى باشلىقىغا بېرىپ ئېيتسا، ساڭمۇ - ماڭمۇ ياخشىلىق يوق. ئۇ بىزنى تۇتۇپ كېلىش ئۈچۈن قوشۇن ئەۋەتىشى مۇمكىن، خۇدا ئۇ كۈنلەرنى ھارام قىلسۇن. ئەگەر مۇڭغۇللارنىڭ قولىغا چۈشسەڭ دۇنيانىڭ يېڭى خوجايىنلىرىغا قول ياندۇرغان دەپ بىزنى دەھشەتلىك جازاغا بۇيرۇشى مۇمكىن، شۇڭا بۇ دۇنيادىن ھەر ئىككىمىز تېز كېتىشىمىز كېرەك... سەن بولساڭ تاغنى يۆلىۋالىدىغان غەيرەتلىك ياش يىگىتسەن، مەن بولسام، پۈۋلىسە ئۇچۇپ كېتىدىغان قېرى بوۋايمەن. سەنمۇ بىر ئامال قىلىپ قۇتۇلۇپ كېتەرسەن، مېنىڭ ئىشىم قىيىن بولىدىغان بولدى.

ئەرەپشاھ ئورنىدىن تۇرۇپ، بېلىدىكى قامچىسىنى قولىغا ئالدى - دە:

— ئېتىمدىن ئايرىلدىم، قولۇمدىكى بۇ قامچىدىن باشقا ھېچ نەرسەم يوق. پىيادە قەيەرگىمۇ بارالايمەن. كۇپارلارنىڭ قولىدا قاراپ تۇرۇپ ھارام ئۆلگۈچە، باشنى ئېلىپ كەتكەن تۈزۈك. ھاجى ئاكا، سېنىڭ ياشىنىپ كۈچ - قۇۋۋەتتىن قالغان ئادەم ئىكەنلىكىڭ راست! بىراق سەن پۈتۈن دۇنيانى پىيادە كېزىپ چىققان دەرۋىشسەن. ھازىر پۇرسەتنى غەنىمەت بىلىپ

چۆلگە چىقىپ كېتەيلى. چۆلنى ماكان قىلغان كۆچمەنلەردىن پاناھ تاپارمىز. دۈشمەن ھەرگىزمۇ بىزنىڭ كېتىۋېلىشىمىزنى كۈتۈپ تۇرمايدۇ.

— توغرا ئېيتىسەن، — دېدى دەرۋىش، — سېنىڭ بىلەن بىرگە كېتەي. تۆمۈر قەپەسكە يەنە چۈشۈپ قالماي.

ھاجى رەھىم تامدا ئىلىقلىق تۇرغان چىراغنى ۋە قاپاق چۆچكىنى ئېلىپ بېلىگە باغلىدى.

بېشىدىكى ئاق تەلەيسەنىڭ① ئورنىغا دەرۋىش كۇلاسىنى كىيدى. پۇتىغا ئەسكى كەشىنى سېلىپ، قولىغا تۇتقان ئۇزۇن ھاسىسىغا تايانغىنىچە ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرۇپ قالدى.

— دۇنيانىڭ ئۇ چېتىگە بارىمىز دېسەڭمۇ تەييارمەن. ئۆمرۈمدە تىرىك جانغا ئازار يەتكۈزمىگەن بولساممۇ، خۇددى جىنايەتچىدەك تالاي يىللار جاھان كېزىپ، قېچىپ يۈرگەنىدىم! يەنە تەمتىرەپ يۈرۈشكە توغرا كەلدى... كونا چەكمىنىم يوق بولدى!... تۈندە كەلگەن مېھمانىڭ تاشلاپ كەتكەن چاپىنىنى كىيىپ كېتىدىغان بولدۇم - دە.

— بۇنداق ئېسىل كىيىمنى كىيىپ باقمىغانىدىم. — دېدى ئۇ مۇڭغۇل كۆك چاپىنىنى كىيىۋېتىپ، — پاھ، تۈگمىلىرى نېمىدېگەن ئېسىل - ھە، ياقۇتتىن ياسالغانمىكەن... ھەممىنى شۇنداقلا تاشلاپ كېتىدىغان بولدۇم! قىيالمايۋاتقىنىم يېقىندا يېزىپ پۈتتۈرگەن كىتابىم. ئۇنىڭدا سېرىق ساقال چىڭگىزخاننىڭ تاجاۋۇزىدا خارەزىم خەلقىنىڭ بېشىغا چۈشكەن ئادەم چىدىغۇسىز قىسمەتلەر توغرىسىدا يېزىلغانىدى. ئىسىت شۇ نەرسەممۇ قالىدىغان بولدى. ئۇنىڭدىن باشقا تارتىشىدىغان ھېچنەرسە يوق ئىدى!

— قايغۇرما، — دېدى ئەرەپشاھ ھاجى رەھىمنىڭ قولىنى

---

① تەلەيسە — ئوقۇمۇشلۇق زاتلارلا كىيىپ يۈرىدىغان ئەرەبلەرنىڭ باش كىيىمى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

قىسىپ، — بۇگۈندىن باشلاپ مەن سىنىڭ چاكىرىڭ. مۇرىدىڭ بولاي، قەيەرگە بارساڭ سايىدەك كەينىڭدىن يۈرەي. كىتابىڭنى خۇر-جۇنۇمغا سېلىپ كۆتۈرۈۋالاي.

— بارىكاللا، بۇ ئىشىڭ ياخشى بولدى! — دېدى دەرۋىش، ئۇ بۇلغار تاشلىق قېلىن كىتاب بىلەن خەت سالىدىغان جەز-پىستاننى ئەرەپشاھقا سۇنۇپ، بىر نەچچە يىل ئىستىقامەت قىلغان كۆلبىسىگە ئاخىرقى رەت غەمكىن نەزەر تاشلىدى-دە، «ئەمدى كەتتۇق» دېدى.

ئىككىسى كۆلبىدىن سىرتقا چىقتى. ھاجى رەھىم ئىشىكنى چىڭ بېكىتكەندىن كېيىن، نېرىدا ياتقان ئىتنى چاقىرىپ:

— بۆرىباسار، بۆرىباسار! بۇ ئۆيىنىڭ كۆزەتچىسىمۇ، خو-جايىنىمۇ سەن. سېنىڭ ئىگەڭ ئەمدى بۇ ئۆيگە يا كېلىدۇ، يا كەلمەيدۇ، — دېدى-دە، چىغىر يول بىلەن چۆلگە قاراپ تېز-تېز قەدەم تاشلاپ كەتتى.

قۇيرۇقىنى شىپاڭشىتىپ ئەركىلەپ كەلگەن قېرى ئىت ئىشىك ئالدىدا چوقچىيىپ ئولتۇرۇپ، ھاڭ-تاڭ بولغىنىچە ئۇلارنىڭ كەينىدىن قاراپ قالدى.

## بەشىنچى باب

## موغۇللار سەپەرگە تەييارلانماقتا

ئېلىمىزگە بېسىپ كىرگەن تاتار لەشكەرلىرىنىڭ
كۆچىمۇ، تەرتىپ-ئىنتىزامىمۇ ئۆزگىچە ئىدى.
ئۇلارنى پۈتۈن دۇنيانى بېسىۋالالايدۇ
دېگىلى بولاتتى.

(XIII ئەسىر جۇڭگو تارىخچىسىدىن)

ئۆز ھەنەكچىلىكى بىلەن بولۇپ ھېچ نەرسىدىن خەۋەرسىز، بىغەم ياتقان چىغىناق شەھىرىنىڭ ئار كېچىلىرى بۇرۇنقى موڭغول باسقۇنچىلىرىدىن① كېيىن تا ھازىرغىچە مۇنداق چوڭ كارۋاننى، مۇنچە كۆپ تۆگىلەرنى، ئۇياقتىن - بۇياقتا چېپىپ يۈرگەن بۇنچىلىك كۆپ ئاتلىق ئادەملەر بىلەن ئالدىراش يۈگۈرۈشۈپ يۈرگەن پىيادە ئادەملەرنى كۆرگەن ئەمەس ئىدى. «موڭغوللار نۇرغۇن لەشكەر توپلاپ غەربكە يۈرۈش قىلغۇدەك» دېگەن گەپ خېلىدىن بېرى ئۇزۇن قۇلاقلار تەرىپىدىن شەھەرگە تارقىلىپ يۈرگەچكە شەھەر خەلقىنىڭ ھەممىسى بۇ خەۋەرنىڭ راست - يالغانلىقىنى بىلىشكە ئالدىرايتتى.

موڭغول لەشكەرلىرى ھەربىر كوچىنىڭ بېشىدىن توپ-توپى بىلەن شەھەرگە كىرىشكە باشلىغاندا، كوچىلارغا سىغماي قايناپ تۇرغان ئاھالە قىستىلىشىپ لەشكەرلەرگە يول بەردى. لەشكەرلەرنىڭ ھەممىسى ئاتلىق ئىدى. ئۇلارنىڭ تەلەتى ئىنتايىن سوغوق، شالاڭ ساقال - بۇرۇتلىرى تىك-تىك بولۇپ تۇراتتى. بەزىلىرى پۈتۈنلەي كوسا بولۇپ ئەرەنچە كىيىنىۋالغان جەددال مومايلارغا ئوخشايتتى. ھەممىسىنىڭ يۈزلىرى كۈندە كۆيۈپ قارىيىپ كەتكەنىدى. ئاستىدىكى پاكار ئاتلىرى كۆرۈنگەن نەرسىدىن ئۈركۈپ پۇشقۇرۇپ خالايىقنى دەسسەپ چەيلىۋېتىدىغاندەك قىلاتتى. كوچىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى قىستىلىشىپ تۇرغان خالايىقنىڭ بىرەرى يولدا لەشكەرلەرگە قاراپ ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ قالسا، موڭغوللار ئۇلارنىڭ باش-كۆزىگە ئايىماي قامچىلايتتى.

لەشكەرلەرنىڭ ھەممىسى شەھەر بازىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى

① چىڭگىزخان باشچىلىقىدىكى موڭغول - تاتار لەشكەرلىرىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا قىلغان تاجاۋۇزى 1220 — 1225 - يىللىرى بولۇپ، تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشىدىن كېيىن پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيا موڭغوللارنىڭ قولىغا ئۆتكەن.

www.uyghurkitap.com

ئەڭ چوڭ مەيدانىغا يىغىلدى. بۇ يەردە ۋىلايەت ھاكىمى تاڭ-
غۇتخان دېگەن كىشىنىڭ تاشتىن سېلىنغان ھەيۋەتلىك ئېگىز
سارىيى بار ئىدى. تاڭغۇتخان چىڭگىزخاننىڭ نەۋرە ئوغلى
ئىدى. لەشكەرلەر ئاتتىن چۈشۈپ، ئېتىنىڭ تىزگىنىنى بېلىگە
باغلاپ ئۇ يەر - بۇ يەرگە توپ - توپ بولۇپ يىغىلدى.
يېقىن ئەتراپتىكى ئۆيلەرنىڭ دەرۋازىلىرىنى، ئىشىكلىرىنى
بۇزۇپ، دەرەخلىرىنى كېسىپ ئەكىلىپ گۈلخان ياقتى.
ھېچبىر ھېيىقماستىن ئۇدۇل كەلگەن ئۆيگە كىرىپ، ئۆي
ئىگىلىرىنىڭ قول ئىلكىدىكى ئوزۇق - تۈلۈك، مال - بىساتىنى
سۈپۈرۈپ چىقتى. شۇندىن كېيىن لاۋۇلداپ يېنىپ تۇرغان
گۈلخان ئەتراپىدا ئولتۇرۇشۇپ تاش چاي ئىچىشكە باشلىدى.
داستىخان ھەر تۈرلۈك نازۇ نېمەتلەر بىلەن تولدۇرۇلدى،
بولۇپمۇ ياڭاق بىلەن مايغا قورۇشۇپ يانجىغان تېرىق
كۆپ ئىدى.

بۇلار شەرقتىكى ئۆز يۇرتىدىن چىقىناق شەھىرىگە كېلىپ
چۈشكەن مۇڭغۇللارنىڭ ئون بىر خانىنىڭ ئالدىنقى سەپ
تۇرغاۋۇتلىرى① ئىدى. بۇ خانلارنىڭ ھەممىسى چىڭگىز نەس-
لىدىن بولۇپ، موڭغۇل - تاتار لەشكەر②لىرىنىڭ ئاساسى

---

① تۇرغاۋۇتلار — مەخسۇس خاننى مۇھاپىزەت قىلغۇچىلار.

② موڭغۇل - تاتار لەشكەرلىرى دېگىنى ئىككى تائىپىدىن قۇرۇلغان قوشۇن ئەمەس. ئۇ زامانلاردا «موڭغۇل» ۋە «تاتار» دېگەن ئىككى مىللەت ياكى ئىككى تائىپە يوق. بۇ ئىسىملار بىر تائىپىنىڭ ئىككى خىل ئاتىلىشى ئىدى، پەقەت ئۇزۇن دەۋرلەر ئۆتكەندىن كېيىن، شەرقىي ياۋروپانى ماكان قىلغان تۈرك قەبىلىدىكى مىللەتلەر بۇ ئىسىمنى ئىشلىتىشكە باشلىغان. چىڭگىزخان ئونون ۋە قورۇلۇن دەريا بويلىرىنى ماكان قىلغان ئىنتايىن ئاز ساندىكى خەلق ئىچىدىن چىققان بۇ خەلقلەرنى «موڭغۇل» دەپ ئاتىغان. كېيىنچە چىڭگىزخان كۆپلىگەن ئەللەرنى ئۆزىگە بويسۇندۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن ئۇلۇغ خاقان بولۇپ تۇرغان ۋاقىتتا ئۆز قول ئاستىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ بارلىق خەلقىنى «موڭغۇل» دېگەن ئىسىم بىلەن ئاتالسۇن دەپ بۇيرۇق چۈشۈرگەنىدى.

قىسمى كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ توختىماي يۈرۈپ بۇلارنىڭ ئارقىسىدىن كېلىۋاتاتتى. ئۇرغاۋۇتلار بۇ يەردە ئۆز قوشۇنىنىڭ يېتىپ كېلىشىنى كۈتمەكتە ئىدى.

چىغىناق خەلقى موڭغۇللاردىن قورققىنىدىن ئۇلارنىڭ قالغان نەرسىسىنى ئۈن - تىنسىزلا بېرىدىغان بولدى. بۇنىڭدىن 15 يىل بۇرۇن چىڭگىزخاننىڭ يەر - جاھاننى زىلزىلىگە كەلتۈرگەن سانسىز قوشۇنى تەرىپىدىن قىلىنغان ۋەيرانچىلىقلار، خەلقنىڭ ئېسىدىن تېخى كۆتۈرۈلمىگەنىدى. ئۇ ۋاقىتتا موڭغۇل لەشكەرلىرى بارلىق شەھەرلەرگە ئوت قويدى، تالىدى. ئامان قالغان كىشىلەر بولسا بېشى قايغان تەرەپلەرگە پىتىراپ كەتتى. موڭغۇللار ئۆز تىرىكچىلىكى بىلەن يۈرگەن تىنچ پۇقرالارنىمۇ ئايىماي قىردى. قولىدىن ئىش كېلىدىغان ھۈنەر- ۋەنلەرنى بولسا، يىراقتا قالغان موڭغۇلىيىگە قول قىلىپ ئەكەتتى. خوتۇن - قىزلار بىلەن بالا - چاقىلارنى ئۇرۇشتا قولغا چۈشكەن غەنىيمەت دەپ ئۆزئارا بۆلۈشۈپ، بازارغا ئاپىرىپ ھايۋان قاتارىدا ساتتى.

ئاردىن خېلى ۋاقىتلار ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇرۇش بېسى- لىپ، قىرغىن قىلىش توختىتىلدى. ئۇر - چاپ بېسىلغاندىن كېيىن، ئىنسان ئاياغ باسمىغان تاغلار ئىچىگە، قېلىن ئورمان - توقايلىقلارغا يوشۇرۇنغان كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ ۋەيران بولغان قەدىمكى ماكانلىرىغا بىر - بىرلەپ قايتىپ كېلىشكە باشلىدى. ئۇلار ئاستا - ئاستا ھوشىنى يىغىپ، تىنىپ كەتكەن ئېرىق - ئۆستەڭلىرىنى قايتىدىن چېپىپ، ئۆرۈلۈپ چۈشكەن ئۆيلەرنى قايتىدىن تۈزەشتۈردى. باي سودىگەرلەر بولسا موڭغۇللارغا سېلىق يىغقۇچى بولۇپ خىزمەتكە كىرىۋېلىپ، ئۇزۇن ئۆتمەي بۇرۇنقىدىن زىيادە بېيىپ كەتتى. ئۇلار كاتتا ئىمارەتلەرنى سالدۇرۇپ، ئۆيلىرىنىڭ ئەتراپىغا ھەرخىل

www.uyghurkitap.com

مېۋىلەر بىلەن تولغان ھەشەمەتلىك باغلارنى بىنا قىلدى، بۇرۇن تەكەببۇرلۇقتىن غادىيىپ يۈرگەن ئىماملار موڭغۇل لەشكەرلىرى دەسسەپ - چەيلەپ نىجاسەتكە تولدۇرۇۋەتكەن مەسچىتلەرنى ئۆز قوللىرى بىلەن تازىلاپ چىقتى. ئاسمان - پەلەك بىلەن تالاشقان ھەشەمەتلىك ئېگىز مۇنارلارنىڭ ئۈستىدە مەزىنلەر بۇرۇنقىدەك كۈنىگە بەش قېتىم ئەزان ئېيتىپ، دىيانەتلىك مۇسۇلمانلارنى نامازغا دەۋەت قىلىپ تۇرىدىغان، دىنغا چىن كۆڭلى بىلەن ئىخلاس قىلمىدىغانلارنى، نامازغا ۋاقتىدا ئۈلگۈرۈپ كەلمىگەنلەرنى بۇرۇنقىدەك دەررىگە باسىدىغان ۋە قاتتىق جازالارغا تارتىدىغان بولدى.

كونا قائىدە - تەرتىپلەر قايتىدىن ئەسلىگە كېلىپ، ھەممە خەلق ئۆز تۇرمۇشى بىلەن بولۇپ بەخرامان يۈرگەندە موڭغۇل خانلىرى بىلەن ئۇلارنىڭ چارلىغۇچى قىسىملىرىنىڭ چىغىناق شەھىرىگە ئاسماندىن چۈشكەندەك تۇساتتىن كىرىپ كېلىشى① شەھەر خەلقىنى ئىنتايىن قاتتىق چۆچۈتۈۋەتتى. ۋىلايەت ھاكىمى تاڭغۇتخان ئەتراپىدىكى باشقا خانلارغا ئات چاپتۇرۇپ، ئۇلاردىن ئاسىيانى بېسىۋالغان ئاتاغلىق خان چىڭگىزنىڭ ئەۋلادلىرىغا سوۋغا بېرىش ئۈچۈن كۆپلىگەن قوي، قولۇن، غونان، ئۇسسۇزلۇقى ئۈچۈن سابا - سابا قىمىز ۋە باشقا تۈرلۈك يېمەكلىكلەرنى ئالدۇردى. كۈنچىقىشتىن كېلىۋاتقان ياۋۇز مېھمانلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش ئۈچۈن يەرلىك خەلق سەيخۇن② دەريا بويىغا بىرنەچچە مىڭ كىگىز ئۆي تىكتى.

---

① بۇ ۋەقە 1237- يىلى باھاردا بولغانىدى.

② ھازىرقى سىر دەريا.

## ئالتىنچى باب

# غالىب قوماندان

سۇبىتاي باھادىرنىڭ تۈمەنى① كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ، تىختىماي يۈرۈپ چىغىناق شەھىرىگە يېتىپ كەلدى. سانسىزلىغان ئات تۇيىقىدىن كۆتۈرۈلگەن قويۇق چاڭ - توزان قۇياش يۈزىنى توراپ جاھاننى قاراڭغۇلۇق باستى. شەھەرگە ئەڭ بۇرۇن كىرگەن ئىككى قوشۇننىڭ ھەر قايسىسى يۈز بولۇپ، ئالدىدىكىسى پۈتۈنلەي جىرەن ئات مىنگەن نۆكەرلەر ئىدى. ئاندىن مىڭغۇللارنىڭ ئۆمرىدە بىر قېتىممۇ يېڭىلىپ باقمىغان ئۇلۇغ قوماندانى يەكچەشمە سۇبىتاي باھادىر② كىرىپ كەلدى. بۇ تالاي قانلىق جەڭلەردە ئۆز دۈشمىنىنى يەر بىلەن يەكسان قىلىپ، نامى ئالەمگە پۇر كەتكەن سەر-كەردە ئىدى. كەلكە دەرياسىنىڭ بويىدا قىپچاقلار بىلەن رۇسلارنى قىرىپ تاشلىغان③، جوڭگونىڭ ئۈچ پايتەختىنى ئارقا - ئارقىدىن بېسىۋېلىپ 20 ئۆلكىسىنى بويسۇندۇرغان داڭلىق سەردار سۇبىتاي مۇشۇ ئىدى.

سۇبىتاي قۇيرۇقى يەرگە تېگىپ تۇرىدىغان ئۇزۇن ياللىق چىپار يىرغىنىڭ تەكشى تەۋرىنىشىگە ئۆزىنى تەڭكەش قىلىپ، ئات ئۈستىدە مۈكدەپ كېلىۋاتاتتى.

---

① تۈمەن — ئون مىڭ ئاتلىق لەشكەردىن قۇرۇلغان مۇستەقىل قوشۇن.

② سۇبىتاي باھادىر — چىڭگىزخاننىڭ ئەڭ چوڭ قوماندانى.

③ 1224 - يىلى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

سۇبىتاي باھادىرنىڭ ئوڭ قولى ياش ۋاقتىدا بىر قېتىملىق جەڭدە يارىلانغانىدى. دۈشمەن قىلىچى قولىغا تېگىپ بولجۇڭ گۆشىنى كېسىۋەتكەنلىكتىن قولى ناكار بولۇپ ساقايغاچقا، كارغا كەلمەيتتى. يەنە بىر قېتىملىق جەڭدە ئوڭ قاپىقىغا قىلىچ تېگىپ كۆزى ئېقىپ كەتكەن. شۇڭا ھازىرمۇ قاپىقىدىن يۈزىگىچە چۈشكەن تاتۇقى بار ئىدى. شۇندىن بېرى ساق قالغان سول كۆزى ئادەم بەدىنىنى تېشىپ ئۆتۈپ، ئىچىدىكى بارلىق مەخپىي سىرلىرىنى بىلىۋالىدىغاندەك قادىلىپ چەكچىيىپ تۇراتتى. قول ئاستىدىكى لەشكەرلەر ئۇنى «ياردار يولۋاس»، «سۇبىتاي ئۇۋچى قۇرغان تۇزاقنى بۇزۇپ چىققان يولۋاسقا ئوخشايدۇ، ئۇ دۈشمەننىڭ ھىيلە - مىكىرلىرىنى ئالدىن سېزىۋالالايدۇ، ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بولساڭ ئۆلمەيسەن» دېيىشەتتى. ئەينى يىللاردا مەشھۇر چىڭگىزخان ئۆزىنىڭ كىچىك نەۋرىسى باتۇخاننى تەربىيىلەپ ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، مۇشۇ يەكچەشمە سۇبىتاي باھادىرغا تاپشۇرغانىدى.

چىغىناقنىڭ پۇقرالىرى موڭغۇللارنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن شەھەر سىرتىدىكى چوڭ يول ئۈستىگە يىغىلغانىدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئاپئاق ساقاللىق قېرى ئادەملەر، قائىدە - قانۇنلارغا پىششىق بەگلەر، ھېسابسىز بېيىپ كەتكەن سودىگەرلەر بار بولۇپ، ھەر بىرىنىڭ قولىدا ھەرخىل نېمەتلەر بىلەن تولغان كۈمۈش پەتنۇسلار بار ئىدى. بەزىلەر توپ - توپ ئېسىل گەزلىمىلەرنى قۇچاقلاپ تۇراتتى. ئەتراپتىكى تاماشا كۆرۈشكە يىغىلغان شەھەر پۇقرالىرى ئىتتىرىشىپ، قىستىلىشىپ بوينلىرىنى ئالدىغا سوزۇشاتتى. موڭغۇللارنى قارشى ئېلىشقا چىققان بۇ ۋەكىللەرنىڭ خىيالى بۇ ئاتاقلىق قوماندانىنى — سۇبىتاينى موڭغۇل دەۋرىدە بېيىغان بىر سودىگەرنىڭ يېڭى سالدۇرغان ئۆيىگە مېھمانغا چاقىرىپ، ئۇ يەردە ئۇنى ھامماغا چۈشۈرۈپ،

خۇش پۇراق باغلارنى سەيلە قىلدۇرۇپ، تۈرلۈك مېۋىلەرگە تويدۇرۇپ ئۇبدان ئارام ئالدۇرۇش ئىدى.

لەشكەرلەرنىڭ ئالدىنقى بىرنەچچە توپى چېپىپ ئۆتۈپ كەتتى. سۇبىتاي باھادىر يىغىلغان خالايىقنىڭ يېنىغا كېلىشىگە، تەقەززالىق بىلەن كۈتۈپ تۇرغانلارنىڭ ئىچىدىن بىر ئىمام ئالدىغا چىقىپ:

— ئەي، ئۇلۇغ بەگزادە! باتۇرلارنىڭ سەردارى، غالىب قەھرىمان! — دەپ ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي مەدھىيە ئوقۇپ كەتتى. لېكىن سۇبىتاي باھادىر يوپۇرۇلۇپ تۇرغان خالايىق-قىمۇ، زەر - كىمخاب تونلارغا پۈركەنگەن مەشھۇر ئاقساقاللارغىمۇ، كۆمۈش تاۋاقلار بىلەن توپ - توپ يىپەك رەختىلەرگىمۇ، خىلمۇ خىل لەززەتلىك تائاملارغىمۇ نەزەر كۆزىنى سالماي، شەھەرنىڭ سىرتىدا سوزۇلۇپ ياتقان كەڭ دالىغا قاراپ ئېتىنىڭ بېشىنى قايرىۋەتتى.

شەھەرگە چۈشمەي توختاۋسىز كېتىۋاتقان سۇبىتاينىڭ ئارقىسىدىن چاپقان بىرنەچچە ئاتلىق خان بىلەن ۋىلايەت ھاكىمىنىڭ دىۋان بېگى ئۇنى قوغلاپ يەتكىچە ئاتلىرى قارا تەرگە چۆمۈپ، ئۆزلىرىمۇ چارچاپ كېتىشتى، ئۇلار سۇبىتايغا يېتەر - يەتمەستىنلا تەرەپ - تەرەپتىن ۋارقىراشقا باشلىدى:

— توختا! ... ئالدىراپ نەگە بارىسەن؟ ... كۈيەك خان بىلەن ۋىلايەت ھاكىمى تاڭغۇتخان سېنى سارايغا كەلسۇن، دەپ يارلىق ئەۋەتتى. سارايدا مۇھىم مەجلىس بار دەيدۇ...

سۇبىتاي باھادىر ماقۇل بارلىي دېگەندەك قىلىپ بېشىنى لىڭشىتىسىمۇ، لېكىن ئاستىدىكى تەڭگە چىپار يورغىسى بۇرۇنقىدەكلا يورغىلاپ كېتىۋەردى. بىرئازدىن كېيىن سۇبىتاي جاۋاب بەردى:

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

— بارالمايمەن!... ئىشىم ئالدىراش. خورىزغا دان بېرىشىم كېرەك.

سۇبىتاي شۇنداق دېدى - دە، ئېتىغا قامچا سالدى. ئېغىزدۇرۇقىنى چاينىپ تۇرغان تەڭگە چىپار يورغا ئالغا قاراپ ئېتىلدى. ئۇزۇندىن - ئۇزۇنغا سوزۇلۇپ كەڭرى دالىغا سىغماي كەتكەن ئاتلىق لەشكەرلەرمۇ سۇبىتاينىڭ چېپىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ ھەممىسى بىراقلا ئاتلىرىغا قامچا سالدى. بىر ئازدىن كېيىن چىغىناق شەھرىدىن ئۇزاپ ئۇلارنىڭ قارىسى كۆرۈنمەي قالدى.

سەيخۇن دەرياسىنىڭ بويىدىكى بۇ كۆكۆل مەيدانغا كەلگەندە پۈتۈن لەشكەر توختاپ، بىر ئاز دەم ئالدى. كىگىز ئۆيلەر ئارتىلغان تۆگە كارۋىنى كېلىشى بىلەنلا يىگىتلەر چۈشۈرۈلۈپ، قاناتلىق ئاق ئۆيلەر دەريا بويىغا قاتار - قاتار تىكىلدى. قۇللار يېقىن ئەتراپتىن ئوتۇن - چاۋار يىغىپ، قۇرۇپ قالغان قومۇشلارنى ئورۇپ، ئوچاقلارنى ياساپ چوڭ - چوڭ داش قازانلارنى ئاستى. قولۇنلارنىڭ گۆشى بىلەن تاغار - تاغار گۈرۈچلەر قازانلارغا سېلىندى. بۇ تاماقلار ئارقىدا كېلىۋاتقان ئەڭ چوڭ رەھبەر، ئۇلۇغ داھىي كەلگۈچە قازانلاردا پۇرۇقلاپ قاينايتتى.

سۇبىتاي باھادىر ئۆزىگە مەخسۇس تىكىلگەن ئالتە قاناتلىق ئاق ئۆيگە كېلىپ چۈشتى. ئۆينىڭ چاڭگىرىقىدىن ئۈچىغا قۇتازنىڭ مۈڭگۈزى ۋە ئات يالى باغلانغان ئۇزۇن دەستىلىك نەيزە چىقىرىلغان بولۇپ، بۇ شۇ زاماننىڭ ئادىتى بويىچە قوماندانىنىڭ ئۆيىنى باشقىلارنىڭ ئۆيىدىن پەرقلەندۈرىدىغان ئالاھىدە بەلگە ئىدى. ئىشىككە ئېسىل گىلەم تارتىلغان بولۇپ، بوسۇغىدا قاپقىدىن مۇز يېغىپ تۇرىدىغان ئىككى قاراۋۇل قاققان قوزۇقتەك قېتىپ تۇراتتى. ئۇلاردىن نېرىراقتا

زەنجىر بىلەن باغلانغان تورپاقتەك ئىككى سېرىق ئىت تۇراتتى. قازاندىكى گۆشنىڭ پۇرىقىنى سەزگەن بۇ ئىتلار خىرىلداپ يەرنى تاتىلاپ ھەر تەرەپكە يۇلقىناتتى.

سۇبىتاي باھادىر ئۆيگە كىردى. قۇللار ئۆي ئىچىگىمۇ ئوت يېقىپ، قازان ئاسقانىكەن. قازاندىكى يېڭى سويۇلغان مالنىڭ گۆشى ئادەمنىڭ دىمىغىنى ياراتتى. چۇۋۇلغان، ئۇزۇن چاچلىرى پاخپىيىپ يەلكىسىگە چۈشكەن، سول قولىقىغا تاۋاق-تەك تۇش ھالقا سالغان قېرى قول پۇتىدىكى كىشەننى شالدىرلاتقىنىچە بىر تاۋاق تېرىقنى كۆتۈرۈپ كىردى. سۇبىتاي تېرىقنى يىغىپ تۇرۇپ بىر ئوش ئىلىپ كېرىگە تۆۋىدە مۈگدەپ تۇرغان سېرىق خورازنىڭ يېنىغا باردى. سۇبىتاينىڭ تىۋىشىنى ئاڭلىغان خوراز بېشىنى كۆتۈرۈپ تالاغا قاچماقچى بولۇۋىدى، پۇتىدىن كېرىگىگە باغلانغان كۈمۈش زەنجىر جىرىڭلاپ كەتتى.

سۇبىتاي قولىدىكى تېرىقنى خورازنىڭ ئالدىغا تۆكتى. خوراز بىر نېمىنىڭ تىۋىشىنى سەزگەندەك بېشىنى ئېگىز كۆ-تۈرۈپ ئۇياق - بۇياققا تېگىرقاپ قارىغاندىن كېيىن، تېرىقنى تۇمشۇقى بىلەن نېرى - بېرى ئىتتىرىپ قويۇپ دانلاشقا باشلىدى. خوراز پۈكىنىنى تېرىققا ئوبدان تولدۇرۇپ مەغرۇرانە قىياپەتتە ئىككى قانىتىنى قېقىپ، بوينىنى سوزۇپ چىللىمىغىچە سۇبىتاي باھادىر خورازنىڭ ئالدىدىن كەتمىدى. سۇبىتاي خورازنىڭ دەسلەپتە تېرىقنى ئاچكۆزلۈك بىلەن يەپ، تويۇشقا باشلىغاندىن كېيىن، خۇددى ئاغزىنى ئېيتقاندەك تۇمشۇقىنى كېرىگىگە سۈركىگەنلىكىگە قىزىقىپ، خېلى بىر ھازاغىچە ئۇنىڭدىن كۆزىنى ئالماي قاراپ تۇردى. سۇبىتاينىڭ ئۆيىدىكى خورازنىڭ چىللىشى پۈتۈن قوشۇنلارغا ئاتلىنىڭلار، دەپ بېرىل-گەن سىگنال ھېسابلىناتتى.

دەل شۇ ۋاقىتتا بۇنىڭغا جاۋابەن، تۇشمۇ تۇشتىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

خورازلارنىڭ چىلىلىغان ئاۋازلىرى ئاڭلاندى.

سۇبىتاي باھادىر تۆرگە ئۆتۈپ، شىرداق ئۈستىگە ئولتۇردى - دە:

— بۇ قۇش گەرچە ئىنتايىن كىچىك بولسىمۇ، پۈتۈن قوشۇننى ھەرىكەتكە كەلتۈرەلەيدۇ①.— دېدى.

## يەتتىنچى باب

## ئىماملارنىڭ تەڭلىكتە قېلىشى

ۋىلايەت ھاكىمى تاڭغۇتخاننىڭ ساراي دەرۋازىسىنىڭ ئالدىغا ئۈستىگە قىزىل دۇردۇندىن ئۇزۇن تون كىيىۋالغان ئىككى مويسىپىت يېتىپ كەلدى. ئىككىسىلا قاملاشقان كىشىلەر بولۇپ، سالاپىتىدىن قارىغاندا مۆتىۋەر ئادەملەردەك قىلاتتى. بىرىنىڭ قولىدا بىر تال قىزىل ئالما، ئىككىنچىسىنىڭ قولىدا بىر دەستە ئاق گۈل بولۇپ، بۇلارنى خۇددى مەككىدىن ئەكەلگەن زەمزەم سۈيىدەك ئەتىۋارلاپ دەبدەبە بىلەن تۇتۇپ تۇرغىنىغا قارىغاندا، بىرەر ئۇلۇغقا سوۋغا قىلىدىغانلىقى مانامەن دەپ تۇراتتى.

ئاقساقاللارنىڭ كەينىدىن، بېيۇنلىرى ساپاقتەك، بەللىرى قۇرايدەك ئىنچىكە، ئۆسكىلەڭ بويلۇق يىگىرمە تالىپ ئاياغلىرىنى زورغا بېسىپ ئىلگىرى - كېيىن كېلىپ توختىدى. ھەيسىپىتلار خانغا مۆرتىۋەرلىكرەك كۆرۈنۈش ئۈچۈن بۇلارنى

① ئۇ زامانلاردا كارۋان بېشى ياكى قوشۇن باشلىقلىرى سەپەرگە چىققاندا بىردىن خوراز ئېلىپ چىقىدىكەن. شۇ زامانلاردا خورازلار سائەتنىڭ ئورنىدا ئىشلىتىلىدىكەن. كىشىلەر خورازنىڭ چىلىلىشى بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ، چىلىلىشى بىلەن ياتىدىكەن.

ئەتەي باشلىۋالغانىدى. ئاقساقاللارنىڭ بېشىدىكى قازاندەك
يوغان سەللىلىرى، ئۈستىدىكى ئېسىل تونلىرى ۋە تەقۋادار
سالاپەتلىرى بۇلارنىڭ خاسىيەتلىك ئۆلىمالار ياكى بولمىسا،
ئىشانلار بولۇپ، يەر يۈزىدە ئىستىقامەت قىلغۇچى ۋە گۇناھ-
كار بەندىلەر بىلەن ئەرشتىكى خۇدانىڭ ئوتتۇرىسىدا ئەلچى
بولۇپ يۈرۈۋاتقان ئادەملەر ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرەتتى.
دەرۋازىدىكى قاراۋۇللار تۈنۈگۈندىن بېرى «ھېچكىم كىر-
گۈزۈلمىسۇن» دېگەن جىددىي يارلىقنى ئالغانىدى. شۇڭا ئۆ-
لىمالار «بىزنى كىرگۈزمىسەڭلەر باش ۋەكىلنى چاقىرىپ بې-
رىڭلار» دېدى. قاراۋۇللارنىڭ بىرى خوپ دەپ يۈگۈرۈپ كى-
رىپ كەتتى. شۇنداقتىمۇ ئۆلىمالارنىڭ باش ۋەكىلنى كۈتۈشى
ئۇزاققا سوزۇلدى. بىر ھازادىن كېيىن ۋەكىل ھاسىراپ - ھۆ-
مۆردەپ يېتىپ كەلدى. ئۇنىڭ بېشىدىكى سەللىسى چۇۋۇلۇپ
يەلكىسىگە چۈشكەن بولۇپ، ئۇ پېشانىسىدىن ئاققان مونچاق-
مونچاق تەرنى يېڭى بىلەن سۈرتۈپ تۇراتتى. ۋەكىل دەرۋازا
ئالدىدا كۈتۈپ تۇرغان ئۆلىمالارنى كۆرگەندىن كېيىن، خۇدا
يولىدا خىزمەت قىلىۋاتقان ئۇلۇغ زاتلارنى ساقلىتىپ قويغان-
لىقى ئۈچۈن ئەپۇ سوراشقا باشلىدى.
— تاڭغۇتخان ماڭا مۇڭغۇل خانلىرىنى ئەڭ ئالىي
ھۆرمەت بىلەن كۈتكىن. ئۇلار نېمىنى خالىسا، شۇنى بەجا
كەلتۈرگىن، دەپ بۇيرۇق بەرگەنىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە خانلار-
نىڭ ھەرقايسىسى كىشى بېشىغا بىرنەچچىدىن ئات، قارچىغا-
بۈركۈت، يۈگۈرۈك تايغانلار بىلەن كېلىشتى. بۇلارنىڭ ھەم-
مىسىنى ئورۇنلاشتۇرۇش، ئادەملىرىنى تاماققا، ئاتلارنى چۆپ
بىلەن يەمگە، ئىت بىلەن قۇشلارنى يەمچۆككە تويغۇزۇش كې-
رەك بولدى. بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى بىر كىشىنىڭ ئورۇن-
داپ كېتىشى ئوڭايمۇ؟ شۇ ئىشلار ۋەجىدىن ئالدىراش بولۇپ

ھەرقايسىلىرىنى بىرئاز كۈتكۈزۈپ قويدۇم، ئەپۇ قىلىشسىلا.
خىرىش ئەۋلىيا تەقسىرلەر نېمە ۋەجىدىن كېلىشتىلىكىن؟ — دېدى ۋەكىل ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي سۆزلەپ.

— ئاتاقلىق خانزادىلەر چىغىناق شەھىرىگە كېلىپ چۈشكەندىن بېرى، ھەربىر نامىزىمىزدا ئۇلار ئۈچۈن ھەرقاي- سىنىڭ مۇبارەك ئىسمىنى ئاتاپ تۇرۇپ دۇئا - تىلاۋەت قىل- ماقتىمىز. كۇپارلار ئۈستىگە ئۇلۇغ يۈرۈش باشلىدىغانلىقىنى ئاڭلىغانىدۇق، ئاللا تائالا ئىگەم دەھرىيلەرنىڭ جازاسىنى بەرگەي. جەڭنىڭ ئوڭۇشلۇق بولۇشىنى، خانزادىلەرنىڭ ئىشى ئوڭدىن كېلىپ دۆلىتىنىڭ زىيادە بولۇشىنى، دۈشمەنلەرنى يېڭىپ يەر بىلەن يەكسان قىلىپ قايتىشىنى خۇدادىن كۈ- نىگە بەش رەت تىلىشىمىز كېرەك. ئەي ياراتقۇچ خۇدا ئۆ- زۈڭ مەدەت بەرگەيسەن، — دېدى ئىماملارنىڭ ئەڭ قېرىسى خورسىنىپ قويۇپ.

— جەمئىي ئون بىر خانزادە ① كەلدى. ئۇنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ چوڭى كۈيۈك خان. ئۇنىڭ مىجەزى ئەڭ يامان، مەنمەنچىسىمۇ

---

① غەرب ئەللىرىگە چوڭ يۈرۈش قىلىش ئۈچۈن چىڭگىزخان نەسلىدىن ئون بىر خانزادە كەلدى. بۇلار چىڭگىزخاننىڭ بەش ئوغلىنىڭ باللىرى: 1) چىڭگىزنىڭ چوڭ ئوغلى جۆجىخاننىڭ باللىرى: باتۇخان، ئورداقان، شۇيبانخان (كېيىنچە قوماندان بولۇپ داڭق چىقارغان)، تاڭغۇتخان؛ چىڭگىزخاننىڭ ئىككىنچى ئوغلى چاغاتاينىڭ باللىرى: ھەيدەرخان بىلەن ئۇنىڭ ئاكىسى بۆرىخان؛ 3) ئەينى ۋاقىتتا پادىشاھلىق قۇرغان ئوگېدايىنىڭ باللىرى: كۈيۈك خان (كېيىنچە بىر مەزگىل ئۇلۇغ خاقان بولۇپ تۇرغان) بىلەن قاراخان؛ 4) چىڭگىزخاننىڭ تۆتىنچى ئوغلى تولى خاننىڭ باللىرى: بۆجەك خان بىلەن مۆڭكە خان (باتۇ- خاننىڭ دوستى، كېيىن باتۇنىڭ ياردىمى بىلەن ئۇلۇغ خاقان بولغان)؛ 5) چىڭگىزخاننىڭ كەنجى ئوغلى قۇلقان (كېيىن كولومنا يېنىدا رۇسلار بىلەن بول- غان ئۇرۇشتا قازا تاپقان) ئىدى. مۇشۇ خانزادىلەرنىڭ قايسىبىرى بولسۇن يۈرۈشتە بېسىۋالغان يەرلىرىگە يالغۇز ئۆزىنىڭ ھۆكۈمران بولۇشىنى ئارزۇ قىلاتتى.

شۇ، ئۇ ئۇلۇغ خاقاننىڭ① ئۆز پۇشتىدىن بولغان ئوغۇل خاقاننىڭ ئورنىغا ۋارىس بولغان ئادەم. پۈتكۈل موڭغۇل خانلىرىنىڭ ھازىرقى ھۆكۈمرانى شۇ. سۆزىنىڭ تايىنى، ئىشىنىڭ ئۇنۇمى يوق بىر ئادەم. بۈگۈن بىر بۇيرۇق چۈشۈر- سە، ئەتىسى ئۇنىڭغا قارشى يەنە بىر بۇيرۇق چۈشۈرۈش ئۇنىڭ ئادىتى. ھېلى دېگەن سۆزىدىن ھېلى يېنىۋالىدۇ. قول ئاستىدىكىلەرگە ئىنتايىن قاتتىق قول. كىشىلەرگە ۋارقىراپ - جارقىراپ ئارام بەرمەيدۇ. پەسەنتىگە سىغمايدىغان ئادەملەرنىڭ بېشىدا كالتەك ئوينىتىدۇ... ئىشىنىڭ يولسىزلىقى بىلەن جا- ھاننى مالىماتاڭ قىلىپ يۈرگىنى يۈرگەن. ئاڭلىشىمىزچە، قوشۇننىڭ ئەڭ چوڭ قوماندانى ئاشۇ بولارمىش. راستىنلا شۇنداق بولسا، «تۆرىدىن ياساۋۇل قوياڭ بېشىڭدىن ۋاڭ - چۇڭ كەتمەس» دېگەننى شۇ ۋاقىتتا كۆرىدىغان ئوخشايمىز، — دېدى ۋەكىل نارازى بولغان ھالدا.

— خۇدا ئۆز پاناھىدا ساقلىغاي، ئۇنداق كاپىردىن! — دېدى قېرىلار سەسكەنگەن ھالدا. — بىزنىڭ ئاڭلىشىمىزچە، قوشۇنغا مەرھۇم چىڭگىزخاننىڭ — ئىلاھىم ئۇ دانانىڭ ئىما- نىنى دۇرۇس، ياتقان يېرىنى جەننەت قىلغاي — ئوغلى با- تۇخان باش بولىدۇ، دېگەنىدى. بۇ گەپ راستمىدۇ؟

— بىر خۇدانىڭ ئۆزى بىلىدۇ... — دېدى ۋەكىل شى- ۋىرلىغان ئاۋازدا. — كىشىلەرنىڭ دېيىشىگە قارىغاندا ھازىر كۆيىك خان بىلەن باتۇخان بىر - بىرىنىڭ كۆزىنى ئويۇۋې- لىشقا تەييار ئىمىش.

— يائاللا قانداق زامان بولۇپ كەتتى! — دېيىشتى ئىمالار كايىغان ئاھاڭدا.

---

① خاقان — خانلارنىڭ خانى دېگەن سۆز بولۇپ بۇ يەردە چىڭگىز- خانىنى دېمەكچى.

— باتۇخان بۇ سارايغا ئاكىسى بىلەن كۆرۈشكىلى كېلىپ كەتتى. يېنىدا بەش ئادىمى بار. ھەممىسى سالتاڭ ئات بىلەن كەپتۇ. لېكىن ئاكىسى ئىنىم كەپتۇ دەپ خۇشال بولمىدى. ھەدەپ كۆرۈشۈش بىلەنلا بىر - بىرى بىلەن تۇتۇشۇپ قالدى. كۆزلىرىگە قان قۇيۇلۇپ بىر - بىرىنى يەپ قوياي دېيىشتى. باتۇخان: «خاسىيەتلىك بوۋىمىز چىڭگىزخان ئۆزى ھايات ۋاقتىدا پادىشاھلىقىمىزنىڭ غەربىدىكى ۋىلايەتلەرنىڭ ھەممىسىنى ماڭا مىراس قىلىپ بۆلۈپ بەرگەنىدى. بىراق ئۇ ۋاقىتلاردا مەن تېخى كىچىك بالا ئىدىم، ئۇنىڭ ئۈستىگە شۇ ۋاقىتتا خىتايدا سىرقۇش بولۇۋاتقانلىقى ئۈچۈن مەن ئۇياققا كەتتىم. شۇ سەۋەبتىن بۇ يەرلەر سېنىڭ ھۆكۈمرانلىقىڭدا قالغانىدى... ئەمدى خاسىيەتلىك بوۋام ئۆزى ۋەسىيەت قىلىپ قالدۇرغان يەرلەرگە ئۆزۈم ھۆكۈمرانلىق قىلىشىم كېرەك» دېۋىدى. تاڭغۇتخان: «ئۇن يىلدىن بېرى سايەڭنى كۆرمىدىم... شۇنىڭدىن بېرى تالاي زامان ئۆتتى. ئەمدى بۇ ئەللەرنىڭ ھۆكۈمرانى ئەلۋەتتە ئۆزۈم بولىمەن... ھازىر بۇ يەردە ساڭا تېگىدىغان ھېچ نەرسە يوق. شۇڭا خىتايغا يەنە قايتىپ كەتسەڭ بولىدۇ!» دەپ جاۋاب بەردى - دە، دەررۇ نۆكەرلىرىنى يىغىشقا باشلىدى. باتۇخان ئۇنىڭ سۆزىگە ناھايىتى غەزەپلەندى. «سەن ماڭا ئۇسكەك بۇقىدەك خىرىس قىلما! ئۆزۈڭ يوپۇرماقتەك تىترەپ، يۈرىكىڭ پىركۇلداپ تۇرسىمۇ، يەنە خەققە ھەيۋە كۆرسەتمەكچىسەن... ئاتا مىراسىنى مېنىڭ ئىختىيارىمغا بەرگۈڭ كەلسە، شۇ سۆزۈڭدە تۇرۇپ باققىنىڭنى مەن كۆرەي! قارا تاپان قۇل قىلىپ كۆزۈڭدىن چىۋىن قايناتمىسام ئاتامنىڭ بالىسى بولماي كېتەي» دەپ ۋارقىراپ كەتتى. شۇ زاماتلا تەرەپ - تەرەپتىن قىلىچلىرىنى يالىڭاچلاپ، تاڭغۇتخاننىڭ نۆكەرلىرى كېلىپ قالدى. بۇ ۋاقىتتا

باتۇخان دەرھال ئۆيدىن چىقىپ ئېتىغا سەكرەپ مىندى - دە، قامچا سالدى. نەگە كەتكىنىنى ھېچكىم بىلمەي قالدى...

— ئۇنداق بولسا بىز ئەمدى كىمگە دۇئا قىلىشىمىز كېرەك. بۇ ئىككىسىنىڭ ئەڭ كاتتىسى زادى قايسىسى؟ — دېيىشتى ئىماملار.

— مەن نەدىن بىلەي. مەن ئۇلۇغلارنىڭ تالاش - تارتىشىنى ھەل قىلىدىغان ئادەممىدىم؟ ئۇ دەرىجىگە يېتىش ئۈچۈن بىزگە خېلى بار! — ۋەكىل شۇنداق دېدى - دە، دەرۋازىنىڭ ئىچىگە كىرىپ كەتتى.

ئىككى ئىمام باشلىرىنى چايقىشىپ، ئەمدى قايتايلى، دېگەندەك بىر - بىرىگە لەپپىدە قاراشتى - دە، قوللىرىدىكى بىر دەستە گۈل بىلەن قىزىل ئالمىنى ئاستا قوينىلىرىغا تىقتى.

— ئەڭ ئەۋزىلى، ئاخىرىنىڭ قانداق بولۇشىنى كۈتۈش ئاقىلانە ئىشتۇر. ھازىر ھېچكىمنىڭمۇ تىلىكىنى تىلىمەسلىك كېرەك. — دېدى بىرى.

ئۇلار شۇنداق دېيىشىپ، ئۆزئارا پاراڭلاشقاچ كەينىگە ئۆرۈلۈپ كەلگەن ئىزى بىلەن قايتىپ كېتىشتى.

## سەككىزىنچى باب

## كۈيىك خاننىڭ پالىقى

چىڭگىزخاننىڭ نەۋرە ئوغلى، بىر مەزگىللەردە پۈتكۈل موڭغۇل تېررىتورىيىسىنىڭ ئۇلۇغ خاقانى بولغان ئۆگتاينىڭ ئۆز پۇشتىدىن بولغان بالىسى ھەددە كېيىنكى تەخت ۋارىسى كۈيىك خان بىر كۈنى چىغداق شەھىرىدىكى سارىيىدىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تۆيۇقسىز ئاتلىنىپ چىقىپ، شەھەردىن ئۇزاپ خېلى ماڭغاندىن كېيىن، بىر دۆڭلۈكنىڭ ئۈستىدە توختاپ، شۇ ئەتراپقا ئالتۇن چېدىرنى تىكتۈردى. دۆڭلۈكنىڭ ئېتىكىدىكى سوزۇلۇپ ياتقان بىپايان تۈزلەڭلىككە ھېسابسىز ئورغۇن لەشكەر① چۈشۈپ ھەر يەرگە كورىن - كورىنى② بىلەن ئورۇنلىشىشقا باشلىدى.

كۈيىك خانىنىڭ چېدىرىنىڭ ئەتراپىغا تۆت يۈز ئۆي قاتار قىلىپ تىكىلدى. بۇ ئۆيلەرگە خانىنى مۇھاپىزەت قىلىدىغان مۇھاپىزەتچىلەر ئورۇنلاشتۇرۇلدى. مۇھاپىزەتچىلىككە ئېلىنغانلارنىڭ ھەممىسى تاغنى يۇلۇۋالىدىغان ئوتتۇرقولدەك ياش يىگىتلەر بولۇپ، خەلق ئىچىدە داڭق چىقارغان ئاتاقلىق ئادەملەرنىڭ باللىرى ئىدى. ئۇ زامانلاردا مۇنداق مۇھاپىزەتچىلەرنى «تۇرغاۋوت» دەپ ئاتايتتى. چېدىرلەرنىڭ ئارىسىدىكى كېرمىگە③ خانىنىڭ تۇرلۇك يورغا، يۈگۈرۈك ئاتلىرى باغلاندى. ھەممىسىنىڭلا يىپەكتىن يوپۇقى بولۇپ، يوپۇقلارنىڭ چوڭلۇقىدىن ئاتلارنىڭ بېشى بىلەن قۇيرۇقىدىن باشقا يېرىنى كۆرگىلى بولمايتتى. بۇ ئاتلارنىڭ ھەممىسى چاپسا كېيىكتىن

---

① چىڭگىز تارىخىنىڭ مەلۇماتلىرىغا قارىغاندا، غەرب ئەللىرىگە قىلىنغان بۇ يۈرۈشكە تۆت مىڭغا يېقىن بۇرۇنقى موڭغۇل لەشكەرلىرى بىلەن ئەتراپتىكى تاتار لەشكەرلەردىن ئوتتۇزمىڭى قاتناشقان. موڭغۇللار بىلەن تاتارلار لەشكەرلەرنىڭ ئاساسى يادروسى بولغان، بۇ ئاساسي قوشۇن ئىلگىرىلەپ ئالغا باسقانسېرى ئۇنىڭغا يول بويىدىكى ئەللەردىن ئورغۇنلىغان ئاتلىق لەشكەرلەر قوشۇلۇپ تۇرغان. يولدا قوشۇلغان قوشۇنلارنىڭ سانى 200 — 300 مىڭغا يەتكەن. بۇ لەشكەرلەرنىڭ ئەڭ كۆپى قىپچاقلاردىن ئىدى. قىپچاق دېگىنىمىزنى ھازىرقى قازاق، قىرغىز ۋە باشقا تورك نەسلىدىكى خەلقلەرنىڭ بۇرۇنقى ئاتا - بوۋىلىرى دەپ چۈشىنىشكە بولىدۇ.

② كورىن — موڭغۇلچە سۆز بولۇپ، يۇقىرى دەرىجىلىك لەشكەر باشلىقىنىڭ ئۆيىنى مەركەز قىلىپ مۇھاسىرە، چەمبىرىكى بويىچە تىكىلگەن ئورغۇن كىگىز ئۆيلەردىن تەركىب تاپقان ئاۋۇلنى كۆرسىتىدۇ.

③ ئىككى ياغاچ قوزۇققا چىڭ تارتىلغان ئارقان بولۇپ بۇنىڭغا ئاتلارنى باغلايدۇ — ت.

ئاشىدىغان، يۈرۈشكە ئات يەتكۈزمەيدىغان كۈچلۈك، ئىسىل نەسىللەردىن تاللانغانىدى. كۈيۈك خان ئوۋغا چىققاندا دائىم مۇشۇ ئاتلارنى مىنىپ چىقىشنى ياخشى كۆرەتتى. بۇ ئاتلارنىڭ قايسىسى بولمىسۇن، ھەرقانداق يۈگۈرۈك ئاتقا (ھايۋانغا) ئىككى چامداپلا يېتىشەتتى.

بۇرۇنقى ۋاقىتلاردا ئاتىسى چىڭگىزخان نېمىنى قىلغان بولسا، ھازىر كۈيۈك خانمۇ شۇنداق قىلىشقا ئۇرۇنۇپ باقاتتى. ئۆزى چىڭگىزچە قاتتىق تەرتىپ ئورنىتىشقا، شاھانە سەلتەنەتكە خۇمار ئىدى. شۇڭا بۇنىڭ ئوردىسىنىڭ يېنىدىمۇ چىڭگىزنىڭكىگە ئوخشاش چوڭ قارا تۇغ تىكىكلىك تۇراتتى. تۇغدا زەر يىپ بىلەن كەشتىلەنگەن بىر سالتاق ئاتلىق ئادەمنىڭ سۈرىتى بار بولۇپ، بۇ ئادەمنىڭ بېشى بىر دەھشەتلىك ھايۋاننىڭ بېشىغا ئوخشايتتى. بۇ سۈرەت جەڭدە موڭغۇل لەشكەرلىرىگە مەدەت بېرىدىغان ۋە ئۇلارنى قوغدايدىغان سوقۇش تەڭرىسى سولدىنىڭ رەسمى ئىدى.

شامانلارنىڭ (باخشىلارنىڭ) ئېيتىشىچە سوقۇش خۇداسى سولدى ھايات ئادەملەرنىڭ كۆزىگە كۆرۈنمەي، لەشكەرلەرنى سىرتتىن قوغداپ ۋە ئۇلارغا مەدەت بېرىپ يۈرەرمىش. ئۇ چىڭگىزخاننىڭ بارلىق يۈرۈشلىرىدە موڭغۇل لەشكەرلىرى بىلەن بىرگە يۈرۈپ كەلگەن. شۇنداق بولغاچقا چىڭگىزخان ئالەمشۇمۇل غەلىبىلەرگە ئېرىشىپ، قارشى چىققان دۈشمەنلىرىنى يەر بىلەن يەكسان قىلغانمىش. چىڭگىزخان يۈرۈشكە ئاتلانغاندا، ئۆمرى يۈگەن - قورۇق تەگمىگەن بىر ئاق بوز ئايغىرنى ئېگەرلىمەي ياۋىداق يېتىلىتىپ يۈرىدىكەن. ئۇنىڭچە بۇ ئاق بوز ئاتنىڭ ئۈستىگە ئۇرۇش خۇداسى سولدى مىنىپ يۈرەرمىش. شۇنىڭغا ئوخشىتىپ چىڭگىزخاننىڭ نەۋرە ئوغلى كۈيۈكمۇ بىر بوز ئايغىرنى داۋاملىق كىرىمىگە باغلاپ قوياتتى. بۇ ئايغىرنىمۇ

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

ھېچكىم مىنمەيتتى. بۇ ئايغىرنى بېقىش ۋە كۈتۈش ئۈچۈن مەخسۇس ئىككى ئادەم قويۇلغانىدى.

تىزلەڭدىكى لەشكەرلەر تۇرۇۋاتقان تەرەپتىن تۆت موڭغۇل ئالدىرىماي مېڭىپ كېلىپ سېرىق چېدىر تۇرغان دۆڭنىڭ ئۈستىگە چىقتى. ھەرقايسىسىنىڭ قولدا بىر ساداقتىن ئوقى بار. چېدىرنىڭ ئالدىدىكى ئوتنىڭ يېنىغا كەلگەندە، ئۇلار ئوت ئەتراپىدا ئايلىنىپ يۈرگەن شامانلارغا باش ئېگىپ توختىدى. باخشىلار تاقلاپ - سەكرەپ، سىلكىنىپ، جىنلىرىنى چاقىرىپ كەلگەن كىشىلەرنىڭ يامان نىيەت، قەستلىرى بولسا چىقىپ كەتسۇن، دەپ ئۇلارنى ئوت بىلەن ئۇچۇقداشقا باشلىدى. بۇلار تۈرلۈك ھارام نىيەتلەردىن خالاس بولۇپ ئەمدى چېدىرنىڭ ئالدىغا كەلگەندە، بوسۇغىدا تاياقتەك قېتىپ تۇرغان ئىككى تۇرغاۋۇت شارتتىدە يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ قوللىرىدىكى نەيزىلەرنى بىر - بىرىگە قايچىلاشتۇرۇپ تۇتتى. شۇ زاماندىكى موڭغۇللار-نىڭ ئادىتى بويىچە خان ئولتۇرغان ئۆيگە كىرگەن ئادەم ئىشىكنى قولى بىلەن ئاچماي، ساداق ئوقىنىڭ ئۇچى بىلەن كۆتۈرۈپ ئېچىشى، ئۆيگە كىرگەندە تاپىسىنى باسماي ئاتلاپ ئۆتۈشى كېرەك ئىدى. ئەگەر بۇنداق قىلمىسا، ئۇلارنىڭ قارى-شىچە خۇدانىڭ شۇ ئۆيدە ئولتۇرغان كىشىگە قەھىر - غەزىپى تېشىپ، ئۆيىنىڭ ئۈستىدىن چاقماق چۈشۈپ پۈتۈن ئۆي كۆمپەي-كۆم بولارمىش. شۇڭا ئىككى تۇرغاۋۇت كەلگەن كىشىلەر قانداق كىرىدىكىن، دەپ كۆزىنى ئۇلارنىڭ ئايغىدىن ئۈزمەي قاراپ تۇردى.

تۆت لەشكەر ئاياغلىرىنى تاپىسىغا تەگكۈزمەي، قايچىلىشىپ تۇرغان نەيزىلەردىن ئاتلاپ ئۆتۈپ بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى ئۆيگە كىردى - دە، تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ باش قويۇشتى.

— داڭقىڭ ئەرشكە چىقسۇن، دۆلىتىڭ زىيادە بولسۇن،

دۈشمىنىڭ يەر چىشلىسۇن، ئۆمرىڭ ئۇزۇن بولسۇن! — دەپ تۆتى تەڭلا ۋارقىرىدى.

شۇ چاغدا تۆردىن:

— يېقىنراق كېلىڭلار! — دېگەن ئاۋاز چىقتى.

لەشكەرلەر ئۆملەپ ئالدىغىراق بېرىپ، بېشىنى كۆتۈرۈ-ۋىدى، پەسرەك كەلگەن ئالتۇن تەختتە ياشلىقىغا باقماي تەڭشىدەك قورساق سالغان بىر يىگىت باداشقانىنى قۇرۇپ ئولتۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ قالپىقىنىڭ ئۈستىدىكى كۆك قوتان ئۇكىكە لىپىلداپ تۇراتتى (ئۇ زامانلاردا كۆك قوتان ئۇككىسى چىڭگىز نەسلىدىن چىققان خانزادىلەرنىڭ ئالاھىدە بەلگىسى ھېسابلىناتتى). ئۇستىگە كىيگىنى ئالتۇن ئۇقالىق يىپەك كەمزۇل، ئايىغىدا ئېگىز پاشنىلىق بۇلغار ئۆتۈك بار ئىدى. تەختنىڭ ئوڭ تەرىپىدە خانلىق بەلگىسى بولۇپ ھېسابلىنىدىغان ئالتۇن يالاتقان تۆمۈر چوقماق، سول تەرىپىدە پىل سۆڭىكىدىن ئويۇپ ياسالغان پالاق تۇراتتى.

كۆيىك خان تۆت موڭغۇلنىڭ كۆزىگە قاراپ:

— تېزەك تاشلىغان تۆگىدەك يەنە يالىڭاچ قايتىشتىڭمۇ؟ سىنىڭ كەمرىڭ قېنى؟ ئاۋۇ نېمە ئىچىڭ يالاڭباشتاق، ئۇنىڭ قالپىقى نەدە؟ ماۋۇنىڭ تۈگمىلىرى نەگە كەتكەن؟ ... — دەپ كەلگەن يىگىتلەرنىڭ كاچاتلىرىغا يېنىدىكى پالاق بىلەن بىردىن ئۇرۇپ چىقتى. يىگىتلەر ئىڭنىنى چىقارماي يەرگە قاراپ ئولتۇردى. ئۇرۇۋەرگەندىن كېيىن، بېشىنى ئىچىگە تىقىپ دۈم يېتىۋالدى.

— كەچۈرگىن، مەرھەمەتلىك خان! — ئۇلار زارلىنىپ يەنە قايتىدىن باش قويۇشتى.

— كالۋا مۆڭكە ئالدى بىلەن سەن سۆزلە، سىنىڭ باشقىلارغا قارىغاندا بىرئاز ئەقلىڭ بار ئىدىغۇ. نېمە

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

يېتىملىقلار بار؟ — دېدى بىر ئازدىن كېيىن خان.

— سۆزلەي ئالىيلىرى، پۈتۈن دۇنيانى ئالقىنىمغا ئېلىپ ئاسماندىكى ئاينى ئۈزىمەن، دەپ پو ئېتىپ يۈرگەن باتۇخان، سۈبىتاي باھادىرنى يالغۇز قالدۇرۇپ بەش نۆكىرى بىلەن چىغىناقىقا كەپتۇ دەپ ئاڭلىدۇق...

— ھە، سۈبىتاي باھادىر بىلەن ئازارلىشىپ قاپتىمىكەن؟...

— ئۇنى ئۇقمىدۇق...

— خەپ، ھەي ھاڭۋاقتىلار، نېمىشقا شۇ ۋاقىتتىلا تۇتۇشمىدىڭ؟

— بىز دەسلەپتە بايقىماي قاپتىمىز، ئۇ ئاكىسى ئاڭغۇت خاننىڭ سارىيىغا كەلگەنىكەن. شۇنىڭدىن كېيىن سىرتقا تۇرۇپ ئىككىسىنىڭ بىر - بىرىگە خىرىس قىلىپ ۋارقىرىشىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدۇق. بىر ۋاقىتتا ئاڭغۇت خان نۆكەرلىرىنى چاقىرىپ «بۇ ئىتنىڭ بېشىنى كېسىۋېلىڭلار!» دەپ ۋارقىرىدى. كېيىننىڭ ئاخىرى تۈگىمىگچە باتۇخان ئۆيدىن يۈگۈرۈپ چىقتى-دە، ئېتىغا سەكرەپ مىنىپلا كۆزدىن غايىب بولدى...

— قاياققا كەتكىنىنى بىلەلمىدىڭمۇ؟ ئېتىنىڭ بېشىنى قايسى تەرەپكە بۇرىدى!

تۆت موڭغۇل يەرگە باش ئۇرۇشقا باشلىدى.

— سەن خەقنىڭ نەرى لەشكەركە ئوخشايدۇ! ئاتاڭنىڭ ئەرۋاھى ئۇرسۇن، ھەي كالاپايلار! — دېدى كۈيۈك خان ئاچچىقلىنىپ. — ئەخمەقنىڭ ئەقلى چۈشتىن كېيىن ... دېگەندەك بۇلار ئىش بولۇپ بولغاندىن كېيىن، تىلىڭنى چاينىپ ئولتۇرۇشۇپسەن.

خان لەشكەرلەرنىڭ ئېيتقىنىغا چىن پۈتمىگەندەك، ئۇلارغا ئالىيىپ قاراپ تېخىمۇ قاتتىق ۋارقىراپ كەتتى.

— دەرھال ئاتلىنىڭلار! ئۇ مېنىڭ ياۋۇز دۈشمىنىم، يەرنىڭ ئاستىغا كىرىپ كەتكەن بولسىمۇ، تۇتۇپ كېلىڭلار! ئەگەر تو-نۇمساقلار، ئۇنىڭ تەقى - تۇرقىنى ئېيتىپ بېرەي. ئۈستىدە كۆك چاپان، چاپىنىنىڭ ئالتە دانە ياقۇت تۈگمىسى بار... كىم ئۇ ياۋۇزنى تۇتۇپ ئۆز قولى بىلەن بوغۇپ ئۆلتۈرسە يۈز بېشى قىلىمەن... ئەگەر يەنىلا قۇرۇق قول قايتىشىدىغان بولساڭ ياكى ئۇ مەمەدانە، ماختانچاق لەشكەر باشلاپ جاھانگىر بولۇپ كەتسە، ئۇ ۋاقىتتا مېنىڭدىن ياخشىلىق كۆرۈشمەيسەن. تېرىلىرىڭنى تاسما قىلىپ، باشلىرىڭنى كېسىپ دەرەخكە ئېلىشىمسۇن دېيىشىسەك، ئۇ ئەبلەخنى تۇتۇپ كەلمۈگىچە كۆزۈمگە كۆرۈنۈشمە، بۇنى ھەرگىز ئېسىڭدىن چىقىرىشما!

خاننىڭ غەزەپلىك بۇيرۇقىنى ئاڭلىغان تۆت موڭغۇل كەينىگە شوخشىغىنىچە ئىشىكتىن ئاستا چىقتى - دە، كۆزدىن غايىپ بولدى.

## توققۇزىنچى باب

# نەزەر كەرىزەك باتۇر

نەزەر كەرىزەك چال چېغىناقنىڭ بازىرىدىن كەيپى ئۇچۇپ، كۆڭلى پاراكەندە بولغان ھالدا قايتىپ كەلدى.

«بۇ راستىنلا قىزىق خەۋەر ئىكەن - ھە! ھەي، يالغانغۇ دەيمەن. ياخشىسى بايانىدار خاننىڭ سارىيىغا بېرىپ مۇشۇ ئەپقاچتى سۆزلەرنىڭ راست - يالغانلىقىنى خاننىڭ ئۆزىدىنلا بىلىپ كەلمەيمۇ» دېدى نەزەر ئۆز - ئۆزىگە شۇۋرلاپ، ئاندىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئالمان ـ تالمان قايتىدىن كىيىنىشكە باشلىدى.

— قىز ئۇغماسىنىڭ كۆزىگە كۆرۈنمەي تېزرەك كېتەي، بولمىسا، «قۇرۇق پالاقلىغاندىن كۆرە ئىشىڭنى قىلساڭ بولمامدۇ» دەپ يەنە كايىپ كېتىدۇ... ئاغزىغا كەلگىنىنى بىلجىرلاش خوتۇن خەق دېگەننىڭ ئادىتى. ئاندا ـ ساندا ئۇچۇغداپ ئەرلىكىڭنى كۆرستىپ قويىمساڭ ھەددىدىن ئېشىپ كايىتاڭلاپ كېتىشىدۇ. قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، كىمنىڭ ئەر، كىمنىڭ خوتۇن ئىكەنلىكىنى بىر تونۇتۇپ قويىمسام ھازىر ئۇنىڭغا ئاۋارە بولغۇدەك ۋاقتىم يوق ... — دېدى ئۇ.

ئۇنىڭ دادىسى مەرھۇمدىن قالغان ئېگىز پاشنىلىق ئۆتۈكى دائىم تۆردىكى چوڭ ساندۇقنىڭ ئۈستىدىكى ئالا تاغاردا تۇراتتى. نەزەر ئۇنى ئالاھىدە بىر ئەھۋاللار بولمىسا زادىلا كىيمەيتتى. دادىسمۇ ئۇ ئۆتۈكنى پەقەت ئۇزۇن سەپەرگە ئاتلانغاندا ياكى چوڭ بىر يىغىلىشقا بارغاندىلا كىيەتتى. ھازىر نەزەرگە شۇ ئۆتۈكنى كىيىشكە توغرا كەلدى. ئۈستىدىكى چاپىنى يىرتىلىپ جۇلدۇر ـ كېپەن بولۇپ كەتكەچكە، ئۆچكە تېرىسىدىن تىكىلگەن ئۇزۇن ئاق جۇۋىسىنى چاپىنىنىڭ ئۈستىدىن قاپلاپ كىيىپ، بېلىنى تاسما بەلباغ بىلەن چىڭ باغلىدى. باشقىلارغا ھەيۋەتلىكرەك كۆرۈنۈش ئۈچۈن قامچىسىنى بېلىگە قىستۇرۇپ، ئەلتىرە قۇلاقچىسىنى چوقچايتىپراق كىيىۋالدى. ئۇ بەگلەردەك بولۇپ كەتتىمۇ نېمە دېگەندەك ئۈستىبېشىغا بىر قۇر قاراپ چىققاندىن كېيىن، ئۆز ـ ئۆزىدىن مەمنۇن بولۇپ كۈلۈپ قويدى.

«قەھرىلىك باياندار خاننىڭ ھۇزۇرىغا كىرىشكە لايىق بولغاندىمەن!... ئەمدى ۋاقتىنى قولدىن بەرمەي تېزرەك مېڭىشىم كېرەك! ...» دېدى نەزەر يەنە شىۋىرلاپ.

دەل شۇ پەيتتە ئۆيگە نەزەرنىڭ تۇرغان دېگەن كەنجى

ئوغلى كىرىپ كەلدى. ئۇ ئەتىگەندە يېزىنىڭ باشقا بالىلىرى بىلەن بىرگە قوزا بېقىش ئۈچۈن كەتكەنىدى. تۇرغان دادىسىنى كۆرۈپ هاڭ ـ تاڭ بولدى ـ دە: «بۇ قانداق گەپ، مۇشۇنداق ئىسسىقتا ئۈستىگە جۇۋا كىيىۋالغىنى نېمىسى، نەگە بارىدىغاندۇ؟» دەپ ئويلىدى.

تۇرغان دادىسىنىڭ نەگە بېرىشىنى بىلمىسىمۇ، «مەنمۇ بارىمەن!» دەپ دادىسىغا ئېسىلاي دەپ ئويلىدى ـ دە، يەنە: «دادام تىللارمىكىن» دەپ ئۆزىنى تۇتۇۋالدى. ئۇ بوسۇغىدا يېتىۋېلىپ قاپقارا كۆزلىرىنى چەكچەيتكىنىچە دادىسىدىن كۆزىنى ئۈزمەي تۇردى. بۇنىڭ ئۈستىگە يۇلتۇز كىرىپ كەلدى. بۇ قىز موڭغۇل تاجاۋۇزچىلىرى بېسىپ كەلگەن ۋاقىتتا ئاتا ـ ئانىسىدىن ئايرىلىپ يېتىم قالغان. كېيىن نەزەرچال ئۇنى بالا قىلىپ بېقىۋالغانىدى. ئۇ تۇرغاننىڭ قېشىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ، داداڭنىڭ نېمە ئىش قىلىۋاتقىنىنى كۆردۈڭمۇ دېگەنىدەك ئاستا تۇرغاننى نوقۇپ قويدى.

— بېرىپ بايتالنى تۇتۇپ كەل! — دېدى نەزەر بالىسىغا بۇرۇلۇپ.

تۇرغاننىڭ كۈتۈپ تۇرغىنىمۇ شۇ ئىدى. «مېنىمۇ بىرگە ئاپىرىدىغان بولدى!» دەپ ئويلاپ، خۇشاللىقىدىن ئۆيدىن سەكرەپ چىقىپ، قىرى بايتال ئوتلاپ يۈرگەن سايىغا قاراپ ئۇچقاندەك يۈگۈرۈپ كەتتى... هايال ئۆتمەي، تۇرغان بىر قىرچاڭغۇ، يېغىر بايتالغا ياۋداق مىنىپ قايتىپ كەلدى.

نەزەر ئېقىپ تۇرغان يىرىڭنى پارچە كىگىز بىلەن سۈرتۈۋېتىپ يېغىرنىڭ چۆرىسىنى تېرە ـ تەسەك بىلەن بىر قۇر جۆندەپ ئاندىن يىرتىق توقۇم بىلەن ئەبجەقى چىقىپ كەتكەن كونا ئېگەرنى ئۇنىڭ ئۈستىگە ئارتتى. بايتال ئارقا پۇتىنى كۆتۈرۈپ تېپەي دەپ هەتتا ئېپى كەلسە چىشلەش ئۈچۈن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قۇلاقلىرىنى يوپۇرۇپ تۇرغان بولسىمۇ، نەزەر ئۇنىڭغا ئېتىبار قىلمىدى.

بايتالنىڭ يەرگە تېگەي دەپ قالغان تەگنىدەك يوغان قورسىقىنى تۆشلۈك بىلەن تارتىپ چىڭ تېڭىۋەتتى.

نەزەر ئېتنى ئېگەرلەپ يولغا ھازىرلىنىۋاتقاندا، خوتۇنى قىز تۇغماس تۇمشۇقىنى ئۆشلاپ، چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ، قازان بېشىنى پىرقىراپ يۈرەتتى. ئېرىدىن: «نەگە بارىسەن» دەپ سوراشقا پېتىنالماي، ئاندا - ساندا ئۇنىڭغا تىكىلىپ قاراپ قوياتتى. ئىچىدە: «بۇ قېرى يەنە بىر بالا تاپاي دەپ يۈرەمدۇ نېمە!» دەپ ئويلىسىمۇ، ئېرىگە يۈزمۇ يۈز تۇرۇپ بىر نەرسە دېيىشتىن قورقتى. چۈنكى ئۇ چالنىڭ مىجەزىنى بىلەتتى. نەزەرنىڭ بىكارغا بىسەرەمجان بولۇپ يۈرمەگىنىنى سېزىپ، شۇ زاماتلا بىر چىنە ئۇننى ئېلىپ يۇغۇرۇپ قازاندا نان پىشۇرۇشقا باشلىدى.

— دادام نەگە بارىدىكەن؟ — دەپ سورىدى يۇلتۇز چال سىرتقا چىقىپ كەتكەندە پەس ئاۋاز بىلەن تۇرغاندىن.

— ئۇقمىدىڭمۇ؟ سوقۇشقا كېتىۋاتىدۇ! — دېدى بالا دادىسىنىڭ نەگە كېتىۋاتقىنىنى بىلىدىغاندەك.

— نېمىدەيدۇ، نەدىكى سوقۇشكەن ئۇ؟ — دەپ ئانىسى چۆچۈپ كەتتى.

— بالىلارنىڭ ھەممىسى پات ئارىدا سوقۇش بولىدىكەن دەپ يۈرۈيدۇ. ئەنە كۆردۈڭمۇ، دادام نېمە قىلىۋاتىدۇ، — دېدى بالىسى.

ئۆيگە قايتىپ كىرگەن نەزەر كېرىگىدە① ئىلىقلىق تۇرغان ئەگىر قىلىچىنى ئېلىپ بېلىگە باغلاۋاتاتتى. ئۇ كۆرەڭلىك

① كېرىگە — كىگىز ئۆينىڭ ياغاچتىن ياسالغان ھەم يىغىلىدىغان ھەم كېرىپ ئاچقىلى بولىدىغان قانىتىنى كۆرسىتىدۇ.

بىلەن قىلىچىنىڭ دەستىسىنى قولى بىلەن چىڭ قىسىپ قوياتتى. خوتۇن - بالىلىرى ھالاك - تالاك بولغىنىچە، بىرەر ئېغىز سۆز قىلىشقىمۇ پېتىنالماي ئۇلىشىغا چەكچەيگىنىچە قاراپ تۇراتتى.

نەزەر كەرىزەك ئۆزىنى چوڭ تۇتقان ھالدا، پۇتىدىكى ئۆزۈندىن بىرى كىيىلمەي قورۇلۇپ كەتكەن يوغان ئۆتۈكنى سۆرىگىنىچە ئۆيدىن سىرتقا چىقتى. ئىتنى يېشىپ سەكرەپ مىندى - دە، ئۆينىڭ ئىشىكىگە لەپپىدە بىر قارىدى.

ئەتىگەندىن كەچكىچە ئاچ يۈرۈپ، ھازىر يەنە ئاغزىغا ھېچنېمە سالماي كېتىۋاتقان ئېرىنى ھېچ بولمىغاندا ناشتا قىلىۋالار دەپ ئويلىغان خوتۇن پۇرقىراپ ھور چىقىپ تۇرغان ئىسسىق ناننى ياغلىقىغا يۆگەپ تەييارلاپ قويغانىدى. شۇ چاغدا يۈلتۇز سىرتقا يۈگۈرۈپ چىقىپ دادىسىغا ناننى بەردى. يۇلتۇز چاقناپ تۇرغان قۇياشتىن كۆزىنى قولى بىلەن دالدا قىلىپ تۇرۇپ، دادام نېمە دەر دېگەن خىيال بىلەن دادىسىنىڭ قورۇق بېسىپ كەتكەن يۈزىگە قارىغانىدى، نەزەر لام - جىم دېمىدى.

ئۆي ئىچىنىڭ ئەنسىزچىلىك ئىچىدە قالغانلىقىنى نەزەر ئەلۋەتتە ياخشى بىلەتتى. بىراق «ئىنتايىن بىر مۇھىم ئىش بىلەن كېتىۋاتقاندا، بۇنى خوتۇن - بالىلىرىمغا دەپ يۈرۈشكە بولاتتىمۇ؟» دەپ ئويلىدى ئۇ. ئۇ ئىسسىق ناننى قوينىغا تىقىۋېتىپ پەقەت:

— بايىندار خاننىڭ يېنىغا بارىمەن! — دېگەندىن باشقا ھېچ نەرسە دېمىدى. قامچا تەگكەن ئات بىپايان دالىدىكى يىلاندەك تولغىنىپ كەتكەن سوقماق يولغا چۈشۈپ ئىلگىرىلەپ كەتتى.

نەزەر يولغا چىققاندا تۇرغانمۇ، قىز تۇغماسمۇ چىدىيالماي ئۆيدىن سىرتقا چىققانىدى. نەزەر كېتىپ قالغاندىن كېيىن تۇرغان ئانىسىغا بۇرۇلۇپ:

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— بايىدارخانىنىڭ ئۆيىگە مەنمۇ بارىمەن! ئۇنىڭ ئۆيى ئانچە يىراق ئەمەسقۇ، دادام ئۇ قىرچاغۇسى بىلەن سۆرىلىپ يەتكىچە مەن ئۇ يەرگە بېرىپ بولىمەن، — دېدى.

— بارساڭ بارغىن جېنىم قوزام! داداڭدىن زادىلا ئايرىلما! — دېدى - دە، ئانىسى ئۆيگە كىرىپ كەتتى. ئوچاقتىكى ئوت ئۆچەي دەپ بىقىسىپ تۇرغانىكەن. قىز تۇغماس ئوتقا بىر تۇتام شىۋاق سالدى - دە، كۆتۈلدىغىلى باشلىدى.

— جىن تەگدىمۇ نېمە بۇنىڭغا! «قېرىغاندا قاشلىقىنىڭ نېمە كېرىكى» دېگەندەك ئەمدى بۇ قېرىغا سىرقۇشىنىڭ نېمە كېرىكى؟ پىۋلىسە ئۇچۇپ كەتكىدەك ھالىغا! ئەگەر قازايۇ خەتەر بولۇپ قالسا، بىز قانداق قىلىمىز؟ يېتىم - يېسىر بولۇپ كىمگە يىغلايمىز؟ ... — ئانا ئۆيگە كىرگەن ئوغلىغا قاراپ دېدى — تۇرغان بالام، نېمىگە قاراپ تۇرىسەن، داداڭنىڭ كەينىدىن يۈگۈر! بايقاپ يۈرگىن بالام، سېنى كۆرۈپ قالمىسۇن... داداڭنىڭ خۇيىنى بىلىسەنغۇ؟ كۆرۈپ قالسا تاياق يەيسەن.

ئانىسىنىڭ سۆزى بىلەن تەڭ، تۇرغان ئىشتىنىنى ئىككى قولى بىلەن يۇقىرىغا كۆتۈرۈپ قىيىپ، دادىسى كەتكەن تەرەپكە قاراپ دوڭغاقلاپ يۈگۈرۈپ كەتتى.

## ئونىنچى باب

# خانىنىڭ مەردلىكى

موڭغۇللار غەربكە يۈرۈش قىلماقچى، دېگەن بۇ خەۋەر خۇددى يازنىڭ تازا تىنجىق كۈنلىرىدە تۇساتتىن - يەر جاھاننى قاراڭغۇلۇق قاپلاپ، دەل - دەرەخلەرنىڭ يىلتىزىنى قومۇرۇپ، پۇختا تىكلەنگەن ئۆيلەرنى قامغاقنى ئۇچۇرغاندەك ئۇچۇرۇپ

كېتىدىغان قارا بوراندەك بىردەمدىلا پۈتكۈل قىپچاق دالىسىنى قاپلاپ كەتتى، دۇنيادىن بىغەم يۈرگەن كۆچمەن خەلقىنىڭ ھاياتىدىكى مۇنداق ئەڭ مۇھىم ۋەقەنى بارچە خەلققە خەۋەر قىلىش ئۈچۈن ھەر تەرەپكە چاپارمەنلەر ئات چاپتۇرۇلۇپ كەتتى. بۈيۈك قىپچاق خەلقىنىڭ① ئون ئىككى ئۇرۇقى پۈتۈنلەي يۈرۈشكە ئاتلانماقچى بولدى!

نەزەر كەرىزەك قىرچاڭغۇنىڭ ئاستا مېڭىشى بىلەن لىڭشىپ سەيخۇن دەرياسىنىڭ لاي سۈيىگە كۆز تىكىپ كېلىۋېتىپ، قىرغاقنى بويلاپ ئۆسكەن قېلىن تېرەكلىكتىن كەڭ تۈزلەڭلىككە چىقىپ قالغانلىقىنى تۇيماي قالدى. تۈزلەڭلىكتە ھەيدىگەن قوي پادىلىرىدەك ئۇ يەردە بىر توپ، بۇ يەردە بىر توپ چېچىلىپ كېتىپ بارغان سالتاڭ ئاتلىق ئادەملەر بولۇپ بەزىلىرى يۈدۈتۈپ يۈرسە، بەزىلىرى مۇھىم ئىشى باردەك چېپىپ كېتىپ باراتتى. ئۇنىڭ نېرىسىدا نۇرغۇن كۆچ كېلىۋاتاتتى. تۇقۇناق - تۇقۇناق تېڭىق، كېرىگە - ئۈۋۈق، قازان - قومۇچ ئارتقان تۆگىلەرنى بىر - بىرىنىڭ كەينىگە تىركەپ قويغان بولۇپ، ھەربىر كۆچنىڭ ئالدىدا بىردىن تۆگە يېتىلىگەن ئايال بار ئىدى. ئۇلار بالىلىرىنى كەينىگە مىنگەشتۈرۈۋالغان. تەنلىرىنى يىرتىق لاتىلار بىلەن يۆشۈرغانىدى. كۆسەيدەك قارا قوللار، توپ-توپ يىلقىلار بىلەن قورۇ - قورۇ سىيىرلارنى ھەيدەپ كېلەتتى. مانا شۇلارنىڭ ھەممىسى جىمجىت ياتقان دالىنى ۋەھىمىگە سېلىپ، تىنچ ياتقان ئەلنى ئۈركىتىۋەتكەنىدى.

---

① قىپچاق — تۈرك نەسلىدىن ئارىغان بىر تائىپە. بۇرۇنقى زامانلاردا ئارال دېڭىز بىلەن، دنېپر دەرياسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى چەكسىز كەتكەن يەرلەردە ياشىغان. كونا ئارۇس كىتابلىرىدا قىپچاقلارنى «پولوۋس» دەپ ئاتايدۇ. ياۋروپا سايامەتچىلىرى ئۇلارنى «كومان» دەپ ئاتىغان. ئەمدى قىپچاق ئېلىنى شەرق يازغۇچىلىرى بىلەن تارىخچىلىرى «دەش قىپچاق (قىپچاق دالاسى) دەپ ئاتسا، ياۋروپا تارىخچىلىرى «كومانىيە» دەپ ئاتىغانىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

نەزەر ئاتلىق شۇ ئېگىشى بىلەن بىرنازدىن كېيىن باياندارخاننىڭ ئۇن بىرىنچى خوتۇنىنىڭ ئاۋۇلىغا يېتىپ كەلدى. خان ھازىر مۇشۇ خوتۇنىنىڭ يېنىدا ئىدى. يېڭىلا ئورنىتىلغان كۆچلەرنى، ئالدىراپ - تېنەپ يۈرگەن كىشىلەرنى كۆرۈپ كەلگەن نەزەر چال بۇ يەردىكى خاتىرجەملىك ۋە تىنچلىقتا ھەيران قالدى. بۇ يەردە ھەممە نەرسە بۇرۇنقىدەكلا تۇراتتى، خاتىرجەمسىزلىكتىن قىلچىمۇ ئەسەر يوق ئىدى. خەلقنىڭ ئۆركۆپ يۈرۈشى باياندارخاننىڭ خىيالىغىمۇ كىرىپ چىقماپتۇ. بۇ يەردىكى كىشىلەر ئۇۋغا چىقىشقا، قارچىغا سېلىشقا تەييارلىق كۆرۈۋاتاتتى. ھەر تۈرلۈك يورغا، يېگۈرۈك ئاتلارنى توقۇپ تەق قىلىپ قويۇشقانىدى. ئاتلار باغلاقتا زىرىكىپ پوشقۇرۇپ، توپىقى بىلەن يەرنى چاپچىپ مىنگەن ھامان قويۇندەك ئۇچۇشقا تەييار تۇراتتى. ياراملىق ئۇن يىگىت قولىدىكى قونداقتا بىردىن قارچىغا قوندۇرۇپ خاننىڭ چېدىرىنىڭ ئالدىدا ئالىيلىرىنىڭ چىقىشىنى كۈتۈپ تىزلىنىپ ئولتۇراتتى. ئىنچىكە كەلگەن تايغانلار بىر - بىرى بىلەن ئېلىشىپ - چېلىشىپ يۈرەتتى.

نەزەر بايتىلىدىن چۈشۈپ، ئۇنىڭ ئېغىزدۇرۇقىنى ئېلىۋېتىپ، چۈشەپ قويۇۋەتتى - دە، خاننىڭ چېدىرى تۇرغان دۆڭلۈككە قاراپ ماڭدى. ئۇ، خان مېنىڭ قەددىمنىڭ پۈكۈلمىگىنىنى، غەيرىتىمنىڭ سۇنمىغىنىنى بىر كۆرسۇن دېگەندەك قىلىپ كۆرەڭلىگەن ھالدا ئالچاڭلاپ مېڭىپ كەلدى.

بىر ھازادىن كېيىن، باياندارخان چېدىردىن چىقتى. ئۇنىڭ چىرايىنىڭ ھۆپپىدە قىزىرىپ، پارقىراپ تۇرغىنىغا قارىغاندا، سېمىز گۆشنى تويغىچە يەپ، كۈچلۈك قىمىزدىن قانغىچە ئىچىپ چىققانلىقى مانامەن دەپ چىقىپ تۇراتتى. خاننىڭ ئۈستىدە ئۇۋغا چىققاندا كىيىدىغان مەخسۇس كىيىم-

لەر بولۇپ، يەڭگىلىگىنە يېپەك تون كىيىپ، ئېتىكىنى ئېغى
كەش ئىشتىنىنىڭ ئىچىگە تىقىۋالغان، ئايىغىدا ئەگمە تۇمشۇق، ئېگىز پاشنىلىق ئۆتۈك، بېشىدىكى ئەلتىرە قولاقچىسىنىڭ قولاق-لىرىنى ئۈستىگە قايرىپ دىڭگايتىۋالغان، يوغان قورسىقىنى ئالا يېپەك رومال بىلەن باغلاپ، سۆڭەك ساپلىق ھىندى خەن-جىرىنى بېلىگە قىستۇرۇۋالغانىدى.

دالا ھاكىمى نەزەر چالنى كۆرۈپلا تونۇدى. نەزەرنىڭ پۈكۈلگەن بېلى، ئۈستىدىكى ئۇزۇن جۇۋا، بېلىدىكى ئەگرى قىلىچىغا كۆزى چۈشۈشى بىلەنلا تۇساتتىن ئۇنىڭ كۆڭلىگە: «چالنىڭ بىر ئىلتىماسى بار ئوخشايدۇ، بەزىدە ئاددىي پۇقرا-نىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ كۆڭلىنى ئۆستۈرۈپ قويۇش كېرەك. يولى كەلسە ھۆرمىتىنى قىلىپ قويساڭ «خان مەردكەن» دەپ داڭقىڭ-نى خەلق ئالەمگە يايىدۇ بولۇپمۇ ھازىر خانلارنىڭ ھەممىسى باج، سېلىق يىغىپ، يىراق يەرلەرگە يۈرۈشكە ئاتلىنىۋاتقان پەيتتە بۇنداق قىلىشنىڭ پايدىسى باركى، ھېچبىر زىيىنى يوق!...» دېگەن خىياللار كەچتى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، مەرھەمەتلىك ئۇلۇغ باياندارخان! سېنىڭ يىلقاڭنىڭ سانى يوق. ئاللا تائالا ئىگەم دۆلىتىڭنى بۇرۇنقىسىدىنمۇ زىيادە قىلغاي! مېلىڭ بۇرۇنقىسىدىنمۇ كۆپى-يىپ تۇققۇزۇڭ تەل بولغاي! مەرتىۋەڭ ئۈستۈن بولغاي! — دەپ نەزەر كەرىزەك بېشىنى ئىرغاڭلىتىپ تۇرۇپ ئاھاڭغا سېلىپ ئۈنلۈك ۋارقىرىدى.

خان بېقىنىنى تۇتقىنىچە توختاپ قالدى - دە:

— ۋە ئەلەيكۇم ئەسسالام نەزەر كەرىزەك چال! ھە يول بولسۇن، دات باسقان قىلىچىڭنى ئېسىپ نەگە كېتىۋا-تىسەن؟ — دېدى.

— مۇھىم خەۋەر كېلىپ، پۈتكۈل قىپچاق ئېلى تەۋرەپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كەتكەندە مەن قاراپ تۇرالايتتىممۇ...

— نېمە خەۋەركەن ئۇ، نېمىنى ئۇقتۇڭ؟

— ئېيتىپ بېرەي ئالىيلىرى! بۈگۈن چىغىناق بازىرىغا بارغانىدىم. ماڭا ئوخشاش شۇر پېشانە بىچارىنىڭ باشقا ئىشلار بىلەن چاتىقى نېمە؟ چاي ئىچەي دەپ چايخانىغا كىرىۋېدىم. چايخانىدا قۇلىقى ئۇزۇن ئادەملەر بىلەن مەرتىۋىسى يۇقىرى بەگلەر كۆپ ئىكەن. ئۇلارنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاش بىز ئۈچۈن بىر ئامەتتە... پەگادا ئولتۇرۇپ شۇلارنىڭ سۆزلىرىگە قۇلاق سالدىم. ئۇلارنىڭ ئىچىدە يىپەك چاپان كىيگەن بىر سودىگەر ئادەم ئىنتايىن سۆزمەن ئىكەن، ئۆزىنىڭمۇ بىلمەيدىغىنى يوق ئوخشايدۇ. كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسى شۇنىڭ ئاغزىغا قاراپ قالدى. ئۇ، ئۆزى موڭغۇل خانلىرىغا ئۇزۇق - تۈلۈك توشۇپ، دائىم شۇلار بىلەن بىرگە بولىدىكەن. شۇلاردىن ئۇ ئۇلۇغ جاھانگىر چىڭگىزخان نەسلىدىن بولغان، ئەڭ داڭلىق، مەرتىۋىلىك موڭغۇل بەگزادىلەر چىغىناق شەھىرىگە كەلدى، دېگەننى ئاڭلاپتۇ...

نەزەر يېڭى خەۋىرىم خانغا قانداق تەسىر كۆرسەتتىكىن، دېگەن ئوي بىلەن ئاڭلىغانلىرىنىڭ قالغانلىرىنى ئېيتماي توختاپ قالدى. بىراق خان بۇ خەۋەرگە ھەيران بولۇش بۇياقتا تۇرسۇن، چىرايىنى ئۆزگەرتىپمۇ قويمىدى. ئۆزىنىڭ ئىلگىرىكى ئېغىر - بېسىق سالاپىتى بىلەن سىر بەرمەستىن تۇرۇۋەردى، ھەيۋىسىنى كۆرسىتىپ تۇرغان بۇ ئۇلۇغ ھاكىمنىڭ ئويىدا نېمە بارلىقىنى بىلىش قىيىن ئىدى. پەقەت ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى يىگىتلەرلا: بۇ قېرى نېمە دەۋاتىدىغاندۇ، دېگەندەك قىلىپ ئۇلارنىڭ قېشىغا يېقىنراق كېلىپ تۇرۇشتى.

— بەلكىم بۇ خەۋەر راستتۇر! — دېدى بايانداز ھېچ نەرسىنى بىلمىگەن بولۇپ، — چايخانىدا يەنە نېمىلەرنى ئاڭلىدىڭ؟

— خانزادىلەرنىڭ كەينىدىن دۇنيانى زىلزىلىگە كەلتۈرگەن موڭغۇل - تاتار قوشۇنى كېلىۋېتىپتۇ. لەشكىرىنىڭ كۆپلۈكى شۇنچىلىككى، ئاتلىق ئادەم ئۇ چېتىدىن بۇ چېتىگە ئون كۈندە ئاران يېتەرمىش.

— موڭغۇل خانلىرىنىڭ كەلگەنلىكىنى مەنمۇ ئاڭلىغانىدىم. لېكىن ئۇلارنىڭ بۇياققا كېلىشىدىكى مۇددىئاسى نېمىكىن؟ بىزنىڭ زېمىنىمىزنى ئۇلار ئۆز ۋاقتىدىلا ئىگىلەپ بولغان. قول ئاستىدىكى خەلق ئۇلارنىڭ دېگىنىنى قىلىپ، كۆرسەتكىنى بويىچە ماڭدى. ھەتتا ئۈستىمىزگە چىقىپ ئېغىناپ ياتسىمۇ غىڭ قىلمىدۇق. بۇلارنىڭ دېگىنىنى دېگەن، قىلغىنىنى قىلغان بولۇپ كەلدى. ئۇلارغا ئەمدى ئۇنىڭدىن ئارتۇق يەنە نېمە كېرەككەن؟ بۇ توغرۇلۇق بىر نەرسە ئاڭلىمىدىڭمۇ؟

— موڭغۇلنىڭ ئەڭ چوڭ خانى چىڭگىزخان دۇنيانىڭ قاق يېرىمىنى بېسىۋالغانىكەن. ئەمدى ئۇنىڭ نەۋرىلىرى دۇنيانىڭ قالغان يېرىمىنى بېسىۋالماقچى ئوخشايدۇ.

باياندارخان ھەيران بولغان كىشىدەك بېشىنى چايقىدى،

— شۇنچىلىك ئاسان ئىشمىكەن ئۇ! دۇنيادا خەلقتىن كۆپ نەرسە بارمۇ؟ چىڭگىزخاننىڭ ئۆزى ھايات بولغان بولسا بۇ بىر گەپ. ھازىر ئۇنىڭ ئورنىغا باش قىلىپ قويغۇدەك كىم بار؟ ئۇنىڭ ئەقلىدەك ئەقىل، ئۇنىڭ كاللىسىدەك كاللا كىمدە بار؟ ئۇنداق چوڭ ئىشقا قوشۇن تارتىپ بارىدىغان كىمكەن ئۇ؟ ھەي يىگىتلەر، ئېتىمنى ئەكىلىڭلار!

— توختاپ تۇرسىلا ئالىيلىرى، بىرئاز سەۋر قىلسىلا! — دېدى مەزەر ئالدىرىغىنىدىن، — قېرى يىلقىچىڭغا نەزىرىڭىزنى سېلىپ قوي، مەرتىۋەڭ ھەسسىلەپ ئۆسكەي. ئەل ئۈستىدە ھۆكۈمرانلىق قىلغۇچى سۇلتانلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ كۈچلۈكى، ئەڭ چوڭى مەن. سېنىڭدىن سورايدىغىنىم، ئەگەر يۈرۈشكە

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئاتلىنىپ قالساق، مېنىڭدەك بىر يىلقىچىنى ئۇنتۇپ قالما! قىرىق يىلدىن بېرى ساڭا ھالال خىزمەت قىلىپ كەلدىم. سەن بۇيرۇق قىلغاندا يېنىپ تۇرغان ئوتتىمۇ، سۇدىمۇ يانمىدىم. ھازىر بولسا ياشاندىم. ئۆمرۈمنىڭ غولىچى تۈگەپ غېرىچى قالدى. ھازىر مېنىڭ ئىززىمنى بېسىپ چىققان بەش ئوغلۇم بار. خۇدا! ئۇلارنى ئۆز پاناھىڭدا ساقلىغاي! بەشىلىسى تەپسە تۆمۈر ئۈزىدىغان غەيرەتلىك يىگىتلەردىن بولدى. ئۇلار «دۈشمەننىڭ نەدە، مەن شۇ يەردە» دەپ تۇرىدۇ. شۇ بەش ئوغلۇمنىڭ بەشلىسى بوگۈنكىچە سېنىڭ يىلقاڭنى بىرنى ئېرى - بىرى قىلماي بېقىپ كېلىۋاتىدۇ. ھازىر ئۇلۇغ قىپچاق ئېلىنىڭ 12 ئۇرۇقى بىردەك قوزغىلىپ «ئويباس، توقتاباي! دۈيت، تۇرتاي باتۇر، دەۋقارا① جىرساي قىلىچلىرىڭلارنى بىلەپ، نەيزىلىرىڭلارنى ئۇچلاپ ئاتلىنىڭلار» دەپ تەرەپ- تەرەپتىن نەرە تارتىپ دۈشمەنگە قارشى ئاتلىنىۋاتقاندا، ئۇلارمۇ سېنىڭ ئاتلىرىڭنى ئۇرۇشقا تەييارلايدۇ.

باياندارخان تېخىمۇ خۇپسەنلىك قىلىپ، كىدىيىپ قويدى. ئۇنىڭ چىرايىدا زادىلا ئۆزگىرىش بولمىدى. پەقەت نەزەر چالنىڭ سۆزلىگەندە قىزىرىپ كېتىپ ئۆزىنى تۇتالماي بېلىدىكى ئەسكى قىلىچىنى سوغۇرۇۋېلىپ ۋارقىراپ كەتكىنىنى ئۆزىنىڭمۇ سەزمەي قالغىنىنى ئويلاپ ئېغىزىنىڭ ئۇچىدىلا كۈلۈپ قويدى.

— نەزەر سەن بىر ئەرسەن! سېنىڭ خىزمىتىڭنى مەن قانداقمۇ ئۇنتۇپ كېتەي! شۇ ياخشىلىقلىرىڭ بەدىلىگە قانداق ياخشىلىق قىلسام بولار؟ كۆڭلۈڭ نېمىنى خالىسا شۇنى دېگىن! — دېدى خان بىر ھازادىن كېيىن.

① بۇلار قىپچاقلارنىڭ ئون ئىككى ئېلىنىڭ يەنى قەدىمكى ئون ئىككى ئاتىسىنىڭ ئىسمى.

— بەش ئوغلۇمنىڭ ھەممىسىلا چاقىرساڭ ھازىرلا سېنىڭ
تۇغۇڭنىڭ ئاستىغا يىغىلىشىشقا، بۇيرۇق بەرسەڭ دەرھال ئو-
رۇنداشقا تەييار تۇرۇپتۇ. لېكىن ئۇلارنىڭ يېلىنى تېراپ تۇر-
غان نەرسە — ئۇلارنىڭ ئېتى يوق. ئۇلار سېنىڭ تالاي
بايتاللىرىڭنىڭ قۇلۇنلىرىنى تۇلپار قىلىپ ئۆستۈرگەن بولسىمۇ،
ئۆزلىرىنىڭ بىرەر قىرچاڭغۇسىمۇ يوق. سېنى باياندار① دەپ
بىكارغا ئېيتمىغان - دە. سېنىڭدىن تىلەيدىغىنىم، شۇ بەش بالامغا
ئېگەر توقۇمى بىلەن بىردىن ئات بەرسەڭ. ئەگەر ئاتلا بولسا،
ئۇلار چاپساڭ قىلىچىڭ، ئاتساڭ ئوقۇڭ بولۇشقا، سېنىڭ يولۇڭ-
دا قۇربان بولۇشقا تەييار.

باياندار ئۆچكە ساقىلىنى سىلاپ قويدى - دە:

— يارايسەن ۋاپادار يىلىلىقچىم نەزەر كەرىزەك! ئوغۇللى-
رىڭغا مەن ئات بېرەي. بىراق ئېگەر - توقۇم جابدۇقىنى
ئۆزلىرى بىر ئامال قىلسۇن. ئۆزۈڭ بىلىسەن، مەن ھېچكىمگە
بىكارغا بىرنەرسە بەرمەيمەن. ئەگەر ئۇچرىغان يىگىتكە بىردىن
ئات بېرىدىغان بولسام، ئۆزۈمگە نېمە قالىدۇ. ئەتىسىلا قولۇم-
دىكى مال - دۇنيادىن ئايرىلىپ ناسۋال قاپاقتا نان بارمۇ
دەيمەن. شۇنىڭ ئۈچۈن مېنىڭدىن ئات ئالغان ئوغۇللىرىڭنىڭ
سوقۇشتىن قايتىپ كەلگەندە شۇ ئاتلىرىمنىڭ ئورنىغا بىردىن
ياخشى ئات، ھەر ئات بېشىغا بىردىن يىپەك يوپۇق بېرىدىغان
بولسۇن، ئۇنىڭدىن باشقا، ئوغۇللىرىڭ سوقۇشقا كەتكەندىن
كېيىن، كېلىنلىرىڭ ماڭا بىردىن كىلەم توقۇپ بەرسۇن...
شۇنى ئۇنتۇما! — دېدى.

— سادىغاڭ كېتەي، ئو نېمىدېگىنىڭ! كىلەم توقۇيدى-
غان يۇڭنى مەن نەدىنمۇ تاپاي. ئالدىڭغا قاۋاپ چىققۇدەك
ئىتى يوق، غۇربەتچىلىكتىن چىرايىدا قېنى يوق بىر گادايدا
يۇڭ نېمە قىلسۇن.

---

① باياندار — موڭغۇلچە قولى ئوچۇق، مەرد دېگەن سۆز

— يۈك ئىزلەپ ئاۋارە بولمايلا قوي! يۈكنى ئۆزۈم بې-
رەي، ئەگەر مۇشۇنىڭغا رازى بولساڭ. باللىرىڭ خالىغان ئات-
نى تۇتۇۋالسا بولىدۇ. مەن ئۇلارنى مىڭ يىگىتتىن قورۇلغان
قوشۇنۇمغا قوبۇل قىلدۇۋالىمەن.

— مەردلىكىڭ ئۈچۈن خۇدا سەندىن رازى بولغاي ئالىي-
لىرى، — نەزەر ئېتىغا مىنىۋاتقان باياندارغا قول قوشتۇرۇپ،
باش ئېگىپ تازىم قىلدى.

نەزەر بىر خۇرسىنىپ قويۇپ بېشىنى كۆتۈردى - دە، دات
باسقان ئەگرى قىلىچىنى قىنىغا سېلىپ تۇرۇپ نۇرغۇن نۆكەر-
لىرىنى باشلاپ شاھانە سەلتەنەت بىلەن شىكارغا كېتىپ بارغان
خاننىڭ كەينىدىن قاراپ قالدى. ئۇ بىرئاز سۈكۈتتە تۇرغان-
دىن كېيىن، يېنىغا بۇرۇلۇپ ئۆزىدىن سەل نېرىدا ئوغلى
تۇرغاننىڭ تىزىنى قۇچاقلاپ، بويىنىنى قىسىپ ئولتۇرغانلى-
قىنى كۆردى. بالا باياتىن بېرى بۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى
بولغان سۆزلەرنى ئۈنىنى چىقارماي ئاڭلاپ ئولتۇرغانىدى. ئۇ
ئەمدى دادام يەنە نېمىگە غەمگە چۆكۈپ تۇرىدىغاندۇ، دېگەن-
دەك قىلىپ قاپقارا كۆزلىرىنى دادىسىدىن ئۈزمەي مۆلدۈرلەپ
قاراپ تۇراتتى. بىر ھازادىن كېيىن ئۇنىڭ تاقىتى تاق بول-
دى - دە، دادىسىنىڭ يېنىغا يۈگۈرۈپ كېلىپ:

— دادا يەنە نېمىگە قايغۇرۇپ تۇرىسەن؟ مەن ھەممە-
گەپنى ئاڭلىدىم. ياخشى بولدىغۇ! قىرچاڭغۇ قېرى بايتالنىڭ
ئورنىغا دېگەندەك بەش ئات ئالساق بولمىدىمۇ. خانغا بەش
ئات قايتۇرۇپ بېرىش شۇنچە تەسمىدى، ئۇ قانچىلىك ئىش!
ئاكاملار سوقۇشقا كېتىۋاتىدىغۇ، ئۇلار ئۇرۇشتىن قايتىپ كەل-
گەندە ھەرقايسىسى بىر ئۈيىردىن يىلقا ھەيدەپ كەلمەم-
دۇ، — دېدى.

— جېنىم قوزام! ئۇلارنىڭ سوقۇشتىن قانداق كېلىدىغان-

لىقنى بىر خۇدانىڭ ئۆزى بىلىدۇ. سۇقۇشتا بايتال تۇرماق، جاننىڭ قايغۇسى يېتىپ ئاشىدۇ. ياملىنى ئويلىمىغىچە ياخشىلىق يوق دېگەندەك ئۇ بىر ئۇيېر يىلقا ھەيدەپ كېلەمدۇ، يا بولمىسا كاللىسى دالىدا قېلىپ كۆزىنى قۇزغۇن چوقىمدۇ، كىم بىلىدۇ.

— يۈر دادا، تېزرەك يىلقىغا بارايلى! خان ئېيتقىلى سۆزىدىن يېنىۋالمىسۇن يەنە. مەنمۇ بىللە بارايمۇ؟

تۇرغان دادىسى بىلەن ئاتقا مىنگىشىپ بايىندار خاننىڭ ئۈستى ئېگەر كۆرمىگەن كۇرمىك يىلقىسى يايلاپ يۈرگەن تەرەپكە قاراپ يۈرۈپ كەتتى.

## ئون بىرىنچى باب

## يوقالغان ئاتنىڭ ئىزى بىلەن

ئەرەپشاھ خۇددى نۇرغۇن ئىدىرلاردىن ئېشىپ ئىزنىتقۇدەك سوقماق يوللارنى تالاي كۆرگەن ئادەمدەك، ئادىشىپ قالارمىزمۇ دېگەن ئەندىشىدىمۇ بولماي، ھاجى رەھىمنى باشلاپ توختىماي ئىلگىرىلىدى. سىرتتىن قارىغان ئادەم بۇ يىگىت يولنى ياخشى بىلىدىكەن دەپ ئويلايتتى. ئەرەپشاھ بەزىدە توختاپ يەردىكى بىلىنەر - بىلىنمەس تۇرغان يالغۇز ئاياغ ئىزىغا سەپسېلىپ قارايتتى. بەزىدە بىر دۆڭلۈكنىڭ ئۈستىگە چىقىپ تۆت ئەتراپقا كۆز يۈگۈرتۈپ چىقاتتى. ئۇزۇن يول مېڭىپ چارچاپ كەتكەن ھاجى رەھىم ئەرەپشاھ توختىغان ۋاقىتنى غەنىيمەت بىلىپ قومغا ئۆزىنى تاشلاپ بىرئاز ئارام ئېلىۋالاتتى. ئۇ ئاخىرى چىدىمىغاندىن كېيىن:

— جېنىم ئۇكام مېنى نەگە ئاپىرىسەن؟ يەنە قانچىلىك يۈرىمىز؟ — دېدى.

— هازىر مېنىڭ ئېتىمنىڭ ئىزى بىلەن كېتىۋاتىمىز، ئەگەر بىرەر ئادەم كۆرۈپ قالمىسۇن، دېسەڭ پاناھلانغۇدەك تاشمۇ تېپىلىدۇ. ئۇنىڭدىن خاتىرجەم بول! ئالغا ئىلگىرىلەۋە!

يىلان باغرى سوقماق يول بىر تاشلىق دۆڭ تەرەپكە سوزۇلاتتى. ئەرەپشاھ باشقىلارنىڭ كۆزىگە چېلىقىپ قالماسلىق ئۈچۈن، ياندىكى جىلغىنىڭ ئىچىگە چۈشۈپ خېلى ماڭغاندىن كېيىن ئۆرلەپ دۆڭ ئۈستىگە يېقىنلاشقاندا:

— ماۋۇ دۆڭلۈكنىڭ ئۈستىگە چىقىپ تاشلارنىڭ دالدىسىدا بىرئاز يېتىپ دەم ئالايلى. ئۇ يەردە تۈزلەڭلىكنىڭ ھەممىسىنى ئېنىق كۆزىتىشكە بولىدۇ. — دېدى.

ئۇلار سايدىكى يارلىقتىن قىيالاپ مېڭىپ، دۆڭنىڭ ئۈستىگە چىقتى - دە، بىر چاتقالنى دالدا قىلىپ ياتتى. بۇ يەردىن قارىسا، تۈزلەڭلىكنىڭ ھەممە يېرى خۇددى ئالقاندەك ئوچۇق كۆرۈنەتتى.

— ئاۋۇ يولدىكىلەرنى كۆردۈڭمۇ؟ — دېدى ئەرەپشاھ پەس ئاۋاز بىلەن، — ئۇلارنىڭ بىرنەرسىنى ئىزلەپ يۈرگىنىنى بايقىدىڭمۇ؟

دالىدا سالتاڭ ئاتلىق تۆت موڭغۇل كېلىۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ ئاستىدا سېمىز، ئۇزۇن يالىلىق، بىرىي پاكار ئاتلار بولۇپ، ئالدىدا كېلىۋاتقان بىرى ئاندا - ساندا ئېتىنى توختىتىپ يەرگە ئېڭىشىپ سىنچىلاپ قارايتتى. بەزىدە ئېتىغا قامچا ئۇرۇپ چېپىپ كېتەتتى. بىرئازدىن كېيىن ئۇلار بىر بەلدىن ئېشىپ كۆزدىن غايىب بولدى.

— بۇلار مېنىڭ ئاق چايىنىمنىڭ ئىزىغا چۈشكەنىكەن، مېنىڭ ئېتىمنى ئوغرىلاپ كەتكەن ئادەمنى قوغلاپ چىققان

ئادەملەر مۇشۇ، نويلغىنىمدەك بولدى. ئۇلار يەنە قايتىپ كېـ
لىپ مۇشۇ ئەتراپتىن ئۆتۈشى مۇمكىن... تېززەك بۇ يەردىن
يۆتكىلىپ ئاۋۇ تاشلىق بىلەن مېڭىپ ئىزىمىزنى يوقىتىشىمىز كېرەك.

ئىككىسى قايتىدىن سايغا چۈشۈپ، ساي بىلەن بىر ئاز
ماڭغاندىن كېيىن، يەنە تۈزلەڭگە چىقتى. دەل مۇشۇ يەردە
ئۇلار كېلىۋاتقان سوقماق يولنى بىر چەك يىل كېسىپ ئۆتكەنـ
دى. يولدا بىرنەچچە قويچى بەكمۇ نۇرغۇن قوينى ھەيدەپ
كېتىپ باراتتى.

— مۇشۇ يەرگە كەلگەندە بىزنىڭ ئىزىمىزنى يوقىتىپ
قويدۇ. — دېدى ئەرەپشاھ، — ئۇلارنى مۇشۇنداق قىلىپ ئىزىق
تۇرۇۋېتىپ ئۆزىمىز يېقىن ئارىدىكى بىرەر يېزىغا بېرىپ دەم
ئالايلى.

ئۇلار خېلى ماڭغاندىن كېيىن، بىر دۆڭلۈكنىڭ ئۈستىگە
چىقتى. دۆڭلۈكنىڭ ئۇ تەرىپى كۆپكۆك مايسىلار يەلپۈنۈپ تۇر-
غان پايانسىز تۈزلەڭ ئىكەن. تۈزلەڭدە ھېسابسىز كۆپ يىلقا
ئوتلاپ يۈرەتتى. چوجگۈن ئوتقا تويۇپ قورساق سالغان يىلقىـ
لارنىڭ بەزىلىرى سۇغا كىرىپ سالقىنداپ تۇراتتى. بەزىلىرى
ھەر تەرەپكە قىيغىتىپ چېپىپ يۈرەتتى. يىلقىچىلار قوللىرىدىكى
قورۇقلارنى پۇلاڭلىتىپ بەزىدە يىلقىلارنىڭ ئۇ بېشىغا، بەزىدە
بۇ بېشىغا چېپىپ كېلىپ ئۇ يېرىدىن① چىقىپ كەتكەن يىلقىـ
لارنى قايرىپ قوياتتى.

قۇياش بىر كۈنلۈك سەپىرىنى تۈگىتىپ ئۆز مەنزىلىگە
يەتكەن بولۇپ، ئەمدى ئۆز ھۇجرىسىغا كىرىشكە ئالدىرايتتى.
لېكىن ئۇ يەنىلا سېخىيلىك بىلەن ئۆزىنىڭ ئاخىرقى قىزىل
نۇرلىرىنى بۇ بىپايان دالىغا چاچماقتا ئىدى. يېشىل دالا شەـ
پەق نۇرىدا تاۋلىنىپ خۇددى رەڭدار گىلەمدەك كۆركەم كۆرۈـ

---

① بىر ئايغىرنىڭ قاراۋۇللۇقىدىكى ئاتلار توپى.

لەتتى. ئۇيەر - بۇيەردە ئۈنۈپ قالغان شىۋاقتىن باشقا گىيا
كۆرۈنمەيدىغان قۇملۇق ۋە تاشلىق جەزىرىلەرنى بېسىپ كەلگەن
ئادەمگە بۇ گۈزەل مەنزىرە ئاجايىپ بىر زوق بېغىشلايتتى. سەل
نېرىدا بىر كىچىكرەك كۆلنىڭ سۈيى ئەينەكتەك پارقىراپ
كۆرۈنەتتى. كۆلدە غاز، ئۆردەكلەر ئۈزۈپ يۈرەتتى. بىر چاغدا
ھېلىقى كۆلنىڭ ياقىسىدىكى قېلىن قومۇشلۇقتىن ئېگەرلەنگەن
بىر بوز ئايغىر چىقىپ كەلدى - دە، كىشنىگەن پېتى ئالدىدا
ئوتلاپ يۈرگەن يىلقىلارغا قاراپ يۈگۈردى.

— ھاجى ئاكا، ئاۋۇنى كۆردۈڭمۇ؟ ئەنە ئاۋۇ مېنىڭ
ئاق چاپىنىم ئەمەسمۇ!؟ مېنىڭ ئوغرىلانغان ئېتىم... — دەپ
ئەرەپشاھ يەلكىسىدىكى خۇرجۇن بىلەن قولىدىكى چەكمەننى
يەرگە تاشلىدى - دە، دۆڭدىن پەسكە قاراپ ئوقتەك ئېتىلدى. —
سەن مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇرغىن!... مەن ئاتنى تۇ-
تۇپ كېلىمەن. — دېدى ئۇ يۈگۈرۈپ كېتىۋېتىپ.

ھاجى رەھىم نېمە بولاركىن، دەپ ئوبدان جايلىشىپ
قاراپ ئولتۇردى.

يىلقىچىلارمۇ ئاق بوز ئاتنى كۆرۈش بىلەن ئۇنى تۇتماق-
چى بولۇپ كەينىدىن قوغلىدى. ئەرەپشاھ يۈگۈرۈپ قومۇشلۇققا
كىرىپ، بىرئاز ماڭغاندىن كېيىن كىچىككىنە سۇدىن ئاتلاپ
ئۆتۈپ، يىلقىچىلار بوز ئايغىرنى قوغلاپ يۈرگەن تەرەپكە قا-
راپ كېتىۋېتىپ، قېلىن چۆپلۈكنىڭ ئىچىگە كىرىپ كېتىپ
كۆرۈنمەي قالدى.

بىر ھازادىن كېيىن، ئالدى تەرەپتىن كۆزنى ئۈزمەي
قاراپ تۇرغان ھاجى رەھىمنىڭ ئارقا تەرىپىدە دۈپۈرلىگەن
ئاۋاز ئاڭلاندى. ھاجى رەھىم كەينىگە قايرىلغانىدى... ئۈچ
موڭغۇل ئۇنى تۇيدۇرماي كېلىپ بېسىۋالماقچى بولۇپ ماراپ
كېلىۋاتقانىكەن. بىرىنىڭ قولىدا بىر قولتۇق ئارقان تۇراتتى.

هاجى رەھىم ئورنىدىن قىمىرلاشقىمۇ ئۈلگۈرمىدى. كۆزىنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە مۇڭغۇللار ئۇنى تۇتۇپ پۇت - قولىنى چەمبەرچاس قىلىپ باغلاپ بولدى.

— كۆردۈڭمۇ ئۈستىدىكى كۆك چاپىنىنى، ئاۋۇ قىزىل تۈگمىلىرىگە قارا، ھەممىسى ئوخشايدۇ. دەل شۇنىڭ ئۆزىكەن!...

— ياق، بۇ ئەمەس! ئۇنى ياش يىگىت دېگەن ئەمەسمىدى. بۇنىڭ بىر باغ بېدىدەك ساقىلى تۇرسا.

— بىرلسا بولۇۋەرمەمدۇ! ئۇنىڭ بىلەن مېنىڭ نېمە كارىم. خاننىڭ ئۆزى: «ئەگەر كۆك چاپان كىيگەن، چاپىنىنىڭ قىزىل تۈگمىسى بار ئادەمنى كۆرسەڭ شۇ يەردىلا جېنىنى ئال» دېگەن تۇرسا.

— بولمىسا بۇنى خاننىڭ ئالدىغا ئېلىپ بارايلى. ئۇ بېشىنى ئالامدۇ، قويۇپ بېرەمدۇ، نېمە قىلىمەن دېسە ئۆزى قىلسۇن.

— مېنىڭدە نېمە ھەققىڭلار بار، — دېدى ھاجى رەھىم ۋارقىراپ، — مەن دۇنيا كېزىپ يۈرىدىغان بىر غېرىب دەرۋىش. قىلىدىغان ئىشىم پەقەت كىتاب يېزىش، باشقا ئادەمگە قىلچە زىيىنىم يوق.

— بۇنداق گەپلىرىڭنى باشقىلارغا دەپ بەر! تازا بىر ئەخمەققە يولۇقتۇقمۇ نېمە! ئۈستۈڭدىكى كۆك چاپاننى نەدىن ئالدىڭ؟ ئۇنىڭ ياقۇت تۈگمىلىرىنى نەدىن تاپتىڭ؟ بۇ تۈگمىلەرنىڭ ھەر بىرىگە بىر ئۆيىردىن يىلقا كېلىدىغانلىقىنى بىلەمسەن؟!

— چاپانىنىمۇ، تۈگمىلەرنىمۇ سىلەرگە بېرەي، ئۇمۇ ئەسلى مېنىڭ ئەمەس... مېنى بىھۇدە كۆيدۈرمەڭلار بەرىكە تاپقۇرلار...

— ھە، ۋاقىتنى بىكارغا ئۆتكۈزۈپ، نېمىگە ھاڭۋېقىپ تۇرۇشىسەن، — دېدى بۇلارنىڭ يېنىدا تۇيۇقسىز پەيدا بولۇپ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

قالغان ئۆتىنچى ئېڭغۇل، — ۋاقىتنى ئۆتكۈزمەي تېزرەك ھەرىـ
كەت قىلىڭلار! خاننىڭ يىلقىچىلىرىمۇ مۇشۇ تەرەپكە قاراپ
كېلىۋاتىدۇ. ئاغزىغا لاتا تىقىپ، يۈزىنى رومال بىلەن ئوراڭلار!
كىملىكىنى بىرمۇ ئادەم بىلمىسۇن. ئىككى پۇتىنى يەلكىسىگە
يەتكۈزۈپ قايرىپ چىڭ باغلاڭلار!...

شۇنىڭدىن كېيىن، ھاجى رەھىم ھېچ نەرسىنى ئاڭلىيالـ
مىدى. كۈچلۈك قوللار ئۇنى يەردىن ئۈزۈپ ئالدى. بىرى
ئالا رومال بىلەن ئۇنىڭ يۈزىنى پۈركىدى. شۇ ۋاقىتتا كۆزىگە
قاراڭغۇلۇق تىقىلىپ، يەر - جاھان قاپقاراڭغۇ بولۇپ كەتكەنـ
دەك بولدى.

ۋارقىراپ - جارقىرىغان ئاۋازلار، ئىتلارنىڭ قاۋىشى،
ئاتلارنىڭ كىشنەشلىرى ئاڭلاندى، قىل ئارقاننىڭ پۈتۈن بەدەننى
بوغۇپ جاننى قىينىشى بىلەن دەۋرىش ھوشىدىن كەتتى.

## ئون ئىككىنچى باب

## ئاق بوز ئات

ئوقتەك تېز چاپىدۇ،
خىيالدىن چاپسان ئېتى ئۇنىڭ
شامالدىن تېز يۈرەر بۇ جانىۋار
(جوڭغار قوشاقلىرىدىن

رەڭدار كىلەمدەك جىلۋىلىنىپ تۇرغان بۇ يېشىل ئوتلاقـ
تا بىرنەچچە مىڭ تۇسۇن يىلقا بەخىرامان ئوتلاپ يۈرەتتى.
يىراقتىن قارىغاندا ئۇلار مۇنداقلا ئارىلىشىپ ئوتلاپ يۈرگەنـ

دەك كۆرۈنەتتى. ئەمەلىيەتتە بولسا توپ-توپ بولۇپ بىر ئۆيىر ئىككىنچىسىگە ئارىلاشماي، ئاستا-ئاستا ئىلگىرى سىلجىيتتى.

بىر ئۆيىرنىڭ ئىككىنچى ئۆيىرگە قوشۇلۇپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن يىلقىچىلارمۇ توسۇپ يۈرگەندەك قىلاتتى.

ھەربىر ئۆيىردىكى يىلقىنىڭ رەڭگى ئۆزگىچە بولۇپ، بىرى چىلان تورۇق؛ ئىككىنچىسى، پۈتۈنلەي جىرەن؛ ئۈچىنچىسى قۇلا ۋە يەنە باشقا تۈرلەردە ئىدى. ھەربىر ئۆيىردە يىگىرمىگە يېقىن تاي-قۇنان، بىردىن بىيە، بىردىن ئايغىر بولۇپ، ئايغىرلار ئۆز ئۆيىرىدىن يىراق كەتمەي، باشقا يىلقىلارنى ئۆز ئۆيىرىگە يېقىن كەلتۈرمەي، تۇرۇپ-تۇرۇپ كىشنەپ، پوشقۇرۇپ قوياتتى.

يىلقىچىلار بىر-بىرى بىلەن چېلىشىپ قالغان ئايغىرلارنى كۆرگەن ھامان قولىدىكى ئۇزۇن قۇرۇقلارنى تىغىرلاپ، شۇ تەرەپكە قاراپ چاپاتتى.

يىلقىچىلارنىڭ بەشىلىسى نەزەر كەرىزەكنىڭ بالىلىرى ئىدى. چوڭى تۆمۈر، ئوتتۇز ياشتا، كىچىكى مىسىق، ئون يەتتە ياشتا بولۇپ، بۇ ئاكا-ئۇكىلارنىڭ ھەممىسى چاققان، غەيرەتلىك، جىگەرى بار يىگىتلەر ئىدى. بۇلار ھەرقانداق تۇيسۇن ئاتنىڭ ئۈستىدە ئوينايتتى. ئۇنى ئوڭايلا كۆندۈرەلەيتتى ھەتتا قاشقىرلارنى دالادا قوغلاپ يۈرۈپ سالما تاشلاپ تۇتۇۋالالايتتى. ئۇلار قورقۇش، ئەندىشە دېگەننى بىلمەيتتى. مەيلى قىشنىڭ جاراڭلاپ تۇرغان قاتتىق سوغۇقلىرىدا، ياكى مەيلى يازنىڭ كۆيدۈرۈپ تۇرغان ئىسسىق كۈنلىرىدە بولسۇن، مەيلى كۈندۈزى، ياكى قازاننىڭ قارىسىدەك قاپقاراڭغۇ كېچىلەردە؛ قار-شۇۋۇرغان، يامغۇر-يېشىنلاردا بولسۇن ئۇلار بايان-دارخاننىڭ سانسىز يىلقىسىنى پىتىراتماي، ئوغرى، بۆرىدىن

ئامان ساقلاپ كەلمەكتە ئىدى. مۇشۇنداق ھالال ئىشلەپ كەلگەن بولسىمۇ، باياندارخان ئۇلارغا بىرەر ياخشىلىق قىلغان ئەمەس. بەزىدە ئېسىگە كېلىپ قالسا، ياخشىلىقلارغا ياخشىلىق قىلىمەن، دەپ قۇرۇق ۋەدە بىلەن ئالداپ قوياتتى. مۇشۇ ھالدا يۈرگەن مالچىلارنىڭ ھالى نېمە بولاتتى: ھەممىسىلا يىلىڭ - يالىڭاچ، كىيەي دېسە كىيىمى يوق، يەي دېسە ئاش يوق، ئۇلارنىڭ يازدا ئىسسىقتا كۆيۈپ، قىشتا سوغۇقتا توڭلاپ زۇلۇم چەككىنى چەككەن.

ئەرەپشاھ مۇشۇ نۇرغۇن يىلقىنىڭ ئىچىدىن ئۆزىنىڭ ئاق چايىنىنى كۆرۈپلا تونۇدى. بوز ئايغىر ئىكەر - توققۇمىنى قارىغا ئېلىپ، ھەممە يىلقىنى ئۈركۈتۈپ، بەزىدە باشقا ئايغىرلار بىلەن چىشلىشىپ، تېپىشىپ قالايمىقان چېپىپ يۈرەتتى. ئۇ ئالدىغا كەلگەن بىر جىرەن ئايغىرنى دومىلىتىۋېتىپ، كىشنىگەندىن كېيىن، يەنە نېرىغا چېپىپ كەتتى. يۈگۈرگەندە ئۇنىڭ كۈمۈشتەك تاۋلىنىپ تۇرغان ئاپئاق يالى يەلپۈنۈپ، ئۈستىگە يېيىلىپ چۈشەتتى.

بىر چاغدا ئەرەپشاھ ئىسقىرتىۋىدى، ئاق چايان قۇلىقىنى دىڭ تۇتۇپ توختاپ قالدى. ئېتىنىڭ توختاپ قالغىنىنى كۆرگەن ئەرەپشاھ بار كۈچى بىلەن يەنە بىر قېتىم قاتتىق ئىسقىرتتى. ئاق بوز ئات بېشىنى ئىچىگە تىققىنىچە ئىگىسىگە قاراپ يۈگۈردى.

بۇ ۋاقىتتا ئىككى ياندىن كەلگەن ئىككى يىلقىچى ئايغىرنى ئوتتۇرىغا قىستاپ كېلىپ، ئۇشتۇمتۇت ئۇنىڭ بويىنىغا سالما تاشلىۋالدى. ئەرەپشاھ ھاسىراپ - ھۆمۈدەپ يېتىپ كەلگىچە ئۇلار ئايغىرنى تۇتۇۋېلىشقا ئۈلگۈرگەنىدى.

— قويۇۋېتىڭلار! بۇ مېنىڭ ئېتىم! ئۈستىدىكى ئىگەر - توقۇممۇ مېنىڭ، — دەپ ۋارقىراشقا باشلىدى ئەرەپشاھ.

— ھەي ئوغرى، جېنىڭدىن تويمىغان بولساڭ بۇ يەردىن يوقال! — دەپ يىلقىچىلار ئۇنىڭ ئالدىنى توستى. ئۇلارنىڭ بىرى ئېتىدىن چۈشتى — دە، ئاق چايىنىڭ تىزگىنىگە يېپىشتى.

— مۇنۇ ئوتلاپ يۈرگەن يىلقىمۇ، بۇ يايلاقلارمۇ باياندارخانىنىڭ، قېچىپ كېلىپ بۇ يىلقىغا قوشۇلغان ئاتمۇ شۇنىڭكى بولىدۇ...

ئەرەپشاھ ئاچچىقىغا بەس كېلەلمەي قىلىچىنى قىنىدىن سۇغۇرۇۋېلىپ ئۇلارغا ۋارقىراپ ئېتىلدى، يىلقىچىلار بىرئاز چۆچۈگەندەك بولدى.

— ھەي باياندارنىڭ قۇللىرى! يەلكەڭگە مىنىۋېلىپ، قېنىڭنى سۈلۈكتەك شوراۋاتقان باياندارغا كۈچۈڭ يەتمەي، تونۇمىغان بىر ئادەمنىڭ ئېتىنى تارتىۋېلىپ، ئۆچۈڭلەرنى مەندىن ئالماقچىمۇ؟ شۇنچىۋالا يىلقا ئالدىڭلاردا تۇرسا يەنە مېنىڭ ئېتىمغا كۆزۈڭلار چۈشتىمۇ؟ سادىغاڭ كېتەيلەر، تۇلپارىمنى قويۇپ بېرىڭلار! — دەپ ئەرەپشاھ ئۇلارغا گەپ سالدى.

— تىلىڭنى تارت! باياندارخان ئېتىڭغا تامغا باسماق تۈگۈل، سېنىڭدەك تىلى ئۇزۇنلارنىڭ تىلىغىمۇ تامغا باسىدۇ! زۇۋانىڭنىڭ تۇتۇلغىنىنى شۇ چاغدا كۆرەرمىز! — دېدى يىلقىچىلارنىڭ بىرى.

ئەگەر ئۈستىگە جۇلىقى چىقىپ كەتكەن تون كىيگەن، بوغداي ئۆڭلۈك بىر موڭغۇل يىگىت يۈگۈرۈپ چىقىپ ئەرەپشاھنىڭ ئالدىنى توسۇمىغان بولسا، ئۇ ئاچچىقىغا بەس كېلەلمەي، قىلىچىنى يالىڭاچلىغان پېتى يۈگۈرۈپ بېرىپ يىلقىچىلاردىن بىرەرسىنى چېپىۋېتىشى مۇمكىن ئىدى.

— توختا بايۋەچچى يىگىت، مەن سورىۋالاي! — دېدى ئۇ سالماقلىق بىلەن سۆزلەپ، — بۇلار بىلەن تەڭ بولۇشنىڭ ھاجىتى يوق، بۇلار كىم، سەن كىم؟ بۇلار ساڭا رەقىب بولال-

مايدۇ، ئۇلارنىڭ كاللىسىنى ھازىرلا تېنىدىن جۇدا قىلىشقىدا گەپ يوق، لېكىن بۇنىڭ نېمە پايدىسى؟ سۆزۈمگە قۇلاق سال، ئېتىڭ ھېچ يەرگە قاچمايدۇ.

ھېلىقى موڭغۇل يىلقىچى يىگىتلەرگە ئىما قىلىۋىدى ئۇلار ئاتنىڭ بويىندىكى سالمىنى ئېلىۋېتىپ پەقەت تىزگىنىنىلا تۇتۇپ تۇردى. بۇ موڭغۇل ياش بولۇپ، بۇرۇتى ئەمدىلا خەت تارتقانىدى. قاپقى تۈرۈكلۈك، ئىككى كۆزىدىن ئوت چاقناپ تۇراتتى. ئۇنىڭ كۆزىدىن مىجەزىنىڭ چۇسلۇقى بىلەن قاتتىق قوللۇقى چىقىپ تۇراتتى. گەرچە ئۇ ئۇستىگە يىرتىق چەكمەن چاپان كىيگەن بولسىمۇ، گەپ - ئاغزى جايىدا، تەلەتى سۈرلۈك، سالاپەتلىك كۆرۈنەتتى. ئەرەپشاھ بۇ يىگىتنىڭ ئاردىن تويۇقسىز چىقىپ قالغىنىدىن ھودۇقۇپ ئۆزىنىڭ پەسكويغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى سەزمەي قالدى. دەل شۇ ۋاقىتتا ئۇ ھاجى رەھىمنىڭ: «ئېتىڭ يوقالمايدۇ... سېنىڭ ئېتىڭنى مىنىپ كەتكەن ئادەم ئادەتتىكى ئادەم ئەمەس، سېنىڭ بىر ئېتىڭ ئۈچۈن مىڭ ئات تۆلىگۈچىلىكى بار ئادەم ...» دېگەن سۆزلىرىنى ئېسىگە ئالدى.

— سېنىڭ ئېتىڭغا ھېچكىم تېگەلمەيدۇ، — دېدى موڭغۇل يىگىت، — بېشىمغا كۈن چۈشكەندە مەن ئۇنى مىنىپ كەتكەنىدىم. ئۇ مېنى ئۆلۈمدىن قۇتقۇزدى. ئېتىڭنىڭ ياخشىلىقىغا قول قويىدۇم. سېنىڭدىن ئۆتۈنۈپ سورايدىغىنىم، ئېتىڭنى ماڭا سېتىپ بەرگىن. ئېتىڭغا نەچچە دىنار بەرسەم بولار؟

— بۇ نېمە دېگىنىڭ؟ ئاق چاپاننى سېتىپ مەن سارەڭ بولۇپ قالغىنىم يوق، — دېدى ئەرەپشاھ ۋارقىراپ، — ياخشى ئات ئەر قانىتى، يىگىتنىڭ ھەقىقىي دوستى ئەمەسمۇ؟ ئۆمرۈڭدە ئۆز دوستىنى ساتقان كىشىنى كۆرگەنمىدىڭ؟

— توغرا ئېيتىسەن بۇرادەر، — دېدى موڭغۇل، — ئېتىڭ

سۇلتانلارنىڭ، خانلارنىڭ ھەتتا خاقانلارنىڭ ئۆزى مىنىشكە لايىق ئات ئىكەن. تەڭرى شۇلارنىڭ مىنىشى ئۈچۈن ياراتقان ئاتلارغا ئوخشايدىكەن. سەن ئادەتتىكى يىگىتلەرنىڭ بىرىسەن، ساڭا بۇنداق ئاتنىڭ نېمە كېرىكى؟ ئېتىڭنىڭ مەرىدىن كېچىپ ماڭا بەرگىن، مەن ساڭا خالىغىنىڭنى بېرەي!

— ھېچ نەرسەڭنىڭ كېرىكى يوق! بۇ دۇنيالىقتا مېنىڭ ئورۇق - تۇغقىنىم، بېشىمغا دالدا بولغۇدەك ئۆي - ماكانىم، ئاياغ باسقۇدەك ۋەتىنىم يوق، تەمتىرەپ يۈرگەن بىر بىچارە مەن. مال - بىساتىمۇ، قوۋم - قېرىنداشىمۇ مۇشۇ بىر ئات بىلەن قىلىچ، بۇ ئىككىدىن ئايرىلسام، مېنىڭ ھالىم نېچۇك بولار؟ سادىغاڭ كېتەي، مېنى كۆپ قىينىما، ئېتىمنى ساڭا بېرەلمەيمەن!

— ياق، ئاق بىز ئاتنى مەنمۇ قەلدىن چىقارمايمەن. ئېتىڭنىڭ ئورنىغا ماۋۇ مىڭ يىلقىنىڭ ئىچىدىن خالىغان بىر ئاتنى تاللاپ ئالغىن، بۇنىڭغىمۇ رازى بولارسەن؟

ئەرەپشاھ غەزەپتىن يېرىلىپ، كۆزلىرى چانىقىدىن چىقىپ كېتەي دەپ قالدى. بىراق ھاجى رەھىمنىڭ سۆزلىرى يەنە ئېسىگە چۈشۈپ، ئۆزىگە - ئۆزى ھاي بەردى. بىرئاز ئويلانغاندىن كېيىن:

— ئەگەر مېنىڭ ئېتىمنى باشقىلارغا داملىتىش ئۈچۈن ئەمەس، خەلقنى قوغداش، ئۇزۇن يۈرۈشلەردە بولۇش ئۈچۈن مىنىدىغان بولساڭ بەرسەم بېرەي، ئۆزۈڭمۇ ئادەتتىكى ئادەملەرگە ئوخشىمايدىكەنسەن، رايىڭنى قايتۇرماي. بۇ ئاق يولۇق ئات ئىدى، بۇ ئات ئەمدى ساڭا قانات بولۇپ، سېنى غەلىبىدىن - غەلىبىگە باشلايدۇ. ھەممە ئىشىڭنى ئوڭۇشلۇق قىلىدۇ. — دېدى.

مەڭغۇل يىگىت بىرئاز ئويلىنىپ تۇرغاندىن كېيىن، يىلقىچىلارغا بۇرۇلۇپ، ئەرزىمەس بىر نەرسە ئۈستىدە سودىلىشىۋاتقان تەلەپپۇزدا:

www.uyghurkitap.com

— ماۋۇ يىلقىلار ئىچىدىن ماڭا خالىغان ئاتنى سېتىپ بېرەلەمسىلەر؟ — دېدى.

يىلقىچىلار بىر - بىرىگە قارىشىپ بىر ئاز پىچىرلاشقاندىن كېيىن، ئارىدىكى ياشراق، ئۆڭى قاپقارا بىرى:

— بۇ يىلقىلار ئۆزىمىزنىڭ بولغان بولسا، بىرەر ئاتنى ساڭا بېرىۋېتەتتۇق، بىراق يىلقىلار بىزنىڭ ئەمەس، باياندارخاننىڭ. شۇنداق بولسىمۇ، ئۇ ئادەم ئالتۇننى نېرى تۇر دەيدىغانلاردىن ئەمەس. چىغىناقنىڭ بازىرىدىكى باھادىن كەم بولمىسىلا سېتىپ بېرەيلى. يىگىرمە بەش دىنار بەرسەڭ، خالىغان ئايغىرىڭنى تۇتۇپ بېرىمىز. ئەگەر ئۇنىڭ ئۈستىگە يەنە ئازراق بىر نەرسە قوشساڭ، ئەڭ شاش ئايغىرنى كۆز ئالدىڭدىلا كۆندۈرۈپ بېرىمىز، — دېدى.

— مەن سودىگەر ئەمەس، — دېدى مۇڭغۇل يىگىت،— سېنىڭ بىلەن باھالىشىپ ئولتۇرمايمەن. دېگىنىڭنى بېرىمەن-دە، خالىغان نەرسەمنى ئېلىپ كېتىمەن، دېگەن پۇلۇڭنى ئال. يەنە ھەر بىر كىشىگە بىردىن ئالتۇن دىنار بېرەي.

— ياشاپ كەت! — دېدى يىلقىچىلار خۇشاللىقىدىن،— كۆڭلۈڭگە يارىغىنىنى كۆرسەت.

## ئون ئۈچىنچى باب

## ئاكا - ئۇكا يىلقىچىلار

بەزەر كەزەك خانىنىڭ مەردلىكىنى تۇتۇپ، يارامىلىق ئاتتىن بەشنى بىراقلا بەرگەنلىكىنى خەۋەر قىلىپ، ئوغۇللىرىنى خۇشال قىلىش ئۈچۈن ئالدىراپ كېلىۋاتاتتى. ئالدىرىغىنىدىن ئۇ، ئورۇق، قىرچاڭغۇسىنى ھەدەپ قامچىلايتتى.

ئۆلەرمەن بۇ بايتال بىردەم قاتىراپ، بىردەم سوكۇلداپ باياندارخانىنىڭ سانسىز يىلقىلىرى ياپلاپ يۈرگەن يايلاققا ئاران دېگەندە يېتىپ كەلدى. ئېگەرنىڭ بوشاپ كەتكەن تۆشلۈكىنى چىڭىتىش ئۈچۈن دادىسى يەرگە چۈشكەندە تۇرغان ئالدىدىكى دۆڭگە قاراپ يۈگۈرۈپ كەتكەنىدى. ئۇ ئۆمىلەپ دۆڭنىڭ ئۈستىگە چىققاندىن كېيىن دادىسىغا قاراپ قولىنى پۇلاڭلىتىپ:

— دادا! چاپسان بول، مەيەرگە كەل! ئادەملەر بۆرە قوغلاۋاتىدۇ، — دەپ ۋارقىرىدى.

نەزەر ئېتىسغا مىنىپ ئالدىرىماي دۆڭنىڭ ئۈستىگە چىققۇدى راستىنلا دۆڭنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى ئويمانلىقتا باياندار-خانىنىڭ يىگىتلىرى تەرەپ - تەرەپتىن ۋارقىراپ ئات سېلىپ بۆرە قوغلاپ يۈرۈپتۇ. ئېگىز ئىنچىكە بەللىك تايغانلار يانداپ كېلىپ، بۆرىلەرنىڭ ساندىن چىشلەپ تارتاتتى. بۆرە قايرىلىپ قارىغاندا ئىتلار ئۇنىڭدىن يىراقلاپ يەنە ئايلىنىپ كېلەتتى. ئىتتىن قاچقان بۆرىلەر ئالاق - جالاق بولۇشۇپ، بەزىدە ئاتلىق ئادەمنىڭ ئاستىغا كىرىپ پاناھ ئىزدىمەكچى بولۇشاتتى.

ئىتلار بىر قېرى بۆرىگە زادىلا ئارام بەرمەي، ئۇنى قوغلاپ، قاپساپ، تەرەپ - تەرەپتىن تالاشقا باشلىدى. قېرى بۆرە خىرقىراپ چىشلىرىنى كىرىشتۈرۈپ بىر ئىتقا ئېتىلاتتى - دە، ئۇنى كاڭشىتىپ قاچۇرۇپ، يەنە بىرىسىگە قاراپ يۈگۈرۈپ، قورشىۋالغان دۈشمەنلىرىگە بوي بەرمەيتتى.

شۇ چاغدا بىر يىگىت ھېلىقى بۆرىگە قاراپ ئات سېلىپ، تاپ بېسىپ يېتىپ كېلىشكە ئاز قالدى. ئۇ ئۆزەڭگە بېغىنى يېشىپ، ئۆزەڭگە بىلەن بۆرىنى ئۇراي دېيىشىگە بۆرە بىر تەرەپكە شارتتىدە بۇرۇلۇپ بىر تاشتىن سەكرەپ ئۆتتى - دە، قېچىپ كەتتى. يىگىتلەرنىڭ ھەممىسى بۆرە كەتكەن تەرەپكە

www.uyghurkitap.com

قاراپ ئات سالدى. بىرئازدىن كېيىن، ھەممىسى بىر قىر[illegible] ئېشىپ كۆزدىن غايىب بولۇشتى. پەقەت: «ئۇرە — ئۇر! قاچۇرما!... قولىقىدىن تۇت!...» دېگەن ئاۋازلارلا ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

بىرئازدىن كېيىن قىقاس — چۇقان ۋە ئىتلارنىڭ قاۋغان ئاۋازلىرىمۇ بېسىلىپ، ئەتراپ تىمتاس بولۇپ قالدى.

شۇ چاغدا دۆڭلۈكنىڭ ئۈستىدە تاماشا كۆرۈپ ھاڭۋېقىپ قالغان نەزەر كەرىزەك تۇيۇقسىز ئۆزىدىن سەل نېرىدا ئىككى پۈكلىنىپ ياتقان بىر ئادەمنى كۆرۈپ قالدى. ئۇنىڭ پۇت-قولى باغلاقلىقتەك تۇراتتى. ئۈستىدە خېلى ئوبدانلا كۆك تون بار ئىدى. ئۇنىڭ يېنىدا تاشلىنىپ ياتقان دەرۋىشلەرنىڭ چوقچىيىپ تۇرىدىغان ئۇچلۇق كۇلاسى نەزەرگە تونۇشلۇقتەكلا بىلىندى. نەزەر: «بۇ كىم بولغىدى» دەپ يېقىن كەلدى — دە، ئاتتىن چۈشتى.

— خۇدايا تەۋۋا. بۇ ئۆزىمىزنىڭ قېشىنىسى ھاجى رەھىمغۇ! بۇ ئادەمنى بۆرە تالاپ كەتتىمىكىنە؟ ھاجى رەھىم، ھوي ھاجى رەھىم، ساقمۇسەن؟ يائاللا خۇدا ئۆزى ساقلىسۇن.

ئىككى پۈكلىنىپ ياتقان ئادەم راستتىنلا ھاجى رەھىم ئىدى. ئۇ ئەمدىگىنە ھوشىغا كېلىۋاتاتتى. ئۇ ئادەم ئاۋازىنى ئاڭلاپ كۆزىنى ئاستا ئېچىپ يېنىدا تۇرغان نەزەرنى كۆردى.

— تىرىكلىكىمنى ياكى ئەزرائىل جېنىمنى ئۇ دۇنياغا ئېلىپ كەتكەنلىكىنى ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن... كۆرمىگەننى كۆردۈم. ئوۋ قىلىپ يۈرگەن كىشىلەرمۇ چەيلەپ ئۆتتى... ئىت بىلەن بۆرىلەرمۇ دەسسەپ ئۆتتى... نەزەر بېشىمغا كۈن چۈشكەندە قولۇڭدىن كەلگەن ياردىمىڭنى ئايىمىغان ئىدىڭ!... بۇ قېتىممۇ مەن بىچارىنى بۇ چۆلگە تاشلاپ كەتمە...

نەزەر ھاجى رەھىمنىڭ پۇت - قولىنى يېشىپ، ئۇزۇن قىل ئارقاننى يىغىپ غانجۇغىسىغا باغلىدى.

— مېنىڭ ھۆرمەتلىك قوشنامنى باغلىغان قاراقچىلارنى باللىرىم تۇتۇۋالىدىغان بولسا، مۇشۇ ئارقان بىلەن ئۇ ئىتلار-نىڭ ئۆزىنى دارغا ئاسىدۇ، — دېدى ئۇ غەزەپ بىلەن.

نەزەر چال جاراھەتلەنگەن دەرۋىشنى بايتالىغا مىنگۈزۈپ ئۆزى ئۇنى يېتىلەپ ماڭدى. ھاجى رەھىم ئىنجىقلاپ تۇرۇپ، پەس ئاۋاز بىلەن:

— دۈشمەن تاپىنىڭدىن چىقىدۇ، دېگەن مۇشۇ - دە، بۇ دۇنيادا بالا - قازا دېگەن نەرسىدىنمۇ ئانچە قورقۇپ كەتمىسە بولىدۇ. يېپىنىڭ ئىككى ئۇچى بولغىنىدەك، ئاينىڭ ئۇن بەشى قاراڭغۇ، ئۇن بەشى يورۇق بولغىنىدەك بۈگۈن بىرسىگە زۇلۇم سالغان كىشى ئەتىسى ئۆزى خورلۇق كۆرىدۇ. تۈلكە چاشقان ئوۋلاۋېتىپ، ئوۋچىنىڭ ئۆزىنىڭ پېيىگە چۈشكەنلىكىنى سەزمەيدۇ.. ھالبۇكى ئوۋچىمۇ ئۆزىنىڭ ئارقىسىدا يوشۇرۇنچە كېلىپ ئۇنى بېسىۋالماقچى بولۇپ تۇرغان يولۋاسنى سەزمەيدۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدە قايسىنىڭ بۇرۇن ئۆلۈشىنى ھېچكىم بىر نەرسە دەپ بېرەلمەيدۇ. يولۋاسمۇ، ئوۋچىمۇ، تۈلكىمۇ ياكى چاشقانمۇ؟... قېرى بۆرە بىلەن ئۇنى قوغلىغان ئىتلار بولمىغان بولسا، موڭغۇللار مېنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن بولاتتى...

بىر دۆڭلۈكنىڭ ئېتىكىدە شىلدىرلاپ ئېقىپ تۇرغان بۇلاق سۈيىنىڭ بويىدا ئىككى قومۇش كەپە بولۇپ، بۇ كەپىلەردە نەزەر كەرىزەكنىڭ يىلقىچى ئوغۇللىرى تۇراتتى. نەزەر كەرىزەك ھاجى رەھىمنى مۇشۇ كەپىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدى. ھاجى رەھىم ۋاي - ۋاي سېلىپ بايتالدىن ئاران چۈشتى - دە، خۇددى بىرى توقماق بىلەن بىرنى ئۇرۇپ ئايلاندۇرۇۋەتكەندەك ئىككى كۆزىنى پارقىرىتىپ، ئاغزىنى ئاچقان پېتى ھاڭۋېقىپ

uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

قاراپ قالدى. ئۇنىڭ ئالدىدا ئاخشامقى مېھمىنى تۇراتتى.

— سېنى بۇنچىلىك ئۇرغان كىم؟ — دېدى موڭغۇل يىگىت ھاجى رەھىمنىڭ ئىت تالىۋەتكەندەك تۇرقىنى كۆرۈپ— باش - كۆزلىرىنى قىيما - چىيما قىلىپ، چاپىنىنىڭ جۇلقىنى چىقىرىۋېتىپتۇ... نېمە ئىش بولدى؟

ھاجى رەھىم موڭغۇللارنىڭ تويۇقسىزدىن بېسىۋېلىپ باغلاپ دۇمبالاپ ئۇرغىنىنى، ئۇندىن كېيىن ئۇۋچى يىگىتلەرنىڭ ئاياغ ئاستىدا قالغىنىنى، ئۆزىنىڭ ئۆلەي دەپ ياتقان ۋاقتىدا نەزەر كەرىزەكنىڭ تېپىۋالغىنىنى بىر - بىرلەپ سۆزلەپ بەردى. يىگىت چىرايى ئۆڭۈپ قاپىقى چۈشكەن ھالدا ئويلىنىپ قالدى - دە، ھاجى رەھىمنىڭ قولىدىن تۇتۇپ تۇرۇپ:

— شۇ خۇمپەرلەر ئىكەن - دە! ياۋۇزلار مېنىڭ ئىزىمغا چۈشۈپ يۈرىدۇ. ھاجى رەھىم سەن تۈنۈگۈن كىچە ماڭا ياردەم قىلىپ ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇرۇپ قالدىڭ، بۈگۈن جېنىڭدىن ئايرىلغىلى تاس قاپسەن. ئۇ ياۋۇزلار ئۈستىگىدىكى چاپىنىمنى تونۇۋالغان بولسا كېرەك، — دېدى.

شۇ ۋاقىتتا ھاجى رەھىمنىڭ يېنىغا ئەرەپشاھ يۈگۈرۈپ كىردى:

— ئۇستازىم ھاجىكا، مەندەك بىر ئالدىراڭغۇنى ئەپۇ قىلغايسەن! بۇ ئىش ئۈچۈن مەن گۇناھكار! ھەممىسى مەندىن ئۆتتى! سېنى يالغۇز تاشلاپ كېتىپ قالدىم، — دەپ كەچۈرۈم سوراشقا باشلىدى.

— سەن بۇنى تونۇمسەن؟ — دېدى موڭغۇل يىگىت ئەرەپشاھنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ. — ھاجى رەھىم، سەن ئېيتقىنا، بۇ يىگىتكە ئىشىنىشكە بولامدۇ؟

— ماڭا قانداق ئىشەنگەن بولساڭ، بۇنىڭغىمۇ شۇنداق

ئىشەنگىن. بۇنداق باتۇر، غەيرەتلىك يىگىت پەقەت مېنىڭ ئادەمنىڭ ئىچىدىن بىرسىلا چىقىدۇ. يالغان سۆزلىمەيدۇ، ياۋغا ئۆز دوستىنى ساتمايدۇ...— دېدى ھاجى رەھىم.

— ئۇنداق بولسا ناھايىتى ياخشى. ۋاقتى كەلگەندە چوڭ ئىشلارنىڭ بېشىنى تۇتىدىكەن.

شۇ چاغدا يىلقىچىلارنىڭ چوڭراقى ئورنىدىن تۇرۇپ:

— خان ئالىيلىرى! تەخت سەلتەنىتىڭ يوق، مېنىڭ شامال، يېتىشىك ئازگال بولۇپ يالغۇز تەمتىرەپ يۈرگەن خان بولسائىمۇ، ھەممىڭىزدا ئالتۇنلا بولسا، كۆڭلۈڭ تارتقان ئاتنى تۇتۇپ بېرەي، — دېدى.

— ئەرەپشاھ، ئۆزۈڭ تاللا. كۆڭلۈڭگە يارىغىنىنى ئال،— دېدى موڭغۇل ئەرەپشاھقا قاراپ.

ئەرەپشاھ كەپىنىڭ ئەتراپىدا ئوتلاپ يۈرگەن يىلقىلارغا بىر قۇر كۆز سېلىپ چىققاندىن كېيىن، سەل نېرىدا ئوتلاپ يۈرگەن، باشقا يىلقىلارغا قارىغاندا شاشلىقى كۆزگە كۆرۈنۈپ تۇرغان بىر تورۇق ئايغىرنى كۆرسەتتى. يېشى بەشتە بولسا كېرەك، ئۇنىڭ سۆڭەك قۇرۇلۇشىمۇ باشقا ئاتلارغا ئوخشىمايتتى. بىر ئورۇندا تىنىچ تۇرماي بىردەم ئۇ ئايغىرغا، بىردەم بۇ ئايغىرغا چېقىلىپ ئويناقشىپ يۈرەتتى.

— يائاللا، ئۇنى تۇتۇشنىڭ ئۆزى بىر گەپ، — دېيىشتى يىلقىچىلار.

— ئۇ ئاددىي يىلقا ئەمەس، قاناتلىق دۇلدۇل! يېنىپ تۇرغان بىر ئوت!.. تۇغۇلغىنىدىن بېرى ئاغزى يۈگەن كۆرمىگەن. بۇ ياۋا ئايغىرنى تۇتماق بەكمۇ مۈشكۈل، يېنىغا يولىغان ئادەمنى چاپچىپ چىشلەيدۇ، قامچا دېگىنىڭنى نەزىرىگە ئىلىپمۇ قويمايدۇ، — دېيىشتى يەنە ئۇلار. بۇ چاغدا نەزەر كەرىزەك چىداپ تۇرالماي:

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— ئارسلان بولۇپ كەتسەڭ، ئۇنى مېنىڭ كىچىك ئوغلۇم مەسىق تۇتالايدۇ. مېنىڭ ئوغلۇم تۇرغان، كەنجە تېيىم، كۆز ئالدىمدا كۆندۈرۈپ بېرىدۇ. ئۇ، بۇنىڭدىن شاشراقلىرى بولسىمۇ خۇددى قوزىدەك قىلىۋېتىدۇ، — دېدى.

تۇرغان جەرەن بايتالغا مىنىۋېلىپ، چوڭلارنىڭ دېيىشىۋاتقان سۆزلىرىنى ئاڭلاپ تۇراتتى. دادىسىنىڭ سۆزىدىن ئۇ ئىنتايىن خۇشال بولۇپ كەتتى. ئۇ: «دادام ماڭا مۇشۇنداق چوڭ ئىشنى تاپشۇردى» دەپ، خۇشاللىقىدىن ئاغزىنى يۇمالماي قالدى.

## ئون تۆتىنچى باب

## توسۇن ئاتنى كۆندۈرۈش

مەسىق پوتا بىلەن بېلىنى چىڭ باغلىغاندىن كېيىن، بېشىنى چېكىت بىلەن چىكىنلەپ تاڭدى-دە، بىر ئاتقا ياۋىداق مىنىپلا ئۇزۇن قورۇق بىلەن سالمىنى ئېلىپ ئايغىر يۈرگەن تەرەپكە قاراپ چېپىپ كەتتى.

ئايغىر قاچسا، تۈزلەڭگە قاراپ قاچسۇن، دېگەن نىيەت بىلەن ئۇ، ئايغىرغا ئۇدۇل بارماي، كەينى تەرىپىدىن ئايلىنىپ كەلدى. ئايغىر ئۆزىگە كېلىۋاتقان بۇ خەۋپنى تېخى سەزمىگەچكە، بۇرۇنقىدەك ئويناقشىپ، ئاتلار بىلەن ئوردىشىپ يۈرەتتى. بىر چاغدا ئۇ، بىرەر پالاكەتنى تۇيغاندەك ئىككى قۇلىقىنى دىڭ تۇتۇپ پۇشقۇرۇشقا باشلىدى، يىلقىلار ئوتتۇرىنى يېرىپ كېلىۋاتقان يىلقىچىغا يول بېرىپ بىر چەتكە چىقىشىۋاتاتتى. ياش قۇلۇنلارمۇ ئانىسىنىڭ كەينىدىن قالماي قىيغىتىپ يۈرۈشەتتى.

ئىككى قۇلىقىنى قىلىچىلاپ سېگەكلىشىپ تۇرغان ئايغىر قۇيرۇقىنى بىردەم شىپاڭشىتىپ تۇرۇپ، يېقىنلاپ كەلگەن يىلقىچىنى كۆرۈشى بىلەنلا بىر چەتكە بۇرۇلۇپلا قاچتى.

مىسقىمۇ ئايغىردىن كۆزىنى ئۈزمەي كېلىۋاتاتتى. يېقىن- لاپ كېلىپ ئۇمۇ ئېتىنى دېۋىتتى. ئايغىر بىردە يىلقىلار توپى ئىچىگە كىرىپ، بىردە يالغۇز بۆلۈنۈپ چىقىپ باشقا تەرەپكە قېچىپ يىلقىچىنىڭ كەينىنى ئۈچۈردى. بىرقانچە قېتىم قورۇق يەتكۈدەك يەرگە كەلگەن بولسىمۇ، كەينى پۇتىنى كۆتۈرۈپ تېپىپ ياكى بىرلىمىسا بېشىنى ئىچىگە تىقىۋېلىپ، موڭكۈپ يىلقىچىنى يېقىن يولاتماي، يىلقىچىنىڭمۇ ۋە ئاستىدىكى ئېتى- نىڭمۇ ھالىنى قىيمىدى. يىلقىلار بىردە ئۇياققا، بىردە بۇياققا دۈكىرەپ قېچىشاتتى. مىسقىنىڭمۇ ئاچچىقى ئۇبدانلا تۇتتى. ئۇ شۇنچىلىك قىزىشىپ كەتتىكى، ئۇنىڭ كۆزىگە پەقەت ئالدىدىكى قېچىپ كېتىۋاتقان ئاتتىن باشقا ھېچ نەرسە كۆرۈنمەيتتى. ئۇ ئايغىرنى قانداقلا بولمىسۇن تۇتۇشقا بەل باغلىغانىدى. لېكىن ئۇنى تۇتۇش ئوڭاي ئەمەس ئىدى، بىرنەچچە قېتىم ئۇ تۇتاي دەپ قالغاندا، ئايغىر شارتتىدە قىلىپ يىلقىلار توپى ئىچىگە كىرىۋېلىپ تۇتقۇزمىدى. يىلقىچى بىر ئاتنى تۇتىمەن دەپ پۈتۈن يىلقىنى ئۈركۈتۈپ پاتىپاراق قىلىۋەتتى.

مىسقىنىڭ ئاستىدىكى پاكار كەلگەن ئاتمۇ ئىگىسىنىڭ ئاچچىقىنى سەزگەندەك، قاچقان ئايغىر قايسى تەرەپكە بۇرۇلسا، شۇ تەرەپكە بۇرۇلۇپ جېنىنىڭ بارىچە چېپىپ ئىز بېسىپ كېلەتتى. مىسىق ئېتىنىڭ يالىغا چىڭ ئېسىلىۋېلىپ، تىزگىنىنى قويۇۋېتىپ، ئالدىدىكى ئايغىردىن كۆزىنى ئۈزمەي كېتىۋاتاتتى. ئاستىدىكى ئات قىزىشىپ كەتكەچكە ئۆزىگە قامچا تەگكۈزمەي بارغانسېرى ئىتتىكلەپ كېلەتتى.

مىسىق ئاستا - ئاستا ئايغىرغا يېقىنلىشىشقا باشلىدى،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بىر توقايغا كەلگەندە يىلقىچى سالىمنى ئايغىرنىڭ بويىنىغا تاشلاپ، پۇختا ئىشلەنگەن ئارقاننىڭ بىر ئۇچىنى تېقىمىغا چىڭ باستى. مىسقىنىڭ قولى ئىنتايىن كۈچلۈك ئىدى. توسۇن ئايغىر ھەرقانچە يۇلقۇنسىمۇ ئۇنىڭ قولىدىن چىقىپ كېتەلمىدى.

تۇغۇلغاندىن بېرى ئەركىن ئۆسكەن توسۇن ئايغىرنىڭ بويىنىغا قىل ئارقان ئىلىنغاندا، باياتىن بېرى تاماشا كۆرۈپ تۇرغان يىلقىچىلار مىسقىنىڭ غەيرىتىگە ئاپىرىن ئوقۇغاندەك ھەممىسى قىقاس سېلىپ ۋارقىراپ كەتتى. مىڭلىغان يىلقىلار خۇددى ئادەمنىڭ يېڭىپ چىققانلىقىغا تاڭ قالغاندەك، باشلىرىنى كۆتۈرۈپ، قۇلاقلىرىنى دىڭ تۇتۇپ، غەيرەتلىك يىگىت بىلەن توسۇن تۇلپارغا تىكىلىپ قاراپ قالدى.

ئۆمرىدە كۆرمىگەن بىر نەرسىنىڭ بويىنىنى قىسىپ كېتىۋاتقىنىغا ھەيران بولۇپ، ئۈركۈپ تۇرغان ئايغىر دەسلەپىدە بىر ئاز توختاپ تىنچ تۇردى - دە، ئاندىن بېشىنى ئىچىگە تىقىپ، بىردەم كۆككە سەكرەپ، بىردەم مۆڭگەكلەپ تىنچسىزلىنىشقا باشلىدى. ئۇ ئارقاننى ئۈزۈپ ياكى بولمىسا يىلقىچىنى ئاتتىن يىقىتىپ قېچىپ كېتىشكە تىرىشاتتى.

بىر ئازدىن كېيىن ئۇ سەل ئارام ئالغاندەك بولۇپ، تىنچ تۇرۇۋالدى - دە، ئاندىن يەنە يۇلقۇنۇشقا باشلىدى. لېكىن پۇختا ئىشلەنگەن قىل ئارقان ئۈزۈلمەي بارغانسېرى ئۇنىڭ بويىنىنى بوغاتتى. قانچە يۇلقۇنۇپ سەكرىگەن بىلەن يىلقىچىنىڭ ئامبۇردەك قىسىپ تۇرغان كۈچلۈك قوللىرىدىن قۇتۇلۇپ كېتىش ئايغىرغا نېسىپ بولمىدى. شۇنداق بولسىمۇ ئۇ يۇلقۇنۇشنى توختاتمىدى.

مىسقىنىڭ ئاستىدىكى ئاتمۇ مىختا ئات ئىدى. توسۇن ئايغىرنىڭ نېرى - بېرى تارتىپ، يۇلقۇنۇشىغا بوي بەرمەي تۇرغان ئورنىدا مەزمۇت تۇراتتى. ئايغىر يۇلقۇنغانسېرى

مىسىق ئارقانىنى قىسقارتىپ ئېقىمىغا كۆپرەك باسقىلى تۇردى. شۇنداق ئېلىشىپ تۇرغاندا، ئىككى يىلقىچى ئىككى تەرەپتىن يۈگۈرۈپ كېلىپ، ئايغىرنىڭ ئىككى قۇلىقىغا تەڭلا ئېسىلدى. ئۇلار تۇسۇن ئايغىرنى ئاشۇنداق تۇتۇپ تۇرغاندا بولارنىڭ كەينىدىنلا كېلىۋاتقان ئىككى يىلقىچى ئايغىرنىڭ پۇتىغا چىدىر سالدى. ئاندىن بىرى ئاتنىڭ ئاغزىنى ئاچتى ـ دە، قولىدىكى ئارقانىنى ئېغىزدۇرۇق قىلىپ، ئارقانىنىڭ بىر ئۇچىنى بولسا ئاتنىڭ بېلىگە ئوراپ تېڭىۋەتتى.

دەل شۇ چاغدا قىزىل كۆڭلەك كىيىپ، ئىشتىنىنىڭ پۇچ قاقلىرىنى تۈرۈۋالغان، يالىڭاياق، قاپقارا بىر دومىلاق كىچىك بالا كۆزلىرىنى چۆچەكتەك چەكچىيىپ تۇرغان تۇسۇن ئاتنىڭ ئۈستىگە لىككىدە مىنىۋالدى. بالا ئارقانىنىڭ تىزگىن قىلىنغان ئۇچىنى بىر قولىدا تۇتۇپ، ئىككىنچى قولىدا ئاتنىڭ يالىغا چىڭ ئېسىلدى ـ دە، ئاتنىڭ بوينىغا يېتىۋالدى. يىلقىچىلار ئاتنىڭ چىدىرىنى بوشىتىۋەتكەن ھامان (ئۇنىڭسىزمۇ بىر ئورۇندا تىنچ تۇرالمايۋاتقان) تۇسۇن ئايغىر تۇرغانىنى تۈزلەڭلىككە قاراپ ئېلىپ قاچتى. لېكىن تۇرغان ئاتتىن يىقىلىپ چۈشمەي، ئاتنى ئۆز مەيلىگىمۇ قويۇپ بەرمەي، ئاتنىڭ بېشىنى ئۆزى نىشان قىلغان تەرىپىگە بۇراپ، ئارقانىنىڭ ئۇچى بىلەن ئاتنى ھېلىدىن ـ ھېلىغا قامچىلاپ تۇراتتى.

نەزەر كەرىزەك كەنجە ئوغلىنىڭ ئاتنىڭ ئۈستىدە ئويناپ كارامەت كۆرسىتىۋاتقىنىغا مەسلىكى كېلىپ:

— بارىكاللا!! ئارسلاندەك يىگىت بولغىدەكسەن ئوغلۇم! كۆز تەگمىسۇن، خۇدايىم ئۆز پاناھىدا ساقلىغاي! — دېدى.

بالا ئاتقا چىڭ يېپىشىۋالغانلىقى ئۈچۈن، تۇسۇن ئايغىر قانچە مۆڭگۈپ چېچاڭشىغىنى بىلەنمۇ ئۇنى ھېچنېمە قىلالـ مىدى، ئۇ توختىماي چېپىۋەردى، تۇرغان شۇنچىلىك يىراقلاپ

كەتتىكى، ئاخىرى قاراپ تۇرغانلارغا بىر تال چېكىتتەك كۆرۈنۈپ، بارا - بارا كۆزدىن غايىب بولۇشقا باشلىدى. يىلقىچىلارمۇ بالىدىن كۆز ئۈزمەي ئىگەر بىرەر ئەھۋال بولۇپ قالسا، دەرھال ئات سېلىشقا تەق بولۇپ تۇرۇشتى.

چېتىگە تۇخۇم قويسا كۆرۈنىدىغان تۈزلەڭلىككە چىقىۋالغاندىن كېيىن، ئايغىر تېخىمۇ كۈچەپ چېپىشقا باشلىدى. ئۈستىدىكى بالىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئۇ بىرقانچە قېتىم كەينى پۇتىنى ئاسمانغا كۆتۈرۈپ چىچاڭشىپ، بەزىدە بويىنىنى ئىچىگە تىقىپ مۆڭگەكلەيتتى. تۇرۇپ ئالدى ئاياغلىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ چاپچىپ، بەزىدە يەرنى چاپچىپ قوياتتى. لېكىن تۇرغان خۇددى ئاتنىڭ ئۈستىگە چاپلىشىپ قالغاندەك، ئايغىر قاياققا بۇرۇلسا، شۇ ياققا بۇرۇلۇپ ئۈستىدىن زادىلا چۈشمىدى. ئايغىر چارچاشقا باشلىدى. ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنى قارا تەرگە چۆمۈپ، ئېغىزىدىن كۆپۈك قايناپ كەتتى. بالا بەزىدە قاتتىق ئاۋاز بىلەن ۋارقىراپ، بەزىدە ئاتنىڭ بويىنىنى سىلاپ قوياتتى. بارا - بارا ئات بايىقى شاشلىقىدىن خېلىلا ياۋاشلاشقا باشلىدى.

يىراقتىن كۆز ئۈزمەي قاراپ تۇرغان يىلقىچىلارمۇ تۇسۇن ئاتنىڭ ياۋاشلاپ قالغانلىقىنى سەزدى. بۇ چاغدا تۇرغاننىڭ چوڭ ئاكىسى تۆمۈر:

— بالا ئەمدى ئاتنى يەڭدىغۇ دەيمەن! بەس! مېنىڭ دېگەن بىلەنمۇ سۆڭىكى قاتمىغان بالا ئەمەسمۇ، چارچاپمۇ كەتكەندۇ، مەن بېرىپ ئەكىلەي. — دېدى.

تۆمۈر تۇرغانغا قاراپ چېپىپ كەتتى، ئايغىرنىڭ ھەيۋىسى چۈشۈپ بۇرۇنقىدىن خېلىلا پەسكويغا چۈشۈپ قالغاندەك ئىدى. ئەمدى ئېگەر تىقىپ مىنسىمۇ بولىدىغاندەك كۆرۈنەتتى شۇنداقتىمۇ ئۆزگە قاراپ چېپىپ كېلىۋاتقان ئاتلىق ئادەمنى كۆرۈشى بىلەنلا ئۇ شارتتىدە بۇرۇلۇپ بالىنى يەنە

بىر تەرەپكە ئېلىپ قېچىشقا باشلىدى. ئۇ بىر ئاز چاپقاندىن كېيىن، قاتىراپ ئاندىن ئاستا - ئاستا ئۆزىنىڭ مېڭىشىغا چۈشۈپ يۈرۈشى خېلىلا تۈزۈلۈپ قالدى. نەزەر بىلەن ئۇنىڭ يىلقىچى بالىلىرى تۇرغان يەرگە قايتىپ كەلگەندە، تۇسۇن ئاتنىڭ ئارقان - تىزگىنىگە كۆنۈپ، ئۈستىدىكى ئادەمنىڭ ئىرادىسىگە بويسۇنغانلىقى بىلىندى.

شۇنداق قىلىپ تۇسۇن ئات كۆندۈرۈلدى.

بالىغا يېقىنلاشقان تۆمۈر، بالا بىلەن قاتارلىشىپ چېپىپ كېتىۋېتىپ ئايغىرنىڭ تىزگىنىنى قولىغا ئېلىۋالدى. ئاندىن ئاتقا ياندىشىپ كېلىۋېتىپ بىر قولى بىلەن بالىنى ئاتتىن يۇلۇۋېلىپ ئۆزىنىڭ ئالدىغا مىندۈردى - دە، ئۇنى قۇچاغلاپ تۇرۇپ يۈزدىن بىرنەچچىنى سۆيدى ۋە كۆندۈرۈلگەن شاش ئاتنى يېتەكلەپ كەتتى.

ھازىرلا يېنىغا ئادەم يولاتماي، ھۈرۈلداپ - پۇشقۇرۇپ يۈرگەن ئەسەبىي ھايۋان ئەمدى ئادەمنىڭ ئىرادىسىگە بويسۇنۇپ، بۇرۇنقىدەك شاشلىق قىلماي كېلىۋاتاتتى. چىرايى كۆسەيدەك قارا، بەدەن تۈزۈلۈشى قوپال كەلگەن يىلقىچى بىر قولى بىلەن ئالدىدىكى بالىنى قۇچاقلاپ، ئىككىنچى قولى بىلەن ئايغىرنى يېتەكلەپ قومۇش كەپىنىڭ ئالدىغا كەلدى. بولارنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ كېلىشكەن ئاكىلىرى كىچىككىنە ئىنىسىنى ئاتتىن چۈشۈرۈپ بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى سۆيۈپ كەتتى.

ئەرەپشاھ ھېچنېمە بىلەن كارى بولماي، كېلىپلا ئايغىرغا يېپىشتى. ئايغىرنىڭ دۈمبىلىرىگە ئۇرۇپ بوينىلىرىدىن سىيلاپ «مۇبارەك بولسۇن جانىۋار!» دەپ قۇتلۇقلىدى ھەتتا ئۇ ئاتنىڭ بوينىدىن قۇچاقلاپ «قامىتىڭدىن ئۆرگۈلۈپ كېتەي!» دەپمۇ قويدى. لېكىن ئاتنىڭ ئۇنىڭغا پەرۋا قىلغۇدەك ھالى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

يوق ئىدى. بۆرىنىڭ چاناقلىرىنى يوغان - يوغان كېرىپ ئارانلا نەپەس ئالاتتى.

نەزەر كەرىزەك چال ئەرەپشاھنىڭ يېنىغا كېلىپ بىردەم قاراپ تۇرغاندىن كېيىن:

— ئەرەپشاھ، ئاتنى سەن كەچكىرگىچە ئۇياق - بۇياققا يېتىلەپ سۆرۈتقىن، كەچ بولغاندا سۇمۇ ئىچكۈزمەي، يەمۇ بەرمەي قاڭتۇرۇپ قوي. خەيرلىك بولسۇن! بۇ جانىۋار چوقۇم بىر تۇلپار بولىدۇ! — دېدى.

موڭغۇل يىگىت شاش ئاتنى كۆندۈرگەن بالىنىڭ تاماشىسىنى كۆرۈپ ھېچكىم بىلەن پاراڭلاشماي يالغۇز تۇراتتى. ئەمدى ئۇ يىلقىچىلارغا بۇرۇلۇپ يانچۇقىدىن بۇلغار ھەميانىنى چىقىرىپ، ئۇنىڭدىن ئوچۇملاپ دىنار ئېلىپ ساناشقا باشلىدى. ئاكا-ئۇكىلارنىڭ ئەڭ چوڭىنىڭ ئوچۇمىنى دىنارغا تولدۇرۇپ بەرگەندىن كېيىن، ئۇ ئاق بوز ئاتقا مىندى - دە، يىلقىچىلارغا يەنە بىر قېتىم بۇرۇلۇپ:

— رەھمەت يىگىتلەر! ھازىرچە خوش بولۇڭلار! كۆپ ئۆتمەي مەن توغرۇلۇق ئاڭلارسىلەر... — دېدى.

ئۇ ئاتنىڭ بېشىنى بۇراپ، ئەمدى ماڭاي دەپ تۇرغاندا تۇساتتىن نېرىدىكى دۆڭلۈكنىڭ ئۈستىگە شامدەك قاتار تىزىلغان نۇرغۇن ئاتلىق لەشكەرلەر پەيدا بولدى. ئۇ تىختاپ قالدى. لەشكەرلەرنىڭ ئاستىدىكى پاكار - پاكار ئاتلارغا قارىغاندا ئۇلارنىڭ موڭغۇل ئىكەنلىكىدە شەك يوق ئىدى. كۆپ ئۆتمەي لەشكەرلەر قىرمۇش كەپىنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى. لەشكەرلەر بېشى ياش بىر بەگ بولۇپ، تەلەتى سوغۇق، تەقى-تۇرقى كېلىشكەن، قامەتلىك ئىدى. ئۈچ لەشكەر ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قالماي ئەگىشىپ يۈرەتتى. ئۈچ لەشكەرنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بىرىنىڭ قولىدا ئۇزۇن نەيزە بولۇپ، نەيزىنىڭ

ئۇچىغا تاسمىدەك تىلىنغان سىرىق لاتا بوغۇچ باغلانغاندى.
بەگ قاپىقىنى تۈرۈپ، ھەيۋە بىلەن مىڭىپ يىلقىچىلارنىڭ
قېشىغا كەلدى. بۇلارنىڭ يېنىدا كېلىشكەن ئاق بوز ئاتقا
مىنىپ تۇرغان يىگىتنى كۆرۈپ، بەگ ئېگىلىپ سالام بەردى:
— سالامەت تۇردۇڭمۇ باتۇخان؟! سىنى مىڭ بىر مۇشەق-
قەتتە ئىزدەپ تاپتۇق. ئۇستۇڭدىكى ماۋۇ جەندەك نىمىسى.
يائاللا! چىڭگىز نەسلىدىن بولغان ئىسىل خانزادە تۇرۇقلۇق
بۇنداق كىيىمنىمۇ كىيەمسەن؟
— كۈيۈك خاننىڭ كۈچۈكلىرى كەينىمگە كىرىۋالغاچقا،
ئەسكى چاپاننى كىيىپ قۇتۇلدۇم. مۇشۇ گادايلارنىڭ كەينىگە
كىرىپ جان ساقلاپ قالدىم.
— ئاتام سۇبىتاي باھادىر سىزنىڭدىن ئەنسىرەپ ئۇلتۇ-
رەمۇ، سىنى تېز كەلسۇن دىگەندى.
— ئۇ كىشى چاقىرغان بولسا مانا مەن تەييار ئۇرىن
خادان باتۇر!
باتۇخان شۇنداق دەپ جاۋاب بىرىشىگىلا بارلىق ئاتلىق
لەشكەرلەر ئىتتىنىڭ بېشىنى كەينىگە بۇراپ، يۈرۈپ كەتتى.
باتۇمۇ شۇلار بىلەن بىرگە كەتتى.
ئۆزىنىڭ بىر تۇغقان قېرىندىشىدەك بولۇپ كەتكەن ئاق
چاپاننىڭ ناتونۇش بىر ئادەمنىڭ ئۈستىدە ئېغىزدۇرۇقنى
چايناپ، ئويناقشىپ كېتىپ بارغىنىغا قاراپ كۆڭلى بۇزۇلغان
ئەرەپشاھ يەنە قاراپ تۇرۇشقا چىدىماي كەينىگە ئۆرۈلدى-
دە، چىلىق-چىلىق تەرگە چۆمۈپ كەتكەن ئايغىرىنىڭ تەرلى-
رىنى سۈرتۈپ تۇرۇپ:
— كۆڭلۈڭنى بۇزما! ئەركىنلىكىمدىن ئايرىلدىم دەپ
ھەسرەتلەنمە! ئەمدى مىنىڭ جان-جىگەر دوستۇم بولدۇڭ.
يولۇڭ قۇتلۇق بولسۇن! بۇندىن كېيىن سىنىڭ ئىتىڭ «ئال-

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ماس تىرۇق» بىلدۇ. ئالماستەك مۇستەھكەم بول، — دەپ ئۆز - ئۆزىگە شىۋىرلىدى.

## ئون بەشىنچى باب

## ئادىل سوراقچى

قىزتوغماس چال كۆرۈنەمدىكىن، دەپ ھېلىدىن - ھېلىغا سىرتقا چىقىپ قارايتتى. تولا قاراپ كۆزى تالغاندىن كېيىن، ئۆيگە قايتىپ كىرىپ، تۆردىكى يىرتىق گىلەمنىڭ ئۈستىدە تىزلىرىنى قۇچاقلىغان پېتى ئولتۇردى. شۇنىڭدىمۇ ئىشىكنىڭ كىگىزىنى يۇقىرىغا تۈرۈپ قويۇپ، يىراقتىن سارغىيىپ كۆرۈنۈپ تۇرغان دۆڭلۈكتىن كۆزىنى ئۈزمەي قاراپ ئولتۇردى.

«بۇنىڭ قىلغان ئىشىدىن ياخشىلىق چىقمايدۇ دېۋىدىم! — دەپ ئويلىدى ئۇ ئىچىدە، — بىر كېلىشمەسلىكنىڭ بولىدىغانلىقىنى كۆڭلۈم سەزگەنىدى. ئىككى پۇتى گۆرگە ساڭگىلىغان بۇ قېرىغا سىۋقۇشقا بېرىشنى كىم قويۇپتۇ. ئۆيگە بىر خالتا تېرىقنى چاچماي ساق ئەكېلەلمەيدۇ. ئاچ كىشى سىۋقۇشقاق، ئورۇق قوي تىرىشقاق كېلىدۇ. دېگەندەك قېرىغىنىغا بوي بەرمەيدۇ، ئۆزىچە...».

كەچ بولغاندا ئۆيگە ئالدى بىلەن مىسىق قايتىپ كەلدى. قىز توغماس باشقا ئوغۇللىرىغا قارىغاندا بۇنى ئالايىتەن ياخشى كۆرەتتى. ئۇ كېلىشى بىلەنلا ئېتىنى چۈشەپ بىرئاز ئوتلىسۇن، دەپ قويۇپ بەردى. ئۆيگە كىرىپ ئۈستىدىكى ئەسكى چەكمەن بىلەن يىرتىق كۆڭلىكىنى ئانىسىنىڭ ئالدىغا

تاشلاپ بەردى - دە، ئانىسىغا قاراپ:

— ھازىرچە ئوغلۇڭنىڭ ئايالى بولمىغاندىن كېيىن، بىر ئەرسىلەرنى ئۆزۈڭ ياماپ بەرمىسەڭ كىم يامايدۇ؟ — دېدى.

ئانىسى گەپ سۆز قىلماي يىڭنىسىگە يىپ ئۆتكۈزۈپ، كۆڭلەك بىلەن چەكمەننى ياماشقا كىرىشكەندە مىسىق تۆردە يانپاشلاپ يېتىپ، ئانىسىنىڭ چېۋەرلىك بىلەن ھەرىكەت قىلىۋاتقان بىگىز قولدىكى ئويماقنىڭ يالت - يۇلت قىلغىنىغا قاراپ خىيالغا كەتتى. بىر ھازا ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇ چۆچۈگەندەك:

— ئاپا يۇلتۇز قېنى؟ — دېدى.

— قېنى دېگىنىڭ نېمىسى! دالىدا مال بېقىپ يۈرىدۇ، تېخى قايتمىدى.

يۇلتۇز ئاسراندى قىز بولۇپ، قىز تۇغماسنىڭ ئۇنى بېقىۋېلىشتىكى سەۋەبى — شۇنچە كۆپ ئوغۇلنىڭ ئىچىدە بىر قىزنىڭ بولۇشىنى ئارزۇ قىلغانلىقىدىن ئىدى. كىچىك ۋاقتىدا ئاتا - ئانىسى ئۇنىڭ ئىسمىنى «قىزتۇغماس» دەپ قويغان بولسىمۇ، ئۇ ئۆمرىدە ئۆزىنىڭ بىرەر قىز پەرزەنت كۆرمىگىنىگە ھەسرەت چېكىپ يۈرەتتى. ھەرقانچە دېگەن بىلەنمۇ قىز دېگەن ئانىسىنىڭ قاياشى - دە، ئۇنىڭ ئورنىنى ئوغۇل بالا قانداقمۇ باسالسۇن، قىز بالا دېگەن ھېچ بولمىغاندا ئانىسىغا ياردەملىشىپ ئۆي ئىچىنى سۈپۈرۈپ بولسىمۇ قول - قانات بولىدۇ - دە، قىز بالا توي قىلىپ كەتكەن تەقدىردىمۇ يەنە ئوغۇللارغا قارىغاندا ئانىسىغا يېقىن بولىدۇ.

قىز تۇغماس: «يۇلتۇزمۇ كۈندىن - كۈنگە بويىغا يېتىپ، يىگىتلەرگە قارىغۇدەك بولۇپ قالدى. ئەرگە بېرىپ قىرىق مال قالىڭ① ئالىدىغان ۋاقتىمۇ كېلىپ قالدى. ئۆزىمۇ

---

① قالىڭ — كۆچمەن چارۋىچىلارنىڭ قىزنى ئەرگە بەرگەندە ئوغۇل تەرەپتىن ئالىدىغان تويلۇق مېلى - ت.

www.uyghurkitap.com

ياخشى قىز بولدى، چىرايلىق، بۇغداي ئۆڭلۈك، ئىڭگى مەڭزىدىن قىزىللىق تەپچىپ تۇرىدۇ. ئاغزى ئويماقتەك. خۇمار كۆز، نازۇك بەدەن، ھەقىقىي گۈزەللىكنىڭ نەق ئۆزى! ئامال قانچە كەمبەغەللىكنىڭ قىزى بولغاچقا ئۇستىبېشى تۆكۈلۈپ تۇرىدۇ.

«تاغنىڭ زىننىتى قىرام-تاش، ئادەمنىڭ زىننىتى ئۇستىباش دېگەن گەپمۇ بار، لېكىن يەنە بايلىق مىراس ئەمەس، گادايلىق نومۇس ئەمەس دېگەن گەپمۇ بار. ئۇنىڭغا ھېچنېمە بولماس! قاپقارا سۇمبۇل چاچلىرىنى سىكىلەك قىلىپ ئۆرۈپ، چاچ تەڭگىيىنى سېلىۋالسا كىيىمىنىڭ يېرىقلۇقىمۇ بىلىنمەس! ھېلىتىنلا خېلى يىگىتلەرنىڭ ئۇنىڭغا كۆز-قىرىنى سېلىپ يۈرگىنىنى سېزىپ يۈرىمەن...» دېگەنلەرنى ئىچىدە ئويلاپ يۈرەتتى.

يۇلتۇز بىلەن مىسقىنىڭ كۆڭلى بارلىقىنى ئانىسى ياخشى بىلەتتى. بىراق يېتىم قىزنى ئوغلىغا ئېلىپ بەرسە كەمبىر بىلەن چالغا نېمە پايدا؟ ئۇنىڭدىن ئوغلىنى ئۆيلەشكە ئالدىرىماي، يۇلتۇزنى بىر دۆلەتمەن ئادەمگە ياكى بولمىسا پايدىسى تېگىدىغان مەنسەپى بار بىرەر يىگىتكە بەرگىنى تۈزۈك بولار؟ قىز تۇغماس مۇشۇلارنى كۆڭلىدىن نەچچە رەت ئۆتكۈزگەن بولسىمۇ، ئەمما چىش يېرىپ بىرسىگە تىنغان ئەمەس ئىدى. ئۇ: «مىسقىنىڭ مىجەزى دادىسىغا تارتقان. ئۇمۇ دادىسىغا ئوخشاش قەيسەر، باشقىلارنىڭ سۆزىگە كۆنمەيدۇ. قىرىق كىشى بىر تەرەپ بولسا قىيىق كىشى بىر تەرەپ بېرىپتۇ، دېگەندەك سۆزىدىن يانمايدۇ، ئەگەر ئۇ، ئۇنىمىسا ئۆمۈر بويى گادايلىقتىن قۇتۇلالمايمىز دېگەن گەپ» دېگەنلەرنى ئويلايتتى.

ئىشىك ئالدىدىكى يۈڭلىرى پاقپىيىپ تۇرغان قارا ئىت

بېشىنى كۆتۈرۈپ قاۋاپ ئالدىغا قاراپ يۈگۈرۈپ كەتتى. يىراقتا سالتاڭ ئاتلىق بىر ئادەم كېتىپ بارغانىكەن. ئۇ بىر نېمىلەرنى دەپ ۋارقىراپ، يىراقتىكى بىر نەرسىنى قولى بىلەن كۆرسەتتى. ئىت ئەنە شۇ ئادەمگە قاۋاتاۋاتتى. سالتاڭ ئاتلىق ئادەم تېختىماي ئۆتۈپ كەتتى.

— ئەنە يۇلتۇزمۇ كېلىۋاتىدۇ، — دېدى ئانىسى بىر چاغدا.

يىراقتىكى دۆڭنىڭ ئۈستىدە تىپىرلاپ كېلىۋاتقان قىزىللار كۆرۈنۈشكە باشلىدى. يىلنىڭ تىپىسىنى ئاسمانغا تىزۇتۇپ كېلىۋاتقان مۇشۇ بىر قىزىل قوزىنىڭ ئارقىسىدا بەللىرى تال چىۋىقتەك ئەۋرىشىم بىر گۈزەل قىز قوڭغۇراقتەك ئاۋازى بىلەن ناخشا ياڭرىتىپ ئالدىرىماي كېلەتتى. پادىچى قىزنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغان قىشنا ئۆيلەرنىڭ ئايالىرى تۇشمۇ تۇشتىن يۈگۈرۈپ چىقىپ، ھەركىم ئۆز قوزىسىنى تۇتۇپ باغلاشقا باشلىدى. پۇتى ئاقساپ، باشقىلارغا يېتىشەلمەي، يېتىپ قالغان كىچىككىنە بىر قوزىنى يۇلتۇز ئۆزى كۆتۈرۈپ كېلىۋاتاتتى. ئۇ قولىدىكى بۇ قوزىنى بىر ئايالغا بەردى - دە، ئۆيى تەرەپكە كەلدى. ئىتنىڭ ئالدىدا تۇرغان مىسقىقا كۆزىنىڭ قۇيرۇقى بىلەن قاراپ قويۇپ، بۇ ياققا كىرگىن، دېگەن ئىشارىسىنى قىلدى - دە، ئۆزى غىپپىلا قىلىپ ئۆيگە كىرىپ كەتتى.

— بىر ئاتلىق كىشى كېتىۋېتىپتىكەن، ئۇ، بىزنىڭ قىرىچاڭغۇ بايتالنى كۆرۈپتۇ. يول ياقىسىدا ئېگەر - تىقۇمنى قارنىغا ئېلىپ ئوتلاپ يۈرىدۇ، دەيدۇ... دادام بىر پېشكەللىككە يولۇقتىمۇ دەيمەن، ئانامغا ئېيتىشقا پېتىنالمىدىم. نېمە بولغاندۇ؟ — دېدى يۇلتۇز ئۆيگە كىرگەندىن كېيىن پەس ئاۋاز

بىلەن، قىزنىڭ ئاۋازى تىترەپ، ئارانلا چىقاتتى، چىرايى تاتىرىپ كەتكەندى.

مىسىق ئانىسىغا كۆرۈنمەي يۈگۈرۈپ بېرىپ دادامنىڭ ئېتىنى تۇتۇپ كېلەي، دەپ ئەپلەپ سىرتقا چىقىۋىدى، تويۇقسىزلا ئاڭلانغان بىر ئاۋازنى ئاڭلاپ، تۇرغان يېرىدە قېتىپلا قالدى. يىراقتىن بىر بالا ۋارقىراپ - جارقىراپ يىغلاپ كېلىۋاتاتتى.

— ھەي ئاۋۇ تۇرغانغۇ! — دېدى بىر ۋاقىتتا مىسىق كېلىۋاتقان بالىنى كۆرۈپ.

راستىنلا تۇرغان ئۆيدىن تۆۋەنگە قاراپ يىقىلىپ سۈرۈلۈپ كېلىۋاتقانىكەن. مىسىق ئۇنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ بېرىپ ئۇنى كۆتۈرگىنىچە ئۆيگە قاراپ ماڭدى.

بالا توختىماي ئۆكسۈپ يىغلايتتى. ئاغزى - بۇرنى قانبۇقارا لاي، ئۈستىبېشى توپا - چاڭ بولۇپ، ئۇ كۆزىدىن ئاققان يېشىنى كىچىككىنە مۇشتۇمى بىلەن سۈرتۈپ ئۆزىنى باسالماي ئېسەدەپ تۇراتتى.

— نېمە ئىش بولدى؟

— دارغا ئاسقىلىۋاتىدۇ؟...

— كىمنى!؟

— دادامنى...

مىسىق بالىنى ئۆيگە ئېلىپ كىردى - دە، بالىنىڭ قولىغا بىر چۆچەك سېتىنى بەردى. چىشلىرى كاسىلداپ تىترەپ تۇرغان بالا سېتىنى بىر - ئىككى يۇتۇم ئىچكەندىن كېيىن، بىر ئاز ئوڭشالدى ۋە:

— شەھەرنىڭ يېنىدا ... ئىككىمىز بازارغا كېتىۋاتاتتۇق، بىرنەچچە ئادەم كېلىپلا دادامنى باغلاپ سۆرەپ ماڭدى... مەن يىغلاپ ئارقىدىن يۈگۈرگەنىدىم، بىرى مېنى ئىتتىرىۋەتتى...

مەن يىقىلىپ چۈشتۈم ...— دەپ يىغىسىنى باسالماي ئاران-
ئاران سۆزلىدى.
— كېيىن دادامنى نېمە قىلدى؟
— دادامنى، سەن ئوغرى، قاراقچى، دېدى. ئوغرىلىق
قىلمىغان... ئۇلار يالغان ئېيتىۋاتىدۇ! — دېدى بالا.
— هازىر ئۇلار قەيەردە قالدى؟
— ناماز دەرۋازىسىنىڭ يېنىدا، ھېلىقى ئېگىز دەرەخلەر
بار يەردە...
بالىنىڭ ئېيتقانلىرىنى ئاڭلىغان مەسىق، كېرىگىدىكى
ئىلىقلىق تۇرغان ئەگىر قىلىچنى ئېلىپ، كۆڭلىكىمۇ يوق،
يېرىم يالىڭاچ پېتى، ئوتلاپ يۈرگەن ئېتىغا قاراپ يۈگۈردى.
ئاتنىڭ ئېگەر - توقۇمى ئېلىنمىغانىدى. شۇڭا دەررۇ چىدىرىنى
بوشاتتى - دە، ئىككىدە سەكرەپ مىندى.
— يولتۇز!... تۇرغان!...— دەپ ۋارقىرىدى مە-
سىق، — سىلەر بايتالنى تېپىپ كېلىڭلار! مەن ھېلىقى ئىت-
لارنىڭ قولىدىن دادامنى قۇتۇلدۇرۇپ كېلىشكە بارىمەن...
ئۇ شۇنداق دېدى - دە، قويۇندەك چېپىپ كەتتى.

چىغىناق شەھرىنىڭ «ناماز دەرۋازىسى» دېگەن چوڭ
دەرۋازىسىنىڭ ئالدىدىكى ئېگىز قارىياغاچلارنىڭ ئالدىدا ئادەملەر
مىغىلداپ كەتكەنىدى. بىر دەرەخنىڭ يوغان شاخلىرىدا بىر-
نەچچە ئادەم ئېسىقلىق تۇراتتى. ئۆلۈكلەرنىڭ يالىڭاياق
پۇتلىرى تاسمىدەك سوزۇلغان پېتى قېتىپ قالغانىدى. جەسەت-
لەرنىڭ ھاڭگايغان چىشلىرى، ئالايغان كۆزلىرى، ئېغىز-
بۇرۇنىدىن ئاققان قانلارغا قارىغان ئادەمنىڭ بەدىنى شۈر-
كۈنۈپ، قويىقى چېچى تىك تۇراتتى. يەنە بىر توپ دەرەخنىڭ
تۈۋىدە ئىككى جاللات شىرتىغا چىقىۋېلىپ، باشقا بىرنەچچە

www.uyghurkitap.com

كىشىنىڭ بويىنىغا سىرتماق سېلىپ يۇقىرىغا تارتىۋاتاتتى. ئاددىيغىنا كىيىنگەن بىرنەچچە قىپچاق يىگىتلىرى قوللىرى ئارقىغا قىلىپ باغلانغان، چىرايى تاتارغان ھالدا، دەرەخ تۈۋىدە دىر - دىر تىترەپ ئۆلۈمنى كۈتۈپ تۇراتتى.

بېشىدا قازاندەك سەللىسى بار، سالاپەتلىك كەلگەن بىر موللا، ئېگىز بوز ئارغىماقنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ ئاۋازىنى سوزۇپ - سوزۇپ ھۆكۈم ئوقۇۋاتاتتى.

— ۋىلايەت ھاكىمىنىڭ پەرمانىنى ئوقۇيمەن. ھەممىڭلار قۇلاق سېلىڭلار! «ساھىب قىران موڭغۇل لەشكەرلىرىنىڭ بىزنىڭ ئېلىمىزگە كەلگەنلىكىنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن سېلىنغان سېلىقنى تۆلىمىگەنلىكى، ئوزۇق - تۈلۈكنى باتۇرلارغا بېرىشكە ئۇنىماي يوشۇرغانلىقى ئۈچۈن چىغىناق شەھىرىنىڭ بارلىق ھىيلىگەر، ئالدامچىلىرىغا ئۆلۈم جازاسى بېرىلدى ...» دەپ ئۇ دارغا ئېسىشقا ھۆكۈم قىلىنغان ئادەملەرنىڭ ئىسمىنى ئارقا-ئارقىدىن ۋارقىرىدى...

بىر چاغدا ئۈشتۈمتۈتلا چىققان بىر چۇقان موللىنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋەتتى. موللا سۆزىنى داۋاملاشتۇرالماي كۆزىنى چەكچەيتكىنىچە قاراپ قالدى. ئۇ يىغلىغان، سۈرەن - چۇقان چىققان تەرەپكە قاراپ سالتاڭ ئاتلىق ئۈچ يىگىتنىڭ قوللىرىدىكى قامچىنى ئوينىتىپ، توپنى ئوتتۇرىدىن يېرىپ، ئالدىغا قاراپ يوپۇرۇلۇپ كېلىۋاتقىنىنى كۆردى. ئەڭ ئالدىدىكى يېرىم يالىڭاچ يىگىت، قولىدىكى ئەگرى قىلىچنى ئوينىتىپ جېنىنىڭ بارىچە ۋارقىراپ كېلەتتى. باياتىن بېرى ھاكىمىنىڭ پەرمانىنى ئوقۇپ كۆرەڭلەپ تۇرغان موللىنىڭ غەزەپ بىلەن كېلىۋاتقان يىگىتلەرنىڭ ھەيۋىسىدىن قورقۇپ جان - پېنى چىقىپ كەتتى - دە، ئاتنىڭ ئۈستىدىن ئاغدۇرۇلۇپ چۈشتى.

— ساراڭ بولۇپ قېلىشتىڭمۇ؟ نېمە قىلىۋاتقىنىڭنى

بىلىشەمسەن؟ — دەپ كۆپچىلىكنىڭ ئىچىدىن بەزى ئادەملەر ۋارقىرىشاتتى، — ۋىلايەت ھاكىمىنىڭ پەرمانىغا قارشى چىقىشقا ھەددىڭلارمۇ؟

— پەرمانىڭنى ئاناڭغا ئاپىرىپ بەر! بازاردىكى ئوغرى-لارنى تۇتۇپ ئېسىشنىڭ ئورنىغا، بايانىدارخاننىڭ گۇناھسىز ئادىل يىگىتلىرىنى تۇتۇپ ئېسىشامسەن. خانىنىڭ ئۆزىمۇ لەشكەرلىرى بىلەن بۇ تەرەپكە كېلىۋاتىدۇ. ھايال ئۆتمەي يېتىپ كېلىدۇ... قانداق پەرمان چۈشەردىغانلىقىنى شۇ ۋاقىتتا كۆرۈشىمەن. كۆرگۈلۈكۈڭنى كۆزۈڭلەرگە كۆرسىتىپ، ھەممىڭنى قىلىچنىڭ ئاستىدىن ئۆتكۈزۈپ، بېشىڭنى سايىنىڭ تېشىدەك دومىلىتىدۇ! — دېدى ئالدىدا ئات چاپتۇرۇپ كەلگەن يىگىت.

دەرەخنىڭ پۇتىقىدا ئولتۇرۇپ، بىر چالنىڭ ۋارقىراپ جارقىرىغىنىغا قارىماي ئاسقىلىۋاتقان ئىككى جاللاتنىڭ يېنىغا ھېلىقى يىگىت چاپتۇرۇپ كەلدى-دە، قىلىچنى بىر ئۇرۇپلا ئارقاننى كېسىۋەتتى. قورقۇپ كەتكەن جاللاتلارنىڭ ھەر ئىككى-لىسى دەرەختىن ئۆزىنى يەرگە تاشلاشتى.

— جان لازىم بولسا، دەرھال چالنىڭ قولىنى يەش! بولمىسا كاللاڭنى تېنىڭدىن جۇدا قىلىمەن، — دەپ ۋارقىراپ كەتتى يىگىت.

پاتىپاراق بولۇپ كەتكەن كۆپچىلىكنىڭ ئىچىدىن كىملەر-دۇر چىقىپ چالنىڭ پۇت-قولىنى يېشىپ ئورنىدىن تۇر-غۇزۇپ قويدى.

— سالامەتمۇ سەن ئاتا! — دېدى يىگىت ئېتىدىن چۈشۈپ، — بۇ ئاتقا تېزرەك مىنگىن! جەبرائىلغا جېنىڭنى تاپشۇرۇشقا تېخى ئەتىگەن.

— دەل ۋاقتىدا كەلدىڭ جېنىم بالام مىنىق! — دېدى چال، — بولمىسا ماۋۇ ئىتنىڭ بالىلىرى مېنىڭ ئىشىمنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

تۆگمەتتى. ئەسلىدە بۇ ياۋۇزلارغا ئوزۇق ـ تۈلۈكنى يوشۇرغان بىرنەچچە سودىگەرنى دارغا ئېسىشلار، دەپ پەرمان چۈشۈرگەنىكەن. بەگلەر ئۇ سودىگەرلەردىن پارا ئېلىپ، ئۇلارنىڭ ئورنىغا ئالدىغا ئۇچرىغان يالاڭتۆش گادايلارنى تۇتۇپ، بۇ بىگۇناھ ئادەملەرنى دارغا ئاستى. مېنىڭ بۇ ئەبلەخلەر بىلەن ھېچقانداق ئېلىش ـ بېرىشىم يوق ئىدى. مېنىمۇ ئۆلتۈرۈشكە تاس قالدى! ئەگەر سەن كەلمىگەن بولساڭ داداڭ ئاۋۇ پوتاقتا ئېسىلىپ تۇرغان بولاتتى. خەپ. قان ئىچەر ياۋۇزلار! مەن شىردەك بەش ئوغۇلنى نېمىگە بېقىپ چوڭ قىلدىم! ھازىر مەن بايانـدارخاننىڭ يېنىغا بارىمەن! بىرىگىنى قويماي كاللىگىنى ئالىدۇ...

يىغىلغان خەلق سۇدەك چايقىلاتتى، ئەتراپ ۋاڭ ـ چۇڭغا تولدى. يىراقتىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان باشقا كىشىلەرمۇ بۇ تەرەپكە قاراپ كېلىپ، ھەممە مالىماتاڭ بولۇپ كەتتى. كىشىلەر بىرىنىڭ سۆزىنى بىرى ئاڭلىيالماي گۇرۇلدەپ تۇرغاندا، مىللا ئۇزۇن تونىنىڭ پېشىنى بېلىگە ئوراپ، پوتىنىڭ ئۇچى بىلەن ئەپلەپ دەسسەپ قۇيرۇقىنى خادا قىلدى، ئۇنىڭ كەينىدىن جاللاتلارمۇ يىگۈرۈشۈپ كېتىشتى. ئۇلارنى كۆرگەن خەلق كەينىدىن تاش ئېتىپ بىرقانچىسىنىڭ بېشىنى ياردى. بەزىلىرىنىڭ قوۋۇرغىسىنى سۇندۇردى.

مىسىق دادىسىنى يۆلەپ ئاتقا مىنگۈزدى.

— يولدا تونۇش پادىچىلاردىن ئىككىسىنى باشلىۋالدىم. مەن ئەھۋالنى ئېيتىۋىدىم بۇ بايقۇشلارمۇ شۇ زامات ئېتىغا مىنىپ چاپتى. كېچىكمەي كەلگىنىمىز ئوبدان بوپتۇ. سەل ھايال بولغان بولساق ئىتنىڭ باللىرى، سېنى جەھەننەمگە يوللاتتىكەن، — دېدى ئۇ.

— ھېلىمۇ بىرىنۇمنىڭ چىڭلىقى دېگىنە، مۇشۇ ياشقا

كەلگىچە نەزەر كەرىزەكنىڭ ئۇچرىغان خەتەرلىرىنى ئاز دەمسەن! ئۇ خەق مېنى، بىر باغلاقتا چىدىماي يۈرىكى قېپىدىن چىقىپ كېتىدىغان قورقۇنچاق دەپ ئويلىغان بولغىيدى. قانداق ئادەم ئىكەنلىكىمنى تېخى كۆرسەتمەن، خۇداغا شۈكرى، تېخى پۇت - قولۇمنىڭ ماغدۇرى كەتكىنى يوق. سىرقۇشقا بېرىپ، قەھرىمانلىق كۆرسىتىپ ھاتۇر دېگەن نامنى ئېلىپ، بىر ئۈيىر يىلقىنى ھەيدەپ كەلگۈدەك غەيرىتىم بار مېنىڭ!...

## ئون ئالتىنچى باب

## خوتۇننىڭ ئەقلى

نەزەر كەرىزەك چال ئۆيگە قايتقاندا، ئاتلىق، پىيادە بولۇپ بىر توپ قىپچاق خۇددى ئۆيگىچە ئاپىرىپ قويۇشنى مەسلىھەتلەشكەندەك ئۇنى ئوتتۇرىغا ئېلىپ چۇۋۇلداپ مېڭىشتى. قۇدرەتلىك خادىنىڭ ① سانسىز كىشىلەرنى جەھەننەمگە يوللىغان قىل ئارقاندىن قۇتۇلۇپ چىققان بۇ كارامەت ئىگىسىنى كۆرۈش ئۈچۈن يولبويىدىكى ئۆيلەردىن كىشىلەر يۈگۈرۈشۈپ چىقىپ ئۇنىڭغا زور قىزىقىش بىلەن قارايتتى. ئۈستىگە جۇۋا كىيىپ، بېلىگە ئەگرى قىلىچ ئاسقان ھالدا ئاتنىڭ ئۈستىدە بېلىنى تۇتۇپ، مەغرۇرانە كېلىۋاتقان نەزەرنى كۆرگەن ھەرقانداق كىشىنىڭ ئۇنىڭ بىلەن بىر- ئىككى ئېغىز گەپلەشكۈسى كېلەتتى.

— نەزەر، قانداق قۇتۇلدۇڭ؟ سېنى قۇتقۇزغان كىم؟

① خادى — بەگ دېگەن مەنىدە.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىنى ئامبىرى
www.uyghurkitap.com

سېنى ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇرغان باتۇرنىڭ ئىسمى نېمە؟
— مەسىق دېگەن كىچىك ئوغلۇم. ئۇ ئات چاپتۇ-
رۇپ كەلدى - دە، ھېچنېمىگە قارىماي قىلىچ بىلەن بىرنى
ئۇرۇپ ئارقاننى كېسىپ تاشلىدى، دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ،
پېتىنىپ بىر نەرسە دېيەلمەيۋاتقان خالايىققا، مەسىقنىڭ باتۇر-
لۇقى غەيرەت قوشتى - دە، خالايىق شۇ زاماتلا قوزغىلىپ
جاللاتلارنى چالما - كېسەك قىلدى، — دېدى نەزەر.
— قايسى ئوغلىكىنا؟ — دېيىشتى توپ ئىچىدىن بەزى-
لەر، — كۆرمىدىڭمۇ؟ ئەنە، دادىسىنىڭ يېنىدا كېلىۋاتقان
كېلىشكەن يىگىت شۇ. بۇلار باياندارخاننىڭ يىگىتلىرى
ئەمەسمۇ...
— ھە، ئۇنداق بولسا، ئۇنىڭغا سىرد يوقكەن، خەلق باش
خادىغا قارىغاندا بايانداردىن بەك قورقىدۇ ئەمەسمۇ.
بىر ھازادىن كېيىن، نەزەر كېرىلىپ - يېيىلىپ ئۆيگە
كەلدى. نەزەر بىر يەرگە ماڭسىلا خوتۇنى: «ئالجغان قىرى،
سېنىڭ نېمەڭ كەم؟ قولۇڭدىن نېمە ئىش كېلىدۇ؟ مۇشۇ ھالىڭ
بىلەن سىرقۇشقا بارىمەن دېگۇچە سىڭگەن نېنىڭنى يېسەڭچۇ!» دەپ
دائىم ئالدىغا ئۆتۈۋالاتتى. «ھازىرغۇ دەل ئەزرائىلنىڭ قولىدىن
قۇتۇلۇپ كەلدىم، قېنى ئەمدى نېمە دەركىن»دەپ ئويلىدى ئۇ.
«ھازىر نەزەرنىڭ شۆھرىتى باياندارخاننىڭكىدىن ئېشىپ
كەتمىدىمۇ!» مۇشۇنداق خىياللار بىلەن ئۆيىنىڭ يېنىغا كەل-
گەندە ئۇنىڭ چىرايىدا خۇددى تاغنى تالقان قىلغان باتۇر-
دەك مەغرۇر، تەكەببۇرانە قىياپەت جىلۋىلەندى.
لېكىن نەزەرنىڭ باتۇرلۇقىدىن قىزتۇغماسىنىڭ غۇرۇرى
ئۆسۈپ، ئۇنىڭ ئالدىدا قىلغان خاتالىقلىرى ئۈچۈن كەچۈرۈم
سورىمىدى، ئەكسىچە ئۇنى كۆرۈش بىلەنلا، خۇددى باشقىلار
ئۇنىڭ جەسىتىنى ئېلىپ كەلگەندەك ئۆيىنى بېشىغا كىيىپ
يىغلاپ تۇرۇپتۇ.

— ھەر كۈنى بىر بالانى تېپىپ كېلىپ، بالىلارنىڭ يۈرىكىنى زېدە قىلسەن، خۇدا جېنىڭنى ئالسىمۇ بېرىپتىكەن! سېقۇشقا بارىمەن دېگۈچە سىڭگەن نېنىڭنى يە دېمىگەنمىتىم؟ ئېيتقىنىم كەپتىغۇ! شۇنچە يېقىن يەردىكى شەھەرگە بارغىچە ھېچ گەپتىن ھېچ گەپ يوق جاللاتلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغان بولساڭ، سېقۇشتىكى ھالىڭ نېمە بولماق؟ بۇندىن كېيىن ئۆيۈڭدىن، خوتۇن - بالاڭنىڭ يېنىدىن نېرى كەتمە...

— ئاغزىڭنى يۇم، — دېدى نەزەر ۋارقىراپ، — قارا تېخى، قانجۇق ئىتتەك قاۋاپ كەتكىنىنى! سەندە ئەقىل دېگەن نېمە بارمۇ؟ مەن خادىمنىڭ قول ئارقىسىدىن قۇتۇلۇپ كەلدىم. دېمەك بۇ ئىشنىڭ ئۆزى مېنىڭ بۇندىن كېيىن بەختىم ئېچىلىپ، ئىشىم ئوڭدىن كېلىدىغانلىقىدىن بېشارەت. ئەمدى ماڭا قىلچىمۇ ئۆتمەيدۇ، ئوقمۇ ئۆتمەيدۇ! سېقۇشقا بارسام، سېقۇشتىن خان بولۇپ قايتىمسامۇ، باتۇر دېگەن نامنى ئېلىپ بىر قورۇ مالنى ئالدىمغا سېلىپ ھەيدەپ كېلىشىمگە خۇدا ئۆزى كېپىل، شۇ ۋاقىتتا، خەلقنىڭ ھەممىسى ئېرىڭگە باش ئېگىپ «ئەسسالامۇئەلەيكۇم، نەزەر باتۇر!» دەپ كەلگىنىنى كۆرىسەن، ئەتىدىن قالماي يولغا چىقىپ، توپتوغرا موڭغول لەشكەرلىرىنىڭ ئەڭ چوڭ قوماندانى سۇبىتاي باھادىرنىڭ ئۆزىگىلا بارىمەن. ئۇ ھەرگىزمۇ مېنى قايتۇرۇۋەتمەيدۇ. قېشىدىن ماڭا لايىق ئورۇن بېرىدۇ.

— سېنىڭ بۇ ئەزمە گەپلىرىڭنى تولا ئاڭلاپ قۇلاقلىرىم زېدە بولۇپ كەتتى. ماختان، يەنە بىر ماختانغىنە! كۆپچىلىك سېنى راستتىنلا قولىدىن ئىش كېلىدىغان ئادەمكەن دەپ قالسۇن! — دېدى - دە، قىز تۇغماس قولىنى بىر شىلتىپ ئۆيگە كىرىپ كەتتى.

نەزەر ئىشىك ئالدىدىكى يېرتىق كىگىزنىڭ ئۈستىگىلا

www.uyghurkitap.com

ئولتۇردى. قوشنا - قولۇملارنىڭ ھەممىسى چالنى ئوتتۇرىغا
ئېلىۋېلىپ، ئىشىك ئالدىدا ئۆرە - تۆپە بولۇشۇپ تۇرۇشاتتى.
نەزەر ئۇلارغا ئۆزىنىڭ كۆرگەن - بىلگەنلىرىنى ھېكايە قىلىپ
بېرىۋاتاتتى. تازا قىزىپ كەتكەن ۋاقتىدا يالغاننى راستەك
قىلىپ سۆزلەپ گۇلىنى - گۇلىگە كەلتۈرۈۋېتەتتى.
— باياندارخاننىڭ ئۆزى مېنىڭ باللىرىمغا ھېچكىمگە
بەرمەيدىغان ياخشى ئاتلىرىنىڭ ئىچىدىن بەش ئاتنى بىر-
بىرلەپ تاللاپ بەردى، — دېدى. ئارقىدىنلا: «باياندار مېنى
كۆرگەن زاماتلا يۈگۈرۈپ كېلىپ قۇچاقلاپ، جېنىم ئاكا نېمە
بولدۇڭ، ئۆزۈڭدىن بىرى كۆرۈنمەيسەنغۇ، دەپ قىلىدىغان
قىلىق تاپالماي كەتتى» دەپ لاپنىمۇ قوشۇپ قوياتتى ھەتتا
ئۇ: «خان ئەللىك مىڭ لەشكىرىي كۈچۈم بار. ئۇنى قانداق
باشقۇرسام، قايسى يوللار بىلەن ئېلىپ يۈرسەم بولىدىكىن،
دەپ مېنىڭدىن مەسلىھەت سورىدى» دېگەن يەرلەرگىچە بېرىپ
يەتتى. پۈتۈن خەلقنى ئاغزىغا قارىتىۋالغان نەزەر پېنى بولۇ-
شىغا ئاتاتتى. شۇ پەيتتە ئۇ، ئۆزىنىڭ يالغان سۆزىگە ئۆزىمۇ
ئىشىنىپ قالدى. كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسى ئاغزىنى ئاچقان پېتى
ھاڭۋېقىپ نەزەر چالنىڭ چېۋەرلىكى بىلەن باتۇرلۇقىغا ھەي-
ران بولۇپ، باشلىرىنى چايقاپ، تاماقلىرىنى چىكىلدىتىپ
ئولتۇراتتى. بەزىلىرى «ئېيتماققا يىگىتلەرنىڭ ھەممىسى مەر-
گەن، قار ياغقاندا ئۈزۈپ چىقىدۇ قېرى مەرگەن، دېگەن
مۇشۇ - دە!» دېيىشتى. ھەتتا «ئۇنىڭغا مەخسۇس بىر قوشۇن
ئات بەرسە، ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى ئەسكەرلەر ھېچقانداق
دۈشمەندىن قورقمايتتى - دە، ياۋنى سىرى - تىرقاي قىلىپ
كۆپ ئولجا ئېلىپ كېلەتتى» دېگەنلەرمۇ بولدى.

كۆپچىلىك كەچ كىرگەندە ئاندىن قايتىشتى. ئۇلار
قايتقاندىن كېيىن، قىز تۇغماس نەزەرنىڭ يېنىغا كېلىپ

ئۇلتۇردى ـ دە، بىر ئامال قىلىپ كېيىمگە كىرگۈزىمەن دېگەن خىيال بىلەن:

ــ سادىغاڭ كېتەي، سوقۇشقا بېرىپ نېمىمۇ قىلارسەن. ئۆيۈڭدە خۇدا دەپ تىنچ ئولتۇرساڭ بولمامدۇ، سېنى ۋەسۋەسىگە سېلىۋاتقان نەرسە زادى نېمە؟ ئاز يە، ئاسان تىرىل دېگەن گەپ بار ئەمەسمۇ؟ ــ دېدى.

بىراق ئايالىنىڭ دېگەن سۆزلىرى نەزەرىنىڭ قۇلىقىغا كىرمەيتتى. ئۇ، بۇرۇنقىدىنمۇ بەتتەر كۆرەڭلەپ، دۇنيا ئۇگتەي ـ توگتەي بولۇپ كەتسىمۇ، ئەتە مېڭغۇللارنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ سەر ـ كەردىسى سۇبىتاي باھادىرنىڭ يېنىغا بارىمەن، دېگەن گېپى ـ دىن زادىلا يانمىدى. ئېرىنىڭ گەپكە كىرمەيدىغانلىقىنى سەز ـ گەن قىز تۇغماس سۇبىتاي باھادىر دېگەن كىم، ئۇ قانداق قىلىپ داڭق چىقارغان دېگەنلەرنى سوراپ بىلدى ـ دە:

ــ ئۇ زاتنىڭ ئۆزى باي ھەم مەشھۇر كىشىكەن، شۇن ـ داق بولسىمۇ ئۇنىڭغا قورۇق قول بېرىشقا بىرلمايدۇ. باي ئادەملەر قولتۇقى دۆڭ كەلگەن ئادەمنى ياخشى كۆرىدۇ، «بەرگەن بەگكە ياراپتۇ، بەرمىگەن كىمگە» دېگەن سۆز بار ئەمەسمۇ. ھېچ بولمىغاندا تۇخۇنىڭ تۇخۇمىنى بولسىمۇ ئالغاچ بارغىن، ئەڭ ياخشىسى ئۇنىڭغا بىزنىڭ سېرىق خورازنى ئالغاچ بارغىن، ياخشى بولسۇن، يامان بولسۇن ھەرھالدا سوۋغا بولالايدۇ، بىرلا كەمچىلىكى پېيى شالاڭراق، لېكىن ئۇنىڭمۇ ھېچ ۋەقەسى يوق. بۇخارا تېخولىرىنىڭ ھەممىسى شۇنداق بولىدۇ. تاڭ سەھەردە چىللىغاندا مەسچىتنىڭ مەزىن ـ لىرىدىن قېلىشمايدۇ، كىم بىلىدۇ، بۇ يوللۇق سوۋغا بولۇپ قالامدۇ تېخى... ــ دېدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## ئون يەتتىنچى باب

# يۇلتۇز

يۇلتۇز بۈگۈنمۇ كۈندىكى ئادىتى بويىچە، تاڭ يورۇما-ستىنلا ئورنىدىن تۇرۇپ، بىر قىرۇ قوزىنى ئوتلاققا ھەيدەپ ماڭدى. ئۇ يېقىملىق ئاۋازى بىلەن ناخشا ياڭرىتىپ قوزىلار-نىڭ كەينىدىن ئاستا كېتىۋاتاتتى. مىسقىمۇ سەھەردە ئورنىدىن تۇرۇپ ئېتىغا مىندى - دە، قارا كۆرۈپ يۇلتۇزنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ ماڭدى. يېزىدىن ئۇزاپ خېلى بىر يەرگە بارغاندىن كېيىن، ئىككىسى بىر دۆڭنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ ئۇزۇنغىچە پاراڭلاشتى. يۇلتۇز ئۇرۇش توغرىسىدا: «ئۇرۇشتىن قاچان قاي-تىسىلەر؟ ئۇرۇش ئۇزۇنغا سوزۇلارمۇ؟» دېگەندەك سوئاللارنى سورىدى. «ئۇرۇش» دېگەن سۆزنى تىلغا ئالغاندا يۇلتۇزنىڭ چىرايى تاتىرىپ، ئۇنىڭ دائىم كۈلۈمسىرەپ تۇرىدىغان ئىللىق چىرايىدا قانداقتۇر بىر غەمكىنلىك پەيدا بولغانىدى. سوقۇش باشقىلار ئۈچۈن ئويۇن - تاماشا ياكى پايدىلىق ئىش بولۇشى مۇمكىن. لېكىن يۇلتۇز ئۇنىڭدىن بىزار ئىدى. ئۇ نېمىشقا بىزار بولمىسۇن! بۇرۇن مىسىق ئۇنىڭ بىلەن ھەر قېتىم ئۇچ-راشقىنىدا كەلگۈسىدىكى تۇرمۇش توغرىسىدا شېرىن پاراڭلارنى قىلىشاتتى. ئەمدى يېڭى شۇم خەۋەرلەر ۋەجىدىن ئۇلارنىڭ شېرىن خىياللىرى كۆپۈككە ئايلانغانىدى. يامانىنى ئويلىمىغىچە ياخشىلىق يوق دېگەندەك، مۇبادا مىسىق سوقۇشتىن قايتىپ كېلەلمىسە قانداق قىلغۇلۇق؟ ياقا يۇرتلاردا قازا بولۇپ كۆ-زىنى قاغا چوقۇغان، ئۆلۈكىنى ئىت يېگەن يىگىتلەر ئازمىدى.

مىسىق ئارتۇقچە جاۋاب قايتۇرماي مىيىقىدا كۈلۈپ قوي-
دى. يۇرت كۆرۈش، قانلىق جەڭ مەيدانلىرىدا بولۇش ئوغۇل
باللىنىڭ ھاياتىدىكى زور ۋەقە ئەمەسمۇ! يىگىتنىڭ باتۇر
دېگەن نام ئېلىپ، داڭق چىقىرىدىغان، بۇرۇن كۆرمىگەن يات
خەلقلەرنى، يات يەرلەرنى كۆرىدىغان پەيتى ئەمەسمۇ. ئۇرۇش-
تىن قايتقاندا ئۇ خىلمۇ خىل ئولجىلارنى ئېلىپ كېلىدۇ.
ئۇلاردىن قۇلۇم - قۇشنىلارنىڭ ھەممىسىگە بۆلۈپ بېرىدۇ.
بولۇپمۇ يۇلتۇزغا ئېسىل يىپەك كىيىملەرنى، ئۇققا، بەلباغلارغا،
ياقۇت ھالقا، ئالتۇن بىلەيزۈك، لەئلى - ياقۇتلاردىن كۆز
قويغان ئالتۇن ئۈزۈكلەردىن ئەكېلىپ بېرىدۇ.

ئۇرۇش مىسىققا ئەنە شۇنداق ئوڭاي بىلىنەتتى. ئۇ يۇل-
تۇزغا يۇقىرىقى خىياللىرىنى ئېيتتى. لېكىن بۇ قىزغىن ۋەدىلەر
يۇلتۇزنى قايىل قىلالمىدى. يۇلتۇزنىڭ كۆز ياشلىرى يېڭى
ئۈزۈلگەن مارجاندەك تۆكۈلەتتى.

— قۇرۇپ كەتسۇن شۇ ئۇرۇش! زادى ئۇنىڭ كىمگە
پايدىسى بار؟ ئۇرۇشنىڭ تەمىنى بىزنىڭ خەلق ئوبدان تېتى-
غان. موڭغۇللارنىڭ چىغناق شەھىرىگە قىلغان ھۇجۇمى
ھېچكىمنىڭ ئېسىدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتكىنى يوق. ئۇلار شەھەرنى
ۋەيران قىلىپ، ئوت قويۇپ كۈلىنى كۆككە سورىدى. شەھەر-
دىكى ئاياللار بىلەن كىچىك باللارنىڭ تەڭ يېرىمىنى دېگۈ-
دەك قەيەرلەرگىدۇر ھەيدەپ كەتتى. ھازىرغىچە ئۇلارنىڭ ئىز-
دېرىكى يوق. مەنمۇ شۇ ۋاقىتتا ئاتا - ئانامدىن ئايرىلىپ
يېتىم قالغانىدىم... ماڭا ھېچقانداق ئېسىل نەرسىنىڭ كېرىكى
يوق! ئىككىمىز بېشىمىزنى تىققۇدەك بىر كەپە بولسىمۇ تىكىپ
ئولتۇرۇپ، ئۈچىمىز يالىڭاچ، قورسىقىمىز ئاچ قالمىغۇدەك
ھالغا قاچانمۇ يېتىشەرمىز، دەپ يۈرمىگەنمىدۇق. شۇنداق
كۈنلەرنىڭ تېزرەك يېتىپ كېلىشىنى تۆت كۆز بىلەن كۈتمى-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

گەنمىدۇق. ئەجەبا سەن ئەمدى ئۇ ئۇمىدلەردىن ۋاز كېچىپ، ياۋۇز موڭغۇللار بىلەن بىرگە ئادەم ئۆلتۈرۈپ، خەلقنى تالان-تاراج قىلىشقا، دۇنيانىڭ بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىغا ئوت قويۇشقا بارغىلى ۋاتىسەن - ھە!

— يۇلتۇز ھەرگىز كۆز يېشىڭنى تۆكمە! قانداق قىلارمەن، دەپ غەم يېمە! سېنى ئۆمۈر بويى ئۇنتۇمايمەن. يالغۇز تاشلىمايمەن. ئۇرۇش سەپەرلىرىدە، جەڭ مەيدانلىرىدا ھەر دائىم سېنى ئەسلەيمەن... ماڭغان دەريا، ياتقان بېرىيا دېگەندەك... — دېدى مىسىق كۈلۈپ تۇرۇپ، — قاراپ ئولتۇرغان بىلەن كىم بىزگە بىر نېمە بېرىدۇ.

مىسىق شۇنداق دېدى - دە، يۇلتۇزنى قۇچاقلاپ تۇرۇپ لېۋىدىن بىرنى سۆيۈپ، ئېتىغا مىندى، ئاندىن باياندارخاننىڭ سانسىز يىلقىسى يايلاپ يۈرگەن تەرەپكە قاراپ كەتتى.

ئېتىنى يورغىلىتىپ كېتىۋېتىپ، يول بويىدا ئۇ بىر توپ ئاتلىق ئادەملەرگە يولۇقتى. ھەممىسىنىڭ مىنگىنى ئېغىزدۇرۇقنى چايناپ، تېزگىننى سېرىپ تۇرغان يارامىلىق ئاتلار بولۇپ، ئالتۇن - كۈمۈش بىلەن قاپلانغان ئېگەر - جابدۇقلىرى كۆزنى قاماشتۇرۇپ تۇراتتى. ھەممىسىنىڭ دېگۈدەك قولىدا بىردىن قارچىغا، يېنىدا بىردىن يۈگۈرۈك تايغان بار ئىدى. سەل نېرىدا ئىككى يۈزگە يېقىن ئاتلىق يىگىت بىر مۇنچە ياۋايى ھايۋانلارنى ئوتتۇرىغا ئېلىپ ۋارقىراپ، قىقاس سېلىپ قاپ-ساپ تۇتقىلى ۋاتاتتى. مىسىق توختىماي ئۆتۈپ كەتتى. بىرئازدىن كېيىن، قېلىن ئورماننىڭ ئىچىدىن تۆت كېيىك چىقىپ كەلدى - دە، بويۇنلىرىنى سوزۇپ چۆلگە قاراپ قاچتى. ئوۋچىلار، كېيىكلەرنى كۆرۈش بىلەنلا يوپۇرۇلۇپ قوغلاپ، يۇلتۇز قوزا بېقىپ يۈرگەن تەرەپكە قاراپ كەتتى. بۇنى كۆرگەن مىسىق: «بۇ موڭغۇل خانلىرى گۈزەل قىزنى كۆرگەندىن كېيىن قىزىقىپ يىگىتلىرىگە: «ئاتنىڭ ئالدىغا ئېلىپ مېڭىڭ

لارا، دەپ يۈرمىگەندى. خانلار قائىدە ـ قانۇنلارنى بىلەمدۇ. ئۇلار بىرسىنىڭ ئارزۇلۇق بالىسىغا، سۆيگەن يارىغا قارايتتىمۇ! ئۆزىنىڭ تويىماس نەپسىنى قاندۇرسىلا بولىدۇ» دەپ ئويلىدى.

مىسىق كىچىچە يىلقىدا يۈرۈپ، ئەتىسى ئۆيگە قايتىپ كەلدى. ئۆيدە دادىسى نەزەر كەرىمەك بىلەن تۆت ئاكىسى يىغلاپ ئولتۇراتتى. مىسىق ئۆيگە كىرىشى بىلەنلا ھەممىسى قايناغان قازانغا سۇ قۇيغاندەك جىممىدە بولۇپ قالدى. مىسىق ئۇلارغا سالام قىلدى ـ دە، يىغان تاۋاقتا دۆۋىلەپ ئۇسقان پۇلۇنى ئوتتۇرىغا ئېلىپ ئولتۇرغان قېرىنداشلىرىنىڭ يېنىدىن ئورۇن ئالدى. ھەممىسى سىمىز قوي گۆشى بىسىلغان پولۇنىڭ مېيىنى ئاققۇزۇپ تۇرۇپ ھەدەپ يېيىشكە باشلىدى.

«بىزنىڭ ئۆيگە بۇنداق ئامەت نەدىن كەلگەندۇ، دادام ياكى ئاكاملار بىر چوڭ ئولجىغا ئىگە بولغان ئوخشىمامدۇ. بۇ قانداق ئولجىكىنە، بالىلىرىنى مۇشۇنچىلىك مايلىق پولۇ بىلەن تويغۇزغۇدەك دادام قانداق ئامەتكە يولۇققاندۇ؟»

مىسىق ئانىسىغا قارىدى، ئانىسىنىڭ قىزىرىپ، ئىششىپ كەتكەن كۆزلىرىدىن ھازىرلا يىغىدىن توختىغانلىقى مانا مەن دەپ چىقىپ تۇراتتى. «ئاپامغا نېمە بولدىكىنە؟ نېمىشقا قاپ-قىنى تۇرۇپ چىنىنى چىنىگە ئۇرۇپ يۈرىدىكىنە؟ تۇرغاننىڭ دادىسىنىڭ يېنىدا ئولتۇرماي كەپسىزلىك قىلىپ تەنبىھ يېگەن بالىلاردەك بوسۇغىدا دومسىيىپ تۇرغىنى نېمىسى» دەپ ئويلىدى ئۇ.

— مىسىق نېمىشقا يېمەيسەن؟ — دېدى چىرىك ئاكىسى بىر ـ ئىككى كاپامدىن كېيىنلا قولىنى تارتىپ ئولتۇرغان مىسىققا قاراپ.

مىسىق ئارىسالدا بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ يۈرىكى بىر كۆ-

گۈلسىزلىكنى سەزگەندەك، «ئاپام بىلەن كەنجى ئىنىمنىڭ بۇنداق قىلىپ يۈرگىنى، ماۋۇلارنىڭ تاسادىپىي مايلىق پولۇغا رىسقى چۈشۈپ يايراپ كەتكىنى ئەجەب ئىش - ھە؟» دېگەن پىكىر بىلەن بىئارام بولاتتى. ئۇ ئۇيان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ ھېچنېر نەتىجە چىقىرالمىدى.

دادىسى يوغان ياغاچ تاۋاقتىكى پولۇدىن ئالقىنىنى تول-دۇرۇۋېلىپ بىردە ئۇ بالىسىنىڭ، بىردە بۇ بالىسىنىڭ ئاغزىغا سېلىپ قوياتتى... بۈگۈن ئۇنىڭ كەيپى ناھايىتى چاغ ئىدى. ئەمدى ئۇ ئالقىنىغا چىڭداپ تۇرۇپ يىغقان بىر كاپام پولۇنى مىسقىنىڭ ئاغزىغا تەڭلىدى، لېكىن مىسىق كەينىگە داجىپ تۇرۇۋالدى.

— يېمەيمەن! — دېدى ئۇ خوپىلىنىپ، بىر ئازدىن كېيىن يوغان ياغاچ تاۋاقتىكى پىرلو پاك - پاكىز تۈگىدى. پولۇغا راسا تويۇپ مەززە قىلغان تۆمۈر ئىنىسىغا بۇرۇلۇپ گىدەيگەن قىياپەتتە:

— ئەزىزىم مىسقىجان! دادىمىزنىڭ مۇشۇ بەش ئوغلى قوللىرىغا ئۆتكۈر تىغ ئېلىپ، بىردىن يارامىلىق ئات مىنىپ ئۇرۇش سەپىرىگە لايىق ئېگەر - توقۇم، ساۋۇت - قالقانلار بىلەن قوراللىنىپ ئاندىن باياندارخانىنىڭ ھوزۇرىغا بارغاندا ھەممىمىز ئىت تالىشىۋاتقان گادايدەك شۇمشىيىپ ئولتۇرساق، خان بىزنى لەشكەرلىككە قوبۇل قىلىشى بۇياقتا تۇرسۇن ھەتتا يېنىغىمۇ يېقىن يولاتمايدۇ... شۇنىڭ ئۈچۈن...، — دېيىشىگىلا مىسىق ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ ماڭدى - دە، ئىشىك ئالدىغا كەلگەندە توختاپ قالدى.

— بۈگۈن نېمە ئۈچۈن ئۆمرۈڭلاردا كۆرمىگەن مەئىشەتكە ئېرىشكەنلىكىڭلارنى چۈشەندىم! سەنلەر يۇلتۇزنى بازارغا ئاپى-رىپ يوغان قورساق بايغا ياكى بىر سودىگەرگە ھايۋان ئور-

نىدا سىتىپسىلەر ـ دە! سەنلەرنىڭ توساتتىن بېيىپ قېلىشىڭلارنىڭ سىرى ماڭا ئايان بولدى، ـــ دېدى مىسىق غەزەپ بىلەن.

ـــ جېنىم ئۇكا، ئۆزۈڭ ئويلاپ باق، چىغىناقنى يەر بىلەن يەكسان قىلغان بىر توپ قان ئىچەرلەر ئۇۋىغا چىققانىكەن. شۇلار بۈگۈن بىزنىڭ يېزىنى بېسىپ ئۆتتى. قوزا بېقىپ يۈرگەن يۇلتۇزنى كۆرۈش بىلەنلا: «بۇ قىزنى ئانىسى بىزنىڭ خانىمىز ئۈچۈنلا تۇغقانىكەن، بۇنى بىزگە بېرىڭلار!» دەپ كانىدەك يېپىشىۋالدى. دەرھاللا يېنىدىن يىگىرمە تۆت دىنارنى ئېلىپ تاشلاپ قويدى. بۇنچىلىك پۇل بىزگە نەدىن كېلەتتى دەيسەن؟ پۇلنى كۆرۈپ قىزىدۇق. توغرا بولسىمۇ، بولمىسىمۇ بولغۇلۇق بولدى. ماۋۇ تۆت دىنار سېنىڭ ئۈلۈشۈڭ. بىز بۇ پۇلنى ئادىللىق بىلەن بۆلدۇق، ـــ دەپ تۆمۈر تۆت دىنارنى شىرداق ئۈستىگە تاشلاپ قويدى.

مىسىق بېلىدىكى بەلباغقا قىستۇرۇۋالغان خەنجىرىنىڭ دەستىسىگە تايىنىپ تۇرۇپ سالماق، لېكىن پەس ئاۋاز بىلەن:

ـــ بۇندىن كېيىن مېنىڭ دادام يوق، بىر تۇغقان ئاكىلىرىممۇ يوق! سىلەرنى كۆرەرگە كۆزۈم يوق! مۇبادا ئالدىمغا يولۇقۇپ قالساڭلار مېنىڭدىن رەھىم كۈتكۈچى بولماڭلار! ـــ دېدى ـ دە، ئۆيدىن چىقىپ كەتتى. ئولتۇرغانلارنىڭ ھەممىسى خۇددى بېشىدا چاقماق چېقىلغاندەك يەرگە قاراپ ئولتۇرغىنىچە قېتىپ قالدى. مىسىق ئاتقا مىنىۋاتقاندا نېمە دەركىن دەپ يۈگۈرۈپ چىققان ئانىسى بىلەن تۇرغان ئۇنىڭغا تەلمۈرۈپ قارايتتى.

ـــ جېنىم بالام، قاچان قايتىسەن؟ ـــ دېگەن ئانىسىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى.

ـــ ئۆمۈر بويى قايتىپ كەلمەيمەن! ـــ دېگىنىچە مىسىق ئېتىغا قامچا ئۇرۇپ چېپىپ كەتتى.

www.uyghurkitap.com

## ئون سەككىزىنچى باب

# دەرۋىشلەرنىڭ ھەممىسى يىغىلسۇن

سۇبىتاي باھادىر نۆكەرلىرىگە، ئاتارمەن - چاپارمەنلىرىگە: «ئۆزى دەرۋىش، ھەم تارىخچى، ھەم شائىر ھاجى رەھىم ئەل باغدادى دېگەن مەشھۇر بىلىملىك بىر زات بار، شۇنى تېپىپ كېلىڭلار» دەپ يارلىق چۈشۈرۈپ، چىغىناق شەھرىنىڭ ھەممە بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىنى قويماي ئاختۇرۇپ چىققاندىن كېيىن، «شەھەردە دەرۋىشنىڭ ھېچقانداق دېرىكى يوق، ۋەيرانە كۆلبىسىنىڭ ئىشىكى تاقاقلىق، ئۆزىنىڭ نەگە كەتكەنلىكى نامەلۇم» دەپ قايتىپ كېتىشتى.

نۆكەرلەرنىڭ جاۋابىغا ئاچچىقلانغان سۇبىتاي: «ئەتە ئەتىگەندىن باشلاپ چىغىناقتىكى دەرۋىش ئاتالغانلارنىڭ ھەممىسىنى، شەيخ، پىرلىرى بىلەن قوشۇپ يىغىپ كېلىڭلار» دەپ ئىككى يۈز لەشكەرنى ئەۋەتتى.

لەشكەر باشلىقىنىڭ دېگىنى بويىچە، ئەتىسى پۈتكۈل دەرۋىش، دىۋانە، مۇساپىرلارنىڭ ھەممىسى سۇبىتاينىڭ تۇرالغۇسىغا ھەيدەپ كەلدى. دەرۋىشلەر ئۈستىگە كەڭ بەقەسەم چاپانلارنى كىيىۋالغان بولۇپ، بۇ چاپانلار جۇلدۇر - جۇلدۇر بولۇپ كەتكەن، بەللىرىگە مۈنچاقلاردىن ئېسىپ ياسالغان بەلباغلارنى باغلىۋالغانىدى. بەزىلىرى ۋارقىرايتتى، بەزىلىرى ھۆركىرەيتتى. يەنە بەزىلىرى بولسا، ناخشا ئېيتاتتى، زىكرى سوقاتتى، ئۇلار ئەنە شۇنداق يەر - جاھاننى سۈپۈرۈپ تاشلايدىغان ئەلپازى بىلەن كېلىپ توختىدى. توختىغاندىن كېيىن، ھەلقە

تۇزۇپ «ياﺋاللا – ھەق!» دەپ ۋارقىراشتى. بەزىلىرى زىكرى سۆھبەتتە بولۇپ دۇئا – تەكبىر قىلىشتى. بۇ تۈپنىڭ ئەڭ ئالدىدىكى بىر نەچچە قەلەندەرلەر چاقپەلەكتەك پىرقىراپ ئۇسسۇلغا چۈشتى. بۇنىڭ ئىچىدىكى ئۈستىبېشى پاسكىنا، چاچلىرى پاخپىيىپ گەدىنىگە چۈشكەن بىرسىنىڭ مۈرىسىدە بىر مايمۇن چوقچىيىپ ئولتۇراتتى. بۇ ۋەھىمىلىك ۋارقىراش-جارقىراشلاردىن قورقۇپ كەتكەن مايمۇن دەرۋىشنىڭ مۈرىسى-دىن چۈشمەي تۇرۇپلا شىبىخنى قىيۇۋەتتى.

نۆكەرلەر دەرۋىشلەرنى تۆت ئەتراپتىن قورشاپ، رەت بويىچە تىزدى. ئۇلار «بىز ئەۋلىيا زاتىدىن بولىمىز، بىزگە بىر ھەققىي ئاللادىن باشقا ھېچكىمنىڭ قۇدرىتى يەتمەيدۇ» دېيىشىپ ئۆزىنى – ئۆزى ماختاپ كۆككە كۆتۈرۈپ بۇرۇنقى-دىنمۇ قاتتىقراق ۋارقىراپ كېتىشتى. بىر نەچچە دەرۋىش خەلقنىڭ ئىچىگە چۈشۈپ يېقىنداشقا باشلىدى، ئۇلاردىن بەزى-لىرى خۇدىنى يوقىتىپ كەينىگە ئۇچۇپ كەتتى.

بىر ھازادىن كېيىن سەل نېرىغا جايلاشقان ھەيۋەتلىك ئاق ئوردىدىن ئاتاقلىق قوماندانىنىڭ ئۆزى چىقىپ كەلدى. قوماندان ياشىنىپ قالغان ئادەم ئىدى. ئۇ سۆڭگىچىنى چىقىرىپ، بىر پۈتىنى سۆرەپ مېڭىپ دەرۋىشلەرنىڭ ئالدىغا كەلدى. ئۇنىڭ چانىقىدىن چىقىپ كېتەي دەپ چەكچىيىپ تۇرغان يالغۇز كۆزى، چىرايىدىن مۇز چىقىپ تۇرغان سۈرلۈك قىياپىتى، باياتىن بېرى چۇۋۇلداۋاتقان دەرۋىشلەرنى قايناۋات-قان قازانغا سوق سۇ قۇيغاندەك تىمتاس قىلدى. بىر ئۇياققا، بىر بۇ ياققا سەكرەپ پىرقىراپ يۈرگەن بىر دەرۋىش قىرقى-نىدىن يەرگە ئۆزىنى ئېتىپ دۈملا ياتتى. ئۇ كۆزىنى ئاستا ئېچىپ، ئاتاقلىق موڭغۇل قوماندانىنىڭ قەددى – قامىتى ۋە ئۇنىڭ ھەرىكەتلىرىدىن كۆزىنى ئالماي مارىغان پېتى يېتىۋەردى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئالېمى

سۇبىتاينىڭ يېنىغا قىزىل تون كىيىپ، بېشىغا ئاق سەللە يۆگىگەن بىر ياش يىگىت كەلدى. بۇ تىلماچ بولۇپ، سۇبىتاي باھادىر سۆزلەۋاتقاندا، ئۇنىڭ سۆزىنىڭ بىرىنى قالدۇرماي تەرجىمە قىلىپ تۇردى.

— ئەۋلىيا زاتىدىن بولغان ئاقساقاللار!... سىلەر يەر يۈزىدە ئىستىقامەت قىلىپ يۈرگەن ئاددىي بەندىلەردىن خۇداغا بىر قەدەم يېقىن تۇرىسىلەر، سىلەر بۇ پانىي دۇنيانى تەرك ئېتىپ، خۇدا يولىنى تۇتتۇڭلار... شۇڭا سىلەر ھەممىگە قابىل... سىلەر ھەممە مەۋجۇداتنىڭ سىرىنى بىلگۈچى... — دەپ تىلماچ سۇبىتاينىڭ سۆزىنى دەرۋىشلەرگە ئېيتىپ بەردى.

دەرۋىشلەر خۇددى ئانىسىنى كۆرگەن قۇش بالىلىرىدەك تەرەپ - تەرەپتىن چۇرقىرىشىپ:

— بىزنىڭ بىلمەيدىغانلىرىمىزمۇ بار! مىسالى بۈگۈن بىزگە كىمنىڭ تاماق بېرىدىغانلىقىنى بىلمەيمىز! — دېيىشتى ئۇلار.

سۇبىتاي يەنە ئالىيىپ بىر قارىۋىدى، چۇرقىرىشىۋاتقانلارنىڭ ھەممىسى جىمجىت بولدى.

— ماڭا بىر دەرۋىش كېرەك ئىدى، ئىسمى... ئىسمى نېمىدى ئۇنىڭ؟ — دەپ سۇبىتاي تىلماچقا بۇرۇلۇپ قارىدى.

— ھاجى رەھىم ئەل باغدادى! تونۇيدىغىنىڭلار بارمۇ؟

— بىز ئۇنى تونۇمايمىز، بىزنىڭ ئىچىمىزدە ئۇنداق ئادەم يوق. ئۇنىڭ ئورنىغا ئارىمىزدىن خالىغان دەرۋىشنى تاللىۋال. بىز ساڭا ئۆمرىمىزنىڭ ئاخىرغىچە سادىق ئىشلەيمىز، — دېدى دەۋرىشلەر.

سۇبىتاي دەۋرىشلەرنىڭ ۋاراڭ - چۇرۇڭى بېسىلغىچە جىم تۇردى - دە، ئاندىن كېيىن:

— ھەممىڭلارنى يىقان بىلەمۇ ئۇنىڭغا تەڭ كېلەلمەي-

سىلەر! ئۇنىڭ ئېلىۋەتكەن تىرىشقىنىمۇ ئەرزىمەيسىلەر! بىلىدىغىنىڭلار سۆزلەڭلار، بىلمەيدىغىنىڭلار تىنىچ تۇرۇڭلار، — دېدى.

دەل شۇ ۋاقىتتا يىغىلغان توپنىڭ ئىچىدىن:

— مەن بىلىمەن! مەن دەپ بېرەي، — دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى. قىستىلىشىپ تۇرغان ئادەملەرنىڭ ئوتتۇرىسىنى يېرىپ بىر چال ئالدىغا چىقتى. ئۇنىڭ ئۇستىبېشى قارىغۇسىز، كىيىم - كېچەكلىرى بەكمۇ ناچار ئىدى. ئۇ بىر سېرىق خورازنى ياغلىقا ئوراپ قولتۇقىغا قىسىۋالغانىدى. بۇ خورازنىڭ پەيلىرى چۈشۈپ كەتكەن بولۇپ، ئېتى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. قىپقىزىل تاجىسىمۇ بىر تەرەپكە ساڭگىلاپ تۇراتتى. چال خورازنى قولتۇقىدىن ئېلىپ يەرگە قويدى - دە، سۇبىتاينىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى:

— سەن ئۇلۇغ قوماندان، — دېدى چال تىترىگەن ئاۋاز بىلەن، — سەن ئىنسانلار ئىچىدە تەڭدىشى يوق ئادەمسەن. سەن ئالمىغان قامال، سەن ئاشمىغان داۋان، سەن ئۆتمىگەن داۋان يوق! سەن پۈتۈن دۇنيانىڭ بويسۇندۇرغۇچىسەن. شۇڭا باشقىلار بىلەن بىرگە كېلىپ ساڭا باش ئېگىپ تۇرۇپتىمەن. مېنىڭ ساڭا ئېلىپ كەلگەن سوۋغىتىم مانا مۇشۇ خوراز. بۇ ئالاھىدە خوراز بولۇپ، ئاۋازى ھەممە خورازلارنىڭ ئاۋازىنى بېسىپ چۈشىدۇ ھەتتا مەزىننىڭ ئاۋازىدىنمۇ ساز. ئۇ كېچە - كۈندۈز بەختىڭنى تىلەيدۇ، مەرتىۋەڭنى ئاشۇرىدۇ.

چال خورازنى باھادىرنىڭ ئالدىغا يۆتكەپ قويدى. بۇ يوغان سېرىق خوراز، سۇبىتاي تەرەپكە قاراپ بىر - ئىككى قەدەم باستى - دە، سۇبىتايغا كۆزىنىڭ قىرى بىلەن قارىغىنچە تۇرۇپ قالدى.

قوماندان نەزەرىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئاغزىنىڭ ئۇچىدىلا كۈلۈپ قويغان بولدى.

www.uyghurkitap.com

— مەن سەندىن خوراز سورىمىدىم، دەرۋىش ھاجى رەھىمنى سوراۋاتىمەن، — دېدى ئۇ.

— مەن ئېيتاي، ئۇ يىراقتا ئەمەس، دەل مېنىڭ ئۆيۈمدە ئاغرىپ ياتىدۇ. مەن سېنىڭ سادىق قۇلۇڭ نەرەز كەرىزەك بولىمەن. بىر توپ لۈكچەك، ئۇ بىگۇناھ بىچارىنى ئۇرۇپ ئىت تالىشۋەتكەن گادايدەك قىلىۋېتىپتۇ. پۈتۈن بەدىنى تاياق زەربىسىدىن ئاغرىپ تا ھازىرغىچە ئورنىدىن تۇرالمايۋاتىدۇ.

سۇبىتاي باھادىر تىلماچقا قاراپ ئىما قىلدى:

— تىلماچ سەن نۆكەرنى باشلاپ ماۋۇ چالنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، ھاجى رەھىمنى دەررۇ بۇ يەرگە ئېلىپ كەل، ئۇنىڭغىچە بۇ چالنى قولۇڭدىن چىقارما! ئەگەر يالغان سۆزلىگەن بولسا كاللىسىنى تېنىدىن جۇدا قىل! — دېدى.

— خوپ تەخسىر!

ئۆيىگە قايتاي دەپ بۇرۇلۇۋاتقان سۇبىتاي توساتتىن چەپپىدە توختاپ:

— ماۋۇ خورازنى مەن ئالاي، تەلىپىڭ نېمە؟ — دېدى ئۇ نەزەرگە قاراپ.

— مېنىڭ سەندىن تىلەيدىغان بىردىنبىر تىلىكىم — مېنى بۇ يۇرۇشتە بىللە ئېلىپ ماڭساڭ.

— ئالدى بىلەن دانا ھاجى رەھىمنى ئېلىپ كەلگىن! قالغان گەپ بولسا كېيىن كۆرەرمىز، — دېدى - دە، ئۇ پۈتىنى سۆرەپ ماڭغىنىچە ئۆيىگە قاراپ ماڭدى.

سۇبىتاي كېتىۋاتقاندا، باياتىن تىنىچ تۇرغان دەرۋىشلەر: «بۈگۈن بىزگە كىم تاماق بېرىدۇ؟ بىزنى بۇ يەرگە نېمە ئۈچۈن چاقىردىڭ؟» دەپ چۇۋۇلدىشىپ كەتتى.

سۇبىتاي تىلماچقا بىر نېمە دەپ شىۋىرلىدى:

— ۋارقىراشماڭلار! — دېدى تىلماچ، — سۇبىتاي باھادىر

سىلەرگە لەشكەرلەرنىڭ غېمىنى يەپ ئۇلار ئۈچۈن ھەردائىم دۇئادا بولسۇن، دېدى. غەرب ئەللىرىگە يۈرۈش قىلىشنى خالاي-دىغانلار بىز بىلەن بىرگە ماڭسۇن. بىراق ئۆز تامىقىنى ئۆزى تېپىپ يەيدىغان بولسۇن، — دېدى.

— سەن ھەممىگە قادىر سەن! سەن ئۇلۇغ ئادەم سەن. ھازىر بىزگە تاماق بەرسۇن، دەپ بۇيرۇق قىلغىن... — دېيىشتى دەرۋىشلەر.

سۇبتاي باھادىر:

— مەن ھېچكىمنىڭ بېشىنى سىيلىيالمايمەن. مەن بىر ئاددىي لەشكەر، خاننىڭ خىزمىتىدە بولۇۋاتقان بىر نۆكەر. خۇدا يولىنى تۇتقان ئەۋلىيا - ئەنبىياھلار سىلەر چىغىناقنىڭ باي سودىگەرلىرىگە بېرىپ، موڭغۇل لەشكەرلىرىنىڭ قوماندانى «بىزنى تاماقتا تويغۇزسۇن» دەپ يارلىق چۈشۈردى، دەڭلار! — دېدى سۇبتاي باھادىر.

دەرۋىشلەر ئاۋۋالقى ھالىتىدە بىرى ۋارقىراپ، بىرى زىكرى سوقۇپ، بىرى ناخشا ئېيتىپ قايتىدىن چىغىناق شەھرىگە قاراپ ئوپۇر - توپۇر بولۇپ مېڭىشتى.

## ئون توققۇزىنچى باب

## جاھانگىرنىڭ ئارمىنى[1]

چىڭگىزخاننىڭ قەھرىمان باتۇرلىرىمىز،
خەلق بېشىغا چۈشكەن يانغىن - چاقماقتۇرمىز.
كېسىپ باش سانسىز ئەلنى چۆپتەك قىردۇق،
دەشت باياۋاندا تالاي - تالاي بەزمە قۇردۇق.
(قەدىمكى موڭغۇل قوشىقى)

تەقى - تۇرقى ئۆزگىچە بولغان بىرنەچچە ئادەم جىبسەكتە تۇرغان موڭغۇل لەشكەرلىرىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتى. ئۇلار

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

موڭغۇل قوشۇنىنىڭ باش قوماندانى سۇبىتاي باھادىرنىڭ ئۆزى بىلەن كۆرۈشمىز، دېيىشتى. جېسەكچىلەر ئۇلارنى توختىتىپ سوئال سوراشتى - دە، ھايال بولمايلا ئۆتكۈزۈۋېتىپ كەينىدىن ھەيرانلىق بىلەن قارىشىپ قالاتتى. ئۇلارنىڭ نېمە ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلىپ بولمايتتى. ئەڭ ئالدىدا ياداڭغۇ بىر دەرۋىش چال كېلەتتى. ئۇنىڭ بېشىدا ئۇچلۇق ئېگىز كۆلا بولۇپ ئاق سەللە يۆگىۋالغان. ئەگەر ئۇنىڭ ئۇستىدىكى چوڭ يىپەك تونى ۋە بۇ تونىنىڭ ئالتۇن بىلەن قاپلانغان ياقۇت كۆزلۈك تۈگمىلىرى بولمىغىنىدا، ئۇنى شەھەرنىڭ كوچىلىرىدا دائىم ئۇچرايدىغان قەلەندەر دەپ ھۆكۈم قىلىشقا بولاتتى. مۈرىسىگە ئارتىۋالغان خۇرجۇنىنىڭ ئاغزىدىن بۇلغار مۇقاۋىلىق جەز توپچىلىك بىر كىتابنىڭ چېتى يالتىراپ چىقىپ تۇراتتى. بىر قولىدا ھاسا، يەنە بىر قولىدا تالدىن توقۇلغان شامدان بولۇپ، شامداندا بىر تال شام تۇراتتى. چالنىڭ كەينىدىن پاكىنەك ئاتلارغا مىنگەن تىلماچ بىلەن ئىككى موڭغۇل نۆكەر كېلىۋاتاتتى. بۇ ئىككى موڭغۇل نۆكەر بىر - بىرىگە جۆر بولۇپ، موڭغۇل ئاھاڭدا ناخشا ئېيتاتتى. جېسەكتە تۇرغان قاراۋۇللارغا يېقىنلاپ كەلگەندە، «ئەمرىڭ قۇللۇق» دەپ ۋارقىرايتتى ۋە ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن، يەنە ناخشىسىنى باشلايتتى. قاراۋۇللار يېنىدىن ئۆتۈۋاتقاندا، دەرۋىش بېشىدىكى قالپاقنى گەجگىسىگە ئىتتىرىپ قوياتتى. بۇ ۋاقىتتا ئۇنىڭ بېشىدىكى لاچىن سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن ئالتۇن پەيزىسى① پارقىراپ

① پەيزە — موڭغۇل قوشۇنىدا ھەم موڭغۇللارنىڭ قول ئاستىدىكى بارلىق يەرلەردە يول خېتى رولىنى ئوينايدىغان سوقچاق نېپىز مېتال پىلاستىنكا ياكى نېپىز تاختاي بولۇپ. پەيزىسى بار ئادەم ئېھتىياجلىق بولغان ۋاقىتتا، ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىنىڭ ياردىمىگە يەنى ئوزۇق - تۈلۈك، يەم - خەشەك، ئۇلاقلارغا ئىگە بولالايدۇ. ئادەملەرنىڭ مەنسىپىگە قاراپ ئوخشاش بولمىغان پەيزىلەر تارقىتىلغان. دەرىجىسى بويىچە پەيزىلەرگە ھايۋانات ياكى قۇشلارنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن. ئەڭ ئالىي دەرىجىلىك پەيزىگە خىرس قىلىپ تۇرغان يولۋاسنىڭ رەسىمى چۈشۈرۈلگەن.

تۇراتتى. قاراۋۇللار پەيزىنى كۆرگەندىن كېيىن، ئاغزىنى ئاچقان پېتى داڭقېتىپ تۇرۇپ قالاتتى - دە، يولۇچىلار ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن بىر - بىرىگە:

— ئۆزى بىلەن كۆرۈشمەن دەمدۇ؟

— ئەمىسە كىم بىلەن كۆرۈشەتتى دەيسەن، — دېيىشەتتى.

داڭقى ئالەمگە پۇر كەتكەن قوماندان سۇبىتاي باھادىرنىڭ ئاق ئۇردىسىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە، دەرۋىش ھاسىسىغا تايىنىپ توختاپ قالدى. شۇ چاغدا ئۆيدىن:

— ئۇستاز كىرسۇن! — دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى.

بوسۇغىدا تۇرغان قاراۋۇل قولىدىكى نەيزىنىڭ ئۇچى بىلەن دەرۋىشنى يەڭگىلگىنە تۈرتۈپ ئىشارەت قىلدى.

ھاجى رەھىم ئۆيگە كىردى، يىپەك كىلەمنىڭ ئۈستىدە بىرنەچچە ئادەم بىر تاختا يالتىراق قەغەزگە تىكىلىپ قاراپ تۇراتتى. بۇ مۇڭغۇل سەردىگەرلىرىنىڭ ئالدىدا تۇرغان قەغەز يۈزىگە تاغلارنىڭ، يىلاندەك تولغىنىپ ئاققان دەريالارنىڭ، شەھەرلەرنىڭ ئىشارەتلىك بەلگىلىرى سىزىلغانىدى.

بەستلىك سۇبىتاي باھادىر بېشىنى كۆتۈرۈپ دەرۋىشكە قارىدى. يالغۇز كۆزى بىلەن تىكىلگىنىچە تۇرۇپ قالدى. ئاندىن يەنە يالتىراق قەغەز ئۈستىگە قارىدى. ئۇ بارماقلىرى بىلەن قەغەز ئۈستىدىكى ئەگرى - بۈگرى سىزىقلارنى كۆرسىتىپ:

— بۇنىڭغا قاراڭلار، چىغىناق شەھىرىدىن بۈيۈك ئىدىل دەرياسىغىچە كارۋانلىق ئادەم قىرىق كۈندە يېتىدۇ. بىزگە بولسا ئۇنىڭدىن ئىككى - ئۈچ ھەسسە كۆپ يول مېڭىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. جاھانگىر بولغۇچىنى سايلاپ بولغاندىن كېيىن يولغا چىقىمىز، — دېدى.

— خۇدانىڭ ئۆزى يار بولغاي! — دېيىشىپ موڭغۇللار ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى - دە، قوللىرىنى قوشتۇرۇپ، تەزىم

بەجا كەلتۈرگەندىن كېيىن، بىر ـ بىرلەپ ئاستا چىقىپ كەتتى.

سۈبىتاي باھادىر يالغۇز قالدى. ئۇ خۇددى دەرۋىشنىڭ ئىچ سىرلىرىنى بىلىۋالماقچى بولغاندەك، بىر ھازاغىچە دەرۋىشكە تىكىلىپ قاراپ تۇردى. ھاجى رەھىم قىلچىمۇ ھودۇقمىدى. ئۇرغۇن جەڭلەردە غەلىبە قىلىپ شۆھرىتى دۇنياغا تارالغان، ئالدىغا كەلگەن دۈشمەننى يەر بىلەن يەكسان قىلىپ، تالاي شەھەرنى ۋەيران قىلىپ، كۆلنى كۆككە سورىغان، رەقىبىگە ئەزەلدىن قىلچە رەھىم قىلمايدىغان بۇ ئاتاقلىق قوماندانىنىڭ تىغدەك سانجىلىپ تۇرغان قاراشلىرىغا ئۇ بەرداشلىق بېرىپ ئەيمەنمەي قاراپ تۇراتتى.

— ئاڭلىشىمىزچە سەن كۆپنى بىلىدىغان ئادەمكەنسەن، — دېدى سۈبىتاي بىرئاز سۈكۈتتە تۇرغاندىن كېيىن.

— ئۆمرۈم بويى ئوقۇش، ئۆگىنىش بىلەن بولدۇم، — دەپ جاۋاب بەردى ھاجى رەھىم، — لېكىن بىلگەنلىرىم بىلىم دېڭىزىنىڭ پەقەت بىر تامچىسىدىنلا ئىبارەت، خالاس.

— مەن بىر بالىنى كىچىك نارەسىدە چېغىدىن باشلاپ ئۇلۇغ ئىشلار ئۈچۈن تەربىيىلەپ كەلدىم. ئۇنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئۇستازى سەن ئىدىڭ. ئۇن يىلدىن بېرى شۇ بالىنى كەينىمگە سېلىپ يۈرۈپ كۆپ جەڭلەرنى، كۆپ ئەللەرنى كۆرسەتتىم. ئاتقا مىنگۈدەك بولغاندىن باشلاپ، ئۇنىڭغا جەڭ ماھارىتى ۋە قوماندانلىق ماھارىتىنى ئۆگىتىۋاتىمەن. سەن بۇ توغرۇلۇق ئاڭلىغانمىدىڭ؟ — دېدى سۈبىتاي سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ.

— ھازىر ئاڭلاۋاتىمەن، — دېدى ھاجى رەھىم.

— مېنىڭ مۇنداق بىر مۇددىئايىم بار. بۇ بالىنىڭ خاسىيەتلىك ئاتىسى «ئۇلۇغ بوۋىسى»① شۇم ئەجەلنىڭ

---

① «ئۇلۇغ بوۋا» — چىڭگىزخان.

ۋەجىدىن ئۆزىنىڭ مۇقەددەس ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرالماي، ئارمان بىلەن ئالەمدىن ئۆتتى. بۇرۇن سىنىڭدىن ئالەمشۇمۇل قوماندان ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن① توغرىسىدا ئاڭلىغانىدىم. ئۇمۇ ياش ۋاقتىدىلا ھەربىي يۈرۈشكە ئاتلانغانىكەن. ئۇنىڭ يېنىدا دائىم ئۇرۇش ئىلمىنى پىششىق بىلىدىغان ھەربىي مەسلىھەتچىلەر، دانا ئادەملەر بولىدىكەن. ئەنە شۇلار ئىسكەندەر- نى ھەرخىل خەۋپ - خەتەرلەردىن ساقلاپ قالىدىكەن، دەپ ئېيتىپ بەرگەنىدىڭ... — دەپ سۆبىتاي چەكسىز خىيالغا كەتكەن ئادەمدەك بىر يېنىغا بۇرۇلۇپ قاراپ ئولتۇرغىنىچە جىم بولۇپ كەتتى. بىر ئاز سۈكۈتتىن كېيىن، ئۇ دەرۋىشكە بۇرۇلۇپ يەنە سۆزلەشكە باشلىدى، — پايانسىز تۈزدە يالغۇز يۈرگەن ياش يولۋاسنىڭ ئەتراپىدا تۇساتتىن نۇرغۇن كېيىك پەيدا بولۇپ، يولۋاس قايسى كېيىككە قاراپ يۈگۈرۈشنى بىلمەي، بىردە ئۇنىڭغا، بىردە بۇنىڭغا ئۆزىنى ئۇرىدۇ. خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش باتۇ- خاننىڭمۇ نۇرغۇن ئارزۇ - ئارمانلىرى بار. ئۇنىڭ يېشى كىچىك بولسىمۇ، ئۆزى يېنىپ تۇرغان بىر پارچە ئوت. شۇڭا ئۇنىڭغا سادىق، تەجرىبىلىك ۋە ئېھتىياتچان بىر دانا ئادەم كېرەك. شۇ ئادەم دائىم ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇپ، ھەددىدىن ئېشىپ

---

① ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن — قوش مۈڭگۈزلۈك ئالېكساندىر دېگەن سۆز بولۇپ، ئاسيا ئەللىرى خەلقلىرى بۇرۇنقى زاماندىكى (مىلادىدىن ئىلگىرى 332 — 355 - يىللىرى ياشىغان) يۇناننىڭ تەڭداشسىز ئۇلۇغ قوماندانى ئالېكساندىر ماكېدونىسكىنى شۇنداق دەپ ئاتايتتى. بۇنداق دېيىشتىكى سەۋەب، شۇ زامانلاردا ئالېكساندىرنى مىسىرنىڭ «قوش مۈڭگۈزلۈك خۇداسى يوپىتو - ئاممونات» تۇغقان دېگەن ئەپسانە تارقالغان. شۇڭا ماكېدونىسكى ئۆلگەندىن كېيىن، يېقىنقى زامانلاردا ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى كۆمۈش، ئالتۇن تەڭگىلەرگە ئۇنىڭ سۈرىتىنى چۈشۈرگەندە دەل ماڭلىيىغا ئىككى مۈڭگۈزى بار بىر ئادەمنىڭ تەسۋىرىنى چۈشۈرگەن.

www.uyghurkitap.com

يولدىن چىقىپ كەتكەن پەيتلەردە ئۇنىڭ تىزگىنىنى تارتىدىغان بولۇشى، خەۋپ - خەتەردىن ساقلىشى، ھەق سۆزىنى يۈز - خاتىرە قىلماي ئالدىدا دېيەلەيدىغان بولۇشى كېرەك.

— مەن جاھانكەشتىمى، بىز يالغان سۆزلەشنى ئەڭ چوڭ گۇناھ ھېسابلايمىز، — دېدى ھاجى رەھىم ساقىلىنى سىيلاپ تۇرۇپ كەينىدىن كېلىۋاتقان بىرىگە ئىشىكنى ئېچىپ بەرگەچ.

— ئەمرىڭ قۇللۇق، — دېدى ئۇ پەس ئاۋاز بىلەن.

سۇبىتاي باھادىر ئىنجىقلاپ يۈرۈپ ئورنىدىن تۇردى - دە، دوڭغاسلاپ مېڭىپ ئىشىك ئالدىغا كەلدى. دەل شۇ پەيتتە ئۇنىڭ ئالدىغا باتۇخان كىرىپ كەلدى. ئۇستىدە موڭغۇلچە تىكىلگەن كۆك يىپەك چاپان بولۇپ، ياقۇت كۆز ئورنىتىلغان تۇگمىلىرى جۇلالىنىپ تۇراتتى. باتۇخاننىڭ قارا قۇمچاق يۈزىدە چاقناپ تۇرغان بىر جۈپ قارا كۆزى پارلاپ تۇراتتى. ئۇ مىيىقىدا كۈلۈۋىدى، قاتار تىزىلغان سەدەپتەك چىشلىرى كۆرۈندى.

سۇبىتاي باھادىر ئۇنىڭغا ئېگىلىپ سالام قىلدى.

— بىلىملىك دانانى بىر كۆرسەم دېگەنىدىڭ، مانا ئالدىڭغا كەلدى، — دېدى ئۇ ھاجى رەھىمنى كۆرسىتىپ.

باتۇخان ھاجى رەھىمنىڭ چاپىنىنىڭ ياقۇت تۇگمىلىرىنى سىيلاپ تۇرۇپ:

— پېشقەدەم ئۇستازىم ھاجى رەھىم، سېنى چاقىرىپ كېلىش ئۈچۈن ئادەم ئەۋەتكەن مەن ئىدىم. بۇندىن كېيىن ئۆمۈر بويى سەن ماڭا ھەمراھ بولۇپ يۈرىسەن. يات ئارىدا بۇندىن بۇرۇن مىسلى كۆرۈلمىگەن بۈيۈك يۈرۈش باشلانغۇسى، ئۇ چاغدا سەن مېنىڭ تارىخچىم بولىسەن. مېنىڭ بارلىق ئىشلىرىمنى، ئەمىر - پەرمانلىرىمنى، سۆزلىگەن سۆزلىرىمنى، ئارزۇ - ئارمانلىرىمنى قالدۇرماي قەغەزگە پۈتىسەن. مېنىڭ

قىلغان بۈيۈك ئىشلىرىم كەلگۈسىدە خەلققە ئىبرەت بولۇپ قالسۇن، ئەۋرە - چەۋرىلىرىمىز ساھىبقىران موڭغۇل قوشۇنىنىڭ غەرب ئەللىرىگە قانداق يۈرۈش قىلغانلىقىنى ئوقۇۋالسۇن. بۇنى كۆردۈڭمۇ، — دېدى ئۇ پارقىراق قەغەزنى كۆرسىتىپ ئاندىن گىلەم ئۈستىدە ئولتۇرۇپ ھېلىقى قەغەزگە تىكىلدى، — سۈبىتاي باھادىر يېنىمغا كېلىپ ئولتۇرغىن، ھاجى رەھىم سەن بۇ تەرىپىمگە كېلىپ ئولتۇر! غەربكە قاراپ سوزۇلۇپ كېتىۋاتقان مۇشۇ يول — ئادەمنىڭ قېنى سەل بولۇپ ئاقىدىغان قىزىل دەريا بولىدۇ. مەن ئۇلۇغ بوۋام يېتىپ بارالمىغان يەرلەرگە بارىمەن. لەشكەرلىرىمنى جاھاننىڭ ئاخىرقى قىرغىقىغىچە باشلاپ بارماقچىمەن.

گىلەم ئۈستىگە يېيىپ قويۇلغان يالتىراق قەغەزدىن كۆزىنى ئۈزمەي قاراپ ئولتۇرغان باتۇخان، بولغۇسى يۈرۈش ئۈستىدە سۆزلەپ كەتتى. ئۇ سوقۇش توغرىسىدا كۆپتىن بېرى ئويلىنىپ كەلگەن بولسا كېرەك. تاتار - موڭغۇل لەشكەرلىرىنىڭ بېسىپ ئۆتىدىغان يەرلىرىنى، يول بويىدىكى شەھەرلەرنىڭ ناملىرىنى سۇدەك سۆزلەيتتى.

— جەڭگاھلاردىكى ئىشلىرىمنى تەپسىلىي قالدۇرماي يېزىپ داڭقىمنى ئالەمگە يايسەن، — باتۇخان سۆزلەۋاتقاندا سۈبىتاي باھادىر بۇ ئىشلاردىن قىلچە خەۋىرى يوق ئادەمدەك، ئۆز خىياللىرىغا بېرىلىپ سىرتقا قاراپ ئولتۇراتتى. — ئۇلۇغ بوۋامنىڭ ئورۇندىيالماي كەتكەن ئارزۇلىرىنى مەن ئورۇندىشىم كېرەك! «موڭغۇللار — يەر يۈزىدىكى ئەڭ باتۇر، ئەڭ كۈچلۈك، ئەڭ ئەقىللىق خەلق. ئۇلارغا ھېچكىم تەڭ كېلەلمەيدۇ»، — دېدى ئۇ، — شۇنداق ئىكەن موڭغۇللار پۈتۈن دۇنيانى ئۆزىگە بويسۇندۇرۇپ ھۆكۈمرانلىق قىلىشى كېرەك. بۇ خۇدانىڭ ئىرادىسى! دۇنيادىكى بارلىق ئىنسانلار بىزگە قۇل بولۇپ خىزمەت قىلىشى

www.uyghurkitap.com

كېرەك. تەقدىرگە تەن بەرمەي قارشى چىققانلارنىڭ كاللىسى ئېلىنىپ، يەر بىلەن يەكسان قىلىنىدۇ. بىرىگە رەھىم قىلماي قىرىپ تاشلاپ ئادەم بېشىدىن تاغ، قېنىدىن دەريا ياسايمىز.

بىر ھازادىن كېيىن باتۇخان سۇبىتاي باھادىرغا قاراپ:

— سەپەرگە قاچان چىقىمىز؟ — دېدى.

سۇبىتاي خۇددى ئۇيقۇدىن چۆچۈپ ئويغانغان كىشىدەك:

— لەشكەرلەرگە خاسىيەتلىك مەرھۇمنىڭ① ۋەسىيىتى ئوقۇپ بېرىلىپ، جاھانگىر② بولغۇچىنى سايلاپ بولغاندىن كېيىن ماڭىمىز. لېكىن سېنىڭدىن ئۈمىد قىلىدىغىنىم شۇ ۋاقىتقىچە ئىنتايىن ئېھتىياتچان بول. باشقىلارغا ئارىلاشماي ئامال بار يالغۇز يۈرگىن. ئويۇن - تاماشا، ئىچكىلىكتىن ئۆزۈڭنى تارت. ئۇلۇغۋار ئىشلار باشلىنىش ئالدىدا ئاياغ ئاستىدىن خېيىم - خەتەرگە يولۇقۇپ قالما. مۇبادا سەن بىرەر پالاكەتكە يولۇقساڭ قوشۇن خانزادىلەردىن كۈيۈك خان ياكى بولمىسا قۇلقانخاننىڭ قولىغا قالىدۇ. خۇدا ئۇ كۈنلەرنى كۆرسەتمىسۇن. ئۇلار بۇۋاڭنىڭ ۋەسىيىتىنى ئاڭلاش ئۇياقتا تۇرسۇن، بەلكى پۈتۈن قوشۇننى ۋەيران قىلىپ توزۇتۇۋېتىدۇ.

— راست دەيسەن، — دېدى باتۇ قوماندانىنىڭ سۆزىنى ماقۇل كۆرگەن تەلەپپۇزدا، — مېنىڭ يېنىمدا ھەر دائىم ئىشەنچ

---

① خاسىيەتلىك مەرھۇم ۋە ئۇلۇغ بوۋا — چىڭگىزخاننىڭ ھەرخىل ئىسىملىرى بولۇپ، شۇزاماندىكى موڭغۇللارنىڭ ئادىتى بويىچە ئۆلگەن ئادەملەرنىڭ ئىسمىنى بىۋاسىتە ئاتىماي باشقا بىر ئىسىم بىلەن ئاتايدىكەن.

② جاھانگىر — ئەرەبچە پۈتۈن دۇنيانى تاجاۋۇز قىلىپ بېسىۋالغۇچى دېگەن مەنىدە بولۇپ، بۇ يەردە يۇقىرى دەرىجىلىك لەشكىرىي قوماندان دېگەن مەنىدە ئىشلىتىلگەن.

لىك، سادىق مەسلىھەتچىم بولۇش كېرەك. ئۇ جاھاندىكى باخشىلىق، يامانلىقلار توغرىسىدا يوشۇرماي سۆزلىيەلەيدىغان، كۆڭلىگە پۈككىنىنى توغرا ئېيتالايدىغان بولۇش كېرەك. ئەتراپتىكىلەرنىڭ ھەممىسى «سېنىڭ ئېيتقىنىڭ توغرا، ئېيتقىنىڭ ھەق» دېيىشىپ ماختاشتىن، ماڭا خۇشامەت قىلىشتىن باشقىنى بىلمەيدۇ. دادىللىق بىلەن توغرىنى توغرا، خاتانى خاتا دەيدىغان بىرى يوق. بۇ ھال مېنى توغرا يولدىن ئاداشتۇرۇۋېتىدۇ. ھۆرمەتلىك ھاجى رەھىم، ئەنە شۇنداق پەيتلەردە ماڭا ياردەم بېرىپ تۇرۇشۇڭ كېرەك! ئۆتكەندە ماڭا سادىق دوستى «ئاق چايان»نى بەرگەن ئارسلان يىگىت — ئەرەپشاھنى تېپىش كېرەك. سۇبىتاي سەن ئۇنىڭ ئىز - دېرىكىنى قىلىش ئۈچۈن ئادەم ئەۋەتكىن. ئەگەر مەن خاتا بايقىمىغان بولسام، شۇ يىگىت ئۆمرىدە بىراۋغا قۇللۇق - شۇملۇق، ۋاپاسىزلىق قىلغان ئادەم ئەمەستەك قىلىدۇ. خوش، ھاجى رەھىم بۈگۈندىن باشلاپ ئۇلۇغ يۈرۈش ھەققىدىكى تارىخنى يېزىشقا كىرىشكىن. قىمۇش قەلەمگىنى ئۇچلاپ، تارىخنامەڭنىڭ بىرىنچى قۇرىغا مېنىڭ مۇشۇ سۆزۈمنى پۈتۈپ قويغىن:

«ئۇلۇغ قوماندان كىشىلەرنى ھەيران قالدۇرارلىق دەرىجىدە كەم سۆز، سىرلىق بولۇش كېرەك. قۇدرەتلىك بولۇش ئۈچۈن ئۇنىڭ بارلىق ئىشى ھەتتاكى مىجەز - خۇلقىمۇ تاپقىلى بولمايدىغان تېپىشماق، ئاچقىلى بولمايدىغان خۇپىيانە سىر بولۇش كېرەك... ئاسمان ئۆرۈلۈپ چۈشۈۋاتسىمۇ تۇتقان يولىدىن قايتماسلىقى... ئۆمرى بويى خاتالاشماسلىقى... دۈشمەننى شەپقەتسىز قىرغىن قىلىش كېرەك.»

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## يىگىرمىنچى باب

## جاھانگىر

مۇشۇ ۋەقە ئۆتۈپ قىرىق كۈنگىچە كۈنچىقىشتىن كېچە - كۈندۈز توختىماي كېلىۋاتقان تاتار- موڭغۇل لەشكەرلىرىنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىدى. بۇلارنىڭ كەينىدىن قىرغىزلارنىڭ، ئالتايلىقلارنىڭ، ئۇيغۇرلارنىڭ ۋە باشقا تائىپىلەرنىڭ مىڭ كىشىدىن قۇرۇلغان قوشۇنلىرى كېلىشكە باشلىدى. ھەرقايسى تائىپىلەر ئۆز ئالدىغا قونالغۇ تەييارلاپ ئايرىم - ئايرىم ئورۇنلاشتى.

ھەرقايسى قەبىلە ۋە تائىپە لەشكەرلىرى بىر سەركىنىڭ كەينىدىن ئەگەشكەن بىر قورۇ قويغا ئوخشاش ئۆز سەردارلىرىنىڭ يېنىدىن نېرى كەتمەي ئەگىشىپ يۈرەتتى. ھەممىسى «ئاتلان» دېگەن بۇيرۇق قاچان بولاركىن، توقۇز ئوبانىڭ ئۈستىدىن قاچان تۇتۇن چىقىدىكىن دېيىشىپ، غەرب ئەللىرىگە بولىدىغان تەنتەنىلىك ھۇجۇمنى تۆت كۆزى بىلەن كۈتەتتى. ئەينى زاماندىكى موڭغۇل - تاتار لەشكەرلىرىنىڭ ئادىتى بويىچە ھۇجۇمغا ئاتلىنىدىغان ۋاقىتتا، توققۇز ئوبانىڭ ئۈستىدە توققۇز ئوت يېقىلاتتى. بۇ «بىرىنىڭ قالماي ئاتلان، ھۇجۇم باشلاندى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرەتتى.

بۇ قىرىق كۈننى موڭغۇل خانزادىلىرى ئەيش - ئىشرەت، ئويۇن - تاماشا ۋە خۇداغا سېغىنىپ ئىبادەت قىلىش بىلەن ئۆتكۈزدى. شامانلار زىكرى - سۆھبەت قىلىپ، جىنلىرىنى چاقىرىپ، پال ئېچىپ پۈتكۈل قوشۇننىڭ ئەڭ ئالىي قوماند-

دانى ـــ جاھانگىرنى سايلاش ئۈچۈن، خۇدانىڭ ئىرادە قىلغان «ئۆگۈشلۈق كۈن» ى قاچان بولار دېيىشىپ پال سېلىش بىلەن بېلدى. بىر قىسىم لەشكەرلەر: جاھانگىر بولۇشقا كۈيۈك خان لايىق، شۇنى سايلاش كېرەك دېيىشەتتى. كۈيۈك خان ئۇلۇغ ئۈگۈتاي خاقاننىڭ① ئىزباسارى، ئۇ بولمىغاندا، كىم بولىدۇ. ئۇ ھازىرچە ياش، لېكىن ئۇرۇش داۋامىدا پىشىپ يېتىلىدۇ، دېيىشەتتى... لېكىن كۆپ جەڭلەرنى باشتىن كەچۈ- رۈپ، قاغدىلىپ كەتكەن قېرى لەشكەر باشلىرىنى چايقاپ بۇ گەپلەرگە قوشۇلمايتتى. ئۇلار، «بۇ تېغرۇلۇق كۆپنى كۆرگەن، ئۇرغۇن ئىشلارنى باشتىن كەچۈرگەن قېرى باتۇر سۈبىتاي باھا- دىر نېمە دەركىن، شۇنى كۈتەيلى! چىڭگىز زامانىدا جۇجى باۋىرشى② نوياندارلار ۋە پۈتكۈل خىتايغا ھۆكۈمرانلىق قىل- غان مېخور باتۇرلار بىلەن بىر قاتاردا، ئۇمۇ چىڭگىزخان سەلتەنەتىنىڭ بىر تۈۋرۈكى ھېسابلىناتتى. ئۇلار ھايات تۇرغان مەزگىللەردە، چىڭگىزخان غەلىبىدىن - غەلىبىگە ئىلگىرىلەپ ئامىتى ئۈگدىن كەلگەندى. بىز يالغۇز جاھانگىرلا سايلاپ قالماي، بەلكى قوشۇنىمىزنىڭ ئوڭ قانات ۋە سول قاناتلىرىنى باشقۇرىدىغان، قولىدىن ئىش كېلىدىغان جەسۇر لەشكەرلەرنى سايلىشىمىز لازىم. ئۇندىن باشقا ئالدىن يۈرەر چارلىغۇچى لەشكەرلەرگە دۈشمەننى غەپلەتتە قالدۇرۇپ باسىدىغان، چەب- دەس، ھىيلە - مىكىر ۋە ئامال چارىگە باي تۈمەن باشلىرىنى

① ئۇلۇغ خاقان ـــ موڭغۇللارنىڭ ئىمپىراتورى. خانلارنىڭ خانى. ئۇنىڭ ئاساسىي پايتەختى موڭغۇلىيىدىكى قاراقورۇم شەھرى بولغان. ھازىرچە بۇ شەھەرنىڭ خارابىلىرىلا ساقلانغان.

② باۋىرشى ـــ چىڭگىزخاننىڭ ئەڭ چوڭ قوماندانلىرىنىڭ بىرى.

www.uyghurkitap.com

سايلىشىمىز كېرەك. بۇلارنىڭ ھەممىسىنى بىز سايلاپ چىقال-
مىزمۇ؟ كۆيۈك خاننىڭ جاھانگىرلىككە سايلىنىش - سايلان-
ماسلىقىنى سۇبىتاي باھادىرنىڭ ئۆزى قارار قىلسۇن. چۈنكى
ئۇ، بولغۇسى ئىشلارنى ئالدىن مۆلچەرلىيەلەيدۇ. كۆپنى كۆرگەن،
سىنچى ئادەم. پۈتۈن قوشۇننىڭ تىزگىنىنى بوشاشتۇرماي تۇ-
تىدىغان ئادەم كىم، يەر - جاھاننى زىلزىلىگە كەلتۈرگەن بۇ نۇر-
غۇن قوشۇننى پۈتۈن دۇنيانى بېسىۋېلىشقا باشلاپ بارىدىغان
ئادەم زادى كىم بولۇش كېرەك، بۇنى ئۇ ياخشى بىلىدۇ،
دېيىشتى ئۇلار.

خانلار بىلەن خانزادىلەر قول ئاستىدىكى لەشكەر باشلىق-
لىرىنى سايلاش توغرىسىدا كېڭەشىپ يۈرگەن چاغدا، بولغۇسى
غايەت زور ھۇجۇمنىڭ باش قوماندانى قېرى سۇبىتاي باھادىر
ھېچكىمنىڭ پىكرىگە قوشۇلماي، ئۆيدىن سىرتقا چىقماي ئولتۇ-
رۇۋالدى. جېسەكچى تۇرغاۋۇتلار سۇبىتاينىڭ ئاق ئوردىسىغا
ھېچكىمنى يېقىن يولاتماي قاتتىق مۇھاپىزەت قىلاتتى. شۇڭا
ئۇ يەردە نېمىلەر بولۇۋاتقانلىقىنى، ھېچ ئادەمگە سىر بەرمەيدى-
غان بولغۇسى ئىشلارنى نەچچە كۈن ئىلگىرى مۆلچەرلىيەلەي-
دىغان بۇ چالنىڭ نېمە خىيالدا بولۇۋاتقانلىقىنى
بىرمۇ ئادەم بىلمەيتتى.

سۇبىتاينىڭ ئاق ئوردىسى ئەتراپىدىكى باشقا ئۆيلەردە
خەۋەرچى چاپارمەنلەر، موڭغۇل لەشكەرلىرىنىڭ تۆۋەن دەرى-
جىلىك لەشكەرلىرى ۋە بەزى قىپچاق خانلىرى ئوپۇر - توپۇر
بولۇپ يۈرەتتى. بۇلارنىڭ ھەممىسى سۇبىتاينىڭ ئۇلازىملىرىغا①
ئۆزلىرىنىڭ تۈرلۈك رەڭلەردە بويالغان ساداق ئوقلىرىنى

① ئۇلازىم — ھازىرقى زاماندىكى «باش شتاب» خادىملىرىغا ئوخشاش
كادىرلار. بۇلار جاھانگىرنىڭ ئەمر - پەرمانلىرىنى يېزىپ تۆۋەنگە ئەۋەتىدۇ.
بۇلار تۈرلۈك ئاخبارات ۋە مەلۇماتلارنى يازىدۇ. بەزىدە مەخپىي جاسۇس-
لار ئارقىلىق رازۋېت قىلىش ۋە تەكشۈرۈش ئىشلىرىنى ئېلىپ بارىدۇ.

تاپشۇراتتى. ئۇ ۋاقىتلاردا شۇنداق ساداق ئوقلىرى چوڭ لەشكەرلەرگە قول بەردىم دېگەن مەنىدىكى تىلخەت ئورنىدا ئىشلىتىلەتتى. بەزىدە مۇلازىملار قىپچاق خانلىرىنى سۇبىتاينىڭ ئالدىغا باشلاپ كىرەتتى. سۇبىتاي كەلگەن كىشىگە يالغۇز كۆزى بىلەن چەكچىيىپ قاراپ قويۇپ، ئۇنىڭ بىلەن قىسقا - قىسقا سۆزلىشەتتى - دە، ئاندىن «بۇ نەرسەڭنىڭ كېرىكى يوق» دېگەن بىر ئېغىز سۆزنى ئېيتاتتى ياكى بولمىسا، قولىغا سوزۇنچاق كەلگەن ئالتۇن پەيزىنى تۇتقۇزۇپ قوياتتى.

قولىغا پەيزە تەگكەن لەشكىرىي باشلىقلار جاھانگىرنىڭ ئېيتقىنىنى دەرھال بەجا كەلتۈرەتتى. ئۇنىڭ ئەمىر - پەرمانلىرىنىڭ توغرا - خاتالىقىنى ئويلاپ ئولتۇرماي دەرھال ئىجرا قىلاتتى. قىيىن - چىيما بولۇشىغا قارىماي، جانىنى تىكىپ جەڭگە كىرىشنى شەرت قىلاتتى. قوشۇنىنىڭ بىر قانىتىدىن ئىككىنچى بىر قانىتىغا ئۆز بېشىمچىلىق قىلىپ، يۆتكىلىپ بېرىشقا، كۆرسىتىلگەن يول بىلەن ماڭماي باشقا بىر يول بىلەن مېڭىشقا ياكى بولمىسا بۇيرۇقنى كېچىكتۈرۈپ ئورۇنداشقا ھېچكىمنىڭ ھەققى يوق ئىدى. ئۇنداق قىلغان ئادەملەرگە بېرىلىدىغان جازا پەقەت بىرلا، ئۇ، ئۆلۈم ئىدى.

خانلارنىڭ ياكى بەگلەرنىڭ تاپشۇرغان ھەر خىل رەڭلەردە بويالغان ساداق ئوقلىرى «زور قوشۇنغا مىڭ ئاتلىق لەشكىرىم بىلەن كېلىپ قوشۇلدۇم، سۆزۈمدىن ھەرگىز تانمايمەن ھەم يانمايمەن. سەركەردىنىڭ قول ئاستىدىن ھېچقانداق يەرگە بارمايمەن» دەپ ئىچكەن قەسىمىنىڭ بەلگىسى ئىدى. بۇ خانلار بىلەن بەگلەر باشلاپ كەلگەن ھەرمىڭ لەشكەرگە، كۆپ ئۇرۇشلارغا قاتنىشىپ پىشقان بىردىن موڭغۇل نۆكىرى قوماندانلىق قىلاتتى. ئۇلار چىڭگىزخان ئورنىتىپ كەتكەن ھەربىي تۈزۈمنىڭ مۇكەممەل ساقلىنىشىنى، قولىغا چۈشكەن ئول-

www.uyghurkitap.com

جىڭنىڭ بەشتىن بىر ئۈلۈشىنىڭ جاھانگىرنىڭ قولىغا چۈشۈشىنى، يەنە بىر بۆلىكىنى بولسا، يىراقتىكى موڭغۇلىستانغا — ئۇلۇغ خاننىڭ خەزىنىسىگە ئەۋەتىلىشىنى نازارەت قىلاتتى. جەڭدە قولغا چۈشكەن ئولجىنىڭ بەشتىن ئۈچ ئۈلۈشىنى لەشكەرلەرنىڭ بۆلۈۋېلىشىغا قالدۇراتتى. شۇڭا موڭغۇل باشلىقلىرىنىڭ يەنە بىر ۋەزىپىسى — ئولجا بۆلۈشكەن لەشكەرلەر ئارىسىدا ئۇرۇش - تالاش ۋە نارازىلىق بولماسلىقىنى تەپتىش قىلىش ئىدى. چىڭگىزخاننىڭ «ياساق»① ىدا يېزىلغان قائىدە تۈزۈملىرىگە سەللا رىئايە قىلمىغان ئادەمگە دەررۇلا ئۆلۈم جازاسى بېرىلەتتى. ئۇرۇشقا ئاتلىنىش ئۈچۈن لەشكەرلەر بىردىن يارامىلىق ئاتقا مىنىپ، ياخشى قوراللانغان ھالدا بەلگىلەنگەن ئورۇنغا ياكى يۈزگە كىرىپ قاتنىشىشى لازىم ئىدى.

ئۇ يەردە ئۇلار ئونبېشى بىلەن يۈزبېشىنىڭ بۇيرۇقىدا بولاتتى. بۇ كېڭەشنىڭ قىرىق كۈنى ئۆتۈپ، قىرىق بىرىنچى كۈنى بولغاندا، شامانلار يەتتە قات ئاسماننىڭ تۆرىدە تۇرغۇچى خۇدانىڭ ئۆزى، بولغۇسى ئۇرۇشنىڭ رەھبىرى بولغان جاھانگىرنى سايلاشقا ئىجازەت بەردى، دەپ جاكالىدى.

جاھانگىرنى سايلايدىغان تەنتەنىلىك يىغىنغا ئاتاقلىق خانلار بىلەن مىڭ بېشىلارلا قاتنىشىش ھوقۇقىغا ئىگە، دەپ ئۇقتۇرۇلدى. شۇڭا تۆۋەن دەرىجىلىك لەشكەر باشلىقلار ئۆز قوشۇنلىرىنى ھۇجۇم باشلىنىشىنىڭ بەلگىسىنى بېرىپ، ئۇستىدىن ئوت ياندۇرۇلىدىغان ئوبالارنىڭ ئەتراپىغا يىغىپ، خانلارنىڭ قانداق قارارغا كېلىشىنى كۈتتى.

① ياساق — چىڭگىزخاننىڭ تەدبىرلىرى بىلەن سۆزلىگەن نۇتۇقلىرىنىڭ توپلىمى بولۇپ، پۈتكۈل موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ تېررىتورىيىسىدە ئۆتەشكە تېگىشلىك قانۇن بولغان.

باياندارخان داغدۇغىلىق سايلام مەركىزىگە قاتنىشىش ئۈچۈن تاڭ سۈزۈلمەيلا يولغا چىقتى. ئۇ ئۈستىگە قانات قېقىپ ئۇچۇپ كېتىۋاتقان لاچىنىنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن ئالتۇن پەيزىنى يىپەك يىپ بىلەن باغلاپ مەيدىسىگە تاقىۋالغانىدى. بۇ پەيزە ئۇنىڭ قولىغا ئاسانلا كەلگىنى يوق. بۇنىڭدىن بىرنەچچە كۈن بۇرۇن باياندارخان بەش مىڭ لەشكىرىنى باشلاپ، سۇبىتاي جاھانگىرنىڭ ھۇزۇرىغا بارغاندا، قېرى قوماندان بۇلغار ھەمبىنىدىن مۇشۇ ئالتۇن پەيزىنى ئېلىپ باياندارخانغا بېرىپ:

— سېنىڭ قىپچاق ئېلىدىن يىغىپ كەلگەن بۇ بەش مىڭ لەشكىرىڭ ياۋغا ھۇجۇم قىلغاندا چاقماقتەك تېز، بوراندەك شىددەتلىك بولسۇن! ئۆزۈڭ قېرى بۆرىدەك ھوشيار بول! بىر چوقۇپ ئىككى قارا؛ سەۋرىنىڭ تېگى ئالتۇن دېگەن گەپ بار. ھەر ئىشتا سەۋرچان بول. قوشۇنلار توختاپ بىر يەرگە جەم بولغاندا ياكى توي - تاماشا بولغان چاغلاردا موڭغۇللار بىلەن قىپچاقلار ئەرزىمەس نەرسىلەر ئۈچۈن بىر - بىرى بىلەن دۈشمەنلەشمەي، بىر - بىرى بىلەن ئىناق ئۆتسۇن. بۇ ئىشقا دائىم كۆز قۇلاق بولۇپ يۈرگىن. خوش، قىپچاق يىگىتلىرىنىڭ باتۇرلۇقىنى جەڭ مەيدانىدا سىنايمەن، — دېگەنىدى.

باياندارخان بىر توپ نۆكەرلىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا يېتىپ كەلدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى باشتىن ئايىغىچە ياخشى كىيىنگەن، ياراملىق ئاتلارغا مىنگەنىدى. ئۈستىگە يىپەك تون، بېشىغا ئاق پاپاق كىيگەن يۈز ئاتلىق لەشكەر خان بىلەن بىرگە موڭغۇل لەشكەرلىرىنىڭ تۇرالغۇسىغىچە ئەگىشىپ كەلدى. ئاتاقلىق سەركەردىلەر بىلەن خانلارلا ئاتلىرىدىن چۈشۈپ، مەركە بولىدىغان تۆپىلىكنىڭ ئۈستىگە كۆتۈرۈلدى. باشقىلار تۆۋەندە قالدى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

باياندارخان ھەربىرىگە خانىشى بىلەن بىرگە چاقىرىلغانىدى. ئۇنىڭ خانىشى بورىلا خوتۇن دېگەن ئىگىز بويلۇق كېلىشكەن ئايال ئىدى. خانىشىنىڭ يىپەك كۆڭلىكىنىڭ پۈرمىلەنگەن كەڭ ئېتىكى ئاتىنىڭ بېشىدىن قۇيرۇقىغىچە ھەممە يېرىنى يېپىپ تۇراتتى. خانىنىڭ كىچىك خوتۇنلىرى بىلەن كېنىزەكلىرى بىرلىكتە خانىشنى ئاتتىن ئاران چۈشۈرۈۋالدى. ئېسىل كىيىملىرىنى سۆرەپ - پۇتلىشىپ خانىشنىڭ كەينىدىن دۆڭنىڭ ئۈستىگە چىقتى. دۆڭنىڭ ئۈستىگە ئالتۇن تەخت ئورۇنلاشتۇرۇلغان، تەختنىڭ ئالدىغا چوڭ يىپەك گىلەم سېلىنغانىدى. توي باشقۇرغۇچىلار خانىشقا گىلەمنى دەسسىمەي تەختكە ئېگىپ كەتمەي ئۆتۈڭ دېيىشتى. چۈنكى گىلەم مۇقەددەس ھېسابلانغاچقا دەسسەشكە بولمايدىكەن. خانىش تەختنىڭ سول تەرىپىگە ئۆتۈپ، باشقا داغدۇغىلىق قىپچاق خانلىرىنىڭ ئۆزىگە ئوخشاش يوغان - سېمىز ئاياللىرىنىڭ ئارىسىدىن ئورۇن ئالدى. خانىشلارنىڭ ھەممىسىنىڭ بېشىدا كەشتىلەنگەن ئاق چىلاۋۇش① بولۇپ، چىلاۋۇشنىڭ ئۈستىگە بىر تۇتامدىن ئۆككە تاقىۋالغانىدى.

خانىشنىڭ كەينىدىن پۇتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ ئىككى قىزمۇ كېلىپ ئاياللارنىڭ يېنىدا ئولتۇردى. بۇ قىزلار ئەترابىدىكى كىشىلەرگە كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا قاراپ قوياتتى. ئىككىلىسى ئۈستىگە چىرايلىق يىپەك چاپان كىيىپ، چىۋىقتەك نازۇك بەدەنلىرىنى ئالتۇن ئوقالىق كەمەر بىلەن باغلاپ، كەمەرىگە بىردىن كىچىك خەنجەر قىستۇرۇۋالغانىدى.

ئولتۇرغان كىشىلەر قىزلارنى كۆرۈپلا ئۆزئارا پىچىرلىشىپ:

— ھە، بۇلار كەلگۈسىدە جاھانگىرغا بېرىلىدىغان سوۋغىلار كەن - دە...باياندارخان قىزلارنى ئەتەي داملىتىش

① چىلاۋۇش — ئاياللارنىڭ كەشتىلەنگەن باش كىيىمى.

ئۆچۈن ئەكەلگەن. مۇشۇنداق ساھىبجامال قىزلىرى بار بايان-دارخانىنىڭ نېمە ئارمىنى بار دەيسەن، كاساپەت! ئۇنىڭ ئۆزىلا موڭغۇل خانىنىڭ ئاتىسى بولۇپ قالىدۇ - دە... — دېيىشتى.

## يىگىرمە بىرىنچى باب

# داھىينى سايلاش

ئۇپۇقتىن كۆتۈرۈلۈۋاتقان ئەتىگەنكى قۇياش، بارا - بارا يېنىۋاتقان ئوت شارىغا ئايلىنىپ، يەر - جاھاننى قىپقىزىل شەپەق نۇرىغا چۆمدۈردى. پەرەڭدەك تاۋلىنىپ تۇرغان كۆك نەيزە بويى ئۆرلىگەندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ سېخىي نۇرىنى يەر - جاھانغا چېچىشقا باشلىدى. شۇ چاغدا كاناي - سۇناي، ناغرا - دۇمباقلار چېلىنىپ، ئەتراپنى گۈلدۈرلىگەن ھەيۋەتلىك سادا قاپلىدى. بۇ، ئەتىگەندىن بېرى تەرەپ - تەرەپتىن ئات سالدۇرۇپ كېلىپ يىغىلىۋاتقان سەلتەنەتلىك مەرىكىنىڭ باشلانغانلىقىنىڭ نىشانىسى ئىدى.

شۇ زاماننىڭ ئادىتى بويىچە، يىغىلغان خەلقنىڭ ھەممىسى بەللىرىدىكى پوتىسىنى يېشىپ بوينىغا ئېسىپ، يەرگە باش قويۇپ ئۇپۇقتىن كۆتۈرۈلگەن قۇياشقا چوقۇنۇشقا باشلىدى. شامانلارمۇ داپ چېلىپ، ساما سېلىپ جىنلىرىنى چاقىرىپ سەكرەشكە باشلىدى. ئۇلار: «ئەي، ياراتقۇچى خۇدا، بولغۇسى ئۇرۇشتا بىزگە نۇسرەت، لەشكەرلىرىمىزگە مەدەت بەرگەيسەن. ئۇلۇغ تاتار - موڭغۇل خەلقىنىڭ مەرھەمىتىنى ئۈستۈن قىلغايسەن. بىزگە قارشى چىققان دۈشمەننىڭ ھالىنى خاراب ئەيلىگەيسەن»، «بۇ يىغىنغا قاتناشقان خانلار بىلەن بەگلەرنىڭ،

ئۇلۇغ ئۆلىما زاتلارنىڭ نىيىتى بىر يەردىن چىقىپ خاسىيەتلىك چىڭگىز نەسلىدىن بولغان خانزادىلەرنىڭ ئىچىدىكى ئەقىل - پاراستى ئەڭ ياخشىسىنى سايلاپ چىقتاي! ئۇ چىڭگىزخاننىڭ يېڭىلمەس تۇغىنى كۆتىرىپ، جاھاننى زىلزىلىگە كەلتۈرگەن سانسىز قوشۇننى پۈتكۈل دۇنيانى بويسۇندۇرۇشقا باشلاپ ماڭغاي!» دەپ خۇداغا سېغىناتتى.

بوش تۇرغان ئالتۇن تەختنىڭ ئوڭ تەرىپىگە كۆيۈك خان كېلىپ ئولتۇردى. بۇ ياش خاننىڭ روھى ئۇستۇن، كەيپى چاغ بولۇپ، ئۇنىڭ چىرايىدا خۇشاللىق جىلۋە قىلاتتى. ئۇنىڭ تۇرۇپ - تۇرۇپ مىيىقىدا كۈلۈپ قويۇشىدىن «مەن ئۇلۇغ خاننىڭ ئۆز پۇشتىدىن بولغان بالا تۇرسام، ئۇنىڭ ئىزىنى بېسىپ تەختى ۋارىسى بولغان تۇرسام، مەن جاھانگىر بولماي كىم بولاتتى؟» دەپ ئۆزىنىڭ سايلىنىشىغا شەك كەلتۈرمەي ئولتۇرغانلىقى چىقىپ تۇراتتى. باشقا خانلار بولسا، كۆرۈنۈش ئۈچۈنلا چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتۈپ ئۆز نىيىتىنى ھېچكىمگە سەزدۈرمەيتتى. مۇشۇ ھىجىيىپ يۈرگەنلەرلا بىرەر پالاكەت كەلتۈرۈپ چىقمىسا، كۆيۈك خاننىڭ باشقا ئەندىشىسى يوق ئىدى. قايسى تەرەپتىن ئېيتقاندىمۇ ئۇنىڭ سايلىنىشىدا شەك يوق ئىدى. شۇڭا ئۇ، ئەتراپىدا ئولتۇرغان خانلارغا ئارىلاپ كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا قاراپ قوياتتى. يىغىلغان تۈپىنىڭ ئىچىدە تېخىچە باتۇخان كۆرۈنمەيتتى. بۇ ھال كۆيۈك خاننى ئەندىشىگە سالدى. ئۇ ئەتراپىغا ھېلىدىن - ھېلىغا قاراپ باتۇخاننى ئىزلەيتتى. ئەنە ئاۋۇ چەتتە باتۇخاننىڭ بىر تۇغقان ئاكىلىرى — ئوردا، سايبان، تاڭغۇت خانلار ئولتۇراتتى. ئەتىمالىم ئۇلار ئۆز ئالدىغا بىر تەرەپ بولۇپ، باشقىلاردىن ئايرىم ئولتۇرغان بولسا كېرەك. ھەممىسىلا ئۆزئارا پاراڭ سېلىشماي، قاپاقلىرىنى تۈرگىنىچە دومسىيىپ ئولتۇرۇشاتتى.

بىر چاغدا شامانلارنىڭ ۋارقىراش - جارقىراشلىرى چىپپىدە بېسىلىپ قالدى. كۈيۈك خان ئۆزىنى مەرىكىدىكى ئەڭ چوڭ ئادەم چاغلاپ، خالايىق ئالدىدا سۆزلىمەكچى بولۇپ ئورنىدىن تۇرۇۋىدى كاناي - سۇنايلار قايتىدىن چېلىنىشقا باشلىغاچقا يەنە ئولتۇرۇپ قالدى.

توپ ئىچىدىن ئاتاقلىق قوماندان جابانايون سەكرەپ تۇردى. جابانايون چىڭگىزنىڭ «تەجرىبىلىك قېرىلىرى» نىڭ بىرى بولۇپ، چىڭگىزخان يۈرۈش قىلغان دەۋرلەردە ئۇ، سۇبىتاي باھادىرنىڭ ئالدىنقى سەپتىكى چارلىغۇچى قوشۇنىنىڭ باشلىقى بولغانىدى. ئىككى يەلكىسىگە ئىككى كىشى بىمالال مىنگۈدەك گەۋدىلىك كەلگەن جابا ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئەينى زامانلاردا لەشكەرلەرگە چىڭگىزخاننىڭ بۇيرۇقىنى جاكالاشتا ئىشلىتىدىغان سۆزلەرنى ئىشلىتىپ بوغۇق ئاھاڭدا ۋارقىراپ سۆزلەشكە باشلىدى:

— سانسىز دۈشمەنلەرنى باش ئەگدۈرگەن، ياۋغا قارشى ئارسلاندەك كۆرەش قىلغان قىران سەرۋازلار سۆزۈمگە قۇلاق سېلىڭلار! ئۇلۇغ خاننىڭ تاجىسىدىكى گۆھەرلىرىدەك قىممەتلىك لەشكەرلەر! ھەيۋىسى جاھاننى لەرزىگە سالغان، ئەزەلدىن يېڭىلمىگەن ئەزىمەتلەر! ھەقىقەت ئۈچۈن جان تىككەن باھادىرلار! مۇقەددەس خاقاننىڭ ئەمرىنى بەجا كەلتۈرۈڭلار! خاسىيەتلىك بوۋىمىزنىڭ دانا سۆزلىرىنى ئەستە چىڭ تۇتساڭلار غەلىبە ھامان سىلەرگە يار بولىدۇ. قارشى چىققان دۈشمەنلەرنى يەر بىلەن يەكسان قىلغايسىلەر! ھېسابسىز مال - دۇنيانى ئولجا ئالغايسىلەر، ماللارنى توپ - توپى بىلەن ھەيدەپ كەلگەيسىلەر!

خانلارنىڭ نۆكەرلىرى تەرەپ - تەرەپتىن:

— مۇقەددەس خاقاننىڭ ئەمرىنى بەجا كەلتۈرۈڭلار!

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بىباھا سۆزلەرنى قولىقىڭلارغا قويۇپ، كۆڭۈل دەپتىرىڭلەرگە پۈتۈۋېلىڭلار! — دېيىشىپ ۋارقىراشتى.

پۈتۈن قوشۇن سۆزلىگۈچىنىڭ ئاغزىغا قارىغىنىچە يەرگە يۈكۈنۈپ ئولتۇردى. پۈتۈن مەيدان تىمتاسلىققا چۆمدى.

سۇبىتاي باھادىرنىڭ تۆت كاتىپى بولۇپ، ھەممىسى مۇسۇلمان دىنىدىكى ئۇيغۇرلار ئىدى. بۇلارنىڭ ئاۋازى يۇقىرى بولغاچقا تۆتىلىسىنى جارچى قىلىپ بەلگىلىگەنىدى. شۇ تاپتا ئۇلار بېشىدىكى قازاندەك سەللىلىرىنى كۆتۈرۈپ ئورنىدىن تۇرۇپ، تۆت تەرەپكە قاراپ قولىدىكى يالتىراپ تۇرغان قەغەز-نى ئۈنلۈك ئوقۇشقا باشلىدى:

— قولاق سېلىڭلار، مۇقەددەس بۇۋىمىز بۇنىڭدىن ئون يىل مۇقەددەم ئۆزى ھايات ۋاقتىدا ئەمر قىلىپ مۇنداق ۋەسىيەت قىلغانىدى: «بىز جوجى ئىسىملىك چوڭ ئوغلىمىزنى ئۇلۇغ مەرتىۋىلىك خان تەختىگە ئولتۇرغۇزۇپ، غەربتىكى ئۆلى-مالارنى شۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا بەرگەنىدۇق. بىز ئۇنىڭغا ساھىبقىران مۇڭغۇل قوشۇنىنى باشلاپ، يەرنىڭ ئەڭ ئاخىرقى چېتىگە يەتكىن، پۈتكۈل ئالەمنى بويسۇندۇرغىن، دەپ ئەمر قىلغانىدۇق. ئەپسۇسكى، تەقدىر ئۇنىڭغا يول قويمىدى! تۈن قاراڭغۇسىدا يوشۇرۇنۇپ كېلىپ، غەمسىز ياتقان كىشىنىڭ كەينىدىن پىچاق ئۇرىدىغان نامەرد دۈشمەن تەرىپىدىن ئۇ ئېسىل ئەر ئارماندا كەتتى. شۇڭا مېنىڭ ۋاپادار شىرىكلىرىم، باھادىرلىرىم بىلەن نويانلىرىم ماڭا قولاق سېلىڭلار! بىز غەرب ئەللىرىنى بويسۇندۇرۇشقا ئاتلىنىدىغان ھېسابسىز مۇڭغۇل قوشۇ-نىنىڭ باش سەردارى قىلىپ شىر يۈرەك نەۋرىمىز جوجىنىڭ بالىسى باتۇخاننى تەيىنلەيمىز. ئۇ ۋاقتى كەلگەندە مېنىڭ قول ئاستىمغا يىغىلغان تاتار - مۇڭغۇل خەلقىنى غەلىبىدىن - غەلىبىگە باشلاپ شۆھرىتىمنى ئالەمگە يايدۇ. شۇڭا مەن ئۇنىڭغا

ئۆزۈمنىڭ جەڭدە مىنىدىغان تۇلپارىمنىڭ قۇيرۇ-
قىنى كېسىپ بەردىم. ئۇ قۇيرۇقنى تۇغىغا
تاقاپ ئالسۇن. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇرۇش - جەڭ ئىشلىرىدا
تەجرىبىسى مول بولغان سۇبىتايغىمۇ ئەمر قىلىمىز، ئۇ نەۋ-
رىمىز باتۇخاننى تەربىيلەپ، ئالتۇن تىزگىننى قولدىن چىقار-
ماسلىقىنى ئۆگىتىپ تۇرسۇن. شۇنداقلا باتۇخان كۆپنى كۆرگەن،
تەجرىبىلىك، ئەقىللىق سۇبىتاي باھادىرنىڭ ئېيتقان سۆزىنى
دائىم قۇلاق سېلىپ ئاڭلايدىغان بولسۇن. مۇشۇنى ئورۇندىيالى-
سا، باتۇخاننىڭ قولى ئاسماندىكى يۇلتۇزغىمۇ يېتىدۇ! ئالدىغا
كەلگەن دۈشمەننىڭ يەلكىسىگە دەسسەپ يۈرۈپ، دۇنيانىڭ
ئۇ قىرغىقىغىچە بارالايدۇ! يەرنى ئوراپ تۇرغۇچى تۈۋى يوق
دېڭىزنىڭ سۈزۈك سۈيىدە ئېتىنى سۇغىرالايدۇ. پەقەت شۇ
چاغدىلا دۇنيادا ئۇرۇش - تالاش، ئاغرىق - سىلاق، ئاچ -
يالىڭاچلىق دېگەنلەرنىڭ ھەممىسى تۈگەيدۇ. يەر يۈزىگە
پۈتۈنلەي ئەمىنلىك ئورنايدۇ. مۇقەددەس روھىمنىڭ ئېيتىدى
مانا مۇشۇ. پۈتكۈل تاتار - موڭغۇل خەلقىنىڭمۇ ئارمانى مۇشۇ
بولۇشى كېرەك!...

— ئىلاھىم شۇنداق بولغاي! — دەپ ۋارقىراپ پۈتۈن
دۆڭلۈكنىڭ يۈزىنى چۈمۈلىدەك قاپلاپ كەتكەن تاتارلار بىلەن
موڭغۇللار ئاسماننى لەرزىگە كەلتۈردى، — خاسىيەتلىك بوۋى-
مىزنىڭ ئەرۋاھى بىزنى قان مەيدانىغا باشلاپ بارسۇن! چىڭ-
گىزخان مىنگەن خاسىيەتلىك جانىۋارنىڭ قۇيرۇقى يەنە بىزگە
يول باشلىسۇن! بىزنى يېتەكلەيدىغان داھىي قې-
نى! كۆرسىتىڭلار!

شۇ ۋاقىتتا دۆڭنىڭ ئېتىكىدە تۇرغان يۈز ياساۋۇل
ئارىسىدىن ئاق بوز ئاتقا مىنگەن بىر ياش موڭغۇل چىقىپ
كەلدى. ئۇ ئېتىنى ئويناقشىتىپ، دۆڭنىڭ ئۈستىگە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

چېپىپ چىقتى - دە، ئېتىنى چېپىپدە تەختاتتى. ئارقىسىدىن ئۈچ ئاتلىق يىگىت يېتىشىپ چىقتى. ئوتتۇرىسىدىكىنىڭ قولىدا بەش قۇيرۇقلۇق① توققۇز تاراملىق تۇغ بار ئىدى. تۇغنىڭ ئالتۇن دەستىسىنىڭ ئۈچ تەرىپىدە جەرەن يىلىقىنىڭ ئۇزۇن قۇيرۇقى يەلپۈنۈپ تۇراتتى. غالىب چىڭگىزخاننىڭ ئۇرۇشلىرىغا قاتناشقان قېرى مۇڭغۇللارغا بۇ قۇيرۇق ئوبدان تونۇش ئىدى.

— ئەنە باتۇخان! — دەپ قوشۇن گۈررىدە ۋارقىرىدى، — جوجىنىڭ بالىسى، چىڭگىزخاننىڭ نەۋرە ئوغلى باتۇ مۇشۇ! مىنگىنى ئەينى زاماندا چىڭگىزخان ھۇجۇمغا ئۆتكەندە، ئېگەرلىمەي يېتىلەپ يۈرىدىغان «سەتەر» دېگەن ئاق بوز ئات. ئۇرۇش تەڭرىسى سۈلدى كىشىلەرنىڭ كۆزىگە كۆرۈنمەي، شۇ ئاتقا مىنىپ لەشكەرلەرنى قوغدايتتى. باشلا بىزنى باتۇخان! سېنىڭ يولۇڭدا ھەممىمىزنىڭ جېنى پىدا!

باتۇخاننىڭ بېشىدىكى ئالتۇن دۇبۇلغۇسى، ئۈستىگە كىيگەن ئاق ساۋۇتى كۈن نۇرىدا تاۋلىنىپ چاقنايتتى. ئاستىدىكى ئاق ئارغىماقنىڭ كۆزى ئوتتەك يانغان بولۇپ، ئۇ يەرنى چاپچىپ تۇراتتى. باتۇخان ئويناقشىپ تۇرغان ئاتنى مەيلىگە قويماي ئۇنىڭ ئالتۇن تىزگىنىنى تارتىپ تۇرۇپ،

---

① باتۇخاننىڭ تۇغى — موڭغۇل، خىتاي قاراقچىلىرى چىڭگىزخاننىڭ بىر ئاق، بىر قارا تۇغى بارلىقىنى ئېيتىدۇ. موڭغۇللار ئاق رەڭنى ياخشىلىق، قارا رەڭنى بولسا يامانلىقنىڭ بەلگىسى دەپ قارىغان. «توققۇز قۇيرۇقلۇق» ياكى «توققۇز تاراملىق» تۇغنى بەزى تەتقىقاتچىلار توققۇز ئاتنىڭ قۇيرۇقىنى تاقىغان چوڭ بايراق ئىدى دېسە، يەنە بەزىلەر تاتار - موڭغۇللارنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئاساسلىق تۇغى — ئۈستىدە قارا قاغىنى پۈتى بىلەن ئېلىپ كېلىۋاتقان بىر شۇڭقارنىڭ رەسىمى چۈشۈرۈلگەن تارام - تارام توققۇز قۇيرۇقى بار بايراق ئىدى دېيىشىدۇ. خىتاي تۇغلىرىغا ئوخشاش موڭغۇل تۇغلىرىنىڭ قۇيرۇقلىرىنىڭ سانىمۇ سەركەردىلەرنىڭ دەرىجىسىنى بەلگىلەيتتى، دەپ يازغان.

ئەگەر قىلىچىنى سۇغۇرۇۋالدى - دە، قوشۇنغا قاراپ سۆز-
لەشكە باشلىدى:

— تەڭداشسىز قەھرىمان، باھادىرلىرىم! ماڭا قۇلاق
سېلىڭلار! — دەپ ۋارقىرىغاندا پۈتۈن قوشۇن جىمجىت بول-
دى. — پۈتۈن ئالەمنى تىترەتكەن بوۋام ماڭا: «غەربتىكى
يەرلەرنىڭ ئاخىرقى قىرغىقىغا بېرىپ، بارلىق يەرلەرنى
بويسۇندۇرغىن، دەپ ۋەسىيەت قىلغانىدى. باتۇرلۇقتا تەڭداش-
سىز، ساھىبقىران باھادىرلىرىم، بوۋامنىڭ ۋەسىيىتى بويىچە
سىلەرنى باشلاپ، يەرنىڭ ئۇ چېتىگە يېتىپ بېرىشقا قەسەم
بېرىمەن. بىزگە قارشى كەلگەن دۈشمەنلەرنىڭ بېشىغا چاقماق
بولۇپ چۈشۈپ، يەر - جاھاندا قاننى سەل قىلىپ ئاقتۇرۇشقا
قەسەم ئىچىمەن. — كۆزىنى ئۇنىڭدىن ئۈزمەي قاراپ تۇرغان
ئاۋام خۇشاللىقىدىن بىر گۈرۈلدىشىپ توختاپ قالدى، —
ھەممىڭلارنى تاۋار - دۇردۇنغا پۈركىيەلمىسەم، ئالدىڭلارغا
قورۇ - قورۇ مالنى سېلىپ ھەيدىيەلمىسەم، سىلەرنى ھېسابسىز
بايلىق بىلەن كۆمۈۋېتەلمىسەم بۇ دۇنيادا بېشىمنى كۆتۈرۈپ
يۈرمەيمەن! ئەگەر شۇ دېگەنلىرىمنى ئەمەلگە ئاشۇرالمىسام
ئالدىڭلاردا قارا يۈز بولۇپ كېتەي! ئۇلۇغ بوۋىمىزنىڭ مۇقەد-
دەس ئەرۋاھى ئۇرسۇن! غەربتىكى ئەللەر بايلىق ئىچىگە پېتىپ
قالغان. ئۇلارنىڭ خەلقلىرى خاتىرجەم تۇرمۇشقا ئادەتلىنىپ،
پۈتۈنلەي ھۇرۇنلىشىپ كەتكەن. ئۇرۇش دېسە يوپۇرماقتەك
تىترەپ كېتىدىغان قورقۇنچاقلارنىڭ يۈرىكىنى مۇجۇپ قويايلى.
سېمىزلىكتىن ماي قاپلاپ كەتكەن باشلىرىدا قامچا ئوينىتايلى.

پۈتۈن قوشۇن خۇشاللىقىدىن يەنە گۈرۈلدەپ كەتتى.
تەرەپ - تەرەپتىن چىققان: «بارىكاللا! ئوغۇل بالا! پۈتۈن
دۇنيانى لەرزىگە سالغان ئۇلۇغ خاننىڭ ھەقىقىي نەۋرىسى
ئىكەنسەن! سېنىڭ پېشىڭنى تۇتساق دۇنيا قولىمىزدا! ئۆمرۈڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئۈزۈن بولسۇن! مەرتىۋەڭ ئۈستۈن بولسۇن!» دېگەن ۋارقىراشلار ئاسمان - پەلەككە كۆتۈرۈلدى. باتۇخان سۆزىنى يەنە داۋاملاشتۇردى:

— مەن يەنە مۇنداق قەسەم ئىچىمەن، دادامنى يوشۇرۇن ئۆلتۈرگەن غالجىر ئىتلارنى ھازىرغىچە ئېسىمدىن چىقارغىنىم يوق. ھاياتلا بولىدىكەنمەن ئۇلارنى يەرنىڭ ئاستىدىن بولسىمۇ ئىزلەپ تېپىپ، تىرىك پېتى قايناۋاتقان قازانغا باسىمەن. بۇ ئىشنى ئەگەر بىر تۇغقان ئادەم قىلغان بولسىمۇ ئاياپ قويمايمەن. ھازىر كۈتۈپ تۇرىدىغان پەيت ئەمەس. ئەتە سەھەردە ئاتلىنىمىز. پۈتكۈل قوشۇن بىرىنچى قېتىم ئىدىل دەرياسىنىڭ بويىغا يىغىلىدۇ. قانلىق قىرغىن ئەنە شۇ يەردىن باشلىنىدۇ. ئۇ يەر قىران بۈركۈتلىرىمنىڭ، شۇڭقارلىرىمنىڭ سەپەر ھاردۇقىنى چىقىرىدىغان جاي! — باتۇنىڭ سۆزىدىن كېيىن ھەر بىر قىپچاق قەبىلىلىرى ئۆز ئۇرۇقلىرىنى چاقىرىشقا باشلىدى: «ماناتاۋ! قارا بۆرا! ئامانجول! ئويباس! تۆت ئۇۋۇل» دېگەن چۇقانلار يەر - جاھاننى قاپلىدى.

خالايىق گۇرۇلدەپ تۇرغان مەزگىلدە يېڭى سايلانغان جاھانگىر ئېتىنىڭ بېشىنى بۇراپ، سۇبىتاي باھادىرنىڭ ئاق ئۇردىسىغا قاراپ مېڭىۋىدى بىرنەچچە خان يۈگۈرۈپ كېلىپ باتۇنىڭ ئېتىنىڭ تىزگىنىگە يېپىشتى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى باتۇنىڭ شاۋرۇم ئۆتۈكىنىڭ قونچىلىرىغا سۆيۈپ، بەزىلىرى ئۇنىڭ ئېتىنىڭ بوينىغا، ئۈزەڭگىلىرىگە ئېسىلىپ:

— ھۆرمەتلىك ئۇلۇغ جاھانگىر! ئاتتىن چۈشۈپ ئاشۇ ئالتۇن تەختتە بىر پەس ئولتۇرغىن. بۇ تەخت ئەمدى ساڭا مەنسۇپ. ھازىر پۈتۈن يۇرت سايلانغىنىڭغا تەنتەنە قىلىپ چوڭ توي قىلماقچى. خانلارنىڭ، قىپچاق سۇلتانلىرىنىڭ ھەممىسى ساڭا باش قويۇپ، ھۆرمەت بىلدۈرمەكچى، — دېيىشتى.

باتۇخان مېيىقىدا كۈلۈپ قويۇپ، خانلارنىڭ بۇ ئارزۇسىنى ئورۇندىماقچى بولدى - دە، ئېتىدىن سەكرەپ چۈشتى. خانلار قول قوشتۇرۇپ، بەللىرىنى يايدەك پۈكۈپ تەزىم قىلىپ، ئالتۇن تەختنىڭ ئالدىدا ياتقان گىلەمگە قاراپ ماڭغان باتۇغا يول بېرىشتى. باتۇخان گىلەمگە يېتىپ كەلگەندە بېشىغا چېرىك سەللە يۆگىگەن بىر يىگىت ئۇنىڭ ئالدىغا ئۇدۇل كېلىپ توختاپ:

— باتۇخان ئالدىڭغا بىر قەدەم ماڭغۇچى بولما. ئەگەر ياشىدىكەنسەن، ئىشىڭ تامام ۋەسسالام! — دەپ قولىدىكى نەيزىنى توغرىسىغا قويدى. ئاندىن ئۇ يىگىت نەيزىنى زەربە بىلەن يىپەك گىلەمگە ئۇرۇۋىدى، ئۇزۇن نەيزە يىپەك گىلەمنى تېشىپ ئۆتۈپ، گۈلدۈرلىگەن پېتى چوڭقۇرغا چۈشۈپ كەتتى. ئۇ گىلەمنىڭ بىر چېتىنى قايرىپ ئېچىۋىدى، ئاستىدىن تۈۋى يوق بىر چوڭقۇر قۇدۇق كۆرۈندى. بۇ دەھشەتنى كۆرگەن باتۇخان:

— ئەرەپشاھ ياشاپ كەت! — دېدى - دە، يۈگۈرگەن پېتى سۈبىتاي باھادىرنىڭ ئاق ئوردىسىغا كىرىپ كەتتى.

خاننىڭ ئالدىنى توسۇپ، ئۇنى ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇرۇپ قالغان يىگىت — ئەرەپشاھ ئىدى.

خانلار قۇدۇق بېشىغا يىغىلىپ، ئۇنىڭ تۈۋىنگە كېلىپ: «پاھ بۇنى قانداق ھارام نىيەتلىكلەر قىلدىكىنە» دېيىشىپ ھاڭ - تاڭ بولۇشتى.

بىر ھازادىن كېيىن سۈبىتاي باھادىر كېلىۋاتىدۇ، دېگەن ئاۋاز چىقتى. راستتىنلا ھازىرمۇ غەيرىتىدىن قالمىغان، قېرى قوماندان بىر پۈتىنى سۆرەپ ئالدىرىماي كېلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ چەكچىيىپ تۇرغان چەشمە كۆزى پۈتۈن دۇنيانى يالماپ يۇتۇۋەتكۈدەك ئەلپاز بىلەن خانلار ۋە باشقا مېھمانلارغا تىكىلدى. ئۇ:

— مەن ئىككى كۈن بىلمىدىم، قاراڭغۇ بۇلۇڭ - پۇچ
قاقلاردا مۆكۈپ، مىڭغۇسقا① ئوخشاش ئادەمگە كۆرۈنمەي
تۇزاق قۇرۇپ يۈرگەن كىملەر! مېنىڭ بېشىم ئامان بولسا،
مېنىڭ سۇبىتاي باھادىر ئىكەنلىكىم ھەق بولسا. خاسىيەتلىك
ئەرۋاھىمنىڭ ئۆزى تەيىنلىگەن ياش داھىيغا ئۇ قەست قىلالماي-
دۇ! ئۇنىڭ جېنىغا زامىن بولۇشنى ئويلاپ يۈرگەنلەرنىڭ
كاللىسىنى كېسىپ، تېنىنى ئىتلارغا تاشلاپ بېرىمەن. شۇ
ۋاقىتتا ئۇلارنىڭ كارامىتىنى كۆرەرمەن. ئەمدى كۆپ كېچىك-
مەيلى! بىز ئەتە ئەمەس تاق ھازىرنىڭ ئۆزىدىلا قوزغىلايلى.
چىدىر. ئۆيلەرنى يىغىپ، تۆگىلەرگە ئارتىڭلار! ئاتلارنى تىز
ئىگەرلەڭلار! نۆكەرلەر ئوت ياقسۇن! — دېدى - دە، ئاقساپ
ئېنجىقلىغىنىچە ئۆز ئۆيىگە قاراپ ماڭدى.

شامالمۇ يوق. ھاۋا تىنجىق بولۇپ، ئىسسىق ھۆپۈلدەپ
تۇراتتى. بىر ۋاقىتتا ئوبانىڭ ھەرقايسىسىنىڭ تىققۇز يېرى-
دىن يېقىلغان ئوت تۈتەپ ياندى. ئۇنىڭدىن كۆتۈرۈلگەن قارا
ئىس تىلغىنىپ ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈپ، بۇلۇتلار بىلەن تۇتىشىپ
كەتتى. بۇ سۇبىتاي باھادىرنىڭ نۆكەرلىرى ياققان ئوتلار
ئىدى. بۇ غەربتىكى ئەللەرگە ھۇجۇم باشلاندى، ھەممىڭ ئاتلان،
دېگەن بەلگە ئىدى.

---

① مىڭغۇس — موڭغۇل خەلق چۆچەكلىرىدىكى دىۋە يالماۋۇزلار، بۇرۇنقى موڭغۇل باتۇرلىرىنىڭ ھەممىسى ئۇلار بىلەن سوقۇشقانمىش.

ئىككىنچى قىسىم

# باتۇخاننىڭ غەربكە يۈرۈشى

... تاتار - موڭغۇل تاجاۋۇزچىلىقىنى ئاسىيادىن چىققان ئادەتتىكى، تەرتىپسىز، ستىخىيىلىك تەدرىجىي كۆچمەنلەر توپى دېيىش پۈتۈنلەي ئاساسسىز. ئەسلىدە بۇ ھۇجۇمنى پۈتكۈل قوشۇن مەقسەتلىك ھالدا ئېلىپ بارغانىدى شۇڭلاقلا بۇ قوشۇننىڭ ئۇرۇش تاكتىكىسى، تېخنىكىسى، ئىنتىزامى دۈشمەن قوشۇنىنىڭكىدىن زور دەرىجىدە ئۈستۈن ئىدى.

(ناپولېئون)

بىرىنچى باب

## قوشۇن ئاتلاندى

نەزەر كەرىزەك چال خورازنى قىزىل رومالغا يۆگەپ، سۇرلۇك موڭغۇل قوماندانى سۇبىتاي باھادىرنىڭ ھۇزۇرىغا ئېلىپ كەلگەن كۈندىن باشلاپ، ھاجى رەھىم بۇ يەكچەشمە ئاقساق يىلپىزنىڭ قولىغا چۈشۈپ، پۈت قولى چۈشىلىپ قالدى.

سۇبىتاي دەسلەپكى كۈنلا ھاجى رەھىمگە:

— سەن كۆپنى بىلىدىغان ئوقۇمۇشلۇق زاتسەن. شۇ سەۋەبتىن شەۋكەتلىك جاھانگىر باتۇخان سېنى قولدىن چىقارماسلىقنى ۋە دائىم مېنى ئۆزىگە ھەمراھ قىلىپ يۈرۈشنى قارار قىلدى... سېنى: «دۇنيانى بويسۇندۇرۇش يولىدا قىلغان ھۇجۇملىرىمنى تارىخ قىلىپ يازسۇن؛ يازغاندىمۇ ئادەتتىكىدەك ئەمەس، قەلەم قۇۋۋىتىنى تولۇق ئىشقا سېلىپ تەسۋىرلەپ يازسۇن؛ شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ بىلىملىك راتنىڭ قەغەز ۋە سىيالىرىنى يېتەرلىك، قورسىقىنى توق، كىيىمىنى پۈتۈن، ھەممە نېمىسىنى تەل قىلىپ بېرىڭلار، دەپ بۇيرۇق قىلدى. بۇ جەھەتتىكى ئىشلارنى مەن بەجا كەلتۈرىمەن، ئۆزۈڭگە لازىم بولغان نەرسەلەرنىڭ ھەممىسىنى ئالىسەن. مەن ئۆمرۈمدە سۆزنى ئىككى قىلغان ئادەم ئەمەسمەن. ئارىسالدا بولما. ماۋۇ چال سېنىڭ خىزمىتىڭدە بولىدۇ... يۈرۈش ۋاقتىدا ساڭا ئات بېرىلمەيدۇ، يۈگۈرۈك ئاتقا مىنىپ يۈرىدىغان سەن نۆكەر ئەمەستە؟! كىم بىلىدۇ، ئاستىڭغا ئات چۈشسە بىر كېچىدە غايىب بولارسەن!... ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاتلىق يۈرسەڭ قەغەز - قەلەملىرىڭ چېچىلىپ ئاۋارىچىلىق تارتىسەن. شۇڭا سەن ئاڭغۇت ئېلىدىن كەلتۈرۈلگەن تۆگىگە مىنىپ ماڭغىن. بۇ چالمۇ شۇنىڭغا مىنىدۇ. ئىككىڭلار مېنىڭ كەينىمدىن قالماي ماڭىسىلەر. ھەي، خوراز ئەكەلگەن چال، سەن ماۋۇ گەپلەرنى ئېسىڭدە ساقلا. ئەگەر بۇ دانىشمەن بەزىدە ھورۇنلۇق قىلىپ، يېزىقچىلىق ئىشلىرىنى ياخشى ئىشلىمىسە ياكى قېچىپ كېتىش يامان نىيىتىگە كەلسە، ئۇنىڭ ھەممىسىگە سەن جاۋابكار! ئەگەر بۇنداق ئىشلار سېزىلىپ قالسا، نەۋكەرلىرىم سېنىڭ ساقلىڭغا قاراپ ئاياپ قويمايدۇ! شۇ نەرسە ئېسىڭلاردا بولسۇنكى، نېمە ئىشلار بولۇپ كېتىۋاتىدۇ-ھە، دەپ

ھەيرەتتە قالماڭلار. ئورۇنسىز ئىشلارنى سۆزلەپ ئۆزۈڭلارنى ئاۋارە قىلماڭلار. ئىشلار جاھانگىر قانداق دېگەن بولسا شۇنداق بولۇشقا تېگىشلىك! ئۇ ئەزەلدىن بۇيرۇقنى بىر قېتىملا قىلىدۇ. چال سەن بۇ خورازنىڭ باقسەن، ئۇ كۆپچىلىكنى ئويقۇدىن ئويغىتىدىغان بولسۇن، باشقا ئىشلىرىم يوق، ماڭساڭلار بولىدۇ، — دېدى.

سۇبىتاي باھادىر سۆزىنى تۈگەتكەندىن كېيىن، كەينىگە بۇرۇلۇپ كېتىپ قالدى. ئۇ ئەمدى دەرۋىشنى پېتۈنلەي ئونتۇپ كەتكەندەك قىلاتتى. ھەش - پەش دېگۈچە بەستلىك ئىككى موڭغۇل يېتىپ كەلدى - دە، ھاجى رەھىمنى ئىككى قولتۇقىدىن تۇتۇپ، نېرىدا تۇرغان يوغان قارا تۈگە تەرەپكە ئېلىپ ماڭدى. تۆگىنىڭ ئۇستىگە تېقۇم سېلىنىپ، چوڭ سۆكەن سېۋەت ئارتىپ قويۇلغانىكەن. ئۇلار ۋارقىراپ يۈرۈپ، قارا بۇغرىنى چۆكتۈردى - دە، ھاجى رەھىمنى دەسسىدە كۆتۈرۈپ، سۆكەننىڭ بىر چېتىگە سالدى. سېكەننىڭ ئېچى تار بولغاچقا دەرۋىش ئىككى پۇتىنى يىغىپ، تىزىنى قۇچاقلىغان پېتى ئولتۇرۇپ قالدى.

نەزەر كەرىزەك سۆكەننىڭ ئىككىنچى تەرىپىگە چۈشتى. ئۇ بۇنىڭغا نارازى بولۇپ:

— مېنى ئاتقا مىندۈرۈش كېرەك ئىدى... بۇ نېمە قىلغىنى - ھە ياكى بۇلار ماڭا چاقچاق قىلىۋاتامدۇ. بىر كونا لەشكەرنىڭ ئاتقا مىنمەي سۆكەندە ئولتۇرۇشى قانداق گەپ! — دەپ غودۇڭشۇشقا باشلىدى.

ئۆزىنىڭ سۆزىگە ھېچكىمنىڭ قۇلاق سالماي ۋاتقانلىقىنى سەزگەن نەزەر، ھازىرقى ھالىغا شۈكرى قىلىپ جىم بولۇپ قالدى - دە، سېرىق خورازنى يېنىغا قويۇپ، ئۇنىڭ پۇتىنى تاسما بىلەن سۆكەنگە باغلاپ قويدى. بىر چاغدا موڭغۇللار قارا بۇغرىنى تۇرغۇزۇپ يېتەكلەپ ماڭدى - دە، سەل نېرىدا

ئۇيغۇر كىتاب تورىيكتى
www.uyghurkitap.com

چۆكۈپ تۇرغان تۆگىلەرنىڭ يېنىغا ئاپىرىپ قايتىدىن چۆكتۈ-رۈپ باغلاپ قويدى. بۇ تۆگىلەرنىڭ ھەممىسىگە كىگىز ئۆيلەرنىڭ نەرسە - كېرەكلىرى ئارتىلغانىدى. مېڭغۇللار تۆگىنى باغلاپ قويۇپ قايتقاندىن كېيىن، نەزەر كەرىزەك چوڭقۇر خىيالغا چۆكۈپ، چەكسىز دالىغا قاراپ ئولتۇرغان دەرۋىشنىڭ قۇلىقىغا پەس ئاۋاز بىلەن:

— ھېلىقى ئاسقاق شەيتان قىلمەن دىگىنىنى قىلدۇ. لېكىن ئۇنىڭ قىرسىقلىرىنى تېيغۇزىمەن، دىگەن سۆزى مۇنداقلا دەپ تېيىغان بىر گەپ. ئۆزلىرى بەزىدە توق، بەزىدە ئاچ يۈرىدىغان مېڭغۇللار بىزگە تېيغۇچە تاماق بېرەتتىمۇ؟ شۇڭا قىرساقنىڭ غېمىنى ئۆزىمىز قىلماساق بولمايدۇ. مەن قىماندانىنىڭ ئاشپىزى بىلەن تونۇشۇپ ئاغىنە بولۇۋالاي... ئەگەر ئۇنى قولغا كەلتۈرۈۋالساق قازانمۇ ماي، چۆمۈچمۇ ماي بولاتتى، — دىدى-دە، ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ، سۆكەندىن چۈشۈپ يۈگۈرگىنىچە كېتىپ قالدى.

سۆكەنىنىڭ ئىچىدە يالغۇز ئولتۇرغان ھاجى رەھىم ئۇيۇر-تويۇر بولۇۋاتقان كىشىلەردىن كۆزىنى ئۈزمەي قاراپ تۇراتتى. لەشكەرلەر ئۇياق - بۇياققا يۈگۈرۈشەتتى. بىر - بىرىگە ۋارقىرايتتى. بىر - بىرىنى ئالدىرىشتاتتى. سۈبىتاي باھادىر: «ئېتىمىنى ئېلىپ كېلىڭلار!» دەپ بۇيرۇق چۈشۈردى. قىپچاق ئاياللىرى ناخشا ئېيتىپ يۈرۈپ، ئەڭ ئاخىرقى كىگىز ئۆيلەرنى يىقىتىپ، قازان قومۇچ، سابا - تورسۇقلارنى تۆگىلەرگە ئارتماقتا ئىدى. نۆكەرلەر ئېزىملىرى چىڭ تارتىپ باغلانغان تاغارلارنى ھارۋىلارغا باساتتى. پومپايغان خۇرجۇنلىرىنى يېتەكلەپ ئېلىپ يۈرىدىغان ئاتلارغا ئارتاتتى. بەزىلىرى تۆشلۈكنى چىڭ تارتىپ ئېتىغا مىنگەندىن كېيىن، تۈزلەڭلىككە يىغىلىۋاتقان لەشكەرلەر تەرەپكە قاراپ چېپىپ كېتىشەتتى. يەنە بەزىلىرى

بولسا، قوي ۋە كالا پادىلىرىنى ھەيدەپ كېتىپ بېرىشاتتى.

سوبىتاي باھادىر بىر پۈتىنى سۆرەپ، ئىنجىقلاپ ئۆچەي دەپ قالغان گۈلخان ئالدىغا كەلدى. ئوتنىڭ ئەتراپىدا بىر توپ شامانلار ئايلىنىپ يۈرەتتى. بۇلارنىڭ بىرسى قېرى بولۇپ، قالغانلىرى ياش ئىدى. بىرسى داپ چالسا، يەنە بىرسى ساپايى سىقۇپ ھەممىسى بىرلىكتە زىكرى قىلاتتى. سوبىتاي ئوتقا چەكچىيىپ قاراپ تۇرۇپ، ئاغزىنى مىدىرلىتىپ تەڭرىنىڭ بالا - قازادىن، ئوتتىن، يامان كۆزدىن ساقلىشىنى تىلەپ، بىر نېمىلەرنى ئوقۇشقا باشلىدى. بىر چاغدا شامال ئۇرۇپ، ئۆچۈپ قالاي دېگەن ئوتنى يالقۇنجاتتى. قاپقارا تۈتۈن بىلەن قىزىل يالقۇن قېلىن پەردە ھاسىل قىلىپ، سوبىتاينى ئۆز قوينىغا ئالغاندەك قىلدى.

— بۇ ياخشىلىقنىڭ نىشانى! شامال چىقتى، ئەمدى ئاق يوللۇق بولسەن، بېشىڭغا بەخت قۇشى قونىدۇ! ئوت جىن - شاياتۇن، بالا - قازالارنى قوغلايدۇ، — دېدى ئەتراپتىكى موڭغۇللار.

سوبىتاي سۆڭگەكچىنى چىقىرىپ، قاپىقىنى تۈرگىنىچە ئوت ئالدىدا ئۇزۇنغىچە مىدىر قىلماي تۇردى. ئۇنىڭ خىياللارغا غەرق بولۇپ تۇرغىنىغا قارىغاندا، ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن بولغۇسى ئۇرۇشلاردىن قورقىنىدىن ئېسىنى يوقاتقان كىشىلەرنىڭ تەرەپ - تەرەپلەرگە قېچىشىۋاتقىنى، ئۆزى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرگەن باتۇخاننىڭ دۇنيانى بويسۇندۇرغانلىقى، پۈتۈن جاھانغا شۆھرىتىنىڭ تارقالغانلىقى بىر - بىرلەپ ئۆتكەندەك قىلىۋاتاتتى.

شۇ چاغدا بوز ئايغىرغا مىنىپ باتۇخاننىڭ ئۆزىمۇ يېتىپ كەلدى. توققۇز موھاپىزەتچى تۇرغاۋۇت ئۈچتىن قاتار تىزىلىپ خاننىڭ ئارقىسىدىن كېلەتتى. ئالدىنقى قاتاردىكىلەرنىڭ بىرسىنىڭ قولىدا ئۇزۇن خادىغا باغلانغان بەش بۇرجەكلىك

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

چوڭ ئاق توغ يەلپۈنۈپ تۇراتتى. تۇغنىڭ ئۈستىگە يىپەك يىپ بىلەن قارغىنى ئىلىپ ئۇچۇپ كېتىۋاتقان قارچىغىنىڭ① سۈرىتى كەشتىلەنگەنىدى. باتۇخاننىڭ بېشىدا يەڭگىل دۇبۇلغا. دۇبۇلغىنىڭ ئۈستىدە بىر تۇتام كۆك قوتان ئۆككە قادالىق ئىدى. ئۇنىڭ كۈندە كۆيۈپ قارىداپ قالغان چىرايىدىن، ئەمدىگىنە خەت تارتقان بۇرۇتىنى پەرق قىلىش قىيىن ئىدى. قىيسىق كۆزلىرى بولسا ئوتتەك چاقناپ تۇراتتى. ئۈستىدىكى كۆك چاپاننىڭ ئالتۇن بىلەن قاپلانغان تۈگمىلىرىگە ياقۇتلاردىن كۆز قويۇلغانىدى. خان يەرنى چاپچىپ ئويناقلاپ تۇرغان ئارغىماقنىڭ ئۈستىدە قاپقىنى سىلىپ كىدىيىپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ ئوڭ قولىدا ئاتنىڭ ئالتۇن تىزگىنى، سول قولىدا بولسا دەستىسى ئالاھىدە ئىشلەنگەن سېرىق قامچا بار ئىدى.

— مەن تەييار بولدۇم. لەشكەرلەرنىڭ ئاتلانغانلىقىنى كۆردۈڭمۇ! مېنىڭ لەشكەرلىرىمنىڭ: «بۈيۈك ئىدىل بويىغا قاچان يېتىمىز، توشقان يۈرەك خەلقلەرنى قاچان قىرىمىز» دەپ يۈرگىنىنى ئاڭلىدىڭلارمۇ؟ — باتۇخان سۇبىتايغا قاراپ شۇنداق دېدى - دە، قولىنى غەرب تەرەپكە شىلتىدى. دۆڭ ئۈستىدىن چەكسىز يىراقلارغا سوزۇلۇپ كەتكەن تۈپتۈز دالىدا ئېنىق كۆرۈنەتتى. يوللارنىڭ ھەممىسى غەربكە قاراپ يۇپۇرۇلۇپ كېتىۋاتقان لەشكەرلەر بىلەن تولغانىدى.

سۇبىتاي باھادىر باتۇخانغا لەپپىدە بىر قارىدى - دە، ئاندىن يەرگە ئېڭىشىپ بىر سىقىم تۇپراقنى ئالدى.

— مەن ئاللىقاچان تەييار بولغان! ھازىر ئاتقا مىنىمەن. ئېيتقىنىڭ توغرا. بۇ لەشكەرلەر بىلەن ھەرقانداق ئەلنى بويسۇندۇرغىلى بولىدۇ! — دېدى ئۇ ۋە باتۇخاننىڭ يېنىغا

① قاغىنى ئىلىپ ئۇچۇپ كېتىۋاتقان قارچىغا — چىڭگىز ئەۋلادىنىڭ ھامىسى ھېسابلىناتتى. چۈنكى چىڭگىزنىڭ بادۇنشار دېگەن بوۋىسى كەمبەغەل بولغانلىقتىن، دائىم قارچىغا سېلىپ كون ئۆتكۈزگەنىدى.

كېلىپ قۇلىقىغا پىچىرلىدى، — مېنىڭ يېنىمدىن يىراقلىشقۇچى بولما! ئېسىڭدە بولسۇنكى، ساڭا خەۋپ - خەتەر ئەربىتىن ئەمەس، بەلكى ئىچىمىزدىكى ئالدىڭدا ھېجىيىپ، كەينىڭدىن مۇشت كۆتۈرىدىغان قارا يۈزلەردىن، ئورا كولاپ تۇزاق قۇرىدىغان سۇيىقەستچىلەردىن كېلىدۇ.

باتۇخاننىڭ قاپىقى چۈشۈپ، ئۆڭى ئۆچتى. ئۇ چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ، قولىدىكى قامچىنى بىراقلا شىلتىدى - دە:

— ئەبلەخلەردىن بىزار بولدۇم، بەس. ئۇلارنىڭ ئىپىنى قىلما! قاچان ئىدىل دەرياسىدىن ئۆتۈپ، قىپچاقلار دالاسىغا يېتىمىز. بۇ يەردىن تېزرەك كەتسەك، تېلى ھەسەل. دىلىنى زەھەر سۇيىقەستچىلەردىن قۇتۇلسام... — دېدى پەس ئاۋاز بىلەن سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — بۇ يەرگە ئەمدى قايتىپ كەلمەيمەن. بۇ يەردىن ئۈزۈل - كېسىل قول ئۈزۈپ كېتىۋاتىمەن. ئالدىمىزدىكى يەرلەرنى بويسۇندۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، بۇرۇنمۇ بولمىغان ۋە بۇندىن كېيىنمۇ بولمايدىغان غايەت زور بىر مەملىكەت قۇرىمەن. ئۇنىڭغا قاراقورۇمدىكى ئەبلەخلەرنىڭ قولى يەتمەيدىغان بولىدۇ!

— توغرا، شۇنداق قىلىش كېرەك! — سۇبىتاي شۇنداق دېدى - دە، ئەتراپتا ئايلىنىپ يۈرگەن مەڭغۇللار تەرەپكە قاراپ كەتتى.

شامانلار قۇچاق - قۇچاق ئەمەن، شىۋاقلارنى كۆلىگەن ئۈستىگە تاشلاپ ئۆچۈپ قالاي دەپ تۇرغان ئوتنى ياندۇرماقچى بولۇپ ئاۋارە بولاتتى. بىرھازادىن كېيىن ئوت يالقۇنجاپ يېنىشقا باشلىدى. قىپقىزىل يالقۇن ئۆتكۈر تىلى بىلەن كۆكنى يالىدى.

سۇبىتايمۇ چاپار يۈرگۈسىغا مىنىپ، قاپىقىنى تۈرگىنىچە باتۇخاننىڭ ئارقىسىدىن ئېتىنى يورغىلىتىپ كەتتى. تاتار-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

موڭغۇللار تامام ئاتلاندى. ئەڭ ئاخىرقى تۆگىلەرگىمۇ يۈكلەر ئارتىلىپ بولدى. باش - ئاخىرى كۆرۈنمەيدىغان بۇ ناھايەت چوڭ كارۋان تىلسىمدەك سىرلىق غەرب تەرەپكە — گۈڭگا تۇمان ئىچىدىكى ئۇپۇققا قاراپ سىلجىشقا باشلىدى.

## ئىككىنچى باب

### يولدا

... مايمۇن يىلىنىڭ باھارى جامادىيەل ئاخىر ئېيىدا، چىڭگىز نەسلىدىن بولغان خانزادىلەرنىڭ ھەممىسى بىردىنلا غەربكە قاراپ يۈرۈش باشلىدى. ياز بويى تەختىماي يۈرۈش قىلىپ، كۈز پەسلىگە يەتكەندە، بولغار پادىشاھلىقىنىڭ زېمىنىدا جۇجى- نىڭ باللىرى — باتۇ، ئوردا، شەيبان، تاڭغۇت خانلىرى بىر - بىرى بىلەن قوشۇلدى. ئاخىرى بولغار زېمىنى بۇ خانزادىلەرنىڭ ئىلكىگە ئۆتتى.

(تارىخىي رەشىدىيەدىن)

«... سانسىز موڭغۇل لەشكەرلىرى يەر - جاھاننى يالماپ خۇددى سەلدەك بېسىپ كەلمەكتە ئىدى. ئۇلار ئىلگىرىلىگەنسېرى خاتىرجەم ياتقان خەلقىنىڭ كۆز يېشى بۇلاق، قېنى دەريا بولۇپ ئاقاتتى. گۇناھسىز ئادەملەرنىڭ ئېچىنىشلىق مۆڭ - زارىنى، تىنچ ياتقان ئەلنىڭ بېشىغا چۈشكەن كۈلپەتلىك كۈن- لەرنى، مېھرىبان ئانىنىڭ ئىسسىق قويىنىدىن ئايرىلغان نارەسىدىلەرنى كۆرگەندە، كىشىلەرنىڭ ئىچى سىيرىلىپ، يۈرەك

باغرى ئېزىلىپ كېتەتتى. بۇ ئېغىر كۆلپەتلەر، دەھشەتلىك
كۆرۈنۈشلەرنى تەپسىلىي يېزىپ چىقىش ئۈچۈن، شۇ ۋەقەلەرنى
بىر - بىرلەپ كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈشكە قايسى قەلەم ئىگىسىنىڭ
قەلبى بەرداشلىق بېرەر! يۈرەك باغرىڭنى پۇچىلىغان ئېچىنىشنى،
قەلبىڭنى ئۆرتىگەن ھەسرەتنى، ئىچىڭدىن قايناپ چىققان
غەزەپ ۋە ئۆچمەنلىكنى ئىپادىلەيدىغان ئۆتكۈر سۆزلەرنى نەدىن
تاپارسەن! مۇشۇ ۋەقەلەر تەسۋىرلەنگەن ھېكايىلەرنى ئەۋلادتىن -
ئەۋلادقا مىراس قالدۇرۇش ئۈچۈن، مەڭگۈ ئۆچمەيدىغان سىيانى
نەدىنمۇ ئىزدىگۈلۈك؟... بۇ قوشۇن يولدا يولۇققان ھەرقانداق
ئادەمنى ئىككىلەنمەي قىيما - چىيما قىلاتتى... نە ئۇنىڭ
ئاياللىقىغا، نە ئۇنىڭ ئايىقى چىقمىغان سەبىي بالىلىقىغا، نە
ئۇنىڭ مۈكچەيگەن قېرى بوۋايلىقىغا قارىمايتتى... قارشى
چىققانلار ئۆلدى، بويۇن ئەگكەنلەر قۇل بولدى. ئىككى تەق-
دىرنىڭ بىرسىدىن ھېچكىممۇ قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ... كۆزگە
كۆرۈنگەننىڭ ھەممىسىنى يەر بىلەن يەكسان قىلىپ، ئەجەل
ئورۇقىنى چېچىپ كېلىۋاتقان تۆت يۈز مىڭ لەشكەرنىڭ گۈلدۈرما-
مەك ئاۋازىدىن قورقماي قەددىنى تىك تۇتىدىغان، جان تىكىپ
ئاخىرقى نەپەسى قالغۇچە كۈرەش قىلالايدىغان شىر يۈرەك،
قايتماس ئەرلەر نەدە؟!... بۇلاڭ - تالاڭ، زورلۇق زومبۇلۇق
قىلىپ خۇدىنى يوقاتقان، قان تۆكمىسە كۆڭلى ئەمىن تاپمايدى-
غان بۇ چۆل يىرتقۇچلىرىنى يوقىتىدىغان كۈچ نەدە؟!»

ھاجى رەھىم سۆكەن ئىچىدە سەمەرقەنتنىڭ كۆك قەغ-
زىنى تىزىغا قويۇپ ئولتۇرۇپ، ئۆزىنىڭ يول ئۈستىدە كۆرگەن-
بىلگەنلىرىنى يۇقىرىقىدەك خاتىرىلەيتتى. دەرۋىش بۇ يازغانلى-
رىغا «سەپەر خاتىرىلىرى» دەپ نام قويىدى. ئۇ چىرايلىق يېزىش
ئۈچۈن تىرىشاتتى. دەرۋىشنىڭ ئاستىدىكى يوغان قارا بوغرا
سۇبىتاي باھادىرنىڭ مىڭ كىشىلىك مۇھاپىزەتچى لەشكەرلى-

www.uyghurkitap.com

رىنىڭ كەينىدىن قالماي لوكىلداپ ماڭاتتى. سوۋىتاي ئاستىدىكى تەڭگە چىپار يورغىنى بىردەم يورغىلىتىپ قويسا، بىردەم تىزگىنىنى تارتىپ ئاستا يۈرۈش بىلەن كېلەتتى. بەزىدە دۆڭ-يوتىلارنىڭ ئۈستىگە چىقىپ، تۆت ئەتراپقا نەزەر تاشلايتتى. قارا بۇغرىمۇ ئالدىدىكى ئاتنىڭ يۈرۈشىگە بېقىپ، بەزىدە سوكۇلداپ بەزىدە ئاستىلاپ سېكەن ئىچىدىكى ھاجى رەھىم بىلەن نەزەر كەرىزەك چالنى توختىماي چايقاپ كېلەتتى.

ھاجى رەھىم كۆرگەن - بىلگەنلىرىنى خاتىرىلەشنى داۋاملاشتۇرۇپ، مۇنداق دەپ يازدى:

«... لەشكەرلەر چىغىناق شەھىرىدىن باھار پەسلىدە ئاتلىنىپ چىقىپ، ياز بويى توختىماي غەربكە① قاراپ سىلجىدى. ياز يېغىنسىز ۋە قاتتىق ئىسسىق بولغاچقا، يەرلەر قاغجىراپ كەتتى. ئەسىرلەردىن بېرى ئۇياقتىن - بۇياققا يۆتكىلىپ يۈرگەن خەلقلەرنىڭ بۇ چۆللەرگە سالغان يوللىرى — ئوت-سۈيى مول بولغان، بىر قونالغۇدىن ئىككىنچى بىر قونالغۇغا كۆچۈپ پەيدا بولغان يوللىرى كۆپ بولغاچقا، لەشكەرلەرنىڭ ئاستىدىكى ئاتلار سۇدىن ياكى يەم - خەشەكتىن قىينالمىدى. باھاردا چۆپ ياشىرىپ - چەلگىنىپ تۇرغان كەڭ سەھرادا ئات ئۈچۈن ئوزۇق ھەممە يەردىن تېپىلاتتى. تېخىمۇ ئىچكىرىلىگەنسېرى قار سۈيى بىلەن تولغان كۆلچەكلەر ۋە يەلپۈنۈپ تۇرغان ئوتلاقلار، قومۇشلۇق ۋە لىكەنلىكلەر ئۇچراپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە تاتار ئاتلىرى ئانچە كۆتۈم تەلەپ قىلىپ كەتمەيتتى — يەم - خەشەك تاللىمايتتى.

---

① تاتار - موڭغۇل لەشكەرلىرىنىڭ بىر قىسمى شويبان خاننىڭ يېتەكچىلىكىدە غەرب - شىمالغا قاراپ مېڭىپ، كاما دەرياسىنىڭ بويىدىن بولغار پادىشاھلىقىغا يەتكەن ۋە ئۇنى تېز بويسۇندۇرغان. ئاندىن قەدىمكى يوللار بىلەن توختىماي غەربكە قاراپ ماڭغانىدى.

ئوتتۇز ئۈچ تۈمەن لەشكەر ئوتتۇز ئۈچ يول بىلەن يۈرۈش قىلدى. سوزۇلۇپ ياتقان ھەربىر تۈمەننىڭ ئۇ بېشىدىن بۇ بېشىغىچە بولغان مۇساپە ئىلدام ئات ئۈچۈن ئۈچ كۈنلۈك يول ئىدى.

ھەرقايسى سەپ بەلگىلەنگەن يول بىلەن مېڭىپ، توختىغاندا ئۆز ئالدىغا قونالغۇ ھازىرلايتتى. قوشۇندىن ئىلگىرى يۈرىدىغان چارلىغۇچىلار قوشۇن يېتىپ كەلگىچە سۇلۇق، چۆپلۈك يەرلەرنى تېپىپ ھازىرلىق قىلىپ تۇراتتى.

پۈتكۈل سەپنىڭ ئوڭ قانىتىنىڭ شىمالىدىكى قىسمىغا باتۇخاننىڭ شويبانىخان بىلەن باشقا ئىككى ئاكىسى يېتەكچىلىك قىلاتتى. بۇلارنىڭ ھەرقايسىسىدا بىر تۈمەندىن لەشكەر بولۇپ، ئۇلار داۋاملىق ئۆزئارا چاپارمەن ئەۋەتىپ ئالاقىلىشىپ تۇراتتى. جاھانگىر ئۇلارغا: ئىدىل دەرياسىنىڭ كاما دېگەن بىر تارمىقى بولۇپ، شۇنىڭ بويىدا بولغار دېگەن بىر پادىشاھلىق بار. سىلەر شۇنى بويسۇندۇرۇڭلار، دەپ بۇيرۇق بەرگەنىدى. سەپنىڭ ئوتتۇرا قىسمىنى كۈيۈك خان باشقۇراتتى. سول تەرەپنى بولسا چىڭگىز نەسلىدىن بولغان باشقا خانزادىلەر باشقۇراتتى. كۈيۈك خان سەپنىڭ ئوتتۇرىسىنى مەقسەتلىك تاللاپ ئالغانىدى. ئۇ: «باتۇخان ئورنىدىن قالسا، — يامانلىقنى ئويلىمىغىنچە ياخشىلىق يوق — مۇبادا ئۇنىڭغا بىرەر قازايىۇ خەتەر يېتىپ قالسا، ئەلۋەتتە مېنى جاھانگىر سايلىماي كىمنى سايلايدۇ، دەپ تېخىچىلا بارلىق قوشۇننىڭ تىزگىنىنى ئۆز قولىغا ئېلىش تەمەسىدە ئىدى.

باتۇخاننىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىنى ھېچكىم بىلمەيتتى. ئۇ دائىم سۈبىتاي باھادىرنىڭ يېنىدىن ئايرىلمايتتى. ئاسقاق يىلپىزنىڭ ھەرىكىتى تېز، يۈرۈشى توختاۋسىز، چارە - تەدبىرلىرى كۆپ ئىدى. شۇڭا ئۇ، كۈتمىگەندە ئاسماندىن چۈشكەندەك پەيدا بولۇپ، ئاققان يۇلتۇزدەك تېز غايىب بولاتتى. ئۇ ئۆز

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

قولىدىكى لەشكەرلەر بىلەن بىردە سەپىنىڭ ئوڭ قانىتىدا، بىردە سول قانىتىدا ۋە بەزىدە ئوتتۇرا قىسمىدا پەيدا بولۇپ قالاتتى. بىر ئازدىن كېيىن، قايسى تەرەپكە كەتكەنلىكىنى بىلىندۇرمەي كۆزدىن غايىب بولاتتى.

چىڭگىز نەسلىدىن بولغان خانزادىلەر قول ئاستىدىكى لەشكەرلەرگە ئۆزلىرى بىۋاستە قوماندانلىق قىلىدۇ، دېيىش بەكمۇ نادانلىق ئىدى. كۆرۈنۈشتە ئۇلارنىڭ رەھبەر دېگەن بۈيۈك نامى بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە بۇ رەھبەرلىكنىڭ يېنىدا ھەرقاچان چىڭگىزخاننىڭ بۈيۈك يۈرۈشلىرىگە كۆپ قاتناشقان، ئۇرۇش تاكتىكىسىنى كۆپ ئىگىلىگەن، تەجرىبىسى مول دۇغغۇللاردىن بولاتتى. ئۇلارنى «تۈمەن بېشى» دەپ ئاتايتتى. لەشكەرلەرگە يول باشلايدىغان، يارلىق چۈشۈرىدىغان تۇختاش ياكى قوزغالغۇ بەلگىلەش توغرىسىدا سۈبىتايغا ئۆزۈلمەس خەۋەرلەرنى يوللاپ تۇرىدىغانلار مۇشۇ تۈمەن باشلىرى ئىدى. سۈبىتاي باھادىر بولسا، پۈتۈن قوشۇننىڭ قوماندانى بولۇپ، قوشۇنغا ئومۇمىيۈزلۈك رەھبەرلىك قىلاتتى. شۇڭا ھەر توققۇز كۈندە بىر قېتىم تۈمەن — تۈمەنلەردىن چاپارمەنلەر كېلىپ سۈبىتاي باھادىرغا: «لەشكەرلەرنىڭ قايسى ئورۇنلاردا كېتىۋاتقانلىقىنى، قوزغالغۇ قىلىپ توختىغان يەرلەردە خانزادىلەرنىڭ ئىتىنى يۈگۈرتۈپ، قۇش ئۇيىنىتىپ شىكارغا چىققانلىقىنى، لەشكەرلەرنىڭ ئەمدى قايسى يول بىلەن ماڭىدىغانلىقىنى، يولدا ئاتلار يەيدىغان چۆپنىڭ كەملىكىنى، ئاتلارنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى ۋە باشقا ئىشلار توغرىسىدا دوكلات قىلاتتى.

سۈبىتاي چاپارمەنلەرنىڭ سۆزىنى زېھىن قويۇپ تىڭشايتتى. چاپارمەنلەر سۆزلەۋاتقان ۋاقىتتا ئۇ: «ھەممىسىنى بىلدىم! داۋاملىق سۆزلە!» دەپ ئاندا — ساندا سۆز قىستۇرۇپ قوياتتى. ئۇ ھېچكىمنى ماختىمايتتى ھەم ھېچكىمگە تەنبىھمۇ بەرمەيتتى، پەقەت

خانزادىلەرگە قايسى قىپچاق خانلىرىنىڭ كېلىپ سالام بېرىدىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ نېمە دېيىشىۋاتقانلىقىنى ئاستا سوراپ تۇراتتى. ئەگەر چاپارمەن «بىلمەيمەن» دەپ جاۋاب بەرسە، سۈبىتاي باھادىر غەزەپ بىلەن كۆزۈمدىن يوقال دەپ ئۇنى قوغلاپ چىقىراتتى.

باتۇخاننى سۈبىتاي باھادىرنىڭ يېنىدا كۆرگىلى بولاتتى. ئۇ بۇ قەھرلىك قوماندانىنى ئەقىللىق، دانا ھېسابلاپ، ئۇنىڭ سۆزىنى مۇقەددەس بىلىپ، ئېيتقان پىكرىنى پەقەتلا يېرمايتتى. سۈبىتاي باھادىرنىڭ ئۆزى بولسا باتۇخان بىلەن سۆزلەشكەندە، ئۆزىدىن يېشى چوڭ، تەجرىبىسى مول ئادەم بىلەن سۆزلەشكەن نەزەردە مۇئامىلە قىلاتتى. چۈنكى: چىڭگىزخاندەك ئۇلۇغ ئادەمنىڭ نەۋرىسى ئۆزى ياش بولسىمۇ يولى چوڭ بولىدۇ، دەپ قارايتتى. باتۇنىڭ مىڭ كىشىلىك مۇھاپىزەتچى قوشۇنى بولۇپ، كىشىلەر ئۇلارنى «ساھىبقىرانلار» دەپ ئاتىشاتتى. ئەمەلىيەتتىمۇ بۇ يىگىتلەر يۈرەكلىك ئەزىمەتلەردىن ئىدى. بۇ نۆكەرلەرنىڭ يېرىمىنىڭ مىنگەن ئېتى پۈتۈنلەي جىرەن، قالغان يېرىمىنىڭ پۈتۈنلەي چىلان توروق ئىدى. توروق ئاتلىق مۇھاپىزەتچىلەرنىڭ يۈز باشلىرىنىڭ بىرى ئەرەپشاھ ئىدى. جاھانگىر سايلايدىغان كۈنى ئۆزىنى ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇرۇپ قالغانلىقى ئۈچۈن باتۇخان ئەرەپشاھنى ئۆز يېنىغا تارتىپ يۈرەتتى ھەمدە ئۇنى ئاق كۆڭۈل، ئوچۇق چىراي باتۇر يىگىت دەپ ھېسابلايتتى. ئەرەپشاھمۇ باتۇنىڭ مۇشۇ نىيىتىنى بىلىپ ئۇنىڭ يولىغا جېنىنى تىكىپ قويغانىدى. باتۇ نەگە بارسا، نەدە تۇرسا، ئەرەپشاھمۇ ئۆزىنىڭ يۈز لەشكىرى بىلەن خاننى مۇھاپىزەت قىلىپ شۇ يەردە بولاتتى ھەتتا خان ئۇخلىغان ۋاقىتلاردىمۇ ئۇ، ئۇستىدە تىك تۇرۇپ كۆزەت قىلاتتى.

سۈبىتاي باھادىرنىڭ ئۆزىنىڭ بىر تۈمەن لەشكىرى

بولۇپ، ئۇنىڭ مۇھابىزەتچى لەشكەرلىرىنى كىشىلەر «پىدائىيلار» دەپ ئاتايتتى. ئۇلار تالاي قانلىق جەڭلەردە سۈبىتاي باھادىر بىلەن بىرگە ئۇرۇش قىلغان. ئۇلار ئۇنى ئۆز ئاتىسىدەك قەدىرلەيتتى. شۇڭا ئۇلار، باھادىر ئوتقا دېسە ئوتتىن، سۇغا دېسە سۇدىن يانمايتتى. سۈبىتاي بۇلارنىڭ ئىچىدىن ھەرقايسى لەشكىرىي بۆلۈملەرنىڭ باشلىقلىرىنى تەربىيىلەپ چىقىراتتى. بۇنداق تەرتىپنى دۇنيانى تىترەتكەن چىڭگىزخان ئۆز ھۇزۇرىدا ئورناتقانىدى. شۇندىن بېرى بۇ تەرتىپ ئۆزگەرمەي داۋاملىشىپ كېلىۋاتاتتى.

## ئۈچىنچى باب

## ئارقىدا قالغانلارنىڭ جازاسى — ئۆلۈم

ئەمدى مېنىڭ ساقىلى قاردەك ئاقارغان ئاتام، ئاق سۈت بېرىپ باققان قېرى ئاناممۇ يوق. ئاكا - ئىنى، ھەدە - سىڭىللىرىممۇ يوق. مەن ئۈچۈن ئۆتمۈش خۇددى بىر چۈشتەكلا بولۇپ قالدى... ھازىر مېنىڭ سۆيۈملۈك يارىم، بىردىنبىر سۆيگەن نەرسەم ئاتىمدىكى باياندارخاننىڭ بەرگەن تورۇق ئېتى. شامالدا ئۇچقان قامقاقتەك، مېنىڭ مېڭىشىم شامال، بېتىشىم ئازگال بولدى. بېشىم قايغان، پۈتۈم تايغان تەرەپلەرگە كېتىدىغان بولدۇم. لېكىن يالغۇز يۈرگەننىڭ نېمە مەنىسى بولسۇن. ئۇنىڭدىن كۆرە بىرسىگە لەشكەر بولۇپ قوشۇلاي، بىراق مېنى كىم لەشكەرلىككە ئالىدۇ؟ مەندە قىلىچ ياكى نەيزە يوق. پەقەت قورال دېگىلى بولمايدىغان ئادەتتىكى بىر پىچاقلا بار... يۇرتىنىڭ ھەممىسى ئۆز قەبىلىسى، ئۆز ئايمىقى بىلەن

كېتىۋاتىدۇ، ناتونۇش ئادەملەرنى ئۇلار ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ... مەن تەمتىرەپ يۈرگەن بىر بىچارىمەن. ئەمدى مەن نەگە باراي، مېنىڭ كىمگە پايدام تېگىدۇ، ماڭا كىمنىڭمۇ رەھىم-شەپقىتى كېلەر؟ يولدا يولۇققان بىراۋنىڭ ئىتىمنى بۇلاپ كېتىشى تۇرغان گەپ. ئۇنىڭ بىلەنلا ئىش تۈگىسە مەيلىغۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە سەن ئوغرى، كىمنىڭ ئىتىنى ئوغرىلىدىڭ، دەپ ناھەق جازالاپ، توخۇنى بوغۇزلىغاندەك قىيپالىغاچ قىلىۋېتىشىمۇ مۇمكىن...»

چېتىگە توخۇم قويسا كۆرۈنىدىغان دالىدىكى كىچىككىنە تۆپىلىكنىڭ ئۈستىدە تەنھا ئولتۇرغان مىسىق ئەنە شۇنداق خىياللارغا غەرق بولغانىدى. ئۇنىڭ يول يۈرۈپ ھېرىپ كەتكەن تورۇق ئىتى ئېتەكتە ئوتلاپ يۈرەتتى.

مىسىقنىڭ قىپچاق ئاۋۇللىرىنى ئارىلاپ يۈرۈپ، مېنى قوشۇنۇڭلارغا قوبۇل قىلىۋالساڭلار، دەپ يۈرگىنىگە مانا خېلى كۈنلەر بولدى. لېكىن ھېچكىمنىڭ ئۇنىڭ بىلەن كارى بولمىدى. بەزىلەر: «سېنىڭ بىلەن ئولجا تالىشىپ ئولتۇراتتۇقمۇ! ساڭا ئوخشاش تەمتىرەپ يۈرگەن نەرسىلەر تەييارغا ھەييار بولۇشقا ئۇستا! قەبىلەڭ، ئۇرۇق-تۇغقانلىرىڭ نەدە؟ ھېچكىمگە قوشۇلماي يالغۇز يۈرگىنىڭگە قارىغاندا، بىر گۇناھ ئۆتكۈزۈپ قېچىپ يۈرگەن نەرسىگە ئوخشىمامسەن...» دېيىشتى.

بىر ئاۋۇلدا، بېشىغا ھاجىلارنىڭ سەللىسىنى يۆگىگەن، ئىسسىق چىراي، كېلىشكەن بىر ئاقساقال ئۇچراپ ئۇنىڭغا مۇنداق دېدى: «جاھانگىرنىڭ بۇيرۇقىنىڭ قاتتىق ئىكەنلىكىنى ئۆزۈڭمۇ بىلەرسەن. ئۇ: «سوقۇشقا قاتنىشىدىغانلار ئۆز ئايمىقى بىلەن، ئۆز قەبىلىسى بىلەن مىڭلىقچە، يۈزلۈكى يۈزلۈكچە، ئونلۇقى ئونلۇقچە تەرتىپ بىلەن يولغا چىقسۇن. ھەر بىر يىگىتنىڭ ئاستىدا بىردىن ياخشى ئات، قورال-يا-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

راق تولۇق بولسۇن. ئەگەر ئۇنداق بولمايدىكەن، ئۇ لەشكەرلەر ئەمەس، بەلكى تەرتىپسىز، يامراپ يۈرگەن بىر توپ قويغا ئوخشايدۇ، دېگەنىدى». ئۇنىڭ يەنە: «ئۆز ئالدىغا ئايرىلىپ يالغۇز يۈرگەنلەر بولسا، ئىتنى تارتىۋېلىپ ئۆزىنى ئۆلگىچە ئۇرۇپ، قويۇۋېتىڭلار، دېگەن بۇيرۇقىمۇ بار. بۇنداق بۇيرۇقنى ئاڭلىغانمىدىڭ؟... بىراق مېنىڭ ساڭا مېھرىم چۈشۈپ قالدى. ئەگەر قەبىلىمىزدىكى باشقا ئادەملەر قارشى بولمىسا، قوشۇنى- مىزنىڭ بوش ئاتلىرىغا قارايدىغان يىلقىچى قىلىۋالاي. قورال يارىقىڭمۇ يوقكەن. ساڭا قورال - ياراقمۇ بېرەي، لېكىن شۇ- نىڭ بەدىلىگە سەن ئاستىڭدىكى ئېتىڭنى ماڭا بەر. پىيادە قالمەنمىكىن، دەپ ئەنسىرەشمۇ قىلما. ئېتىڭ ياخشى ئات ئىكەن. ئورنىغا ساڭا ئادەتتىكى ئاتتىن بىرنى بېرەي. قىلىچىم ئۈچۈن سوقۇشتا ئالغان ئولجاڭدىن ئۈچ كالا. قالقان بىلەن نەيزەم ئۈچۈن ئۈچ كالا، دۇبۇلغام ئۈچۈن ئۈچ كالا، ساۋۇتۇم ئۈچۈن يەنە ئالتە كالا جەمئىي ئون بەش كالا① بېرىسەن. ئۆزۈڭمۇ جېنىڭ تۇزۇك پىششىق نېمە ئىكەنسەن. ئون بەش كالا دېگەن سەن ئۈچۈن ھېچگەپ ئەمەس!...»

— نان يېمەسنى ئەمدى تېپىپسەن-دە! — دېدى مىسىق ئىنتايىن غەزەپ بىلەن بېشىنى چايقاپ.

— ئۇنداق بولسا ئۇرۇشقا يالغۇز قىلىچ بىلەنمۇ بارغىلى بولىدۇ. قالغان قوراللارنى دۈشمەننىڭ ئۆزىدىن قولغا چۈشۈر- سەڭمۇ بولىدۇ. تېخى تالاي جەڭلەر بولىدىغۇ، — دېدى ئاقساقال.

مىسىق ئېغىزىنى ئاۋارە قىلغۇسى كەلمىدى. ئىچ ئاغرىتىپ

---

① ئوتتۇرا ئەسىردە لەشكەرلەرنىڭ قورال - ياراقلىرى ئىنتايىن قىممەت ئىدى. بىر لەشكەرنىڭ تولۇق قوراللىنىشى ئۈچۈن 15 - 18 كالىغىچە چىقىم كېتەتتى. (دىلبىر يوكىنىڭ «سوقۇش تاكتىكىسىنىڭ تارىخى» دېگەن كىتابىغا قاراڭ)

تۇرغان مۇشۇ ئەبلەختىن تېزرەك قۇتۇلاي، دېدى - دە، ئېتىنىڭ بېشىنى بۇراپلا ئۇدۇل كەلگەن تەرەپكە قاراپ كېتىپ قالدى. شۇ تاپتا بۇ دەشت باياۋاندا تەنها ئولتۇرغان مىسىق يىراقتىن بىر ئاتلىق ئادەمنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردى. ئۇلار ئەسلى يەتتە - سەككىز ئادەم ئىكەن. ئۇلارنىڭ مىنگەن ئاتلىرى ئىنتايىن ناچار، ھەممىسىلا ئۆلەي دەپ قالغان قىرچاڭغۇلاردىن ئىدى. ئادەتتە، كىشىلەر بۇنداق ئاتلارغا مىنىش بۇياقتا تۇرسۇن ھەتتا بۇلارنى ئات قاتارىدىمۇ كۆرمەيتتى. بۇنداق ئاتلار ئوتۇن - سۇ توشۇشقىلا ئىشلىتىلەتتى.

يىگىتلەر قوراللانغان بولۇپ ھەممىسىنىڭ قولىدا بىردىن ئۇزۇن نەيزە بار ئىدى. باياۋاندا بۇنداق ئادەملەر بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىش خەتەرلىك، شۇڭا مىسىق ئورنىدىن تۇرۇپ ئالمان - تالمان ئېتىغا مىندى - دە، بۇرۇلۇپ كېتىپ قالدى. ئۇ بىرئاز ماڭغاندىن كېيىن، بىر دۆڭدىن ئېشىپ چۈشۈۋېدى ھېلىقى يىگىتلەر بىلەن يەنە دوقۇرۇشۇپ قالدى. ھازىر بۇلارنىڭ يەتتىسى يىغىلىپ بىر ئىش قىلىۋاتاتتى. سەككىزىنچىسى دۆڭ ئۈستىدە كۆزەتتە تۇرغاندەك قىلاتتى. مىسىق نېمىلا بولمىسۇن بۇلارنىڭ قېشىغا بېرىشنى نىيەت قىلدى. يېقىنلاپ كېلىپ قارىسا ئۇلار بىر تۆگىنى سويۇۋاتقانىكەن. بىرى قانغا مىلەنگەن قولىنى پۇلاڭلىتىپ:

— ھەي، يالغۇز يۈرگەن يىگىت! بىز بىلەن گۆش يېيىشنى خالامسەن، — دەپ چاقىردى.

مىسىق ئىككى كۈندىن بېرى ناشتا قىلمىغانىدى، شۇڭا ئۇ، كۆپ تارتىشمايلا، ئېتىنى چۈشەپ قويۇپ، تۆگە سويۇۋاتقان يەرگە يېتىپ كەلدى.

— بېشىنى سەن ئال! — دېدى يىگىتلەرنىڭ بىرى مىسىققا بۇرۇلۇپ، — بەربىر بىز پۈتۈن تۆگىنى ئېلىپ كېتەلمەيمىز.

«تەبلەخلەرنىڭ ئۆگەي نېمىدېگەن دەھشەت. ئادەم يەيدى-
غان ۋەھشىيلەرگە ئوخشايدۇ» دەپ ئويلىدى مىسىق بۇلارنىڭ
تۇغرى ئىتتەك قىلىپ يۇرگەن قىلىقلىرىغا قاراپ. بىراق ئاچلىق
نېمىنى يېگۈزمەيدۇ، دېگەندەك ئاچلىق ئازابى مىسىقنى ئۆز
ئىختىيارىغا قويمىدى.

— بۇ كىمنىڭ تۆگىسى؟ — دېدى ئۇ.

— كىمنىڭكى ئىكەنلىكى بىلەن چاتىقىڭ نېمە؟ ئال دې-
گەندىن كېيىن ئالدۇرمەمسەن. بۇنىڭ ئىگىسى يىراقتا قالدى.
ئۇلار ساڭا تۆگىنىڭ خۇنىنى تۆلەتمەيدۇ...

ئېگىز بويلۇق، كۆزى ئالىغاي بىر يىگىت پىچىقىنى ئۇ-
ياققا - بۇياققا ئۇرۇپ قويۇپ، تۆگىنىڭ بېشىنى كېسىپ
ئالدى - دە، مىسىققا مە، دەپ بەردى.

مىسىق رەھمەت ئېيتىپ باشنى ياغلىقىغا يۆگىۋالدى.

— سىلەر كىمنىڭ لەشكەرلىرى؟

— بايمۇرات باتۇرنىڭ لەشكەرلىرى.

— لەشكىرىڭلارنىڭ سانى كۆپمۇ؟

— ئانچە كۆپ ئەمەس. لېكىن ئاز بولغىنى بىلەن دۈش-
مەنگە تېتىغۇدەك يۇرىكى بار يىگىتلەر. ئەگەر سەن قوشۇلساڭ
ھەممىمىز قوشۇلۇپ توققۇز بولاتتۇق.

— سىلەر جاھانگىرنىڭ لەشكەرلىرى بىلەن بىرگە
ماڭامسىلەر؟

— ئەلۋەتتە، ساڭا ئوخشاش ئۇياقتىن - بۇياقتىن كەل-
گەنلەر قوشۇلۇۋەرسە بىردەمدىلا بايمۇرات باتۇرنىڭ يېشىل
تۇغىنىڭ ئاستىغا بىر تۇمەن لەشكەر يىغىلىپ قالىمىز.

شۇ چاغدا دۆڭ ئۈستىدە كۆزەتتە تۇرغان سەككىزىنچى
يىگىت:

— ئاۋۇ تەرەپتىن بىرقانچە ئادەم مۇشۇ تەرەپكە قاراپ

كېلىۋاتىدۇ، تۆگىنىڭ ئىگىسى بىر نەچچە ئادەمنى ئەگەشتۈرۈپ تۆگىسىنى ئىزدەپ يۈرەمدۇ ـ قانداق؟ دەپ ۋارقىرىدى.

يىگىتلەر ئالمان ـ تالمان قانغا بويالغان قوللىرىنى قۇمغا سۈركەپ، ئالدىراشقا باشلىدى. كۆپ كېچىكمەي ئاتلىرىغا مىنىپ، بىر سوقماققا چۈشۈپ ئاتلىرىنى چاپتۇرۇپ يۈرۈپ كەتتى.

هېلىقى ئالىغاي يىگىت مىسىققا بۇرۇلۇپ:

— تېزرەك بىز بىلەن بىرگە ماڭ! قولۇڭدىكى تۆگىنىڭ بېشىنى كۆرىدىغان بولسا جەھەننەمنى كۆزۈڭگە كۆرسىتىدۇ. بۇ يىگىتلەرنىڭ باشلىقى بايمۇرات باتۇر — مەن بولىمەن. مەن سېنى ئۆزۈمگە ياردەمچى قىلىۋالاي، — دېدى.

«چىللىغاندا بارمىساڭ، تىللىغاندا بارىسەن» دېگەن قىپ-چاق ماقالىسى مىسىقنىڭ ئېسىگە چۈشتى. ئۆزى كەل دەپ تۇرغان قوشۇنغا قوشۇلمىسام نەگە بارىمەن، دەپ ئويلىدى-دە، تارتىشمايلا ئېتىغا مىنىپ بايمۇراتنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ ماڭدى. ئۇلار بۇ دالىدا ماڭە - ماڭە خېلىلا يىراققا كەتتى. بىر چاغدا بايمۇرات بىر ئىشقىرتىۋىدى، يېنىدىكى يىگىتلەر توختاپ، ئۇشتۇمتۇتلا مىسىققا ئېسىلدى. بىرنەچچە يىگىت يوپۇرۇلۇپ كەلگەندىن كېيىن ئامال قانچە ئۇلار مىسىقنى ئات-تىن يۇلۇۋالدى. ئىككى يىگىت نەيزىسىنى مىسىقنىڭ مەيدىسىگە تىرىۋالدى. مىسىق هاڭ - تاڭ بولغىنىچە قۇمنىڭ ئۈستىدە ياتاتتى.

— قىمىرلىما، لاغايلاپ يۈرگەن دىۋانە! بولمىسا كاللاڭ-نى ئالىمىز، — دەپ ۋارقىراپ كېتىشتى ئۇلار.

بايمۇرات ئېتىدىن چۈشۈپ، مىسىقنىڭ تورۇق ئېتىغا مى-نىۋالدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئاستىدىكى قىرچاڭغۇسىنى دەسلەپتە مى-سىققا تاشلاپ كېتەيمىكىن دەپ ئويلىدى، كېيىن ئۇ خىيالىدىن يالتىيىپ، ئۇنى يېتەكلەپ ئېلىپ ماڭماقچى بولدى.

— بايمۇرات باتۇر! — دېدى مىسىق ياتقان يېرىدە ۋار-قىراپ، — نېمىشقا لەۋزىڭدە تۇرمايسەن؟ لەشكەرلىككە ئېلىپ ئۆزۈمگە ياردەمچى قىلاي دېمىگەنمىدىڭ؟ بۇ نېمە قىلغىنىڭ؟

— كېيىمدىن يالتايدىم. ئېھتىمال سەن بىز قاتتىق قوغا كەتكەن ۋاقتىمىزدا، ھەممىمىزنى بوغۇزلاپ تاشلاپ، ھەممە نەرسىمىزنى ئوغرىلاپ ماڭارسەن. قانداق ئادەملىكىڭنى كىم بىلسۇن!

— ھېچ بولمىغاندا ئېتىمنى تاشلاپ كېتىڭلار! سىلەرنىڭ ئالدىڭلاردا نېمە گۇناھىم بار، — دەپ يالۋۇرۇشقا باشلىدى مىسىق. لېكىن مىسقىنىڭ سۆزىگە ھېچكىم قۇلاق سالمىدى. ئو-لار يىراقتىن بىر نەرسىنىڭ شەپىسىنى سېزىپ قالدىمۇ ئەيتاۋۇر «تېز كەتتۇق» دەپ ۋارقىرىشىپ ئېتىغا قامچا سالدى. شۇنداق قىلىپ مىسقىنى بۇ چۆلگە ئۇلاغسىز يالغۇز تاشلاپ، ھەممىسى كېتىپ قالدى. ئەتراپ يول توسۇپ ئۆتكەن - كەچكەن يولۇچى-لارنى بۇلايدىغان ھازىرقىلارغا ئوخشاش قاراقچىلار ۋە يىرتقۇچ ھايۋانلاردىن باشقا ھېچنېمە يوق تۇپتۇز دالا — «ئۆلۈمنىڭ نۆۋەتتى كەلگەنىكەن-دە. قاراپ تۇرۇپ قاغا-قۇزغۇنلارغا يەم بولىدىغان بولدۇم» دەپ ئويلىدى ئۇ. ئەمدى ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىپ ياردەم بېرىدىغان كىممۇ بولسۇن، مىسىق تىتىلداپ كەتتى.

«ئاجىزلارغا مەدەت بولغۇچى خىزىر پەيغەمبەرلەر ماڭا ياردەم قىلغايسەن! مېنىڭدەك شور پېشانىگە رەھىم قىلغايسەن!...» دەپ ئۆزىگە پىچىرلاپ زارلايتتى ئۇ. لېكىن بۇ باياۋاندىن سادا چىقمايتتى. پۈتۈن كائىنات مۆگدەپ قالغاندەك تىمتاس ئىدى.

## تۆتىنچى باب

## يالغۇزلۇقتا

ھەش - پەش دېگۈچە كۈگۈم چۈشۈپ، قاش قارايدى. ئاسمان گۈمبىزىنىڭ ئۇيەر - بۇيەرلىرىدە يۇلتۇزلار پەيدا بولۇشقا باشلىدى. قەيەردىندۇر ئاچ بۆرىنىڭ ھۇۋلىغان ئاۋازى ئاڭلىناتتى. ئىككىنچى بىر تەرەپتىن ئۇنىڭغا جاۋابەن يەنە

بىر بۆرە ھۇۋلىدى. بىر ھازادىن كېيىن، چۆلنىڭ كىچىك خوجايىنلىرى بولغان بۆرىلەرنىڭ تەرەپ - تەرەپتىن ھۇۋلىغان ئاۋازلىرى چۆلنى قاپلاپ كەتتى.

مىسىق قىرقىنىدىن مىدىر قىلماي ئولتۇراتتى. ئۇ كۈن بويى يول يۈرۈپ چارچاپ كەتكەچكە ھەرقانچە ئۇخلىماي دېسىمۇ كۆزى ھېلىدىن - ھېلىغا يۇمۇلۇپ، مۈگدەك باساتتى. ئۇ ئاستا - ئاستا قىڭغىيىپ ئۇيقۇغا كەتتى.

مىسىق ئۇخلاۋېتىپ بىر چۈش كۆردى. چۈشىدە ئۇ بىر دۆڭ ئۈستىدە ئولتۇرغۇدەك، دۆڭنىڭ ئەتراپى چېكى كۆرۈنمەس تۈپتۈز يايلاق بولۇپ، بۇ يايلاقتا يايلاپ يۈرگىنى پۈتۈنلەي ئالا يىلقا بىلەن جەرەن قولۇن ئىمىش. بىر ۋاقىتتا سەل نېرىراقتىن بىر توپ بۆلجۈرگەن باش كۆتۈرۈپ چىقىپتۇ - دە، بىردىنلا يوغىناپ غايەت چوڭ بىر توپ چاتقالغا ئايلىنىپتۇ. بارا - بارا چاتقالنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى شاخلىرى ئۆسۈپ ئاسمانغا تاقىشىپتۇ. ئاندىن بۇ شاخلار ئېگىلىپ، بىر - بىرى بىلەن قوشۇلۇپتۇ. بىرئازدىن كېيىن قارىسا مىسىقلارنىڭ قىزىل سىيرى ھېلىقى ئېگىلگەن شاخلارنى بويلاپ يۇقىرىغا ئۆرلەپ كېتىپ بارغۇدەك. بەزىدە مۈڭگۈزلىرىنى سىلكىپ، قۇيرۇقىنى شىپاڭلىتىپ، ئىككى ساغرىسىغا ئۇرۇپ قويغۇدەك، شۇنداق چاغدا كالىنىڭ بوينىدىكى كىچىككىنە قوڭغۇراق جىرىڭلاپ قويغۇدەك. كۆپ ئۆتمەي قىزىل كالىنىڭ كەينىدىن قىزىل كۆڭلەك كىيگەن بىر قىز چىقىپ كەپتۇ. قىز ھەربىر قەدەم باسقاندا كۆڭلىكىنىڭ ئېتەكلىرى يەلپۈنۈپ تۇرغۇدەك. مىسىق بىر قاراپلا قىزنى تونۇۋاپتۇ، ئۇ يۇلتۇز ئىدى. قولىدا تولۇم چېلەكى بار، بەلكى ئۇ كالىنى سېغىش ئۈچۈن كېلىۋاتقان بولسا كېرەك. ئارقاننىڭ ئۈستىدە كېلىۋاتقان دارۋازدەك يېقىلىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كېتەي دەپ ئۆزىنى ئاران تەڭشەپ دېگۈدەك كېتىۋاتقۇدەك. كۆك ئاسماندا ئاپئاق پارچە بۇلۇتلار تېز ئۈزۈپ كېتىۋاتقۇدەك. قىزىل سىيىر ئاخىرى شاخلارنىڭ ئەڭ ئۈستىگە چىقىپتۇ — دە، توختاپ مۆرىنىۋېتىپتۇ. بۇ چاغدا يۇلتۇز «مىسىق» دەپ ۋارقىرىۋېتىپتۇ...

مىسىق كۆزىنى ئاران دېگەندە ئاچتى. ئۇيقۇدىن بىردىنلا ئۆزىگە كېلەلمىگەچكە بىر ھازاغىچە مۆگدەپ ئولتۇردى. كۈن نەيزە بويى ئۆرلىگەندى. بۇلۇتسىز ئاسماندا چاقناپ تۇرغان قۇياش كۆزىنى قاماشتۇراتتى. قانداقتۇر قىزىل، يېشىل ۋە سېرىق ھالقىلار كىشىنىڭ كۆز ئالدىدىن ئېقىپ ئۆتكەندەك بولاتتى. ئاپتاپ كۆيدۈرۈشكە باشلىدى. يوغان كۆك چىۋىنلەر مىسىقنىڭ ئەتراپىدا گىژىلداپ ئۇچۇپ يۈرەتتى. بىر چاغدا «مىسىق» دەپ چاقىرغان ئاۋاز ئۇنىڭ قۇلىقىغا كىرگەندەك بولدى. كۈچلۈك قۇياش نۇرىدىن كۆزىنى ئاچالمايۋاتقان مىسىق قولىنى دالدا قىلىپ ئاستا قاراپ، ئالدى تەرەپتە بىر — بىرىگە چېتىلغان بىرنەچچە تۆگىلەرنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردى. تۆگىلەرنىڭ بېشىغا ئۆككە تاقالغان، بويۇنلىرىغا قوڭغۇراق ئېسىلىپ، ئۈستىگە يىپەك يوپۇق يېپىلغانىدى. يوپۇقلارنىڭ چۆرىسىدىكى ئالتۇندەك چۇچىلار يالت — يۇلت قىلىپ جىلۋە قىلاتتى. ھەر بىر تۆگىنىڭ ئۆركىشىنىڭ ئوتتۇرىسىغا بىردىن يىپەك چېدىر ئورنىتىلغان بولۇپ، ھەرقايسى چېدىرلاردا بىر-دىن ئالتۇن — كۈمۈش بېزەكلەرگە ئورالغان ئاياللار ئولتۇراتتى. بۇ ئاياللارنىڭ ھەممىسى يۈزىگە ئۇپا — ئەڭلىك سۈركەپ، قاشلىرىغا سۈرمە تارتىۋالغاچقا بىر — بىرىگە ئوخشاپ كېتەت-تى. بۇلار ۋىلىقلاپ كۈلۈشۈپ، بىردەم چېدىرلارنىڭ پەردىلىرىنى چۈشۈرۈپ ئۆزلىرىنى يوشۇرسا، بىردەم پەردىنى قايرىپ لىپپىدە كۆرۈنۈپ قالاتتى. ئەنە شۇ ئاياللارنىڭ بىرسى مىسىققا بىر

ئۇچۇم خاسىڭ بىلەن خورمىنى چاچتى. يەنە بىر تۆگىنىڭ ئۈستىدىن ئالتۇن بىلەيزۈك سالغان، بارماقلىرى ئۈزۈكلەرگە تولغان نازۇك بىر قىز كىچىككىنە بىر يىپەك خالتىنى ئۇنىڭغا ئاتتى. دەل شۇ پەيتتە، قىقاس - چۇقانلار بىلەن مۇڭغۇللار كېلىپ قالدى. تۆگىلەر بېزلاپ، ھۆركىرەپ، بويۇنلىرىدىكى قوڭغۇراقلىرىنى جاراڭلىتىپ سىكۈلداپ بىر - ئىككى چامدىغاندىن كېيىن يەنە ئاستا يۈرۈپ كەتتى.

ئاجايىب ھەيۋەتلىك بۇ باي كارۋان مىسقىنىڭ كۆز ئالدىدىن شېرىن بىر چۈشتەك ئۆتتى - دە، بىر دۆڭدىن ئېشىپ غايىب بولدى ... لېكىن بۇ چۈش ئەمەس ئىدى! مىسقى ساراڭ بولغان ئادەمدەك ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ، ئالاق - چالاق بولۇپ، يەردە چېچىلىپ ياتقان خورما، خاسىڭ ۋە ئىنچىكە قاق سېلىنغان توقاچلارنى تەردى. ئاغزى يىپ بىلەن چىگىلگەن يىپەك خالتىنىمۇ ئالدى. خالتىنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ بىرنەچچە كاللەك قەنت① بىر تەخسىدەك پىستە، بادام يەنە توققۇز دانە تىللانى كۆردى. بۇنداق ئاجايىپ ئامەتتىن ھاڭ - تاڭ بولغان مىسقى ھەممىنى قوينىغا تىقىشتۇردى.

«خىزىر ئاھىمغا يېتىپ ماڭا ياردەم قىپتۇ - دە» دەپ ئويلىدى ئۇ ئىچىدە. بىرئازدىن كېيىن ئۇ يۈرۈپ كەتتى. ئىككىنچى بىر دۆڭنىڭ ئۈستىگە چىقىپ، دۆڭلۈكنىڭ ئۇ تەرىپىدە غەربكە قاراپ سوزۇلۇپ كەتكەن يىلان باغرى بىر سوقماق يولنى كۆردى. بۇ قىپچاق دالاسىدىن غەربكە، بۈيۈك ئىدىل دەرياسىغا قاراپ كەتكەن كارۋان يولى ئىدى. كۆپ ئەسىرلەردىن بېرى بۇ يەردىن ئۆتۈشۈپ تۇرغان سانسىز كار-

---

① ئۇ دەۋرلەردە قەنت ئىنتايىن قىممەتلىك تائام ھېسابلىناتتى. ئۇ ھىندىستان بىلەن مىسىردىلا ياسىلاتتى. رەڭگى سارغۇچ، ئۆزى سوپسۈزۈك ئىدى.

www.uyghurkitap.com

ۋان تۆگىلەرنىڭ تاپىنى بۇ سوقماق يولنى يالاپ ئەنە شۇنداق پارقىراق قىلىۋەتكەنىدى. يول بويىدا ئۇ يەر-بۇ يەرلەردە سۆڭەكلەر، قويىنىڭ مايىقى، چاتقاللارنىڭ شېخىغا ئىلىنىپ قالغان پارچە-پۇرات لاتىلار، ئاندا-ساندا تېزەكلەر چېچىلىپ ياتاتتى.

مىسىق: «ئەتراپتا بىرئاز ئولتۇرسام، خىزىرنىڭ يەنە شاپائىتى كېلىپ قالسا ئەجەب ئەمەس» دېگەننى خىيال قىلىپ شۇ ئورنىدىلا ئولتۇردى-دە، شۇ ئولتۇرغىنىچە خېلى ئۇزۇن ئولتۇرۇپ قالدى.

چەكسىز كەتكەن دالا گويا بۇ جايلاردا ئەزەلدىن ھاياتلىق بولمىغاندەك تىمتاسلىق ئىچىگە چۆككەنىدى. بۇ غەمكىن تىنچلىقنى قانداقتۇر بىر قۇشنىڭ ئۈزۈپ غاقىلدىغان ئاۋازىلا بۇزۇپ تۇراتتى.

كۈن قايرىلىپ ئۆز ئۇۋىسىغا ئالدىرىماقتا ئىدى. بىر چاغدا بەر دۆڭلۈكنىڭ ئارقىسىدىن ئۇشتۇمتۇت سالتاڭ ئاتلىق ئادەملەر پەيدا بولۇپ قالدى. يېقىن كەلگەندە بۇلار پۈتۈنلەي قوراللانغان ئون يىگىت بولۇپ چىقتى. ھەممىسىنىڭلا بېشىغا كىيگىنى يوغان كۆرپە تۇماقلار ئىدى. ئۇلارنىڭ ئاستىدا كېلىشكەن قىمۇش قۇلاق كۈل رەڭ ئات، قوللىرىدا بىردىن نەيزە بار ئىدى. بۇلارنىڭ ئەڭ ئالدىدا بېشىغا ئاق سەللە يۆگىگەن بىر يىگىت كېلەتتى. بۇ يىگىتنىڭ ئاتتا ئولتۇرۇشى، تەقى-تۇرقى بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئاستىدىكى كېلىشكەن تورۇق ئايغىر مىسىققا تونۇشتەك ئىللىق كۆرۈندى.

يېقىن كەلگەندە ھېلىقى يىگىت ئېتىنىڭ تىزگىنىنى تارتىپ توختاتتى.

— ھەي يىگىت، ئۆزۈڭ كىم بولىسەن؟ كىمنىڭ لەشكىرىسەن؟ دۇنيادىن بىغەم يانپاشلاپ يېتىشىڭنىڭ سەۋەبى نېمە؟ — دەپ سورىدى ئۇ مىسىقتىن.

مىشىق ئورنىدىن تۇرۇپ، يىگىتنىڭ قېشىغا يېقىنلاپ كېلىپ، ئۆزىنىڭ بېشىدىن ئۆتكەنلىرىنى: ئۆزىنىڭ باشقا يىگىتلەرگە ئوخشاش يۈرۈشكە ئاتلانماقچى بولغانلىقىنى، شۇ سەۋەبتىن، بىرەرسىنىڭ لەشكىرىگە قوشۇلاي دەپ يولغا چىققانلىقىنى، ئەمما يول ئۈستىدە بايمۇرات دېگەن بىر بۇلاگچىنىڭ يىگىتلىرى ئېتىنى بۇلاپ كەتكەنلىكىنى تەپسىلىي سۆزلەپ، ھېلىقى يىگىتكە ئۆزىنىڭ دەردلىرىنى تۆكتى.

يىگىت مىشىقنىڭ ھېكايىسىنى سەۋرلىك بىلەن ئاڭلىدى. لېكىن ئۇنىڭ چىرايىدا ھېچقانداق ئۆزگىرىش بىلىنمىدى. مىشىق ئۆز بېشىدىن ئۆتكەن دەرد - ئەلەملىرىنىڭ ھەممىسىنى سۆزلەپ بولغاندىن كېيىن، يىگىت:

— مەن ئەرەپشاھ دېگەن يۈز بېشى بولىمەن. سېنى تونۇغاندەك قىلىۋاتىمەن، سەن باياندارخاننىڭ يىلقىچىسىغۇ دەيمەن. ئۆتكەندە بىر كۆرگەنىدىم. ئىشىڭ ئەپلەشمەپتۇ. خەير ئۆتكەن ئىشقا سالاۋات. ئۆزۈڭ جىگەرلىك بار يىگىتتەك كۆرۈنىسەن. مەن سېنى ئۆزۈم بىلەن بىرگە ئېلىپ كېتەي. سىناقتىن ئۆتكۈچە ئات باقار بول. ئاندىن كېيىن، ئۆز ئالدىڭغا ئات، نەيزە، قىلىچقىمۇ ئىگە بولۇپ قالىسەن. ھازىر ئاۋۇ يىگىتنىڭ كەينىگە مىنگىشىۋال، — دېدى.

مىشىق بىر يىگىتنىڭ ئېتىغا مىنگىشىپ ئۇنىڭ بېلىدىكى پوتىسىنى مەھكەم تۇتۇۋالدى. ئاندىن يىگىتلەر قوييۇندەك چېپىپ كېتىشتى. مىشىقنىڭ ئۆچەي دەپ قالغان ئۈمىد چىرىغى قايتىدىن يېنىپ، ئۇنىڭ كاللىسىدا، خۇدانىڭ ماڭا قىلىدىغان ئىلتىپاتلىرى تېخى تۈگىمىگەن ئوخشايدۇ، دېگەن ئوي كەچتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## بەشىنچى باب

# كارۋان يولى

ھاجى رەھىم سۆزلەپ تۈگىگەندىن كېيىن، ئۇ ئۆزىنىڭ كىتاب بېتىدىكى يازمىلىرىنى قايتا كۆزدىن كەچۈردى. ئۇنىڭ ساقىيغان گۈزەل خەتلىرىنى تۇختىماي پۈتۈپ باراتتى.

ئۇ شۇنداق دەپ يازدى:

«... غالىب باتۇخاننىڭ قوشۇنى غەربكە قاراپ توختاۋسىز ئىلگىرىلەۋاتىدۇ. قوشۇن كېلىۋاتقان بۇ چوڭ يول ئەلمىساقتىن تارتىپ «كارۋان يولى» دەپ ئاتىلىپ كەلگەنىدى. بۇ يول تاش يوتىنىڭ① جەنۇبىنى، ئابىسكون دېڭىزىنىڭ② شىمالىنى بېسىپ ئۆتۈپ، غەربكە قاراپ سوزۇلغان. موڭغۇللارنىڭ شەرقتىن غەربكە كېلىپ ماكانلاشقان قەدىمىي زامانلاردىكى ئاتا - بوۋىلىرى — بۇ يەردىكى يەرلىك خەلقلەرگە دەھشەت سېلىپ، يۈرىكىنى مۇجۇغان — ھونلار③ شۇ دەۋرلەردە مانا مۇشۇ يول بىلەن ماڭغانىكەن.

---

① تاش يوتا — ھازىرقى ئورال تاغلىرى.

② ئابىسكون دېڭىزى — ھازىرقى كاسپى دېڭىزى. بۇرۇنقى زامانلاردا ئۇنىڭ بىرنەچچە خىل ئىسمى بولغان.

③ ھونلار — I ئەسىردە ئوتتۇرا ئاسىيادىن غەربكە كېلىپ VI ئەسىردە ئاتىللا (ئىدىل پادىشاھى) دېگەن قوماندانىنىڭ يېتەكچىلىكىدە غەربىي ياۋروپاغا بېسىپ كىرگەن تۈرك - موڭغۇل نەسلىدىكى خەلق. ياۋروپادا ئۇلار گۇننلار دەپ ئاتالغان.

بۇ ھېسابسىز قوشۇننىڭ ئالدىدا چارلىغۇچىلار يول باشلايتتى. يىللاردىن بېرى تۈزلەڭلىكتە يىلان باغرى بولۇپ ياتقان بۇ داغدام يولنى چارلىغۇچىسىزمۇ تېپىپ ماڭغىلى تامامەن بولاتتى. يول ياقىلىرىدا كونا ساپال قاچىلارنىڭ، ئەينەك بۇيۇملارنىڭ چېچىلىپ ياتقان پارچىلىرى كۆزگە چېلىقىپ تۇراتتى. بۇلارنىڭ كۆپى قەدىمكى زامانلاردىكى — ھازىرقى ئىسمى بىلەن جىسمى يەر يۈزىدىن ئۆچكەن كونا شەھەر خارابىلىرى ئۈستىدە ئۇچرايتتى. ئاشۇ سۇنۇق ساپاللارنىڭ يۈزىگە چېكىلگەن خىلمۇ خىل نەقىش ئورنەكلىرى چەكسىز ئۇزۇن تارىخىي دەۋرلەرنىڭ گۇۋاھچىسىدەك تۇراتتى... يىراقتىن كونا قەبرىلەر خۇددى قارانچۇقلاردەك كۆرۈنەتتى. ئېھتىمال بۇ قەبرىلەرنىڭ ئاستىدا ھازىر نامى ئاللىقاچان ئۇنتۇلۇپ كەتكەن نامەلۇم بىر خەلقلەرنىڭ قانچە قەھرىمان ئەرلىرى مەڭگۈلۈك ئۇيقۇدا ياتقاندۇ!... ئەزىمەتلەرنىڭ ياتقان يېرى جەننەت بولغاي!»

ئۈزۈلمەي يېغىپ تۇرغان باھار يامغۇرى لەشكەرلەرنىڭ سەپىرىگە ئانچە چوڭ كاشىلا قىلىپ كەتمىدى. بەلكى بۇ ھۆلچىلىك سەپ تارتىپ كېلىۋاتقان ھېسابسىز قوشۇننىڭ يۈرۈشىگە ئالاھىدە بىر سەلتەنەتلىك تۈس قوشقانىدى. بىراق ئەھۋال ئۇزۇنغا سوزۇلمىدى. باھار كېتىپ ياز كېلىپ ئىسسىق باشلانغاندىن كېيىن، يولنىڭ ئازابى بىلىنىشكە باشلىدى. يەرلەر قاغجىراپ، يوللار قۇرۇغان چاغدا نەچچە يۈزمىڭ يىلقىنىڭ تۇياقلىرىدىن كۆتۈرۈلگەن چاڭ - توزان كۈننىڭ يۈزىنى كۆرسەتمەي قويىدى. ئادەملەرنىڭ ئۈستىبېشىنى ئاپئاق چاڭ قاپلاپ كەتكەچكە، ئۇلارنى بىر - بىرىدىن پەرقلەندۈرۈشمۇ قىيىن ئىدى. كۆتۈرۈلگەن چاڭ - توزاننىڭ دەستىدىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئۈچ قەدەم نېرىدىكى نەرسىنى پەرق ئەتكىلى بولمايتتى. لەش-
كەرلەرنىڭ ھەر بىرى ئۆز ئونلۇقى ۋە يۈزلۈكىدىن ئايرىلىپ
قالماسلىقى كېرەك ئىدى. ئۇنداق بولماي ئۆز يۈزلىكىدىنلا
ئادىشىپ كەتسە سانسىز قوشۇن ئىچىدە ئۇنى قايتا تېپىش
ئۈچۈن بىرنەچچە كۈن ۋاقىت كېتەتتى.

جاھاننى زىلزىلىگە سالغان بۇ تۆت يۈز مىڭ قوشۇن
خۇددى ئات ئۈستىدە مۈگدەپ كېتىۋاتقاندەك شاۋقۇنسىز ماڭات-
تى. قويۇق چاڭ - توزان ئىچىدە پەقەت ئاتنىڭ ساغرىسى
بىلەن ئۈستىدىكى ئادەمنىڭ قارىسىلا كۆرۈنۈپ، ئۈن - تىنسىز
ئېقىپ كېتىپ بارغان بۇ سانسىز قوشۇن كىشىگە قانداقتۇر
بىر ۋەھىمىلىك مەنزىرىنى ئەسلىتەتتى... ئادەملەرنىڭ ھەممىسى
ئاغزى قۇلۇپلانغاندەك لام - جىم دېمەي مېڭىشاتتى. «ئۇلارنىڭ
دېيىشىدىغان نېمە سۆزى بار دەيسىز! ئېيتىشقا تېگىشلىك
سۆزلەرنىڭ ھەممىسى دېيىلىپ بولغان ھەممە نەرسە چۈشىنىش-
لىك». ئۇنىڭ ئۈستىگە كىشىلەرنىڭ بىر - بىرى بىلەن سۆزلى-
شىشمۇ ئىنتايىن قىيىن بولۇپ، ئاغزىنى ئاچسىلا ئاغزى - بۇر-
نىدىن چاڭ كىرىپ ئۆپكىسىگىلا باراتتى. ئادەملەرنىڭ كۆزلى-
رىنى چاپاق بېسىپ، قۇلاقلىرى پۈتۈپ قالاي دەپ قالغانىدى.
ئۇلارنىڭ بىردىنبىر ئارزۇسى بىر يۇتۇم سۇ بولسا ئىچىپ
قۇرۇپ كەتكەن گېلىنى نەمدىۋېلىش. ئۈستىبېشىدىكى چاڭ -
توزاننى قېقىۋېتىپ سوزۇلۇپ بىر يېتىۋېلىش ئىدى. ئەتتىگىنەي،
بىر شامال چىقىپ، چاڭ - توزاننى بىر تەرەپكە سۈرۈۋەتسە،
ئۇلار كۆك ئاسماننىڭ جامالىنى كۆرەر ئىدى...

كەچكە يېقىن لەشكەرلەر ئوت - چۆپى تاقىر، دەل - دەرەخلى-
رىمۇ شالاڭ بىر دەريا بويىغا چۈشتى. لەشكەرلەرنىڭ باش -
ئايىغىنىڭ نەدە تۈگەيدىغانلىقىنى بىلگىلى بولمايتتى. نەچچە
مىڭ ئورۇنغا گۈلخان يېقىلغاندا خۇددى پۈتۈن دالا ئوتتا

كۆيۈۋاتقاندەك بولۇپ كۆرۈنەتتى. لۆمشۈپ تۇرغان ئادەملەرنىڭ ۋاراڭ - چۇرۇڭى ئەتراپتا ئېنىق ئاڭلىناتتى. بىرى ئوت ياقسا، بىرى ئاش پىشۇراتتى. يەنە بىرى ناخشا ئېيتاتتى. بەزىلەر بولسا يىلقىلار بىلەن تۆگىلەرنى بېقىپ كېلىش ئۈچۈن دالىغا ھەيدەپ كېتەتتى. تۈن شامىلى لەشكەرلەرنىڭ ئۈستىبېشى-دىكى چاڭ - تۇزانلارنى ئۇچۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن بولسا، چۆلدىكى شىۋاقنىڭ گۈپۈلدىگەن ھىدى دىماغقا كېلىپ ئۇرۇلاتتى...

چوڭ قارا تاڭغۇت بۇغرىسى تۇختىغانىلا يېرىدە بېزلاپ تۇرۇپ چۆكەتتى. بۇ چاغدا سۆكەندىكى ھاجى رەھىم بىلەن نەزەر كەرىزەك چال يەرگە چۈشۈپ كىيىشۈپ كەتكەن پۇت - قوللىرىنى سوزۇپ، ئۈستىدىكى چاڭ - تۇزانلارنى قېقىشتۇراتتى. چاپانلىرىنى سىلكىشتۈرۈپ قېقىشى ئۇلارنىڭ ئادىتىگە ئايلىنىپ قالغانىدى، ئۇندىن كېيىن ئۇلار چاپانلىرىنى ئاستىغا سېلىپ، يېنىدا قايناۋاتقان داش قازاندىن كېلىۋاتقان پۇراقنى مەززە قىلىپ پۇراپ يېتىشاتتى.

نەزەر كەرىزەك ھەممە ئىشتا پىشقان ئېپى بار ئادەم ئىدى. ئۇ بىر ئاز دېمىنى ئالغاندىن كېيىن، سۇبىتاي باھادىر-نىڭ ئاشپىزىنىڭ يېنىغا يۈگۈرۈپ بېرىپ، سىلىق - سىپايە گەپلەرنى قىلىپ يۈرۈپ گۈرۈچتىن قاينىتىلغان بوتقىدىن بىر تاۋاق ياكى بولمىسا گۆش سېلىپ ئېتىلگەن شۇۋۇگۈرۈچتىن بىر قاچا ئېلىپ كېلەتتى. بەزىدە ئوچاق ئالدىدا ئولتۇرۇپ قوقاسقا كۆمەچ كۆمۈپ پىشۇراتتى ياكى بولمىسا سېمىز گۆش-لەرنى ئېلىپ كېلىپ (ئۇنىڭ بۇ نەرسىلەرنى نەدىن تېپىپ كېلىدىغانلىقىنى ھېچكىم بىلمەيتتى) كاۋاپ قىلاتتى. كەيىپ تۇزۇلگەن چاغلاردا ئۇ، ھېكايە سۆزلەيتتى ياكى بولمىسا خىرقە-

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى
www.uyghurkitap.com

رىغان ئاۋازى بىلەن قىپچاقلارنىڭ قەدىمكى دەۋرلەردىكى
داستانلىرىنى ئېيتىپ پۇخادىن چىقاتتى.

ھاجى رەھىم تۆگىدىن نېرى كېتەلمەيتتى. چۈنكى تۆگە
بىرىنچىدىن ئۇنىڭ ئۇلىغى، ئىككىنچىدىن بولسا، ئۇنىڭ بارلىق
قول يازمىلىرى، قەغەز - قەلەم. سىيالىرىنىڭ ھەممىسى ئاشۇ
سوكەنىنىڭ ئىچىدە ساقلىناتتى. ئۇ كۆرگەن - بىلگەنلىرىنى ئاڭ-
لىغانلىرىنى قالدۇرماي يېزىشقا تىرىشاتتى. لەشكىرىي باشلىق-
لار بىلەن ياكى ئاددىي لەشكەرلەر بىلەن كۆپ مۇڭدىشاتتى.
دەرۋىشنىڭ بايقىشىغا قارىغاندا، سۇبىتاي باھادىر ئۆز تۈمەنى
بىلەن ھەرقاچان بىللە بولۇۋەرمەيدىكەن. كۆپىنچە ۋاقىتلاردا
ئۆزىنىڭ مۇھاپىزەتچى يۈزلۈكى بىلەن قوشۇن كېلىۋاتقان چوڭ
يولدىن چەتلەپ باشقا ياقلارغا كېتىدىكەن ھەتتا بەزىدە ياش
جاھانگىر بىلەن ئىككىسى بىرنەچچە كۈن يوقاپ كېتىدىكەن -
دە، پەقەت كەچكە يېقىن لەشكەرلەر قونالغۇغا چۈشكەندىلا
ئاسماندىن چۈشكەندەك پەيدا بولۇپ قالىدىكەن. ھاجى رەھىم
ئەنە شۇنداق پەيتلەردە، ئۇلارنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۇلارنىڭ
سۆزلىرىنى ۋە بەرگەن بۇيرۇق - يارلىقلىرىنى يېزىۋاتاتتى.

كەچكە يېقىن كارۋان يۈرۈشنى تېزلىتەتتى. تېختاپ دەم
ئالىدىغان كۆپكۆك چۆپلۈككە يېقىنلاپ قالغانلىقىنى، قىسقىغىنا
ۋاقىت بولسىمۇ پۇت - قولىنى سوزۇپ ئۇخلاپ يېتىۋېلىشنى
ئادەم تۇرماق ھايۋانمۇ بىلسە كېرەك. بۇنداق چاغلاردا، كۈن
بويى پۇتىنى ئاران سۆرەپ، سوزۇلۇپ كېتىۋاتقان تۆگىلەر بىر-
دىنلا جانلىنىپ، تېتىكلىشىپ كېتەتتى. كارۋان باشلىقى ھەر
دائىم كارۋان يولغا چىقماستىن ئىلگىرى، تاڭ سەھەردىلا بىر
تۈپ سالتاڭ ئاتلىق چارلىغۇچىلارنى ئاتلاندۇرۇپ ماڭغۇزۇۋېتەت-
تى. ئۇلار قونۇشقا ئەپلىك بولغان، سۇ - چۆپى مول بولغان
يەرلەرنى تاللايتتى. كارۋان يېقىنلاپ كەلگەندە، ئۇلار دۆڭ -

تۆپىلىكلەرگە چىقىپ تۇماقلىرىنى پۇلاڭلىتىپ بەلگە بىرەتتى.
بۇنى كۆرگەن پۈتۈن كارۋان شۇ تەرەپكە قاراپ ماڭاتتى.

قونالغۇغا كەلگەندىن كېيىن، دەرھال تۆگىلەردىكى ئېغىر تېڭىقلار چۈشۈرۈلۈپ، تۆگىلەرنى يىغىپ دالىغا ھەيدىشەتتى. ئۇ يەردە ئۇلار تاڭ ئاتقۇچە بەخىرامان ئوتلاپ قورسىقىنى تويغۇزاتتى. يول يۈرگەندە ئېرىم تۆگىلەرگە تېڭىلغان قاراغاندا قاتارلىق ئوتۇنلار ئارتىلاتتى. بۇ ئوتۇنلار ھەربىر قونالغۇدا چېپىلىپ، ئالدىن تەييارلىنىپ قويۇلاتتى. ئوتۇنلار تۆگىدىن چۈشۈرۈلۈش بىلەنلا قۇللار ئوچاقلارغا ئوت يېقىپ چوڭ - چوڭ داش قازانلارنى ئاساتتى. ئاندىن گۆش سېلىپ شوۋۇگۇرۇچ ئېتەتتى. سۇسىز يەرلەردە تۇلۇملارغا سۇ قاچىلاپ ئېلىپ مېڭىشاتتى.

سۇبىتاي باھادىر تۇرغان چېدىرغا قاراۋۇللار ھېچكىمنى يېقىن يولاتمايتتى. ھېسابسىز نۇرغۇن لەشكەرلەر بىر - بىرىگە ئارىلىشىپ كەتمەي ھەر كىم ئۆز قونالغۇسى بويىچە ئورۇنلىشاتتى. سۇبىتاي باھادىر چۈشكەن يەرنىڭ ئەتراپىغا ئالدى بىلەن ئۆزىنىڭ مۇھاپىزەتچى مىڭ لەشكىرى كېلىپ ئورۇنلىشىدۇ. ئۇنىڭ سىرتىغا سۇبىتاينىڭ قول ئاستىدىكى ئالاھىدە تۈمەننىڭ لەشكەرلىرى كېلىپ چۈشىدۇ.

مۇھاپىزەتچى لەشكەرلەر ئۆز ئالدىغا چاي قاينىتىدۇ. كەچتە بىرنەچچە يەرگە گۈلخان يېقىشىدۇ - دە، شۇنى چۆرىدەپ يېتىۋېرىدۇ. ئۇخلىغان ۋاقتىدا ئۇلار تىرىقۇمىنى كۆرپە، ئېگەرنى ياستۇق قىلىدۇ. قونالغۇغا كېلىشى بىلەنلا، ئېتىنىڭ ئېگەر توقۇمىنى ئېلىپ ئۆزىنى چۈشەپ قويۇۋېتىدۇ. موڭغۇل ئاتلىرى شۇ ئەتراپتىن كۆپ ئۇزاپ كەتمەي ئالدىغا ئۇچرىغان چۆپنى تاللىماي يەۋېرىدۇ. دۇنيانى بىر ئارىلاپ چىقسىمۇ بۇ ئاتلار يەنە ئورۇقلاپ كەتمەيتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com

قىشۇن ياتقان يەرنىڭ ئەتراپىدىكى دۆڭلۈكنىڭ ئۈستىدە جىبىجكچىلەر قىيۇلاتتى. تۈن پەردىسى يىپىلغاندىن كېيىن جىبىجكچىلەرنىڭ بىر - بىرىگە: «سەگەك بولۇڭلار» دەپ ۋارقىرىغان ئاۋازلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

بەزىدە قىنالغۇدا بىرنەچچە چېدىر تىكىلىپ قالاتتى. بۇنى كۆرگەن لەشكەرلەر خۇشال بولۇپ كېتەتتى. چۈنكى چېدىرنىڭ تىكىلىشى لەشكەرلەرنىڭ بۇ جايدا كەم دېگەندە ئىككى - ئۈچ كۈن تۇرىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى. بۇنداق چاغلاردا قىشۇن ئارام ئېلىۋالاتتى. ئەگەر چېدىرنىڭ ئىچىگە كىلەم، شىرداقلار سېلىنىپ، يىپەك قاپلىق پەي ياستۇقلار قويۇلسا، ئۇ چاغدا خانلارنىڭ يىغىنى بولىدىغانلىقىدىن ياكى بولمىسا ئۇلارنىڭ يىغىلىپ شىكارغا چىقىدىغانلىقىدىن بىشارەت بېرەتتى.

بەزىدە يىراقتىن چىپىپ كېلىۋاتقان نۇرغۇن ئاتنىڭ تۇياق ئاۋازى ئاڭلىناتتى. بۇ چاغدا پۈتۈن قوشۇن جىمجىتلىققا چۆمەتتى. ئادەتتىكىدەك تاراق - تۇرۇق، ۋاڭ - چۇڭ زادىلا ئاڭلانمايتتى. سەۋەب بۇ كېلىۋاتقانلار — باتۇخان بىلەن سۇبتاي باھادىر ۋە ئۇلارنىڭ نۇرغۇن نەۋكەرلىرى بولاتتى.

كۆپچىلىك باتۇخاندىن كۆرە مۇشۇ يەكچەشمە ئاقساق يىلپىز سۇبتاي باھادىردىن بەكرەك ئەيمىنەتتى. لەشكەرلەرنىڭ كىچىككىنە يېتەرسىزلىكىمۇ ئۇنىڭ كۆزىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايتتى. ئۇنىڭ كۆزىگە چېلىقمىسۇن، ئەگەر چېلىقىدىغانلا بولسا، لەشكەرلەرنىڭ ھالىغا ۋاي. ئۇ قاپىقىنى تۈرۈپ تۇرۇپ ئادەتتىكىدەك بىر - ئىككى ئېغىز سۆز قىلىپ قىيسىلا كۇپايە. دەرھاللا بىرنەچچە ئادەم ھەرىكەتلىنىپ، ئەيىبلەنگۈچىنىڭ پۇت-قوللىرىنى يەرگە تەگكۈزمەي ئېلىپ كېتەتتى. ئاندىن ئۇ ئادەملەرنىڭ داد - پەريادىلا ئاڭلىنىپ قالاتتى...

باتۇخان ئۇنداق ئۇششاق - چۈششەك كەمچىلىكلەرگە

نەزەر سالمايتتى. ئۇ قوشۇنغا پەقەت يۇقىرىدىنلا قارايتتى. ئۇنىڭ خىيالىدا دائىم چوڭ ئىشلار ۋە چوڭ مەسىلىلەر بولاتتى. ئۇ ئۆتكەن ئىشلارنىمۇ كۆپ سۆزلىمەيتتى. پەقەت كېلەچەك توغرىسىدا ۋە ئالدىدىكى ئىشلار توغرىسىدا كۆپرەك سۆزلەيتتى. ياش قوماندان بىلەن قېرى قوماندان بىرلىكتە سېرىق يېپەك چېدىرغا كىرگەندە، ئۇلارغا دەررۇ داستىخان سېلىنىپ ئاش تارتىلاتتى. بۇ چاغدا داستىخانچى بىلەن ئاۋاقچى يەڭلىرىنى تۇرۇپ، پۇتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ يۈرۈپ پايپېتەك بولۇپ كېتەتتى. تاماق تارتىلغان ۋاقىتتا قوماندانىنىڭ يېنىدا ئۈچ شامان بىرگە بولۇپ، ئۇلار تاماق يەپ بولغاندىن كېيىن، بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى دۇئا قىلىپ ئامانلىقىنى تىلىشەتتى.

## ئالتىنچى باب

## باتۇخاننىڭ يەتتە يۇلتۇزى

... باتۇخاننىڭ مىڭ كىشىلىك مۇھاپىزەتچى قوشۇنى بىلەن بىرگە ئون بەش تۆگىلىك ئالاھىدە بىر كارۋىنىمۇ بىللە ماڭاتتى. بۇ تۆگىلەرنىڭ ھەممىسى تاڭغۇت ئېلىدىن كەلتۈرۈلگەن بولۇپ، بەستى ئىنتايىن چوڭ، ئۇزۇن سەپەرگە چىدامىلىق ۋە كۈچلۈك تۆگىلەردىن ئىدى. ئۇلارنىڭ يۈرۈشىمۇ تېز ۋە سىلىق ئىدى. شۇڭلاشقا سۈبىتاي باھادىرنىڭ قوشۇنى توختاۋسىز مېڭىپ تۇرسىمۇ، تۆگىلەر كېيىن قالمايتتى.

بۇ تۆگىلەرنىڭ يەتتىسىگە باتۇخاننىڭ «يەتتە يۇلتۇزى»

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مىنىپ كېلەتتى. بۇلار باتۇخاننىڭ يەتتە خوتۇنى بولۇپ، لەشكەرلەر ئۇلارنى شۇنداق دەپ ئاتىشاتتى. يەتتىلىسى تەڭداشسىز گۈزەللەردىن ئىدى. چىغىناق شەھىرىدىن ئاتلىنىش ئالدىدا باتۇنىڭ ئانىسى ئەقىللىق تورپىچان خېنىم مۇشۇ يەتتىسىنى باتۇنىڭ قىرىق خوتۇنى ئىچىدىن تاللاپ بەرگەنىدى. شۇ ۋاقىتتا ئۇ ئوغلىغا:

«سەن يات ئەللەرنى بويسۇندۇرۇش ئۈچۈن كېتىپ بارىسەن، بويسۇندۇرۇلغان ئەللەرنىڭ قايسىسى بولمىسۇن سېنىڭدىن ھېچنېمىنى ئايىمايدۇ. قىممەتلىك سوۋغىلارنى تەقدىم قىلغۇچىلار، بىر - بىرىدىن گۈزەل قىزلارنى ھەدىيە قىلغۇچىلار بولۇشى مۇمكىن. لېكىن سەن ئۇلارغا ھەۋەس قىلما، ئۇ مەلئۇنلارنىڭ قىزلارنى نېمە مەقسەتتە ھەدىيە قىلىۋاتقانلىقىنى كىم بىلىدۇ، دەيسەن. ئۇلارنىڭ تۇزىقىغا چۈشۈپ، قەستكە ئۇچراپ قالما. مەرھۇم دادىڭ شۇ ئىشتا خەتەرگە يولۇققانىدى. تاڭغۇت ئېلى ئۇنىڭغا بىر قىز سوۋغا قىلغانىدى، خەنجەر بىلەن ئاتاڭنىڭ جېنىغا ئاخىرى شۇ قىز زامىن بولدى. سەن بۇ ئىشنى ئۆمۈر بويى ئۇنتۇماسلىقىڭ كېرەك. تەخسىكەشلەرنىڭ ئەكەلگەن سوۋغىسىدىن ھەرقاچان ھەزەر ئەيلە. مەن مۇشۇ ئىشلارنى ئويلاپ ئاياللىرىڭنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ گۈزەل دېگەن يەتتە ئايالنى تاللاپ سېنىڭ بىلەن بىرگە ئاتلاندۇرماقچىمەن. ئاسماندىكى يەتتە قاراقچىغا ئوخشاش، ئۇ يەتتىسى سېنىڭ يولۇڭنى يورۇتسۇن، كۆڭلۈڭنى كۆتۈرسۇن، بەختىڭنى ئېچىپ سېنى ئىقبالغا باشلىغاي» دېگەنىدى.

باتۇخان ھەردائىم ئانىسىنى ھۆرمەتلەپ، ئۇنىڭ ئالدىدا قاتتىق ئەدەب ساقلايتتى. شۇڭا ئۇ ئانىسىنىڭ بۇ سۆزىگە تۇغرىدىن توغرا جاۋاب بەرمەي:

— مەن ئالدى بىلەن قۇماندانىم سۈبىتاي باھادىر

بىلەن مەسلىھەتلىشىپ كۆرەي، — دېدى.

ئەتىسى باتۇخان ئانىسىنى كۆپنى كۆرگەن پېشقەدەم قوماندانىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېلىپ:

— مېنىڭ ھەربىي يۈرۈشۈمدىكى تارىخچىم ۋە ئۇستازىم ھاجى رەھىم دېگەن ئوقۇمۇشلۇق زات ئۆزىنىڭ كىتابلىرىنى ئاختۇرۇپ كۆرگەنىدى. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە: بۇرۇنقى زاماندا ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن يۈرۈش قىلغاندا ئۆزى بىلەن بىرگە ئايال ئېلىپ يۈرمىگەنىكەن. شۇڭا باشقا نەرسىلەرگە كۆڭۈل بۆلمەي پۈتۈن ۋۇجۇدىنى دۈشمەننى يوقىتىشقىلا قارىتال-ﻐان... — دېدى.

ئورپىجان خېنىم ھازىر جاۋاب ئايال ئىدى. ئۇ ئويلىنىپ ئولتۇرمايلا:

— مەن كىتابقا قارىيالماسىمۇ بىلىمەن. ئىسكەندەر پارس ئېلىنى بويسۇندۇرغاندىن كېيىن، پارسىنىڭ دەرى دېگەن پادىشاھىنىڭ قىزىغا ئۆيلىنىمەن دەپ، ئاخىرى شۇنىڭ قولىدا ئۆلگەنىدى. خوتۇنى ئۇنىڭغا زەھەر ئىچكۈزۈۋەتكەن، شۇنىڭ بىلەن ئىسكەندەر ياش تۇرۇپلا ئارماندا كەتكەنىدى... ياﺋاللا تەڭرى ئۆز پاناھىدا ساقلىسۇن! — دېدى.

سۇبىتاي باھادىر دەرھال خانىشنىڭ ئالدىغا كېلىپ باش قويۇپ تۇرۇپ:

— ئېيتقان سۆزلىرىڭىز بەرھەق راست، ئەگەر سەن ساھىبقىران ئوغلۇڭنىڭ ئامانلىقىنى ئويلاپ، قىرىق خوتۇننى قېشىڭغا قويساڭمۇ مېنىڭ قىلچىلىك نارازىلىقىم يوق. مېنىڭ قوشۇنۇمدا ئۇلار ھېچ نەرسىدىن قىسىلمايدۇ. مەن ھاياتلا بولىدىكەنمەن، كېلىنلىرىڭ ئۆزۈن سەپەردە جاپا چەكمەيدۇ. مەن سېنىڭ قۇلۇڭدىكى ئالماس كۆزلۈك قىلىچمەن! نەگە شىلتىساڭ شۇ يەرنى كېسىمەن. ئەگەر جاھانگىرنىڭ

www.uyghurkitap.com

سوقۇش ئىشلىرىدىن قولى بوشىماي، ھازىر ئۇ خانىشلارنى كۆرگۈسى كەلمىگەن بولسا، يولدا يۈرگەن ۋاقىتلاردا كۆرگۈسى كېلىپ قېلىشى مۇمكىن. شۇڭا ھازىر ئۆزۈم بىلەن بىرگە ئېلىپ ماڭغىنىم ياخشىمىكىن، دەيمەن، — دېدى.

— ئەمىر بەرگۈچى جاھانگىرسەن، بۇيرۇقۇڭنى ئۆزۈڭ ئېيت، — دېدى ئورپىجان بالىسىغا باش ئېگىپ.

باتۇخاننىڭ ھېچ نېمە دېگۈسى كەلمىگەندى، بىراق ئېيتماسلىققا بولمىدى.

— بېرىپتۇ، بارسا بارسۇن، لېكىن شۇ يەتتىسىنىڭ بىرىنى ئۆزۈم تاللاي، بۇ يەردە يۇلتۇز دېگەن بىر قىز بار ئىدى. يەتتىنچىسى شۇ بولسا دېگەنتىم... سۇبىتاي باھادىر سەن شۇنى تېپىپ بىرەرسەن ... — دېدى ئۇ.

ئەتىسى سۇبىتاي باھادىرنىڭ نۆكەرلىرى پۈتكۈل چىغ-ناق شەھىرىنى ئارىلاپ يۈرۈپ يۇلتۇز ئىسىملىك قىزدىن بىرنى ئەمەس بىرنەچچىسىنى بىراقلا ئېلىپ كەلدى. ئېلىپ كەلگەنلەرنىڭ ھەممىسىنى باتۇخاننىڭ ئالدىغا ئاپىرىپ قاتار تىزىپ قويدى. ئۇ ئالدىدا مۆلدۈرلەپ قاراپ زوۋان سۈرمەي تۇرغان بۇ قىزلارغا كۆز يۈگۈرتۈپ چىقتى - دە، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بويى زىلۋا، ئاق يۈزلۈك بىر قىزنى كۆرسەتتى. خان خالىغاندىن كېيىن ئامال بارمۇ، دەرھال نۆكەرلەر قىزنىڭ بېشىغا يېپەك ياغلىق ئارتىپ، ئورپىجان خانىشنىڭ ئالدىغا ئېلىپ باردى. خانىش يۇلتۇزنى يېشىندۇرۇپ، تېۋىپلاردەك تەكشۈرۈپ چىقتى. ئاندىن بۇ قىزنىڭ ئون ئىككى ئەزاسى ساق، ھېچ-قانداق ئىللەتسىز ئىكەن، مىجەزىمۇ ياخشى، ئۆزى يېقىملىق، ئەقلى - ھوشىمۇ باردەك قىلىدۇ. شۇڭا خانغا لايىق تۇرىدۇ، دەپ ئويلىدى.

— قولۇڭدىن نېمە ئىش كېلىدۇ؟ — دېدى ئورپىجان يۇلتۇزغا.

— مەن... مەن يېنىمغا ئادەم كەلتۈرمەيدىغان، ئاسانلىقچە ساغدۇرمايدىغان ئۇسكەك سېيەرلارنى ساغالايمەن، — دەپ جاۋاب بەردى ئۇ بېشىنى يەردىن كۆتۈرمەي.

— بۇمۇ ئوڭشاي ئىش ئەمەس! — دېدى خانىش ئەرلەرنىڭ ئاۋازىغا ئوخشاش بىزىم ئاۋاز بىلەن ئاخىرىدا مىيىقىدا كۈلۈپ تۇرۇپ، — ئۇنىڭ ئۈچۈن ئەپ كېرەك. يەنە نېمىنى بىلىسەن؟

— قىزا باقىمەن... يۈگمىدىن پەلەي توقۇيالايمەن... قوقاسقا كۆمۈپ كۆمەچ پىشۇرالايمەن...

— پول يۈرگەندە، بۇ ئىشلارنى بىلىشمۇ ئىنتايىن زۆرۈر، — دېدى خانىش ئىللىق چىراي بىلەن قىزغا قاراپ، — يەنە نېمىلەرنى بىلىسەن؟

شۇ چاغدا ئۆيگە پۈتىنىڭ ئۈچى بىلەن دەسسەپ باتۇخان كىرىپ كەلدى.

— يەنە نېمىنى بىلىسەن تارتىنماي ئېيتىۋەرگىن، — دېدى خانىش ئۆيگە كىرگەن ئەر كىشىدىن بىرئاز قىسىنىپ جىم بولۇۋالغان قىزغا قاراپ.

— يەنە... يەنە ئۆزىمىزنىڭ قىپچاق ناخشىلىرىنى بىلىمەن. ئۇندىن باشقا پەرىشتىلەر توغرىسىدا، جىن - شەيتان، دىۋە - پەرىلەر ھەققىدە نۇرغۇن چۆچەكلەرنى بىلىمەن...

قىزنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ تۇرغان باتۇخان نېمە دېرىكىن دەپ كۈلۈمسىرەپ ئانىسىغا قاراپ تۇرغانىدى. ئانىسى ئوغلىغا بېشىنى لىڭشىتىپ مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى.

— سېنىڭ بىلەن بىرگە مېڭىشقا ئەرزىيدىغان ئوبدان قىز ئىكەن، — دېدى ئۇ بىرئازدىن كېيىن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# يەتتىنچى باب

## يەتتىنچى يۇلتۇز

تاتار - موڭغۇل قوشۇنى يۈرۈشكە ئاتلانغاندا نۆكەرلەر يۇلتۇزنى يوغان بىر سېكەنگە ئورۇنلاشتۇرۇپ يەتتىنچى تۆگىگە ئارتتى. ئورپىجان خانىشنىڭ بۇيرۇقى بويىچە بىر خىتاي دېدىكنى بۇ ياش كېلىنگە قوشۇپ ئۇنى سېكەنىڭ ئىككىنچى تەرىپىگە ئورۇنلاشتۇردى. يۇلتۇز چۈشكەن بۇ سېكەنىنىڭ ئۈستىگە كۈنلۈك بېكىتىپ تۆت ئەتراپىنى يىپەك شىرما بىلەن ياپتى. تۆگە بىردە قاتىراپ، بىردە ئاستا ماڭغاچقا ئۇلار بەزىدە سەكرەپ سېكەنىدىن چۈشۈپ كېتەي دەپ قالسا، بەزىدە ئۆگدەپ ئۇيقۇدىن باش كۆتۈرەلمەي قالاتتى. يۇلتۇزنىڭ بىرىنچى كۈنى ئەنە شۇنداق ئۆتتى. ئەتىسى ئۇنىڭ كۆڭلى بىرەر كۆڭۈلسىزلىكنى سەزگەندەك زادىلا خاتىرجەم بولالمىدى. كۈن بويى يۈزىدىكى ياغلىقىنى ئاچماي ئولتۇردى. پەقەت كەچكە يېقىنلا يېنىدىكى خىتاي دېدىكىگە پىچىرلاپ مۇنداق دېدى:

— بىزنىڭ كارۋان بىلەن بىرگە بىر تۆگە كېلىۋاتىدۇ. تۈنۈگۈنكى سېكەنىدە بىر چال بىلەن دانىشمەن بىر دەرۋىش ئولتۇرغاندەك قىلىدۇ. ئەگەر ئۇ ئىككىسى بىز توختىغان يەرلەردە مەن توغرۇلۇق بىر نەرسە سورىسا، ھېچنىمە دېمىگىن، ئاشۇ قېرىنى كۆرسەم بويۇم شۈركىنىپ، بەدىنىم تىكەنلىشىپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ چىرايىغا قاراشقىمۇ تاقىتىم يوق. مېنى شور

پېشانە قىلغان ئاشۇ... سادىغاڭ كېتەي، مەن توغرۇلۇق ئۇلارغا ئېغىز ئاچقۇچى بولما...

خىتاي دېدەك ھىيلە - مىكىر، قوۋلۇق - شۇملۇقلارغا ئۇستا ئىدى. كارۋان تېختاپ دەم ئالغان يەردە ئۇ يۇلتۇزنىڭ يۈزىگە ئۇپا - ئەڭلىك سۈركەپ، قېشىغا سۈرمە تارتتى. ئەمدى يۇلتۇزنى ھېچكىم تونۇمايدىغان بولغانىدى. ئۇ شۇنچىلىك ئۆزگىرىپ كەتكەن ئىدىكى، ھەتتا ئەينەككە قاراپ يۇلتۇز ئۆزىنى ئۆزىمۇ تونۇماي قالدى.

سەپەردە باتۇنىڭ «يەتتە يۇلتۇزى» مەخسۇس مۇھاپىزەتچىلەرنىڭ ھەمراھلىقىدا ئايرىم بىر كارۋان بولۇپ ماڭدى. ئەڭ ئالدىدىكى تۆت تۆگىدە تۆت خانىش كېلەتتى. ئەسلى زاتىدىن يەرلىك بولۇپ، ھەر بىرى موڭغۇللارنىڭ داڭلىق سەركەردىلىرىنىڭ قىزلىرى ئىدى. تۆتىلىسى تولۇمدەك سېمىز بولۇپ، ئۇستى - بېشىنى يىپەك بىلەن ئالتۇن - كۈمۈشكە پۈركىگەنىدى. بىلەكتەك قىلىپ ئۆرۈلگەن چاچلىرى يەرگە تېگىپ تۇراتتى. بۇلارنىڭ كەينىگە باتۇنىڭ ئىككى قىپچاق ئايالىنىڭ تۆگىلىرى چېتىلغان بولۇپ، بۇلارنىڭ بىرى بايانداز خانىنىڭ قىزى ئىدى. بۇ قىپچاق خانىشلىرى دائىم بىر تۆگىگە مىنىشىپ ئەتىدىن - كەچكىچە خىيالىغا كەلگەننى سۆزلىشىپ - كۈلۈشۈپ ئولتۇراتتى. ئىككىنچى بىر تۆگىدە ئۇلارنىڭ كۈتكۈچى ئاياللىرى كېلەتتى.

بىر كۈنى كارۋان تېختىغان پەيتتە بۇ ئىككى خانىش يۇلتۇزنىڭ قېشىغا كەلدى - دە، ئاغزىغا كەلگەننى جۆيلىۋېرىپ: بىزنىڭ بىردىن يۈگۈرۈك ئېتىمىز بار. قونالغۇدا بىرنەچچە كۈن تۇرۇپ قالغان ۋاقتىمىزدا خانلار شىكارغا چىقسا، بىزمۇ ئاتلىرىمىزغا مىنىپ ئۇلار بىلەن بىرگە چىقىمىز، دېيىشىپ يۇلتۇزغا ماختىنىشقا باشلىدى ۋە ئۇلار:

www.uyghurkitap.com

— سەن دېگەن تېقال، ئوچاق بېشىدا يۇندا - پۇرۇشلۇق قىلسەن. خانىمنىڭ مالىيى قاتارىدىكى خېتۇنسەن. ساڭا نەدىكى ئات! ئۆز ئۆيۈڭدىن تويلۇق ئۇچۇن ئەكەلگەن مېلىڭمۇ يوق. بۇ يەرگە كەلگەندە ئۇستى - بېشىڭ جۇل - جۇل ئىدى. ئۇستىڭدىكى مۇنۇ كىيىملەرنى ئورپىجان ئاغچا بەرگەن. باتۇخان ساڭا كۆزىنىڭ قىرىنىمۇ سالمايدۇ. بىزدىن ئاشقان - تاشقاننى يالاپ كۈنۈڭ ئۆتىدۇ، — دېيىشىپ يولتۇزنى كەمسىتىپ، مازاق قىلدى.

يولتۇز ئۆمرىدە مۇنداق ھاقارەتنى ئاڭلىمىغانىدى. ئەمدىگىنە بويىغا يېتىۋاتقان بۇ قىز ئېمىنى بىلسۇن، ئۇنىڭ ئاچچىقىنى بېسىپ خىتاي دېدىكىگە چىڭگىدە يېپىشىۋېلىشتىن باشقا نەرسىگە قۇربى يەتمىدى. ئۇ قىپچاق خانىشلارغا تەتۈر قاراپ جىمىدە ئولتۇرۇۋالدى.

— ھەي مالاي، گەپ قىلمايسەنغۇ؟ بىرسى ئاغزىڭنى تىكىپ قويدىمۇ ياكى تىلىڭنى قىلدا باغلاپ قويدىمۇ؟ شوم تەلەي پادىچى، كالىنىڭ ئارقىسىدا يۈرۈپ ھايۋان بولۇپ كەتكەن ئېمىكەنسەن - دە! ھېچ بىلمىسا، كالا بولۇپ مۆرە- مەمسەن! — دېيىشىپ ئىككى خانىش يولتۇزنى يەنە مازاق قىلدى.

يولتۇز زۇۋان سۈرمەي ئولتۇردى. بىر نەرسە دەپ جاۋاب قايتۇراي دېۋىدى ئاغزىغا پەقەتلا سۆز كەلمىدى. لېكىن نومۇس ئۇنىڭ قەلبىنى ئۆرتەيتتى ... ئۇ بىر ھازاغىچە بېشىدىكى يىپەك ياغلىقىنى قۇرچاققا ئوخشاش تۈگۈۋېلىپ، كىچىك باللاردەك ئۇنى ئەللەيلەپ ئويلىنىپ ئولتۇردى- دە، ئاندىن:

— مەن پادىچى مالاي تۇرسام، مېنىڭ بىلەن نېمىشقا پاراڭ قىلىشىسەن. كۆزۈمدىن يوقىلىش! ئەگەر مېنىڭ ئىرىم

بۇيرۇسا مەن ھەرقانداق ئىشنى ئېغىر كۆرمەي قىلىمەن. چىنە-قاچىمۇ يۇيىمەن، سۇمۇ توشۇيمەن، كۆلنىمۇ تۆكىمەن، ئەگەر ئۇ بۇيرۇسا قولۇمغا تاياق ئېلىپ سەنەمنىمۇ كالىدەك قوغلاپ باياۋانغا ھايدايمەن ... — دېدى.

خانىشلار بۇنداق جاۋابنىڭ بولۇشىنى كۈتمىگەنىدى.

— ئاغزىدىن ئانىسىنىڭ سۈتى كەتمىگەن بىر نېمىغۇ، — دېدى بىرسى ئالدىرىغىنىدىن.

— بۇنىڭدا ئەقىل دېگەن نېمە ئىش قىلسۇن! ئۆمۈر بويى مۇشۇنداق دۆت پېتى ئۆتىدۇ، — دېدى ئىككىنچىسى. ئۇلار قاقاقلاپ كۈلگەن پېتى ئۆز يېرىگە مېڭىشتى.

ئىككىنچى كۈنى باشقا بىر يەردە تېختىغان پەيتتە باتۇنىڭ مەشغۇل خانىشلىرى يەنە يۇلتۇزنى كۆرمەكچى بولۇپ كېلىشتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە پەقەت بۇراقچىن دېگەن ئەڭ چوڭ ئاغىچا خانىشلا يوق ئىدى. ئۇ ئانچىكى ئىشلار ئۈچۈن ئۆزىنى ئۇرۇپ كەتمەيدىغان ئېغىر - بېسىق ئايال ئىدى. خانىشلار كېلىپلا يۇلتۇزنى شاڭخۇ قىلىشقا باشلىدى. بىرسى يۇلتۇزنىڭ نازۇك بەدەنلىرىنى سىلىسا، يەنە بىرسى ئۇنىڭ سەدەپتەك ئاپئاق چىشلىرىغا ھەيران بولۇپ قارايتتى. يەنە بىرسى بولسا، كىيىملىرىنى تۇتۇپ كۆرەتتى ۋە كۆرگەن بولۇپ بىردە ئوقۇپ، بىردە چىمداپمۇ ئالاتتى.

يۇلتۇز زېرىكىپ كەتكەن بۇ خانىشلارنىڭ قىلىقلىرىغا لېۋىنى چىشلەپ چىداپ ئولتۇردى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ياش جەھەتتىن چوڭراق بىرسى دەسلەپتە بىر ئاز تەكەببۇر قىياپەتتە ھېچ نەرسىگە ئارىلاشماي چەتتە قاراپ تۇرغانىدى. بىر ئازدىن كېيىن، ئۇمۇ باشقىلارغا قوشۇلۇپ قاقاقلاپ كۈلۈشكە باشلىدى. بىر چاغدا يۇلتۇزنىڭ قورچاق قىلىپ ئولتۇرغان

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

ياغلىقىنى كۆرۈپ قولىدىن - قولىغا ئېلىپ بىرسى پەپىلەپ ئەللەي قىلسا، يەنە بىرسى ئەمگۈزگەن بولۇپ بىر ھازاغىچە كۈلكە قىلىشتى. ئۇلار ئەنە شۇنداق كۆڭۈل ئېچىشقاندىن كېيىن قايتتى. قايتىپ كېتىۋېتىپ خانىشلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ ياخشىراقى قايتا يۈگۈرۈپ كېلىپ يۇلتۇزنىڭ قۇلىقىغا:

— مەن تۆتمىچى تۆگىدە، بارىمەن، پاراڭلىشىمىز، — دەپ شۇۋىرلاپ يەنە كېتىپ قالدى.

خانىشلار كەتكەندىن كېيىن، يۇلتۇز ياغلىقىنى يېشىپ بېشىغا ئارتتى - دە، كۈندەشلەرنىڭ قىلغان ئەلىمگە چىدىماي بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتى. كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئۇنىڭ ھەسرەتلىك كۆز ياشلىرىنى تۆكۈش يالغۇز بۇ ئىش ئۈچۈنلا ئەمەس ئىدى. ئۆتكەندە دادىسى بىلەن چوڭ ئاكىسى تۆمۈر بىرلىشىپ يۇلتۇزنى قازاندەك سەللە يۆگىگەن بەقەسەم چاپان كىيگەن، تاۋاق يۈزلۈك. قارا ساقاللىق بىر سودىگەرگە ھايۋان قاتارىدا سېتىۋەتكەندىن بېرى، ئۇنىڭ يېشى قۇرۇمايدىغان بولغانىدى. شۇ قېتىمقى ۋەقە ئۇنىڭ يۈرىكىدە ساقايماس جاراھەت پەيدا قىلغانىدى. شۇ چاغدا ئۇنى ئۇلار ھايۋان كەبى بازارغا ھەيدەپ كەلدى. سودىگەر ئۇنىڭ پۇتىنىڭ تىرنىقىدىن تارتىپ تا چېچىنىڭ ئۇچىغىچە پۈتۈن بەدىنىنى كۆرۈپ چىقتى. بۇ بېچارە قىزنىڭ گۇناھى نېمە؟ ئۇنىڭ ئەزەلدىن ئويلايدىغىنى: قۇرۇم باسقان ئەسكى كۇلبە بولسىمۇ، ئۆز ئالدىغا بىر ئۆي تۇتۇپ ئەل قاتارى ئۆتۈش، ئۆزى خالاپ سۆيگەن مىسىقىنىڭ ھەر كۈنى يىلىقىدىن قايتقاندىن كېيىنكى گەپلىرىنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلاپ، ئۇنىڭ جامالىغا قاراپ ئولتۇرۇش ئەمەسمىدى ...

— يۇلتۇزنىڭ ھەسرەتلىك كۆز ياشلىرى يېپى ئۈزۈلگەن مارجاندەك تۆكۈلۈپ تۇرغاندا، بىراۋنىڭ يۇمشاق قولى يەلكىسىنى ئاستاغىنا سىيلىغاندەك بولدى.

— نېمىشقا يىغلايسەن ئەزىزىم؟ بۇنىڭ ئۈچۈن قايغۇرما. قايغۇلۇق كۈنلەر تېخى ئالدىمىزدا! — دەپ پىچىرلىغان بىر ئاۋاز ئۇنىڭ قۇلىقىغا كىردى.

بېشىنى كۆتۈرۈپ قاراپ ئۇ ئالدىدا بېشىنى ئېگىپ يۈكۈنۈپ ئولتۇرغان خىتاي دېدىكىنى كۆردى.

— بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق قايغۇ - ھەسرەت بارمۇ؟

— ئەزىزىم، سەن تېخى ھېچنېمىنى كۆرمىدىڭ. ئەگەر بىراۋ كېلىپ باغرىڭنى يېرىپ چىققان سەبى بالاڭنى كۆز ئالدىڭدا چىقىرىپ تۇرۇپ ئۆلتۈرسە، قايغۇ - ھەسرەت دېگەننىڭ نېمىلىكىنى شۇ ۋاقىتتا بىلەتتىڭ...

— سەن بۇنداق ئىشلارنى ئۆز كۆزۈڭ بىلەن كۆرگەنمىدىڭ؟ كۆرگەن بولساڭ يەشۇرماي ئېيتقىن!

خىتاي دېدەك تارمۇشتەك قېتىپ كەتكەن كىچىك قولى بىلەن كۆزىدىن ئېتىلىپ چىققان ياشلىرىنى سۈرتتى - دە، بىرەرسى بىلۈپ قالمىسۇن دېگەندەك ئەتراپقا بىر قۇر نەزەر سېلىپ چىقتى. بۇ قاش قارىيىۋاتقان مەزگىل بولۇپ، ئايلاندۇرۇپ ياندۇرۇلغان گۈلخانلارنىڭ قىپقىزىل يالقۇنى گۈلخان ئەتراپىدا ياتقان ۋە ئولتۇرغان لەشكەرلەرنىڭ يۈزىنى يورۇتۇپ تۇراتتى. يۇلتۇز بىلەن خىتاي دېدەك باشقىلاردىن ئايرىم بىر يەرگە سېلىنغان كىلەم ئۈستىدە ئىدى. ئۇپۇر - توپۇر بولۇشۇۋاتقان مىڭلىغان ئادەملەرنىڭ بەزىسى ناخشا ئېيتىپ، بەزىسى ۋارقىراپ، بەزىلىرى نەيزە - قالقانلىرىنى جاراڭلىتىپ ۋاڭ-چۇڭ قىلاتتى. قانداقلا بولمىسۇن كۈن بويى يول يۈرۈپ چارچىغان بۇ ئادەملەرنىڭ ۋاراڭ - چۇرۇڭى ئاستا - ئاستا بېسىلىپ ئۇرغۇنلىرى بۇ دۇنيانى ئۇنتۇپ شېرىن ئۇيقۇغا غەرق بولدى.

ۋاڭ - چۇڭ كۆتۈرۈپ چۇمۇلىدەك يۈرگەن سانسىز

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئادەملەرنىڭ ئىچىدە پەقەت شۇ ئىككى ئاياللا پاناھسىز قالغان ئادەملەردەك يىغىسىراپ ئولتۇراتتى.

بىر ھازادىن كېيىن، خىتاي دېدەك سۆزلەشكە باشلىدى:

— بېشىمدىن ئۆتكەن كۈلپەتلەر كۆپ. ئۇنى ئېيتىپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ. ئۆتكەن كۈن قايتمايدۇ، دېگەن بىر سۆز بار. شۇنداقتىمۇ ئۇ ئىشلار ئېسىمگە چۈشىدىغان بولسا، يۈرەك باغرىم خۇن بولۇپ كېتىدۇ. ئادەم پەيتى كەلگەندە ئىچىدىكى دەردىنى چىقىرىپ تۇرمىسا، يېرىلىپ كېتىشى مۇمكىن. ئېيتسام ئېيتاي: مېنىڭ بېشىمغا نۇرغۇن ئىشلار كەلدى. مەنمۇ ساڭا ئوخشاش ئاتامنىڭ ئارزۇلاپ باققان قىزى ئىدىم. دادام ئاسمان-دىكى يۇلتۇزلارغا قاراپ پال ئاچىدىغان، بولغۇسى ئىشلارنى مۆلچەرلەيدىغان مۇنەججىم ئىدى. ھەربىر يۇلتۇزنىڭ يۆتكىلىشىگە قاراپ تۇرۇپ كىشىلەرگە ئۇلارنى كېلەچەكتە نېمىلەر كۈتۈپ تۇرغانلىقىنى ئالدىن ئېيتىپ بېرەلەيتتى. كەچ كىرىش بىلەنلا ئۇ، چىن① پادىشاھلىقىنىڭ سارىيىنىڭ ئۆگزىسىگە چىقىۋېلىپ كۆرگەن - بىلگىنىنىڭ ھەممىسىنى چوڭ كىتابقا يېزىپ تۇراتتى. ھەر كۈنى ئەتىگەندە كىتابقا يازغان نەرسىلىرىنى دىۋان-بېگىگە كۆرسىتەتتى. بەگ مۇھىم دەپ ھېسابلىغانلىرىنى پادىشاھقا ئوقۇپ بېرەتتى. چوڭ بولۇپ بويۇمغا يەتكەن ۋاقتىمدا دادام مېنى خىتاينىڭ بىر تۆرىسىگە ياتلىق قىلدى. ئۇ قول ئاستىدا 250 ئادىمى بولغان لەشكەر باشلىقى ئىدى. ئۇ مەندىن 20 ياش چوڭ بولسىمۇ، بىر-بىرىمىزنى ياخشى كۆرۈپ تۇرمۇشنىڭ لەززىتىنى تېتىپ ئۆتتۇق. ئىككى باللىق بولدۇق، ئىككىلىسى چىرايلىق - ئوماق باللار ئىدى. چاققانغىنا ھويلىمىزدا كىچىككىرەك بىر باغچىمىزمۇ بار ئىدى. ئىشىك

---

① ئۇ زاماندا جوڭگو (چىن) چىن ۋە سۇن دېگەن ئىككى پادىشاھلىققا بۆلۈنەتتى: بۇلارنىڭ بىرى جوڭگونىڭ شىمالىدا، ئىككىنچىسى جەنۇبىدا ئىدى.

ئالدىدا بىر كۆل بولۇپ، باغچىدا ھەر تۈرلۈك چىرايلىق گۈللەر ئېچىلىپ، كۆلدە رەڭگارەڭ بېلىقلار ئۈزۈپ يۈرەتتى. خىرامان ئۆتۈۋاتقان كۈنلەرنىڭ بىرىدە خۇددى ئاسماندىن چاقماق چۈشكەندەك شەھەرگە چىڭگىزخاننىڭ لەشكەرلىرى بېسىپ كىردى. شۇ چاغدا مۇڭغۇل لەشكەرلىرىگە قوماندانلىق قىلغان كىشى ھازىر باتۇخاننىڭ يېنىدىن ئايرىلماي يۈرىدىغان ھېلىقى يەكچەشمە سەركەردە ئىدى. مېنىڭ ئېرىم ئۆزىنىڭ ئازراق لەشكەرلىرى بىلەن قارشىلىق كۆرسەتمەكچى بولدى. كەلكۈننى كەۋدە بىلەن توسۇغىلى بولامتى. لەشكەرلىرى پۈتۈنلەي قۇربان بولۇپ، ئۆزىمۇ شۇ كەتكەنچە قايتىپ كەلمىدى. شۇنىڭدىن كېيىن مۇڭغۇللار ھېچكىمنى ئايىمىدى. ئانامنى ئۆلتۈرۈپ، نارەسىدە بالىلىرىمنى قۇچىقىمدىن يۇلۇۋېلىپ كەتتى. مېنى مۇڭغۇللارنىڭ بىر يۈزبېشى ئۆزىگە مالاي قىلىۋالدى. ئۇ، تەلەتى سۈرۈن، چىرايىدىن ئادەم ئەيمەنگۈدەك سەت نېمە ئىدى. بۇ ئەبلەخلەرنىڭ ئايىغىدا خورلىنىپ يۈرگىچە ئەڭ بولمىغاندا بىرەرسىنىڭ يۈزىگە شالاقىدە تۈكۈرۈۋېلىپ ئاندىن ئۆلەي دېگەنىدىم. بىراق ئىككى بالامنىڭ مېھرىدىن كېچەلمىدىم. يەر ئۈستىدىلا بولسام بىر كۈنى بولمىسا بىر كۈنى ئۇلارنى تېپىپ باغرىمغا باسىمەن، دېگەن خىيال بىلەن غوجامنىڭ دېگىنىگە ماقۇل دەپ بۇيرۇقنى ئورۇنداپ كەلدىم. ئىش قىلىپ ئۇنىڭ كۆڭلىگە يېقىشقا تىرىشتىم بولۇپمۇ ئۇنىڭغا مېنىڭ تاماق ئېتىشىم بەك ياراپ كەتتى. شۇڭا ئۇنىڭ مېنى قولدىن چىقارغۇسى كەلمەيتتى. خۇنىنى بىز تۆلەيلى بۇنى بوشاتقىن دېگەن ئادەملەرمۇ چىقتى. لېكىن ئۇ زادىلا ئۇنىمىدى. كېيىن مېنى باتۇخاننىڭ ئاتىسى ئورپىجان خانىشقا سوۋغا سۈپىتىدە تەقدىم قىلدى. شۇندىن ئېتىبارەن خانىشنىڭ سارىيىدا بولۇپ قالدىم. ئەمدى خانىش مېنى ساڭا بەردى. ۋە ماڭا ئۇ: «ھېچ-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

نىمە كۆرمىگەن ياش قىز، ئۇنىڭغا ئۆرپ - ئادەت، قائىدە - يوسۇنلارنى ئوبدان ئۆگەتكىن. ساراي ئاياللىرىدەك ئەدەبلىك بولسۇن. يېڭى ماڭغاندا پۈتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ ماڭسۇن، كىمگە سالام قىلىش، كىملەرگە ئوچۇق چىراي كۆرسىتىش، ئاتاقلىق كىشىلەر كەلگەندە ئۇلارغا قانداق چاي قۇيۇش① كېرەكلىكىنى ئوبدان ئۆگىنىۋالسۇن» دېدى ... ئۆگىنەمسەن؟

— لازىم تېپىلسا ھەممىنى ئۆگىنىۋالىمەن، — دېدى يۇلتۇز.

— ئۆگىنىدىغان نەرسىلەر يالغۇز بۇلا ئەمەس يەنە كۆپ نەرسىلەر بار. ئېرىڭنى ئۆزۈڭگە قارىتىپ، ئۇنى دائىم يېنىڭغا كەلتۈرۈشۈڭ، ئارزۇ ۋە ئارمانلىرىڭنى ئورۇنداتقۇزۇشۇڭ ئۈچۈن، ئۇنىڭغا ئاجايىپ چۆچەكلەرنى، قىزىق سۆزلەرنى ئېيتىپ بېرىشىڭ كېرەك. شۇ چاغدىلا ئۇ چۆچەك ۋە گەپ ئاڭلاش ئۈچۈن يېنىڭغا تېز - تېز كېلىپ تۇرىدىغان بولىدۇ. مەن ساڭا ھەر تۈرلۈك چۆچەكلەرنى ئېيتىپ بېرىمەن. ئۇلارنى قالدۇرماي يادلىۋالغىن. مەن ناھايىتى نۇرغۇن چۆچەكلەرنى بىلىمەن. قارلىغاچلارنى ھارۋىغا قوشۇپ سامادا ساياھەت قىلغان دانىشمەن توغرۇلۇق، ئەجدىھانى بويسۇندۇرۇپ، ئۇنىڭغا پۈتۈن بىر شەھەرنى سالدۇرغان قويچى توغرۇلۇق ئۇندىن باشقا يەنە نۇرغۇن قىزىق ھېكايىلەرنى بىلىمەن...

شۇندىن باشلاپ يۇلتۇز يالغۇزلۇق ھېس قىلمايدىغان

---

① شەرقتە دۆلەتمەن، ئاتاقلىق ئادەملەرنىڭ قىزلىرى ئالاھىدە تەربىيە ئالاتتى. ئۇلارغا ماڭغاندا دوڭغاقلاپ ماڭماي، سىلىق سىپايە ماڭىدىغان، سۆزلى-گەندە قاتتىق ئاۋازدا سۆزلىمەي، زىل ناھاڭ بىلەن سۆزلەشنى ئۆگەتكەن. بۇنىڭ ئۆزى ئەدەبلىكنىڭ ۋە تەربىيە كۆرگەنلىكىنىڭ بەلگىسى ھېسابلىناتتى ھەتتا ئاياللارنىڭ سۆزلەيدىغان سۆزلىرى ئەرلەرنىڭكىدىن ئۆزگىچە. ئالاھىدە چىرايى-لىق سۆزلەر بولغان.

بولدى. ئۇ خېتاي دېدىكىنى ئۆزىنىڭ ئەڭ يېقىن ئادىمى ھېسابلاپ بەرگەن تەربىيىسىنى، سۆزلىگەن قىزىقارلىق چۆچەكلىرىنى ئېسىدە چىڭ ساقلىدى ۋە ئېرى كەلگەندە ئۇنىڭ كۆڭلىنى قانداق ئېلىش كېرەكلىكى، ھۆرمەتلىك مېھمانلار كەلگەندە ئۆزىنى قانداق تۇتۇش كېرەكلىكى ۋە باشقا نەرسەلەر ھەققىدىكى قائىدىلەرنى ئۆگىنىشكە باشلىدى.

## سەككىزىنچى باب

## جاھانگىر بىلەن سۆھبەت

«... ھاجى رەھىم ئاڭلىغان - كۆرگەنلىرىنى توختىماي يازماقتا. بۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن خېلىلا ئېغىر سىناق ئىدى. بۇ مۇشكۇل ئىشتا ئاللانىڭ ئۆزى ئۇنىڭغا يار بولمىسا، كىم ياردەم قىلالايدۇ...»

ھاجى رەھىم قول يازمىسىنى ئەنە شۇنداق داۋاملاشتۇرۇۋاتاتتى.

«رابىيەل ئاخىرنىڭ① ئون بەشىنچى كۈنى تاڭ سەھەر مەزگىلىدە، ساھىبقىران باتۇخان ھاجى رەھىمنى ئۆزىنىڭ ئالتۇن چېدىرىغا چاقىرتتى.

خان چوڭ يىپەك گىلەم ئۈستىدە ئاستىغا قېلىن بىر پارچە كىگىزنى سېلىپ ئولتۇرغانىكەن. يېنىدا ئوقدانى ساداق

① رابىيەل ئاخىر — ئىيۇن ئېيى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ۋە ئەگرى خەنجەرلىرى تۇراتتى. ئوقداندا ئۈچ قىزىل ئوق①، تامدا بولسا مىستىن سوقۇلغان ئېغىر قالقان ئېسىقلىق ئىدى. جاھانگىر قولى بىلەن دەرۋىشنى يېنىمغا كېلىپ ئولتۇر، دەپ ئىما قىلدى. ھاجى رەھىم باش ئېگىپ تەزىم بەجا كەلتۈرگەندىن كېيىن، خاننىڭ ئېغىزىدىن چىققان سۆزلەرنى بىر-بىرلەپ يېزىۋېلىشقا تەييارلىنىپ يۈكۈنۈپ ئولتۇردى.

جاھانگىر ئوتتۇراھال ئاھاڭدا ئىنتايىن راۋان سۆز باشلاپ، قىزىغانسېرى سۇدەك ئىتتىك سۆزلەشكە باشلىدى. ھاجى رەھىم يېزىۋېلىشقا ئۈلگۈرەلمەي قالغانلىرىنى كۆڭلىگە پۈكۈشكە مەجبۇر بولدى.

— بۈگۈن خانلارنىڭ چوڭ يىغىنى ئېچىلماقچى... ئۇلۇغ بىرۋىمىز ياراتقان داغدام يولدا بىر ياقىدىن باش چىقىرىپ، سەپنى بۇزماي ماڭىمىزمۇ ياكى بىر - بىرىمىزنىڭ سۆزىنى ئاڭلىماي، ھەر كىم بېشىمىز قايغان تەرەپكە قاراپ كېتىۋېرەمدۇق. بۈگۈن مانا مۇشۇ مەسىلىنى ھەل قىلىدىغان كۈن... يىغىندا جېدەل - ماجىرا چىقىپ بۆلۈنۈش بولىدۇ، يا بىرلىشىپ ئىتتىپاقلىق ئورنىتىلىدۇ!... ئەگەر مۇڭغۇللار ئەقلىدىن ئېزىپ، ئىش يامانغا ئايلانسا، ئۇر - يىقىت بولۇپ نۇرغۇن ئادەمنىڭ كاللىسى كېتىشى مۇمكىن... مۇبادا شۇنداق بولۇپ قالسا، مەنمۇ ئۇنىڭغا تەدبىر قوللىنىمەن!... ئارسلان كەبى ئېتىلىپ كىرىپ... قان بىلەن دەريا ئاققۇزۇپ، باش بىلەن تاغ ياسايمەن! ئۇلۇغ بىرۋىمىزنىڭ ئالدىدا ھەممىسى قۇيرۇقىنى قىسىپ، بېشىنى ئېگىپ ئولتۇراتتى... ھازىر خۇدانى ئۇنتۇپ، ھەددىدىن ئاشتى. بىر زامانلاردا بوۋام چىڭگىزخاننىڭ ئاچقان

① ئۇ دەۋرلەردە يۇقىرى دەرىجىلىك كىشىلەرنىڭ مەرتىۋىسىنى ئوقداندىكى ئوقنىڭ سانى بەلگىلەيتتى. ئوقداندىكى ئوقنىڭ سانى قانچە ئاز بولسا، شۇ كىشىنىڭ مەرتىۋىسىنىڭ شۇنچە چوڭ ئىكەنلىكىنى بىلدۈرەتتى. پەقەت ئاددىي لەشكەرلەرلا ئوقدانلىرىغا لىق ئوق قاچىلاپ يۈرەتتى.

ۋاڭ - چۇڭمۇ بېسىلىپ جىمجىت بولۇپ قالدى. باتۇخان دەرھال نېرىدا تۇرغان توقماقنى قولغا ئالدى - دە، مىس قاڭالقاننى داراڭلىتىپ بىرنەچچىنى ئۇرۇۋىدى، شۇ زاماتلا ئۇستىگە ئۇزۇن تون، بېشىغا بۇلغارىدىن دۇبۇلغا كىيگەن، قولغا قىسقا نەيزە تۇتقان قاراۋۇل كىرىپ كەلدى.

— ھېلىقى ئۆيگە كىرمەكچى بولۇپ، ئىشىكتىن قولىنى تىققان كىم؟ — دېدى باتۇخان كۆزىنى چەكچەيتىپ.

— كۆيىك خانىنىڭ چاپارمىنى ئىكەن. ئالتۇن پەيزىسىنى كۆردۈم. پەيزىسى بولغاچقا مېنى ئىتتىرىۋېتىپ چېدىرغا رۇخسەتسىز كىرمەكچى بولۇۋىدى، قىلىچىمنىڭ دەستىسى بىلەن ئاغزىغا ئۇردۇم، ئاغزى - بۇرنى پوق يېگەن ئىتتەك بولدى. چىشلىرىمۇ ساق قالمىدىغۇ دەيمەن. بىر قەدەم ئالغا باسساڭ بېشىڭنى ئالىمەن دېگەنىدىم، توختاپ قالدى...

— ياخشى قىپسەن، — دېدى باتۇخان، — يىگىتكەنسەن. ئادىللىق بىلەن خىزمەت ئىشلىگەنلىكىڭ ئۈچۈن دەرىجەڭنى ئۆستۈرىمەن. ئەرەپشاھ دېگەن يۈز بېشىنى كۆردۈڭمۇ.

— ئۇ، كۆيىك خانىنىڭ بايىقى چاپارمىنىنى ئۆيگە ئېلىپ كەتتى.

— نېمە قىلماقچى؟

— قۇلىقىنى كەسمەكچى...

باتۇخان بىرئاز ئويلىنىپ قالدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى يوغان ئېچىلىپ يەنە قىسىلىپ كەتتى. بىرئازدىن كېيىن مىيىقىدا كۈلۈپ قويۇپ:

— ئىسمىڭ نېمە؟ — دېدى.

— مىسىق.

— مەن سېنى بىر يەردە كۆرگەندەك قىلىمەنغۇ؟

— ئۆتكەندە يىلقىدىن توروق ئايغىرنى تۇتۇپ بەرگىنىم

ده كۆرگەنسىز جانابلىرى. ھازىر ئۇنى يۈزبېشى مىنىپ يۈرۈۋاتىدۇ. يېقىندا مېنى ئەرەپشاھ ئۆز لەشكەرلىرى ئىچىگە قوبۇل قىلىپ ئالغانىدى.

— ئەرەپشاھنى بىلىمەن. ئالدىغا كەلگەن دۈشمەننى يەر بىلەن يەكسان قىلىدىغان، ياخشىلىق قىلغان ئادەمدىن جېنىنى ئايىمايدىغان يىگىت، يارايسەن. چىقساڭ بولىدۇ.

قاراۋۇل چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، باتۇخان ھاجى رەھىمگە بۇرۇلۇپ، ئۈزۈلۈپ قالغان سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— مەن قوشۇنۇمنى غەربكە قاراپ باشلاپ كېتىۋاتىمەن. غەربتە بىزنى نېمىلەر كۈتۈپ تۇرغانلىقىنى ئاللىقاچان بىلىپ بولدۇم. رۇس ئەللىرىگە ئالدىنئالا ھەر تۈرلۈك ئايغاقچىلار ۋە سودىگەرلەرنى ئەۋەتكەنىدىم. ئۇلار ئىگىلەپ كەلگەن خەۋەرلەرنىڭ ھەممىسىنى ماڭا يەتكۈزدى... ئالدى بىلەن رۇسلارنى، ئاندىن ئۇلاردىن نېرىدا تۇرىدىغان ئەللەرنى بىر يولى بويسۇندۇرىمەن. رۇس دېگەنلەر ئورمانىدىكى ئېيىققا ئوخشاش ھېچ نەرسىگە پەمى يوق نېمىلەر ئوخشايدۇ. شۇڭا ئۇلارنى بويسۇندۇرۇش ئۈچۈن ئانچە زور كۈچ كەتمەيدۇ. ئۇلار ئۆز ئىچىدە ئۇششاق - ئۇششاق بەگلىكلەرگە بۆلۈنىدىكەن. ھەرقايسى بەگلىكلەرنى خانلار ئۆز ئالدىغا باشقۇرىدىكەن. ئۇلارنىڭ خانلىرى «كىنەز» دەپ ئاتىلىدىكەن. ئۇ كىنەزلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئىتتىپاقلىق يوق ئىكەن. ئۆزئارا تالاش - تارتىش قىلىپ دائىم ئارازلىق ئىچىدە ئۆتىدىكەن. شۇ كەمگىچە ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ئەلنىڭ بېشىنى قوشۇپ ئۇيۇشتۇرالايدىغان چىڭگىزخاندەك بىرەر ئۇلۇغ زات چىقماپتۇ. مەن ئۇلارنىڭ شەھەرلىرىگە سېلىق يىغىدىغان باسقاقلارنى① قالدۇرىمەن - دە،

① باسقاق — سېلىق يىغىدىغان ئەمەلدارلار.

ئۆزۈم توختىماي ئالغا ئىلگىرىلەيمەن. ئۇنىڭ نىيىتىمىدىكى ئەللەر-
نى بويسۇندۇرۇپ ئاخىرقى دېڭىزغا يەتمىگىچە كۆڭلۈم
تىنمىن تاپمايدۇ...

شۇ ۋاقىتتا پۈتكۈل دۇنيا موڭغۇللارنىڭ قولىغا چۈشۈپ،
ئاچساق ئالقىنىمىزدا، يۇمساق ئوچۇمىمىزدا، بولىدۇ...

بىر ھازادىن كېيىن سۇبىتاي باھادىر تىۋىش چىقارماي ئاستا
دەسسەپ چېدىر ئىچىگە كىردى - دە، دەرھال بۇرۇلۇپ
ئىشىككە چاپلاشتى. ئۇ ئېڭىشىپ تۇرۇپ ئىشىك يوچۇقىدىن
سىرتقا ماراپ قارىغاندا، پەقەت ئۇنىڭ مايلىشىپ كەتكەن
كۆك چاپىنىنىڭ كەينىلا كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۇ سىرتتا بولۇ-
ۋاتقان سۆزلەرگە قۇلاق سېلىپ، بىرئاز تۇردى - دە، ئاندىن
كۆزىنىڭ قۇيرۇقى بىلەن ھاجى رەھىمگە قاراپ قويۇپ، بىر
ئايىغىنى سۆرەپ مېڭىپ، باتۇخاننىڭ يېنىغا باردى ۋە ناماز
ئوقۇيدىغان كىشىگە ئوخشاش يۈكۈنۈپ ئولتۇردى. ئۇ يەرگە
باش قويۇپ تەزىم بەجا كەلتۈرگەندىن كېيىن، باتۇخان بۇ
قېرى قوماندانغا: «يېقىنراق كېلىپ ئولتۇرغىن» دېدى.

سۇبىتاي «بۇنىڭ ئالدىدا ئوچۇق سۆزلەشكە بولارمۇ؟»
دېگەندەك ھاجى رەھىمگە يەر ئاستىدىن يەنە بىر قېتىم
قاراپ قويدى.

باتۇمۇ ئۇنىڭ بۇ خىيالىنى سەزدى ۋە:

— سۆزلەۋەرگىن. بۇ كىشىدىن ئەنسىرىمە! مېنىڭ ئۇستازىم.
ئۆلۈم ئالدىدىمۇ ئاغزىدىن بىر ئېغىز ئارتۇقچە سۆز چىقماي-
دۇ، — دېدى ئۇ.

— ئېيتقىنىمدەك بولدى، — دېدى سۇبىتاي، — كۈيۈك
خان بۇ يەرگە مىڭ لەشكىرى بىلەن كەلدى. مەن قاراۋۇللارنى
كۈچەيتتىم. بۇ يەرگە بىرمۇ ئادەمنى يولاتماڭلار، دەپ يوليو-
رۇق بەردىم. يېنىغا ئۇنچە نۇرغۇن لەشكەر بىلەن كەلمەڭلار
دېگەنىدۇق. خانلارنىڭ كۆپى بىرنەچچە يۈز ئادەم بىلەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى ئىزدىنىش
www.uyghurkitap.com

كەپتۇ. ھەممىسلا مۇھەم قوشۇنلىرىنى يىغىن ئەتراپقا يوشۇرۇن ئورۇنلاشتۇرۇپتۇ. ئەگەر بىرەر ئەھۋال يۈز بېرىپ قالسا، دەررۇ يېتىپ كېلىشكە تەييارلانغان بولسا كېرەك.

— ئەمدى قانداق قىلىمىز. قول سالامدۇق - يوق؟ — دېدى بۇنى ئاڭلىغان باتۇخان.

— ئۇنى ئەتە كۆرەرمىز. بىزنىڭ لەشكەرلىرىمىزمۇ قاراپ ياتمىدى. ئۇلار جەڭگىۋار ھالەتتە، — دەپ جاۋاب قايتۇردى سۇبىتاي.

## توققۇزىنچى باب

## چىڭگىز ئەۋلادلىرىنىڭ كېڭىشى

بۇلار ئىنتايىن تىرىككەك
ھەم ئىچى تار خەلق ئىدى.
(رەشىيەددىن)

«...تىنىق كېچە. سىيپاپ ياغقان ئۆتكۈنچى يامغۇر يەرنىڭ چېڭىنى بېسىپ كەتكەچكە، يامغۇردىن كېيىنكى ساپ ھاۋا كىشىگە ھۇزۇر بېغىشلايتتى. ئەتراپتا نۇرغۇن گۇلخانلار يېقىلغان بولۇپ، داش قازانلاردا پاقالانلارنىڭ سېمىز گۆشى پىتىقلاپ قايناپ تۇراتتى. ئوتتا كۆيگەن مايىنىڭ مەززىلىك پۇرىقى كەڭ دالىغا ئاستا - ئاستا تارقالماقتا ئىدى.

بىر چاغدا خانلار ئەپسانە چاقچاقلارنى قىلىپ قاقاقلاپ كۈلۈشۈپ يېتىپ كېلىشتى. باتۇخاننىڭ ئالتۇن چېدىرىغا ئون قەدەم قالغاندا قاراۋۇللۇقتا تۇرغان تۇرغاۋۇتلار ئۇلارنى

چېدىرغا يەنە يېقىنلىشىشقا رۇخسەت قىلىنمىغاچقا، ئاتلىرىدىن چۈشۈشكە مەجبۇر بولدى. ئاتلىرىنى بىر - بىرىگە باغلىغاندىن كېيىن، چېدىرغا قاراپ ماڭماقچى بولغانىدى، بىراق باھادىر-نىڭ ئۈچ شامانى بۇلارنىڭ يولىنى تىسىپ تۇرۇپ:

— ئالدى بىلەن ئاۋۇ ئوتلارنى ئايلىنىپ ئۆتمىسەڭلار بولمايدۇ. ھەممىڭلارنى مۇقەددەس ئوت بىلەن ئۇچۇقداش كېرەك. ئوت يامان يولغا باشلىغۇچى جىن - شەيتانلارنى قوغلاپ، كىشىلەرنى يامان خىيال، ھارام نىيەتلەردىن خالىس قىلىدۇ، — دېدى.

چېدىرغا بارىدىغان يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدا قوراللىق قاراۋۇللار شامدەك تىزىلىپ تۇراتتى. بۇ قاراۋۇللارنى بويلاپ ئىككى تەرەپتە تۆتتىن سەككىز ئوچاقتا ئوت لاۋۇلداپ يېنىپ تۇراتتى. ئوچاقلار تاشتىن قوپۇرۇلغان بولۇپ، سىرتى لاي بىلەن سۇۋالغانىدى. خانلار بىلەن ئۇلارنىڭ سەركەردىلىرى بۇ گۈلخانلار ئارىسىدىن ئالدىرىماي ئۆتۈشكە باشلىدى.

شامانلار قوللىرىدىكى يەلپۈگۈچ بىلەن ئوتنى يەلپۈپ، ئۇنىڭدىن تولغىنىپ چىقىۋاتقان ئىسنى خانلار تەرەپكە ھەيدەيتتى. بەزىلىرى داپلىرىنى چېلىپ، زىكرى سوقۇپ، پىر-لىرىنى چاقىرىپ سەكرىشەتتى.

خانلار گۈلخانلارنى ئايلىنىپ چېدىرنىڭ ئالدىغا كەلدى. بوسۇغىدا تۇرغان ئىككى قاراۋۇل چېدىرنىڭ ئىشىكىنى نەيزە-نىڭ ئۇچى بىلەن كۆتۈرۈپ ئېچىپ ئۇلارنى ئۆيگە كىرگۈزۈشكە باشلىدى ھەمدە ئىككىسىنىڭ كۆزى خانلارنىڭ پۇتىغا قادالدى. چېدىرنىڭ ئىچىدە ئەتىر ۋە ئىپارنىڭ ئۆتكۈر پۇرىقى كىشىنىڭ دىمىغىغا ئۇرۇلاتتى. بىرنەچچە مىس شامدانلاردا شاملار يېنىپ تۇراتتى. زىلچا - گىلەملەرنىڭ ئۈستىدە يىپەك رەختلەر بىلەن تىكىلگەن كۆرپە - ياستۇقلار ۋە ئەيلەنگەن تاي تېرى-

www.uyghurkitap.com

لىرى سىلىنغانىدى. چېدىرنىڭ تۆرىگە يىپەك رەختتە چوڭ شىرما تارتىلغان بولۇپ، شىرمىنىڭ ئۈستىگە يىپەك يىپ بىلەن تۈرلۈك چىرايلىق قۇشلار ۋە گۈللەرنىڭ سۈرىتى كەشتىلەنگەنىدى. بۇ شىرمىنىڭ كەينىگە قانداقتۇر بىر سىر يوشۇرۇنغاندەك قىلاتتى.

سۈبىتاي باھادىر ئىشىك تەرەپتە تۇرۇپ كىرگەنلەرگە سىپايى بۇيرۇق ئاھاڭىدا:

— قورال - ياراقلارنى بوسۇغىدا قويۇپ ئۆزۈڭلار ئوڭ تەرەپتىن ئورۇن ئېلىڭلار، — دېدى. قېرى قوماندان بۈگۈن ئالاھىدە كىيىنگەن بولۇپ، ئۈستىدە خىتايچە تىكىلگەن زەر چاپان تۇراتتى. ئۈستىبېشى ئالتۇن - كۈمۈش بىلەن بېزەلگەنىدى. باتۇخاننىڭ تۆت ئاكىسى بىلەن مۆڭكەخاننى سول تەرەپكە ئولتۇرغۇزدى. خانلارنىڭ كەينىدىن ئۇلارنىڭ ئەڭ چوڭ سەركەردىلىرى، داڭلىق نويانلىرى بىلەن باھادىرلىرى① ئورۇن ئالدى.

ھەممىنىڭ كەينىدىن ئېگىز پاشنىلىق، قىزىل ئۆتۈكى بىلەن تاقىلداپ كۆيىك خان كىرىپ كەلدى. ئۇ تەڭنىدەك يوغان قورسىقىنى ئېسىل ياقۇت كۆزلەر بىلەن زىنەتلەنگەن كەڭ كەمەر بىلەن باغلاپ، ئۇنىڭغا سۆڭەك ساپلىق خىتاي خەنجىرىنى قىستۇرۇۋالغانىدى. ئۈستىدە چوڭ ياقۇت تۈگمىلىك كۆك يىپەك تون، تونىنىڭ ئوچۇق ياقىسىدىن ئۇقا تۇتۇلغان كەمزۇلىنىڭ كۆركەم ياقىسى كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

ئۇ ئۆيدىكىلەرنى كۆزگە ئىلماي، زەھەرلىك كۈلۈپ قويۇپ تۆرگە ئۆتۈپ كەتتى. بىرئازدىن كېيىن يەنە بىر نەرسىدىن گۇمانلانغاندەك ئولتۇرغانلارغا يەر ئاستىدىن قاراپ قويدى. ئۈچ موڭغۇل مۇھاپىزەتچى خاننىڭ كەينىدىن تۆرگە ئۆتمەكچى بولۇۋىدى، سۈبىتاي باھادىر ئۇلارغا چەكچىيىپ:

① باھادىر، نويان — يۇقىرى دەرىجىلىك لەشكىرىي باشلىقلارنىڭ نامى.

— ئارقاڭغا قايت! نەگە بېرىشسەن؟ سەنلەرگە بۇ يىغىنغا قاتنىششقا كىم رۇخسەت قىلدى؟ — دېدى.

تېرىسىگە سىغماي كېرىلىپ ئولتۇرغان كۈيۈك خان ئۆز مۇھاپىزەتچىلىرىنىڭ ھاقارەتلىنىشىگە چىدىماي:

— سېنىڭ نېمەڭ كېتىپتۇ، ئولتۇرۇۋەرمەمدۇ! ئەلنى قانداق ئىدارە قىلىشنى ماۋۇ ئولتۇرغان ئۇلۇغلاردىن ئۆگەنسە يامان بولامدۇ؟ — دەپ تەنە قىلدى.

لېكىن سۇبىتاي ئۇنىڭ سۆزىگە پىسەنتمۇ قىلىپ قويماي:

— ئەرەپشاھ تېز كەل! ماۋۇ نەرسىلەرنى كۆزۈمدىن يوقات! — دەپ ۋارقىرىدى. موڭغۇل يىگىتلەر كۈيۈك خاننى تىرەك قىلىپ سۇبىتاينىڭ سۆزىگە پەرۋا قىلماي، ھەدەپ تۆرگە قاراپ ئۆمىلىگەنىدى، دەل شۇ پەيتتە ئارقا تەرىپىدىن كىرگەن ئەرەپشاھ بىر موڭغۇلنىڭ يەلكىسىدىن تۇتۇپ ئىشىككە قاراپ سۆرىدى. باياتىن ئۆزىنى بېسىپ ئولتۇرغان باتۇخاننىڭ ئاكىلىرى ئەمدى تاقەت قىلىپ تۇرالماي ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ قالغان ئىككى موڭغۇل يىگىتنى ئۆيدىن ئىتتىرىپ چىقىرىۋەتتى.

كۈيۈك خان ھېچنەرسە دېيەلمەي ئوڭايسىزلىنىپ قاپىقىنى تۈرۈپ، نېمە قىلارىنى بىلمەي ئولتۇرۇپ قالدى. شۇ چاغدا ئۆيگە ئازادە خىتاي كىيىملىرىنى كىيگەن ئۈچ قۇل كىرىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ قوللىرىدا ئالاھىدە نەقىشلەپ ئىشلەنگەن ئالتۇن پەتنۇس، پەتنۇستا كۈچلۈك قىمىز قۇيۇلغان بىرنەچچە ئاددىي چۆچەك بار ئىدى. بۇرۇنقى زامانىنىڭ بۇ چۆچەكلىرىنى باتۇخان مۇقەددەس بوۋىسىدىن قالغان مۇبارەك مىراس ھېسابلاپ بىرگە ئېلىپ يۈرەتتى. چۈنكى بۇ چۆچەكلەر چىڭگىزخاننىڭ بىر ئۆمۈر ئىشلەتكەن قاچىلىرى ئىدى. ئۇنى كۆپچىلىك بىر قاراپلا تونۇدى. چىڭگىز نەسلىدىن بولغان خانزادە-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

لەرنىڭ سانىغا قارىتا پەتنۇستا ئون بىر چۆچەك بار ئىدى، قوللار قولىلىرىدىكى پەتنۇسنى تۇتقىنىچە ئورنىدا قىمىرلىماي تۇردى. ئىشىك تەرەپتە تۇرغان سۇبىتاي تۆرگە ئۆتتى - دە، ھېلىقى چىمىلدىقنى ئېلىشتى. چىمىلدىقنىڭ ئۇ تەرىپىدە ئېسىل جاۋاھىرلار بىلەن بېزەلگەن پاكارراق كەلگەن ئالتۇن تەخت، تەختتە سۆرۈن چىراي باتۇخان ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ ئۈستىدە كۆزنى چاقنىتىپ تۇرغان كۈمۈش ساۋۇت، بېشىدا خىتاينىڭ ياقۇتلار بىلەن بېزەلگەن تاجلىق ئالتۇن دۇبۇلغىسى تۇراتتى. دۇبۇلغىنىڭ گىرۋىكىگە ئايلاندۇرۇپ تۆت دانە قارا تىزلىكنىڭ قۇيرۇقى ئېسىلغانىدى. يېنىدا سۆگەك دەستىلىك ئالماس تىغلىق خىتاي قىلىچى ياتاتتى.

خاننىڭ مەيدىسىدە نەپىس زەنجىرگە باغلانغان ئالتۇن پەيزە بولۇپ، ئۇنىڭغا يۈگۈرۈپ كېتىپ بارغان يولۋاسنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەنىدى. پەيزىنى باتۇخاننىڭ دادىسى قەھرىمان جۇجىخانغا پۈتكۈل ئالەمنى زىلزىلىگە سالغان مۇقەددەس چىڭگىزخان ئۆزى بەرگەنىدى.

پەيزىنىڭ يۈزىدىكى يولۋاسنىڭ سۈرىتى ئۇلۇغ خاقاننىڭ: «بۇ پەيزىنى تاقاپ يۈرگەن ھەرقانداق كىشىنى مېنىڭ ئورنۇمدا كۆرۈپ، ئۇنىڭ ئاغزىدىن چىققان بۇيرۇقنى ئىجرا قىلىڭلار!» دېگەن يارلىقىنىڭ بەلگىسى ئىدى.

كۆپچىلىك قاپىقىنى ئاچماي ئولتۇرغان جاھانگىرغا تىكىلگەن پېتى قاراپ قېلىشتى. باتۇخان بۇ دۇنيانىڭ كۈندىلىك غوۋغالىرىدىن خالىس بولۇپ، قانداقتۇر بىر مۇقەددەس خىياللار بىلەن بەنت بولۇۋاتقان ئادەمدەك كىشىلەرنىڭ ئۈستىدىن يىراقتىكى بىر نۇقتىغا تىكىلىپ خىيال سۈرۈپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ قىياپىتىدىن تەمكىنلىك ۋە كەسكىنلىك چىقىپ تۇراتتى.

كۈيۈك خاننىڭ تاۋۇزى قولتۇقىدىن چۈشكەندىن

كېيىن، كەيپى ئۇچۇپ رۇۋان سۈرمەي ئولتۇراتتى. ئۇ باتۇنى كۆرگەندىن كېيىن چىدىيالمىدى، يېنىدا قۇلقان خاننى نوقۇپ، باشقىلارنى ئاڭلىسۇن دېگەندەك قىلىپ:

— گىدىيىپ ئولتۇرۇپ كەتكىنىنى قارا! ئۆزىنى قىران بۈركۈتمەن، دەپ يۈرسە كېرەك. بۇ چۈجە ئالالمايدىغان سار! — دېدى شىۋىرلاپ.

شۇ پەيتتە سۈبتاي باھادىر، تەخت ئالدىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ سۆزلەشكە باشلىدى:

— بۇ يۈرۈشتە پۈتكۈل قوشۇنغا يېتەكچىلىك قىلىدىغان باش قوماندان قىلىپ بۇ تەختتە ئولتۇرغان باتۇخاننى سايلىغاندۇق، بۇ ھەممىڭلارغا مەلۇم. باتۇخاننىڭ ھەق - ناھەقتە قىلنى قىرىق يارىدىغان ئادىل ئىكەنلىكىنى، تۇخۇمدىن ئاق، سېغىزخاندىن ساق ئىكەنلىكىنى ياخشى بىلىسىلەر. ئەر يۈرەك باتۇر ئىكەنلىكى سىلەرگە ئايان. باتۇخانغا «ساھىبقىران» دېگەن شۆھرەتنى بەرسەك ئەلۋەتتە ئارتۇق بولمايدۇ. خاننىڭ مەيدىسىدىكى ئالتۇن پەيزىنى ۋە ئۇنىڭدىكى يولۋاسنىڭ سۈرىتىنى كۆرۈپ تۇرۇپسىلەر. ئۇنىڭ نېمە مەنە بىلدۈرىدىغانلىقىنى سىلەرگە سۆزلەش ئوشۇقچە. شۇڭا باتۇخاننى مۇقەددەس بوۋىمىزدەك كۆرۈپ قەدىرلەڭلەر، ھۆرمەتلەڭلەر! ئەگەر پۈتكۈل قوشۇن ساھىبقىران جاھانگىرنىڭ يوليورۇقىدىن چىقماي، بۇيرۇقىنى شەرتسىز ئىجرا قىلىدىغان بولسا، بىزگە بۇ دۇنيادا ھېچكىم تاقابىل تۇرالمايدۇ! پۈتۈن دۇنيا تاپىنىمىزنىڭ ئاستىدا قالىدۇ. خوش، بۈگۈن ھەرقايسىڭلارنى بۇ ئورۇنغا چاقىرىشىمىزدىكى مەقسەت — ھەممىڭلارنى جاھانگىرگە ساداقىتىنى بىلدۈرۈپ، قەسەم ئىچسۇن، خاننىڭ ئالدىدا باش قويۇپ قۇللۇق بىلدۈرسۇن، دېمەكچىمىز! — دېدى ئۇ.

سۇبىتاينىڭ سۆزى تۈگىشى بىلەنلا باتۇخاننىڭ ئاكىلىرى ئورنىدىن تۇرۇپ قول قوشتۇرۇپ تۇرغاندىن كېيىن، يەرگە باش قويۇپ ياتتى. ئۇلارنىڭ كەينىدىن مۆڭكەخان بىلەن بىرنەچچە قېرى قوماندانمۇ باش ئېگىپ تەزىم قىلىپ، تەختنىڭ ئالدىغا سېلىنغان گىلەمنى سۆيدى. باشقىلار جاھانگىرگە باش قويۇپ، ئۆزىنىڭ ساداقەتمەنلىكىنى بىلدۈرۈۋاتقاندا، قالغان يەتتە خان كۈيۈك خانغا قاراپ ئىش كۆرەيلى دېيىشىپ ئولتۇرغان ئورنىدىن مىدىر قىلمىدى.

باياتىن ئۈنچىقماي ئولتۇرغان باتۇخان ئەمدى:

— مېھمانلارغا قىمىز كەلتۈرۈلسۇن، — دېدى بوش ئاۋازدا.

سۇبىتاي بۇرۇنقىدىن بەكرەك ئېگىلىپ تۇرۇپ، كۆزىنىڭ قۇيرۇقى بىلەن قۇللارغا ئىما قىلدى. قۇللار پۇتىنىڭ ئۇچى بىلەن دەسسەپ كېلىپ، چىڭگىز نەسلىدىن بولغان خانزادىلەرگە پەتنۇستىكى چۆچەكلەرنى بىر - بىرلەپ تۇتتى. باتۇخانمۇ بىر چۆچەك كىچىك قىمىزنى قولغا ئېلىپ بىرنەچچە ئېغىز سۆز قىلماقچى بولۇۋىدى، لېكىن كۈيۈك خان ئۇنىڭغا يول بەرمەي، ئۆزىنىڭ ئۇلۇغ خاقاننىڭ مىراسخورى، ئالتۇن تەختنىڭ ئىز باسارى، بۇ يىغىندىكى ئەڭ مەرتىۋىلىك كىشى ئىكەنلىكىنى تونۇتۇپ قويغۇسى ۋە باتۇنى بېسىپ چۈشكۈسى كېلىپ:

— ئۆگداي خان① ھازىر نۇرغۇن ئەللەرنى بويسۇندۇرغان پۈتكۈل موڭغۇللارنىڭ ۋە ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى باشقا خەلقلەرنىڭ ئۇلۇغ خاقانى بولغاچقا، بىز خان جەمەتىمىزنىڭ، بۇ خاسىيەتلىك چۆچەكلىرىدىكى قىمىزنى ئەڭ ئالدى بىلەن ئۇنىڭ تېنىنىڭ سالامەتلىكى، تەختىنىڭ سەلتەنىتى ۋە دەۋرا-

① ئۆگداي — كۈيۈك خاننىڭ دادىسى موڭغۇللارنىڭ شۇ چاغدىكى خاقانى.

ىنىڭ ئۈزۈن بولۇشى ئۈچۈن ئىچەيلى... — دېدى.

خانلارنىڭ بەزىلىرى قىمىزنى ئىچىشكە تەمشەلدى، لېكىن كۆپچىلىك باتۇخاننىڭ چىرايىغا قاراپ توختاپ قالدى. كۆيىكنىڭ سۆزى باتۇغا ئانچە تەسىر قىلىپ كەتمىدى. ئۇ پەقەت ۋاڭ - چۇڭنىڭ بېسىلىشىنى كۈتۈپ تۇرغانىدى. كۆپچىلىك جىم بولغاندىن كېيىن، ئۇ يۇقىرى ئاۋاز بىلەن سۆزلەشكە باشلىدى:

— بۇ يۈرۈشكە ئاتلىنىڭلار، ئېتىڭلارنىڭ تۇيىقىنى زېمىننىڭ ئەڭ ئاخىرقى گىرۋىكىگە يەتكۈزۈپ، موڭغۇللارنىڭ شۆھرىتىنى پۈتۈن ئالەمگە تارقىتىڭلار، دەپ ۋەسىيەت قىلغان ئادەمنىڭ كىم ئىكەنلىكى ئېسىڭلاردىن كۆتۈرۈلمىگەن بولسا كېرەك. ئۇ ئارزۇلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرىمەن، دەپ يۈرگەندە ئەجەل يېتىپ دۇنيادىن كەتكەن ئۇلۇغ بوۋىمىز ئىدى. ئۇنداق بولسا، ئەڭ ياخشىسى، قولىمىزدىكى خاسىيەتلىك جانىۋارنىڭ ئاق سۈتىنى شۇ مەرھۇمنىڭ ياتقان يېرى جەننەت بولغاي، روھى بىزگە مەدەت بولۇپ غەلىبىدىن - غەلىبىگە باشلىغاي دەپ ئىچەيلى... — دېدى - دە، قولىدىكى قىمىزنى توختىماي ئىچىۋەتتى. ئاندىن ئۇ قاچىسىنى سارقىتىپ تۈۋىدە قالغان بىرنەچچە تامچىسىنى قولىغا تامغۇزدى - دە، مەيدىسىگە سۈركىدى. چىڭگىزنىڭ ئىسمى چىققاندىن كېيىن قاراپ تۇرۇشقا بولامدۇ، خانزادىلەر ئارقا - ئارقىدىن چۆچەكلەرنى بوشاتقىلى تۇردى.

قوللار ئالتۇن - كۈمۈش پەتنۇسلاردا ئارقا - ئارقىدىن قىمىز كەلتۈرمەكتە ئىدى. بىرئازدىن كېيىن كۆپچىلىكنىڭ يۈزى قىزىرىپ چېكە تومۇرلىرى كۆپۈشكە باشلىدى. باتۇخان يەنە سۆز ئالدى. بۇ قېتىم ئۇ پەس ئاۋاز بىلەن سۆزلىدى. بىر چىنە قىمىزنىڭ ئۆزىگە چۇشلۇق كەيپى بار دېگەندەك كۆپچىلىك:

ئۇزۇندىن بېرى ئىچىدە ساقلاپ كېلىۋاتقان غۇملىرىنىڭ ئەمدى بىر نەرسىگە تېگىپ كەتسىلا ئېتىلىپ كېتىدىغانلىقىنى، چىڭگىز ئەۋلادىنىڭ ئىتتىپاقلىقى ۋە ئالا كۆڭۈللۈكىنى سىنايدىغان پەيتنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى سېزىپ باتۇنىڭ ئېغىزىغا قاراپ زوۋان سۈرمەي ئولتۇرۇۋالدى.

— ھازىر بىز بۇ يىغىلىشتا بىزگە نېمىلەر پايدىلىق، نېمىلەر زىيانلىق دېگەن مەسىلە ئۈستىدە مۇزاكىرىلىشىمىز. شۇڭا مەن سىلەرگە مۇنۇنى ئېيتماقچى ئىدىم... — دەپ گەپ باشلىدى باتۇخان.

كۈيۈك بۇياققا كېلىش ۋاقتىدا كۆچىلا سېلىپ ئىچىتقان قىمىز ئىچىپ قىزىپ كەتكەنىدى. ھازىر ئۇنىڭ ئىككى كۆزى قىزىرىپ قان قۇيۇلغاندەك بولۇپ كەتتى. ئۆزىمۇ تىنچ ئولتۇ-رالماي بىردە ئۇياققا، بىردە بۇياققا بۇرۇلۇپ يېنىدىكىلەرگە شىۋىرلاپ بىر نېمىلەرنى دەيتتى. باتۇ سۆزىنى ئەمدى باشلىۋىدى كۈيۈك ئۇنىڭغا بىر ئالىيىپ قارىدى - دە، ۋارقىراپ سۆزلەپ كەتتى.

— نېمە دەپ تىلىڭنى چايناۋاتىسەن؟ ئۆزۈڭچە مۇشۇ ئولتۇرغانلارنى مېنىڭ سۆزۈمنى ئاڭلىغىلى كەلگەن دېمەكچىمۇ-سەن؟ تەختكە چىقىپ لەشكەر باشقۇرغۇدەك بولدۇڭمۇ؟ — كۈيۈك باشقا خانلارغا قاراپ قاقاقلاپ كۈلدى، — قېنى سىلەر دەپ بېقىڭلار، بۇنىڭ جاھانگىر بولۇپ خان دەپ نام ئالغۇدەك سالاھىيىتى بارمۇ؟ زامان بۇزۇلسا ئاتتىن ئېشەك ئۆتۈپ كېتىپتۇ، دېگەن مۇشۇ - دە! ئەگەر بۇ مۇشۇنداق ھەددىدىن ئاشىدىغان بولسا، نۆكەرلىرىمدىن بىرىنى چاقىرتىمەن - دە، بۇنىڭ تېرىسىنى تەتۈر سويغۇزىمەن. مېنىڭ بىرەر ئۆلەرمەن نۆكىرىم بۇنىڭ ئىشىنى بىردەمدە يىغىشتۇرۇپ قويالاي-دۇ، — دېدى ئۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كۈيىك خاننىڭ يېقىنلىرىدىن بىرى بولغان يۇرى باتۇر دېگەن كىشىمۇ بۇ يىغىندا ئولتۇرغانىدى، ئۇ خىرقىرىغان ئاۋاز بىلەن:

— ماڭا بۇيرۇق قىل، ئۆزۈم بىر تەرەپ قىلاي بۇنىڭ ئىشىنى. — دەپ ۋارقىراپ كەتتى.

قولقان خانمۇ ئوبدان قىزىشىۋالغانىدى. ئۇ خىرقىراپ كۈلگەن پېتى ئولتۇرغان ئورنىدىن سەكرەپ تۇردى - دە:

— ئاۋۇنىڭ ئىغىزىنى يۇمۇڭلار! مېنى قويىۋېتىڭلار! نېمىگە قاراپ ئولتۇرۇشىسەن. ئۇسىۋگەك بۇقىنىڭ كۆزىدەك ئالايغان كۆزىنى ئويىۋالىمەن! — دەپ ئالدىدا ئولتۇرغان كىشىلەرنى دەسسەپ - چەيلەپ باتۇغا قاراپ يۈگۈردى. بۇنى كۈتۈپ تۇرغان كۈيىك خان ئىماقىلىۋېدى، ئۇنى جاھانگىر قىلمىز دەپ يۈرگەنلەرنىڭ ھەممىسى خەنجەرلىرىنى قىنىدىن سۇغۇرۇپ، باتۇغا قاراپ ئېتىلدى.

باتۇخان قىلچە ھودۇقمىدى. قولىدىكى قىلىچىنىمۇ ئىشلەتـكۈسى كەلمەي بىر چەتكە تاشلاپ قويدى - دە، ئۆتۈكىنىڭ قونچىغا قىستۇرۇپ قويغان قامچىنى يۇلۇۋېلىپ ئۆزىگە قاراپ ئېتىلىپ كېلىۋاتقان خانلارنىڭ باش - كۆزىگە ئۇرۇپ ئۆزىگە يېقىن يولاتمىدى.

— جېنىم ئاداش قالسۇن دېمىشەمك ئارقاڭغا قايت! ئەگەر مېنى جاھانگىر دەپ ئېتىراپ قىلمىساڭلار، ماڭا بېقىنمايـدىغان بولساڭلار، مېنىڭدىن ھەرگىز ياخشىلىق كۈتمەڭلار. كۈيىكخان سەن جاھانگىر بولىمەن، دەپ شېرىن خىيال قىلما! جاھانگىر بولۇش ئەمەس، جېنىڭنى ساقلاپ قالساڭ، شۇنىڭغا شۈكرى قىلساڭ بولىدۇ. قايت! جېنىڭ تېنىڭدە بار ۋاقتىدا تېزرەك تەسلىم بولۇش، — دەپ ۋارقىرىدى.

شۇ پەيتتە سۈبىتاي باھادىرنىڭ:

— ئۇرىن - قادان، ھەي، ئۇرىن - قادان، لەشكەرلىرىنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قېنى؟ بۇياققا كەلتۇر! — دەپ ۋارقىرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى.

— دەرھال ھوجۇمغا ئۆتۈڭلار، — دەپ ئورىن قادان بار ئاۋازى بىلەن ۋارقىرىدى.

ھەش - پەش دېگۈچە شىرما ئىچىدىن، ئالتۇن تەخت ئاستىدىن چېدىرنىڭ بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىغا يوشۇرۇنغان لەشكەرلەر ئېتىلىپ چىقىشقا باشلىدى. بىرنەچچىسى ئۇدۇل باتۇخانغا قاراپ يۈگۈرۈپ كېلىپ ئۇنى ئورنىدىن دەسسىدە كۆتۈرۈۋېلىپ، چېدىرنىڭ ئارقىسىدىكى مەخپىي ئىشىكتىن ئاچقىپ كەتتى. بەزىلىرى خانلارنى بېشىدىن ئارتىلدۇرۇپ تاشلاپ، ئۇرۇپ قىرال ئىشلەتمەي مۇشت بىلەنلا ئەپلىدى ھەتتا بەزىلىرىنى پۇتىدىن سۆرەپ دالاغا ئاچقىپ تاشلىدى.

چېدىرنىڭ ئىچى ئوپۇر - تۇپۇر بولۇپ كەتتى. مىس شامدانلار ئۆرۈلۈپ، پانۇسلار ئۆچۈپ، چېدىر ئىچى قاراڭغۇلۇقتا قالدى. خانلار بىلەن نويانلار قاراڭغۇدا تەمتىلەپ يۈرۈپ ئىشىكتىن ئۆمىلەپ چىقىپ كېتىشكە ھەرىكەت قىلاتتى.

خانلارنىڭ بەزىلىرى نۆكەرلىرى بىلەن سىرتقا مىڭ مۇشەققەتتە چىقىپ، چېدىر ئالدىدا يىغىلىشقا باشلىدى. چېدىرنىڭ ئىچىدىن مۇشتنىڭ گۈرسىلدەپ تېگىشى، ۋارقىرىغان، ئىڭرىغان ئاۋازلار ئاڭلىنىپ تۇراتتى. خانلار يۈزىدىكى قاننى سۈرتۈۋېتىپ چېدىرغا قايتا كىرىش ئۈچۈن يۈگۈرۈۋىدى، لېكىن ئۇلارنى چېدىر ئىچىدە بولۇۋاتقان جېدەلگە پىسەنت قىلماي قاققان قوزۇقتەك قېتىپ تۇرغان قاراۋۇللار نەيزىلىرىنى قايچىلاپ ئىشىكتىن نېرىگە ئىتتىرىۋەتتى.

بىر ھازادىن كېيىن، چېدىرنىڭ بىر چېتىدىن ھېچنېمە كۆرمىگەندەك بولۇپ سۇبىتاي باھادىر چىقىپ كەلدى. ئۇ بىر قولىدا، بايا باتۇخان بىر چەتكە تاشلاپ قويغان سۆڭەك ساپلىق ئالماس شەمشەرنى تۇتۇپ، باتۇنىڭ مۇقەددەس بوۋىسىدىن

مىراس قالغان ئېسىل قىلىچنى خۇددى ئوت ئىچىدىن قۇتۇلدۇرۇپ چىققان نارسىدىدەك باغرىغا بېسىپ ۋەزمىن تۇراتتى. كۆپنى كۆرگەن بۇ ئاقساق يىلپىز نېمىدىن قورقسۇن! شۇ ئەسنادا ئۆينىڭ ئىچىدىن چىققان ۋە باشقا تەرەپلەردىن كەلگەن لەشكەرلەر سۇبىتاينىڭ ئەتراپىغا توپلىنىشقا باشلىدى. ئۆزى-نىڭ ئوغلى ئورىن قادان باتۇر بىلەن ئۇنىڭ يېنىدىكى بىرقانچە لەشكەرلەر پىتىرلاپ، يۇلۇنۇپ بويى بەرمەيۋاتقان كۆيىك خاننى چىبدىردىن سۆرەپ چىققۇچە سۇبىتاي باھادىر چىبدىر ئالدىدا مىدىر قىلماي تۇردى. خاننى ئۆيدىن ئېلىپ چىققاندا سۇبىتاي ئاسقاقلاپ بېرىپ خاننىڭ ئالدىغا كەلدى-دە، ئېگىلىپ تازىم قىلىپ يەرگە باش قويدى. كۆيىك سۇبىتاينىڭ بېشىغا كېلىشتۈرۈپ بىرنى تەپمەكچى بولۇپ پۇتىنى كۆتۈرۈۋېدى، لېكىن ئۇنى تۇتۇپ تۇرغان يىگىتلەر ئۇنىڭ ئىختىيارىغا قويۇپ بەرمىدى.

سۇبىتاي ئورنىدىن يۈگۈرۈپ تۇرۇپ:

— ئەي ئۇلۇغ زاتىنىڭ پەرزەنتى ئەمرىڭ قۇللۇق! ئېمىنى بۇيرۇساڭ شۇنى بەجا كەلتۈرەي، ئەمرىڭنى دېگىن! — دېدى ئۇ.

— ھېلىقى ئەبلەخ نەگە كەتتى؟ — دېدى كۆيىك خان يۇلقۇنۇپ تۇرۇپ، — ماڭا بىر كۆرسىتىڭلار، ئۇ كىسپۇرۇچنىڭ ئاغزى-بۇرنىنى تۈپتۈز قىلىۋېتەي! جاھانگىرمىش تېخى... ھوي چۈپرەندە...

سۇبىتاي تاقەت قىلىپ تۇرالمىدى. ئەمدى بىر ئاز قاتتىقراق تەكمىسە بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ يۇقىرىراق ئاۋاز بىلەن سۆزلەشكە باشلىدى:

— مۇقەددەس رەھبىرىمىز ئۇ دۇنياغا كەتكەن بىلەن ئۇنىڭ روھي كەينىدە قالغان قوشۇنى ۋە ئەۋلادلىرىنى يۆلەيدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئۇ: ئەۋلادلىرىم ئۆيۈلتاشتەك ئىتتىپاق بولسا، بىرى ئۈچۈن بىرى جېنىنى پىدا قىلسا، ئۆزئارا ئىززەت - ھۆرمەتنى قىلىشسا، مېنىڭ قوشۇنۇم دۇنيادا داڭدار بولاتتى، دېگەنىدى. ئۇلۇغ مەرھۇمنىڭ ئىشەنگەن ئادەملىرى بولغان بىزنىڭ ئەھۋالىمىز بۇ بولسا، ئىشەنگەن تاغدا كېيىك ياتماپتۇ، دېگەندەك... ئەگەر، مەرھۇمنى رەنجىتمەيمىز دېسەك، ئۆيۈلتاشتەك ئىتتىپاق بولۇپ، دۈشمەنگە ھەرگىزمۇ ئارىمىزدىن يوچۇق ئېچىپ بەرمەسلىكىمىز لازىم. تىلىمىزمۇ - دىلىمىزمۇ بىردەك بولىدىغان ئىتتىپاقلىقنى مۇشۇنداق يەردە كۆرسەتمىسەك نەدە كۆرسىتىمىز. ھەممىمىز بىر ئاتىنىڭ بالىلىرى ئەمەسمۇ! خانلار بىلەن باھادىر نويانلارنىڭ بىر - بىرىگە قەست قىلىپ بىرىنىڭ كۆزىگە بىرى قول تىقىشقا نېمە ھەققى بار! — دېدى سۇبىتاي خىرقىرىغان ئاۋاز بىلەن.

سۇبىتاينىڭ سالماق، ۋەزىن سۆزلىرى خانلارنىڭ سۆڭەك - سۆڭىكىگە ئۆتۈپ كەتتى. ئۇلار نېمە دېيىشىنى بىلمەي يەرگە قاراپ قالدى. كۈيىك خانمۇ بۇ يەكچەشمە قېرى ئاقساق يىلپىزغا يەنە بىر نەرسە دېيىشنىڭ ئورنى يوق ئىكەنلىكىنى سېزىپ، بايىقىدەك يۇلقۇنماي تىنچ تۇرۇپ قالدى.

— لەشكەرلەر تەييارلانسۇن! — دەپ ۋارقىرىدى سۇبىتاي بىر ئازدىن كېيىن.

بۇ چاغدا نۆكەرلەر ئەگمە قىلىچلىرىنى قىنىدىن سۇغۇرۇۋالدى. سۇبىتاي بولسا كۈيىككە سۆز بىلەن بېسىم ئىشلەتتى.

— غالىب قوشۇننى باتۇخان باشلاپ ماڭىدۇ. ئۇلۇغ بوۋىمىزنىڭ قالدۇرۇپ كەتكەن ۋەسىيىتى بويىچە سايلانغان جاھانگىر شۇ. شۇڭا ئۇ ساڭا مۇنۇنى ئەمر قىلىدۇ: چاقماق تېزلىكىدە ھەرىكەت قىلىپ، دەرھال ئىدىل دەرياسىنىڭ بويىغا

بارسەن. ئۇ يەردە يەنە ئارسلان① دېگەن بىر كىچىك دەريا بار. ئۇنىڭ ئىدىلىغا قۇيۇلغان يېرىدە ئۇنى كۈتىسەن! جاھانگىرنىڭ ئەمرىنى تېزرەك ئورۇندىغايسەن! — دېدى سۇبىتاي.

كۆيىك تاقەت قىلىپ تۇرالماي:

— تىلىڭنى تارت! مېنىڭ بىلەن مۇنداق سۆزلىشىشكە ھەددىڭ يوق! ھايۋان بالىسىنى باقساڭ، ئاغزى بۇرنۇڭنى ياغ ئېتەر، ئادەم بالىسىنى باقساڭ، ئاغزى بۇرنۇڭنى قان ئېتەر، دېگەندەك، تېخى تۈنۈگۈنلا كېپىنىڭ تىزىڭدىن ئاشمىغان بىر مالاي ئىدىڭ، ئۇلۇغ بىۋام مەرتىۋەڭنى ئۆستۈرۈپ قويغانلىقىنى ئۇنتۇپ قاپسەن - دە! ھەي قارىغۇ بېشىمغا بالا كەلمىسۇن، دېسەڭ يۇمغان ئاغزىڭنى ئاچقۇچى بولما! مېنىڭ ئېيتقانلىرىمنى بەجا كەلتۈرگىن!

كۆيىكنىڭ دۇشۇ بىرنەچچە ئېغىز سۆزى سۇبىتاينىڭ سۆڭەك - سۆڭىكىدىن ئۆتۈپ كەتكەچكە، قىقاس دەسسىۋالغاندەك ئورنىدا تۇرالماي سەكرەپ كەتتى. بۇ ۋەقە بولۇپ خېلى زامانلارغىچە نۆكەرلەر سۇبىتاينىڭ شۇ ۋاقىتتا كۆزىگە قان تولۇپ چىرايى ئادەم قورققۇدەك بۇزۇلۇپ كۆيىكنى بىر يالماپ يەۋەتكۇدەك ئەلپازدا بولۇپ كەتكەنلىكىنى ھېكايە قىلىپ يۈرۈشتى. قېرى قوماندان ۋەزمىن ئاھاڭدا جاۋاب بېرىپ شۇنداق دېدى:

— ھەئە، مېنىڭ مالاي بولغانلىقىم راست! ھازىر نۆكەر ئىكەنلىكىممۇ راست! مەن نۆكەر بولغاندا پەقەت بىر كىشىگىلا مەنسۇپ نۆكەرمەن. ئەڭ ئالىي قوماندانىم شۇ. ئۇ بولسىمۇ

① ئارسلان — شىمالدىن ئېقىپ كېلىپ ھازىرقى كاشىن شەھرىدىن 40 كىلومېتر چامىسىدىكى يىراقلىقتا ئىدىل دەرياسىغا قوشۇلىدۇ. شۇ يەردە ھازىرغىچە 17 گۇمبەز بار بولۇپمۇ ئۇنىڭ يېرى بەك چوڭ. بۇ ياكى تاتار باتۇرلىرىنىڭ قەبرىسى، ياكى بولمىسا شۇ ئورۇندا شېھىت بولغان لەشكەرلەرنىڭ قەبرىسى بولۇشى مۇمكىن. دېگەن پەرەز بار. (رومنىيە دېگەن كىتابىنىڭ 4- توم 502 - بەت)

www.uyghurkitap.com

باتۇخان. مەن پەقەت شۇنىڭ ئەمىر - پەرمانلىرىنىلا ئورۇندايمەن. ئۇ يالغۇز مېنىڭ قوماندانىم ئەمەس، بەلكى ھەممىمىزنىڭ قوماندانى. ئۇنىڭ بۇيرۇقىنى ئورۇندىمىغان كىشىنىڭ ھالىغا ۋاي! ئىت بىلەن قوشقۇنىغا يەم بولۇپ، چۆللەردە قەبرىسىز قېلىش — ئۇنىڭغا قارشى تۇرغۇچىلارنىڭ كۆرىدىغان ئاقىۋىتى. ھەي ئەزىمەتلەر! نېمىگە قاراپ تۇرىسىلەر، ماۋۇ بىرنەچچە چىنە قىمىزنى كۆتۈرەلمەي، بېشى قېيىپ ئۆزىنى تۇتالمىغان كۈيۈك خاننىڭ ئىككى قولىنى چەمبەرچاس باغلاپ، ئاتقا مىنگۈزۈپ تېگىۋېتىڭلار! شۇنچىلىك قىمىزنى كۆتۈرەلمىگەندىن كېيىن، بۇ تېخى بالىكەن. دەرھال ئۇنى قوشۇن تۇرغان يەرگە ئاپىرىپ بوزىتاي بويانغا تاپشۇرۇپ بېرىپ، بارغان ئىزىڭلار بىلەن كەينىڭلەرگە قايتىڭلار. ئەگەر سىلەر كەلگۈچە بىز قوزغىلىپ كەتسەك، ئىز قوغلاپ مېڭىپ، بىزگە يېتىشىۋېلىڭلار، دەرھال ئاتلىنىڭلار...

كۈيۈك خاننى تۇتۇپ تۇرغان نۆكەرلەر دەرھال خاننىڭ ئىككى قولىنى كەينىگە قايرىپ باغلىدى - دە، نېرىدا تۇرغان ئاتلار تەرەپكە سۆرەپ ماڭدى. سۇبىتاي ئەتراپقا نەزەر سالدى. باشقا نۆكەرلەر قىلىچلىرىنى يالىڭاچلاپ ھەيكەلدەك قېتىپ تۇراتتى. خانلار بىلەن نويانلار يۇمغان ئاغزىنى ئاچماي ئاستا بىر - بىرلەپ قايتىشقا باشلىدى. نېرىدا تۇرغان ئەرەپشاھ بولۇۋاتقان بۇ ئىشلارغا كۆز تىكىپ مىدىر قىلماي تۇراتتى. سۇبىتاي ئۇنى يېنىغا چاقىردى.

— جاھانگىر قەيەردە؟ — دېدى ئۇ.

— ئۇنى سېنىڭ چېدىرىڭغا يوشۇرۇپ قويدۇق. مۇھاپىزەتنى بۇرۇنقىدىن كۈچەيتتىم.

— توغرا قىپسەن! ئىش بۇنىڭ بىلەن تۈگىمەيدۇ. يەنە كېلىپ قالىدىغانلار بولۇشى مۇمكىن. سۇناي - كانايچىلارغا بۇيرۇق بەر، باش تۇخۇدا لەشكەرلەرنى ئويغاتسۇن.

## ئونىنچى باب

# ئىدىل دەرياسى بويىدا

ئىدىل دەرياسى ۋەتىنىمىزنى مۇھاپىزەت قىلىپ تۇرغان بۈيۈك قىرغانىدى. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە تاتارلار ئۇنىڭدىن ئۆتۈپ بىزگە ھۇجۇم قىلدى.
(رۇس تەمسىللىرى)

چىڭغىناق شەھىرىدىن باش باھاردا چىققان مۇڭغۇل قوشۇنى ئىدىل ۋادىسىغا كەچ كۈز يېتىپ كەلدى. ئۇلار رۇس، بۇلغار ۋە باشقا بويسۇندۇرۇلغان ئەللەرنىڭ زېمىنىگە يەتكىچە پايانى يوق چۆللەرنى بېسىپ توپتوغرا يېرىم يىل ماڭدى. بۈيۈك ئىدىل دەرياسىنىڭ بويىغا ھەممىدىن بۇرۇن ئالدىنقى سەپتىكى مىڭ لەشكەرنى باشلاپ باتۇخان بىلەن «ئۇنىڭ ئوڭ قولى» سۇبىتاي باھادىر يېتىپ كەلدى. ئۇستىبېشىنى سەپەر چاڭلىرى باسقان، چۆل جەزىرىلەردە يۈرۈپ ئۆزلىرى ۋە ئاتلىرىمۇ سۇغا قانماي، ئېچىلىپ، يېيىلىپ دەم ئالغۇدەك بىرەر تورالغۇنى خېلىدىن بېرى ئۇچرىتالماي، سەپەرنىڭ ئازابىنى يەتكۈدەك كۆرگەن لەشكەرلەر بۇنداق چوڭ دەريانىڭ بويىغا يېتىپ كېلىشى بىلەنلا تەرتىپ ئىنتىزامنى ئۇنتۇپ ئۇدۇل كەلگەن يەرگە چۈشۈشكە باشلىدى. ئۇلارنىڭ كۆپى بۇنداق چوڭ دەريانى كۆرۈپ باقمىغاچقا دېڭىزدەك چايقىلىپ تۇرغان ئەزىم دەريانى تاماشا

www.uyghurkitap.com

قىلىپ، ئاغزىنى ئاچقان پېتى قاراپ قېلىشتى.

— ئەگەر دەريانى توسۇۋەتسە، سۇ كۆپىيىپ بىر كۈندىلا ئاسمانغا يەتكۈدەك، — دېيىشتى ئۇلار.

چاڭقاپ كەلگەن ئاتلار دەريانى كۆرۈشى بىلەنلا ئۆزىنى سۇغا ئاتتى. لېكىن تەرلەپ، ھېرىپ كەلگەن ھەرقانداق ھايۋاننى دەرھال سۇغىرىشقا بولمايتتى. شۇڭا لەشكەرلەر ئۇلارنى پۈتۈنلەي قايتۇرۇۋەتتى. لەشكەرلەر دەريا قىرغىقىدىكى دۆڭلۈكلەرنىڭ ئۈستىنى چۈمۈلە باسقاندەك بېسىپ كەتتى.

— بۇ دەريانىڭ ئالدىدا بىزنىڭ چوڭقۇر دەپ يۈرگەن كىرولىن، ئونان دەريالىرىمىزمۇ بىر ئېرىقكەنغۇ!... ئۇلاردىن ئات بىلەن ئۈزۈپ ئۆتۈش دېگەن ئويۇن ئىدى... بەزى يەرلىرىدىن بويلاپ ئۆتۈپ كەتكىلىمۇ بولاتتى... يائاللا بۇنىڭدىن قانداق ئۆتكۈلۈك!... لېكىن سۇبىتاي بەكمۇ قەيسەر ئادەم، دېگىنىدىن ھەرگىز قايتمايدۇ. ئۇ ئۆتىمىز دەيدىكەن لەشكەرنىڭ يېرىمى سۇدا ئېقىپ ئۆلسىمۇ بىزنى ئۆتكۈزىدۇ، — دېيىشتى لەشكەرلەر.

باتۇخاننىڭ ئاستىدىكى بوز ئايغىر، ئۈستىنى پۈتۈنلەي چاڭ بېسىپ كەتكەچكە قوڭۇر كۆرۈنەتتى. خاننىڭ بېشىدا بۇلغار دۇبۇلغا بولۇپ ئۈستىدىكى يېپىنچىنىڭ ئەڭ يۇقىرىدىكى بىر تال ئىزمىسىلا ئېتىلگەنىدى. ئۇ ئېتىنىڭ تىزگىنىنى تارتىپ ئالدىرىماي دەريا قىرغىقىغا قاراپ ماڭدى. يارنىڭ لېۋىگە كېلىپ توختاپ دەرياغا بىر ھازاغىچە تىكىلىپ قارىدى.

ئەزىم دەريانىڭ قىنىغا سىغماي شىددەت بىلەن ئېقىشى بوينىنى ئىچىگە تىقىپ، ئۈستىدىكى ئادەمنى يىقىتماقچى بولۇپ مۆڭگۈپ يۈرگەن تېسۇن ئايغىرغا ئوخشايتتى. كەينى - كەينىدىن قوغلىشىپ كېلىۋاتقان دولقۇنلار يارغا كېلىپ ئۇرۇلۇپ ئاپئاق بۇژغۇن چاچاتتى. بۇ چاغدا دولقۇن ھەيدىگەن ئوت - چۆپلەر، ئۇششاق شېخلار ۋە ياغاچ قاسىراقلىرى قىرغاققا چىقىپ قالاتتى.

— موڭغۇل چۆللىرى مۇشۇ يەردە ئاخىرلىشىدۇ، — دېدى باتۇ يېنىغا كەلگەن سۇبىتايغا بۇرۇلۇپ، — بۇ دەريانىڭ ئۇ قېتىدىكى دۇنيا پۈتۈنلەي ئۆزگىچە، ئۇ يەردە بىزنى نۇرغۇن ئىشلار شان - شۆھرەت كۈتۈپ تۇرۇپتۇ.

دەريانىڭ ئۇ قېتى قېلىن كەتكەن قارىغايزارلىق ۋە تېرەكلىك ئىدى. بەزى يەرلەرنىڭ يوپۇرمىقى سارغايغان،بەزى ئورۇنلار يەنىلا يېپيېشىل بولغاچقا، يىراقتىن قارىغاندا ئۇ يەر ئالىيېشىل بولۇپ تاۋلىنىپ تۇراتتى. يىراقتىكى دۆڭلۈكنىڭ ئۈستىدە ئېگىز ئىككى ياغاچ پاشتاق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئېھتىمال بۇلار ئەتراپنى كۆزىتىدىغان قاراۋۇل مۇنارى بولسا كېرەك. سۇ بىلەن قىرغاق ئوتتۇرىسىدىكى ئۇزۇندىن - ئۇزۇنغا سوزۇلۇپ ياتقان قۇم بەلبېغى خۇددى شىرداقنىڭ ئويما گۈلىگە ئوخشايتتى. كۆك ئاسماندا ھەر تۈرلۈك ئۆردەك، غاز، بېلىق ئالغۇچلار قاياقلارغىدۇر ئۇچۇشۇپ ئۆتەتتى.

ئىككىنچى بىر تەرەپتە قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان يېگانە تاش چوققا، چوققىنىڭ ئۇ تەرىپىدە بولسا چەكسىز كەتكەن قېلىن ئورمان بولۇپ، يىراقلىغانسېرى سۇس يېشىل تۇمان بىلەن بىرلىشىپ كەتكەن بۇ ئورمان ئاخىرى بېرىپ ئۇپۇق بىلەن سۈيۈشكەندى. تاش چوققىنىڭ قىيالىرىدا چوڭ - كىچىك ئۆڭكۈرلەر ۋە ئاقىرىپ تۇرغان خادا ياغاچلار كۆرۈنەتتى. سەل نېرىراقتا بىرنەچچە سىيىر دۇنيادىن بىغەم ئوتلاپ يۈرەتتى. بىر چاغدا ئىككى ئايال چوققىنىڭ ئۈستىدىن تۆۋەنگە يۈگۈرۈپ چۈشتى - دە، قولىغا چۈۋۇق ئېلىپ سىيىرلارنى ئورمان ئىچىگە ھەيدەپ كەتتى. موڭغۇل لەشكەرلەرنىڭ بىرى چاقچاق قىلىپ:

— ئەتتىگىنىي سىيىرلار كېتىپ قالىدىغان بولدى! بىز قىمىز يوقكەن - دە، بولمىسا ئۇلارنى سويساق راسا بىر ماي

چاينايتتۇق ئەمەسمۇ، — دېدى ئاياللار ھەيدەپ كېتىۋاتقان سىيىرلارغا قاراپ.

تۇمان ئىچىدىكى چوققىنىڭ ئۈستىدە يۈرگەن بۇ ئادەملەر يىراقتىن قارىغاندا، قىمىلداپ يۈرگەن چۈمۈلىلەرگە ئوخشايتتى.

نېرىدا بىر توپ ئاق چايكا بىردە كۆككە كۆتۈرۈلۈپ، بىردە سۇ يۈزىگە قانىتى تەگكۈدەك پەس ئۇچۇپ بىر - بىرىنى قوغلىشىپ يۈرەتتى. سۇ ئۈستىدە بىردە كۆرۈنۈپ، بىردە كۆرۈنمەي چوڭ ياغاچلار ئېقىپ كېلىۋاتقاندەك قىلاتتى. ھېلىقى چايكىلار بىردە شۇ ياغاچلارغا قونۇپ، بىردە چاكىلداپ دۇررىندە ئۇچۇپ يۈرۈشەتتى.

— ھوي بىزنىڭ ياغاچ دەۋاتقىنىمىز ياغاچ ئەمەسكەن، قاراڭلار! ئۆلگەن ئادەمكەن... بۇ سوقۇشتا ئۆلگەن بۇلغارلارنىڭ جەسىتى بولۇشى مۇمكىن... چىيبان خاننىڭ ئىشىكەن - دە، بۇ... ھازىر ئۇ بۇلغار ئېلىدە موڭغۇل تەرتىپىنى ئورنىتىپتۇ،— دېدى موڭغۇللارنىڭ بىرى.

سۇدا ئېقىپ كېلىۋاتقان ئۆلۈكلەر ھېسابسىز كۆپ بولۇپ، كۆپتەك ئىششىپ كەتكەن بىر جەسەتنى دولقۇن ئۇرۇپ قىرغاقتىكى قۇمغا چىقاردى.

«لەشكەرلەر ئۈچ كۈن دەم ئالسۇن» دەپ جاكالاندى. يولدا چارچاپ كەتكەن كىشىلەر كىيىم - كېچەكلىرىنى قېقىشتۇرۇپ، كىرلىرىنى يۇيۇپ، تاماق پىشۇرۇپ مەززە قىلىشتى. پۈتكۈل كەڭ دالانى كۆك ئىس قاپلاپ كەتتى. ئەتىسى يۈز بېشى ئەرەپشاھ مىسقىنى چاقىرتىۋېلىپ مۇنداق دېدى:

— كۈنچى دېگەن مىڭ بېشىنى تونۇيسەنغۇ، ئۇ بۇ دەريا بويىدا ئىستىقامەت قىلىدىغان كىشىلەردىن بىرىنى تۇتۇپ كېلىڭلار، دەپ بۇيرۇق بەردى. قېرى - ياش، ئەر - ئايال دېگەن شەرتى

يوق. ئىشقىلىپ بىر ئادەم بولسىلا بولىدۇ! بۇ ۋەزىپىنى ساڭا تاپشۇرىمەن. بۇ ئەتراپتا بېلىق تۇتۇپ ياكى دېھقانچىلىق قىلىپ يۈرگەن كىشىلەر كۆپ بولۇشى مۇمكىن. ئۇنداق دېيىشىم دەريا بويىغا تېرىلغان زىرائەتلەر خېلى كۆپ ئىكەن. يەنە سۇغا سېلىپ قويغان تورلارمۇ بار ئىكەن. دەريانىڭ ئۇ قىرغىقىدا خېلى كۆپ قېيىقلار باغلاقلىق تۇرغاندەك قىلىدۇ. ھازىر سەن دەريانى ياقىلاپ يۇقىرىغا بىرئاز ماڭغىن. قىرغاققا چىققان بىرەر يىلقىچى بولسا، شۇنى تۇتۇپ كەلگىن. ساڭا بىرنەچچە نۆكەر قوشۇپ بېرەي.

بۇيرۇقنى ئالغاندىن كېيىن، مىسىق بەش موڭغۇل يىگىتنى ئەگەشتۈرۈپ يولغا چىقتى. دەسلەپتە ئۇلار قىرغاقتىن دالا تەرەپكە قاراپ مېڭىپ بىر چىغىر يول بىلەن كېتىۋەردى. يولدا كېلىۋېتىپ بىر يەرگە كەلگەندە چوڭقۇر سازلىققا دۇچ كېلىپ ئات - پات بىلەن چۆكۈپ كېتىشكە تاسلا قالدى. ئۇلار بىر-بىرىگە ئارقان تاشلاپ يۈرۈپ ئاران دېگەندە ئۆزلىرىنى قۇتقۇزۇۋالغاندىن كېيىن، قايتا دەريا قىرغىقىغا قاراپ قايتتى. ئۇلار قىرغاققا يېقىنلاپ كەلگەندە دەريادا ئۈزۈپ كېتىۋاتقان ئىككى قېيىقنى كۆرۈپ ئاتلىرىدىن چۈشۈپ مۆكۈنۈۋېلىشتى.

بىر قېيىقتا ئۈتۈكىنىڭ چۆرىسىگە قىزىل جىيەك تۇتقان ئاق چاپان كىيگەن ئاياللار، ئىككىنچىسىدە بىر چال بىلەن بىر بالا ئولتۇراتتى. پالاقچىلارنىڭ قولىدا كۆرەككە ئوخشايدىغان يالپاق، قىسقا پالاق بار ئىدى، قېيىق ئىنتايىن تار بولۇپ، ھېلىلا سۇغا ئاغدۇرۇلۇپ كېتىدىغاندەك تۇراتتى. لېكىن ئۇلارنىڭ قېيىق ھەيدەشتە ئالاھىدە ماھارىتى بار ئىدى.

مىسىق يېنىدىكى يولداشلىرىغا: «سىلەر تاشنىڭ دالدىسىدا مېنى كۈتۈپ تۇرۇڭلار، ئاۋۇ چال بىلەن بالا بېلىق تۇتىدىغانلاردىن بولسا كېرەك. بۇ تەرەپكە قاراپ كېلىۋاتقىنىغا قارىغاندا،

قىرغاقتا يېقىن يەردە تور سېلىشقا ئەپلىك تېيىز يەرلەر بولسا كېرەك. شۇڭغا كېلەۋاتامدىكىن. مەن مۆكۈنۈپ بېرىپ كۈتۈپ تۇراي، ئۇلار قېيىقتىن چۈشۈشى بىلەنلا ئۈستىدىنلا چۈشەي، شۇ چاغدا سىلەردۇ يېتىپ كېلىڭلار» دەپ قېلىن قومۇشلۇققا كىرىپ كەتتى. يىگىتلەرنىڭ بىرى ئاتلارنى تۇتۇپ بىر دۆڭنىڭ كەينىدە قالدى. قالغانلار چاتقاللارنى دالدا قىلىپ قىرغاقنى بويلاپ ماڭدى. بىر پىنھان يەرگە بېرىپ توختاپ شۇ يەردە مىسقىنىڭ بەلگە بېرىشىنى كۈتتى.

چالىنىڭ قېيىقى ئېقىمغا قارشى ئاستا ئۈزۈپ كېتىپ باراتتى. مىسقىمۇ بىردەم — بىردەم بېشىنى كۆتۈرۈپ قاراپ قويۇپ ئۆمىلىمەكتە ئىدى. ئۇنىڭ قولىدا قىسقا دەستىلىك نەيزە بار ئىدى. ئۇ دەريادىن بۆلۈنۈپ چىققان بىر ئارالغا دۈچ كەلدى. ئۇنىڭ سۈيى ئادەمنىڭ مورىسىگە كېلەتتى. مىسىق سۇغا چۈشۈپ بويلاپ يۈرۈپ ئوقاتتا ئۆتتى. مىسقىنىڭ تۆشىنى سەزگەن قومۇش ئارىسىدىكى بىر توپ قاۋان تەرەپ — تەرەپكە پىتىراپ قاچتى. مىسىق چالىنى بىرنەچچە قېتىم يوقىتىپ قويدى. بىر چاغدا قېيىق يەنە پەيدا بولۇپ ئاندىن دەريانىڭ ئوتتۇرىسىدىكى كىچىك ئارالغا ئۈزۈپ قىرغاقتىن يىراقلىشىشقا باشلىدى. ئۇلارنىڭ ئارالنىڭ قىرغىقىغا سالغان تورلىرى بار ئىكەن. ئۇلاردىكى بېلىقلارنى ئېلىپ قېيىققا سالدى. ئاندىن ئۇلارنى باشقىدىن قۇراشتۇرۇپ خېلى ۋاقىتقىچە ھايال بولۇشتى.

مىسقىمۇ قومۇشنىڭ ئۈستىدە قېيىق ئەمدى قاياققا ماڭاركىن دەپ تىكىلىپ ياتاتتى. بىر ھازادىن كېيىن قېيىق بۇ تەرەپكە قاراپ ئۈزدى. لېكىن ئۇ سۇنىڭ ئېقىشى بىلەن ماڭغانلىقى ئۈچۈن ناھايىتى تېزلا كۆزدىن غايىب بولدى. مىسىق ئەمدى كەلگەن يولى بىلەن يەنە كەينىگە قايتىشقا مەجبۇر

بولدى. ئۇ بايا ئۆتكەن ئارالدىن يەنە ئۆتۈپ، چاتقاللارنى دالدا قىلىپ كېتىۋاتقىنىدا تۇيۇقسىز تاراقلىغان بىر ئاۋازنى ئاڭلاپ قالدى - دە، ئۆزىنى، سەزدۈرۈپ قويماسلىققا تىرىشىپ ئۆمىلەپ يۈرۈپ ئالغا ئىلگىرىلىدى.

ماڭا، ماڭا ئاخىرى ئۇ ئاۋاز چىققان يەرگە يېتىپ كەلدى. بۇ يەردىن ئۇ ھەممىنى بىمالال كۆرەلەيتتى. بۇ يەردە دەريا ئىچىگە ئۇسۇپ كىرگەن كىچىككىنە تۇمشۇق بولۇپ، ھېلىقىلار شۇ تۇمشۇقتا توختاپ قاراماي سۇركىگەن قېيىقنى سۆرەپ قىرغاققا چىقىرىپ قويۇپ ئۆزلىرى سۇ بويىدا ئوت قالاپ ئولتۇرۇشقانىدى. ئوت ئۈستىگە كىچىكرەك بىر قاچا قويۇشۇپتۇ. قاچىنىڭ گىرۋىكىدىن بىر بېلىقنىڭ قۇيرۇقى چىقىپ تۇراتتى. ئىچىدىكى بېلىق شورپىسى پىشقىلاپ قايناپ كۆپۈكى تېشىپ تۆكۈلۈۋاتاتتى. بالا ئوت ئۈستىگە ئاندا - ساندا قۇرۇق شاخ-شۇمبىلارنى تاشلاپ قوياتتى. چال بولسا ئىككى قولىنى بېشىنىڭ ئاستىغا قويۇپ كېرىلگىنىچە قۇم ئۈستىدە ئوڭدىسىغا ياتقاچقا، ئۇنىڭ ئاپئاق ساقىلى شامالدا يەلپۈنۈپ تۇراتتى. چال كۆزىنى يۇمۇپ ئاشۇنداق بىر ئاز ياتقاندىن كېيىن خورەك تارتىشقا باشلىدى.

دەل مۇشۇ پەيتتە مىسىق ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ قومۇشلارنى دەسسەپ - چەيلەپ ئۆزىنى ئۇخلاپ ياتقان چالنىڭ ئۈستىگە ئاتتى. بۇنى كۆرگەن بالا دەرھال قېيىققا قاراپ يۈگۈرۈپ ئۇنى سۇغا ئىتتىرىۋەتتى - دە، ئارقىدىن ئۆزىمۇ ئۇنىڭ ئۈستىگە سەكرەپ چىقتى.

— دادا، دادا! تېزرەك قېيىققا كەلگىن! — دەپ ۋارقىراشقا باشلىدى ئۇ.

مىسىق ھېرىپ ماجالى قالمىغان چالنى چەمبەرچاس قىلىپ باغلاش نېمىتتى دەپ ئويلىغانىدى، ئۇ چالنىڭ ئۈستىدە

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

بەخىرامان ئۇلتۇرۇپ، ئۇنىڭ ئىككى قولىنى ئارقىغا قايرىپ تاسما بىلەن باغلىماقچى بولدى. لېكىن چال ئۇنىڭ ئويلىغىنىدەك بولماي، ھېلىمۇ ماغدۇرىدىن كەتمىگەن ئادەم بولۇپ چىقتى. ئۇ ئېلىشىپ مىسىققا بوي بەرمىدى. بىر ۋاقىتتا بىر قولىنى شارتتىدە بىرىشتىپ ئالدى ـ دە، يەردە تۇرغان تاشنى ئېلىپ مىسىقنىڭ كۆزىگە كەلتۈرۈپ بىرنى ئۇردى. مىسىقنىڭ كۆزىدىن ۋاللىدە ئوت يېنىپ يەر ـ جاھان پىرقىراپ ئايلانغاندەك بولدى. لېكىن مىسىق بۇنىڭغا پەرۋا قىلمىدى. ئۇنىڭ قېنى قىزىپ كەتكەچكە كۆزىنىڭ ئاغرىۋاتقانلىقىنىمۇ سەزمىدى. ئۇنىڭ خىيالى پەقەت چالنى باغلىۋېلىشلا بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ بىلەن ئېلىشىۋەردى. «تىل» نى تىرىك ئېلىپ كېلىش كېرەك، دېگەن بۇيرۇق ئۇنىڭ ئېسىدە بارئىدى، بىراق چالمۇ ئوڭاي تەسلىم بولىدىغاندەك ئەمەس ئىدى. ھېچ ئامال بولمىغاندا، ئۇ ئۆزىنىڭ دۈشمىنىنى چىشلەپمۇ ئالدى.

— ھەي مەخلۇق! سەن مېنى باغلىيالمايسەن، — دەپ غەزەپ بىلەن ۋارقىراپ قوياتتى ئۇ.

چال ئورنىدىن قوپۇپ كېتەي دەپ قالدى. مىسىقمۇ چالنىڭ قولىنى باغلاشنىڭ كويىدا تىرىشىپ ئېلىشماقتا ئىدى.

— كىرىپا، يىراققا كەتمە! مەن ھازىر بۇ ئىتنىڭ بالىسىنىڭ ئىشىنى تۈگىتىمەن، — دەپ ۋارقىرىدى چال بالىغا.

ئېلىشىپ يۈرۈپ بىر ۋاقىتتا چال مىسىقنىڭ قولىدىن چىقىپ كەتتى ـ دە، پۈتۈن جەھلى بىلەن مىسىقنىڭ قورسىقىغا كەلتۈرۈپ بىرنى تەپتى. مىسىق ئوڭدىسىغا چۈشتى. دەل بۇ پەيتتە بۇلارنىڭ ئاۋازىنى يېقىن يەردە يوشۇرۇنۇپ ياتقان موڭغۇل يىگىتلەر ئاڭلاپ قالغانىدى. ئۇلاردىن ئىككىسى يۈگۈرۈپ كەلگەن چاغدا، چال مىسىقنىڭ ئۈستىگە مىنىۋېلىپ، ئاندىن

يېنىدىكى پىچاقنى سۇغۇرۇۋېلىپ مىسقىنىڭ يۈرىكىگە سالاي دەپ تۇراتتى. چال بولارغىمۇ بىرى بەرمەي ئېلىشتى. لېكىن بىرنەچچە ئادەم يوپۇرۇلۇپ كەلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭغا تەڭ كەلگىلى بولمايتتى. ئۇلار چالنى بىردەمدە چەمبەرچاس قىلىپ باغلىۋەتتى. بۇ چاغدا بالا دەريانىڭ ئوتتۇرىسىغا بېرىپ قالغانىدى، موڭغۇللار قومۇشنىڭ يېرپۇرمىقىنى چالنىڭ ئاغزىغا تىقىپ، ئۇنىڭ ئىككى كۆزىنى ياغلىق بىلەن تېڭىپ تاشلىدى.

شۇ چاغدا يۇقىرى تەرەپتىن سۇنىڭ ئېقىمى بىلەن تېز ئۈزۈپ كېلىۋاتقان يوغان بىر قېيىق كۆرۈندى. تۆت پالاقچى قېيىقنىڭ ئىككى تەرىپىگە ئىككىدىن ئولتۇرۇپ پالاق ئۇرۇپ كېلىۋاتاتتى. قېيىقنىڭ قويرۇقىدا رول پالاقنى تۇتۇپ يەنە بىرى ئولتۇرغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ تەقى - تۇرقىدىن قارىغاندا ئادەتتىكى ئادەملەر ئەمەسلىكى چىقىپ تۇراتتى. ئۇلار ئۈستىگە بېغىرەڭ دوخاۋدىن چاپان كىيىشىپ، ئېتەك ۋە يەڭلىرىگە ئالتۇن ئۇقا تۇتۇشۇپتۇ. قېيىقنىڭ ئىچىدە بەللىرىگە زۇلپىقار ئاسقان ئىككى كىشى ئولتۇراتتى.

قېيىق كەلگەن پېتى ئۆزىنى توختىتالماي قىرغاقتا ئۆرۈلۈۋىدى تومشۇقى قومنىڭ ئىچىگە كىرىپ كەتتى. پالاقچىلار قومغا سەكرەپ چۈشۈشتى - دە، قېيىقنى قىرغاققا سۆرەپ چىقتى.

ھېلىقى قېيىقنىڭ قويرۇقىدا ئولتۇرغان دوخاۋا چاپانلىق كىشى موڭغۇلچە بىلىدىكەن. قېيىقتا تۇرۇپلا موڭغۇللار بىلەن سالاملىشىشقا باشلىدى.

— ھە، يىگىتلەر سالامەت تۇرامسىلەر! تۇتۇۋالغىنىڭلار قانداق ھايۋان؟ ئۆلتۈرمەي تۇرۇڭلار... بۇ بىزنىڭ چالغۇ! ئۇنى نېمە قىلماقچىسىلەر؟ ئۇ بېلىق تۇتۇش بىلەن كۈن

www.uyghurkitap.com

ئۆتكۈزىدىغان ياۋاش ئادەم. باشقىلار بىلەن چاتىقى يوق. بىلىق كۆپ يەرلەرنى بىلىدۇ... نەگە ماڭىدىڭلار! ئۆزۈڭلار كىم بولىسىلەر؟ قايسى ئەلدىن، قايسى تاماندىن كەلدىڭلار...؟

مىسىق ئورنىدىن تۇرۇپ ئىنجىقلاپ يۈرەتتى. ئۇنىڭ ئاغزى بۇرنى پۈتۈنلەي قان ئىدى. ئۇ قاننى توختىتالماي قولى بىلەن كۆزىنى چىڭگىدە بىسىۋالغانىدى. قىيىقتىكىلەرگە مۇڭغۇللارنىڭ بىرى جاۋاب قايتۇردى:

— بىز جاھانگىر باتۇخاننىڭ نۆكەرلىرىمىز. بىزنىڭ نېمە قىلىۋاتقىنىمىز بىلەن سەنلەرنىڭ نېمە ئىشىڭلار؟...

— مەن بۈيۈك رەزان يۇرتىنىڭ ئەلچىسىمەن. كىنەز گېلىپ ۋلادىمىروۋىچ دېگەن كىشى بولىمەن. سىلەرنىڭ ئۇلۇغ خانىڭلارغا سالام بېرىش ئۈچۈن كەلدىم. ئالدىغا بېرىپ: ئىشىڭ قۇتلۇق بولسۇن، ئۆزۈن يىللار تەختتە ئولتۇرۇپ دەۋران سۈرگىن، دېمەكچىمەن... خانلارنىڭ چۈشكەن يېرى خېلى يىراقمۇ؟ قانچىلىك يۈرسەك بولىدۇ؟

— ئەگەر ئالدىرىماي بىز بىلەن بىللە ماڭساڭ ئۈچ كۈندە يېتىسەن. ئەگەر ئۆز ئالدىڭغا تېز ماڭغۇڭ كەلسە، ئۈچ كۈندە ئەمەس، يۈز كۈن ماڭساڭمۇ تاپالمايسەن. بەلكىم ئۇنى ئىزلەپ تاپىمەن، دەپ ئۆزۈڭنىڭ بېشىڭنىمۇ چىقىسەن...

— ئۇنداق بولسا مەن سىلەر بىلەن بىرگە باراي. ماڭا پەقەت يولنى كۆرسىتىپ بەرسەڭلەلا بولىدۇ.

مىسىق ئاران دېگەندە دەريا ياقىسىغا بېرىپ، قىيىنلىپ يۈرۈپ يۈز - قولىنى يۇدى. ئاندىن كۆڭلىكىنىڭ بىر يېڭىنى جارتتىدە يىرتىپ جاراھەتلەنگەن كۆزىنى تاڭدى. ئەمدى ئۇ ساق كۆزى بىلەن قىيىقتا ئولتۇرغان ئاتاقلىق كىشىنى كۆرۈپ تۇراتتى. ئۇ ساقىلىغا ئاق سانجىپ قالغان ئادەم بولۇپ، ئۇنىڭ قىيۇق ئۆسكىلەك ساقىلى پۈتۈن گەۋدىسىنى يوشۇرۇپ تۇراتتى:

بېشىدا ئۆگۈپ كەتكەن قىزىل دوخاۋا بىلەن تاشلانغان قوندۇز توماق، ئۈستىدىكى قىممەت باھالىق چايانمۇ بىر ئاز كونىراپ قاپتۇ. چىرايى سۈرۈن، تەقى - تۇرقى سالاپەتلىك بولۇپ، قاپقارا كۆزلىرىدىن سوغۇق ئوت چاقناپ تۇراتتى. ئۇ بىرچاغ-لاردا دەۋران سۈرۈپ ئەيش - ئىشرەت ئىچىدە ئۆتكەن، كېيىنكى چاغلاردا تۇرمۇش غوۋغالىرى ئىچىدە قېلىپ ئېغىر كۈنلەرنى كۆرۈپ ئەرزىيەت چەككەن ئادەمدەك كۆرۈنەتتى.

كىنەز موڭغۇللار بىلەن خېلىغىچە سۆزلەشتى. ئاخىرىدا ئۇلار: قېيىقتىكىلەر دەريا ياقىسىدىن ئۈزاپ كەتمەي، تۆۋەنگە قاراپ ئۈزۈۋېرىدىغان، قالغانلار سالتاك ئات بىلەن دەريانى بويلاپ ماڭىدىغان بولۇپ كېلىشتى.

موڭغۇللار ياردار بولغان مىسقىنى ئاتقا مىنگۈزۈپ يېتە-لىۋالدى. ئوتقۇنغا چۈشكەن چالنى بوينىدىن تاسما بىلەن باغ-لاپ ئالدىغا سېلىپ ماڭدى.

## ئون بىرىنچى باب

## ۋاۋىلا بوۋاي

باتۇخان ھاجى رەھمىنى ئالتۇن چېدىرغا چاقىرتىپ: «چەت ئەللىك كىشىلەر بىلەن سۆزلىشمەن، سەنمۇ ھازىر بو-لۇشۇڭ كېرەك» دېدى. مەجلىس ئەھلى ئۆزلىرىنى ئۇلۇغۋار كۆر-سىتىش ئۈچۈن پۈزۈر كىيىنىپ كېلىشكەندى. جاھانگىر قاما تو-نى كىيىپ چېدىرنىڭ تۆر تەرىپىدە ئالتۇن تەختتە گىدىيىپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ ئون بارمىقىنىڭ ھەربىرىدە ھەر تۈرلۈك ئېسىل كۆزلەر قويۇلغان ئۈزۈكلەر بىلەن بالداقلار يالتىراپ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

تۇراتتى. خاننىڭ سول تەرىپىدە داڭقى چىققان ئاتا قالىق سەركەردىلەر ئورۇن ئالغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا سۆبىتاي باھادىرمۇ بار ئىدى. بۇلارنىڭ كەيگەن كىيىملىرىمۇ ئىنتايىن ئېسىل ئىدى. ئوڭ تەرەپتە باتۇنىڭ تۆت مۇڭغۇل ئايالى ئورۇن ئالغانىدى. ئۇلار تۆتىلىسى مىسلىسىز گۈزەللەردىن بولۇپ، خۇددى چۆچەكلەردە ئېيتىلغان پەرىزاتلارغا ئوخشايتتى. ھەممىسىنىڭ كىيگىنى شىلدىرلاپ تۇرغان يىپەك كۆڭلەك بولۇپ، كۆڭلەكلەرنىڭ ئېتىكىنى نەچچە يەردىن پۈرۈپ قاتۇرۇۋېلىشقانىدى. ياشلىرىنىڭ بېشىدا ئالتۇن - كۈمۈش، ئۈنچە - مارجانلار بىلەن بېزەلگەن ئېگىز تاج تۇراتتى. قېرىلىرى كىمچەك كىيىپ چىلاۋۇش ئارتقانىدى. يىغىن ئىنتايىن مەخپىي بولغانلىقى ئۈچۈن ئاياللاردىن پەقەت باتۇنىڭ مۇڭغۇل ئاياللىرىلا چاقىرتىلغانىدى. باشقا ئاياللار ئادەتتە مۇنداق يىغىنلارغا چاقىرتىلمايتتى. چۈنكى قىپچاقلار بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ ئاياللىرى جاھانگىرنىڭ قارىشىچە ئېغىزى بوش ئۆسەك سۆز قىلىشقا ئۇستا بولغاچقا، جاھانگىر ئۇلارنىڭ بۇنداق سورۇنلاردا بولۇشىنى ياقتۇرمايتتى.

كۈتكۈچى خىزمەتكارلار ئولتۇرغانلارنىڭ ھەممىسىگە ئالتۇن كاسىدە كۈچلۈك قىمىز تۇتتى. پايانسىز چۆللەرنى كېزىپ، ئۇزۇندىن بېرى قىمىز ئىچمىگەنلىكى ئۈچۈنمىكىن - تاڭ، بۈگۈنكى قىمىز ئۇلارغا بەكمۇ تاتلىق ۋە لەززەتلىك تېتىپ كەتتى.

كۆپچىلىك قىمىز ئىچىۋاتقاندا باتۇنىڭ «چەت ئەللىك» دېگەن ئادىمى بىلەن بىرنەچچە يىگىتى قىمىزنىڭ ئاخىرلىشىشىنى كۈتۈپ سىرتتا تۇرغانىدى. خان سىرتتىكىلەرنىڭ ئۆيگە كىرىشىگە ئىجازەت بەردى.

ئۆيگە ئەڭ ئالدى بىلەن جاھانگىرنىڭ مۇھاپىزەتچى قىسمىنىڭ يۈزبېشى ئەرەپشاھ كىرىپ كەلدى. ئادەتتە دائىم كىيىپ يۈرىدىغان ئېگىز موڭغۇل قالپىقىنىڭ ئورنىغا بۆگۈن

چىرايلىق قىلىپ ئاپئاق سەللە ئورىۋالغانىدى. سەللىنىڭ بىر ئۇچىنى سىل تەرەپكە بىرئاز ساڭگىلىتىپ قويۇلغانىدى. سومباتلىق يىگىتنىڭ ئۇستىدىكى بەدەنگە يېپىشىپ كەلگەن تار ئەرەب چەكمىنى ئۇنىڭغا بەكمۇ ياراشقانىدى. ئۇنىڭ يېنىپ تۇرغان قاپقارا كۆزلىرى ھېچكىمدىن ھېيىقماي، ھەرقانداق كىشىگە ئۇدۇل تىكىلەتتى. تۇرقىدىن بۇ يىگىتنىڭ تەكەببۇرلۇقى، مەردانىلىكى كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

ئەرەپشاھنىڭ كەينىدىن دىمىق كىردى. ئۇ يارىلانغان كۆزىنى ياغلىق بىلەن چىگىۋالغانىدى. بۇياققا كېلىشىنىڭ ئالدىدا ھاجى رەھىم ئەينى ۋاقىتلاردا باغدات مەدرىسىدە ئۆگەنگەن بىلىملىرىنى ئىشقا سېلىپ يۇرۇپ ئۇنىڭ كۆزىنى يۇيۇپ، يارىسىنى تىككەنىدى. دىمىق دېگەن يىگىت ئىدىل دەرياسىنىڭ بويىدا ياشايدىغان ئەلنىڭ بىر ئادىمىنى تۇتۇپ كەپتۇ، دېگەننى باتۇخان ئاڭلىغانىدى. شۇڭا ئۇ بۈگۈن دىمىق بىلەن تۇتقۇننىڭ سۆزىنى ئاڭلىماقچى بولدى.

بۇلارنىڭ كەينىدىن موڭغۇل يىگىتلىرى ساقاللىق، تاقىرباش بوۋاينى ئۆيگە ئېلىپ كىردى. چالنىڭ ئىككى قولى كەينىگە قىلىپ تاسما بىلەن باغلانغانىدى. چالنىڭ بوينىغا باغلانغان ئىككىنچى تاسمىنىڭ ئۇچىنى موڭغۇل يىگىت قولىغا ئوراپ تۇتۇۋالغانىدى. چالنىڭ يۈز - كۆزى قېتىپ كەتكەن قان يۇقى بولۇپ، ئۇنىڭدا قورقۇش، ھودۇقۇشتىن ئەسەر كۆرۈنمەيتتى. ئۇ گەۋدىسىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ مەردانە قىياپەتتە تۇراتتى.

كىرگەن يىگىتلەرنىڭ ھەممىسى باشلىرىنى ئېگىپ ئالتۇن تەختنىڭ ئالدىدا تىز چۆكتى. ئىككى تىلماچ چالنىڭ چۈشىنىكسىز سۆزلىرىنى تەرجىمە قىلىپ تۇردى. تىلماچلارنىڭ بىرى چالغا:

— مەرھەمەتلىك خانىمىز سىنىڭ ئىسىم - شەرىپىڭنى،

قايسى چاي، قايسى يۇرتتىن ئىكەنلىكىنى، بۇ يەرگە نېمە ئىش بىلەن كەلگەنلىكىنى بىلگۈسى كېلىدۇ، — دېدى.

— دەريانىڭ ئۇ قېتىدا «ئۇراق تاغ» دېگەن بىر خاسىيەتلىك تاغ بار. ئۇنىڭدا قازىق دېگەن سېھىرچى ئادەم تۇرىدۇ. ئۇنىڭ قولىدىن كەلمەيدىغان ئىش يوق. مەن شۇنىڭ قۇلىمەن... يانپىشىمدا تامغىسى بار، ئىشەنمىسەڭلار كۆرۈپ باقساڭلار بولىدۇ... — دېدى چال.

— قېنى كۆرسەت، — دەپ ئىشارەت قىلدى باتۇخان.

— يانپىشىمغا بۇ تامغىنىڭ بېسىلغىنىغا قىرىق يىل بولدى.

مۇڭغۇل يىگىتلىرىدىن بىرى چالنىڭ ئەسكى شىمىنى بىرئاز تۆۋەن سىيرىپ يانپىشىنى خان تەرەپكە بۇرىدى. راستىنلا يانپىشىنىڭ ئوتتۇرىسىدا تېكىنىڭ مۈڭگۈزىدەك ئىككى ئەگرى سىزىق بىلەن دۈگىلەك سىزىقنىڭ ئورنى قىپقىزىل كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

— بۇ قانداق تامغا؟ مۈڭگۈزى نېمىسى؟ — دېدى باتۇخان ھەيران بولۇپ.

شۇ چاغدا چال ئارقىدا تۇرغان مۇڭغۇل يىگىتكە بۇرۇلۇپ:

— ئىشتاننىڭ بېغىنى ئۆزۈڭ بوشىتىپ چۈشۈرگەندىن كېيىن ئۆزۈڭ باغلا! قولۇمنىڭ باغلاقلىق ئىكەنلىكىنى كۆرمىدىڭمۇ؟ — دېدى زەردە بىلەن.

مۇڭغۇل يىگىتى چالنىڭ ئىشتىنىنى كۆتۈرۈپ باغلىغاندىن كېيىن، چال باتۇخاننىڭ سوئالىغا جاۋاب بەردى.

— دەريانىڭ ئۇ قېتىدىكى قىيا تاشلىق تاغنى كۆردۈڭمۇ؟ شۇ تاغ «ئۇراق خاننىڭ ماكانى» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇ يەردە قازىق دېگەن بىر سېھىرچى چال ئىستىقامەت قىلىدۇ. ئۇنىڭ يېشى يۈزدىن ئاشقان. مېنىڭ يېشىممۇ خېلى بىر يەرگە بېرىپ

قالدى. لېكىن مەن يەنىلا ئۇنىڭ نەۋرىسى بىلەن تەڭ. ئۇنىڭ بىلمەيدىغىنى يوق. بۇرۇنقى زامانلاردا بولغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى يادقا سۆزلەپ بېرىدۇ. ھەردائىم ئاسماندىكى تولۇن ئاي تولغاندا، ئۇ ئەۋلىيا - ئەنبىيالارغا، سۇ خۇداسىغا، ئاسمان تەڭرىسىگە سېغىنىپ قۇربانلىق قىلىپ سەدىقە بېرىدۇ. شۇ چاغدا ئەتراپتىكى قۇمانلار① سەھرانى ماكان تۇتقان باشقا تائىپىلەرمۇ پۈتۈنلەي ئوراق تېغىغا يىغىلىدۇ. ئۇلار سەركە، تېكە سويۇپ قازان - قازان گۆشنى يەپ، تولۇم - تولۇم قىمىز ئىچىدۇ. شۇ سەۋەبتىن قازىق سېھىرچىنىڭ تامغىسى ئۆچكىنىڭ مۈڭگۈزىگە ئوخشايدۇ...

— ئىسمىڭ نېمە؟

— ئىسمىم ۋاۋىلا بوۋاي. رەزان شەھرىدە تۇغۇلغان. ئورمان كېزىپ ياۋايى بال ھەرىسىنىڭ ھەسلىنى يىغاتتىم. بىر كۈنى بال يىغىپ يۈرسەم نوۋگورودنىڭ قاراقچىلىرى مېنى ھىيلە بىلەن قولغا چۈشۈرۈۋالدى. ئاندىن قېيىققا سېلىپ ئاپىرىپ ئىدىلنىڭ تۆۋەنكى تەرىپىدىكى بىر شەھەرنىڭ سودىگەرلىرىگە ساتتى. شۇندىن ئېتىبارەن قولدىن قولغا ئۆتۈپ ئاخىرى قازىق دېگەن شۇ سېھىرچىنىڭ قولىغا چۈشتۈم.

يانىدا ئولتۇرغان سۇبىتاي باھادىر چالنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ:

— چال، سەن بەك چەتلەپ كەتتىڭ، سورىغان سوئالغا ئۇدۇللا جاۋاپ بەر. باشقا سۆزۈڭنىڭ بىزگە كېرىكى يوق، — دېدى.

باتۇخان يەنە سوراشقا باشلىدى:

— ئۇ قاتتا قانداق قوشۇنلارنىڭ يۈرگەنلىكىنى كۆردۈڭ؟ مۆلچەرىڭچە ئاتلىقى قانچە؟ پىيادىسى قانچە؟

— قوشۇن كۆرگەن بولسام كۆزۈم كور بولسۇن! مەن بىر بېلىقچى، دائىم دەريادا يۈرسەم، قوشۇننى نەدىن كۆرەي،

① قۇمان — قىپچاقلار.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قۇمۇشنىڭ ئارىسىدا قوشۇن يۈرەتتىمۇ؟

— كۆرگىنىڭ بولمىسا، ئاڭلىغىنىڭ باردۇر. نېمە خەۋەر-لەرنى ئاڭلىدىڭ؟

— نېمىنى ئاڭلايتتىم؟ پەقەت ئاڭلىغىنىم، بۇرۇن قۇمان خانلىرىنىڭ ئاۋۇللىرى مۇشۇ ئەتراپنى ماكان قىلاتتى. ھازىر سىلەردىن قورقۇپ ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى قېچىۋاتىدۇ دېيىشىدۇ... ماللىرىنىڭ بىرىنى قالدۇرماي ھەيدەپ كېتىپ بار-سا كېرەك. بۇرۇن ئۇلار زادىلا بۇنداق قېچىپ يۈرىدىغان خەلق ئەمەس ئىدى.

— قاياققا كېتىۋېتىپتۇ؟

— دېڭىز بويىغا قاراپ كېتىۋاتقان ئوخشايدۇ.

چال قاپقىنى سىلىپ بىرئاز جىم تۇرغانىدى، سۇبىتاي يەنە سۆزگە ئارىلاشتى.

— بۇ ئەتراپتا قۇمانلارنىڭ قايسى خانلىرىنىڭ ئاۋۇل-لىرى بار ئىدى. ئۇلارنىڭ ئىسمىنى بىلەمسەن؟

— مېنىڭدىن نېمىلەرنى سوراۋاتقانسەن! مەن ئۇلار بىلەن ئاغىنە بولغان بولسام، ئەڭ بولمىغاندا سودىگەرچىلىك قىلىپ ئۇلار بىلەن بېرىش - كېلىش قىلىپ يۈرگەن ئادەم بولغان بولسام ئىدىم، ئۇ چاغدا باشقا گەپ ئىدى. بىر قازاندا قاي-ناتساڭ قېنى قوشۇلمايدىغان نېمىلەرنى نەدىن بىلەي؟ ئۇنىڭ-دىن كۆرە سەن مەندىن ئىدىلنىڭ سۈيىدە قانداق بېلىقلار بار، دەپ سورىغان بولساڭ، ھەممىسىنى بىر - بىرلەپ ئېيتىپ بەرگەن بولاتتىم. ئۇ چاغدا سەن مېنى سۇ تېگىگە چۆشۈپ سۇ ئىلاھىنىڭ ئۆيىدە مېھمان بولغان نەرسىكەن دەپ قالاتتىڭ.

— سۇ ئىلاھى دېگىنىڭ كىم ئۇ؟ ئۇ نېمە قىلىدىغان ئادەم؟ — دېدى سۇ ئىلاھىنى ئادەم دەپ قالغان باتۇخان.

— سۇ ئىلاھىنى بىلمەمسەن؟ ئۇ سۇ پادىشاھى سۇ ئاس-

تىدىكى ئالتۇن سارايلاردا ياشايدۇ. ئۇنىڭ يۈز قىزى بولۇپ ئۇلارنى سۇ پەرىسى دەپ ئاتايدۇ.

— سەن ئۇلارنى كۆرگەنمىدىڭ؟

— قىرىق يىل سۇدا بېلىق تۇتۇپ يۈرۈپ مەن كۆرمەسەم كىم كۆرىدۇ! تۈن پەردىسى يېيىلغاندىن كېيىنلا سۇ پەرىلىرى ناخشا ئېيتىدۇ، سۇدا ئۈزۈپ كېتىۋاتقان ئادەملەر بولسا، ئۇلارنى مازاق قىلىپ قاقاقلاپ كۈلىدۇ! بەزىدە ئادەملەرنى «بىرى كەلگىن» دەپ چاقىرىدۇ. ئەگەر يېنىغا بېرىپ قالغۇدەك بولساڭ ھەممىسى كېلىپ غىدىقلاپ، ھوشۇڭدىن كەتكۈزۈپ ئاندىن سۇ ئاستىغا ئېلىپ كېتىدۇ - دە، مەڭگۈگە شۇ يەردە ئېلىپ قالىدۇ...

موڭغۇللار ھەيرانۇ ھەس بولۇپ تامىقىنى چاكىلدىتىپ بىر - بىرىنىڭ چىرايىغا قارىشىپ قالدى.

— سۇ پادىشاھىنىمۇ كۆردۈڭمۇ؟ — دېدى باتۇخان.

— كۆپ قېتىم كۆردۈم. بەزىدە قومۇشنىڭ ئارىسىدىن بېشىنى چىقىرىپ ماراپ قارايدۇ - دە، ساقىلىنى سۇغا چىلاپ سىلكىپ - سىلكىپ قويىدۇ. كۆزىنى چەكچەيتىپ بىرئاز تۇرىدۇ - دە، ئاندىن «ئۇراق خان! ھەي ئۇراق خان!» دەپ ۋارقىراپ، ئۇراق خاننى چاقىرىشقا باشلايدۇ.

باياتىن بېرى چالنىڭ ئاغزىغا تەلمۈرۈپ قاراپ تۇرغان سۈبىتاي باھادىر باتۇخانغا قاراپ:

— مەرھەمەتلىك جاھانگىر بىر ئېغىز سۆز قىلىشىمغا رۇخسەت قىلغايسەن. بۇ چال بىزگە بەكمۇ لازىم ئادەمدەك قىلىدۇ. بىلىدىغانلىرى ناھايىتى كۆپ ئىكەن. ھەر تۈرلۈك چۆچەكلەرنىمۇ بىلىدىغان ئوخشايدۇ. ئۇنى قېتىمىزدا تۇيدۇرۇپلا قويساڭ ھەر تۈرلۈك ھېكايىلەرنى ئېيتىپ كۆپچىلىكنىڭ كۆڭلىنى كۆتۈرەلەيدىكەن. ئۇنى ئۆلتۈرۈشنىڭ ھاجىتى يوق. بۇ،

www.uyghurkitap.com

رۇس يېرىگە بارغاندا بىزگە تېپىلمايدىغان ئادەم. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئاندا - ساندا زېرىكىپ قالغان ۋاقتىڭدا ھەر تۈرلۈك قىزىق سۆزلەرنى قىلىپ كۆڭلۈڭنى كۆتۈرۈشكە ياخشى. بۇ بىزگە ياخشى خەۋەر ئېلىپ كەلدى. قومان خانلىرى ماللىرىنى ھەيدەپ، ئاۋۇل - ئاۋۇل بىلەن كۆچۈپ كېتىپ بارغاندەك قىلىدۇ. ئۇنداق بولسا، بىز ئۇلارنى تېز قوغلاپ يېتىشىمىز كېرەك. چۈنكى ماۋۇ ھېرىپ - چارچاپ كەلگەن قوشۇننى تويدۇرمىساق بولمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈچۈن قورۇ - قورۇ مال كېرەك. ئەگەر ئۇلارنى قومانلارنىڭ قولىدىن ئالمىساق نەدىن ئالىمەن؟ شۇڭا مېنىڭ پىكرىم قوشۇننى دەرھال ماۋۇ ئىدىل دەرياسىدىن ئۆتكۈزۈش كېرەك. ئۇندىن قالغىنىنى ئۆزۈڭ بىل.

— دېگىنىڭ تامامەن توغرا! — دېدى باتۇخان سۇبىتاينىڭ سۆزىنى قوللاپ، — شۇنداق قىلايلى. ھەي، ئەرەپشاھ ماۋۇ چالنىڭ قول - ئايىغىنى بوشىتىپ دەم ئالدۇرۇڭلار!

تەخت ئالدىدا تىز چۆكۈپ ئولتۇرغان ئەرەپشاھ ئورنىدىن لىككىدە تۇردى - دە، يېنىدىكى خەنجەرنى سۇغۇرۇۋېلىپ چالنىڭ قولىنى باغلىغان تاسمىنى قىيىپ تاشلىدى. ئاندىن بويىنىدىكى تاسمىنى يېشىپ بولۇپ چالنى مۈرىسىدىن تۇتۇپ سىلكىپ قويدى.

— جاھانگىرگە رەھمەت دېگىن! مەرھەمەتلىك خان ساڭا كەڭچىلىك قىلدى، — دېدى ئەرەپشاھ، — ئەگەر سەن خانغا سادىقلىق بىلەن خىزمەت قىلىپ، ھارام نىيەت - يامان خىياللاردىن خالى بولساڭ، خان سېنى ئۆزىنىڭ بىلىقچىسى، ھېكايىچىسى ھەم تىلمىچى قىلىۋالىدۇ. خاننىڭ ئالدىدا باش قويۇپ پۇتىغا يىقىل... ئۆتۈكىنىڭ قونچىغا سۆي...

چال قولىنى سوزۇپ، بېشىنى ئەگمەك بولۇۋىدى، لېكىن قولىنى باغلىغان تاسما بەدىنىنى بوغۇۋەتكەچكە ئېگىلەلمەي

قالدى. شۇ چاغدا يېنىدا تۇرغان موڭغۇل يىگىتلىرى چالنى سىرتقا سۆرەپ ئېلىپ چىقىپ كەتتى. باتۇخان مىسقىنىڭ بېلىقچى بىۋاينى قانداق تۇتقانلىقىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭدىن بەك رازى بولدى. شۇڭا باشتىن - ئاياغ يېپەك كىيىم بېرىلسۇن، دەپ ئەمر قىلدى.

## ئون ئىككىنچى باب

### ئىدىلدىن ئۆتۈش

ئىدىل بويىغا يېقىنلا كەلگەن تاتار - موڭغۇل قوشۇنلىرى جاھانگىرنىڭ «ئۈچ كۈن ئىچىدە دەريادىن ئۆتۈپ بولۇنسۇن» دېگەن بۇيرۇقىنى تاپشۇرۇۋالدى. چاپارمەنلەر قوشۇنلارنىڭ ئۇ بېشىدىن بۇ بېشىغا ئات سېلىپ جاھانگىرنىڭ بۇيرۇقىنى ھەممىگە يەتكۈزدى. تېخى مەنزىلگە يېتىپ كېلەلمىگەن يول ئۈستىدىكى قوشۇنلارغا ئايرىم چاپارمەنلەر ئەۋەتىلدى.

ئىدىل دەرياسىنىڭ بويىغا ئەڭ ئالدى بىلەن يېتىپ كەلگەنلەرنىڭ بىرسى قۇلقان خان ئىدى. بۇ چىڭگىزخاننىڭ قۇلان - خوتۇن دېگەن ئەڭ گۈزەل، ئەڭ ياش توقال خوتۇنىدىن بولغان كەنجە ئوغلى ئىدى. موڭغۇلىستاننىڭ پايتەختى قاراقورۇمدا تۇرغان چاغدا يېقىن كىشىلىرى ئىچىدىكى دۈشمەنلىرىنىڭ بىرى قۇلان - خوتۇننىڭ ئېشىغا زەھەر سېلىپ ئۇنى قەست بىلەن ئۆلتۈرگەنىدى.

قۇلقان ئۆز ئانىسىغا تارتقان چىرايلىق يىگىت بولۇپ، ئېگىز بويى، سومباتلىق، قەددى - قامىتىگە قارىغان كىشى ئۇنى ئانىسىدىن پەرق قىلالمايتتى. پەقەت بىرلا ئەيىبى

www.uyghurkitap.com

كۆزلىرى ھەرئاز قىسىق ئىدى. مىجەزى ئانىسىغا زادىلا تارت-مىغان بولۇپ، تۇرمۇشتا ئۆز بېشىمچى، بىغەم، ساياق يېگىت ئىدى. ئىچكۆلۈككە بېرىلگەن بولۇپ، دائىم قىزىرىپ يۈرەتتى.

جاھانگىرنىڭ بۇيرۇقىنى ئېلىپ كەلگەن چاپارغا ئۇ:

— دەريا بويىدا ھەر تۈرلۈك قۇش، قاۋان، بۆكەن، ئىلىك دېگەنگە ئوخشاش ياۋايى ھايۋانلار كۆپكەن، شۇڭا مەن بىرنەچچە كۈن ئوۋ - ئوۋلاپ خۇمارىمدىن چىقماقچىمەن. دەريادىن بولسا بىرنەچچە كۈندىن كېيىن ئۆتىمەن، — دەپ جاۋاب بەردى.

قۇلقان ئىدىلنىڭ بويىغا ئانىسى قۇلان - خوتۇننىڭ ئاتاقلىق ئوردا ئۆيىنى تىكتۇردى. ئەينى ۋاقىتلاردا بۇ ئۆيدە ئانىسى قۇلان - خوتۇن پۈتۈن ئالەمنى تىترەتكەن ساھىبقىران چىڭگىزخاننى قوبۇل قىلاتتى. بۇ ئۆي، ئالاھىدە ئۆيلەردىن ئىدى. تۇۋرلىقىنىڭ① ئورنىغا يولۋاس تېرىلىرى تىكىلگەن، تام كىگىزلىك ئېتەكلىرى بۆلغۈن تېرىسى بىلەن جىيەكلەنگەن. قۇلقان خان بۇ ئۆيدە خۇدانىڭ قۇتلۇق كۈنى تەگتۈش، ئەل-ئاغىنىلىرىنى يىغىۋېلىپ ئويۇن - تاماشا قىلاتتى. بۇ قېتىممۇ شۇ ئادىتى بويىچە دۇنيادىن بىغەم يېتىۋەردى.

كۆپ ئۆتمەي قۇلقانغا يەنە بىر چاپارمەن كەلدى. بۇ قېتىمقى چاپارمەن بىلەن بىرگە سۇبىتاينىڭ مۇھاپىزەتچى قوشۇنىدىن يۈز نۆكەر بىللە كەلگەنىدى. بۇلار سۇبىتاي باھادىرنىڭ بۇيرۇقىنى ئېلىپ كەلگەن بولۇپ، بۇيرۇق ئىنتايىن كەسكىن ۋە قاتتىق ئىدى. بۇيرۇقتا: «بۇيرۇقنى بەجا كەلتۈرمىگەن ئادەمنىڭ جازاسى بىرلا! ئۇ بولسىمۇ ئۆلۈم! دەريادىن ئۆتۈشتە كەينىگە تارتىپ، ئارقىدا قالغان باشلىق ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلىنىپ، ئەڭ تۆۋەن خىزمەتكە قويۇلۇپ ئۇنىڭ ئورنىغا يارامىلىق ئادەم چىقىدۇ» دېيىلگەنىدى. ئۇنىڭ

① تۇۋرلىق — كىگىز ئۆينىڭ سىرتتىن ئورايدىغان كىگىز — تام كىگىز.

ئۈستىگە كەلگەن چاپارمەن: «ئەگەر قۇلقان بۇ بۇيرۇقنى يەنە ئاڭلىمىسا، جاھانگىرنىڭ ئۆزىمۇ مۇھاپىزەتچى قوشۇنى بىلەن بىر تۈمەن نۆكەرنى بىرگە بۇ يەرگە ئەكېلىپ بۇيرۇقنى ئىجرا قىلمىغانلىقىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ قويماقچى» دەپ قوشۇپ قويدى.

قۇلقان ئادەتتىكىدەك ئىچىپ قىزىتىۋالغانىدى. بۇنداق سىغۇق خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، تېز سەگىپ كەتتى. ئەمدى مۇنداق كېتىۋەرسە ياخشى بولمايدىغانلىقىنى بىلىپ دەرھال نويانلار بىلەن باھادىرلارنى يىغدى. بۇنداق ۋاقىتلاردا نېمە قىلىش كېرەكلىكىنى ئۇلار چىڭگىزخاننىڭ دەۋرلىرىدىن تارتىپلا بىلەتتى. موغۇللار دەرھال مىڭلىغان قوي، ئۆچكىلە-رنى بوغۇزلاپ ئاندىن پىچاق ئىشلەتمەي پۈتۈنلەي تۇلۇمچىلاپ سويۇپ چىقتى. كەينىدىن بۇ تۇلۇملارنى پۈۋلەپ يەل تولغۇزۇپ ئاغزىنى تارمۇش بىلەن چىڭ باغلىدى. تۇلۇم ھەممىگە يەتمى-گەچكە ئۇلارنىڭ ئۈستىگە تاختاي باغلاپ دەريادىن ئۆتەتتى. ئەڭ قىيىن ئىش — ئات-ھارۋا، تۆگىلەرنى قانداق ئۆتكۈزۈش ئىدى. نەرسە-كېرەك بولۇپمۇ خانلاردا ئىنتايىن كۆپ ئىدى. ئۇلار ھەر تۈرلۈك ئېسىل جاھازا-مۈلۈكلەرنى تۆگىگە ئارتىپ يۈرەتتى. دەريادىن ئۆتۈش بۇياقتا تۇرسۇن ئادەتتىكى سەپەر-دىمۇ ئىنتايىن ئاۋارىچىلىق ئىدى. لەشكەرلەرنىڭ بەزىلىرى يەل تولدۇرۇلغان تۇلۇملار بىلەن تاختايلارنى چېتىپ سال ياسىدى. بەزىلىرى ياغاچلارنى يونۇپ پالاق ياسىدى. ھەممىسى ھۈنەرۋەن بولۇپ كەتتى. قۇلقان خان باشقا تۈمەنلەر دەريادىن ئۆتۈشكە ھازىرلىق كۆرۈۋېتىپتىمۇ، بىلىپ كېلىڭلار، دەپ ئەتراپقا ئايغاقچى ئەۋەتتى.

سۈبتاي باھادىر دەريادىن ئۆتۈشنىڭ غېمىنى خېلى بۇرۇنلا قىلىپ قويغانىدى. كۆپ ئۆتمەي ئىدىلنىڭ يۇقىرى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئېدىلدىكى بۇلغار① پادىشاھلىقىدىن مىڭ قېيىق يېتىپ كەلدى. قېيىقلارنىڭ ھەممىسى ئون ئىككى پالاقلىق چوڭ قېيىقلار بولۇپ، ئاستىنىڭ چىرىماسلىقى ئۈچۈن تېگىگە قاراماي سۈرتۈلگەن.

بۇ قېيىقلارنى سۈبىتاي باھادىرنىڭ ئىلتىماسى بويىچە باتۇخاننىڭ ئاكىسى شۇيبان خان باتۇغا سوۋغا قىلىپ ئەۋەتكەنىدى. قېيىق ھەيدەپ كېلىۋاتقان پالاقچىلارنىڭ كۆپى بۇلغار ئىدى. ئۇلارنىڭ كېيىملىرى جۇلجۇل بولۇپ يۈزلىرى ئاپتاپتا كۆيۈپ قارىيىپ كەتكەنىدى.

قېيىقلار ئارسلان دەرياسىنىڭ ئىدىلغا قۇيۇلىدىغان ئېغىزىغا كېلىپ توختىدى. كېلىش بىلەنلا سۈبىتاي باھادىر ئۇلارنىڭ ئىچىدىن يۈز قېيىقنى ئاجرىتىپ: «ھەر بىر قېيىققا يىگىرمە نۆكەر چۈشسۇن، ئۇلار ئۆز يېنىغا پەقەت ئېگەر - توقۇم، خۇرجۇن - قاچا، يەنە ئاتلىرى ئۈچۈن ئۈچ كۈنلۈك ئارپا يېمى ئالسۇن، ئاتلارنى بىر - بىرىگە چېتىپ دەرياغا سالسۇن، ئاتلار ئۆزلىرى ئۈزۈپ ئۆتەلەيدۇ» دەپ بۇيرۇق بەردى.

سالقىن كۈزنىڭ ھاۋا ئىنتايىن ئوچۇق بىر ئەتىگەنلىكى ئىدى. دېڭىزدەك چايقىلىپ تۇرغان ئەزىم دەريا دولقۇنلىنىپ ئاستا ئاقاتتى. ئۇپۇقتىن ئەمدىلا كۆتۈرۈلگەن قۇياش تەبىئەتكە ئۆزگىچە تۈس بېرىپ ھەممە نەرسىنى جانلاندۇرۇۋەتكەنىدى. بۇ يەردىكى كېچىك ئىنتايىن كەڭ بولۇپ، ئاتلارنىڭ ئۈزۈپ ئۆتۈشى ئۇڭايغا چۈشمەيدىغاندەك قىلاتتى. سۇنىڭ ئېقىمى بەك قاتتىق ئەمەس دېگەن بىلەن ئاتلارنىڭ بىرىنچىدىن، سۇدا ئۈزۈشى، ئىككىنچىدىن، ئېقىمغا قارشى ھەرىكەت قىلىشىغا توغرا كېلەتتى.

تالاي ئادەمنىڭ بېشىنى يېگەن بۇ ئەجەل دەرياسىدىن

① بۇلغار — بۇرۇنقى زاماندا كاما دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىمىدا ماكان تۇتقان خەلقنىڭ ئىسمى.

ھەممىسىنىڭ ئالدىدا يۈز نۆكىرىنى باشلاپ ئەرەپشاھ ئۆتۈشكە توغرا كەلدى. شۇچاغ ھازىر ئۇ دەريانىڭ قۇم باسقان قىرغىقىدا تۇرۇپ، دەريانىڭ كەڭلىكىنى كۆز بىلەن مۆلچەرلەۋاتقاندەك ئۇ قىرغاققا قاراپ: «ئەر يۈرەك باتۇرلۇقىمىزدىنغۇ چاتاق يوق! لېكىن بۇ تۈۋى يوق دەريادىن ئامان - ئېسەن ئۆتۈشكە كۈچىمىز يېتەرمۇ؟ مەيلى، تەۋەككۈل خۇدا» دەپ ئويلىدى ئىچىدە. شۇ چاغدا ئۇنىڭ يېنىغا دۈپدۈگىلەك بىر موڭغۇل يىگىت يېتىپ كەلدى. يىگىتنىڭ ئۈستىدە ئۇزۇن كۆك تون، بېشىدا ئاددىيغىنا ئەلتىرە تۇماق بار ئىدى. دائىم دالىدا يۈرگەچكە بۇغداي ئۆڭلۈك چىرايى تېخىمۇ قارىداپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ ئۆتكۈر كۆزلىرى ئادەمگە تىكىلىپ قارايتتى. بۇ سۇبىتاي باھادىرنىڭ ئورنى - خادان دېگەن ئوغلى ئىدى. ئۇ بۇرۇنقى چىڭگىزخان زامانىسىدا خىتايدا بولغان چوڭ سوقۇشتا شۆھرىتى چىققان شىر يۈرەك، قايتماس باتۇرلارنىڭ بىرى ئىدى. ئەرەبشاھنىڭ چىرايىدىن ئېمىنى ئويلاۋاتقىنىنى سېزىپ، ئۇ ئەرەپشاھقا مۇنداق دېدى:

— ئۇ قاتقا ئالدى بىلەن ئۆتۈپ كۆپچىلىككە ئۈلگە بولۇشنى مېنىڭ دادام ساڭا تاپشۇرغانىكەن، ئۇنى ئاڭلىدىم. لېكىن مەسىلە پەقەت دەريادىن ئۆتۈشلا ئەمەس. دەريادىن ئۆتۈش بىر گەپ، يەنە ئۇ قاتتىكى رۇسلارغا تاقابىل تۇرۇش بىر گەپ. سوقۇشقا تەييارلىقىڭ قانداق؟ ئۇ قاتتا يات ئەللەرنىڭ قوشۇنلىرى يىغىلىپ بىزنىڭ يولىمىزنى توسۇش كويىدا بولۇۋاتقان ئوخشايدۇ. لېكىن ئۇلارنىڭ سانى ۋە كىم ئىكەنلىكى بىزگە نامەلۇم. ساكسىنلارمۇ، قۇمانلارمۇ ياكى بورتاشلارمۇ① ياكى بول-

① ساكسىن بىلەن بورتاش — بۇرۇنقى زاماندا ئىدىلنىڭ تۆۋەنكى ئېقىمىنى ماكان تۇتقان، كېيىنكى ۋاقىتلاردا نەسلى قۇرۇپ كەتكەن خەلقلەر. قۇمان — قىپچاقلار يەنى پالاۋستلار.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مىسا رۇسلارمۇ، بۇنىسى ئېنىق ئەمەس. ئەمما كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر دۈشمەن بولغاندىن كېيىن بەرىبىر ئەمەسمۇ! سېنىڭ ۋەزىپەڭ ئۇلارنى قىرغاققا يولاتماسلىق. شۇنىڭ بىلەن بىرگە قالغان نۆكەرلەرنى ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن قېيىقلارنى دەرھال كەينىگە ياندۇرۇش، ھەر بىر قېيىقتا بەش نۆكەر قايتىش كېرەك. ئۇنداق بولمىغاندا، ئاۋۇ بۇلغارلار قايتىپ كېلەۋاتقاندا، يېنىمدا ھېچكىم بولمىسا، قېيىقنى ھەيدەپ قېچىپ كېتىشى مۇمكىن. ئاتلارنى سۇغا چۈشۈرگەندە يېنىدىكى يۈگەنلەرنى سۇپۇرۇپ ئېلىپ پەقەت نوختىلار بىلەنلا چۈشۈرۈش كېرەك. نوختىغا ئۇزۇنراق چۇلۋۇر ئۇلىغىلار. بىرئاز ئاجىزراق ئاتلار بولسا ئۇنى قېيىققا يېقىن باغلاش لازىم. چۈنكى بېشىنى سۇغا چۆكتۈرۈۋەتمەي بۇرنىدىن كۆتۈرۈپ تۇرۇشقا ئەپلىك. شۇڭا ئۇلارنىڭ نوختىسىغا چۇلۋۇر ئەمەس، بەلكى قىسقا قىلىپ تىزگىن باغلاش كېرەك. دادام ساڭا ئۆزىنىڭ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان چىپار ئايغىرىنى بېرىپتۇ. ئۇ ھەرقانداق سۇدىن قورقمايدۇ، ئۇ ئۆتمىگەن دەريا يوق. يەنسەي دەمسەن، قارا ئىرتىش دەمسەن، سۈيى چوڭقۇر جايغۇن① دەرياسىدىن دەمسەن، ھەممىسىدىن توغرا كېسىپ ئۆتكەن. ئۇنى دادام ساڭا مەقسەتلىك بەرگەن. چۈنكى ئۇ سۇغا ئالدى بىلەن چۈشەلەيدۇ. باشقا ئاتلار ئۇنىڭ كەينىدىن ئۈزۈپ كېتىۋېرىدۇ.

— باشقا ئاتنى ئۆتكۈزەلمەسەممۇ، ئۇ ئاتنى چوقۇم ئۆتكۈزىمەن، — دېدى ئەرەپشاھ، — دېگەنلىرىڭ راست. لېكىن پالاقچىلارغا كۆز - قۇلاق بولۇش ئۈچۈن ھەر بىر قېيىقتا بەشتىن ئادەم قايتسۇن دېگىنىڭنى چۈشىنەلمىدىم. ئۇنچىۋالا نۆكەرنىڭ نېمە ھاجىتى؟ ئۇلارغا بىرسى بولسا يېتىدىغۇ؟

---

① جايغۇن — ھازىرقى ئامۇ دەرياسى.

موڭغۇل لەشكەرلىرىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىمايدىغان ئۇلارنىڭ نېمە ھەددى ئىكەن!

— شۇنداق بولغان تەقدىردىمۇ، ھوشيارلىق بار يەردە پالاكەت يوق دېگەن گەپ بار. بۇنداق بىر زور ئىشتا ھوشيارلىق ئىنتايىن مۇھىم. ئۇنىڭ ھېچبىر يامان يېرى يوق، — دېدى ئورىن - خادان.

بەستلىك سۇبىتاي باھادىر سەل نېرىدا ھۆرپىيىپ، قەددىنى رۇسلاپ ئۆرە تۇراتتى. يېنىدا كەڭ كۆۋدىلىك، قومۇش قۇلاق چىپار ئايغىر تۇراتتى. ئۇنىڭ يالى قۇيرۇقلىرى، قاپقارا ئىدى. سۇبىتاي ئېتىنىڭ بويىنىنى سىلاپ تۇرۇپ ئات بىلەن سۆزلىشىۋاتقاندەك ئۆز - ئۆزىگە شىۋىرلاپ قوياتتى. بەزىدە يەنە ئېتىنى سىيپاپ، ئەركىلىتىپ، ئارىلاپ تېرىق ئۇنىدىن ياققان توقاچتىن ئۇشتۇپ ئۇنىڭ ئاغزىغا سېلىپ قوياتتى.

ئەتراپتا غىڭشىلداپ ئارام بەرمەيۋاتقان بىزەڭ كۆكۈيۈنى قوغلىماقچى بولغان تەڭگەچىپار ئايغىر قۇيرۇقى بىلەن ئىككى ساننى توختىماي ئۇرۇپ، بەزىدە بېشىنى ئېگىپ يۇلقۇنۇپ تۇرغىنىغا قارىغاندا، ئۇ، موڭغۇل قوشۇنلىرىنىڭ چوڭ بىر ئىشقا تەييارلىنىۋاتقانلىقىنى سېزىپ، موڭغۇللارنىڭ داڭقىنى چىقىرىشقا ۋە ئۇنىڭ غەلىبە كۈيىنى ياڭرىتىشقا ئۆزىنىڭ ماقۇل ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈۋاتقاندەك قىلاتتى.

مىسقىمۇ مۇشۇ چوڭ دەريادىن ئەڭ ئالدى بىلەن ئۆتمەكچى بولغان يۈز قەيسەرنىڭ بىرى ئىدى. ئۇ ھەرقانداق نەرسىگە تەييار ئىدى. ئۇنى قىيىنققا چۈشمەي ئۆزۈك سۇدىن ئۈزۈپ ئۆت دېسىمۇ، يانىدىغاندەك ئەمەس ئىدى. ئۇ بىر قولىدا ئۆزىنىڭ ئەرەپشاھ بەرگەن ئېتىنى تۇتۇپ تۇراتتى. يېنىدا ئېگەر - توقۇم بار ئىدى. لېكىن ئۇنىڭ ئېتى كىشى-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

نىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تارتىدىغان باشقا ئاتلاردەك ئوينىقشىپ تۇرمايتتى، روھى چۈشكۈن بولۇپ، مۈگدەپ تۇراتتى.

بىر چاغدا ئەرەپشاھ مىسقىنىڭ يېنىغا كېلىپ:

— قانداق، ئۆتەلەمسەن؟ — دەپ سورىدى.

— چاتاق يوق، ئۆتەي نېمىسى بار دەيسەن! — دېدى مىسقى بۇ ئەزىم دەريانى خۇددى بىر ئېرىق سۇدەك چاغلاپ.

ئەرەپشاھ مىسقىنىڭ ئېتىنىڭ دۈمچىيىپ چىقىپ قالغان سۆڭەكلىنى، ئىچىگە كىرىپ كەتكەن كۆزلىرىنى كۆرۈپ قولىنى بىرلا شىلتىپ:

— ناچار ئىكەن، بۇ سۇدىن ئۆتەلىشى ناتايىن. قېيىقنىڭ قۇيرۇق تەرىپىدە ئولتۇرۇپ، تىزگىنىدىن چىڭ تۇتۇۋالمىساڭ بولمايدىغاندەك تۇرىدۇ. بېشىنى كۆتۈرۈپ تۇتقىن. قۇلىقىغا سۇ كىرىپ كەتمىسۇن. شۇنىڭغا ھايقا. ئەگەر تىزگىنىڭ ياخشى بولماي ئۈزۈلۈپ كېتىپ سۇغا ئېقىپ كەتسە، ئۆز ئۇۋالىڭ ئۆزۈڭگە. ئۆزۈڭگە پۇختا بول! — دېدى ئۇ.

سۇبىتاي باھادىر ئەرەپشاھنىڭ ئېتىغا قارىدى. تورۇق ئاتنىڭ ساغرىسى كەڭ، تۈكى پارقىراق بولۇپ، ئۆزى بىر جايدا تىنچ تۇرماي ئويناپ تۇراتتى. تورۇق ئاتنى كۆرۈپ كۆڭلى ئەمىن تاپقاندىن كېيىن، ئۇ تورۇق ئاتنىڭ ئارغامچىسىنى چىپار ئايغىرنىڭ ئارغامچىسىغا چېتىپ باغلاشقا رۇخسەت قىلدى.

چىپار ئايغىرنى سۇبىتاي ئۆزى سۇغا يېتىلەپ چۈشۈردى. ئاندىن يەنە ئاتنىڭ قۇلىقىغا بىر نېمىلەرنى دەپ شىۋىرلىدى - دە:

— چۇ، جانىۋار، چۇ! — دەپ ئالقىنى بىلەن ئاتنىڭ يانپىشىغا بىرنى ئۇردى.

ئايغىر سۇغا ئېگىشىپ، سۇنى پۇراپ، پۇشقۇرۇپ بىرئاز

تۇرغاندىن كېيىن، چوڭقۇر تەرەپكە قاراپ مېڭىپ، ئاز ئۆتمەيلا ئۈزۈشكە باشلىدى.

ئەرەپشاھنىڭ ئۇزۇن ئاياغ توروق ئايغىرىمۇ قاتار ماڭدى. ئۇلارنىڭ كەينىدىن يۈز نۆكەرنىڭ ئېتى تاپ بېسىپ ماڭدى.

مىڭلىغان موڭغۇللار قىرغاقتىكى ئېگىزلىككە چىقىۋېلىپ، ئاتلارنىڭ دەريادىن ئۈزۈپ ئۆتۈۋاتقانلىقىغا قاراپ تۇرۇشتى.

چىپار ئايغىر چوڭقۇرغا ئەڭ ئالدى بىلەن چۈشتى. ئۇنىڭ كەينىدىن توروق ئايغىرمۇ تاپ بېسىپ ئۈزدى. يەنە بىر نەچچە ئات ئۇلارنى سوڭدىشىپ ئۈزدى. ئاخىرىدا ھەممە ئات ئەزىم دەريانىڭ ئۆركەشلىرى ئارىسىدا كۆزدىن غايىب بولدى. كۈن نۇرىدا چاقناپ، ئەينەكتەك پارقىراپ تۇرغان سۇدا پەقەت ئات-لارنىڭ دىڭ تۇرغان قۇلاقلىرى بىلەن سۇ ئۈستىدە لەيلەپ تۇرغان قۇيرۇقلىرىلا كۆرۈنەتتى.

شۇ پەيتتە تۇمشۇقى خورازنىڭ بېيىنىدەك تۇرۇلۇپ تۇرغان چوڭ قېيىقلار، ئارسلان دەرياسىنىڭ ئېغىزىدىن چىقىپ ئىدىل-نىڭ ئوتتۇرىسىغا قاراپ ئىلگىرىلىدى. نۆكەرلەر قورال-ياراق، خۇرجۇن-قاچىلىرى بىلەن قېيىق ئىچىگە ئورۇنلىشىۋالدى. ئېتى-نىڭ ئۈزۈلۈكىدىن ئۈزۈپ ئۆتەلىشىگە كۆزى يەتمىگەن بەزىلىرى ئاتلىرىنىڭ تىزگىنىنى تۇتۇپ قېيىقنىڭ ئارقىسىدا ئولتۇردى. پالاقچىلار ئۇزۇن ئاق پالاقلىرىنى ئىشقا سېلىۋىدى، قېيىقلار-نىڭ ھەممىسى قارشى قىرغاققا قاراپ تېز ئۈزۈشكە باشلىدى.

مىسقىمۇ بىر قېيىقنىڭ قۇيرۇق تەرىپىدە ئولتۇرۇۋېلىپ، كىچىك جىرەن ئېتىنىڭ قېيىق بىلەن بىرگە ئۈزۈپ، بۇرۇنلىرى كېرىلىپ، كۆزلىرى پارقىراپ، جان تالىشىپ كېلىۋاتقىنىغا قاراپ ماڭماقتا ئىدى. قېيىقنىڭ مېڭىشى تېزلىگەنسېرى، ئات قېيىققا يېتىشەلمەي، كەينىگە تارتىشقا باشلىدى. مىسقىنىڭ قولىدىكى تىزگىن ئۈزۈلۈپ كېتەي دەپ قالدى. «تىزگىن ئۈزۈل-

www.uyghurkitap.com

سە، ئاتتىن ئايرىلغىنىم شۇ، — دېدى مىسىق ئىچىدە، — يەنە قولۇمغا ئات چۈشكىچە باشقىلارنىڭ ئېتىنىڭ چېتىدا قېلىپ پىيادە يۈرمەكتىن باشقا نېمە چارە!...»

— سەل ئاستىراق ھەيدىسەڭلار بولمامدۇ. بەرىكە تاپقۇرلار. دۇنيالىقتا بىر يالغۇز ئېتىم سۇدا قالسا، مەن پىيادە قالىمەنغۇ! — دەپ ھېلىدىن - ھېلىغا قېيىقچىلارغا يالۋۇراتتى ئۇ.

دەريا ئېقىمى قېيىقنى ۋە قېيىققا چېتىلغان ئاتلارنىمۇ تۆۋەنگە ئېقىتىپ كېتىۋەردى. دەريانىڭ ئوتتۇرىسىغا بارغاندا، ئاتنىڭ ماغدۇرىدىن كېتىپ بولالماي قېلىشقا تايىن تاپقانلىقىنى كۆرۈپ، مىسىقنىڭ ئەرۋايى ئۇركۇدى. ئات بىر تەرەپكە قىيسىيىپ كېتىۋاتقاندەك قىلاتتى.

— ئەمدى قالداق قىلاي! قۇلىقىغا سۇ كىرىپ كەتسە تۈگەشكىنى شۇ ئەمەسمۇ! — دېدى مىسىق ئۆز - ئۆزىگە غودۇڭشۇپ، — بىر ئاز چىدا جانىۋار! قىرغاققىمۇ ئاز قالدۇق! — دەپ ئۇ ئېتى بىلەن سۆزلىشىپ بار كۈچى بىلەن ئاتنىڭ تىزگىنىنى تارتىپ قوياتتى. بۇ چاغدا ئات پۇتلىرىنى ھەرىكەتكە كەلتۈرۈپ قايتا ئۈزۈشكە باشلايتتى. بىراق ئۇزۇنغا بارماي يەنە كېيىشىپ كېتەتتى. بىر چاغدا ئاتنىڭ پۇتلىرى داردىيىپ، قورسىقى كۆرۈنۈشكە باشلىدى. مىسىق ئېتىنىڭ بۇرنى بىلەن قۇلىقىغا سۇ كىرگۈزمەسلىككە تىرىشىپ بار كۈچى بىلەن ئۇنىڭ تىزگىنىنى يۇقىرىغا تارتماقتا ئىدى.

بىر ھازادا مىسىق قايرىلىپ كەينىگە قاراپ قېيىقلارنىڭ قىرغاققا يېقىنلاپ قالغانلىقىنى كۆردى. مانا دەريا قىرغىقىدىكى يار، يار گىرۋىكىدىن سۇغىچە سوزۇلۇپ ياتقان قۇم، سارغىيىپ قالغان يېشىل چۆپ، بۇلارنىڭ ھەممىسى بارغانسېرى يېقىنلاشماقتا ئىدى. سەل نېرىدا موڭغۇللاردىن قورقۇپ، خۇدىنى يوقاتقان بىر توپ ئادەملەر كۆرۈنەتتى. گەرچە ئۇلار قېچىپ كېتىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن تىنچ ماڭمايتتى. ئۇلار قولىدىكى

كىچىك ساداقلىرىنى بەتلەپ كىمىلەرگە ئوق ئۈزەتتى. بىرلەچچە تال ئوق ۋىژىلداپ كېلىپ بىر قېيىقنىڭ يان تەرىپىگە كېلىپ سانجىلدى. بەزىلىرى چۇۋۇلداپ سۇغا چۈشۈشكە باشلىدى. موڭغۇللارمۇ دەرھال ئۆزلىرىنىڭ چوڭ ساداقلىرىنى بەتلەپ قىرغاقتىكىلەرنى چەنلەپ ئاتقىلى تۇردى. ئۇلارنىڭ ئاتقان ئوقلىرى خاتا كەتمەيتتى. ھەممىسى تەڭگىنىڭ كۆزىدىن ئوق ئۆتكۈزىدىغان مەرگەن بولغاچقا، ئوق يېتەر جايدىكى ھەرقانداق جاننى بىر ئوق بىلەن دومىلىتىپ چۈشۈرەتتى.

كۆپ ئۆتمەي قېيىقنىڭ تۈۋى قۇمغا تېگىپ غىچىرلىدى. بۇ چاغدا نۆكەرلەرنىڭ كۆپى قېيىقنىڭ قىرغاققا بېرىپ تېگىشىنى كۈتۈپ تۇرماي سۇغا سەكرەپ چۈشۈشكە باشلىدى. ئۇلار دەرھال قىرغاققا يېقىنلاپ تۆۋەنرەك بىر يەردىن چىقىشقا تىرىشىۋاتقان ئاتلىرىغا قاراپ يۈگۈرۈشكە باشلىدى. مىسقىنىڭ ئېتى دەريانىڭ تېيىز يېرىگە كەلگەنلىكىنى بىلىپ ئەمدى ئورنىدىن تۇرۇشىغا، ۋىژىلداپ كەلگەن ئىككى تال ئوق ئۇنىڭ بىقىنىغا سانجىلدى، ئاتنىڭ بىقىنىدىن قان شورۇلداپ ئېقىشقا باشلىدى. سۇنىڭ يۈزى قىپقىزىل قانغا بويالدى. ئات سەنتۈرۈلۈپ بىرىپ سۇغا موللاق ئاتتى.

شۇ چاغدا سۇبىتاينىڭ چىپار ئايغىرى باشلىغان بىر توپ ئات قىرغاقتىكى قۇمنىڭ ئۈستىگە چىقىپ، ئۈستىدىكى سۇلارنى سىلكىۋاتاتتى. موڭغۇللار يۈگۈرۈشۈپ كېلىپ ئاتلىرىنى تۇتتى-دە، تېخى دېمىنى ئالمىغان ئاتلارغا ئېگەر توقۇپ مىنىپ، چىغىر يوللار بىلەن يار ئۈستىگە چىقىپ دۈشمەن بىلەن تۇتۇشۇشقا تەييارلىق قىلدى.

ئەرەپشاھ قېيىقتىن سەكرەپ چۈشۈپ، دەريانىڭ ئۆزلىرى كەلگەن تەرىپىدىكى قىرغىقىغا قارىدى.

كۈن نۇرىدا چاقناپ تۇرغان زۇمرەت سۇنىڭ ئۇ تەرىپىدە

چۆمۈلىدەك لۆمشۈپ يۈرگەن ئاتلىق، پىيادە تاتار - موڭغۇل قوشۇنلىرى تۇراتتى. بۇ تەرەپكە كەلگەن قىپىقلار ئەمدى قايتا ئۇ تەرەپكە قاراپ ئۈزۈپ كېتەۋاتاتتى. بۇلارغا قارشى ئۇ قات-تىن يەنە نەچچە يۈز قىپىق بۇ تەرەپكە قاراپ ئۈزۈشكە باشلى-دى. سۇنىڭ يۈزىنى پۈتۈنلەي قىپىق ۋە سۇدا ئۈزۈپ كېلىۋات-قان ئاتلارنىڭ دىڭگايغان قۇلاقلىرى بىلەن سۇ يۈزىدە لەيلەپ يۈرگەن ئۈزۈن - ئۈزۈن قۇيرۇقلار قاپلاپ كەتكەنىدى.

— ئاتلان، تېزرەك ئاتلان!... ئالغا ئىلگىرىلە!... — دەپ نۆكەرلەرگە بۇيرۇق چۈشۈردى ئەرەپشاھ.

شۇنىڭ بىلەن تەڭلا موڭغۇللار قىي - قۇۋ، قۇۋ، قۇۋ! دەپ ۋارقىراپ نامەلۇم ئەلنىڭ پىتىراپ قاچقان قوشۇنىنى گۇلدۇرلەپ قوغلاپ كېتىشتى.

## ئون ئۈچىنچى باب

## قۇيرۇقلۇق يۇلتۇز

ئىدىل دەرياسىنىڭ سول تەرىپىدە غادىيىپ تۇرغان تۆگ-لەر دەريادىن ئۆتۈش نۆۋىتىنى كۈتۈپ تۇراتتى. ئۇلار بويۇن-لىرىنى سوزۇپ، يوغان باشلىرىنى كۆتىرىپ، ئالدىرىماي ئېقى-ۋاتقان ئەزىم دەرياغا، پۈت - قولى يەرگە تەگمەي ئالدىرىشى-ۋاتقان مىڭلىغان ئادەملەرگە قانداقتۇر بىر مەنىلىك قاراشلىرى بىلەن قاراپ - قاراپ قوياتتى. بۇنداق چاغلاردا ئەتراپتا بو-لۇۋاتقان ئىشلارنىڭ سەۋەبىنى چۈشىنەلمەي تۆگىلەرنىڭ ساڭ-گىلاپ تۇرغان كالپۇكلىرى، چانىقىدىن پولتىيىپ چىقىپ تۇر-غان كۆزلىرى تېخىمۇ يوغىناپ كېتەتتى. بەزىلىرىنىڭ ھېچ

نەرسە بىلەن كارى يوق دۇنيادىن بىغەم هالدا، چۆكۈپ يېتىپ، ئېغىزىدىكى چۆپلەرنى بىر يۇتۇپ يەنە ئاغزىغا ياندۇرۇپ كۆشەپ تۇرغىنى تۇرغانىدى.

تۆگىنىڭ ئۈستىدىكى سۆكەندە ئىككى پۇكۇلۇپ ئولتۇرغان هاجى رەهىم كىتابىنى تىزىغا قويۇۋېلىپ توختىماي يازاتتى. بۇ چاغدا ئۇ كىتابىغا مۇنۇ سەھىپىلەرنى تىزغانىدى:

«... يەر بىلەن ئاسمان، دالا بىلەن ئورمان قەسقىسى، پۈتكۈل دۇنيا ئاجايىپ بىر گۈزەللىك ئىلكىدە تىپتىنچ مۈگدەپ ياتقاندا، مۇنچىۋالا ئاۋارىچىلىقنىڭ، شامال هەيدەپ كەلگەندەك ئالدىراپ - تېنەپ كېلىپ، ئالتوپىلاڭ كۆتۈرۈشىنىڭ نېمە هاجىتى؟ بۇ دۇنيادا، تەبىئەتتە كۆزنى يۇمۇپ- ئاچقىچە دەرهال ئۆزگىرىپ كېتىدىغان هېچ نەرسە يوق. بۇرۇنقى يەر هازىرمۇ يەر، بۇرۇنقى چېتى كۆرۈنمەيدىغان چەكسىز باياۋان چۆللەر هازىر يەنىلا شۇنداق. مۇنچىۋالا جان تالىشىپ كەتكۈدەك، دۇنيانى توپان سۈيى بېسىپ كېلىۋاتقىنى يوققۇ! بۇ تىپتىنچ دۇنيادا هەركىم ئۆز تۇرمۇشى بىلەن ئاستا ماڭغان بولسا بولماسمىدى؟ سېنىڭ تۇلپارغا مىنىپ قۇشتەك ئۇچۇپ كەلگەن مەنزىلگە، ئۆمۈر بويى ئالدىرىماي، ئاستا قەدەم بىلەن ماڭغان تۆگىمۇ يېتىپ كېلەلەيدىغۇ؟...»

يەنە بىر تۆگىنىڭ ئۈستىدە يولتۇز ئولتۇراتتى. ياش كېلىنىڭ يۈزىگە كۈن چۈشمىسۇن، دەپ بېشىغا چېدىر تىككەنىدى. ئەركەكلەرگە، يات سۆزلەردىن خالى بولسۇن، دەپ چېدىرنىڭ تۆت ئەتراپىغا پەردە تارتىلغانىدى. دەريادىن ئۆرگەن يەڭگىل شامال پەردىنى توختىماي يەلپۈپ تۇراتتى. يولتۇز ئەتراپتىكى ئوپۇر - توپۇر، بولۇپ ۋاڭ - چۇڭ كۆتۈرۈۋاتقان مىڭلىغان كىشىلەرگە چەكچىيىپ قاراپ تۇراتتى. مىڭلىغان ئاتلار بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى دەريادىن ئۆتمەكتە ئىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئۈزۈپ ئۆتۈۋاتقان ۋە قايتىپ كېلىۋاتقان قېيىقلارنىڭ دەستى-
دىن سۇ يۈزىنى كۆرگىلى بولمايتتى. قىرشۇنلارمۇ تۈگەيدىغاندەك
ئەمەس. بىر توپنىڭ كەينىدىن بىر توپى دەريا قىرغىقىغا كەل-
مەكتە ئىدى. مۇشۇ ئۈزلۈكسىز كېلىۋاتقان ئاتلىق ئادەملەر ئى-
چىدىن يۈلتۈز بىر سۇمباتلىق يىگىتنى ئىزلەيتتى. ئۇ يىگىت
بولسا مىسىق ئىدى. بەزى نۆكەرلەرنىڭ قىياپىتى يىراقتىن
قارىغاندا، ئۇنىڭغا ئوخشاپ كېتەتتى. لېكىن يېقىنلاپ كەلگەن-
دە ئۇ بولماي قالاتتى. مىسىقنىڭ ئاتقا مىنىشىمۇ باشقىلاردىن
ئۆزگىچە ئىدى. ئات ئۈستىدە ئۆزىنى تۈزەپ، يىغىشتۇرۇپ قۇر-
غۇيدەك ئولتۇراتتى. يۈلتۈزنىڭ كۆز ئالدىدىن تالاي ئادەملەر
ئۆتتى. لېكىن ئۇلارنىڭ ئىچىدە مىسىق كۆرۈنمەيتتى. ئۇ:
«... مۇشۇ چوڭ قوشۇن ئىچىدە بارمىدۇ؟ بولمىسا نەلەردە يۈرى-
دىغاندۇ؟ هاياتمىدۇ ياكى چۆل - باياۋانلاردا خېيىم - خەتەرگە
يولۇقۇپ قاغا - قۇزغۇنلارغا يەم بولۇپ كەتكەنمىدۇ؟...» دەپ
ئويلايتتى. بۇ خىل ئوتلۇق سېغىنىش هېسسىياتىنىڭ ئورنىنى
غەزەپ ۋە نەپرەت ئىگىلەيتتى. «ئېهتىمال، مېنى سېتىشقا ئۇنىڭ
ئۆزىمۇ قاتناشقان بولۇشى مۇمكىن؟ مەن ئۇلارنىڭ ئاسراندى
بالىسى بولسامۇ بىر تۇغقان قېرىنداشتەك ئىدۇقغۇ؟ ئۇنىڭ
ۋىجدانى قانداقمۇ چىدىغاندۇ! مېنى كۆلپەت ئىچىگە تاشلاپ،
ئەزىز بېشىمنى خار قىلىپ، ئۆزى پايدا تاپماقچى بولغانمىدۇ؟
بۇ يۈرۈشكە قاتنىشىشقا پۇل لازىم بولۇپ مېنى ساتقاندۇ، بەل-
كى؟ ئەگەر شۇنداقلا بولىدىغان بولسا، مېنى دېسە خېيىم -
خەتەرگە يولۇقماي تۇرماق ئۆلۈكى دالىدا كۆمۈكسىز قالسۇن
ئىلاهىم! يۈلۈنى ئۈزۈلۈپ يەر يۇتسۇن ئۇنى...» دەيتتى
ئىچىدە ئۇ.

شۇنداق قىلىپ يۈلتۈزنىڭ خىيالى بۆلۈنۈپ، بىر ئىشنى
ئويلىغاندا، كۆڭلى نەچچە خىل بولۇپ تۇرغانىدا، سۆكەننىڭ

ئىككىنچى تەرىپىدىكى خىتاي دېدىكى، توساتتىن قولىنى سوزۇپ
يۇلتۇزنىڭ يەلكىسىدىن بوشقىنا قاقتى.

— قارا، باياتىن بېرى جاھانگىر بىزدىن كۆزىنى ئۈز-
مەي مۇشۇ تەرەپكە قاراپ كېلىۋاتىدۇ، — دېدى ئۇ.

يۇلتۇز لەپپىدە قاراپ باتۇخاننىڭ سەل نېرىدا بىر توپ
سالتاڭ ئاتلىق كىشىلەرنىڭ ئالدىدا كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردى.
ئۇنىڭ ئاستىدا تۈكى پارقىراپ تۇرغان ئاق بوز ئايغىر ئېغىز-
دۇرۇقىنى چايناپ، ئويناقشىپ كېلىۋاتاتتى. باتۇ ئاتنىڭ بېشى-
نى بۇراپ قىرغاقتىكى بىر دۆڭلۈكنىڭ ئۈستىگە چىقتى. شۇ
يەردە توختاپ، قولى بىلەن دەريا تەرەپنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ،
يېنىدىكىلەرگە بىر نېمىلەرنى دېدى. ئۇلار بىلەن نېمىلەر توغ-
رىسىدىدۇر سۆزلىشىپ بىر ئاز تۇردى. ئەھۋالدىن قارىغاندا،
قېشىدىكىلەرگە بۇيرۇق بېرىۋاتقان بولسا كېرەك. چۈنكى ئۇ
يېنىدا تۇرغان يىگىتلەر ئىچىدىن ھېلىدىن - ھېلىغا ئىككى
يىگىت تەرەپ- تەرەپكە ئات چاپتۇرۇپ كېتەتتى. ئۇلار خان-
نىڭ بۇيرۇقىنى ئېلىپ كېتىۋاتقاندەك ئىدى.

بىر چاغدا ئۈستىدە ئەرەب چەكمىنى، بېشىدا چوڭ ئاق
سەللىسى بار مۇسۇلمانچە كىيىنگەن بىر ياش يىگىت توپتىن
بۆلۈنۈپ چىقىپ توپلىشىپ تۇرغان تۆگىلەرنىڭ يېنىغا كەلدى.
چىغناق شەھىرىدىن چىققاندىن بېرى ئۇزۇن سەپەر جەريانىدا
يۇلتۇز بۇ يىگىتنى تالاي قېتىم كۆرگەنىدى. بۇ يىگىتنىڭ يۈز
بېشى ئىكەنلىكى، باتۇخاننىڭ نەگە بارسا يېنىدىن ئايرىلماي-
دىغان ئىشەنچلىك ئادەملىرىنىڭ بىرسى ئىكەنلىكىنى خېلىدىن
بېرى بىلەتتى ھەتتا ئۇنىڭ ئىسمىنىڭ ئەرەبچە ئەنناسىر ئى-
كەنلىكىنىمۇ بىلىۋالغانىدى. ئەرەپشاھ ھازىرلا دەريانىڭ ئوڭ
قىرغىقىدىن بۇ تەرەپكە ئۆتكەنىدى. سەل نېرىدا بىر توپ تۆ-
گە يېتىلىگۈچىلەر بىلەن يول كۆرسەتكۈچىلەر قانداقتۇر بىر
نەرسە ئۈستىدە پاراڭ سېلىشىپ ئولتۇراتتى. ئەرەپشاھ شۇلار-

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

نىڭ قېشىغا بېرىپ، تۆگىلەرنى سۇنىڭ بېشىغا ئاپىرىپ بېرىڭ-
لار، دەپ بۇيرۇق بەردى. تۆگە يېتىلىگۈچىلەر ئەرەپشاھنىڭ
بۇيرۇقىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، دەرھال ھەرىكەتكە كېلىپ، بار-
لىق تۆگىلەرنى دەريا بويىغا قاراپ يېتىلەشكە باشلىدى.

ئۇزۇن - ئۇزۇن قارا قېيىقلار قىرغاققا يېقىنلاپ كەلدى.
قېيىقچىلار قېيىقلىرىنى ئۇچتىن - ئۇچتىن قاتار قىلىپ تىزىپ
ئۈستىگە تاختاي يېيىتتى، ئاندىن تاختىيىنى قىل ئارقان بى-
لەن قېيىقلارغا مىختا قىلىپ باغلىدى. شۇنداق قىلىپ ھازىرقى
زامانىنىڭ كېمىلىرىگە ئوخشاش كېمىلەرنى ياساپ چىقتى.

ئەرەپشاھ كۆپچىلىككە سالماق بىلەن قىسقا - قىسقا،
چۈشىنىشلىك بۇيرۇقلارنى بېرىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ بۇيرۇقىنى
كۆپچىلىك شۇ زامات بەجا كەلتۈرەتتى. قۇللار دەريا بويىغا
تاختاي، چەگرە، ئۇزۇن - ئۇزۇن قوزۇقلارنى سۆرەپ كېلىپ
بىرسى توقماق بىلەن، بىرسى پالتا بىلەن، يەنە بىرسى بازغان
بىلەن قېقىپ، شۇ قوزۇقلارنى ئايلاندۇرۇپ تال بىلەن
چېتەن توقاتتى. ئىشلەۋاتقانلارنىڭ پۇت - قولى يەرگە تەگ-
مەيتتى. ئۇلار ئامال بار ئىشنى تېز پۈتتۈرۈشنىڭ كويىدا ئىدى.
كۆپ ئۆتمەي قىرغاقتىن سۇنىڭ ئوتتۇرىسىغا قاراپ سوزۇلغان
ئۇزۇن پىرىستانلار ياسالدى. شۇنىڭ بىلەن تەڭلا بايىقى يا-
سالغان كېمىلەر بۇ پىرىستانلارغا كېلىپ توغرىسىغا تىزىلدى.

گەۋدىلىك ئېگىز بىر ئادەم پالتىچىلارغا بۇيرۇق بېرىپ
چېتەننى قانداق توقۇش، تاختاينى قانداق سېلىش، قوزۇقنى
قانداق قېقىش كېرەكلىكىنى كۆرسىتىپ يۈرەتتى. ئۇنىڭ ئۈس-
تىگە كىيىۋالغان كىيىمى باشقىلارنىڭكىدىن ئۆزگىچە بولۇپ،
لەيلەپ تۇرغان كەڭ چاپانىنىڭ ئېتىكى پۇتىنىڭ ئۇچىغا تې-
گىپ تۇراتتى. ئۇ بېشىدىكى كىچىككىنە كۆك بۆكىنىڭ ئۈستىگە
بىر تۇتام ئۆككە قادىۋالغانىدى. ئۆككىسى ساڭگىلاپ مۈرىسىگە

چۈشۈپ تۇراتتى. ئۇ دائىم ئەرەپشاھقا بۇرۇلۇپ شۇنىڭغا بىر نىمىلەرنى دەيتتى.

يۇلتۇزنىڭ يېنىدىكى خىتاي دېدەك ئۇنىڭ قۇلىقىغا پەس ئاۋاز بىلەن شىۋىرلاپ:

— ئاۋۇ يۈرگەن، بېشىدا ئۆككىسى بار كىشىنى كۆردۈڭمۇ؟ ئۇ لى توگچى دېگەن كىشى. ئۇ ئىنتايىن چىۋەر، بىلىملىك كىشى. ئۆي دەمسەن، كۆۋرۈك دەمسەن، پادىشاھ سارايلىرى دەمسەن، ھەممىسىنى ياساش شۇنىڭ قولىدىن كېلىدۇ. لېكىن بۇ بايقۇش ھازىرقى كۈنىدىن رازى ئەمەس. دائىم كۆڭلى غەش يۈرىدۇ. ئۇ «ماڭا ئوخشاش كىشىلەرگە بۇ يەرلەر ماكان بولمايدۇ. ئەركىنلىكىم ئۆز قولۇمدا بولسا، بۇ نەس باسقان ئەلدە بىر كۈنمۇ تۇرغۇم يوق» دەيدۇ. ئۇنىڭ ئەسلى يۇرتى خىتاي بولۇپ سوقۇشتا تۇتقۇن قىلىنغان. ئۆز ئېلىمدە يۈرگەن ۋاقتىتا ئۇنىڭ داڭقىنى كۆپ ئاڭلىغانىدىم. ئۇ پۈتكۈل خىتاي زېمىنىغا مەشھۇر ئادەم...

خاننىڭ ئاغىچا خېنىملىرى جار - جۇر قىلىشىپ قالدى.

— ئەگەر قېيىق ئاغدۇرۇلۇپ كەتسە قانداق قىلىمىز؟ ياق، بىز بۇنىڭغا ئولتۇرمايمىز! ئالدى بىلەن باشقىلار ئولتۇرۇپ باقسۇن، ئۇلاردىن چاتاق چىقمىسا ئاندىن بىز ئولتۇرىمىز! — دېيىشىپ كېمىگە زادى يېقىن يولىمىدى.

ئەرەپشاھ خانىشلارنىڭ يۈزىگە تىكىلىپ قارىمىدى ھەم سۆزىگىمۇ جاۋاب بەرمىدى. پەقەت تۆگىلەرنى يېتىلەپ كېمىلەرگە چۈشۈرۈڭلار! دەپ تۆگىچىلەرگە بۇيرۇق بېرىپ يۈرەتتى.

خانىشلار يەنە ۋايجان - ۋايىيەي دېيىشكە باشلىدى.

— ئالدى بىلەن ئاۋۇ يامان توقال چۈشسۇن! بىز شۇنى كۆرەيلى. ئۆتەلەمدۇ ياكى قېيىقى ئاغدۇرۇلۇپ غەرق بولامدۇ!

ئەرەپشاھ تۆگە يېتىلىگۈچىلەرگە ئەڭ چەتتە تۇرغان يەت-

تىنچى تۆگىنى كېمىگە چۈشۈرۈڭلار! دەپ بۇيرۇق قىلدى. يۇلتۇز بىلەن ئۇنىڭ دېدىكى ئاشۇ تۆگىدە ئىدى. قۇللار تۆگىنى يېتىلەپ، ئەرەپشاھنىڭ يېنىغا كەلگەندە خىتاي دېدەك ئۇنىڭغا:

— ئاۋۇ لى توڭپېي دېگەن كىشىگە دېگىن، قېيىقتا بىز بىلەن بىرگە چۈشسۇن، — دېدى.

ئەرەپشاھ جاۋاب قايتۇرمىدى. پەقەت قاپىقىنى تۈرۈپ خىتاي دېدەككە ئالىيىپ قاراپ قويدى.

كۆۋرۈكنىڭ يېنىغا كەلگەندە قۇللار تۆگىنى چۆكتۈردى. خىتاي دېدەك بىلەن يۇلتۇز تۆگىدىن ئاستا چۈشۈپ، ئەپلەپ دەسسەپ كېمىگە قاراپ مېڭىپ كەتتى. بۇلار سۇغا چۆكۈپ كەتمىسۇن دەپ ئەڭ ئالدىدا خىتاي ئالمى ماڭدى. ئۇلارنىڭ كەينىدىن تۆگە يېتىلىگۈچىلەر باش ئاتان تۆگىلەرنى كېمىگە چۈشۈرۈشكە باشلىدى. تۆگە بوزلاپ، شالنى چېچىپ، قېيىققا چۈشكۈسى كەلمەي، ئارقىسىغا تىرەجەپ تۇرۇۋالدى. ئاغزىدىن چىقىۋاتقان ئاپئاق كۆپۈك باشقىلارنىڭمۇ باش - كۆزلىرىگە چاچرايتتى. ئاخىرى كىشىلەر زورلاپ يۈرۈپ ئۇنى كېمىگە چۈشۈردى. لېكىن ئۇنى چۆكتۈرەلمەي خېلىغىچە ئاۋارە بولۇشتى. ئۇ بويىنىنى سوزۇپ سانسىزلىغان قوشۇننىڭ دەريادىن ئۆتۈشىنى تاماشا قىلىپ تۇرغاندەك ئۇياق - بۇياققا قاراپ قوياتتى.

بېشىغا چوڭ يىپەك ياغلىق ئارتقان يۇلتۇز كېمىنىڭ يۇقىرى تەرىپىگە سېلىنغان گىلەم ئۈستىگە چىقىپ ئولتۇردى. كەينىگە خىتاي دېدەك كېلىپ ئۆرە تۇردى. دەريادىن قىرغاققا قاراپ سوققان يەڭگىل شامال ئاياللارنىڭ ئۈستىدىكى نېپىز يىپەك كىيىملىرىنىڭ ئېتەك ۋە يەڭلىرىنى لەپىلدىتىپ تۇراتتى. بىر چاغلاردا پالاقچىلار پالاقلىرىنى رەتلەپ سۇغا سېلىشقا تەييارلاندى. قۇللارمۇ قېيىقلارنى باغلاپ قويغان ئارقانلارنى بوشاتتى.

شۇ چاغدا ئۇشتۇمتۇتلا:

— توختاڭلار، توختاپ تۇرۇڭلار! — دەپ ۋارقىرىغان ئاۋاز ئاڭلاندى. باتۇخان بوز ئايغىر بىلەن پىرىستانىغا يېقىنلاپ كېلىپ ئېتىدىن سەكرەپ يەرگە چۈشتى. خىزمەتچىلەرنىڭ ياردىمىنى كۈتمەيلا ئېتىنى يېتىلەپ كېمىگە چۈشمەكچى بولۇپ ماڭدى. ئېتى بىرئاز پۇشقۇرۇپ، كەينىگە تىرەجىگەندى. لېكىن باتۇنىڭ غەيرەتلىك قولى ئۇنى مەيلىگە قويۇپ بەرمىدى. جاھانگىرنىڭ كەينىدىن ئەرەپشاھمۇ كېمىگە قاراپ ماڭدى، بىرنەچچە موڭغۇل بۇلارغا ئەگىشىپ ئۆتۈپ كەتمەكچى بولۇپ كېمىگە قاراپ يۈرگەنىدى. بىراق ئەرەپشاھ ئۇلارنى چۈشۈرمەي ئىتتىرىۋەتتى. موڭغۇللارنىڭ بەزىلىرى ھەتتا سۇغىمۇ چۈشۈپ كەتتى. چۈنكى خان ئولتۇرغان يەرگە ئۇنىڭ رۇخسىتىسىز باشقا ئادەم بىرىشقا يول قويۇلمايتتى. ئەرەپشاھ كېمە پىرىستاندىن ئايرىلغاندىن كېيىنلا سەكرەپ چىقىۋالدى.

كېمە ئۇ قىرغاققا قاراپ ئۈزۈشكە باشلىدى. پالاقچىلار پۈتۈن كۈچى بىلەن پالاق ئۇرماقتا ئىدى. باتۇخان ئاق بوز ئات بىلەن يوغان ئۆركەشلىك سېرىق تۆگىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئەتراپقا قاراپ تۇراتتى. جاھانگىرنىڭ يۈزىگە كۈلكە يۈگۈرگەن بولۇپ كەيپى چاغ كۆرۈنەتتى. ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ كۆڭلى خۇش بولۇۋېرىدۇ - دە؛ ئالدىدا تۇرغان باي زېمىن بىلەن كۆپلىگەن خەلقنى بېسىۋېلىپ ئۆزىگە بويسۇندۇرۇش ئالدىدا تۇراتتى. ئۇنىڭ بېشى ئاسمانغا يېتىپ، شۆھرىتى ئالەمگە يېيىلمامدۇ. بىر چاغدا باتۇخان گىلەمدەك يوغان يېپەك ياغلىققا پۈركىنىپ، تىزلىنىپ ئولتۇرغان جۈنى كىچىك ئايالغا بۇرۇلۇپ:

— ھەي كېلىنچەك، ئىسمىڭ نېمە؟ — دېدى.

— ئىسمىم يۇلتۇز جانابلىرى.

— بۇ ياخشى ئىسىمكەن. يۇلتۇز دېگەن ماڭدىغان يول-

نى كۆرسىتىدىغان شام چىراغ. كىشىلەرگە سەپىرىڭىز خەيرلىك بولسۇن، دېگەننىڭ ئورنىدا، ئۇنىڭ يېنىڭىدىن ئاي تۇغسۇن، سول يېنىڭىدىن يۇلتۇز دەپمۇ قويىدۇ، ئەمەسمۇ.

شۇنداق دەپ تۇرغاندا بۇلارنىڭ يېنىغا خىتاي ئالىمى لى توگىپو كەلدى.

— بۈگۈن بۈيۈك ئىشنىڭ قۇتلۇق كۈنى، — دېدى ئۇ. — جانابىي ئالىيلىرى، سەن بۈگۈن غەرب بىلەن شەرقنىڭ چېگرىسى بولغان ئەزىم دەريادىن ئۆتۈۋاتىسەن. بۇ دۇنيادا سەن غالىب كەلمەيدىغان ئەل يوق. سەۋەبى بۇرۇنمۇ ۋە ھازىرمۇ سېنىڭ قوشۇنىڭدەك كۈچلۈك قوشۇن بۇ دۇنيادا بولغان ئەمەس. قورال - يارىقىڭ خىل، مىنگەن ئاتلىرىڭ ياخشى. ماۋۇ يۈز ئېتىڭ ئات ئەمەس — ئاتنىڭ ئىچىدىن چىققان دۇلدۇل. ئاتلىرىڭنىڭ ھەممىسى شۇنداق. ماۋۇ تۇرغان تۆگە ئەمەس — تۆگىنىڭ ئىچىدىن چىققان يەل تاپان. تۆگىلىرىڭنىڭ ھەممىسى بۇنىڭغا ئوخشايدۇ. ئالدىڭدا تۇرغان يۇلتۇز خېنىم، يۇلتۇز دېمە يۇلتۇزنىڭ ئۆزى! ئاياللارنىڭ پادىشاھى. ئۇنىڭ تولۇن ئايدەك كۈلۈپ، تاڭ ئالدىدىكى چولپاندەك پارلىداپ تۇرغىنىنى كۆرمىدىڭمۇ! دۈشمىنىڭ نەدە تۇرغان دەپ ئەر يۈرەك يىگىتلىرىڭ مانا ئەتراپىڭدا تۇرۇپتۇ! ئەمدى سېنىڭ نېمە ئارمىنىڭ بار. سېنىڭ يولۇڭ بولمىسا، كىمنىڭ يولى بولاتتى! بەخت ساڭا قۇچاق ئېچىپ كەلمەي كىمگە كېلەتتى!

شۇ چاغدا خىتاي دېدەك يۇلتۇزنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلاپ بىر نېمىلەرنى دېدى.

قېيىن ئانىسى ئورپەجان خانىشنىڭ: «يېنىڭدىكى خىتاي دېدەكنىڭ ئېيتقان سۆزىنى ئاڭلاپ كېپىگە كىرگەيسەن. ئۇ سېنى ئۆمۈر بويى يامان يولغا باشلايدۇ.» دېگەن سۆزلىرى ئېسىگە چۈشۈپ، يۇلتۇز ئولتۇرغان ئورنىدىن سوزۇلۇپ تۇردى.

لېكىن ئۇرنىدىن تۇرغاندىن كېيىن، خاننىڭ ئالدىدا ئېچىلىپ-
يېيىلىپ سۆزلەش ئۇنىڭغا ئوڭايغا چۈشمىدى. ئەمدىگىنە كۆزى
ئېچىلىۋاتقان بايقۇش قىسىلىپ - ئەيمىنىپ تۇرغانلىقتىن يۈ-
زىگە قان يۈگۈرۈپ ۋىللىدە قىزىرىپ كەتتى. شۇنداق بولسىمۇ
ئۆزىگە - ئۆزى غەيرەت بېرىپ، ئاھاڭىنى بىر ئاز كۆتۈرۈپ
سۆزلەشكە باشلىدى.

— سەن قاپقارا ئىگىۋ تۈن ئاسمىنىنى يوپيورۇق قىلىپ،
ئىقىپ ئۆتىدىغان قۇيرۇقلۇق يۇلتۇزدەك پۈتۈن ئالەمنى كېزىپ
چىقىسەن! دەھشەتلىك بوراندەك، قارشى چىققان دۈشمىنىڭنى
پاكپاكىز سۈپۈرۈپ ماڭىسەن! يەر - جاھاننى زىلزىلىگە سال-
غان سانسىز موڭغۇل قوشۇنىنى باشلاپ ئۇلارنى غەلىبىدىن -
غەلىبىگە يەتكۈزىسەن!... — دېدى ئۇ تىترىگەن زىل ئاھاڭدا.

باتۇخان قاپىقىنى ئېچىپ مىيىقىدا كۈلدى. ئاندىن ناھا-
يىتى تېزلا ئۇنىڭ چىرايىدىكى كۈلكە ئۆچتى. بىر ئازدىن كې-
يىن، ئۇ سالقىن ئاھاڭ بىلەن:

— مەن ئالدىمغا بىر ئۇلۇغۋار ۋەزىپىنى قويدۇم. ئۇ بول-
سىمۇ پۈتكۈل ئالەمگە موڭغۇل خەلقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئور-
نىتىش. بۇ ۋەزىپىنى ئورۇنداشتىن قالغان مېلىم - مال، جې-
نىم - جان! ئەگەر بۇيرۇغان بولسا، دۈشمەنلىرىمنى يەر بى-
لەن يەكسان قىلىپ پۈتۈن دۇنيانى ئالقىنىمغا ئالىمەن! — دېدى.

ئاق بوز ئات دۈپدۈگىلەك يوغان كۆزلىرىنى تىكىپ چۆچۈ-
گەن ھالدا سۇنىڭ دولقۇنلىرىغا قاراپ تۇراتتى. پالاقلار يۈ-
قىرىغا كۆتۈرۈلگەندە ئۇ بېشىنى سىلكىپ قۇلىقىنى دىك قىلىپ
قوياتتى. كېمىنىڭ ئىككى تەرىپىدە بويىغا ئىشىنىپ مۈچەل
يىلدىن قورۇق قالغان بىغەم تۆگە نەگە كەلگەنلىكى بىلەن
ئىشى يوق يالتىراپ تۇرغان سۇغا قاراپ، ئۆز - ئۆزىدىن خۇ-
شال بولۇپ شادلىققا چۆمگەندەك قىلاتتى.

www.uyghurkitap.com

كۆپ ئۆتمەي كېمە قارشى قىرغاققىمۇ يېقىنلاپ قالدى. سۇ بويىدىكى قۇمدا يۈزچە موڭغۇل نۆكەرلىرى قاتار تىزىلىپ تۇرغانىكەن. ھەرقايسىسىنىڭ قولىدا بىردىن ئۇزۇن نەيزە بولۇپ، نەيزىلىرىگە باغلىۋالغان پۆپۈك شامالدا يەلپۈنۈپ تۇراتتى.

كېمە قىرغاققا يېتىپ كېلىش بىلەنلا سۇنايچىلار بىردەك «ئەمرىڭ قۇللۇق!» دېگەن ئالاھىدە كۈينى ئورۇندىدى. بۇ پادىشاھقا سادىقلىقىنى بىلدۈرۈشنىڭ بەلگىسى ئىدى.

موڭغۇل - تاتارلارنىڭ يەر - جاھاننى زىلزىلىگە كەلتۈرگەن زور قوشۇنىنىڭ ئىدىل دەرياسىدىن ئۆتۈشى خېلى كۈنلەرگە سوزۇلدى. چوڭ - كىچىك قارا ماي سۈركەلگەن قارا قېيىقلار ئۇرغۇنلىغان نۆكەرلەرنى، ئۇلارنىڭ خۇرجۇن - قاچىلىرىنى، يېمەك - ئىچمەك، قازان - قومۇچ، ئارپا - بۇغدايلىرىنى توختىماي توشۇدى. كۆپچىلىك قېيىقلار يېتىشمىگەنلىكتىن چەكزە، تاختاي كۆپتۈرۈلگەن تۇلۇملاردىن سال باغلاپ ئۆتتى. تۆگە ۋە باشقا ماللارمۇ مۇشۇ سال ئارقىلىق ئۆتكۈزۈلدى. بۇ ماللارنىڭ بىرى مۆرەپ، بىرى ھۆركىرەپ، بىرى بوزلاپ بىر مەھەل بۇ دەريا ساھىلىنى قىيا - چىيا شاۋقۇنى قاپلاپ تۇردى.

باتۇخان ئۇراق تاغنىڭ قاپتىلىدا قىسقا ۋاقىت توختاپ دەم ئالدى. دەريادىن ئۆتكەندە ئالدىنقى قىسىملىرىنى قىپچاق ئېلىنىڭ كەڭ سەھرالىرىغا يولغا سالدى. ئۇ يەنە: «قىپچاقلار غەرب بىلەن جەنۇبقا قاراپ سۈرۈلمەكتە. سىلەر ئۇلارنى تېز قوغلاپ يېتىپ، چېكىنىش يولىنى توسۇڭلار» دەپ يارلىق چۈشۈردى.

— قارشىلىق كۆرسەتكەنلەرنىڭ بىرىنى قالدۇرماي قىرىپ تاشلاڭلار! — دېدى باتۇخان نۆكەرلىرىگە. — ئەگەر قەبىلىسى ياكى پۈتكۈل ئېلى بىلەن تەسلىم بولغان قىپچاق خانلىرى بولسا بۇلارنى ئۆزۈڭلارغا قوشۇۋالساڭلار بولىدۇ. لېكىن ئۇلارنىڭ بارلىق مال - مۈلكى موڭغۇل قوشۇنلىرىنىڭ

ئۇرۇشتا قولغا چۈشۈرگەن غەنىيمەتنى ھېسابلىنىشى كېرەك. قىپچاقتا ئوخشاش خەلقلەرنىڭ مېنىڭ بۈيۈك قوشۇنۇمغا كىرىشى بىر شان - شەرەپ! ئەگەر مېنىڭ قوشۇنۇمغا كىرىپ ياۋنى يەڭسە ئۇلار ھېسابسىز بايلىققا كۆمۈلۈپ، مەرتىۋىسى تېخىمۇ ئۆرلەيدۇ...

## ئون تۆتىنچى باب

# ئوراق تېغىدىكى سېھىرگەر

ھىجرىيە 634 - يىلىنىڭ (مىلادى 1237 - يىلى) كۈزدە باتۇخاننىڭ قارارگاھى ئىدىل دەرياسىنىڭ قىرغىقىدىكى، ئىدىلغا سول تەرەپتىن قۇيۇلىدىغان ئارسلان دەرياسىنىڭ ئۇدۇلىدىكى ئوراق خان تېغى① بولدى.

خاننىڭ ئالتۇن چېدىرى شۇ تاغنىڭ ئېتىكىدىكى شىلدىرلاپ ئېقىپ تۇرغان كىچىك بىر بۇلاقنىڭ بويىغا تىكلەنگەنىدى. چېدىرنىڭ سىرتىدىكى ياغاچتا دائىم توققۇز ئات باغلاقلىق تۇراتتى. ھەممىسى ھازىر بەيگىگە چۈشىدىغان تولپارلاردەك يارامىلىق ئاتلاردىن ئىدى.

بۇ توققۇز تولپارنىڭ ئىچىدە باتۇخاننىڭ ئاق بوز ئېتى شاشلىقى بىلەن باشقىلاردىن ئۆزگىچە پەرقلىنىپ تۇراتتى. بۇ ئاتتا نۇقسان يوق ئىدى. سۆڭىكى قاملاشقان، غاز بويۇن، قومۇش قۇلاق بولۇپ، ياللىرى يىپەكتەك يەلپۈنۈپ تۇراتتى.

---

① ئوراق تاغ ھازىرغىچە شۇ نام بىلەن ئاتىلىپ كەلمەكتە. ئوراق تېغىنىڭ ئەتراپىدىن بۇرۇنقى زامانغا دائىر قېزىلمىلار كۆپ چىقىدۇ.

بۇلارنىڭ كەينىدە تاقا شەكلىدە قىلىپ باتۇخاننىڭ يەتتە يۇلتۇزنىڭ چېدىرى تىكىلگەنىدى. جاھانگىرنىڭ چېدىرى بۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا بولۇپ، چېدىرنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئېگىز بىر خادا قادالغان ۋە خادىنىڭ ئۇچىغا خاننىڭ توققۇز قۇيرۇقلۇق بايرىقى ئېسىلغانىدى.

چىڭگىز نەسلىدىن بولغان باشقا خانزادىلەر ئۆز چېدىرلىرىنى ئىدىل دەرياسىنىڭ بويىغا تىكتۈردى. بۇ خانزادىلەرنىڭ قايسىسى بولسۇن ئۆز چېدىرىنى تاقا شەكلىدە ئايلاندۇرۇپ تىكىلگەن نۇرغۇن كىچىك ئۆيلەرنىڭ ئوتتۇرىسىغا قۇرغانىدى. ئادەتتە بۇ كىچىك ئۆيلەردە خانلارنىڭ مۇھاپىزەتچى تۇرغاۋۇتلىرى، پىرىخۇن، باخشىلار، رەممالار، بۈركۈت، قارچىغا باغلايدىغان قۇشچىلار، تايغانچىلار، ھۈنەرۋەنلەر، كائايچىلار ۋە باشقا شۇنىڭغا ئوخشاش نۆكەرلەر تۇراتتى.

تاتار - موڭغۇل قوشۇنلىرىغا يولدىن قوشۇلغان ھەرقايسى ئەللەرنىڭ سانسىز قوشۇنلىرى دەريانىڭ ئىككى تەرىپىدە چۇمۇلىدەك مىغىلداپ يۈرەتتى. ئۇلاردىن كۆتۈرۈلگەن ۋاڭ - چۇڭ ئاسمان گۈمبىزىدە توختاۋسىز شاۋقۇنلايتتى.

سانسىزلىغان قېيىقلار ۋە ساللاردا قوشۇنلار ۋە ئاتلار، باشقا ھەرخىل مال - مۈلۈكلەر توختاۋسىز توشۇلۇشقا باشلىدى.

دەريانىڭ سول قىرغىقىدا ئوت - چۆپ ئىنتايىن مول ئىدى. دەريادىن تېخى ئۆتۈپ بولمىغان نۆكەر - قىسىملارنىڭ نەچچە مىڭلىغان ئاتلىرى ئۇ يەرلەردە توپ - توپى بىلەن بەخىرامان ئوتلاپ يۈرەتتى.

قوشۇنلار دەريادىن پۈتۈنلەي ئۆتۈپ بولۇپ ئۈچ كۈندىن كېيىن، پۈتكۈل موڭغۇل قوشۇنىنىڭ ئىدىل دەرياسىنىڭ ئوڭ قىرغىقىغا ئامان - ئېسەن ئۆتكەنلىكى، بۇ يەردىن ھېچكىم بىلمەيدىغان يات ئەللەرگە رەھىمسىز ھۇجۇم باشلىنىدىغانلى-

قىنىڭ ھۆرمىتىگە ئاتاپ نادىم① دېگەن چوڭ بايرام ئۆتكۈزۈلىدىغانلىقى جاكالاندى.

— لەشكىرىي قوماندانلارنىڭ ھەممىسى ئۆزلىرىنىڭ تۇغ-ئەلەملىرىنى ئۇراق تېغىنىڭ ئۈستىگە قاداپ جەۋلان قىلدۇردى. كۆزنىڭ سوغۇق شامىلىدا يەلپۈنۈپ تۇرغان بۇ ھەرخىل رەڭدىكى سانسىزلىغان تۇغلار يىراقتىن قارىغاندا، ئادەمگە خۇددى لاۋۇلداپ يېنىپ تۇرغان ئوتقاشتەك كۆرۈنەتتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە بولۇپمۇ چىڭگىز نەسلىدىن بولغان ئون بىر خانزادىنىڭ ئاجايىپ چوڭ تۇغلىرى ئالاھىدە كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى.

لەرزان سوققان كۈز شامىلى دەريا يۈزىدە ئۇششاق دولقۇن پەيدا قىلىپ، دەريا يۈزىنىڭ پارقىراقلىقىنى بۇزۇپ ئىمىر-چىمىر قىلىۋەتتى. ئۇ تەرەپتە ھېلىمۇ ئۆتۈپ بولمىغان بىرەن-سىرەن قوشۇنلار بىلەن نۆكەرلەر بار ئىدى. جاھانگىرنىڭ يارلىقى بويىچە موڭغۇل قوشۇنىنىڭ تەنتەنىلىك تويىغا قاتناشمايدىغان ئادەم بولماسلىقى كېرەك ئىدى. شۇڭا چوڭ قېيىقلار دەريادىكى دولقۇن كۈچەيگىچە ئۇ قاتتىكى ئادەملەرنى ئۆتكۈزۈۋېلىشقا ئالدىرايتتى.

باتۇخاننىڭ پەقەت بىرلا ئەندىشىسى بار ئىدى. ئۇ بولسىمۇ، ئۇراق تېغىدا ھەرتۈرلۈك سېھىرگەر، خاسىيەتلىك ئادەملەر بار، ئەگەر ئۇلارنىڭ نەپرىتىگە ئۇچراپ كەتسەك ئىنتايىن يامان بولىدۇ، دېگەندىن ئىبارەت ئىدى. شۇڭا ئۇ ئەڭ يېقىن دېگەن خانلىرىنى چاقىرتىپ بۇ ئىش توغرىسىدا ئۇلار بىلەن بىرنەچچە قېتىم سۆھبەتلەشتى. ئۇ، ئەگەر ئۇلارنىڭ قارغىشى تېگىپ، بۇ ئەزىم دەريا قىنىدىن تاشقان بولسا، بىرىمىز قالماي سۇغا غەرق بولىمىز، دەپ ئۆز ئەندىشىسىنى بىلدۈردى.

---

① نادىم — موڭغۇللارنىڭ خەلق بايرىمى. ھازىرمۇ بۇ بايرامنى ئۆتكۈزىدۇ.

www.uyghurkitap.com

ئوراق تېغىدا سېھىرگەرلەر بار دېگەننى راست ئىدى. موڭغۇللار بېسىپ كىرگەندە ئۇلارنىڭ كۆپى يوشۇرۇنغانىكەن. ھەرھالدا موڭغۇللار ئۇلارنىڭ بىر قىسمىنى تېپىۋالدى. پەقەت ئۇلارنىڭ ئەڭ چوڭى قازىق دېگەن سېھىرگەر ئوراق تېغىنىڭ قىيالىقىدىكى ئۆڭكۈرگە كىرىۋېلىپ ئاغزىنى بېكىتىۋالدى. ئۇ ھەتتا شۆھرىتى پۈتۈن ئالەمگە يېيىلغان موڭغۇل قوشۇنىنىڭ بۈيۈك داھىيسىغا باش ئېگىپ سالام بېرىش ئۈچۈنمۇ چىقمىدى. ئۆڭكۈر ئېغىزىنىڭ ئەتراپىغا قويۇلغان كۆزەتچىلەر، موڭغۇللارنىڭ ھېچقايسىسىنى يېقىن يولاتمىدى.

راستىنى ئېيتقاندا بۇ كۆزەتچىلەرنىڭ ئىشىنى بىر موڭغۇل لەشكىرىنىڭ ئۆزىلا پۈتتۈرۈۋەتكەن بولاتتى. لېكىن باتۇخاننىڭ، سېھىرگەرلەرگە تەگمەڭلار، ئۇلارنىڭ زىتىغا تېگىپ رەنجىتمەڭلار، بەلكى ئۇلارنى قەدىرلەپ ھۆرمەتلەڭلار، دەپ قوشۇنلارغا چۈشۈرگەن ئىنتايىن جىددىي بۇيرۇقى بار ئىدى. شۇڭا خاننىڭ رۇخسىتىسىز ئۆڭكۈرگە ئۇرۇپ - سوقۇپ ھېچكىم بېسىپ كىرىشكە جۈرئەت قىلالمايتتى.

— ئاسماندىكى چاقماقنىڭ چېقىلىشىنى بەلگىلەيدىغان كۆكتاي مەرگەن دېگەن ئاسمان تەڭرىسى بار ئىدى. ئەگەر ئۇ كايىپ غەزەپلىنىدىغان بولسا، كىشىلەرنىڭ بېشىغا چاقماق چۈشىدۇ. ئۇنداق كۈنلەردىن تەڭرى ئۆزى ياقلىسۇن، بولمىسا ئۇنىڭدىن ئادەم بالىسى قۇتۇلۇپ كېتەلمەيدۇ. شۇڭا، قايسى ئەلنىڭ خەلقلىرى بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇلارنىڭ سېھىرگەرلىرىگە پېرىخون، باخشىلىرىغا قەتئىي تەگمەسلىك كېرەك. ھەتتا ئۇلارنىڭ ئۇنداق، يا مۇنداق ئېغىرچىلىقلىرى بولسا يەڭگىللىتىپ بەزى ئارتۇقچىلىقلىرىنى ئەتىۋارلاش كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا، ئۇلار تەڭرىگە سېغىنىپ، ئەي تەڭرى موڭغۇل قوشۇنلىرىغا يۆلەك بولغايسەن، ئۇلارنىڭ ئىشلىرىنىڭ ئوڭۇش-

لۇق بولۇشىغا ئاسانلىق بەرگەيسەن، دەپ تەڭرىدىن تىلەيدىغان بولدۇم، — دېگەنىدى باتۇخان.

باتۇخاننىڭ خىيالىدا قازىق دېگەن سېھىرگەر قېرى ئاسمان تەڭرىسى كۆكتاي مەركەزنىڭ يەر ئۈستىدىكى ئەڭ ئىشەنچلىك شامانى ئىدى. ئۆزىنىڭ بۇ تويىغا ئۇ قاتتىق ئىشىنەتتى. شۇڭا ئۇ قازىقنى تويغا تەكلىپ قىلىپ ئادەم ئەۋەتتى ۋە ئۇ موڭغۇل قوشۇنلىرىنىڭ سەلتەنەتلىك تويىدا ماڭا دۇئا قىلسۇن، دېدى. بىراق ئۇنىڭ كۆزەتچىلىرى قازىقنىڭ ئۆڭكۈرىگە بارغان نۆكەرلىرىگە: قازىق ھازىر ئىنتايىن قېرىپ، يېشى مىڭدىن ئېشىپ كەتكەچكە، يەرگە بېلىگىچە كىرىپ كېتىپ شۇ بويىچە قېتىپ قالغان، شۇ ۋەجىدىن ئۇنى ئورنىدىن تۇرغۇزۇشقا مۇمكىن بولمايدۇ، دەپ جاۋاب بەردى.

بۇنى ئاڭلىغان باتۇخان ئۆزىنىڭ ئەڭ دانا مەسلىھەتچىسى سۇبىتاي باھادىرنى چاقىرتىپ ئۇنىڭغا مەسلىھەت سالدى.

— ئۇ سېھىرگەر بىلەن قانداقلا بولمىسۇن بىر كۆرۈشمىسەك بولمايدۇ، ئەڭ بولمىغاندا ئۆڭكۈردە نېمە ئىش قىلىۋاتقانلىقىنى بىلىۋېلىشىمىز كېرەك. كىم بىلىدۇ دەيسەن، ئۇ بىزنىڭ بېشىمىزغا بىرەر بالايىئاپەت تىلەپ يۈرەمدۇ تېخى؟ ئۇنىڭغا سوۋغا-سالام ئۈچۈن ئازراق سيير ياكى يىلقا بەرسەك قانداق بولار؟ بولمىسا ئۇنى ئەپلەپ قولغا چۈشۈرۈپ ئاندىن كۆزدىن يوقىتايلى. شۇ چاغدا ھەممىمىز خاتىرجەم بولاتتۇق، — دېدى ئۇ سۇبىتايغا.

خاننىڭ بۇ سوئاللىرىغا سۇبىتاي مۇنداق دەپ جاۋاب بەردى:

— ئۇنداق ياشانغان كىشىلەر قەدىرلەپ ھۆرمەتلىگەننى ناھايىتى ياخشى كۆرىدۇ. ئەگەر سوۋغا تەقدىم قىلىدىغان بولساق، ئۇنىڭغا مالدىن كۆرە ئالتۇن-كۈمۈش ۋە قىممەتلىك

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئاشلاردى بەرگىنىمىز ياخشى. لېكىن مېنىڭ بىر ئەندىشەم بار، ئۇ قول ئاستىدىكىلەردىن خالىغانچە ئالتۇن - كۈمۈش يىغىۋالغان بولۇشى مۇمكىن. ئەگەر شۇنداقلا بولىدىغان بولسا، ئۇ هالدا، ئۇ ئالتۇن - كۈمۈشكە ئانچە قىزىقىپ كەتمەس، بىزنىڭ بەرگەن ئاز - تولا ئالتۇن - كۈمۈشىمىزنى نەزەرىگىمۇ ئىلىپ قويماس دەيمەن. چۈنكى بىز ئۇنىڭغا هازىر ئۇنچىۋالا كۆپ ئالتۇن تېپىپ بېرەلمەيمىز - دە.

سۇبىتاينىڭ بۇ سۆزلىرىگە باتۇخان مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى.

ئالتۇن بېرىشكە خاننىڭ قوشۇلمايدىغانلىقىنى سەزگەن سۇبىتاي باهادىر:

— مەيلى دۇنيا ئاستىن - ئۈستۈن بولۇپ كەتسىمۇ، ئۇ قاقباشنى مەيلىگە قويماي زورلۇق بىلەن ئېلىپ كېلىمەن! — دېدى ئۇ يالماۋۇزنىڭ كۆزىدەك يەكچەشمە كۆزىنى تېخىمۇ چەكچەيتىپ.

— دەرهال ئەرەپشاه يۈز بېشىنى چاقىرىپ كېلىڭلار! — دەپ بۇيرۇق بەردى. هايال ئۆتمەي ئەرەپشاهمۇ يېتىپ كەلدى. ئۇ رەهىمسىز يەكچەشمە قوماندانىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن:

— يالغۇز بارسام ئۇنىڭغا تەڭ كېلەلمەيمەن، — دېدى ئەرەپشاه.

— شامانلاردىن قوشۇپ بېرەي. ئۇلار ساڭا ياردەملىشىدۇ.

— ياق، ئۇلار ياردەم بېرەلمەيدۇ. ئۇ يەرگە بېرىش ئۈچۈن تاللانغان نۆكەرلەردىن يۈزنى بىرگە ئېلىپ بېرىشىم كېرەك.

— يۈز تۇرماق، خالىساڭ ئۈچ يۈزنى تاللىۋالغىن. لېكىن ساڭا دەيدىغىنىم - قازىقىنىڭ جېنىنى ھەرگىز

چىقىلماڭلار، ئەگەر ئۇنداق بولماي، جىن - شەيتانلار ئۇنىڭغا ياردەم قىلىپ قويسا، سىلەر ئۇنى مەڭگۈگە قولغا چۈشۈرەلمەيسىلەر! شۇڭا ئىنتايىن سەگەك بولۇڭلار.

سۇبىتاينىڭ بۇيرۇقى بويىچە چاپارمەنلەر يەنە ئىككى يۈزبېشىنى چاقىرىپ كەلدى. ئۇ ئىككىسىگە ۋەزىپىنى قانداق ئورۇنداش توغرىسىدا چۈشەندۈرۈۋاتقاندا، سۇبىتاي ئۇلارنىڭ يېنىدا سۆزگە قۇلاق سېلىپ تۇراتتى.

— ئاۋۇ ئوراق تېغىدا قازىق دېگەن بىر سېھىرگەر تۇرىدىغانلىقىنى ئاڭلىغانمىدىڭلار؟ — دېدى ئەرەپشاھ.

— ئاڭلىغان، — دېدى يۈز باشلىرى.

— بۈگۈن بىز ئۈچ يۈز قوشۇن بىلەن بېرىپ ئۇ قېرىنى ئۆڭكۈردىن ئېلىپ كېلىشىمىز لازىم. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ تەڭدىشى يوق ھىيلىگەر، قۇدرەتلىك بىر سېھىرگەر بولسا كېرەك. كىشىنىڭ كۆز ئالدىدىلا ئېيىقىقا، بۆرىگە، يىلان - چايانغا، چاشقان ياكى يەردە ئۆمىلەپ يۈرىدىغان قۇرتقا ئايلىنىپ كېتەلەيدىكەن. لېكىن ئۇنىڭ قورقۇپ كەتكۈچىلىكى يوق. بىزمۇ ئۇنىڭدىن قالمايمىز! ئۇنىڭ سېھرى بولسا، بىزنىڭ قولىمىزدا سۇبىتاي باھادىرنىڭ يارلىقى بار! سۇبىتاي باھادىرنىڭ بۇيرۇقىنىڭ ھەرقانداق سېھرلىق نەرسىدىن كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى بىلىسىلەر. سەۋەبى ئىتىنىڭ ئىگىسى بولسا، تۈلكىنىڭ خۇداسى بار دېگەندەك ئۇنىڭ كۆكتاي مەرگىنى بولسا، سۇبىتايغا ئورۇش خۇداسى سۇلدى بار. قۇدرىتى سولدىدىن كۈچلۈك خۇدانىڭ يوقلۇقى سىلەرگە مەلۇم.

— ئېيتقانلىرىڭ بەرھەق! — دېدى سۇبىتاي.

— راستىنى ئېيتساق بىر ئاز قورقۇۋاتىمىز، — دېدى يۈزباشلىرى بىر ئاز قىسىلىپ، — يەكىنمۇ يەك جەڭ قىلىمەن دېسەڭ ھەرقانداق دۈشمەندىن يانمىغان بولاتتۇق. لېكىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

يىلان ياكى قۇرتقا ئايلىنىپ كېتىدىغان سېھىرگەر بىلەن ئۆمرىمىزدە ئېلىشىپ كۆرمىگەن ئىكەنمىز.

— ئۇنداقتا بۈگۈن بەختىڭلارنى سىناپ كۆرۈڭلار. ئەگەر ئۇتۇپ كەلسەڭلار، باتۇخان سىلەرگە زور ئىنئاملارنى بېرىدۇ، — دېدى ئەرەپشاھ.

— ئەرەپشاھنىڭ دېگىنى راست، ئىنئام بېرىلىدۇ، — دېدى سۇبىتاي ئۇنىڭ سۆزىنى قوللاپ.

— بۈگۈن ئۇۋ ئوۋلىغاندا تۈلكە بىلەن بۆرىسۇقنى قانداق قوغلايتتىڭلار؟ دۇنيادىكى جان - جانىۋارلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ قۇۋ، يەتمىش ئىككى خىل نەيرەڭگى بار ھايۋان تۈلكە ئەمەسمۇ. شۇنىمۇ قوغلاپ يۈرۈپ ئاخىرى تۇتاتتىڭلارغۇ. قانچىلىك ھىيلە - مىكىر ئىشلەتسۇن، بۇ تۆشۈكتىن ئۇ تۆشۈككە قاچمىسۇن، ئۇ سىلەرنىڭ قولۇڭلاردىن قېچىپ قۇتۇلالمايتتى. بۇ قېتىممۇ شۇ ھۈنەرىڭلارنى ئىشلىتىپ كۆرۈڭلار...

سېھىرگەرلەرمۇ ئاشۇ تۈلكە، بۆرىسۇقلارغا ئوخشاش تاغۇ تاشلارنىڭ كامارلىرىدا يوشۇرۇنۇپ يۈرىدۇ. ئۇلارنى شۇ كامارلاردىن چىقىرىۋالساڭلارلا ئىش ئاسان بولىدۇ...

— چۈشەندۇق.

— ئالدى بىلەن پۈتۈن نۆكەرلەر ئارقىلىق تاغنى قورشىۋېلىڭلار. ھەربىر كامارنىڭ ئالدىغا ئادەم قويۇڭلار. ئەگەر ئۇ سېھىرگەر يەنىلا شۇ ئۆڭكۈردە تۇرغان بولسا، سىلەر ئۇنى بىمالال تۇتۇۋالالايسىلەر. ئەگەر ئۇ قېچىپ كەتكەن بولسا، ھەرھالدا ئۇزۇنغا كېتەلمىدى. شۇ ئەتراپتا بولۇشى مۇمكىن. ئۇ ھالدا ھەربىر قولۇڭلارغا چۈشمەي قالمايدۇ...

— چۈشەندۇق.

— بىرەر يەرگە يوشۇرۇپ قويغان ئات ۋە تۆگىلەرنىڭ بار - يوقلۇقىغا ئالاھىدە دىققەت قىلىڭلار. ئادەم كىرگۈدەك

تۆشۈكلەرنىڭ ھەممىسىنى ياخشى تەكشۈرۈپ ئۇنىڭ ئاغزىغا ئادەم قويۇڭلار.

— چۈشەندۇق.

— ئىتلارنى ئەكەتتۈرۈۋېلىڭلار. ئۇلارنىڭ ئىنتايىن سەزگۈر، ئىزچى ئىكەنلىكى سىلەرگە ئايان. ئۇلارنىڭ بىزگە كۆپ پايدىسى تېگىدۇ. مەن ئۆزۈم چوڭ ئۆڭكۈرنىڭ ئېغىزىغا بېرىپ، ئۇ يەردىكى قازىقنىڭ ياردەمچى سېھىرگەرلىرىنى كۆزىتىپ تۇراي، — دېدى ئەرەپشاھ.

شۇنداق قىلىپ ئۈچ يۈز ئاتلىق قوشۇن قازىق سېھىرگەرنى تۇتۇش ئۈچۈن ئاتلاندى. «ئەگەر سېھىرگەرنى تۇتۇپ كېلىدىغان بولساڭلار، باتۇخان ھەرقايسىڭلارغا كۆپ ئىنئام بېرىدۇ» دېدى سۇبىتاي ئۇلارغا. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇراق تېغىدىكى سېھىرگەرلەرنىڭ خەزىنىسى بارىمىش، ئۇلار بارلىق ئالتۇنلىرىنى شۇ يەرگە يوشۇرغانمىش دېگەن گەپلەرنى ئاڭلاپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئەس - يادى ئاشۇ ئالتۇندىن بىرەر خالتىغا ئىگە بولۇشتا قالدى. تاغ ئانچە چوڭ بولمىغاچقا، قوشۇنلار بىردەمدىلا تاغنى پۈتۈنلەي قورشىۋېلىپ، ھەربىر تۈپ چاتقال، ھەربىر كامارنى تەكشۈرۈپ ماڭدى.

ئەرەپشاھ تاغدىكى ئەڭ چوڭ ئۆڭكۈرنىڭ ئاغزىغا بېرىپ، شۇ يەردە قازىقنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ مىدىر قىلماي تۇردى. ئۆڭكۈرنىڭ ئاغزىنى يوغان بىر تاش بىلەن يېپىپ تۆۋەن تەرىپىنى پارچە تاشلار بىلەن باستۇرۇپ قويۇپتۇ. بىر ھازادىن كېيىن ئۇشتۇمتۇت بىر تاشنىڭ ئاستىدىكى كىچىككىنە تۆشۈكتىن ئۇچلۇق بۆك كىيگەن، كۆزلىرى ياشاڭغىراپ تۇرىدىغان بىر چالنىڭ بېشى كۆرۈندى. ئۇنىڭ ئاغزىدا بىر تالمۇ چىشى يوق ئىدى. سۆزلىگەندە ئېڭىكى بۇرنىنىڭ ئۇچىغا تېگىپ، چۈشىنىكسىز بىر نېمىلەرنى بىلجىرلايتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

— قازىق دېگەن ئەڭ چوڭ سېھىرگەر مۇشۇمىدۇ؟ — دەپ سورىدى ئەرەپشاھ ئۆڭكۈر ئالدىدا تۇرغان كۆزەتچىلەردىن.

— ياق، بۇ ئۇنىڭ نەۋرىسىنىڭ چەۋرىسى. قازىق بولسا ئۆڭكۈرنىڭ ئەڭ ئىچكىرىسىدە ئولتۇرىدۇ. ئۇ ئورنىدىن قوزغىلالمايدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ پۇتلىرى يەرگە كىرىپ خۇددى دەرەخنىڭ يىلتىزىغا ئوخشاش ھەر تەرەپكە يىلتىز تارتىپ كەتكەن! — دېدى ئۇلار.

ئۆڭكۈر ئالدىدا تۇرغانلارنىڭ ھەممىسى قازىقنىڭ ياردەمچىلىرى ئىكەن. ئۇلار: «بۇ ئۆڭكۈرگە ھېچقانداق ئادەمنىڭ كىرىشىگە بولمايدۇ. كىرىمەن دېگەن ئادەممۇ كىرەلمەيدۇ. ئۆڭكۈرنىڭ يۇقىرىدىن باشقا ئىشىكىمۇ يوق. قازىق سىرتقا چىقماقچى بولسا، پەقەت كېچىسى شەپەرەڭ بولۇپ ئۇچۇپ چىقىدۇ» دېيىشتى. ئۇلار بۇنىڭ راستلىقى توغرىسىدا جېنىنى تىكىپ قويۇپ قەسەم ئىچىشتى. «ئەگەر ئېيتقانلىرىمىز يالغان بولسا، بېشىمىزغا بۇ دۇنيانىڭ ئەڭ ئېغىر كۈلپەتلىرى چۈشۈپ ۋەيران بولايلى» دەپ قوللىرىنى جۈپلەپ ئېگىز كۆتۈرۈشتى.

ئاخىرى ئەرەپشاھ توتقۇنلار كەلتۈرۈلسۇن! دەپ قوشۇنلىرىغا بۇيرۇق بەردى. يول ئۈستىدە رۇسلاردىن نۇرغۇن كىشى توتقۇن قىلىنغانىدى. قوشۇنلار شۇلارنىڭ بىر قىسمىنى ئۆڭكۈرنىڭ ئالدىغا ھەيدەپ كەلدى. توتقۇنلارنىڭ قوللىرىدا كەتمەن، گۈرجەك بار ئىدى. ئۇلار كېلىپلا ئۆڭكۈرنىڭ ئېغىزىنى ئاچماقچى بولۇپ ئەتراپىنى قازدى. ئەرەپشاھ ئۆڭكۈرنىڭ كىچىككىنە تۆشۈكىنىڭ ئالدىغا كېلىپ تۇرۇپ توتقۇنلارغا بۇيرۇق بېرىپ تۇردى. توتقۇنلار تۆشۈكنى كېڭەيتىپ قېزىۋەردى. بۇ چاغدا ھېلىقى تۆشۈكتىن تويۇقسىز بىر مۈشۈك ياپىلاق كۆرۈندى. مۈشۈكياپىلاق دۈپدۈگىلەك، چېقىر كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ ئىككى قانىتىنى يەرگە ئۇرۇپ چىرقىراشقا باشلىدى.

ئەرەپشاھ مۈشۈكياپىلاقنى قانىتىدىن تۇتۇپ «ئۇچۇپ كەتكىن!» دېدى - دە، ئاسمانغا قارىتىپ ئاتتى. مۈشۈكياپىلاق قانىتىنى يېيىپ تۆۋەنگە سىزۇلۇپ بىرئاز ئۇچقاندىن كېيىن بىر تېرەككە كېلىپ قوندى.

شۇ چاغدا ئۆڭكۈر ئالدىدا تۇرغان سېھىرگەرلەرنىڭ بىرى ئەرەپشاھقا قارىغۇياپىلاقنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ:

— قازىقىنىڭ سىلەرگە ئاچچىقلىنىپ، مۈشۈكياپىلاق بولۇپ ئۇچۇپ كەتكىنىنى كۆردۈڭمۇ. بىزنىڭ سۆزىمىزگە كىرمىگەندىن كېيىن، ئەمدى ئۇۋالىڭ ئۆزۈڭگە. ئۇنىڭ قارغىشى ئىنتايىن يامان. بۈگۈن كېچىدە قاتتىق بوران چىقىپ، دەريانىڭ سۈيى تاشىدۇ. شۇ چاغدا جىم ياتقان يىلاننىڭ قۇيرۇقىنى دەسسىمە دېگەننىڭ نېمىلىكىنى بىلىسىلەر... — دېدى.

— ئەگەر ئۇنداق بولىدىغان بولسا تېخىمۇ ياخشى! — دېدى ئەرەپشاھ، — ئۇ چاغدا ئۇراق تېغىدىكى سېھىرگەرلەرنىڭ بىزگە يامانلىق قىلىۋاتقانلىقىنى بىزنىڭ قوشۇنلىرىمىز بىلىدۇ - دە، بىرىڭلارنى قالدۇرماي تىرىك ئوتقا تاشلايدۇ.

— يائاللا ھەرگىز ئۇنداق قىلماڭلار! — دېدى چۆچۈگەن سېھىرگەرلەر. — بىز ھەرگىزمۇ سىلەرگە يامانلىق ئويلىمايمىز. بەلكى سىلەرگە ھامان ياخشىلىق تىلەپ كېلىۋاتىمىز. يولۇڭلار ئاق بولسۇن، دۈشمىنىڭلار ئالدىڭلاردا خار بولسۇن دەيمىز... ياتساقمۇ، قوپساقمۇ بىزنىڭ ئويلايدىغىنىمىز مۇشۇ.

تۇتقۇنلار ئۆڭكۈرنىڭ ئېغىزىدىكى تاشنى ئۇياققا قوزغاپ، بۇ ياققا قوزغاپ ئاخىرى ئاچتى. ئەرەپشاھ شۇ زاماتلا ئىككى موڭغۇل لەشكىرىنى ئېلىپ ئۆڭكۈر ئىچىگە كىرىپ كەتتى. باشقا نۆكەرلەرنىڭ ھەممىسى سىرتتا قالدى. ئۇلار كۆزەتتە تۇرغان بارلىق سېھىرگەرلەرنىڭ ھەممىسىنى چەمبەرچاس قىلىپ باغلىدى. سېھىرگەرلەر دەسلەپتە ھۆركىرەپ، يۇلقۇنۇپ

ئويغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

باقتى. لېكىن بەرنازدىن كېيىن ۋايجان ـ ۋاييەي دەپ يـ
لاشقا باشلىدى.

— قازىنقا تەگمەڭلار! ئەگەر ئۇنىڭغا تېگىدىغان بولساڭلار يەر ئوتتۇرىدىن بۆلۈنۈپ زامان ئاخىر بولىدۇ! — دەپ ئۇلار قالايمىقان ۋارقىراشقا باشلىدى.

ئۆڭكۈرنىڭ ئىچىدا ياغاچتىن ياسالغان تاختا پەنلەر بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىدە ھەر تۈرلۈك ياۋايى ھايۋانلارنىڭ تېرىسى ياتاتتى. ئۆڭكۈرنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۈچ پۇتلۇق ئوچاق بولۇپ، ئوچاقنىڭ ئۈستىدە چوڭ مىس قازان. قازان ئاستىدىكى ئوت تېخىچە يېلىنجاپ تۇراتتى. سەل نېرىدا چوڭ بولغار ساندۇقلار، بۇ ساندۇقلارنىڭ ئەتراپىدا ئالدىراشلىقتىن قالايمىقان تاشلاپ قاچقان كىيىم ـ كېچەك، تېرە، مىستىن ياسالغان ئىدىش ـ قاچىلار چېچىلىپ ياتاتتى. ئۆڭكۈرنىڭ تۆرىدىكى قاراڭغۇلۇقتا ئېگىز ھەيۋەتلىك بىر بۇت تۇراتتى.

ئەرەپشاھ بىر ياغاچنى ياندۇرۇپ يۇقىرى كۆتۈرۈۋىدى، ئۆڭكۈرنىڭ ئىچى خۇددى كۈندۈزدەك يورۇپ كەتتى. ئۆڭكۈرنىڭ تۆرىدىكى تاشتىن ياسالغان بۇت ئەمدى تېخىمۇ ئېنىق كۆرۈندى. ئۇنىڭ بويى ئادەم ئېگىزلىكىنىڭ ئىككى باراۋىرىگە تەڭ كېلەتتى. كۆزلىرى چانىقىدىن ھېلى چاچراپ چىقىپ كېتىدىغاندەك چەكچىيىپ تۇراتتى. قولى زىيادە ئۇزۇن بولۇپ تىزىدىن ئېشىپ ساڭگىلاپ تۇراتتى. ئەكسىچە ئۇنىڭ پۇتى ئىنتايىن قىسقا ئىدى. ئەتراپ جىمجىت، تىرىك جاندىن ئەسەر يوق ئىدى.

— ھەتتىگېنەي قازىنى قېچىپ كېتىپتۇ ـ دە! — دېدى نۆكەرلەرنىڭ بىرى.

— قاچىسىمۇ ئۇزۇنغا كېتەلمەيدۇ. مۇشۇ ئەتراپتا بولۇشى كېرەك. — دېدى ئىككىنچى بىرى.

— قىرغىقىدىن يېرىكى قېپىدىن چىقىپ كېتەي دەپتۇ-دە! ئالدىرىغىنىدىن چۈشۈپ قالغان ئالتۇنغىمۇ قارىماپتۇ، — دېدى ئەرەپشاھ چېچىلىپ ياتقان بىرنەچچە تال تىللانى كۆرسىتىپ. يەردىكى پارقىراپ تۇرغان تىللالارنى كۆرگەن نۆكەرلەر بىر-بىرىنى ئىتتىرىپ ئېلىپ يانچۇقلىرىغا سېلىشتى. بۇ تىللالار قەدىمكى زامان تەڭگىلىرى بولسا كېرەك. ئۈستىگە چۈشۈرۈلگەن لاۋۇلداپ يېنىپ تۇرغان ئوتنىڭ سۈرىتى يالىنىپ ئۆچۈپ كېتەي دەپ قاپتۇ.

ئەرەپشاھ ئالدىرىماي بۇتنىڭ يېنىغا كەلدى. بۇت بىر تاش تاختىنىڭ ئۈستىگە ئورۇنلاشتۇرۇلغانىكەن. تاش تاختىنىڭ چۆرىلىرى پۇچۇلۇپ كېتىپتۇ. بۇنى كۆرگەن ئەرەپشاھ بۇ تاش تاختىدا بىر گەپ بولسا كېرەك، دەپ گۇمان قىلىپ بۇتنى قوزغىغانىدى، بۇت پۈتۈن گەۋدىسى بىلەن ئايلىنىپ كەتتى. دەل بۇ چاغدا يەر ئاستىدىن: «مېنى ئۆلتۈرمەڭلار! مەن گۇناھسىز» دېگەن بىر زەئىپ ئاۋاز ئاڭلاندى...

بۇتنىڭ ئاستىدا چوڭقۇر ئازگال بار ئىكەن. ئۇنىڭدا ئىككى پۈككۈلۈپ بىر قېرى ئولتۇرۇپتۇ. ئۇ موڭغۇللارنى كۆرۈشى بىلەنلا ماڭا تەگمەڭلار، دەپ ئۇلارغا يېلىنىپ يىغلاشقا باشلىدى.

— ئۆزۈڭ كىم بولىسەن؟ قازىق نەدە؟ — دېدى ئەرەپشاھ.

— ئۇ ئادەم ئەمەس ئالدامچى كاززاپ! — دېدى قېرى ئۆكسۈپ تۇرۇپ، — مېنى ئېلىپ كەتمەكچى ئىدى... مېنى ئالدىغانىكەن، مېنى بۇ يەرگە سولاپ قويۇپ ئۆزى قېچىپ كەتتى...

قېرى يىغلاپ-قاقشاپ ئورنىدىن تۇرۇپ ئازگالدىن چىقتى-دە، سەل نېرىدا تۇرغان بولغار ساندۇقنىڭ بىرىنى ئورنىدىن سىلجىتقانىدى، ئۇنىڭ كەينىدىن بىر پاكار ئىشىك كۆرۈندى.

— بۇ ئىشىكتىن كىرىپ ئۆسلەپ مىڭ قەدەم يىراقلىققا بارغاندىن كېيىن، بۇ يەر ئاستى يولى بىر قېلىن ئورمانلىققا چىقىدۇ. ئۇ يەردە قازىقنىڭ يوشۇرۇپ قويغان ئاتلىرى ئۇنى كۈتۈپ تۇرىدۇ. ئۇ هازىرلا كەتتى، — دېدى قېرى.

ئەرەپشاه تاش بۇتنى ئۆز ئەكسىگە كەلتۈرۈپ قويۇپ، نۆكەرلىرىگە ئۆڭكۈر بىلەن بۇ قېرىنى كۆزىتىپ تۇرۇڭلار، سۈبىتاي باهادىرنىڭ يېنىغا ئۆزۈم بېرىپ كېلەي، — دەپ ئالدىراپ چىقىپ كەتتى.

سۈبىتايغا مىڭىش ئالدىدا هېلىقى قېرى دېگەن قېلىن ئورمانغا بىر توپ ئادەم ئەۋەتتى. ئەگەر قازىق راستىنلا شۇ يەردە بولسا، ئۇنى ئۆدۈل سۈبىتاي باهادىرنىڭ هوزۇرىغا ئېلىپ بېرىڭلار، دېدى ئۇ نۆكەرلىرىگە.

بىرئازدىن كېيىن ئورمانغا كەتكەن نۆكەرلەر ئالدىغا ساپ بولغار خۇرجۇن ئارتىلغان بىر توپ ئاتنى سېلىپ هەيدەپ كەلدى. بۇ ئاتلارنىڭ ئارىسىدىكى بىر ئاتنىڭ ئۈستىدە ئېيىق تېرىسىدىن يۈڭى سىرتىغا قىلىپ تىكىلگەن جۇۋا كىيىگەن مۈكچىيىپ قالغان بىر قېرى ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ كۆزىدىن باشقا يېرىنى پۈتۈنلەي ساقال قاپلاپ كەتكەن بولۇپ، ئۇزۇن ساقىلى مەيدىسىگە چۈشۈپ تۇراتتى. ساقال - چاچلىرى قاردەك ئاپئاق ئىدى. جىڭگىل چاچلىرى هۈرپىيىپ تۇراتتى. ئۇ سىرت بىلەن قىلچە ئالاقىسى يوقتەك، چۈشىنىكسىز بىرخىل تىل بىلەن بىر نېمىلەرنى دەپ غىڭشىپ ناخشا ئېيتىپ كېلەتتى. ئاندا - ساندا قولىدىكى ئالتۇن چوقماق بىلەن ئېتىنى ئۇرۇپ قوياتتى. يەنە بىر ئاتتا بۇغداي ئۆڭلۈك. بولاق كۆز چىرايلىق بىر ئايال ئولتۇراتتى، ئۇنىڭ هەممە ئادەمگە هەمىنىپ كېلىۋاتقىنىغا قارىغاندا، مىجەزى نازۇك بىر نېمە ئېكەنلىكى كۆرۈنۈپ تۇراتتى، ئۇ كىشىلەرگە يەر ئاستىدا

قاراپ، يېنىغا كەلگەنلەرنى قارغايتتى.

«مىڭ ياشلىق» سېھىرگەرنى كۆرۈش ئۈچۈن سۇبىتاي باھادىرنىڭ ئۆزى سىرتقا چىقتى.

— خەزىنىچىنى چاقىرىڭلار. بۇ ھىيلىگەر چالىنىڭ ئەكەلگەن نەرسىلىرىنى تىزىملاپ ئالسۇن. ئەگەر بۇلارنىڭ ئىچىدىن ئېسىل نەرسىلەر چىقسا، ئۇلارنىڭ ھەممىسى جاھانگىرغا مەنسۇپ بولۇشى كېرەك. ئاندىن چالنى جاھانگىرنىڭ ھۇزۇرىغا ئېلىپ كىرىڭلار. جاھانگىر بۇنىڭدىن مىڭ يىل بۇرۇنقى بولغان ئىشلارنى ئاڭلىماقچى. بىلمىگەننى بىلىش تولىمۇ ياخشى ئىش. قىلچىمۇ ئارتۇقلۇق قىلمايدۇ. باشقا سېھىرگەرلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ پۇتىغا كىشەن سېلىنىپ قولى باغلانسۇن. بۇندىن كېيىن پۈتۈن ئالەمگە شۆھرىتى چىققان جاھانگىردىن يوشۇرۇنۇپ قېچىپ يۈرگۈچى بولمىسۇن. ئۇلار ھەرگىز قېچىپمۇ قۇتۇلالمايدۇ. جاھانگىرنىڭ قولى ئۇزۇن. بۇنى يالغۇز سېھىرگەرلەر ئەمەس، باشقىلارمۇ بىلىپ قېلىشقا تېگىشلىك! — دېدى سۇبىتاي چالنى كۆرگەندىن كېيىن.

## ئون بەشىنچى باب

## موڭغۇل لەشكەرلىرىنىڭ بەزمىسى

پۈتۈن قوشۇننىڭ ئىدىل دەرياسىدەك بۇنداق چوڭ دەريادىن تەرتىپ بىلەن ئامان - ئېسەن ئۆتكەنلىكى باتۇخاننى ئىنتايىن مەمنۇن قىلدى. شۇ ۋەجىدىن ئۇ، پۈتۈن قوشۇنغا ئوراق ئېغىنىڭ ئېتىكىدە ئۈچ كېچە - كۈندۈز تەنتەنىلىك توي ئۆتكۈزۈپ بېرىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. توينىڭ بىرىنچى كۈنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بىرنەچچە چاقىرىمغا سوزۇلغان قوشۇن دەريا قىرغىقىنى بويلاپ تاغ ئېتىكىدىكى كەڭ تۈزلەڭلىككە كېلىپ يىغىلدى. بۇ چۈمۈلىدەك مىغىلداپ يۈرگەن كىشىلەرنىڭ بىر قىسمى تۈزلەڭلىكتە كەڭ دائىرىلىك ھالقا تۈزۈپ تىزىلىپ ئولتۇردى. ئۇلارنىڭ كەينىگە ئۆرە تۇرغانلار، ئۆرە تۇرغانلارنىڭ كەينىگە ئاتلىقلار تىزىلىپ ئۈچ ھالقىلىق دائىرىنى شەكىللەندۈردى. باتۇخان بىلەن باشقا خانزادىلەر ئوراق تېغىنىڭ ئېتىكىگە سېلىنغان زىلچا - گىلەملەر ۋە ئات يوپۇقلىرىنىڭ ئۈستىدىن ئورۇن ئالدى.

بىر ھازادىن كېيىن، بۇرغا، سۇنايلار چېلىنىپ بەزمە باشلانغانلىقىدىن بىشارەت بېرىلدى. جاكارچىلار تەرەپ - تەرەپتىن:

— پالۋانلار چېلىش مەيدانىغا كېلىڭلار! ھازىر چېلىش باشلىنىدۇ. كۈچ - قۇۋۋىتىڭلارنى، چاققانلىقىڭلارنى نامايان قىلىدىغان مەيدان مۇشۇ! بۈگۈن كۆرسەتمىگەن ھۈنىرىڭلەرنى قاچان كۆرسىتىسىلەر؟ قېنى مەيدانغا چۈشۈڭلەر! — دەپ ۋارقىراشقا باشلىدى.

ھە دېگەندىلا، بەدىنى كۈچ - قۇۋۋەتكە تولغان، قول مۇسكۇللىرى ئىنتايىن تەرەققىي قىلغان تالاي توي - تۆكۈن، ئويۇن - تاماشا سورۇنلىرىدا چېلىش مەيدانىغا چۈشۈپ ھۈنەر كۆرسەتكەن پالۋانلار ئېتىنى يېنىدىكى دوستلىرىغا تۇتقۇزۇپ قويۇپ ئۆزلىرى ئوتتۇرىدىكى مەيدانغا چۈشۈپ بىرنەچچە يەردە توپ - توپ بولۇپ تۇرۇشتى. ھەربىر پالۋاننىڭ يېنىدا بىرنەچچە ئىشەنچلىك يىگىتلەر بار ئىدى. ئۇلار پالۋانلار چېلىشقان ۋاقىتتا ئۇلارنىڭ چېلىش قائىدىسىگە رىئايە قىلغان ياكى قىلمىغانلىقىنى، ئۆچمەنلىشىپ بىر - بىرىنى يارىلاندۇرۇپ قويماسلىقىنى ياكى بىر - بىرىنى ئۆلتۈرۈپ قويماسلىقىنى نازارەت قىلاتتى.

— قېنى باشلاڭلار، نېمىگە قاراپ تۇرىسىلەر! قورقۇ-
ۋاتامسىلەر؟ — دېدى جاكارچىلار ۋارقىراپ، — بۈيۈك جاھان-
گىر باتۇخان ھازىر سىلەرنىڭ چېلىشىشلارغا ئىنتايىن قىزىقى-
ۋاتىدۇ، غالىب بولغان پالۋانلارغا مۇكاپات بېرىدۇ. خاننىڭ
مۇكاپاتىنىڭ نېمە ئىكەنلىكى سىلەرگە مەلۇم بولسا كېرەك!
ھەربىر پالۋان ئۈچ قېتىم چېلىشىدۇ. ئەگەر ئۈچىلا قېتىمدا
دۈمبىسى يەرگە تەگمىگەن بولسا، ئۇ باھادىر دېگەن شۆھرەتكە
سازاۋەر بولىدۇ. ئاتا - بوۋىمىزدىن تارتىپ كېلىۋاتقان ئادىتى-
مىز مانا مۇشۇنداق. باشقا خەلقلەرنىڭمۇ بەلكىم بىزگە ئوخ-
شاش بولسا كېرەك. تەلەپچان ئەرنىڭ قولىدىن بەخت قېچىپ
قۇتۇلمايدۇ. باشلاڭلار!

ئەڭ ئالدى بىلەن مەيدانغا ئون ئىككى پالۋان چۈشتى. ھەممىسى
ئىنتايىن بەستلىك، ئىككى مۈرىسىگە ئىككى ئادەم بىمالال مىنى-
گۈدەك يىگىتلەر بولۇپ، پۇتلىرى ئېيىقنىڭكىدەك مۇستەھكەم
ئىدى. قوللىرىدىكى بۆلەك - بۆلەك بۆلۈنۈپ تۇرغان بولجۇڭ
گۆشلىرى ھەرىكەت قىلغاندا يۇقىرى - تۆۋەن يۈرۈشۈپ تۇ-
راتتى. ھەرقايسى لەشكىرىي توپلار ئۆز ئىچىدىكى ئەڭ كۈچ-
لۈك، ئەڭ چاققان پالۋانلىرىنى بەزمە بولۇشتىن بىرنەچچە كۈن
بۇرۇن تاللاپ قويغانىدى. ھازىر شۇلارنىڭ ئىچىدىكى 12
پالۋان دەسلەپ مەيدانغا چۈشكەن بولۇپ، قالغان پالۋانلار
چەتتە ئۆزلىرىگە نۆۋەت كېلىشىنى كۈتۈپ ئولتۇراتتى. ئۇلار بې-
شىنى چىت بىلەن باغلاپ، يەڭلىرىنى شىمايلاپ، چاپاننىڭ
ئېتەكلىرىنى بەلباغلىرىغا قىستۇرۇپ تەييار تۇراتتى.

ئوتتۇرىغا چۈشكەن پالۋانلار بىر - بىرىگە ھەيۋە كۆرسى-
تىپ، ئېيىقتەك ئالچاڭلاپ مېڭىپ يېقىنلىشىشقا باشلىدى.

بىر چاغدا 12 پالۋان ئىككى - ئىككىدىن بولۇپ شارت-
شۇرتلا تۇتۇشۇپ كەتتى... بەزىلىرى يەلكىدىن، بەزىلىرى كەج-

گىدىن ۋە بەزىلىرى بەلدىن قورۇپ تۇتۇشۇپ ئاندا - ساندا بىر - بىرىنى سىلكىپ ئايلاندۇرۇشاتتى. بەزى پالۋانلار ئۆزى بىلەن چېلىشىۋاتقانلارنى چار پۇتلاپ يىقىتىشقا، بەزىلىرى رەقىبىنى بەلدىن كۆتۈرگەن پېتى يەرگە ئېتىشقا تىرىشاتتى. چېلىشىۋاتقان ھەر جۈپ پالۋاننىڭ يېنىدا بىرنەچچە ئادەم گاھ ئۇ تەرەپكە، گاھ بۇ تەرەپكە ئۆتۈپ قاراپ ۋاڭ - چۇڭ كۆتۈرەتتى.

بىرئازدىن كېيىن رەقىبىنى كۆتۈرۈپ يەرگە ئاتماقچى بولغان پالۋانلارنىڭ بىرى ئۆرۈلۈپ چۈشكەن تېرەكتەك گۈپپىدە قىلىپ يىقىلدى. چېلىشىنىڭ قائىدىسى بويىچە ئۇ يېڭىلگەن بولاتتى. يىقىلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ روھى چۈشۈپ، يېنىدىكى يولداشلىرى بىلەن بىرگە مەيداندىن سالپىيىپ چىقىپ كەتتى. يەڭگۈچى پالۋان مەيداننى كېزىپ ئالچاڭلاپ ماڭغىنىچە چېلىشنى باشقۇرۇۋاتقان كىشىلەر ئولتۇرغان تەرەپكە قاراپ ماڭدى. باشقۇرغۇچىلارنىڭ يېنىدا تاغار - تاغاردا بوغۇرساق قويۇلغانىدى. يەڭگۈچى شۇ زاماننىڭ ئادىتى بويىچە تاغاردىكى بوغۇرساقنى ئۇچۇملاپ ئېلىپ، خۇددى ئۇنى بىراقلا ئاغزىغا سېلىپ يۇتۇۋېتىدىغان ئادەمدەك ئاغزىغا يېقىن ئەكىلىپ، ئاندىن بىردىنلا دوستلىرىنىڭ ئېتەكلىرىگە تۆكۈۋەتتى. بوغۇرساقنىڭ قالغان ئازراق قىسمىنى چاچقۇ ئورنىدا ئۇدۇل كەلگەن تەرەپكە قارىتىپ چاچتى. بۇ ئۆز رەقىبىنى يېڭىشتە مەدەت بەرگەن تەڭرى ئۈچۈن بېرىلگەن سەدىقە ئىدى.

پالۋانلار كەينى - كەينىدىن چۈشۈپ ئېلىشاتتى. يىقىلغانلار مەيداندىن چىقىپ، يىقىتقۇچىلار يېڭى چۈشكەن پالۋانلار بىلەن چېلىشاتتى. بەزىدە ئىككىلىسى تەڭلا يىقىلىپ ئېيىققا ئوخشاش پومىلاقلىشىپ كېتەتتى.

ئەتراپتا ئولتۇرغان تاماشىبىنلار تىپ - توپ بولۇشۇۋېلىپ ھەركىم ئۆز پالۋاننى كۆتۈرۈپ، ئۇنىڭغا مەدەت بېرىپ

ۋارقىراپ، كۆلۈپ، ۋاڭ - چۇڭ قىلىشاتتى.

بولۇپمۇ پالۋانلار ئىچىدىكى تۇغرىل دېگەن بىر موڭغۇلغا ھېچكىم تەڭ كېلەلمىدى. ئۇنىڭ بەستى تاغدەك ئىدى. بەدەن قۇرۇلۇشىمۇ باشقىلاردىن ئۆزگىچە بولۇپ، ئادەم قارىسا چۆچۈگۈدەك ئىدى. ئۇ ئالدىغا كەلگەن پالۋانلارنى بىرىنىڭ كەينىدىن بىرىنى يەرگە ئۇرۇپ، مىدىر قىلدۇرماي تىزى بىلەن بېسىپ تۇراتتى. ئەڭ ئاخىرقى پالۋاننى ئۇ يەردىن يۇلۇۋېلىپ بېشىدىن ئايلاندۇرۇپ پىرقىرىتىپ نېرىغا تاشلىۋەتتى. ئۇ رەقىبىنى يىقىتماقچى بولۇپ ھازىرلانغان ۋاقىتتا تەڭرىگە سېغىنىپ، بار ئاۋازى بىلەن نەرە تارتاتتى. ھازىرقى يىقىلغان پالۋان ئۆمرىدە يېنى يەرگە تەگمىگەن غالىب چېلىشچى ئىدى. شۇڭا يىقىلىپ چۈشكەندىن كېيىن، ئۆزىنى باسالماي يىغلاپ كەتتى. بۇ چاغدا تۇغرىل پالۋان ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ:

— نېمىشقا كۆڭلۈڭنى بۇزۇپ يىغلايسەن؟ — دېدى.

— ئەگەر ئۆلۈپ كەتكەن بولسام ئارمىنىم يوق ئىدى. ئەمدى مەن بېشىمنى قانداق كۆتۈرۈپ يۈرىمەن! توشقاننى قومۇش ئۆلتۈرەر، يىگىتنى نومۇس... — دەپ جاۋاب بەردى ئۇ.

تۇرغىل يەردە ياتقان يىگىتنى يۆلەپ ئورنىدىن تۇرغۇزۇپ:

— چېلىشتا يىقىلغان نومۇس ئەمەس، ئۇنداق بىكار ئۆلگەندىن كۆرە جېنىمىزنى خەلقىمىزنىڭ بەخت - سائادىتى ئۈچۈن، ئۇنىڭ شان - شۆھرىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن تىكىپ قويايلى، — دېدى.

ئۇلار سەل نېرىگە تاشلاپ قويۇلغان غىلاپلىرىدىن خەنجەرلىرىنى سۇغۇرۇۋېلىپ، بىرىنىڭ خەنجىرىگە بىرى سۆيدى. ئاندىن يۈزىنى يۈزىگە يېقىپ قۇچاقلاشتى - دە، بىرگە مېڭىپ كەتتى. بۇ ئىتتىپاقلىشىپ دوست بولغانلىقنىڭ بەلگىسى ئىدى.

دەل شۇ چاغدا بۇلارنىڭ يېنىغا ئاتلىق بىر نۆكەر يېتىپ كېلىپ:

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

— جاھانگىر باتۇخان سىلەرنىڭ باتۇرلۇقۇڭلارغا قايىل بولدى. ھەر ئىككىڭلارنى مۇھاپىزەتچى تۇرغاۋۇتلىرىنىڭ ئىچىگە ئالدىغان بولدى. بۇ ئىشنى ئۇقتۇرۇپ قويۇش ئۈچۈن سىلەرگە مېنى ئەۋەتتى، — دېدى.

چېلىش تۈگىگەندىن كېيىن، ئات بەيگىسى، ساداق ئېتىش مۇسابىقىسى باشلاندى. لېكىن بۇ ئۇزۇنغا بارمىدى. سەۋەبى ئۇشتۇمتۇت بوران چىقىپ كەينىدىن قاتتىق يامغۇر يېغىپ كەتتى. يەر - جاھاننى قاراڭغۇلۇق قاپلىدى. دەريانىڭ دولقۇنى شىددەت بىلەن ئۇرۇلۇپ قىرغاققا قاراپ يېپىلىشقا باشلىدى. كېمىچىلەر سۇدا كېمە ھەيدەشكە جۈرئەت قىلالماي قېيىقلارنىڭ ھەممىسىنى قىرغاققا چىقىرىپ چىڭ باغلىۋەتتى. بىر ئازدىن كېيىن بەزمىگە كەلگەنلەرنىڭ ھەممىسى ئاتلىرىغا مىنىپ ئۆز قارارگاھلىرىغا قاراپ كېتىشتى.

— بۇ يەردىكى سېھىرگەرلەرنىڭ كۆرسىتىۋاتقان كارامىتى بولسا كېرەك، — دېدى موڭغۇللار دەرياغا قاراپ، — بۈگۈن كېچىدە بىزگە بىر بالايىئاپەت كەلمىسە بولاتتىغۇ. ئالدىمىزدىكى رۇس ئېلىدە تېخى نېمىلەرگە يولۇقىمىز، بۇنى بىر تەڭرىنىڭ ئۆزى بىلىدۇ.

## ئون ئالتىنچى باب

## مۇدھىش كېچە

ھەي يىگىت ئىگرايسەن كەلدىڭ قاياقتىن؟
قايسى يۇرت، قايسى ئەل، قايسى ماكاندىن.
ئېيتقىنا، ئەسلىڭنى، كىمدۇرسەن ئۆزۈڭ،

### كىم بولار ئەۋلادىڭ، ئاتا ۋە بوۋاڭ؟
### (قەدىمكى زامان قوشاقلىرىدىن)

كەچكە يېقىن هاۋا تېخىمۇ بۇزۇلۇپ يامغۇر بارغانسېرى ئەدەپ كەتتى. چۇدۇنى تۇتۇپ غەزەپلەنگەن ئىدىل دەرياسىنىڭ دولقۇنى قەھرى بىلەن قىيا تاشلىق ئېگىز قىرغاققا كېلىپ ئۇرۇلاتتى. رىتىمسىز كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان دولقۇن تۇۋرۇكلىرى قانچە ئېگىز كۆتۈرۈلگەنسېرى دولقۇنلار ئارىسىدىكى ئويمانلىق تېخىمۇ تۆۋەن چۈشەتتى. شىددەت بىلەن چىقىۋاتقان مۇدھىش بوران چېدىرلارنى، كىگىز ئۆيلەرنى خۇددى ھازىر ئۇچۇرۇپ دەرياغا پۈكلەپ تەقەدىغان ئەلپازدا بىر ئۇيانغا، بىر بۇيانغا چايقايتتى. شارقىراپ يېغىۋاتقان يامغۇر تاتارلارنىڭ بېشىغا چېلەكلەپ قۇيۇلغاندەك چۈشۈشكە باشلىدى.

تەقدىرنىڭ بۇ كارامىتىگە ھېچ نەرسە توغرا كەلمەيتتى. لەشكەرلەر توڭۇپ تىترەشكە باشلىدى. ئۇلار تۇپلىشىپ گۈلخان يېقىپ ئىسسىنماقچى بولۇۋىدى، ئەسەبىي بوران ئۇلارغا ئىمكان بەرمىدى. لەشكەرلەر بۇ ھادىسىلەرنى رۇسلارنىڭ جىن - شەيتانلىرىنىڭ بىزگە كەلتۈرگەن بالايىئاپىتى، دەپ چۈشىنىپ ئۇلارغا توختىماي لەنەت ياغدۇردى.

چېدىرلارنىڭ ئىچى سوغۇق ۋە قاراڭغۇ ئىدى. ئۈستىدىن شارقىراپ يامغۇر ئۆتسە، يان يوچۇقلىرىدىن گۈركىرەپ سوغۇق شامال كىرەتتى. چېدىر ئىچىگە كۆڭگا نۇر بېچىپ تۇرغان شاملارنىڭ ئوتى شامال دەستىدىن ھىلىدىن - ھىلىغا ئۆچۈپ تۇراتتى. چېدىر ئىچىدە ئەلەڭلەپ يۈرگەن ئادەملەرنىڭ تامغا چۈشكەن ئۇزۇن - ئۇزۇن سايىلىرى غەلىتە مەخلۇقلارغا ئوخشايتتى.

ئەرەپشاھ سىرتقا چىقىپ چېدىرلارنى ئارىلاپ قاراۋۇللارنى

www.uyghurkitap.com

كۆزدىن كەچۈردى. قاتتىق بوران ئادەمنى ئۇچۇرۇپ كې[illegible] دەيتتى، بولۇپمۇ شامالغا قارشى مېڭىش ناھايىتى قىيىن ئىدى. بۇ قاراڭغۇلۇقتا ماڭدام نېرىدىكى نەرسىنى كۆرگىلى بولمايتتى. قاراۋۇللۇقتا تۇرغان نۆكەرلەرنى ئارىلاپ يۈرگەن ئەرەپشاھ ئۇلارغا:

— تۈن ئىنتايىن قاراڭغۇ، ھوشيار بولۇڭلار! دۈشمەن قاراڭغۇ كېچىدىن پايدىلىنىپ بىزنى غەپلەتتە قويمىسۇن! — دەپ ۋارقىراپ قوياتتى.

ئەرەپشاھ سىرتنى بىر ئاز ئايلانغاندىن كېيىن، جاھانگىرنىڭ ئۆيىگە كىردى. باتۇخاننىڭ يولۋاس تېرىسىنىڭ ئۈستىدە ئەڭ يېقىن مەسلىھەتچىسى سۇبىتاي باھادىر بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ بوسۇغىدىلا ھۆرمەت بىلەن باش ئېگىپ تۇردى.

— رۇسلارنىڭ خۇداسى بەكمۇ قەھرى - غەزەپلىك ئوخشايدۇ. بەزمىمىزنىمۇ بۇزۇپ تاشلىدى، قارىغىنا، — دېدى باتۇخان، — بوران چىقىرىپ، يامغۇر ياغدۇرۇپ، ھاۋانى سوۋۇتۇپ، مېنىڭ ئارسلانلىرىمنى رۇس يېرىگە قەدەم باسقۇزمايمەن، دەپ قورقۇتۇۋاتقان ئوخشايدۇ.

بۇ چاغدا شامال كۈچىيىپ چېدىرنى زەردە بىلەن كېلىپ ئۇردى. باتۇخان بىر نەرسىدىن چۆچۈگەنىدەك ئەتراپقا قاراپ قويدى.

— ئىدىلنىڭ گۈركىرەۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدىڭمۇ؟ ھېلىمۇ ئۇنىڭدىن ساق - سالامەت ئۆتۈۋاپتۇق دېگىنە؟ — دېدى باتۇخان سۇبىتايغا.

بىر ئاز سۈكۈتتە ئولتۇرغاندىن كېيىن، باتۇخان دەريا دولقۇنىنىڭ قىياغا شىددەت بىلەن ئۇرۇلۇۋاتقان ئاۋازىغا يەنە قۇلاق سالدى، بۇ چاغدا سىرتتا بولغان ئوپۇر - توپۇر ئاۋاز

ئۇۋي ئىچىگە بىلىنەر ـ بىلىنمەس ئاڭلىنىپ قالدى. بۇنى ئاڭـ
لىغان ئەرەپشاھ سىرتقا چىقىپ كېتىپ بىرئازدىن كېيىن قايـ
تىپ كەلدى.

— ناتونۇش بىر كىشى: «جاھانگىر بىلەن كۆرۈشسەم، ئۇۋـ
زىگە ئېيتىدىغان مەخپىي سۆزۈم بار ئىدى» دەيدۇ، — دېدى ئۇ.

— كىرسۇن! — دېدى خان.

ئەرەپشاھ ئاۋايلاپ ئىشىكنىڭ بىر چېتىنى ئاچقانىدى،
سىرتتىن نەشتەردەك سوغۇق شامال بىلەن مۇزدەك يامغۇر تامـ
چىلىرى ئۇنىڭ يۈزىگە كېلىپ ئۇرۇلدى. شام لىپىلداپ ئۆچۈپ
قالايلا دەپ قالدى. ئۇۋي ئىچى بىردىنلا قاراڭغۇلىشىپ كەتتى.
ئۆيگە بىرسى كىرىپ كەلدى. ئىشىك يېپىلىپ سىرتتىن كىرـ
گەن شامال توختىغاندىن كېيىنلا شام لىپىلداشتىن توختاپ،
قايتىدىن يورۇق يېنىشقا باشلىدى. شۇنىڭدىمۇ شامنىڭ يورۇقى
كۆڭگا ئىدى. لېكىن ئادەمنى تونۇغىلى بولاتتى. ئۇ كىشى ئىـ
شىك ئالدىدىلا ئۆرە تۇردى. ئۇ ئىنچىكە، ئېگىز كەلگەن
ئادەم ئىدى.

— موڭغۇل خەلقىنىڭ ئۇلۇغ پادىشاھىغا ئېگىلىپ سالام!
داڭقىڭىز، شانۇ ـ شۆھرىتىڭىز لەشكىرىڭىزدىن بۇرۇن بىزنىڭ
تۇپرىقىمىزغا يېتىپ كەلگەنىدى. ھازىر سىزنى بىلمەيدىغان ئەل
يوق. مەرتىۋەڭ ئۈستۈن، دۆلىتىڭ زىيادە بولسۇن، — دېدى ئۇ
سالقىن ئاھاڭدا. ئۇ كېپىنى تۈگىتىپلا بېشىدىكى قۇندۇز بۆكىنىڭ
ئۈستىدىكى يامغۇر سۈيىنى سىلكىۋېتىپ تۆرگە ئۆتۈپ ئولتۇردى.

— خۇش كېلىپسەن، — دېدى باتۇخان ئىللىق چىراي
بىلەن، — بوران ـ چاپقۇنلۇق مۇدھىش كېچىدە نېمە قىلىپ
يۈرىسەن؟ يول بولسۇن!

موڭغۇللار چاقىرىلمىغان مېھماننىڭ چىرايى ۋە ئۈستـ
بېشىغا قاراپ، ھەيرانۇھەس بولۇشتى. مېھمان تاتارچە بىلىدىـ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

گەن. لېكىن ئۆزى بۇ ئەتراپتىكى قىپچاقلارغا ئوخشىمايتتى. ئۇلارغا ئوخشاش يۈز - سۆڭەكلىرى سىرتقا چىققان ئەمەس ئىدى. قوللىرى ئۇزۇن، قاڭشارلىق بۇرنى چىرايىغا قانداقتۇر بىر سالاپەتلىك تۈس بېرىپ تۇرغاندەك ئىدى. قويۇق قارا قاشلىرىنىڭ ئاستىدىكى بىر جۈپ قارا كۆزىدىن ئوت چاقناپ تۇراتتى. ئارىلاپ ئاق سانجىغان ساقىلىنى سىيپاپ قوياتتى.

— ھۆرمەتلىك خان، ئالدىڭدا ئولتۇرغان كىشىنى ئادەتتىكى بىر يولۇچىمىكىن دەپ ئويلاپ قالما. ئۇ ئاتاقلىق، دۆلەتمەن ئادەمنىڭ بالىسى، مەن رەزاننىڭ بۈيۈك كىنەزى گىلىپ ۋىلادىمىروۋىچ دېگەن كىشى بولىمەن.

— رەزاندىن كەلگەن ئەلچى بولساڭ، گىلىپ كىنەز بولساڭ يالغۇز كەلگىنىڭ نېمىسى؟ نۆكەرلىرىڭ قېنى؟ — دېدى باتۇخان شۈبھىلەنگەندەك قاشلىرىنى ھىمىرىپ.

— ئۇنداق ئەمەس ئۇلۇغ خان! مەن ئەلچى بولۇپ كەلگىنىم يوق. سېنىڭ بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ دۈشمەنلەرگە قارشى ئۇرۇش قىلىشقا ھازىر ئىكەنلىكىمنى ساڭا ئىزھار قىلىش ئۈچۈن كەلگەنىدىم، — دېدى كىنەز گىلىپ ئۆكۈپ تۇرۇپ.

— بۇ نېمە دېگىنىڭ؟ بۇنى قانداق چۈشىنىشكە بولىدۇ؟

— مەن بۈيۈك رۇس يېرىنىڭ بۆلۈك - پۇچقاقلىرىنىغىچە بەش قولدەك بىلىمەن. شۇڭا ساڭا پايدام تېگىپ قالامدىكىن، دەپ ئويلايمەن.

— سۇبىتاي باھادىر! بۇ كىنەز بىزنى رۇس يېرىدە يولدىن ئادىشىپ قالىدۇ، دەپ ئويلىسا كېرەك، ئۇنىڭغا رۇس يەرلىرىنى كۆرسىتىپ قويغىن، — دېدى باتۇخان.

سۇبىتاي يۈگەكلىك چوڭ يالتىراق قەغەزنى ئېلىپ گىلەم ئۈستىگە يايدى.

— رۇس يېرى دېگىنىڭ مانا ماۋۇمۇ؟ — دېدى ئۇ، —

ئىدىل مانا، سىنىڭ رەزانىڭ .ماۋۇ، ماۋۇ ۋىلادىمىر①، رۇسلار-نىڭ ھەممە يېرى خۇددى ئالقىنىمىزدا تۇرغاندەك ئالدىمىزدا تۇرمامدۇ؟!

— رۇس يېرىنىڭ سۈرىتىغۇ بۇ، نەدىن تاپتىڭلار؟ بۇ ئىش ئۇيۇڭلارغا قانداق كەلدى؟ — دەپ كىنەز گىلىپ ھەيران قالدى.

— مېنىڭ قولۇمدىن ھېچنەرسە قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ! — دېدى باتۇخان ئالقىنى بىلەن قەغەزنىڭ ئۈستىنى بېسىپ تۇ-رۇپ، — رۇس يېرى مانا مۇشۇنداق مېنىڭ ئالقىنىمغا چۈشىدۇ. مەن ھەممىنى بويسۇندۇرىمەن، بەلكىم سەن مۇشۇ قەغەزنى قولغا چۈشۈرۈش ئۈچۈن كەلگەن بولساڭ كېرەك، رۇس كىنەزى.

كىنەز گىلىپ نېمە دېيىشنى بىلەلمەي ھەيران بولغىنىچە تۇرۇپلا قالدى. باتۇخان كىنەزگە كىنايە قىلىپ:

— بۈيۈك كىنەز گىلىپ جانابلىرى، ئىتتىپاق قۇرغاندا يالغۇز ئادەمنىڭ نەچچىلىك ھەسسىسى بولماقچى، ئەگەر ئېلىڭ بىلەن، يۇرتۇڭ بىلەن، لەشكىرىڭ بىلەن كېلىپ قوشۇلغان بول-ساڭ ئىدى، ئۇ چاغدا بىر گەپ بولاتتى، ھەر تۈرلۈك سوۋغا-سالام، زىبۇزىننەتلەرنى ئېلىپ كەلگەن بولسامۇ يەنە بىر گەپ ئىدى. ئىككى قولىنى بۇرنىغا تىقىپ كەلگەن ئادەمدىن بىزگە نېمە ياخشىلىق كېلىدۇ! ئەل - يۇرتۇڭ، نۆكەرلىرىڭ نەدە؟ بىزگە ئەكەلگەن سوۋغا - سالاملىرىڭ نەدە؟ — دېدى.

كىنەز گىلىپنىڭ ئۈستىدىن بىر چېلەك سوغۇق سۇ قۇيۇلغان-دەك بولۇپ كەتتى.

— مېنىڭ ئەمدى خەلقىممۇ، لەشكىرىممۇ، بايلىقىممۇ يوق. دۈشمەنلىرىم مېنى ئۇلارنىڭ ھەممىسىدىن مەھرۇم قىلدى. ئۆز يۇرتۇمنى تاشلاپ قېچىپ كېتىشكە مەجبۇر بولدۇم. كۆپ يىل-لاردىن بۇيان قىپچاق ئېلىنى پاناھلاپ يۈرۈۋاتىمەن. قوغلىنىپ

---

① ۋىلادىمىر شەھرى

سۇرگۈندە يۈرگەن قاچقۇنمەن، — دېدى كىنەز.

باتۇخان چىرايى ئۆزگىرىپ، قاپىقى چۈشۈپ جىمىپ كەتتى ۋە:

— خوش، مېنى نېمە قىلىپ بەر دەيسەن؟ مەندىن نېمە تەلەپ قىلماقچىسەن؟ — دېدى ئۇ.

— دۈشمىنىڭنى يوقىتىشقا ياردەملەشمەكچىمەن.

— دۈشمەن دېگىنىڭ كىم؟

— ھازىر رەزاندا ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان كىنەزلەر.

— دۈشمىنىمنى يوقىتىش مېنىڭ ئۆز قولۇمدىن كېلىدۇ. بۇنىڭغا باشقا بىر كىشىنىڭ ياردىمى ھاجەتسىز. ھېلىغۇ كىنەزكەن، ئۇنىڭدىن چوڭلىرىغىمۇ بىزنىڭ كۈچىمىز يېتىدۇ. بىزنىڭ قولىمىزدىن قېچىپ قۇتۇلىدىغان ھېچ نەرسە يوق. بۇ تەرىپىدىن سەن ئانچە ۋايىم يەپ كەتمىسەڭمۇ بولىدۇ!

— مەن يالغۇز رەزان كىنەزلىرىنىلا ئەمەس، پۈتكۈل رەزان خەلقىنى ئىنتايىن يامان كۆرىمەن. مېنى قوغلاندى قىلغان رەزاننىڭ قۇرۇلتىيى①.

باتۇخان سۆكۈت ئىچىدە ئولتۇرغان سۇبىتايغا قارىدى.

— دانا مەسلىھەتچىم، سېنىڭ پىكرىڭ قانداق؟ بۇ كىنەزنىڭ ئىپتىقانلىرىغا نېمە دەيسەن؟ — دېدى ئۇ.

— سېنىڭ خاسىيەتلىك بۈيۈك بوۋاڭ ۋارىسلىرىغا «ياساق»

---

① رەزان كىنەزى گىلىپ ۋىلادىمىروۋىچ پۈتكۈل رەزاننى ئۆزىگە بويسۇندۇرماقچى بولۇپ، باشقا ئۇلۇسلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان ئۇنىڭ ئاكىسىنى ۋە باشقا تۇغقانلىرىنى تويغا تەكلىپ قىلىش چارىسى بىلەن ئالداپ ئەكىلىپ شۇ تويدا قىپچاقلارنىڭ ياردىمى بىلەن ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى پىراقلا قىرىپ تاشلىغان. ئۇنىڭ بۇ قىلمىشىغا رەزان خەلقى قاتتىق نارازى بولغان. شۇنىڭدىن كېيىن كىنەز گىلىپ قىپچاق يېرىگە قېچىپ كېتىشكە مەجبۇر بولغان. ئۇ شۇ يەرلەردە بىرقانچە يىل يوشۇرۇنۇپ يۈرگەن.

قانۇننى قالدۇرۇپ كەتكەن. ئۇنىڭ ھەربىر سۆزى گۆھەردىن ئېسىل ئىكەنلىكى ساڭا مەلۇم. شۇ قانۇندا «جاسۇسلار، يالغان گۇۋاھ بولغۇچىلار، باشقا يامان ئىشلار بىلەن شۇغۇللانغۇچى كىشىلەر بىلەن سېھىرگەرلەر ھەر دائىم ئۆلۈم جازاسىغا بۇيرۇلۇپ تۇرۇلۇشى لازىم①». دەپ يېزىلغانىدى، — دەپ جاۋاب بەردى سۇبىتاي.

كىلىپ دەرمانسىزلىنىپ، تىلى تۇتۇلدى. باتۇخان قاشلىرىنى ھىمىرىپ كىنەزدىن كۆزىنى ئۈزمەي تىكىلىپ تۇرۇپ:

— كىنەز كىلىپ! سەن مېنىڭ ئىتتىپاقچىم ئەمەس. بەلكى نۆكىرىم بولىسەن، ئەگەر خۇپسەنلىك قىلىپ مېنى ئالداپ كەتمەكچى بولىدىغان بولساڭ، ئۇ چاغدا ئۆز ئۈۋۈلىڭ ئۆززۆڭگە! ئەگەر ساڭا شېرىن جان لازىم بولىدىغان بولسا، ئۇنداق شۇملۇقنى قىلمايسەن، ئەمدى چىقساڭ بولىدۇ.

— ئەرەپشاھ، ماۋۇ كىشىنى ئۇزىتىپ قويغىن! — دېدى باتۇخان بىرئازدىن كېيىن. كىنەز كىلىپ خاندىن بىر - ئىككى ئېغىز ياخشى سۆز ئۈمىد قىلىپ ئەدەب بىلەن تەزىم بەجا كەلتۈرۈپ بىرئاز تۇرغانىدى، لېكىن باتۇخان چىش يېرىپ بىرنەرسە دېمەي تەتۈر قارىۋالدى. سۇبىتاي باھادىر ئۇنىڭغا كىرپىك قاقماي تامنىڭ تۈشۈكىدەك تىكىلىپ قاراپ تۇراتتى. ئەرەپشاھ تەكەللۇپسىزلا ئىشىكنى ئېچىپ ئۇنىڭ چىقىپ كېتىشىنى كۈتۈپ تۇردى.

كىنەزنىڭ قارا كۆزلىرىدىن ئوت يېنىپ كەتتى. كۆزىدىن ئاچچىق ۋە غەزەپ بىلىنىپ تۇراتتى. ئۇ ئىشىكتىن چىقتى - دە، قاراڭغۇلۇق ئىچىگە كىرىپ كۆزدىن غايىب بولدى.

① چىڭگىزخان «ياساق» نىڭ 57 - ماددىسى.

## ئون يەتتىنچى باب

# ئىدىل خانى توغرۇلۇق چۆچەك

...غەربكە قاراپ كۆچكەن هونلارنىڭ داهىيسى شىشى دېگەن كىشى مۇنداق دېگەنىكەن:

بىز ئۆمرىمىزنى ئات ئۈستىدە جەڭ قىلىپ ئۆتكۈزىدىغان بىر تائىپە. بىزنىڭ نامىمىزنى ئاڭلىغانلىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ۋەھىمە ئىچىدە قالىدۇ... شۇڭا بىز ئۆزىمىز بۇ دۇنيادىن كەتكەن بىلەن كۆرسەتكەن باتۇرلۇقىمىز ۋە جاسارىتىمىز مەڭگۈ ئۆچمەيدۇ. بىزنىڭ نەۋرە - چەۋرىلىرىمىز خەلقنى باشقۇرۇپ ئۇلارغا داھىي بولىدۇ.

(شەرق تارىخىدىن)

ئۇشتۇمتۇت چىققان بوران بىلەن چېلەكلەپ قۇيغاندەك قاتتىق ياغقان يېغىن بەزمىگە يىغىلغان مۇڭغۇل، تاتار خانلىرىنى ئۆز چېدىرلىرىغا كىرىپ كېتىشكە مەجبۇر قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ھەشەمەتلىك بەزمىنىمۇ يىغىشتۇرۇپ قويۇشقا توغرا كەلدى. باتۇخان ئۆز چېدىرىغا قايتمىدى. ئۇ بۈگۈن يەتتىنچى يۇلتۇزنىڭ يەنى يەتتىنچى ئايالى يۇلتۇز خېنىمنىڭ ئۆيىدە بولماقچى بولدى. ئۇ بىرنەچچە ئادىمى بىلەن ئويۇن - تاماشىنىڭ ئاخىرىنى شۇ يەردە ئاياغلاشتۇرماقچى بولۇپ غوجىدارغا ھۇجرىنى تويغا لايىق قىلىپ تەييارلاپ قويۇش توغرىسىدا بۇيرۇق بەردى.

غوجىدار خاننىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن پەس ئاۋاز بىلەن:

— تەقسىر، قانچە ئادەمگە تەييارلىق قىلساق بولار؟ — دېۋىدى، خان ئۇنىڭغا جاۋاب بەرمەي باشقا سۆز بىلەن بولۇپ كەتتى. غوجىدار دەرھال ئۆز يارەمچىلىرىنى يىغىپ ئۇلارغا ئاش، سۇ، ئورۇن كۆرپە تەييارلاش ئۈچۈن بۇيرۇق بەردى. چىغىناقتىن ئېلىپ كېلىنگەن ئۇزۇق - تۈلۈك كۆپ ئىدى. شۇڭا غوجىدار ئويلىنىپ ئولتۇرمايلا:

— ھەر تۈرلۈك ئىچىملىك، قىزا - قارشا، تولغىماچ نان، بوغۇرساق قاتارلىق نازۇ نېمەتلەردىن داستىخانغا دۆۋىلىۋېتىڭلار، تويغا ئادەم جىق كەلسىمۇ، ئاغزىدىن ئاشقۇدەك بولسۇن. ئالتۇن - كۈمۈشتىن ياسالغان قاچىلارنى رەتلەپ تەق قىلىپ قويۇڭلار! — دېدى.

يۇلتۇز خانىشنىڭ سەككىز قاناتلىق ئاق كىگىز ئۆيى ئېگىز بىر تەكشىلىككە تىكىلگەن بولۇپ، يامغۇر ياغقاندا سۇ كىرمەسلىكى ئۈچۈن ئەتراپىغا ئايلاندۇرۇپ ئېرىق كولاپ تام كىگىزنىڭ ئاستىنى كېرىگىنىڭ تۈۋىگە توپا بىلەن باستۇرۇپ كۆمۈپ قويغانىدى. چېدىرنىڭ ئىچى كەڭ بولغاچقا، ئادەم كۆپ سىغاتتى. يۇلتۇزنىڭ يى لىيەنخې دېگەن خىتاي دېدىكى ئۇنىڭغا قانداق كىيىم كىيىش، مېھمانلارنى قانداق قارشى ئېلىش، ئۇلار بىلەن قانداق سۆزلىشىش توغرىسىدا مەسلىھەت بېرىپ تۇردى.

— ئەگەر يېگىلىپ كېتىدىغاندەك بولساڭ مەن ھەر دائىم يېنىڭدا بولغاندىن كېيىن، مۇۋاپىق سۆزلەرنى قۇلىقىڭغا ئاستا شىۋىرلاپ قويىمەن. بولمىسا ئىشارەت بىلەن ئېسىڭگە سېلىپ قويىمەن. ھېچ نەرسىدىن قورقما، جۈرئەتلىك بولغىن! — دېدى ئۇ يۇلتۇزغا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

جاھانگىرنىڭ بۇيرۇقى بىلەن يۇلتۇزنىڭ ھۇجرىسىغا ئەڭ ئالدى بىلەن ھاجى رەھىم كەلدى. يۇلتۇز دەسلەپتە ماۋۇ دەرۋىش مېنى تونۇپ قالارمىكىن دەپ ئەنسىرىگەنىدى. تەلىيىگە يارىشا ھاجى رەھىم ئۇنى تونۇمىدى. چۈنكى ياش خانىش قاتۇرۇپ پەرداز قىلغانلىقى ئۈچۈن بىر قارىغاندىلا تونۇپ كېتىش قىيىن ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە يارىشىملىق ئېسىل كىيىملەر ئۇنىڭ ھۆسنىگە ھۆسن قوشۇپ تېخىمۇ گۈزەللەشتۈرۈۋەتكەنىدى. ئۇ ھاجى رەھىمنى ئىززەت - ئىكرام بىلەن قارشى ئالدى. دېدەك يى لىيەنخې مېھماننىڭ ئاستىغا كۆرپە سېلىپ تۆرگە ئولتۇرغۇزدى. ئۇ بىر ھازاغىچە چالنىڭ ئەتراپىدا ئايلىنىپ يۈرۈپ ئۇنىڭدىن ھەرخىل سوئاللارنى سورىدى. ئۇ بۇنىڭدىن مىڭ يىل بۇرۇن ئىدىل بويىدا قانداق خەلقلەر ياشىغانلىقى، قانداق ۋەقەلەر بولغانلىقى توغرىسىدا سۈرۈشتۈردى. ھاجى رەھىم خىتاي دېدەكنىڭ سوئاللىرىنى جاۋابسىز قالدۇرماي شۇ زامانلاردا يۈز بەرگەن بىرقانچە قىزىقارلىق ۋەقەلەر توغرىسىدا بىلگىنىچە سۆزلەپ بەردى. كىشىنى ھەيرەتتە قالدۇرىدىغان ۋەقەلەرنى ئاڭلاپ يى لىيەنخې ۋاقىتنىڭ تېز ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنىمۇ سەزمەي قالدى.

بىر ھازادىن كېيىن، ئاتنىڭ دۈپۈرلىگەن ئاۋازى ئاڭلاندى. يى لىيەنخې سىرتقا چىقىپ يىراقتىن بىر توپ ئاتلىق كىشىنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردى. توپنىڭ ئەڭ ئالدىدا كېلىۋاتقىنى باتۇخان بولۇپ، ئۇ ئۈستىگە ئېسىل يىپەك تون، پۇتىغا ئېگىز ئۆكچىلىك قىزىل كۆن ئۆتۈك كىيىۋالغانىدى. يېنىدا بولسا سۇبىتاي باھادىر ۋە ئۇنىڭ بىلەن دائىم بىللە يۈرىدىغان خانزادىلەر ھەم سىپاھلار بار ئىدى. مېھمانلارنى يۇلتۇز ئۆزى ئالدىغا چىقىپ قارشى ئالدى. باتۇخان ئۆيگە كىرگەندە ئۇ يەرگىچە ئېگىلىپ تەزىم قىلدى. خىتايچە تىكىلگەن ئېسىل كىيىم ۋە بېشىدىكى ئالتۇن ئۇققالىق ئېگىز تاج ياش خانىشنىڭ

گۈزەل چىرايىغا بەكمۇ ياراشقانىدى.

مېھمانلار ئاتلىرىدىن چۈشۈپ ئۆيگە كىردى.

— يۇلتۇز خېنىم، — دېدى باتۇخان تۆرگە سېلىنغان يىپەك كۆرپىدە ئولتۇرۇۋېتىپ، — سېنىڭ بۇرۇنقى زامان ھېكايىلىرىنى بىلىدىغىنىڭنى ئېسىمگە كېلىپ ساڭا بىر كارامەت چالنى كۆرسەتكۈم كەلدى. ئۇنداق ئادەملەر سەن ئېيتىپ يۈرگەن ھېكايىلەردىلا بولىدۇ. قازىق دېگەن بىر چال بار. ئۆزى سېھىرگەر بولسا كېرەك. كىشىلەرنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا مىڭ ياشقا كىرىپتۇ. ئەلۋەتتە مىڭ ياشقا كىرگىنى يالغان. ھازىرقى زاماندا بىر - بىرىنى ئالداش دېگەن كىشىلەرنىڭ ئادىتىگە ئايلانغان.

خان سۆزىنى تۈگىتىشى بىلەنلا يى لىيەنخې يۇلتۇزنىڭ قۇلىقىغا بىر نەرسىلەرنى دەپ شىۋىرلىۋىدى، ئۇ دەرھاللا باتۇخانغا قاراپ:

— ئەگەر ئۇ كىشىنىڭ مىڭ ياشقا كىرگىنى راست بولسا، ئۇ چاغدا قەدىمكى زاماندا بۇ ئىدىل دەرياسىنىڭ بويىدا ياشىغان ھون دېگەن ئەلنى جەزمەن بىلىدۇ. ئېھتىمال ئۇ كىشى شۇ ئەلنىڭ داھىيسى بولغان ئاتاقلىق ئىدىل خانىنى① بىلىشىمۇ مۇمكىن، بەلكىم ئۇ خانىنى كۆرۈشكىمۇ مۇيەسسەر بولغاندۇ؟

— سېنىڭ ئېيتقىنىڭ توغرا، ئۇنى بۇ ھۇزۇرۇغا چاقىرتايلى. ئۇ قېرى يالغانىنى قانداق توقۇيدىكىن، تاماشىسىنى بىر كۆرەيلى، — دېدى باتۇخان.

كۆپ ئۆتمەي نۆكەرلەر قازىق سېھىرگەرنى يېتىلەپ يۇلتۇزنىڭ ھۇجرىسىغا باشلاپ كىردى. سېھىرگەر قۇرۇپ قاقشال بولۇپ قالغان بىر چال بولۇپ، چاچ - ساقىلى ئاپئاق ئاقارغان. ئۇستىبېشى جۇل - جۇل ئىدى. ئۇنى بىر ياش ئايال

---

① ئىدىل خانى — بۇرۇنقى زاماندىكى ھونلارنىڭ خانى. ياۋروپادا ئۇنى ئاتىللا دەپ ئاتايدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بىلەن بىرگە كىشەنلەپ چىتىپ قويۇپتۇ. ئۇ كۆزلىرىنى ئالاق-جالاق قىلىپ ئۆيدە ئولتۇرغانلارغا ھومىيىپ قارىدى. ئىككىلىسى بىر سۆزمىدىلا يەرگە يۈكۈنۈپ ئولتۇردى.

ئولتۇرغانلارنىڭ ھەممىسى قىزىقسىنىپ بۇ ئىككىسىگە بىر ھازاغىچە قارىدى. بولۇپمۇ ھېلىقى سېھىرگەردىن ھېچكىم كۆزىنى ئۈزمەيدى. ئىشىكتىن كىرگەندە ئولتۇرغانلارغا ئالىيىپ قارىغان قىبرى ئەمدى تام ياغاچقا يۆلىنىپ، بېشىنى تۆۋەن ساڭگىلىتىپ مۈگدەپ ئولتۇرغان ئادەمدەك كۆزىنى يۇمۇپ ئولتۇراتتى. بەزىدە يەنە كۆزىنى ئېچىپ ئەتراپىغا بىر قۇر قاراپ قوياتتى. ئۇ بېشىغا تەڭگە مۇنچاقلار قادالغان ئۇزۇن كۆلا كىيىپ، ئۈستىدىكى يولۇق چاپىنىنىڭ يەڭ، ئېتەكلىرىگە ئەلتىر، تۇتۇۋالغانىدى. چۆرىسىگە ھەرخىل يىپلار بىلەن كىشىلەرگە چۈشىنىكسىز بىرخىل يېزىقلارنى كەشتىلىۋالغانىدى. پۈتىدىكى يوغان ئۆتۈكىنىڭ تۇمشۇقى ئاسمانغا قاراپ تۇراتتى. بىر چاغدا سېھىرگەر باشقىلارنى كۆزگە ئىلمىغاندەك قىلىپ پۈتىدىكى ئۆتۈكىنى يېشىشكە باشلىدى. ئۆتۈكىنى يېشىپ تاشلىغاندىن كېيىن، پۈتىدىكى پايتىمىسىنى ئالغانىدى، پۈتىنىڭ ئۇچىدا خۇددى نەيزىگە ئوخشاش بىر نەرسىلەر كۆرۈندى. ئۇ ئەسلىدە پۈتىنىڭ تىرناقلىرى ئىكەن. ئۇنىڭ تىرناقلىرى ئاجايىپ ئۇزۇن بولۇپ، خۇددى قوشقارنىڭ مۈڭگۈزىدەك تولغىنىپ كەتكەنىدى. پۈتىنىڭ ئۇششاق بارماقلىرىنىڭ ئارىسىغا بىردىن قۇرۇتۇلغان كۆل پاقىسىنى قىستۇرۇۋاپتۇ. موڭغۇللار سېھىرگەرگە ئاغزىنى ئاچقان پېتى قاراپ قالدى. بۇلار ئۆمرىدە بۇنداق شامانىنى كۆرۈپ باقمىغانىدى.

ئەنە شۇنداق بىر ھازا ئولتۇرغاندىن كېيىن باتۇخان:

— قىبرى، قانچە ياشقا كەلدىڭ؟ — دېدى.

— نەچچە ياشقا كەلگەنلىكىمنى ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن،

تالاي زامانلاردىن بېرى ياشاپ كېلىۋاتىمەن. ئېھتىمال مېنىڭ ياشتىن ئېشىپ كەتكەندىمەن...

— ئۇنداق بولسا ئەينى زامانلاردا بۇ دەريانىڭ بويىنى ماكان تۇتقان ھونلارنى بىلسەڭ كېرەك؟ شۇ ھونلارنىڭ پادىشاھى ئىدىل خان توغرىسىدا بىر نەرسە ئېيتىپ بەرگەن بولساڭ ياخشى بولاتتى.

چال بىلمەن، بولىدۇ ئېيتىپ بېرەي، دېگەندەك قىياپەتتە بېشىنى لىڭشىتىپ، پۈتىنىڭ بارماقلىرىنى مىدىرلاتتى. بۇ چاغدا بارماقلىرىنىڭ ئارىسىدىكى قۇرۇق پاقىلار شاراقلاپ كەتتى.

— ئىدىل خانى ھەققىدە بىر ھېكايە ئاڭلىغانىدىم. بۇرۇنقى زاماندا بۇ يەردىكى ھېكايىچى قىرىلار سۆزلەپ يۈرەتتى.

— شۇ ھېكايەڭنى بىزگە ئېيتىپ بەرگىن، — دېدى باتۇخان.

قازىق ئىككى كۆزىنى چىڭ يۇمۇپ ئىككى ياقىغا نىرغاڭلاپ بىرئاز ئولتۇرغاندىن كېيىن، ئاھاڭغا سېلىپ سۆزلەشكە باشلىدى:

— بۇرۇنىنىڭ بۇرۇنىسىدا، بۇنىڭدىن بىرنەچچە مىڭ يىل مۇقەددەم ئەل ئىمىن، يۇرت تىنچ چاغلاردا باي بىلەن گادايلارنىڭ پەرقى يوق چاغلاردا، ھەممە ئادەم خۇشال - خۇرام يايراپ يۈرگەن، قوي ئۈستىدە تورغاي تۇغۇلغان زامانلاردا، كىشلەرنىڭ تەڭدىن تولىسى باتۇر بولۇپ، نامى جاھانغا پۈر كەتكەن دەۋرلەردە، بۇ دەريانىڭ بويىدا، ئاۋۇ تاغنىڭ ئۈستىدە ئۇراق خان دېگەن بىر خان بولغانىكەن. ئۇ ئىنتايىن غەيرەتلىك، ئارسلاندەك ھەيۋەتلىك، قۇدرىتى تەڭداشسىز، غەزىپى كۈچلۈك كىشى ئىكەن. خانىنىڭ ئوردىسى بۇ تاغنىڭ دەل ئۈستىدە ئىكەن. سارايىنىڭ ئەتراپى پۈتۈنلەي قوزۇق قىلىپ قېقىلغان ئۇزۇن ياغاچ بىلەن قورشالغان بولۇپ، ئۇ قوزۇقلارنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ھەممىسىگە خاننىڭ دۈشمەنلىرىنىڭ كاللىسى سانجىپ قويۇلغانىكەن.

— ئوراق خاننىڭ يىلقىسى ناھايىتى جىق ئىكەن. پادىشاھ ئۆز يىلقىسىنىڭ سانىنى بىلمەيدىكەن. يىلقىلارنىڭ كۆپلۈكىدىن ئۇلار ئوتلاپ يۈرگەن يەرنىڭ يۈزىنى كۆرگىلى بولمايدىكەن. خان ئات قورۇسىدا يۈز ئايغىرنى ئالاھىدە بېقىپ ساقلايدىكەن. بۇ ئايغىرلارنىڭ ھەممىسىنىڭ يالى ئالتۇنىكەن. بۇ دەريانىڭ باش ۋە ئاخىرقى ئېقىمىنىڭ ئىككى ياقىسىدىكى ئەللەرنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا بېقىنىدىكەن. دۇنيادا ئۇنىڭغا تەڭ كېلىدىغان بىرمۇ ئەل چىقماپتۇ. ئورغۇنلىغان ئەللەرنىڭ سودىگەرلىرى كېمە بىلەن مۇشۇ دەريا ئارقىلىق ئوراق خاننىڭ ئېلىگە كېلىدىكەن. ئۇلار ھەر تۈرلۈك ماللارنى ئېلىپ كېلىپ بۇ يەردە سېتىپ، بۇ يەردىن باشقا ئېسىل ماللارنى ئېلىپ كېتىدىكەن. قىرىمدىن، خىتايدىن، يىراقتىكى ئەرەبىستاندىن، ئالتە ئاي كۈندۈز، ئالتە ئاي كېچە بولىدىغان يەرنىڭ ئەڭ يىراق چېتىدىكى «قاراڭغۇستان» دېگەن يەرلەردىنمۇ سودىگەرلەر كېلىپ تۇرىدىغان بوپتۇ. قانداق كېمە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ھەممىسى ئوراق تېغىنىڭ ئۇدۇلىغا كەلگەندە توختاپ پادىشاھقا سوۋغا تەقدىم قىلماي ئۆتمەيدىكەن. شۇڭا ئوراقنىڭ بايلىقى ئېشىپ، دۆلىتى زىيادە بوپتۇ.

— كۈنلەرنىڭ بىرىدە دەريا ئۈستىدە تىل بىلەن تەسۋىرلىگۈسىز دەھشەتلىك بىر بوران چىقىپتۇ. باخشى، سېھىرگەرلەرنىڭ ھەممىسى خۇداغا يالۋۇرۇپ: «بىزنى قەھر - غەزىپىڭدىن قۇتۇلدۇرۇپ ئۆز پاناھىڭدا ساقلىغايسەن» دەپ نالە - پەرياد ئۇرۇپتۇ. لېكىن خۇداغا قانچە يالۋۇرغىنى بىلەن بوران زادىلا بېسىلماپتۇ، ئەكسىچە ئەدەپ كېتىپتۇ. دەھشەتلىك دولقۇن ئەڭ چوڭ كېمىلەرنىمۇ قىرغاقا ئۇرۇپ پاچاق - پاچاق قىلىۋېتىپتۇ.

سېھىرگەرلەرنىڭ ئەڭ كاتتىلىرى دەريا بويىدىن نېرى كەتمەي
كېچە - كۈندۈز خۇداغا سېغىنىپ دۇئا - تىلاۋەتتە بولۇپتۇ. ئاخىرى
بىر كۈنى ئۇ ئۇراق خانغا كېلىپ مۇنداق دەپتۇ: «بۈگۈن كېچە
شامال بېسىلىپ، ئاسمان سۈزۈلۈپ ئاي يورۇغان ۋاقىتتا مەن
بىر كارامەت كۆردۈم. يار ياقىسىدا ئولتۇراتتىم، بىرئازدىن
كېيىن، سۇ ئاستىدىن سۇ پادىشاھى چىقىپ كەلدى. چېچى
ئۇزۇنلۇقىدىن يەرگە تېگىپ تۇراتتى. ساقىلى تىزىغا چۈشەتتى.
بېلىنىڭ يۇقىرىسى ئادەمگە ئوخشىغان بىلەن بېلىنىڭ تۆۋىنى
بېلىققا ئوخشايدىكەن. بېشىدا ئالتۇن تاج بولۇپ، تاجىنىڭ قاق
ئۈستىدە گۆھەر بار ئىكەن. ئۇ يۇلتۇزدەك چاقناپ ئەتراپنى
يورۇتۇپ تۇرىدىكەن. ئۇ بىرئاز ئاچچىقلانغاندىن كېيىن، قۇيرۇقى
بىلەن سۇنى بىر شالاقشىتقانىدى، دەريا سۈيى ئاستىن - ئۈس-
تۈن بولۇپ، كۆتۈرۈلگەن دولقۇن قىرغاقتىن ئېشىپ كېتەي
دېدى. بىر پەستىن كېيىن ئۇ ماڭا بۇرۇلۇپ: «ئۇراق خانىنىڭ
دۆلىتىنىڭ بۇنچىلىك زىيادە بولۇشى نەدىن كەلگەن، بۇنى بى-
لەمسەن؟ ئۇ ئەقەللىيسى يېمەك - ئىچمەكنىمۇ مۇشۇ يەردىن
ئالىدۇ. ئۇنىڭ ھەممە بايلىقى مۇشۇ ئىدىل دەرياسىدىن ئۆتى-
دىغان كېمىدىن كەلگەن. كېمىچىلەر پۈتۈن سېلىقنى ئۇراق خان-
غىلا تاپشۇرىدۇ. شۇڭا ئۇ ھازىر تەڭداشسىز بېيىپ كەتتى.
ھالبۇكى، پۈتكۈل سۇ دۇنياسى ئۈستىدە ھۆكۈمرانلىق قىلىۋات-
قان سۇ پادىشاھىغا ھېچكىم بىرنەرسە ئەكەلمەيدۇ. بەس، ئەمدى
مەن بۇنداق خورلۇققا چىداپ تۇرالمايمەن! ئۇراق خېنىڭغا
ئېيتقىن، ئۇ ھەر يىلى ماڭا بىر قىزنى بەرسۇن. ئەگەر بۇيرۇ-
قۇمنى بەجا كەلتۈرمەيدىكەن ئۇ تەرەپكە بىرمۇ كېمىنى ئۆتكۈز-
مەيمەن. ئۇ چاغدا دېڭىز بىلەن قاتنايدىغان سودىگەرلەر ئۆتەل-
مىگەندىن كېيىن، ئۇنىڭغا كېلىدىغان پايدا پۈتۈنلەي تۈگەيدۇ.
ھەممە دۇنياسىدىن ئايرىلىدۇ» دېدى، بۇنىڭغا قانداق جاۋاب

بىرىدىغانلىقىنى ئەلۋەتتە ئۆزۈڭ بىلىسەن.
— شۇندىن بويان ئۇراق خان سۇ پادىشاھى بىلەن ئەڭ
يېقىن دوستلاردىن بولۇپ قاپتۇ. ئەڭ چوڭ سېھرگەردىن ھېلىـ
قىدەك خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۇ سۇ پادىشاھىغا ھەدىيە
قىلغىن دەپ ئۇنىڭغا ئەڭ ئېسىل قىممەتلىك سوۋغىلارنى بېرىپتۇ.
سېھرگەر دەريا بويىغا كېلىپ زىكرى-سۆھبەت قىلىپ، ئەپسۇن
ئوقۇپ سۇ پادىشاھىنى چاقىرىپتۇ. سۇ پادىشاھىنىڭ بېشى سۇ
ئۈستىگە كۆتۈرۈلۈشى بىلەن تەڭ ئۇ ھېلىقى خىلمۇ خىل قىمـ
مەتلىك سوۋغىلارنى سۇغا تاشلاپتۇ. شۇندىن كېيىن ھەر يىلى
كۈزدە، ھوسۇل يىغىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇراق خان ئۆزىـ
نىڭ بىر قىزىنى سۇ پادىشاھىغا بېرىپ تۇرىدىغان بوپتۇ. بىر
كۈنى ئۇراق خاننىڭ ئايالى ئوغۇل تۇغۇپتۇ. دەريادىكى سۇ
پادىشاھىنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن ئۇلار بوۋاقنىڭ ئىسمىنى ئىدىل
قويۇپتۇ.
— كىچىك ئىدىل خان چوڭ بولۇپ يىگىت بولغان چاغدا،
بىر كۈنى سۇ پادىشاھى خان سارىيىنىڭ ئۇدۇلىغا كېلىپ سۇ-
دىن بېشىنى چىقىرىپ تۇرۇپ: «ھەي ئۇراق خان! ئاڭلىشىمچە
سېنىڭ ئوغلۇڭ چوڭ بولۇپ يىگىت بولغان ئوخشايدۇ. ئۆزى
شىر يۈرەك، قايتماس ئەزىمەت بولغان ئوخشايدۇ. شۇ ئوغلۇڭنى
مېنىڭ ئۆيۈمگە ئەۋەتكىن، ئۇ مېنىڭ قىزلىرىمنىڭ ئىچىدىن
تاللىغىنىنى ئۆز ئېلىگە ئالسۇن. ئاندىن سۇ ئاستىدا قېلىپ
پادىشاھلىقىمنى ئۆز قولىغا ئېلىپ مېنىڭ مىراسخورۇم بولسۇن،
ئەگەر ئۇ مېنىڭ ئارزۇيۇمنى ئورۇندىمايدىغان بولسا، مەن ئەڭ
كۈچلۈك بوران چىقىرىمەن. بۇ بوران سېنىڭ سارايلىرىڭنى،
ئوغۇل - قىزلىرىڭنى ۋە پۈتكۈل پادىشاھلىقىڭنى خانىۋەيران
قىلىۋېتىدۇ» دەپتۇ.
— ئۇنىڭ بۇ سۆزىدىن ئۇراق خان چۆچۈپ كېتىپتۇ:



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

«بولدۇ! ئۈچ كۈندىن كېيىن ئوغلۇم بىر توپ نۆكەرلىرى بىلەن بىرگە ھۇزۇرۇڭغا ھازىر بولىدۇ. مېھمانلارنى سارىيىڭدا كۈتۈۋال» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

— بۇ چاغدا ئوراق پادىشاھنىڭ ئوغلى ئىدىل خان دەريانىڭ ئۇ قېتىدىكى تۈزلەڭلىكتە قۇش قوشلاپ، ئوۋ ئوۋلاپ يۈرگەنىكەن. بالىسى ئۆيگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئوراق خان بالىسىغا: «سۇ پادىشاھى سېنى ئۆز ھۇزۇرىغا چاقىرتتى. قارىغاندا ئۇ قىزىنى ساڭا بەرمەكچى ئوخشايدۇ. تويغا تەييار-لانغىن، ئالدى بىلەن ھەرخىل سوۋغىلار بىلەن بىر ئەلچى ئە-ۋەتىپ ئۇلار بىلەن قۇدىلىشايلى» دەپتۇ ئوغلىغا. بۇ چاغدا ياش خانزادە دادىسىغا مۇنداق دەپ جاۋاب بېرىپتۇ: «سەن ئون بەش يىلدىن بېرى، ھەر يىلى سۇ پادىشاھىغا ئۆز قىزىڭدىن بىرنى بېرىپ كېلىۋاتىسەن. شۇلاردىن ھېچ بولمىغاندا بىرەرسى ئالدىڭغا قايتىپ كەلدىمۇ؟ ئەقەللىيسى نەۋرىلىرىڭدىن بىرەرسى-نىمۇ ساڭا كۆرسەتمىدى. قاراپ تۇر، مېنىڭ ھالىممۇ ئەنە شۇنداق بولىدۇ! سۇ ئاستىغا چۈشۈپ سۇ پادىشاھىنىڭ گۆھەر بىلەن بېزەتىلگەن قەسرىگە قەدەم قويۇشۇم بىلەن تەڭ مەن ئۆزۈمنىڭ پۈتۈن ئۆتمۈشۈمنى، ئاتا - ئانا، ئۇرۇق - تۇغقان، يارۇ بۇرادەرلىرىمنى، ۋەتىنىمنى ۋە ئائىلەمنى ئۇنتۇشۇم لازىم. بۇ ھەرگىزمۇ مۇمكىن ئەمەس. مەن پايانسىز چۆللەردە تېزگىنى-سىز يۈرۈشنى، ئات مىنىپ، ساداق ئېتىشنى، بوران - چاپقۇن بىلەن ئېلىشىشنى ياخشى كۆرىمەن. ئۇنىڭدىن كۆرە ئۆز بېشىمغا يېگىتلەرنى توپلاپ، يات ئەللەرنى بويسۇندۇرۇش ئۈچۈن يۈ-رۈشكە ئاتلانسام بولمامدۇ؟»

باياتىن بېرى پۈتۈن دىققىتى بىلەن سېھىرگەر قىرنىڭ كېپىگە قۇلاق سېلىپ ھېكايىنىڭ قىزىقىدا زوۋان سۈرمەي تول-تۇرغان باتۇخان دەل مۇشۇ يەرگە كەلگەندە چىدىيالماي ئور-نىدىن قوزغىلىپ قويۇپ:

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

— ئوغۇل بالا، ھەقىقىي قەھرىمانىكەن. ئەگەر يات ئەللەرنى ئۆزىگە بويسۇندۇرۇش ئۈچۈن ئاتلانغان بولسا، ئەمدى ئۇ ئۇلۇغ ئىشلارنى قىلىدىكەن، — دېدى مەمنۇن بولغان قىياپەتتە.

— ئۇنىڭدىن كېيىن نېمىلەر بولغانلىقىنى ئاڭلاڭلار، — دېدى قېرى قازىق.

— شۇ چاغدا ئوراق خان بالىسى ئەدىل خانغا مۇنداق دەپ جاۋاب بېرىپتۇ: «جەڭگە ئاتلىنىپ چىقىش ئوڭاي ئىش ئەمەس. ئۇنىڭ خەۋپ - خەتىرى كۆپ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ بىر تەۋەككۈلچىلىك بولۇپ، يات ئەللەرنى بويسۇندۇرۇپ ئامان-ئېسەن قايتىشىمۇ مۇمكىن ۋە ياكى يات ئەللەرنى بويسۇندۇ-رىمەن دەپ يۈرگەندە ئەزىز بېشىڭ يات ئەللەرنىڭ چۆللىرىدە قېلىشىمۇ مۇمكىن. شۇڭا ئەڭ ياخشىسى ئۆيدىن تالاغا چىقما. بۇ يەردىكى ئىشلار ساڭا يېتىپ ئاشىدۇ. شانۇ شەۋكەتلىك تەختىمىزنى تېخىمۇ كۈچەيتكىن. ئەدىلنىڭ تۆۋەنكى ئېقىمىدىكى دەريا يۈز ئارالغا بۆلۈنۈپ ئاقىدىغان يەرگە يېڭى شەھەر ۋە ھەرقانداق دۈشمەن قولغا چۈشۈرەلمەيدىغان بىر قامال سالدۇر-غىن. سارايىنىڭ ئىچىگە مەرمەردىن بىر ئۆي ياسىتىپ ئۇنى سۇ بىلەن تولدۇرۇش قولۇڭدىن كەلمەمدۇ؟ ئەنە شۇ سۇغا دەريا تېگىدىن ئەكەلگەن يېڭى كېلىننى يەنى سۇ پەرىنى سېلىپ قويغىن. ئەگەر قېيىن ئاتاڭ سۇ پادىشاھى ئۆيگە مېھ-مان بولۇپ كەلسە ئەنە شۇ ئۆيدە كۈتۈۋالساڭ بولمامدۇ؟»

— بۇ سۆزنى ئاڭلىغان خانزادە ئەدىل: «نېمە قىلىش لازىملىقىنى ئۆزۈم بىلىمەن، ماڭا ئەقىل ئۆگەتمەيلا قوي» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ - دە، ئاندىن نەچچە يۈز دانە تور تەييارلان-سۇن دەپ بۇيرۇق بېرىپتۇ. بىرنەچچە مىڭ يىگىتلەر بىلەن بې-لىقچىلارنى تويغا چاقىرىپتۇ ۋە سۇ پادىشاھىنىڭ قىزىنى ئال-

مەن، دەپ ھەر تەرەپكە چاپارمەن ئەۋەتىپ داۋراڭ ساپتۇ. بىر-ئازدىن كېيىن سېھىرگەر، باخشىلارنىڭ ھەممىسىنى دەريا بويىغا چىقىپ ھەممە يەرگە گۈلخان يېقىپ، زىكرى - سۆھبەت قىلىپ، جىنلىرىنى چاقىرىپ، داپلىرىنى داراڭلىتىشقا باشلاپتۇ. ئۇلارنىڭ ئاۋازىدىن ئاسمان لەرزىگە كەپتۇ. ئۇلارنىڭ بۇنداق قىلىشى سۇ پادىشاھىنى سۇ يۈزىگە چىققىن، دەپ چاقىرغىنى ئىدى. ئۇلار: «ئىدىل خان ئۆزىنىڭ نۆكەرلىرى بىلەن سىنىڭ گۆھەر بىلەن زىننەتلەنگەن قەسرىڭگە كېلىۋاتىدۇ. پادىشاھنىڭ ئوغلىنىڭ ئالدىغا چىقىپ ئىززەت - ئىكرام بىلەن قارشى ئېلىپ كۈتۈۋالغىن» دەپ ۋارقىرىشىپتۇ.

— كۆپ ئۆتمەي، ئىدىل خان يىگىرمە پالاقچىنى يېنىغا ئېلىپ چوڭ بىر قېيىققا چۈشۈپتۇ. يىگىتلەرنىڭ ھەممىسى زەرباب تون، ئىدىل خان ئاق يىپەكتىن تون كىيگەنىكەن، بېشىدا قىزىل مەخمەل بىلەن تاشلانغان بۆلغۈن تۇماق بار ئىكەن. خان قېيىقنىڭ قۇيرۇق تەرىپىدىن ئورۇن ئالغان بولۇپ، يېنىدا باش ۋەزىر ھەمراھ بولۇپ ئولتۇرۇپتۇ. ئۇ سۇ پادىشاھىنىڭ قىزىغا ھەدىيە قىلىنغان ھەر تۈرلۈك ئالتۇن - كۈمۈش جابدۇقلار ۋە قىممەت باھالىق جاۋاھىرلار سېلىنغان ساندۇقنى قولىدا تۇتۇپ ئولتۇرۇپتۇ.

— كېمە دەريانىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئەڭ چوڭقۇر يەرگە كېلىپ توختاپتۇ. ئاندىن ئىدىل خان سۇ پادىشاھىنى چاقىرىشقا باشلاپتۇ. ئىدىل سۇ پادىشاھىنى ئۈچ قېتىم چاقىرىپتۇ. دەسلەپكى ئىككى قېتىمدا سۇ پادىشاھى ھېچقانداق بەلگە بەرمەپتۇ. ئاخىرقى ئۈچىنچى قېتىم چاقىرغاندا، دەريا غەزەپكە كېلىپ قىنىدىن تېشىپتۇ. دولقۇنلار پەلەككە كۆتۈرۈلۈپتۇ. دەھشەتلىك بوران چىقىپ، ھاۋا گۈلدۈرلەپ، چاقماقلار چېقىپتۇ. بۇ چاغدا ئىدىل خان بايىقى ئېسىل جاۋاھىرلار سېلىنغان كىچىك سان-

دۇقنى قولىغا ئېلىپ، سۇغا ئېگىشىپ تۇرۇپ، سۇ پادىشاھىنى كېمىگە يېقىنراق كەلگىن دەپ چاقىرىپتۇ. بۇ پەيتتە دەريا ئۈستىدە ئۈزۈپ يۈرگەن نەچچە مىڭ بېلىقچىلار سۇغا تور يېيىپ ئىدىل خانغا قاراپ ئۈزۈشكە باشلاپتۇ.

— بىر چاغدا ھاۋا ئىنتايىن قاتتىق گۈلدۈرلەپ، خۇددى ئاسمان قاق ئوتتۇرىدىن يېرىلىپ كېتىۋاتقاندەك چاقماق چېقىلغان پەيتتە كۈتمىگەن يەردىن باش ۋەزىر ئىدىل خاننىڭ ئارقىسىدىن كېلىپ يەلكىسىگە خەنجەر ئۇرۇپتۇ - دە، خاننى سۇغا ئىتتىرىۋېتىپتۇ. بۇنى كۆرگەن پالاقچىلار دەرغەزەپكە كېلىپ، قولىدىكى پالاق بىلەن باش ۋەزىرنى بولۇشىغا ئۇرۇپ دەرياغا تاشلىۋېتىپتۇ.

— لېكىن بۇ چاغدا ئەتراپتىكى بېلىقچىلار ھەر تەرەپتىن يېقىنلاپ كېلىپ قالغانىكەن. ئۇلار خاننىمۇ، ۋەزىرنىمۇ تور سېلىپ سۈزۈپ چىقىپتۇ. ئىدىل تىرىك ئىكەن، ئۇنىڭ بەدىنى ھېچقانداق زىيان - زەخمەتكە ئۇچرىماپتۇ. چۈنكى ئۇ باش ۋەزىرنىڭ ۋاپاسىزلىق قىلىدىغانلىقىنى بۇرۇنلا سېزىپ يۈرگەچكە ئىچىگە پولات ساۋۇت كىيىۋالغانىكەن. باش ۋەزىر بولسا بويىنى ئۈزۈلۈپ كېتىپتۇ. ئۇ پادىشاھنىڭ سۇ پەرىسىگە ئالغان سوۋغا-سالاملىرىنى پۈتۈنلەي قويۇن - قونچلىرىغا تىقىپ، كىيىملىرىنىڭ يانچۇقلىرىغا سېلىۋالغانىكەن. بېلىقچىلار سۇغا چۈشۈپ كەتكەن ساندۇقنىمۇ سۈزۈپ چىقىپتۇ. ئۇنىڭ ئىچىگە قارىغۇدەك بولسا، ۋەزىر ئۇنى پۈتۈنلەي ئۇششاق تاشلار بىلەن تولدۇرۇۋەتكەنىكەن...

— ئىدىل خان كېمىسىگە ئولتۇرۇپ بېلىقچىلارغا: «تورنى چوڭقۇر سېلىپ ماڭا سۇ پادىشاھىنى تۇتۇپ بېرىڭلار» دەپ ۋارقىراپتۇ.

— بېلىقچىلار سۇدىن بىر ئاق لەھەڭ بېلىقنى تۇتۇۋاپتۇ.



www.uyghurkitap.com

بېلىق ئىنتايىن قېرى ئىكەن. ئىنتايىن قېرىپ كەتكەچكە بېشىدىن شور قايناپ بەئەينى بىر تاجنى بېشىغا كىيىۋالغاندەك كۆرۈنىدىكەن. ئۇ توردىن چىقىپ كېتىشكە ئۇرۇنۇپ يۇلقۇنغاندا تورنىڭ بىرنەچچە يېرىنى ئۈزۈۋېتىپتۇ.

— ئېھتىمال سۇ پادىشاھى مۇشۇ بولۇشى مۇمكىن، ئۇنداق بولغاندا قېيىن ئاتا بولغۇچىنى قازانغا سېلىپ ئۇنىڭ شورپىسىنى ئىچسەم راۋا بولماس، بۇ بېلىقنى دەرياغا قويۇپ بېرىڭلار، ئەجىلى توشقىچە سۇدا ئۈزۈپ يۈرۈپ تۇرمۇشىنىڭ لەززىتىنى تېتىپ يۈرسۇن، دەپتۇ بۇنى كۆرگەن ئىدىل خان.

— بېلىقچىلار ئۇنىڭ بۇيرۇقى بويىچە ئاق لەھەڭ بېلىقنى قويۇپ بېرىپتۇ. بېلىق سۇ تېگىگە شۇڭغۇپ كىرىپ كېتىپتۇ. لېكىن بىرئازدىن كېيىن دەريا قايتىدىن دولقۇنلاپ، بوران بۇرۇنقىدىن كۈچىيىپ كېتىپتۇ. تاغدەك ئېگىز دولقۇنلار قىرغاققا كېلىپ ئۇرۇلغاندا، قىرغاقتىكى يار دەرياغا غۇلاپ چۈشۈپتۇ. قىرغاققا يېقىن يۈرگەن كېمىلەرنى، ئادەملەرنى، ئات - ھارۋا، ئۆكۈزلەرنى ۋە باشقا ماللارنى تامام سۇغا غەرق قىلىۋېتىپتۇ. ھاۋا توختىماي گۈلدۈرلەپ يامغۇر چېلەكلەپ قۇيۇشقا باشلاپتۇ. بۇنداق دەھشەتلىك يېغىنغا ھېچقانداق نەرسە دال بولالماپتۇ. بۇ چاغدا يەر يۈزىدە ھاياتلىقتىن ئەمدى ھېچقانداق ئەسەر قالمايدىغاندەك بولۇپ كېتىپتۇ. بۇنىڭ ھەممىسى سۇ پادىشاھىنىڭ ئوراق خانغا بولغان ئۆچمەنلىكىدىن بولغانىكەن. ئۇ ئاسمان تەڭرىسىگە ئوراق خاننى جازالاش توغرىسىدا ئىلتىماس قىلغانىكەن. بىر چاغدا ئوراق تېغىنىڭ چوققىسىغا سېلىنغان ساراي ئۈستىگە چاقماق چۈشۈپتۇ. كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە ئالتۇن ساراي كۈلگە ئايلىنىپتۇ. دەريا سۈيى قىنىدىن تېشىپ، كۈچلۈك دولقۇن كۈلگە ئايلانغان ساراي ئۈستىگە ئۇرۇپ ئۇنىڭدىن قالغان خارابىلارنى يۇيۇپ، پاك - پاكىز قىپتۇ - دە،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ھەشەمەتلىك سارايدىن ھېچقانداق ئەسەر قالماپتۇ. سۇ بارخانسېرى كۆچىيىپ ئۇراق ئېغىدىنمۇ ئېشىپ كېتىپتۇ. پەقەت شۇ چاغدىلا بوران بېسىلىپ ئەتراپ جىمجىت بولۇپ قاپتۇ.

— ئۇراق خانغا كەلسەك، ئۇ قورققىنىدىن تاشقا ئايلىنىپ قاپتۇ. ھازىر تاغنىڭ بېشىدا تۇرغان يارتاش شۇ ئىكەن. شۇ ئورۇندا تۇرۇپ كۆزىنى چەكچەيتكىنىچە بىر زامانلاردا دەۋران سۈرگەن پادىشاھلىقتىن نام-ئۇ نىشان قالمىغانلىقىغا قاراپ تۇرىدىكەن. ئەدىل خاننىڭ كېمىسىنى بوران بىلەن دولقۇن بەكمۇ ئۇزاق يەرگە ئاپىرىپ تاشلايدىكەن. بىراق شۇ يەردە ئۇ بىر توپ قېيىننىڭ شېخىغا ئىلىنىپ قالغاچقا ئەدىل خان بىلەن ئۇنىڭ يېنىدىكى يىگىتلەر بۇ قېتىمقى بالايىئاپەتتىن ئامان قاپتۇ. بوران بېسىلىپ، كۆل ئېچىلغاندىن كېيىن، ئەل ئېسىنى يىغىپتۇ. بۇ چاغدا ياش خانزادە ئۆزىنىڭ قازا بولغان دادىسىغا مىسلى كۆرۈلمىگەن چوڭ نەزىر بېرىپتۇ. ھەربىر لەشكەر بېشىدىكى قالپىقىغا توپا ئېلىپ ئۇراق تاغ ئۈستىدىكى ئۇراق خان تاشقا ئايلىنىپ قالغان يەرگە ئاپىرىپ تۆكۈپ چوڭ قەبرە ياساپتۇ. ھازىر شۇ قەبرىنىڭ بېشىدا ھەر يىلى چوڭ نەزىر قىلىنىدۇ. يىغىلغان خەلق سۇ تەڭرىسى بىلەن ئاسمان خۇداسىغا سېغىنىپ ئۇراق ئېغىنى ماكان تۇتقان خەلقلەرگە قەھرى غەزىپىنى چاچماسلىق توغرىسىدا دۇئا — تىلاۋەت قىلىدۇ.

قازىق سېھىرگەر ھېكايىسىنى شۇنداق دەپ تۈگەتكەندىن كېيىن، سۈكۈتكە چۆكۈپ زۇۋان سۈرمەي ئولتۇردى. ئۆينىڭ ئىچىدە ئېغىر سۈكۈناتلىق ھۆكۈم سۈرەتتى. پەقەت قېرى ھېكايىچىنىڭ بارماقلىرى ئارىسىغا قىستۇرۇلغان پاقىلار بىر-بىرىگە تېگىپ تىقىرلاپ بۇ جىمجىتلىقنى بۇزۇپ تۇراتتى.

بىرئاز ئولتۇرغاندىن كېيىن، باتۇخان قېرى سېھىرگەردىن:

— شۇندىن كېيىن ئەدىل خان نېمە بولدى؟ شۇ يەردە

يېڭى شەھەر قۇردىمۇ؟ يات ئەللەرگە يۈرۈش قىلىپ ئۇلارنى بويسۇندۇرىمەن، دېگەنمىدى. ئۇ سۆزىنىڭ ئەھدىسىدىن چىقالىدىمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— ئۇ يېڭى شەھەرنى كېيىن سالارمەن، دەپ باشقىدىن يېڭى شەھەر سالماپتۇ. شۇندىن كېيىن يەر-جاھاننى زىلزىلىگە كەلتۈرىدىغان قوشۇن توپلاپ، غەربتىكى ئەللەرنى بويسۇندۇرۇش ئۈچۈن يۈرۈشكە ئاتلىنىپتۇ. لەشكەرلىرى ھېسابسىز نۇرغۇن ئىكەن. ئۆكۈزلەر بىلەن تۆگىلەر مىڭلىغان ھارۋىلارغا قوشۇلۇپ بۇ ھېسابسىز قوشۇننىڭ ئارقىسىدىن ماڭىدىكەن. ھارۋىلارغا خوتۇن-بالىلار، قېرى-چۆرىلەرنى ئولتۇرغۇزۇپتۇ. بۇ ھەيۋەتلىك قوشۇن ئۇزۇن يوللارغا سەپەر قىپتۇ. ئۇلار توختىماي ئون يىل يۈرۈپتۇ. ئىدىل خان ئالدىغا يولۇققان خەلقلەرنىڭ ھەممىسىنى قىرىپ-چېپىپ، قارشىلىق كۆرسەتكەن لەشكەرلەرنى يەر بىلەن يەكسان قىلىپ قەددىنى يەتكەن ئەللەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆزىگە بويسۇندۇرۇپتۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇ ئۆزىگە توقسان ئەلنى بويسۇندۇرۇپتۇ. لېكىن ئۇ شۇنداق ئۇلۇغ ئىشلارنى قىلىپ، قولىنى سوزغان يەرگە يېتىدىغان بولغاندا ئېچىنىشلىق ھالدا قازا تېپىپتۇ. ئۇنىڭ ئۈچ يۈز خوتۇنى بار ئىكەن، بىراق ئۇ بۇنچىۋالا ئايالغا قانائەت قىلماي يەنە ئۈستىلەپ ئايال ئالماقچى بولغانىكەن. ئۇ ئەڭ ئاخىرقى قېتىم بويسۇندۇرغان دۆلەتنىڭ پادىشاھىنىڭ قىزىغا ئاشىق بىقارار بولۇپ، ئۇ قىزغا چاي ئىچكۈزۈپ، توينى قىلىپ، كەچكە يېقىن بىر ياستۇققا باش قويغاندا ئۇ قىز دۇنيادا تەڭدىشى يوق ئىدىل خاننىڭ — ئېسىل ئەرنىڭ يۈرىكىگە خەنجەر سېلىپ ئۆلتۈرۈپتۇ... شۇندىن كېيىن، خاننىڭ پۈتكۈل لەشكەرلىرى دوناي دەرياسىنىڭ بويىغا يىغىلىپ، خاننىڭ جەسىتىنى كۆيدۈرمەكچى بوپتۇ. شۇ كۈنى تۈندە ھاۋا ئىنتايىن ئوچۇق بولۇپ ئايدىڭ ئىكەن. بىر چاغدا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

سۇ ئىچىدىن بىر سۇ پەرىسى چىقىپ ئىدىل خاننىڭ جەسىتىنى ساقلاپ تۇرغان لەشكەرلەرگە مۇنداق دەپتۇ: «مەن سۇ پادىشاھىنىڭ قىزىمەن. بىر چاغدا ئىدىل خان ماڭا ئەلچى ئەۋەتىپ مېنى ئالماقچى بولغانىكەن. شۇڭا ئۇنىڭ مېيىتىنى گۆھەردە ياسالغان ساندۇققا سېلىپ دەرياغا تاشلاڭلار. مەن ئۆمۈرۋايەت ئۇنىڭ جەسىتىگە ھەمراھ بولۇپ، ئۇنى كۈتىمەن. ئۆزۈمگە ئوخشاش سۇ پەرىلەر بىلەن بىرگە ئىدىل خاننىڭ بېشىدا ئولتۇرۇپ بېيىتلار ئېيتىپ كۈنۈمنى ئۆتكۈزەي.»

بۇنى ئاڭلىغان لەشكەرلەر سۇ پەرىسىنىڭ دېگىنى بويىچە ئىدىل خاننىڭ جەسىتىنى گۆھەردىن ياسالغان ساندۇققا سېلىپ دوناي دەرياسىغا تاشلاپتۇ. ساندۇقنى سۇغا تاشلاۋاتقان پەيتتە سۇ پەرىسى سۇ يۈزىگە كۆتۈرۈلۈپ چىقىپ كۆپچىلىككە بىر كۆرۈنۈپتۇ - دە، ئاندىن كۆزدىن غايىب بوپتۇ. شۇندىن كېيىن ئۇنى ھازىرغىچە ھېچكىم كۆرمەپتۇ.

— ھېلىقى غەربكە قاراپ كۆچكەن ھونلار قانداق بولدىكىن؟ — دەپ سوراپتۇ باتۇخان.

— ئىدىل خان ئۆلگەندىن كېيىن خەلق ھەر تەرەپكە قاراپ پىتىراپ كېتىپتۇ. كېيىنچە ئۇلار ئۆزئارا دۈشمەنلىشىپ بىر - بىرى بىلەن قانلىق جەڭلەرنى قىپتۇ. بۇنىڭ تەسىرىدە ئاخىرى ئۇلارنىڭ نەسلى قۇرۇپ تۈگەپتۇ. ھازىر ئىدىل خاندىن قالغان بىردىنبىر خاتىرە پەقەت ئۇنىڭ تاشقا ئايلانغان دادىسى توغرۇلۇق ئەل ئاغزىدا ئېيتىلىپ يۈرگەن ھېكايىلەر بىلەن ناخشىلار بولۇپ قاپتۇ.

چال ھېكايىسىنى تۈگەتكەندىن كېيىن، باتۇخان خىتاي دېدىكى يى لىەنخېسىنىڭ يېنىدا تۈگۈلۈپ ئولتۇرغان يۇلتۇز خېنىمغا بۇرۇلۇپ قاراپ:

— ھە، ياش خانىش! سېھىرگەرنىڭ ھېكايىسى ياردىمۇ؟ — دېدى.

— ياق جانابىي ئالىيلىرى، بۇ ھېكايە ئىنتايىن ئېچىنىشلىق ئىكەن. ئۇندىن باشقا ياخشى ھېكايىسى باردۇر؟ ئۇ ھېكايىنىڭ باش تەرىپىنى بىز ياخشى بىلمىمىز، بىز ھازىر ئاشۇ ئىدىل خاندىنمۇ كۈچلۈك ۋە ئۇنى كۆپ ئارقىدا قالدۇرىدىغان تەڭداشسىز باتۇرنى ئۆز كۆزىمىز بىلەن كۆرۈپ ئولتۇرۇپتىمىز. ئۇ كىشى سەن، ئۇلۇغ باتۇخان. سەن يورۇق يۇلتۇزدەك پۈتكۈل موڭغۇل قوشۇنىنىڭ يولىنى يورۇتۇپ ئۇلارغا يول باشلايسەن، — دېدى يۇلتۇز.

بۇ چاغدا باتۇخان قولىدىكى قامچىسى بىلەن يەرگە تاراسىدە قىلىپ بىرنى ئۇردى.

— توغرا دەيسەن! پۈتۈن دۇنيانى بويسۇندۇرۇپ، مۇڭغۇل خەلقىنىڭ شان - شۆھرىتىنى ئالەمگە ياييمسام، ئاتامنىڭ بالىسى بولماي كېتەي، — دېدى قەتئىيلىك بىلەن ئۇ.

ئەتراپتا ئولتۇرغانلارنىڭ ھەممىسى باتۇنى قوللاپ بىردەك:

— سەندىن غالىب ئەر يوق، سېنىڭ قۇدرىتىڭ تەڭداشسىز! سېنىڭ قولۇڭدىن ھېچ نەرسە قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ! سەن موڭغۇللارنىڭ تۈۋرۈكىسەن! — دەپ ۋارقىراشقا باشلىدى.

باياتىن بېرى ئەرەپشاھ بوسۇغىدا يۈكۈنۈپ تۇرغانىدى. باتۇخان ئۇنىڭغا ماۋۇ سېھىرگەر قېرىنى ئېلىپ چىقىپ كەت دېگەننى ئىشارەت قىلدى. ئاندىن ئەرەپشاھنىڭ يېنىدا تۇرغان غوجىدارغا بۇرۇلۇپ ئەمدى ماۋۇ ئولتۇرغان كىشىلەرگە تاماق تارتساڭ بولىدۇ، دېگەن ئىشارەتنى قىلدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## ئۈچىنچى قىسىم

# موڭغۇللار رۇسلارنىڭ بوسۇغىسىدا

يېغىلىق بولۇش ئالدىدا،
بۆيۈك ئېدىل بويىدا.
ياندى ئورمان، كۆيدى يەر،
يالقۇن ئۆزدى سامادا.
چەكسىز قېلىن شۇ ئورمان،
ئويناق ئاققان شوخ سۇلار.
ئوت دەستىدىن كۆل بولدى،
پەرياد چەكتى زار - زار.
ئۇچار قۇشمۇ ئۆتەلمەس،
يالقۇن - ئوتتۇن پەلەكتە.
كۈننىڭ كۆزى تۇتۇلدى،
دۇنيا قالدى زۇلمەتتە.
كەلدى سوغۇق شۇم خەۋەر،
ئەمىن ئەلنىڭ ئۈستىگە.
چاقماق كەبى تارالدى،
بولدۇ «قىرغىن جەڭ» دېگەن.
(ئىۋ. رۇكاۋىشنىكوۋ «يارلىق»)

## بىرىنچى باب

# ئورمانچى تاغا

ئەزەلدىن كىشىلەرگە كەم ئارىلىشىدىغان، قاچانلا قارىساڭ قاپقىنى تۇرۇپ زۇۋان سۈرمەي يۈرىدىغان، كىشىلەر بولسا دىكاروس① («قايتا ئۆسكەن») دېگەن لەقەم بىلەن ئاتايدىغان ساۋېلىي سېۋرىيۇك دېگەن بۇ كىشى قەدىمكى زامانلاردىن قالغان قېلىن رەزان ئورمانلىقنىڭ ئەڭ ئىچكىرىسىدىكى ھېچكىم بىلمەيدىغان بىر كىچىككىنە كۆلنىڭ بويىدا ئولتۇراتتى. چەكسىز كەتكەن قېلىن ئورماننىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بىر ئوچۇقچىلىقتا بىرنەچچە ئۆي بىلەن ياغاچتىن ياسالغان كىچىككىنە بىر چېركاۋ بار ئىدى. بۇ مەيداننىڭ تۆت ئەتراپى مويىل، قاراقات، مالىنا بىلەن ئورالغان بولۇپ، بۇ نەرسىلەرنىڭ قېلىنلىقىدىن مېڭىشمۇ قىيىن ئىدى. بۇ ئوچۇقچىلىقتىكى ئۈچ - تۆت ئائىلىلىك كىچىك يېزىنى كىشىلەر «پېرونوۋبور» («تەڭرى ئورمىنى») دەپ ئاتايتتى.

---

① XII ئەسىردە رۇسلارنىڭ خرىستىيان دىنى بويىچە قويۇلغان ئىسىملىرى بىلەن بىرگە بۇرۇنقى زامانلاردىن بېرى داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان سلاۋيان ئىسىملىرىمۇ ئىشلىتىلەتتى، (مەسىلەن، بولاتكو، گنېۋاش، دولوخ، پروكودا. شېستاك دېگەنگە ئوخشاش) شۇ ئىككىلا ئىسىم ھۆججەتلەرگە دائىم يېزىلاتتى. بۇ ئىسىملارنى شېۋر يوكوۋ، ۋاۋلىن، پروكودنى، زنۋىياگىنىۋ، شتاكوۋ، دولوخوۋ دېگەن ۋە باشقا فامىلىلەر كېلىپ چىققان. كىشىلەر ئارىسىدىكى ئىسىم بىلەن خرىستىيانچە ئىسىم قوشۇلۇپ ئاتىلىۋەرگەن. ئۇ چاغدا كىشىلەر تىل تېگىدۇ، كۆز تېگىدۇ، سېھىرلەيدۇ، «كۆز دېگەن يامان» دېگەنلەرگە ئىشىنەتتى. شۇڭا «كۆز، تىل تېگىپ كېتىدۇ» دەپ بالىلارنى چوقۇندۇرغان ۋاقىتتىكى قويغان ئىسمىنى ئاتىماي باشقا بىر ئىسىم قويۇپ شۇنىڭ بىلەن ئاتاپ يۈرگەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرگەن قېرىلارنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، بۇرۇنقى زامانلاردا بۇ يەرنى سېھىرگەرلەر ماكان قىلغانىكەن. ئۇلار ياغاچتىن بۇت ياساپ شۇنىڭغا چوقۇنىدىكەن. شۇ بۇتلارنىڭ بىرى ھازىرغىچە ئورمان ئىچىدىكى قېلىن چاتقاللىق ئىچىدە بولۇپ، ھازىر يېرىمى توپىغا كۆمۈلۈپ ياتقاچقا، بىر قىسىم يەرلىرى چىرىپ كەتكەنىكەن.

ئەتراپىنىڭ ھەممىسى سازلىق بولۇپ، ئۇنىڭدىن ئادەم بىلەن مال ئۆتەلمەيتتى. پەقەت توشقانلارلا بىلىنەر - بىلىنمەس سىرقىماق يوللار ئارقىلىق سەكرەپ ئۆتۈپ يۈرەتتى. بۇ سازلىق ئوۋنىڭ قىزىقىغا بېرىلىپ ئۆزىنى ئۇنتۇغان تالاي ئوۋچىلارنى يۇتۇپ كەتكەنىدى.

بۇ يېزىدا دىكاروستىن باشقا يەنە بىر قانچە ئورمانچىلار ئولتۇراتتى. قوشنىلارنىڭ بىرىنىڭ ئىسمى ۋاۋىلا بولۇپ ئۇ ئەسلى مولداۋلىق ئىدى. بىر چاغلاردا ئۆز يۇرتىنى تەرك ئېتىپ، ياخشى تۇرمۇش ئىزدەپ يۇرت كېزىپ چىققانلاردىن ئىدى. ئۇ بويى پاكار، تىغىرلىق كەلگەن، قارا چاچ، قارا ساقاللىق، يۈزىدە بىرئاز چوقۇرى بار ئادەم. خوتۇنىمۇ ئۆزىگە ئوخشاش دوپدومىلاق، يۈزىدە سەپكۈنى بار ئايال ئىدى. ئۆي ئىچىدە ئۇلار ئۆز ئارا مورداۋ تىلى بىلەن سۆزلىشەتتى. شۇڭا رۇس قوشنىلىرى ئۇنى ۋاۋىلا («ۋىچىر - ۋىچىر①») دەپ ئاتايتتى. ئۇلارنىڭ بالىلىرى ئىنتايىن كۆپ بولۇپ، ھەممىسىنىڭ بويى پاكار ئىدى. ھەممىسى قارا كۆز، قاراچاچ بولۇپ ئىنتايىن شوخ ئىدى. ئۇلار خۇددى ئىتنىڭ كۈچۈكلىرىگە ئوخشاش دائىملا بىر - بىرىگە ئېسىلىپ ۋارقىرىشىپ - جارقىرىشىپ

① مولداۋىيە سۆزىنى چۈشەنمىگەن رۇسلار ئۇلارنىڭ سۆزىنىڭ ئاھاڭىغا تەقلىد قىلىپ، ئۇلارنى ۋىچىر - ۋىچىر قىلىپ سۆزلىشىدۇ دەپ قارىغان.

يۈرەتتى. ئەگەر ئاتا - ئانىلىرى كۆزىدىن سەللا نېرى بولسا، ئۆينى بېشىغا كىيەتتى.

دىكاروسىنىڭ ئىككىنچى قوشنىسى زۇۋياگا دېگەن ئىنچىكە، ئۇزۇن بويلۇق كىشى ئىدى. بۇ يەرگە رەزاندىن كەلگەن بىر-لۈپ، ئۆزى سالغان كىچىككىنە بىر ئۆيدە ئولتۇراتتى. ئۆينىڭ ئۈستى تۈز يېپىلغانىدى. ئۇ ئۆي خېلى چوڭ كۆرۈنگەن بىلەن ئۇ-نىڭ تەگىدىن تولىسىنى چوڭ ئوچاق ئىگىلەپ تۇراتتى. بۇنىڭمۇ بالىلىرى بىر تالاي ئىدى. ئۇلار خۇددى كەپتەرنىڭ باچكىسى-دەك باش كۆزى ساپسېرىق بولۇپ، ئاغزى بۇرنىنى قاپقارا قىلىپ يۈرۈشەتتى. سەۋەبى ئوچاقنىڭ سىرتقا چىقىرىلغان تۇر-خۇنى يوق بولۇپ ئىس پەقەت يان تامدىن تېشىلگەن كىچىككىنە بىر تۆشۈكتىن چىقاتتى. بەزىدە تۇتەپ ياندىغان شىرشەم ئوتۇن سېلىنىپ قالسا، ئۆينىڭ ئىچىنى ئىس قاپلاپ كېتەتتى. شۇڭا ئۆينىڭ تورۇس، تاملىرىنى پۈتۈنلەي قارا قورۇم باغلاپ كەتكەنىدى. زۇۋياگانىڭ خوتۇنىمۇ خۇددى خۇدايىم ئۆزى ئە-تەي يارلىغاندەك ئېرىگە ئوخشاش ئىنچىكە، ئورۇق ئايال ئىدى. ئىشتىن زادىلا باش كۆتۈرەلمەيتتى. ئېرى بىلەن ئىككىسى ياز بويى ياغاچ كېسىپ، قىش كېلىشى بىلەن ئوتۇننى يىغىپ ئارىدىكى مۇناستىرلارغا (چېركاۋلارغا) توشۇش بىلەن بولاتتى.

بۇ يەردە يۇقىرىقىلاردىن باشقا يەنە لىخاركۇدىرياش دېگەن بىر دېھقان بار ئىدى. ئۇ بۇ يەرگە باشقىلاردىن كېيىن كۆچۈپ كەلگەن. ئۆزىنىڭ تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يېرى سۇزدالى كىنەزلىكى ئىدى. ئۇنىڭ ياش خوتۇنىمۇ ئۆز يۇرتىدىن ئىدى. ئۇلار بۇ يەرگە كېلىش بىلەنلا ئىككىسى قېلىن قارىغايزارلىقنىڭ ئىچىدىن خىللاپ يۈرۈپ ياغاچ كېسىپ، بىر ئوبدان مال قورۇسى بىلەن ئۆي سېلىۋالغانىدى. يېڭى ئۆيگە كىرگەنىدىن كېيىن، خوتۇنى ئىككى قات بولۇپ بىر قىز تۇغۇپ بەردى.

قىزنىڭ ئىسمىنى ۋىشنيانكا قويدى. بۇ قىز تۇغۇلۇپ ئۇزۇن ئۆتمەي ئانىسى بەزگەك كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ، ئاخىرى مۇشۇ ئاغرىق بىلەن ئۆلۈپ كەتتى. كۈدىرىياش بىر كۆتەكنى چېپىپ تەگىنە ياساپ ئايالىنىڭ جەسىتىنى شۇنىڭغا سالدى-دە، بىر قېيىن دەرىخىنىڭ تۈۋىگە ئەكېلىپ قويدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ كىچىككىنە قىزى بىلەن بويتاق قالدى. كىچىككىنە نارەسىدىگە ئانا بولۇش ئۇنىڭ زىممىسىگە چۈشتى. ئۇ ئۆلگەن بىر سىيىرنىڭ مۈڭگۈزىنى ۋە بىر تال ئەمچەكنى كېسىۋېلىپ، ئەمچەكنى مۈڭگۈزگە كىيگۈزۈپ ئېمىزگە ياسىدى. شۇندىن كېيىن بۇ مۈڭگۈزگە سۈت قۇيۇپ بالىنى ئېمىتىدىغان بولدى. بالىنى ئەنە شۇنداق جاپا-مۇشەققەتتە بېقىپ قاتارغا قوشتى. قىزچاق چوڭ بولۇپ ئېسىنى تاپقاندىن كېيىن، كۈدىر ياش بەزىدە رەزانغا بېرىپ تامچىلىق قىلىپ ۋە بەزىدە ۋەھشىي دالاغا① بېرىپ ئۇ يەردىكى كۆچمەن قىپچاقلار ئارىسىدا سودىگەرچىلىك قىلىپ كېلىدىغان بولغانىدى. بەزىدە ھەتتا بىرقانچە ھەپتە يوقاپ كېتىپ، ئورماندا ئوۋچىلىق قىلىپ تېيىنغا، سۆسەرگە تۇزاق، قاپقان قۇرۇپ يۈرەتتى. بۇنداق چاغلاردا كىچىككىنە ۋىشنيانكاسىنى قوشنىسى دىكاروسنىڭ ئۆيىگە قويۇپ كېتەتتى. دىكاروسنىڭ ئۆي ئىچى ئۇ قىزغا بەكمۇ كۆيۈنۈپ ئۇنى خۇددى ئۆز بالىسىدەك كۆرەتتى.

قىشلاقتا ساۋېلىي دىكاروسنىڭ ئىناۋىتى ئۈستۈن ئىدى. سەۋەبى ئۇ پېرۇنوۋبورغا ئەڭ دەسلەپتە كېلىپ ئورۇنلاشقان كىشى

① ۋەھشىي دالا — رەزان كىنەزىنىڭ جەنۇب تەرىپىدىكى بىپايان چۆللۈك، ئۇ يەردە قىپچاق خانلىرى ھېسابسىز نۇرغۇن مال بىلەن كۆچۈپ-قونۇپ يۈرگەن. ئۇلار رەزان چېگرىسىدا ۋاقىتلىق قىشلاق قۇرۇپ ماللىرىنى ھەيدەپ كېلىپ، يۇڭ-تېرىلەرنى رۇسلارنىڭ ئاشلىق، تۇز، ھەسەل ۋە باشقا تاتلىق يېمەكلىكلىرىگە ئايرىۋاش قىلاتتى.

ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە قاچان قوش چىقىدۇ، قاچان ئۇرۇق سېلىنىدۇ ياكى بولمىسا قايسى ۋاقىتلاردا مۇز بولۇپ قاتقان پاتقاق ئۈستىدىن مېڭىپ موناستىرغا يېڭى بېلىق، تۆرلۈك يەل-يېمىشلەرنى، تۇزلىغان ئۆردەك گۆشى قاتارلىق نەرسىلەرنى قانداق ئېلىپ بېرىش كېرەكلىكى توغرىسىدا ھەر دائىم باشقىلارغا ئەقىل ئۆگىتىپ، ئۆلگە كۆرسىتىپ تۇراتتى. دىكاروس ئۆزى بەستلىك، غەيرەتلىك ئادەم ئىدى. چاچلىرى چۇۋۇلۇپ دائىم كۆزىگە چۈشۈۋالاتتى. بىر چاغلاردا دىكاروسنىڭ بۆۋىسى بىلەن دادىسى ئۆز قولى بىلەن بۇ ئۇچۇقچىلىقنى ئاچقانىكەن. ئېگىز ئۆسكەن قارىغايلارنى ئۆزى ئۆرۈپ، يىلتىزىنى كولاپ يەر قىلغانىكەن. بوز يەرگە كۆل تۆكۈپ، ئۇنى ئاغدۇرۇپ دەسلەپىدە سولۇ تېرىغان. كېيىنكى يىللاردا قارا بۇغداي، زىغىر تېرىغان كىشىلەرمۇ شۇلار ئىدى.

دىكاروسنىڭ مەيلىچە بولسا ئورمانىنىڭ تېخىمۇ ئىچىگە كىرىپ بۇنىڭدىنمۇ خالىي ۋە ياخشى يەرگە بارغۇسى كېلەتتى. ئەگەر ئۇنداق بولغاندا باشقىلارنىڭ يەلكىسىگە مىنىۋېلىپ، خوجايىنلىق قىلىشتىن قۇتۇلۇپ ئۆزى خان، ئۆزى بەگ بولۇپ يۈرگەن بولاتتى. بىراق چېركاۋنىڭ ئۇزۇن چاپانلىق سېلىقچىسىدىن ياكى كىنەزنىڭ ئاچكۆز ئاتارمەن - چاپارمەنلىرىدىن قەيەرگىلا بارسىمۇ قۇتۇلغىلى بولمايتتى. ئۇلارنىڭ قولى ئۇزۇن، يەرنىڭ قېتىغا كىرىپ كەتسەڭمۇ سېنى ئىزلەپ تېپىپ سالغان سېلىقنىڭ بىر دىنىنىمۇ كەم قىلماي ئالاتتى. ئەگەر ئاچچىقى كېلىپ قالسا سېلىقنى بۇرۇنقىسىدىن ئاشۇرۇپ تۆلىتىۋالاتتى. بۇنداق چاغدا دىكاروسنىڭ جەھلى چىقىپ، ئاچچىقىغا بەس كېلەلمەي بېشىدىكى ماكچىيىپ كەتكەن قۇلاقچىسىنى قولىغا ئېلىپ يەرگە بىرنى ئۇراتتى - دە، قايناپ سۆزلەپ كېتەتتى:

— ھەي بەندىلەر، ئادەمگە ئىچكىلار ئاغرىسا بولمامدۇ؟!

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

سېلىقنى بىر ئاز يەڭگىللەتسەڭلار بولمامدۇ؟ ھايۋانىمۇ چوپ يەۋالسۇن، دەپ دەم ئالدۇرىدۇغۇ! ياﺋاللا، بۇ نېمىدېگەن گەپ! قىلدىن قېيىق كەتسە، شۇ ئادەمنى كۆزدىن يوقىتىۋېتىشكە تىرىشىسىلەر. بىر ئائىلىدە ئەمگەك قىلىدىغان ئادەم يالغۇز مەن، ئائىلىنىڭ پۈتۈن ئېغىرچىلىقى مېنىڭ يەلكەمدە. قول - قانات بولىدىغان يالغۇز ئوغلۇم تېخى كىچىك. سۆڭىكى قاتمىدى، — دەيتتى ئۇ. لېكىن ئۇنىڭ بۇ سۆزلىرى رەھىمسىز سېلىقچىلارنىڭ يۈرىكىنى ئېرىتەلمەيتتى. دېيىلگەن سۆزلەرنىڭ شامالغا كەتكىنىلىكىگە كۆزى يەتكەندىن كېيىن، دىكاروس ئۈمىدىنى ئۈزۈپ ئۆزىنىڭ قالىۋاتقان ئىشىغا كىرىشىپ كېتەتتى. ئاسمان بىلەن بويى تالاشقان ئېگىز قارىغايلارنى يىقىتىپ، ئۇلارنى پۇتاپ يول ياسايتتى ياكى بېلىگىچە پاتقاقتا كىرىپ زەيكەش چاپاتتى.

ئۇ پۈتۈن ئۈمىدىنى يالغۇز ئوغلىغا باغلىغانىدى. كىچىك بالىسىنى ئەركىلىتىپ گىلوۋزدىر دەيتتى. بۇ كونا سىلاۋىيان تىلىدا «قوزام» دېگەن سۆز ئىدى. چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ ئۇنىڭ زېرەكلىكى، ھەرقانداق ئىشقا ئىنتايىن ئېپى بارلىقى سېزىلگەندە قوشنىلار ئۇنى تورۇپكا دەپ ئاتايدىغان بولدى. تورۇپكا دېگەن پىششىق، ئىشچان دېگەن مەنىدە ئىدى. بالىنى چېركاۋغا ئاپىرىپ چوقۇندۇرغاندا قېرى پوپنىڭ ئۇنىڭغا قويغان ئىسمى ئانىم پەدىست ئىدى. بۇنداق ئىسىمنى ئېيتماق قىيىن بولغاچقا، كۆپچىلىك ئۇنى تورۇپكا دەپلا ئاتايتتى. چاچلىرى پاخپىيىپ تۇرغان تورۇپكا بىر قارىماققا كۆرۈمسىز كۆرۈنگىنى بىلەن ئەمەلىيەتتە ئېگىز بويلۇق، گەۋدىلىك، غەيرەتلىك يىگىت ئىدى. ھەرقانداق ئىشنى قىلسا گۈل كەلتۈرۈۋېتەتتى. دېھقانچىلىق ئىشلىرىدا دادىسىدىن قېلىشمايتتى. ياغاچ كېسەتتى، يەر ھەيدەيتتى، ئوۋغا چىقسا كۆزىگە ئىلىنغان نەرسىنى ئېتىپ يىقىتاتتى. يا-

غاچتىن - ياغاچقا سەكرەپ يۈرگەن تېيىنلارنى ئوقيا بىلەن
چەنلەپ چالمىدەك چۈشۈرەتتى.

پېرۇنوۋبور يېزىسىدا يەنە ئوپالېنىخا دېگەن تول خەتۇنمۇ
بار ئىدى. ئۇمۇ ئۆز ئالدىغا بىر دېھقان ھېسابلىناتتى، يەرنى
ئۆزى ھەيدەيتتى، ئوتۇنى ئۆزى كېسىپ، ئۆزى توشۇيتتى.
خۇددى ئەرلەردەك كۆلگە بېرىپ قارا بېلىق، تاران بېلىقلارنى
تۇتۇپ كېلەتتى. ئۇنىڭ ئائىلىسى بۇرۇن ئولما دەرياسىنىڭ بو-
يىدا تۇراتتى. بىر كۈنى ئوشتۇمتۇتلا قاراقچىلار كېلىپ
ئۇنىڭ ئىككى بالىسىنى (بىر ئوغلى بىر قىزىنى) بۇلايدۇ. ئاتا قاراق-
چىلاردىن بالىلارنى قۇتۇلدۇرىمەن دەپ ئېلىشقاندا قاراقچىلار
ئۇنى تىرىك پېتى ئوتقا تاشلاپ كۆيدۈرۈۋېتىدۇ. شۇندىن بېرى
كىشىلەر بۇ تول قالغان ئايالنى ئوپالېنىخا («كۆيگۈچەنىڭ
خەتۇنى») دەپ ئاتايدىغان بولغان. شۇ ۋەقەدىن كېيىن ئوپا-
لېنىخا پېرۇنوۋبىرغا كېلىپ ماكانلاشتى. ئۇ ئىچىدىكى قايغۇ-
ھەسرىتىنى ئىش بىلەن باسماقچى بولاتتى. بۇ يەرگە كەل-
گەندىن كېيىن، بىرنەچچە قوي قىلدى. باشقىلارنىڭ قويلىرى
قىرىلىپ تۇرغان يىللاردىمۇ ئۇنىڭ قويلىرى بىرى ئىككى
بولۇپ كۆپىيىپ تۇراتتى.

لېكىن ئۇنىڭ ئەس - يادى قاراقچىلار بولغانلارغا
سېتىۋەتكەن بالىلاردا ئىدى. بالىلىرىنىڭ ھەسرىتى ئۇنى ئۆرتەپ
تۇرغاچقا ۋشنىيانكانى ئۆز جېنىدىنمۇ ئەزىز كۆرەتتى. باشقا
قوشنىلارغا قارىغاندا ۋشنىيانكاغا ئالاھىدە ئېتىبار بىلەن قا-
رايتتى. ئۇنىڭ يەنە ئاچارچىلىق يىلى① يېقىن ئەتراپتىكى
چېركاۋدىن تېپىپ بېقىۋالغان ئىككى بالىسىمۇ بار ئىدى.

---

① تاتارلارنىڭ تاجاۋۇزىدىن سەككىز يىل ئىلگىرى رۇس ئەللىرىدە ئىنتا-
يىن قاتتىق قۇرغاقچىلىق بولۇپ، يەرگە تېرىلغان ئاشلىق پۈتۈنلەي قۇرۇپ
كەتكەن. كەينىدىن ئىنتايىن دەھشەتلىك جۇتچىلىق بولغان. ئاندىن ئىككى يىل
ئېغىر دەرىجىدە ئاچارچىلىق ئاپىتى يۈز بەرگەنىكەن.

## ئىككىنچى باب

# شەھەردىن كەلگەنلەر

پىروۋنوۋبورغا باشقا يەرلەردىن ئادەم ئىنتايىن ئاز كېلەتتى. چۈنكى بۇ قىشلاق چوڭ يولدىن خوپ يىراقتىكى خىلۋەت بىر ماكان ئىدى. بۇ يەرگە ئادەمگە قارىغاندا ھايۋانلار كۆپرەك كېلەتتى. بەزىدە سالا - سالا مۈڭگۈزلۈك بولان موزايلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ چىقاتتى - دە، ئورمان ئىچىدىكى ئۆيلەرنى كۆرۈپ، خۇددى ھەيران قالغان قىياپەتتە تىكىلىپ قاراپ كېتەتتى. بەزىدە ئۆكۈزدەك بەستى بار سېرىق ئېيىقلار ئالچاڭلاپ كېلىپ قالاتتى ۋە بەزىدە سۈلەيسۈندىن قاچقان چىپار بۇغىلارمۇ ئىزىپ - ئىزىپ كېلىشەتتى. قىش كۈنلىرى بۇ قىشلاقتىكى ئۆيلەرنىڭ ئارىسىدا كېچىچە بۆرىلەر قاتراپ چىقاتتى. ئەتراپتىكى ئېتىزلىقلاردىكى دۆۋە - دۆۋە قىلىپ يىغىلغان چۆپلەر تۈۋىنى بولسا توشقانلار ماكان قىلىشاتتى.

قىشتا سازنىڭ پاتقاقلىرى توڭلاپ، يۈزىنى قېلىن مۇز قاپلاپ كەتكەندىن كېيىن، ناتىۋۇش ئىككى سالتاڭ ئاتلىق ئادەم بىلەن ئۇلارنىڭ خىزمەتچىلىرى پىروۋنوۋبورغا كېلىپ، كې- تىپ يۈرىيدىغان بولۇپ قالدى. ئۇلارنىڭ ئاستىدىكى ئاتلىرى خۇددى بەيگە ئاتلىرىغا ئوخشايتتى. قورال - جابدۇقلىرىغا پۇ- تۈلەي كۈمۈش يالىتىلغانىدى. بۇلارنىڭ بىرى ئىنتايىن كەۋ- دىلىك كەلگەن ياش يىگىت بولۇپ، تۇرقىغا قارىغاندا خېلى غەيرىتى بار ئادەمدەك كۆرۈنەتتى. ئۆزى ئىنتايىن چاقچاقچى، ئوچۇق كۆڭۈل يىگىت ئىدى. كىشىلەر بىلەن چاقچاقلىشىپ

يۈرۈپ، پېرونوۋبورنىڭ ئادەملىرى بىلەن بىر پەستىلا چىقىشىپ ئاغىنە بولۇپ كەتتى. ئىككىنچىسى، ئۇزۇن، قارا چاپىنىنىڭ ئۈستىدىن كالتە جۇۋا كىيگەن، قاپىقى ئېچىلمايدىغان. مۇز چىراي موناخ ئىدى. ئۇنىڭ ئاق ئارىلاپ قالغان ئۇزۇن چېچى يەلكىسىگە چۈشۈپ تۇراتتى. بېشىدا پوپۇكى بار قالپاق بار ئىدى.

بۇلار ھەر دائىم كودرىياش بىلەن دىكاروسنىڭ ئۆيىگە چۈشۈپ ئۇلاردىن ئېيىقنىڭ ئۇۋۇسىنىڭ قەيەردىلىكىنى، كىچىكلىرىنى قەيەردە كۆرگەنلىكىنى سوراشتۇراتتى. ئاندىن ئوۋغا چىققاندا ئىچىم ئوۋ كىيىملىرىنى كىيىپ چەبدەس بولۇپ چىقاتتى. موناخ ئۈستىدىكى قارا چاپىنىنى سېلىۋېتىپ، بېشىغا توشقان تېرىسىدىن تىكىلگەن قولاقچا، ئۈستىگە كالتە جۇۋىنى كىيىپ، قولىغا ئۇزۇن دەستىلىك ئىككى قوللۇق ئارىنى ئېلىپ، پۇتلىرىغا چاڭغىنى تېڭىپ دىكاروس بىلەن كودرىياش، تۇرۇپكىلارنى ئەگەشتۈرۈپ ئېيىق كۈچۈكىنى تۇتۇشقا ياكى ئۇۋۇسىدىكى ئېيىقنى سوقۇۋېلىشقا چىقاتتى. ئۇلار ئورمان ئىچىنى ئەتىدىن كەچكىچە كېزىپ يۈرۈپ پەقەت بىرەر ئولجىنى قولغا چۈشۈرگەندىن كېيىنلا رازى بولۇپ قايتاتتى.

كەچكە يېقىن ئۇۋچىلار دىكاروسنىڭ ئۆيىگە قايتىپ كېلىپ، ئولجىلىرىنى قازانغا سېلىپ يەپ، شورپا ئىچىپ يېرىم كېچىگىچە ئوۋ توغرىسىدا ھەر خىل قىزىق پاراڭلارنى سېلىشىپ ئولتۇراتتى. بىر كۈنى دىكاروس قېرى موناختىن ئۇشتۇمتۇت مۇنداق سوراپ قالدى:

— موناخ ھەزرەتلىرى، مۇنۇ ئۇزۇن قارا چاپان زادىلا ياراشماپتۇ. قولۇڭغا قىلىچ ياكى نەيزە ئېلىپ يۈرگەن بولساڭ ياخشى بولمامتى؟ ئۇ ۋاقىتتىكى باتۇرلۇقۇڭ ۋە چەبدەسلىكىڭنى كۆرۈپ نېمىشقىمۇ ئېگىشىپ ناماز ئوقۇپ يۈرىدىغاندۇ؟ قولىڭغا قورال ئېلىپ جەڭ مەيدانىغا بارغان بولسا جايىدا بولاتتىكەن، دەپ ئويلاپ قالدىم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بۇ سۆزگە مېناخ مۇنداق دەپ جاۋاب بەردى:
— سەن مېنى مۇشۇ ھاياتقا رازى بولۇپ ئۆتىۋاتىدۇ
دەمسەن؟ بىر چاغلاردا مەن راتبىر دەپ نام ئالغان ئادەم ئىدىم.
ياشلىقىمدا لەشكەر بولۇپ پايانسىز قىپچاق دەشتلىرىدە تالاي
قېتىم قان كېچىپ جەڭلەرنى قىلغانىدىم. لېكىن ئاجايىپ بىر قىس-
مەت بىلەن ساۋۇتنى تاشلاپ، ئۇنىڭ ئورنىغا مىناخنىڭ پىرىجىسىنى
كىيىشكە توغرا كەلدى. بۇنداق بولۇشنى مەن ئۆزۈم ئارزۇ قىلغان
ئەمەس. ئېھتىمال، باشقىلارغا كاشىلا بولۇپ قالغان ئوخشايمەن.
شۇڭا خۇدانىڭ ھۆكمىگە شۈكرى قىلىپ، ئۆزۈمنى ئۆزۈم يالغۇز ھۇج-
رىغا بەنت قىلىپ ئولتۇرۇپتىمەن ... ھازىر ئىتنىڭ بېشىغا ئورساڭ
كىنەز بولۇپ كەتتى. ئۇلار بىر - بىرىنى كۆرەلمەي دۈشمەنلەشمەكتە.
قولىدىن كەلسە بىرىنى - بىرى تىرىك يۇتۇۋەتسەم دېيىشىدۇ.
نېمە قىلىشسا قىلىشمامدۇ؟ مەن ئۇلاردىن بىزارمەن. كىچىككىنە
ھۇجرامدا ئولتۇرۇپ بېشىمدىن ئۆتكەن ئىشلار توغرىسىدا ئەسلە-
مە يېزىۋاتىمەن. بۇ ياشقا كەلگىچە كۆپ قېتىم ئاجايىپ جەڭ-
لەردە بوپتىمەن. خاتىرىگە شۇلارنى رەتلەپ يېزىپ قويماقچىمەن...
ئۆيۈمگە ئارىلاپ ماۋۇ يېۋپاتى دېگەن ياش باتۇر كېلىپ
تۇرىدۇ. بۇنى كۆرگەندىن كېيىن كونا خۇيۇم تۇتۇپ
قولۇمدىكى قەلەمنى تاشلاپ ئېلىپ ئۇنىڭ كەينىدىن
ئەگىشىپ كېتىدىغان چاغلىرىمۇ بار ... بەزىدە قىزىپ كېتىپ
ئېيىق بىلەن كۈچ سىنىشىپ كېتىمەن.
— مۇبادا ۋەتىنىمىزگە ياۋ كەلسە قانداق قىلاتتىڭ؟ —
دېدى دىكاروس ئۇنىڭغا، — شۇ چاغدىمۇ ھۇجراڭدىن چىقماي
ئولتۇرارمىدىڭ؟
— ئەگەر ئۇنداق بولىدىغان بولسا، مېنى موناستىردا
باغلاپمۇ تۇرغۇزالمايدۇ. ھېچ بولمىغاندا ئاددىي بىر لەشكەر
سۈپىتىدە يېۋپاتى باتۇرنىڭ قوشۇنىغا كىرىپ، كىندىك قېنىم

تۆكۈلگەن رۇس تۇپرىقىنى قوغدايمەن. ئۇنىڭ يولىدا قۇربان بولسام ئارمىنىم يوق، — دەپ جاۋاب بەردى موناخ.

قىش پەسلى ئىدى. بىر كۈنى پېرۇنوۋبورغا پار ئات قوشۇلغان مەپىلىك چانا بىلەن يېزىلارنى ئارىلاپ سودا - سېتىق قىلىپ يۈرگەن بىر سودىگەر كەلدى. سودىگەرنىڭ چانىسى ھەر تۈرلۈك ماللار بىلەن تولغان بولۇپ، يىڭنە - يىپ، سۆزگە - تارغاق، ئەينەك - مارجان، ياغلىق، تۈرلۈك ھالقىلار، بىلەيزۈكلەر، شېكەرلىك توقاچ قاتارلىقلار بار ئىدى. سودىگەرنىڭ قىزىق يېرى شۇكى، ساتقان نەرسىگە پۇل ئالماي، ئورنىغا قىممەت باھالىق سۆسەر، بۆلغۈن، تۈلكە، قۇندۇز، قاما تېرىلىرىنى ئالاتتى. تۈرۈپكا بىر قۇچاق تىيىن تېرىسىگە مونچاق ھالقا تېگىشىپ ئۇنى ۋشنىيانكىغا سوۋغا قىلدى.

سودىگەر رۇس ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ بېشىدىكى تۇماقمۇ ئۆزگىچە: چوقچىيىپ تۇرىدىغان قالپاق بولۇپ، چۆرىسىگە ئاق ياغلىق يۆگىۋالغان. پۇتىغا، قونچىلىرىغا ئويما گۈللۈك نەقىش ئىشلىگەن ئۆتۈك كىيگەن، ئۈستىگە كىيگەن چاپىنىمۇ غەيرىي، تىكىلىشىمۇ غەلىتە ئىدى. خوتۇنلار ئۇنىڭ چاپىنىنىڭ پاك دىنلىق خرىستىئانلارچە ئوڭ تەرەپتىن تۈگمىلەنمەي، بەلكى دىنسىز دەھرىلەرگە ئوخشاش سول تەرەپتىن تۈگمىلەنگەنلىكىنى بايقاپ قېلىشتى.

پېرۇنوۋبورنىڭ ئادەملىرى: شەرقتىكى چۆللۈكتىن قورقۇنچلۇق بىر تائىپە كېلىۋېتىپتۇ. ئۇلاردا مېھىر - شەپقەت بولمايدىكەن، قېرى - ياش، ئەر - ئايال، بالا - چاقا دېمەي كۆزگە كۆرۈنگەننىڭ كاللىسىنى ئالىدىكەن. يېزىنىمۇ، شەھەرنىمۇ پۈتۈنلەي ئوت قويۇپ يەر بىلەن يەكسان قىلغۇدەك، دېگەن قورقۇنچلۇق خەۋەرنى بىرىنچى قېتىم ئاشۇ سودىگەردىن ئاڭلىدى.

— ئۇلار بىزنىڭ بۇلغار تۇپرىقىنىمۇ ۋەيران قىلدى. —

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

دېدى ھېلىقى سودىگەر، — دەسلەپتە ئۇلار بىزنىڭ بىلەر دېگەن شەھىرىمىزگە كەلدى. دەل چۈش ۋاقتى ئىدى. خۇددى ئاسماندا چاقماق چېقىلغاندەك بولدى. ئۇلار چىڭگىزنىڭ نەۋرىسى شۇيبان خان دېگەن خاننىڭ قوشۇنى ئىكەن. باتقا لەشكەرلەردىن ئالدىن كەلگەن بولسا كېرەك. ئۆزلىرىنى تاتار-موڭغۇل قەۋمى دەپ ئاتايدىكەن. ئۇلار كېلىش بىلەنلا شەھەرلىرىمىزنى بۇلاپ - تالاپ، قولىدىن ئىش كېلىدىغان ھۈنەرۋەنلەرنى تۇتقۇن قىلىپ، بىر - بىرىگە چېتىپ باغلاپ نەلەرگىدۇر ئېلىپ كېتىشتى. پەقەت قېلىن ئورمان ئىچىگە يوشۇرۇنۇپ قالغانلارلا ئامان قالدى... تاتارلار بۇلغار زېمىنىنى ئۆزىگە ئوبدان بويسۇندۇرۇۋېلىش ئۈچۈن ئېلىمىزنىڭ بەش شەھىرىگە ئايرىم - ئايرىم لەشكەر قالدۇردى، ئاساسىي قوشۇنى يەنىلا قىپچاق دالاسى تەرەپكە قاراپ توختىماي سەپەر قىلدى... ئۇزۇن ئۆتمەي سىلەرمۇ ئۇلار بىلەن تۇتۇشىسىلەر، ئۇلارغا قارشى چىقىپ تەڭ كەلگىلى بولمايدۇ. ئۇلار پۈتۈن جاھاندا غالىب بولۇپ، دۇنيانىڭ تىزگىنىنى ئۆز قولىدا تۇتقان ئادەملەر... ئۈستىگە كىيگىنى پۈتۈنلەي كۆرپە جۇۋا، ھۇجۇمغا ئۆتكەندە سەپنى بۇزماي، جەڭگىۋارلىق بىلەن ئۇرۇش قىلىدۇ... چوقان سېلىپ تەرەپ - تەرەپتىن قاپساپ كەلگەندە ئۇلاردىن قۇتۇلۇشنىڭ چارىسى ئىنسان بالىسىنىڭ ئەقلىگە كەلمەيدۇ، — دېدى سودىگەر.

— تاتار دېگىنىڭ پەقەت سەن بۇلغارلارغىلا شۇنچىلىك تەڭداشسىز بىلىنىپ كەتكەن ئوخشايدۇ، — دېدى دىكاروس، — بۇلغار دېگەن سودا سېتىقتىن باشقىنى بىلمەيدۇ. ئۇرۇشقا كەلگەندە رۇسلاردەك يۈرەكلىك، باتۇر ئادەملەر سىلەردە نېمە ئىش قىلسۇن.

— تاتارلار بېسىپ كەلگەندە كۆرەرمىز، — دېدى سودىگەر.

بۇ چاغدا بىر چەتتە قاراپ تۇرغان ئۇپالبېتىنخا چىدىماي:

— تىلىڭنى تارتىپ سۆزلە. بىزگە تېگىپ باقسۇن ئۇ دەھرىلەر. چىڭگىزلارغا پالتىنىڭ تەمىنى ئوبدان تېتىتىپ قويىمىز. ئاياللارمۇ ئەركەكلەر بىلەن بىرگە سوقۇشقا بارىمىز دەۋاتىدۇ، — دېدى.

— تاتارلار چۇقان سېلىپ، چۇمۇلىدەك يامراپ، ھەممە يەرنى قاپساپ كەتسىمۇ بىز ئۇلاردىن قورقۇپ كەتمەيمىز، — دېدى دىكاروس، — ئېيىقىقا ئوخشاش ئېتىلىپ كېلىشىدىغان بولسا، ئاچىغا ئېلىنىپ، ئۇچەي باغرى چۇۋۇلۇپ ئالدىغا چۈشىدۇ. سوقۇشقا كىرگەندە قىپچاقلارمۇ ئەنە شۇنداق ھۆركىرەپ كىرىدۇ، ئۇنىمۇ كۆرگەن. ئۇلارنىڭ ئويىچە شۇنداق قىلسا، بىز قورقۇپ كەتكۈدەكمىشمىز... بىزنىڭ رەزانىنىڭ ياساۋۇللىرى ئۇنداقلارنى كۆپ كۆرگەن. ئۇلارنى ئۆزلىرى كەلگەن سەھرالارغا ھەيدىۋېتىشنىڭ ئامالىنى بىلىدۇ. ئەجابا، تاتارلار ئۇلاردىنمۇ قورقۇنچلۇقمىدى؟!

## ئۈچىنچى باب

## دەسلەپكى خەۋەر

شۇنىڭدىن كېيىن سودىگەر ئۆز يولىغا راۋان بولدى. دېھقانلار بولسا چىڭگىز تاتارلىرى توغرىسىدا: «ئۇلار بىزگە تەڭ كېلەلمەيدۇ ھەم بىزنىڭ يەرلىرىمىزگىمۇ يېتىپ كېلەلمەيدۇ» دېيىشتى ۋە بىر پەستىن كېيىن ھەممىنى ئۇنتۇپ ئۆز ئىشلىرى بىلەن بولۇپ كېتىشتى.

قىشلاقتا تەخمىنەن يىگىرمە چاقىرىم كېلىدىغان يەردە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ياروستاۋ پېرگوست دېگەن بىر چىركاۋ بار ئىدى. يۇقىرىدىكى ۋەقە يۈز بېرىپ يېرىم يىل ئۆتكەندىن كېيىن يەنى كىشىلەر تاتارلارنى ئاللىقاچان ئېسىدىن چىقىرىپ دۇنيادىن بىغەم يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە چىركاۋ تەرەپتىن توساتتىن خۇددى دۈشمەن قوغلاپ كېلىۋاتقاندەك ئالدى - كەينىگە قارىماي، ھاسىراپ - ھۆمىدەپ بىر چاپارمەن يۈگۈرۈپ كەلدى. ئۇ يول بىلەن ماڭماي توغلاپ كەتكەن سازلىق ئۈستىدىن توغرا كېسىپ چىقتى. چاپارمەن كېلىشى بىلەنلا ئۆيلەرنى ئارىلاپ، دېرىزىلەرنى قېقىپ: «رەزان كىنەزى ھەممىڭلارنى دەرھال يىغىلسۇن، دەيدۇ، مۇھىم سۆز بار ئىكەن» دېگەن خەۋەرنى يەتكۈزدى.

ئاندىن چاپارمەن سەل ئېرىغا بېرىپ ئولتۇرۇپ، دېھقانلارنىڭ يىغىلىشىنى كۈتتى. ھەش - پەش دېگۈچە پېرۇنوۋبورنىڭ جامائىتى جەم بولدى. ئاندىن چاپارمەن:

— ھەممىمىزنىڭ ئاتىسى، رەزان كىنەزى يۈرى ئىنگىۋارېۋىچ... — دەپ سۆز باشلىۋىدى ئۇ، بىر چەتتە ئولتۇرغان كۇدىرياش ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋەتتى.

— تىلىڭنى تولا چاينىما، ئۆزۈڭنىڭ ئاتىسى كىم؟ ئۇ ئاتىمىز دېگىنىڭنى بىز ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىغان، ساڭا ئوخشاش يۇنداخورغا ئاتا بولسا بولغاندۇ... — دېدى ئۇ غەزەپلىنىپ.

— كىنەز، پۈتۈن خەلق بىر سەپ بولۇپ يۈرۈشكە ئاتلانسۇن، دەپ يارلىق چۈشۈردى. رەزان تۇپرىقىغا ھېسابسىز نۇرغۇن ياۋ كېلىۋاتىدۇ. ئۇلار يىراق چۆللەرنى بېسىپ بىزنىڭ يەرلىرىمىزگە يېتىپ كەلگىچە، بىر تەشكىللىنىپ، ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقىپ، ئالدىنى توسىشىمىز، ئۇلارنى تۇپرىقىمىزنىڭ ئاياغ باستۇرماي ئاشۇ يەردىلا ئەدىبىنى بېرىشىمىز كېرەك ئىكەن...

— سەن ئۇنى نەدىن بىلدىڭ؟ — دېدى بىر چاغدا زۇبياگا چاپارمەننىڭ سۆزىنى بۆلۈپ، — سېنى بىزگە كىم ئەۋەتتى، ھاكىممۇ، ياكى پىرىمۇ، ياكى باشقا بىرسىمۇ، نېمە دەپ بىزنى قورقۇتۇپ يۈرىسەن؟!

— بىزنىڭ ياروستوۋوغا كىنەزنىڭ نۆكىرى بىلەن يېگىرمىدەك ياساۋۇلى كەلدى. ئۇلار ناھايىتى پۈزۈر كېيىنگەن، ئۈستىبېشى يالتىراپ تۇرىدۇ. مىنگەنى پۈتۈنلەي يۈگۈرۈك تۇلپارلار. كېلىشى بىلەنلا ئۇلارنى بىزنىڭ ستاروستىمىز ئۆي - ئۆيگە بۆلۈپ ئورۇنلاشتۇردى. ئىككى كۈندىن بېرى تاپقان - تەرگىنىمىزنى ئۇلارنىڭ ئاغزىغا تىقىپ، خۇشامىتىنى قىلىپ كۈتۈۋاتىمىز. ئادەمنىڭ نەپسى بۇنىچىلىكمۇ بولارمۇ؟ رەزاندا بۇ ئاچ قالغان ئادەملەرگە تاماق تېشۇتالماي قالدۇق. كىنەزنىڭ نۆكىرى: پۈتۈن ئادەملەرنى چاقىرىپ، تاتار دېگەن ئادەم بالىسى بىلمەيدىغان بىر تائىپە بىزگە ھۇجۇم قىلىپ كېلىۋاتىدۇ. ئون ئالتە ياشتىن يۇقىرى دېھقانلارنىڭ ھەممىسى تامام يىغىلسۇن، پالتىسى بارلار پالتىسىنى، نەيزىسى بارلار نەيزىسىنى ئېلىپ قوراللىنىپ، توپتوغرا رەزانغا قاراپ ماڭسۇن، دەپ بۇيرۇق بەردى. بۇ يەردە كىنەز غايەت زور قوشۇن توپلاپ ئۇلارغا قىلىچ، نەيزە ۋە ئايپالتا تارقىتىپ بېرىۋاتقۇدەك. كىنەزنىڭ باشقا ياساۋۇللىرى تەرەپ - تەرەپكە — زارايىسكىغا، مۇرومغا، ۋلادىمىرنىڭ بۈيۈك سۈزدالى كىنەزى ۋلادىمىرغا كېتىپتۇ. ئۇلار شۇ ئورۇنلارنىڭ خەلقىنى يىغماقچى...

دىكاروس چاپارمەننىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، قاپىقىنى تۈرۈپ، بىرئاز سۈكۈتتە تۇرغاندىن كېيىن:

— ئىسمىڭ نېمە؟ — دەپ سورىدى.

— ياشكا بىرىخ.

— كىمنىڭ بالىسىسەن؟ بېلىقچى پاخومنىڭ بالىسى ئوخشىمامسەن؟

www.uyghurkitap.com

— دەل ئۆزى، شۇ كىشىنىڭ بالىسى بولىمەن، پادىر تېرىبېنتىچ مېنىڭ دادام بولىدۇ.

— دادام بىلەن مەن يېقىن ئىدىم. سېنىڭ يەتكۈزگىنىڭ ياخشى خەۋەر ئەمەس. كىنەز نېمە ئىش قىلىپ يۈرۈپتۇ. ئەلنى يىغىشقا مۇشۇنچىلىكمۇ كېچىككەن بارمۇ؟ تاتارلار رەزان تۇپرىقىغا كىرىپ ئات ئويىنىتىپ يۈرگەندە، ئۇ خەلققە چاقىرىق قىلسۇن. شۇ چاقىرىقچە ئۇ نېمە ئىش قىپتۇ. چېگرىدا تۇرغان لەشكەرلەرگە سۇزدالى لەشكەرلىرى نېمىشقا ياردەملەشمەيدۇ؟ سۇزدالنىڭ قوشۇنى رەزانىڭكىدىن كۆپ ھەم كۈچلۈك ئىدىغۇ! تاتارلار رەزانغا ھۇجۇم قىلغاندا ئۇلار قورغانلىرىنىڭ ئىچىگە بېكىنىپ، قول قوشتۇرۇپ ئولتۇرۇپ، ئاندىن «دىنسىزلارنىڭ ئەدىبىنى بېرىڭلار» دەپ ياۋغا سېلىپ قويۇپ، ئۆزلىرى تاماشا كۆرۈپ ئولتۇرماقچىمۇ؟ ئۇنىڭدىن كۆرە ھەممىمىز بىرلىكتە قارشى تۇرغان بولساق ياخشى بولماسمىدى، — دېدى دىكاروس.

— قاراڭلار بۇنىڭ ئارزۇسىنى، — دېدى زىنۇيا، — كىنەزلەر بىر - بىرىنى يەۋەتكۈدەك بولۇۋاتقاندا، ئۇلار ئۆز-ئارا ھەمكارلىشاتتىمۇ.

شۇندىن كېيىن يارۇستوۋدىن كەلگەن چاپارمەنگە دىكاروس مۇنداق دېدى:

— ھاكىمىڭغا، ئۇنىڭ نۆكەرلىرىگە ئېيت، ئەتە بىزنىڭ بارلىق دېھقانلىرىمىز رەزانغا بارىدۇ. يارۇستوۋدىن سىلەرنىڭ ئۆيگە يولۇقۇپ، دادام بىلەن كۆرۈشۈپ ئۆتىمەن. قالغان ئىشلارنى قانداق قىلىش توغرىسىدا شۇ چاغدا بىر نەرسە دېيىشەرمىز.

چاپارمەن تايىقىنى قولىغا ئېلىپ، كەلگەن ئىزى بىلەن يولىغا راۋان بولدى. تېز يۈگۈرۈپ كېتىۋاتقاچقا، پۇتىدىكى

چورۇقىنىڭ سىلىقلىنىپ پارقىراپ كەتكەن تاپىنى خېلى يە-راقتىن كۆرۈنۈپ تۇراتتى. بىر ئازدىن كېيىن ئۇ قېلىن ئور-مانىنىڭ ئىچىگە كىرىپ كۆزدىن غايىب بولدى.

## تۆتىنچى باب

## ۋەھشىي دالاغا ئاتلىنىش

ساۋىلا دىكاروس يۈرۈشكە ھازىرلاندى. مېڭىش ئالدىدا ئاخىرقى كۈنلىرىدە ئوۋلىغان تىيىنلىرىنىڭ تېرىلىرىنى سويۇپ، كىچىك ياغاچلار بىلەن كېرىپ ئامبارغا ئەكىرىپ ئېسىپ قويدى.

— غازنىڭ گۆشىنى يېسەڭ، ئۆردەكنىڭ پېيىدا بول، دې-گەن گەپ بار، مۇبادا تاماقتىن قىسىلىپ قالساڭلار، بۇلارنى ئاشلىققا تېگىشەرسەن، — دېدى ئۇ خوتۇنىغا.

ئېيىق ئوۋلاشقا چىققاندا دىكاروس ئۇزۇن ئىككى قىللىق ئارىنىڭ ئۇچىغا يوغان پىچاقنى باغلاپ، ئوچرىغان ئېيىقنىڭ قارنىنى شۇنىڭ بىلەن يېرىۋېتەتتى. ھازىر شۇ پىچاقنى تازا ياخشى بىلىگەندىن كېيىن، يەنە چىڭ قىلىپ ئارىسىغا باغلى-ۋالدى. تۇرلۇق پالتىنىڭ سېپىنى بۇرۇنقىدىن ئۇزۇنراق بىر ساپقا ئالماشتۇردى. ئورماندىن دۆۋىلەپ تۇرۇپ بىر چانا ئو-تۇن ئەكىلىپ ئۆيگە چۈشۈردى. سۇنۇپ كەتكەن بىر پۇچۇق چالغىنى تازا بىلەپ يەنە بىر ئارىغا ئەپلەپ باغلىدى-دە، تۇرۇپكىغا بىر يېڭى قورال تەييارلىدى. ياغاچ كېسىدىغان يېنىك بىر پالتىنى خوتۇنىغا قالدۇردى.

خوتۇنى مارىسا ۋېشنيانكا بىلەن بىرگە قارا بۇغدايىنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئۇنىدىن خېمىر يۇغۇرۇپ، ئۈچ چۈك بولكا بىلەن بىرنەچچە پىشلاق سالدى. ئاندىن بولكىنىڭ بىرسىنى نىپىز قىلىپ پىچ-كە سىلىپ قورۇتۇپ سوخارى قىلىپ خالتىسىغا سېلىپ بەر-دى. بىر باغلام پىياز، بىر چاڭگال تۇز ۋە يەنە شۇنىڭدەك ئەرسىلەرنى بىر ياغلىققا تۈگۈپ خالتىغا سالدى.

— تۇز ئاز بولۇپ قالدى، ئۆيدە تۇز تۈگەپتىكەن، يول بويىدىن ئېلىۋالارسەن، — دېدى مارىسا.

ئۇيۇقتىن كۆتۈرۈلگەن ئەتىگەنلىك قۇياش ئۇيقۇدا يات-قان قىلىن ئورمانغا ئۆزىنىڭ ئالتۇن نۇرىنى چېچىپ، دەرەخ-لەرنىڭ ئۇچىنى يورۇتقان پەيتتە، قىشلاقتىكى دېھقانلارنىڭ ھەممىسى دىكارۇسنىڭ ئىشىك ئالدىغا يىغىلدى. دېھقانلارنىڭ دۈمبىسىدە بىردىن ئۇزۇن خالتا، بېلىدە بىردىن پالتا، مۈرى-سىدە بىر جۈپتىن يېڭى چورۇق ئېسىقلىق تۇراتتى.

خوتۇنلار چاپانلىرىنى يېپىنچاقلىغان پېتى ئەرلىرىنى ئورمان ئىچىدىكى كىچىك بۇلاقنىڭ يېنىغىچە ئۇزىتىپ كەلدى. بايا-تىن ئۆزلىرىنى زور كۈچ بىلەن بېسىپ تۇرغان ئاياللار، بۇ-لاق تۈۋىدە خوشلاشقان پەيتتە، ئۆزلىرىنى ئەرلىرىنىڭ باغرىغا ئېتىپ قاتتىق يىغلىۋېتىشتى.

— بىز ئەجەبمۇ شور پېشانە ئىكەنمىزغۇ؟ بىزنى كىمگە تاشلاپ كېتىۋاتىسىلەر، ئەمدى كىم بىزگە باشپاناھ بولىدۇ؟! — دەپ زارلايتتى ئۇلار.

دىكارۇس تولا يىغلاپ ئىسىدىن كېتىپ يەردە ئولتۇرۇپ قالغان ئايالىنى يۆلەپ تۇرغۇزۇپ، ئۇنىڭ كۆڭلىنى ياساپ:

— يىغلىما، يىغلايدىغان ھېچ ئىش يوق. ئېيىق بىلەن ئېلىشىشنى ئوڭاي دېۋىمىدىڭمۇ؟ شۇ چاغدىمۇ يىغلىماي قالاتتىڭ-غۇ؟ بۇمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش بىر ئىش. چىپار ئاتقا ئوبدان قارا، بۆرە ـ ئېيىقتىن، ئوغرى ـ يالغاندىن ئېھتىيات قىلىڭ

لار. خۇدايىم ئەزىز بېشىمنى ئامان قىلسا، قايتىشىمدا تاتارلارنىڭ بىرەر ئېتىنى مىنىپ كېلەرمەن. ساڭا بىر يىپەك چاپان، كەمزۇل ۋە ئۆتۈك ئالغاچ كېلىمەن... — دېدى.

— ھېچ نەرسەڭنىڭ ھاجىتى يوق. ئامان - ئېسەن قايتساڭلا خۇداغا مىڭ شۇكرى، ئۇنىڭدىن ئارتۇق ماڭا نېمە كېرەك. كاپىرلار بىر يەردە جېنىڭغا زامىن بولسا، ئادەمسىز چۆللەردە نام - نىشانسىز قالىسەنغۇ؟! مەن نېمىشقىمۇ ئايال بولۇپ قالغاندىمەن. تۇرۇپكامنى كۆز قارىچۇقىڭدەك ئاسرا. جېنىم بالام، مېنى مۇنداق تىرىك تاشلاپ كېتىدىغانلىقىڭنى بىلگەن بولسام، سېنى توققۇز ئاي قورساق كۆتۈرۈپ تۇغۇپ، كېچىلەردە ئاق سۈت بىلەن باقاتتىممۇ؟ كۆز قارچۇقىمنى نەلەرگە ئېلىپ كېتىسەن؟ كاپىرلار كېلىپ قالسا ئورمان ئىچىگە يوشۇراتتۇقمۇ، ئەمدى قانداق قىلىمەن، جېنىم بالام سېنى يەنە كۆرىدىغان كۈنلەرمۇ بولارمۇ؟ — دەپ مارىسا بالىسىنى باغرىغا بېسىپ ئۆكسۈپ يىغلايتتى.

دىكاروسمۇ چىدىيالمىدى. ئادەتتە خوتۇنىغا سالقىن قارايدىغان دىكاروس بۇ قېتىم ئالاھىدە مېھرىبانلىق بىلەن مارىسانىڭ يەلكىسىنى تۇتۇپ تۇرۇپ:

— جېنىم، ماڭا قارا، تېخى ساڭا ئېيتىدىغان گەپلىرىم بار، — دېدى.

مارىسا يىغىدىن توختىدى.

— ئەگەر بېشىڭلارغا كۈن چۈشۈپ قالسا ياكى ئېيىق، بۆرىلەر سىلەرگە كۈن كۆرسەتمىسە، ياروستاۋدىكى بېلىقچى پاخوم تىرىنتيېۋىچنىڭ يېنىغا كۆچۈپ كېتىڭلار. شۇ ئەتراپقا ئۆزۈم كېلىپ، سىلەرنىڭ ھال - ئەھۋالىڭلاردىن خەۋەر ئېلىپ تۇرىمەن... — دېدى ئۇ.

ئۇزۇن ئۆتمەي دېھقانلار زار - زار يىغلاپ، ئېسىلىپ تۇرغان خوتۇنلىرىدىن ئايرىلىپ، بۇلاققا توغرىسىغا سېلىپ قويغان ياغاچلاردىن بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى ئۆتۈشكە باشلىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بۇلاقنىڭ ئۇ قېتىغا ئۆتكەندىن كېيىن ئۇلار ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ قارىماي، ئالغا قاراپ مېڭىۋەردى. بىر ئازدىن كېيىن ئۇلار سەھەرنىڭ تۇمانى قاپلاپ تۇرغان قىلىن ئورمان ئىچىدە كۆزدىن غايىب بولدى. پەقەت ئارقىدىن مۇڭ - زار قىلىشىۋاتقان خوتۇن - بالىلارنىڭ ئاۋازىلا خېلىغىچە ئاڭلىنىپ تۇردى.

ۋېشنىيانكا خوتۇنلار بىلەن بىرگە ئىدى. ئۇ يىغلىمىدى. لېكىن روھى چىقىپ كەتكەن كىشىدەك، خېلىغىچە ئورما ئىچىگە كىرىپ كەتكەن دېھقانلارنىڭ كەينىدىن ھاڭۋېقىپ قاراپ تۇردى. بىر ئازدىن كېيىن، ئاياللار ئىسەدىگەن پېتى، ئەرتىپسىز ھالدا ئۆيلىرىگە قايتتى. قىشلاققا كەلگەن ۋېشنىيانكا دىكاروسىنىڭ مال قوروسىغا كىرىپ، باغلاقلىق تۇرغان چىپار ئاتنىڭ قېشىغا كەلدى - دە، چىپار ئاتنىڭ بوينىنى قۇچاقلاپ تۇرۇپ ئۇنىڭ قۇلىقىغا:

— جانىۋار، ئەمدى ئىككىمىز يېتىم قالدۇققۇ؟ ئىگىمىزنى يەنە كۆرەرمىزمۇ؟ ياكى ئۇ ئادەم بىلمەيدىغان يەرلەردە بىر دۆۋە ئۇستىخانغا ئايلىنىپ قالارمۇ؟ ئەڭ بولمىغاندا ئۇچۇپ يۈرگەن سېغىزغان بىلەن قاغىلار ئۇلار توغرىسىدا خەۋەر بېرىپ تۇرسىمۇ مەيلىدى، — دەپ شىۋىرلىدى.

سىنىڭ دېگەنلىرىڭنىڭ ھەممىسى راست دېگەندەك چىپار ئات بېشىنى لىڭشىتىپ، ۋېشنىيانكىنىڭ مۈرىسىگە ئېڭىكىنى تەگكۈزدى.

## بەشىنچى باب

## خەلقنىڭ غۇلغۇلىسى

پېرونوۋبوردىن ئەتىگەن چىققان دېھقانلار چۈش بولمايلا مۇرۇمدىن رەزانغا بارىدىغان چوڭ يولنىڭ ئۇستىگە سېلىنغان ياروستوۋو چېركاۋىسىغا يېتىپ كەلدى. ئۇز ۋاقىتتا ئەتراپتىكى پۈتۈن يۇرت يىغىلىپ بىر كۆزدىلا ياساپ چىققان، ھازىر

قارىداپ قۇرۇم بېسىپ كەتكەن بۇ ياغاچ چېركاۋنىڭ ئەتراپى زىچ قەبرىستانلىق ئىدى. قەبرىستانلىق ئىچىدە ئۇ يەردە - بۇ يەردە مۈكچىيىپ تۇرغان كرېستلار، ئاشۇ كرېستلارنىڭ ئارىسىدا ئۇياقتىن - بۇياققا مېڭىپ يۈرگەن دېھقانلار كۆرۈنەتتى. ئۇلار ئارا، ئايپالتا، نەيزىلەر بىلەن قوراللانغانىدى. گۈرۈلدەپ تۇرغان خالايىقنىڭ ۋارقىراش - جارقىراشلىرى، چاراڭ - جۇرۇڭلىرى بىرنەچچە چاقىرىم يەرگە يېتىپ خۇددى پۈتۈن ئەلگە چاقىرىق قىلىۋاتقاندەك ئاڭلىناتتى.

چېركاۋ يېنىدىكى دۆڭنىڭ تۈۋىدە يىلان باغرى ئاققان بۇلاق سۈيى يىراقتىن قارىغاندا خۇددى قېلىن قار ئۈستىگە چۈشكەن سوقماق يولدەك كۆرۈنەتتى. سۇنىڭ باش تەرىپىدە ئادەملەر مىغىلداپ يۈرەتتى. بۇلار نامەلۇم ئەلنىڭ ئادەملىرىگە ئوخشاش، كىيىم - كېچەك ۋە چىراي جەھەتتىن ئۆزگىچە بولۇپ، بۇلاق بېشىدا ئۇ يەر - بۇ يەرگە گۇلخان يېقىپ چۆرىدەپ ئولتۇرۇشاتتى. ئەرلەرنىڭ بېشىدا كىگىز قالپاق بولۇپ، قالپاقنىڭ چۆرىسىنى قىزىل خەسە بىلەن جىيەكلىگەنىدى. ئاياللار قىزىل ياكى يېشىل رەختتە چاپان كىيگەن، سېرىق ياكى كۆك ياغلىق ئارتقانىدى. ئوششاق باللىرى پۈتۈنلەي يالىڭاچ دېگۈدەك بولۇپ، سوغۇقنىڭ دەستىدىن جالاقلاپ تىترەپ تۇرۇشاتتى.

ئۆتكۈنچىلەر بۇ گۇلخاننىڭ يېنىدا بىرئاز توختاپ قالسىلا، ئۈستىبېشى جۇل - جۇل بولۇپ كەتكەن يالاڭباش، يالىڭاياق باللار يۈگۈرۈپ كېلىپ، خەيرى - ئېھسان تىلەيتتى.

— رەھىم قىلغىن!... بىر بۇردا نان بولسىمۇ بەرسەڭ... ئاچلىقتىن ئۆلۈپ كېتىدىغان بولدۇق... بىز بولغارلار... تاتارلار ۋەتىنىمىزنى يەر بىلەن يەكسان قىلىپ بۇلاپ كەتتى...— دېيىشەتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

يولۇچىلار خەيرىلىك سورىغانلارنىڭ قولىغا بىرنەچچە تال قارا يارماق ياكى بىرەر كېسىم نان تۇتقۇزۇپ بۇ يەردىن تېزرەك ئۆتۈپ كېتەتتى.

— بۇلارنىڭ ھەممىسى بولغارلارمۇ؟ يائاللا! بۇرۇن گەپنىڭ چوڭىنى شۇلار قىلىپ يۈرۈيدىغان، ئۇلارنىڭ بېشىغا قانداق بالا - قازا كەلگەندۇ؟ قانداق ئاپەت كېلىۋاتىدىكىنە؟ — دېيىشەتتى يولۇچىلار ھەيران بولۇپ.

بىر چاغدا چېركاۋنىڭ ئىشىكىنىڭ ئالدىدا ئۇزۇن قىزىل چاپان كىيگەن قېرى پوپ پەيدا بولدى. ئۇ ئالدىغا ئاق لاتىدىن كرېست بەلگىسى تاقىۋالغانىدى. قولىدا يەنە كرېستمۇ تۇراتتى. ئۇ قولىدىكى كرېستنى كۆتۈرۈپ تۇرۇپ چېركاۋنىڭ ئىشىكى ئالدىدا يىغىلىپ تۇرغان پىدائىيلارغا دۇئا بېرىپ:

— پاك دىنلىق سەرۋازلار! ھەممىڭلار قوزغىلىپ قانلىق جەڭ مەيدانىغا ئاتلىنىڭلار! خۇدانى، دىننى بىلمەيدىغان باتۇخا① دېگەن خاننىڭ ئارقىسىدىن موڭغۇل مالچىلار قوشۇنى رۇس تۇپرىقىغا ھۇجۇم قىلىۋېتىپتۇ. دۈشمەن ۋەھشىيدالادىن يەر - جاھاننى زىلزىلىگە سېلىپ كېلىۋاتقان ئوخشايدۇ. ھازىر ۋاروناژ دەرياسىنىڭ بويىغا يېتىپ كەپتۇ... — دېدى.

دېھقانلارنىڭ قولىقى پوپتا ئىدى. پوپ توختىماي سۆزلەيتتى:

— باتۇ دېگەن قان ئىچەر ياۋۇز خان رەزان تۇپرىقىنىڭ چېگرىسى ئىچىگە كىردى دېگەننى ئۇلۇغ ئاتىمىز كىنەز يۇرى ئىنگىۋارېۋىچمۇ ئاڭلىدى. ئۇ ئەل - يۇرتقا خەۋەر قىلىپ قوشۇن توپلاش ئۈچۈن، ھەر تەرەپكە ئادەم ئەۋەتتى. مۇروم، كولامنا، كرانسىلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان ئۆزىنىڭ ئاغا - ئىنىلىرىگە،

---

① رۇسلار بۇزۇپ باتۇخاننى شۇنداق ئاتايتتى.

زارايسكى شەھىرىنىڭ ھاكىمى فېدور يۇرېۋىچ دېگەن ئوغلىغا، پرونسك شەھىرىدىكى ۋسېۋولود يۇرېۋىچ دېگەن ئىككىنچى ئوغلىغا چاپارمەنلەرنى ئەۋەتتى. كىنەزلەرنىڭ ھەممىسى نۇرغۇن قوشۇن توپلاپ ياردەمگە ئاتلىنىۋاتىدۇ. ئۇلار: «تۇغۇلغان يېرىمىز، ئۆز ۋەتىنىمىز ئۈچۈن جېنىمىز پىدا، سىلەرنى ھەرگىزمۇ يالغۇز قالدۇرمايمىز» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ...

پوپ يۇقىرىقىلارنى دەپ سۆزىنى تامام قىلدى. خەلق قۇدۇققا تاش چۈشكەندەك جىمجىت بولۇپ قېلىشتى. پەقەت بولغارلار تۇرغان تەرەپتىن:

«ئان بېرىڭلار! ئاچتىن ئۆلىدىغان بولدۇق!...» دېگەن نالە - زارلار ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

دىكاروس ئىككى قوللۇق ئارىسىغا يۆلەنگەن پېتى كۆپچىلىكنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۆرە تۇراتتى. يېنىدا تۇرغان تۇرۇپكا دادىسىغا كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا پات - پات قاراپ قوياتتى. دىكاروسنىڭ ئۆڭى ئۆچۈپ، قاپىقى تۈرۈلگەن بولۇپ، ئۇ چوڭقۇر ئويغا پاتقانىدى.

بىر چاغدا تۇرۇپكا دادىسىنىڭ يېڭىنى ئاستا تارتىپ:

— بىزگە ھۇجۇم قىلىپ كېلىۋاتقانلار راستىنلا مالچىلارمۇ ياكى بۇ چال ئاشۇرۇۋەتتىمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— ئالدى بىلەن ئاڭلايلى. كېيىن بىرنەرسە دەرمىز، — دېدى دىكاروس، — كۇدرىياش سېنىڭچە قانداق؟ ئۇنىڭ دېگەنلىرى راستىمدۇ؟

— ئاۋۇ تەرەپتىكى بۇلاق تۈۋىدە يۈرگەن بولغارلارنى كۆردۈم. بۇرۇن ئۇلارنىڭ سودىگەرلىرى ۋە ئادەتتىكى پۇقرالىرىمۇ كېمە بىلەن بۇ يەرلەرگە كېلەتتى. شۇ چاغلاردا ئۇلارنى كۆپ قېتىم كۆرگەنىدىم. پۈتىدا ساپلا بولغار ئۆتۈك، باشقا كىيىم - كېچەكلىرىمۇ ياخشى ئىدى. يائاللا، ھازىر ئۇ بىچارى-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

لەرنىڭ ھالى پۈتۈنلەي خاراب بوپتۇ. ئۇلارغا ئوخشاش يالاڭ باش، يالاڭغىداق تەمتىرەپ قالساق نەگە بېرىسىپ، نەدە تۇرارمىز؟ — دېدى كۈدرىياش مەيۈس قىياپەتتە.

— پاك دىنلىق ئەزىمەتلەر! تېزرەك ئاتلىنىڭلار! باتۇ دېگەن مەلئۇننى رۇس تۇپرىقىغا قەدەم باسقۇزماڭلار! — دەپ پەپ تىترىگەن ئاۋاز بىلەن يەنە زارلاشقا باشلىدى. — بىرىڭلارمۇ قالماي كىنەز يۇرى ئىنگىۋارېۋىچنىڭ قوشۇنىغا كىرىڭلار...

— قاياققا قاراپ مېڭىشىمىز كېرەك؟ نەدە يىغىلىمىز؟ — دېدى بىر ۋاقىتتا توپنىڭ ئىچىدە تۇرغان دىكاروس.

— ھازىر رەزان كىنەزىنىڭ ياساۋۇلى يېۋپاتى كالوۋرات باتۇر سىلەرگە بۇ توغرۇلۇق سۆزلەپ بېرىدۇ، — دېدى پەپ. ئاندىن قولىدىكى جەزكىرېستىنى ئاستا قويىنىغا تىقىپ مۆزلاپ كەتكەن قوللىرىنى قىشتۇرۇپ تۇردى.

بۇ چاغدا ئىشىك ئالدىغا، ئۇستىگە كالتە جۇۋا، بېشىغا پولات دۇبۇلغا كىيگەن، ئۇزۇن بويلۇق بىر لەشكەر چىقتى. ئۇ بىلىنى مەھكەم باغلاپ، بەلبېغىغا غىلاپلىق ئەگرى قىلىچ ئېسىۋالغاندى. ئۇ قولىدىكى ئالتۇن يالانغان ئۇزۇن ساپلىق ئايپالتىسىغا يۆلىنىپ تۇرۇپ، گۇرۇلدەپ تۇرغان خالايىققا بىر نەزەر سالدى. ئاندىن ئۈچ تەرەپكە بۇرۇلۇپ، ئۈچ قېتىم باش ئېگىپ تەزىم بەجا كەلتۈرگەندىن كېيىن، سۆزلەشكە باشلىدى:

— قايتماس ئەرلەر، شىر يۈرەك باتۇرلار، تەڭگىنىڭ كۆزىنى چەنلىگەن مەرگەنلەر، رەزان ئېلىدە تۇغۇلۇپ ئۆسۈپ تەربىيىلەنگەن سەرۋازلار! بىر-ئىككى ئېغىز سۆز قىلىشىمغا رۇخسەت قىلغايسىلەر؟!

— سۆزلە قېنى، سۆزلە يېۋپاتى! قۇلىقىمىز سىنىڭدە، — دېيىشتى كۆپچىلىك.

— تاتارلارنى مەن خوپ بىلىمەن. ئۇلارنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈپ، ئۆز قولۇم بىلەن ئۇلارنىڭ بەل ئومۇرتقىسىنى ئۈزگەن كىشىمەن. بەدىنىمدە ئۇلارنىڭ تىغىدىن قالغان تالاي جاراھەتلىرىمۇ بار. مانا بېشىمدىكى ماۋۇ پولات دۇبۇلغا بىلەن بېلىمدىكى بۇ ئەگرى قىلىچنى، بىر تاتار كىنەزنى ئۆلتۈرۈپ غەنىيمەت ئالغانىدىم.

— قاراڭلار بىزنىڭ يېۋپاتى كولاۋىراتىنى! ئۇنى بوش چاغلىما، — دېگەن ئاۋازلار ئاڭلىنىشقا باشلىدى.

— بۇنىڭدىن ئون ئىككى يىل مۇقەددەم مەن روستوۋنىڭ قوشۇنى بىلەن بىرگە شۇ تاتارلارغا قارشى ئۇرۇشقا بارغانىدىم. بۇنى مۇشۇ يەردە تۇرغانلارنىڭ خېلىسى بىلىدۇ. شۇ چاغدا بىز دېڭىز بويىغىچە بېرىپ، قالقا دەرياسىنىڭ بويىدا تاتارلار بىلەن ئېلىشقانىدۇق. ئۇلارنىڭ قانداق ئۇرۇش قىلىدىغانلىقىنى، قانداق ھىيلە-مىكىرلەرنى ئىشلىتىدىغانلىقىنى شۇ چاغدا كۆرگەنىدۇق. ئۇلارنىڭ يالغاندىن قاچقان بولۇۋېلىپ ئارقىدىن بىزنى قورشاپ ھۇجۇم قىلىپ تۈگىتىۋەتمەكچى بولغانلىقىنىمۇ كۆرگەن. ئۆزلىرىمۇ ئاجايىپ ئۇرۇش قىلىدىغان خەلق. لېكىن ئىرادىسى تۇراقسىز، ئازراقلا چاتاق چىقىدىغان بولسا، ھەممىسىلا تىرىپىرەن بولۇپ قېچىپ باشقا بىر يەرگە بېرىپ يىغىلىدۇ...

كۇدرىياش دىكاروسنى نوقۇپ:

— ئاڭلىدىڭمۇ، تاتارلار قانداق ھىيلە ئىشلىتىدىكەن؟ ئۇلارنىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشۈپ قالمايلى جۇمۇ؟... — دېدى.

— مۇشۇ يېۋپاتىغا ئوخشاش قوماندانىنىڭ قول ئاستىدا بولساق ياخشى بولاتتى. ئېيىق ئوۋلاشقا بىللە چىقاتتۇق. ئەمدى تاتارلارغا قارشى ئۇرۇشتىمۇ بىرگە بارغان بولساق ياخشى بولاتتى، — دېدى دىكاروس.

يېۋپاتى كۆپچىلىككە يەنە بىر-ئىككى ئېغىز يالقۇنلۇق سۆز-لەرنى قىلدى. ئۇنىڭ سۆزلىرى بىلەن پىدائىيلارنىڭ قېنى قاينايتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئاخىرىدا كۆپچىلىكتە رەزانغا بېرىپ كىنەز سارىيىنىڭ ئالدىغا يىغىلىشىڭلار، شۇ يەردە رەزاننىڭ ئاساسلىق قوشۇنىغا كىرەلەيسىلەر، دېدى. سۆزىنى تۈگەتكەندىن كېيىن دەرھال تۆۋەنگە چۈشتى. يول بېرىپ ئوتتۇرىدىن قاق يېرىلغان كۆپچىلىكنىڭ ئارىسىدىن ئۆتۈپ كېلىشىۋېتىپ دىكاروسنى كۆرۈپ قالدى:

— ساۋېلىي سالامەتمۇسەن، — دېدى ئۇ، — ئۇرۇشقا بارماي دەپ يۈرەمسەن نېمە؟

— ئۆزۈم تۇرماق ماۋۇ ئوغلۇمنىمۇ باشلاپ كەلدىم. قوشنىلارنىڭ ھەممىسى كەلدى. سېنىڭ قوشۇنىڭغا كىرمەكچىمىز.

— يارايسەن! سىلەرنى ئۆز قوشۇنۇمغا ئالاي، لېكىن سىلەر بۇ يەردە كۆپ تۇرماي رەزانغا قاراپ مېڭىڭلار. مېنى كىنەز سارىيىدا تاپىسىلەر.

ئۇنىڭ سۆزى تۈگىمەي تۇرۇپلا ئىككى ياساۋۇل ئېغىزدۇرۇقىنى چايناپ، چاپچىپ تۇرغان بىر ئايغىرنى يېتەكلەپ كەلدى. يېۋپاتى ئاتقا سەكرەپ مىندى - دە، رەزان تەرەپكە ئاتنىڭ بېشىنى قويۇۋەتتى.

## ئالتىنچى باب

# رەزان قورۇلتىيى

ھەيۋەتلىك، گۈزەل شەھەر قىلغىن بايان،
گۈللىنىپ داڭقىڭ چىققان قايسى زامان.
سۆزۈڭگە پۈتۈن ئۆلكەم قۇلاق سېلىپ،
كىنەزنىڭ شۆھرىتىگە ھەيران قالغان.

چىركاۋدا قوڭغۇراقلارنىڭ ياڭراپ تۇرغان،
قۇرۇلتاي تۇلۇغ بايرام يۇرت يىغىلغان.
ۋەتەن ئۈچۈن ئېلىپ بارغان قانلىق جەڭگە،
ئوغلۇڭنى مەردلەر كەبى ئاتلاندۇرغان.
(د.م. ۋېنېۋىتىنوۋ)

تاڭ ئاتقاندىن بېرى توختىماي ئۇرۇلۇۋاتقان چىركاۋ قوڭغۇراقلىرى خەلقنى قۇرۇلتايغا تېزرەك كېلىشكە چاقىراتتى. سۈزۈك، سوغۇق ھاۋادا داڭ - دۇڭ قىلغان مىس قوڭغۇراقنىڭ ۋەھىمىلىك ئاۋازى شەھەر ئۈستىدىن ھالقىپ، ئەتراپتىكى يېزىلارغىچە تاراپ كىشىلەرنى ئەندىشىگە سالدى. كىشىلەر يۈگۈرۈشۈپ ئىشىك ئالدىغا چىقىپ، قوڭغۇراقنىڭ ئاۋازىغا بەز-ئاز قۇلاق سېلىپ تۇردى - دە، ئاندىن ئالمان - تالمان تېرىن-لىرىنى ياكى كالتە جۇۋىلىرىنى كىيىشىپ، باشلىرىغا قالپاق-لىرىنى كىيگەچ شەھەرگە قاراپ يۈگۈرۈشتى. ئۇزۇن ئۆتمەي شەھەرگە ماڭغان دېھقانلار دەريانىڭ ئىككى قاسنىقىنى قارا قاغىدەك قاپلاپ كەتتى.

— ئاڭلىدىڭمۇ؟ «جاكارچى» نىڭ قوڭغۇراق چېلىپ خەلقنى يىغىنغا چاقىرىۋاتقانلىقىنى! بىر پالاكەت بار جۇمۇ؟ — دېيىشەتتى شەھەرگە قاراپ ئېقىپ كېلىۋاتقان دېھقانلار.

ئوكا دەرياسىنىڭ بويىدىكى ئېگىز يار ئۈستىگە جايلاشقان قېلىن قار ئاستىدا ياتقان قەدىمكى رەزان شەھىرى يىراقتىن قارىغاندا خۇددى كۆمۈشتىن بىنا قىلىنغان شەھەردەك كۆرۈنەتتى. شەھەرنىڭ چۆرىسىگە ئايلاندۇرۇپ چوڭقۇر لەخمە كولانغان. شەھەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا چىنار ياغىچىدىن ياسالغان چوڭ قورغان بولۇپ، ئۇ ئېگىز سېپىل بىلەن قاپلانغان. قور-غاننىڭ دوقمۇش - دوقمۇشلىرىدا كۆزىتىش مۇنارلىرى چوقچىـ

يىپ تۇراتتى. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى شەھەرنى ئىنتايىن مۇستەھكەم بىر قەلئەگە ئوخشاش كۆرسىتەتتى.

«رەزالغا نېمە بالا - قازا كەلگەندۇ؟ قوڭغۇراق توختىماي چېلىنىۋاتىدىغۇ؟ كىنەزلەر يەنە توتۇشۇپ قالدىمىكىنە؟ دېھقانلارنى يەنە بىر-بىرىگە سالماقچىمۇ - يە؟ بۇنىڭدىن ئون يىل ئىلگىرى لىپىسا دەرياسىنىڭ بويىدا دەھشەتلىك قىرغىن بولغانىدى. بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى نېمە ئۈچۈن بولغان؟ بىر كىنەزنى زورلۇق بىلەن ئاغدۇرۇپ تاشلاپ ئۆزىنىڭ ئورنىغا شۇنىڭغا ئوخشاش يەنە بىر كىنەزنى قويۇش ئۈچۈنمۇ؟ ئەگەر شۇنداق بولىدىغان بولسا، ئۆزىنىڭ بىلگىنىنى قىلىشسۇن. مېنى دېسە كىنەزلەر بىر - بىرىنى يەۋەتسۇن! ئۆز تىرىكچىلىكى بىلەن يۈرگەن دېھقانلارنى قانلىق جەڭ مەيدانلىرىغا ئەۋەتىشنىڭ نېمە ھاجىتى. ئۇ بىچارىلەرنىڭ گۇناھى نېمە؟» شەھەرگە قاراپ ئېقىپ كېلىۋاتقان دېھقانلارنىڭ كاللىسىدا شۇنداق خىياللار ئۆزۈپ يۈرەتتى.

شەھەرنىڭ چېتىدە سېكىل تېغى دەپ ئاتىلىدىغان بىر تاغ بولۇپ، ئۇنىڭ ئېتىكىگە سېلىنغان خىرىستىيان مۇنارىنىڭ ئالدىدا كەڭ بىر مەيدان بار ئىدى. بۈگۈن ئاشۇ مەيداندا ئادەتتىكى بازار كۈنلىرىدىكىدەك ھارۋىلار تىقما - تىقماق بولۇشۇپ تۇرۇشاتتى. ئۇلاردا ئاشلىق، ئۇن، تۇزلىتىلغان چوشقا گۆشى، مېزاي گۆشى قاتارلىق ئوزۇق - تۈلۈكلەر، ساپال قاچىلار، يافاچ تۇڭلار ۋە باشقا لازىمەتلىك بويۇملار لىق تولغانىدى. لېكىن ئادەملەرنىڭ ئىنتايىن كۆپلۈكىدىن شۇنچىۋالا نۇرغۇن ئات - ھارۋىلارمۇ كۆزگە ئانچە چېلىقماي قالغانىدى. دېھقانلار بىلەن شەھەر خەلقى تەرەپ - تەرەپتىن بۇ مەيدانغا ئېقىپ كىرمەكتە. خەلقنىڭ ھەممىسى «مەريەم ئانا» چېركاۋىسىنىڭ ئالدىغا يىغىلىشماقتا ئىدى. بۇ يەردە كىنەز ۋە ئۇنىڭ

بالىلىرى خەلققە سۆز قىلماقچى بولۇۋاتاتتى.

دىكاروس پېرونوۋبوردىن بىرگە كەلگەن يولداشلىرى بىلەن بىرگە چېركاۋ دەرۋازىسىنىڭ ئالدىغا كېلىپ تۇردى. بەستلىك كەلگەن ئىككى يىگىت باش كىيىمى بىلەن كالتە جۇۋىلىرىنى سېلىپ تاشلىۋېتىپ چېركاۋنىڭ يېنىدىكى لىمغا ئېسىقلىق تۇرغان داش قازاندەك يوغان قوڭغۇراقلارنىڭ تىللىرىنى ئارقان بىلەن تارتىپ قوڭغۇراققا ئۇردى. ئەتراپقا قوڭغۇراقنىڭ گۈمبۈرلىگەن ئاۋازى ياڭرىدى.

يۇقىرىدىكى كىچىك قوڭغۇراقلار بىر-بىرىگە ئۇلىشىپ بىرئاز داڭلىدىغاندىن كېيىن چېركاۋنىڭ ئىچىدىن چېچىنى تال-تال قىلىپ ئۆرۈۋالغان، ئۈستىگە ئۇزۇن قارا چاپان كىيگەن بىر چېركاۋ خىزمەتچىسى چىقىپ قوڭغۇراق ئۇرۇۋاتقان يىگىتلەرگە قاراپ قولىدىكى قىزىل ياغلىقنى پۇلاڭلاتتى. يىگىتلەر شۇزامات قوڭغۇراقنى توختىتىپ پېشانىسىدىكى تەرلەرنى سۈرتۈشكە باشلىدى. مىجىلداپ تۇرغان كىشىلەر بىر ئامال قىلىپ چېركاۋنىڭ يېنىغىراق بېرىۋېلىشقا تىرىشاتتى. دېھقانلارنىڭ ئورغۇنلىرى هارۋا-چانىلارنىڭ ئۈستىگە چىقىۋالغان، بەزىلىرى هارۋا-چانىلارغا قوشۇقلۇق ئاتلارنىڭ ئۈستىگە مىنىۋالغانىدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆزلىرىنى نېمە ئۈچۈن يىغىۋالغانلىقىنى بىلىشكە ئالدىرايتتى.

دەل شۇ چاغدا چېركاۋنىڭ ئىچىدىن دۇرۇت ئوقۇپ بىر توپ ئادەم چىقتى. ئۇلارنىڭ كەينىدىن بەستلىك كەلگەن تۆت دىياكون① قوللىرىدىكى ئىسرىقدانلارنى پۇلاڭلىتىپ ناخشا ئېيتىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ كەينىدىن قاما جۇۋا كىيگەن، قوللىرىغا كۈمۈش ۋە جەزدىن ياسالغان كرېستلارنى كۆتۈرگەن ئون پوپ چىقتى. ئەڭ ئاخىرىدا يېپىسكوپمۇ② چىقتى. ئۇنى ئىككى بالا قولتۇقىدىن يۆلىۋالغانىدى.

① دىياكون — چېركاۋنىڭ ئىككىنچى دەرىجىلىك پوپى.

② يېپىسكوپ — مۇسۇلمانچە ئىشان. ئاخۇن بىلەن تەڭ دەرىجىلىك ئادەم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

دىنىي ئۆلىمالار چىقىپ بولغاندىن كېيىن، رەزان كىنەزى يۇرى ئىنگىۋارېۋىچ چىقتى. كىنەزنىڭ كىيگەن پەۋىزى رەڭلىك تونى ھەر تۈرلۈك ئۈنچە - مارجانلار ۋە ئېسىل ياقۇتلار بىلەن بېزەلگەنىدى. قىلىچلىرىنى يالىڭاچلاپ تۇتۇپ تۇرغان يىگىرمىدەك ياساۋۇل چېركاۋ دەرۋازىسىدا دەۋرەپ تۇرغان خەلقنى كىنەزگە يېقىن كەلتۈرمەي كەينىگە چېكىندۈرۈپ تۇراتتى. شۇ ئارىدا چېركاۋنىڭ ئىچىدىن ئادەملەر توپ - توپى بىلەن چىقتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە بۈيۈك كىنەزنىڭ ئايالى ئاگرىپپىنا راستىسلاۋنامۇ بار ئىدى. ئۇ بىر توپ كېلىنلىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا كېلىۋاتاتتى. ئۇلار يەتتە ئوغلىنىڭ ۋە قېيىن ئىنىلىرىنىڭ ئاياللىرى ئىدى. خانىمغا ھەمراھ بولغانلارنىڭ ئىچىدە يەنە بىرقانچە بويارلار بىلەن كىنەزنىڭ يېقىنلىرى بار ئىدى. كىنەز يۇرى ئىنگىۋارېۋىچ يوغان قوڭغۇراقنىڭ يېنىدىكى ئېگىز تاشنىڭ ئۈستىگە چىققاندا نۆكەرلەر بىلەن دىنىي ئۆلىمالار ئىشىك ئالدىدىكى پەلەمپەي ئۈستىدە قاتار تۇرۇشتى.

پەلەمپەينىڭ ئىككىنچى تەرىپىگە شەھەرنىڭ ھەرقايسى مەھەللىلىرىنىڭ ۋە شەھەر ئەتراپىدىكى يېزىلارنىڭ ئاقساقاللىرى يىغىلغان بولۇپ، ئۇلار ئۈستىگە كۆرپە جۇۋا ۋە يۇڭ چەكمەنلەرنى كىيىپ گىدىيىشىپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىن قەددى - قامىتى كېلىشكەن بىر ئاقسال ئالدىغا چىقىپ ئالدى بىلەن كىنەزگە ئاندىن كىنەز خانىمغا ئايرىم - ئايرىم باش ئېگىپ تەزىم قىلدى. بۇ كىشى تۆۋەندىكى يېزىنىڭ ئاقساقىلى ئىدى. ئۇ بېشىدىكى بۇلغۇن تېرىسىدىن تىكىلگەن تۇمىقىنى قولىغا ئېلىپ بىرئاز قورۇنغان قىياپەتتە كىنەزگە قاراپ سۆزلەشكە باشلىدى:

— دۆلىتىڭ زىيادە بولغاي، ئاتىمىز كىنەز يۇرى ئىنگىۋارېۋىچ! ھەمراھىڭ ئاگرىپپىنا راستىسلاۋنا ئىككىڭلارغا ئاللا-

ئاتالا ئىگەم ئۆزۈڭ ئۆمۈر ئاتا قىلغاي! بەخت سىلەرگە مەڭگۈ يار بولغاي! دۈشمەن يۈزى قارا بولغاي! بىزگە ئوخشاش ئاددىي پۇقرالار ھەر دائىم خىزمىتىڭلاردا بولغاي. مېنىڭ سوئال سورىشىمغا رۇخسەت قىلغايسەن. خەلقنى نېمە ئۈچۈن يىغدىڭ؟ قوڭغۇراق چېلىپ خەلققە يىغىلىش توغرىسىدا جاكار قىلىپسەن، بۇنىڭ سەۋەبى نېمە؟ رەزان خەلقىڭگە نېمە دېمەكچىسەن؟ جانابىي ئۇلۇغۇم؟...

ئالدىدا تۇرغان خەلققە قاپىقىنى تۈرۈپ، سالقىن نەزەر بىلەن قاراپ تۇرغان كىنەز، ئاق ئارىلاشقان چاچلىرىنى تىترىتىپ تۇرۇپ، ئۈچ تەرەپكە قاراپ باش ئېگىپ تىمتاسلىققا چۆمگەن خەلققە تەزىم بەجا كەلتۈردى. ئاندىن چىرايىغا بىرئاز ھەيۋە يۈگۈرتۈپ، سالماق بىلەن سۆزلەشكە باشلىدى:

— پاك دىنلىق خىرىستىئانلار، سۆزۈمگە قۇلاق سېلىڭلار! مەن سىلەرنى ئىنتايىن بىر مۇھىم ئىش ئۈچۈن چاقىرتتىم. تاڭ سەھەردىن ھازىرغىچە توختىماي قوڭغۇراق چالغاننىڭ مۇھىم سەۋەبى بار. پولوتسكول ئەل - جامائەت بىرنىيەت - بىرمەقسەتكە كېلىشىمىز، بىر مۇھىم چوڭ ئىشنى ھەل قىلىشىمىز لازىم. بۇنى ئەتىگە قالدۇرۇشقا بولمايدۇ. بۈگۈن بىر ياقلىق قىلىشىمىز كېرەك...

— قېنى سۆزلە، ئۇلۇغ تۆرە قۇلىقىمىز سەندە، قانداق سۆز بولسا ئوتتۇرىغا قويۇپ مۇزاكىرە قىلىشقا مانا بىز تەييار، — دېگەن ئاۋازلار ئاڭلاندى.

— بۇ يىل باھاردىن باشلاپ دەشتى قىپچاق تەرەپتىن ھەرخىل شۇم خەۋەرلەر كېلىشكە باشلىغانىدى. قىپچاق خەلقى بىلەن قىپچاق خانلىرى بىر ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچراپتۇ. قىپچاق لەشكەرلىرى ئىدىل دەرياسىنىڭ ئۇ قېتىدىن كەلگەن بىر نامەلۇم تائىپە بىلەن سوقۇشۇۋاتسا كېرەك. ئۇ تائىپىنىڭ ئۆزى ئىنتايىن قاتتىق قول، ئەل - يۇرتنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلىپ،

www.uyghurkitap.com

يېزىلارنى يەر بىلەن يەكسان قىلىپ خەلقنى دەشتى قىپچاق تېرىقتەك چېچىۋېتىپتۇ. خەلق بىر پارچە نانغا، بىر يۇتۇم سۇتكە، بىر پارچە كىگىزگە زار بوپتۇ...

— ئاڭلىدىڭلارمۇ، دىنىي قېرىنداشلار، قانداق تائىپە بولغىيتتى ئۇ! — دېيىشەتتى ھەيرەتتە قالغان خەلق بىر-بىرىگە قاراپ.

— ئۇلارنىڭ ئۆزى نېمە ئىش قىلىدىغان خەلقكەن، ئىسمى نېمەكەن؟ ئۇلارمۇ مالچىلارمىكەن؟ — دېيىشتى خالايىق.

كىنەز سۆزىنى يەنە داۋاملاشتۇردى:

— ئۆزلىرىنى مۇڭغۇل - تاتار دەپ ئاتىشىدىكەن، خۇدادىن يۈز ئۆرۈگەن دەھرىلەر ئوخشايدۇ. قىپچاقلارنىڭ يېزىلىرىنى ئالا قويماي بۇلاپ، پۈتۈن مال - مۈلكىنى ئېلىپ كېتىپتۇ. ئەمدى بىزنىڭ ۋەتىنىمىزگە قاراپ كېلىۋاتسا كېرەك. ھازىر ئۇلار ۋارونېژ دەرياسىنىڭ بويىدىكى بىزنىڭ قاراۋۇللىرىمىزنىڭ يېنىغا كېلىپ توختاپتۇ. ئەمدى بىز بىلەن سوقۇشىدىغان ئوخشايدۇ. شۇ تاتارلار بىزگە ئۆز ئەلچىلىرىنى ئەۋەتكەنىكەن. ئۇلار ھازىر مۇشۇ يەردە. ئۇلارنىڭ سورىمايدىغىنى ۋە قىزىقمايدىغان نەرسىسى يوق ئىكەن. ئۇلار ئۈچ كىشى بولۇپ ئىككىسى ئەركەك، يەنە بىرى ئايال...

— بىزگە كۆرسىتىڭلار! ئالدى بىلەن ئۆزلىرىنى كۆرۈپ ئاندىن قايسى يول بىلەن ئۆيىگە قايتىشىنى كۆرسىتىپ قويايلى!... — دەپ خالايىق غۇلغۇلا قىلىشقا باشلىدى.

— بېرىپ تاتار ئەلچىلىرىنى باشلاپ كېلىڭلار! — دېدى كىنەز ياساقلىرىنىڭ بىرىنەچچىسىگە، — دىققەت قىلىڭلار، ئۇلارغا ھېچكىم چېقىلمىسۇن. ئۇلارنىڭ ئۇڭايلا غەزىپى كېلىپ قېلىشى مۇمكىن. ھەرقانچە دېگەن بىلەنمۇ تاتارلارنىڭ باتۇگا① كۈچلۈك. بۇ كىشىلەر شۇنىڭ ئەلچىلىرى ئەمەسمۇ.

① باتۇگا — رۇسلارنىڭ باتۇخاننى بۇزۇپ ئاتىشى.

## يەتتىنچى باب

# تاتار ئەلچىلىرى

كىنەزنىڭ بۇيرۇقىنى ئاڭلىغان ھامان، بىرقانچە مۇلازىملار سارايغا قاراپ يۈگۈرۈپ كىرىپ كېتىشتى. ھايال ئۆتمەي ئۇلار تاتار ئەلچىلىرىنى باشلاپ كىنەزنىڭ ئۆيى ئالدىدىكى سۇپا ئۈستىگە چىقتى. ئەلچىلەر ئۈچ ئىدى، بىرى قۇندۇز تۇماق، تۈلكە جۇۋا كىيگەن ياشانغان كىشى بولۇپ، تۇمىقىنىڭ ئۈستىگە ئاق ياغلىق يۆگىۋالغانىدى. ئىككىنچىسى، تۈلكە تۇماق، كۆك يىپەك چاپان كىيگەن ياش يىگىت بولۇپ، بېلىدە ئەگرى قىلىچ ئېسىقلىق تۇراتتى. ئۇ تەقى - تۇرقى قوپال، تەتۈر ئۇستىخان، قارا بۇيۇن، كەڭ يەلكىلىك، كۆزى مۈشۈكنىڭكىدەك ئىتتىك، ئېڭەكلىرىگە پەقەتلا تۈك چىقمىغان كوسا ئادەم ئىدى. ئۇنىڭ كىچىككىدىنلا مەنسەپ ئېتىغا مىنىپ، ئۆزىگە قارشى بولغانلىكى ئادەمنىڭ كاللىسىنى ئېلىپ، يېقىنلىرىغا قولىدىن كېلىدىغان ياخشىلىقنى ئايىماي قىلىپ يۈرگەن ئادەملىكى، كۆپچىلىككە ھېچقانداق ھېيىقماي تۈپتوغرا تىكىلىپ تۇرغان ئاشۇ بىر جۈپ كۆزىدىنلا مانا مەن دەپ چىقىپ تۇراتتى.

ئۈچىنچى ئەلچىنىڭ قىياپىتى يىغىلغان خالايىقنى تېخىمۇ ھاڭ - تاڭ قالدۇردى. ئۇ يېشى چوڭراق، يۈزى بىرئاز ئىششىغان، كۆزلىرىنىڭ ئەتراپى كۆكەرگەن ئايال بولۇپ، كۆزلىرىنى ئالاق - جالاق قىلىپ تۇراتتى. ئۇ ئۈستىگە چوڭ قارا ئېيىقنىڭ تېرىسىنى يېپىنىۋالغان بولۇپ، بېشىغا ئېگىز كىگىز قالپاق كىيگەن، بېلىگە ئېيىقنىڭ تىرناقلىرى، چىش-

لىرى، دەريا ـ كۆللەرنىڭ بويىدا بولىدىغان ھەرخىل قۇلۇلە ھەر خىل ـ ھەر ياڭزا ئىنچىكە پىچاقلار، گۈللەپ بويىغان دۈگىلەك داپ ۋە باشقا ھەرخىل نەرسىلەرنى تاسما ۋە يىپلارغا ئۆتكۈزۈپ ئېسىۋالغانىدى.

— ياللا، ماۋۇ ھېلىقى سېھىرگەر كەمپىرغۇ! — دېيىشتى خالايىق ئىچىدىكى بەزى كىشىلەر.

— كىنەز، بۇ ئەلچىلەرنىڭ مۇددىئاسى نېمىكەن؟ بۇلارغا نېمە كېرەككەن؟ — دېگەن ئاۋازلار تۆشمۇتۆشتىن ياڭرىدى.

كىنەز يېنىدا تۇرغان بويارلارنىڭ بىرىگە قاراپ:

— تىلماچقا ئېيتقىن ئەلچىلەر بىزنىڭ شەھىرىمىزگە نېمە مەقسەت بىلەن كەپتۇ. بۇنى خەلققە چۈشەندۈرسۇن... — دېدى.

تىلماچلارمۇ تەق تۇرغانىكەن. بويارنىڭ باش لىڭشىتىشى بىلەنلا ئۇلار دەرھال ئەلچىلەرنىڭ يېنىغا كېلىشتى.

بۇ چاغدا لىخار كۇدىرياش دىكاروسنى جەينىكى بىلەن تۈرتۈپ: «ئۇنى قارا، تونۇدۇڭمۇ؟ ئۆتكەندە پىرونوۋبورغا بارغان بولغارلىق سودىگەر ئاشۇ ئەمەسمۇ! ھېلىقى سۆزگە تارغاق، يىپ ـ يىڭنىلەرنى تېرىگە تېگىشكەن شۇ. بۇ كاساپەت كاپىرلارنىڭ ئايغاقچىسى ئىكەن ـ دە، ئەمدى مەلۇم بولدى. ئەسلى بۇ ئەبلەخ بىزدىن سۆز ئېلىپ ئۇنى ـ بۇنى بىلىۋېلىش ئۈچۈن، يوللارنى كۆرۈۋېلىش ئۈچۈن بارغانىكەن ـ دە، قارا بۇنىڭ ھارامزادىلىكىنى!» دېدى.

تىلماچ، ئەلچىلەر بىلەن بىر نەرسە دېيىشكەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ سۆزىنى يېنىدىكى بويارغا تەرجىمە قىلىپ بەردى. بويار تىلماچنىڭ دېگىنىنى ئۇققاندىن كېيىن، كۆپچىلىككە قاراپ ئۇنلۇك سۆزلەشكە باشلىدى:

— كىنەز ۋە كىنەز خانىمى، بارلىق ئىمانلىق خالايىق-
لار، مۇڭغۇل ئەلچىلىرى بىزدىن نېمىلەرنى تەلەپ قىلىۋاتقىنىنى
ئاڭلىدىڭلارمۇ؟ بۇلار جۇجىنىڭ بالىسى باتۇ پادىشاھ دېگەن
پادىشاھىمىز بارلىق كىنەزلەرنىڭ كىنەزى، بارلىق پادىشاھ-
لارنىڭ پادىشاھى دېيىشىۋاتىدۇ. باتۇنىڭ بۈيۈك ئاتىسى
چىڭگىزخانغا بېقىنمايدىغان خەلق يوق. ئۇ دۇنيادىكى ئەللەر-
نىڭ نۇرغۇنىنى ئۆزىگە بويسۇندۇردى، دەيدۇ. ئەمدى بۇ
ياۋۇز ئەلچىلەرنىڭ تەلىپى جۇجىنىڭ ئوغلى باتۇخانغا ئەمدى
رۇس ئەللىرى بويسۇنۇشى شەرت، دەيدۇ. ئەگەر بويسۇنۇشنى
رەت قىلىدىغان بولسا، باتۇخان باشقا خەلقلەرگە قىلغىنىنى
سىلەرگىمۇ كۆرسىتىدۇ. بىرىڭلارنى قويماي قىرىپ تاشلاپ،
ئېتىغا چەيلىتىپ، يەر بىلەن يەكسان قىلىدۇ، دەيدۇ. بۇلار...
يېۋپاتى كىنەزنىڭ يېنىدا تۇراتتى. بۇ سۆزلەرنى ئاڭلى-
غاندىن كېيىن، چىداپ تۇرالماي:

— بۇ بىرنېمىلەر تولا ھەددىدىن ئاشمىسۇن! كۆزىنى
ئېچىپ قاراشسۇن! بۇلارنىڭ دېگىنىدەك بولۇشى مۇمكىن
ئەمەس! — دەپ ۋارقىرىۋەتتى.

— ئاغزىغا كەلگەننى بىلجىرلاۋاتىدۇ، — دېدى كىنەز
يۇرى ئىنگىۋارېۋىچ، — ئۇلارغا ئۇقتۇرغىن، بىزگە تولا تېرە
تاراقشىتمىسۇن، ئۇنىڭدىن بىز قورقۇپ قالمايمىز. ياخشىسى
بىزدىن نېمە تەلەپ قىلىدىغانلىقىنى ئوچۇقلا ئېيتسۇن.

بۇيار يەنە تىلماچقا بۇرۇلۇۋىدى، تىلماچ ئەلچىلەرگە
سۆزلىدى. ياش مۇڭغۇل يىگىت جەھلى بىلەن سۆزلەپ يەرنى
تېپىپ كەتتى. بەزىدە ئۇ يېنىدىكى ئەگرى قىلىچىنىڭ دەستىسىنى
تۇتۇپ قوياتتى. ئۇنىڭ سۆزىنىڭ ۋەزنى ئىنتايىن ئېغىر ئىدى.
ياشىنىپ قالغان ئەلچى زوۋان سۈرمەي تۇراتتى. جادۇ خۇتۇن
بولسا، ئالاق - جالاق قىلىپ ئۆزىچە بىرنېمىلەرنى دەپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

پىچىرلاپ دىرىلدەپ تىترەپ تۇراتتى. بۇيار يەنە سۆزلەشكە باشلىدى:

— جانابىي كىنەز، ئاڭلىغان قۇلاقتا ئەيىب يوق. مەن ماۋۇ موڭغۇل ئەلچىلىرىدىن ئاڭلىغان سۆزلەرنىلا سىزگە ئېيتىپ ۋاتىمەن. شۇڭا بەھۇرمەت سۆزلەرنى ماڭا ئېيتتى دەپ مىنىڭدىن خاپا بولماڭ. ئۇلار: «ھەرقانداق نەرسىلەرنىڭ ئۇندىن بىرىنى بىزگە سېلىق قىلىپ تۆلىشىڭلار شەرت: ھەر بىر ئون كىنەزنىڭ ھەرقايسىسىدىن، ئون تۇتۇندىن بىر ئادەم، ئون يىلقىدىن بىرنى، ئەگەر يىلقا قۇلا بولسا قۇلىنى، ئالا بولسا ئالىسىدىن، كۆرەڭ بولسا كۆرىڭىدىن، چىپار بولسا چىپىرىدىن، چابدار بولسا چابدارىدىن، جىرەن بولسا جىرەندىن، ھەرقايسىسىدىن ئۇندىن بىرىنى بىزگە بېرىشىڭلار شەرت» دەيدۇ.

قاتتىق بوران چىقىشتىن بۇرۇن جاھان بىر پەس تىمتاسلىقتا چۆمگەندەك داۋالغۇپ تۇرغان خەلق بىردىن دىمىنى ئىچىگە يۇتۇپ جىمجىت بولۇپ قالدى. بۇ چاغدا كىنەزنىڭ سالماقلىق بىلەن سۆزلىگەن سۆزى دانە - دانە، ناھايىتمۇ ئېنىق ئاڭلاندى.

— ئەگەر جېنىمىز تېنىمىزدىلا بولىدىكەن، بىز ھەرگىز تىز پۈكمەيمىز. كۆزىمىز يۇمۇلسا، ئامالىمىز يوق، — دېدى ئۇ زەردە بىلەن.

تىپتىنچ بولۇپ قالغان خەلق بۇرۇنقىدىنمۇ بەكرەك داۋالغۇپ كەتتى. كۆكتە بىر سادا ياڭرايتتى.

— بۇلارنىڭ مۇتتەھەملىكىنى قارا! بىزنى شۇنداق دەپسەندە قىلماقچىمۇ؟ جانابىي كىنەز ئېغىزىڭىزنى ئۇپرىتىپ ئۇلار بىلەن نېمىشقا سۆزلىشىپ تۇرىسىز. نەدىن كەلگەن بولسا شۇ يەرگە قوغلايلى! بىزگە قويۇپ بېرىڭىز، ئۇلارنى ئۇتقا تالىتىپ تۇغۇلغىنىغا پۇشايمان قىلدۇرايلى، — دېيىشىپ ئەلچىلەرنى مازاق قىلدى.

ئەلچىلەر مەيدانغا يىغىلغان خەلقنىڭ سەۋرى قاچىسى تېشىپ، ئەزىپىنىڭ قايناۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، شۇمشەيگىنىچە تۇرۇپ قالدى. بىرئازدىن كېيىن كىنەز يېنىدىكى يېۋپاتىغا بۇرۇلۇپ:

— سەن بىزنىڭ يالاڭتۆشلەرنىڭ مىجەزىنى ياخشى بىلىسەن. ئۇلارنىڭ ئەزىپىنى بىرئاز باسماي ئۆز مەيلىگە قويۇۋېتىدىغان بولساق، بۇ ئەلچىلەرنى توخۇنى يۇگىدىغاندەك يۇگۇزىلىۋېتىدۇ. ئۇلارنىڭ ئەزىپىنى بىر ئامال قىلىپ باسمىساق بولماس، — دېدى.

يېۋپاتى دەرھال سۇپىغا چىقىپ قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ جىم بولۇڭلار، دېگەن ئىشارەت قىلدى. ئۇ بار ئاۋازىنى قويۇپ بېرىپ سۆزلىۋىدى، ئەڭ چەتتىكى چانا ئۈستىدە ئولتۇرغان دېھقانلارمۇ ئېنىق ئاڭلىدى.

— پۈتۈن رەزان خەلقى ماڭا قۇلاق سېلىڭلار! بۇرۇنقى زامانلاردا رەزان كىچىككىنە يۇرت ھېسابلىناتتى. كىشىلەر ئۇنى نەزەرگىمۇ ئىلمايتتى. ھازىر بولسا ئۇنداق ئەمەس، رەزان پۈتۈن بىر تائىپىنىڭ پايتەخت شەھىرى بولۇپ قالدى. بۇنى سىلەر ئوبدان بىلىسىلەر... رەزان ھازىر شەھەر بولغاچقا يەنە كېلىپ پايتەخت بولغاچقا ئۇنىڭدىكى خەلقنىڭ مىجەزى، قەدىمكى يالىڭاياق دېھقانلارغا ئوخشاش قوپال، بەدنۋىي بولماستىن، ئوچۇق، سىپايى بولۇش كېرەك. شۇڭا چەت ئەلدىن كەلگەن ئەلچىلەرگە ئەدەب بىلەن مۇئامىلە قىلىش كېرەك. ئاغزىمىزغا كەلگەننى دەپ، ئۇرۇش دېسە، تۇرۇش دېسەك، كېيىنكى ئادەمنىڭ كەينىدىن ئىتتىنى قويۇپ بېرىپ، ئالە كۇش - كۇش دېسەك توغرا بولمايدۇ. سىلەر ھەممىڭلار تەربىيە كۆرگەن كىشىلەر. رەزاننىڭ تەربىيىسىنى،

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىچ ئېلىنىشى
www.uyghurkitap.com

ئالغان، ئۆزىمىزنىڭ شەنىمىزگە داغ كەلتۈرۈۋالساق بولمايدۇ. بەلكى بۇ جەھەتتە خىزمەت كۆرسىتەيلى...

— قاراڭلار بۇ يېۋپاتىنىڭ ئەزمىسىنى ئېزىپ، ياخشىچاق بولۇپ دەۋاتقان گېپىنى، — دەپ كىشىلەر يەنە چۇرقىراشتى.

يېۋپاتى توختىماي يەنە سالماقلىق بىلەن سۆزلەشكە باشلىدى:

— موڭغۇل ئەلچىلىرى بىزدىن نۇرغۇن نەرسە تەلەپ قىلىۋاتىدۇ. قىپچاق يىلقىچىلىرىمۇ بۇ يەرگە ئات ساتقىلى كەلگەندە بىزدىن ئۈچ ھەسسە ئارتۇق پۇل سوراپتۇ. بىز بۇلارغا بۇنداق دەيلى: «ھۆرمەتلىك مېھمانلار، سىلەرنىڭ دېگەن سۆزلىرىڭلارغا كۆپ رەھمەت. سىلەرنىڭ ئېيتقانلىرىڭلارنى ئويلىشىپ كۆرۈشكە بولاتتى. لېكىن ئۇنىڭغا كېسىپ جاۋاب بېرىش بىزنىڭ قولىمىزدىن كەلمەيدۇ. بىزدە بۇنداق ھوقۇق يوق. غوجامنىڭ غوجىسى بار، چامغۇرنىڭ ئورىسى دېگەندەك بىزنىڭ ئۈستىمىزدە ئادەم بار. ئەڭ چوڭ غوجىمىز ۋىلادىمىر، سۇزدالىنىڭكى دېگەن ئەڭ چوڭ ئاستانە شەھىرىمىزدە تۇرىدىغان كىنيازگىمې ۋسېۋالودوۋىچ دېگەن كىنەز دەيلى. موڭغۇلنىڭ باتۇ دېگەن پادشاھىنىڭ ئەلچىلىرىنى بۈيۈك كىنەزگە ئەۋەتەيلى. ئۇلارنى قوڭغۇراقلىق ئۈچ ئات قوشقان سىرلىق چانىغا ئولتۇرغۇزۇپ، ئاستىغا گىلەم سېلىپ، پوتىنىڭ ئىسسىق بولۇشى ئۈچۈن ئېيىق تېرىسى يۆگەپ، ھۆرمەت ۋە ئىززەت بىلەن يولغا سالايلى. شۇندىن كېيىن دېھقانلار ئۇلاردىن بىرىنى تاتارلارغا بېرەمدۇ ياكى ئۇنىڭدىن ئاز بېرەمدۇ، بۇنىڭ ئۈلچىمىنى بۈيۈك سۇزدالى كىنەزى گىئورگىي ۋسېۋالودوۋىچ ئۆزى بىرنەرسە دېسۇن.

— توغرا، يېۋپاتى! توغرا دەيسەن! دېگەن ئاۋازلار كۆتۈرۈلۈشكە باشلىدى.

— مېھمانلارنى ۋىلادىمىر شەھىرىگە ئاپىرىپ قويۇڭلار، — دېدى كنەز.

بۇ چاغدا يېۋپاتى ئەلچىلەرگە بۇرۇلۇپ:

— كنەز يۇرى ئىنگۋارېۋىچ ھۆرمەتلىك مېھمانلارنى ئۆز سارىيىغا قەدەم تەشرىپ قىلىپ، تۇز - تائامنى تېتىپ كېتىشنى تەكلىپ قىلىدۇ... — دېدى.

ئەلچىلەر كنەزنىڭ سارىيىغا كىرىپ كەتتى. بۇ چاغدا، مەيدانغا يىغىلغان خالايىق خېلى ۋاقىتلارغىچە تارقاپ كەتمەي بۇ توغرۇلۇق تالاش - تارتىش قىلىشتى. ھەممىسى تۇغۇلغان يېرىنى، ئانا ماكانىنى جان تىكىپ قوغداش لازىملىقىنى، دۈشمەننى رەزانغا يېقىن يولاتماي، قوغلاش كېرەكلىكى توغرىسىدا سۆزلەشتى.

كنەز تاتار ئەلچىلىرىنى زور ھۆرمەت بىلەن كۈتتى. خىزمەتكارلار ھەر تۈرلۈك تائاملار بىلەن داستىخان ئۈستىنى كۆرۈنمەس قىلىۋەتتى. ئەلچىلەر بىلەن بىرگە دوما بۇيارلىرى ① ۋە ياساقنىڭ ياشانغان باشلىقلىرى بىللە بولدى. تاماق كۆپ بولغىنى بىلەن ئەلچىلەر ئاز - ئازدىنلا يېيىشتى. بىر نەرسە سېلىپ قويىدىمىكىن دەپ گۇمان قىلىپ، ئالدىغا قويۇلغان تاماقنى پۇراپ كۆرۈپ، ئاندىن ئېغىز تېگىشتى. ئۈستەل ئۈستىدە دۆۋىلىنىپ تۇرغان قاچىلاردىكى ھاراق - شاراب بىلەن ھەسەلنى تېتىپمۇ باقمىدى.

تاماقتىن كېيىن ئىشىك ئالدىغا تالدىن توقۇلغان، يۆلەنچۈكلىرىگە ئېيىق تېرىسى ئارتىلغان ئۈچ ئات قوشۇلغان قوڭغۇراقلىق چانا كەلتۈرۈلدى. بىراق ئەلچىلەر چانىغا ئولتۇرمايمىز دېيىشتى. شۇنداقتىمۇ كنەز، ئەلچىلەر يولدا ئۇخلاپ

① دوما بۇيارلىرى — بۇرۇنقى زامانلاردىكى بۇيارلار تۈرۈلتىيىنىڭ ئەزاسى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

دەم ئالغۇسى كەلسە دەپ ئۈچ ئات قوشقان چانىنى سالتا... ئاتلىقلارنىڭ كەينىدىن قالماي مېڭىڭلار دەپ بۇيرۇدى. ئەللىك ياساقنى ئەلچىلەرنىڭ ئامانلىقىنى قوغداش ئۈچۈن قوشتى.

كىنەز ئەلچىلەرنى شەھەرنىڭ دەرۋازىسىغىچە ئۇزىتىپ قويغاندىن كېيىن، يېۋپاتىنى ئۆز يېنىغا چاقىرىپ:

— يۈرىكىم بىر شۇملۇقنى سەزگەندەك قىلىدۇ. كەڭ دالا تەرەپتىن ھېسابسىز نۇرغۇن لەشكەر بېسىپ كېلىۋاتقۇدەك، شۇڭا قورال تۇتالايدىغان ئادەمنىڭ ھەممىسىنى سەپكە تۇرغۇزۇشىمىز كېرەك. موڭغۇل ئەلچىلىرى بىلەن بىرگە ئۆز ئىنىمنى ۋىلادىمىرغا ئەۋەتتىم. ئۇ بۈيۈك كىنەز گىئورگىي ۋىسېۋالودوۋىچقا: پۈتكۈل سۇزدالى، روستوۋ، بېلازىرى خەلقىنى ھەرىكەتكە كەلتۈر. بۈيۈك نوۋگورودنىمۇ ياردەمگە چاقىر. ھازىر بىز موڭغۇللار بىلەن كېلىشىم توغرىسىدا سۆزلىشىپ، ئۇلارنىڭ دىققىتىنى بۆلۈپ تۇرغاندا، سىلەر نۇرغۇن لەشكەر توپلاپ، بۇ تەرەپكە قاراپ ھەرىكەت قىلىپ، تاتارلارنىڭ ئالدىدىن چىقىڭلار، دېمەكچى، كەڭ دالادىكى موڭغۇل پادىشاھىغا قىممەت باھالىق سوۋغا - سالاملار بىلەن ئۆز ئوغلۇم فىروزنى ئەۋەتمەكچىمەن. ئۇنىڭ يېنىغا كۆپنى كۆرگەن تەجرىبىلىك بويارلاردىن بىرنەچچىنى قوشىمەن. ئۇلار بېرىپ باتۇخاننىڭ كۆڭلىنى ئۇۋلاپ تۇرسۇن. ئەمدى سەن دەرھال چېرنىگوۋغا ئاتلان. ئۇ يەردىكى كىنەز مىخائىلغا مەندىن ئۈچ قېتىم قايتۇرۇپ سالام ئېيت. ئۇنىڭدىنمۇ بىزگە لەشكەر ئېلىپ كەلگىن. باشقا بىر ئادەمنى ئەۋەتەي دېسەم ئىشەنچ قىلالمىدىم. چۈنكى باشقىلار بارسا لەشكىرىمۇ - ئۆزىمۇ كەلمەي قېلىشى مۇمكىن، دەپ ئەندىشە قىلىمەن... سېنى ئوبدان چۈشىنىمەن. سەن رەزاندىكى بىر تۇغقان قېرىنداشلىرىڭنى

ئوت ئىچىدە قالدۇرمايسەن. دەل ۋاقتىدا ياردەمچى لەشكەرلە-
رنىڭ بىلەن يېتىپ كېلەرسەن. ئات ئېغىلىدىن خالىغان ئېتىڭنى
ئالغىن، لېكىن تېزرەك قايتىپ كەل! ــ دېدى كىنەز.
يېۋپاتى شۇ كۈنى تۈندە چېرنىكوۋغا قاراپ يولغا چىقتى.

## سەككىزىنچى باب

## ۋەھشىي دالادا

قوشۇنلارنىڭ ۋەھشىي دالاغا تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ كىرىپ،
جەنۇب تەرەپكە قاراپ ماڭغىنىغا تۆنۈگۈن ئۈچ كۈن بولدى.
رەزان رۇس ئېلىنىڭ ئالدىنقى سېپىدىكى جەڭگىۋار قاراۋۇل
ھېسابلىناتتى. سەراسىم ئىچىدە قالغان رەزاندىن ئۇلار خېلىلا
ئۇزاپ كەتتى. ئەڭ ئالدىدا پىرونىسنىڭ كىنەزى ۋىسېۋالېد
باشلىغان ئاتلىق قوشۇن كېلەتتى. تالاي ئەسىرلەردىن بېرى
سانسىزلىغان كىشىلەر بېسىپ ئۆتكەن بۇ داغدام يولدا تۇرنىدەك
سوزۇلۇپ كېتىۋاتقان ئاتلىق لەشكەرلەرنىڭ باش - ئاخىرى
خېلى ئۇزۇنغا سوزۇلغانىدى. دۈشمەن قوشۇنى يولۇقۇپ قالار-
مىكىن، دەپ ئالدىن ئەۋەتكەن چارلىغۇچىلار بەزىدە ئۇپۇق
سىزىقىدا كىچىك بىر چېكىتلەرگە ئوخشاش كۆرۈنۈپ كۆزدىن
غايىب بولاتتى. بەزىدە بىرەر دۆڭنىڭ ئۈستىگە چىقىپ،
تۇماقلىرىنى پۇلاڭلىتىپ قوشۇنغا مىڭىلار دېگەن ئىشارەتنى
قىلاتتى - دە، قايتىدىن ئېتىنى چاپتۇرۇپ بىپايان سەھرانىڭ
ئۇ چېتىگە قاراپ كېتەتتى.
قېلىن قار ئاستىدا ياتقان چەكسىز كەتكەن كۆمۈش دالا
ئېغىر ئۇيقۇدا ياتاتتى. ئاندا - ساندا ئۇچراپ قالغان دۆڭ-

www.uyghurkitap.com

لۇكلەرنىڭ ئېتىكىدە بىرەر - يېرىم يالىڭاچ تېرەكلەر كۆرۈنۈپ قالاتتى ياكى كىچىكىرەك سايلارنى بويلاپ كەتكەن توقايزارلىقلاردىكى تاللارنىڭ ئۇچى يىراقتىن قارىيىپ كۆرۈنەتتى.

شەرقىي جەنۇب تەرەپكە قاراپ يىلان ئىزىدەك سوزۇلغان چوڭ يولىنىڭ ئاخىرىغا كۆز يەتمەيتتى. يىراقتىكى سوروژ ① شەھىرىدىن چىققان كارۋانلار، سەھرالىقلارنىڭ ھەيدىگەن مال - پادىلىرى، تىمىسقىلاپ دالا كېزىپ يۈرگەن يىرتقۇچ ھايۋانلار، ئەلمىساقتىن بېرى بۇ يولدا ئۈزۈلمەي مېڭىپ كەلگەنىدى. كارۋانلار بىلەن مال ھەيدىگەن سەھرا خەلقى «زالىسىبېگ» كە بېرىپ كېلەتتى. ئۇ چاغلاردا رۇس ئېلىنى ئۇلار ئاشۇنداق دەپ ئاتايتتى. ئۇلار بۇ يەرگە ھەر خىل مەقسەت بىلەن كېلەتتى: بەزىلىرى مال ئالماشتۇرۇش — سودا قىلىش ئۈچۈن كەلسە، يەنە بەزىلىرى بۇلاڭ - تالاڭ قىلىش، ئوغرىلىق قىلىش نىيىتىدە كېلەتتى.

تۇرۇپكا ئاتلىق لەشكەرلەردىن كۆزىنى ئۈزمەي، بىر چىغىر يول بىلەن پىيادە كېلىۋاتاتتى. كۆز ئالدىدا سوزۇلۇپ ياتقان بۇ چەكسىز دالانى كۆرۈپ كۆڭۈل - كۆكسى كۆتۈرۈلگەن تۇرۇپكىنىڭ خىيالىغا خەۋپ - خەتەر، دۈشمەن دېگەن نەرسىلەر كەلمەيتتى. ئۇ ئۆمرىدە بىرىنچى قېتىم يىگىت سانىلىپ، سەپكە قوشۇلۇپ، يۈرۈشكە قاتناشقانلىقىغا ئىچ - ئىچىدىن خۇشال ئىدى. بەزىدە ئۇ بولغۇسى ئۇرۇشنى ئويلاپ قالسا، تاتار دېگەن نامەلۇم تائىپە بىلەن ئۇرۇشۇش ئۇنىڭ ئۈچۈن ھەم قورقۇنچلۇق، ھەم قىزىق تۇيۇلاتتى. ئۇ يەنە بەلكىم باشقا قوشۇنلارغا قارىغاندا قەھرىمانلىقىم يۇقىرى بولۇپ،

① سوروژ — قىرىم بويىدىكى سۇدال شەھىرى. ھازىر سۇداق شەھىرى دەپ ئاتىلىدۇ.

داڭقىم چىقىپ كېتەمدۇ تېخى، دەپمۇ ئويلايتتى. سەپەر ئالدىدا
دادىسى ئۇنىڭغا: «ئېيىق ئوۋلاشقا چىققاندا سېنى كۆپ
قېتىم بىللە ئاپارغانىدىم. ھايۋان كۆزگە كۆرۈنمەي، يوشۇ-
رۇن يۈرگەن چاغدىلا قورقۇنچلۇق بولۇپ كۆرۈنىدىغانلىقىنى،
كۆز ئالدىڭدا تۇرغاندا ئەس - يادىڭ ئۇنى قانداق قىلىپ
قولدىن چىقارماسلىقتا بولىدىغانلىقىنى بىلدىڭمۇ! تاتار دېگەن
ئاسماندىن چۈشكەن ئالاھىدە بىر نەرسە ئەمەس! ئۇمۇ بىزگە
ئوخشاشلا ئادەم. بىزدىن ھېچبىر يېرى ئارتۇق ئەمەس. ئۆز
دۈشمىنىگە قاراپ يۈگۈرگەندە، ۋارقىراپ - جارقىراپ ھەيۋە
قىلىش، ھەرگىز ئۇنىڭ يۈرەكلىك ئىكەنلىكى ياكى باتۇرلۇ-
قىدىن ئەمەس. شۇڭا ئۇنداقلارنىڭ كۆزلىرى چانىقىدىن
چىقىپ كېتەي دەپ قالىدۇ. ئۇلار كېلىۋاتقاندا سەن ھەرگىزمۇ
قورقۇپ كەينىڭگە چېكىنمە، چېكىنسەڭلا، دۈشمەن ئۈستۈنلۈكنى
ئىگىلەپ، يۈرىكى يوغىناپ كېتىدۇ. شۇڭا ئالدىڭغا كەلگەننى
پالتا بىلەن بولمىسا، ئارا بىلەن مېھمان قىل» دېگەنىدى.

«دادام سوقۇشنى ياخشى بىلىدۇ، — دېدى تۇرۇپكا
ئىچىدە، — ئۇ سۆزدالى قوشۇنلىرى بىلەنمۇ سوقۇشقان، ۋەھشىي
دالادىنمۇ بىرقانچە قېتىم ئۈستىبېشى قان بولۇپ قايتىپ
كەلگەنىدى.»

تۇرۇپكىنىڭ ھېسابىدا قوشۇندا ئىككى مىڭدەك لەشكەر
بار ئىدى. ئۇلار يۈزلۈكلەرگە بۆلۈنۈپ ھەرقايسىسى ئۆزىگە
قولايلىق بولغان يولدا ئايرىم كېلىۋاتاتتى. بىر
يۈز يەنە بىر يۈزگە قوشۇلماي بىر - بىرىدىن يىراقتا ماڭات-
تى. ھەر بىر يۈزنى يۈزبېشىلىرى باشقۇراتتى. يۈزباشلىرى
كىنەزنىڭ ئۆز ياساۋۇللىرىدىن سايلانغانىدى. ئۇلار سالتاڭ
ئاتقا مىنگەن بولۇپ، تۈچ بىلەن نەقىشلەنگەن ئېگەر - جاب-
دۇقلىرى كۈن نۇرىدا يالت - يۇلت قىلىپ كۆزنى قاماشتۇ-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

راتتى. بەزى يۈزلۈكلەر تالاي قېتىم ۋەھشىي دالاغا كېلىپ ئۇرۇشلارغا قاتنىشىپ لەشكەر باشقۇرۇشنى ئۆگىنىۋالغان تەجرىبىلىك لەشكەرلەرنىڭ قولىدا ئىدى.

ھەربىر يۈزنىڭ كەينىدە يۈك - تاق سېلىنغان ھارۋا - چانىلار كېلەتتى. بۇ ھارۋىلار بىلەن چانىلاردا دەستە - نان، تاغار - تاغاردا ئۇن، سۆك، ئات يەيدىغان سامان بار ئىدى. پىيادە كېلىۋاتقان قوشۇنلارنىڭ يۈكىنىڭ يەڭگىل بولۇشى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ساۋۇت - قالقان، قورال - ياراق ۋە قېلىن جۇۋا - چاپانلىرىمۇ مۇشۇ ھارۋا چانىلارغا بېسىل-غانىدى. تىك تۆۋەنگە چۈشىدىغان يەرلەردە ياكى جىددىي بۇرۇلۇشلاردا لەشكەرلەر چانىلارنىڭ قۇيرۇقلىرىغا ئېسىلىۋالاتتى. بولمىسا ياغاچ تاپانلىق چانىلار تېيىلىپ ئاغدۇرۇلۇپ كېتىشى مۇمكىن ئىدى.

پىرۇنوۋىبىردىن چىققان لەشكەرلەر ياروستوۋنىڭ دېھقان-لىرى بىلەن بىر يۈزلۈكتە كېلەتتى. تۇپىنىڭ ئەڭ ئالدىدا پاكار بويلۇق ۋاۋىلا مەردىۋا پۇتىدىكى ياغاچ قوۋزىقىدىن ياسالغان ئايىغىنى غاچىلدىتىپ دەسسەپ كېلەتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ مەردىۋا تىلىدا توختىماي ناخشا ئېيتاتتى. ئۆمرىدە زادى كۆرۈپ باقمىغان بىر نەرسىگە يولۇققاندىلا ئاندىن ئۇ ناخ-شىدىن توختاپ قالاتتى. ئۇنىڭ ئۆمۈر بويى قېلىن ئورمان-زارلىق ئىچىدە يۈرۈپ، كەڭ سەھراغا چىققىنى مۇشۇ ئىدى. بىر دوقمۇشتىن تۇيۇقسىز بىر توپ بۆكەن چىقىپ، قارا قاغىدەك كېلىۋاتقان كىشىلەرنى كۆرۈش بىلەنلا كەينىگە شارتتىدە بۇرۇلۇپ بەدەر قاچتى. ۋاۋىلا بۇ دالادا دۇنيادىن بىغەم ئەركىن يېيىلىپ يۈرگەن بۇ ئاجايىپ ياۋايى ھايۋاننى كۆرۈپ، خۇشاللىقى ئىچىگە سىغماي ساراڭلاردەك ئىككى قولى بىلەن يانپىشىغا ئۇرۇپ، ئۆزىنىڭ قاردا ئولتۇرۇپ قالغانلىقىنى سەزمەي قالدى.

ئېگىز، ئورۇق كەلگەن زىۋىياگا ئۆزىدىن ـ ئۆزى ۋايىم قىلىپ، ۋاۋىلانىڭ كەينىدىن كېلىۋاتاتتى.

— قېنى، زىۋىياگا، سېنىڭ پۇتۇڭ ئۇزۇن بولغانىدىن كېيىن يۈگۈرۈپ بېرىپ ئاۋۇ سېرىقنىڭ بىرىنى قۇيرۇقىدىن تۇتۇپ كەلسەڭچۇ، — دېدى ۋاۋىلا.

— دالىنىڭ سېرىقىنى قوغلاشنى بىز ئۆگەنمىگەن. يۈگۈرۈكلەرنىڭ ھەممىسى موردىۋالىقلاردىن چىقىدىغۇ، سىلەر يۈگۈرۈپ كېتىۋاتقان توشقاننىمۇ قولىقىدىن تۇتۇۋالىسىلەر، — دەپ گەپ بەرمىدى زىۋىياگا.

لىخار كۇدىرياش سەل نېرىدا كېلىۋاتاتتى. ئۇ تۇرۇپ ـ تۇرۇپ دۆڭلەرنىڭ ئۈستىگە چىقىپ، يىراقلارغا قاراپ، يەرلەرنىڭ ناملىرىنى ئاتاشقا باشلايتتى.

— ئاشۇ شەرق تەرەپتە — سوسنوۋايا رىياسا دەرياسى بار. غەرب تەرەپتە — ياگورنايا دېگەن دەريا بار. بۇ دەريالارنىڭ ھەر ئىككىلىسى ۋارونىژ دەرياسىغا بېرىپ قوشۇلىدۇ. ئاۋۇ كۆرۈنگەن يارلىقنىڭ بويىدا بۇلتۇر قىپچاق خانلىرىنىڭ ئاق ئۆيلىرى جەۋلان قىلاتتى. ئۇلار بىزگە قوي، سىيىر ھەيدەپ ئەكېلىپ ساتاتتى... مەن ئۇلارنىڭ يېزىسىدا يېرىم ئاي تۇرغانىدىم. ئۇلار يامان خەلق ئەمەس ئىدى. شۇ قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ئۇلارنىڭ تىلىنىمۇ ئۆگىنىۋالغانىدىم. ئۇلار ئۆزلىرىنى «خۇمان» دەپ ئاتايدىكەن. ئۇلارنىڭ ئىچىدە مېنىڭ يارۇ بۇرادەرلىرىم خېلى بار ئىدى... ھەتتىگىنەي، كۆكلەم ۋاقتىدا دالا نېمىدېگەن گۈزەل ـ ھە! چۆپنىڭ ئېگىزلىكىدىن ئۇنىڭ ئىچىدىكى مالنى كۆرگىلى بولمايتتى. ياز بولۇشى بىلەن چارۋىچىلار سۈت ـ قىمىزغا ئوبدانلا تويۇنۇپ قالاتتى. قويچىلار دالىدا قوي بېقىپ يۈرگەندە

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

«قورقتىن» ① پىشۇرىدۇ. خوتۇنلار قوي سۈتىدىن قۇرۇت قاينىتىپ، بىيە سۈتىدىن قىمىز دېگەن كۈچلۈك ئىچىملىكنى ئېچىتىدۇ. كۆكلەمدە قىپچاقلارنىڭ ھەممىسى روھىي جەھەتتىن ئىنتايىن كۆتۈرەڭگۈ، خۇش خۇي يۈرىدۇ. دائىم يىغىلىپ ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئويناپ كۆڭۈل ئاچىدۇ... باياتىن خىيال بىلەن بولۇپ بېشى چۈشۈپ كېتىۋاتقان دىكاروس تۇرۇپكىغا بۇرۇلۇپ: «ئۆيگە ئامان - ئېسەن قايتارمىزمۇ ياكى...» دېگەننى ئىككى قېتىم تەكرارلىدى.

كۈن ئۇۋىسىغا ئولتۇرۇپ قاش قارايغان پەيتتە، قوشۇن دەم ئېلىش ئۈچۈن بىر ساي بويىدا توختىدى. سايىنىڭ ئۇ تەرىپى ئېگىز يارلىق بولغاچقا، ئۇ يەرگە قاراۋۇللار ئورۇنلىشىپ، تۈن بويى يولنى كۆزەت قىلىپ چىقتى. لەشكەرلەر ھارۋا - چانىلار بىلەن قورشاپ ئىستىھكام ياساپ ئوتتۇرىدىكى بوش مەيدانغا ئوت يېقىپ ئىسسىنىپ ئولتۇردى. قوشۇندىكىلەر يول بويى ئورغۇن قوراي يىغىپ كەلگەنىدى. ھازىر شۇنى قالاپ، ئاش - تاماق پىشۇرۇپ ئىچىپ بىرئاز ماغدۇرىغا كەلگەندەك بولدى. چىدىرلانغان ئاتلار ئەتراپتىكى قار ئاستىدىن چىقىپ قالغان چۆپلەرنى، قومۇش يوپۇرماقلىرىنى يەپ ئوتلاشقا باشلىدى. دېھقانلار ھارۋا - چانىلاردىكى يوغان تىرە جۇۋىلىرىغا يۆگىنىپ گۈلخاننى چۆرىدەپ يېتىشتى. كۆپنى كۆرگەن تەجرىبىلىك لەشكەرلەر بۇرۇن ۋەھشىي دالىدا بولغان ئۇرۇشلارغا قاتناشقانلىقىنى، قىپچاقلارنىڭ قولىغا ئەسىر بولۇپ چۈشكەنلىكىنى، كېيىن بىر ئامالىنى قىلىپ ئۇلارنىڭ قولىدىن قېچىپ كەتكەنلىرىنى ھېكايە قىلىشاتتى. كۆپچىلىك ئۇلارنىڭ سۆزىنى زور قىزىقىش بىلەن ئاڭلايتتى.

تۈن نىسپىدە دادىسى تۇرۇپكىنى ئويغىتىپ:

---

① قويچىلار ئوتتا قىزدۇرۇلغان تاشنى سۈت بار چۆچەككە سېلىپ شۇ ئارقىلىق پىشۇرىدۇ. بۇنى «قورقتىن» دەپ ئاتايدۇ.

— تاڭ ئاتقۇچە ئاۋۇ ئېگىز يارلىقنىڭ تۈۋىدە تۇرۇپ يولنى كۆزىتىپ چىق، تېۋىشىڭنى چىقارماي، بىر ئورۇندا يوشۇرۇنۇپ يات. بەكمۇ ھوشيار بول. بولمىسا تاتار ياۋۇزلىرى ئوشتۇمتۇت بېسىپ كېلىپ، سېنى جەھەننەمگە ئۇزىتىشى مۇمكىن. ئەگەر بىرەر ئىشنىڭ شەپىسىنى سەزگىدەك بولساڭ، دەرھال ۋارقىراپ بىزگە بەلگە بەرگىن. ياردەمگە بارىمىز، — دېدى.

تۇرۇپكا دادىسى كۆرسەتكەن تىك قىيانىڭ ئۇستىگە چىقىپ، بىر تۈپ چاتقالنىڭ ئىچىگە يوشۇرۇندى. ئەتراپ كۆزگە تۇرتسە كۆرگۈسىز قاراڭغۇ. ساي بويىدىكى گۈلخانلارمۇ ئۆچۈشكە باشلىغان، گۈلخان ئەتراپىدا توپ - توپ بولۇپ يېتىشقان دېھقانلار قاتتىق ئۇيقۇغا كەتكەنىدى. نېرىدا ئوتلاپ يۈرگەن ئاتلار دۈشمەننىڭ يېقىن ئىكەنلىكىنى سەزگەندەك تۇرۇپ - تۇرۇپ بېشىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ قۇلاقلىرىنى قايچىلاپ، پۇشقۇرۇپ قوياتتى.

تۇرۇپكىمۇ كىرپىك قاقماي، ئىككى قوللۇق ئارىسىنى تۇتقان پېتى تىكىلىپ ئولتۇردى. كۆزىدىكى ئۇيقۇ قاياقلارغىمۇ غايىب بولدى. ئۇ ئەتىگەندىن كەچكىچە پىيادە يۈرۈپ چارچىغانلىقىنىمۇ ئۇنتۇغانىدى. بەزىدە ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا ئۇزۇن خەنجەرنى چىشلەپ ئۆمىلەپ كېلىۋاتقان تاتار كېلەتتى. ئاسماننى قېلىن بۇلۇت قاپلىغان بولۇپ، بەزىدە بۇلۇتلار تاراپ ئاسماننىڭ بىر بۇرجىكى ئېچىلىپ زۇمرەتتەك چاقناپ تۇرغان يۇلتۇزلار كۆرۈنۈپ قالاتتى. ئىزغىرىن شامال، تال - چىۋىقلارنى، قۇرۇپ كەتكەن ئېگىز قورايلارنى تەۋرىتىپ ئۇلاردىن قانداقتۇر بىر خىل مۇڭلۇق كۈي تارقىتاتتى. تۇرۇپكىنىڭ خىيالىدىن — ئۆيدىن چىققاندا ئانىسىنىڭ ئۇنىڭ بوينىغا ئېسىلىپ يىغلاپ تۇرۇپ ئېيتقان ئاخىرقى سۆزلىرى،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

جەڭگە كېتىۋاتقان ئەرلەرنىگە ئېسىلىشىپ يىغلاۋاتقان خوتۇنلارنىڭ نالە - پەريادى، نېمە بولغانلىقىنى چۈشەنمەي ھاڭ - تاڭ بولۇپ چەكچەيگىنىچە قاراپ قالغان ۋشنيانكا — بىر - بىرلەپ ئۆتتى. بىرئازدىن كېيىن ۋشنيانكىنىڭ ئورنىنى كەڭ دالىدا يۈگۈرۈك ئاتقا مىنىپ شامالدەك چېپىپ كېلىۋاتقان بىر قىپچاق ئىگىلىدى. ئەتىمالىم ئۇ، يولدا مۆكۈنۈپ ياتقان تاتارنى ئىزلەپ يۈرگەن بولسا كېرەك. شۇ خىياللار بىلەن بەنت بولغان تۇرۇپكا بىر نەرسىدىن سەسكەنگەندەك بولۇپ ئۆزىنى دەرھال يىغىۋالدى - دە، ئەتراپقا سىنچىلاپ قاراپ، ئىرىق قىلغان ئاۋازغا ھوشيارلىق بىلەن قولاق سالدى. ئۇنىڭ ئەس - يادى تاتاردىن بىرنى قولغا چۈشۈرۈش ئىدى.

بىر ھازادىن كېيىن دالانىڭ قەيەردىندۇ بىر يېرىدىن مۇشۇكياپىلاقنىڭ سوزۇپ ۋارقىرىغان ئاۋازىغا ئوخشاش بىر ئاۋاز ئاڭلاندى. كەينىدىنلا يېقىنلا بىر يەردىن ياۋايى ھايۋاننىڭ ھۇۋلىغان ئاۋازى چىقتى. «بۇ نېمىدۇ؟ جىنمىدۇ - يە؟ ياكى تاتارنىڭ چارلىغۇچىلىرى ئۆزئارا بەلگە بېرىپ قاراڭغۇدىن پايدىلىنىپ كېلىۋاتامدىكىن؟» دەپ ئويلىدى تۇرۇپكا...

قاراڭغۇ كېچىدە چاتقالنىڭ ئىچىگە يوشۇرۇنۇپ تۇرغان ئادەمگە يېقىن ئەتراپتىكى قورايلارنىڭ بېشى ئاسمانغا تاقىشىپ تۇرغاندەك كۆرۈنەتتى. بىر چاغدا قورايلارنىڭ بېشى ئۆشتۈمتۈت قاتتىق قىمىرلاپ كەتكەندەك بولدى. «ھەي، مۇشۇ يەردە بىر چاتاق بار جۇمۇ!» دەپ تۇرۇپكا ھېلىقى يەرگە قادىلىپ قاراپ تۇرۇۋىدى، چاتقالنىڭ ئارىسىدا كىشىنىڭ يوشۇرۇنۇپ كېلىۋاتقىنىنى كۆردى... ئۇ كىشى بىردىنلا ئورنىدىن تۇرۇپ ئەتراپقا بىر كۆز يۈگۈرتتى - دە، ئاندىن

يەنە چۆپ ئارىسىغا يوشۇرۇندى... «ئۆز ئادىمىمىزمىدۇ؟ ياكى دۈشمەنمىدۇ؟» دېدى تۇرۇپكا ئىچىدە. بىراق «ۋارقىرىسام دۈشمەن قېچىپ كېتىدۇ. ئەگەر ئۆز ئادىمىمىز بولۇپ قالسا كۆپچىلىك مېنى كۈلكە قىلىدۇ» دەپمۇ ئويلىدى.

تۇرۇپكا ئىنتايىن ھوشيارلىق بىلەن ھېلىقى باش قەيەردىن كۆرۈنەركىن دەپ كۈتۈپ تۇردى... شۇنداق دەپ تۇرغاندا ھېلىقى يات كىشىنىڭ گەۋدىسى يەنە كۆرۈندى. ئەمدى ئۇ تۇرۇپكىنىڭ ئوڭ تەرىپىگە يېقىنلاپ قالغانىدى. تۇرۇپكا يەنىلا كۈتۈپ تۇراتتى. سول تەرىپىدىنمۇ بىر نەرسىنىڭ پۇشۇلدىغىنى ئاڭلاندى... ئەيلەنگەن قوي تېرىسىدىن تىكىلگەن جۇۋىنىڭ ئاچچىق پۇرىقى دىمىغىغا كېلىپ تۇرۇلدى... شىۋىرلاپ سۆزلىگەن ئاۋازمۇ ئاڭلاندى... رۇس ئەمەس، سۆزلىرى چۈشىنىكسىز... ھەتتا بىرى يېقىنلا يەرگە كېلىپ قالغانىدەك قىلاتتى. تۇرۇپكىنى كۆرۈپ قالىدىغان بولسا، ئۇلار قىلىچ بىلەن كاللىسىنى تېنىدىن جۇدا قىلىشى ياكى ساداق بىلەن ئېتىشىمۇ مۇمكىن ئىدى... ئەمدى كۈتۈپ تۇرۇشقا بولمايدۇ، بالدۇر قول سېلىش كېرەك... «باتۇر دەپ نامىم چىقىپ چوڭلار ئالدىدا ئىناۋىتىم ئۆسۈپ كەتسە ئەجەب ئەمەس» دەپ يېقىندىلا ئويلىغان خىيالى تۇرۇپكىنىڭ كاللىسىدىن يەنە بىر قېتىم ئۆتتى. ئۇ ئارىنى چىڭ تۇتۇپ تەييارلىنىپ تۇردى. ئارىنىڭ ئۇچىغا بىر سانجىلغاندا ھەرقانداق دۈشمەننىڭ جېنىنى ئالىدىغان ئۆتكۈر شەمشەر باغلانغانىدى.

تۇرۇپكا ئالدىغا ئۆزىنى پەرماندەك ئاتتى. ئارىنىڭ ئۇچىدىكى شەمشەر يۇمشاق بىر نەرسىگە سانجىلدى... بىراۋ «ۋاي!» دەپلا قالدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ ئاۋازنى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئاستا چىقىرىشقا تىرىشاتتى... دەل شۇ چاغدا دىۋىدەك

www.uyghurkitap.com

ئېغىر بىر ئادەم تۇرۇپكىنىڭ ئۈستىگە ئۆزىنى ئاتتى. يەنە بىر ئادەم ئىككى پۇتىنىڭ ئۈستىگە چىقىپ بېسىپلا ئولتۇرۇۋالدى. تۆمۈردەك قاتتىق قوللار ئۇنىڭ ئېغىز - بۇرنىنى مەھكەم بېكىتتى. تۇرۇپكا دەم ئالالماي دەرمانىدىن كەتتى...

تۇرۇپكا يولقۇنۇپ ئۈستىدىكى ئېغىر تاغنى ئۆرۈۋەتمەكچى بولۇۋىدى يەنە بىر كىشى ئۇلارغا ياردەمگە كەلدى. بىرى ئۇنى كانايدىن سىقىپ بوغدى... ئۇ ۋارقىراپ باشقىلارغا خەۋەر بېرىشكىمۇ ئۈلگۈرەلمىدى. ئۇنى سۆرەپ كېتىشىۋاتاتتى... «دادامغا قانداق ئۇقتۇرارمەن؟» دەپ ئويلىدى بالا. دادىسى بىلسە ھەرگىزمۇ بالىسىنى دۈشمەن قولىغا تاشلاپ قويمايتتى... لېكىن تۇرۇپكىنىڭ ۋارقىراپ باشقىلارغا بەلگە بەرمەك تۇرماق، نەپەس ئېلىشمۇ ئىنتايىن قىيىن بولۇۋاتاتتى...

## توققۇزىنچى باب

# تاتارلار كالمىئۇس يولى بىلەن كەلمەكتە

دۇنيانىڭ بىنا بولغىنىغا 6745 يىل بولغاندا (1237 - يىلى) دەھرىلەردىن بولغان باتۇ جاھاننى زىلزىلىگە كەلتۈرگەن قوشۇننى باشلاپ رۇس تۇپرىقىغا كىرىپ رەزانغا يېقىن ۋارونىژ دەرياسى بويىغا كېلىپ توختىدى.

(تارىختىن)

تاتارلار شىمالغا قاراپ يۈرۈلۈپ، دون ۋە دونىس دەريالىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى قەدىمدىن شەكىللەنگەن كالمىئۇس

يولى بىلەن ئىلگىرىلىدى. بۇ يولدا سەپەر قىلىش يەڭگىل بو-
لۇپ، ئۆتۈش قىيىن بولغان چوڭ دەريالار ئۇچرىمايتتى. تۈنۈ-
گۈن ياغقان نېپىز قار ۋەھشى دالاغا ئاپئاق داستىخان ياپقانىدى.
پەقەت سايلىقلاردىكى يار تۈۋلىرىدە، ئۆزەك جىلغىلاردا بوران
ئۇرۇپ تىقىۋەتكەن قار دۆۋىلىرى دۆۋىلىنىپ تۇراتتى. يولدا
قىراي، يانتاق، شىۋاق قاتارلىق ئۆسۈملۈكلەر، كىچىكرەك دەر-
يالارنىڭ ئىككى ساھىلىدا قېلىن ئۆسكەن توقايزارلىقلار كۆپ
ئۇچرايتتى. تاماق ئېتىش، ئىسسىنىش ئۈچۈنمۇ ئوتۇن مول
ئىدى. دالادا چۆپ كەڭدى ئىدى. كۆزدىكى ئاق يېغىندا يامغۇر
يەركە چاپلىشىۋەتكەن ئوت-چۆپلەر قار ئاستىدا بېسىلىپ ساقلىنىپ قال-
غان بولۇپ، بۇلار ئانچە كۆتۈش تەلەپ قىلمايدىغان مىڭغول ئاتلىرى
ئۈچۈن تەييار ئوزۇق ئىدى. قىپچاقلار تاتارلارغا يول باشلاپ كېلەتتى.

تاتارلار قوشۇنى - قوشۇنى، قەبىلە - قەبىلىسى بويىچە
بۆلۈنمەي ماڭاتتى. يىراقتىن قارىغان ئادەمگە بۇ مىڭلىغان
ئاتلىق لەشكەرلەر قىستىلىپ، بىر - بىرى بىلەن ئارىلىشىپ
كېلىۋاتقان كالا پادىلىرىدەك تەسىرات بېرەتتى. لېكىن ئەھۋال
ئۇنداق ئەمەس ئىدى. ھەرقايسى قوشۇن ۋە قەبىلىلەرنىڭ ئوت-
تۇرىسىدا ئۆزئارا قىزغىنىش ۋە بەسلىشىشمۇ بار ئىدى. ئۇنىڭ
ئۈستىگە سۈبىتاي باھادىرنىڭ بىر قوشۇن بىلەن ئىككىنچى
بىر قوشۇننىڭ ئارىلاشماسلىقى، بىر - بىرىنىڭ قونالغۇلىرىنى
ئىگىلىۋالماسلىقى توغرىسىدىكى قاتتىق بۇيرۇقىمۇ بار ئىدى.

ئەگەر تاتار لەشكەرلىرىنىڭ بىرەرى مەيلى قانداق
سەۋەب بىلەن بولسۇن، ئۆز توپىدىن ئايرىلىپ باشقا بىر توپقا
قوشۇلۇپ قالغۇدەك بولسا: «ھەي قاپاقباش دەلدۈش، قايسى
قەبىلىدىن بولىسەن؟» دەپ كۆپچىلىك تەرىپىدىن شاڭخو قىلىشقا
ۋە كەمسىتىشكە ئۇچرايتتى.

بۇ سوئالغا ئۆز توپىدىن ئايرىلىپ قالغان كىشى سوقۇشقا

www.uyghurkitap.com

كېرىشتىن ئىلگىرى ۋارقىرايدىغان شوئارنى ئېيتىپ جاۋاب بېرىش لازىم ئىدى. كۆپىنچىسىنىڭ شوئارى «ئۇيباس» ياكى «ھە، بۇغا دام قايدا كۆكەيىم» دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەر بولاتتى. بۇنى ئاڭلىغان كۆپچىلىك ئۇنى مازاق قىلىپ شاڭخى قىلىشقا باشلايتتى. ئۇلار:

— توقساباي قەبىلىسىدىن ئىكەنسەن - دە! تۇرقۇڭدىنمۇ چىقىپ تۇرىدۇ. توقسا بايلارنىڭ ئېتى دائىم سۆلەتلىك قۇيرۇق بولىدۇ. ئۇلار ئاتلىرىغا يالغان قۇيرۇق بېكىتىۋالىدۇ... ياكى جوزنايىمۇ سەن؟ جوزنايلارنى بىز بىلىمىز: بېلىگە قىستۇرۇۋ-ۋالغان قامچىسىنى بىر كۈن ئىزدەيدىغان خەلق... قارا قالپاق بولساڭ، ئۇنىمۇ بىلىمىز: ئۇ خەق ئۆزى ئوغرىلاپ كېلىۋاتقان ئاتنىڭ ئۈستىدە ئۇخلاپ قېلىپ، ئۇ ئات بۇرۇلۇپ ئۆيىگە قايتىپ بارغاندا، ھېلىقى ئوغرى ئاتنىڭ ئىگىسىگە تۇتۇلۇپ قالىدىغان قارا قالپاق شۇغۇ، — دەپ كۈلۈپ مەززە قىلىشاتتى.

ھەر بىر سەپ چاپارمەنلەر ئارقىلىق ئۆزلىرىنى بىۋاستە باشقۇرۇپ تۇرغان خان بىلەن ئالاقە قىلىپ تۇراتتى. خان بولسا ئەڭ يۇقىرى لەشكىري قوماندان بىلەن بولغان ئالاقىنى زادى ئۈزمەيتتى. پۈتكۈل قوشۇننىڭ ئۈستىدىن قوماندانلىق قىلىۋاتقانلار — جاھانگىر باتۇخان بىلەن ئۇنىڭ ھەربىي مەسلىھەتچىسى سۇبىتاي باھادىر بولۇپ، سۇبىتاي باھادىر باتۇنىڭ يېنىدىن ئايرىلماي يۈرەتتى. چىڭگىز نەسلىدىن بولغان ئون بىر خانزادىنىڭ ھەر قايسىسىدا بىر تۈمەندىن لەشكەر بولۇپ، خانزادىلەرنىڭ قوماندان دېگەن نامىلا بار ئىدى. ئەمەلىيەتتە ھەربىي ئىشلارغا يېتەكچىلىك قىلىدىغان كىشىلەر خانلارغا يۇقىرىدىن تەيىنلەپ بېرىلگەن ھەربىي مەسلىھەتچىلەر بولۇپ، كۆپ چاغلاردا قوماندانلىقنى شۇلار قىلاتتى. خانزادىلەر ئويۇن - تاماشا، ئوۋچىلىق، قارچىغا ئويناش، ھاراق - شاراب ئىچىش بىلەن بەنت ئىدى.

ھەربىي ئىشلارغا كەلگەندە ئۇلار مەشھۇر چىڭگىزخاننىڭ يۈرۈشلىرىگە قاتنىشىپ، تالاي جەڭلەرنى كۆرۈپ پىشقان مەسلىھەتچىلەرگە ئىشىنەتتى. باتۇخاننىڭ باشچىلىقىدىكى جاھاننى زىلزىلىگە كەلتۈرگەن بۇ سانسىز قوشۇن، قانىتىنى كەڭ يېيىپ، ئۇ بېشى بىلەن بۇ بېشى شىمالغا قاراپ نەچچە ئون چاقىرىمغىچە سوزۇلۇپ يېپىرۇلۇپ كېلەتتى. سۇبىتاي باھادىر ھەرقايسى تۈمەنلەرگە قونالغۇ قىلىدىغان يەرلەرنى بىر كۈن بۇرۇن ئالاھىدە ئۇقتۇرۇش قىلاتتى. يول باشلىغۇچى قىپچاق يىگىتلەرنىڭ ھەر بىرىنىڭ بېشىدا موڭغۇل نازارەتچىسى بار ئىدى. شۇڭا ئۇلارنىڭ يول كۆرسىتىپ، قونالغۇ ئۈچۈن ئوتۇن - سۇيى مول بولغان يەرلەرنى ئىزلەپ تېپىپ بەرمەسلىككە ئىلاجى يوق. بولمىسا موڭغۇللار ئۇلارنى ئۆلتۈرۈۋېتىشى تۇرغانلا گەپ ئىدى.

شىمالدىكى ئەللەرگە يۈرۈش قىلغان بۇ ئۈچ يۈز مىڭ لەشكەرلەرنىڭ ئىچىدە كونا موڭغۇللار پەقەت تۆت يۈز ئەتراپىدىلا ئىدى. ئەمما دىڭلىغان - ئون مىڭلىغان كىشىلەردىن تەركىب تاپقان قىرىق قەبىلە لەشكەرنىڭ ئىچىدە ئۇلارنىڭ تۇتقان ئورنى ئىنتايىن مۇھىم بولۇپ، ئۇلار ئورۇشتا ھەممىسى بار سەركەردىلەر، ھەربىي مەسلىھەتچىلەر، چىڭگىز نەسلىدىن بولغان خانزادىلەرنىڭ مۇھاپىزەتچىلىرى ئىدى. ئۇلار يەنە ئەڭ ئالىي ھەربىي قوماندانلىق ئورنى بولغان «ئوردىنىڭ» ئەمر - پەرمانلىرىنىڭ ئىجرا بولۇشىنى ۋە ھەربىي تەرتىپ ئىنتىزامىنى نازارەت قىلاتتى.

ئاتلىق لەشكەرلەر خۇرجۇن - قاچىسىز، يۈك - تاقىسىز يەڭگىل يۈرەتتى. قونالغۇغا چۈشكەندە ئوتلاپ يۈرگەن ئېتىنىڭ ئالدىدىكى زەي يەرگە دۈملا چۈشۈپ يېتىۋېرەتتى. ئېتىدىن بىر قەدەم نېرىغا كەتمەيتتى. چۈنكى يۈرۈشتە ئاتتىن ئايرىلىش —

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

مۇدھىش دالادا باشپاناھسىز، يەككە-يېگانە قېلىپ قاغا قۇزغۇنلارغا يەم بولۇش دېگەن سۆز ئىدى. لەشكەرلەرنىڭ كۆپىنىڭ يېتىلدۇالغان ئىككى ياكى ئۈچتىن ئېتى بولۇپ، سەپەر ئۈستىدە بىر ئېتى چارچاپ قالسا، ئىككىنچى ئاتقا مىنە-شەتتى-دە، ھارغان ئېتىنى يېتىلەپ توختىماي يۈرۈپ كېتەتتى.

يىپەك چېدىرلار بىلەن ئاق كىگىز ئۆيلەر مەرتىۋىسى ئەڭ يۇقىرى بولغان خانلارغىلا مەنسۇپ ئىدى. ئاددىي لەشكەر-لەر بىلەن بىرگە يۈرۈشنى، لەشكەرلەر ياققان گۈلخانلاردا بىللە ئوتسىنىشنى ئۇلار ئۆز مەرتىۋىسىگە مۇناسىپ ئىش ئەمەس، دەپ قارايتتى. بويىنى زەنجىر بىلەن باغلانغان ئىگىلە-غان تۇتقۇنلار تۆگىلەرنى پىيادە يېتىلەپ ماڭاتتى. چېدىرلار بىلەن كىگىز ئۆيلەر، ھەر تۈرلۈك تىكمەت كىگىزلەر، گىلەملەر، قازان-قومۇچ، چىنە-قاچا ئوخشاش نەرسىلەر، تاغار-تاغار ئۇن، قېرىن-قېرىن ماي، گۈرۈچ، يېمىش، سۈرلەنگەن گۆش، ئېسىلغان يىلقا گۆشى، كۆيدۈرۈلگەن مايغا ئوخشاش يولنىڭ ئوزۇق-تۈلۈكى مۇشۇ تۆگىلەرگە ئارتىلاتتى.

قونالغۇغا يەتكەندە تۇتقۇن خىزمەتكارلار زەنجىرلىرىنى شاراقلىتىپ، پۇت-قولى يەرگە تەگمەي ئالدىراپ يۈرۈپ چېدىرلارنى ھەش-پەش دېگۈچە تىكىپ بولاتتى. بۇ ئۆيلەر خانغا، خاننىڭ ئاياللىرىغا، ھەربىي مەسلىھەتچىلەرگە، پالچى-رەمماللىرىغا، مۇنەججىملىرىگە، كاتىپلىرىغا، باخشىلىرىغا، مۇللى-لىرىغا ئايرىم-ئايرىم تىكىلەتتى. ئۆيلەر تىكىلىپ، ئىچى سەرەم-جانلاشتۇرۇلغاندىن كېيىن، خىزمەتچىلەر ئۇلارغا تاماق ئېتىشكە كىرىشىپ كېتەتتى.

ئادەتتىكى لەشكەرلەر قورساقنىڭ غېمىنى ئۆزى قىلاتتى. ئۇلار يولدا ئۇچرىغان يېمەكلىكلەرنىڭ ھەرقاندىقىنى ئوزۇق قىلىپ كېتىۋېرەتتى. قوشۇنلارنى بىر يەردە كۆپ تۇرغۇزمايدى-

غان نەرسە ئاچلىق ئىدى. ئاچلىق ئۇلارنى تىزلىماي ئالغا ئىلگىرىلەپ يول بېرىپ ئۇچرىغاننىڭ ھەممىسىنى يالماپ يەپ مېڭىشقا مەجبۇر قىلاتتى.

باياندارخان ئۆزىنىڭ ئىلكىدىكى بەش مىڭ قىپچاق لەشكىرى بىلەن، سانسىزلىغان موڭغۇل ـ تاتار قوشۇنىنىڭ ئەڭ ئالدىدا كېلەتتى. ئۇنىڭغا پۈتكۈل سەھرانى چارلاش، ئالدىن چارلىغۇچىلارنى ئەۋەتىش، رۇسلارنىڭ ئالدىنقى سەپتىكى كۈزەتچىلىرىنىڭ ئورۇنلىشىش ئەھۋالىنى بىلىش، سۇبىتاي باھادىرغا «تىل» تۇتۇپ ئەكىلىپ بېرىش ۋەزىپىسى تاپشۇرۇلغانىدى.

باياندارخان ئۆز قوشۇنىدىن دېگەندەك تۆت يۈز يىگىتنى تاللاپ، ئالدىن چارلاشقا ئەۋەتكەنىدى. بۇلار ئىنىسۇ جىن قەدەم باسمىغان بۇ پايانسىز چۆلنىڭ ئۇ چېتىدىن بۇ چېتىگە چارلاپ، كېچە ـ كۈندۈز دەم ئالماي كېزەتتى. قوشۇننىڭ كۆزى، قۇلىقى ۋە قولىمۇ مۇشۇلار ئىدى. ئۇلار قەدىمكى قىپچاق يەرلىرى بىلەن رۇس ئورمانلىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى سوزۇلۇپ ياتقان پايانسىز چۆللۈكتە نېمىلەرنىڭ بولۇۋاتقانلىقى توغرىسىدا ئۆز خانىغا ھەر كۈنى خەۋەر قىلىپ تۇراتتى.

قىپچاقلار كۆچۈپ كېتىپ ھازىر ئادەمسىز قالغان بۇ يەرلەر ئوي ـ چوڭقۇر، ئېگىز ـ پەس پېتى تاشلىنىپ ياتاتتى. سايلارنى، ئۆزەك جىلغىلارنى بويلاپ ئۆسكەن قېلىن توقايلار. يىلان ئىزى بولۇپ ھەر تەرەپكە تارىلىپ كەتكەن يوللار ئىنتايىن كۆپ ئۇچرايتتى. بۇ يەرلەردە سايلارنى پاناھ قىلىپ، سوزۇلۇپ ياتقان دەھشى دالانى كۆزىتىش ئوڭاي بولۇپ، دۈشمەن يولىنى توسۇپ، پۈتۈن بىر قوشۇننىڭ يوشۇرۇنۇپ تۇرۇشىغىمۇ ئىنتايىن قولايلىق ئىدى. شۇڭا باياندار خاننىڭ لەشكەرلىرى يۈرۈش ۋاقتىدا ئىنتايىن ئېھتىياتچان ئىدى. يوشۇرۇنۇپ تۇرغان ياۋ بولۇشى مۇمكىن. دەپ ئېھتىيات قىلىپ كېچە-

www.uyghurkitap.com

لەرى كىچىك سايلارنىڭ بويىدا تۈنەپ قالاتتى. قولىدىن كېلىدىغان نۆكەرلىرىنى ئالدىن يۈرۈپ چارلاشقا ئەۋەتىپ تۇراتتى.

ھەر كۈنى سۆبىتاي باھادىردىن: «قىرلىغا چۈشكەن تۇتقۇنلار بولسا ئەۋەتىڭلار!، «تىل» تۇتقان بولساڭلار ئۇنىمۇ ئەۋەتىپ بېرىڭلار» دېگەن يولىيورۇقلار چۈشەتتى. «ئەگەر باياندارخان ھازىرغىچە بىرەر «تىل» نى قىرلىغا چۈشۈرەلمىگەن بولسا، ئەمدى مەندىن رەنجىمىسۇن. ئۆز ئۇۋالى ئۆزىگە، مەن ئۇنى قىشۇنىنىڭ ئەڭ ئاخىرىغا قويىمەن، ئەمدى ئۇ بىزدىن ئاشقانىغا رازى بولۇپ يۈرىدىغان بولىدۇ!» دېگەنگە ئوخشاش بۇيرۇقلارنى ئېلىپ چاپارمەنلەر كېلىپ تۇراتتى.

بۇنى ئاڭلىغان باياندارخان تىتىلداپ پۇتى كۆيگەن توخۇدەك بىر ئورۇندا تۇرالماي قالاتتى. ئۇ دەرھال قول ئاستىدىكى مىڭبېشىلىرىنى چاقىرتۋېلىپ، قىرساق كۆپۈكىنى شۇلاردىن ئالاتتى. مىڭبېشىلىرى يۈزبېشىلىرىنى چاقىرتىپ ئۇلارغا ۋارقىراپ - جارقىرايتتى. يۈزبېشىلىرى بولسا قول ئاستىدىكى ئونبېشىلىرىنىڭ بېشىدا قامچا ئوينىتىپ ئۇلارنى تىرىك يەۋەتكۈدەك قىلاتتى.

ئالدىن يۈرگەن يۈز لەشكەرنىڭ ئىچىدە نەزەر كەرىزەكنىڭ تۆت ئوغلى بار ئىدى. بۇلارنىڭ يۈز بېشى تۆلەپبەرگەن دېگەن كىشى بولۇپ، ئۇ بۇرۇن باياندارخاننىڭ قوشنىسى بابلاپ شۇنىڭ خىزمىتىدە بولغان ئاددىي نۆكەر ئىدى. بىر كۈنى تۆلەپبەرگەن نەزەرنىڭ تۆت ئوغلىنى چاقىرتىۋېلىپ مۇنداق دېدى:

— سىلەر خۇددى چىلبۆرىدەك يۈرەكلىك، غەيرەتلىك يىگىتلەر. سىلەر تايغاندەك چاققان، يولۋاستەك كۈچلۈك ئادەملەر! شۇڭا سىلەرگە ئالاھىدە ۋەزىپە تاپشۇرماقچىمەن، بۈگۈن كېچىدە يىراقتىكى قىلىن ئورمانغا بېرىپ، مۆكۈپ ياتىسىلەر...

بۈگۈن شۇ ئەتراپقا رۇسلارنىڭ كەلگەنلىكى توغرىسىدا خەۋەر بار، ئۇلارنى كۆزىتىش كېرەك. يۈشۈرۈنچە دەريا بويىغا بېرىپ، بىر دالدىغا مۆكۈنۈپ تۇرۇپ، بىر رۇسنى قىلغا چۈشۈرۈڭلار ۋە ئۇنىڭ پۇت - قولىنى باغلاپ تىرىك پېتى ئالدىمغا كەلتۈرۈڭلار.

يۈز بېشى شۇ سۆزلەرنى دېدى - دە، قېلىن قارا ساقىلىنى سىيپاپ ئاكا - ئۇكا تۆت يىگىتكە يەرنىڭ تېگىدىن قاراپ قويدى. يىگىتلەر قاپقىنى تۈرگىنىچە لام - جىم دېمەي ئولتۇراتتى. چۈنكى يۈزبېشىنىڭ تاپشۇرغان ۋەزىپىسىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىش ئوڭاي ئەمەس ئىدى.

— سۆزلىمەيسىلەرغۇ — دېدى يۈزبېشى.

— ئەگەر بىر رۇسنى تۇتساق ئۇنىڭ بەدىلىگە نېمە بېرىسەن؟ — دېدى. ئاكا - ئۇكىلارنىڭ ئەڭ چوڭى تۆمۈر.

— كۆرسەتكەن خىزمىتىڭلار ئۈچۈن باياندارخاننىڭ مەرھەمىتىگە ئىگە بولىسىلەر، — دېدى ئۇ.

— ياق، باشتا سۆز بولسا ئاخىرىدا ئۇن يوق دەپتىكەن، ھەر بىرىمىزگە بىردىن تون يېپىسەن. مانا ئۈستىمىزدىكى چاپىنىمىز پارە - پارە بولۇپ كەتتى. بۇنىڭ بىلەن كېچىچە قار ئۈستىدە دۈم يېتىپ غال - غال تىترەپ چىقىمىز. سەندە چاپان - جۇۋا دېگەن تولۇپ يېتىپتۇ. ئاۋۇ كۆنى قىپچاق ئاۋۇلىدىن ئالغان نۇرغۇن كىيىم - كېچەكنى بىرنەچچە تۆگىگە ئارتىپ كەلگەنىدىڭ. ئۇ كىيىملەرنى قويىدىغان يەر تاپالماي يۈرىسەن، بىز بولساق سوغۇقتىن ئۆلەي دەپ تۇرىمىز...

— ئەتە ماڭا بىر «تىل» نى تۇتۇپ ئەكەلسەڭلار، ھەرقايسىڭلارغا بىردىن تون ياپاي، — دېدى يۈزبېشى.

— سۆزۈڭگە ئىشىنىمىز.

ئاكا - ئۇكا تۆتەيلەننىڭ ئىككىنچىسى بۆرىباي دېگەن يىگىت ئىدى، ئۇ مۇنداق دېدى:

www.uyghurkitap.com

— شۇنچە يىراقتىكى ئورمانغا. ھېچكىمنىڭ كۆزىگە چېلىقماي، پىيادە بېرىڭلار دەيسەن، بۇ ئىشتىن بىر نەتىجە چىقمايدۇ، بىزنى رۇسلاردىن قورقىدىكەن دەپ قالما. بىز قورقمايمىز، بىزنىڭ قورقىدىغىنىمىز پىيادە يۈرۈش. ئۇ يەرگە پىيادە يېتىپ بارغىچە ئۆتۈكىمىزنىڭ چەمى چۇشۇپ قالىدۇ، شۇڭا ئات بىلەن قاراڭغۇ تۈندە بېرىش كېرەك. يېقىنلاپ بارغاندىن كېيىن ئاتلارنى دالدىغا مۆكتۈرۈپ، ئاندىن ئۆزىمىز پىيادە بارساق بولىدۇ. ئاندىن ئەپلەپ يۈرۈپ رۇسلاردىن بىرەر «تىل» تۇتساق ئەجەب ئەمەس. ئەگەر دۇنيادىن بىغەم ئوت يېقىپ ئولتۇرغان بولسا. خۇدانىڭ بەرگىنى ... ئەگەر رۇسلار بىزدىن كۆپ بولۇپ قالسا قانداق قىلغۇلۇق؟ پىيادە قېچىپ قۇتۇلۇش مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا ئەڭ ياخشىسى ئات بىلەن بېرىش كېرەك.

— بولىدۇ، ئات بىلەن بېرىڭلار. ئېھتىيات قىلىش بەكمۇ مۇھىم. لېكىن قۇرۇق قول يانغۇچى بولماڭلار. قانداقلا بولمىسۇن بىر «تىل» ئېلىپ كېلىڭلار. تۇتقۇن بولغاندىمۇ ئۆلەي دەپ قالغان نەرسىنى ئەمەس، راۋۇرۇس ساغلام ئادەمنى ئېلىپ كېلىڭلار. كەلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ بىلەن قانداق سۆزلىشىشنى ئۆزىمىز بىلىمىز. ھەرھالدا باياندارخاننىڭ ئالدىدا يەرگە قاراپ قالىدىغان ئىش بولمىسۇن. ئەمدى ئاتلىنىڭلار، خۇدانىڭ ئۆزى سىلەرگە يار بولغاي! — دېدى تۆلەپبەرگەن.

## ئونىنچى باب

## ئالدىنقى سەپتىكى تاتار يۈزلۈكى

تۆلەپبەرگەننىڭ قول ئاستىدىكى ئالدىن يۈرەر يۈزلۈك «ئەرۋاھ سېيى» دەپ ئاتالغان سايغا كېلىپ توختىغانىدى. بۇ جاي كۆڭۈلدىكىدەك ماكان بولۇپ، بىرىنچىدىن، ئەتراپى

پىنھان، قاتتىق بوران ۋە شامالدىن دالدا ئىدى؛ ئىككىنچىدىن، ئوت - سۇيى مول ئىدى. ھازىر سايدىكى كىچىك بۇلاقنىڭ ئەتراپى مۇز توڭلاپ كەتكەن بىلەن يەنىلا ئادەم ۋە ماللارنىڭ ئېھتىياجىغا لايىق سۈزۈك سۇ ئالغىلى بولاتتى. بۇندىن ئىلگىرى بۇ جاي رەزانىنىڭ چېگرا قاراۋۇللىرى تۇرىدىغان تۇرالغۇ بولۇپ، تاتارلار كېلىۋاتىدۇ دېگەننى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۇلار بۇ يەرنى تاشلاپ شىمالغا چېكىنىپ كېتىشكەنىدى. ئەل ئامان، يۇرت تىنچ چاغلاردا بۇ يەرگە رۇس سودىگەرلىرى كېلىپ، سەھرادىكى چارۋىچىلار بىلەن مال ئالماشتۇراتتى. ھازىر بۇنىڭدىن خاتىرە سۈپىتىدە ئەتراپتا چېچىلىپ تۇرغان نۇرغۇن مال تېزەكلىرى بىلەن قوينىڭ مايىقىلا قالغانىدى.

تۆلەپبەرگەنىڭ نۆكەرلىرى بۇ سايىنىڭ ئىگىسى سۈپىتىدە قەددى پۈكۈلگەن، ئورۇقلۇقىدىن قوۋۇرغىسى كۆرۈنگەن، ئورا كۆز، قاڭشار بۇرۇن بىر قېرى موماينى كۆردى. ئۇ ئۆرۈلۈپ چۈشكەن گەمە ئۆيىنىڭ يېنىدا دۇنيادىن بىغەم ئولتۇراتتى. تاتارلار بۇ كەمپىرنى كۆرۈشى بىلەنلا ئاچ قالغان بۆرىلەردەك ئۇنىڭ ئەڭ ئاخىرقى نەرسىلىرىنىمۇ بۇلاپ ئالدى. بىچارە كەمپىر بىر دانە ئەسكى تېرە ئىشتان، يىرتىق چاپان ۋە سۇنۇق كوزىسى بىلەنلا قالدى. ئاچلىقتىن ئۆلەي دەپ قالغان كەمپىر، كېچىدە تاتارلار ئۇخلاپ قالغان پەيتتىن پايدىلىنىپ، ئۇلارنىڭ گۈلخانلىرى ئەتراپىدا تاشلىنىپ قالغان سۆڭەكلەرنى يىغىپ، شۇنى غاجاپ كۈن كۆردى.

— كىمسەن؟ — دېدى كەمپىرگە بىر كۈنى سىيتەك دېگەن قىپچاق. بۇ يىگىت تۆلەپبەرگەنىڭ نۆكەرلىرىگە يول باشلاپ يۈرگەن تۇتقۇن ئىدى.

— كېنىزەكمەن... ئەسلى يۇرتۇم بەشتاغ①. ياش

① بەشتاغ — شىمالىي كاۋكازدىكى يەر نامى.

يېقىمدا تۇتقۇن قىلىندىم. ئۇ چاغلاردا قۇۋۋەتلىك ئىدىم. نۇمغا زەنجىر باغلاپ ھايۋاندىن بەتتەر ئىشلىتەتتى. قىرىلىق يېتىپ دەرمانىم قالمىغاندا، مېنىڭ لازىمىم بولمىدى. خوجايىنلىرىم: «ئەمدى بىزگە كېرىكىڭ يوق، ھۆرلۈككە چىقتىڭ. نەگە بارساڭ ئىختىيار ئۆزۈڭدە»، دەپ مېنى قويۇۋەتتى. ئەمما مەن نەگىمۇ بارالايمەن؟ بۇ چېكى يوق باياۋاندا يەككە - يېگانە، پىيادە قانداق سەپەر قىلغۇلۇق؟ — دېدى ئۇ.

ئەتراپ چەكسىز كەتكەن تۈزلەڭ بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىنى بىر قەۋەت نېپىز قار قاپلىغانىدى. قار ئۈستىدە تۈلكە، بۆرە، بۆكەن، قارا قۇيرۇق قاتارلىق ياۋايى ھايۋانلارنىڭ ئىزلىرى ئۆمۈچۈك تورىدەك ھەر تەرەپكە يېيىلىپ ۋە ئۆزئارا كېسىشىپ كەتكەنىدى. قوشۇنلار كېلىپلا گەمە ئۆيلەرنى بىر قۇر تەكشۈرۈپ چىقتى. نۇرغۇنى ئۆرۈلۈپ كاردىن چىققان، ساق قالغانلىرىنىڭ ئىچى زەيلىشىپ، تاملىرى كۆكەرگەنىدى. سەكسەن پۇت بىلەن قوڭغۇزلار لۆمشۈپ يۈرەتتى. بۇنى كۆرگەن نۆكەرلەر قولىنى بىرلا شىلتىپ كېتىپ قالدى - دە، ئەتراپتىن قومۇش ئورۇپ كېلىپ كەپە ياسىۋالدى. ئۇلار كەپىنىڭ يېنىغا گۈلخان يېقىپ، ئوتنىڭ يېنىدىلا يېتىشىپ قالدى. بەزىدە بولسا سەل نېرىدىكى دۆڭلۈك ئۈستىگە چىقىپ، قېلىن قوراي ئىچىدە يوشۇرنۇپ دالانى كۆزىتەتتى.

ئاتلارنىڭ بىر قىسمى چۇشەپ قويۇپ بېرىلگەچكە ئۇزاققا كەتمەي ئەتراپتا ئوتلاپ يۈرەتتى. قالغانلىرىنى بولسا ئېگەر - توقۇمىنىمۇ ئالماي جەڭگىۋار ھالەتتە تۇتاتتى.

گەمە ئۆيلەرنىڭ ئىچىدە پەقەت بىرلا بىرقەدەر تۈزۈك بولۇپ، بۇنىڭغا يۈزبېشى تۆلەپبەرگەن ئورۇنلاشتى. بۇنىڭدا رۇسلار سالغان پەش، ياغاچتىن ياسىغان سۇپا بار ئىدى. يۈزبېشى بۇلغۇن تېرىسىدىن تىكىلگەن جۇۋىسىنى يېپىنچاقلاپ،

سۇپا ئۈستىگە چىقىپ، باداشقاننى قۇرۇپ ئولتۇراتتى. بەزىدە پەشىنىڭ ئىچىدە يېنىۋاتقان ئوتقا قارىغىنىچە خىيال دەرياسىغا غەرق بولاتتى.

يىگىتلەر بۇ يەرگە كۆنەلمىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ يەرنىڭ «تىرىك - ئۆلۈكلەر سېپىي» دېگەن نامى كىشىنى چۆچۈتەتتى. ئۇلار: «تووۋا قىلدىم، باياندارخان بىزنى نەگە باشلاپ كەلدى - ھە؟ بۇ كەڭ ئالەمدە بىزگە مۇشۇ سەھرادىن باشقا يەر تېپىلمامدۇ؟ بىزنى بىر قەبرىستانلىققا باشلاپ كەلدىغۇ، ماۋۇ خارابى گەمىلەر خۇددى ئۆرۈلۈپ چۈشكەن قەبرىلەرگە ئوخشايدىغۇ. ئۆلۈممىزنى تىلەپ دۇئا قىلىپ يۈرگەن قېرى جەددال مانا ئالدىمىزدا تۇرۇپتۇ. توختىماي يېغىۋاتقان قار، ئاچچىق سوغۇق كىيىملىرىمىزنى قۇرۇتۇۋېلىشقا ئىمكان بەرمەي، بىزنى ھالسىرىتىپ قويدى. بۇ يەردىن قاچانمۇ كېتەرمىز. رۇسلارنىڭ شەھەرلىرىگە بېرىپ، ئۆزلىرىنى قىرىپ تاشلاپ، تەييار دۇنياسىغا ئىگە بولىدىغان، ئېسىل كىيىم - كېچەكلىرىنى كىيىدىغان كۈنلەر قاچان كېلەر؟» دېيىشىپ بۇ يەردە توختاپ قالغانلىقىغا ئىنتايىن نارازى بولۇشاتتى ۋە تېزرەك ئاتلىنىشقا ئالدىرىشاتتى.

لەشكەرلەرنىڭ ھەممىسىدە خۇراپاتلىق ئېغىر بولغاچقا، جىن - شەيتانلارغا بەكمۇ ئىشىنەتتى. شۇڭا تاڭ ئاتقۇچە گۈلخان يېقىپ چىقاتتى. كېچىدە قاراۋۇللۇقتا تۇرغانلار «كۆمۈلمەي قالغان ئۆلۈكلەرنىڭ ئەرۋاھلىرى دالىدا كېزىپ يۈرەمدىغاندۇ» دەپ ئەتراپقا قورقۇنچ بىلەن قارايتتى. بۇلارنىڭ يۈرىكىگە بەكرەك ئەندىشە سالىدىغان كىشى ئابدۇروسۇل موللا ئىدى. ئورۇق، ئېگىز بويلۇق، سىم ساقال كەلگەن بۇ موللا چىغىناق شەھىرىدىن مۇشۇ نۆكەرلەر بىلەن بىرگە چىققانىدى. ئۇ دائىم نۆكەرلەرنى خۇدا يولىنى تۇتۇپ، ئىمانىنى پاك ساقلاشقا

دالالەت قىلاتتى. ۋاقتى بولغان - بولمىغانلىقىغا قارىماي ئەزان توۋلاپ نۆكەرلەرنى كۈنىگە بەش ۋاق ناماز ئوقۇشقا دەۋەت قىلاتتى.

كەچ كىرىشى بىلەنلا يىگىتلەرنى ئەتراپىغا ئولاشتۇرۇپ جىن - شەيتان، دىۋە - پەرى، ئەرۋاھ، ئىبلىس، مەلئۇنلار توغرىسىدا سۆزلەپ كىشىلەرنىڭ يۈرىكىگە ئەندىشە سالاتتى. بالا - قازادىن ساقلايدىغان تۈرلۈك دۇئا - تۇمارلارنى پۈتەتتى. جىن - شەيتان تەگمەسلىكى ئۈچۈن مۇنۇ دۇئانى بىلىش كېرەك ۋە دائىم ئاغزىدىن چۈشۈرمەي يادلاپ يۈرۈشى كېرەك، دەپ بەزى دۇئانى يادقا ئالدۇراتتى. بۇ دۇئالارنى ئوقۇپ يۈرمىسە ئەل - يۇرت ئاغرىق - سىلاق، بالا - قازا، يامان گەپ، يامان كۆزنىڭ دەستىدىن ئاللىقاچان ئۆلۈپ تۈگەرمىش.

ئابدۇرۇسۇل موللا دائىم يۈزبېشىنىڭ گەمىسىگە كىرىپ سۇپا ئۈستىدە ئۇخلايتتى. شۇنىسى قىزىقكى، ئۇيقۇسى ئىنتايىن سەگەك ئىدى. باشقىلار بىر نەرسە پىشۇرۇۋاتقان ياكى قورۇۋاتقان بولسا، ئۇنىڭ پۇرىقىنى سېزىپ دەرھال ئويغىناتتى - دە، قازان بېشىغا كېلىپ كۆپچىلىكنىڭ قاتارىدىن ئورۇن ئالاتتى. قىپچاقلاردىن قولغا چۈشۈرگەن نۇرغۇن ماللار ئاللىقاچان كېكىردەكتىن ئۆتۈپ بولغاچقا، تاماق ئانچە ئېشىپ- تېشىپ تۇر-مايتتى. تېرىقتىن ياسالغان بىر قازان بوتقىنىڭ ياكى قورداقنىڭ ئەتراپىغا بىر توپ ئادەم ئولىشىپ، ئەمدىگىنە يەيلى دېگەندە، موللام يالغان دۇئاسىنى ئوقۇپ، قازان بېشىغا يېقىن كېلىپ قىلچە خىجالەت بولماي يىگىتلەرنىڭ يېنىدىن ئورۇن ئالاتتى. نۆكەرلەر ئۇنىڭ بۇ قىلىقىدىن بىزار ئىدى.

تۆلەپبەرگەن يۈزبېشى بىر كۈنى قادىر، جاپپار دېگەن ئونبېشىلىرىنى ئالدىغا چاقىرتىپ مۇنداق دېدى:

— ھېلىقى ئاكا - ئۇكا تۆتىنى مەن بىر يەرگە ئەۋەتكە-

ىدىم. ئىككى كۈن بولدى ئۇلاردىن ھېچ خەۋەر يوق. ئىشى توك كەلمەي، بىرەر پالاكەتكە يولۇققىنىمىكىن دەيمەن. ئۇلار ئاشۇ كۆرۈنگەن ئورمانغا بېرىپ «تىل» تۇتماقچى بولغانىدى، سىلەر ئۇنىڭ ئىزى بىلەن بېرىپ نېمە بولغانلىقىنى بىلىپ كېلىڭلار. قادىر سەن ئۇلارنىڭ ئىزىنى يۈتتۈرمەي بېرىپ ئۇ-لارنى تېپىشنىڭ ئامالىنى قىلغىن. جاپپار سەن بىرئاز ئىچكى-رىلەپ ئاشۇ كۆرۈنگەن ئورماننىڭ ئىچىگە كىرگىن. ئەگەر ئۇ يەردە رۇسلار يوشۇرۇنۇپ ياتقان بولسا سېنى كۆرۈشى بىلەنلا ھەممىسى قوزغىلىپ قوغلايدۇ. بۇ چاغدا سىلەر مەقسەتلىك ھالدا بۇ تەرەپكە قاراپ قاچىسىلەر. ئاندىن مەن يۈز لەشكەر بىلەن ئالدىڭلارغا چىقىمەن-دە. رۇسلارنى قاپقانغا دەسسىتىپ ئۇلاردىن ھېچ بولمىغاندا «بىر تىل» تۇتىمىز. ئېسىڭلەردە بولسۇنكى، بۇ باتۇرخاننىڭ ئۆزىنىڭ بۇيرۇقى. شۇڭا بۇ بۇيرۇقنى قانداق قىلىپ بولمىسۇن ئورۇنداش كېرەك. سۆزۈم تۈگىدى. قايتساڭلار بولىدۇ.

تۆلەپبەرگەن گەسىنىڭ ئالدىدىكى تۇۋرۇككە يۆلىنىپ پايان-سىز دالاغا قاپقىنى تۆرگىنىچە تىكىلىپ قاراپ تۇراتتى. ئۇ تەلەتى سۆرۈن، كەم سۆز، گەۋدىلىك كەلگەن. بەقۇۋۋەت ئادەم ئىدى. قولى كۈچلۈك بولۇپ ھەرقانداق تېرسۇن ئاتنى سالمىنى بىر تاشلاپ تۇتاتتى. ساقىلىنى دائىم كۆرەككە ئوخشاش تۆت بۇرجەك قىلىپ ياسىۋالاتتى. يۈرۈشكە ئاتلانغاندا مەخسۇس بىر يىگىتنى ساتىراشلىق ۋە ئېتىنى كۈتۈش ئىشلىرىغا سېلىش ئۈچۈن بىرگە ئېلىپ يۈرەتتى. ھازىر شۇ يىگىت دېرىجىنىڭ قاپقىغا قاراپ، بېگىم بۇيرۇق قىلسا، بېشى بىلەن ميڭىپ خىزمەت قىلىدىغاندەك تەق بولۇپ تۇراتتى. لېكىن تۆلەپبەرگەن ئۇ يىگىتكە ئېتىبار قىلماي، دالىغا تىكىلگىنىچە قاراپ تۇرغىنىنى تۇرغانىدى. ئۇ «تىل» تۇتۇش ئۈچۈن كەتكەن ئاكا-ئۇكىلار

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com

كېلىپ قالارمىكىن، دېگەن ئۈمىدتە ئىدى.

سەل نېرىدىكى گۈلخان ئەتراپىدا يىگىتلەر ھالقا تۈزۈپ ئولتۇرۇپ ئابدۇروسۇل موللىنىڭ سۆزىنى تىڭشىماقتا ئىدى. موللا ھەر خىل ۋەھىمىلىك سۆزلەر بىلەن ئۇلارنىڭ كۆڭلىگە قورقۇنچ سالاتتى.

— پۈتكۈل دالانى ئۆلۈك قاپلىغان، — دەيتتى ئۇ، — بۇ يەرلەردە قىرغىن بولغان. قازا بولغان نۆۋكەرلەر كۆمۈلمەي دالادا تاشلىنىپ كەتكەن. شۇڭا كەچ كىرىشى بىلەنلا ئۇلارنىڭ روھى دالانى كېزىپ، ۋارقىراپ - جارقىراپ دۇنيانى بېشىغا كىيىدۇ. بەزىدە ئىڭرىغان - زارلىغان ئاۋازلار ئاڭلىنىدۇ. بەزى چاغلاردا ئاتلىرىغا مىنىپ ئاۋاز چىقارماي ئاستا ھاۋادا ئۇچۇپ كېتىپ بارغاندەك بولىدۇ. ئاندىن بىر نۆۋكەر بىلەن يەنە بىر نۆۋكەر رەسمىي تۇتۇشقاندەك بولىدۇ... بۇ چاغدا مىڭلىغان قىلىچ - قالقانلارنىڭ بىر - بىرىگە تېگىپ جاراڭلىغان ئاۋازى ئاڭلىنىدۇ.

شۇ چاغدا يىراقتىن چىرقىرىغان بىر ئاۋاز ئاڭلاندى - دە، ئاندىن ئەتراپ يەنە تىمتاسلىققا چۆمدى. بىر پەس ئۆتكەندىن كېيىن، ھېلىقى ئاۋاز گۈلخان چۆرىسىدە ئولتۇرغانلارنىڭ قۇلىقىغا يەنە بىر قېتىم ئاڭلاندى.

— ئوتنى ئۆچۈرۈڭلار، — دېدى يۈزبېشى پەس ئاۋاز بىلەن. يىگىتلەر دەرھال ئوتقا ئوچۇملاپ توپا تاشلاشقا باشلىدى. بىر پەس لاۋۇلداپ يېنىپ تۇرغان گۈلخان لاپپىدە قىلىپ ئۆچۈپ ئەتراپنى مۇدھىش قاراڭغۇلۇق قاپلاپ كەتتى. بۇ چاغدا يىگىتلەر ئاستا ھەرىكەت قىلىپ دۆڭ ئۈستىگە يامىشىشقا باشلىدى.

يىراقتىن ئۇرغۇن يىلقا چېپىپ كېلىۋاتقاندەك دۈپۈرلىگەن ئاۋاز ئاڭلىناتتى. ئاۋاز بارا - بارا يېقىنلاشماقتا ئىدى. بۇلۇتلار ئارىسىدىكى گاھ كۆرۈنۈپ، گاھ كۆرۈنمەي تۇرغان ئاينىڭ

يىراقتا، ئاللىقانداق بىر ھايۋاننىڭ كۆلەڭگىسى كۆرۈنگەندەك بولدى.

— ئەنە كۆردۈڭلارمۇ؟ ئاغزىمدىن چىقىپ بولغىچە ئەرۋاھلار-نىڭ ئۆزىمۇ كېلىپ بولدى، — دېدى قاراڭغۇدا پەس ئاۋازدا شۇۋىرلاپ.

— ئاغزىڭنى يۇم، كۆزۈڭگە قارا! — دېدى يەنە بىرى.

بۇ چاغدا بىر توپ يەلقا قويۇندەك چېپىپ كېلىپ سايغا بېرىپ توختاپ قالدى. بىر پەس تۇرغاندىن كېيىن سايىنىڭ ئىچىگە قاراپ دۈكرەپ چۈشۈپ، بۇلاق بېشىغا باردى. ئاندىن ئۇزۇن يەلقىنىڭ دۈپۈرلىگىنى، سۇنىڭ شالاقلىغىنى، ئاتلارنىڭ پۇشقۇرۇشى ئاڭلىنىپ تۇردى.

بىر چاغدا ھېلىقى بىر توپ يەلقا تۇساتتىن بىر نەرسە-دىن ئۈركۈگەندەك كەينىگە يېنىپ سايىنىڭ ئۈستىگە چىقتى-دە، دالاغا قاراپ ئۇچقاندەك كېتىپ قالدى. ئاتلارنىڭ كىشنىگەن ۋە دۈپۈرلىگەن ئاياغ ئاۋازى زېمىننى لەرزىگە كەلتۈردى.

— دەرھال گۈلخانلارنى يېقىڭلار! مېنىڭ يېنىمغا كېلىڭ-لار! ئارقان ئەكېلىڭلار! — دەپ ۋارقىرىدى يۈزبېشى.

يىگىتلەر گۈلخاننى قايتىدىن ياقتى. ئوت لاۋۇلداپ يېنىپ ئەتراپنى يورۇتقان چاغدىلا كىشىلەر ئالدىدا بىر ئالا ئايغىرنىڭ كۆزىنى چەكچەيتكىنىچە ھاڭگىۋېقىپ تۇرغانلىقىنى كۆردى. بۇ چاغدا يۈزبېشى ئايغىرنىڭ بويىنىغا سالمىنى تاشلاپ بولۇپ، ئارقاننىڭ يەنە بىر ئۇچىنى يوغان بىر تې-رەككە باغلاپ قويدى. ئات يۇلقۇنغاندا تېرەك قومۇرۇلۇپ كېتەي دەپ قالدى.

— تېزرەك بىر تەرەپ قىلىڭلار، — دېدى يۈزبېشى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئارقاننى بار كۈچى بىلەن تارتىپ، تېرەككە باغلاپ تۇرۇپ.
ئاسمانغا چاپچىپ تۇرغان تىرسۇن ئاتنىڭ يېنىغا بىرنەچچە يىگىت يېتىپ كەلدى. ئۈچەيلىسى تەڭلا ساداقلىرىدىن ئوق ئۈزدى. قىزىل پەيلىك ئۈچ ئوق ئاتنىڭ ئۈچ يېرىگە بېرىپ سانجىلدى. ئاتنىڭ ئالدىنقى ئىككى پۇتى پۈكۈلۈپ يىقىلدى. ئايغىر قايتا ئورنىدىن تۇرۇشقا تەمشەلگەندە بىر يىگىت قولىقىدىن كاپپىدە تۇتتى - دە، پىچاقنى گېلىغا ئۇردى.

— بايىقۇشنى پەيغەمبەرنىڭ ئۆزى ئەۋەتكەنىكەن! جانىۋارنىڭ گۆشى تەنگە داۋا، رەڭگىمىزگە شىپا بولسۇن، — دېدى موللا قولمۇقىزىل دۇئا قىلىپ. — ھەرقانداق ۋاقىتتا بولسۇن، دۇنيانىڭ ھەرقايسى بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىدا بولماڭلار خۇدانى ئۇنتۇماسلىقىڭلار كېرەك، ئۇنىڭغا دائىم شۈكرى سانا ئوقۇپ تۇرۇش كېرەك.

يىگىتلەر يەڭنى تۈرۈپ، پىچاقلىرىنى كاپلاپ، ئايغىرنى سويۇشقا كىرىشتى. ھايال ئۆتمەي پۈتۈن بىر ئاتنىڭ گۆشىنى بوغۇم - بوغۇمىدىن ئايرىپ بولدى. يىگىتلەر خۇشاللىقىدىن ئاغزىنى يۇمالماي قالغانىدى.

— سادىغاڭ كېتەي، بىزنىڭ يېزىبېشى تۆلەپبەرگەن قاپلاندەك يىگىتتە! كىشىلەر جەستى كۆمۈلمەي قالغان ئەرۋاھلار كېلىۋاتىدۇ، دەپ قورقىنىدىن يۈرىكى چىقىپ كېتەي، دەپ تۇرغاندا، ئۇ تىرسۇن ئايغىرغا سالما تاشلاپ بىر قولى بىلەنلا تۇتۇۋالدى. ئەگەر بۇ يەرگە ئېزىپ قالغان ئاتلاردىن يەنە بىرقانچىسى يىغىلغان بولسا، ياۋايى يىلقىنىڭ ئىچىدىن يەنە بىرقانچىسىنى تۇتۇپ قالغان بولاتتۇق. قاراپ تۇرۇپ تەييار تاماقتىن ئايرىلىپ قالدۇقتە... — دەپ يىگىتلەر ئۆكۈنۈشكە باشلىدى.

— نەدىكى ياۋايى يىلقىكەن ئۇ؟ — دېدى سىيىتەك دېگەن

يول باشلىغۇچى قىپچاق يىگىت، — تاتارلار كېلىپ قىپچاق يېزىلىرىنى ۋەيران قىلىپ، ئادەملىرىنى قىرغىن قىلغاندا، ئۇلارنىڭ نۇرغۇن يىلقىلىرى پايانسىز چۆللەرگە قېچىپ كەتكەن. ئۇزۇن يىللار دالىدا ئەركىن يۈرگەنلىكى ئۈچۈن بىرئاز ياۋايىلىشىپ كەتكەن ئوخشايدۇ. ماۋۇ ئالا دۆنەن قىپچاقلارنىڭكىكەن. ساغرىسىدا قىپچاقلارنىڭ قوتان خانىنىڭ تامغىسى تۇرىدۇ... ياۋايى يىلقا دېگىنىڭلار قولان ئەمەسمۇ، قولان بۇنداق بولمايدۇ. ئۇ تاغىل بولىدۇ. مەيلى قانداق يىلقا بولسا بولۇۋەرسۇن، بىزگە گۆشى بولسىلا بولدى...

## ئون بىرىنچى باب

### تۇنجى رۇس تۇتقۇنى

سويۇلغان ئات گۆشى يوغان داش قازاندا پۇرۇقلاپ قايناۋاتاتتى. تۈن قاپقاراڭغۇ. يىگىتلەر يالقۇنجاپ يېنىپ تۇرغان گۈلخان ئەتراپىغا يىغىلغان بولۇپ، ھېلىقى يول باشلىغۇچى سىيتەك دېگەن قىپچاق يىگىتمۇ ئۇلار ئارىسىدا ئىدى. ئۇ ئەينى زاماندىكى قىپچاقلارنىڭ رۇس زېمىنىغا قانداق بېسىپ كىرگەنلىكى توغرىسىدا پاراڭ قىلىۋاتاتتى. يىگىتلەر بەزىلىرى ئويغاق، بەزىلىرى مۈگدەپ ئولتۇرۇپ، سىيتەكنىڭ پارىڭىنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلاۋاتاتتى. تاڭغا يېقىن سوغۇق كۈچىيىشكە باشلىدى. تەتۈر سوققان شامال قارنى ئۇچۇرۇپ، كىشىلەرنىڭ ئۇستىبېشىنى قار تېزانلىرى بىلەن كۆمەتتى. يۈزبېشى يوغان جۇۋىسىغا ئورۇنۇپ يىگىتلەرنىڭ ئارىسىدا ئولتۇراتتى. ئۇ چارسىلداپ يېنىپ تۇرغان ئوتقا قاراپ،

ئۇيغۇر كىتاب توربېكىتى
www.uyghurkitap.com

چوڭقۇر خىيالغا چۆككەنىدى. بىر چاغدا دالىنىڭ جىمجىتلىقىنى بۇزۇپ، يىراقتىن بۆرىنىڭ هۇۋلىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. شۇ چاغدا ئانچە يىراق بولمىغان يەردە مىدىرلىغان كۆلەڭگىلەر كۆرۈندى. ئۇلارنىڭ ئادەم ئىكەنلىكىنى ياكى هايۋان ئىكەنلىكىنى، ئىلغا قىلغىلى بولمايتتى. ئۆزىمۇ ياكى ئۆزگىمۇ ئۇنىمۇ هېچكىم بىلمەيتتى.

— ئون ئادەم بېرىپ ئاۋۇ كۆلەڭگىلەرنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ئېنىقلاپ كېلىڭلار، — دېدى يۈزبېشى ئورنىدىن تۇرماي تۇرۇپ.

يىگىتلەرمۇ تەييار ئولتۇرغانىدى. دەرهال ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ ئاتلىرىغا قاراپ يۈگۈردى - دە، تېزدىن ئاتلىرىغا مىنىپ، دۆڭگە قاراپ ئۇچقاندەك چېپىپ كەتتى. ئۇلار كۆرۈنگەن دۆڭدىن ئاشتى - دە، قاراڭغۇلۇق ئىچىگە شۇڭغۇپ كىرىپ، كۆزدىن غايىب بولدى. يىگىتلەر كەتكەندىن كېيىن يۈزبېشى ئالدىرىماي ئورنىدىن تۇرۇپ، گەمىگە قاراپ ماڭدى. قالغان يىگىتلەر قورال - ياراقلىرىنى قولىغا ئېلىپ، شىلدىر قىلغان ئاۋازغا قۇلىقىنى دىڭ تۇتۇپ ئوت يېنىدا ئولتۇرۇپ قالدى.

بىر هازادا يېقىنلا يەردىن: «هوي مۇنۇلار ئۆزىمىزنىڭ يىگىتلىرىغۇ» دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى.

ئولتۇرغانلار بۇرۇلۇپ قارىۋىدى، سالتاڭ ئاتلىق تۆت كىشى دۆڭدىن ئېشىپ سايغا قاراپ چۈشۈۋاتقانىكەن. ئالدىدا قولى كەينىگە باغلانغان، يالاڭباشتاق، چاچلىرى پاخپىيىپ كەتكەن بىر تۇتقۇن كېلىۋاتاتتى. يېقىنلاپ كەلگەندە ئۇنىڭ چىرايىمۇ ئېنىق كۆرۈنۈشكە باشلىدى. ئۇنىڭ چىرايى ئۇزۇندىن بېرى كېسەل تارتقان كىشىدەك تاتىرىپ كەتكەن بولۇپ، پۇتىنى زورغا يۆتكەپ كېلىپ توختاپ قالدى. ئات ئۈستىدىكىلەرنىڭ بىرى ئاتنىڭ يالىغا يېپىشىۋېلىپ تولغىنىپ تۇرۇپ ئىڭرايتتى:

— ۋايجان، ئىچى - ۋارنىم كۆيۈپ كەتتى... بىر يۇتۇم سۇ بېرىڭلار، ئىچ كۆيۈكىمنى باساي، — دېدى ئۇ زەئىپ ئاۋاز بىلەن.

ئاتتىكىلەرنىڭ ھەممىسى سايغا چۈشۈپ قازان ئېسىلغان يەرگە كېلىپ توختاشتى. بۇلار رۇسلاردىن «تىل» تۇتۇشقا كەتكەن ئاكا - ئۇكا تۆت يىگىت ئىدى. بۇلارنىڭ كەلگەنلىكىنى ئاڭلىغان يۈزبېشى «تىل» نى كۆرۈش ئۈچۈن كەلدى. تۇتقۇن ئورۇق، ئېگىز كەلگەن بالا بولۇپ، ئۈستىدە كاناپ شالۋۇر بىلەن كۆڭلەكتىن باشقا كىيىم يوق، يالىڭاياق، يالاڭباش. سوغۇقتىن ئاغزى بۇرنى كۆكىرىپ كەتكەندى. لېكىن ئۇ سو-غۇققا پەسەنت قىلمايتتى. ئەتراپىدا پايپېتەك بولۇپ يۈرگەن كىشىلەرگىمۇ پەرۋا قىلماي، قان ئېقىپ تۇرغان كالپۇكىنى پات - پات يالاپ قوياتتى. كالپۇكى قىلىچ تېگىپ كەتكەنلىكتىن ئۇ ئورۇندىن قان تەپچىپ چىقىپ تۇراتتى. تۇتقۇن بالا يۈز-بېشىغا بىر ئالايدى - دە، ئاندىن بىر نۇقتىغا تىكىلگىنىچە قاراپ تۇردى.

ئاكا - ئۇكىلارنىڭ ئۈچى ئاتلىرىدىن سەكرەپ چۈشۈپ تۆتىنچىسىنى ئاۋايلاپ ئاتتىن چۈشۈردى. ئاندىن ئوت يېنىغا بىر پارچە كىگىز سېلىپ ئۇنى شۇنىڭ ئۈستىگە ياتقۇزدى. بۇ يىگىت يارلانغان بولۇپ، كىگىز ئۈستىدە ئۇدۇدىسىغا ياتاتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرى يۇمۇلغان، رەڭگى تاتارغان. قاڭشالىرى قىڭغىراقتەك بېرىپ كەتكەن بولۇپ، لەۋلىرىنى مىدىرلىتىپ بىر نەرسە دېگەندەك قىلاتتى.

ئابدۇرۇسۇل دوللا يارىدار يىگىتنىڭ ئالدىغا كېلىپ، يۈكۈنۈپ ئولتۇردى - دە، كېسەلنىڭ يۈزىگە تىكىلىپ تۇرۇپ:

— «لاھەۋلە ۋالا قۇۋۋەتە ئىللا بىللاھى ئەلىل ئەزىم ماشا ئاللاھۇ...» دېگەن دۇئانى ئۈچ مەرتىۋە ياندۇرۇپ ئوقۇساڭ

ئاللا تائالا كېسەلگە شىپالىق بەرسۇن، دۇئانى ماڭا ئەگىشىپ ئۈچ قېتىم ئوقۇغىن، — دېدى.

يۈز بېشى تۆلەپبەرگەن ياردار يىگىتكە بىرئاز تىكىلىپ قاراپ تۇردى - دە، ئاندىن ئۈستىدىكى جۇۋىنى ئېلىپ ئۆلۈم تۆشۈكىدە ياتقان بۇ يىگىتنىڭ ئۈستىگە يېپىپ قويدى.

ئاكا - ئۇكىلار ئاتلىرىنى چۈشەپ قويغاندىن كېيىن، تۆلەپبەرگەننىڭ قېشىغا كەلدى. بۇلارنىڭ بىرى بۆرىباي دېگەن يىگىت ئىدى. ئۇ كۆرگەنلىرىنى يۈزبېشىغا دوكلات قىلدى.

— بۇيرۇقۇڭ بويىچە ساي - جىلغىلاردا يوشۇرۇنۇپ يۈرۈپ ئورمانغا باردۇق. ئاتلارنى سايدا قالدۇرۇپ ئۆزىمىز يوشۇرۇنچە دۆڭنىڭ ئۈستىگە چىقساق، ئۇ تەرەپتە رۇسلار ياتقانىكەن. مۆلچەرىمچە مىڭ كىشىدەك كۆرۈندى. ئۇلار قىرىدىكى قويغا ئوخشاش پىتراپ، دالانى كۆتۈرۈۋەتكۈدەك خورەك تارتىپ ساينىڭ تېشىدەك يېتىپتۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدىن بىرىنى بەخىردۇك باغلاپ كېتىمىزمۇ دېگەن خىيال بىلەن شۇ تەرەپكە قاراپ ئاستا ئۆمىلەپ كېتىپ باراتتۇق. تۆمۈر ھەممىمىزنىڭ ئالدىدا كېتىۋاتاتتى. كۈتمىگەن يەردە ئالدىمىزدا بۇ بالا چىقىپ قالدى. تۆمۈر ئۇنى ئەمدى باساي دەپ ئۆمىلىشىگە بۇ ئەبلەخ ئۇنىڭ قورسىقىنى يېرىۋەتتى. ئەگەر «تىل» نى تىرىك ئېلىپ كېلىڭلار دېگەن بۇيرۇقۇڭ بولمىغان بولسا، شۇ يەردىلا بۇنى جەھەننەمگە ئۇزاتقان بولاتتۇق. تۆمۈر ئۈچۈن بىزنىڭمۇ ئىچىمىز سىيرىلىپ كېتىۋاتىدۇ. نەدىكى بىر شۇمتەك ئۈچۈن، تەپسە تۆمۈر ئۈزىدىغان، ئوتتۇر قولدەك يىگىتنى كاردىن چىقاردۇق! دەرھال شۇ يەردىلا بۇنىڭ ئاغزىغا لاتا تىقىپ، پۇت - قولىنى باغلاپ تاشلىدۇق. تۆمۈرنىڭ يارىسى شۇنچە ئېغىر بولسىمۇ «ۋاي» دەپ ئاۋازىنى چىقارمىدى. مۇبادا ئۇ ۋايساپ قويغان بولسا رۇسلار بىزنى

تىرىك قويمايتتى. تۆمۈرنىڭ خەيرىتىگە ئاپىرىن... بىر كۈن، بىر تۈن سايدا يوشۇرۇنۇپ يېتىشقا توغرا كەلدى. چۈنكى ئەتراپىمىزنى رۇسلار قاپلاپ يۈرەتتى. مانا «تىل» ئالدىڭدا تۇرۇپتۇ. بىز ۋەزىپىمىزنى ئورۇنداپ بولدۇق. تۆمۈرنىڭ جېنىنى خۇدا تەسلىم قىلماقچى. ئەمدى ۋەدە بويىچە بىزگە بېرىدىغان تونۇقىنى بەر، — دېدى ئۇ.

— ئېسىت، تۆمۈر باتۇر يىگىت ئىدى. ئەمدى ئۇ باقى دۇنياغا سەپەر قىلىش ئالدىدا تۇرىدۇ. ئاللا تائالا ئىگەم ئىمانىنى سالامەت قىلىپ، ياتقان يېرىنى جەننەت قىلغاي... باشقا ئېيتارىم يوق...— يۈزبېشى قايغۇرغان ئاھاڭدا سۆزلەشكە باشلىدى،— ئۆزۈڭلار كۆرۈپ تۇرۇپسىلەر، ئۈستۈمدىكى جۇۋىنى ئېلىپ ئۇنىڭ ئۈستىگە ياپتىم... مەندە باشقا تون يوق. بۇ تۇتقۇننىڭ ئۈستىدىكى كىيىم - كېچەكنى نېمە ئۈچۈن يەشتۈرۈۋالسىلەر؟ چاپىنى نەدە؟ مەن ھاياندارخانغا ئېلىپ بارغىچە بۇنى ئۈششۈتۈپ قويماي، بۇنى ساق - سالامەت تاپشۇرۇشۇم كېرەك. بۇ بالا ئاچ ھالەتتە تۇرىدىغان بولسا، تاڭ ئاتقىچە قېتىپ قالىدۇ، — دېدى ئۇ ھېچنېمىنى بىلمىگەن ئادەم قىياپىتىگە كىرىۋېلىپ.

نېمە چارە، ئاكا - ئۇكا ئۈچىلەن غۇدۇڭشۇپ، تىللاپ يۈرۈپ ئاخىرى تۇتقۇن قىلىنغان بالىنىڭ كىيىملىرىنى قايتىدىن كىيگۈزدى. ھېلىقى سىيتەك دېگەن يىگىت ئانچە - مۇنچە رۇس تىلى بىلىدىكەن. شۇڭا ئۇ تۇتقۇن بالىدىن رۇسچىلاپ، رۇس لەشكەرلىرىنىڭ سانى، ئۇلارنىڭ سوقۇشقا قاتنىشىش رايىنىڭ بار - يوقلۇقىنى سۈرۈشتە قىلدى.

تۇتقۇن چىش يېرىپ بىر نەرسە دېيىشنى خالىمايتتى. بەزى سوئاللارغا قىسقا - قىسقا جاۋاب قايتۇراتتى. ئۇ ئەتراپتىكىلەرگە غەزەپ بىلەن ھومىيىپ، قاناپ تۇرغان لېۋىنى توختىماي يالايتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

— ئۇنىڭ ئىسمى تۇرۇپكا ئىكەن، قىلىن ئورمان ئىچىدىكى پېرونوۋېر دېگەن بىر يېزىدا تۇرىدىغان ئوخشايدۇ. لەشكەرلەرنىڭ قانچە ئىكەنلىكىنى بىلمەيمەن دەيدۇ. رۇسلارنىڭ سوقۇش قىلىشقا رايى قانداق دېگەن سوئالغا. تاتارلار بىلەن سوقۇش قىلىشقا جۈرئەت قىلمايدىغان رۇس يوق، يەتتە ياشتىن يەتمىش ياشقىچە بولغان پۈتۈن خەلق سوقۇشقا ئاتلاندى. ھازىر سىلەرنى كۆرۈشكە ئىنتىزار دەيدۇ. — دېدى سىيتەك ئەتراپىدا تۇرغان يىگىتلەرگە تاتارچە چۈشەندۈرۈپ.

يۈزبېشى سىيتەكنىڭ سۆزىنى دىققەت بىلەن ئاڭلاپ، يېنىدىكى ئابدۇروسۇل مەللىغا بۇنىڭ ئېيتقان سۆزلىرىنى قالدۇرماي يېزىۋالغىن دەپ بۇيرۇدى. ئابدۇروسۇل دەرھال دۇئا يېزىپ يۈرگەن قەغەزلىرىگە يېزىشقا باشلىدى... تىلماچ ئۆزى بىلىدىغان سۆزلەرنىڭ ھەممىسىنى ئىشلىتىپ بولۇپ، ئەمدى بىر نەرسە دېيەلمەي جىم بولۇپ قالدى. سوراق شۇنىڭ بىلەن تۈگىدى. قامچا بىلەن بېشىغا بىر ئىككىنى ئۇرغان بىلەنمۇ ئۇنىڭ ھېچقانداق پايدىسى بولمىدى. يۇمغان ئاغزىنى ئاچماي، غادايغان پېتى تۇرۇۋالدى.

يۈزبېشى تۇتقۇننى باياندارخانىغا ئۆزۈم ئېلىپ بېرىپ، ئۇنىڭدىن ئىنئام ئالىمەن، دەپ ئويلاپ، ئۆزىنىڭ ئايغىرىنى ئاللىقاچان ئېگەرلەپ تەق قىلغانىدى. ئۇنىڭ بىلەن بىرگە ئون يىگىت مۇھاپىزەتچى بولۇپ بېرىش لازىم ئىدى. لېكىن بۇ قاراڭغۇ تۈندە ئۇنىڭ ئۈستىگە تەتۈر قۇيۇن بولۇپ سوقۇۋاتقان بوراندا يولغا چىقىش خەۋپلىك ئىدى. يوللارنى قار كۆمۈپ تاشلىغانىدى. بوران يەنە ئەدەشكە باشلىدى. شۇڭا تاڭنىڭ ئېتىشىنى كۈتۈشكە توغرا كېلەتتى. يۈزبېشى كۆزىنىڭ بىرئاز ئاچچىقىنى چىقىرىش ئۈچۈن كەمە ئۆيگە كىرىپ كەتتى.

تۇرۇپكا ئوت يېنىدا زەي يەرگىلا ئولتۇردى. ئۇنىڭ كەينىگە قايرىپ باغلانغان قوللىرى ئۇيۇشۇپ كەتكەنىدى. يىپ قولىنى قىيىپ كەتكەنلىكتىن مىدىراپ كەتسىلا جېنى قاقشاپ كېتەتتى. ئۇنىڭ ئۇستىبېشىنى بارغانسېرى قار بېسىپ كەتتى. ھەتتا يۈزىدىكى قارنى ئېرىتىشكىمۇ مۇمكىنچىلىك يوق ئىدى. بويىنىدىن تارتىپ باغلانغان يىپمۇ ئۇنىڭ گەجگىسىنى قىيىپ كەتكەنىدى. ئارقاننىڭ يەنە بىر ئۇچىنى يېنىدىكى يىگىت چىڭ تۇتۇۋالغانىدى. بىر تەرەپتە تونىنىڭ ئاستىدا تومۇر سوقايلىنىپ ياتاتتى. ھازىر تومۇرنىڭ ئاۋازىنىمۇ، تىنىقىنىمۇ بىلگىلى بولمايتتى. ئۇ مەڭگۈ ئۇيقۇغا كەتكەنىدى...

خېلى ۋاقىت ئۆتتى. ئاخشام يېقىلغان ئوت بارا - بارا پەسىيىپ ئۆچۈشكە باشلىدى. گۇلخاننىڭ ئوتتۇرىسىدىكى قىپقىزىل چوغلارنىڭ ئەڭ ئاخىرقى يالقۇنجىشىمۇ لەپىلداپ خىرەلىشىشكە باشلىدى. ئەتراپتىكىلەرنىڭ ھەممىسى كەيىپ بولغان كىشىلەردەك تاتلىق ئۇيقۇغا غەرق بولدى. يالغۇز تۇرۇپكىلا، تۇتقۇندىن قانداق قۇتۇلۇشنىڭ ئامالىنى ئويلاپ كىرپىك قاقماي ئولتۇراتتى. تۇرۇپكىدىن باشقا ھېلىقى قېرى «كېنىزەك» مومای قىيشىپ ئۆرۈلەي دەپ قالغان گەمىنىڭ ئالدىدا ئىككى پۈكۈلۈپ ئولتۇراتتى. ئۇ گۇلخانغا تىكىلىپ، بالىنى كۆزەت قىلىپ ئولتۇرغان يىگىت قاچان ياتاركىن دەپ كۆزىتىپ ئولتۇراتتى. خېلىدىن كېيىن يىگىت ئۇخلىدى دېگەندە، ئۇ ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ، تىۋىش چىقارماي، مۈشۈكتەك چاققانلىق بىلەن ئوتنىڭ يېنىغا كەلدى. بۇ قېتىم ئۇ سۆڭەك ئىزدەشكە كەلمىگەن، ئۇ پۈشۈلداپ ئۇخلاۋاتقان يىگىتنىڭ يۈزىگە تىكىلىپ قاراپ، ئۇنىڭ دۇنيادىن بىغەم ئۇخلاۋاتقانلىقىغا كۆزى يەتكەندىن كېيىن، تۇرۇپكىنىڭ يېنىغا كەلدى. كەڭ، كۆك شالۋۇرنىڭ يانچۇقىدىن ئۆتكۈر بىر تىغنى ئېلىپ،

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

بالىنىڭ قولىنى باغلىغان قىل ئارقانى ئەپچىللىك بىلەن كېسىپ تاشلىدى ـ دە، كۆزى بىلەن بالىغا سەل نېرىدا قاڭتۇرۇپ قويۇلغان يۈز بېشىنىڭ تورۇق ئايغىرىنى ئىشارەت قىلدى. ئاندىن يەنە ئاۋايلاپ دەسسەپ قاياقىقىدۇر غايىب بولدى.

تورۇپكا قولىنىڭ بوشىغانلىقىنى دەرھال سەزدى. لېكىن قول ـ پۇتى ئۇيۇشۇپ قالغانلىقىدىن دەرھال ھەرىكەت قىلىشقا ئىمكان بولمىدى. توختاپ قالغان قانلار ھەرىكەت قىلىپ بىر ئازدىن كېيىن بارماقلىرىنى ھەرىكەتلەندۈرۈشكە ئىمكان بولدى. تورۇپكا تۇيۇپ قالارمىكىن دېگەن ئەندىشىدە ئەتراپتا ياتقان يىگىتلەرگە ھېلىدىن ـ ھېلىغا قارايتتى. ئاخىرى ئۇ ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ تورۇق ئايغىر تەرەپكە قاراپ ماڭدى. ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنى بەزگەك بولغان ئادەمدەك تىترەيتتى. تىترەپ تۇرغان قولى بىلەن ئاتنىڭ ئارغامچىسىنى ئاران دېگەندە يەشتى ـ دە، كۆزىنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە ئات ئۈستىگە چىقىپ بولدى.

كەينىدىن «تۇتۇڭلار ئۇنى!» دېگەن ۋاڭ ـ چۇڭ كۆتۈرۈلدى، ئۇخلاۋاتقان يىگىتلەر چۆچۈپ ئويغانغاندا، بالا بىر دۆڭدىن ئېشىپ بولغانىدى. قولىقىنىڭ تۈۋىدە ۋىڭىلداپ تۇرغان شامال ئۇنىڭغا ھېچ نەرسىنى ئاڭلاتمايتتى. ئاستىدىكى تورۇق ئايغىرنىڭ پۇتى يەرگە تەگمەي، قويۇندەك ئۇچۇپ، تورۇپكىنى چەكسىز كەتكەن دالىغا ئېلىپ كېتىۋاتاتتى...

## تۆتىنچى قىسىم

# موڭغۇللار بىلەن بولغان دەسلەپكى جەڭ

بىر زامانلاردا شەرقتىن چىققان ئاپەت بىزنى ئانا تۇپراقىمىزنى خانىۋەيران قىلىپ، ھېسابسىز بىگۇناھ قېرىنداشلىرىمىزنىڭ قانلىرىدىن دەريا، جەسەتلىرىدىن تاغ ياسىغان؛ ۋەتەن يانغىن ئىچىدە قېلىپ، شەھەر-يېزىلىرىمىز كۆيۈپ كۈلگە ئايلانغانىدى. بۇ قارا بوراندىن ئامان قالغان بىر قىسىم ئادەملىرىمىز، قەبىھ تاتارلار تەرىپىدىن قۇل قىلىندى. بىزنىڭ تارىخىمىزدا ئاتا-بوۋىلىرىمىزنى ھالىدىن پۈتۈنلەي كەتكۈزگەن بۇنىڭدىن قايغۇلۇق ۋە خەتەرلىك ۋەقە بولغان ئەمەس.

(ۋىسېۋ، مىللىيور، تارىختىن سۆز)

### بىرىنچى باب

# باتۇخان ھوزۇرىدىكى رۇس ئەلچىلىرى

تاتار قوشۇنىنىڭ ھۇجۇمى توغرىسىدىكى سوغۇق خەۋەر تۇشمۇ تۇشتىن كېلىشكە باشلىدى. بۇ خەۋەر كىنەز فىردورىنىڭ ۋەھشىي دالاغا ئاتلىنىشتىن ئىلگىرى ئەتراپلىق كېڭىشىپ،

تولۇق تەييارلىق قىلىۋېلىشقا سەۋەب بولدى. ئۇ ياش بولۇ-
شىغا قارىماي، چوڭ ئىشلارنى قىلىشتا بەكمۇ پۇختا ئىدى.
ئۇ: «ۋەتەننى قوغداش يولىدا ھەرقايسى تەبىقىلەرنىڭ رايى
قانداقراقكىن، مۇبادا موڭغۇل پادىشاھى بىلەن سۆھبەتتە بو-
لۇپ قالسام، نېمە دېيىشىم كېرەك؟» دېگەن مەسىلىلەرنى
ھەل قىلىش ئۈچۈن بويارلار، ھەر يەردىن كەلگەن كىنەزلەر،
قوماندانلار، دېھقانلار ۋە شەھەر پۇقرالىرى بىلەن
سۆھبەتلەشتى.

ھەممىسى مەسلىھەتلىشىۋالغاندەك بىر ئېغىزدىن: «بىزدىن
خاتىرجەم بول، ياۋ بېسىپ كەلسە، ئارقىغا چېكىنمىدىغانلاردىن
ئەمەسمىز، سۆزدالى قوشنا بولغان بىلەن بىزگە ياردەم قولىنى
سۇنۇشى ناتايىن. بىزنىڭ ھالسىراپ قالغانلىقىمىزنى كۆرسە
بەلكىم خۇشال بولار. ئۇلار ۋىلادىمىر كىنەزى پۈتكۈل رەزان
زېمىنىنى ئۆز ئىلكىگە ئالسا، رەزاننىڭ ئەزەلدىن بەخت قۇشى
بېشىدىن كەتمىگەن بويارلىرى، شۇ چاغدا باشقىلارنىڭ
ئىشىكىدە خىزمەتتە بولار دېگەن خىيالدا بولۇشىمۇ مۇمكىن.
لېكىن بۇنداق بولۇش ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس» دېيىشتى.
لېكىن ۋىلادىمىرنىڭ سۆلەتۋاز بۈيۈك كىنەزى گىئورگىي ۋسېب-
ۋالودوۋىچنىڭ تاتارلارنىڭ ئىچى زەھەر بىلەن تولغان ھېلىقى
ئەلچىلىرى بىلەن نېمىلەرنى دېيىشكەنلىكىنى، ئۇلاردىن نېمى-
لەرنى قوبۇل قىلغانلىقىنى، قىسىق كۆزلۈك بولاقچىلار ئۇ-
نىڭغا نېمىلەرنى ۋەدە قىلغانلىقىنى ھېچكىم بىلمەيتتى. بۇ
چاغدا ياۋ تەرىپىدىن تالان - تاراج قىلىنغان قىپچاق خان-
لىرى ئۆز جېنىنى ئاران قۇتۇلدۇرۇپ ۋەھشىي دالادىن بۇيەرگە
كەلگەنىدى. ئۇلارنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا تەلۋە تاتارلار بىلەن
موڭغۇللارنىڭ ھەيۋىسى ھەددىدىن ئاشقان بولۇپ، رەھىمسىز-
لىك، ئۆز لەۋزىگە خىيانەت قىلىش ئۇلارنىڭ كەسپى ئىكەن.

ئەچچە ئون مىڭ يىلقىسى بار بىر قىپچاق خانى ئۈچ ئات، بىر مالىيى بىلەن ئۆزىنىڭ يالغۇز جېنىنى ئېلىپ ئاران قېچىپ كەپتۇ. ئۇنىڭ دېگەنلىرىمۇ باشقىلارنىڭ ئېيتقانلىرى بىلەن بىردەك ئىدى. ئۇ:

— تاتارلار ئالدى بىلەن چاپارمەنلەرنى ئەۋەتىپ، خەلقنى خاتىرجەم قىلىش ئۈچۈن: «بىزگە تەسلىم بولۇپ، باش ئەگسەڭلەر، سىلەرگە تەگمەيمىز، سىلەرنىڭ توپ - توپ يىلقىلىرىڭلارنى، قورۇ - قورۇ قويلىرىڭلارنى ئۆزۈڭلارغا قايتۇرۇپ بېرىمىز» دېدى. بۇلارنىڭ سۆزىگە ئىشىنىپ، باتۇخاننىڭ ئايىغىغا يىقىلغانلار شۇ كۈنىلا بۇلاڭ - تالاڭ قىلىنىپ، ھەممە نەرسىسىدىن ئايرىلدى ۋە ئات باقار قىلىندى. ھازىر تاتارلار لېۋىنى تامشىپ: «بىز قىپچاق يەرلىرىدە ئاتلىرىمىزنى دەم ئالدۇرۇپ، ئاندىن رۇس يەرلىرىگە ھۇجۇم قىلىمىز. رۇسلارنى تەرەپ - تەرەپتىن ئىسكەنجىگە ئېلىپ، بارلىق شەھەرلەرنى قويماي تالايمىز» دېيىشىۋاتىدۇ. رەزان خەلقى سىلەر بىلەن بىزنىڭ تىلىكىمىز بىر، قىرغىن - سوقۇشقا تەييارلىنىڭلار، ھەرگىزمۇ تاتارلارنىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشۈپ قالماڭلار، — دېدى.

كىنەز فېدور يۇرېۋىچ بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ چۆچۈپ كەتمىدى. ئۇ ياش ۋاقىتلىرىدىن باشلاپلا ئۇۋچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان ئەزىمەت ئىدى. تاغ تېكىلىرىنى كۆزگە ئىلىنغان يەردىن قويمايتتى. ئېيىقلارنى كۈچ سەرپ قىلمايلا ئوۋلىۋالاتتى. ئۇ شۇ تاپتا باتۇخاننىڭ ھۇزۇرىغا بېرىش قارارىغا كەلدى. بۇ قېتىمقى سەپەر ئۇنىڭغا خەتەرلىك ئۇۋغا كېتىۋاتقاندەكلا بىلىندى. ئۇ: «كۈچ بىلەن ئېلىشىشقا بولمىسا، ھىيلە ئىشلىتىپ كۆرۈش كېرەك» دېگەن پىكىرگە كەلگەنىدى.

كۆپ ئۆتمەي يولغا چىققۇچىلار ھازىرلىنىپ بولدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كىنەزلەر مۇناسىۋەتلىك ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى مۇزاكىرە قىلىپ، بىر پىكىرگە كېلىشتى. سوۋغات ئۈچۈن ئېلىپ بارىدىغان ماللار بۇلغار ساندۇقلارغا، خورجۇنلارغا قاچىلاندى. ئۇلارنىڭ بىر قىسمى ئاتلارغا ئارتىلدى. قالغانلىرى بولسا ھارۋىلارغا بېسىلدى. ھەسەللەر تۇڭلارغا، پىۋىلار كۈمزەكلەرگە قاچىلاندى ۋە ئاغزى پېچەتلەندى. ئاندىن كېيىن كىگىزگە ئورىلىپ، چۆپ سېلىنغان ھارۋىلارغا بېسىلدى. سويۇپ پۈتۈن بويىچە تۇڭلىتىلغان مۇزايلارنىڭ، تۇڭگۇزلارنىڭ پۈتلىرى، يۈك ھارۋىلىرىنىڭ چەت - چۆرىسىدىن چىقىپ تۇراتتى.

كىنەز فېدور قىپچاق خانلىرىنىڭ سۆزىدىن باتۇخاننىڭ يالغۇز ئەمەسلىكىنى، يېنىدا ئون موڭغۇل سۇلتانى بارلىقىنى بىلگەنىدى. شۇڭا ئۇ دادىسىنىڭ مەسلىھەتى بويىچە پۈتۈن يىلقىسىنىڭ ئىچىدىن يارامىلىق ئون بىر ئايغىرنى تاللىۋالدى. ئايغىر بولغاندىمۇ بۇلارنىڭ ھەربىرى مىڭغا تېتىيدىغان، ئېگىزلىكىگە سۇنساڭ قول يەتمەيدىغان، يال - قۇيرۇقلىرى ئىپەكتەك يالتىراپ تۇرىدىغان جانىۋارلار ئىدى. فېدور بۇ ئايغىرلارنى ئالدى بىلەن سۇدا ئۈزدۈرۈپ، پاكىز يۇغۇزۇپ، يايلىنى كىۋاس بىلەن ھۆللەپ، تاسما ۋە قىزىل لاتىلار بىلەن قوشۇپ ئۆردۈردى. ئاندىن كېيىن ئايغىرلارنىڭ ئۈستىگە رەڭدار گىلەملەرنى ياپتى.

ئاخىرىدا ئون ئىككىنچى ئايغىرنى تاللاپ، ئۇنى باتۇنىڭ باش قوماندانى ۋە ئوڭ قولى بولغان سۇبىتايغا ھەدىيە قىلماقچى بولدى.

تەييارلىق پۈتتى. كىنەز فېدور نېمىشقا ماڭمايدىكىنە؟ كىمنى كۈتۈۋاتىدىغاندۇ؟ يۈك - تاق باسقان كارۋان كەتتى. يال - قۇيرۇقلىرى تارىلىپ بىر - بىرىگە چېتىلغان ئون ئىككى ئايغىرمۇ يولغا چىقتى. ئۇلار ئەڭ ياخشى يىلقىچىلارنىڭ قولىغا

تاپشۇرۇلدى. كېيىكتەك چاپىدىغان جىرەن ئات بىزسۇغىغا باغ-
لاندى. بۇ ئات ئەسلى قىپچاق خانىدىن سوۋغىغا كەلگەنىدى.
فېدور بىلەن بىرگە ماڭىدىغان يىزلداشلىرىمۇ كېلىپ بولدى.
بۇلارنىڭ ئىچىدە كىنەز ئىجىسلاۋىسكىي يەنە ھىيلە - مىكىر-
نىڭ پىرى دەپ ئاتالغان تۆت بۇيارمۇ بار ئىدى. ھەممىسى
سەپەرگە لايىق جىبەكلىك جۇۋا، بېشىغا بۇلغۇن پاپاخ كىي-
گەنىدى. بۇلار كېلىپ ئىشىك ئالدىغا يىغىلدى. لېكىن فېدور
ھازىرمۇ قىزغىلىدىغانىدەك ئەنىس ئىدى. ئۇ بىردەم ئۆيگە
كىرىپ، بىردەم تالاغا چىقىپ نېمىنىدۇر تەققەززالىق بىلەن
كۈتۈپ، ئەتراپقا ئىنتىزارلىق بىلەن قارايتتى. دەل شۇ چاغدا
بىرى: «ئەنە كۈتكەن ئادىمىڭىز كەلدى» دەپ ۋارقىرىدى.

بۇ چاغدا مەيدانىنىڭ ئۇ چېتىدىكى ئۆيىنىڭ ئارقىسىدىن
سالتاڭ ئاتلىق بىرنەچچە كىشى ئارقا - ئارقىدىن چىقىپ،
قارنى قۆيۇندەك تۈزىتىپ، ئاتلىرىنىڭ بېشىنى كىنەز تۇرغان
ئۆيگە قارىتىپ قىيۇۋەتتى. كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقىچە ئۇلار
ئىشىك ئالدىغا يېتىپ كەلدى. ئىككى يىگىت ئېتىنى چاپتۇرۇپ
بېرىپ ئاتتىن چۈشتى - دە، دەرھال تەڭگە چىپار كۆك يور-
غىنىڭ ئۈستىدىن جىبەكلىك جۇۋا كىيگەن، بېشىغا قارا
بۇلغۇندىن جىيەك تۇتقان، كۆك مەخمەل تۆپە كىيگەن ياش
جۇۋان تال چىۋىقتەك تولغىنىپ يەرگە چۈشتى. بايقىمىغان
كىشىگە ھە دېگەندە ئۇ ياش يىگىتتەك كۆرۈنەتتى. پۇتىدىكى
ئېگىز پاشنىلىق ساختىيان① ئۆتۈكى، بېلىدىكى بۇلغار كەمەرگە
ئاسقان قىسقا قىلىچىمۇ ئۇنى يىگىت قىلىپ كۆرسىتىپ تۇراتتى.
شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ قوڭغۇراقتەك يېقىملىق كۈلكىسى، ئالمىدەك
قىزارغان يۈزلىرى، بۇلاقتەك مۆلدۈرلەپ تۇرغان قارا كۆزلىرى
كىشىلەرگە بۇرۇندىن تونۇش ئىدى. بۇ ياش ئايالنىڭ كىنەز
فېدور بىلەن بىرگە چېركاۋغا بارغانلىقىنى رەزان خەلقى بىر-

---

① ساختىيان — بۇلغارنىڭ بىر تۈرى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

قانچە قېتىم كۆرگەن. بۇ ئايال ئەسلى ،دېگىنىز بويىدىكى گىرېك مەملىكىتىنىڭ يېۋپراكسىيا دېگەن خانىدانىنىڭ قىزى ئىدى①. ئۇ ئاتتىن چۈشۈپ خۇددى باللاردەك يۈگۈرۈپ كېلىپ فېدورنىڭ بوينىغا ئېسىلدى.

— فېدور سېنى كۆرەلمەي قالامەنمىكىن، دەپ ئەنسىرەپ، يىل بويى ئات يەڭگۈشلەپ توختىماي يۈرۈپ كەلدىم. ئاشۇ تەرەپكە بارمىساڭ بولمامدۇ؟

فېدور ئايالىنىڭ ئىنچىكە بېلىنى ئوڭ قولى بىلەن قۇچاقلىغان پېتى پەلەمپەي ئارقىلىق كۆتۈرۈلۈپ ئىشىككە قاراپ ماڭدى. بۇ چاغدا ئۇلارنىڭ ئالدىغا فېدورنىڭ قارا تۈلكە جۇۋىسىنى يېپىنچاقلىغان ئانىسى ئاگرىپپىنا خانىم چىقىپ، قۇلىچىنى كەڭ يايدى ـ دە، كېلىنىنى باغرىغا باستى. ھەر ئىككىلىسى ئىختىيارسىز كۆز يېشى قىلىشتى.

— يېۋپراكسىيا نېمىشقا يىغلايسەن؟ — دېدى فېدور، — ئۇرۇشقا كېتىۋاتمايمەنغۇ؟ كېلىشىم تۈزۈش ئۈچۈن كېتىۋاتىمەن. يېنىمدا سىنالغان يولداشلىرىم بار. ئىشلارنىڭ كۆڭۈلدىكىدەك بولۇشىغا ئىشەنچىم كامىل. ئۇلارنىڭ ياردىمى بىلەن تاتارلارنىڭ شاھى باتۇنى تىنچلىق سۆھبىتىگە كەلتۈرۈشنىڭ چارىسىنى تاپارمىز. ھوي ۋانيۇشا يوققۇ؟

— كەينىمدىن كېلىۋاتىدۇ. ئۇنىڭغا قارىماي تېز يۈرۈپ كەتكەنىدىم.

— جېنىم قوزام، تېخىچىلا باللىقىڭ تۈگىمىدى. شاش قوزىلاردەك سەكرەپلا يۈرىسەنغۇ، — دېدى ئاگرىپپىنا خانىم.

① موڭغۇل تاجاۋۇزىدىن ئىلگىرى رۇس كىنەزلىرى غەربىي ياۋروپا ئەللىرىنىڭ خانزادىلىرىگە ئۆيلىنەتتى. رۇس خانزادىلىرىنىڭ كۆپىنچىسى غەربىي ياۋروپا ئاق سۆڭەك سۇلتانلىرىغا بېرىلەتتى. ئۇ چاغدا رۇسلار غەرب بىلەن يېقىن مۇناسىۋەتتە بولاتتى. غەرب ئەللىرىدىكى خەلقلەر رۇس ئېلىنى ناھايىتى چوڭ كۆرەتتى.

فېدورمۇ كۈلۈپ تۇرۇپ ئانىسىنىڭ سۆزىنى تەستىقلىدى،
— مەنمۇ شۇنى دەي دەپ تۇراتتىم. سېنىڭ ئويۇن-تاماشا بىلەن ئۆتىدىغان ۋاقتىڭ ئىدى، — دېدى، ئاندىن ئايالىنىڭ قولىغا: «مەن بىلەن شىكارغا چىقىشقىمۇ، ياۋغا قارشى ئۇرۇشقا بېرىشقىمۇ دائىم تەييار ئىكەنلىكىڭنى بىلىمەن. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ مەن سېنى جېنىمدىن ئارتۇق كۆرىمەن» دەپ پىچىرلىدى.

— فېدور مېنى ئۆزۈڭ بىللە ئېلىپ كەتكىن. بەلكىم ياردىمىم تېگىپ قالار، ئەڭ بولمىغاندا، چاقچاق ئار-قىلىق تاتار پادىشاھىنىڭ كۆڭلىدىكى قارا بۇلۇتلارنى تارقىتىپ پەيلىنى ياندۇرارمەن.

فېدور كۆزلىرى بۇلاقتەك مۆلدۈرلەپ تۇرغان خوتۇنىنىڭ بەرق ئۇرۇپ تۇرغان گۈزەل چىرايىغا بىر پەس تەلمۈرۈپ قاراپ تۇردى، ئاندىن ئۇنىڭ ئالۇچىدەك لەۋلىرىگە بېسىپ تۇرۇپ بىرنى سۆيدى-دە، خوتۇنىنىڭ بويىنىغا ئېسىلىپ تۇرغان قىلىنى ئاستا چۈشۈرۈپ ئانىسىغا ئىشارەت قىلدى. ئۇ كېلىپ يېۋپراكسىيانى چىڭ قۇچاقلىۋالدى. بۇ چاغدا ياش ئايال دەرھال ئۈستىدىكى جۇۋىنىڭ تۈگمىلىرىنى يېشىپ قوي-نىغا قولىنى تىقتى ۋە:

— فېدور توختا! — دېدى ئۇ، — ماۋۇ سارگرادتىن ئەكەلگەن، كۆز قارىچۇقۇمدەك ساقلاپ يۈرگەن ھالقام ئىدى. بۇنى ئالغىن. بەلكىم تاتار خانىشىنىڭ كۆڭلىگە ياراپ قالسا، ئۇنىڭ ياۋۇزلۇقىنى بېسىشقا سەۋەب بولۇپ قالسا ئەجەب ئەمەس. ماۋۇ مېنىڭ ساڭا قىلغان يادلۇقۇم بولسۇن. يېنىڭدا ساقلى-غىن، — ئۇ بويىنىدىكى خاسىيەتلىك ئالتۇن مېداليونىنى (خۇدانىڭ رەسىمى چۈشۈرۈلگەن) كۈمۈش زەنجىرى بىلەن ئالدى. فېدور بېشىدىكى قولاقچىنى ئېلىپ، ئىككى تەرىپىگە تەڭ

بولۇپ ياتقۇزغان چېچەنى كۈن نۇرىدا پارقىرىتىپ، خوتۇنىنىڭ ئالدىغا كېلىپ بېشىنى ئەگدى. خوتۇنى قولىدىكى مېدالىيىنى ئۇنىڭ بوينىغا ئاستى. فېدور ئاخىرقى قېتىم خوتۇنىنىڭ ماڭلىيىدىن يەنە بىرنى سۆيدى - دە، كەينىگە شارتتىدە بۇرۇلۇپ، ئىشىك ئالدىدىكى پەلەمپەيدىن يۈگۈرۈپ چۈشۈپ، بىر يەردە تۇرماي پۇشقۇرۇپ تۇرغان ئېتىغا قاراپ ماڭدى.

يېۋپراكسىيا قېرى خانىمنىڭ مۈرىسىگە بېشىنى قويۇپ، زارلىنىپ يىغلاپ قالدى. كىنەز فېدور ئېغىزدۇرۇقى بىلەن تىزگىنىنى چايناپ تۇرغان ئېتىنىڭ بېشىنى بۇراپ، شەھەرنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى كەڭ مەيداننى توغرىسىغا كېسىپ، كەينىگە قارىماي ماڭدى. ئۇ تۈرۈلگەن قاپقىنى ئاچماي ئالدىدا سوزۇلۇپ ياتقان، لېكىن سىرى نامەلۇم بولغان ئۇزۇن يولدىن كۆزىنى ئۈزمەي كېتىۋاتاتتى، ئوچۇقچىلىقتا چىققان ياكى قىرغاننىڭ ئېگىز يېرىگە چىقىپ ئەتراپلارغا قارىغان كىشىگە ئەتراپنىڭ ھەممىسى دەرد - ئەلەمنى يۇتۇپ تىنچ ياتقان كۈمۈش دېڭىزدەك كۆرۈنەتتى. بىرەن - سىرەن قارايغان دەرەخلەر كۆرۈنۈپ قالاتتى. قار بېسىپ قېتىپ قالغان جانسىز دالانىڭ ئاسمان گۈمبىزىدە تۈرۈلۈپ تۇرغان قارا بۇلۇتلار، شامالنىڭ يۆنىلىشى بويىچە ھۇرۇنلۇق بىلەن سۈرۈلۈپ ماڭاتتى. يولۇچىلارنىڭ قۇلىقىغا پەقەت چۆل شامىلىنىڭ ئۇشقۇيتىشى بىلەن ۋەھشىي دالاغا بارىدىغان يېلىنىڭ ئۈستىدە بىر قونۇپ، بىر ئۇچۇپ يۈرگەن قاغىلارنىڭ قاقىلدىغان ئاۋازلىرىلا ئاڭلىناتتى.

رەزان ئەلچىلىرى باتۇنىڭ تۇرغان يېرىگىچە تۆت كۈن يول ماڭدى. ئۇلار يول بويى رۇسلارنىڭ چېگرا قاراۋۇللىرىنى

ئۇچراتتى. كىنەز فېدور ئۆزى بىلەن بىرگە چېدىر ئېلىپ ماڭغانىدى. ئەمما ئۇنى دەسلەپكى كۈنلىرى تىكتۈرمەي پەقەت تاتارلارنىڭ ئالدىنقى سەپتىكى قاراۋۇللىرى كۆرۈنگەندىن كېيىنلا تىكىشكە رۇخسەت قىلدى. كېچىسى ياتقاندا، گۈلخان يېنىغا كۆرپە جۇۋىنى سېلىپلا شۇنىڭ ئۈستىدىلا ياتتى. تاماقتىمۇ يولداشلىرى بىلەن بىرگە بولدى. قونغان يەرلەردە تاتارلارنىڭ تۇيۇقسىز ھۇجۇمىغا ئۇچراپ قالماسلىق ئۈچۈن، ئەتراپقا جېسەكچى قويدى.

رۇسلارنىڭ ئەڭ ئالدىنقى سەپتىكى قاراۋۇللىرىغا ئۇلاشقاندا، كىنەز فېدورنىڭ قۇلىقىغا مۇنداق بىر خەۋەر يەتتى. رۇسلارنىڭ بىر ياش لەشكىرى بىر تاتارنى نەيزە سانجىپ ئۆلتۈرۈپتۇ، ئاندىن ئۆزى تاتارلارنىڭ قولىغا ئەسىر چۈشۈپ قاپتۇ. تاتارلار ئۇنى تۇتۇپ ئېلىپ كەتكەندىن كېيىن، بارغان يېرىدە ئۇ يەنە بىر ئامال قىلىپ، تاتارلارنىڭ قاراۋۇللىرىنى ئاداشتۇرۇپ، قاراڭغۇ تۈندە بىر ئامال قىلىپ قېچىپ كەپتۇ.

كىنەز فېدور بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، شۇ يىگىتنى ئالدىغا چاقىرتىپ، ئۇنىڭ ئەھۋالىنى، ئىسمىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى، دادىسىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى، قايسى يەرلىك ئىكەنلىكىنى سورىدى. يىگىتنىڭ جاسارىتىدىن مەمنۇن بولۇپ ئۇنىڭغا بىر پار بۇلغار ئۆتۈك ھەدىيە قىلدى.

— مانا يىگىت بولساڭ مۇشۇنداق بول! تۇرۇپكا دېسە، دېگۈچىلىكىڭ بار ئىكەن. مېنى بەكمۇ رازى قىلدىڭ. مۇبادا سوقۇش بولۇپ قالغۇدەك بولسا، سېنىڭدەك قەھرىمانلار تالاي چىققۇدەك. قىسىق كۆزلەر بىزنى ئاسانلىقچە تىز پۈكتۈرەلمەيدۇ، — دېدى كىنەز.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## ئىككىنچى باب

## تاتارلارنىڭ ۋارونىژ دەرياسى بويىدىكى قارارگاھىدا

ھاجى رەھىم باش كۆتۈرمەي تارىخ يازاتتى. ئۇ قەلىمىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى سىياسى بىلەن: «يا رەببىم مۇساپىرىڭنى دەھشەتلىك بۇراندىن خەۋەر بېرىدىغان قارا بۇلۇتتەك قاپلاپ كېلىۋاتقان بالالاردىن ئۆزۈڭ ساقلا!» دەپ يېزىلغان جۈملىلەرنى ئوقۇپ چىقىپ قويدى.

باتۇخاننىڭ ھېسابسىز قوشۇنى ۋارونىژ دەرياسىنىڭ بويىدىكى قېلىن ئىرمانلىقنى ئورۇن تۇتۇپ ياتقانىدى. قىشنىڭ جاراڭلاپ تۇرغان بۇ سوغۇق كۈنلىرىدىمۇ نېپىز قار ئاستىدىكى چۆپلەرنى يېگەن موڭغۇل ئاتلىرى سەمرىشكە باشلىدى. شۇ يەردىن شەرققە قاراپ سوزۇلۇپ كەتكەن بىپايان دالانىڭ ھەممە يېرىدە چىڭگىز نەسلىدىن بولغان ئۇلۇسلار ئۆز قارارگاھلىرىنى قۇرۇپ ياتاتتى.

تاتار لەشكەرلىرىنىڭ دەل شۇ پەيتتىكى خىيالى رۇس ئەللىرىگە تېزدىن تاجاۋۇز قىلىش، ئىلگىرى ئۆتكەن يەرلەردە ئۆزلىرى سەپەرنىڭ ھاردۇقىنى چىقىرىپ، خاتىرجەم دەۋران سۈرۈش ئىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە رۇس ئەللىرىگە بارغان ئاددىي لەشكەرلەرمۇ ئولجىغا پېتىپ قالارمىش. ئۇلارنىڭ بايلىقى ھەتتا يۇرت سورىغان ئەمەلدارلاردىن، مىڭلاپ يىلقىسى بار خانلاردىن ئۈستۈن بولارمىش، دېگەن سۆزلەر ئېقىپ يۈرەتتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە يەنە رۇسلار ناھايىتى قەھرىمان، تېتىك

بولىدىكەن، جەڭدە ھەرگىزمۇ يانمايدىكەن، قان تۆكۈپ جەڭ قىلىدىكەن، مال - مۈلكىنى ياتلارغا ئاسان بەرمەيدىكەن، دېگەن ۋەھىمىلىك سۆزلەرمۇ بار ئىدى.

مۇشۇنداق كۈتمىگەن يەردە رۇس ئەلچىلىرى كېلىپ قالدى. ئەلچىلەرنى رەزان كىنەزنىڭ ئوغلى فېدور باشلاپ كەلگەنلىكى مەلۇم بولدى. باتۇخان ئۆزىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن فېدورغا ۋەكىل ئەۋەتىپ: «دۆلەت ئىشلىرى بىلەن قولۇم بوش ئەمەس، كىنەز فېدورنى بىرنەچچە كۈندىن كېيىن قوبۇل قىلىمەن» دېدى.

رۇسلار دەريا بويىغا چۈشۈپ شۇ يەرگە چېدىر قۇردى. ئۇنىڭ ئىچىدىكى ئالتۇن كۆكگۈرۈسلۈق يوغان چېدىر كىنەز- نىڭ ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا بۇخارا ماتاسىدىن تىكىلگەن كىچىكرەك ئۈچ چېدىر بار ئىدى. رۇسلارنى تاتار لەشكەرلىرى- نىڭ زىيانكەشلىكىدىن ساقلاش ئۈچۈن سۇبىتاي باھادىر چېدىر- لارنى ئايلاندۇرۇپ قاراۋۇل قويۇشقا مەجبۇر بولدى. چۈنكى تاتارلارنىڭ باش - باشتاق لەشكەرلىرى چېدىرلارغا كىرىپ، كۆزىگە چىرايلىق كۆرۈنگەن نەرسىلەرگە چېپىلىشتىن يانمايتتى. شۇ سەۋەبتىن كەلگەنلەر بىلەن تاتارلار ئوتتۇرىسىدا بىرنەچچە قېتىم جاڭجالمۇ بولدى. كۆزى قىزىرىپ كەتكەن لەشكەرلەر ھەتتا تاتار ئەمەلدارلىرىنىڭمۇ سۆزىنى ئاڭلىمىدى. ئاخىرى سۇبىتاينىڭ «كاللا كېسەرلىرى» ئۇلارنى نەيزىنىڭ ساپلىرى بىلەن ئۇرۇپ يۇرۇپ ئاران دېگەندە تەرتىپكە كەلتۈردى.

باتۇخان رۇس ئەلچىلىرىنى قوبۇل قىلىشتىن ئىلگىرى سۇبىتاي باھادىرنىڭ ئوغلى ئورىن - قادان بىلەن ئۇزۇن سۆھ- بەتلەشتى. چۈنكى ئۇ يېقىندىلا رەزانغا بېرىپ قايتىپ كەل- گەنىدى. ئۇنىڭ بېرىشىمۇ، ئۇ يەرلەرنىڭ يەر شارائىتى بىلەن تونۇشۇپ، ئەھۋال ئىگىلەش ئۈچۈن ئىدى. ئۇ، شۇ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

قېتىمقى سەپەردە كېرىنكەي ـ زادە دېگەن شامان خوتۇنىنى بىللە ئېلىپ بارغان، بۇ ئارقىلىق سېھىر ئىشلىتىپ، ئەپسۇن ئوقۇپ، رۇسلارغا تۈرلۈك بالايىئاپەتلەرنى كەلتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ ھەيۋىسىنى ئۇرۇپ چۈشۈرۈشنى قىرسىقىغا پۈككەنىدى.

ئورنى ـ قادان باتۇخانغا رەزاندا، ۋىلادىمىردا كۆرگەنلىرىنى يىپ ـ يىڭنىسىگىچە ئېيتىپ بەردى.

— شەھەر قورغانلىرى ئىنتايىن پۇختا ئىكەن. مۇنداق ئېگىز ھەم قېلىن قورغانلارنى بىر قېتىملىق ھۇجۇم بىلەن ئېلىش مۇمكىن ئەمەس. پەقەت ئۇنى قايتا ـ قايتا ھۇجۇم قىلىش ئارقىلىقلا بۇزغىلى بولىدۇ. رۇس زېمىنىدا ياز كۈنلىرى يۈرۈش قىلىشقا بولمايدىكەن. ئەتراپ سازلىق ۋە قېلىن ئورمان بىلەن قاپلانغان بولغاچقا، پەقەت قىش كۈنلىرى ھەممە يەر قاتقاندىن كېيىنلا، ئاندىن ئەركىن مېڭىشقا بولىدىكەن. رۇسلار ياز كۈنلىرى ئۆزئارا قېيىق بىلەن بېرىش ـ كېلىش قىلىدىكەن. ئەتراپىنىڭ ھەممىسى سىجىلداپ تۇرغان سازلىق، كۆز يەتكۈسىز قېلىن ئورمان ئىكەن. مۇشۇنىڭ ئۆزىلا بىزگە داڭلىق قورغانلاردىن بەكرەك توسقۇن بولىدىغاندەك تۇرىدۇ. شۇڭا رۇس يېرىگە يەر ـ جاھان ئوبدان توڭلىغاندىن كېيىن ھۇجۇم قىلىش كېرەك، — دېدى ئۇ.

باتۇخان رۇسلارنىڭ ھەدىيە قىلغان سوۋغىلىرىنى كۆرمەكچى بولدى. ئەمما ئەلچىلەرنى قوبۇل قىلمىدى.

رۇس لەشكەرلىرى شوخ ئىككى ئارغىماقنى ئېغىزدۇرۇقىدىن تۇتۇپ يېتىلەپ كىردى. بۇنىڭ ئىچىدە ئېگەر جابدۇقلىرى ئالاھىدە زىننەتلەنگەن بىر قارا ئات كۆزگە ئالاھىدە تاشلىنىپ تۇراتتى. ئېگەرنىڭ، ئۈزەڭگۈنىڭ يۈزى ئالتۇندىن چېكىلگەن، ھەر خىل نەقىشلەر ئويۇلغان لەئلى ـ ياقۇت كۆزلەر بىلەن كۆرۈنمەي قالغانىدى. ئاتنىڭ توقۇمى زەر تاۋار-

دىن تاشلىنىپ چۆرىسىگە ئۇقچا تۇتۇلغانىدى. بۇ باتۇخانغا مەخسۇس تۇتۇلغان سوۋغا بولۇپ. قالغان ئاتلارنىڭ ئۈستىگە قىممەت باھالىق گىلەملەر ئارتىلغانىدى.

ئاتلارنىڭ كەينىدىن قاتار تىزىلغان ھارۋىلار ماڭىدى. ئۇلاردا ھەر خىل ئۆي جاھازلىرى، زەر تاۋار بىلەن قاپلانغان، تۈلكە، بۆلۈن تېرىلىرىدىن تىكىلگەن جۇۋىلار بېسىلغانىدى. بۇنىڭ كەينىدىن ئون لەشكەر ئايرىم - ئايرىم بىر قوچاقتىن ئۇۋۇ تېرىلىرى كۆتۈرۈپ ئۆتتى. ئۇلارنىڭ ھەربىرىدە قىرىقتىن بۆلۈن تېرىسى بار ئىدى. ئەڭ ئاخىرىدا باتۇخانغا مەخسۇس ئاتالغان سوۋغىلار كەلتۈرۈلدى. ئۇنىڭ ئىچىدە ئالتۇن دەستىلىك قىلىچ كۈمۈش پەتنۇس، چىنە، مەي ئىچىدىغان جاملار، خانىنىڭ ئاياللىرى ئىشلىتىدىغان قىممەت باھالىق جاۋاھىرلار، باش كىيىملەر، ئۈزۈك، بىلەيزۈكلەر بار ئىدى.

چېدىرنىڭ يېنىدا تۇرغان باتۇخان سىر بەرمەي ئالدىدىن ئۆتۈۋاتقان مال - مۈلۈكلەرنى نەزەرىگە ئىلمىغان قىياپەتتە سالقىن نەزەرى بىلەن قاراپ تۇراتتى. بىر ئازدىن كېيىن گىلەم ئۈستىگە قويۇلغان بۇيۇملار تاغدەك دۆۋىلىنىپ كەتتى. سوۋغىلارنى ئاز كۆرگەن باتۇخان تەنە قىلىپ بۇرۇن خىتاي خانلىرىنىڭ قىلغان سوۋغىلىرىنى تىلغا ئالدى. پەقەت بىر - بىرىدىن شوخ، چىرايلىق ئارغىماقلار ئۆتكەندىن كېيىنلا ئۇنىڭ قاپىقى ئېچىلدى. ھەربىر ئاتنى ئىككى ئاتچى كۈمۈش زەنجىر بىلەن ئېغىزدۇرۇقىدىن تۇتۇپ يېتىلەپ كىتىپ باراتتى. بۇلارنىڭ ھەممىسى بويى ئېگىز، ساغرىسى كەڭ، پۇتلىرى ئىنچىكە، يالىلىرى بۇدۇرە، قۇيرۇقى سىپتا كەلگەن ئايغىرلار ئىدى. ئۇلار بىر جايدا تىنچ تۇرماي ئويناپ تۇراتتى. ئاسمانغا چاپچىغانىدا ئېغىزدۇرۇقىدىن تۇتۇپ تۇرغان ئىككى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئاتچى ئاتنىڭ بېشى بىلەن تەڭ يۇقىرىغا كۆتۈرۈلەتتى. باتۇخاننىڭ كۆزى يىراقتىنلا تۆت پۇتى تىزىغىچە ئاق كەلگەن قارا ئاتقا تىكىلدى. بۇ ئات ئەتراپقا قاراپ، يېنىغا بىر ئادەم كەلسە كۆزىنىڭ قىرى بىلەن ئاستا كەينىگە شوخشۇپ كۆككە قاڭقىش ئۈچۈن تەييارلىق قىلاتتى. بۇ ئاتنى باتۇ ئۆزىگە قالدۇرۇپ، قالغان ئاتلارنى يېنىدىكى خانزادىلەرگە بۆلۈپ بەردى.

باتۇخان سوۋغىلارنى ئېلىپ بىرنەچچە كۈندىن كېيىن رۇس ئەلچىلىرىنى قوبۇل قىلدى. ئەلچىلەر يېتىپ كەلگىچە خاننىڭ چېدىرىغا چىڭگىز نەسلىدىن بولغان خانزادىلەر ۋە سىپاھلار يىغىلىپ بولدى.

تۆردىكى ئالتۇن تەختتە جاھانگىرنىڭ ئۆزى ئولتۇردى. ئۇنىڭ بېشىدا چوڭ لەئلى-ياقۇت قادالغان قالپاق تۇراتتى. ئۈستىگە ئالتۇندەك تاۋلىنىپ تۇرىدىغان ئەجدىھا سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن چاپان كىيگەنىدى. ئۇنىڭ ئۇزايىدىن ئاق كىرۇۋكا كىيگەن رۇسلارغا ئىشەنمەسلىك چىقىپ تۇراتتى. تەختنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى گىلەم ئۈستىدە باتۇخاننىڭ «يەتتە يۇلتۇزى» دەپ ئېغىزدىن ئېغىزغا كۆچۈپ يۈرگەن ئاياللىرى ئولتۇراتتى. ئۇلارنىڭ بويىندا رەزان كىنەزى ئېلىپ كەلگەن سوۋغاتلارمۇ بار ئىدى. خاننىڭ ئەڭ چوڭ ئايالى مارجاننى تىزىپ ياسىغان ھالقا تاققان، باشقىلىرى بولسا قولىغا ئالتۇن بىلەيزۈك سالغانىدى. ئەڭ كىچىك ئايالى ئىسىل يىپتىن توقۇلغان رومالغا پۈركىنىپ ئولتۇراتتى. تەختنىڭ سول تەرىپىدە خانزادىلەر بىلەن سىپاھلار ئولتۇراتتى.

رەزان كىنەزى فېدورنىڭ چىرايىدىن ئۇنىڭ ئىنتايىن ياش ئىكەنلىكىنى كۆرگىلى بولاتتى. ئۇنىڭ ئوتتۇرا بوي،

كەڭ يېلكىلىك، كېلىشكەن قەددى سورۇنىدىكىلەرنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تارتتى. ئۇ بېشىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، قولىغا كۆنمىگەن تاغ بۈركۈتىدەك ئەتراپتىكى كىشىلەرگە تىكىلىپ قارىغاندا، ئۇنىڭ كۆزىدىن چاقنىغان ئۆتكۈر نۇر ھەرقانداق كىشىنى ئەيمەندۈرەتتى. ئەلچىلەر چېدىرغا قورالسىز كىردى. چېدىرغا كىرىش ئالدىدا ئىشىك ئالدىدا تۇرغان ياساۋۇللار ئۇلارنىڭ قوراللىرىنى ئېلىپ قالغانىدى. فېدور چېدىرغا كىرىپلا كۆزى قاراڭغۇغا كۆنمىگەنلىكتىن ئىككى قەدەم ماڭمايلا توختاپ قالدى. ئۇنىڭ كەينىدىن ئالتە نۆكىرى ۋە مەسلىھەتچى تۆت بويار بىللە كىردى. ئۇلار ئىككى رەت بولۇپ تىزلىنىپ ئولتۇردى. فېدور بېشىدىكى بۆلغۈن پاپاخنى ئېلىپ، باتۇخانغا ئېگىلىپ تەزىم قىلدى. كەينىدىكى نۆكەرلەرمۇ شۇنداق قىلىشتى.

ئاندىن كېيىن فېدور بېشىنى كۆتۈرۈپ تۇرۇپ:

— تاتار ئېلىنىڭ پادىشاھى، قەھرىمان تاتار لەشكەرلىرىنىڭ سەركەردىسى ساڭا سالامەتلىك تىلەيمەن، — دېدى.

باتۇخان تاتىرىپ خېلىغىچە زۇۋان سۈرمەي ئولتۇردى. بىر ھازادىن كېيىن كۆزىنى بىر ئالايتىپ قارىدى - دە، پۈتىنىڭ يېنىدا ياش شاگىرتلاردەك تىزلىنىپ ئولتۇرغان رەزان كىنەزى گىلىپ ۋىلادىمىروۋىچقا بۇرۇلۇپ، باشقىلار ئاڭلىمىغۇدەك قىلىپ:

— ماۋۇ نەرسەڭ قانداق - يوسۇننى بىلمەيدىغان نېمىمۇ؟ ئۇنىڭ قىلغان تەزىمىنى قارا؟ ئېيتقىن ئۇ مېنىڭ تېگىممىكەن؟ ئۇ مېنىڭ خىزمەتچىم بولۇشقا لايىق، خىزمەتچىلەر يەردە دۈم يېتىپ يەرنى ئۆپۈشى لازىم، — دېدى.

گىلىپ ۋىلادىمىروۋىچ باتۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، دەرھاللا ئەلچىلەرگە تەرىنى تۇرۇپ، دوق قىلغان تەلەپپۇزدا سۆزلەشكە باشلىدى:

— ھەي كىنەز فېدور يۇرىۋىچ! سەن كىمنىڭ ئالدىدا تۇرغانلىقىڭنى بىلەمسەن؟ موڭغۇل دۆلىتىنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ پادىشاھىنىڭ ئالدىدا تىز پۈكۈپ يەر ئۆپمەيدىغان نېمە ھەددىڭ بار؟ باتۇخان پۈتۈن دۇنيانىڭ تىزگىنىنى ئۆز قولىغا ئالغان چىڭگىزخاننىڭ نەۋرىسى ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭغا دۇنيانىڭ يېرىمى بويسۇندۇرغانلىقىنى ئۇنتۇغان بولساڭ كېرەك. گەدەنكەشلىك قىلماي، دەرھال پادىشاھنىڭ پۇتىغا يىقىلىپ، ئۇنىڭغا بويسۇندۇرغانلىقىڭنى ئىپادە قىل.

فېدور تەمتىرىمىدى. ئۇ:

— شالىڭنى ئېقىتىپ سۆزلەۋاتقان سەن ئۆزۈڭ كىم بولىسەن؟ ھەرقانچە يوغىناپ كەتكەن بولساڭمۇ يەنىلا كىنەز گلىپ ۋىلادىمىروۋىچقۇ سەن؟ بىز سېنى تېخى ئۇنتۇپ قالغۇدەك بولمىدۇق. ئۆز قېرىنداشلىرىڭنى تويغا چاقىرىپ، قارا يۈزلۈك قىلىپ، بىرىنى قالدۇرماي قىرىپ تاشلىغان سەن ئەمەسمىدىڭ؟ ئەمدى تاتارلار تەرەپكە ئۆتۈپ، ئۆز ۋەتىنىڭگە تاجاۋۇز قىلماقچىمۇ سەن؟ ئۇنداق بولسا يېنىڭدىكى خوجايىنىڭغا ئېيتىپ قوي، بىز خرىستىئانلار ئىنسانلارنىڭ پۇتىغا يىقىلىپ سەجدە قىلمايمىز. ئەگەر سەجدە قىلىشقا توغرا كەلسە، ئاسماندىكى خۇداغا سېغىنىپ، خاسىيەتلىك ئىكون ئالدىدىلا سەجدە قىلىمىز. بۇ زامانغىچە بۇ يەر ئۈستىدە بىزنىڭ خۇدايىمىز بولغان ئەمەس! ھەتتىگىنەي، تەقدىر سېنى ماڭا دالادا ئۇچراشتۇرغان بولسا، ھە. ئۇ چاغدا باشقىچە سۆزلەشكەن بولاتتۇق، — دېدى.

بۇ چاغدا بويارلارمۇ كۈسۈرلىشىپ:

— بۇ ئەبلەخنىڭ قىلىپ يۈرگەن ئىشىنى قارا!... — دېيىشتى.

گلىپ فېدورنىڭ سۆزلىرىنى قالدۇرماي باتۇغا تەرجىمە قىلىپ بەردى. بۇنى ئاڭلىغان باتۇخان ئۆزىنى قويىدىغان



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

يەر تاپالماي، شالىنى چىپچىپ چالۋاقاپ كەتتى.

— مېنىڭ مەرھۇم تەڭداشسىز قەھرىمان بوۋامغا يەر-جاھان باش قويغانىدى. ئۇنىڭ قىلىچىنىڭ زەربىسىدىن يەر يۈزى تىترىگەنىدى. ھەي، رۇسلار، سىلەرگە بىز بىلەن ئۈزەڭگە سوقۇشتۇرىدىغان كۈچ نەدىن كەلدى؟ بىزگە قول كۆتۈرگەنلەرنىڭ ھەممىسى تېزەك چىشلىمىگەنمىدى؟ سەن خەق نېمەڭگە ئىشىنىسەن؟ ئۆزۈڭنى نېمە چاغلىشىسەن؟ — دېدى باتۇ.

فېدور ھېيىقماستىنلا:

— سېنىڭ بۈيۈك ئاتاڭ چىڭگىزخاننىڭ شۆھرىتىنى ئاڭلىغانمەن، مەن ئۇنداق تەڭدىشى يوق ئەرگە تەزىم قىلىمەن. ئۇنىڭ نەسلىدىن بولغان ساڭىمۇ تەزىم بىجا كەلتۈرىمەن. تېنىڭنىڭ سالامەت، سەلتەنەتلىك دەۋرانىڭنىڭ ئۇزۇن بولۇشىغا تىلەكداشمەن. مەن سەندىن بىر نەرسىنى سورىماقچىمەن. شۇنچىۋالا پۈتمەس-تۈگىمەس دۇنياغا ئىگە بولغان. دۇنيانى ئالقىنىڭغا كىرگۈزگەن ئۇرۇقلۇق ئەرزىمەس رەزانىنىڭ نېمىسى سېنى شۇنچە قىزىقتۇردى؟ سىلەر سەھرادا يۈرىدىغان خەلق. يىلقىلىرىڭلار چۆلدىكى قىياقنى ياخشى كۆرىدۇ. بىز ئېيىققا ئوخشاش ئورماننى پاناھلايدىغان خەلق. قورۇم بېسىپ كەتكەن ياغاچ ئۆيدە ئولتۇرىمىز. ئويلاپ باقسام، ئوتتۇرىمىزدا تالىشىدىغان ھېچنەرسە يوق، ئۇنىڭ ئورنىغا بىر-بىرىمىزنى ھۆرمەت قىلىپ، ئۆزئارا ئىناق قوشنىلاردىن بولۇپ ئۆتسەك بولمامدۇ؟ — دېدى.

— ھەي سولتەك! ئىش كۆرمىگەن نادان. موڭغۇل پادىشاھىغا شۇنداق جاۋاب بېرىشكە قانداق پېتىندىڭ، — دەپ ۋارقىرىدى گىلىپ، فېدورغا قارشى چىقىپ.

بۇ چاغدا باتۇخان ئۇڭ تەرىپىدە ئولتۇرغان سۇبىتاي باھادىرغا بۇرۇلۇپ بىر نەرسە دەۋاتاتتى. فېدور ئۆزى ياشىنىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قالغان، سىڭا كۆزى پىيالىدەك يالتىراپ تۇرىدىغان بۇ بەستىلىك موڭغۇلنىڭ — تاتار پادىشاھىنىڭ ئەڭ داڭدار قوماندانى، ئەڭ يېقىن مەسلىھەتچىسى ئىكەنلىكىنى چۈشەنگەنىدى.

ئەمدى سۇبىتاي سۆز ئالدى:

— كۆك ئاسماندا بىرلا قۇياش بار. يەر يۈزىدىمۇ يالغۇز بىرلا خۇدا بار. ئۇ بولسىمۇ موڭغۇل خاقانى. يەر يۈزىدىكى ھەرقانداق كىشى ئۇنىڭ ئالدىدا تىزلىنىپ يەرنى ئۆپۈشى لازىم، رۇسلار بۇنى خالىسۇن ياكى خالىمىسۇن بەربىر شۇنداق قىلىشقا مەجبۇر. باتۇخان خاسىيەتلىك پۇتى بىلەن يەلكەڭلەرنى دەسسەپ ئۆتىدۇ. ئاندىن سىلەر موڭغۇل خانىغا سېلىق تۆلەپ ھەر كۈنلۈك ئىبادىتىڭلاردا ئۇنىڭ ئۈچۈن دۇئا-تىلاۋەت قىلىشىڭلار شەرت. ھازىرغىچە بويسۇنمىغىنىڭلارنىڭ ئۆزى چوڭ گۇناھ، — دېدى.

دەل شۇ چاغدا غوجىدار كىرىپ خاننىڭ ئايىغىغا يىقىلىدى، ئۇ قورققىنىدىن دىرىلدەپ ئارانلا سۆزلەيتتى:

— ئالەمگە نۇر چاچقۇچى نەجاتكارىم، تاماق ھازىر بولدى. تويۇڭغا ئاتىغان داستىخاننى سېلىشقا مۇمكىنمىكىن؟ — دەپ سورىدى.

— ئەكىرىۋەر! — دېدى باتۇخان مۇزدەك كۆكىرىپ تۇرغان چىرايىنى ئۆزگەرتمەي تۇرۇپ.

فېدور يولداشلىرى بىلەن تۇرغان پېتى قىمىر قىلمىدى. ئۇلارغا ھېچكىممۇ ئېتىبار قىلمىدى.

كىنەز گىلىپ ئاق سانجىغان قىلىن قارا ساقىلىنى سىيلاپ كۆرەڭلىگەن قىياپەتتە رۇس ئەلچىلىرىگە قاراپ - قاراپ قوياتتى. ئۈستىدىكى كونىراپ پېتىدىن كەتكەن چەكمىنىگە قارىغاندا، ئۇ پۇتى يىپ بىلەن باغلانغان، قانات قۇيرۇقى يولۇنغان بولسىمۇ، ھەيۋىسى كەتمىگەن تاغ بۈركۈتىگە ئوخشايت-

تى، بىر چاغدا ئۇ رۇس ئەلچىلىرىگە قاراپ:

— قەدىرلىك مېھمانلار! نېمىشقا ئۆرە تۇرىسىلەر؟ سىلەرنى ھېچكىم چىللىغىنى يوق. ئۆزۈڭلار كەلدىڭلار. توي ئۈستىگە كەلگەندىن كېيىن، ئەلۋەتتە داستىخانغا داخىل بولسىلەر. ئۆز جايىڭلاردا ئولتۇرۇۋېرىڭلار، — دېدى.

كىنەز فېدورنىڭ يېنىدا بەستلىك، ئېھتىياتكار كىنەز ئېجىسلاۋسكى تۇراتتى. ئۇ فېدورغا شىۋىرلاپ:

— ۋەتەن ئۈچۈن ھەرقانداق ئار نومۇسقا چىدايلى كىنەز فېدور. ئۆزۈڭنىڭ ھەم بىزنىڭ ئابرويىمىز ئۈچۈن تىرىشقىن. قايتىپ كېتىش قىيىن ئەمەس، لېكىن تاتارلار بىلەن بىر پىكىرگە كېلىشمۇ ئوڭاي ئەمەس، — دېدى.

بۇ چاغدا كىنەز مودامىسكى مۇنداق دېدى:

— بىزنىڭ سالامەت قايتىپ ئەل - يۇرت بىلەن كۆرۈشۈشىمىز يوق ئوخشايدۇ. نېمىلا بولمىسۇن تاتارلارنىڭ مېھماندوستلۇقى قانداقكىن بېرىپ كۆرەيلى. ئۇنىڭ سۆزى تۈگىمەيلا غوجىدار ئۇلارغا بۇرۇلۇپ:

— ئولتۇرۇڭلار! باتۇخان سىلەرنى زىياپەتكە تەكلىپ قىلدى، — دېدى.

رۇس ئەلچىلىرى چېدىرنىڭ يان تېمىنى بويلاپ بېرىپ گىلەم ئۈستىدە چازا قۇرۇپ ئولتۇردى.

كىنەز فېدور ۋە ئۇنىڭ يولداشلىرى قىپچاق خانلىقىغا تالاي قېتىم بېرىپ ئۇلارنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرىنى كۆرگەنىدى. تويدا، تاماقتا، مېھمان كۈتكەندە، ھەربىر تاۋاقتا سېلىنغان گۆشنىڭ ئۆزىگە لايىق ئورنى بولىدۇ، شۇنىڭغا قاراپ ساھىبخاننىڭ كىمگە قانداق ھۆرمەت بىلدۈرگەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. شۇڭا رۇس ئەلچىلىرى تاۋاقلارنىڭ تارتىلىشىدىن كۆزنى ئۈزمەي قاراپ ئولتۇردى.

تاتارلارنىڭ ئادىتى بويىچە قوي گۆشى بولسۇن ياكى باشقا مالنىڭ گۆشى بولسۇن، پىشۇرۇلغاندىن كېيىن، بۇرۇندىن كېلىۋاتقان ئادەت بويىچە ئۇنى ھەرقايسى سۆڭەكلەر بويىچە ئۈگە - ئۈگىدىن ئاجرىتىدۇ. بۇ ئىشنى ھەر دائىم مۇشۇنداق ئىش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ماھىر ئادەملەرگە تاپشۇرىدۇ. گۆش پارچىلايدىغان ئادەمنىڭ بىزدە مەخسۇس ئىسمى بار. «يوتەل» مۇ ئەيتاۋۇر بىر سۆز ئىدى. ئېسىمگە ئالالمىدىم. ھەرقانداق مالنىڭ گۆشى ئالدى بىلەن ئوتتۇرىدىن ئىككىگە بۆلۈنىدۇ. ئاندىن ئۇنى يىگىرمە تۆت ئۈگىگە بۆلۈپ، مېھماننىڭ سانىغا قاراپ يا يىگىرمە تۆت تاۋاققا، يا ئون ئىككى تاۋاققا سېلىنىدۇ. ھەربىر كىشىگە بىر تاۋاقتىن تارتىلىدۇ. ئەگەر ئادەم كۆپ بولۇپ قالسا ئىككى - ئۈچ كىشىگە بىر تاۋاق تارتىلىدۇ.

خاننىڭ تاۋاقچىلىرى ئارقا - ئارقىدىن چېدىرغا كىرىپ چىقىپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ ھەرقايسىسى بىردىن تاۋاق كۆتۈرگەن بولۇپ، تاۋاقنى ئىككى قوللاپ تۇتۇپ، ئىنتايىن ھۆرمەت بىلەن ماڭاتتى. ئالدىدىكىنىڭ ئالدىدا ئالتۇن تاۋاق، قالغانلىرىنىڭ قولىدا كۈمۈش تاۋاق بار ئىدى.

غوجىدار ئالتۇن تاۋاقنى تاۋاقچىنىڭ قولىدىن ئېلىپ، باتۇخاننىڭ ئالدىغا بېرىپ تىزلىنىپ ئولتۇردى. ئۇ تاۋاقتا قوينىڭ مېيى تېمىپ تۇرغان يامپىشى بىلەن بېشى بار ئىدى. باتۇخان ئىككى قولى بىلەن تاۋاقنى ئالدى - دە، ئۆزىنىڭ ئالدىغا قويدى. ئاندىن قوينىغا قولىنى سېلىپ غىلاپتىن چاقنان بىر پىچاقنى سۇغۇرۇۋالدى - دە، قوينىڭ بىر قۇلىقىنى شارتتىدە كېسىۋېلىپ باشنى سول تەرىپىدە يۈكۈنۈپ ئولتۇرغان ئىنىسى شۇيبان خانغا بەردى. پۈتى يەرگە تەگمەي يۈگۈرۈپ يۈرگەن تاۋاقچىلار مېھمانلار ئارىسىدا غۇيۇلداپ يۈرۈپ، تاۋاقنى قوياتتى. تۆت مېھمانغا تۆت چوڭ تاۋاق كەلتۈردى.

بۇ ئالاھىدە ھۆرمەتنىڭ بەلگىسى ئىدى. قالغانلارغا ئىككى كىشىگە بىر تاۋاقتىن قويۇپ ماڭدى.

رۇس ئەلچىلىرى تارتىلىۋاتقان تاۋاقلارغا قاراپ ئۇنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىپ ئولتۇراتتى. ماۋۇ ئولتۇرغان ئىككى خاننىڭ بىرىگە ئوڭ بىقىن، يەنە بىرىگە سول بىقىن تەگدى. بۇلار قوشۇننىڭ ئوڭ ۋە سول تەرەپ رەھبەرلىرى بولسا كېرەك. ئاۋۇ قوينىڭ قول سۆڭىكىنى غاجاپ ئولتۇرغانلار — ئالدىنقى سەپتىكى ئادەملەر بولسا كېرەك، دەپ مۆلچەرلىدى ئۇلار.

قوينىڭ تۆشى خاننىڭ چوڭ ئايالىغا سۇنۇلدى. قالغان سۆڭەكلەر باشقا ئاياللىرىغا سۇنۇلدى.

تاۋاقلار تارتىلىپ بولغاندىن كېيىن، غوجىدار دۇئا ئوقۇدى. شۇندىن كېيىنلا تاتارلار بىردەك تاۋاققا قول سالدى.

ئەلچىلەرگە تېخىچە تاۋاق تارتىلمىغانىدى. ئۇلار بىزنى ئۇنتۇپ قالغان ئوخشايدۇ دېيىشىۋىدى، تاۋاقچىلار بىر ئىككى تاۋاقنى ئېلىپ كېلىپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا قويدى. تاۋاقتا قوينىڭ پاقالچەكلىرى، ئۈچەي - قېرىنلىرى، قويمىچاقلىرى بار ئىدى.

تۇغرىسىنى ئېيتقاندا، مۇنداق تاماق تاتارلارنىڭ ئادىتى بويىچە مالايلارغا، مالنىڭ ئىچى - قارنىنى يۇغان ئاياللارغا، ئوچاققا ئوت قالىغان باللارغا بېرىلەتتى. بۇنىڭ ئەلچىلەرنى كەمسىتىپ قەستەن قىلغان ئىش ئىكەنلىكى ھەممىگە ئايان ئىدى. قويۇلغان تاۋاقلارغا ئەلچىلەر زادىلا قول سالمىدى. ئۇلار بېشىنى كۆتۈرمەي گۆش يەۋاتقانلارغا قاراپ ئولتۇردى. يەنە بىر تەرەپتىن ئاندا - ساندا ئۆزلىرىنى مەسخىرە قىلىپ ئېيتىلغان سۆزلەرگىمۇ دىققەت قىلدى.

كىنەز كېلىپ ئىككى خان بىلەن بىر تاۋاقتا ئولتۇرغانىدى. ئۇ مەغرۇرلانغان ھالدا ئەلچىلەرنى سۆز بىلەن چېقىۋالماقچى بولۇپ:

www.uyghurkitap.com

— ھە، مۆھتەرەم مېھمانلار، نېمىشقا زىياپەتكە ئېغىز تەگمەيسىلەر؟ غوجائىلارنىڭ ئاچچىقى كەلمەمدۇ؟ — دېدى.

كىنەز پىرونىسكى ئۇنىڭغا لايىقىدا جاۋاب قايتۇرۇپ:

— «تويغا بارساڭ، تويۇپ بار» دېگەن قىپچاق ماقالىسى بىزگە ئەزەلدىن مەلۇم. بىز ئۆي ئىگىسىنىڭ كۆرسەتكەن مەرھەمىتىگە رەھمەت ئېيتىمىز، — دېدى.

بىر ئازدىن كېيىن ھەممىسى گۆشلىرىنى يەپ بولۇپ، ماي ئېقىپ تۇرغان قوللىرىنى مايلىقىغا ئېرتتى. بەزىلەر قولىنىڭ مېيى بىلەن جۇۋىسىنىڭ پەشلىرىنى، ئۆتۈكىنىڭ قونچلىرىنى مايلىدى. ئۇزۇن ئۆتمەي كۈمۈش پەتنۇس كۆتۈرگەن مالايلار ھەر خىل ئىچىملىكلەرنى ئەكىرىشكە باشلىدى. ئىچىملىكلەر قىمىز بىلەن قارزا① ئىدى. يالتىراپ تۇرغان ئالتۇن كاسلار، كۈمۈش پەتنۇسلار دائىرە بولۇپ ئولتۇرغان كىشىلەرنىڭ ئالدىغا سۇنۇلدى. ھەركىم ئۆزىنىڭ خالىغان ئىچىملىكىنى تاللاپ ئالاتتى.

رۇس ئەلچىلىرىگە قارزا تولدۇرۇلغان كاسلار بېرىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن، ھەممىسى كاسىلىرىنى قولىغا ئالدى.

بۇ چاغدا غوجىدار باتۇخاننىڭ ئالدىدا تىزلىنىپ تۇرۇپ، خۇداغا سېغىنىپ دۇئا قىلدى ـ دە، تۆۋەندىكى قوشاقنى بىراقلا ئوقۇۋەتتى:

— قەھرىدىن ياۋ ھېيىققان،
مېھرىدىن ئەل سۆيۈنگەن،
ئالتۇن تەختتە ئولتۇرغان،
مەرھەمەتلىك شاھىنىڭ.
ئالقىش ياغسۇن بېشىدىن!

---

① قارزا — سۈتتىن ياسىلىدىغان ھاراق.

كاپالىتىمىز - پىرىمىز،
سۈلدى، سوقۇش تەگرىسى.
بەختىمىزنىڭ قۇشى بۇپ،
كېلىپ قونسۇن ئورۇن ئېپ،
ئالتۇن چېدىر ئۈستىدىن.

ئاق ئوردىنىڭ ئەركىسى،
ئۆك قاناتتا ئولتۇرغان.
خانىشلارنىڭ ھەممىسى،
ھەربىرى تۇغسا ئون ئىككى.
بولسا ھەممىسى سەردارى!
بەختىڭ سېنىڭ كەتمىسۇن،
سەلتەنەت ھەم دۆلىتىڭ.
مەڭگۈ - باقى بولمايسەن!
ئۆركەشلىرى تىك تۇرۇپ،
لاپىلدايدۇ پۇتلىرى.
غاز بويۇنلۇق تۆگىلەر،
پالتىرايدۇ تۈكلىرى.
چىشلىشىدۇ - كىشنىشىپ،
سۈرەت كەبى يىلقىلار.
سېمىزلىكتىن سەكرىشىپ،
بىلدۈرمەكچى شاشلىقىن.

قورۇ - قورۇ قوي - ئۆچكە،
تۇياقلىرى تارسىلدار.
قارا قۇمدەك قاپلىغان،
پادا - پادا سىيىرلار،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ھېسابىغا سان يەتمەس،
يەر تېنى پۈركىسۇن!

ساڭا قارشى ياۋۇزنىڭ،
جەڭدە سۇنسۇن قىلىچى.
ئۆلسۇن زارلاپ خوتۇنى،
يالغۇز ئۆيدە قامىلىپ.
قارا نىيەت دۇشمەننىڭ،
روزى - غارى كۆل بولسۇن.
چىرىغى ئۇنىڭ گۇم بولۇپ،
بىر نانغىمۇ زار بولسۇن.

شۇنىڭدىن كېيىن ھەممە ئىچىملىككە قول سۇندى. رۇسلارمۇ قولىدىكى كاسىلارنى ئەمدى كۆتۈرەيلى دەپ تۇراتتى. دەل مۇشۇنى كۈتۈپ تۇرغاندەك خانىلارنىڭ بىرى يۇقىرى ئاۋاز بىلەن:

— رۇسلارنىڭ كۆلى كۆككە ئۇچسۇن، ئۇلار ئېتىمىزنىڭ تۇيىقى ئاستىدا بىتچىت بولسۇن! — دەپ ۋارقىرىدى.

— رۇسلار لاچىن سوققان كەپتەردەك، ئۇۋۇسى بۇزۇلغان قۇشقاچتەك ھەر تەرەپكە پىتىراپ كەتسۇن! — دەپ باشقىلارمۇ ئۇنىڭغا قوشۇلۇپ ۋارقىراشتى.

ئەلچىلەر قولىرىدىكى كاسىلارنى يەرگە قويدى.

باتۇخان ئۇلارنىڭ ئىچمەي ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ مازاق قىلىپ:

— سىلەر نېمە ئۈچۈن يالغۇز كەلدىڭلار؟ ئاياللىرىڭلارنى بىرگە ئېلىپ كەلسەڭلار بولمامدۇ؟ — دەپ سورىدى.

قىزىتۋالغان كىشىلەر پاراقلاپ كۈلۈشكە باشلىدى.

كىنەز كېلىپىنىمۇ باتۇخانغا ئاز - تولا خىزمەت كۆرسەتكۈسى كەلگەن بولسا كېرەك.

— ئەڭ مۇھىمى ماۋۇ كىنەز فېدور ئۆزىنىڭ ياش ئايالىنى ئېلىپ كېلىشى لازىم ئىدى. بۇنىڭ ئايالى چەت ئەلنىڭ خانزادىسى، ئىسمى يېۋپىسراكسىيا. گۈزەللەرنىڭ گۈزىلى. خۇددى قاراڭغۇ ئاسماندىكى چاقناپ تۇرغان بىر يۇلتۇز، — دەپ كاپشىپ كەتتى.

باتۇخان تازا كەيىپ بولغاندا فېدورغا يەنە تەگكىلى تۇردى:

— سەن ئۆيۈڭگە بېرىپ ئايالىڭنى ئېلىپ كەلگىن! ئۇ ناخشا ئېيتسۇن، ئۇسسۇل ئوينىسۇن، بىز ئۇنىڭدىن لەززەت ئالايلى.

كىنەز فېدور قىلچە تەپ تارتماستىنلا توغرىسىنى ئېيتتى:

— ئۇنداق قىلىش ئادەمگەرچىلىك ئەمەس، ئەگەر سوقۇشتا يېڭىپ چىقساڭ بىزنىڭ قولىمىزدىكىنىڭ ھەممىسى سېنىڭكى بولىدۇ.

باتۇخاننىڭ ئاياللىرى خۇددى قاتۇرۇپ قويغان ھەيكەلدەك قىمىر قىلماي ئولتۇراتتى. رۇس كىنەزىنىڭ جاۋابىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۇلار جايىدا ئولتۇرالماي قالدى ھەتتا بىر ئىككىسى ئۆزىنى تۇتالماي چاۋاكمۇ چېلىۋەتتى. ئەڭ كىچىك ئايالى:

— ماۋۇ رۇسنىڭ سۆزىنى قارا، نېمىدېگەن ئېسىل ئادەم بۇ، — دېدى.

كىنەز ئىجېسلاۋىسكى فېدورنىڭ قۇلىقىغا شىۋىرلاپ:

— ئەمدى بىزنىڭ بۇ يەردە تۇرۇشىمىزنىڭ ھاجىتى قالمىدى، — دېدى.

— چۈشىنىۋاتىمەن، — دېدى فېدور ۋە ئورنىدىن تۇرۇپ:

— جانابىي خان ئالىيلىرى، مېنى ئەپۇ قىلغايسەن، بىز يۇرتىمىزغا قايتايلى ...، — دېدى.

www.uyghurkitap.com

باتۇخان كۆزىنى ئالايتىپ ئۇنىڭغا قارىدى ــ دە:

— قايتىش نېمە ۋەجىدىن، ئولتۇرۇپ قىمىز ئىچىڭلار.

— بىز سېنىڭ بىلەن دوست بولۇشقا، خۇدا قوشقان قوشنا بولۇشقا، بۇزۇلماس ئىتتىپاق تۈزۈشكە تەشنامىز. لېكىن بىزدە «ئاشنى ئاياققا ئاڭغىلى بولمايدۇ» دېگەن ماقال بار. ئەھۋال- دىن قارىغاندا بۇ يەردە تۇرۇشىمىزنىڭ ھاجىتى يوق ئوخ- شايدۇ. ئەگەر خالىساڭ، بىز ساڭا سادىق دوست بولىمىز. لېكىن ھەرگىز بويۇنىمىزغا تاقاق سېلىپ، قۇل بولمايمىز. مۇبادا قوشۇن تارتىپ، بىزگە ھۇجۇم قىلساڭ، قىلىچىمىزنىڭ ئۆتكۈر تىغى بىلەن ئۆزىمىزنى قوغداشقا مەجبۇرمىز.

سۆزى تۈگىگەندىن كېيىن، فېدور ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى باش كىيىمىنى قولىغا ئېلىپ ئېگىلىپ تۇرۇپ باتۇخانغا تەزىم بەجا كەلتۈردى. ئاندىن فېدور بېشىنى ئارقىغا بىر سىلكىپ چوۋۇلغان چاچلىرىنى ئورنىغا كەلتۈردى. بۇ چاغدا ئۇنىڭ كۆزى ئۆزىنى ماختىغان كىچىك خانىشنىڭ كۆزى بىلەن دوقۇ- رۇشۇپ قالدى. خانىشنىڭ ئۇپا سۈركىگەن ئاپئاق يۈزى، سۈرمە تارتقان جادۇ كۆزلىرى ئۆزىگە تىكىلىپ تۇرغانىدى. فېدور بىرنەچچە دەقىقە ئۇنىڭدىن كۆزىنى ئالماي قاراپ تۇردى ــ دە، ئاندىن پاپىقىنى بېشىغا باستۇرۇپ كىيىپ، قەددىنى تىك تۇتۇپ، مەغرۇرانە، مەزمۇت قەدەم بىلەن چېدىردىن چىقىپ كەتتى.

ئەلچىلەر چىقىپ كېتىۋاتقاندا باتۇخان سۇبىتاي باھادىرغا شىۋىرلاپ بىر نېمىلەرنى دېدى. سۇبىتاي باھادىر ئىنجىقلاپ ئورنىدىن تۇرۇپ، ئاسقاقلاپ ئىشىككە ماڭدى.

باتۇخان ئولتۇرغان كۇرسىنىڭ يان يۆلەنچۈكىنى تۇتۇپ، بىر نەرسىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈۋاتقاندەك، تېڭىرقىغان پېتى ئولتۇرۇپ قالدى. ئۇ ئىچىدىكىلەر نېمە بولغانلىقىنى

بىلەلمەي ھەممىسى سىرتقا قولاقلىرىنى دىك قىلىپ ئولتۇردى. ئۆي ئىچى قۇدۇقتا تاش چۈشكەندەك جىمجىتلىققا چۆمدى. بىر ئازدىن كېيىن ئات تۇيىقىنىڭ تارسىلدىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. چېدىرنىڭ يېنىدىن ئاتلىقلار چېپىپ ئۆتكەندەك بولدى.

بىر چاغدا خەزەپ بىلەن ۋارقىرىغان ئاۋازلار، جان تالىشىۋاتقان ئادەملەرنىڭ خىرقىراشلىرى، قىلىچ ۋە قالقانلارنىڭ جاراقشىغان ئاۋازلىرى روشەن ئاڭلاندى. باتۇخان ئولتۇرغان ئورنىدىن قىمىر قىلمىدى. باشقىلارمۇ قولىدىكى كاسىنى تۇتقان پېتى تۇرۇپ قالدى.

بىر ھازادىن كېيىن سۇبىتاي باھادىر ئىككى كۆزى قانغا تولغان، پېشانىسىدىن پۇرقىراپ تەر چىقىپ تۇرغان ھالەتتە كىرىپ كەلدى - دە، ئورنىغا ئۆتۈپ ئولتۇردى.

— قانداق بولدى؟ — دەپ سورىدى باتۇخان.

— ھەممىنى يىغىشتۇرۇۋەتتۇق. پەقەت بىر خىزمەتكارىلا قالدى. ئۇ بىزنىڭكىلەرنىڭ بىرىنىڭ قىلىچىنى تارتىۋېلىپ، قوناز① فېدورنىڭ جەسىتىنى قوغداپ جان پىدالىق بىلەن ئېلىشتى. ئاخىرى ئۇنىڭ ئۈستىدە قىلىچىنى كۆتۈرگەن پېتى تۇرۇپ قالدى. مەن ئۇنى قوغداپ قالدىم. چۈنكى مەرھۇم ئاتائىنىڭ: «ئادىل خىزمەتكارنى قەدىرلەش كېرەك. ھەتتا ئۇنىڭ غوجىسى دۈشمىنىڭ بولسىمۇ» دېگەن سۆزىنى بىرنەچچە قېتىم ئاڭلىغانىدىم.

— قوناز گىلىپ ئۇنى ئېلىپ كىرگىن، مەن بىر كۆرەي! — دېدى باتۇخان.

كىنەز گىلىپ ۋىلادىمىروۋېچنىڭ ئورنىدىن تۇرۇپ كۆيۈشۈپ قالغان پۇتلىرىنى تۈزەپ، موڭغۇللارغا ئوخشاش ئالچاڭلاپ

① قوناز — كىنەزنىڭ بۇزۇپ ئېيتىلىشى.

www.uyghurkitap.com

مېڭىپ چېدىردىن چىقىپ كەتتى. كۆزنى يۇمۇپ- ئاچقۇچە بويى ئېگىز، ئاق چاچلىق چالىنى ئېلىپ كىردى. ئىككى موڭغۇل لەشكەر ئۇنى قولتۇقىدىن تۇتۇپ تۇراتتى. قىلىچ تىلىپ كەتكەن يۈزىدىن ئاققان قان ئۇنىڭ ئاپئاق ساقىلىنى قىزىلغا بويىغانىدى.

— كىم بولىسەن؟ — دەپ سورىدى باتۇخان.

— كىنەز فېدور يورىيۋىچنىڭ خىزمەتكارى ھەم تەربىيىچىسىمەن.

— ئىسمىڭ نېمە؟

— ئاپونىسا.

— ھۆرمەت ئېتىشقا مىنىمەن دېسەڭ، مېنىڭ خىزمىتىمنى قىل.

— ياق، ئەڭ ياخشىسى قىلىچ بىلەن كاللامنى تېنىمدىن جۇدا قىلغىن. سېنىڭ خىزمىتىڭدە بولالمايمەن.

بۇ چاغدا باتۇخاننىڭ كىچىك ئايالى يولتۇز خېنىم تىترىگەن ئاۋاز بىلەن:

— جاھانگىر رەھىم قىلىپ بۇ كىشىنى قويۇۋەتكىن، — دېدى.

باتۇخان باش لىڭشىتىپ ماقۇللۇقنى بىلدۈردى ۋە ئاپونىساغا قاراپ يەنە سۆزلىدى:

— سەن ئادىل خىزمەتكار ئىكەنسەن. سېنى كەچۈردۈم. ساڭا ئات بېرەي، تۈز يۇرتۇڭغا قايتقىن. رەزان كىنەزنىڭگە شۇنداق دېگىن: ئۇنىڭ ئوغلى يۇتكول جاھاننىڭ پادىشاھى ئالدىدا بىئەدەبلىك قىلغىنى ئۈچۈن ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلىندى. سۇبىتاي باھادىر، سەن بۇ رۇسنىڭ يېنىغا ئىشەنچلىك تۆت نۆكەر قوشقىن. يولدا ئۇنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغداپ، رۇسلارنىڭ بىرىنچى قاراۋۇلىغا سالامەت يەتكۈزسۇن، — دېدى.

موڭغۇللار ئاپونىسانى چېدىردىن ئېلىپ چىقتى. باتۇخان مېھمانلىرى بىلەن تويىنى تويلاۋەردى. ئۇلار تويى ئۈستىدە

رۇس يېرىگە قىلىنىدىغان ھۇجۇم توغرىسىدىكى پىلاننى مۇزاكىرە قىلدى.

## ئۈچىنچى باب

## چاقىرىلمىغان مېھمانلار

بىر كۈنى ئالدىنقى سەپتىكى چارلىغۇچىلار ئىچىدىن تۇرۇپكا ئۈن - تىنسىز يوقاپ كەتتى. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان چارلىغۇچىلار تەرەپ - تەرەپكە چېپىپ ئىز قوغلاپ يۈرۈپ، بىر يەردە قېتىپ قالغان قاننى ئۇچراتتى. ئەتراپنى كۆزىتىش ئارقىلىق بۇ يەردە ئېلىشىش بولغانلىقىنى ئېنىقلىدى. ئۇلار تامچىلىغان قاننى قوغلىشىپ بېرىپ تۆت ئاتنىڭ ئىزىغا يولۇقتى. ئاتلارنىڭ ئىزى تاتارلار تەرەپكە قاراپ كەتكەنىدى. چارلىغۇچىلارنىڭ بىرى ساۋىلى دىكاروس بولۇپ، ئەزەلدىن كەم سۆز، بۇ ئادەم ئەمدى قاپىقىنى زادىلا ئاچمايدىغان، كىشىلەر بىلەن سۆزلەشمەيدىغان، ئۆزى يەككە - يېگانە يۈرىدىغان بولۇۋالدى. تۇرۇپكىنىڭ يوقاپ كېتىشى ئۇنىڭغا قاتتىق تەسىر قىلغانىدى. ئۇ دائىم دالانى كېزىپ، دالادا تۈنەپ قالاتتى. تۇرۇپكىنىڭ ئەھۋالىنى بىلىش ئۈچۈن ئۇ بىر ئامال قىلىپ تاتارلاردىن «تىل» تۇتماقچى بولۇپ، تاڭ ئاتقۇچە كىرپىك قاقماي ئورمان ئىچىدە يوشۇرۇنۇپ ئولتۇردى. بۇلارنىڭ ئىچىدە قاتتىق قايغۇغا چۆمگەنىنىڭ يەنە بىرى كۇدرياش ئىدى.

— ئەگەر ئۇ ياۋۇزلار تۇرۇپكىنى ئۆلتۈرگەن بولسا، كىيىمنى يېشىۋېلىپ جەسەتنى تاشلاپ كەتكەن بولاتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئەھۋالدىن قارىغاندا ئۇنى تىرىك ئەپكەتكەن ئوخشايدۇ، — دېدى ئۇ ئۆزىنىڭ ئويىنى يولداشلىرىغا ئېيتىپ.

سوغۇق بارغانسېرى كۈچىيىۋاتاتتى. بوران ئۇچۇرغان قار چوڭقۇرلارنى تۈزلەپ، دالدا يەرلەردە دۆۋىلىنىپ قالغانىدى. سۈپسۈزۈك ئاسماندا، قىلچە تەپتى بولمىغان كۆڭۈلسىز قۇياش پارقىراپ تۇراتتى. ئۇ ئۇپۇققىچە يېيىلغان بىپايان دالا ئالقانىدىكىدەك ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. بۇرۇن يىراقلاردىن لىپپىدە كۆرۈنۈپ قويۇپ، يوقاپ كېتىدىغان ئاتلىق تاتارلار ئۈچ كۈندىن بېرى قارىسىنى كۆرسەتمەيدىغان بولدى.

— ئالدىغىراق بېرىپ باقايلى، بەلكىم بىزنىڭ كىنەز باتۇخان بىلەن سۈلھىگە كەلگەن بولسا. تاتارلار كەينىگە چېكىنىپ ئىسسىق تەرەپلەرگە كەتكەندۇر. بىز بىكاردىن بىكارغا بۇ يەردە تېنەپ يۈرمەيلى، — دېدى ساۋېلى يولداشلىرىغا مەسلىھەت قىلىپ.

پېرۇتوۋبوردىن كەلگەن قوشۇنلار تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ بېرىپ كۆرۈپ بېقىشقا قوشۇلدى. كۇدرىياش ئۇلارنى ئەڭ چەتتىكى ئېگىسىز قالغان بىر قىشلاققا ئېلىپ بارماقچى بولدى. بۇرۇن شۇ يەردە ئۇ قىپچاق سودىگەرلىرى بىلەن مۇئامىلە قىلغانىدى. قالغانلار ئىرەن دەرىخىنىڭ تۈۋىدە ئۇنى كۈتىدىغان بولدى.

كۇدرىياش، ۋاۋىلا، زىنۇياگا ۋە ساۋېلىلار كۈن پەردىسى يېيىلغاندىن كېيىن، قولىغا پالتىلىرىنى ئېلىپ يولغا چۈشتى. ئەتراپتىكى ھەربىر ئازگال، ھەربىر دۆڭ ۋە ھەربىر چاتقال ئۇلارغا بەش قولدەك تونۇش بولۇپ، كېچىسى ئايدىڭ بولغانلىقى ئۈچۈن، تېنەپ كېتىش خەۋپى يوق ئىدى. يولۇچىلارمۇ بىرنەچچە كۈنلۈك ئوزۇقلىرىنى ئېلىپ، تولۇق تەييارلىق بىلەن چىقتى. ئۇلار يولغا چىقىپ بىرئاز ماڭغانـ

دىن كېيىن، قىشلاق تەرەپكە ماڭىدىغان كىچىك دەريانىڭ بويىغا كېلىپ، قېلىن چاتقاللىقنىڭ ئىچىگە يوشۇرۇندى. بۇ يەر-دە قىشنىڭ بۇ ئۇزۇن تۈنىنى تاڭغا ئۇلاش ئۇلارغا ئوڭايغا چۈشمىدى. قىشلاق دەريانىڭ كەڭ يېيىلىپ ئاقىدىغان يېرىگە جايلاشقان بولۇپ، ئەتراپ ھەر تەرەپكە قاراپ بۆلۈنگەن ساي، جىلغا ئىدى.

ئەتىگەنكى تۇماننى قىزىل نۇرغا پۈركەپ، ئۈپۈقتىن قۇياش كۆتۈرۈلدى. كۈنپېتىشتىن بولسا قوغۇشۇندەك ئېغىر بۇلۇتلار تۈرۈلۈپ چىقىۋاتاتتى.

بىر چاغدا قىرنىڭ كەينىدىن لەپپىدە بىر ئاتلىق چىقىپ كەلدى. قولىغا نەيزە تۇتقان بۇ تاتار ئېتىنى بۇ تەرەپكە قاراپ يۈرگۈزۈپ كېلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئاستىدا يوغىلۇق كەلگەن كۆرەڭ ئات، ئۈستىدە كونا قارا جۇۋىسى بولۇپ، ھېلىدىن - ھېلىغا ئەتراپىغا قاراپ ھەربىر تىۋىشقا قۇلاق سېلىپ ئىنتا-يىن ئېھتىيات بىلەن ماڭاتتى. ئۇ ئېتىنىڭ بېشىنى قىشلاققا قاراپ بۇرىدى. دېھقانلار ياتقان يەرنىڭ ئۇدۇلىغا كەلگەندە، ئېتىنى دېۋىتىپ ناھايىتى تېزلا ئۆتۈپ كەتتى. بىرئاز چاپقان-دىن كېيىن ئېتىنىڭ بېشىنى تارتىپ بۇراپ، ئەتراپىغا بىر قارىۋېتىپ يەنە ماڭدى - دە، شۇ مېڭىشى بىلەن تۆۋەنگە چۈشۈپ كەتتى. ئاتنىڭ تۇيىقى ئاستىدا نېپىز مۇزنىڭ قاراس-لاپ سۇنغان ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. بىردىنلا بۇ ئاۋاز جى-مىپ قالدى. ئېھتىمال ئۇ ئېتىنى سۇغىرىۋاتقان بولسا كېرەك. كۆپ ئۆتمەي ئۇ يەنە دەريانىڭ قىرغىقىغا چىقتى - دە، ھېچ-نەگە بۇرۇلماي بىپايان تۈزلەڭگە قاراپ مېڭىپ بارغانسېرى كىچىكلەپ كۆزدىن يۈتتى.

— قىيسىق كۆزنىڭ قىشلاققا چۈشمىگىنىگە قارىغاندا قىشلاقتا ئادەم بولمىسا كېرەك. ئەڭ بولمىغاندا، ئۇ يەردىن

ئاتالارنىڭ سۆزلەشكىنى ئاڭلىناتتى، — دېدى ساۋېلى بېشىنى كۆتۈرۈپ.

قېشىدا تۇرغان زىۋياگا ئۇنى جىملەپ:

— سېنىڭ خىياللىق تۈرۈپكىنىڭ جەستىنى تېپىشتىلا بولۇپ قالدىڭغۇ، ئۇنىڭ پېشانىسىگە خۇدايىم ئۆلۈمنى يېزىپ قويۇپتىمىكەن؟ ئۇ تېخى خېلى - خېلىمىزنى يولغا سالىدۇ، — دېدى.

— ئۇنىڭ دېرىكىنى بىلمىگىچە كۆڭلۈم خاتىرجەم بولىدىغاندەك ئەمەس. كېچە - كۈندۈز كۆڭلۈم ئەنسىزچىلىكتە تۇرۇۋاتىدۇ. مەن سەل ئالدىراق بېرىپ قاراپ باقاي. مۇبادا بىرەر ئەھۋال بولۇپ قالسا بەلگە بېرىمەن. تەييار تۇرۇڭلار.

ساۋېلى بېشىنى كۆتۈرمەي ئۆمىلەپ مېڭىپ سايغا چۈشتى. شۇندىن كېيىن بىر ھازاغىچە جىمجىت بولۇپ كەتتى. بۇ چاغدا پۈتۈن ئاسماننى قاپقارا بۇلۇت قاپلاپ كەتكەن بولۇپ، قار لەپىلدەپ يېغىشقا باشلىغانىدى. بىر ئازدىن كېيىن ئەتراپ قاراڭغۇلىشىپ كۆز باغلاندى.

دېھقانلار ئىنتىزارلىق بىلەن كۈتتى.

بىر ئازدىن كېيىن ساۋېلى خۇددى ئاسماندىن چۈشكەندەكلا پەيدا بولدى.

— شۇۋرغان بولاي دەۋاتىدۇ. بىر - ئىككى كۈنگىچە بېسىلماسلىقى مۇمكىن. قىشلاقتا ھېچكىم يوق ئىكەن. پەقەت بىر ئۆلۈك كەمپىر ياتىدۇ. قىلىچ بىلەن چېپىۋېتىپتۇ. ئاۋۇ سايدا ئۈستى يېپىق بىر ئۆي بار ئىكەن. شۇۋرغان توختىغىچە شۇ يەردە پاناھلىنايلى، بولمىسا بۇ يەردە قېتىپ قالىدىغان ئوخشايمىز. ئۇزۇقىمىز يېتىدىغۇ، — دېدى ئۇ.

قار توختىماي ياغقىلى تۇردى. قايمۇقۇپ سوققان بوران قارنى يەرگە چۈشۈرمەي ئايلاندۇرۇپ ئادەمنىڭ يۈزىگە ئۇرۇپ

كۆزنى ئاچۇرمايتتى. دېھقانلار يېتىلىشىپ يۇرۇپ سايغا چۈشتى. بۇزۇلۇپ ۋەيران بولغان ئۆيلەر ئادەمنىڭ كۆزىگە ئىنتايىن سۈرۈن كۆرۈنەتتى. بىر ئۆينىڭ يېنىدا تامغا يۆلىنىپ قېتىپ قالغان كەمپىر تۇراتتى. ئۇنىڭ بېشىنى قىلىچ بىلەن ئوتتۇرىدىن يېرىۋېتىشكەنىدى. ئېڭىكىدىن تارتىپ باغلىغان ياغلىقى بىلەن، ئاپئاق چېچى شامالدا يەلپۈنۈپ تۇراتتى. ساق قالغان بىر كۆزى بولسا خۇددى ھايات ئادەمدەك قاراپ تۇراتتى. بۇلار يېقىنلاپ كەلگەندە ئۆيدىن بىر بۆرە چىقتى - دە، ئەتراپقا ئالاق - جالاق قاراپ قاچقىنىچە قىردىن ئېشىپ كۆزدىن غايىب بولدى.

— بۆرىنى قاراڭلار! بايىلا ئىككىسى قېچىپ كەتكەنىدى. ئۇلار بۇ يەردە ئاتنىڭ جەسىتىنى يەپ يۈرگەن بولسا كېرەك، — دېدى ساۋېلى.

ئۇلار ئۈستى يېپىق بىر ئۆيگە كىرىپ ئورۇنلىشىپ، ئىشىكنى ئىچىدىن ئىلىۋالدى. ئۆينىڭ ئىچى جىمجىت بولۇپ، پەقەت تالادىكى شىۋىرغاننىڭ ھوشقىتقان ئاۋازىلا ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

— تاتارلار كېلىپ قالسا، بىزنى تاغارغا چۈشكەن بۆرىنى تۇتقاندەك تۇتىدۇ - دە، — دېدى بۇلارنىڭ بىرى.

— مەن بەرىبىر ئۇخلىيالمايمەن. ئۇنىڭدىن كۆرە سىرتتا قاراۋۇللۇق قىلاي. ئەگەر قارنىڭ ئاستىدا قالسام چىقىرىۋالارسىلەر. ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن، تۇرۇپكىنى بۆرە يەپ كەتكەنىدىمۇ دېگەن بىر خىيال كاللامغا كىرىۋالدى، — دېدى ساۋېلى.

ئەتىگەندە يولداشلىرى ئۇنى قار ئاستىدىن ئېچىۋالدى. ئۇ شۇ چاغدىمۇ ئۆيگە كىرىشكە ئۇنىمىدى.

— بۇ يەرگە سىلەرنى باشلاپ كېلىپ مۇشۇ جاپاغا سالغان مەن بولغاندىن كېيىن، قاراۋۇللۇقنىڭ جاپاسىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مەنلا تارتاي، — دەپ ئارقىسىغا تىرەجەپ تۇرۇۋالدى ئۇ.

لېكىن يولداشلىرى ئۇنى ئۇنىمىغىنىغا قارىماي ئۆيگە سۆرەپ كىردى. ئۆيگە كىرگەندىن كېيىن، ئۇ ئوچاقتا لاۋۇلداپ يېنىپ تۇرغان ئوتنى، ئوت يېنىدا قايناپ تۇرغان كورىنى كۆردى. كورىدا ئۇماچ قايناۋاتاتتى. ئۇلار ئورۇنلىرىغا ئەمدى ئولتۇرغان چاغدا سىرتتىن بىرىنىڭ ئىشىككە يۆلىنىپ تۇرۇپ ۋارقىرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى.

— ئۆيدە ئادەم بارمۇ؟ بولسا ئىشىكنى ئاچ. بولمىسا بۇزۇپ كىرىمىز!

دېھقانلار پالتىلىرىنى ئېلىپ بوسۇغىدا تۇرۇشتى. ئارىدىن بىرى ئاستا بېرىپ ئىشىكنى ئاچتى. ئۆيگە ئۇستىبېشىنى ئاپئاق قىراۋ باسقان بىر چال كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ يۈزىدىن ئاققان ساقاللىرىنى بويلاپ قېتىپ قالغانىدى. ئۇنىڭ كەينىدە تۆت تاتار كۆرۈندى.

— ساھىبخان سالامەت بولسۇن! بىرئاز ئىسسىنىۋېلىشقا رۇخسەتمىكىن؟ يولدىن ئادىشىپ تاڭ ئاتقۇچە مېڭىپ چىقتۇق. ئۆلۈپ كېتىشكە ئازلا قالدۇق. مەن رەزان كىنەزى فېدوريورېۋېچنىڭ خىزمەتچىسى بولىمەن. ئىسمىم ئاپونىسا. بۇ تاتارلاردىن خاۋاتىرلەنمەڭلار. مېنى بەزىنىڭ چېگرىغا ئاپىرىپ قويۇش ئۈچۈن كەلگەن، سىلەرگە تەگمەيدۇ، — دېدى.

دېھقانلار كەينىگە چېكىنىپ پالتىلىرىنى بېلىدىكى كەمەرلىرىگە قىستۇردى. كۇدىرياش تاتارلارغا قاراپ، قىپچاق تىلىدا:

— ئۆيگە كىرىپ مېھمان بولۇڭلار، — دېدى.

تاتارلار ئىشىكنىڭ بوسۇغىسىغا كېلىپ ئۆزئارا شىۋىرلاشقىلى تۇردى. شىۋىرلاشقاندىن كېيىن، ئىككىسى ئاتلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇش ئۈچۈن چىقىپ كەتتى. قالغان ئىككى-

سى ئۆيگە كىرىپ، قاپقارا مەينەت قوللىرىنى كۆكرىكىگە قويۇپ تۇرۇپ ئۆز ئادىتى بويىچە سالام بەردى.

تەقدىرنىڭ بۇ ئاجايىپ قىسمىتى بىر - بىرىگە دۈشمەن ئىككى تەرەپنىڭ ئادەملىرىنى بۈگۈن بىر يەرگە جەم قىلغانىدى. ئۇلار ئوت ئەتراپىدا چۆرىدەپ ئولتۇرۇپ ئۆز رەقىبلىرىگە يەر تېگىدىن قارايتتى. تاتارلار بۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ، قوللىرىنى سوزۇپ ئوت سىنىشاتتى. كۈدىر ياش دەرھال ئوزۇق خالتىسىدىن بىر پارچە ناننى ئېلىپ، تۆتكە بۆلۈپ، تاتارلارنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى. ئاندىن سۆز باشلىدى:

— ھە، ئاپونا، يول بولسۇن، نەدىن كېلىپ نەگە كېتىۋاتىسەن؟ ساڭا نېمە دەرد - ئەلەملەر كەلدى. يۈزۈڭگە نېمە بولدى؟ — دېدى.

ئاپونا بولغان ۋەقەنى باشتىن ئاخىر سۆزلەپ بەردى.

— ماۋۇ ياۋۇزلار ماڭا قەست قىلىشمىدى. خۇدا خالىسا رەزانغا ئەمدى ئامان - ئېسەن يېتەرمەن دېگەن ئۈمىدتىمەن.

— يا ھەزرەت، باتۇنى كۆردۈم دېدىڭما، قانداق نېمىكەن ئۇ؟ — دېيىشىپ كۆپچىلىكنىڭ ئاغزى ئېچىلىپ قالدى.

ئىنسانلارنىڭ بېشىغا ئاخىر زاماننىڭ كۈلپەتلىرىنى ئېلىپ كەلگەن مەجۇسلار، مۇشۇلارغۇ دەپ ئويلىغان دېھقانلار موڭغۇللارغا ھومىيىپ قارايتتى. ئادەملەرنى ھالاكەتچىلىككە سېلىۋەتكەن تاتارلار ھېچنېمە كۆرمىگەندەك، قۇرۇق ناننى ئاچكۆزلۈك بىلەن چايناپ ئولتۇراتتى. ئۇلارنىڭ قوي تېرىسىدىن تىكىلگەن، ئېتەكلىرى كەڭ جۇۋىسى بولۇپ، يۈڭىنى سىرتىغا قارىتىپ كىيىشىۋالغانىدى. تاي تېرىسىدىن تىكىلگەن شالۇۋۇرلىرىنىڭ تۈكى ئىچىگە قارىتىلغانىدى. پۇتىدا كەڭ قونچلۇق ئۆتۈك ئىچىدە كىگىز پايپاقلىرى بار ئىدى. بېشى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

دىكى ئۈستى تېرىسىدىن تىكىلگەن، ئۇچى چوقچىيىپ تۇرىدىغان قۇلاقچىلىرىنىڭ ئۈچ قۇلىقى قۇلاقنى ۋە گەدىنىنى يېپىپ تۆۋەنگە ساڭگىلاپ تۇراتتى. بېلىگە ئەگرى قىلىچ باغلاشقانىدى. ئەپىس زەنجىر ئارقىلىق بېلىدىكى كەمەرگە باغلىغان قول چوقماقلىرى ھەم بار ئىدى.

تاتارلارنىڭ بىرى قويندىن ياغاچ چۆچەكنى چىقىرىپ، ئىچىگە نان سالدى – دە، ئوچاقتىكى چاشكىننى كۆرسىتىپ ئىما قىلدى. ۋاۋېلا ئۇنىڭ چۆچەكگە ئۇماچتىن قۇيۇپ بېرىپ:

— ئۆيۈڭ يىراقمۇ؟ — دەپ سورىدى.

كۇدرىياش ئۇنىڭ سۆزىنى قىپچاق تىلىغا ئۆرۈپ بەردى.

— موڭغۇل بىرئاز ئويلىنىپ تۇرغاندىن كېيىن، چۈشەندى بولغاي قولىنى سىلكىپ ئىككى يىللىق يول، — دېدى.

— سوقۇشتا يۈرگىنىڭگە قانچە يىل بولدى؟

— يىگىرمە يىل...

تاتارنىڭ يۈزى قېرى سۆگەتنىڭ غولىدەك قاپقارا بولۇپ، شالاڭ چىققان بۇرۇتى چاشقاننىڭكىدەك دىڭگىيىپ تۇراتتى.

ئۇ چۆچەككە چىلىغان نېنىنى يەپ بولۇپ، ئۇماچنى سۈمۈرۈپ ئىچتى، ئاندىن قاچىنى تىلى بىلەن يالاپ بولۇپ، يېنىدىكى يولدىشىغا بەردى. ئۇمۇ چۆچەكنى قولىغا ئېلىپ ئۇماچ تەلەپ قىلدى.

قارشى تەرەپتە ئولتۇرغان دېھقانلارغا موڭغۇللارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئۆڭى قارا، ياپما قاپاق كۆرۈنەتتى. ئۇلار قىسىق كۆزلىرى بىلەن يەيدىغاندەك ھومىيىپ قارايتتى.

— بۇلارنىڭ پەيلىگە قارىغاندا تۇزىمىزنى يەپ، قاچىمىزغا تۆكۈرىدىغان ئوخشايدۇ. ئۆيدىن بىر – بىرلەپ سىرتقا چىقىڭلار. ئاپونسا بىز بىلەن ماڭسۇن، — دېدى كۇدرىياش ئارىدىكى جىمجىتلىقنى بۇزۇپ.

موڭغۇللار كۆزلىرىنىڭ قۇيرۇقى بىلەن رۇسلارنى كۆزىتىپ تۇرۇپ، ئۆزئارا پىچىرلاشتى. ئۇلار دېھقانلارنىڭ بىر - بىرلەپ سىرتقا چىقىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئورنىدىن سەكرەپ تۇردى - دە، يان تەرىپىدە ئىلمەكى بار قىسقا نەيزىلىرىنى كۆتۈرۈپ، سىرتقا يۈگۈرۈپ چىقىشتى.

— بۇلارنىڭ نەيزىسىدىكى ئىلمەكنى كۆردۈڭلارمۇ، ئۇلار بىزنى ئات ئۈستىدە تۇرۇپ ئىلىۋېلىش ئۈچۈن ياسىغان بولسا كېرەك، — دېدى كۇدرياش.

ئاپونسا ئېتىغا مىندى. ئاڭغىچە موڭغۇللارمۇ قىراۋ باسقان ئاتلىرىغا مىنىپ بولغانىدى.

— قېنى ئىمانلىق كىشىلەر يولغا چۈشەيلى. لېكىن، ئاگاھ بولۇڭلاركى، بۇ خۇمسلار بىر شۇملۇقنى ئويلاۋاتىدۇ، — دېدى ئاپونسا.

دېھقانلار بەلگىچە كېلىدىغان قار ئىچىدە تۇرۇپ قىرغاققا قاراپ كېتىۋاتاتتى.

ئۇلار تۈزلەڭ يەرگە چىقىۋالغاندىن كېيىن، ئاپونسانىڭ ئارقىسىدىن مېڭىشتى. موڭغۇللار ئارقىدا ئاتلىرىنىڭ بېشىنى بىر يەرگە قىلىپ نېمىنىدۇر بىر نەرسىنى تالاش - تارتىش قىلىشتى. بىر ئازدىن كېيىن ئاتلىرىنىڭ يالىغا يېپىشىپ، دېھقانلارغا قاراپ ئات سالدى. ئۇلار قويۇندەك كېلىپ رۇسلارنىڭ يېنىدىن ئاققان يۇلتۇزدەك ئۆتۈپ كەتتى - دە، ئانچە ئۇزىماي ئاتلىرىنىڭ بېشىنى بىر تەرەپكە بۇرىدى. شۇ چاغدىلا ئۇلارنىڭ كەينىدىن ئارقاندا سۆرىلىپ كېتىۋاتقان بىر ئادەم كۆرۈندى. دېھقانلار ھاڭ - تاڭ بولۇپ بىر - بىرىگە قارىشىۋىدى ئارىدا ۋاۋىلا يوق بولۇپ چىقتى. بىر پەستىن كېيىن ۋاۋىلانىڭ «قېرىنداشلار، قۇتقۇزۇۋېلىڭلار!» دېگەن زەئىپ ئاۋازى ئاڭلاندى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

موئگغۇللار ئېتىنىڭ تىزگىنىنى ئارتماي چاپتۇرغان پېتى كېتىشىۋاتاتتى.

— ئېسىل يىگىت ئىدى، كېتىپ قالدى - ھە! — دەپ زىئۇياگا خورسىنىپ قويىدى.

— سىلەرنى مۇشۇ كۆنگە قويغان مەن شور پېشانە ئەمەسمۇ. نېمىشقىمۇ سىلەرنى بۇ يەرگە باشلاپ كەلگەندى مەن، — دەپ ئۆكۈندى ساۋېلى.

موئگغۇللار خېلى يەرگە ئۇزاپ بارغاندىن كېيىن توختاپ ۋاۋىلانى ئورنىدىن تۇرغۇزدى. ئۇ بويىنىدىكى سىرتماقنى بويۇن سۇنۇپ ئالدىنقى سالتاق ئاتلىقنىڭ كەينىدىن ماڭدى. قالغان ئاتلىقلار ئۇنىڭ كەينىدىن مېڭىشتى.

ئاپونسانىڭ ئاستىدىكى ھېرىپ قالغان ئات، قېلىن قاردىن پۇتىنى ئاران ئېلىپ ماڭاتتى. دېھقانلارنىڭمۇ روھى ئىنتايىن تۆۋەن بولۇپ، ئۇلار پات - پات كەينىگە بۇرۇلۇپ قاراپ قوياتتى، ئۇلار دەھشەتلىك ئاپەتنىڭ، قىرغىن - جەڭلەرنىڭ پات ئارىدا بولىدىغانلىقى توغرىسىدا سۆزلىشەتتى.

— تاتارلار كىنەز فېدور بىلەن ئەلچىلەرنى ئۆلتۈرگەن بولسا، بۇ يىلقىچىلار بىلەن ئەھدىنامە تۈزۈشتە ئۈمىد يوق كەن، — دېيىشتى ئۇلار.

## تۆتىنچى باب

## ئوردا بوران ئاستىدا

تىكىلگەن نۇرغۇن ھېسابسىز ئۆيلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا تاتار قوشۇنىنىڭ تۈۋرۈكى مەن، دېگەندەك بېشىنى كۆككە سوزغان ئەجدىھا قوندۇرۇلغان ھەيۋەتلىك سېرىق چېدىر مەغرۇر

كېيىلىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ تۆۋەنكى ئېتەكلىرى قىل ئارقان بىلەن چىڭ تارتىلىپ، يەرگە قېقىلغان قوزۇقلارغا باغلانغانىدى. يېقىن - يېقىن قېقىلغان قوزۇقلارنىڭ جەز قالپاقلىرى يىراقتىن قارىغاندا ئالتۇن زەنجىردەك تاۋلىنىپ تۇراتتى. چېدىردا كۈندۈزى خانلارنىڭ مەجلىسى ئۆتكۈزۈلەتتى. كېچىدە ئويۇن - تاماشا، ئولتۇرۇشلار بولاتتى. باتۇخاننىڭ ئەتراپىدا ئەگىپ يۈرگەن يالاقچىلىرى كۆپىنچە ۋاقىتلاردا مۇشۇنداق ھەشەمەتلىك ئولتۇرۇشلارنى ئۇيۇشتۇراتتى. بۇنداق بەزمىلەردە ئۇلارنىڭ ھەممىسى قىمىز، ئارزا بىلەن قۇرزا، رەزان ئەلچىلىرى ئەكەلگەن ئېچىتىلغان بالغا ئوخشاش ئىچىملىكلەرنى ئىچىشكە ئامراق ئىدى.

ھاۋا سوغۇق ئىدى. بۇلۇتسىز ئاسمان ئەينەكتەك سۈزۈك بولۇپ، قىيپاش چۈشكەن قۇياش نۇرى كىشىگە بىر خىل ئىللىق سېزىم ھېس قىلدۇراتتى. تاتارلار كۆلكە - چاقچاق بىلەن غەرق ئىدى. موڭغۇل يىلقىلىرى ئادەم ئايىغى باسمىغان، مال تۇيىقى تەگمىگەن چەكسىز دالادا ئەركىن يايلاپ يۈرەتتى. كەڭ دالانىڭ چەكسىز كەتكەن بۇ تۈزلەڭ يايلىقى ئەسىرلەر بويى تىنچ ياتقان ئۇيقۇدىن چۆچۈپ ئويغانغاندەك ۋاڭ - چۇڭ ئىچىدە قالدى. لاۋۇلداپ يېنىۋاتقان گۈلخانلاردىن تولغىنىپ چىقىۋاتقان ئىسلار ئاسماننىڭ قەھرىگە يېتەتتى. ئەتراپتىكى ھەممە يەردە سانجاق تىكىلگەن، ئۈستىنى قار باسقان كىگىز ئۆيلەر، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا تۇخۇمدەك بوز ئۆيلەرمۇ كۆرۈنۈپ قالاتتى. بۇلار قىپچاقلارغا ھۇجۇم قىلغان چاغدا، ئولجىغا چۈشكەنىدى. بۇنداق ئۆيلەردە پەقەت خانلارلا تۇراتتى.

كۈن تەپتىدىن ئازراق يۇمشىغان قارنىڭ يۈزى كېچىسى ئەينەكتەك قېتىپ كەتكەچكە، شامالدىن دەممۇ دەم سوقۇپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

تۇرغان شامال تەسكەيدىكى يۇمشاق قارنى نېپىز مۇز ئۈستىدە توختىماي ئۇچۇرۇپ ماڭاتتى. يۈك - تاقىنى ئۇدۇل كەلگەن يەرگە قويۇپ، ئوت يېقىپ پاناھلىنىپ يۈرگەن موڭغۇللارنىڭ ھەممە نېمىسى قار ئاستىدا قالدى. بىر كۈنى كەچكە يېقىن، بوران تېخىمۇ كۈچىيىپ، قار بوران شۇرغانغا ئۆرۈلدى. كىگىز ئۆيلەر ئىچىلداپ، ئىغاڭلاشقا باشلىدى. بەزى ئۆيلەر ئۆرۈلۈپ چۈشتى. باتۇنىڭ سىرىق چېدىرىنى قوزۇقلىرى بىلەن يۇلۇپ ئېلىپ، ئەتراپتىكى بىر گۈلخاننىڭ ئۈستىگە ئاپىرىپ تاشلىدى. خىزمەتچىلەر تۇمشۇقى بىلەن يەر تىرەپ يۈرۈپ ئاران دېگەندە چېدىرنى يىغىشتۇرۇۋالدى. ئورنىدا قالغان جاھازلىرى بىلەن ئالتۇن كۇرسىنى كىگىزلەر بىلەن يېپىپ تاشلىدى. باتۇ باشقا كىگىز ئۆيگە كۆچۈپ چىقىپ، ئىچىگە ئوت ياققۇزدى. توختىماي سوققان شامال ئىسنى چاڭغىراقتىن چىقارمىغاچقا، ئۆينىڭ ئىچى كۆپكۆك تۈتۈنگە تولغانىدى. سىرتتا مۇدھىش بوران ھۇۋلاپ تۇراتتى.

موڭغۇل يېرىدىكى بوران - چاپقۇنلارغا پىشىپ كەتكەن لەشكەرلەر قارنى كولاپ، ئۇزۇن جۇۋىلار بىلەن قارنىڭ ئاستىغا كىرىپ يېتىۋالىدىغان بولدى. ئۇلار پۈرقىراپ ئۇچقان قارنىڭ، غۇيۇلداپ چىققان بوراننىڭ ھۇۋلىغان ئاۋازىدىن قۇلاقنى يۇپۇرۇپ، پۇت - قولىنى يىغىپ، بېشىنى ئىچىگە تىقىپ، قىشلىق ئۇيقۇدا ياتقان سۇغۇردەك تۈگۈلۈپ يېتىشتىن ئانچە قورقۇپ كەتمەيتتى.

تاڭ ئاتقاندىن كېيىن، موڭغۇللار قار ئاستىدىن چىقىپ، ئۈستىبېشىنى قېقىپ، ھەرقايسىسى ئۆزىنىڭ قوشۇنىنى ئىزدەپ تۈتۈن چىققان تەرەپكە قاراپ ماڭدى - دە، كەلگىنى پېتى گۈلخان يېنىدا ئولتۇرۇپ ئازراق ئۇن ۋە توڭ ماي سىلىنغان سۇنى قاينىتىپ، چۆچەكلەرگە قۇيۇپ ئىچىشتى.

بۇلارنىڭ بۇنىڭدىن باشقا تاماقلىرىمۇ يوق دېيەرلىك ئىدى. قىپچاقلاردىن بۇلىۋالغان ئاشلىقمۇ تۈگىگەندى. شۇڭا لەشكەرلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى تېزرەك ھۇجۇم قىلىشقا تەقەززا ئىدى. كۈن چىققاندىن كېيىن تاتارلار ئاتلىرىغا مىنىپ، سوزۇلۇپ ياتقان كەڭرى دالانى كېزىپ، شامالنىڭ يۆنىلىشى بويىچە كېتىپ قالغان يىلقىلىرىنى ئىزدەيتتى.

ئۇياق - بۇياققا ئۆتكەن كىشىلەرنىڭ كۆزى سۇبىتاي باھادىرنىڭ قاردەك ئاپئاق ئۆيىگە چۈشەتتى. ئۆينىڭ يېنىغا يىلقىنىڭ قۇيرۇقى بىلەن ياسالغان توققۇز تۇغ تىكىلگەن. بۇلار باتۇخاننىڭ مۇستەقىل قوشۇنىغا قارايدىغان مۇھىم تۈمەنلەرنىڭ بايرىقى ئىدى. يېقىن كەلگۈسىدە بۇ تۇغلارنىڭ جەۋلان قىلىپ، جاھاننى زىلزىلىگە كەلتۈرگەن قوشۇنغا يول باشلاش ئالدىدا تۇرغانلىقى ئايان ئىدى. كۆپتىن بېرى ئۇلجا ئالالماي ئىچى پۇشۇپ، ئادەم ئۆلتۈرۈشكە خۇمار بولۇپ يۈرگەن ئالا قاناتلار جاھىل، قاتتىق رۇسلارنى نەيزىنىڭ ئۇچى بىلەن ئالدىمىزغا سېلىپ ھەيدەيمىز، دەپ قوللىرىغا تۈكۈرۈپ قويۇشاتتى.

بىر كۈنى ھېلىقى ئۆيدىن ئىككى موڭغۇل سىرتقا چىقتى-دە، باغلاقلىق تۇرغان ئاتلىرىنى دەرھال يېشىپ، ئاتنىڭ ئۈستىگە سەكرەپ مىنىشتى. ئاندىن ئىككىسى ئىككى تەرەپكە قاراپ ئات سالدى.

بىر ھازادىن كېيىن ئۈچىسىغا خىتاي تاۋارى بىلەن تاشلىغان ئاق جۇۋا كىيگەن باتۇخان چىقتى. ياساۋۇللار باتۇخاننىڭ ئالدىغا رەزان كىمەزى ئەكەلگەن ئالا ئاياغ قارا ئاتنى ئېلىپ كەلدى.

باتۇخان ئاتقا مىنىپ، سايدا تۇرغان ئاق ئۆينىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئاتتىن چۈشۈپ، ئىشىككە يېپىلغان كىلەمنى

كۆتۈردى ـ دە، ئۆيگە كىرىپ كەتتى. نەيزە تۇتقان ئىككى ياساۋۇل ئىشىك ئالدىدا قالدى. باشقىلار ئالا ئاياغ ئاتنى ئاپىرىپ باغلاپ، سەل نېرىغا بېرىپ، ئۇيياقتىن ـ بۇياقتىن پاراڭ سېلىشقا باشلىدى.

— بۇ ئۆيدە كىم تۇرىدىكىنە؟

— يەتتىنچى يۈلتۈز.

— قانچىلىك كۈتەرمىز؟

— مەجلىس بولىدۇ. نوياندارلار يىغىلىدىكەن.

— نېمە توغرۇلۇق بولىدىكەن، بىلمىدىڭمۇ؟

— ھۇجۇم توغرىسىدىمىكىن؟

— چېكىنىش توغرىسىدىمۇ، تېخى؟

— ئاغزىڭنى يۇم. بىرى ئاڭلايدىغان بولسا. ھالىڭغا ۋاي!

— بۇ يەردە تۇرۇۋېرىشكە بولامدۇ؟ يەرنىڭ توپىسى چىقاي دېدى.

— رۇس يېرىگە بارغاندا تويۇنۇپ قالارمىز.

— رۇس شەھەرلىرىنى بۇلىمايمىزمۇ.

— ئۇ چاغدا ئېتىمىزغا يەم، ئۆزىمىزگە مول داستىخان كېلىدۇ.

بۇلار ئەنە شۇنداق سۆزلىشىپ تۇرغاندا، كىگىز ئۆيدىن جەز قوشۇقنىڭ ئۈزۈپ ـ ئۈزۈپ ئۇرۇلغان ئاۋازى ئاڭلاندى. نۆكەرلەر، چىققان ئاۋازنىڭ قېتىم سانىنى ساناشقا باشلىدى.

— توققۇز! سېنى چاقىرىپتۇ، كەردىگىل چاققان يۈگۈر!

ئولتۇرغانلارنىڭ ئىچىدىن بىرى سەكرەپ تۇرۇپ ئۆيگە قاراپ يۈگۈردى. ئۇ بېرىپ ئىشىكنىڭ كىلىمىنى قايرىپ، بېشىنى ئۆي ئىچىگە تىقىپ تۇرۇپ بۇيرۇقنى ئاڭلىدى ـ دە، كەينىگە ئۆرۈلۈپ ھېلىقى نۆكەرلەرنىڭ قېشىغا كەلدى.

— ئورىنجان، ئورنىڭدىن تۇر! جانابىي ئالىيلىرى كەرىنەكەي - زادە شامانىنى ئېلىپ كېلىڭلار دەيدۇ. يىلىر چاقىقانىراق بارايلى.

يالپاق يۈز، پاناق بۇرۇن نۆكەر بېشىنى چايقاپ:

— ياق بارمايمەن! ئۇ چىشلەيدۇ، — دېدى.

— ئۇنداق قىلما، چىشلەيدۇ دەپ بارمىساق بولامدۇ؟

ئورىنجان تەسلىكتە ئورنىدىن تۇردى. ئىككى مۈڭگۈل قىلىن قارنى كېچىپ، سەل يىراقتا تۇرغان قارا ئۆيگە قاراپ ماڭدى. قورۇم بېسىپ كەتكەن بۇ قارا ئۆينىڭ ئۈستىدە ئېرەن ياغىچىنىڭ بىر تال شېخى تۇراتتى. ئۇنىڭ سارغايغان بىرنەچچە تال يوپۇرمىقى شامال بىلەن ئويناشقاندەك پىلدىرلايتتى.

ئادەم بارلىقىدىن دېرەك بېرىدىغان ھېچقانداق بەلگە يوق ئىدى. تۈرخۇندىن چىقىۋاتقان ئىسمۇ كۆرۈنمەيتتى. ئۆي يېرىمىغىچە قارغا كۆمۈلگەنىدى. نۆكەرلەر سىرتتا تۇرۇپ، بىرنەچچە قېتىم ۋارقىرىدى. لېكىن جاۋاب بولمىدى. ئۇلار ئىشىكنى بېسىۋالغان قارنى تازىلاپ، ئاخىر ئىشىكنى بۇزۇپ كىردى. بۇ چاغدا ئۆي ئىچىدىن ئىتنىڭ ھۇۋلىغان ئاۋازىغا ئوخشاش بىر ئاۋاز ئاڭلاندى. ئۇلار ئۆيگە كىرىۋىدى، ئۆينىڭ تۆرىدە دۈۋىلىنىپ كەتكەن كىگىز بىلەن تېرىلەردىن باشقا ئالاھىدە بىر نەرسە كۆزگە چېلىقمىدى. بايىقى تۇنجۇققاندەك ئاۋاز ئاشۇ دۆۋىنىڭ ئاستىدىن چىققاندەك بولدى. نۆكەرلەر كىگىز ۋە تېرىلەرنى بىر چەتكە ئېلىپ تاشلىۋىدى ئاستىدىن شامان كۆرۈندى. ئۇ چاچلىرى چۇۋۇلۇپ بىر قوچاق بولغان بېشىنى كۆتۈرۈپ، ئالاق - جالاق قىلىپ، ئوت يېنىپ تۇرغان كۆزلىرىنى ئۇلارغا تىكىپ، خىرقىرىغان ئاۋازى بىلەن جېنىنىڭ بارىچە ۋارقىرىدى:

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

— ئالدى مۇز بولۇپ قاتقان،
ئارقى كۆن بولۇپ كۆلگەن
يۇمران، نادان باللار
نەدىن ئۆركۈپ كەلدىڭلار!
ئىسمى شەرىپىڭ ماڭا كېرەك
ئېيتقىن ساڭا كىم كېرەك؟

نۆۋكەرلەرنىڭ ئىچىدىكى چوڭراق بىرى ئىشنىڭ يولىنى بىلەتتى. ئۇ سىر بەرمەستىن ئەدەب بىلەن جاۋاب بەردى:

— بىز نادان باللار، جانابىي ئالىيلىرىنىڭ ئەمرى بىلەن سىزنىڭ ئالدىڭغا كەلدۇق. باتۇخان بىزنى سىزنى چاقىرىپ كېلىشكە ئالاھىدە ئەۋەتتى. ئەرۋاھلار بىلەن سۆزلىشىپ، غايىبتىن خەۋەر بېرىدىغان داڭلىق كەرىنكەي — زادە شامانىنى ئالدىمغا ئېلىپ كېلىڭلار دېدى. ناھايىتى مۇشكۈل بىر ئىش بار ئوخشايدۇ. باتۇخاننى كۆتكۈزمەي تېزرەك بارايلى، —دېدى.

قورۇپ قاقشال بولۇپ قالغان كەمپىر، ئورنىدىن تۇرماي تىزىنى قۇچاقلىغان پېتى زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ ئەزۋەيلەپ:

— ھارامدىن بولغان خۇمپەرلەر! مېنى شۇ ئىشقا چاقىرىپ كەلدىڭلارمۇ؟ ئىشكىمنى بۇزۇپ كىرىپ، سوغۇقتا مېنى ئۆلسۇن دېيىشتىڭمۇ! ئۈچ كۈندىن بېرى ئورنىمدىن تۇرالماي توڭلاپ قالاي دېدىم. بىر چىشلەم نان، بىر يۇتۇم ئاش ئەكىلىدىغان ئادەم چىقمىدى. كۆزۈمدىن ھازىر يوقىلىش! تۆمۈر تىرناق، جەز تۇمشۇق قۇزغۇنلارنى ھازىر باشلىرىڭغا ياغدۇرايمۇ؟ ئوت يېقىپ مېنى ئىسسىندۇرمىساڭلار، ئورنىمدىن ھەرگىز تۇرمايمەن، — دەپ تىرەجەپ تۇرۇۋالدى.

نۆكەرلەر ئوت ياقماقچى بولۇپ، بىرى بېرىپ سىرتتىن بىر قولتۇق ئوتۇن، ئىككىنچىسى تۇترۇق ئەكەلدى. ئۈچىنچىسى

چاقمىقىنى چېقىرىپ يالقۇن چىقىرىپ ئوت تۇتاشتۇردى. بۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ چوڭى كەردىگىل بولۇپ، جاھىللىق قىلىپ يېتىۋالغان شامان كەمپىر بىلەن ئاۋارە ئىدى.

ھەش - پەش دېگۈچە ئوت گۈرۈلدەپ يېنىپ ئۆي ئىچىنى ئىللىتىشقا باشلىدى. كەردىگىل كەمپىرنىڭ قولىدىن تۇتۇپ ئوتنىڭ يېنىغا سۆرىدى. شامان قاپقارا يۈزىنى ئالا - يېشىل بوياقلار بىلەن بوياپ، ئالا - چىپار قىلىۋەتكەن بولۇپ، ئۆششاق قىلىپ ئۆرۈۋالغان ئاق ئارىلاپ كەتكەن چاچلىرى چىگىش بولۇپ كەتكەنىدى. ئوتقا يېقىپ كېلىۋېتىپ ئۇ كەردىگىلنىڭ قولىنى چىشلىۋالدى. كەردىگىل ئاغرىققا چىدىماي، ئۇنى قويۇۋەتتى. كەمپىر دوڭغاسلاپ بېرىپ، ئالمان - تالمان بېشىغا سېھىرلىق كۇلاسىنى كىيىۋالدى. بۇ كۇلادا تۇمشۇقى دارديىپ تۇرغان قۇشلارنىڭ بېشى دەمسىز، ھەر تۈرلۈك چاشقانلارنىڭ قۇيرۇقى دەمسىز ئەيتاۋۇر كۆز كۆرمىگەن، قۇلاق ئاڭلىمىغان ھەر خىل، ھەر ياڭزا نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ئېسىلغانىدى. ئاندىن ئۇ ئېيىقنىڭ تېرىسىنى ئۈستىگە ئارتىپ يۆگىنىپ، بېلىنى باغلىۋالدى، بويىنىغا يوغان مىس تاۋاقنى ئاستى. بەلبېغىغا ھەر تۈرلۈك لاتا - پىتىلەر، قورچاقلار ئېسىلغانىدى. ئاخىردا ئۇ بىر قولىغا يوغان داڭنى ئېلىپ، ئىككىنچى قولىغا تايىقىنى ئالدى - دە، بويىنىغا خالتىسىنى ئاستى. خالتىسىدا بىر دانە نەي، قوينىڭ سۆڭگەچ سۆڭىكى، يەنە ئۆچكىنىڭ بىر تاغىقى بار ئىدى.

مۇشۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى تەمتىلەپ - تېتىرەپ يۈرۈپ قىلىپ بولغىچە نۆكەرلەر ئۇنىڭدىن كۆزىنى ئۈزمەي قاراپ تۇرۇشتى. ھەممە ئىش پۈتتى دېگەندە كەردىگىل ئورنىدىن تۇرۇپ:

— قېنى ماڭايلى، — دېدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

— ياق، بىزنىڭ باشلىقىمىز بەكى شامان كەلمىسە مەن ھەرگىزمۇ بارمايمەن.

— ئورنىجان ئورنىڭدىن تۇرا! بۇ ئەۋلىيانى كۆتۈرۈپ ئاپىرايلى.

شامانى، ئىككى نۆكەر قولتۇقىدىن تۇتۇپ، ئىككى نۆكەر كەينىدىن ئىتتىرىپ ئۆيدىن سۆرەپ ئېلىپ چىقتى.

ئۇلار كەمپىرنىڭ يولقۇنغىنىغا قارىماي، بىر ئامال قىلىپ، ئۇنى خاننىڭ ئۆيىگە ئېلىپ كەلدى. كەرىنكەي - زادە ئۆيگە كىرىشتە ئۆزىگە تەمەننا قىيۇپ كېدىيىپ، بولغۇسى ئىشلارنى بىلىدىغان دانىشمەنلەرگە لايىق سالاپەت بىلەن كىرىپ كەلدى.

ئۆينىڭ ئىچىدە چوڭ - چوڭ خانزادىلەرنىڭ ھەممىسى يىغىلىپ ئولتۇرغانىدى. ئوتتۇردا ئوت لاۋۇلداپ يېنىپ تۇراتتى. تۆر تەرەپتىكى قىزىل گىلەمنىڭ ئۈستىدە باتۇخان باداشقانىنى قۇرۇپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ قىسىق كۆزلىرى ئىشىكتىن كىرىپ كەلگەن شامانغا تىكىلدى. كەمپىر بوسۇغىنى ئاتلاپ كىرىپ، ئۈستىدىكى جالدۇر - جۇلدۇرنى تاراقلاتقىنىچە ئۆزىنى يەرگە ئاتتى. ياتقان يېرىدىن شالدۇر - شۇلدۇر قىلىپ تۇرۇپ يۇقىرىدا ئولتۇرغان خانىشقا بېرىپ ئېسىلدى. شامانىنىڭ خۇشامىتىنى بىلمىگەن ياش خانىش كەينىگە سۇرۇلۇپ قاچتى. كەمپىر خانىشنى قاچقىنىغا قويماي قۇلىقىنى تۇتۇپ تۇرۇپ ئىككى يۈزىدىن بىرنەچچىنى چوكۇلدىتىپ سۆيدى - دە، ئۇنىڭ بېشىنى سىلاپ، دۈمبىسىگە ئۇرۇپ قويۇپ، يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى.

ئاندىن كۆزىنىڭ ئاق پاختىسىنى چىقىرىپ باتۇخانغا تىكىلىپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى:

— ئېھ، خەلقىنىڭ يۈرىكى،
دانا داھىي خانسەن!
كۆك ئاسماندا پەرۋاز قىلىپ،
شۇڭغۇپ يۈرگەن لاچىنسەن.
تاغ - داۋانلار تۇسالماس،
مەردانىسەن، قاپلانسەن!
كۆك ئاسماننىڭ قەھرىدە،
ئۇچقان قىران بۈركۈتسەن.
نېچۈن مېنى چاقىردىڭ؟
مۇشكۈل بولدى نېمە ئىشىڭ؟

باتۇخان بۇنىڭغا جاۋابەن:

— ئەي، زېرەك دانىشمەن كەرىنكەي! سەن بېشىڭغا خاسىيەتلىك كۈلاكنى كىيىپ، كۆكتاڭگە غايىبنىڭ سىرىنى پۈكۈپ يۈرگۈچىسەن. بۈگۈن بىر چۈش كۆردۈم. سېنىڭدىن ئۇنىڭ سىرىنى بىلمەك بولۇپ چاقىردىم، — دېدى.

— قېنى چۈشۈڭنى ئېيتقىن.

— چۈشۈمنى ئېيتاي، ئۇنىڭغا سەن تەبىر بەرگەندىن كېيىن، شۇنىڭغا قاراپ ئىش تۇتاي: مېنىڭ ئالدىمدا ئىككى يول بار. بىرى، بولۇۋاتقان بۇ قار - شىۋىرغانغا قارىماي، شىمالغا قاراپ مېڭىپ ئۇزۇن ساقال، سېرىق رۇسلارنىڭ زېمىنىنى ئىشغال قىلىش. يەنە بىرى، جەنۇبقا قاراپ مېڭىپ، كۆك دېڭىز ساھىللىرىدىكى ئىسسىق يايلاقلاردا كۆچۈپ يۈرۈش. رەزانغا ھۇجۇم قىلىش ياكى جەنۇبتىكى كۋامېن① شەھرىگە ھۇجۇم قىلىش. بۇ ئىككى يولنىڭ قايسىسى توغرا، سەن دۇنيا-

① كۋامېن — كىيېۋنى دېمەكچى.

www.uyghurkitap.com

دىكى بارلىق جىنلارنىڭ زوۋالىنى بىلىسەن. شۇلارنى چاقىرىپ بۇنىڭ سىرىنى بىلىپ بەرگىن.

شامان كۆزىنى بىر ئالايتىپ، كۆزىنىڭ قارىسىنى پۈتۈنلەي يوقاتتى - دە، ئىككى تەرىپىگە تەۋرىنىپ تۇرۇپ «ئاق قۇش» دەپ بىر ھازاغىچە جېنىنىڭ بارىچە ۋارقىرىدى. ئاندىن بويىنىدىكى يوغان خالتا ئىچىدىن كىچىككىنە بىر تېرە خالتىنى ئالدى - دە، لاۋۇلداپ يېنىپ تۇرغان ئوتقا كۆك يىرىمشاق دورىنى سەپتى. ئوتتىن كۆپكۆك تۈتۈن كۆتۈرۈلۈپ، ئۆينىڭ ئىچىنى بىر تۈرلۈك خۇش بۇي ھىد قاپلاپ كەتتى.

— قېنى چۈشۈڭنى ئېيت. مەن جىنلارنى چاقىراي، قانداق قىلغاندا يولۇڭنىڭ بولىدىغانلىقىنى، قانداق قىلغاندا بولمايدىغانلىقىنى بىلەي.

باتۇخان شامانغا بويىنىنى سوزۇپ تۇرۇپ شىۋىرلىدى:

— چۈشۈمدە ئاسماندىكى قارا بۇلۇتتىن ئۈستۈمگە ئوت يېغىپ مېنى كۆيدۈرۈپ كېتىپتۇ. يۈرىكىم ئاغزىمغا تىقىلىپ، نەپەسىم قىسىلىپ كېتىپتۇ. توققۇز قۇيرۇقلۇق تۇغلىرىم يىقىلاي دەپ قىيسىيىپ قاپتۇ. قىلىچىدىن قان تامغان، ئۆڭگى قىپقىزىل توڭگۇز دۈشمەنلىرىم كېلىپ، ۋەتىنىمنى، پۈتۈن مال - مۈلكۈمنى ئىلكىگە ئاپتۇدەك. ئۇلار تۇغلىرىنى بۇزۇلتىپ، گۈزەل ۋەتىنىنى يەر بىلەن يەكسان قىلىپ، ھەممە نەرسىنى تىۋىدىن يۇلۇپ كۆچۈرۈپ كېتىۋاتقۇدەك. كۆرگەن چۈشۈم شۇ، بۇ نېمىدىن دېرەك بېرىدۇ؟ خۇدانىڭ ماڭا يەنە قانداق يازمىشلىرى بار، شۇنى ئېيتىپ بەرگىن.

شامان ئورنىدىن تۇرۇپ بويىنىدىكى جاڭنى توقماق بىلەن ئۇرۇپ تۇرۇپ، بىردە ۋارقىراپ، بىردە ھۆركىرەپ زارلىنىشقا باشلىدى. ئېيىق بولۇپ ھۆركىرىدى، بۆرە بولۇپ ھۇۋلىدى،

ھۆقۇش بولۇپ سايرىدى. بىر چاغدا سەكرەپ ئۇسسۇل ئويناۋتىپ بىر پۆتى بىلەن پە-پە ئېتىپ ئۆيدىن چىقىپ كەتتى. نۆكەرلەر ئورۇنلىرىدىن سەكرەپ تۇرۇپ كەينىدىن چىقتى. ئۇ بىر پۆتى بىلەن سەكرەپ يۈرۈپ يالغۇز تۇرغان ئېرەن دەرىخىنىڭ يېنىغا كەلدى-دە، مۈشۈكتەك يامىشىپ ئۇنىڭ ئۈستىگە چىقىۋالدى. دەرەخنىڭ ئۇچىدا تۇرۇۋېلىپ، بوينىدىكى جاڭنى توختىماي ئۇردى، ۋارقىرىدى ۋە رۇسلار تەرەپكە قارىتىپ خالتىسىدىكى سۆگەكنى ئاتتى. بىر ئازدىن كېيىن، دەرەخنىڭ ئۈستىدىن سىيرىلىپ چۈشۈپ، يەنە بىر پۇتلاپ سەكرەپ ئۆيگە كىردى. ئۇ دەرەخ ئۈستىدە ئولتۇرغاندا، باتۇخان ئىشىك ئالدىغا كېلىپ قاراپ تۇرغانىدى. ئۇ شامانىنى بېندىن ئۆتكۈزۈۋېتىپ ئاندىن ئورنىغا كېلىپ ئولتۇردى.

شامان جاڭنىڭ يۈزىنى ئالقىنى بىلەن بېسىپ، تىزلىنىپ ولتۇرۇپ، ئەرلەرگە خاس بوم ئاۋاز بىلەن سۆزلەشكە باشلىدى.

— مەن ئاسماننىڭ قەھرىگە چىقتىم. بۇلۇتلار بىلەن سۆھبەتتە بولدۇم. تەڭرىگە سېغىنىپ، ئەرۋاھلارنى ياردەمگە چاقىردىم. ئۇلار ئەنە ھازىر مۇشۇ سورۇنىمىزدا ئورۇن ئېلىپ ئولتۇرۇپتۇ. ھازىر ئۇلار ماڭا سېنىڭ چۈشۈڭ توغرىسىدا تەبىر بەرگۈسى.

شامان ئەمدى بوينىدىكى جاڭنى ئىنتايىن تېز رىتىم بىلەن چېلىپ تۇرۇپ، چىرقىراق ئىنچىكە ئاۋازى بىلەن تۆۋەندىكىلەرنى ئېيتتى:

— ئەمرىڭ قۇللۇق ئاق پادىشاھىم:
نەسلىڭ پاكتۇر ئېسىل ئەر،
خان بوپ تۇغۇلدۇڭ ئاناڭدىن.
رەزانىڭ ياش كېنەزى،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئەزىم قىلىپ كەلدىمۇ؟
ئەتراپ چەكسىز كۆز يەتمەس،
ياتار سانسىز قوشۇنۇڭ.
ئەنە ئاشۇ بارگاھنى،
تىكىلىپ قاراپ كۆردۈڭمۇ؟
چېكىسىپ يۈرۈپ تالىلغان،
ئون ئىككى داڭدار تۇلپارنى
سوۋغا قىلىپ كەلدىمۇ؟
ئويناپ تۇرغان كېيىكتەك،
يورغىسى سىلىق قارا ئاتنى،
ئۆزۈڭگە سوۋغا قىلدىمۇ؟
ئەرۋاھلارغا مۇناسىپ
خاسىيەتلىك شۇ ئاتنى،
قويدۇڭ ھازىر قەيەرگە؟

باتۇخان قاشلىرىنى ھىمىرىپ: «سېنىڭ كۆڭلۈڭنىڭ نېمىنى ئارتىدىغانلىقى ماڭا ئايدەك ئېنىق» دېگەندەك قىلىپ، بېشىنى چايقاپ قولىنى بىر شىلتىدى ـ دە:

— نەگە قويـاتـتىم؟ ئـۆزۈم مىنىپ يۈرىمەن، — دەپ جاۋاب بەردى.

شامان يەنە بىر ئاۋازى بىلەن تېخىمۇ كۈچەپ ئېيتىشقا باشلىدى:

— ھەي، قۇدرىتى كۈچلۈك ئەرۋاھ،
باتۇخاننىڭ چۈشىنىڭ
دەل جاۋابىنى تاپ ئەرۋاھ!
قويۇن كەبى ئاپەت بوپ،

بالا بولۇپ يۈرەرمۇ؟
جانغا كېلىپ تىكىلىپ،
قازا بولۇپ يۈرەرمۇ؟

سۆزىنى تۈگەتكەندىن كېيىن، شامانىنىڭ كۆزى راستىنلا ئېچىلىپ كەتكەندەك ئەسلىگە كەلدى. خۇددى ئاسماندىن ۋەھى كەلگەندەك، ئۇ ئىنتايىن زىل ئاھاڭدا تېز سۆزلەپ كەتتى:

— ئۇرۇش ئىنتايىن قاباھەتلىك بولىدۇ. ئۇزۇن ساقاللىق سېرىق رۇسلار قىزىل يۈزلۈك ماڭغۇسلارنىڭ ئەۋلادى. ئۇلارنى جەڭدە يېڭىش ئىككى تايىن ئىش. بىر باش كېسىلسە ئۇنىڭ ئورنىغا ئىككى باش، ئىككى باش كېسىلسە ئۇنىڭ ئورنىغا تۆت باش ئۆسۈپ چىقىدۇ. تەڭرىگە سېغىنىپ، ئەرۋاھلارغا يېلىنىپ، يۇرتنى يىغىپ خۇدا يولىدا چوڭ نەزىر قىل. قۇرۇۋانلىققا تەقسەن تىرقۇز قارا رەڭلىك مال سويۇلسۇن. ئۇنىڭ بىر قىسمى يىلقا، بىر قىسمى سىيىر، بىر قىسمى قوي بولسۇن. ھەممىسى مەڭسىز قارا بولسۇن. ئەڭ ئالدى بىلەن رەزان كىنەزى ئەكەلگەن قارا ئات سويۇلسۇن، — سۆزلەپ شۇ يەرگە كەلگەندە، ئۇنىڭ ئاۋازى بارغانسېرى پەسىيىپ خۇددى تېڭىلىكتىن سۆزلەۋاتقاندەك بوشلۇقتىن ئۈزۈلۈپ - ئۈزۈلۈپ كېلىشكە باشلىدى. سۆزىنىڭ ئاخىرى ئاڭلىنار - ئاڭلانماس بولۇپ ئۈزۈلۈپ قالدى. بۇ چاغدا شامان تۆۋەنگە قاراپ بارغانسېرى ئېگىشىپ بېرىپ، گۈپپىدە قىلىپ يەرگە دۈم چۈشكەندى.

ئۆينىڭ ئىچى خۇددى قۇدۇققا تاش چۈشكەندەك جىممىپ كەتتى. كۆپچىلىك باتۇخان نېمە دەركىن، دەپ قۇلىقىنى دىڭ قىلىپ ئولتۇردى. خان بىزۇرۇپ، ئىككى كۆزىنى يۇمۇپ، تەۋ-

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

رىنىپ ئولتۇراتتى. ئۇ كۆپچىلىكنىڭ ئۆزىنى كۈتۈپ ئولتۇرغانلىقىنى سەزدى بولغاي، بېشىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ:

— سېنىڭ ئەقلىڭ كۆپ، خۇددى قېرى بۆرىگە ئوخشايسەن. بىراق ماڭا كۆرسەتكەن يولۇڭ نېمە بولىدى؟ ئېيتقىنا ئوخشاش ئورمانىنى ماكان تۇتقان سېرىق رۇسلارغا ھۇجۇم قىلما دەمسەن؟ ئۇ يەرگە بارسام قوشۇنۇمنى ھالاك بولۇپ، رۇسلارغا يەم بولۇپ كېتىدۇ، دەمسەن؟ توققۇز قىزىرزقانلىق تۇغۇمنى يىقىلىپ، مېنىڭ موڭغۇللىرىم دۈشمەننىڭ قولى بولۇپ كېتىدۇ، دەمسەن؟ — دېدى ئۇ.

شامان زۇۋان سۈرمىدى، باتۇخان تېخىمۇ قايناپ كەتتى:

— ئارىمىزدا قوي سويۇشتىن قورقىدىغان تېخى يۈرەكلەر بار. ئۇلارنىڭ: «رۇس يەرلىرىدە بىزگە نېمە بار؟ ئۇ يەردە چاشقانمۇ يول تاپالمايدىغان قېلىن ئورمانلار كۆپ. ئۇنىڭ ئىچىدە ھېسابسىز نۇرغۇن جىن - شەيتانلار، سېھىرگەر - جادۇلار بار. ئۇلار ئېيىق ۋە بۆرىلەرنى ئۆز خىزمەتكارلىرىدەك ئىشقا سالىدۇ. ئۇنىڭدىن كۆرە قۇياش ئىللىق نۇرىنى تۆكۈپ تۇرغان زۇمرەت دېڭىز ساھىللارغا بارساق بولمامدۇ؟ چۆپى يەلپۈنۈپ تۇرغان كەڭ سەھرا نېمىدېگەن جانغا راھەت - ھە! ئۇ يەردە توپ - توپ بولۇپ ئوتلاۋاتقان يىلقىلار، پادا - پادا بولۇپ يۈرگەن سىيىرلار، ئاق بۇلۇت بەردە ئۈزگەندەك يۈرگەن قىزرۇ - قويلار ئىنتايىن كۆپ» دەپ قۇرۇق سۆز بىلەن ئاغزىنى تاتلىق قىلىپ، مېنى نېيىتىمدىن ياندۇرماقچى بولۇشتى. ئېيتقىنا كەرىنكەي - زادە سېنىڭ تىلىڭنى چايناپ ئېيتقانلىرىڭ شۇلارنىڭ سۆزى ئەمەسمۇ؟ قېنى مېنىڭ ئۇستازىم ھاجى رەھىم يېنىمغا كەلسۇن، — دېدى.

قاققان قوزۇقتەك زىچ ئولتۇرغان، موڭغۇل خانلىرىنىڭ كەينىدىن ھاجى رەھىم ئورنىدىن تۇردى. ئاپئاق ساقىلى رەت-

لىك تارالغان بۇ ئۇرۇق ئادەم بېشىغا دەرۋىشلەر كىيىدىغان ئۇزۇن قالپاق كىيگەنىدى.

ئۇ قول قوشتۇرۇپ تۇرۇپ ۋەزىنى ئاھاڭدا:

— ئەمىرنىڭ قۇللۇق! نېمە سۆزۈڭ باركىن؟ — دېدى.

— قىرىش مىڭگىزلىك ئىسكەندەر يىرۇش قىلغاندا ھەر دائىم مۇنبەت يەرلەرنى، باي يۇرتلارنى ئىزدەپ يۈرەتتىمۇ؟

— ياق، ئۇ ھېچقانداق شارائىت تاللىمايتتى. پەقەت دۈشمەن قوشۇنىنىلا ئىزدەيتتى. ئۇنى تاغدا كۆرگىنى ياكى باغدا كۆرگىنى دائىم داغ سۇغا تالقان چېلىپ ئىچەتتى.

— ئۇ ھۇجۇمغا ئۆتۈش ئالدىدا، ئۆز ئاستىدىكى سۆيۈملۈك ئېتىنىڭ بوينىغا پىچاق ئۇراتتىمۇ؟

— ھەرگىز ئۇنداق قىلمايتتى. ئۇ يۈرۈش قىلغان چاغلىرىدا بۇتسىغال دەپ ئاتالغان ئېتىنى ھەر دائىم ئۆزى بىلەن بىرگە ئېلىپ يۈرەتتى ھەتتا ئۇ قېرىپ مىنىشكە يارىماي قالغان چاغلاردىمۇ ئۇنى ئۆز يېنىدىن ئايرىمىغان.

— ھەق سۆزلىرىڭ ئۈچۈن تەڭرى سېنىڭدىن رازى بولسۇن، ئەقىللىق ئۇستازىم ھاجى رەھىم. مېنىڭ ئەلەمدىن دەرس بەرگەن ئۇستازىم سۇبىتاي باھادىر بۇنىڭغا نېمە دەيدىكىن؟ رۇسلارغا ھۇجۇم قىلامدۇق ياكى بولدى قىلىپ يولىمىزغا چۈشۈپ دېڭىز بويىغا كېتەمدۇق؟

سۇبىتاي باھادىر كەسكىن ئاھاڭدا:

— بۇ يەردە تاڭ ئاشۇرۇپ تۇرغىنىمىزغا خېلى بولدى. ئۇزۇق - تۈلۈك تۈگەي دېدى. بوران كۈندىن كۈنگە ئەدەپ كېتىۋاتىدۇ. بىز تېزرەك ھەرىكەت قىلىپ، رۇس شەھەرلىرىنى ئىشغال قىلىشىمىز كېرەك. ئۇ يەرلەردە لەشكەرلىرىمىز ۋە ئاتلىرىمىز راھەت كۈنلەرگە ئېرىشىدۇ. يولىمىزدا قانچىلىك خېيىم - خەتەر بولسۇن بىزنى توسۇپ قالالمايدۇ. رەزانغا رەزان

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كىنەزنىڭ قارا ئېتىنى مىنىپ كىرسۇن. بىز ئۇ يەردە رۇسلارنى ھېسابسىز نۇرغۇن ئاتلىرىنى قولغا كىرگۈزگىنىمىزدىن كېيىن، ۋىلادىمىرغا ھۇجۇم قىلمىدىغان ۋاقتىمىزدا، يەتمىش يەتتە كاتتا ئەرۋاھلار روھىغا ئاتاپ قۇربانلىق قىلىمىز. كەرىنكەي شامانمۇ ئۈمىدسىز قالمىسۇن. ئۇنىڭغا رەزان ئەلچىلىرى ئېلىپ كەلگەن يوغان قارا چوشقىنىڭ گۆشىنى شۇنداقلا بەرگىن. ئۇ شۇنى يەپ، ئەرۋاھلارغا يىغلاپ، تەڭرىگە سېغىنىپ، بۇ بوراننى توختىتىشنىڭ ئامالىنى قىلسۇن. بولمىسا بوران بىزنىڭ ئالغا بېسىش يولىمىزنى تورايدۇ. ئەگەر ئۇ توختىماي مۇشۇنداق چىقىۋەرسە، قوشۇنىمىزنى پۈتۈنلەي قار ئاستىغا كۆمۈپ تاشلىشى مۇمكىن.

سۇبىتاي باھادىرنىڭ سۆزى تۈگىدى. ئۇ ئوڭ پۇتىنى سوزۇپ، شالۋۇرىنىڭ پۇشقىقىنى تىزىغىچە تۈرۈپ قويۇپ، يوغلۇق پاقالچىقىنى پىت چاقتىمۇ ئەيتاۋۇر قاتتىق تاتىلاپ كەتتى. ئۇنى كۆرگەن لەشكەرلەر كۆز قىسىشىپ يوشۇرۇن كۈلۈشتى.

— ئېيتقانلىرىڭ بەرھەق، دانا سۇبىتاي باھادىر. سېنىڭدىن كۈتكىنىم ھەم شۇ ئىدى. ئەتە بۇ يەردىن قوزغىلىمىز. قوشۇن تۇقسەن تۇققۇز بۆلەككە بۆلۈنۈپ، دەريانىڭ تاشقىنىدەك شىمالغا ئېقىپ، رەزانغا يوپۇرۇلۇپ ھۇجۇم قىلىدۇ. ماڭا مىنىش ئۈچۈن ئالا ئاياغ، قاشقا قاراگىر تەييارلانسۇن! ئاق يوللۇق بولامدۇق - يوق سىناپ كۆرەي. ئاق چايان بۇ سەپەرگە يارىماسلىقى مۇمكىن، چۈنكى ئۇ ئەرەب ئېتى. رۇس يەرلىرىنىڭ ئېتى سوغۇققا بەرداشلىق بېرەلمەسلىكى مۇمكىن. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاق كىگىز يېپىپ، قىپچاق ئاتچىلىرىدىن دېڭىز بويىغا ئەۋەتىمەن. بۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا رۇسلارنىڭ كۈنى تۈگىشىدۇ. لېكىن رۇس دېھقانلىرىنىڭ ھەممىسىنى قىرىشنىڭ ھاجىتى يوق. ئۇلارنى كۆپرەك تۇتقۇن قىلىش كېرەك. ئۇلارنى قورغانغا ھۇجۇم قىلغاندا ئالدىمىزغا سالىمىز.

— ئۇلارنىڭ تامىقىنى كىم بېرىدۇ؟ — دەپ سورىدى نويانلارنىڭ بىرى.

— ئەسىرگە تاماق بېرىشنىڭ ھاجىتى يوق. نېمىنى تاپسا شۇنى يېيىشسۇن. جەڭدە ئۆلگەن ئاتلارنىڭ گۆشىمۇ ئۇلارغا يېتىپ ئاشىدۇ. بۈگۈن ئەسكەرلەر كۆڭۈل ئېچىپ دەم ئالسۇن. ئەتە بۈيۈك يۈرۈشكە ئاتلىنىمىز.

## بەشىنچى باب

## موڭغۇللارنىڭ ھۇجۇمى باشلاندى

جاڭىلداپ تۇرغان قاتتىق سوغۇقتا قار توزۇتۇپ، بورانغا قارشى ئالدى بىلەن سۇبىتاي باھادىرنىڭ «جىبىدىن تويغانلار» تۈمەننى يولغا چىقتى. بۇ قېتىمقى سەپەردە سۇبىتاينىڭ يول ئېچىپ مېڭىشى. سانسىز قوشۇننىڭ قېلىن قارنى بۇزۇپ توختاۋسىز ئالغا ئىلگىرىلىشى كىشىلەر ئېغىزىدا خېلى زامانلارغىچە ھېكايە قىلىنىپ يۈردى. لەشكەرلەر يول بويى ئات يەڭگىشلەپ توختىماي ئالغا ئىلگىرىلىدى. بىرنەچچە قىپچاق تۇتقۇنلىرى قوشۇن ئالدىدا يول باشلاپ ماڭدى. ئۇلار قار ئاستىدا قالغان يولنىڭ بىلىنەر - بىلىنمەس بەلگىلىرىنىمۇ كۆزدىن قاچۇرمايتتى. سۇبىتاي ئۇلارنى ئۆز يېنىغا ئېلىپ، ئۆزىگە يات بولغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى تېگى - تەكتىدىن سوراپ زېرىكمەيتتى.

بىر كۈنى ئۇنىڭ ئالدىدىن يۈرەر چارلىغۇچىلىرى ئورماندا يۈرگەن ئۈچ ئوۋچىنى قولغا چۈشۈردى. بۇلار ئۆيىدىن بالىلا چىققانلار بولۇپ، بەلباغلىرىدا ئوۋلىغان تىيىنلىرى ئېسىقلىق

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئىدى. ئۇچىنىڭ بېلىدە يىگىرمىدەك تىيىن بار ئىدى. كىچىككىنە پاكار ئىت، قۇيرۇقىنى قىسىپ، ناتونۇش كىشىلەردىن ھېيىققاندەك، ئوۋچىلارنىڭ پۇتىغا يۆگىشىپ يۈرەتتى. بۇلارنى سۈبھەتاينىڭ ئالدىغا ھەيدەپ كېلىشتى. سۈبھىتاي قارا تەرگە چۆمۈگەن تەنگە چىپار يورغىسىنىڭ تىزگىنىنى تارتىپ، ئۈزەڭگە دەسسەپ كۆتىرۈلۈپ تۇردى. ئۇنىڭ ئېغىز - بۇرنىنى يېپىپ تۇرغان يىپەك تاشلىق قۇلاقچىنىڭ ئاستىدىكى يەكچەشمە كۆزىدىن ئوت چاقناپ تۇراتتى.

ئۇ ئوۋچىلار بىلەن قىپچاق تىلىدا سۆزلەشتى.

— بۇ يەردە نېمە ئىش قىلىپ يۈرىسىلەر؟ — دەپ سورىدى ئۇ.

-- تىيىن ئوۋلاپ يۈرىمىز.

تىلماچ ئوۋچىلارنىڭ نېمىنى ئوۋلايدىغانلىقىنى، قانداق ئوۋلايدىغانلىقىنى ھەرىكەتلىرى بىلەن كۆرسىتىپ چۈشەندۈردى.

— كەچتە نەدە ياتىسىلەر؟ ئۆيۈڭلەرگە قايتىپ كېتەمسىلەر؟ ئۆيۈڭلەر قەيەردە؟

— بىز ئوۋ ئوۋلىغاندا ئۆيگە قايتماي ئورماندا ياتىمىز. ئۆيىمىز بەك يىراق. قايتىپ كېتىشكە بولمايدۇ.

— قانچىلىك يىراق.

— پىيادە ئادەمگە ئون ئالتە كۈنلۈك يول.

— ئورماندا قانداق تۈنەيسىلەر؟ تۇشقانغا ئوخشاش قارنىڭ ئىچىگە كىرىپ ياتامسىلەر؟

— ياق، بىز بىر قۇرغاق يەرنى تېپىپ ئۇنىڭ قارىنى يەرگە يەتكۈزۈپ ئالىمىز - دە، ئاندىن بۇ يەرگە گۈلخان يېقىپ، شۇنىڭ چۆرىسىدە ياتىمىز ياكى ئوتنى ئېلىۋېتىپ ئاشۇ ئىسسىق يەردە ياتىمىز.

— ئۇنىڭدا ئىسسىق بولامدۇ؟

— ئۇتنىڭ ئورنىغا يېتىپ ئۈستىگە جۇۋا يېپىنىۋالسا ئىنتايىن ئىسسىق بولىدۇ.

— گۈلخاننى قانداق ياقىسىلەر؟ نېمىنى كۆيدۈرىسىلەر؟ شاخ - شۇمبىنىمۇ؟

— ياق ئۈچ دانە قارىغاي چەكىنى كېسىپ قاتار تىزىپ ئوتتۇرىسىغا ئوت ياقىمىز. بىرىلا يانسا يېنىدىكىمۇ يانىدۇ. شۇنىڭ بىلەن تاڭ ئاتقۇچە ئۆچمەيدۇ. تۈن يېرىمىدا تۇرۇپ تۈزەشتۈرۈپ قويىمىز.

— قارىغاينى كېسىش قىيىنمۇ؟

— ياق، ئۆگەنگەن كىشىگە ئوڭاي.

— ئۇنداق بولسا قانداق كېسىشنى ماڭا بىر كۆرسىتىڭلار.

— ماقۇل.

ئوۋچىلار بەلباغلىرىدىكى پالتىلىرىنى ئېلىپ، ئىشقا چۈشۈپ كەتتى. بىرى ئۈستىدىكى جۇۋىسىنى يېشىپ قويماقچى بولۇپ تەمشىلىۋىدى، يەنە بىرى يەشكۈزمىدى. «يەشمە، ماۋۇلار بولاشقا تەييار تۇرىدۇ، جۇۋىسىز قالىسەن» دېدى. ئوۋچىلار ھەش - پەش دېگۈچە ئۈچ قارىغاينى يىقىتىپ پۇتاقلىرىنى چېپىپ تەييار قىلدى. چاقماقنى چېقىپ، ئۈچ چەكىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن ئوت ياقتى. ئازراق قۇرۇق چۆپ سېلىپ ئوتنى ئۇلغايتقانىدى، ياغاچ لاۋۇلداپ يېنىشقا باشلىدى.

سۇبىتاي ئات ئۈستىدە ئولتۇرۇپ، بۇ ئىشلارنى كۆزىتىپ تۇردى ۋە نۆۋكەرلىرىگە:

— بۇندىن كېيىن رۇسلارنى ئۆلتۈرمەي تۇتقۇنغا ئېلىپ، ئالدىغا سېلىپ ھەيدەپ مېڭىڭلار. ئۇلار ئورمانلارنى كېسىپ يول ئاچسۇن. بۇ ئوۋچىلار ئۇلارغا قارىغاينى كېسىشنى ئۆگەتسۇن. ئەگەر رەزانغىچە مۇشۇنداق يول باسىدىغان بولساق، ئۇ

www.uyghurkitap.com

يول بىلەن خىتايدا ياسالغان قورغان بۇزىدىغان قوراللارنى ئېلىپ كېلىمىز، — دېدى.

سۇبىتاينىڭ كۆزى ئۇۋۇچىلارنىڭ پۇتىغا سېڭدىشىپ يۈرگەن پاكار ئىتقا چۈشتى. ئۇ ئىتنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ:

— ماۋۇ ھايۋاننى رۇسچە نېمە دەيدۇ؟ — دېدى.

— بۇنى ماشكا دەيمىز، — دېدى بىر ئۇۋۇچى.

سۇبىتاي يەنە ئىككىنچىسىدىن سورىدى.

— سەن دەپ باقتىنە؟

— بۇنى خور - خور دەيمىز، — دېدى.

ئۈچىنچىسىدىن يەنە سورىدى. ئۇمۇ ئۆزىچە:

— ئۇۋ ئۇۋلايدىغان ئىت، — دېدى.

سۇبىتاي بېشىنى چايقاپ تۇرۇپ:

— رۇسلارنىڭ تىلى قىيىن ئىكەن. بىزنىڭ مۇڭغۇلچە ئوڭايلا «نوخوي» دېسەك، ئىت ئىكەنلىكىنى ھەممە ئادەم بىلىدۇ. رۇسلار ئاغزىغا كەلگەن سۆزنى دەۋېرىدىكەن. ئۆز ئالدىغا ئىسىم قويىدىكەن. بىرىنىڭ دېگىنىنى بىرى چۈشەنمەيدىكەن. ئۇلارنىڭ بىر - بىرى بىلەن دۈشمەنلىشىپ يۈرۈشى مۇشۇنداقلىقىدىن بولسا كېرەك، — دېدى.

## ئالتىنچى باب

## يېۋپراكسىيا خانىم

تالاي كۈنلەر ئۆتتى. تاتارلارغا كەتكەن ئەلچىلەردىن زادىلا خەۋەر يوق ئىدى. رەزان خەلقىنىڭ كۆڭلىگە يەنە ئەندىشە چۈشۈشكە باشلىدى. ئىككى ئادەمنىڭ بېشى بىر يەرگە

گەلسىلا: «خۇدايا تىۋۋا، بۇ ئەلچىلەرگە نېمە بولغاندۇ؟ مۇشۇ كۈنگىچە كەلمىگىنى ئاجايىپ ئىش ـ ھە؟ ئەڭ بولمىغاندا چاپارمەن بولسىمۇ ئەۋەتمەمدۇ؟» دېيىشىدىغان بولدى.

يېۋپېراكسىيا خاۋاتىر ئىچىدە قالدى. ئۇ ئۆزىنى نەگە قويۇشنى بىلمەيتتى. «ھەي فېدورنى نېمىشقا ئەۋەتكەندىمەن، ئەڭ بولمىغاندا ئۆزۈم بىرگە بولسامچۇ كاشكى، ئۇنى بەزى خەۋپ ـ خەتەرلەردىن ساقلاپ قالغان بولاتتىم» دېگەن پۇشايمان ئۇنى ئازابلايتتى.

ئۇ ئەتىدىن كەچكىچە ھۇجرىنىڭ دېرىزىسى يېنىدا ئولتۇرۇپ، بىرەر يولۇچى كۆرۈنۈپ قالارمىكىن، دېگەن ئۈمىد بىلەن تا ئۇيقۇغىچە سوزۇلۇپ، قار ئاستىدا ياتقان يولغا تەلمۈرۈپ قاراپ ئولتۇراتتى.

ئېغىر ئۇيقۇدا ياتقان بۇ دالا قىردىن قىرغا تۇتىشىپ سوزۇلۇپ ياتاتتى. يېۋپراكسىيانىڭ كۆزى بارغانسېرى يىراقلارغا تىكىلەتتى. يىل ئۆتسىدە ئۇنىڭ ئۈمىد چىرىغىنى ياندۇرۇشقا مەدەت بېرىدىغان بىرەر قارا چېكىتمۇ كۆرۈنمەيتتى. ئۇنىڭ مۆلدۈرلەپ تۇرغان قارا كۆزلىرىنى ھەسرەت ياشلىرىنىڭ تۇتۇق پەردىسى قاپلىدى. ياش كېلىنىنىڭ گۈلدەك چىرايى سولدى. ئۇ نازۇك قولى بىلەن بېشىنى تىرەپ تۇرۇپ تۆۋەنگە ئېگىشتى.

بىر چاغدا خانىمنىڭ يېنىغا ئېھتىيات بىلەن قەدەم بېسىپ تەربىيىچى ئايال كىرىپ كەلدى:

— ئەزىزىم ساڭا نېمە بولدى؟ نېمىشقا ئۆزۈڭنى شۇنچىۋالا قىينايسەن؟ چىرايىڭغا قاراپ باققىنە. كۈندىن كۈنگە جۇدەپ كېتىۋاتىسەن، كىنەز كەلسە قايسى يۈزىمىز بىلەن قارايمىز؟

— ئىچىم ئوت بولۇپ يېنىۋاتىدۇ ... كۆڭلۈم يامانلىقتىن بېشارەت بەرگەندەك ئېغىپ تۇرىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

— جېنىم قوزام، ھەرگىز ئۇنداق دېمە. نەدىكى شۇملۇقنى چاللىما...

كەمپىر ئىكوندار تۇرغان بۇلۇڭغا بېرىپ، دەرھال چوقۇندى.

يېۋپراكسىيا قايغۇدىن ئۆزىنى يوقىتىپ، نېمە قىلىشىنى بىلمەي قالغان چاغلىرىدا سارايىنىڭ ھۇۋلاپ تۇرغان ھەشەمەتلىك ئۆيلىرىنى مەقسەتسىز ئايلىنىپ چىقاتتى. شۇنداق ئايلىنىپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە لەشكەرلەر تۇرغان ئۆيدىن چىققان ۋاڭ - چۇڭنى ئاڭلاپ شۇ يەرگە كىردى. قارىسا يىغىنغا كەلگەن كىنەزلەر بىلەن سىپاھلار يىغىلغانىكەن. ھەممىسى ئۆينى بېشىغا كىيىپ، ھەركىم ئۆز ئالدىغا سۆزلەپ ۋارقىراپ دە - تالاش قىلىشىۋېتىپتۇ. ئۇلار بىرىنىڭ سۆزىنى بىرى ئاڭلىمايتتى. بۇلارنىڭ بىر پىكىرگە كېلىشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۇلارنىڭ ئەتىدىن كەچكىچە قىلىدىغان ئىشى ئۇزۇن ئۇستەلنىڭ چۆرىسىدە ئولتۇرۇۋېلىپ، ئىچكۈلۈكنى ئىچىپ، ئايىغى چىقمايدىغان تالاش - تارتىش بىلەن ئۆزىنى كۆرسىتىش ئىدى.

بىر تەكەببۇر ئاقساقال كىنەز ئورنىدىن تۇرۇپ:

— چوڭ - چوڭ شەھەرلەرگە يەنە بىر قېتىم ئات چاپتۇرۇش كېرەك. بارلىق كىنەزلەرنىڭ بېشىنى بىر يەرگە قوشۇپ، پۈتۈن خەلقنىڭ كۈچىنى يىغىپ، تاتارلارغا قارشى پۈتۈن ئەل بىر سەپ بولۇپ ئاتلىنىشى لازىم، — دېدى.

بۇ چاغدا كىنەز يۇرى ئىنگۋارېۋىچ قاتتىق خورسىنىپ قويدى - دە:

— سىلەرنىڭ بېشىڭلارنى قانداق قىلىپ بىر يەرگە قوشقىلى بولسۇن؟ ئەنە، سۇزدالى ۋلادىمىرغا ئادەم ئەۋەتىپ، كىنەز گېئورگىيگە ئېيتقانىدىم، ئۇنىڭدىن ھېچقانداق نەتىجە بولمىدى ھەتتا ئۇنىڭ جاۋاب بەرگىسىمۇ يوق، — دېدى.

— ۋلادىمىرنىڭ بۈيۈك كىنەزى نېمانچە مەمەدانلىق

قىلىدۇ؟ نېمىشقا ئۆزىنىڭ قوشۇنىنى ئەۋەتمەيدۇ؟

— خىيالىغا كەلگەن ئىشنى قىلىدۇ. گەپنىڭ راستىنى ئېيتقاندا، ئۇ بىزنىڭ ۋەيران بولغىنىمىزغا خۇش. ئۆزۈندىن بېرى ئۇنىڭ رەزانىغا كۆزى قىزىرىپ يۈرگەن ئەمەسمۇ؟

دەسلەپكى سۆزلىگەن كىنەز بېشىنى چايقاپ يەنە سۆز ئالدى:

— مەنمەنلىك تالىشىدىغان، ئىتتىپاقسىزلىقنىڭ تۈۋىگە پالتا چاپىدىغان دەۋر يېتىپ كەلدى. ھەرقايسىمىز ئۆز ئالدىمىزغا يۈرىدىغان بولساق، تاتارلار بىزنى بىر - بىرلەپ يۇتىدۇ. ئەگەر ھەممىمىز بىر بولساق، بىزگە تەڭ كېلەلمەيدۇ. ھەرقايسىمىزنىڭ ئۆزىمىزگە چۇشلۇق ئەقلى بارغۇ، ئەگەر ئامان قالاي دېسەك، ھەممىمىز بىر پىكىرگە كېلىپ ئۇيۇلتاشتەك بولۇشىمىز كېرەك، — دېدى ئۇ.

بۇ چاغدا بىر ياش كىنەز ئۆزىنى تۇتالماي ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ:

— ئۇ چاغدا ھەممىگە باش قوماندان بولۇپ سايلىنىدىغان كىشى سەن بولسەن - دە؟ — دېدى.

— ياق. مېنى قىيۇقلار، مەن ياشىنىپ قالغان كىشى.

— سېنىڭ قورسىقىڭدىكىنى بىلمەن. ئۆزۈندىن بېرى بىزنىڭ شەللىمىزغا چىقىشنى ئويلاپ يۈرىسەن. مەن سېنىڭ قول ئاستىڭدا يۈرۈپ، ساڭا بويسۇنۇشنى خالىمايمەن.

يۈزى ئىنگىۋاربۆنچ ئارىغا چۈشتى.

— قويۇقلار، ئۇرۇشماڭلار! ئەگەر ھەممىمىز باتۇر خاننىڭ قىلىغا چۈشۈپ قالساق ئەڭ يامىنى شۇ، مېنىڭچە رەزانلىقلار ۋەھشىي دالاغا بېرىپ تاتارلارنىڭ ئالدىنى توسۇپ، ۋىلادىمىردىن ياردەم كەلگۈچە ئۇلارنى كۈتۈپ تۇرۇشىمىز كېرەك.

قېرى كىنەز بۇنى ماقۇل كۆرمىدى:

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

— يالغۇز رەزانالقلارنىڭ قىلىدىن نېمە كېلىدۇ؟ پۈتۈن رۇس تۇپرىقىنى ھەرىكەتلەندۈرۈش كېرەك. دېھقانلارنى يىغىپ پۈتۈن خەلقنى سەپكە تىزىش كېرەك، — دېدى ئۇ يەنە.

— قارا قورساق دېھقانلار نېمىگە يارايدۇ، — دەپ ۋارقىردى يەنە بىر لەشكىرىي باشلىق.

— سادىغاڭ كېتەي ئەزىزىم، ئۇلار بەزى لەشكەر باشلىقلىرىدىن ئوبدان خىزمەت كۆرسىتەلەيدۇ. بۇ ئېسىڭدە بولسۇن، — دەپ ياش كىنەز قايناپ كەتتى.

ئولتۇرغانلار ۋارقىرىشىپ بىر-بىرىگە قاراپ خىرىس قىلدى.

كىنەز يۈرى يەنە ئارىغا چۈشۈپ، ئاران دېگەندە باستى.

— قېرىنداشلار نومۇسنى بىلىش كېرەك! زامان ئاسمىنىدىن ھەممىمىزنىڭ بېشىغا كۈلپەت بالاسى يېغىۋاتسا، سىلەر نېمە كويدا يۈرۈۋاتىسىلەر؟

— قېنى سەن نېمە قىلىدىڭ؟ شۇنى دېگىنە، — دەپ بىرى چەكچەيدى.

يۈرى ئىنگىۋارېۋېچ ئۇنىڭغا سالماقلىق بىلەن جاۋاب بەردى:

— مەن بالامنى تاتارلارغا ئەۋەتتىم. ئۇنىڭ ھالى ئىچۈك خۇدا ئۆزى بىلىدۇ. ھازىرغىچە ھېچقانداق خەۋەر يوق. ئېھتىمال ھايات ئەمەستۇر.

— بەلكىم ئۇ باتۇخان پادىشاھ بىلەن توختام تۈزۈشكەندۇر. تاتارلار بىزنىڭ يۇرتىمىزغا كەلمەس؟

— بىز تاتارلاردىن نېمە ئۈندەق قورقىمىز. تېخى ئۇلارنى كۆرگەن بىرمۇ ئادەم يوققۇ؟

كىنەزلەر دېمىسى ئالغاندىن كېيىن، يەنە تالاش - تارتىش قىلىشقا باشلىدى. يېۋپراكسىيا ئىشكتە تۇرۇپ، بىرئاز ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئىچى دەرتكە تولۇپ، ئاياغلىرىنى زورىغا يۆتكەپ، ئۆز ھوجرىسىغا قايتتى.

كىنەزلەرنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۇ بۇرۇنقى-
دىنمۇ ئېغىر غەمگە چۆكتى.

يېۋپراكسىيا تەربىيەچىسى ئارقىلىق بىر رەمچى ئايالنى چاقىرتتى. كۆپ ئۆتمەي بېشىغا كەشتىلىك رومال ئارتقان رەممال كىرىپ كەلدى. ئۇ بوغداي دېنى بىلەن قومۇلاق سالدى. مۇم ئېرىتىپ قويدى. كۆلەڭگىگە قارىدى. ئەيتاۋۇر خىلى بىر ئىشلارنى قىلىپ، ئاخىرىدا كۆزىنى يۇمۇپ قايتىدىن سۆزلەشكە باشلىدى.

— خانىم ساڭا بىر مېھمان كېلىۋاتىدۇ. ئۇ ساڭا زور خۇشاللىق بېغىشلىغۇسى. چەت ئەلدىن كەلگەن نۇرغۇن سىۋغى-لارنى تەقدىم قىلغۇسى. دائىم قايغۇرۇپ يۈرىدىكەنسەن. يىراق-قا كەتكەن يارىڭنى كۈن بويى ئويلاپ ئويقۇدىن بىدارى ئىكەنسەن. قايغۇرما، ئۇنىڭغا ھېچقانداق خەۋپ - خەتەر يوق. لېكىن ئارىلىق ئۇزۇن ئىكەن. ئىشەنمىسەڭ مانا ئۆزۈڭ قاراپ باق: ماۋۇ تۇرغان سېنىڭ سۆيگىنىڭ، ماۋۇ ئۇزۇندىن - ئۇزۇن-غا سوزۇلۇپ تۇرغان ئۇنىڭ يولى...

يېۋپراكسىيا ئاق رومالغا قارىۋىدى، ئۇنىڭ كۆزىگە راس-تىنلا، خىيالىدىن كەتمەيدىغان سۆيگىنىنىڭ سىماسى كۆرۈنگەندەك بولدى. بۇ چاغدا ئۇنىڭ ئىچىنى ئۆرتەپ، يەلكىسىدىن بېسىپ تۇرغان ئېغىر قايغۇ بولۇتلىرى بىر ئاز سۇرۇلۇپ ئۈمىد ئاسمى-نى سىزىلگەندەك بولدى. رەممال ئۇبدان مۇكاپات ئېلىپ، ئاغزى قۇلىقىغا يەتتى. قېرى تەربىيەچىمۇ خۇددى كىچىك باللاردەك خۇشال بولۇپ كەتتى:

— قانداق مېنىڭ دېگىنىمدەك بولدىمۇ؟ يامان ئىشلارنى كۆڭلىڭگە كەلتۈرمە دېمىدىممۇ؟ كىنەز چوقۇم كېلىدۇ. پەقەت يولنىڭ يىراقلىقىدىن ۋاقتىدا كېلەلمەيۋاتىدۇ، — دېدى ئۇ.

يېۋپراكسىيا نۇرغۇن قىزلارنى يىغدى. ئىش قىزىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كەتتى. قىزلارنىڭ چەۋەر قوللىرىدا يىڭنە - قايچىلار ئوينايتتى. يىگىتنى قارشى ئېلىش ئۈچۈن كېلىن ياسىنىشى كېرەك ئىدى. كىنەز فېدور ئۆزى بار ۋاقىتتا ئايالىنى قورچاقتەك ياساپ قويۇپ، ئۇنىڭ گۈزەللىكىدىن سۆيۈنەتتى. قىزلار ناخشا ئېيتقاچ يىپەك قىيىقلارنى قىرقىشىپ تىكەتتى. يېۋپراكسىيا ئېرىگە كۆڭلەك پىچىپ رەڭلىك يىپەك يىپ بىلەن كەشتە تىكىشكە باشلىدى.

بۇ ئىشنىڭ قىزىقى ئىككى كۈنلا بولدى. كېيىن يەنە سىزۇۋۇپ قالدى. يېۋپراكسىيانىڭ قولى ئەمدى ھېچ ئىشقا بارمايتتى. ياشانغان تەربىيىچىنىڭ ئۇنىڭ كۆڭلىنى ياساپ ئېيتقان سۆزلىرى، قىزلارنىڭ ئويۇن - كۈلكىلىرى ئەمدى ئۇنىڭغا تەسىر قىلمايدىغان بولدى. ئۇ يەنە ھېلىقى سىزۇلۇپ ياتقان چەكسىز ئۇزۇن يولغا تىكىلىپ قارايتتى. قارا كۆزلىرىنىڭ يېشى ئەمدى قۇرۇمايدىغان بولدى.

چىرىك خانىم كېلىنىنىڭ كۆڭلىنى ئاياپ، قايغۇسىنى ئىچىگە يۇتۇپ، بىلىندۇرمەسلىككە تىرىشاتتى. ئۇنىڭ باشقا كېلىنلىرىمۇ يېۋپراكسىيانىڭ قاش - قاپىقىغا قاراپ، ئۇنىڭ كۆڭلىنى كۆتۈرۈشنىڭ كويىدا بولدى. لېكىن بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇنى غەمدىن خالاس قىلالمىدى. ئۇ خىيال دەرياسىنىڭ خەتەرلىك دولقۇنلىرى ئىچىدىن چىقالمايتتى. ھۆۋلاپ تۇرغان ئېگىز سايلارنى بېكاردىن - بېكار ئايلىنىش بىلەنلا بولاتتى. «كىنەزلەردە ئۈمىد يوق، فېدوردىن بولسا خەۋەر يوق. تاتارلار كەلسە كىم پاناھ بولالايدۇ؟ كىنەزلەرنىڭ ھالى ماۋۇ، ھەممىسى مەنسەپ تالىشىپ بىر - بىرىنى يۇتۇشۇۋاتىدۇ. بۇلار رۇس تۇپرىقىنى ھالاك قىلىدىغان بولدى. تاتارلار كەلسە... يا ئۆلتۈرىدۇ ياكى تۇتقۇن قىلىدۇ. ئۇ مۇقەررەر...» دېگەن خىياللار ئۇنى چىرمىۋالدى.

شۇ خىياللار بىلەن بەنت بولۇپ تۇرغاندا، ئۇنىڭ ئالدى
غا بالىسى تەمتىلەپ چىقىپ كەلدى. ئۇ ئانىسىغا يامىشىپ،
مېنى ئال دېگەندەك، دادىسىغا تاتقان كۆزلىرى
بىلەن يۇقىرىغا قاراپ ئانىسىغا تىكىلدى. بالا
ئىنتايىن سەبى بولسىمۇ، لېكىن ئانىسىنىڭ قايغۇسىنى بىلىدىغان-
دەك غەمكىن ئىدى. يېۋپراكسىيا كۆز يېشىنى زورىغا بېسىپ،
بالىنى باغرىغا باستى:

— ۋانيۇشا سېنى ھەرگىز تاتارلارنىڭ قولىغا بەرمەيمەن.
فېدورنىڭ ئوغلى ھەرگىز تاتارلارغا قول بولمايدۇ! ئۇنىڭ
خوتۇنىمۇ تاتارلارغا قول بولمايدۇ! — دېدى ئۇ.

شۇنداق دەپ تۇرغاندا، ئۇشتۇمتۇت تۆۋەندىن ۋاڭ-چۇڭ
كۆتۈرۈلۈپ، ئىشىكلەر جالاق-جۇلۇق يېپىلىپ، ئۆكسۈپ يىغ-
لىغان ئاۋازلار ئاڭلاندى.

يېۋپراكسىيانىڭ يۈرىكى قارتتىدە قىلدى-دە، نېمە
قىلارىنى بىلمەي بالىسىنى كۆتۈرگەن پېتى، تۆۋەنگە قاراپ
يۈگۈرۈپ چۈشۈپ، چوڭ ئۆيگە كىردى-دە، چىرىك خانىمنى
بىرنەچچە ئايالنىڭ يۆلەپ تۇرغانلىقىنى كۆردى. ئۇ خۇدىنى
يوقىتىپ ھوشسىز ياتاتتى. كىنەز يۇرى ھەم خۇدىنى بىلمەي،
ياقىسىنى يىرتىپ، ئاھ ئۇراتتى:

— ئۇنىڭ جېنىغا مەن زامىن بولدۇم، مەن...— دەپ
نالە قىلاتتى ئۇ:

يېۋپراكسىيا ئۇلارنىڭ ئالدىدا فېدورنىڭ سادىق خىزمەت-
كارى ئاپۇنسانىڭ تۇرغانلىقىنى كۆردى. ئۇ نۇرغۇن جاپالارنى
چەككەنلىكتىن جۇدەپ كەتكەن بولۇپ، ئۇستىبېشى كىر،
يۈز-كۆزى جاراھەت ئىدى. ئۇ ئىڭراپ تۇرۇپ:

— لەنىتى ياۋۇزلار ھەممىنى چېپىپ ئۆلتۈردى. بىرنىمىزنى
تىرىك قويمىدى. فېدرو مېنىڭ قولۇمدا جان ئۈزدى. مېنى

خەۋەرنى يەتكۈزسۇن دەپ قويۇپ بېرىشتى... — دېدى.

يېۋپراكسىيا كۆز يېشى قىلمىدى. ئاۋازىنىمۇ چىقارمىدى. بالىسىنى باغرىغا باسقىنىچە ھېچكىمگە تىنماي كەينىگە بۇرۇلۇپ ئۆيدىن چىقتى. ئايلانما پەلەمپەيدىن يۇقىرىغا كۆتۈرۈلۈپ ھوجرىسىغا كىردى. دېرىزىنى يوغان ئېچىپ، بالىسىنى قولىغا ئېلىپ، دېرىزە تەكچىسىنىڭ ئۈستىگە چىقتى. بۇ ئىككىلەن شۇ زامات ئۆزىنى ساراي ئاستىدىكى تاشلىققا قاراپ ئاتتى...

## يەتتىنچى باب

## تۇتقۇن قىلىنغان موغۇللار

رەزان قوشۇنى كەڭ دالاغا بىرئاز ئىچكىرىلەپ كىردى. لېكىن شىددەتلىك بوراندا مېڭىشقا مۇمكىن بولماي، شۇ يەردە پاناھلىنىپ ياتتى. ئوتتۇرىغا چوڭ چېدىر تىكلىگەن بولۇپ، چېدىرنىڭ ئىچىدە قەۋەتلەپ سېلىنغان گىلەمنىڭ ئۈستىدە كىنەزلەر، سىپاھلار چۆرىدەپ ئولتۇراتتى. ئۇلارنىڭ ھازىرقى خىيالى قانداق قىلغاندا رۇس يېرىنى ياۋدىن ساقلاپ قېلىش ئىدى. قۇترىغان بورانىنىڭ ھۇشقىتقان ئاۋازى كاناپ چېدىردىن بىمالال كىرىپ، كىشىنىڭ قۇلاق - مېڭىسىنى يەيتتى. ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئىككى چىراغ چارسىلداپ يېنىپ تۇراتتى. چىراغ پىلىكىدىن تامچىلىغان قىزىل ئوت داستىكى سۇغا چۈشۈپ پىژ - پىژ قىلاتتى. خىزمەتكارلار تىزلىنىپ ئولتۇ[illegible]. ھېلىدىن - ھېلىغا چىراغنى پەرلەپ تۇراتتى. كېچ[illegible]ى بوران تېخىمۇ ئەدەپ كەتتى. شۇڭا دۈشمەن

ھۇجۇمىدىن ھېچقانداق ۋايىم قىلمىدى.

ئاتلىق بىرى كەلگەندەك بولدى - دە، سىرتتىن بىراۋ كىنەزنى سورىدى. ئىشىك ئېچىلىپ چېدىرغا ئۈستىبېشى قار بولۇپ كەتكەن ياش لەشكەر كىرىپ كەلدى. ئۇ بېشىدىكى قار باسقان قۇلاقچىنى قولىغا ئېلىپ تۇرۇپ:

— پېشقەدەم سىپاھ راتبور كىرىشكە ئىجازەت سورايدۇ. ناھايىتى مۇھىم خەۋەر بار، ئەتىگىچە قالدۇرۇشقا بولمايدۇ، — دېدى ئۇ.

راتبورنىڭ تۇغقانلىرى بىلەن ئەزەلدىن چىقىشالماي يۈرگەن بىر كىنەز ئۇنىڭ سۆزىنىڭ بېلىگە تېپىپ:

— ئۇ قانداق قىلىپ سىپاھ بولۇپ قالدى؟ يا ئەۋلىيا ئەمەس ياكى جىن. ئۆزى بىلىپ مۇناستىردا ئىبادەتنى قىلسىچۇ، يەتتە خۇپتەندە ئۇنى شەيتان ھەيدەپ يۈرۈپتۇ - دە، خاتىرجەم ئۆيدە ئولتۇرماي، يۈگۈرۈپ يۈرگىنىگە قارىغاندا، ئۇنىڭ قورسىقىغا پۈكۈپ يۈرگەن بىر غەرىزى بارغۇ دەيمەن، — دېدى ئۇ.

— سادىغاڭ كېتەي، بۇنداق سۆزنىڭ نېمە ھاجىتى؟ توغرا ئىشقا خۇدا گۇۋاھ دېگەن گەپ بار. ئاشۇنداق ئەزىمەتنى زورلۇق بىلەن قاداپ، مۇناخلار ئارىسىغا قوشۇپ قويۇشتىكى مەقسەت نېمە؟ — دېدى بۇلۇڭ تەرەپتىن بىرى.

— بۇرۇنقى ئاداۋەتنى قوزغاپ نېمە قىلىسىلەر؟ ئەمدى بىر نىيەتتە بولايلى. — دېدى ئىككىنچى بىرى.

ھەممە جىم بولۇپ قالدى. ياش لەشكەر ئىشىكنى كۆتۈرۈۋېدى، چېدىرغا بەستلىك كەلگەن راتبور كىردى. ئۇ بېشىدىكى قۇلاقچىنى قولىغا ئېلىپ، جۇۋىسىنىڭ تۈگمىسىنى يېشىپ، قېلىن ئاق ساقىلىنى سىيلاپ قويدى. ئاندىن بۇلۇڭدىكى ساندۇق ئۈستىگە قويۇلغان، ئالتۇن بىلەن ھەل بېرىلگەن ئىكونغا قاراپ

ئۈچ قېتىم چۆكۈندى-دە، رەزان كىنەزگە ئېگىلىپ تەزىم قىلدى.

— ھە، راتىبور ئاقساقال، يۇقىرى ئۆت بېشىمىزغا كۈن چۈشتى. بەلكىم ئېيتىدىغان بىرەر ياخشىلىقىڭ باردۇر، — دېدى كىنەز ئىنگىۋارېۋىچ.

راتىبور گىلەم ئۈستىگە چىقىپ ئولتۇرۇپ، سۆزىنى باشلىدى:

— مەن قىراللىق يېزا لەشكەر بىلەن قېلىن قومۇش ئىچىگە يوشۇرۇنۇپ ياتقانىدىم. تاتار-ماتار دېگەندىن بىرىنى قولغا چۈشۈرۈش ئارزۇيۇم بار ئىدى. چۈنكى ئۇلارنىڭ نېمە خىيالدا، قانداق كېتىۋاتقانلىقىنى بىلىش كېرەكتە. بۇران ئەزۋەيلەپ كەتتى. ئۇ يەردە تۇرۇشمۇ ئىنتايىن قىيىن بولدى. بارغانچە بىزنى قار بېسىپ كەتتى. لېكىن قۇرۇق قول قايتىشقا زادىلا رايىم يوق ئىدى. خۇدا دېسەڭ قۇرۇق قالمايسەن، دېگەندەك، دەل شۇ پەيتتە دەھرىلەرنىڭ بىر توپى ئالدىمىزغا كېلىپ قالدى. ئۇلار يولدىن ئادىشىپ قالدىمۇ ياكى «تىل» ئىزدەپ يۈرگەنمۇ ئەيتاۋۇر، خۇدا ئۆزى بىزنىڭ ئالدىمىزغا ھەيدەپ كەلدى. بىز ئۇلارغا تۇيۇقسىز تاشلاندۇق. ئۇلار كەينىگە ئۆرۈلۈپ قاچتى. ھەر ھالدا ئىككىسىنى ئاتتىن يۇلۇۋالدۇق. بىرى ئوڭايلا تەسلىم بولدى. ئىككىنچىسى قورشاۋغا چۈشكەن بۆرىدەك خېلى خىرس قىلىپ يۇلقۇنۇپ باقتى. ئاخىرىدا ئۇنىمۇ ئايپالتا بىلەن ھوشىنى كەتكۈزۈپ باغلىۋالدۇق.

— تىرىك تۇتتۇڭلارمۇ؟

— تىرىك تۇتتۇق. ئاندىن سوراق قىلدۇق. قارىغاندا ئەھۋالنى كۆپ بىلسە كېرەك. لېكىن ھېچنەرسە دېمىدى.

— ھەي، قىيناپ سوراشنى بىلمەيسىلەر. ماڭا ئەكېلىپ بېرىڭلار، قانداق سۆزلەشمەيدىكەن، — دېدى بىرى.

— مۇشۇ يەرگە ئېلىپ كەلدىم.

— قېنى بۇ يەرگە ئېلىپ كىرىڭلار، — دېدى كىنەز.

لەشكەر مېڭغۇل تۇتقۇنلارنى دەرھال چېدىرغا ھازىر قىلدى. تۇتقۇنلارنىڭ قولى تاسما بىلەن كەينىگە قايرىپ باغلاندى. بىرى باي بولسا كېرەك، ئۈستىگە مۇۋۇت بىلەن تاشلانغان ئەلتىرە جۇۋا كىيگەن، سول مۈرىسىگە بەلگە تاقىغان، ئايىغىدا ئۆتۈك بار ئىدى. ئۇنىڭ يۈزى تاۋاقتەك بولۇپ، كۆزى مۈشۈك ياپىلاقنىڭ كۆزىدەك ئويناپ تۇرىدۇ. بېشىنى توختىماي گىلدىڭلىتىپ تۇراتتى. ئۇ بوسۇغىنى ئاتلاپ كىرىشى بىلەنلا ئۆتكۈر كۆزى بىلەن چېدىرنىڭ ئىچىنى بىر قېتىم كۆزدىن ئۆتكۈزۈپ چىقتى. ئۇنىڭ ئويناپ تۇرغان كۆزىدىن خۇددى قىرشاۋغا چۈشكەن يىرتقۇچ ھايۋاننىڭ كۆزىدىكىدەك تەسلىم بولغانلىقىغا تەن بەرمىگەنلىكى چىقىپ تۇراتتى. ئەگەر قولىنى بوشىتىۋالسا، ھازىرلا بۇ ماكاندىن ئۇچۇپ كېتىدىغاندەك ئەلپازدا ئىدى.

ئىككىنچى تۇتقۇن ئون يەتتە ياش چامىسىدىكى ياش بالا ئىكەن. ئۇ يىرتىق جۇۋىنىڭ ئۈستىگە قوي تېرىسىنى يۆگەپ باغلىۋالغانىدى. ئۇ ئۆزى ئىلگىرى كۆرۈپ باقمىغان بۇ رۇسلارغا كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ ھاڭ - تاڭ بولۇپ قارايتتى.

كىنەز لىخار كېدىرياشنى چاقىردى.

ئۇ تۇتقۇنلارنىڭ چېڭىنىڭ يېنىغا كەلدى:

— قېنى جاۋاب بەرمەمسەن؟ — دېدى ئۇ.

تۇتقۇن ھوميىپ بىر قاردى - دە، يۈزىنى ئۆرۈۋالدى.

— ئەگەر سۆزلىمەيدىغان بولساڭ، ئوتقا باسىمىز.

— جاۋاب بېرەي.

— كىم بولىسەن؟ ئىسمىڭ نېمە؟

— مەن باتۇخاننىڭ تۈمەنىدە يۈزبېشى. ئىسمىم ئورىن - قادان.

— باتۇخاننىڭ قانچە لەشكىرى بار؟

www.uyghurkitap.com

— باتۇخاننىڭ لەشكەرنىڭ سانىنى بىلىش ئۈچۈن ئۈنى توقسەن توققۇز يىل ساناش كېرەك.

— باتۇخان ھازىر قەيەردە؟

— ئانچە يىراق ئەمەس. سىلەرنىڭ لەشكەرىڭلارنىڭ ئۇدۇل تەرىپىدە. مۇشۇ يەردىن ساداقتىن ئوق ئۈزسە يېتىدىغان يەردە تۇرىدۇ.

— ئۇ قايسى تەرەپكە قاراپ كېتىۋاتىدۇ؟

— باتۇخان رۇسلارنى بويسۇندۇرۇشقا ۋە ئۇلارنى قۇل قىلىشقا كېتىۋاتىدۇ.

— ئۇ نېمىشقا تىختاپ قالدى ياكى بىزدىن قورقىۋاتامدۇ؟

— باتۇخان ھېچكىمدىن قورقمايدۇ. ئۇ پەقەت بورانىنىڭ توختىشىنى كۈتۈۋاتىدۇ. رۇسلارنىڭ جىن - شەيتانلىرى بىزنىڭ يولىمىزنى توسۇش ئۈچۈن، قارنى ئۇچۇرۇپ، بىزگە قارشى بوران چىقىرىۋاتىدۇ. رۇسلارنىڭ ماڭغۇسلىرىنى بىزنىڭ ئەرۋاھلىرىمىز قوغلاپ چىققان ۋاقىتدا باتۇخان ئاتلىنىپ، توپتوغرا رەزانغا باستۇرۇپ كىرىدۇ.

— موڭغۇللارنىڭ قوماندانى كىم؟

— ئۇنىڭ قوماندانى كۆپ، ئەڭ چوڭ قوماندانلار — ئۇلۇغ جاھانگىر. چىڭگىزخاننىڭ ئۆز پۇشتىدىن بولغان ئون بىر خانزادە.

— ئۇلارنىڭ ھەممىسى رەزانغا كېلەمدۇ؟.

— ياق، ئۇلارنىڭ ھەممىسى كەلسە، رەزانغا سىغمايدۇ. لەشكەرگە ئوزۇق، ئاتقا چۆپ تاپقىلى بولامدۇ؟ لەشكەرلەر سەپنى كەڭ يېيىپ، ھالقىسىمان مۇھاسىرە ياساپ، قاتار - قاتار سەپ بولۇپ كېلىدۇ. ئوڭ قانىتىنىڭ ئەڭ چېتىدە شۇيبان خان، سول قاناتتا كۈيۈك خان...

— رەزانغا كىم كېلىۋاتىدۇ؟

— رەزانغا ئالدى بىلەن كۆيمك خان ھۇجۇم قىلىدۇ. ئۇنىڭ كەينىدىن باتۇخان كېلىدۇ.

— قالغان قىماندانلار نەگە بارىدۇ؟

— ئۇلار رۇسلارنىڭ باشقا شەھەرلىرىگە ھۇجۇم قىلىدۇ.

كىنەز يۇرى ئىنگىۋارېۋىچ ئىككىنچى تۇتقۇندىن سورىدى:

— ئىسمىڭ نېمە؟

— ئىسمىم مىسىق. نەزەر كەرىزەكىنىڭ بالىسىمەن.

— ماۋۇ سېنىڭ يېلدىشىڭ ئورىن - قادانىڭ دېگەنلىرى توغرىمۇ؟

— ئاساسي جەھەتتىن توغرا دېيىشكە بولىدۇ.

— توغرا بولمىغان نەرى بار؟

— ئۇنى ئۆزۈڭلار تېپىڭلار، مەن ئېيتمايمەن.

— بۇ سېنىڭ باشلىقىڭمۇ؟

— ھەئە، بۇ مېنىڭ ئەڭ چوڭ باشلىقىم.

— قانداق قىلىپ تۇتقۇنغا چۈشۈپ قالدىڭلار؟

— باشلىقىم رۇس قېشۇنىنىڭ ئەھۋالىنى بىلمەكچى بولۇپ، مېنى باشلاپ چىققان. بىز يېلدىن ئادىشىپ كەتتۇق. تېنەپ يۈرگەن ۋاقتىمىزدا قولغا چۈشتۇق.

كىنەز ئويغا پاتتى. سىپاھلار ئۇزۇن - تىنىسىز بېشىنى ساڭگىلىتىپ ئولتۇراتتى. قارا بېراندەك يېپۈرۈلۈپ كېلىۋاتقان تاتار قېشۇنى بىلەن جەڭ قىلىش ئوڭايغا چۈشمەيدىغانلىقىنى ھەممە چۈشەنگەنىدى.

— قېنى يەنە كىم سۆزلەيدۇ؟ نېمە مەسلىھەتىڭلار بار؟ — دېدى يۇرى ئىنگىۋارېۋىچ.

بۇ چاغدا قاراپ تۇرغان تۇتقۇن ئۇلارنى مەسخىرە قىلغاندەك ئېغىزىنى پۇرۇشتۇرۇپ كۈلۈپ قويدى. كىنەز يۇرى كۆزىنىڭ قۇيرۇقى بىلەن قاراپ قويۇپ، لىخار كودرياشقا بۇيرۇق قىلدى.

— ھەي، كۇدرياش، ئەسىرلەرنى ئېلىپ چىقىڭلار، لېكىن مىقتا تۇتۇڭلار. پۇتىنى تاسما بىلەن چىڭ باغلاڭلار، ئەگەر ئادەتتىكى ئارقان بولسا چىشلەپ ئۈزۈپ قېچىپ كەتمىسۇن. ئەمدى چىقساڭلار بولىدۇ.

كۇدرياش تۇتقۇنلارنى ھەيدەپ چىقىپ كەتتى. راتىبور ئىزتىراپ ئىچىدە ساقىلىنى توختىماي سىيپايتتى.

سىپاھلار خۇددى قۇدۇققا تاش چۈشكەندەك جىمىپ كەتتى. كىنەز يەنە راتىبور بىلەن سۆزلەشتى.

— راتىبور ئاقساقال، سىنىڭ لەشكىرىي ئىشلاردا تەجرىبەڭ مول. بۇ ھارام نىيەت موڭغۇللارنىڭ ھازىر ئېيتقان سۆزلىرىگە قانداق پىكرىڭ بار؟

— موڭغۇللار پۈتۈنلەي ماختانچاقلىق بىلەن سۆزلىدى. دەرۋەقە ئۇلارنىڭ لەشكىرىنىڭ كۆپ ئىكەنلىكى راست. بىراق لەشكىرىنىڭ مۇنچىۋالا كۆپ بولۇشىنىڭ پايدىسىمۇ بار، لېكىن ئۆزىگە چۈشلۇق زىيىنىمۇ بار. مۇنداق زور قوشۇن بىر ئورۇندا كۆپ تۇرالمايدۇ. موڭغۇل يىلقىلىرى تۇيىقى بىلەن ئوتلاقلارنىڭ تېپىسىنى چىقىرىۋەتتى. ئەمدى يەنە بىرنەچچە كۈن تۇرسا، موڭغۇللارنىڭ يىلقىلىرى ئاچلىقتىن توگلاپ قىرىلىدۇ. شۇڭا ھەممىسى رەزانغا ھۇجۇم قىلماي قانىتىنى كەڭ يېيىپ، باشقا شەھەرلەرگە بۆلۈنۈپ كېتىۋاتىدۇ. شۇنداق قىلغاندىلا ئۇلارنىڭ قولىغا ئاشلىق بىلەن چۆپ كۆپ چۈشىدۇ. ئەگەر بىزنىڭ كىنەزلەر بىر ياقىدىن باش، بىر يەڭدىن قول چىقىرىپ قوشۇننى بىر يەرگە توپلىغان بولسا، موڭغۇللاردىن قورقۇشنىڭ ھېچقانداق ھاجىتى يوقتى.

— ھېلىقى موڭغۇلنىڭ دېگەنلىرى راستمىدۇ؟

— تاتار لەشكەرلىرىنى توقسەن توققۇز يىل سانايسەن دېگىنى ئەلۋەتتە كۆزىنى يۇمۇپ، يوقىنى يېگەنلىك. باشقا سۆزلىرى راست بولۇشى مۇمكىن.

— سىنىڭچە ئەمدى قانداق قىلىشىمىز كېرەك؟

— ھازىر موڭغۇللارنىڭ لەشكىرى بۇ يەردىن فىرونىسكىچە سوزۇلۇپ، چېچىلىپ يېتىپتۇ، ئۇلار ئەمدى كۈچىنى توپلاپ بىزگە ھۇجۇم قىلالمايدۇ. ئەگەر ھېلىقى موڭغۇل يالغان ئېيتمىغان بولسا، بىزگە قارشى بولۇپ، كۆيۈك خان بىلەن باتۇخاننىڭ ئۆز قوشۇنلىرى تۇرغان بولۇشى مۇمكىن. شۇڭا بىز ئىككىلەنمەي ئالدى بىلەن گۈيۈك خاننىڭ لەشكىرىگە ھۇجۇم قىلىشىمىز ۋە ئۇنى باتۇخاننىڭ قوشۇنىدىن ئايرىپ تاشلىشىمىز لازىم. ماۋۇ بوراندا ئۇلار بىزنىڭ يېقىنلاپ بارغىنىمىزنى بىلمەي قالىدۇ. ئالدى بىلەن كۆيۈك خاننىڭ قوشۇنىنى بىتچىت قىلىپ، ئاندىن باتۇخاننىڭ قوشۇنىغا ھۇجۇم قىلىمىز. دەرۋەقە بۇ ئوڭاي ئىش ئەمەس. لېكىن ئۇلار بىرلىشىۋالسا، بىزگە بەكمۇ يامان بولىدۇ.

قوماندانلار، سىپاھلار تالاش - تارتىشقا چۈشتى. ھەرقايسىسى ئۆز سۆزىدە چىڭ تۇرۇپ، باشقىلارنى قايىل قىلماقچى بولاتتى. كىنەز يۇرى ئىنگىۋارېۋىچ ھەممىسىنىڭ سۆزىنى تولۇق ئاڭلاپ بولۇپ، ئاخىرىدا، راتىبورنىڭ پىكرىنى ماقۇل كۆردى. تاڭ بەلگە بەرگەندە لەشكەرلەرنى ئاتلاندۇرۇپ، تاتارلارنىڭ سول قانىتىغا ھۇجۇمغا ئۆتۈشكە بەلگە بەردى.

## سەككىزىنچى باب

## ۋەھشىي دالادىكى جەڭ

«... ئۇستى - ئۇستىگە مىنگىشىپ، تەرتىپسىز ياتقان ئۆلۈكلەر دەستىدىن، بۇ يەرنىڭ تاقىر يەرلىكىنى ياكى قېلىن چۆپلۈك ئىكەنلىكىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

بەلگىلى بولمايتتى. شېھىتلارنى يىغىشقا ئا
چىقمىدى. جەسەتلەر قار ئاستىدا قېلىپ، يىرتقۇچلارغا يەم بولدى. ئۇلارنىڭ ئەزىز باشلىرى ئېگىسىز قېلىپ خارلاندى. بەزى يەرلەردە خۇددى كىشىلەر تەرىپىدىن دۆۋىلەپ قويغاندەك جەسەت تاغلىرى ياسالدى».

(باتۇخاننىڭ بېسىپ كېلىشى توغرىسىدىكى رىۋايەت. XIII ئەسىر)

تاڭ سۈزۈلگەن چاغدا پۈتۈن قوشۇن جەڭگىۋار ھالەتكە ئۆتكەنىدى. لەشكەرلەر تۈن بويى قار ئاستىدا يېتىپ چىقتى. تاڭغا يېقىن بوران بېسىلىپ، قار لەپىلدەپ يېغىشقا باشلىدى. شۇنىڭدىمۇ تاڭ بەلگىسى بولغان شەپەق لەپىلدەپ يېغىۋاتقان قار ئارىسىدىن شۇڭغۇپ يەر يۈزىگە ئۆزىنىڭ يورۇقىنى يەتكۈزگەنىدى. لەشكەرلەر ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ، ئۈستىدىكى قارلارنى قېقىشتۇرۇپ، قورال - ياراقلىرىنى رەتلىدى. بەزىلەر ساۋۇتلىرى كىيدى.

كىنەز يۈرى ئىنگىۋارىۋىچ لەشكەرلەر سېپىنى ئايلىنىپ كۆزدىن كەچۈرۈپ يۈرەتتى. لەشكەرلەر غاز بولۇپ تىزىلغانىدى.

بىر چاغدا سۈكۈناتلىققا چۆمگەن ھاۋانى يېرىپ كىنەزنىڭ ۋەزمىن ئاۋازى ياڭرىدى:

— قېرىنداشلار، ئىنىلار، جەڭ مەيدانىدىن چېكىنمىگەن جەسۇر ئوغلانلار، مېنىڭ سۆزۈمگە قۇلاق سېلىڭلار! ياۋۇز دۈشمەن قىلىچىنى شىلتىپ، بوسۇغىمىزغا كېلىپ قالدى. ئەزەلدىن بىز بىلەن ھېچقانداق ئاداۋىتى بولمىغان بۇ ياۋاش تىنچ ياتقان خەلقنىڭ ئۈستىگە نېمە ئۈچۈن باستۇرۇپ كېلىدۇ؟ ئۇلار بىزنىڭ خاتىرجەم تۇرمۇشىمىزنى ۋەيران قىلماقچى.

ئۇلار پۈتۈن دەشتى قىپچاقنى ئىشغال قىلغانىدى. ئەمدى بىزنىڭ تۇپرىقىمىزغا قول سالماقچى بولۇۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ مەقسىتى بىزگە ئېنىق. بىزنىڭ ۋەتىنىمىزنى كۆيدۈرۈپ تالان-تاراج قىلماقچى. تىنچ ياتقان رەزانىنىڭ كۆلىنى كۆككە سورۇماقچى. ئەمدى كىندىك قېنىمىز تۆكۈلگەن ئانا تۇپراقنىڭ، يەر - سۈيىمىزنىڭ، يۇرت - ماكانىمىزنىڭ، خوتۇن - بالىلىرىمىزنىڭ، ئاتا - ئانىلىرىمىزنىڭ تەقدىرى سىلەرنىڭ قولۇڭلاردا. ياۋۇز دۈشمەن ھۇجۇمغا ئۆتمەكچى. ئۇلارنىڭ ئەس-يادى تېزرەك رەزانغا بېسىپ كىرىپ، ئىسسىق ماكان، ياخشى ئاشامغا ئېرىشىش. دۈشمەن مانا ئالدىمىزدا تۇرۇپتۇ. ھازىر ئۇرۇش باشلىنىدۇ. بىرىڭلارمۇ چېكىنمەڭلار! قېرىنداشلار، مەن ھەر دائىم سىلەر بىلەن بىرگە ئاخىرقى بىر تامچە قېنىم قالغىچە ئۇرۇشىمەن. بىۋسىمىز ئىنگىۋارىسۇيا توسلاۋچىنىڭ ئانا ماكانى ئۈچۈن ئالغا!

كىنەزنىڭ چىرايى ۋەزمىن، قاپىقى سەل چۈشكەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ تىكىلىپ تۇرغان ئۆتكۈر كۆزلىرىدىن يەنىلا جەسۇرلۇق ئۇچقۇنلىرى چاقناپ تۇراتتى. ئۇ سوغۇققا چىدىماي پىتىرلاپ، ئىغىزدۇرۇقىنى چايناپ، تىزگىنىنى سىرىپ تۇرغان چىلان تورۇقىنىڭ تىزگىنىنى چىڭ تۇتۇپ، ئىككىنچى قولى بىلەن قىلىچىنىڭ دەستىنى تۇتتى.

لەشكەرلەر ئۇنىڭ سۆزىگە قىسقا - قىسقا جاراڭلىق ئاۋازدا جاۋاب بېرىپ:

— ئاداققىچە ئۇرۇشىمىز، بىزدىن غەم قىلما، ھەرگىز چېكىنمەيمىز. ئەگەر بىز چېكىنسەك ئوكا دەرياسى كەينىگە يانسۇن! — دېيىشتى.

مىڭبېشى، يۈزبېشىلار ئۆز سەپلىرىنى ئارىلاپ، دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلار توغرىسىدا قىسقا - قىسقا چۈشەنچىلەرنى بېرەتتى.

— ھازىر لەنتىي، مۇڭغۇللارغا قارشى ھۇجۇمغا ئۆتىمىز، ياۋ قوشۇنىنىڭ دەل ئوتتۇرىسىنى يېرىپ ئۆتۈپ، ئۇلارنى ئىككىگە بۆلۈپ تاشلايمىز. ئالدى بىلەن بىر قانىتىنى بىتچىت قىلىپ، ئاندىن ئىككىنچى قاناتقا ئۆتىمىز. قەيسەر بولۇڭلار! ئېسىڭلاردا بولسۇنكى، مۇڭغۇللار ئىنتايىن ھىيلىگەر بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ئۇرۇش ئۇسۇلى كۆپىنچە ھايۋانلارغا ئوخشايدۇ. بەزىدە ئالدى ـ كەينىگە قارىماي قاچىدۇ. قوغلىساڭ يوشۇرۇن تۇزاققا چۈشۈرىدۇ. قاچقانلارنى ھەرگىز قوغلىماڭلار. ئۆز ئورنۇڭلاردا تۇرۇپ ئۇلارنىڭ قايتۇرما ھۇجۇمىنى كۈتۈۋېلىڭلار. ئەنە شۇ چاغدا ئۇلارنى چېكىندۈرۈشكە بولىدۇ، — دەپ ئەسكەرتىش بىرەتتى ئۇلار.

ئۈستىبېشىنى ئاپئاق قىراۋ باسقان، سۇمباتلىق لەشكەرلەر نەيزە ۋە ئايپالتىلىرىغا تايىنىپ تۇرۇپ، باشلىقلارنىڭ سۆزىنى ئىخلاس بىلەن ئاڭلايتتى. بۇلارنىڭ كۆلپەتلىك تۇرمۇش ئىچىدە ھايات كەچۈرۈۋاتقانلىقىنى بىر قاراپلا بىلگىلى بولاتتى. كىيگىنى كونىراپ، مايلىشىپ كەتكەن چەكمەن جۇۋا، بەللىرىنى ئىنچىكە تاسمىلار بىلەن تارتىپ باغلىغان، بەلباغلىرىغا ياغاچ غىلاپلىق پىچاقلارنى ئاسقان، پۇتىغا چورۇق تارتقان، تىزىغىچە لاتا بىلەن يۆگەپ، سىرتىنى كەندىر يىپ بىلەن ئايلاندۇرۇپ باغلىغانىدى. ئۇلار ھېچبىر قورقۇنچىسىز رەزان تۇپرىقىنى قوغداش ئۈچۈن ئاتلىنىپ كەلگەن بولۇپ، ھەممىسى بىر قەدەم چېكىنمەي دۈشمەن بىلەن ئاداققىچە ئېلىشماقچىدى.

لەشكەرلەر ئالدىدا كۆرۈنگەن تۆپىلىكنىڭ ئەڭ ئېگىزىگە قاراپ ياماشتى. كۆلتۈك قار تىزدىن ئاشاتتى. ئالغا ئىلگىرىلەش ئىنتايىن مۈشكۈل ئىدى.

لەشكەرلەرنىڭ ئالدى تۆپىلىكنىڭ ئۈستىگە ئەمدىگىنە



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

چىقىپ، كەينىدىكىلىرى ئېغى ئۈلگۈرمىگەنىدى. توساتتىن تىنچ دالا ئاسمىنىدا؛

— رۇس، رۇس، — دەپ ۋارقىرىغان چۇقان ياڭراپ كەتتى.

چۇقان سالغانلار راتبورنىڭ يېنىدا كېلىۋاتقان ھېلىقى تۇتقۇن مۇڭغۇللار بولۇپ، ئۇلار ئۆز ئادەملىرىگە خەۋەر بەرگەنىدى. بۇ ئاۋاز چاقماق تېزلىكىدە ئوڭ - سول ۋە ئوتتۇرىدىن تەكرار ئېيتىلىپ پۈتۈن دالاغا يېيىلىپ كەتتى. بۇ چاغدا پۈتۈن دالا چۇقان ئىچىدە قالغاندەك بولدى. قېلىن قار ئاستىدا ئۇخلاپ ياتقان دالا بىردىنلا ئويغانغاندەك بولۇپ، قار ئاستىدىن تۇرغان ئادەملەر كۆرۈنۈشكە باشلىدى. موڭغۇللارنىڭ ئاۋازىمۇ ئاڭلاندى. شۇندىن كېيىن نۇرغۇن ئاتلارنىڭ دالا نەرەپكە، يەرنى تىترىتىپ چېپىپ كەتكەنلىكى كۆرۈندى. ئۇلار بىرئاز يىراقلاشقاندىن كېيىن، سەھەر تۇمانى ئىچىدە كۆزدىن غايىب بولدى. بىر چاغدا دۈپۈرلىگەن ئاۋازلار تىنجىپ پەقەت يىراقتىن ۋارقىرىغان چۈشىنىكسىز ئاۋازلار ئاڭلىنىپ تۇردى. ئاخىرىدا ئۇمۇ بېسىلىپ ئەتراپ جىمجىت بولۇپ قالدى.

— مەلئۇن تاتارلار! نېمىشقا چېپىپ كېتىپ قالدى، بىزدىن قورقتىمۇ؟ ياكى بىزنى كەينىدىن قوغلايدۇ دېيىشتىمۇ؟ — دېدى رۇس لەشكەرلىرى.

يۈزبېشىلىرى لەشكەرلەرگە قانداق مۆكۈنۈپ يېتىش لازىملىقى توغرىسىدا چۈشەندۈردى.

رۇسلارمۇ موڭغۇللارنىڭ ھۇجۇمىنى كۈتۈپ، مۈرىنى - مۈرىگە تىرەپ، قار ئىچىدە يوشۇرۇنۇپ ياتتى. قىزىل قوياش شەرقتىكى ئۇپۇقتىكى قېلىن بۇلۇتنى يېرىپ چىقتى. ئۇنىڭ بۇلۇتلار قاتلىمىنى يېرىپ ئۆتكەن ئالتۇن نۇرلىرى كۈمۈش قار ئۈستىدە جىلۋە قىلىپ، پۈتۈن دالانى يورۇق قىلىۋەتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

يىراقتىن سەپ تۈزگەن موڭغۇل لەشكەرلىرىنىڭ قارىسى كۆرۈندى. ئۇلار لەيزىسىنى بۇ تەرەپكە قارىتىپ يالىڭاچلانغان قىلىچىنى ئوڭ مۈرىسىگە قويۇپ، ھۇجۇمغا يۈزلەنگەندەك ئىدى.

رۇسلار بىرنەچچە تۆپىلىكلەرنى ئىستىھكام قىلىپ قار ئىچىدە تىنۇش چىقارماي ياتتى.

بىر ھازادىن كېيىن موڭغۇل ئاتلىرىنىڭ بىر خىل رىتىم بىلەن چاپقان تۇياق ئاۋازى ئاڭلاندى. كەينىدىنلا مىڭلىغان ئاتلارنىڭ دۈپۈرلىگەن ئاۋازىدىن خۇددى يەر تەۋرىگەندەك بولۇپ، يەر تېگىدىن گۈرۈلدىگەن ئاۋاز ئاڭلاندى. قويۇندەك چاپقان ئاتلاردىن كۆتۈرۈلگەن قار توزانلىرى ۋە ئاتلارنىڭ تىنىقىدىن كۆتۈرۈلگەن ھورنىڭ ئىچىدە قالغان موڭغۇللار چۇقان سېلىشىپ رۇس لەشكەرلىرىنىڭ ئۈستىگە يوپۇرۇلۇپ كەلدى.

— قى قۇۋ، قى قۇۋ ئۇراخ! — دەپ ۋارقىرىغان ئىنتايىن يېقىمسىز ئاچچىق ئاۋازلار ئاڭلاندى.

ئۇلار ھەش - پەش دېگۈچە رۇسلار ياتقان تۆپىلىكلەرنىڭ ئېتىكىگە ئۆرلەشكە باشلىدى. ئالدىنقى رەتتىكى بىرنەچچە ئاتلارنىڭ سۈرۈنۈپ يىقىلغانلىقى كۆرۈندى. باشقىلار ھېچنەرسىگە قارىماي، تاشقىندەك بېسىپ كېلەتتى. ئىنتايىن يېقىن قالدى. يەنە يىگىرمە قەدەم قالدى دېگەندە رەزان قوشۇنى:

— تۇر، رەزان ئالغا! — دەپ ۋارقىراپ دۈشمەنگە قارشى تاشلاندى.

موڭغۇل ئاتلىرى ئۈركۈپ كەتتى. بەزىلىرى بويى بەرمەي كەينىگە بۇرۇلۇپ قاچتى. بەزىلىرى ئاسمانغا چاپچىپ ئۈستىدىكى ئادەمنى يىقىتتى، كۆپچىلىكى ئۆزىنى تۇتالماي كەلگەن پېتى رۇسلارنىڭ نەيزىسى بىلەن ئايپالتىسىغا ئۆزىنى ئۇرۇپ يەر چىشلىدى.

رۇسلار جان پىدالىق بىلەن ئۇرۇشتى، رۇسلار موڭغۇللار-نىڭ تېرە جۇۋىلىرىنى پارە - پارە قىلىپ، ساۋۇتلىرىنى ماكچايتىپ ئاتتىن يۇلۇۋالدى. تاتارلارنىڭ ئەگرى قىلىچلىرى هاۋادا يالتىرايتتى. ئۇلار بىر ئازدىن كېيىن چوڭ ساداقلىرىنى ئىشقا سېلىپ، ئوق ئۈزۈشكە باشلىدى. رۇس لەشكەرلىرى قان كېچىپ ئۇرۇش قىلدى. يىقىلغانلار قايتا ئورنىدىن تۇرۇپ، دۈشمەن بىلەن تا ئاخىرقى نەپەسكىچە ئېلىشتى. ئەنە شۇنداق قەيسەرلىك بىلەن جەڭ قىلىپ، موڭغۇل لەشكەرلىرىنى تۆپ-لىكنىڭ ئۈستىدىن تۆۋەنگە قاراپ سىلجىتتى.

رەزان لەشكەرلىرى ئۈستۈنلۈككە ئۆتتى. موڭغۇللار رۇس-لارنى بىردىنلا چېكىندۈرەلمىدى. رۇس قوشۇنلىرى تېخىمۇ غەيرەتلىنىپ، جاندىن كېچىپ، ئۆزىنى دۈشمەنگە تەلۋىلەرچە ئاتتى. ئاخىرى موڭغۇللارنىڭ سانجاق - سانجاق كىرىشىپ كەتكەن ئاتلىق لەشكەرلىرىنىڭ ئوتتۇرىسىنى يېرىپ، ئىككى تەرەپكە چېكىندۈرۈپ، ئارىسىغا كىرىشكە مۇۋەپپەق بولدى.

بىر چاغدا داڭنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى. موڭغۇل يۈزبېشى-لىرىنىڭ قاتتىق ۋارقىرىغان ئاۋازلىرى كۆتۈرۈلدى. بۇ چاغدا تاتار لەشكەرلىرى بىردىنلا كەينىگە چېكىنىشكە باشلىدى. ئۇلار جەسەتلەر ئۈستى - ئۈستىگە دۆۋىلىنىپ كەتكەن تۆپىلىك-لەردىن سىرغىپ چۈشۈپ، دالىغا قاراپ ماڭدى. بېشىنى كۆتۈرۈپ تۇرالماي، قانسىراپ ياتقان ئاتلار سايىنىڭ تېشى-دەك ياتاتتى. بەزى ئاتلار ئۆزەڭگىگە پۇتى ئىلىنىپ قالغان ئادەملەرنى سۆرەپ، دالا تەرەپكە جېنىنىڭ بارىچە چېپىپ كېتىۋاتاتتى.

رۇس لەشكەرلىرىمۇ چېكىنىشكە باشلىدى. چۈنكى لەشكەر-لەر سانى ئىنتايىن ئاز قالغانىدى. سوقۇشتا ھەر ئىككىلا تەرەپ ئېغىر تالاپەت كۆردى. ئۇرۇش بولغان مەيداننىڭ ئۈستى جەسەتلەر تۆپىلىرىدىن كۆرۈنمەي قالدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئىزدەش ئورنى
www.uyghurkitap.com

## توققۇزىنچى باب

## رەزانغا يۈرۈش

باتۇخان لەشكەرلىرىنى كەينى - كەينىدىن شىمالغا قاراپ ئاتلاندۇردى. ھەربىر قوشۇنغا مەخسۇس چاپارمەنلەرنى بەلگىلىدى. خان چېدىرىغا سوقۇش بولۇۋاتقان يەرلەردىن كۈن ئارىلاپ خەۋەرچى نۆۋكەرلەر كېلىپ، ئۇرۇش ئەھۋالىنى بايان قىلىپ، جاھانگىرنىڭ يېڭى بۇيرۇقلىرىنى ئېلىپ مېڭىپ تۇردى.

نەچچە كۈندىن بېرى توختىماي چىققان بوران يولدىكى چاپارمەنلەرنى ئۇدۇل كەلگەن تۆشۈكنى پاناھ قىلىشقا مەجبۇر قىلدى. لەشكەرلەرمۇ ئىلگىرىلەشكە ئامالسىز قالدى. ھەتتا باتۇخان ئۆزىنىڭ «غالىبلار» تۈمەنى بىلەن سۇبىتاينىڭ «جېنىدىن تويغانلار» تۈمەنىنىڭ تۇرغان ئورنىنىمۇ بىرنەچچە كۈندىن كېيىنلا ئاران بىلدى.

لەشكەرلەر ماڭالماي يېتىپ قالدى. ئاتلارنىڭ يەيدىغان ئوت - چۆپىنىڭمۇ تايىنى قالمىغان بولۇپ، چوڭقۇر، قاتتىق قارنى ئېچىپ چۆپ تېپىش ئاتقىمۇ قىيىن ئىدى. باتۇ ئۆزىنىڭ قاراۋۇللىرىنىڭ ئاتلىرىغا زاپاس ئاشلىقتىن بوغۇز بەرگۈزدى. ئەگەر بوران يەنە بىرنەچچە كۈن توختىماي سىرقىسا ئۇ چاغدا ئاتلار تامام ئۆلۈپ تۈگەيتتى. ئۇنىڭ بىلەن بىرگە پۈتۈن موڭغۇللار قوشۇنىنىڭ ھالاك بولۇشى ئېنىق ئىدى.

سوغۇق جېنىدىن ئۆتكەن موڭغۇللار:

— ئالغا باسايلى، رەزاننى تېزرەك ئالايلى! — دەپ بويۇنلىرىنى سوزۇشاتتى.

باتۇخان ۋە باشقا چوڭ - چوڭ خانلارغا قايتىدىن كىڭكىسىز ئۆيلەر تىكىلدى. ئۆيدىكى ئادەملەرنىڭ ھەممىسى مەيلى خان ياكى ئاددىي پۇقرا بولغىنىغا قارىماي، گۈلخان يېنىغا يىغىلىدىغان بولدى. ئۇچۇق تۇرغان ئۆينىڭ بىر چېتىگە قار چۈشۈپ تۇراتتى. شامال ئۇرۇپ، سىرتقا چىقالمىغان ئىس ئۆي ئىچىنى ئايلىنىپ كۆزنى ئاچقۇزمايتتى.

باتۇخان دۈم يېتىۋېلىپ، ئالدىدىكى يالتىراق قەغەزدىن كۆزىنى ئالمايتتى. قەغەزگە رۇس يەرلىرىدىكى شەھەرلەر، شەھەرلەر ئوتتۇرىسىدىكى يول، دەريالار سىزىلغانىدى. ئۇ شۇنىڭغا قاراپ قوشۇنىنىڭ بۈگۈن - ئەتە ماڭىدىغان يوللىرىنى مۆلچەرلەپ ھېسابلاۋاتقاندەك ئىدى.

خانلار، مىڭ باشلىرى باتۇخاننى قورشاپ ئولتۇراتتى. كۆپچىلىكى زوۋان سۈرمەي باتۇنىڭ دېگەنلىرىنى ئاڭلاپ، ئاندا - ساندا بىر ئېغىزدىن قوشۇمچە قىلىپ قوياتتى.

شۇنداق ئولتۇرغان چاغدا باتۇخاننىڭ ئەۋەتكەن چارلىغۇچىلىرى يېتىپ كەلدى. بېشىغا يىرتىق تۇماق، ئۈستىگە ئۇزۇن جۇۋا كىيگەن، بېلىنى تاسما بەلباغ بىلەن باغلىغان ياشانغان بىر نۆكەر سىرتتىن ئۈستىبېشى قار پېتى كىرىپ كەلدى. ئۇ ئېتىكىنى تۇرۇپ ئوت يېنىغا كېلىپ تىزلىنىپ ئولتۇردى - دە، يېڭىنى سەل يۇقىرىغا تارتىپ، قېتىپ كەتكەن قوللىرىنى ئوتقا قاقلىدى.

ئۇ ئولتۇرۇشى بىلەنلا باتۇخاننىڭ سورىغان سوئاللىرىغا جاۋاب بەردى:

— بۇ يەردىن ئانچە يىراق بولمىغان، دەل ئالدىمىزدىكى سايلاردا رۇسلار ئورۇن تۇتۇۋاتىدۇ. مۇشۇنداق قاراڭغۇ تۈندىن پايدىلىنىپ تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ قالمىسۇن يەنە، — دېدى ئۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

— يەنە نېمىلەرنى بىلدىڭ؟

— بىزگە يېقىنراق سول قاناتتا كۆيمك خاننىڭ ئىككى تۈمەنى كېلىۋاتىدۇ. نۆۋكەرلەر نارازى بولۇپ يۈرسە كېرەك. ئۇلار بوران بېسىلغىچە قار ئىچىنى پاناھ قىلىپ تۇرايلى، بولمىسا ئاتلىرىمىز قىرىلىپ كېتىدۇ دېيىشىدىغان ئوخشايدۇ. كۆيمك خان بۇ سۆزلەرگە قۇلاق سالماي، ئالغا ئىلگىرىلەشنىڭ خىيالىدا ئىكەن. ئۇ: «بىز رەزانغا باتۇخاندىن بۇرۇن يېتىۋالايلى، بولمىسا، ئۇلار بىزگە ھېچنەرسە قويمايدۇ. رەزاندا تاماقمۇ، ئىچكۈلۈكمۇ، ئالتۇنمۇ، خوتۇنمۇ كۆپ. ئۇلارنى باشقىلاردىن بۇرۇن ئىگىلەيلى... دەيدىكەن.

باتۇخان بۇ سۆزگە نىسبەتەن سىر بەرمەي:

— كۆيمك خاننىڭ رەزانغا قاراپ ئىنتىلگىنى ناھايىتى ياخشى. بۇ باشقىلارغا نەمۇنە بولىدىغان ئىش ئىكەن. رۇسلارنىڭ بۇنداق چوڭ شەھەرلىرىنى تېز ئىشغال قىلىش ناھايىتى ياخشى. ھازىر كۆيمك خاننىڭ تۇرغان ئورنىنى بىلەمسەن؟ ئۇنى تېپىپ بارالامسەن؟ — دېدى.

— تاپىمەن.

— سۇبىتاي باھادىر ساڭا مېنىڭ مۆھۈرۈم بېسىلغان قەغەزنى بېرىدۇ. ئۇنى تېزدىن كۆيمك خاننىڭ قولىغا يەتكۈز. مېنىڭ مۇنۇ يارلىقىمنى ھەم ئېيتقىن. كۆيمك خاننىڭ لەشكەرلىرى تېز ئاتلانسۇن. يولىمىزنى توسۇپ ياتقان رۇس لەشكەرلىرىنى تېپىپ، شۇ جايدىلا يەر بىلەن يەكسان قىلسۇن. ئەگەر كۆيمك خان كۈچۈم يەتمەيدۇ، دېسە تېز ماڭا خەۋىرىنى بەرسۇن. ئۇ چاغدا سۇبىتاي باھادىرنىڭ تۈمەنىنى ئەۋەتىمەن. ئۇ كۆيمك خاننىڭ ياردىمىسىزلا ئۇزى بىر تەرەپ قىلالايدۇ.

يانپاشلاپ ياتقان سۇبىتاي باھادىر قوينىدىن كىچىككىنە ئالتۇن قۇتىنى ئېلىپ، ئاغزىنى ئېچىپ ئىچىدىن مۆھۈر بىلەن

سۇرۇخنى ئالدى ۋە ئالقانچىلىك قەغەزگە مۆھۈرنى باستى، قېرى نۆۋكەر قەغەزنى ئېلىپ، يىرتىق تۇماقنىڭ ئىچىگە تىقتى - دە، ئېگىشىپ بېرىپ ئىشىكتىن چىقىپ كەتتى.

تۈن نىسپى بولغاندا، باتۇخاننىڭ كىگىز ئۆيىگە يەنە بىر چاپارمەن كىرىپ كەلدى. ئۇ كۆك چەكمەن كىيگەن، قارا قۇمچاق، بەستلىك كەلگەن يىگىت ئىدى. ئۇ تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ، ئۆتكۈر كۆزلىرى بىلەن ئۆينىڭ ئىچىگە بىر قۇر كۆز يۈگۈرۈتۈپ چىقتى - دە:

— سۇبىتاي باھادىر كىم بولىدۇ، — دېۋىدى، يەردە ياتقان، قوي تېرىسىدىن تىكىلگەن جۇۋىنىڭ بىر چېتى شارتتىدە ئېچىلدى - دە، سۇبىتاي باھادىرنىڭ يالغۇز كۆزى ئۇنىڭغا قادالدى.

— مەندە ئىشىڭ بارمىدى؟

— باتۇر، بىر قوشۇق قېنىمدىن كەچ. مەن ساڭا قايغۇلۇق خەۋەر ئېلىپ كەلدىم.

— ئېيتىۋەر، — دېدى باتۇخان.

— مەن كۇيىك خاننىڭ يېنىغا كېتىۋاتاتتىم. يولدا ماڭا سۇبىتاي باھادىرنىڭ ئوغلى، ئاتاقلىق قەھرىمان ئورۇن - قادان يولۇقۇپ قالدى. يېنىدا تۆت نۆۋكىرى بار ئىكەن...

— تۇققۇز نۆۋكەر بىلەن كەتكەن.

— ھەممىمىز ساي ئىچى بىلەن كېتىۋاتاتتۇق. يەردىن چىققاندەك تۇيۇقسىزدىن رۇسلار چىقىپ ھۇجۇم قىلدى. سان جەھەتتىن ئىنتايىن كۆپ ئىكەن. مېنى ئورغۇن رۇسنىڭ ئىچىدىن ئېتىم ئاران دېگەندە قۇتۇلدۇرۇپ چىقتى. قىرغاققا چىقىپ ئېتىمنى باغلاپ قويۇپ، قايتا سايغا چۈشتۈم. كەلسەم ئۈچ نۆۋكەرنىڭ ئۆلۈكى ياتىدۇ، بىراق بالاگىننىڭ جەستىنى تاپالمىدىم. ئۇنى تۇتقۇن قىلىپ كەتتىمىكىن؟ ئۇنىسىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بىلمىدىم. ئۇنىڭ بىلەن بىرگە مىسىق دېگەن ياش قىپچاق يىگىتمۇ يوقالدى.

سۇبىتاي باھادىر غەزەپتىن لاغىلداپ تىترەپ، چىرايى ئۆڭۈپ، ئىڭىشكەن پېتى ئولتۇرۇپ قالدى. پارقىراپ تۇرغان يەكچەشمە كۆزى تۇختىماي چىمچىقلاپ كەتتى. شۇ چاغدا ئۇنىڭ يالغۇز كۆزىدىن چىققان ياش سەت يۈزىنى بويلاپ ئېقىشقا باشلىدى...

## ئونىنچى باب

## جەسەت دالا

ئۆگدەپ ياتقان موڭلۇق دالا.
ئۈستۈڭدە ياتقان سانسىز جەسەت.
ئېيتقىن نەدىن بولدى پەيدا؟
(پۇشكىن)

ئۇپۇقتىن ئەمدىلا كۆتۈرۈلۈۋاتقان قۇياش كۆرۈنۈشكە باشلىدى. ئۇنىڭدىن تۆكۈلۈۋاتقان قىزىل نۇر بىپايان دالانى سۆيۈپ ئۆتۈپ، تۈن ئۇيقۇسىدىن تېخىچە ئويغانمىغان دالانى ئەركىلەتكەندەك بولدى. دالا ئۈستىدە يېيىلىپ ياتقان قېلىن تۇمان قۇياش نۇرىغا بەرداشلىق بېرەلمەي، ئاستا - ئاستا تارقاپ كەتتى. باتۇخانغا تاڭ سەھەردە يېتىپ كەلگەن چاپار-مەن كۆيىك خاننىڭ رۇسلار بىلەن جەڭ قىلغانلىقىنى ئېيتىۋاتاتتى. رۇسلار راستىنلا مانغۇس جىلغىلىرىدىن مەدەت ئالغاندەك، ئۆلە - تىرىلىشىگە قارىماي ئۇرۇش قىلدى. بىزنىڭ نۇرغۇن ئادەم ۋە ئاتلىرىمىزنى پالتىلىرى بىلەن چېپىپ ئۆلتۈردى.

كۆيۈك خاننىڭ لەشكەرلىرى بەرداشلىق بېرەلمەي ئارقىغا ئۆرۈلۈپ قاچتى. كۆرۈلگەن تالاپەت ئىنتايىن ئېغىر، دېگەن خەۋەرلەرنىڭ ياقىسىنى ئاۋاملارمۇ ئاڭلىدى.

باتۇخان ھوزۇرىدىكى خانلاردىن پىكىر ئالدى. ئاخىرىدا سۇبېتاي باھادىر بىلەن مەسلىھەتلەشتى. بۇلارنىڭ ھەممىسى بىردەك كۆيۈك خان رۇسلارغا قايتا ھۇجۇمغا ئۆتسۇن، دېگەندىن ئىبارەت بولدى. بىراق باتۇخان بۇ پىكىرنى ماقۇل كۆرمىدى.

— كۆيۈك خان ئازغىنە رۇسلار ئىگىلەپ تۇرغان بىرنەچچە تۆپىلىكنى ئالالمىدى. ئەمدى قورغىنى مۇستەھكەم رەزاننى قانداق ئالالىسۇن؟ ئۇ پۈتۈن موڭغۇل شەنىگە داغ چۈشۈردى. ئابرويىنى يەرگە ئۇردى. ئۇ ئەمدى رۇسلار بىلەن ئۇرۇشۇشنى قويۇپ، ئۆزىنىڭ ئېسىنى يىغىۋالغىنى تۈزۈك. ئۇ قاچىمەن دەپ يىرتىۋالغان ئىشتىنىنى ياماۋالسۇن. ئەمدى سىلەرگە بۇيرۇق: «غالىبلار» تۈمەنىم بىلەن سۇبېتاي باھادىرنىڭ «جېنىدىن تويغانلار» تۈمەنى دەرھال ئاتلىنىپ، رۇسلار ياتقان تۆپىلىكلەرنى ئىگىلەپ، توختىماستىن رەزانغا قاراپ ئىلگىرىلىسۇن. كۆيۈك خاننى ئەمدى كۈتۈپ ئولتۇرالمايمىز. مېنىڭ سىڭلىم ئۆزۈم بىلەن بىرگە ماڭسۇن. ئۇرۇشنى ئۆزۈم كۆزىتىپ ماڭىمەن. تۇتقۇن ئېلىپ ئاۋارە بولمايمىز. ئۇرۇش مەيدانلىرىدا كۆپ تۇرۇشقا بولمايدۇ. يولدا ئات سۇۋۇتقاندىن باشقا توختاۋسىز ئالغا ئىلگىرىلەيمىز. خانلىرىمىز كىگىز ئۆيلىرىنى رەزان قورغىنىنىڭ تاق تۈۋىگە ئاپىرىپ تىكسۇن، — دېدى ئۇ.

بوران لىپپىدە قىلىپ بېسىلىپ قالدى. ئەڭ ئاخىرقى بۇلۇتلار جەنۇب تەرەپكە سوزۇلۇپ، ئۇپۇققا باش قويدى. زۇمرەتتەك كۆك ئاسماندىكى قۇياش بىپايان دالاغا كۈلۈپ قارايتتى.

مىڭلىغان ئادەملەر بىلەن ئاتلارنىڭ جەسەتلىرىنى ئۆز قوينىغا ئېلىپ، ئۈستىگە كۈمۈش قاردىن يوپۇق ياپقان بۇ چەكسىز

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

دالا ھېچنېمە كۆرمىگەندەك سۈكۈت ئىلكىدە قۇياش نۇرى بىلەن ئۇينىشىپ ياتاتتى.

يېڭى ياغقان يۇمشاق قارنىڭ يۈزىدە، خۇددى ئۈمۈچۈكنىڭ تورىدەك يول سىزىلىپ، يۈگۈرۈپ يۈرگەن بۆرىلەر كۆرۈنەتتى. قېرى بۆرىنىڭ كەينىدىن قاقىردەك تىزىلىپ، يالغۇز ئاياغ يول بىلەن بىر توپ بۆرە كېتىۋاتاتتى. ئۇلار ئاندا - ساندا توختاپ قاننىڭ ھىدى كېلىۋاتقان تەرەپكە قاراپ تۇمشۇقىنى سوزۇپ ئاچكۆزلۈك بىلەن قارايتتى.

مۇڭلىنىپ ياتقان ئۆلۈكلەر سايىنىڭ تېشىدەك دۈۋىلىنىپ تۇرۇشاتتى. مەيدان يۈزى ئۇي - چۇڭقۇر، تېخى جان تەسلىم قىلمىغان بىرەر - سىرەن يارىدارلارنىڭ ئىڭرىغان ئاۋازىمۇ ئاڭلىنىپ قالاتتى. يەمچۈك ئىزدىگەن بۆرىلەر شۇ ئاۋازنى ئاڭلاپ، بىردىنلا كېلىشكە پېتىنالماي ئەتراپنى ئەگىپ يۈرەتتى. لېكىن ئۇلار ئەپلەپ دەسسەپ بارغانسىرى ئۆلۈكلەرگە يېقىنلاشماقتا ئىدى. بىرسىنىڭ مىدىر قىلغىنىنى سېزىپ قالسا، شۇ زامان بىر تەرەپكە بۇرۇلۇپ قېچىشاتتى.

كۆك ئاسمان بىلەن يەر يۈزىنى قاپلاپ كەتكەن قاغا - قۇزغۇنلارمۇ، ئىككى تەرەپكە ئايرىلىپ ئۇچۇپ يىراقتا بىرىپ قونۇشاتتى - دە، بىر پەستىن كېيىن، ئاستا يورغىلىشىپ، بىردىن - ئىككىدىن بولۇپ ئۆلۈكلەرگە يەنە يېقىنلىشاتتى. بەزى يەردىكى يارىدارلار مىدىرلاپ قالسا ئۇلار قاق - قاق قىلىپ ھۆركۈپ جاھاننى بېشىغا كىيىپ، كۆككە قاراپ كۆتۈرۈلۈشەتتى.

بۆرىلەر يىغىلىپ سايغا چۈشتى. بىر ئازدىن كېيىن ئۇلار يۈگۈرۈشۈپ قايتىپ چىقتى - دە، كەڭرى دالاغا قاراپ كەتتى. بۇ چاغدا سايدىن بىر سالتاڭ ئاتلىق كىشى چىقىپ كەلدى. ئۇنىڭ مىنگىنى جىرەن ئايغىر بولۇپ، يېتەكتە يەنە بىر ئىتى

بارئىدى. ئات ئۈستىدىكى بۇ ياش مەيداننىڭ ئوتتۇرىسى بىلەن ئىككى چەتكە تەڭ قاراپ ئاستا كېلىۋاتاتتى. ئۇ جەسەتلەر ئۈستى - ئۈستىگە دۆۋىلىنىپ كەتكەن يەرگە كەلدى - دە، توختاپ ئەتراپقا سىنچىلاپ قاراشقا باشلىدى. ئۇ قانداقتۇ بىر تىۋىشنى سەزگەندەك بولدى. بۇ چاغدا سەل نېرىدا يېرىمى قارغا كۆمۈلگەن ئاقساقاللىق بىرىگە كۆزى چۈشتى.

يىگىت دەرھال ئاتتىن چۈشتى - دە، ھېلىقى كىشىنىڭ ئالدىغا باردى.

— راتىبور ھاياتمۇ سەن؟ كۆزۈڭنى ئاچ! — دېدى - دە، قوينىدىن كىچىك سۇدانىنى ئېلىپ ئۇنىڭ ئاغزىغا تەڭلىدى.

راتىبور سۇنى ئالدىراپ - ئالدىراپ يۇتتى - دە، چوڭقۇر - چوڭقۇر نەپەس ئېلىپ، ئاندىن كۆزىنى ئاچتى.

— ئورنۇڭدىن تۇر! بېشىڭنى كۆتۈر! موڭغۇللار مۇشۇ ئەتراپتا تىمىسقىلاپ يۈرىدۇ.

— ئۆزۈڭ كىمسەن؟

— مەن رومان، رەزان كىنەزىنىڭ ئوغلىمەن... ئېسىڭدىن چىقىپ قالدىمۇ، ئىككىمىز بىرگە ئېيىق ئوۋلىغان ئىدۇققۇ.

— مەن تۇرالمايۋاتىمەن، مېنى يۆلىسەڭ...

راتىبور ئىڭراپ ئورنىدىن تۇردى. رومان ئۇنى كۆتۈرۈپ، يۆلەپ يۈرۈپ موڭغۇل ئېتىغا مىندۈردى. ئاندىن ئۇلار بۇرۇلۇپ سايغا چۈشتى - دە، ئۆز يولىغا راۋان بولدى.

يىرتقۇچلار بىلەن قاغا - قۇزغۇنلار كەڭ دالانى بېشىغا كېيىپ، جەسەتلەر ئۈستىدە بەزمە قۇرۇشماقتا ئىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

## بەشىنچى قىسىم

# رەزان يانغىن ئىچىدە

مۇقەددەستۇر تۇغۇلغان يەر،
ئەزىز ۋەتەن، سۆيۈملۈك دىيار.
سېنى دېسە جېنىنى بەرمەي،
تۇرار چىداپ قانداق بىر ئەر!...
(ۋ. ژۇكوۋىسكى)

## بىرىنچى باب

## پالتىلىرىڭلارنى چىڭ تۇتۇڭلار

ساۋېلى دىكارۇس بىر بېسىپ - ئىككى بېسىپ رەزانغا قايتىپ كېلىۋاتاتتى. خۇددى كېپەن كېيىگەندەك، مۈكچىيىپ ياتقان ئاپئاق دالادا ئۇنىڭغا ھەمراھ بولغۇدەك تىرىك جان يوق ئىدى. بەزىدە ياپراق تاشلاپ يالىڭاچلىنىپ قالغان تېرەكلەر، شۇۋىرغان قار بىلەن كۆمۈپ تاشلىغان ساي - جىلغىلار كۆزگە چېلىقاتتى. ناگاندا، بىر يىراقلاردا يالغۇز يور-

گەن ئادەمنىڭ قارىسى كۆرۈنۈپ قالاتتى. بۇلار قانداق قىلىپ ھايات قالغان رەزانلىقلاركىن؟ ئۇلار ئۆز ماكانلىرىغا قايتماقتا.

بىر زامانلاردا بۇ چوڭ يولنىڭ بويىدا، سەھرا خەلقلىرى سودا قىلىدىغان كىچىك - كىچىك مەھەللىلەر بار ئىدى. ھازىر بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىگىسىز تاشلىنىپ قالغان بولۇپ، ئۇچۇق تۇرغان ئىشىكلەردىن كىرگەن شامال ئۆي ئىچىدە ھۇۋلايتتى. ئىگىسىز قالغان ھويلىلارغا توپ - توپ قاغىلار چۈشۈپ ھېچ نەرسە تاپالماي قاقىلدىشىپ ئاسمانغا قايتىدىن كۆتۈرۈلەتتى.

ساۋىلى يول بويى بىرمۇ موڭغۇلنى كۆرمىدى. «ئېھتىمال سوقۇشتىن كېيىن دەم ئېلىپ ياتقاندۇ ياكى بولمىسا، بىزنىڭ ئۆلۈكلىرىمىزنىڭ كېيىم - كېچەك، ساۋۇت - سايمانلىرىنى يىغىشتۇرۇپ يۈرگەندۇ» دەپ ئويلىدى ئۇ.

بىر چاغدا ئۇنى بىرنەچچە چانا قوغلاپ يېتىپ ئۆتۈپ كەتتى. چانىلارغا ساپلا بويى پاكار، تىغۇرلۇق، يۇڭى ئۆسكىلەڭ ئاتلار قوشۇلغانىدى. ئۇلارنىڭ كەينىدىن بىر توپ سىيىر، موزاي - تۇپاق، قويلار ئەگىشىپ كېتىۋاتاتتى. چانىدىكى يۆگەكلەر ئىچىدىن نارىسىدە بالىلارنىڭ باشلىرى كۆرۈنەتتى. دېھقانلار بىلەن ئۇلارنىڭ خوتۇنلىرى چانىنىڭ كەينىدىن پىيادە شاپاشلاپ كېتىۋاتاتتى. ئۇلار ھېرىپ قالغان ماللارنى ھېلى-دىن - ھېلىغا تاياق بىلەن ئۇرۇپ تېزرەك مېڭىشقا مەجبۇرلايتتى.

— تەقدىر قامچىسى سىلەرنى نەدىن ھەيدەپ كېلىۋاتىدۇ، — دېدى ساۋىلى.

— چېگرادىن. پىرونىسكى تەرەپتىن كېلىۋاتىمىز. خۇدا-نىڭ مەرھەمىتى بىلەن ياۋۇزلارنىڭ قولىدىن ئاران قۇتۇلۇپ چىقتۇق. قاراڭغۇ تۈندە قۇترىغان بوران بىزگە ياردەم قىلدى. رەزاندىن باشپانا تاپارمىز دېگەن ئۈمىد بىلەن ئالدىراپ كېتى-ۋاتىمىز. بۇ دالادا قېلىش بەكمۇ خەۋپلىك، تاتارلار ئۇشتۇم-تۇت كېلىپ قالسا، ھالىمىزغا ۋاي، — دېھقانلار «ھوش، ھوش»

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىدىئ ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

دەپ سىيىرلىرىنى ئورۇپ قويۇشتى.

ساۋىلى ئورمان ئىچىدە — ساپانىڭ كەينىدە ئاستا مېڭىپ ئۆگەنگەن ئادىتى بويىچە ئالدىرىماي ماڭاتتى. يول ئۈستىدە قىسقا - قىسقا دەم ئالغىنىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئۇ كېچە - كۈندۈز توختىماي يۈرەتتى. تاتارلاردىن يۈرەكئالدى بولۇپ كەتكەن بۇ بىچارە، تىرىق قىلغان تىۋىش چىقسىلا، دىڭگىدە چۆچۈپ، ئەتراپقا سىنچىلاپ قاراپ، دىققەت بىلەن قۇلاق سالاتتى. ئەتىسى سەھەردە ئۇنىڭ مادارى قۇرۇپ، ئۇمىد چىرىغى ئۆچەي دەپ قالغاندا — ئۇپۇقتىن رەزاننىڭ ياغاچتىن ياسىغان قورغانلىرى ئالدىن چېركاۋلارنىڭ كۆك رەڭلىك گۈمبەزلىرى كۆرۈنۈشكە باشلىدى. شەھەر ئەتراپىدىكى قىشلاقلاردىن كۆك تۈتۈن تولغىنىپ چىقاتتى. ئۇ تەرەپتىن ساپلا قىسقا تون كىيگەن ئاياللار بىر توپ سىيىرلار بىلەن ئاتلارنى سۇغارغىلى ئەكىتىۋاتاتتى. بۇ يەرنىڭ ئاھالىسى خۇددى ھېچقانداق ئىش يۈز بەرمىگەندەك، خاتىرجەم كۆرۈنەتتى. شۇنىڭغا قارىغاندا بۇ يەردە تېخى ئەل بېشىغا ئېغىر كۈن چۈشۈپ، قىرغىن، سوقۇشلار بولمىغاندەك ئىدى.

شەھەر دەرۋازىسىنىڭ ئالدىدا ساۋىلىنى ئۈستىگە يوغان جۇۋا كىيگەن، بېشىغا ئۇچلۇق پاپاخ كىيگەن قاراۋۇللار ئاي پالتىلىرىنى چاپراس قىلىپ توختاتتى.

— كىمسەن؟ نەدىن كەلدىڭ؟ رەزاندا نېمە ئىشىڭ بار؟

ساۋىلىنىڭ ۋەھشىي دالادىن كېلىۋاتقانلىقىنى، ئۇ يەردە رۇس ئەسكەرلىرىنىڭ ئېغىر تالاپەت كۆرگەنلىكىنى ئاڭلىغان قاراۋۇللار، بىر لەشكەرنى چاقىرىپ ساۋىلىنى لەشكىرىي باشلىققا ئاپىرىشنى تاپشۇردى. كوچىلاردا چېپىپ، ئوتتۇن يەنە پايتەخت قورغىنىنى پاناھلاپ كەلگەن قاچاقلارنىڭ روزىغارلىرى بېسىلغان ئورغۇن چانىلار توختىتىپ قويۇلغانىدى.

قاپقىدىن مۇز يېغىپ تۇرىدىغان ياشانغان سىپاھ جۇۋىسىنىڭ يېڭىنى ساپماي، ياغاچ ئۆينىڭ ئالدىدا بىرنەچچە ياساقلار بىلەن پاراڭلىشىپ تۇراتتى. ئۇ ياساقلارنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ بەزىدە بېشىنى چايقاپ قوياتتى. لەشكەرلەرنىڭ ئۇستىبېشى قان: بىرىنىڭ بېشى، بىرىنىڭ مۈرىسى يەنە بىرىنىڭ قولى يارىلانغانىدى.

— ئىنتايىن قىيىن بولدى، — دېدى بېشى تېڭىلغان دېھقان، — جان پىدالىق بىلەن ئۇرۇشتۇق، بىراق تاتارلارنىڭ سانى كۆپ. بىرىمىزگە ئۇنى ھۇجۇم قىلدى. بوي بەرمەي دېگىنىڭ بىلەنمۇ بەرىبىر كۆزۈڭنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە قىي، قوۋ دەپ ۋارقىراپ يېتىپ كېلىشىدۇ. ئۇرغۇنىنى قىرىپ تاشلىدۇق. لېكىن ئۆزىمىزنىڭ ئادەملىرىمۇ قالمىدى، پۈتۈنلەي قىرىلىپ كەتتى. مۆھتەرەم كىنەزىمىز يۇرى ئىنگىۋارېۋىچمۇ ۋەھشي دالادا قازا تاپتى.

— سەن قانداق ئامان قالدىڭ؟

— كەچكە يېقىن تاتارلار بىردىنلا چېكىندى. مەن بىر سايغا چۈشتۈم - دە، بېشىمنى كۆڭلەك بىلەن تېڭىپ قار ئاستىغا كۆمۈلۈپ ياتتىم. تاڭ ئاتقاندا يېنىمدا بۆرىلەر ھۇۋلاشقا باشلىدى. بىر ئازدىن كېيىن، پرونسكە بارىدىغان يولنى مۆلچەرلەپ شىمالغا قاراپ ماڭدىم. شۇ تەرەپتە قاچاقلارغا يولۇقتۇم. ئۇلار مېنى بىرگە ئېلىپ كەتتى.

سىپاھ بېشىدىكى پاپاخىنى ئېلىپ، چوڭ چېركاۋنىڭ ئالتۇن كرېستىگە قاراپ چوقۇنۇپ بولۇپ:

— ئانا تۇپرىقىمىز ئۈچۈن قازا بولغان ئېسىل ئەرلىرىمىزنىڭ ياتقان يېرى جەننەت بولسۇن. نەۋرە - چەۋرىلىرىمىز ئاشۇ دالادا دەريا بولۇپ ئاققان قېنىمىزنى مەڭگۈ ئېسىدىن چىقارماس. تاتارلارغا بىز چېقىلمىدۇق. ئۇلار بۇ يەرلەرگە

ئۆيلىرىمىزگە ئوت قويۇپ، مال - مۈلۈكىمىزنى تالاش ئۈچۈن، دېھقانلىرىمىزنى قىرىپ، خوتۇن - باللىرىمىزنى تۇتقۇن قىلىش ئۈچۈن كەلگەن. بىر قوشۇق قېنىمىز قالغىچە سوقۇشىمىز. قېرىنداشلار! ئانا تۇپرىقىمىزنى ھەرگىز ياۋغا بەرمەيمىز! — دېدى.

كۆپچىلىكنىڭ چىرايىدا تاتارلارغا بولغان غەزەپ - نەپرەت ۋە جاسارەت ئۇرغۇپ تۇراتتى، ئۇلار:

— بىر قەدەم چېكىنمەيمىز، چىداش بېرىمىز! — دېدى.

سىپاھ يەنە سۆزلەشكە باشلىدى:

— بىز ئۆلۈپ كەتسەكمۇ، نەۋرە - چەۋرىلىرىمىز ئورماننى پاناھلىنىپ ئامان قالىدۇ. ئۇلار چوڭ بولۇپ مۇۋاپىق پۇرسەت بولغاندا، باتۇخان پادىشاھنىڭ باللىرىدىن ئۆچىنى ئالىدۇ. كۆڭلۈم بىر شۇملۇقنى سېزىۋاتىدۇ — تاتارلار كۆپ ئۆتمەي رەزان بوسۇغىسىغا كېلىشى مۇمكىن. ئۇلار ئىنتايىن ۋەھشىي، جاسارەتلىك كېلىدۇ. ئۇلار بۇ يەرلەردىن ئۆتۈپ سۈزدالى، روستوۋ، نوۋگورودلارغا بارار. لېكىن ئۇ يەرلەردە تېز قەدەم بىلەن ئىلگىرىلىيەلمەسلىكى مۇمكىن... بىز ئورمان ئارىسىدىكى ئالاڭلارغا ئاشلىق تېرىغان، سازلىقلارنى قۇرۇتقان، ئەلمىساقتىن كېلىۋاتقان قېلىن ئورمانلار قىرىپ، نەچچە مىڭ يىللىق يىلتىزلارنى قومۇرۇپ يەر ئاچقانلار. بىزنىڭ يەرلىرىمىزدە تاتارلار ماكانلىشالمايدۇ. ئۇلار ئۆتكۈن ئۆتكەندەك ئۆتۈپ، ئۇچرىغان دېھقاننىڭ كىيىم - كېچەكىنى، خوتۇنلارنىڭ كۆڭلەكلىرىنى يەشتۇرۇپ، ئۆز سەھرالىرىغا قايتىپ كېتىدۇ. ئۇلارنىڭ ئاتلىرى ئىنتايىن نازۇك. چۆلنىڭ شىۋاق - سۆلۈللىرىغا ئۆگەنگەن. بۇ يەرنىڭ سازلىرىغا پېتىپ قالىدۇ. سوقىلىرىمىزنى تارتالمايدۇ. روھىڭلارنى چۈشۈرمەڭلار. ئاكا - ئىنىلار پالتىلىرىڭلارنى چىڭ تۇتۇڭلار! رەزان قامالىرىغا بېكىنىڭلار! جان پىدالىق بىلەن ئۇرۇشايلى، غەيرەتلىك، شىجائەتلىك بولايلى!

## ئىككىنچى باب

# رەزان قورغىنىنىڭ ئۈستىدە

... ئۈمىدىمىز تىنچلىقتا ئەمەس،
ئۇرۇشتا.
(قەدىمكى زامان تراتېگىسىدىيىسىدىن)

ئوكا دەرياسىنىڭ قىرغىقىدىكى ئېگىز يار ئۈستىگە جايلاشقان رەزان شەھىرى قارىماققا دۈشمەن ئالالمايدىغان مۇستەھكەم قالىدەك كۆرۈنەتتى. شەھەر ئايلاندۇرۇپ قېزىلغان چوڭقۇر خەندەك ۋە خەندەكتىن چىقىرىلغان توپا دۆۋىسىگە قوزۇققا ئوخشاش كۆمۈلگەن يوغان ئېرەن لىملىرى بىلەن مۇھاسىرە قىلىنغان بولۇپ، شەھەر تۇرغان دۆڭنىڭ ئەتراپىدىكى يارغا ئەتەي سۇ قۇيۇپ توڭلىتىلغانىدى. شۇڭا بۇ تېيىلغاق يار بىلەن ئۆرمىلەپ چىقىش مۇمكىن ئەمەستى.

شەھەر ۋە شەھەر ئەتراپىدىكى قىشلاقلارنىڭ ئاھالىلىرى سۆيۈملۈك رەزاننى قوغداشقا ئاتلاندى. لەشكەرلەر ئۆز ئارا: ئەينى زامانلاردىكى قىپچاقلارنىڭ تاجاۋۇزى، سۇزدالىلىقلارنىڭ رەزانغا ھۇجۇم قىلىپ، قېرىنداشلىرىنى قانداق تالان-تاراج قىلغانلىقى توغرىسىدا ھېكايە قىلىشاتتى. قورغاننىڭ مۇنداق ئېگىز يارلىقلىرىغا چىقىش ئوڭاي ئەمەس بولۇپمۇ يۇقىرىدىن بېشىغا قايناقسۇ ۋە ئېرىتىلگەن مۇم قۇيۇپ تۇرسا قانداق چىققۇلۇق؟ بىز مۇستەھكەم ئىتتىپاقىمىز ۋە ئۆتكۈر تىغىمىز بىلەن ياۋنى قارشى ئېلىشىمىز كېرەك.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

سەركەردىلەر بىلەن بويارلارنىڭ ئەمدى پىدائىيلارنى سەپەرۋەر قىلىشىنىڭ ھاجىتى قالمىدى. شەھەر ئاھالىسى، كوچا - كوچىسى بىلەن تەشكىللىنىپ سەپكە قوشۇلدى. قوشۇنغا كەلگەن ھەربىر ئادەم ئۆزىنىڭ قىلىچ، ئايپالتا، ساداقلىرىنى بىللە ئېلىپ كېلەتتى. تۆمۈرچى ئۇستىلار كېچە - كۈندۈز ئارام تاپماي ئۆتكۈر قىلىچلارنى سوقاتتى. چېۋەر ئۇستىلار بولسا دۇبۇلغا، ساۋۇت، قالقان سوقاتتى ھەم ساداق ئوقلىرىنى ياسايتتى.

خەلق جاپالىق، ئۇزۇن مۇددەتلىك مۇداپىئەگە ھازىرلاندى. ساۋېلى دىكاروسنى شەھەر قورغىنىنىڭ دەرياغا قارىغان ئېگىز يار تەرىپىگە قاراۋۇللۇققا قويدى. سەركەردە ئۇنى ئەللىك ياساققا باشلىق قىلىپ تەيىنلىگەندى. ساۋېلى جىددىي تۇتۇش قىلىپ ياردەمچى ئوقچىلارنى تەيىنلەپ ھەربىر لەشكەرنىڭ يېنىغا نۇرغۇن تاش دۆۋىلەتتى. چوڭ ئايپالتىلار بىلەن ئېغىر چوقماقلارنى ھازىرلىدى. قار شۇرغانلاردىن پاناھلىنىش ئۈچۈن گەمە ئۆيلەرنى ياسىۋالدى.

شۇ ئەتراپتا نوۋگورودتىن كەلگەن ژىۋىلايورياتىچ دېگەن سودىگەرنىڭ ئامبىرى بولۇپ، ئۇنىڭدا كەندىر، تۇز، ئاشلىق ۋە باشقا ماللار ساقلىناتتى. ساۋېلى بۇ سودىگەرنىڭ ئالدىغا بېرىپ زەردە بىلەن:

— سەن ژىۋىلايورياتىچ، دائىم ئىسسىق ئۆيدە ياتىسەن. ئەڭ بولمىغاندا قورغان يېنىغا كېلىپ، بىرەر قېتىم بىزنىڭ ھال - مۇڭمىزنى بىلىپ كەتسەڭ بولماسمىدى؟ بىز كېچە - كۈندۈز قار - بوران دېمەي جەسەكتە تۇرىمىز، ئەقەللىسى بىرەر چىنە ئىسسىق ئوماچ ئىچىپ ئىچىمىزنى ئىسسىتمايمىز. سېنىڭ بىزگە قانداق ياردەم بېرىش خىيالىڭ بار؟ — دېدى.

ئېگىز بويلۇق، ئاق يۈزلۈك، ئۈستىگە تۈلكە جۇۋا كىيگەن بۇ سودىگەر ئاستا، مۇلايىم ئاۋاز بىلەن:

— مەن بۇ يەرلىك ئەمەسمەن. نوۋگورودلۇقمەن. ئۆتكەندە قاراماي قويغان يوغان كۆپنى دومىلىتىمەن دەپ قوۋۇرغامنى سۇندۇرۇۋالاي دېدىم. شۇندىن بېرى بەدىنىم قىزىپ، قورسىقىم ئاغرىپ تۇرىدۇ. قورغانغا ئۆز يىگىتلىرىمدىن بىرنەچچىنى قوياي، كىنەز يۇرى ئىنگۋارېۋىچقا سوقۇش ئېھتىياجى ئۈچۈن ئون كېمە ئاشلىق ياردەم قىلدىم. ئەمدى سىلەرگىمۇ تاماق بېرىمەن. بۈگۈندىن باشلاپ ئاشپەز ئاياللارغا لەشكەرلىرىڭگە بىر قازان ئوماچ، بىر قازان بوتقا پىشۇرۇپ بېرىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرىمەن. بۇ ئىشىمنى كۆرگەن خۇدا، گۇناھلىرىمنى مەغپىرەت قىلار، — دەپ جاۋاب قايتۇردى.

ساۋېلى جۇۋىسىغا يۆگىنىپ قورغان ئۈستىدە تۈنەيتتى. بىر ئاز يانپاشلاپ يېتىپ كۆزۈمنىڭ ئاچچىقىنى چىقاردىم دېگىنى بولمىسا، تاڭ ئاتقۇچە تىنىم تاپماي ھېلىدىن - ھېلىغا ئورنىدىن تۇرۇپ ئەتراپقا سىنچىلاپ قارايتتى. تاتارلار كېلىپ قالدىمىكىن، دەپ يىراقلارغا كۆز تىكەتتى.

ئەتىگەنلىكى قورغاننىڭ يېنىغا پاكار - پاكار ئاتلارغا مىنگەن، بېشىغا قىزىل - يېشىل تۇماقلارنى كىيگەن، چاپىنىنىڭ يەڭ، ئېتەكلىرىگە قىزىلدىن جىيەك تۇتقان ئىككى قىپچاق كەلدى. ئۇلارنىڭ بىرى تۆۋەندە تۇرۇپ:

— ساۋېلى مېنى تونۇدىڭمۇ؟ — دەپ ۋارقىرىدى.

— ھەي كۇدرياشمىسەن؟ نېمىلەرنى كىيىۋالدىڭ؟

— ماۋۇ قىپچاق ئاغىنەم بىلەن بىرگە ۋەھشىي دالاغا كېتىۋاتىمەن. سەركەردە كىنەز فېدورنىڭ جەسىتىنى ئېلىپ كېلىڭلار، دەپ ئەۋەتتى. ۋارونىژ دەرياسىنىڭ بويىغىچە بارىمىز. ئۇ يەردە ئاۋۇ كۈنى باتۇخان پادىشاھنىڭ قوشۇنى تۇرغانىدى. ھازىر ئۇ يەرلەردە شاماللار ئۇسۇل ئويناپ، بۆرە، تۈلكىلەر بەزمە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قۇرغاندۇر. ئادەم ماڭمايدىغان يوللار بىلەن ئەگىپ يۈرۈپ، كىنەزنىڭ جەسىتىنى زارايىسكىگە ئاپىرىمىز. ئۇ يەردە ئۇنىڭ ئايالى يېۋپراكسىيا خانىم بىلەن نارسىدە بالىسىنىڭ يېنىغا دەپنە قىلىمىز.

ساۋبلى بېشىدىكى بۆكىنى ئېلىپ چوقۇندى:

— بايقۇشلارنىڭ ياتقان يېرى جەننەت بولغاي! كۇدىرياش! سەن بىكارلا كېتىۋاتىسەن. يول - يولدا ئولجا ئىزدەپ تىمىسقىلاپ يۈرگەن تاتارلار كۆپ. باتۇخاننىڭ جاھاننى تىترەتكەن قوشۇنىنىڭ بۇ تەرەپكە كېلىۋاتقىنىدىن خەۋىرىڭ يوقمۇ؟ تاتارلارنىڭ قولىغا چۈشسەڭ تېرەڭنى تەتۈر سويىدۇ.

— باتۇخان، تولا ھەددىدىن ئېشىپ كەتمەسۇن!— دېدى كۇدىرياش، — كىمنىڭ تومشۇقى بالدۇر قانايدۇ، بۇ تېخى نامەلۇم. ئۇنىڭ ئىككى قولى بولسا، ئانام مېنى يالغۇز قوللۇق قىلىپ تۇغقان ئەمەس. ھازىرچە ئالدىرىماي تۇرايلى. ئاخىرىنىڭ نېمە بولارىنى كۆرەرمىز تېخى. ئەگەر يول ئېتىلىپ كەتسە، بىر توپ يىگىتنى باشلاپ، تاتارلارنىڭ پېيىگە چۈشىمەن. قاچان ئۇلارنى جەھەننەمگە يولغا سالمىغىچە ياكى ئۆزۈمنىڭ كۆزى يۇمۇلمىغىچە ئۇلارغا ئارام بەرمەيمەن. ساۋبلى سەن بىز بىلەن بىرگە بارغىن!

ساۋبلى بىرئاز ئويلىنىپ ئاندىن:

— ياق، مېنى بۇ يەرگە سەركەردىنىڭ ئۆزى قويغان. ئۆز بېشىمچىلىق قىلىپ كەتسەم بولماس، سەن ئات ئۈستىدە، مېنىڭ قولۇمدا بولسا پالتام بار. بىرىمىز ئاتلىق، بىرىمىز پىيادە بولساقمۇ ھەر ئىككىمىزنىڭ مەقسىتى بىر. سەن ئۇ تەرەپتە جەڭ قىلغىن، بىز بۇ تەرەپتە جەڭ قىلايلى، — دەپ جاۋاب بەردى.

— ماقۇل شۇنداق بولسۇن! خوش ساۋبلى! — دەپ كۇ-

دىرياش ماڭدى. ئۇ يەنە ئېتىنىڭ بېشىنى بۇراپ قاي-
تىپ كەلدى - دە، — ساڭا دەيدىغان خوش خەۋەرنى ئۇنتۇپ
قالغىلى تاس قاپتىمەن! تۇرۇپكاڭنى كۆردۇم، ھايات ئىكەن.
ئېسىل بىر ئاتقا مىنىپ، تاتارلارنىڭ قولىدىن قېچىپ كەپتۇ.
جانىۋار ئات ئىكەنغۇ — چاپسا تۇيىقى يەرگە تەگمەيدۇ. ساغ-
رىسى شۇنداق كەڭ. يېنىپ تۇرغان بىر ئوت دېگىنە، —
دېدى.

ساۋېلى كۇدىرياشنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپلا ئۇنىڭ قېشىغا
يۈگۈرۈپ كېلىپ پېشىگە ئېسىلدى.

— راست دەمسەن؟ تىرىكمىكەن؟ ياكى بۇ گەپنى مېنىڭ
كۆڭلۈم ئۈچۈن دەپ قويۇۋاتامسەن؟

— خۇدا ئۆزى گۇۋاھ! تۇرۇپكا پىرونىڭ كىنەزنىڭ چا-
پارمىنى ئىكەن. بۇ يەرگە خەت ئېلىپ كەپتىكەن دەرھال قاي-
تىپ كەتتى. بىز بەكمۇ قىسقا پاراڭلىشىپ قالدۇق. ئۇ ماڭا:
«دادام ساۋېلى مىكتىچىنى كۆرسەڭ مەندىن ئۈچ قېتىم سالام
ئېيتقىن. مەن ۋىجدانىمنى ساتمىدىم. تاتارلارنى كۆرۈپ ئارقى-
غا بۇرۇلۇپ قاچمىدىم. تاتارلارنىڭ قولىدا تۇتقۇندا بولدۇم.
ئەمدى مېنى يەنە قىلتاققا چۈشۈرەلمەيدۇ...» دېدى. خەير،
ساۋېلى ئامان بول! جاھان مۇشۇنداق، يەنە كۆرۈشىمىزمۇ —
كۆرۈشەلمەيمىزمۇ كىم بىلىدۇ؟

ئىخار كۇدىرياش «چۇ» دەپ ئېتىغا قامچا ئۇرۇپ، قىپ-
چاق دوستى بىلەن بىرگە كېتىپ قالدى. ساۋېلى قورغانغا قاي-
تىپ كەلدى. بالىسىنىڭ ھايات ئىكەنلىكىنى ئاڭلىغاندىن كې-
يىن، ئۇنىڭغا يەر - جاھان بۇرۇنقىدىنمۇ يورۇپ، قار بۇرۇن-
قىدىنمۇ ئاپئاق بولۇپ كەتكەندەك، يىراقتا تۇمان بېسىپ تۇر-
غان ئۇپۇقمۇ بۆلەكچە گۈزەل بولۇپ قالغاندەك كۆرۈندى. ئۇ
خۇشاللىقتىن قىن - قىنىغا سىغماي قورغانغا يۆلىنىپ ئولتۇ-
رۇپ خىيالغا كەتتى. ئۇنىڭغا تۇرۇپكىنىڭ كۈلۈپ تۇرغان كۆپ-

www.uyghurkitap.com

كۆك كۆزلىرى، پىلتىڭلاپ يۈگۈرۈشلىرى، سەپكۈنلۈك، قوشۇقتە
دۈگىلەك يۈزلىرى كۆرۈنگەندەك بولدى. «ھازىر تۇرۇپكا چوڭلا
ئەر بولۇپ كەتتى، — دەپ ئويلىدى ساۋىلى — قاراڭلار، ئۇنىڭ
چۆچەكلەردىكى ئىگور باتۇرغا ئوخشاش گۈزەل ئاتقا مىنىپ
يۈرگىنىنى تېخى...»

## ئۈچىنچى باب

## «تاتارلار كېلىۋاتىدۇ!»

رەزان خەلقى قورغان ئەتراپىدا ئۆزگىچە تۇرمۇش، ئۆز-
گىچە تەرتىپ ئورناتتى.

شەھەر ئاھالىسى ئۆز تائىپىلىرى بويىچە قوشۇن تۈزۈپ،
قورغان ئۈستىدىن ئىستىھكام ئىگىلەپ، دۈشمەن بىلەن جەڭ
قىلىشقا ھازىرلاندى. قول ھۈنەرۋەنلەر، ياغاچچىلار، تاشچىلار،
كۆنچىلەر، تاسمىچىلار، تۆمۈرچىلەر ئۆزلىرىگە تېگىشلىك ئورۇن
ئالدى. سودىگەرلەر ئۆز ئادەملىرى بىلەن ئايرىم ئورۇن تۇتتى.
ھەر يەردىن كەلگەن كىشىلەردىن بىرلەشمە توپلار قۇرۇلدى.
شەھەر مۇداپىئەسىگە ۋادىم كوفا دېگەن كىشى قوماندانلىق
قىلاتتى. ئۇ ئىنتايىن ئېغىر بېسىق، قىلىنى قىرىق ياردىغان،
جىگەرلىك، ئۇرغۇن سوقۇشلاردا قەھرىمانلىق كۆرسەتكەن
كىشى ئىدى. شۇڭا قورۇلتايدا كۆپچىلىك بىر ئېغىزدىن ئۇنى
قوماندان قىلىپ سايلىغان. كىنەز ئىگورمۇ ۋەھشىي دالاغا كې-
تىشتىن ئىلگىرى ئۇنى بېكىتىپ كەتكەنىدى.

ۋادىم دانىلىچ كوفا ئۆزىنىڭ كومۇشتەك چېچى بىلەن
ئاپئاق ساقىلىغا ماس كېلىدىغان ئۇزۇن يالىلىق، ئاق بوز ئات

قا مىنىپ شەھەرنى كېچە - كۈندۈز توختىماي ئايلىنىپ، مۇ-
ھاپىزەتچىلەرنىڭ تەييارلىقلىرىغا قوماندانلىق قىلاتتى.

قورغاننىڭ ھەممە يېرىگە تولۇق لەشكەر تۇرغۇزۇلدىمۇ -
يوق؟ ياۋغا ئېتىش ئۈچۈن يېتەرلىك تاش يىغىلدىمۇ، لەشكەر-
لەرنىڭ قىلىچىنىڭ بىسى ئىشتىكمۇ، ساداق ئوقلىرى يېتەرلىك
مۇ؟ دەريادىن سۇ ئەكەلگەنمۇ؟ بۇنىڭ ھەممىسىنى تەكشۈرۈپ،
يېتەرسىزلىك كۆرۈلسە دەرھال تۈزىتىپ ئىشلەشكە تېگىشلىك
ئىشلار توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرۈپ يۈرەتتى.

— خەندەككە سۇنى كۆپ قۇيۇڭلار، — دېدى كوفا، —
قورغان تۆۋىنى كۆك مۇز قېتىپ ئادەم ماڭالمىغۇدەك بولسۇن.
يېنىڭلاردا قايناقسۇ قايىنتىدىغان داش قازانلار تەييارلانسۇن.
تۆڭ - تۈڭلارغا زاپاس سۇ تەييارلانسۇن، ئوتۇن مول بول-
سۇن. ھەرقايسىڭلار ئۆز ئورنىڭلارنى ياخشى ئىگىلەڭلار، ئۆز
ۋەزىپەڭلەرنى ئەستە تۇتۇڭلار. جىسەكتە تۇرغانلار ھوشيار
بولۇڭلار، ياۋ ئىنتايىن قۇۋ، قاراڭغۇ تۈندە ھۇجۇم قىلىپ،
كۈندۈزى يۇشۇرۇنۇۋالىدۇ. سىلەر ھەرگىزمۇ بىپەرۋالىق قىلماڭ-
لار! — دېدى ئۇ لەشكەرلەرگە.

— ئۇلار بۇ يەرگە قانداق كىرەلىسۇن؟ دۆڭگە ياماشقان-
لىرىنىڭ ھەممىسى چامغۇردەك دومىلاپ كېتىدۇ، — دېيىشتى
لەشكەرلەر.

قوماندان كوفا ساۋېلىنىڭ دائىم قورغان ئۈستىدە يۈرگى-
نىنى كۆرەتتى. ئۇ تىنىم تاپماي ئىشلەيتتى. بەزىدە ئۇنىڭ
يوغان لىملارنى ئۆزى يالغۇز كۆتۈرۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆر-
سە، بەزىدە چوڭ - تۈڭلارنى سۇغا تولدۇرۇپ چانا بىلەن
سۆرەپ كېلىۋاتقىنىنى ھەتتا ئوتۇن توشۇپ كېتىۋاتقىنىنىمۇ
چېلىقتۇراتتى. بىر كۈنى بۇ يار ئېتىنى بوراندەك چاپتۇرۇپ
قورغان ئۈستىگە يېتىپ كەلدى. ساۋېلىنىڭ يېنىغا كېلىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئوختاپ قار ئاستىدا ياتقان رەزانغا بىرئاز تىكىلىپ قارىدى - دە، ئېغىر خورسىنىپ:

— ئىككىمىز ئېمىشقىمۇ مۇشۇنداق ئېغىر زامانلاردا تۇغۇلۇپ قالغان بولغىيتتۇق؟ قايغۇ - ھەسرەتلىك ئىشلار تېخى ئالدىمىزدا، دەريا - دەريا قانلارنى كېچىشكە توغرا كېلىدۇ، — دېدى.

— سەن نېمانچە قايغۇرىسەن؟ سەن بىزنىڭ سەركەردىمىز تۇرۇپ، بۇنچىۋالا ۋايىم يەپ، بېلىڭنى قويۇۋەتسەڭ، ئۇنداقتا ئاددىي لەشكەرلىرىڭ بىز قانداق قىلىمىز؟ رەزانىنىڭ قوياشى تېخى پاتقىنى يوق. تېخى غەيرىتىمىز بار. روھىمىزنى چۈشۈرمىدۇق. ئانا تۇپراقنى قوغدىيالايمىز!

— رەزان قوشۇنى قېنى؟ مېنىڭ ئۈچ ئوغلۇم بىلەن كۈيئوغۇللىرىم قېنى، ئۇلۇغ تۆرىمىز قەيسەر كىنەز يۇرى ئىنگىۋارېۋىچ قېنى؟ رەزانىنىڭ تىللاردا داستان بولغان قەھرىمانلىرى، قايتماس ئەرلىرى، جەسۇر يىگىتلىرى قېنى؟

ساۋېلى ئۇلۇغ كىچىك تىندى:

— بەلكىم تاتارلار بۇ يەرگە كەلمەس؟ — دېدى ئۇ.

— ياق، — دېدى قوماندان، — تاتار قوشۇنىنىڭ بۇ يەرگە كېلىشى، رۇس يەرلىرىگە ھۇجۇم قىلىشى ئېنىق. ئۇلار بىزنىڭ قېنىمىزغا تويمىغىچە بۇ يەردىن كەتمەيدۇ.

— قېنىمىز گېلىدا تۇرۇپ قېلىشى مۇمكىن، — دېدى ساۋېلى.

ساۋېلى تۈن بويى قورغان ئۈستىدە جىسەكتە تۇردى. تاڭ سۈزۈلۈشكە باشلىدى. لېكىن ئۇ كۆزىدىكى ئۇيقۇنى قاچۇرۇش ئۈچۈن، يىراق - يىراقلارغا سوزۇلۇپ كەتكەن چەكسىز قارلىق دالاغا، كۆز ئۈزمەي قاراپ تۇراتتى. ئۇپۇقتىكى سۈر بۇلۇتنى قىزارتىپ، ئالتۇن نۇرىنى چېچىپ كۈنمۇ بارلاپ قا-

راشقا باشلىدى. ئىگىزلىكتىن پۈتۈن ئەتراپ يىراقلارغىچە خۇددى ئالقاندىكىدەك ئېنىق كۆرۈنەتتى. دالادا تىرىك جانلىدىن ئەسەر يوق، پەقەت ئۇ يەر - بۇ يەردە قارىيىپ تۇرغان بىر توپ ئېرەن دەرەخلىرىلا كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى.

بىر چاغدا ساۋۇلىنىڭ كۆزىگە بىر نەرسىلەر كۆرۈنگەندەك بولدى. ئۇ دەرھال كۆزىنى ئۇۋۇلاپ گىرىمسەن بولۇپ تۇرغان ئۇپۇققا تىكىلدى. قارلىق دالادا چۆمۈلىدەك لۆمشىگەن بىر نەرسىلەر يىپيۇرۇلۇپ كېلىۋاتاتتى. بەزىدە ئۇلار توپ توپ بولۇپ ھەر تەرەپكە بۆلۈنۈپ كېتىدۇ. كۆپ ئۆتمەي، بۇلۇشچە چېپىپ كېلىۋاتقان يالغۇز ئاتلىق كىشىلەر ئېنىق كۆرۈنۈشكە باشلىدى.

«تاتارلار ئىكەن! ئۇلاردىن باشقا يەنە كىم بولاتتى!» دەپ ئويلىدى - دە، ساۋۇلى قوماندانىنىڭ ئۆيىگە ئادەم يوق كوچىلار بىلەن يۈگۈرۈپ كەتتى. يېرىم يولدا قوماندانىنىڭ ئۆزى بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالدى. ئۇ ئاق بوز ئېتىغا مىنىپ ئالدىرىماي كېلىۋاتقانىدى.

— تاتارلار كېلىپ قالدى! — دەپ ۋارقىرىدى ساۋۇلى. — شۇلار!... قارا چۆمۈلىدەك قاپلاپ كېلىۋاتىدۇ!

— يۈگۈر چىركاۋغا قاراپ ئۇچ، قوڭغۇراقچى قوڭغۇراقنى چالسۇن!

ساۋۇلى مەيداننىڭ ئوتتۇرىسىدىكى چىركاۋغا يۈگۈرۈپ باردى. چىركاۋنىڭ ئىشىكلىرى ئوچۇق تۇراتتى. چىركاۋ ئىچىدە، تاملاردا ئېسىغلىق تۇرغان خۇدانىڭ سۈرەتلىرى ئالدىدىكى ئالتۇن - كۈمۈش شامدانلاردا چارسىلداپ يېنىپ تۇرغان شاملار تىنچلىق ۋە مولچىلىقتىن دېرەك بەرگەندەك ئۆزىنىڭ سېھرىي نۇرىنى چېچىپ تۇراتتى. ئۇزۇن قارا چاپان كىيگەن بىر پانو-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مار① ئېگىشىپ يەر سۇپۇرۇۋاتاتتى.

— قوڭغۇراقچى نەدە؟ دەررۇ چوڭ قوڭغۇراقنى چېلىڭلار! — دېدى ساۋېلى ئۈنىگىغا.

قوڭغۇراقچىنىڭ ئىككىلىسى قورغانغا قاراۋۇللۇققا كەتكەن. پىروتوپوپ② ھەزرەت ئۆزىنىڭ رۇخسىتىسىز ھېچكىمگە قوڭغۇراق چالدۇرمايدۇ.

— نېمە دەپ بىلجىرلاپ تۇرىسەن، تاتارلار كەلدى! پىروتوپوپنىڭ ماڭا كېرىكى يوق، قوڭغۇراقچىنى چاقىرىپ بەرگىن، — دېدى - دە، ساۋېلى پانومارنىڭ يېڭىدىن سۆرەپ ماڭدى.

— جىن تەگكەن نېمىمۇ سەن؟ مېنى نېمە قىلىسەن؟ روھانىمغا نېمىشقا چېقىلىسەن؟

— قوڭغۇراقچى نەدە دەيمەن، قوڭغۇراقچى؟ تېزدىن چاقىرىپ كەل! بولمىسا ئۆزۈم چالىمەن!

— بۇرۇنقى قوڭغۇراقچىمىز ئەنە ئاۋۇ چال، — دېدى پانومار. ساۋېلىنىڭ قولىدىن چىقىپ كېتىشكە ئۇرۇنۇپ، — ئۇ ھازىر ئىشلىمەيدۇ، كۆزى ئاجىز.

سەل نېرىدىكى بۇلۇڭدا ماي شاملارنى سالىدىغان ساندۇقنىڭ يېنىدا كۆزىگە ئاق چۈشكەن بىر بوۋاي ئولتۇراتتى. ھازىر ئۇ سۆزلىشىۋاتقان ئادەملەرنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ، قولى بىلەن تەمىسقىلاپ ساۋېلىغا قاراپ كېلىۋاتاتتى.

— قوڭغۇراق چالالامسەن؟ — دېدى ساۋېلى ئۈنىگىغا.

— نېمىشقا چالالمايدىكەنمەن. 40 يىل ئۆمرۈمنى قوڭغۇراق چېلىش بىلەن ئۆتكۈزدۈم. قايسى يېپىنىڭ قايسى قوڭغۇراقنىڭ يىپى ئىكەنلىكىنى ئېنىق بىلىمەن...

① پانومار — چېركاۋ پوپىنىڭ ياردەمچىسى.
② پىروتوپوپ — چېركاۋدىكى ئەڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئۇلىما.

بوۋاينىڭ سۆزى تۈگىمەيلا ئۇچى ئالمان – تالمان قوڭغۇراق چالىدىغان مۇنارغا قاراپ يۈگۈرۈشتى. يۇقىرىدىكى تۆشۈكتىن بىرنەچچە ئارقان تۆۋەنگە ساڭگىلاپ تۇرغان بولۇپ، ھەرقايسىسى ئوخشىمىغان تومىلىقتا ئىدى. ئەما قوڭغۇراقچى سىيلاپ يۈرۈپ، ئەڭ توم ئارقاننى تاپتى.

— ئەڭ چىڭىنى چالىمىزمۇ؟ پىروتوپوپ بىر نەرسە دېمەسمۇ؟ — دەپ يەنە سورىدى ئۇ.

— قىڭغىراق يېنىدا قىڭغىراقچى بولمىغانلىقى ئۈچۈن قوماندان پىروتوپوپ ھەزرىتىنىڭ كاللىسىنى كېسىدۇ! بار كۈچۈڭ بىلەن چال! ھەممىنى سەپكە چاقىر! — دەپ ساۋىلى تۆۋەنگە چۈشۈشكە باشلىدى.

— ئوت كەتكەن ۋاقىتتىكىدەكمۇ؟

— ئەڭ چوڭ يانغىن بولغاندىكىسىنى چال!

كۆپ يىللاردىن بېرى قوڭغۇراق چېلىپ ئۆگەنگەن ئەما بوۋاي توم ئارقانغا مەھكەم يېپىشىپ تۇرۇپ، ئارغامچىنى رىتىم بىلەن تارتىشقا باشلىدى. بۇ چاغدا يۇقىرىدىن چىققان مىس قىڭغىراقنىڭ جاراڭلىغان ئاۋازى بالىغا خەۋپ يەتكىنىنى ئاگاھلاندۇرۇپ چاڭىلدىغان بۈركۈتنىڭ ئاۋازىدەك، قانداقتۇر ئېغىر بىر قايغۇدىن، قارا بۇلۇتتەك بېسىپ كېلىۋاتقان ئاپەتتىن خەۋەر بېرىپ، خەلقنىڭ يۈرىكىنى تاتىلاپ، بويىنى شۈركەندۈرۈپ شەھەر ئاسمىنىغا يېيىلدى.

جىمجىت ئۇيقۇدا ياتقان شەھەر چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتى. ئۇزۇندىن بېرى كېلىدۇ، دەپ جىددىي تەييارلىق قىلغان، لېكىن يەنىلا كېلەرمۇ دېگەن گۇمان بىلەن قاراپ يۈرگەن بالايىئاپەت ئاخىرى يېتىپ كەلگەنىدى. قوڭغۇراق پۈتۈن خەلقنى شەھەرنى ھىمايە قىلىش ئۈچۈن قورغان ئۈستىگە چاقىرماقتا ئىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئۆيلەرنىڭ ئىشىكلىرى ھېلىدىن - ھېلىغا، ئېچىلىپ - يېپىلىپ ھويلىلاردىكى ئىتلار قاۋاشقا باشلىدى. كىشىلەر ئۆيدىن يۈگۈرۈپ كوچىغا چىقىپ بىرئاز توختاپ قۇلاق سالغاندىن كېيىن، تېزدىن قورغان تەرەپكە قاراپ يۈگۈرۈپ كېتەتتى. شەھەر ئەتراپىدىكى چېركاۋلارمۇ چوڭ چېركاۋنى ماقۇللاپ قازاندەك ىىس قوڭغۇراقلىرىنى داڭلىتىپ، پۈتۈن شەھەرنى بېشىغا ئەيدى.

رەزاننىڭ قوڭغۇرتقىنى ئاڭلىغان شەھەر ئەتراپىدىكى يېزىلارنىڭ چېركاۋلىرىمۇ قوڭغۇراقلىرىنى چېلىشقا باشلىدى. چېلىنىۋاتقان قوڭغۇراق ئاۋازلىرى خەلقنى ئاپپالتا ۋە قىلىچلىرىنى چىڭ تۇتۇپ، چاقىرىلمىغان ھۆرمەتسىز مېھمانلارنى قارشى ئېلىشقا ئۈندەيتتى.

ساۋېلى يۈگۈرگىنچە قورغانغا قايتىپ كەلدى. ئۇ ئايپالتىسىغا تايىنىپ تۇرۇپ، قارا قۇمدەك قاپلاپ كېلىۋاتقان ئاتلىق لەشكەرلەرگە قاراپ تۇردى. دەريانىڭ ئۇ قېتىدىكى ئۆيلەردىن ئۈركىگەن كىشىلەر يۈگۈرۈپ چىقىپ يېقىنلاپ كەلگەن دۈشمەننى كۆرۈپ ئەھۋالنىڭ چاتاقلىقىنى بىلدى. بەزىلىرى دەرھال رەزانغا قاراپ قاچتى. بەزىلىرى بولسا چانىلىرىغا ئولتۇرۇپ ياكى بوغچىلىرىنى مۆرىسىگە ئارتىپ ماللىرىنى ئالدىغا سېلىپ، پىيادە دەريا ئېقىمىنى بويلاپ قېلىن قارغا كۆمۈلگەن ئورمانغا قاراپ قاچماقتا ئىدى.

تاتارلار شەھەرگە يېقىنلاشقانسېرى يۈرۈشىنى تېزلەتتى. ئاخىرى پۈتۈنلەي چابدار ئاتقا مىنگەن ئالدىنقى قوشۇن چۇقان - سۈرەن بىلەن قى - قۇۋ دەپ ۋارقىراپ، ئاتلىرىنىڭ كۆپۈكلىرىنى ئاققۇزۇپ، رەزان قورغىنىنىڭ تۈۋىگە كەلدى - دە، توختاپ قالدى. قارا تەرگە چۆمگەن ئاتلارنىڭ ھورى ئاسمانغا كۆتۈرۈلەتتى. لەشكەرلەرنىڭ ۋارقىراش - جارقىراشلىرى تېز

بېسىلىپ قالدى. ئۇلار ئەمدى پۈتۈن شەھەرنى قورشاپ دۆۋ-
لەنگەن تۇپراققا، دالا تەرەپتىكى تېيىلغاق كۆك
مۇز قاتقان دۆڭگە، ئۇنىڭ ئۈستىگە قاتار - قاتار ئورنىتىلغان
ئېرەن خادىلىرىغا قاراپ بىر پەس تۇرۇپ قالدى. خادىلار
ئارىسىدىن سىرتىنى كۆزىتىش ئۈچۈن قالدۇرۇلغان كىچىك تۆ-
شۈكچىلەردىن رەزان مۇھاپىزەتچىلىرىنىڭ باشلىرى كۆرۈنۈپ
تۇراتتى.

ئۇزۇن ئۆتمەي تاتارلار قوزغىلىشقا باشلىدى. دەسلەپتە
يىغىلغان چوڭ توپتىن يۈزگە يېقىن لەشكەر بۆلۈنۈپ چىقتى.
كەينىدىن قالغان بارلىق لەشكەرلەر ئۈچتىن قاتار بولۇپ، ئاستا
مېڭىپ شەھەرنى قورشىماقچى بولدى. ئالدىدىكى بىر مۇڭغۇل-
نىڭ قولىدا ئۇچىغا جىرەن ئاتنىڭ قۇيرۇقىنى باغلىغان نەيزە
بار ئىدى، ئۇنىڭ كەينىدىن ئۈستىگە ئالتۇن يالتىلغان پولات
ساۋۇت، بېشىغا يالتىراپ تۇرىدىغان كۈمۈش دۇبۇلغا كىيىنگەن
سالتاڭ ئاتلىق بىرى كېتىپ باراتتى. ئۇ دۇبۇلغىنىڭ ئۈستىگە
بىر تۇتام ئۆككە تاقىۋالغانىدى.

بۇلارنىڭ كەينىدىن ئۈستىگە تۆمۈر ساۋۇت كىيگەن، ئوڭ
قولىغا قىلىچ، سول قولىغا قالقان تۇتقان مۇڭغۇللار
ئۆتتى.

مۇڭغۇل لەشكەرلىرىنىڭ توپىدىن يەنە يۈز لەشكەر بۆ-
لۈنۈپ چىقىپ، ئاتلىرىنى چاپتۇرغانچە يېقىن ئەتراپتىكى بىر
يېزىغا يېتىپ باردى. ئۇ يەردىن چېلىنىۋاتقان قوڭغۇراق ئاۋازى
ھېلىغىچە بېسىلمىغانىدى. كۆپ ئۆتمەي قوڭغۇراق ئاۋازىمۇ
تىنجىپ قالدى. ئۆي - ئۆيلەرنىڭ ئۈستىدىن قويۇق قارا تۈتۈن
ئاسمانغا كۆتۈرۈلدى. تاتارلار پۈتكۈل يېزىنى يانغىن ئىچىدە
قالدۇردى.

مۇڭغۇللارنىڭ ئۈچىنچى يۈزلۈكى ئوكانىنىڭ ئۇ قېتىدا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تۇرۇپ، رەزان قامالنىڭ ئىچىدە نېمىلەر بولۇۋاتقانلىقىنى كۆزىتەتتى. بىر چاغدا قىرشۇندىن يەنە ئون لەشكەر بۆلۈنۈپ چىقىپ دەريادىن ئۆتۈپ، ئالدىرىماي شەھەرنىڭ ئەڭ چوڭ دەرۋازىسىنىڭ ئالدىغا يېتىپ كەلدى.

رەزانلىقلار بۇرۇن كۆرمىگەن تاتارلارنى كۆرۈشكە قىزىقىپ قورقۇش دېگەننىمۇ ئۇنتۇپ، قورغان تۆشۈكلىرىدىن بېشىنى چىقىرىپ ئۇلارنى تاماشا قىلدى. دۈشمەن لەشكەرلىرىنىڭ ئۇستىگە كىيگىنى ئۇزۇن جۇۋا. بەزىلىرى مەيدىسىگە تۆمۈر ياكى مىس تاختىلارنى تېكىۋالغانىدى. كەينىدە بولسا، ئۇنداق مۇھاپىزەت تاختىلىرى كۆرۈنمەيتتى①. ساداقلىرى ۋە قىزىل ئوقلار بىلەن تولغان ئوقدانلىرىنى ئېگەرنىڭ قېشىغا ئېسىۋالغان. ئاياللارغا ئوخشاش ساقالسىز كىرسا يۈزلىرى قارىغاينىڭ قاسىرىقىدەك قاپقارا ئىدى.

تاتار لەشكەرلىرىنىڭ ئىچىدىكى ئۇزۇن ساقاللىق، ياشانغان بىرى شەھەر دەرۋازىسىنىڭ ئالدىغا كېلىپ، دەرۋازىنى قامچىسىنىڭ سېپى بىلەن ئۇرۇپ، قورغان بېشىدىكىلەرگە:

— سالامەتمۇ سىلەر رەزانلىقلار؟ سىلەرنىڭ ئالدىڭلارغا ئىنسانلارنى بويسۇندۇرغۇچى باتۇخان پادشاھ يېتىپ كەلدى. ئەمدى زىياپىتىڭلارنى بېرىپ، تېزرەك ئەلچى ئەۋەتىڭلار. باش قويۇپ ئۇنىڭغا بويۇن سۇندىغانلىقىڭلارنى بىلدۈرۈڭلار... — دەپ ۋارقىرىدى.

— ئۇزۇن كۈتۈپ قالسىلەر! — دېدى قورغان بېشىدىكىلەر، — ئۇنىڭدىن كەلگەن يەرلىرىڭلارغا تېزرەك قايتىپ

① شۇ زاماندىكى موڭغۇللارنىڭ ئۆرپ - ئادىتى بويىچە لەشكەرلەر ئۇرۇش قىلغاندا پەقەت ئالدىنى قوغدىشى لازىم. كەينىنى قوغداش ئۇرۇشتىن قاچقان قورقۇنچاقنىڭ ئىشى دەپ قارالغان.

كېتىشتى، پادىشاھلىرىڭلارنى ئۆزۈڭلار بىلەن بىرگە ئېلىپ كېتىڭلار... سەن ئۆزۈڭ نېمە قىلىپ يۈرگەن قارا يۈزسەن؟ رەزانلىقمۇ سەن ئەمەسمۇ؟

— تېزرەك دەرۋازىنى ئېچىپ ھۆرمەتلىك مېھمانلارنى كۈتۈۋېلىڭلار! — دېدى ھېلىقى ساقاللىق لەشكەر ۋارقىراپ، — ئەگەر تەسلىم بولساڭلار ئۇنىڭدىن ھېچقانداق يامانلىق كۆرمەيسىلەر. ئەگەر گەدەنكەشلىك قىلساڭلار، شەھىرىڭلەر كۆيۈپ كۈلگە ئايلىنىدۇ. مال - مۈلكىڭلار تالان - تاراج قىلىنىدۇ!

— ئانا ۋەتىنىڭنى سېتىپ، پادىشاھىڭدىن كۆپ ئىنئام ئالدىڭمۇ؟ ھەي نومۇسسىز خائىن! مۇناپىق!

سۆزىنىڭ ئاخىرى تۈگىمەيلا قورغان ئۈستىدىكىلەر تاتارلارنىڭ ئۈستىگە تاش ياغدۇرۇپ، ئوق ئېتىشقا باشلىدى. تاتارلارنىڭ ئاتلىرى ئۈركىدى. ئاتلىقلار ئالدى - كەينىگە قارىماي قېچىپ كەتتى.

## تۆتىنچى باب

## رەزاننى مۇھاسىرىگە ئېلىش

ھاجى رەھىم خاتىرىسىگە مۇنۇ قۇرلارنى يازدى:

«ھەجەپ زامانلار بولۇۋاتىدۇ، ھە! بۇنداق چېكىدىن ئاشقان ياۋۇزلۇق بىلەن قايغۇ - ھەسرەتكە بەرەر ئامال بارمىدۇ؟»

قىپچاق دالاسىدا جېنىدىن كەچكەن رەزان لەشكەرلىرى بىلەن جەڭ قىلغانىدىن كېيىن، باتۇخاننىڭ دەم ئالغۇسى كەلمىدى. ئۇ كۆيىك خانغا چاپارمەن ئەۋەتىپ، بىرىنچى بولۇپ رەزانغا ئاتلىنىپ، شەھەرگە ھۇجۇم قىلسۇن، دەپ بۇيرۇق بەردى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئەسلىدە كۈيۈك خاننىڭ قورسىقىدا رەزانغا جاھانگىردىن بۇرۇن بېرىپ، بۇ باي شەھەرنى لەشكەرلىرىگە بۇلىتىش غەرىزى بولسىمۇ، بىراق بۇ بۇيرۇق ئۆزىنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنى — باتۇخاندىن كەلگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇ قوشقۇنغا ئولتۇرۇۋېلىپ چاپارمەنلەرگە: «مېنىڭ قوشۇنۇم قاتتىق جەڭدىن كېيىن چارچاپ قالدى. شۇڭا لەشكەرلىرىمگە بەش كۈنلۈك دەم ئېلىش بەردىم. رەزان ئاچسام ئالقىنىمدا، يۇمسام سىقىمىمدا، قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. ئۇنى بېسىۋالىمەن» دەپ جاۋاب بەردى.

كۈيۈك خاننىڭ مۇنداق جاۋاب بېرىشىگە لەشكەرلىرىنىڭ رۇسلار بىلەن بولغان سوقۇشتا ئېغىر تالاپەت كۆرگەنلىكى سەۋەب بولدى. شامانلار يارىدارلارنىڭ يارىلىرىنى بولۇشىغا تېگىپ قىيغانلىقى ئۈچۈن قانسىراپ ئۆلگەنلەرمۇ ئاز ئەمەس ئىدى.

ئەمدى نېمە قىلىش توغرىسىدا باتۇخان سۇبىتاي باھادىر بىلەن مەسلىھەتلەشتى. قاتتىق بوراندىن كېيىن كۈن ئېچىلىپ ھاۋا ئىللىپ قالغان، قۇياش ئاپئاق قاردىن كۈمۈشتەك يالتىراپ تۇرغان دالانى يوپيورۇق قىلىۋەتكەنىدى. بوراندا ئېزىپ ھەر تەرەپكە پىتىراپ كەتكەن قوشۇنلاردىنمۇ چاپارمەنلەر خەۋەر ئېلىپ كېلىشكە باشلىدى. بۇرۇنتاي باھادىردىن «پىرونسكىگە كېتىۋاتىمەن. بىراق يار، سىقماق، قېلىن ئورمان لەشكەرلەرنىڭ مېڭىشىنى قىيىنلاشتۇرۇۋەتتى. بۇنداق يوللاردا بىزنىڭ ھارۋا - چانىلىرىمىز يۈرەلمەيدىغاندەك. قورغان بۇزىدىغان قوراللارنى سۆرىتىپ مېڭىشقا پەقەتلا مۇمكىن بولمايدىغاندەك تۇرىدۇ» دېگەن خەۋەر كەلدى.

سۇبىتاي باھادىر باتۇخاننىڭ ئورنىدا ئۇنىڭغا: «سەن باتۇر يىگىتسەن، لېكىن تاپقۇر ئەمەسسەن! تۇتقۇندىكى

رۇسلارغا ئورمانلىرىنىڭ دەرەخلىرىنى كەستۈرۈپ، ئۈچ ھارۋا قاتار ماڭىدىغان كەڭرى يول ياسات. ئالدى بىلەن پىرونىسكىنى ئال - دە، كۆپ كېچىكمەي رەزانغا ئاتلان. تۇتقۇنلارنىڭ ھەممىسىنى شۇ يەرگە ھەيدە. رەزان تەۋەدە تاتار لەشكەرلىرى ساڭا قوشۇلىدۇ. كىمدە - كىم بۇ بۇيرۇقنى ئورۇندىيالمىسا، كېچىكىپ قالىدىغان بولسا، ئۇ جەھەننەمگە سەپەر قىلىدۇ» دەپ جاۋاب بەردى.

باتۇخان بىلەن سۇبىتاي باھادىر ئۇنىڭ خەۋىرىنى كۈتمەيلا جەنۇب تەرەپكە قاراپ توختىماي يۈرۈپ كەتتى. ياردار لەشكەرلەر ھارۋا - چانىلارغا چۈشۈپ، تۆگىلەرگە مىنىپ ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن ماڭدى.

ئىككى كۈندىن كېيىن، باتۇخان ئۆزىنىڭ قول ئاستىدىكى «غالىبلار» مىڭلىقىنى باشلاپ، رەزان قامالغا يېتىپ كېلىشكە ئۈلگۈردى. جاھانگىر ئۆز ۋەتىنىگە ئاسىيلىق قىلىپ، ياۋغا سېتىلغان قېرى رەزان كىنەزى گلېبنى تىلماچ قىلىپ، قېشىغا ئون نەچچە لەشكەر قوشۇپ، شەھەر دەرۋازىسىغا ئەۋەتكەندى. شەھەرنىڭ ھىماتچىلىرى دەرۋازىنى چىڭ بېكىتىپ ئاچماي تۇرۇۋالدى. كىنەز قورغان بېشىدىكىلەرگە تەسلىم بولۇپ شەھەرنى بېرىڭلار، دەپ ۋارقىرىدى. جاۋاب ئورنىغا قورغان بېشىدىكىلەر ئۇنى چالما كېسەك قىلدى. ئۇ تاش تېگىپ جاراھەتلەنگەن يۈزىنى تېڭىپ، ھىماتچىلارغا ھومىيىپ، نېمە قىلارىنى بىلمەي قايتىپ كەلدى.

باتۇخان رەزانلىقلارنى قورقۇتماقچى بولۇپ، شەھەر ئەتراپىدىكى يېزىلارنى پۈتۈنلەي كۆيدۈرۈڭلار، دەپ بۇيرۇق قىلدى. قېشىغا كىنەز گلېبنى ئېلىپ شەھەرنى بىر ئايلىنىپ چىقتى. يولدا ئۇنىڭدىن قورغاننىڭ قايسى تەرىپىدىن ھۇجۇم قىلسا بولىدىغانلىقىنى، قايسى تەرىپىنى بۇزۇپ كىرىش

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئوڭايلىقىنى سوراپ بىلىۋالدى. شەھەرگە كىرىش ئوڭايغا چۈشمىدى. چۈنكى شەھەرنى ئايلاندۇرۇپ دۆۋىلىگەن توپا ئېگىز، يانتۇ دۆڭگە تېيىلغاق مۇز ئىدى.

بۇنى كۆرۈپ باتۇخان: «ئېگىز - ئېگىز شوتىلار بىلەن قىرغان بۇزىدىغان قوراللار بولمىسا، شەھەرنى ئېلىش قىيىنكەن» دېگەن خۇلاسىگە كەلدى.

مۇڭغۇللار قىپيالىڭاچ قىلىپ تالانغان رۇس توتقۇنلىرىنى ئۇرۇپ - سوقۇپ، توپ - توپى بىلەن ھەيدەپ كېلىشتى. تاتارلار ئۇلارنىڭ بېشىدا قامچا ئوينىتىپ يۈرۈپ، نۇرغۇن شوتىلارنى ياساتتى. رۇسلار ئۇلارغا «بىزگە كىم تاماق بېرىدۇ؟ بىز ئىككى كۈندىن بېرى ئاغزىمىزغا ھېچنەرسە سالمىدۇق، ئىنتايىن ئاچ قالدۇق» دېدى.

— بىز ئاتقا ۋە باشقا ماللارغا مىنىپ يارىمىز. بىراق ئۇلار بىزدىن يەم سورىمايدۇ، — دەپ جاۋاب بەردى تاتارلار. — ئۇلار تاماقنى ئۆزلىرى تاپىدۇ. بىزگە دېسەڭلار نېمە يېسەڭلار ئىختىيار، چۆپ يېسەڭلارمۇ، تېزەك يېسەڭلارمۇ ئىختىيار سىلەردە. ئەيتاۋۇر بىزگە شوتا ياساپ بەرسەڭلەرلا بولغىنى!

توتقۇنلارنىڭ قارشىلاشقان قەيسەرلىرىنى تاتارلار تۆمۈر چۇرقىماق بىلەن ئۇرۇپ، ئالدىغا سېلىپ ھەيدىدى. قاپاقلىرى چۈشۈپ، چىرايى سولغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاشلىق ئازابىدىن چىرايلىرى قارىداپ كەتكەن رۇسلار ئېگىنلىرى قىيچىپ كېتىپ، بىرى قالغان ھويلىلارنى ئارىلاپ يۈرۈپ پالتا، پىچاق، ئارا ئوخشاش قوراللارنى ئىزدەشكە باشلىدى. ئۇلار ئۆيىنىڭ ئۈستىدىكى ياغاچلىرىدىن، تاختايلاردىن شوتا ياساشقا كىرىشتى. ئەتىسى چانىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان قىرغان بۇزىدىغان قوراللار يېتىپ كەلدى. شەھەرنىڭ ئەڭ چوڭ

دەرۋازىسىنىڭ ئالدىغا قورغان بۆزىدىغان قورالنى ئەكىلىپ قويدى. ئۇ يوغان - يوغان تاشلارنى گۇلدۇرلىتىپ شەھەرگە قارىتىپ ئېتىشقا باشلىدى. ئىككىنچى قورالى دەريادىن ئۆتكۈزۈۋاتقاندا، موز ئويۇلۇپ كېتىپ سۇغا چۆشۈپ كەتتى. رۇس تۇتقۇنلىرىغا ئۇنى سۇدىن چىقىرىڭلار، دەپ بۇيرۇق قىلغانىدى. لېكىن ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىمۇ موزنىڭ ئاستىغا كىرىپ كەتتى...

## بەشىنچى باب

## ئىتلارنىڭ قاۋىغىنىنى ئاڭلىمىدىڭمۇ؟

ئاسماندىكى تولۇن ئاي كۈمۈش تاۋاقتەك يالتىرايتتى. يەر - جاھاننى قارا پەردە ئىچىگە يوشۇرغان كېچە پىرونىزۇ- بورنى ئەللەي ئېيتىپ ئۇخلاتقاندەك، ئەسىرلەر بويى ئۇيقۇدا ياتقان ئورماننىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئوچۇق يەرگە يېقىن قىلىپ ياسالغان ياغاچ ئۆيلەرنىڭ ئۆگزىلىرىلا چوقچىيىپ كۆرۈنۈپ تۇراتتى. تىمتاس جىمجىتلىقنى باشلىرى ئېگىلگەن دەرەخ نوتىلىرىنىڭ تىرىسلىدىغان ئاۋازى بۇزۇپ تۇراتتى. ئىتلارمۇ تومشۇقىنى ئىچىگە تىقىپ ئۇيقۇغا كەتكەنىدى.

ئاينىڭ كۆكۈش نۇرىدا قار باسقان دۆۋە - دۆۋە چۆپلەر دومبەش - دومبەش بولۇپ كۆرۈنەتتى. ياپراقلىرى چۈشۈپ يالىڭاچلانغان دەرەخلەر بىلەن ستارۇستانىڭ ئۆيىنىڭ يېنىغا ئورنىتىلغان ئۇزۇن ياغاچ خادا قېلىن قارغا پەرۋا قىلمىغاندەك چوقچىيىپ تۇراتتى. خادىنىڭ بېشىغا بىر تۇتام نوتا تال باغلاقلىق ئىدى.

قىشلاقنىڭ چېتىدىكى بىر ئىت تۇساتتىن قاۋاپ كەتتى. ئۇنىڭغا باشقا ئىتلارمۇ قوشۇلۇپ بارا - بارا پۈتۈن پىرولوۋبورنى بېشىغا كىيدى. شۇ چاغدا بىر يەردە غاچ قىلىپ ئىشىك يېپىلغانلىقى ۋە شۇ تەرەپتىن بىر ئاتنىڭ كىشنىگەن ئاۋازى ئاڭلاندى.

چەتتىكى بىر ئۆيدە ئوپالىنىخا ئەمدىگىنە تاتلىق ئۇيقۇ قوينىغا غەرق بولغانىدى. ئۇ بۇ ئاۋازنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ بېلىق تېرىسى تارتىلغان دېرىزىنىڭ قاپقىقىنى ئاۋايلاپ ئېچىپ، تېرىنىڭ يىرتىلىپ قالغان تۆشۈكىدىن سىرتقا سىنچىلاپ قارىدى. ئۈستىگە ئۇزۇن چاپان كىيگەن، بېشىغا بىر تۈرلۈك چوقچىيىپ تۇرىدىغان تۇماق كىيگەن بىر ئادەم چىتەنگە مىنىپ تۇرغانىكەن. بىر چاغدا ئۇ ئىرغىپ چۈشتى - دە، خامان تەرەپكە كەتتى.

— ۋىشنىيانكا تۇر! — دەپ ئوپالىنىخا پەش ئۈستىدە قاتتىق ئۇيقۇدا ياتقان قىزنى تەۋرەتتى، — ئىتلارنىڭ قاۋاپ كەتكىنىنى ئاڭلىمىدىڭمۇ؟ ياۋ كەلدى... خامان تەرەپكە كەتتى... ئوت قويۇۋەتمىسە بولاتتى، دەپ قورقىمەن. ئەرلەرنىڭ ھەممىسى كېتىپ قالدى. قالغان خوتۇنلار قانداق قىلارمىز؟

ئىككى ئايال تەڭلا ئاياغلىرىنى كىيىپ، بېشىغا روماللارنى باغلاپ، ئۈستىگە قىسقا تونلىرىنى كىيىپ يەنە دېرىزە تۆۋىگە كەلدى ۋە سىرتقا قارىدى. كۈمۈش ئاي چەكسىز ئاسماندا ئۈزۈپ كېتىۋاتقاندەك ئىدى. ئەتراپ تىنچ. پەقەت ئىتلارنىڭ قاۋىغان ئاۋازى، زەنجىرنى سۆرەپ بىرىگە ئېتىلغانلىقى ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

— ئوپالىنىخا يەڭگە مەنمۇ قورقۇۋاتىمەن! نېمە بولار؟ — دەپ شىۋىرلىدى قىز. شۇ چاغدا بېلىنى باغلاپ، پەلەيلىرىنى

ئاغزىغا چىشلەپ تۇرۇپ، رومالغا بىرلەپچە پارچە نان
چېگىپ ئاندىن ئۇرۇۋەتكۈدەك تېگىدىن پالتىسىنى ئالدى.

— تاتارلار دېدىڭمۇ؟ — دېدى قىز.

— نان كېسىدىغان چوڭ پىچاقنى ئال، ياغاچ تاۋاقنىمۇ
ئېلىۋال، چاقماقنىمۇ ئۇنتۇپ قالما... — دېدى ئوپالنىغا
قىزغا.

ئىككى ئايال ئۆيدىن ئاستا چىقتى-دە، دالدىدا
بىر ئاز توختاپ ئەھۋالنى كۆزەتتى. ھېلىقى ناتونۇش ئادەم
چۆپ دۆۋىسىنىڭ يېنىدا ھەدەپ چاقماقنى چېقىۋاتاتتى.

يېزىنىڭ چېتىدىن قىرقۇپ ئېسىنى يىقاتقان بىر ئايال-
نىڭ ئاچچىق چىرقىرىغان ئاۋازى پۈتۈن ئورمانىنى لەرزىگە
كەلتۈردى.

يېزا ئۇيقۇدىن چۆچۈپ ئويغانغاندەك بىرلۈپ، تەرەپ-
تەرەپتىن ئىشىك دېرىزىلەر غىچىرلاپ ئېچىلدى. تاختاي
ئۈستىدىن ئۆتكەن ئاتلارنىڭ تاقىلىدىغان تۇياق ئاۋازى
ئاڭلاندى.

ياۋداق ئاتقا مىنگەن، كۆكلەكچان، يالاڭباش، دۈم-
چەك بىر بىرۋاي:

— قىرغىن ئىچىدە قالدۇق! تاتارلار يېتىپ كەلدى!
جېنىڭلارنى قۇتۇلدۇرۇڭلار! — دەپ ۋارقىراپ ئېتىنى چاپتۇ-
رۇپ ئۆتۈپ كەتتى.

ئوپالنىغا چۆپنىڭ يېنىدا تىمىسقىلاپ يۈرگەن ئادەمنىڭ
يېنىغا پۈتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ تۇيدۇرماي بېرىۋالدى. ئۇ
كىشى كەينىگە بۇرالغاندا پالتا بىلەن بېشىغا كەلتۈرۈپ
بىرنى سالدى.

ئوپالنىغا ئاي يورۇقىدا ئۇ ئادەمنىڭ ئوشۇقىغىچە
سۆرۈلۈپ يۈرگەن جۇۋىسىنى، ئىتتىك تېرىسىدىن تىكىلگەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئاپئاق ئۆتۈكنى ئىسىغا قىلدى. ئۇنىڭ بىلەن ئەگەر قىس تۇراتتى. ئۆلگەن ئادەم يەردە دۈم چۈشكەن بولۇپ، ئاپئاق قار قىزىل رەڭگە كىرگەنىدى.

— ئۆي ۋە ياغاچلارنىڭ دالدىسى بىلەن ئەپلەپ چىقىپ كېتەيلى، — دېدى ئوپالىنىغا، — تېز ماڭايلى. ئېھتىيات قىل...

بىراق ئۇلار چىقىپ كېتەلمىدى، چۈنكى بۇ چاغدا تاتارلار جۇۋىلىرىنىڭ پەشلىرىنى بەلباغلىرىغا قىستۇرۇپ قاشادىن سەكرەپ كىرگەنىدى. ئىككى ئايال نېرىدا تۇرغان بىر دۆۋە ئوتۇننىڭ ئارقىسىغا كىرىپ يوشۇرۇندى.

يېزىنىڭ تۆت ئەتراپىدا ئوت كۆرۈندى. كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە چەتتە تۇرغان ئىككى ئۆي، دۆۋە - دۆۋە چۆپ بېسىلغان خامانىنىڭ كۆيۈۋاتقان يالقۇنى ئىچىدە قالدى. تېخىمۇ ئەۋجىگە چىققان ئوتنىڭ كۈچلۈك يالقۇنى زەھەر تىلى بىلەن ئاسمان بوشلۇقىنى يالمايتتى. تۇرۇلۇپ كۆتۈرۈلگەن قارا تۈتۈن كىشىلەرنىڭ نالە - پەريادىنى ئەرشكە يەتكۈزدى.

قورۇلاردىن ھەيدەپ چىقىرىلغان سىيىرلار ئىگىلىرىدىن ئۆزىنى قۇتۇلدۇرۇۋېلىشنى تەلەپ قىلغاندەك بىچارىلەرچە مۆرەيتتى. ئاتلار قېچىشنى بىلمەي بىردە ئۇياققا، بىردە بۇياققا چاپاتتى. قورقۇپ كەتكەن خوتۇنلار نېمە قىلارىنى، نەگە يوشۇرۇنۇشنى بىلمەي، كۆيۈۋاتقان ئۆي ئىچىدىكى ئارىسىدا بالىلىرى بىلەن تاغاردىكى ئاشلىقلىرىنى سۆرەپ چىقىۋاتاتتى.

بىر چاغدا ئورمان تەرەپتىن نۇرغۇن ئادەملەرنىڭ بورۇن ئاڭلاپ باقمىغان ئاۋازدا قى - قۇۋ دەپ ۋارقىراپ يېقىنلاپ كېلىۋاتقىنىنى ئاڭلاندى.

ئاتلىق لەشكەرلەر يېزىغا بېسىپ كىردى. دۈپۈرلىگەن تۇياق ئاۋازى، ئاتلارنىڭ كىشنەشلىرى، ئادەملەرنىڭ ۋارقىراش - جارقىراشلىرى بۇ يېزىنىڭ ئەزەلدىن تىنچ ئۆتكەن دەۋرلىرىنىڭ ئاخىرلىشىپ، ئەمدى بالايى - ئاپەتلىك كۈنلىرىنىڭ باشلانغانلىقىنى ئېلان قىلاتتى.

ئىتلار يېزا ئىچىدە قالايمىقان چېپىپ يۈرگەن ئاتلارنىڭ كەينىدىن قاراپ بەزىدە كاۋشىپ، ئارقىسىدىن قالماي يۈرەتتى. لەشكەرلەر كۆزىگە كۆرۈنگەن قارىنى ئەگرى قىلىچى بىلەن چاپاتتى. قېچىپ كېتىۋاتقان ئاياللارغا سالما تاشلاپ تۇتاتتى.

تاتارلار يېزىنىڭ ئىككى بېشىدىن كىرىپ ئالدىغا يولۇققان ئادەمنىڭ ھەممىسىنى ھەيدەپ كېلىپ سىتارۇسنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىغا يىغدى.

## ئالتىنچى باب

### شەھەر ئەتراپىدىكى مەھەللىدە

باتۇخان شەھەرنى بىر ئايلىنىپ چىقىپ، دەريانىڭ ئۇ قېتىدىكى مەھەللىگە يېتىپ كەلدى. ئىگىلىرى قېچىپ كېتىپ بوش قالغان ئۆيلەرنىڭ ئەتراپىدا تاتار لەشكەرلىرى پىتراپ يۈرەتتى. ئۇلار ئۆيمۇ - ئۆي، كوچىمۇ - كوچا تىمىسقىلاپ يۈرۈپ، قوچاق - قوچاق چۆپ ۋە ئۆيلەر ئۇستىدىكى مەگگەنلەرنى كۆتۈرۈپ كېلەتتى. بۇ نەرسىلەر ئالدىغا نېمە قويسا شۇنى يەۋېرىدىغان تاتار ئاتلىرىغا ئوزۇق بولاتتى. ئۆيلەرنىڭ تۈرخۇنىدىن ئىسلار تولغىنىپ چىقاتتى. تاتارلار

تۇتقۇن قىلىنغان رۇس ئاياللىرىغا قويماق سالدۇرۇپ، قار بۇغدايىنىڭ ئۇنىدىن تەرقاچ پىشۇرغۇزماقتا ئىدى.

باتۇخان مەھەللىگە ئالا ئاياغ، قارا قاشقا ئېتىنى مىنىپ كەلگەنىدى. ئۇنىڭ يۈزى بۇرۇنقىدىنمۇ سۇرلۇكرەك كۆرۈنەتتى. قىسىق كۆزلىرى يىراقلارغا تىكىلەتتى. چىرايىدىن نە خۇشاللىقىنى، نە ئەندىشىدە ئىكەنلىكىنى بىلىپ بولمايتتى. خانىنىڭ كەينىدىن ئۈچتىن قاتار بىزاۋۇپ، ئۆزىنىڭ كۆڭلىگە ياقىدىغان خانلار ئەگىشىپ كېلەتتى. بۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ مىڭبېشى، تۈمەنبېشى دېگەن ھۆرمەتلىك ناملىرى بولسىمۇ، لېكىن قول ئاستىدا لەشكىرى يوق ئىدى. ئۇلارنىڭ ۋەزىپىسى باتۇخان بىلەن ھەمتاۋاق بولۇپ، ھەر بىرى تۆرت كىشىلىك نان يەپ، قىزىق سۆزلەرنى قىلىپ، بۇرۇن ئۆتكەن قەھرىمانلارنىڭ سەرگۈزەشتىلىرىنى، كۆرسەتكەن باتۇرلۇقلىرىنى ھېكايە قىلىپ بېرىش ئىدى. مۇبادا بۇلارنىڭ بىرەرى باتۇخان بىلەن يالغۇز قېلىش شەرىپىگە مۇيەسسەر بولۇپ قالسا، ئۆزلىرى بىلەن ھەمتاۋاق بولۇپ يۈرگەن خانلارنىڭ غەيۋەت يامغۇرىنى ياغدۇرۇۋېتەتتى. باتۇخان بۇلارنىڭ قايسىسىنىڭ بولمىسۇن سۆزىنى ئىخلاس بىلەن ئاڭلاپ، بەزىدە قىسىق كۆزلىرى يۇمۇلۇپ كەتكىچە كۈلەتتى. ئۇنىڭ مەقسىتى بۇ ئۇسۇل ئارقىلىق ئەتراپىدا بولۇۋاتقان ئىشلاردىن «چىڭگىز نەسلىدىن بولغان باشقا خانزادىلەرنىڭ قوشۇنىدا نېمە ئىشلار بولۇۋاتقانلىقىدىن» خەۋەر تېپىش ئىدى. شۇڭا ئۇ بۇ خانلارنىڭ غەيۋەتخورلۇقىنى بىلىپ تۇرسىمۇ پەرۋا قىلماي مەيلىگە قويۇپ بېرەتتى.

قىشلاققا كەلگەندە غوجىدار باتۇخانغا بىر ئۆينى كۆرسىتىپ ياتاققا مۇشۇ ئۆي بولارمىكىن، — دېدى.

— بۇ ياغاچ ئۆيدە بۇرۇن كىم تۇرۇپتىكەن؟ —

دېدى ئۇ.

— رۇسلارنىڭ باخشىسى تۇرۇپتىكەن. رۇسلار باخشىنى «پوپ» دەيدىغان ئوخشايدۇ.

باتۇخان قاپىقىنى سېلىپ، مۇشۇ ئۆيگە مېنى تەكلىپ قىلدىڭمۇ دېگەندەك قىلىپ، ئاچچىقى بىلەن قولىنى سىلكىدى. سۇبىتاي باھادىرمۇ سۆزگە ئارىلىشىپ، باتۇخاننىڭ بۇ ئۆيدە تۇرۇشقا قوشۇلمايدىغانلىقىنى ئېيتتى:

— رۇس باخشىسىنىڭ ئۆيى جاھانگىرنىڭ لايىقمۇ؟ ئاۋۇ نېمە ئۆي؟ — دەپ قامچىسىنىڭ سېپى بىلەن ئالتۇن كرېست بار مۇنارلىق ئېگىز ياغاچ ئۆينى كۆرسەتتى. — ئۇ، رۇس خۇداسىنىڭ ئۆيى ئوخشايدۇ.

— ھەببەللى، جاھانگىر خۇدالارنىڭ ئۆيىگە لايىق، — دېدى سۇبىتاي باھادىر قېشىنى ھىمىرىپ.

باتۇخان بېشىنى ئېگىپ تۇرغان غوجىدارغا ۋە دانا ئاقىلچىسىنىڭ سۆزىنى ماقۇللاپ تۇرغان خانلارغا كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا كۆرەڭلىك بىلەن قاراپ قويۇپ، ئېتىنىڭ بېشىنى چېركاۋ تەرەپكە بۇرىدى.

غوجىدار دەرھال چېركاۋغا قاراپ ئۆزىنى ئاتتى. چېركاۋغا كىرىدىغان ئىشىك ئالدىدا موڭغۇل لەشكەرلىرىدىن تۆتى تۇراتتى.

— بۇ يەرگە كىرىشكە بولمايدۇ! — دېدى لەشكەرلەرنىڭ بىرى.

غوجىدار ئۇلار بىلەن تاكاللاشتى.

بۇ گەپنىڭ ئۈستىگە سۇبىتاي باھادىر يېتىپ كېلىپ ئۇلاردىن:

— سىلەرنى بۇ يەرگە كىم قويدى؟ — دەپ سورىدى.

— كۈيۈك خاننىڭ مۆڭكەل سال دېگەن يۈزبېشى.

— يۈزبېشىلارغا ئېيتىڭلار، ئۇ ئۆز خېتىنغا بۇنىڭدىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

باشقا بىر ئۆي تاپسۇن، بۇ يەردىن يوقىلىڭلار! — دېدى سۇبىتاي.

چوڭ باشلىق بۇيرۇق قىلغاندىن كېيىن نېمە ئامال، تۆت موڭغۇل بىر - بىرىگە قارىدى - دە، ئۇزۇن جۇۋىلىرىنىڭ پەشلىرىنى بەلبېغىغا قىستۇرۇپ كۆلتۈك قارنى كېچىپ، چىركاۋنىڭ شادىسىغا باغلاپ قويغان ئاتلىرىغا قاراپ ماڭدى. كېتىۋېتىپ ئۇلارنىڭ بىرى ئەتەي سۇبىتاي باھادىر تەرەپكە قايرىلىپ تۇرۇپ:

— كۆيۈك خان بىزنىڭ كاچىمىزغا سۆڭەك پالاق بىلەن ئۇرسا، سەن بىز ئۈچۈن سۆز قىلارسەنمۇ؟! — دېۋىدى ئەرەپشاھ:

— سېنىڭ ئاۋۇ قولىقىڭنى كىم كېسىۋالغان؟ تىلىڭنى تارت، بولمىسا ئىككىنچىسىنىمۇ كېسىۋالىمەن! — دەپ ھومايدى.

موڭغۇل بۇ سۆزگە چىدىمىغىنىدىن، پوپوزا قىلغاندەك قىلىچىنى يېنىدىن سۇغۇرۇپ يەنە سېلىپ قويۇپ ئېتىغا مىندى. ئۇ:

— ئالدىرىما، سېنىڭ كۆرىدىغان كۈنۈڭ بار تېخى! — دېدى - دە، ئېتىنى قويۇندەك چاپتۇرۇپ كەتتى.

ئەرەپشاھ ئۇنىڭ كەينىدىن قاراپ:

— كۆيۈك خان قان ئىچەر قاتىللىرىنى يەنە ئەۋەتىشكە باشلىدى، — دېدى.

نۆكەرلەر چىركاۋ كۆزەتچىسى تۇرىدىغان قوشنا ئۆيدىن بىر چالنى تېپىپ كەلدى. چالنىڭ بېشىدا ئىت تېرىسىدىن تىكىلگەن قولاقچا، ئۈستىدە كاناپ ئىشتان، كۆڭلەك، پۇتىدا تالنىڭ قاسىرىقىدىن توقۇلغان چوقاي بار ئىدى. سوغۇقتىن كۆكىرىپ، جالاقلاپ تىترەپ تۇرسىمۇ، قورققانلىقىنى چاندۇر-

ماسلىققا تىرىشاتتى. ئۇ يانچۇقىدىن ئاچقۇچنى ئېلىپ يوغان قۇلۇپنى ئاچتى. غوجىدار ئالدى بىلەن كىرىپ ئىشىك تۈۋىدە قول قوشتۇرۇپ تۇردى. باتۇخان ئېتىدىن سەكرەپ چۈشتى-دە، كۆيۈشۈپ قالغان پۇتلىرىنى سۆزۈپ چېركاۋغا كىردى. تاتارلار چېركاۋنى بۇزمىغانىدى. قەي قىرىنى تارتىلغان كىچىك دېرىزىدىن چېركاۋ ئىچىگە گۇڭگا يورۇق چۈشۈپ تۇراتتى. تۆت تەرىپى ئالتۇن بىلەن قاپلانغان، ئويما نەقىشلەر بىلەن زىننەتلەنگەن چېركاۋ مېھرابى يالتىراپ تۇراتتى. بەزى ئەۋلىيا بۇتلىرىنىڭ ئالدىدا، ئۇلارنىڭ سۈرۈن تەلەتىنى ھالسىز يورۇتۇپ چىراغلار پىلدىرلاپ يېنىپ تۇراتتى.

باتۇخان نېرىدا تۇرغان مۇنبەرنى① ئايلىنىپ مېھرابقا چىقتى. بۇلۇڭدا تۇرغان كىچىك ئۈستەلنىڭ ئۈستىدە تۇرغان بەش دانە بولكىنى② كۆرۈپ، كەينىدىن كېلىۋاتقان غوجىدارغا:

— ماۋۇ ناننى تېتىپ باققىنە، ئىچىگە بىر نەرسە سالمىغاندۇ؟ — دېدى.

غوجىدار ناننى بىر چىشلەپ چايناپ تۇرۇپ:

— تەگرى يامان نىيەتتىن ساقلىغاي، نان بەكمۇ تاتلىقكەن! — دېدى.

بىر ئازدىن كېيىن، باتۇخان ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىغا كېلىپ، يەرگە سېلىنغان ئات يوپۇقىنىڭ ئۈستىدە ئولتۇردى. باشقا خانلارمۇ باتۇخاننىڭ ئەتراپىغا يىغىلىپ ئولتۇردى.

— ئاستى تاش ئوخشايدۇ، — دېدى باتۇخان، — مۇشۇ يەرگە ئوت يېقىپ چاي قاينىتىڭلار.

خاننىڭ بۇيرۇقى غوجىدارنى بىرئاز ئالدىرىتىپ قويدى.

---

① مۇنبەر — چېركاۋ مېھرابىنىڭ ئالدىغا قويۇلىدىغان دۈگىلەك ئۈستەل.

② بولكا — چېركاۋدا خۇداغا چوقۇنغاندا گۇناھىنى ساقىت قىلىش ئۈچۈن چوقۇنغۇچىلارغا يېگۈزىدىغان تاتلىق بولكا.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئۇ نېمە قىلارىنى بىلمەي بىر ئۇياققا - بىر بۇياققا يۈگۈرۈپ، ئالدىدا تىلماچ بىلەن، ئاندىن بىرۋاي بىلەن مەسلىھەتلەشتى.

— بۇ يەرگە ئوت يېقىشقا بولمايدىكەن. ئۇنداق بولغاندا رۇس خۇداسىنىڭ غەزىپى كېلىپ، ئۆي كۆيۈپ كېتىدىكەن. تۇتقۇن بىرۋاي كېچە - كۈندۈز پەشكە ئوت يېقىپ ئۆينى ئىسسىتىدىكەن، — دېدى غوجىدار خانغا.

سۈبىتاي باھادىر ئۆزىنىڭ جۇرجى دەپ ئاتىلىدىغان سىپاھلىرىنى رۇس باخشىسىنىڭ ئۆيىگە چۈشۈشكە بۇيرۇق قىلدى. كىچىككىنە ياغاچ ئۆينىڭ ئوتتۇرىسى تاختاي بىلەن بۆلۈنۈپ، ئىككى ئېغىزلىق خانە قىلىنغان بولۇپ، ئوتتۇرىدىكى ئىككى ئۆينى بۆلۈپ تۇرغان تامدا تاش ۋە لاي بىلەن ياسالغان تۆت بۇرجەكلىك چوڭ پەش بار ئىدى.

دالان ئۆيگە تۆت جۇرجى، ئۇندىن باشقا موڭغۇل ۋە ئۇيغۇر مىللىتىدىن بولغان ئىككى مۇسۇلمان كاتىپ، ئىچكىرىكى ئۆيگە سۈبىتاي باھادىرنىڭ ئۆزى ئورۇنلاشتى. سۈبىتاي ئۆيگە كىرگەن چاغدا جۇرجىلارنىڭ يېنىدا ئۆز خەلقىغە ئاسىيلىق قىلغان رەزەن كىنەزى گلېب ئولتۇراتتى. سۈبىتاي ئۇنىڭدىن:

— پورچاق چەلپەكى دېگەن نېمە؟ — دەپ سورىدى.

— ئۇنى سۆزلەپ چۈشەندۈرۈش قىيىن. ئەڭ ياخشىسى ئۇنى يەپ كۆرۈش كېرەك. بىرەر خوتۇن تاپساڭ، ئۇ ساڭا كۈندە چەلپەك پىشۇرۇپ بېرىدۇ، — دېدى گلېب.

— «خوتۇن» دېگەن نېمە؟

— ھويلىدا بىر موڭغۇل لەشكىرى ئىككى خوتۇننى ساتىمەن دەۋاتىدۇ. شۇنى سېتىۋالساڭ «خوتۇن» نىڭ نېمىلىكىنى بىلىسەن.

— نېمە سورايدىكەن؟

— ئۆزىنى باشلاپ كىرەي.

گىلىپ سىرتقا چىقىپ بىر موڭغۇل چالنى باشلاپ كىردى
ئۇ ئۆيگە كىرىشكە ئۇنىماي تۇرغان ئىككى ئايالنى ئىتتىرىپ
كىرگۈزدى. ئايالنىڭ ئېگىز بويلۇق، بەدىنى تولۇق كەلگەن،
ئۈستىگە كۆك كۆڭلەك كىيگەن بىرى ئۆيگە كىرىش بىلەنلا
تۆردىكى بۇلۇڭدا ئېسىقلىق تۇرغان خۇدانىڭ رەسىمى چاپلىنى-
دىغان قۇرۇق رامكىغا قاراپ بېشىنى ئېگىپ ئۈچ قېتىم چو-
قۇندى. خۇدانىڭ رەسىملىرىنى «مېھمانلار» يىرتىۋەتكەنىدى. ئۇ
چوقۇنۇپ بولغاندىن كېيىن، ئورۇندۇقنى چەتكە تارتىپ قويۇپ،
يەرگە تىزقۇم سېلىپ ئولتۇرغان سۆبىتايغا چەكچىيىپ قاراپ
قالدى. قورقىنىدىن كۆزلىرى چەكچەيگەن، ئۈستىدە سېرىق
ئۇزۇن چاپىنى بار، ئاق سېرىق قىز بولسا ھېلىقى ئايالنىڭ
كەينىگە تىقىلىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئۇزۇن چاپىنىنىڭ يىرتىقى-
دىن قىزىل كۆڭلىكىنىڭ ئىتىكى كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

— مانا ساڭا دېگەن ئىككى خوتۇن! — دېدى كىنەز
گىلىپ، — چوڭى تەجرىبىلىك، ئىشقا پىشقان، تاماققا چېۋەر
ئايال. ماۋۇ بىرى ئون گۈلىنىڭ بىرى ئېچىلمىغان قىز، پېچىل-
مىغان قوغۇن.

سۆبىتاي ئىككى ئايالغا بىر قاراپ قويدى - دە، ئاندىن
تەتۈر قارىۋالدى.

— تېز پۈكۈپ تەزىم قىلىڭلار! — دېدى كىنەز گىلىپ، —
بۇ ئىنتايىن چوڭ خانلارنىڭ بىرى. بۇندىن كېيىن سىلەر
ئۇنىڭ مالىيى بولىسىلەر.

— چوڭ بولسا ئۆزىگە، — دەپ ئايال ئۇنىڭغا قوپال
جاۋاب بەردى، — تېز پۈكۈپ تەزىم قىلىشنىڭ نېمە ھاجىتى؟
يەر لاي، كۆردۈڭمۇ بۇ دىنسىزلارنىڭ ھەممە يەرنى ئىپلاس
قىلىۋەتكىنىنى!

— غوجاڭىنىڭ ئالدىدا بېشىڭنى ئەگ دەيمەن!

— غوجامنىڭ ئۆلگىنىگە ئون يىل بولاي دېگەنىدى. شۇنداق بولسىمۇ، ۋېشنيانكا. بېشىمىزنى ئېگەيلى، بىزدە نېمە چارە! — دەپ ئايال ئۇلۇغ كىچىك تىندى.

شۇنىڭ بىلەن ئۇلار باشلىرىنى ئېگىپ قولىنى يەرگە تەگكۈزدى.

سۇبىتاي ئايالارغا بېشىدىن پۇتىنىڭ ئۇچىغىچە سەپسېلىپ قارىدى. ئاندىن دۇپ ياغىچىدىن ياسالغان ئورۇندۇقتا ئولتۇرغان كىنەز گىلىپكە بىر قارىدى - دە، ئورنىدىن تۇرۇپ، ئاستىدىكى توقۇمنى ئېلىپ ئورۇندۇقنىڭ ئۈستىگە سالدى. ئاندىن ئۇنىڭ ئۈستىگە چىقىپ چازانى قۇرۇپ ئولتۇردى.

— ئىسمى نېمە؟ — دەپ سورىدى ئۇ گىلىپتىن. تىلماچ ئۇنىڭ سۆزىنى رۇسچىغا تەرجىمە قىلدى.

— ئىسمىم ئوپالىنخا، بۇنىڭكى ۋېشنيانكا.

— قىزىڭما؟

— ياق، قوشنىمىزنىڭ قىزى ئىدى. يېتىم قالغاچقا ئاسىرىۋالغانىدىم. ھازىر مېنىڭ تەربىيەمدە.

— ساڭا نېمە ئۈچۈن بۇنداق ئىسىم قويغان؟ — دېدى سۇبىتاي كەينى - كەينىدىن سوئال قويۇپ.

— ئېرىمنى تىرىك پېتى ئوتقا تاشلاپ كۆيدۈرۈۋەتكەنىدى.

— كىم، مېنىڭ تاتارلىرىممۇ؟

— ياق، ئۆزىمىزنىڭ ئوغرىلىرى. نوۋگورودنىڭ قاراقچىلىرى. شۇنىڭدىن بېرى مېنى ئوپالىنخا دەيدۇ. ۋېشنيانكا① باھاردا تۇغۇلغانىدى. ئۆزىمۇ باھارغا ئوخشاش گۈزەل ھەم زىلۋا.

① ۋېشنيانكا — قەدىمكى رۇس تىلىدا باھاردا تۇغۇلغان دېگەن مەنىدە.



www.uyghurkitap.com

رۇسلارنىڭ ئىسمى ئىنتايىن قىيىن ئىكەن. بىرىنىمۇ ئەستە تۇتالمايدىكەنمەن! — دېدى سۇبىتاي، — مېنىڭ خىزمىتىمنى قىلالمىسىلەر ياكى باشقا ئادەم تاپايمۇ؟

— ئۆمۈرۈم بويى باشقىلارنىڭ خىزمىتىدە بولۇپ كەلدىم. ئاياللارنىڭ بۇنىڭدىن باشقا نېمە ئىشى بار. خۇدا پېشانەڭگە يازغىنى شۇ تۇرسا تارتماسقا نە چارە.

— بۇلار ماڭا قۇيماق، چەلپەك، توقاچ ۋە قارا بولكا پىشۇرۇپ بەرسۇن.

— ئۇن بىلەن كىۋەز① بولسىلا، قالغىنىنى بىر ئامال قىلارمىز.

— ساقلاپ بوۋاي سىلەرگە ھەممە نەرسىنى تېپىپ بېرىدۇ، — دېدى كىنەز ئىككى ئوتتۇرىغا قىسىلىپ، — ئۇ تېخى رۇس تىلىنى ئۇنتۇپ قالمىغاندۇ.

بۇ چاغدا ئىككى ئايال تەڭلا ئىشىك ئالدىدا تۇرغان سۇبىتاينىڭ قېرى خىزمەتچىسىگە بۇرۇلۇپ قارىدى.

— سەن رەزىلىقمۇ؟ ئۇتقۇنمۇ؟ — ئۇپالىنىخا خىزمەتچى بوۋايدىن ئەھۋال سورىدى.

— قىرىق يىلدىن بېرى ئۇتقۇندىمەن. شۇنىڭدىن بېرى تارتقان ئازابىمنى سۆزلەپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ. پۇتۇمدىكى كىشەن سۆڭىكىم بىلەن ئۇتتۇشۇپ كەتتى. سىلەرنىڭ كۆرىدىغان كۈنۈڭلارمۇ مۇشۇ. بۇرنۇڭلارغا چۈلۈك ئۆتكۈزۈلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭدىن ئۆلگىچە قۇتۇلالمايسىلەر ... — دەپ بوۋاي ئۇلۇغ كىچىك تىنندى. شۇنىڭدىن كېيىن پۇتىدىكى كىشەننى شالدىرلىتىپ يۈرۈپ مانا ئۇن، مانا كىۋەز دەپ پەچىنىڭ ئالدىغا بىر قاپ ئۇن بىلەن چوڭ تاش كومزەكتە بىر

---

① ئۇ زامانلاردا ئېچىتقۇ يوق ئىكەن. شۇڭا خېمىرنى كىۋەز بىلەن ئېچىتىدىكەن.

www.uyghurkitap.com

كەۋەز ئەكىلىپ قويدى. ئۇپالىنىخا ھاڭ - تاڭ بولۇپ قاراپ قالدى. ئۇ:

— ئادەمنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيدۇ - ھە؟ قىرىق يىلدىن بېرى كىشەننى سۆرەپ يۈرۈۋاتامسەن؟ — دەپ باياتىن ئۆزىدىن كۆزىنى ئۈزمەي قاراپ تۇرغان سۇبىتايغا مۇشتۇمىنى تۈگۈپ شىلتىپ قويدى.

— بولدۇ. كېيىن سۆزلىشەرمىز ... ھازىر ئۆيگە ئوتۇن ئەكىرىپ بېرەي، — دېدى - دە، بوۋاي سىرتقا چىقىپ كەتتى.

— ۋېشنيانكا، سوقۇش دېگەن سوقۇش. لېكىن خېمىرنى بولدۇرۇشىمىز كېرەك! — دەپ ئۇپالىنىخا پەچكە قاراپ مېڭىۋىدى، يېنىدىكى موڭغۇل ئۇنىڭ بوينىدىكى تاسمىنى تارتىپ ئۇنى ماڭغۇزمىدى. ئۇپالىنىخا توختاپ سۇبىتايغا قارىۋىدى، سۇبىتاي موڭغۇلغا بۇرۇلۇپ:

— بۇ ئاياللارنى نەدىن ئالدىڭ؟ — دەپ سورىدى.

— مەن شەھەرنىڭ شەرق تەرىپىنى چارلاپ كېلىش ئۈچۈن ئەۋەتىلگەن يۈز لەشكەرنىڭ ئىچىدە ئىدىم. ئورماندىن ئۆتۈپلا قېچىپ كېتىۋاتقان ئادەملەرنى كۆردۇق. ھەممىسى ئايال ئىكەن. ئۇلارنىڭ بىر قىسمىنى شۇ يەردىلا قىرىپ تاشلىدۇق، قالغانلىرىنى كەينىگە ياندۇرۇپ، ئۆز لەشكەرلىرىمىز تۇرغان يەرگە ھەيدەپ كەلدۇق.

— ئاندىن كېيىنچۇ؟

— بۇ ئىككىسىنى ئۆزۈم تۇتۇپ، بوينىدىن باغلاپ بۇ يەرگە ئېلىپ كەلدىم.

— خوش.

— بۇلارنى ساتماقچىمەن.

— ئاندىن كېيىنچۇ؟

— ئۆتۈكۈم يىرتىلىپ كەتتى. پۇتۇم مۇزلاپ كەتتى ...
— شۇنداقمۇ دەيلى.
— رۇسلارنىڭ پۇتىدا بولغان ئۆتۈك كۆرمىدىم. ھەمىمىسى لا تال قاسرىقىدىن توقۇغان چوقاي كىيىدىكەن.
— شۇنداق.
— شۇڭا مۇشۇ ئىككى ئايالنى بىر يېڭى ئۆتۈككە تېگىشمەكچىمەن.
— ئۇنداق بولسا سەن مېنىڭ پۇتۇمدىكى ئۆتۈكنى يېشىۋېلىش ئۈچۈن كەپسەن ـ دە! ئۆز باشلىقىڭنى بۇلىماقچىسەن؟ بۇنىڭ بەدىلىگە قانداق مۇكاپات ئالىدىغانلىقىڭنى بىلەمسەن؟

قىرى موڭغۇلنىڭ قىرقىنىدىن شالاڭ ئاق ساقاللىرى تىترەپ، كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتتى.

— ئۇنداق قىلىش ھەددىم ئەمەس، ئۇلۇغ خان! بۇ ئىككى ئايال ساڭا قىلىنغان سوۋغىتىم بولسۇن، ئۆمرۈڭ ئۇزۇن، دۆلىتىڭ زىيادە بولغاي، — دېدى ئۇ ھودۇققىنىدىن.

قىرى موڭغۇل شۇنداق دېدى ـ دە، ئايالنىڭ بويىنىدىكى بەلبېغىنى يېشىپ، كەينىگە شوخشىغان پېتى ئۆيدىن چىقىپ كەتتى.

## يەتتىنچى باب

## «بىز ھايۋانغىمۇ رەھىم قىلىمىز»

سۇبىتاي باھادىر چۈشكەن ئۆينىڭ ئىشىكى ئالدىغا ئۇنىڭ تەڭگە چىپار ئايغىرى باغلانغان بولۇپ، ئاتنىڭ ئالدىغا بىر قۇچاق چۆپ سېلىنغانىدى.

www.uyghurkitap.com

باتۇخان قېرى قوماندانىنى ئۆز ھوزۇرىغا چاقىرتقانلىقى ئۈچۈن، سۇبىتاي بېرىش تەرەددۇتى بىلەن ئۆيدىن چىقىۋىدى، بىر نۆكەر دەررۇ ئاتنى ئۇنىڭ ئالدىغا ئەكېلىپ:

— سەركەردىنىڭ پىيادە يەر دەسسەپ مېڭىشى جائىز ئەمەس، — دەپ قىلتۇقىدىن يۆلەپ ئۇنى ئاتقا مىندۈردى.

سۇبىتاي ئاتقا مىنىپ كوچىدا كېتىۋاتقاندا، ئۇنىڭغا قاراپ كېلىۋاتقان بىر توپ ئادەم كۆرۈندى. ئۇلار ئالدىراپ بىر - بىرىنى ئىتتىرىپ، ئالدىدا كېتىۋاتقان ئاتلارغا يېقىنلىشىش ئۈچۈن تىرىشاتتى. ئاتلار خۇددى ھازىرلا قارغا ئېغىنغاندەك، پۈتۈن يېرى ئاپئاق قار ئىدى. ئاتلارنىڭ تارتىپ-كېڭىيىپ تۇرغان بۇرۇن چاناقلىرىدىن بولسا، ھور پۇرقىراپ چىقىپ تۇراتتى. ئالدىدىكى ئاتنىڭ ئۈستىدە بىر موڭغۇل شۇمشىيىپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ يەتەككە ئالغان ئېتىنىڭ ئېگەر ئۈستىگە بىر ئادەم توغرىسىغا باغلاقلىق بولۇپ، ئۇنىڭ پۇت-قوللىرى پولاڭشىپ تۇراتتى. ئەھۋالغا قارىغاندا ئۇ ئادەم بىھوش بولسا كېرەك. چاڭىلداپ تۇرغان سوغۇقتا ئۇنىڭ چىرايى خۇددى ئۆلۈكنىڭ چىرايىدەك تاتىرىپ كەتكەنىدى. بۇنى كۆرگەن سۇبىتاي خۇددى ئەقلىدىن ئازغان ئادەمدەك ھۆركۈرگەن پېتى ئېتىنى قامچىلاپ توپنىڭ ئىچىگە باستۇرۇپ كىردى - دە، سەكرەپ چۈشۈپ ھېلىقى مۇردىنىڭ قېشىغا يۈگۈرۈپ باردى.

— ئورىن قادان، كۆزۈڭنى ئاچ! جېنىم قوزام، كۆزۈڭنى ئاچقىنە! ئاۋازىمنى ئاڭلىدىڭمۇ؟ — سۇبىتاي سوغۇقتا قېتىپ قالغان ئادەمنىڭ كىيىملىرىنى تارتىپ، ھەرىكەتسىز تۇرغان يۈزىنى ھەدەپ سىلاپ ۋارقىراپ كەتتى.

— بۇ سۇبىتاي باھادىرنىڭ ئوغلى، — دېيىشەتتى كۆپچىلىك، — ئورىن قادان دېگەن بالىسى شۇ، دادىسى بۇنى

بەكمۇ ياخشى كۆرەتتى. ئۆزى كىچىك بولغىنى بىلەن ئىنتايىن يۈرەكلىك، باتۇر يىگىت ئىدى.

— نەگە ئاپىرىمەن؟ — دېدى مۇردىنى ئېلىپ كەلگەن موڭغۇل، — ئوتتا كۆيدۈرۈۋېتەمدۇق؟ بەرىبىر تىرىلدۈرۈۋالغىلى بولمايدۇ.

سۇبتاي ئات ئۈستىدىكى كىشىنىڭ قولىدىن تىزگىنىنى يۇلۇپ ئالدى - دە، ئاتنى يېتىلەپ ئۆزى چۈشكەن ئۆيىنىڭ ئىشىك ئالدىغا ئېلىپ كەلدى.

— ئورۇن قادان! سەن ئۆلمەسلىكىڭ كېرەك! ئاغزىڭغا ئاغزىمنى يېقىپ ئۆز جېنىمنى ساڭا بېرەي، يۈرىكىمنى سۇغۇرۇۋېلىپ، توختاپ قالغان يۈرىكىڭنىڭ ئورنىغا قوياي. سەن ئۆلگىچە مەن قاقۋاش ئۆلەي! سەن تېخى ياش، ئالاي غەلىبىلەرنى قۇچۇپ، داڭق قازىنىسەن، بۇ دۇنيانى تاشلاپ كەتمە!... — دەپ زارلاندى سۇبتاي.

سىرتتىكى ۋاراڭ - چۇرۇڭنى ئاڭلىغان ئوپالىنخا ئىشىك ئالدىغا چىققانىدى. ئۇ سۇبتايغا قوشۇمىسىنى تۈرۈپ بىر قارىدى - دە، «قىسىق كۆز بالىسىغا چىدىمايۋېتىپتۇ - دە!» دەپ ئويلىدى ئىچىدە.

ئۇ پەلەمپەي بىلەن دەرھال تۆۋەنگە چۈشۈپ، قاۋۇل قوللىرى بىلەن سۇبتايدىن مۇردىنى ئېلىۋالدى. ئۇ ئالدىرىماي ئورۇن قادانىڭ پۈت - قولىنى باغلىغان يىپلارنى يېشىپ، يەردىن كۆتۈرۈپ ئېلىپ، مۇرىسىگە ئارتقان پېتى پەلەمپەي بىلەن يۇقىرىغا ئۆرلەپ ئامبار ئۆيگە ئېلىپ كىردى. ئامبار ئۆيدە بىر دۆۋە پاخال بار ئىدى. ئۆششۈپ قالغان ئادەمنى ئۇ شۇ پاخالنىڭ ئۈستىگە ياتقۇزدى.

كىنەز كىلىپمۇ شۇ يەرگە كىردى. ئو پالىنخا زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ، ئۆششۈپ قالغان ئادەمنىڭ كىيىمىنى يېشىۋېتىپ ئۆز - ئۆزىگە شىۋىرلىدى:

— بۇنىڭ تېخى جېنى بار. كۆردۈڭمۇ؟ ئۇششۇپ قالغان ئادەملەرنى تىرىلدۈرۈشۈم يالغۇز بۇ ئەمەس. بىر پارچە يۇڭ رەخت، بىر پارچە كىگىز، شام مېيى بىلەن بىر چېلەك قار ئېلىپ كېلىڭلار. ۋاي قىسىق كۆزلۈكۈم. بۇنى ئىسسىق ئۆيگە ئېلىپ كىرىشكە بولمايدۇ. ئۇنداق قىلساق بەدىنى پارچە - پارچە بولۇپ قولىمىزغا چىقىدۇ! — دېدى ئۇ سۇبىتايغا قاراپ.

سۇبىتاي ئۇ پالىنخانىڭ دېدىل ھەرىكەتلىرىدىن كۆزىنى ئۈزمەي، ئاغزىنى ئاچقان پېتى تىزلىنىپ ئولتۇراتتى.

ئوپالىنخا ئورىن قادانىڭ ئايىغىدىكى ئۆتۈكىنى سالدۇرۇپ دەرھال كۆكىرىپ كەتكەن پۇتىنىڭ ئۇچىنى، تاپانلىرىنى كىگىز ۋە قار بىلەن ئۇۋۇلاشقا باشلىدى. بۇنى چۈشەنگەن بىر نەچچە موڭغۇل مۇردىنىڭ قوللىرىنى ئۇۋۇلاشقا كىرىشتى. ئوپالىنخا نۆۋەت بىلەن مۇردىنىڭ پۈتۈن بەدىنىنى ئۇۋۇلاپ چىقتى. ئاخىرىدا ئۇنىڭ يۈزىنى ئاۋايلاپ ئۇۋۇلىدى.

— مانا ماۋۇنى ئال. ئوغلۇم، بۇ غاز مېيى، مۇشۇنىڭ بىلەن ئۇۋۇلا. — دېدى ئۆي ئىگىسى پوپ سۇبىتايغا ياغاچ تەڭنىدىكى ماينى سۇنۇۋېتىپ، — ئاندىن ئاغزىغا ئازراق ھاراق تېمىتقىن.

ئوپالىنخا كۆپ ئاۋارە بولدى. ئادەمنىڭ كۆپلۈكىدىن ئۆي ئىسسىپ، كىشىلەر ھاسىراپ كەتتى. ئاخىرىدا ئورىن قادان كۆزىنى ئېچىپ، ئەتراپتا تۇرغان كىشىلەرگە بىر قۇر قاراپ چىقىپ، سۇبىتاي باھادىرنىڭ ئۈمچىيىپ تۇرغان چىرايىنى كۆردى. ئۇنىڭغا ئاستا - ئاستا جان كىرمەكتە ئىدى. ئۇ:

— دادا، سەنمۇ! — دەپ لەۋلىرىنى مىدىرلىتىپ شىۋىرلىدى، — رۇسلار ئاچ قالغان بۆرىگە ئوخشايدىكەن... ئۇلارنى يوقىتىش كېرەك... ئۇلار بىزگە ھەرگىز تەسلىم بولمايدۇ!...

— نېمە بولدۇڭ، بالام ئورىن قادان؟ سېنى مۇشۇ كۈنگە

سالغان كىم؟ ئۇنى ئۆز قىلمىچىم بىلەن قىيما قىلمۇېتەي، ئېيتقىنا ئۇ زادى كىم؟

— مەن ئوتتۇقۇندا بولدۇم! — دېگەن سۆزگە ئاران چامى يەتتى - دە، ئورنىن قادان يەنە ھوشىدىن كەتتى. سوبىتاي ئۇنى ئىرغىتىشقا باشلىدى.

— ئارامىغا قوي، تەگكۈچى بولما! — دەپ ئوپالىنغا سوبىتاينى ئىتتىردۇەتتى.

— ئەملەمسەن، — دېدى سوبىتاي پىتىنىپ بىر نەرسە دېيەلمەيۋاتقان كىشىدەك پەس ئاۋاز بىلەن، — مېنىڭ داڭلىق ئورنىن قادان باتۇر ئوغلۇمنى ساقايتىۋالالامسەن؟ ساڭا ئەركىنلىك بېرەي، ساڭا پۈتمەس - تۈگىمەس بايلىق ھەدىيە قىلاي.

— بايلىقىڭنىڭ ماڭا كېرىكى يوق. بىز ئادەم تۇرماق كېسەل ھايۋانغىمۇ رەھىم قىلىمىز. ئۇنى باقىمىز، داۋالايمىز. ئۇنىڭغا قارىغاندا بۇ دىنىمىز بولسىمۇ يەنىلا ئىنسان - دە،... — دېدى ئوپالىنغا.

سوبىتاي ھويلىغا چىقىپ، باغلاقلىق تۇرغان تەڭگە چىپار ئايغىرىنىڭ يېنىغا باردى - دە، بىر نەرسىلەرنى دەپ ئاتنىڭ قۇلىقىغا شىۋىرلىدى. تومشۇقىغا سۇپ قىلىپ، دانىشمەن ئېتىم، قانداق بەلگە بېرەركىن دەپ ئاتقا تەلمۈرۈپ قاردى.

— مېنىڭ تەقدىرداش يولدىشىم، جانىۋار ئېيتقىنە، بۇ خوتۇننىڭ بېشىنى كېسىۋالايمۇ ياكى ئۇنىڭغا قاما جۇۋا كىيگۈزەيمۇ؟ ياكى ئۆزۈم بىلەن بىرگە ئېلىپ يۈرەيمىكىن، بولمىسا پۈتۈن كىيىمىنى سالدۇرۇۋېلىپ قىپ يالىڭاچ ئورمانغا قوغلىۋېتەيمىكىن؟ يا ئاللا بۇ رۇس ئايال نېمىدېگەن پارا- سەتلىك - ھە! ئايال ئەمەس بىر باتۇر ئىكەن! بۇنداق خوتۇننى ئۆمرۈمدە تۇنجى قېتىم كۆرۈشۈم... — دېدى ئۇ.

ئات ئۇنىڭ دېگەنلىرىگە قوشۇلغاندەك، بېشىنى ئىرغىتىپ، ماڭلىيى بىلەن ئىگىسىنىڭ يېڭىنى ئاستا سىيپاپ قويدى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

## سەككىزىنچى باب

## تىنچسىز كېچە

دۈشمەن دۈشمەننىڭ سىرىنى بىلمەيدۇ.
(چىڭگىز ماقالى)

تۈن بويى ساۋىلى بىرئازمۇ ئارام ئالمىدى. قورغان تۆشۈكىدىن يىراققا قاراپ مىسلىسىز ئاپەتكە يولۇققان شەھەرنىڭ ۋاڭ - چۇڭىغا قۇلاق سالدى. رەزان ئەتراپىدا ئۆتكەنكىدەك تىنچلىقتىن ئەسەر يوق. قورغاننىڭ تۈۋىدە، دەريانىڭ ئۇ قېتىدىكى تۈزلەڭدە نەچچە مىڭ يەرگە يېقىلغان گۈلخانلار ئەتراپىنى كۈندۈزدەك يورۇتۇۋەتكەنىدى. يىراقتىن قارىغاندا بۇ گۈلخانلار خۇددى قىپقىزىل چوغلارنى كەڭ دالاغا ئەتىيەي چېچىپ تاشلىغاندەك يالتىراپ تۇراتتى. گۈلخان ئەتراپىدىكىلەر ئەتراپتىكى ئۆيلەرنى، قوتانلارنى بۇزۇپ، چەگزىلەرنى، تاختايلارنى ئەكىلىپ كېچىچە ئوت يېقىپ چىققان تاتارلار ئىدى. يىراقتىكى ئۇپۇق ئاستىدىن ئىنتايىن كۈچلۈك يانغىن كۆتۈرۈلدى. ئۇنىڭ يالقۇنى ھەدەپ ئاسمان قەھرىگە كۆتۈرۈلەتتى. ئوتنىڭ شولىسى ئاسماندىكى بۇلۇتقا چۈشۈپ، تۈرۈلۈپ كېلىۋاتقان قاپقارا بۇلۇتنىڭ چۆرىسىنى قىزارتماقتا ئىدى.

ساۋىلىنىڭ يېنىغا باشقا قوشۇنلارمۇ كەلدى. ئۇلارمۇ بىئارام بولۇپ يىراققا قارىدى.

— ئەنە قارا پىرونىسكى كۆيۈۋاتىدۇ!

— ئۇنداق ئەمەس، پىرونىسكى دېگەن بۇ يەردىن ئەللىك چاقىرىم كېلىدۇ.

— ئەمسە ئۇ قەيەر؟

— هەي راستىنلا پىرونىسكى ئىكەن...

— ئەنە قاراڭلار، سۇبالىۇكانىمۇ كۆيدۇرۇۋاتىدۇ...

— ياللا... ئۇ خارسكىنىمۇ كۆيدۇرۇۋاتىدۇ...

— قېنى؟

— ئەنە ئاۋۇ ئورمانىنىڭ ئارقا تەرىپىدە...

— ئۇ پىربۇۋولۇك ئەمەسمۇ؟

— ياق ئۇنىڭغا تىخى تەگمىدى...

— بۇ زادى نېمە ئىش؟! بۇ لەنىتى ياۋۇزلار نېمە قىلماقچى؟... هوي قان ئىچەرلەر...

— ئەنە قاراڭلار، يەنە بىر شەهەر كۆيۈۋاتىدۇ. ئەنە، ئاۋۇ تەرەپتە.

— ئۇ ياروستوۋوغۇ...

— خۇدايا توۋا، ياروستوۋو دەمسەن؟... — دەپ ساۋىلى يىغلىۋەتكىلى تاس قالدى، — ياروستوۋا رەزاندىن ئوتتۇز چاقىرىم يىراقتا ئەمەسمىدى! — دەپ ئۆزىنىڭ ئۆيىنى ئويلىدى. كېتەر چېغىدا ئۆيدىكىلىرىگە ئۇ: «ئەگەر خەۋپ - خەتەر بولۇپ قالسا، ياروستۋادىكى بىلىقچى پاخومنىڭكىگە بېرىڭلار دېگەنىدى.

— رەزاننى قاچان ئالاركىن دەپ ئولتۇرۇشامسەن؟ بۇ مەلئۇنلارغا ئوتتۇز چاقىرىم دېگەن هېچنەرسە ئەمەسكەندە! بۇ خەقنىڭ چۈمۈلىدەك بېسىپ كەتكىنىنى كۆردۈڭمۇ؟ ئەتراپنىڭ هەممىسىنى ئىگىلەپ بوپتۇ. يېزا - قىشلاقلارنى پۈتۈنلەي تالاپ، كۆيدۇرۇۋاتىدۇ...

ياروستوۋو تەرەپتىكى ئوت بەكمۇ كۈچلۈك كۆيۈۋاتاتتى. لاۋۇلدىغان قىزىل يالقۇن يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، بۇلۇتقا تاقاشقانىدى.

— ئىخمەقلەر! — دېدى ياش لەشكەر، — نېمىنىڭ

پايدا، بىمىنىڭ زىيان ئېكەنلىكىنى بىلمەيدىغان تاتارلارگەن بۇ! دۈۋىلەپ قويغان چۆپلەرنى كۆيدۈرۈۋاتقىنىنى كۆردۈڭمۇ؟

— ياق، بىكار گەپ! — دېدى ساۋىلى ئۇنىڭغا. — تاتارلارغا چۆپ ناندىنمۇ قىممەت. چۆپ بولمىسا ئۇنىڭ ئاستىدىكى ئات نېمە بولىدۇ... ئات قىرىلسا بۇ خەقنىڭ هالى نېمە بولماق؟ چۆپكە ئوت قويغانلار ئۆز ئادەملىرىمىز بولسا كېرەك. بارلىق چۆپلەرگە ئوت قويۇپ، تاتارلارنى ئاتسىز قويۇپ ئاندىن قىرماقچى!

— شۇنداق قىلىش كېرەك! بۇ خەقنىڭ ئەدىپىنى شۇنداق بېرىش كېرەك! — دېگەن ئاۋازلار كۆتۈرۈلدى.

كېچە تىنچسىز ئۆتتى. كۆزەتچىلەرمۇ كۆز يۇممىدى.

تاڭ ئېتىشى بىلەن ئۇ قاتتىكى خورازلار چىللاشقا باشلىدى. ئۇنىڭغا جاۋابەن رەزان خورازلىرىمۇ چاقىرىشقا باشلىدى. ئۇستىبېشىنى قىراۋ باسقان لەشكەرلەر ئاستا - ئاستا ئۇچۇۋاتقان گۈلخاندىن كۆزىنى ئۈزمەي قاراپ ئولتۇراتتى.

تاتارلارنىڭ مىڭلىغان گۈلخانلىرى تېخىچىلا يېلىنجاپ تۇراتتى.

كۆپ ئۆتمەي يىراقتىكى ئورمانىنىڭ كەينىدىن قۇياش كۆتۈرۈلدى. قار باسقان ئاپئاق دالانى كۈنىنىڭ قىزىل نۇرى سۆيدى. كۈن ئۆز نۇرىنى شەھەرگە قاراپ بۇلۇتتەك بېسىپ كېلىۋاتقان تاتار قوشۇنلىرىدىنمۇ قىزغانمىدى. ئۇلار ئەمدى خۇددى ئالقاندىكىدەك ئېنىق كۆرۈنەتتى.

ئۇلار لىم ياغاچلار، چەگزىلەر، تاختايلارنى مىڭلىغان يالغۇز ئاتلىق چانىلارغا بېسىپ هەتتا بەزىلىرى ئاتقا سۆرىتىپ، پىيادىلەر كۆتۈرۈپ دېگۈدەك كېلىۋاتاتتى. قورغان ئۈستىدە توپلىشىپ تۇرغان رەزاللىقلار بىر تەرەپتىن هەيران بولۇشسا، يەنە بىر

تەرەپتىن تاتارلار ئەمدى نېمە قىلار، دەپ دەككە - دۈككىدە بولاتتى. ئۇلاردىن باشقا تۇتقۇن قىلىنغان پۇقرالارمۇ توپ - توپ كېلىشكە باشلىدى. تۇتقۇنلارنىڭ ئەتراپىدا قامچىسىدىن قان تامغان تاتارلار ۋارقىراپ - جارقىراپ ئۇلارنى تېز مېڭىشقا مەجبۇرلايتتى. تاتارلارنىڭ كۆپى رۇسلارنىڭ كالتە جۇۋىلىرىنى كىيىۋالغانىدى. تۇتقۇنلار بولسا پۈتۈنلەي يالىڭاچ، يالاڭئاداق، يالاڭباش ئىدى. بۇنى قورغان ئۈستىدىكىلەر ئېنىق كۆرۈپ تۇراتتى. بەزىلىرى ماڭالماي يول ئۈستىدە يىقىلىپمۇ چۈشەتتى. ئۇنداقلارنى تاتارلار ئۇرۇپ - سوقۇپ ئورنىدىن تۇرغۇزۇپ ماڭغۇزاتتى ياكى شۇ يەردىن مەڭگۈ تۇرماس قىلاتتى - دە، تاشلاپ كېتەتتى.

تۇتقۇنلار تۆۋەندە شەھەرنى ئايلاندۇرۇپ ياغاچتىن تام ياساپ، ئۆيلەرنى بۇزۇپ ئالغان لىم ياغاچلارنى، تاختايلارنى شۇ يەرگە دۆۋىلىدى.

— كۆردۈڭلارمۇ بىزنىڭ ئەتراپىمىزغا قاشا ياساپ بىزنى مۇھاسىرىگە ئېلىۋالغىنىنى! — دېيىشتى قورغان ئۈستىدىكىلەر.

— يامىنى كەلسە، تېرىمىزنى تەتۈر سويۇپ ئالار... — دېيىشتى بەزىلەر.

— كىمنىڭ تېرىسىنى كىم سويىدىكىن تېخى، كۆرەرمىز! ئىتلار تۇمشۇقىنى تىقىپ كۆرسۇنچۇ! — دېيىشتى بەزىلەر ئىنتايىن غەزەپ بىلەن.

دەرۋازا ئالدىغا بىرنەچچە سالتاڭ ئاتلىقلار كەلدى. ئارىسىدا كىنەز گىلېپمۇ بار ئىدى. ئۇ يۇقىرىغا قاراپ: «تاتارلار رەزانىغا ھېچقانداق چېقىلمايدۇ. ئەگەر دېگىنىم راست بولمىسا، خۇدا مېنى ئۇرسۇن» دەپ ۋارقىراپ قەسەم ئىچتى.

— دەرۋازىنى ئېچىپ ئۆزۈڭلار سىرتقا چىقىڭلار. مال - مۈلكۈڭلارنى ئۆيدە قالدۇرۇڭلار. ئاندىن ئۆزۈڭلار نەگە بارساڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

لار ئىختىيار ئۆزۈڭلەردە، تاتارلار سىلەرگە چېقىلمايدۇ، — دېدى ئۇ.

— كىلىپ ۋىلادىمىروۋىچ ئاغزىڭنى يۇم! — دېدى قىرغان ئۈستىدىكىلەر، — بىر تۇغقان قېرىنداشلىرىڭنىڭ قېنىنى ئىچكەن مەلئۇنسەن! ئۆز قېرىنداشلىرىڭنى ئالداپ ئايرىپ قىرىپ تاشلىغانىدىڭ، ئەمدى سەندىن بىزگە نېمە ۋاپا كېلەر. مۇناپىق ئەبلەخ!...

— خەپ يىگىتلىرىمىزنىڭ قولىغا چۈشەرسەن.

— ئاكا - ئۇكىلىرىڭغا خىيانەت قىلغانىدىڭ، ئەمدى ۋەتەننى ساتماقچى بولدۇڭمۇ ... سەن نىجىسنىڭ جەسىتىنى يەرمۇ ئۆز قوينىغا ئالمايدۇ. گۆرسىز قىلىپ ئىتلارغا يەم بولارسەن! — دەپ ۋارقىرىدى قىرغان ئۈستىدىكىلەر غەزەپ بىلەن.

شۇ ئارىدا قىرغان ئۈستىدىكىلەر، تۆۋەندىكىلەرگە ساداقتىن ئوت ياغدۇردى. بىرىنىڭ ئاتقان تېشى گىلىپكە تېگىپ ئۇنى يارىلاندۇردى. ئۇ دەرھال ئېتىنىڭ بېشىنى بۇراپ بەدەر تىكىۋەتتى.

تاڭ ئېتىشى بىلەن تاتارلار تاش ئاتىدىغان قوراللىرىنى شەھەر دەرۋازىسىنىڭ ئۇدۇلىدىكى يېقىن يەرگە ئەكىلىپ قويدى. ئۆزلىرىنى يوغان ياغاچ قالقانلارنىڭ دالدىسىغا ئېلىپ تۇرۇپ، شەھەرنى تاش بوران قىلىشقا باشلىدى. تاش ئاتىدىغان قورال بېشىغا تۆمۈر تۇتۇق كىيگۈزۈلگەن ئۇزۇن لىم ياغاچ بولۇپ، تۇتۇق ئىچىگە يوغان تاش سېلىناتتى. ئاندىن لىم ياغاچنى كەينىگە تارتىپ تۇرۇپ قويۇپ بەرگەندە، لىم ياغاچ ناھايىتى تېز سۈرئەت بىلەن گۈلدۈرلەپ ماڭاتتى. ئاندىن ھېلىقى يوغان تاش گۈلدۈرلەپ ئېتىلىپ چىقىپ شەھەر ئىچىگە چۈشەتتى. بۇنداق ھاۋادىن ئۇچۇپ كەلگەن ئېغىر تاش ئۆزىگە يولۇققان ھەرقانداق توسالغۇنى ۋەيران قىلىپ، كۇلىنى كۆككە سورۇيت-

تى... تاتار لەشكەرلىرى يېقىن ئەتراپتىكى ئۆرۈلگەن ئۆيلەر-
نىڭ دالدىسىدا رۇسلارنىڭ پىدائىلىرى دەرۋازىدىن چىقىپ ئۇش-
تۇمتۇت ھۇجۇم قىلىپ قالارمىكىن دەپ ماراپ تۇراتتى.

— كۈچۈڭلارنى ساقلاڭلار! دىنسىزلارنىڭ ھۇجۇمىنى غەي-
رەت بىلەن ياندۇرۇڭلار! لېكىن دەرۋازىدىن چىققۇچى بولماڭ-
لار. ئۇلار بىزنى ھىيلە بىلەن ئالدىماقچى! ياۋنىڭ ئالدام خال-
تىسىغا چۈشمەڭلار! — دېدى كوفا كۆپچىلىككە قاراپ.

## توققۇزىنچى باب

### كىمنىڭ خۇداسى كۈچلۈك

باتۇخان رەزانغا ھۇجۇم قىلىشىنىڭ ھارپا كېچىسىنى ھې-
لىقى چېركاۋدا ئۆتكۈزدى. پەرمانچىلار قوشۇنلارغا ئەڭ ئاخىرقى
بۇيرۇقلىرىنى يېزىۋاتاتتى. بۇ بۇيرۇقلاردا شەھەرگە بۇزۇپ
كىرمەي، ئارقىغا چېكىنگەنلەرگە ئەڭ ئېغىر جازا بېرىلىدۇ، دەپ
يېزىلغانىدى.

سۇبىتاي باھادىر قاپىقىنى تۈرۈپ، باتۇخاننىڭ يېنىدا
ئولتۇراتتى. ئۇ ھېچكىم بىلەن سۆزلەشمەيتتى. سورىغان سوئال-
لارغا بېشىنى لىڭشىتىپ ماقۇل بولىدىغانلىقىنى ياكى قولىنى
بىرلا سىلكىپ ماقۇل بولمايدىغانلىقىنى بىلدۈرەتتى.

خېلىدىن كېيىن ئۇ چىش يېرىپ سۆز قىلدى:

— بۈگۈن سەن جانابىي ئالىيلىرى ھۇجۇم قىلىشقا بۇي-
رۇق بېرىۋاتىسەن. ئاتقان ئوقنى ياندۇرۇپ بولماس. ئەتە بىر-
نەچچە مىڭ قازان ئېسىش توغرىسىدا بۇيرۇق بەرگىن. غەلىبە

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئۈچۈن تەنتەنىلىك توي ئۆتكۈزۈپ، مىڭلىغان مالنىڭ بېشىنى كېسىمىز. بۈگۈن كېچە ئۇخلاپ ئارام ئالايلى. قوشۇنلار ئۇرۇشقا تەييارلىق قىلسۇن، — دېدى.

باتۇخاننىڭ يېنىدا ئولتۇرغان خانلار خۇشامەت بىلەن:

— ئىلاھىم، قانلىق جەڭدىن كېيىن بولىدىغان سەلتەنەتلىك تويغا بىزنى داخىل قىلغايسەن! — دەپ دۇئا قىلىشتى.

— ئۇستازىم ھاجى رەھىمنى چاقىرىپ كېلىڭلار دېيۈدىمغۇ!؟ — دېدى بىر ئازدىن كېيىن باتۇخان.

— ئۇ چېدىرىڭىزنىڭ يېنىدا، مۇسۇلمانلارنى قوغداپ تۇرىدۇ.

— مۇسۇلمانلارنى قوغداش ئۇنىڭ ئىشى ئەمەس. مەن چاقىرغان ئىكەنمەن، ئۇ بۇ يەرگە كېلىشى كېرەك.

— جانابىي ئالىيلىرى ئۇ كىرىشنى رەت قىلىۋاتىدۇ.

باتۇخان ئورنىدىن تۇرۇپ تېز - تېز مېڭىپ چېركاۋدىن چىقىپ كەتتى. چېركاۋنىڭ ئىشىكى ئالدىدا كىيىملىرىنىڭ ئېتەك - يەڭلىرىگە قىممەت باھالىق تېرىلەردىن جىيەك تۇتقان، باشلىرىغا ئاق يىپەكتىن سەللە يۆگىگەن بىر توپ كىشى غۇجمەك بولۇپ تۇراتتى. بەزىلىرى بىر نەرسە دەۋاتاتتى ۋە بەزىلىرى ئايەت ئوقۇپ ئىمان ئېيتىۋاتاتتى. بۇلارنىڭ قېشىدا نېمە ئۈچۈندۇر قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ھاجى رەھىم تۇراتتى. ئۇنىڭ قولىدىكى ئالتۇن پەيزە ئاي يورۇقىدا يالتىرايتتى.

بۇلاردىن بىرنەچچە قەدەم نېرىدا بىر توپ مۇڭغۇل لەشكەرلىرى تۇراتتى. ئۇلار ھەربىر دېۋەيلىگەندە، مۇسۇلمانلار داد-پەرياد كۆتۈرەتتى. بۇ چاغدا ھاجى رەھىم قولىدىكى ئالتۇن پەيزىنى تېخىمۇ ئېگىز كۆتۈرەتتى.

يېنىدىكى ئىلماچ بىلەن بىرنەرسە دېيىشىپ كېلىۋاتقان باتۇخاننى كۆرۈپ، يوپۇرۇلۇپ كېلىۋاتقان مۇڭغۇللار دەررۇ كەي-

نىگە چېكىنىدى. لېكىن دەل قاراڭغۇلۇق ئىچىدىن قىلىچلىرىنى
يالىڭاچلاپ «غالىبلار» چىقىپ كەلدى - دە، ئۇلارنىڭ چېكىنىش
يولىنى توستى.

— ئېتى ئۆلۈپ چۆلدە قالغۇرلار، بېشىنى ھەرە چاققان
قاپاقباشلار! جاھانگىرنىڭ ئىشىكى ئالدىدا نېمە ئىش قىلىپ
يۈرۈشىسەن؟ قىل ئۇستىدە قالغان جېنىڭغا ئاگاھ بولۇش! —
دەپ ۋارقىراشقا باشلىدى تىلماچ موڭغۇللارغا قاراپ.

موڭغۇللار بىرىنىڭ سۆزىگە بىرى قۇلاق سالماي ۋارقى-
راشقا باشلىدى.

— بۇلارنى ئۆزىمىز تۇتقان، بۇلاردىن ئېلىنىدىغان ئولجا
بىزنىڭ بىرلۇشى كېرەك ... ئۇنى بىزدىن تارتىۋالماقچىمۇ؟
بۇلار سىرىدىگەرلەر ... بىز ئۇلارنى ئۆلتۈرۈپ، ئالتۇن
كۈمۈشىنى ئالماقچىمىز. ئۇلار رۇسلار بىلەن بىرگە يۈرۈپتۇ!
ئەھۋالدىن قارىغاندا رۇسلار بىلەن تىلى بىر ئوخشايدۇ. ماۋۇ
ساقاللىق مۇسۇلمان باخشىسى ئۆزىگە بېرىلگەن ئالتۇن پەيزىنى
كۆتۈرۈپ تۇرۇۋالغاچقا، بىز ئۇلارغا تېگىشكە جۈرئەت قىلالماي
توختاپ قالدۇق. ئەگەر ئۇ قولىنى تۆۋەنگە چۈشۈرىدىغانلا بول-
سا، بۇ سىدىگەرلەرنى جەھەننەمگە يوللاپ، ئولجىنى ئۆزىمىز
ئالاتتۇق ...

— ھازىر مېنىڭ بىر تەرەپ قىلىش بۇيرۇقۇمنى ئاڭلايسى-
لەر، ھەي مۇسۇلمانلار، سىلەر قايسى يۇرتتىن، قايسى مىللەت-
تىن بولىسىلەر؟ ئاتا - بوۋاڭلار كىم؟ ئىسمى - شەرىپىڭلار
نېمە؟ كىمدە ئىشىڭلار بار؟ تېز سۆزلەڭلار، — دېدى باتۇخان.

يۈكۈنۈپ ئولتۇرغان سودىگەرلەر دەرھال بېشىنى يەرگە
ئېگىپ تەزىم قىلدى. ئۇزۇن قارا ساقاللىق بىرى:

— بىز تۈرلۈك مەملىكەتلەردىن بولىمىز. بىراق دىنىمىز
بىر — ھەممىمىز مۇھەممەتنىڭ ئۈممەتلىرىمىز. سېنىڭ قوشۇ-

نىڭغا سودا ئىشى بىلەن كەلگەنىدۇق. بىزنىڭ ئالتۇن-كۈمۈش-
لىرىمىز جەمئىيەت ئىشلىرىدا زور پايدا كەلتۈرىدۇ. لەشكەرلەر-
دىن ھەر تۈرلۈك نەرسىلەرنى سېتىۋالىمىز. ئۇلارغا بولسا، يەل-
يېمىشلەرنى، پىستە-بادان، خورمىلارنى، قەلەمپۇر-مۇشلار-
نى، ھاراق-شاراپ، ئاشلىق قىسقىسى سېنىڭ ئەزىمەتلىرىڭگە
نېمە كېرەك بولسا شۇنى سېتىپ بېرىمىز، — دېدى.
باتۇخان ھاجى رەھىمنى كۆرسىتىپ:
— بۇ كىشىنى بۇرۇن تونۇيتتىڭلارمۇ؟ — دەپ سورىدى.
— ياق، بىز بۇ كىشىنى قولىدىكى ئالتۇن پەيزىنى كۆ-
رۈپ، ئاۋۇ ھومسىيىپ تۇرغان ياساۋۇللارنى توختاتقاندىن كې-
يىنلا كۆردۇق. بۇندىن بۇرۇن پەقەتلا كۆرۈپ باقمىغانىدۇق.
— سىلەر بۇنىڭغا بىر نەرسە بېرىش توغرىسىدا ۋەدە بەر-
گەنمۇ؟ ئەگەر جېنىمىزنى ھايات ساقلاپ قالساڭ، بىر نەرسە
بېرىمىز دېگەن بولغىيتتىڭلار؟
— بېرەيلى دېگىنىمىز راست، ھازىرمۇ ئۇنىڭغا كۆرسەت-
كەن شەپقىتىڭنى چوقۇم ياندۇرىمىز دېدۇق. بىراق ئۇ، دەرۋىش-
لەرگە مال-دۇنيانىڭ كېرىكى يوق، بىراۋغا قىلغان ياخشى-
لىقى ئۈچۈن ئۇلار ھەق تەلەپ قىلمايدۇ. ئالتۇن-كۈمۈش،
ئېسىل بۇيۇملاردىن يىرگىنىدۇ دەپ، بەرگەن ئالتۇنلىرىمىزنى
قوبۇل قىلمىدى.
— پەقەت سېنىڭ ئىسمىڭ يېزىلغان ئالتۇن پەيزىدىن
باشقا ھەرقانداق ئالتۇندىن بىزارمەن، — دېدى ھاجى رەھىم-
مۇ سۆزىگە ئارىلىشىپ.
— سودىگەرلەر! باتۇخان پۈتۈن دۇنيانى كېزىپ تالاي
مەملىكەت، تالاي يۇرتلارنى ئۆزىگە بويسۇندۇردى. ماڭا بوي-
سۇنمىغان مەۋجۇدات ئىچىدىن بۇرۇن ئۆلىدۇ، — دېدى. ئان-
دىن موڭغۇللارغا قاراپ، — ساڭا ئوخشاش تەرتىپ بوزغۇ-

چىلارنىڭ ئالىدىغان مۇكاپاتىنى بەلگىلىك. مېنىڭ غالىبىلىرىم
سىلەرنى ئوبدان مېھمان قىلسۇن ... — دېدى باتۇخان كەس-
كىن ھالدا.

مۇڭغۇللار خاننىڭ ئاخىرقى سۆزلىرىنى ئاڭلىغاندىن كې-
يىن، ئۆزلىرىنى يەرگە ئېتىپ، قارنى باغرىغا بېسىپ ئۆپتى.

— ئۇلۇغ جاھانگىر خاتالىقىمىزنى ئەپۇ قىلغاي-
سەن، — دېدى ئۇلار يىلىنىپ.

— سودىگەرلەر، سىلەر ھازىر سۇبىتاي باھادىرنىڭ ھو-
زۇرىغا بېرىڭلار! ئۇ سىلەرنىڭ ھەقىقىي سودىگەر ياكى ئەمەس-
لىكىڭلارنى ئايرىپ چىقىدۇ. سودىگەر بولۇپ ئايرىلغانلارنىڭ
ھەرقايسىغا ئالتۇن پەيزە بېرىدۇ. ئۇلارنىڭ مېنىڭ قوشۇنۇم
بىلەن بىرگە يۈرۈپ سودا ئىشلىرىنى قىلىشىغا رۇخسەت. يالغان-
چىلارنىڭ بوينى ئۈزۈلۈپ، گۆشى ئىتقا تاشلىنىدۇ. ئۆز قوشۇ-
نىڭلاردىن بۆلۈنۈپ، دالادا تىنەپ يۈرگەن سىلەر قايسى تۈمەندىن؟
نەگە كېتىۋاتىسىلەر؟ — دەپ ئۇ يەنە مۇڭغۇللارغا بۇرۇلدى.

— كۈيۈك خاننىڭ تۈمەنىدىن.

— مەنمۇ شۇنداقمىكىن، دەپ ئويلىغۇدىم. سىلەر ئۆزۈڭ-
لەر كىمنىڭ لەشكەرلىكىدە تۇرۇۋاتقىنىڭلارنى بىلەمسىلەر؟ كەل-
گۈسىدە كۈيۈكنىڭ ئوغلىنىڭ خاقان بولىدىغانلىقىنى بىلسەڭلار،
بۇنداق قىلمىغان بولاتتىڭلار. كۈيۈك خاننىڭ قول ئاستىدا
يۈرگىنىڭلار ئۈچۈن نېمىشقا پەخىرلەنمەيسىلەر؟ ياكى بۇ شە-
رەپ ھەرقايسىڭلارغا كىچىكلىك قىلىۋاتامدۇ؟ سىلەر ھازىرقىدەك
ئىشلىرىڭلار بىلەن كۈيۈك خاننىڭ نامىغا داغ تەگكۈزدۈڭلەر.
سۇبىتاي باھادىر، بۇ باشباشتاقلارنىڭ قايسى تۈمەندىن ئى-
كەنلىكىنى ئېنىقلاپ ئاندىن ھەرقايسىنىڭ ئوڭ قۇلۇقىنى
كەس. ئاندىن ئادەم ئەۋەتىپ كۈيۈك خاننىڭ لەشكەرلىرى تۇر-
غان يەرگە قايتۇرۇۋەت، — دېدى خان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

موڭغۇللار كىچەرىم سوراپ داد - پەرياد كۆتۈردى. باتۇخان ئۇلارنىڭ نالە - زارىغا قۇلاق سالماي، ھاجى رەھىمنىڭ يېڭىدىن تۇتۇپ چېركاۋغا يېتىلەپ كىرىپ كەتتى.

چېركاۋ ئىچىدە ھاڭغىرقاي ئۇچۇق تۇرغان پادىشاھ ئىشىكىنىڭ ① ئالدىغا چوڭ - چوڭ گىلەملەر سېلىنغان بولۇپ، گىلەم ئۈستىدە ھەر خىل جۇۋىلار تاشلىنىپ ياتاتتى. بۇلارنىڭ ئۈستىدە چازا قۇرۇپ باتۇخان ئولتۇرغانىدى. ھاجى رەھىم خاننىڭ قۇلىقىغا بىر نەرسە دەۋاتاتتى. بىراق خان ھاجى رەھىمنىڭ سۆزىگە ئارىلاپ باش لىڭشىتىپ قويۇپ، ئۆز خىيالى بىلەن ئىدى. دەرۋىش ئۈستىگە رۇسلارنىڭ تېرە جۇۋىسىنى، پۇتىغا يۇڭنى ئىچىگە قىلىپ ئېيىق تېرىسىدىن تىكىلگەن رۇس ئۆتۈكى كىيگەنىدى. بۇلار باتۇخاننىڭ دەرۋىشكە بەرگەن سوۋغىسى ئىدى.

ئۈستىگە ئېتىكى يەرگە تېگىدىغان ئۇزۇن قارا چاپان كىيگەن بىر پوپ قولى بىلەن مەيدىسىدىكى كۈمۈش كىرىستىنى تۇتقىنىچە چېركاۋ ئىچىدە ئۇياقتىن - بۇياققا مېڭىپ يۈرەتتى. ئۇ قايتا قايتا چوقۇنۇپ، ھەربىر ئىكونىنىڭ② يېنىغا مەخسۇس چىراغ ياقاتتى. چۈنكى ئىلماچ ئارقىلىق موڭغۇل پادىشاھى ئۇنىڭغا: «رۇس خۇدالىرىنىڭ ھەممىسىگە ھۆرمەت بىلدۈرمەكچىمەن، ئۇلار ماڭا كايىپ، قەھر - غەزىپىنى تۆكمىسۇن، بېشىمغا بالا - قازا ياغدۇرمىسۇن» دېگەنىدى.

ئاستا مېڭىپ يۈرگەن پوپ باتۇخانغا قاراپ قوياتتى. باتۇخان ئىلگىرىكىدەك ئۈنچىقماي ئولتۇراتتى. ھاجى رەھىم ئۇنىڭغا:

① پادىشاھ ئىشىكى — چېركاۋ مېھرابىنىڭ ئىشىكى.

② خرىستىئانلار چوقۇنىدىغان ئەۋلىيالارنىڭ سۈرەتلىرى.

— يەنە ئۆتۈنىمەن، يالۋۇرىمەن، مېنى قويۇپ بەر! دەريا بولۇپ ئېقىۋاتقان بۇ قانلارنى كۆرەرگە تاقىتىم يوق! گۇناھسىز شۇنچە كۆپ ئادەمنى نېمە ئۈچۈن قىرىسەن! ئەركىن تىنچ تۇرمۇش كەچۈرگەنلىكى ئۇلارنىڭ گۇناھىمۇ؟ ... دەيتتى.

— ئۇلارنىڭ قولىنى ھېچكىم باغلاپ قويمىدى. ئۆز ئەركىنلىكىنى كۈچ بىلەن قوغداپ قالىمەن دېسە، ئىختىيارى ئۆزلىرىدە. بىراق موڭغۇللار ئۇلارنىڭ ھەممىسىدىنمۇ كۈچلۈك. شۇڭا پۈتكۈل دۇنيا خاسىيەتلىك بوۋىمىزنىڭ ئەۋلادلىرىغا بويسۇنۇشى كېرەك.

— مېنىڭ ساڭا نېمە لازىمىم؟ مېنى قويۇۋەت.

— ياق، سېنى قويۇۋېتەلمەيمەن، سەن مەندىن ئايرىلىپ ھېچ يەرگە كەتمەيسەن. ئەتراپىمدا مېنى ئەگىشىپ يۈرگەنلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ ئېيتىدىغىنى مېنى كۆككە ئۇچۇرىدىغان ماختاش سۆزلىرى، كۆرىدىغىنىم ھۆرمەت ۋە خۇشامەت. ئۇلارنىڭ كۆپى ياسالمىلىق، كاززاپلىق قىلىدۇ. ياخشىچاق بولۇشتىن باشقىنى ئويلىمايدۇ. يۈز خاتىرە قىلماي، چىنلىقنى سۆزلەيدىغانلار پەقەت سۇبىتاي باھادىر، يۇلتۇز خېنىم ۋە سەن — ئۈچۈڭلارلا ... باشقىلارنىڭ ھەممىسى سېنىڭ توغرا، سەن ھەممىدىن ئەقىللىق، بۇ دۇنيادا سېنىڭدىن ئارتۇق ھېچكىم يوق، دەپ ماختاشتىن باشقىنى بىلمەيدۇ. شۇڭا يېنىمدا چىنلىقنى يوشۇرماي سۆزلەپ تۇرىدىغان ئادەم بولسىكەن، دەپ ئويلايمەن. ئەلۋەتتە سەن چىنلىقنى سۆزلىسەڭمۇ ئىككىمىز يالغۇز ئولتۇرغان چاغدىلا ئېيتىشىڭ لازىم. ئەگەر كۆپچىلىكنىڭ ئالدىدا مېنى قىيىن ھالەتتە قالدۇرساڭ بولمايدۇ. مۇبادا شۇنداق ھال روي بېرىپ قالسا، باشقىلارنىڭ ھەر دائىم مېنىڭ ئالدىمدا تىترەپ تۇرۇشى ئۈچۈن، شۇ جايدىلا سېنىڭ بېشىڭنى ئۇشتىسام بولىدۇ. بولمىسا سېنىڭ ئۇنداق سۆزلەشكە جۈرئەت قىلغانلىقىڭنى كۆرگەنلەر

www.uyghurkitap.com

كېيىن مېنىڭدىن تەپ تارتماس بولۇۋالدى.

— چىن سۆز ئېيتقان ئادەم ئۆز ئەجىلى بىلەن ئۆلمەيدۇ.

ئەلۋەتتە مەن بۇنى چۈشىنىمەن، — دېدى ھاجى رەھىم.

باتۇخان چىركاۋ ئىچىدە پۈتىنىڭ ئۇچىدا ئاۋايلاپ دەسسەپ يۈرگەن پوپقا بۇرۇلۇپ:

— ئىپارنىڭ پۇرىقى نەدىن كېلىۋاتىدۇ؟ — دەپ سورىدى.

— مۇقەددەس ئەۋلىيالارنىڭ سۈرىتىنىڭ ئالدىدا كادىلۇ① كۆيدۈرگەنىدىم، — دېدى.

«كادىلۇ» دېگەن نېمە ئۇ؟ قېنى كۆرسەتكىنە!

پوپ قولىدىكى كادىلۇنىڭ ئىچىدىكى ياغاچ چولچىسىغا ئىپار مايىنى چېچىپ ئاندىن كادىلۇنى ئىكونلارغا قاراپ سىلكىشكە باشلىدى. باتۇخان ئىنتايىن مەززە قىلىپ:

— ھا - ھا - ھا! نېمىدېگەن خۇش پۇراق - ھە! ماڭا سىلكىگىن! — دېدى.

پوپ قورقىنىدىن چوقۇنۇشقا باشلىدى. ئۇ:

— خۇدا ئۆزۈڭ مەغپىرەت قىلغايسەن! ... — دېدى - دە، باتۇخاننىڭ ئالدىغا كېلىپ كادىلۇنى سىلكىشكە باشلىدى.

— زادى كىمنىڭ خۇداسى كۈچلۈك؟ — دېدى باتۇخان، — رۇسلارنىڭكىمۇ ياكى موڭغۇللارنىڭكىمۇ؟

— خۇدا دېگەن بىر. ھەر خىل مىللەتنىڭ ھەر خىل خۇداسى بولمايدۇ.

— ياق، ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، ئۆزۈڭ ساناپباق! بۇ تاملارغا نەچچە خۇدا ئېسىلغان. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ياخشىلىرىمۇ ۋە يامانلىرىمۇ بار. ئەڭ كۈچلۈكى بىزنىڭ سولدى دېگەن

① كادىلۇ — ئىچىگە «لادان» دېگەن پۇراقلىق ماي قاچىلانغان تۆمۈر قوتا. چىركاۋدا بۇ مايىنى كۆيدۈرۈپ «جىن - شەيتانلار» نى قوغلايدۇ.

خۇدايىمىز! ئۇ سىرقۇشنىڭ خۇداسى. ئۇ بىزنى غەلىبىگە باشلايدۇ. بارلىق ئەللەرنى بىزگە بېرىسۇندۇرۇپ بېرىدۇ. موڭغۇللارنى پۈتۈن دۇنياغا ھۆكۈمران قىلىدۇ...

## ئونىنچى باب

## رەزاننىڭ ئاخىرقى كۈنلىرى

... رەزان شەھىرىنىڭ ئاھالىسى پۈتۈنلەي قىرىپ تاشلاندى. ئۇنىڭ بايلىقى ۋە مەمۇرچىلىقىدىن ھېچقانداق نىشان قالمىدى. يەر بىلەن يەكسان قىلىنغان شەھەر خارابىسى ئىس - تۈتەك ئىچىدە مۈگدىنىپ ياتاتتى.

(باتۇخاننىڭ تاجاۋۇزى ھەققىدە ھېكايىلەر. XIII ئەسىر)

تاڭ ئېتىشى بىلەن تاتارلار شوتىلارنى سۆرەپ، رەزان قورغىنىغا يېقىنلاشتى. شوتىلار ھەر تۈرلۈك بولۇپ بەزىلىرىنى قىسقا ياغاچلاردىن ئۇلاپ ياسىغان ۋە بەزىلىرىنى ئۇزۇن ياغاچقا بالداق ياغاچ مىخلاپ ياسىغانىدى.

شەھەر قورغىنىنىڭ ئاستىدا تاتارلارنىڭ ۋاڭ - چۇڭى، تۇتقۇنلارنىڭ نالە - پەريادلىرى، پالتىلارنىڭ تاقىلدىغان ئاۋازلىرى ۋە ھۇجۇمغا ئۆتۈشتىن ئىلگىرى تاتار لەشكەرلىرىنىڭ ھەيۋىسىنى كۆتۈرۈش ئۈچۈن چېلىنغان كانايلارنىڭ مۇڭلۇق كۈيى ئاڭلىنىپ، كىشى ئىلغا قىلغىلى بولمايدىغان بىر خىل شاۋقۇن كۆتۈرۈلگەنىدى.

www.uyghurkitap.com

شوتىلار قىرغاننىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا قويۇلۇشقا باشلىدى. بۇ ھۇجۇمچىلارغا چوڭ مەدەت بولدى.

موڭغۇللار قىرغانغا ئەڭ ئالدى بىلەن رۇس تۇتقۇنلىرىنى ھەيدىدى. ئىككىلىنىپ تۇرۇپ قالغانلارنى ئۇلار ئارقىدىن نەيزە سانجىپ، قامچا بىلەن ساۋاپ، قىلىچ بىلەن چاپتى. تۇتقۇنلار پۈتۈنلەي يېلىڭ - يالىڭاچ بولۇپ، نۇرغۇنىنىڭ ئۈستىدە كاناپ كۆڭلەكتىن باشقا نەرسە يوق ئىدى. ھەممىسى سوغۇقتىن لاغىلداپ تىترەپ تۇراتتى. ئۇلار مىڭ بىر مۇشەققەتتە شوتىغا يامىشىپ رەزان مۇھاپىزەتچىلىرىگە:

— قېرىنداشلار، بىزگە رەھىم قىلىڭلار! بىزنى بۇ خادىلاردىن ئۆتكۈزۈپ ئۆز سېپىڭلارغا قوشۇۋېلىڭلار، سىلەر بىلەن بىرلىكتە تاتارلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىمىز... ئامالىمىز يوق، كەينىمىزدىن نەيزىنىڭ تىغىنى سانجىپ تۇرۇۋاتىدۇ... — دەپ يالۋۇرۇشتى.

— ئارقىڭلارغا بۇرۇلۇڭلار! توخۇ يۈرەك قورقۇنچاقلار! تاتارلارنىڭ قولىدىكى قىلىچنى تارتىۋېلىپ، ئۆزلىرىنى قىرىڭلار، شوتىلارنىڭ ھەممىسىنى بۇزۇڭلار! — دەپ ۋارقىراشتى يۇقىرىدىكىلەر.

بەزى تۇتقۇنلار، ئۆز قېرىنداشلىرى — رەزانلىقلار بىلەن سوقۇشقۇسى كەلمەي شوتىدىن بىرئاز كۆتۈرۈلگەندىن كېيىن، تۆۋەنگە سەكرەپ چۈشۈپ تاتارلار بىلەن ئېلىشىپ قۇربان بولدى.

ساۋېلى قولىدىكى ئۇزۇن ساپلىق ئاي پالتىسىنى تۇتۇپ شوتا بىلەن يۇقىرىغا ئۆرلەپ چىقىۋاتقان ئادەم بولسا، ئۇجۇقتۇرۇش ئۈچۈن پەملەپ تۇراتتى. بىر چاغدا ئۇنىڭ ئالدىدا ئۈچ شوتىنىڭ بېشى كۆرۈندى. ئارقىدىنلا بىرنەچچە ئادەم تېز ئۆملەپ يۇقىرىغا چىقىشقا باشلىدى. ئۇلارنىڭ رۇس ياكى تا-

تارلىقنى پەرق ئەتكىلى بولمايتتى. ئۈستىبېشى جۇل-جۇل، قولىدا بىردىن توقماق بار بولۇپ، خۇددى بىلمەي ۋارقىراپ - جارقىراپ يۇقىرىغا ئۆرلىمەكتە ئىدى.

— سىلەر كىم؟ ... ئۆزمۇ ياكى ئۆزگىمۇ؟ — دەپ ۋارقىرىدى ساۋىلى ئۇلارغا.

ئالدىدا چىقىۋاتقىنى جاۋاب بەرمىدى. ئۇ قولىدىكى توقماقنى كۆتۈرۈپ ۋارقىراپ ساۋىلىنى ئۇرۇشقا تەمشەلگەنىدى، بىراق ساۋىلى ئۇنىڭدىن بۇرۇن قىل سالدى. ئايپالتا تېگىشى بىلەن ئۇنىڭ قولىدىكى توقماق چۈشۈپ، ئۆزى چالمىدەك دومىلاپ تۆۋەنگە قاراپ ئۇلىدى.

ئۇنىڭ كەينىدىن كېلىۋاتقان بىرى:

— دىكارۇس قۇدا! تەگمە ... مەن ۋاۋىلا! كەينىمدە زۇياگا ... — دەپ ۋارقىرىدى.

ۋاۋىلانىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغان ساۋىلىنىڭ قولىدىكى پالتىسى هاۋادا توختاپ قالدى. ئۇڭغىچە دېھقانلار ئىرەن ياغاچلىرىدىن ياسالغان قىرغاننى ئاتلاپ ئىچىگە چۈشتى. ئۇلارنىڭ كەينىدىن بىر تاتار يىگىتى ئەگىز قىلىچىنى يالتىرلىتىپ تېز ئۆمىلەپ كۆتۈرۈلۈۋاتاتتى. كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە ئۇنىڭ بېشى ئىككى پارچە بولۇپ، گەۋدىسى تۆۋەنگە قاراپ ئۇچۇپ كەتتى. قېلىن ئورماندىكى ئەسىرلەر بويى ئۆسۈپ كېتىۋاتقان يوغان قارىغايلارنى پالتا بىلەن ئۇرۇپ ئۆگەنگەن ساۋىلى، يۇقىرىغا چىقىشقا ئۇرۇنۇپ ئۆمىلەپ كېلىۋاتقان دۈشمەنلەرنى بار كۈچى بىلەن ياغاچنى چاپقاندەك چېپىپ، بىرىنىڭ كەينىدىن بىرىنى تۆۋەنگە قارىتىپ موللاق ئاتقۇزدى.

زۇياگا بىلەن ۋاۋىلا ساۋىلىنىڭ يېنىغا كېلىپ تۇرۇپ، شوتىغا يامىشىپ يۇقىرىغا چىقىۋاتقان دۈشمەنلەرنى چوقماق بىلەن ئۇرۇپ دومىلاتتى. قورغان ئۈستىدىكى باشقا رەزانلىقلارمۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

پىداكارلىق بىلەن ئېلىشىپ دۈشمەننىڭ ھۇجۇمىنى قايتۇرۇپ تۇردى.

قوشۇنلارغا ئاياللارمۇ زور مەدەت بولدى. ئۇلار بېسىپ كېلىۋاتقان دۈشمەن ئۈستىگە قايناقسۇ، تاش، مۇز پارچىلىرىنى ياغدۇرۇپ بېشىنى كۆتۈرگۈزمىدى.

چۈشكە يېقىن دۈشمەننىڭ ھۇجۇمى چېكىندۈرۈلدى. تاتارلار ئۆز بارگاھلىرىغا قايتتى. قورغان ئاستىدا يارىلانغان كىشىلەرنىڭ ئىڭرىغان ئاۋازلىرى، نالە - پەريادلىرى كۆككە كۆتۈرۈلدى. تاتارلار ئارىلاپ يۈرۈپ ئۆز ئادەملىرىنى ئېلىپ كەتتى. رۇسلارنى بولسا دەسسەپ - چەيلەپ ۋە بەزىلىرىنى ۋەھشىيلەرچە ئۆلتۈرۈپ كېتىپ قالدى.

ھۇجۇم بەش كېچە - كۈندۈز داۋام قىلدى. ياۋ شىددەت بىلەن ھۇجۇم قىلغان بولسىمۇ، لېكىن رەزانلىقلار بەرداشلىق بېرىپ بىر قەدەممۇ چېكىنمىدى. بىراق قوشۇنلار بارغانسېرى ئازلاپ ئاجىزلاشقا باشلىدى. قازا بولغانلارنىڭ ئورنىنى بېسىپ چىقىدىغان ئەزىمەتلەر يوق ئىدى. ئوق تەگكەن ياكى قازاندەك قازاندەك تاشلارنىڭ ئاستىدا يانجىلىپ ياتقان ئەرلەرنىڭ ئورنىنى ئاياللار ئىگىلىدى. بىراق تاتارلا ھۇجۇمنى بىر ئازمۇ توختاتمىدى. ئۇلار قورغانغا كەينى - كەينىدىن قوشۇن يۆتكەپ ئۈزلۈكسىز ھۇجۇم قىلاتتى. تاتار لەشكەرلىرى مول بايلىققا تېز ئىگە بولۇش ئۈچۈن، قورغان مۇداپىئەچىلىرىنىڭ ئۈستىگە تەلۋىلەرچە تاشلىناتتى. چۈنكى قورغانغا بالدۇر كىرگەنلەرگە شەھەرنى خالىغانچە تالاش رۇخسەت قىلىناتتى.

ساۋېلى، زۋياكا، ۋاۋىلا ئۈچى مۇرىنى - مۇرىگە تىرەپ جەڭ قىلدى. ھۇجۇم پەسىيىپ قالغان پەيتلەردە ئۇلار ئورنىدىلا يېتىپ كۆزىنى بىردەملىك يۇمۇۋالاتتى.

نىس ئاتقۇچى قورالالارنىڭ كەينىدىن دەرۋازا ئالدىغا ئىككى دانە قورغان بۇزغۇچنى سۆرەپ كەلدى. قورغان بۇزغۇچى دېگىنىمىز تۆمۈر باشلىق چوڭ لىم ياغاچ ئىدى. موڭغۇل لەشكەرلىرى بىلەن ئوتقۇنلار بولغار قالقانلىرىنى دالدا قىلىپ، بۇ ئېغىر لىملارنى كۆتۈرۈپ ئۇنىڭ تۆمۈر بېشىنى ئىنتايىن زور زەربە بىلەن شەھەر دەرۋازىسىغا ئارقا - ئارقىدىن ئۇرۇشقا باشلىدى. دەرۋازىنىڭ قېلىن دۇپ تاختايلىرى بۇنداق زەربىگە بەرداشلىق بېرەلمەي، قارسىلداپ سۇندى. قورغان ئۈستىدىكى ھىمايىچىلار ھۇجۇم قىلغۇچىلارنىڭ ئۈستىگە قايناقسۇ، ئېرىتىلگەن مۇم قۇيۇپ، تاش ئېتىپ، ئوق ياغدۇردى.

قورغان بۇزغۇچى قورالالار ئىنتايىن چوڭ كۈچ بىلەن دەرۋازىغا قايتا - قايتا ئۇرۇلغاچقا، دەرۋازا ئاخىرى ئىككى پارچە بولۇپ سۇندى.

بۇنى كۆرگەن تاتارلار خۇشاللىقىدىن يەر جاھانغا سىغماي ۋارقىرىشىپ، خۇددى كەلكۈن سۇدەك شەھەرگە قاراپ ئېتىلدى. كەلكۈن دەرۋازا ئالدىدا بىرئاز توختاپ تار قىستاڭدىن شىددەت بىلەن ئۆتۈپ، شەھەر ئىچىگە قاراپ ئاقتى. لېكىن ئۇلار ئالدىراپ خۇشال بولۇشقانىدى. شەھەر ئىچىگە كىرىپلا ئويلىمىغان يەردىن بىر قېلىن تاش قورغانغا بېرىپ تاقىلىپ قالدى. بۇ قورغان شەھەرگە كىرىدىغان يولنى توغرا توراپ تۇراتتى. بۇ قورغان دۈشمەن شىددەت بىلەن ھۇجۇم قىلىۋاتقان شۇ كۈنلەردە رەزان ئاياللىرى تەرىپىدىن سېلىنغان بولۇپ، ئۇلارغا بالىلارمۇ ئىنتايىن كۆپ ياردەم قىلغانىدى.

تاتارلار شىددەت بىلەن ھۇجۇم قىلىپ بارغانسېرى غالجىرلاشتى. ئۇلار يەنە نۇرغۇن شوتىلارنى ئېلىپ كېلىپ چاققان لەشكەرلەرنى كەينى - كەينىدىن ھۇجۇمغا ئۆتكۈزدى. ئۇلار رەزانلىقلارنىڭ مۇستەھكەم مۇداپىئەسىنى بۇزۇش ئۈچۈن جان تالىشاتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

شەھەر ھىمايىچىلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئاجىزلاشقانلىقىنى كۆرۈپ، ئەمدى ئاخىرقى مىنۇتلارنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى ھېس قىلىشتى.

12- ئاينىڭ 20 - كۈنى رەزان كىنەزىنىڭ تۇل ئايالى، ئاگرىپپىنا خېنىم، ئۇنىڭ كېلىنلىرى ۋە كۆڭلى يېقىن بويارلارنىڭ ئاياللىرى بولۇپ ھەممىسى شەھەر مەركىزىدىكى چېركاۋنىڭ ئىچىگە يىغىلدى. ئۇلار ئەجەلنى مۇشۇ يەردە قارشى ئالماقچى بولۇشتى. رەزاننىڭ نۇرغۇن ئاياللىرى ئۇلار بىلەن بىرگە بولدى. يېپىسكوپ بىلەن پوپلار دۇئا - تەكبىر ئوقۇپ: «دۇنيادا ئازاب بىلەن جان تەسلىم قىلغانلار، ئۇ دۇنيادا ئىمانلىق بولىدۇ. بەھىشتىن ئورۇن ئېلىپ ھۆرلەر كەبى ياشايدۇ» دېدى.

ئەمما قىڭغۇراقچى چوڭ قوڭغۇراقنى توختىماي چالاتتى. قوڭغۇراق ئاۋازى ئۇرۇشنىڭ ھازىرمۇ داۋام قىلىۋاتقانلىقىنى، رەزاننىڭ ياۋغا تېخى تەسلىم بولمىغانلىقىنى جاكالاۋاتقاندەك شەھەر ئۈستىدە گۈمبۈرلەپ ئۇزاق - ئۇزاقلارغا قاراپ كېتەتتى.

ھۇجۇمنىڭ ئالتىنچى كۈنى يەنى 12- ئاينىڭ 21 - كۈنى، تاتارلار قوللىرىغا مەشئەللەرنى تۇتۇپ، تەرەپ - تەرەپتىن شوتىلار ئارقىلىق قورغان ئۈستىگە يامىشىشقا باشلىدى. ھېسابسىز نۇرغۇن لەشكەر كەينى - كەينىدىن قورغان ئۈستىگە دەۋرەپ چىقتى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئەگرى قىلىچلىرىنى ئوينىتىپ، بەزىلىرى ساداقلىرىدىن ئوق ئۈزۈپ شەھەر ھىمايىچىلىرىنى قىرىشقا باشلىدى.

ئاخىرى تاتارلار شەھەر ئىچىگە بۆسۈپ كىرىشكە مۇۋەپپەق بولدى. كوچا - كوچىلاردا ئۇلارنىڭ خۇشاللىق بىلەن ۋارقىرىغان ئاۋازلىرى ئاڭلىنىشقا باشلىدى. ئۇلار كوچىلاردا ئۇچقاندەك چاپاتتى. ئۇدۇل كەلگەن ئۆيلەرگە بېسىپ كىرىپ كۆزىگە كۆرۈنگەن ئادەمنى ئۆلتۈرەتتى.

ئۇلار چىركاۋنىڭ ئىشىكىنى بۇزۇپ كىرىپ، ئىچىدىكى ئاياللار بىلەن پوپلارنى تامام قىلىچتىن ئۆتكۈزۈپ، چىركاۋغا ئوت قويۇۋەتتى. ئاياللارنىڭ قۇچىقىدىكى نارسىدە باللارنى ئېلىپ يالقۇنجاپ يېنىۋاتقان ئوت ئىچىگە تاشلىدى. يۇرتنىڭ ئالدىدا ئۆزلىرىنى زورلاپ نومۇسىغا تەگدى. نەپسىنى قاندۇرغاندىن كېيىن، خەنجەرنى قىنىدىن چىقىرىپ، قورسىقىنى يېرىپ ئىككى پارچە قىلىۋەتتى.

كەچكە يېقىن رەزاندا تىرىك جان قالمىدى. شۇ چاغدا ياشىغان تارىخچىلار بۇ توغرىسىدا مۇنداق سەھىپىلەرنى يازغانىدى:

«قازا تاپقان ئاتا - ئانىلار ئۈچۈن ھازا بىلدۈرۈپ يىغلايدىغان بالا، باللار ئۈچۈن كۆز يېشى قىلىدىغان نە ئاتا-ئانا، تۇغقانلار ئۈچۈن قايغۇرىدىغان ئۇرۇق - تۇغقان قالمىغان. خەلقنىڭ ھەممىسى پۈتۈنلەي قىرىلىپ تۈگىگەنىدى».

ھۇجۇمنىڭ ئالتىنچى كۈنى جەڭ تازا ئەۋجىگە چىققان پەيتتە، ساۋىلىغا قاراپ سەككىز شوتا يېقىنلاپ كەلمەكتە ئىدى. ئۇ شوتىلارنىڭ قويۇلۇشىنى كۈتۈپ، ھۇجۇمغا تەييارلىنىپ تۇرغان بىر توپ تاتارلارنىمۇ كۆردى. ساۋىلى چوڭ - چوڭ تاشلارنى تۆۋەنگە دومىلىتىپ، يۇقىرىغا ئۆمىلەپ چىقىۋاتقانلارنى تۆۋەنگە دومىلاتتى. لېكىن ئوڭ - سول تەرىپىدىمۇ يەنە بىرنەچچە شوتا پەيدا بولدى. ئۇزۇن ئۆتمەيلا تاتارلار قورغاننىڭ ئۈستىگە چىقىپ، ئىچىگە قاراپ سەكرەپ چۈشۈشكە باشلىدى. ئەمدىلىكتە ئۇلار ساۋىلىغىمۇ پەرۋا قىلماي، بىر - بىرىدىن ئۆتۈپ كېتىشكە تىرىشىپ، كىنەزلەرنىڭ ئۆي، ئامبار، مال قورۇلىرى تەرەپلەرگە قاراپ يۈگۈرۈيتتى.

ساۋىلى تاتارلاردىن قاچقان توپنىڭ ئىچىگە كىرىپ، شۇلارنىڭ ئېقىمى بىلەن بىرئاز يەرگە باردى. كىشىلەر تاتارلار بىلەن ئېتىشىپ يۈرۈپ، قورغاننىڭ دەريا بىلەن تۇتاشىدىغان يېرىگە قاراپ سىلجىدى. رەزانلىقلار قورغان بېشىغا ئۆمىلەپ چىقىپ، قورغاننىڭ ئۈستىدىكى مۇزدىن تېيىلىپ، مۇزى چۈشۈپ كەت-

كەن دەرياغا يىراقلا چۈشتى. كۆچىي بارلىرى دەريادىن ئۈزۈپ ئۆتۈپ قارشى قىرغاققا چىقتى ـ دە، قېلىن ئورمان ئىچىگە كىرىپ كەتتى.

تاتارلار شەھەرنى بۇلاشقا ئالدىراپ: «يىراققا كېتەلمەيدۇ، بەرىبىر قولغا چۈشىدۇ» دەپ قاچقانلارنىڭ كەينىدىن قوغلىمىدى.

ئامان قالغان ئىنتايىن ئاز كىشىلەرنىڭ ئىچىدە ساۋېلىمۇ بار ئىدى. ئۇ، سۇنىڭ زەھەردەك سوغۇقىغا قارىماي، ئوكا دەرياسىغا ئۆزىنى ئاتتى. ئۇ بېلىگە پالتىسىنى قىستۇرۇپ دەريانىڭ ئۇ قېتىغا ئۆتتى ـ دە، يەنە توختاپ، رەزانغا ئاخىرقى قېتىم قارىدى.

لاۋۇلداپ يانغان ئوتنىڭ، كۆتۈرۈلۈپ چىقىۋاتقان ئىسنىڭ ئارىسىدىن چېركاۋنىڭ گۈمبەزلىرى، مۇنارلىرى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ساۋېلى غالىب دۈشمەننىڭ قىنىغا سىغماي ۋارقىراپ ـ جارقىراپ جاھاننى بېشىغا كىيىگەن غەۋغاسىنىڭ ئىچىدىن ئەما قوڭغۇراقچى چېلىۋاتقان قوڭغۇراقنىڭ يەككە ـ يېگانە مۇڭلۇق ساداسىنى ئاڭلىدى.

قوڭغۇراقچى چال ئەسەبىي تاتارلاردىن بىرى كېلىپ ئۆزىنى جايلىۋەتكۈچە قوڭغۇراق چېلىپ، رۇسلارنى ۋەتەننى قوغداشقا چاقىرماقتا ئىدى.

## ئون بىرىنچى باب

## خوشلىشىش

ھۇجۇم تۈگىدى. يانغىن ئۆچۈشكە باشلىدى. يەر بىلەن يەكسان قىلىنغان رەزان كېچىچە ياققان قاردىن ئاق لىباس ياساپ، خۇددى پۈتۈن بەدىنى قىيما ـ چىيما قىلىپ ئۆلتۈرۈل

گەن ئادەمنىڭ ئۈستىگە ئاق كېپەن يېپىپ قويغاندەك سۇنايلىنىپ ياتاتتى.

باتۇخاننىڭ بويسۇندۇرۇلغان پايتەخت شەھىرىنى ئايلىنىپ چىققۇسى كەلدى. چاپارمەنلەر «غالىبلار»نىڭ يېقىن ئەتراپتىكى قوشۇنلىرىغا، ئەتە كۈن بىلەن تەڭ رەزان دەرۋازىسىنىڭ ئالدىغا يىغىلىڭلار، دەپ ئۇقتۇرۇش قىلدى.

تاتار قوشۇنلىرى مۇز توڭلىغان ئوكا دەرياسىنىڭ يىلان ئىزىدەك قىرغىقىنى بويلاپ تىزىلىپ تالاي يەرلەرگىچە سوزۇلدى. يۈزلۈكلەر ئوندىن بولۇپ تىزىلدى. ھەر ئەللىك لەشكەرنىڭ ئالدىدا قولىدىكى نەيزىسىنىڭ ئۇچىغا ئالا لاتا باغلىغان بىر نۆۋكەر سالتاڭ ئاتقا مىنىپ تۇراتتى. ھەربىر يۈزلۈكنى يۈزبېشى باشقۇراتتى. ئۇ قول ئاستىدىكى يۈز لەشكەرنىڭ تولۇق خوجايىنى ئىدى. ئۇلارنىڭ كەينىدىلا بىر جۈپ ناغرا تۇتقان ناغرىچى، بويىنىغا سۇناي ئاسقان سۇنايچى ۋە دۈگىلەك مىس چاڭ تۇتقان لەشكەر قاققان قوزۇقتەك قېتىپ تۇراتتى.

لەشكەرلەرنىڭ خېلىلا ئازلاپ قالغانلىقى مەلۇم بولدى. ئۇرغۇن ئۇنلۇقلارنىڭ بەزىلىرىدىن بىر ۋە بەزىلىرىدىن ئۈچ - تۆتتىن ئادىمى چىقىم بولغانىدى. ئامان قالغانلارنىڭ ئىچىدىنمۇ خېلىسىنىڭ بەدىنىگە رۇس قىلىچى بىلەن ساداق ئوقلىرىنىڭ تامغىسى چۈشكەنىدى.

شەھەر ئەتراپىدا، شەھەر ئەتراپىدىكى دۆڭلۈكتە، يول ئۈستىلىرىدە ئۆلۈكلەر ئۈستى - ئۈستىگە مىنگىشىپ ياتاتتى. ئۈستىنى نېپىز قار باسقان يالىڭاچ ئادەم جەسەتلىرى تەرتىپسىز تاشلىنىپ ياتاتتى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى يىلاندەك تۈگۈلۈۋالغان، بەزىلىرى پۇت - قولىنى كېرىپ دارىيىپ ياتقان، بەزىلىرى بولسا، بېشىنى بىر چوڭقۇرغا تىقىۋالغانىدى.

قېلىن كۆلتۈك قاردىن ئادەمنىڭ كۆپتەك ئىششىپ كەتكەن

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

پۇتلىرى چىمىقىپ تۇراتتى. جەسەتلەرنىڭ ئۈستىگە قونغان قاغا ـ قۇزغۇنلار ئۇلارنى ھوزۇرلۇق بىلەن ئاندا ـ ساندا بىر چوقۇپ ئەتراپىغا قاراپ قوياتتى.

مىڭ «غالىب» ئۆزىنىڭ ئورنىغا كېلىپ تىزىلىپ بولغانىدى. ئۇلارنىڭ ئاستىدىكى ئاتلىرى يەر تېپىپ، ئېغىز دۇرۇقىنى چايناپ تىنىچ تۇرمايتتى. يىراقتىن لەشكەرلەرنىڭ چالغان سۇنايى ئاۋازى ئاڭلاندى. باشقا سۇنايچىلارمۇ دوست تارتىشتى: بىر چاغدا بىرىنچى يۈزلۈكنىڭ يۈزبېشى يۇقىرى ئاۋاز بىلەن:

— ئەمرىڭ قۇللۇق! — دەپ ۋارقىرىدى.

يۈزبېشى بىلەن ئونبېشىلىرى قوشۇلۇپ:

— ئەمرىڭ قۇللۇق! — دەپ ۋارقىراشتى. جەڭچىلەر ئېگەردە راۋۇرۇس ئولتۇرۇپ، ئاتلىرىنىڭ تىزگىنىنى يىغىپ، ھۆرمەت بىلەن قېتىپ تۇردى. پۈتۈن قوشۇن تىمتاسلىققا چۆمدى.

بۇ چاغدا شەھەرنىڭ ئوتتىن ئامان قالغان چىركاۋ تەرەپتىن بىر توپ سالتاڭ ئاتلىق لەشكەرلەر چىقىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ ئالدىدا ئۈچ كىشى ئېتىنى چاپتۇرۇپ كېلەتتى. ئوتتۇرىدىكىسىنىڭ قولىدىكى تۇققۇز قۇيرۇقلۇق بەش بۇرجەكلىك ئاق تۇغنىڭ تۇققۇز قۇيرۇقى ھاۋادا يەلپۈنەتتى. تۇغ دەستىنىڭ ئۇچىغا چىڭگىزخانىنىڭ چىرەن ئېتىنىڭ قۇيرۇقى باغلانغانىدى. تۇغنىڭ يۈزىگە ئالتۇن ئوقالىق يىپ بىلەن قاغىنى ئېلىپ ئۇچۇپ كېتىۋاتقان بۈركۈتنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەنىدى.

بۇلارنىڭ كەينىدىن يەنە بىر سالتاڭ ئاتلىق ئادەم كېلىۋاتاتتى. بۇ نەيزىسىنىڭ ئۇچىغا رەزان قوماندانى ۋادىم دانىلىچ كوفانىڭ بېشىنى سانجىۋالغانىدى. بۇ ئەزىمەتنىڭ كۆزى يۇمۇلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ چىرايىدىن جاسارەت

ۋە ۋەزمىنلىك چىقىپ تۇراتتى. ئىزغىرىن شاماللار ئۇنىڭ ئاپئاق ساقلىنى، كۆمۈشتەك چاچلىرىنى يەلپۈپ ئەركىلىتەتتى.

ئۇنىڭ كەينىدىن ئۈستىگە ئاق چەكمەن چاپان، پۇتىغا ئاق بۇلغار ئۆتۈك، بېشىغا شامانلارنىڭ ئېگىز كۆلاسىنى كىيـگەن ئىككى كىشى، قارا كۆزلىرى ئوتتەك يانغان ئاجايىپ بىر گۈزەل ئاق بوز ئايغىرنى يېتىلەپ كېلىۋاتاتتى. ئات بويىنىنى ئاق قۇدەك ئېگىپ، تۇياقلىرى بىلەن يەرنى چاپچىپ، قولدىن چىقىپ كېتىش ئۈچۈن، تىرىشىپ تىزگىنىنى سىيرىپ ئويناقلاپ كېلەتتى. ئۈستىگە ئالتۇن ييپ بىلەن كەشتىلەنگەن قىزىل مەخمەل يوپۇق يېپىلغان سۈرەتتەك چىرايلىق بۇ ئاتنىڭ ئاپئاق تۈكلىرى تاڭ قۇياشىنىڭ نۇرىدا جۇلالىنىپ، كۆمۈشتەك پارقىرايتتى.

مۇڭغۇللار ئاق بوز ئاتقا ئىللىق چىراي بىلەن تەلپۈنۈپ قارايتتى. ئۇلارنىڭ قەلبىگە: بۇ ئاق بوز ئاتنىڭ ئۈستىدە ئىنسانلارغا كۆرۈنمەيدىغان، مۇڭغۇللار جېنىدىن ئەزىز كۆرىدىـغان، ئۇلارنى غەلىبىدىن - غەلىبىگە باشلايدىغان ئۇرۇش خۇداسى سۇلدى ئولتۇرىدۇ، دېگەن ئەقىدە ئورنىلاپ كەتكەنىدى.

— باتۇخاننىڭ مىجەزى چۇس، دېگىنىنى قىلىدۇ، — دېدى مۇڭغۇللار ئۆزئارا پىچىرلىشىپ، — بۈگۈن ئۇ ئاق بوز ئاتنى سۇلدىغا بېغىشلىدى، بىراق ئەتىلا ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ مىنگىسى كەلسە مىنىۋېرىدۇ. ئۇ بۈگۈن رۇسلاردىن ئالغان قارا ئاتنى مىنىپ يۈرىدۇ. ئەتە ئۇ ئىپتىدائىي ئورمانلاردىكى سېرىق ئىيىققىمۇ مىنىشى مۇمكىن...

باتۇخاننىڭ مىنگىنى ئالا ئايىغ، قارا قاشقا ئارغىماق ئىدى.

جاھانگىر ئۈستىگە كۆزنى قاماشتۇرۇپ تۇرىدىغان

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ساۋۇت. بېشىغا بىر تۇتام ئۇككە قادالغان ئالتۇن دۇبۇلغا كىيگەنىدى. ئاتنىڭ ئېگەر توقۇمى ئالتۇن - كۈمۈش بىلەن بېزەلگەن ھەتتا بولغار توقۇمىنىڭ چۆرىسىگىمۇ ئالتۇندىن جىيەك تۇتۇلغان. بولارنىڭ ھەممىسى رۇس ئۇستىلىرىنىڭ چېۋەر قولىدىن چىققانىدى. ئاتنىڭ يال - قۇيرۇقلىرىنى ئۆرۈپ، ئۇككە تاقاپ، ئۈستىگە ئېسىل يوپۇق ياپقىنىمۇ رۇس كېنىزەكلىرىنىڭ ئادىتىگە ئوخشمايتتى.

جاھانگىرنىڭ كەينىدىن كېيىكتەك شوخ ئارغىماقلارغا مىنگەن خانلار كېلەتتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە سۇبىتاي باھادىر ئالاھىدە كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ مىنگىنى توغۇرلۇق كەلگەن تەڭگە چىپار يورغا بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىدىكى باھادىرنىڭ بەستى يوغان، بېلى مۈكچەيگەن، سۆڭىكى قوپال ئىدى. ئۇنىڭ ئېتىنىڭ ئېگەر - جابدۇقلىرى ئادەتتىكى تامدىن قىلىنغانىدى.

باتۇخان رەت - رەت بولۇپ سەپكە تىزىلغان لەشكەرلەرنى ئارىلاپ چىقتى. خاننى كۆرگەندە موڭغۇللار بىلەن تاتارلار: «ئۇررا كاخ①» دەپ شوئار توۋلاشتى. قىپچاقلارمۇ ئۇلارغا قوشۇلۇپ «ياشىسۇن! ياشىسۇن!» دەپ ۋارقىراشتى.

جاھانگىر كەينىگە قايتتى. «غالىبلار» دىن يۈز ئادەم بۆلۈنۈپ ئۇنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ ماڭدى. باتۇخان كەينىدىكى نەۋكەرلەر بىلەن مۇزى ئويۇلۇپ كەتكەن، يەرلىرى قارىيىپ تۇرغان، ئەتراپىنى جەسەتلەر قاپلىغان دەريادىن ئۆتۈپ ئۇ قاتقا چىقتى.

شەھەر دەرۋازىسىنىڭ ئالدى ئاللىقاچان تازىلىنىپ قويۇلغان بولۇپ، قىرغان تۇۋىدە تۇتقۇنلار ئىشلىمەكتە ئىدى.

① ئۇررا كاخ — موڭغۇللارنىڭ شوئارى «ئالغا» دېگەن مەنىدە.

ئۇلارنىڭ ئەتراپىدا ئەگرى قىلىچلىرىنى ئوڭ مۈرىسىگە قويغان موڭغۇل ياساۋۇللىرى نازارەت قىلاتتى.

شەھەر پۈتۈنلەي خاراب قىلىنغان، ياغاچ ئۆيلەر تامام كۆيگەن بولۇپ، جەسەتنىڭ قاڭسىق پۇرىقى كىشىنىڭ كۆڭلىنى ئاينىتاتتى. كۆيۈۋاتقان ياغاچلار ئارىسىدىن قاپقارا ئەگىز سۈيى ئېقىپ تۇراتتى.

باتۇخان ۋەيران قىلىنغان باش چېركاۋنىڭ قېشىغا كەلدى-دە، تاش سۇپىنىڭ ئۈستىگە چىقتى. بۇرۇن بۇ يەرگە چېركاۋغا چوقۇنۇش ئۈچۈن كېلىدىغان كىشىلەر يىغىلاتتى. يانغىن ئىچىدە قېلىپ قارىيىپ كەتكەن چوڭ جەز قوڭغۇراق قار ئۈستىدە يېنىچە ياتاتتى. ئۇنى ئاسقان ياغاچ جازا ئاللىقاچان كۆيۈپ ئۆرۈلۈپ چۈشكەنىدى.

سۇپا ئۈستىگە چىققان موڭغۇل ھۆكۈمرانى كىشىنى سەسكەندۈرىدىغان مۇدھىش بىر مەنزىرىنى كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولدى. چوڭ مەيداننىڭ ئوتتۇرىسىغا ياغاچلار، تاختايلار، سۇنغان ئىشىك-دېرىزىلەر، ھارۋىنىڭ چاقلىرى، چانىلار دۆۋىلەنگەنىدى. بۇنىڭ ئۈستىگە باتۇخاننىڭ رەزانىغا ھوجۇم قىلىش ۋاقتىدا قازا تاپقان تاتار، قىپچاق، موڭغۇل ۋە باشقا لەشكەرلىرىنىڭ جەسەتلىرى سەرجان قىلىپ تىزىلغانىدى.

ئۇلارنىڭ سانىنىڭ نەچچە ئىكەنلىكىنى ھېچكىم بىلمەيتتى. نۇرغۇن ئولجا ئېلىپ، قورۇ-تۆگە-يىلقا ھەيدەپ كېلىمىز، دەپ كەتكەن بۇ كىشىلەرنى، قاچان كېلەر دەپ سېغىنىپ، سارغىيىپ يۈرگەن قوۋم-قېرىنداشلىرى بۇ ئادەملەرنىڭ مەڭگۈ كەتمەسكە كەتكىنىنى ئاڭلىسا نېمە بولۇپ كېتەر؟ ...

مانا ئەمدى ئاشۇ ئەزىز كىشىلەر دۇنيانىڭ ئىككىنچى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

بىر چېچىدە، يات ئەل، يات ماكاندا جەسەتلىرى ئادەم تونۇغۇسىز ھالغا كېلىپ، ئالايغان كۆزلىرى بىلەن ناتونۇش ئەلنىڭ ئاسمىنىغا چەكچىيىپ، قەدىرسىز ھالەتتە پاتقاققا مىلىنىپ ياتاتتى ...

لەشكەرلەر تونۇگۇنلا ئۆز يېنىدا يۈرگەن سەپداشلىرىنىڭ بۈگۈنكى بۇ ھالىنى كۆرگەندىن كېيىن، قۇدۇققا چۈشكەن تاشتەك جىمىپ كېتىشتى. شامانلارنىڭ ئېيتىشىچە ئۇلار ئۇ دۇنياغا بېرىپ مۇقەددەس ئەرۋاھنىڭ قوشۇنىغا لەشكەر بولارمىش ...

ئۆلگەن لەشكەرلەرنىڭ ھەممىسى ئادەتتىكى كىيىمى بىلەن ياتاتتى. جەسەتلەرنىڭ ئۈستىدىكى كۆك تونىنى ياكى بولمىسا ئېتەك، يەڭلىرىگە زىغزىق تۇتۇلغان كەمزۇللارنى ھېچكىممۇ يەشكۈزۈۋالمىغانىدى. يەشكۈزۈۋېلىشقا ھېچكىمنىڭمۇ قولى بارمايتتى. شۇ زامانلاردىكى مۇڭغۇل - تاتارلارنىڭ ئېتىقادى بويىچە لەشكەرلەر چىڭگىزخاننىڭ ئۇ دۇنيادىكى روھى ئالدىغا تۇققۇزى تەل ھالەتتە بېرىشى كېرەك ئىدى. نۇرغۇن لەشكەرلەرنىڭ مەيدىسىگە بىر پارچە گۆش سېلىنغان مىس ئىدىش ياكى ياغاچتىن ئويۇپ ياسالغان چۆچەك قويۇلغانىدى. ئاتاقلىق باتۇرلار ئۇ دۇنياغا قولىغا باغلاپ قويۇلغان ئەگرى قىلىچلىرى بىلەن كېتىۋاتاتتى.

بىر چاغدا ئېغىر جىمجىتلىقنى بۇزۇپ، بىراۋنىڭ زارلانغان ئېچىنىشلىق ئاۋازى ئاڭلاندى. بۇ ئاۋاز دەستىلەپ تىزىلغان ئۆلۈكلەر ئوتتۇرىسىدىن چىقىۋاتاتتى. بىر چاغدا ئۇ ئاۋاز يەنە تەكرارلاندى:

— جېنىم قاخشاپ كەتتى! ... سۇ بېرىڭلار! ... — دېگەن سۆزلەر ئېنىق ئاڭلاندى.

موڭغۇللار چۇرقۇرىشىپ كەتتى.

بىراق بۇ چاغدا، «مۇقەددەس ئوتنى ئاختۇرۇشقا بولمايدۇ!» دېگەن بىر زىل ئاۋاز كۆپچىلىكنى تىرختىتىپ قويدى... بۇ باتۇخاننىڭ ئاۋازى ئىدى.

باتۇخان ھېچنېمىنى بىلمىگەندەك مىت قىلماي تۇراتتى. ئۇنىڭ قاپىقى چۈشكەن، تەلەتى سۆرۈن ئىدى. ئۇ:

— تېزرەك باشلاڭلار، — دېدى.

كۆڭلى يېقىن خانلارنىڭ بىرى ناخشا ئاھاڭى بىلەن:

— دۇنيادا مۇڭغۇل مىللىتىنىڭ شۆھرىتىنى چىقىرىش يولىدا قۇربان بولغان باتۇرلاردىن مۇشۇ مۇقەددەس ئوتنىڭ تۈتۈنى بىلەن ھاۋاغا ئۇچۇپ كەتكەن كىشىلەردىنمۇ بەختلىك ئادەم يوق! ئۇلار ئەرشتىكى ئۇرۇش خۇداسى سۇلدىنىڭ مەرمەر سارىيىدا ھازىر بولدۇ! — دېدى.

ناغرا - سۇنايلار چېلىنىشقا باشلىندى. ئۈستىگە ئاق چاپان كىيىپ، يەلكىسىگە ئېيىق تېرىسى ئارتىۋالغان ئوتتۇز شامان زىكرى سوقۇپ، جىنلىرىنى چاقىرىپ، داپ چېلىپ بۇ غايەت زور گۈلخاننى ئايلىنىپ ئۇسسۇلغا چۈشتى. يېقىن ئۇرۇق - تۇغقانلىرى ئۆلگەن مۇڭغۇللار ئاتلىرىدىن چۈشۈپ، ئوڭ قولدىكى كەشتىلىك يىپەك روماللىرىنى ئېگىز كۆتۈرگىنىچە، شامانلارنىڭ ئارىسىغا كىرىپ بار ئاۋازى بىلەن ھۆركىرەپ ھازا بىلدۈردى.

خىتاي ئۇستىلىرى ماي قۇيۇپ ياسىغان ئوتقاشلار بىلەن سەككىز ئورۇندىن ئوت قويۇلدى. دەسلەپتە قويۇق ئىس كۆتۈرۈلدى - دە، ئاندىن قۇرۇق ياغاچ، تاختايلار ئارىسىدىن كۆتۈرۈلگەن قىزىل يالقۇن ھەش - پەش دېگۈچە پەلەككە يەتتى. ئوتنىڭ دائىرىسى ئەتراپقا كېڭىيىپ، جەسەتلەر ئۈستىدە قىزىل پەردە ھاسىل قىلىپ، ئاسمانغا قاراپ يالقۇنلىغىلى تۇردى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

گۈلخاننىڭ تەپتىدىن مۇڭغۇللار كەينىگە داجىشتى. لېكىن جاھانگىر ئورنىدىن قوزغالماي، ئۆز جەڭچىلىرى بىلەن خوشلىشىپ سوكۇتتە تۇرغانلىقى ئۈچۈن، باشقىلار تېخىمۇ نېرىراق كېتىشكە پېتىنالمىدى. جاھانگىر ئۆزۈنىڭچە شۇنداق مىدىر قىلماي تۇردى. ئۇ ئۆزىنىڭ ھالال خىزمەت قىلغان لەشكەرلىرى بىلەن ئاخىرقى قېتىم خوشلىشىۋاتاتتى.

يالقۇن جەسەتلەرنى سۆيۈپ ئۇلارنىڭ ماي تۆكۈلگەن كىيىملىرىنى گۈرۈلدىتىپ ياندۇردى. ئوت ئىنتايىن كۈچلۈك ئىدى. جەسەتلەرنىڭ پۇت ـ قوللىرى تارتىشىپ ھەرىكەت قىلىشقا باشلىدى، ھەتتا سوزۇلۇپ ياتقان بەستلىك، قوپال بىر مۇڭغۇل يۈزبېشى ئورنىدىن تۇرۇپ، بەئەينى خوشلاشقاندەك بېشىنى تولغاپ، گۈلخاننى مۇھاسىرىگە ئېلىپ تۇرغان يولداشلىرىغا بىرقۇر قاراپ چىقتى.

جەڭچىلەر ئالقانلىرىنى كۆزىگە سايىۋەن قىلىپ كۆتۈرۈلۈۋاتقان تۈتۈن بىلەن يالقۇنغا قاراپ قالدى. ئوتنىڭ قىپقىزىل يالقۇنى خۇددى پاكار ـ پاكار مۇڭغۇل ئاتلىرىغا مىنىپ ئوتتىن چاچراپ چىققان ئۇچقۇنلار بىلەن يۇقىرىغا كۆتۈرۈلۈپ ئۇ دۇنيادىكى ئۇلۇغ جاھانگىر چىڭگىزخاننىڭ مۇقەددەس پادىشاھلىقىغا كېتىۋاتقان لەشكەرلەردەك كۆرۈندى ...

ئوتنىڭ تەپتى ئادەم چىدىغۇسىز كۈچىيىپ كەتتى. پۈتۈن مەيدان ئىس ۋە يالقۇننىڭ تەھدىدە قالدى. قىپقىزىل چوغلار، ياغاچ پارچىلىرى چارسىلداپ ئاسمانغا كۆتۈرۈلەتتى.

باتۇخان بىلىكى بىلەن يۈزىنى تىراپ تۇرۇپ:

— رەھمەت، مەغرۇر باتۇرلىرىم، ئادىل خىزمەت كۆرسەتكەنلىكىڭلار ئۈچۈن رەھمەت! — دەپ ۋارقىرىدى.

ئاندىن ئېتىغا قامچا ئۇرۇپ، تۈتۈن ئىچىدىن چىقىپ، چوڭ مەيدان ئارقىلىق چېپىپ تۆۋەنلەپ، دەريا بويىغا چۈشۈپ

كەتتى. ئۇنىڭ كەينىدىن ساۋۇت - سايمانلىرىنى جاراقلىتىپ، قىستىلىشىپ مىڭغۇل لەشكەرلەرمۇ چېپىشقا باشلىدى.

— خوش! خوش! — دېگەن ئاۋازلار خېلىغىچە ياڭراپ تۇردى.

دەپنە ئوتىدىن رەزان تېخىمۇ كۆيدى. كەچ كىرگىچە كەينى - كەينىدىن بىرنەچچە قېتىم ئوت كەتتى. كۆيگەن جەسەتنىڭ پۇرىقى پۈتۈن ئەتراپنى بىر ئالدى.

پۈتۈن قوشۇنغا ئۈچ كۈنلۈك دەم ئېلىش بېرىلدى.

لەشكەرلەر ھەيدەپ كېلىنگەن قورۇ - قورۇ ماللارنى سويدى. خانلار قولۇن گۆشىنى يەپ، رەزان كىنەزىنىڭ كەمسىدىن تاپقان شارابىنى ئىچىشتى.

ئادەتتىكى نۆكەرلەر كالا مېيي بىلەن ئۇننى ئارىلاشتۇرۇپ قويۇق چاي ئىچىشتى. ئۇلار چاي ئىچىپ ئولتۇرۇپ ئۆزئارا پىچىرلاشتى:

— ھەربىر شەھەرنى ئېلىشتا مۇشۇنچىلىك ئادەم قازا بولسا، قايتماس باتۇرلىرىمىزدىن نەچچىسى ئۆزىنىڭ تۇغۇلغان يۇرتىغا قايتىپ كېتەلەر؟ ...

— بولدى قويغىنا! غەم قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق. ئەتكى كۈننىڭ غېمىنى يېيىش نەھاجەت، ئۇنىڭدىن كۆرە كۆڭلىمىزنى كۆتۈرۈپ يەيلى، ئىچەيلى ...

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## ئالتىنچى قىسىم

# رۇس تۇپرىقىنى ۋەھىمە كەزمەكتە

شۇم خەۋەر كەلسە .. خەلق ئۈركۈيدۇ.
(تارىخ)

### بىرىنچى باب

### «غىچىرلايدۇ»

قىشنىڭ ئۇزۇن تۈنى ۋىلادىمىر - سۇزدالىكى شەھىرىنىڭ تاش قىرغىنىنىڭ ئۈستىدە. قىسقا كۆرپە جۇۋىسىنىڭ ئۈستىگە قىڭغۇر چەكمەن كىيگەن بىر ئادەم جىبەكتە تۇراتتى. ئۇ توڭغان پۇتلىرىنى بىر - بىرىگە ئۇرۇپ، ئىككى مۇنارنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر ئۇياققا - بىر بۇياققا مېڭىپ يۈرەتتى. غاچىلداپ تۇرغان قارنى دەسسىگەنسېرى، پۇتىدىكى دەرەخ غولىدىن توقۇلغان يېڭى چورۇق غىچ - غىچ قىلاتتى. ئۇ ئىت تېرىسىدىن تىكىلگەن قولاقچىسىنى چۈشۈرۈپ كىيىپ، ئېڭىكىدىن تارتىپ چىڭ باغلىۋالغانىدى. كۆزەتچىنىڭ قىراۋ باغلىغان ساقىلى كۈمۈشتەك يالتىرايتتى. ئۇ ئەتراپنى ھوشيارلىق بىلەن كۆزىتىپ،

يىراقتىن قارىغاندا خۇددى قېلىن قار ئىچىگە كۆمۈلۈپ كەتكەندەك كۆرۈنىدىغان ئاينىڭ گىرىڭگا نۇرىدا ئۈگدەپ ياتقان قېلىن ئور-ماندىن كۆز ئۈزمەيتتى.

جېسەكچى شىبالكا جەنۇبقا — رەزانغا قاراپ سىزىلغان چىزىق يولغا قاراپ، ئۇ تەرەپتە قىرغىن بولۇۋېتىپتۇ، دېگەن خەۋەرلەر بار، ئۇرۇش بۇ يەرلەرگىمۇ يېتىپ كېلەرمۇ، دېگەننى ئويلايتتى. ۋەھشىي دالادىن تاجاۋۇز قىلىپ كېلىۋاتقان دەھرىي تاتارلارنى رەزانلىقلار بابلىدىمىكىن! ياكى ياۋ شەھەرنىڭ سىرتىنى ئەگىپ ئۆتتىپ، قارلىق دالا ئارقىلىق سۇزدالى قىش-لاقلىرىنى ئارىلاپ تېپتىغرا ۋىلادىمىرغا قاراپ كېلىۋاتامدىكىن، دېگەن خىياللار ئۇنىڭغا ئارام بەرمەيتتى.

شىبالكا ياشىنىپ قالغان بولسىمۇ، قاتقان قوللىرىدا تېخى نەيزىنى چىڭ تۇتقىدەك ماغدۇر بار ئىدى. ئانا تۇپرىقى خەۋپ ئاستىدا قالىدىغان بولسا، شىبالكا ياش ۋاقتىدىكىدەكلا ئۇرۇش مەيدانىغا ئاتلىنىپ، ئەل ئۈچۈن جېنىنى پىدا قىلىشقا ھازىر ئىدى. پېشقەدەم نۆۋكەر بېشىدىن ئۆتكەن نۇرغۇن ئىش-لارنى خىيالىدىن ئۆتكۈزدى. قانداقتۇ بىر ئېغىر خىيال يەل-كىسىدىن بېسىپ تۇرغاندەك قىلاتتى. ئاسماندا ئاستا سۈرۈلۈپ كېتىۋاتقان بۇلۇتلارمۇ ئېغىر ھەم غەمكىن كۆرۈنەتتى.

شەھەر تاتلىق ئۇيقۇدا بېرىلىپ، ھاۋا ئىنتايىن سوغۇق ئىدى. جاڭگىلداپ تۇرغان سوغۇق ھاۋالىق كېچىدە ھېچقانداق تىۋىش ئاڭلانمايتتى.

بىر چاغدا قورغان تۆۋىدە باللارنىڭ ئاۋازىغا ئوخشاش، زىل بىر ئاۋاز ئاڭلانغاندەك بولدى. شىبالكا قۇلىقىنى دىڭ تۇتۇپ تىڭشىدى. كۆپ ئۆتمەي، ھېلىقى ئاۋاز يېقىنلا يەردىن ئاڭلاندى. بىر ئازدىن كېيىن، بىر يولۇڭدىن ئۈچ كۆلەڭگە چىقتى - دە، قورغاننى ياقىلاپ ئالغا قاراپ ماڭدى. ئۈستىگە

www.uyghurkitap.com

ئۇزۇن جۇۋا كىيگەن ئۈچ بالا ياندىشىپ، يەڭگىل دەسسەپ كېلىۋاتاتتى. شىبالكا:

— كېلىۋاتقان كىم؟ جېنىڭنىڭ بارىدا سۆزلە، بولمىسا ھازىر جېنىڭنى ئالىمەن، دەپ بوغۇق ئاۋاز بىلەن ۋارقىرىدى ۋە نەيزىسى بىلەن يەرگە ئۇرۇپ دوق قىلدى.

— شىبالكا بوۋا خاپا بولما! مەن بولاتكا، — دەپ دەرھال جاۋاب بەردى باللارنىڭ بىرى، — يېنىمدا قوشنىمىزنىڭ پاسپىلكا، نىزامايكا دېگەن باللىرى بار.

— سەنلىكىڭنى بىلىپ تۇرۇپتىمەن، شەيتان! نېمىشقا ئۇخلىمايسىلەر؟ يېرىم كېچىدە قورغاننى ياقىلاپ نېمە ئىش قىلىپ يۈرىسىلەر؟ كىمنەز بىلىدىغان بولسا كۆرگۈلۈكۈڭنى كۆرسىتەتتى.

— بوۋا دالادا بىر نېمە غىچىرلىغاندەك قىلىدۇ، بىز شۇنىڭ زادى نېمىلىكىنى بىلىش ئۈچۈن چىققانىدۇق.

— نېمە دەيسەن؟

— ماۋۇ نىزامايكا، بىر نەرسە غىچىر - غىچىر قىلىپ، يەر - جاھان چۇقان كۆتۈرگەندەك بولۇۋاتىدۇ، دەيدۇ. مېنىڭچە، بۇ بىزگە ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن يېشۇرۇن كېلىدىغان تاتارلار بولۇشى مۇمكىن. ئەگەر تاتارلار كېلىدىغان بولسا، ئۇلار بىلەن بىزمۇ ئۇرۇشىمىز، بىز كىچىك بالا ئەمەس! شۇڭا بىز نېمىنىڭ غىچىرلاۋاتقانلىقىنى بىلمەكچى بولۇپ كەلگەنىدۇق.

— قىلىۋاتقان گېپىنى قارا بۇ شۇمتەكلەرنىڭ! نەدىكى ئاۋازنى ئاڭلىدىڭلار؟ — دېدى شىبالكا.

— سەن ئالدى بىلەن بېشىڭدىكى قۇلاقچىنى ئال، بولمىسا ئاڭلىيالمايسەن.

شىبالكا بېشىدىكى قۇلاقچىنى قولىغا ئېلىپ، قۇلىقىنى دىڭ تۇتۇپ ئاڭلىدى.

سۈتتەك ئايدىڭ كېچە. ئەتراپ جىمجىت. يىراقتىن ئادەملەرنىڭ پىچىرلاشلىرى ۋە بالىلارنىڭ يىغىسىغا ئوخشاپ كېتىدىغان ئاللىقانداق ئاۋازلار كېلىۋاتقاندەك قىلاتتى.

شىبالكا نېمە بالا - قازا كېلىۋاتقىنىنى بىلگۈسى كەلگەندەك قېلىن قار باسقان تۈپتۈز دالاغا سىنچىلاپ قاراشقا باشلىدى.

— ھەي نادانلارەي! ئۇ ئېيىق تېرىسىگە يۆگىنىپ، ساقال - بۇرۇتىنى قىراۋغا باستۇرۇپ، قىلىچىنى سۆرتۈپ دالا كېزىپ يۈرگەن قىش بوۋاي ئەمەسمۇ، ئۇ ئېشىك قېقىپ، يېرىم كېچىدە، ئاياللارنى ئويغىتىپ، پەچلەرگە ئوت ياققۇزۇۋاتىدۇ. قىش بوۋايغا ئەگىشىپ بوران كېلىدۇ. ئۇ سەپەردىكى كارۋانلارنى قار ئاستىغا كۆمۈشنى ياكى كەچ قالغان يولۇچىنى توزىتىپ ئۆلتۈرۈشنى قەستلەپ يۈرىدۇ ... قىش بوۋاي ئورمان ئارىلاپ، قىراۋدىن چاچقا چېچىپ، دەريالارنى ئۈرلىتىپ، قېلىنلىقى بەش غېرىچ مۇز قاتۇرىدۇ ... غىچىرلاپ تاراس - تاراس قىلغىنى ئۇنىڭ ئاياغ تىۋىشى، ئاۋۇ ئىتقا ئوخشاش ھۇۋلىغان ئاۋاز بوراننىڭ شەپىسى بولسا كېرەك! ... — دېدى شىبالكا بوۋاي. لېكىن بالىلار ئۇنىڭ دېگىنىگە ئىشەنمەي، تېخىمۇ يىراق يەرلەرگە كۆز تىكتى. ئۇلار بىگىز قىلى بىلەن كۆرسىتىپ:

— بوۋا، دەريا بويىغا قارىغىنا! — دېيىشتى.

ئاي بۇلۇت ئىچىدىن پارلاپ چىققانىدى. كۆمۈشتەك يالتىراپ تۇرغان ئاينىڭ نۇرىدا دەريا بويىدىكى قارى دەسسىلىپ چىڭدالغان يولنى بويلاپ كېلىۋاتقان ئاتلىقلار، چانىلار، پىيادىلەر ئېنىق كۆرۈندى. چانا تاپىنىدىن ئۈزۈلۈكسىز چىقىۋاتقان غىچىلدىغان ئاۋاز، بالىنىڭ قىرقىراپ يىغلاۋاتقان ئاچچىق نالىسى، سوغۇق كېچىنىڭ سەلتەنەتلىك تىنچلىقىنى بۇزاتتى. ئادەملەرمۇ، ئاتلارمۇ دەريانى بويلاپ توۋەنلەپ كېلىۋاتاتتى. ئۇلارنى ئاقۇش تۇمان

ئۆز قېيىنىغا يېشۇرغانىدى. كەينىدىنلا تاپ بېسىپ ئۇرغۇن چانىلار ئاقىردەك تىزىلىپ چىقتى. بۇلارمۇ كۆلەڭگىدەك ئۈن - تىنسىز ئېقىپ كېتىۋاتاتتى. پەقەت چانا تاپىنىدىنلا بىر خىل غىچىرلىغان ئەنسىز ئاۋاز چىقاتتى.

— بۇ كېلىۋاتقانلار كىمكىنە؟ — دېدى بالا.

— ئۇلار قاچاقلار... ياۋدىن يېشۇرۇنۇپ، ئورمانغا قېچىپ كېتىۋاتىدۇ. ئەھۋالدىن قارىغاندا تاتارلار يېقىنلاپ قاپتۇ - دە.

— بىۋا، تاتار دېگەن كىم؟ سەن ئۇلارنى كۆرگەنمۇ؟

— كۆرمىگەن، لېكىن ئۇلارنى ئادەم سىياقىدىن چىققان بىر تائىپە دېيىشىدۇ. ۋەھشىي دالا دېگەن چۆلدە مال بىلەن تۇغۇلۇپ، مال بىلەن ئۆسكەن ئىمىش، باشقا ئەللەرنى ئۆزىنىڭ ياۋۇزلۇقى بىلەن يېڭىدىكەن، دەپ ئاڭلىدىم.

— ئۇلار بىزنىمۇ يېڭىپ كېتەرمۇ؟ بۇ يەرگىمۇ يېتىپ كېلەرمۇ؟

— كېلىپ قېلىشىمۇ مۇمكىن، ئېھتىمال رەزىللىقلار ئۇلارنىڭ ئەدىپىنى كېلىشتۈرۈپ بېرىپ چېكىندۈرگەندۇر. مالچىلار بىلەن ئۇرۇشقاندا ئېيىق بىلەن ئېلىشقاندەك ئېلىشىش كېرەك. ئۇنىڭدىن قاچساڭ، كەينىڭدىن قوغلاپ يېتىدۇ - دە، سېنى پارە - پارە قىلىپ تاشلايدۇ. ئەگەر قولۇڭغا تىغ ئېلىپ ئۇنىڭغا قارشى تاشلانساڭ، ئۇنى ئۆلتۈرۈپ، تېرىسىنى ئولجا ئالالايسەن. تاتارلارمۇ ئەنە شۇنىڭغا ئوخشاش.

— ئەنە قارا، قاچاقلار بىز تەرەپكە قاراپ كېلىۋاتىدۇ! ئۇلارنىڭ كەينىدە سالتاڭ ئاتلىق لەشكەرلەرمۇ باردەك قىلىدۇ. شۇلار تاتارلار ئەمەسمىدۇ؟ — دېدى يەنە بىر بالا.

قويرۇقى ئۈزۈلمەي كېلىۋاتقان چانىلار قىرغاننىڭ دەرۋازىسىغا قاراپ يول ئالدى. ئۇلارنىڭ كەينىدىن بىر توپ ئاتلىق لەشكەر كېلىۋاتاتتى. لەشكەرلەرنىڭ قولىدىكى قىسقا

نەيزىلەرگە، بېشىدىكى دۇبۇلغىلارغا، ئۈستىدىكى ساۋۇت - ساي-
مانلارغا ئاي شولىسى چۈشۈپ يالت - يۇلت قىلاتتى.
شىبالكا دەرھال تىزخماقنى ئېلىپ، ئىككى ئۇنار ئوتتۇر-
سىغا ئېسىپ قويۇلغان چويۇننى ئۇرۇشقا باشلىدى. شۇنىڭ بى-
لەن جەسەكچى ياساۋۇللارنى ئويغىتىپ ئۇلارنى سەپكە تۇرغۇزدى.
ئاغىچە يېڭ بېسىلغان بىرنەچچە چانا بىلەن يىگىرمىدەك
سالتاڭ ئاتلىق لەشكەر قامالنىڭ «ئالتۇن قاپقا» دېگەن دەرۋا-
زىسىنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئۇلگۈردى.
كەلگەن كىشىلەرنىڭ ئاۋازى تۆۋەندىن ئېنىق ئاڭلىنىپ
تۇراتتى. بەزىلىرى ئاتلىرىدىن چۈشۈپ دەرۋازىسىنى قېقىشقا
باشلىدى. قامال ئۈستىگە ياساۋۇللارمۇ يۈگۈرۈپ چىقىشتى. ئۇ-
لارنىڭ كەينىدىن ئېيىق جۇۋىسىنى يېپىنچاقلاپ، ئالدىرىماي
دەسسەپ يۈزبېشىمۇ كەلدى.
— كىم بولىسىلەر؟ — دەپ يۇقىرىدىن ۋارقىرىدى ئۇ.
— كىنەز رومان ئىنگىۋارېۋىچ، رەزاندىن ئىنتايىن جىددىي
خەۋەر بىلەن كەلدى.
— قالغانلار كىم بولىدۇ؟
— بىزنى شەھەرگە كىرگۈزۈڭلار. خۇدادىن يۈز ئۆرىگەن
دەھرى تاتارنىڭ جەۋرى - زۇلۇمىدىن قېچىپ كېلىۋاتقان قاچاق-
لارمىز. سىلەردىن پاناھ ئىزدەپ كەلدۇق.
— بۇ يەردە سىلەرگە پاناھ بولغۇدەك جاي يوق! بىزمۇ
ياۋ قاچان كېلەركىن دەپ تىڭشاپ تۇرىمىز! كىنەزنى مۇھاپى-
زەتچىلىرى بىلەن كىرگۈزىمەن. سىلەر نېرىدىكى مەھەللىلەرگە
بېرىپ تۈنەڭلەر... — دېدى شىبالكا.
چانىلاردىن ۋارقىرىغان، يىغلىغان ئاۋازلار ئاڭلاندى. قور-
غان ئۈستىدىكى لەشكەرلەر كۆپىيىشكە باشلىدى. ئۇلاردىن بىر-
نەچچىسى تۆۋەنگە چۈشۈپ ئېغىر دۇپ ياغىچىدىن ياسالغان

www.uyghurkitap.com

دەرۋازىنى ئېچىپ، ئاتلارنى دەرۋازىدىن كىرگۈزدى - دە، قايتىدىن بېكىتىۋەتتى. قاچاقلار ۋارقىراپ - جارقىراپ، ۋىلادىمىرلىقلار بىلەن ئۇلارنىڭ كىنەزى گېئورگى ۋسېۋالودوۋىچقا قارغىش سۆزلىرىنى ياغدۇرۇپ، تۆۋەن تەرەپكە قاراپ كەتتى.

## ئىككىنچى باب

# كىنەزنىڭ قولى ئۇزۇن، ئىنساپى يوق

سۇزدالى كىنەزى گېئورگى ۋسېۋالودوۋىچ بېرىي ئېگىز، بەستلىك ئادەم ئىدى. ئۇنىڭ ئاق ئارىلىغان قېلىن قارا ساقىلى كەڭ كەۋدىسىگە چۈشۈپ تۇراتتى. قېيىق قارا قاشلىرىنىڭ ئاستىدىكى بىر جۈپ قارا كۆزى كىشىگە تىكىلسە، ئادەمنىڭ بويى شۈركىنىپ، خۇددى كىنەزنىڭ كۆز نۇرى بەدىنىدىن تېشىپ ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندەك بىئاراملىق ھېس قىلاتتى. كىنەز چېركاۋدا ئىسپاھان گىلەمنىڭ ئۈستىدە كۈمۈش ناھالى قېقىلغان ئۆتۈكىنىڭ ئۇچىنى بېسىپ، سول قولىنى بېلىدىكى ئالتۇن كەمەرگە قىستۇرۇپ، ئوڭ قولىنىڭ ئۈچ بارمىقىنى ھېلى كەڭ ماڭلىيىغا، ھېلى چاپىنىنىڭ مەيدىسىدىكى تۈگمىگە، ھېلى ئىككى ئادەم مىنسە بولغۇدەك كەڭ يەلكىلىرىگە تەگكۈزۈپ چوقۇنۇۋاتقاندا، يېنىدىكى چوقۇنۇۋاتقان كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ كېلىشكەن بەستىگە، سىپايە ھەرىكەتلىرىگە، ئۆزىگە ياراشقان بۇدۇر چاچلىرىنى ئارقىغا قانداق تاشلىغىنىغا قاراپ ئاغزىنى ئېچىپ تۇراتتى.

خەلق ئۇنى «قاتتىق قول، چەكسە قان چىقمايدىغان پىخسىق، خەلقنى قاتتىق قوللۇق بىلەن باشقۇرىدۇ» دېيىشەتتى.

ئۇ يۇرت ئارىلاپ چىقسا سېلىق تۆلەش، سوۋغا تەقدىم قىلىشتىن ھېچكىممۇ باش تارتمايتتى. «تۇڭگۇزنىڭ بىر تال تۈكىنى يۇلغىنىم يۇلغان» دېگەندەك ھېچنېمىسى يوق بىر بىچارىنىڭ بىر چىمدىم كىرپىكىنى بولسىمۇ ئالاتتى.

ئۇ ئۆزىنى ھەممە كىشىلەردىن ئۈستۈن قوياتتى ھەم ئۆزىنى دانا ھېسابلايتتى. شۇڭا دائىم كىشىلەرگە ئەقىل كۆرسىتىشنى ياخشى كۆرەتتى. ئۆزى بىلەن سۆز تالاشقانلارغا بەكمۇ ئۆچ ئىدى، ھەتتا ئۇلارغا:

— مېنىڭ بىلەن سۆز تالىشىشقا تېخى كىچىكسەن! ئەگەر سەن مېنىڭ ئورنۇمدا ئولتۇرغان بولساڭ، بۇ ئىشنىڭ نېمىلىكىنى بىلەتتىڭ. كىنەز بولۇپ يۇرت سوراشنى خۇدا مېنىڭ پېشانەمگە پۈتكەن، — دەيتتى.

تاتار - موڭغۇل دېگەن نامەلۇم تائىپە بولغار پادىشاھلىقىنى ۋەيران قىلغانلىقى توغرىسىدىكى تۇنجى خەۋەر بۇ يەرگە كېلىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا خوتۇن بالىلارنى ئەگەشتۈرگەن توپ - توپ قاچاقلار سوزدالى ئېلىگە سەرگەردان بولۇپ كېلىشكە باشلىدى. بۇنى كۆرگەن كىنىزگى ۋىسېۋالىدوۋىچ دىمىقىدا كۈلۈپ:

— ھېچ ۋەقەسى يوق. بولغارلارنىڭ ۋەيران بولغىنى ماڭا پايدا. خوش كېلىپسىلەر ھۆرمەتلىك مېھمانلار، تېنىدىن تەڭگە ئۈندۈرىدىغان بولغارچى، موزدوز ئۇستىلار! ھەممىڭلارغا بىزنىڭ يۇرتتىن ئىش تېپىلىدۇ بولۇپمۇ سىلەردەك ھۈنەرۋەن ئۇستىلار بىزگە ئىنتايىن كېرەك. ھەممىڭلارنى شەھەرگە ئورۇنلاشتۇرىمەن. سىلەر تېرە ئاشلايدىغان كۆپ ياساپ، بۇلغار ئەيلەپ، ئۆتۈك تىكىۋېرىڭلار. بىر يىلدىن كېيىن بويارلىرىم بىلەن سىپاھلىرىمنىڭ ھەممىسى چورۇقلىرىنى تاشلاپ، بۇلغار ئۆتۈك كىيىپ يۈرىدىغان بولىدۇ، — دېگەنىدى.

كىنەز راستىنلا بۇ بولغار يۇرتىنىڭ ئۇستىلىرىنى كىنىشىمغا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ۋە ئۆز تەۋەلىكىدىكى باشقا شەھەرلەرگە ئورۇنلاشتۇردى. ئۇلار كالا، ئات، چىشقا تېرىلىرىدىن ھەر تۈرلۈك ئۆتۈك، مەسلەرنى تىكىشكە باشلىدى.

بىر كۈنى تاتارلار ۋەھشىي دالاغا كەپتۇ ھەتتا رەزان چېگرىسىغىچە كەپتۇ، دېگەن بىر خەۋەر تارقالدى. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان كىنەز قېشۇمىسىنى تۈرۈپ ئويلانغاندەك بولدى، لېكىن خاۋاتىرلەنمىدى.

— رەزانلىقلار دائىم مەيدىسىنى كېرىپ كىنەزلىرىنى بېشىغا ئېلىپ كۆتۈرۈپ «پادىشاھ ئەزەم» دەپ جار سېلىپ يۈرۈشەتتى. بىر زامانلاردا بىز سۈزدالىقلار تەكەببۇر رەزانلىقلارنىڭ كۈلىنى كۆككە سورۇپ، شەھەرلەرنى كۆيدۈرۈپ، كىنەزلىرى بىلەن بويارلىرىنى زىندانغا تاشلاپ، پۇقرالىرىنى پادىدەك ھەيدەپ كېلىپ، ئەڭ خىلۋەت قىشلاقلىرىمىزغا تارقىتىۋەتكەن. شۇ چاغدا بىز رەزاننى ئەمدى ئەبەدىي قەد كۆتۈرەلمەيدۇ، دېۋىدۇق. ئەكسىچە خەلق ئورنىدىن تۇرۇپ، رەزاننى باشقىدىن شەھەر قىلىپ قۇرۇپ چىققان. ئۇلار كۈندىن - كۈنگە گۈللەنگەن... — دېدى ئۇ.

رەزانلىقلار ئۆزىگە ئەلچى بولۇپ كەلگەن ئىككى جاسۇس تاتار بىلەن سېھىرگەر ئايالنى ۋىلادىمىرغا ئەۋەتكەنىدى. كىنەزرگى ۋىسېۋالىدوۋىچ ئۇلارنى ئىنتايىن چوڭ ھۆرمەت بىلەن قارشى ئالدى ھەمدە ئۆزىنىڭ بايلىقى بىلەن كۈچىنى نامايان قىلدى. ئۇ مېھمانلارنى ئالتۇن تەختتە قاما جۇۋىغا پۈركىنىپ ئولتۇرۇپ قارشى ئالدى. بويارلار بىلەن ئۇلارنىڭ ئاياللىرى ئەڭ ئېسىل كىيىملىرىنى كىيىپ كېلىشتى. ئەلچىلەر بىلەن ئۈستۈن ئورۇندا تۇرۇپ سۆزلەشتى ۋە بەزى يەرلەردە ئۇلارغا ھەيۋە كۆرسەتتى. لېكىن قوپاللىق قىلماي سىلىق - سىپاي بولدى. ئۇلارنى ئۇزاتقاندا ئالاھىدە سوۋغاتمۇ بەرمىدى. ئەگەر بىر ئاز كەڭ قورساقلىق

قىلغان بولسا، قانچىلىك سوۋغات بېرىمەن دېسە ئەلۋەتتە بەرگۈچىلىكى بار ئىدى.

رەزانلىقلار بۇرۇنقى تەكەببۇرلۇقنى قايرىپ قويۇپ، سۇزدالىقلارغا باش ئېگىپ، ياردەم سوراپ كەلدى. ئۇلار:

— رەزان بىلەن سۇزدالى لەشكەرلىرىدىن بىرلەشمە قوشۇن قۇرايلى، بۇنىڭغا سەن باش بولغىن! ھەممىمىز بىر ياقىدىن باش، بىر يەڭدىن قول چىقىرىدىغان بولساق رۇس قوشۇنى تەڭداشسىز كۈچلۈك بولغان بولاتتى. پالوۋىس تىڭ - تىڭچىلىرىنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا تاتار قوشۇنلىرى قارا چۈمۈلىدەك كېلىۋاتقۇدەك. ئۇلار ئۆمرىمىزدە ئۇنداق نۇرغۇن قوشۇن كۆرمىگەن دېيىشىپتۇ. قولىدا پالتا تۇتالىغۇدەك ئادەملەرنىڭ ھەممىسى ياۋغا قارشى ئاتلىنىشى كېرەك. ئۇنداق بولمىغاندا دۈشمەن رۇس ئەللىرىنى بىر - بىرلەپ يالماپ تۈگىتىدۇ.

— «قورققانغا قوش كۆرۈنۈپتۇ» دېگەندەك... قورققان ئادەمنىڭ كۆزىگە ھەر نېمە كۆرۈنىۋېرىدۇ، — دەپ كىنەز گىئورگى ۋسېۋالودوۋىچ رەزانلىقلارنى مەسخىرە قىلدى.

— رەزانلىق ئاغىنىلەر، ۋىلادىمىر، سۇزدالى بىلەن بۇرۇندىنلا دوست بولۇپ ئۆتۈشنى ئويلىشى لازىم ئىدى. ئۇبادا تاتارلار بىلەن دىڭغۇللار بېسىۋالمىغا كېلىپ قالسا، ئۇلارغا قانداق تاقابىل تۇرۇشنى ئۆزۈم بىلىمەن، — دېدى ئۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇ ئۆزىمۇ بارمىدى، قوشۇنىمۇ ئەۋەتمىدى. رەزانلىقلار قۇرۇق قول قايتىپ كەتتى. ئاخىرى رەزان، پىرونىك، مۇرۇم، زاراسكى قوشۇنلىرى تاتارلارغا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن ۋەھشى دالاغا يالغۇز ئاتلىنىشقا توغرا كەلدى. ئەتراپتىكى بويارلار:

— تاتارلار راستىنلا ئاستانىمىز ۋىلادىمىرغا ھۇجۇم قىلسا قانداق قىلغۇلۇق؟ — دەپ كىنەزدىن سۆز ئېلىپ باقماقچى بولۇۋىدى، گىئورگى ۋسېۋالودوۋىچ ئۇلارغا كۆزىنى ئالايتىپ:

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

— مەن ئۇلاردىن قورقىدىغان ئادەم ئەمەس! مالچىلارنىڭ مىجەز - خۇلقىنى ئوبدان بىلىمەن. ئۇلار كېلىشى بىلەنلا يېزا - قىشلاقلارنى ئارىلاپ، ئۆيلەرنى ئاختۇرۇپ، قولغا ئېلىنمىغۇدەك نەرسىلەر بولسا ئېلىپ، «بۇندىن كېيىن بىزگە سېلىق تۆلەپ تۇرۇڭلار» دەيدۇ - دە، ئۆز چۆللىرىگە قايتىپ كېتىدۇ. شۇڭا بىز: ئۇلارنىڭ ئەلچىلىرىنى بىر ئامال قىلىپ بۇ يەرگە چاقىرتىپ كېلىپ، ئاغزى - بۇرنىدىن ئاشقۇچە زىياپەت بېرەيلى. ھەر تۈرلۈك مەززىلىك نېمەتلەرنى ئالدىغا دۆۋىلەپ تاشلايلى، ئۇزۇندىن بېرى ساقلاپ يۈرگەن كۈچلۈك بال شارابلار بىلەن ئۇلارنى كۈتەيلى. ئاندىن ئۆزلىرىگە سوۋغات سۈپىتىدە مىڭ پارە قىزىل بولغار ئۆتۈك، يۈزدەك قاما جۇۋا ۋە بۆلغىن جۇۋا، خانىنىڭ ئاياللىرى ئۈچۈن چىرايلىق ئاياغ، ساندۇق ۋە ئامبارلاردىكى قىممەتلىك بۇيۇملارنى سوۋغا قىلايلى. ئېشقىلىپ ياۋنىڭ كۆڭلىنى ئۇۋلىساق، بىزگە پايدىسى تېگىدۇ. ئەگەر تاتارلار ئات سورىسا ئېقىنىمۇ، قارىسىنىمۇ، كۆكىنىمۇ — ئەيتاۋۇر سېرىغىنىنى بېرەيلى. ئۇنىڭلىق بىلەن گاداي بولۇپ كەتمەسمىز. شەھىرىمىزنىڭ قورغانلىرى پۇختا. دەرۋازىلىرى مۇستەھكەم. سەھرالىق ياۋايىلار ئۇنىڭدىن ئات بىلەن ئۆتەلمەيدۇ. مېنى دېسە ئۇن بېشى بىلەن ئۇسۇپ باقسۇن قېنى، كېرەلەمدىكىن، — دەپ سۆزىنى قېقىۋەتتى.

شۇنىڭدىمۇ كىنەزگى ۋسېۋالېدوۋىچ «ئارسلاندەك كۈچلۈك بولغۇچە، تايغاندەك ھوشۇك بولسۇن» دېگەندەك بەزى بىر چارىلارنى قوللاندى. ئۆزىنىڭ ياخشى ئاتلىرىنى شىمالدىكى يىراق شەھەرلەرگە ئەۋەتىۋەتتى. دەريانىڭ ئۇ قېتىدىكى ئامبارلاردا ساقلىنىۋاتقان ئاشلىق بىلەن چۆپىنى شەھەرنىڭ ئىچىگە توشۇۋالدى. شەھەرنىڭ قاراۋۇللۇقىنى كۈچەيتتى. ئۇرۇشقا پىدايى بولۇپ كەلگەنلەرنى تىزىملىدى ۋە خەلقنى قوشۇنغا

كىرىشكە دەۋەت قىلدى. ئەسكىرىي قوماندانلىقتا پىرماي
گىلىبوۋىچ دېگەن كىشىنى تەيىنلىدى. نوۋگورود، دوستوۋ، بېلوزېرى
ۋە باشقا يەرلەردىكى ئۆزىگە قاراشلىق كىنەزلەرگە يارلىق ئە-
ۋەتىپ تەييارلىنىڭلار، مەندىن خەۋەر بېرىش بىلەنلا ياۋنى
رۇس تۇپرىقىدىن ھەيدەپ چىقىرىش ئۈچۈن تېزدىن ۋىلادىمىر
شەھىرىگە قاراپ ئات سېلىڭلار، دېدى.

مۇ خەلقە: قورقماڭلار، ھەممە تەرەپنى ھېسابقا ئېلىپ
پۈتۈن ئىشنى كۆڭۈلدىكىدەك ئورۇنلاشتۇرۇپ قويدۇم. ئەمدى
تاتار مالچىلىرى دەرۋازىنى ئۈچ يىلدىمۇ ئېچىپ كىرەلمەيدۇ.
ئاخىرى ئۆز يۇرتلىرىغا قايتىپ كېتىدۇ، دەپ ئۇلارنىڭ كۆڭلى-
نى خاتىرجەم قىلدى.

## ئۈچىنچى باب

## تاتارلار يېقىن

ئونىنچى سىنتودىن ئېيىنىڭ① 23 - كۈنى ئىدى.
كىنەز گىئورگى ۋسېۋولودوۋىچ كەچكى تاماقتا كاللەكبەسەي
بىلەن قورۇغان غاز گۆشى، ئاندىن تۇزلانغان ئالمىنى يەپ،
پەچىنىڭ ئۈستىگە چىقىپ قوي تېرىسىگە يانپاشلاپ ياتتى.

يېرىم كېچە بولغاندا ياشانغان بىر لەشكەر كىرىپ ئۇنى
ئاستا ئىرغىتىپ ئويغاتتى. كىنەز ئىسسىق پەچىنىڭ بۇلۇڭىغا كى-
رىپ لايدەك ئۇخلاپ كەتكەچكە ئاران دېگەندە ئويغاندى. ۋىلا-

① XV ئەسىرگىچە دېكابىر ئېيى يەنى رۇسچە سىنتودىن ئېيى يىلنىڭ
ئونىنچى ئېيى قىلىپ ھېسابلانغان. ئۇ زامانلاردا يېڭى يىل 1 - مارتتىن باشلىناتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

دىمىر ئارخىيېپىسكوپ① قەھرلىك دىنى ھاكىم مىتروخاننى چىشەۋاتاتتى. مىتروخان دىنى مۇراسىملاردا كىيىدىغان كىيىمىنى كىيىپ ئامۇوندا② قولىنى شىلتىپ تۇرۇپ: «كىنەز ئورنىڭدىن تۇر، كۆزۈڭنى ئېچىپ قارا، قىش كېتىپ باھار كەلدى. ئېيىقمۇ ئىندىن ئېغىناپ چىقتى» دەپ كىنەز جۆيلۈپ ئېغىناۋاتقاندا لەشكەر ئۇنىڭ دولىسىدىن تارتىپ ئويغاتقانىدى.

— ئورنىڭدىن قىرىپ، ئۇيقۇڭنى ئاچ! — دېدى ئۇنىڭ ياشانغان سادىق نۆكىرى. — رەزاندىن چاپارمەنلەر شۇم خەۋەر ئېلىپ كەلدى.

— نەدىكى چاپارمەنلەر؟ نېمە خەۋەر؟ — دەپ كىنەز ئۇيقۇلۇق كۆزلىرىنى ئۇۋۇلاپ زورغا ئاچتى.

— رەزاندىن كىنەز رومان ئىنگىۋارېۋىچ كەلدى. بىز ئۇنى شەھەرگە كىرگۈزدۇق.

— ئۇ نېمە دەيدۇ؟

— ساڭا ئېيتىدىغان سۆزى بار ئىكەن.

— رەزاندىن كەلدى دېدىڭما؟ ئۇلار قانداق ئىكەن؟ — دېدى كىنەز ئايىقىنى كىيىۋېتىپ.

— رەزان پۈتۈنلەي تۈگىشىپتۇ.

— كاللاڭ جايىدىمۇ، نېمە دەۋاتىسەن؟ كىنەز رومان قەيەردە؟

— مېھمانخاناڭدا سېنى كۈتۈۋاتىدۇ.

لەشكەر جۇۋىسىنى ئېلىپ كەلدى. غەيرەتلىك قوللىرى دىرىلدەپ تىترەپ، خېلىغىچە جۇۋىنىڭ يېڭىنى ساپالمىدى.

---

① ئارخىيېپىسكوپ — يۇقىرى دەرىجىلىك روھانى، لېكىن مېتروخانىدىن تۆۋەن تۇرىدۇ.

② ئامۇون — چىركاۋ مېھرىبىنىڭ ئالدىدىكى سۇپا.

كىنەز گېئورگى ۋسېۋالودوۋىچ مېھمانخانىغا كىردى. ئۇ ھەر دائىم بۇ ئۆيدە، بۇيارلار بىلەن كېڭەش ئۆتكۈزەتتى. بۈگۈنمۇ بىرقانچە يېقىن مەسلىھەتچىلىرى بۇ ئۆيدە ھازىر بولغانىدى.

يىكوننىڭ ئالدىدا يېنىپ تۇرغان شامنىڭ غۇۋا يورۇقى ياغاچ ئۆينىڭ تاملىرىغا تارتىلغان گىلەم ۋە زەدىۋاللارنى خۇنۈك يورۇتۇپ تۇراتتى. چىرايى بۇزۇرۇپ، ئۇنى ئىچىگە چۈشكەن بۇيارلارنىڭ ئىچىدە كىنەزنىڭ ۋىلادىمىر، ۋسېۋالود دېگەن ئىككى بالىسى بار ئىدى. ئۇلارمۇ كېچىلەپ كېڭەشكە كەلگەنىدى.

ياروسلاۋ مىخايلوۋىچ، يىرمەي گلېبوۋىچ ۋە پېيتىر ئوسلىيادېيوكوۋىچ دېگەن سەركەردىلەر ۋەزىيەت ھالىتىنى بۇزماي خاتىرجەم تۇراتتى. ئۇلار پۈتكۈل ئۆمرىنى جەڭ مەيدانلىرىدا ئۆتكۈزگەن، كۆپنى كۆرگەن سىپاھلار ئىدى. شۇڭا ئۇلار ھېچنېمىدىن قورقمايتتى.

كىنەز رومان ئورۇندۇق ئۈستىدە، بۇدۇر چاچلىرىنى يېيىپ، بىر يېنىغا قىيسىيىپ ئۇخلاپ قالغانىدى. ئۇ رەزاندىن چىقىپ، قونالغۇلاردا ئات يەڭگۈشلەپ ھېچيەردە توختىماي چېپىپ كەلگەچكە ئىنتايىن چارچاپ كەتكەنىدى.

كىنەز گېئورگى ۋسېۋالودوۋىچ ئۆيگە كىرىشى بىلەنلا تەنبىھ ئاھاڭدا ۋارقىراپ:

— رەزاندىن نېمە خەۋەر ئېلىپ كەلدىڭ؟ تاتارلار شەھەرنى نېمە قىلدى؟ رەزانلىقلار ئۇلار بىلەن جان تىكىپ ئېلىشتىمۇ ياكى ئانا شەھىرىنى دۈشمەنگە تاشلاپ بېرىپ قاچتىمۇ؟ — دېدى ئۇ.

كىنەز ئىنگىۋارېۋىچ تېخى ئويغانمىغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ سۆزىنىڭ بىرىنىمۇ ئاڭلىمىدى. قاراڭغۇ تۈننىڭ تىمتاس جىم-

www.uyghurkitap.com

جىتلىقىنى دېرىزىگە تارتىلغان قىرىنىڭ شامالدىن ۋىڭىلدىشى ئاۋازى بىلەن ئۇخلاۋاتقان كىنەزنىڭ رېتىملىق تىنىقى بۇزۇپ تۇراتتى.

— رەزانلىقلار قانداق سوقۇشتى، ئاڭلاۋاتامسەن؟ شەھەرنى ياۋغا بېرىپ قويىدىغانلارمۇ؟ — دەپ گىئورگى ۋىسىۋالودوۋىچ يەنە ۋارقىرىدى.

ئاخىرقى بۇ سۆزلەردىن كىنەز رومان ئويغىنىپ كەتتى. ئۇ ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ، دەرغەزەپ بىلەن كىنەز گىئورگىنىڭ ئۈستىگە تاشلانماقچى ئىدى. لېكىن ئۆزىگە ھاي بېرىپ، غەزىپىنى زورغا باستى-دە، خىرىلدىغان ئاۋازى بىلەن ۋارقىراپ سۆزلىدى:

— بۇنداق دېيىشكە ھەققىڭ يوق! بۇ سۆزلەرنى قانداق ئاغزىڭغا سىغدۇرۇۋاتىسەن! بېشىمىزغا كۈن چۈشكەندە بىزدىن يۈز ئۆرۈدىڭ. ئۆزۈڭمۇ كەلمىدىڭ، ياردەممۇ قىلمىدىڭ... ئەمدى رەزان پۈتۈنلەي خاراب بولدى! مۇڭغۇللار ئۇنىڭ كۈلىنى كۆككە سورىدى. شەھەرنى ھىمايە قىلغان بارلىق رەزانلىق شەھەر بىلەن بىرگە دەپنە قىلىندى. ئۇلاردىن بىر ئادەممۇ كەينىگە چېكىنمىدى. بىز شەھەرنى ياۋغا ئۆز ئىختىيارىمىز بىلەن بەرگىنىمىز يوق. لەنىتى مۇڭغۇللار بىزنىڭ جەسەتلىرىمىزنى دەسسەپ ئۆتۈپ شەھەرگە كىردى.

— كىنەز يۇرى ئىنگىۋارېۋىچ قېنى؟

— ۋەھشىي دالادا قازا بولدى.

— پىرونسىك كىنەزى، مۇروم كىنەزى، ۋاسىلى كىراسنى، كالومنانىڭ گىلىپ مىخايلوۋىچ كىنەزلەرچۇ؟

— ھەممىسى دۈشمەن بىلەن بولغان كۈرەشتە ھالاك بولدى... ئۇلار تا ئۆلگۈچە سۇزدالىقلار، روستوۋالىقلار، نوۋگورودلۇقلار قاچان كېلەر، دەپ كۆزى كەينىدە كەتتى. سىلەرنىڭ

ھالىڭلار مۇشۇمۇ؟ قامالنىڭ ئىچىگە بېكىنىۋېلىپ، ئەپلەت تۈيۈقسىدىن بېشىڭلارنى كۆتۈرەلمەي قاپسىلەر.

— نېمە دەپ بىلجىرايسەن، تىلىڭنى تارت! — دەپ ۋەلادىمىر كىنەزى ۋارقىراپ كەتتى.

— شۇ چاققىچە ھەرىكەت قىلماي، نېمە ئىش قىلدىڭلار، سۇزدالنىڭ قورۇق سۆلەت بايۋەچچىلىرى. بۇنىڭدىن زادى سىلەر نېمە پايدا كۆرەرسىلەر؟

— ئەدەپ - ئەخلاقنى بىلمەيدىغان خۇمپەر، — دېدى كىنەز گىئورگى خىقىراپ.

— ھەرگىز رەزىللىقلارغا تىل تەگكۈزگۈچى بولما! ھەممىسى قار تېگىدە توڭلاپ ياتىدۇ. ئۇلارنىڭ ئۈستىگە بىر سىقىم توپا تاشلايدىغانغا ئادەم يوق. ئەگەر يەنە شالىڭنى چاچىدىغان بولساڭ تىلىڭنى كېسىمەن!... — كىنەز رومان شۇنداق دېدى - دە، قىلىچىنى قىنىدىن سۇغۇرۇۋېلىپ، كىنەز گىئورگىغا ئېتىلدى. لېكىن بويارلار بىلەن كىنەزنىڭ ئىككى بالىسى ئۇلارنى ئاجرىتىۋەتتى. كىنەز گىئورگى يۇلقۇنۇپ، ۋارقىراپ، تامدا ئېسىقلىق تۇرغان قىلىچقا يۈگۈرۈپ، تۇتۇۋالغانلارنىڭ قولىدىن يۇلقۇنۇپ چىقىشقا ئۇرۇنۇپ باقتى.

— ماڭا مۇشۇ شۇم ئەقىل ئۆگەتتەمدۇ؟ بۇ خۇمپەرنىڭ كاللىسىنى ئالىمەن! باشقىلاردىن خەير - ئېھسان تىلەپ، ئەل يۇرتسىز يۈرگەن بىر قاچاق، مەندىن ياردەم سوراپ كەلگەن تۇرۇقلۇق نېمانچە چوڭچىلىق قىلىدۇ... تېزەك چوقۇغان قاغىدەك قاقىلدىشىنى قارا، بۇنىڭ...

— جېنىم دادا! مېھمانغا بىھۆرمەتلىك قىلماڭ! — دەپ باللىرى كىنەز گىئورگىنى باستى.

بۇ چاغدا ئۇشتۇمتۇت چىققان يوغان بىر ئاۋاز ئۆي ئىچىنى تىترىتىپ بولۇۋاتقان ۋاڭ - چۇڭ ئۈستىدىن غالىب كەلدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— بۇ ئۆيگە تىنچلىق ۋە ئاسايىش ھەمراھ بولغاي! — سوزۇپ ئېيتىلغان سۆزلەر ئوچۇق ئاڭلاندى.

كۆپچىلىك دەرھال كەينىگە ئۆرۈلۈپ قارىغانىدى. ئىشىك ئالدىدا ئېگىز بويلۇق، چىغدەك ئورۇق بىر مۇناخنى كۆردى. ئۇ ئۈستىگە پېشى يەرگە سۆرۈلۈپ تۇرىدىغان ئۇزۇن قارا چاپان، بېشىغا ئۇزۇن قالپاق كىيگەنىدى. ئاق سانچىلغان قارا ساقىلى قارچىغىنىڭ تۇمشۇقىدەك ئېگىلىپ تۇرغان ئىلمەك بۇرنى، قىيلىن قاشلىرىنىڭ ئاستىدىكى ئورا كۆزلىرى مۇناخنى ئىنتايىن سىرلىق ۋە قورقۇنچلۇق كۆرسىتەتتى. ئۇنىڭ ئوڭ قولىدا جەز كرېست، سول قولىدا ئۇزۇن ھاسا بار ئىدى.

— كىنەز ساڭا ئوخشاش مەرتىۋىلىك ئادەمنىڭ ئوردىسىدا جاڭجالنى كۆرگىنىمگە بەكمۇ ئەپسۇسلىنىمەن. ھازىر بىر - بىرىمىز بىلەن ۋارقىرىشىپ، ئارازلىشىپ، دۈشمەنلىشىدىغان ۋاقىت ئەمەس! مەن ئاسماننى ئىس - تۈتەك قاپلاپ، شەھەرلەر ۋەيران بولۇۋاتقان يەردىن كەلدىم. ئۇ تەرەپتىن بۇ يەرلەرگە، ئەپتىنى كۆرگەن ئادەم چۆچۈيدىغان دىنسىز بىر خەلق يامراپ كېلىۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ باسقان قەدىمىدىن گىياھ ئۈنمەيدۇ. ئۇلار پۈتۈن دۇنياغا ئەجەل ئورۇقىنى چاچماقتا. پۈتۈن ئالەمنى ۋەيران قىلماقتا...

— سەن ئۆزۈڭ كىم؟ نەدىن كېلىشىڭ؟ بۇ يەردە نېمە ئىشىڭ بار؟ — كىنەز گېئورگى ۋسېۋولودوۋىچ سورىدى.

— مەن خۇدانىڭ ئاجىز بەندىسى فېئوخىل نىۋىروي دېگەن قەلەندەرمەن، تۇغۇلغان يېرىم نوۋگورود. قۇددۇس شەھىرىگە① بېرىپ، مۇقەددەس يەرلەرنى زىيارەت قىلىپ، ئەيسا پەيغەمبەرنىڭ قەبرىسىنى تاۋاپ قىلىپ، شەپقەتلىك كرېستكە

---

① قۇددۇس — خرىستىئانلار ئېروسالىم دەيدۇ.

چوقۇنۇپ كېلىۋاتىمەن. ۋەھشىي دالادا ياۋۇز تاتارلارنىڭ قولىغا چۈشتۈم، لېكىن ئاللا تائاللا ئېگەم ئۆز پاناھىدا ساقلاپ، پەرىشتىلەرنىڭ ياردىمىدە دۈشمەن قولىدىن قۇتۇلۇپ، مەشھۇر ۋىلادىمىر شەھرىگە كېلىپ تۇرۇپتىمەن. بۇ يەرگە كېلىشتىكى مەقسىتىم: ھاياتلىقتا ۋاقتىنى غەنىمەت بىلىپ تۇۋا - ئىستىقبار ئوقۇپ، كۆپۈرلۈق ۋە قىلمىشلىرىڭلار ئۈچۈن ئاللادىن كەچۈرۈم سوراپ يېلىنىڭلار دېمەكچىمەن. موڭغۇللار مىڭلىغان تۆگىلەرگە تۆت چاقلىق قورغان بۇزىدىغان قوراللارنى سۆرىتىپ بوراندەك بېسىپ كېلىۋاتىدۇ. ئۇلار بۇزالمايدىغان قورغان، ئالالمايدىغان قامال، كۆيدۈرۈپ كۈلگە ئايلاندۇرمايدىغان شەھەر يوق... تاتارلار بىلەن موڭغۇللارنىڭ سانى ھەددى ھېسابسىز كۆپ. بۇنداق قۇدرەتلىك كۈچنى ياراتقۇچى خۇدا گۇناھقا پاتقان كىشىلەرنى جازالاش ئۈچۈن بىزنىڭ ئۈستىمىزگە ئەۋەتتى. كۆپ ئۆتمەي ھەممىمىز خۇدانىڭ دەرگاھىغا كېتىمىز. مەلۇم زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ سەلتەنەتلىك رۇس ئېلىنىڭ خاتىرىسى كىشىلەرنىڭ ئېسىدىن كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ.

— شۇم ئېغىزلىق قىلما، — دېدى ياروسلاۋ دېگەن ياشانغان سەركەردە ئۇنى سۆزدىن توختاتماقچى بولۇپ.

— ئېتىزلىرىمىزنى ياۋا ئوت - چۆپ باسىدۇ. بۇ دۇنيانىڭ پەقەت ئۈچ ئاي ئۈچ كۈنلۈكلا ۋاقتى قالدى. ھەممىمىز جان تەسلىم قىلىپ، خۇدانىڭ دەرگاھىغا بارغاندىن كېيىن، جەبرائىل نەرە تارتىدۇ، ئەنە شۇ چاغدا ھاۋا گۈلدۈرلەپ، چاقماق چېقىپ، قىرىق كۈن توختىماي قاتتىق يامغۇر يېغىپ توپان بالاسى بولىدۇ. ئاندىن روزى مەھشەر بولۇپ ھەممىمىز تىرىلىمىز. شۇنىڭ ئۈچۈن تەۋۋە قىلىڭلار... — ئۇ سۆزىنى تۈگىتىپ، ئۈچ قېتىم چوقۇنۇپ، قولىدىكى جەز كرېستنى سۆيدى. — دېگەنلىرىمنىڭ ھەقلىقى ئۈچۈن، قولۇمدىكى بۇ شەپ-

قەتلىك كرېست ئۈستىدىن قەسەم ئىچىمەن، بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئافونگۇندىكى گۇناھتىن پاك. ئالدىن بىلگۈچى ئەۋلىيا-ئەنبىيالار ماڭا سىر قىلىپ ئېيتىپ بەردى.

كىنەز گىئورگى ۋسېۋالودوۋىچمۇ چۆقۇنۇپ، جەز كرېستنى سۆيدى. ئاندىن مۇناخقا:

— فىفلى ھەزرىتى! ھازىر ئۇرۇش توغرىسىدا كېڭەش ئۆتكۈزۈۋاتىمىز. شۇ تۈپەيلى سېنىڭ بىلەن سۆزلىشىشكە ۋاقتىمىز يوق. ھازىر تۈن نىسپىدىن ئاشتى. بۇنداق كېچىدە نېمە قىپ يۈرىسەن؟ سېنى بۇ يەرگە كىرىشكە كىم ئىجازەت قىلدى؟ ئاشخانىغا بارغىن. سېنى ئىسسىقراق بىر ئۆيگە ئورۇنلاشتۇرسۇن. ئەتە ئادەم ئەۋەتىپ چاقىرتىمەن، — دېدى.

مۇناخ ئالدىرىماي مېڭىپ چىقىپ كەتتى. كىنەز گىئورگىنىڭ ئاچچىقى بېسىلىپ، پەسكويغا چۈشتى.

— قوپاللىق قىلىپ قويدۇم، ئەيىب مەندە، مۇقەددەس رۇس تۇپرىقى ئۈچۈن قازا بولغانلارنىڭ ياتقان يېرى جەننەت بولسۇن! ئۇلارنىڭ قولىدىن چۈشكەن قىلىچنى بىز ئېلىپ، ئۇلارنىڭ ئىزىنى بېسىپ، بۇ ئۇرۇشنى ئاخىرغىچە داۋاملاشتۇرايلى. ئېلىمىزگە تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەن قاراقچى تاتارلارنى قوغلاپ چىقىرىپ، تۇخۇمىنى تۈگەتمىگۈچە توختىمايمىز. مەن قوشۇنۇمنى ئىككىگە بۆلمەكچىمەن: بىرىگە چوڭ ئوغلۇم ۋسېۋالود كىنەز باش بولۇپ، كالومناغا بارىدۇ. ئىككىنچىسىگە كىچىك ئوغلۇم ۋلادىمىر باش بولۇپ موسكۋاغا بارىدۇ. ئۇنىڭغا ياردەمچى قىلىپ قوماندان فىلىپپ نىيانكانىنى قوشتۇم. چاقماق تېزلىكىدە ھەرىكەت قىلىڭلار، بولمىسا تاتارلار سىلەردىن بۇرۇن بېرىشى مۇمكىن... ئەگەر مەن بولمىسام مېنىڭ ئورنۇمدا ۋلادىمىرغا پىتىر ئوسلىيا دىيوكوۋىچ قوماندان بولىدۇ، — دېدى ئۇ.

بۇنداق ھالقىلىق ۋە خەتەرلىك پەيتتە كىنەزنىڭ ۋىلادى-
مىردىن كەتمەكچى بولغانلىقىنى ئاڭلىغان كۆپچىلىك نېمە
دېيىشنى بىلمەي ھاڭ - تاڭ بولۇپ تۇرۇپ قالدى. بۇ چاغ-
دا كىنەز ۋىسېۋالود ئورنىدىن تۇرۇپ:

— دادا دېگىنىڭىزنى ئورۇندايمىز. ئانا يۇرتىمىزنى دۈش-
مەنگە بەرمەيمىز. بىر تامچە قېنىمىز قالغىچە دۈشمەن بىلەن
ئېلىشىپ ئۆلىمىز! — دېدى.

گىئورگى ۋىسېۋالودوۋىچ ئورنىدىن تۇرۇپ، بۇلۇڭدىكى
ئېسىقلىق تۇرغان خۇدانىڭ سۈرىتىگە قاراپ:

— ھەي قۇدرىتى ئۇلۇغ، ساخاۋەتلىك خۇدا! رۇس ئەل-
لىرىگە ھەيۋەتلىك قوشۇن ئاتا قىلىپ، رۇس ئەزىمەتلىرىنى
يېڭىلمەس باتۇر قىلغايسەن! مۇقەددەس دىنىنى ئاياغ - ئاستى
قىلغان تاتارلارغا قارشى ھەممىنى ئاتلاندۇرغايسەن. ياۋۇز
ۋەھشىلەرنى ۋەھشىي دالانىڭ نېرىسىغا قوغلاپ، بەنت قىلغاي-
سەن، — دەپ يېلىنىپ تەكرار چوقۇنۇشقا باشلىدى. بالى-
رىغا بۇرۇلۇپ، ئۇلارنىڭ پېشانىسىدىن سۆيۈپ دۇئا بەردى.
ئاندىن يېنىغا سەركەردىلەرنى، سىپاھلارنى چاقىرىپ، قوشنا
ئۆيدىكى ئاياللارنى ئاڭلاپ قالمىسۇن دەپ پەس ئاۋاز بىلەن
مەن ئاكا - ئۇكىلىرىمنىڭ بالىلىرىنى ئېلىپ، ئىدىل
بويىدىكى يارۇشلاۋ، كوستروما ئوگلىچ شەھەرلىرىگە بارماقچى-
مەن. قېلىن ئورمان ئىچىدىكى ئايرىم مۇۋاپىق جاينى تېپىپ،
شۇ يەرگە چېدىر تىكىپ يېتىپ، يېڭىدىن قۇدرەتلىك، جەڭگىۋار
قوشۇن تۈزۈمەن. ئاق كۆلدىكى كىنەزلەرنىڭ ھەممىسى، تۇغ-
قانلار، ئەل - ئاغىنىلەر، پىسكوۋالىقلار، سىمالىنىلىقلار، نوۋگو-
رودلىقلارنىڭ ھەممىسى ماڭا قوراللىق لەشكەرلىرى ۋە باتۇر
ئەزىمەتلىرىنى ئەۋەتىدۇ. تاتارلار سۈزدالى شەھىرىگە ھۇجۇم
قىلمەن دەپ، قىرغىن جەڭدە ئېغىر تالاپەت كۆرۈشكە باشلى-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

غاندا، مەن قول ئاستىمدىكى قۇدرەتلىك يېڭى لەشكەرلىرىم بىلەن ئۇلارنىڭ كەينىدىن ھۇجۇمغا ئۆتىمەن. ھازىر ئۇلار ئۆز قوشۇنلىرى بىلەن ئايرىم - ئايرىم بۆلۈشۈپ، بىزنىڭ يۇرتىمىزنى ئارىلاپ، خاتىرجەم يۈرىدۇ. ئۇلار پېتىراپ يۈرگەن مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلىپ، ئايرىم - ئايرىم ئۇجۇقتۇرىمەن. ماختانچاق رەزانىلىقلارنىڭ قىلالمىغان ئىشلىرىنى ئۆزۈم باشقا ئېلىپ چىقىمەن. تاتارنىڭ باتۇخان دېگەن پادىشاھىنىڭ بويىنىنى ئۆزۈم ئۈزىمەن، — دەپ قىزىپ سۆزلىدى.

— خۇدا مەقسىتىڭگە يەتكۈزگەي، يولۇڭ بولسۇن، — دەپ كۆپچىلىك بىردەك چۇرقىراشتى.

سەركەردىلەر كىنەزدىن ۋىلادىمىر شەھىرىگە ئۇرۇش تەييارلىقىنى قانداق قىلىمىز، دەپ سورىماقچى بولۇۋىدى، لېكىن كىنەزنىڭ ئۇلارغا جاۋاب بەرگۈسى كەلمىدى.

— ئەمدى قانداق قىلىمەن دېسەڭلار، ئىختىيار سىلەردە! سىلەر قوماندان، سىلەر ھەم باشلىق... ماڭا بايىقى مۇناخنى چاقىرىپ بېرىڭلار. ئۇنىڭدىن تاتارلار بىلەن بىرگە بولغاندا كۆرگەن - بىلگەنلىرىنى، ئۇلارنىڭ نېمە قىلىۋاتقانلىقىنى سوراپ بىلەي... — دېدى ئۇ.

كىنەزنىڭ ۋىلادىمىر دېگەن كەنجى ئوغلى قىزلارغا ئوخشاش نازۇك، ياش يىگىت ئىدى. ئۇ مۇناخنى چاقىرماقچى بولۇپ، ئۆيدىن يۈگۈرۈپ چىقىپ كەتتى. باياتىن ئېغىز ئاچماي ئولتۇرغان رەزان كىنەزى رومان ئىنگىۋارېۋىچ:

— ئاشۇ قارا مۇناخ مېنىڭچە گۇمانلىق ئادەم. ئۇ كاپىرنىڭ ئەپتى ماڭا تونۇشتەك قىلىدۇ. زادى نەدىن كەلگەندۇ؟ — دېدى.

ۋىلادىمىر ھايال بولمايلا قايتىپ كەلدى. ئۇنىڭ بىلەن

بىرگە كەلگەن خىزمەتكار ئۇلۇغ كىنەزنىڭ ئالدىدا بېشىنى ئېگىپ تۇرۇپ:

— گېئورگى ۋسېۋولودوۋىچ كىنەز! مېنى ئەپۇ قىلغايسەن! قېرى مۇناخ، رەزان كىنەزى بىلەن بىرگە كەلگەن دەپ مېنى ئالداپ سارايغا كىرىپتۇ. ئۇ ئاشخانىغا كىرىۋېتىپ بېشىنى ئېشىكنىڭ ماڭلىيىغا ئۇرۇۋېلىپ بېشىدىكى بۆكى چۈشۈپ كەتتى. قارىساق چېچى چۈشۈرۈلگەنىكەن. زامانىدىن - زامانىغا قېرى مۇناخ چاچسىز يۈرمەيتتى. ئۇ شۇ يەردىلا روھانىلارغا مۇناسىپ كەلمەيدىغان سۆزلەرنى قىلدى. مەن بۇرۇلۇپ قارىغۇچە ئۇ كۆزدىن غايىب بولدى. تامنى تېشىپ چىقىپ كەتتىمۇ، ئۇچۇپ چىقىپ كەتتىمۇ بىلمەي قالدىم. ئۇ كۆز باغلايدىغان سېھرىگەر ئوخشايدۇ. بىرگە ماڭغاندا ئۇنىڭ «نىغ - نىغ زاپالام، بادا-كۇمارا» دەپ جىن - شەيتانلارنىڭ سۆزىنى قىلىپ كېلىۋاتقىنىنى ئاڭلاپ قالدىم. ئۇ بىزگە يامانلىقنىڭ ئۇرۇقىنى چېچىپ، ئۆزى چاشقانغا ئايلىنىپ كۆزدىن غايىب بولدىمىكىن، — تاڭ دېدى.

## تۆتنچى باب

## ۋەتەننى قوغداشقا ئالدىراڭلار

كىنەز گېئورگى ۋسېۋولودوۋىچنىڭ كىچىك ئوغلى ۋلادىمىر دادىسى بىلەن خوشلىشىۋاتقاندا كىنەزنىڭ ئالتۇن ئۈزۈك سالغان قولىنى سۆيۈپ تۇرۇپ:

— ئاتا، مەن نەچچە لەشكەر ئالمەن، — دېدى.

— بالام، لەشكەر شانۇشەۋكەتلىك شەھىرىمىزنى ھىمايە

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

قىلىشقا لازىم. مەن ئۆتكەنكى پىلانىمدىن ۋاز كەچتىم. لەشكەر ئورنىغا يېڭىغا سەركەردە قىلىپ نىيانكانى قوشۇپ بېرەي. ئۇنىڭ ئۆزى بىر توپ قوشۇندىن ئارتۇق. ئۇ ئەل يۇرتنى ئويغىتىپ شەھەر يېزىلاردىن ئادەم يىغىپ، ھەش - پەش دېگۈچە نۇرغۇن لەشكەر يىغالايدۇ. ئەگەر ئۇ ساڭا ھەمراھ بولۇپ يۈرسە ئۇنىڭدىن نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئۆگىنىسەن. ھەرقانداق دۈشمەن ئۈستىدىن غالىب كېلىسەن. ھەرگىز چېكىنمە، ھېچنەرسىدىن قورقما! مەن ئۇ مالچىلارنىڭ ئىپىنى ئوبدان بىلىمەن. قورغاننىڭ ئەتراپىنى تىمىسقىلاپ بىرئاز يۈرىدۇ - دە، ئاندىن ۋەھشى دالاغا قايتىپ كېتىدۇ.

— دادا، ئەگەر قورغاننىڭ ئۆزىلا مۇداپىئە بولالىغان بولسا، رەزان دۈشمەن قولىغا ئۆتمەس ئىدى. لەشكەر بولمىسا، قورغاننىڭ نېمە كېرىكى؟ — دەپ بالىسى ئۆز سۆزىگە دەلىل كەلتۈردى. بىراق دادىسى:

— رەزان دەۋاتقىنىنى قارا! نېمە دەۋاتقىنىڭنى بىلمەمسەن؟ رەزاننىڭ قورغانىنى قورغان دېگىلى بولامدۇ؟ ئۇنىڭ ئەبجەق قورغىنىدىن دۈشمەن تۇرماق مۈشۈكمۇ سەكرەپ ئۆتۈپ كېتىدۇ. رەزانلىقلارنىڭ تۇرقىنى دېمەمسەن، لەشكەر دېگەن شۇنداق بولامدۇ؟ بويلىرى ئېگىز - پەس، پۇتلىرى مايماق، ئۆزى لەقۋا! لەشكەر ۋىلادىمىرلىقلار بىلەن سۇزدالىقلارنىڭكىدەك بولسا بولىدۇ. بويلىرى قىرقىپ قويغاندەك تەكشى، گەۋدىلىك ھەم كېلىشكەن. رەزانلىقلارنى ئەزەلدىن بىز بوزەك ئېتىپ كەلگەن، بۇندىن كېيىنمۇ شۇنداق بولىدۇ. بالام، ئەمدى موسكۋانى قولدىن بېرىپ قويما، — دەپ نەسىھەت قىلدى.

— ئاكامغا ئالتە يۈز لەشكەر بەردىڭ، ماڭا بىرئازمۇ بەرمىسەڭ بولامدۇ؟

— ۋىسېۋولود كالومناغا كېتىۋاتىدۇ. موسكۋاغا قارىغاندا

ئىنتايىن مۇھىم. كالومنا ۋەھشىي دالانىڭ بوسۇغىسىدا، موسكۋا بولسا تۆت دەريانىڭ قويۇلۇشىدا تۇرغان كىچىك بىر شەھەر. ئېھتىمال تاتارلار سىنىڭ موسكۋايىڭغا ئېتىبارمۇ قىلماس.

بولىدۇ. ئون لەشكەر تاللاپ ئالغىن. ئۇلار ساڭا مۇھاپىزەتچى بولۇپ بارسۇن. ئۇلارنى ۋاقتى - ۋاقتىدا ئەۋەتىپ ماڭا خەۋەر يەتكۈزۈپ تۇرغىن، ئۆزۈڭنى ئاللاغا تاپشۇردۇم. شۆھرەت قازىنىپ، غەلىبە قۇچۇپ كەلسەڭ، سېنى رازى قىلىمەن.

— ئۇنداقتا رەزاننى مېنىڭ باشقۇرۇشۇمغا بەرگىن.

— بولىدۇ، ئۇزۇندىن بېرى، پۈتكۈل رەزاننى ئۆز يېرىمگە قوشۇۋېلىش نىيىتىممۇ بار ئىدى.

بۈيۈك كىنەز گېئورگىي ۋسېۋولودوۋىچ يۈز ئاتلىق قوروقچىنىڭ مۇھاپىزىتىدە، ئىككى نەۋرە ئىنىسىنى ئېلىپ، تاڭ بىلەن تەڭ يۈرۈپ كەتتى. كىنەزنىڭ ئايالى ئاگافىيەراستىلاۋىنا خانىم قەددى - قامىتى كېلىشكەن ئايال ئىدى. ئۇ ئاق جۇۋىسىنى يېپىنچاقلاپ، ئېرىنى ئىشىك ئالدىغىچە ئۇزىتىپ چىقتى. تاڭ ئاتقۇچە ئاشپەز ئاياللارنى ئۇخلاتماي، ئېرىگە يول ئوزۇقى تەييارلىتىپ، چانىغا سېلىشقىنىمۇ ئۈلگۈرگەنىدى. ئىككى كۆزىدىن ئاققان يېشىنى باسالماي يىغلاپ تۇراتتى. ئۇ، ئېرى بىلەن قۇچاقلىشىپ خوشلاشماي، پەقەت بېشىنى ئېگىپلا خوشلاشتى. چۈنكى ئۇ ئېرىنىڭ تېز قايتىپ كېلىمەن، دېگەن سۆزىگە ئىشەنگەنىدى.

كىنەز ئېيىق تېرىسىدىن تىكىلگەن جۇۋىسىغا يۆگىنىپ، چانىغا چاپلىشىپ ئولتۇرۇۋالدى. بىرىنىڭ كەينىدىن بىرىنى تىركەشتۈرۈپ قوشقان ئۈچ ئات، غىچىلداپ تۇرغان چانىنى سۆرەپ ماڭدى. ئالدىدىكى ئاتقا ئۇزۇندىن بېرى كىنەز ئائىلى-

سىدە خىزمەت ئىشلىگەن ئارگون① مىنگەنىدى. يولدىكى كىشىلەرنىڭ تونۇۋالماسلىقى ئۈچۈن كىنەز دەرۋازىدىن چىقىشىغا قۇندۇز ياقىسىنى ئېگىز قىلىپ كۆتۈرۈۋالدى.

شەھەرنىڭ تار ۋە قىڭغىر-قىيسىق كوچىلىرى تېخى قاراڭغۇ ئىدى. ئارىلاپ بەزى ياغاچ ئۆيلەرنىڭ قىرىن تارتقان كىچىككىنە دېرىزىلەردىن سۇس چىراغ يورۇقى كۆرۈنۈپ قالاتتى. بۇ يورۇق كۈندىلىك ھاياتنىڭ باشلانغانلىقىنى، كىشىلەرنىڭ پەچ يېقىپ، خېمىر يۇغۇرۇپ نان پىشۇرۇۋاتقانلىقىنى بىلدۈرەتتى.

شەھەر دەرۋازىسىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە كىنەزنىڭ يىگىرمىدەك چانىسى بىلەن يۈزدەك ئاتلىق لەشكىرى توسۇلۇپ قالدى. جىسەكچى شىبالكا يولۇچىلارنىڭ كىملىكىنى قايتا-قايتا سوراپ تۇرۇۋالدى. لېكىن كىنەز سىپاھىلىرى بىلەن خىزمەتكارلىرىغا مېنىڭ كىم ئىكەنلىكىمنى ھېچكىمگە دېمەڭلار دېگەنىدى. شىبالكا باشتىكى چانىغا بېرىپ قارىغانىدى. چانىدا ئولتۇرغان ئادەمنىڭ تىكىلىپ قارىغان بىر جۈپ قارا كۆزىنى كۆرۈپلا تونىدى. ئۇ دەرھال بېشىدىكى بۆكىنى قولىغا ئېلىپ ئېگىلىپ تەزىم بەجا كەلتۈردى-دە، يۈگۈرۈپ بېرىپ، ئېغىر دۇپ ياغىچىدىن ياسالغان دەرۋازىنى ئاچتى.

قولىغا ئۇزۇن ھاسا تۇتقان، بويى ئېگىز، كەتمەن ساقال مۇناخ سالتاڭ ئاتلىق لەشكەرلەرنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ دەرۋازىدىن چىقىپ كەتتى.

— ماۋۇ ئۇزۇن چاپان نەدىن پەيدا بولدى؟ — شىبالكا غۇدۇڭشىدى، — بۇ، خۇدا ئۇرغۇر نەق قارا مۈشۈكنىڭ

① ئارگون — بۇرۇنقى زاماندا رۇسلار ياغاچچى ئۇبىتىنى، پالتىچىنى ئارگون دەيتتى. ۋىلادىمىرلىقلار ياغاچچىلارنى ھازىرمۇ «ئارگون» دەپ ئاتايدۇ.

ئۆزگەن، بۈيۈك كىنەزنىڭ يولىنى توغرا كېسىپ ئۆتتى، سەپەردە ئوڭۇشسىزلىق بولمىسا بولاتتىغۇ.

ياش كىنەز ۋىلادىمىر بىلەن سەركەردە قېلىپ نىيانكا موسكۋاغا تېز يېتىش ئۈچۈن ئون نۆكەر بىلەن دەرھال يولغا چىقتى. ھەربىر نۆكەردە يېتەكتە بىردىن ئات بار ئىدى. ئۇلارنىڭ كەينىدىن ساۋۇت، قورال - ياراق، ئوزۇق - تۈلۈك، ئات يېمى بېسىلغان ئون چانا بىللە ماڭدى.

ئۇلار دەسلەپتە كىلىيازما دەرياسىنى بويلاپ ماڭدى. كېيىن يىلان ئىزىدەك بۇ ئەگرى - توقاي يول بىلەن ماڭسا مۇساپە ئۇزىراپ كېتىدۇ، دەپ ئۇدۇل يول بىلەن موسكۋاغا بىراقلا تارتتى. يولۇچىلار يول بويىدىكى چوڭ شەھەرلەر تۇگۇل، قېلىن ئورمانىنىڭ ئەڭ ئىچكىرىسىدىكى خىلۋەت يېزىلار-نىڭمۇ ئۆز بېشىغا كېلىۋاتقان بالا - قازادىن خەۋەر تاپقانلى-قىنى كۆردى. پۈتۈن رۇس خەلقى قوزغالغانىدى. دېھقانلار پالتىلىرى بىلەن ئارىلىرىنى بىلەپ، نەيزىلىرىنى ئۈچلاپ قوشۇن نەدە يىغىلىۋېتىپتۇ، دەپ بىر - بىرىدىن سورىشاتتى. لېكىن بۇ سوئالغا ھېچكىممۇ جاۋاب بېرەلمەيتتى. بۇ قوزغالغان خەلقنى بىرلەشتۈرۈپ، ئۇلارغا باش بولغۇدەك ئادەم يوق ئىدى.

كىنەز ۋىلادىمىر ئېتىنى دەم ئالدۇرۇش ئۈچۈن ئورمان ئىچىدىكى كىچىك بىر قىشلاققا كېلىپ توختىدى. ئۇ بىر ئۆينىڭ ئالدىدىكى لەمپىگە چىقىپ ئولتۇرۇۋىدى، ئورمان ئىچىدىن قولىغا پولات ئاچا تۇتۇپ، بويىغا ساداق ئاسقان ئېگىز بويلۇق بىر ئادەم لەپپىدە چىقىپ كەلدى. ئۇ بىر كىيىكنى يەلكىسىگە ئارتىپ مەزمۇت قەدەم بېسىپ كېلىۋاتاتتى. ۋىلادىمىرنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى - دە، بېشىدىكى بۆكىنى ئېلىپ ئۇنىڭغا سالام بەردى. ئۇ ياشانغان ئادەم بولۇپ، كۆ-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مۇشتەك چاچلىرى يەلكىسىگە چۈشۈپ، ئاپئاق ساقىلى پۈتۈن گەۋدىسىنى يېپىپ تۇراتتى.

ئالدىدا تۇرغان كىشىنىڭ ۋىلادىمىر كىنەزنىڭ كىچىك بالىسى ئىكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن، بوۋاي ئۆزى ئېتىۋالغان كىيىكنى ياش كىنەزنىڭ ئالدىغا قويدى.

— بۇ سىنىڭ رىسقىڭ، بەگ يىگىت! لەشكەرلىرىڭ بىلەن چۈشلۈك قىلارسەن. بىر قەلەندەر مۇناختىن رۇس تۇپرىقىغا قارا چۈمۈلىدەك بېسىپ كېلىۋاتقان ياۋ توغرىسىدا ئاڭلىدىم. بۇنى ئاڭلاپ چىدىماي ئىنىمدىن ئېيىقتەك ئۆمىلەپ چىقتىم. ئۇزۇن يىللاردىن بېرى سازلىقتا ياشاپ كېلىۋاتىمەن. كەسپىم ئېيىق، بولان ئوۋلاش، ئورماندىكى ھەرىلەرنىڭ ھەسەللىرىنى يىغىش. ئاشۇ ھەرىلەرنىڭ خاسىيىتىدىن كۆن كەچۈرۈۋاتقان بىر ئادەممەن!... ئۆز پۈشتۈمدىن بولغان يىگىرمە يەتتە بالام ۋە نەۋرەم بار. ھېلىقى خەۋەرنى ئاڭلاپ، باللىرىمنى تەشكىللەپ سوقۇشقا ئاتلاندۇراي دەۋاتىمەن. ھەممىمىز بىرلىشىپ ياۋۇز دۈشمەننىڭ تۇمشۇقىنى قانىغا بويايمىز. ئەڭ بولمىغاندا ھەرقايسىمىز ئۇ كاپىرلارنىڭ بىر جۈپتىن ئېتىنى بولسىمۇ تارتىۋالارمىز دېگەن ئۈمىدتىمىز! نەگە يىغىلىمىز! شۇنى بىلىۋالساق كۇپايە ئىدى، — دېدى ئۇ.

— ۋىلادىمىر شەھىرى يېقىن بولغاندىن كېيىن، شۇ يەرگە بېرىڭلار.

— داداڭ كىنەز گىئورگىي ۋىسېۋالودوۋىچ تۆرىنىڭ ئالدىغا دەمسەن! مەن ھەرگىز بارمايمەن. ئۇ ئېپى يوق ئادەم. بۇنىڭدىن ئون بەش يىل مۇقەددەم داداڭ سۇزدالى قوشۇنىنى دەسلەپتە گازا دەرياسىنىڭ، كېيىن لىپسا دەرياسىنىڭ بويىغا باشلاپ باردى. ئاندىن ئاۋرو تېغىغا بىرىپ پۈتۈن قوشۇندىن ئايرىلدى. ئون مىڭ سۇزدالى دېھقىنى بىكاردىن - بىكارغا

قۇربان بولدى. ئىستى، يىگىت بولغاندىمۇ قانداق يىگىتلەر ئىدى دېسەڭچۇ. ئۇلار كىمنىڭ تېغىدا قۇربان بولدى دېمەسەن! ئۆزىمىزنىڭ نوۋگورودلۇق، سۇمالىنىدىك، روستوۋلۇق ئاغىنىلىرىمىزنىڭ قولىدا هالاك بولدى. ئۇلار نېمە ئۈچۈن سىرقوشتى؟ بۇنى بىلەمسەن، ياق سەن ئۇنى بىلمەيسەن!

— بىلمەن، ئۇلار دادام كىنەز گىئورگىي ۋىسېۋالودوۋىچنى يوقىتىپ ئۇنىڭ قولىدىكى هاكىمىيەتنى ئالماقچى بولۇشقان.

— كىنەزلەر ئۆزلىرى كېلىشەلمىدى. ۋىلادىمىرنى كىنەز گىئورگىي ۋىسېۋالودوۋىچ سورامدۇ ياكى ئۇنىڭ بىر تۇغقان ئىنىسى دوستوۋ كىنەزى كونستانتىن سورامدۇ — شۇ ئۈستىدە تالاش - تارتىش بولدى. ئاكا - ئۇكا بىر - بىرىگە خىرىس قىلىپ ئېتىلدى. شۇنىڭ بىلەن قابىلنىڭ هابىلنى ئۆلتۈرگۈسى كەلدى①. ئاكا - ئۇكا ئىككىيلەن ئۆزىنىڭ مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن نادان دېهقانلارنى بىر - بىرىگە دۈشمەن كۆرسىتىپ ئۇرۇشقا سالدى. بىزنىڭ يەلكىمىزدە كونستانتىن بىلەن گىئورگىنىڭ قايىسى تۇرسىمۇ ئوخشاش. ئۇلارنىڭ بىر - بىرىدىن ئارتۇق يېرى بارمۇ؟! ئىككى ئات تېپىشسە ئوتتۇرىدىكى ئېشەككە زىيان دېگەندەك، ئىككى ئوتتۇرىدا گۇناهسىز بىچارە دېهقانلار قىرىلىپ كەتتى! ئاخىرى بىز يېڭىلدۇق. ئۇ چاغلاردا تاتار دېگەن خەلقنىڭ ئىسمىنى ئاڭلىمىغانىدۇق. لېكىن هېلىقى ئىككى ئاكا - ئۇكا تاتارلاردىنمۇ دەهشەتلىك سوقۇشتى. هازىر سېنىڭ

---

① قابىل بىلەن هابىل (خرىستىئانلاردا كايىن هاۋىل) قۇرئاندا، بابىلدا، ئىنجىلدا هېكايە قىلىنىشىچە، ئادەم ئەلەيهىسسالامنىڭ بالىلىرىدىن قابىل هابىلنى كۆرەلمەي، ئۆزىنىڭ بىر تۇغقان ئىنىسىنى تاش بىلەن ئۇرۇپ ئۆلتۈرگەن. بۇ ئىنسانلار تارىخىدا تۇنجى قېتىم ئادەمنى ئادەم ئۆلتۈرۈش ۋەقەسى بولۇپ هېسابلىنارمىش.

داداڭ — كىنەز گىئورگىي ۋىسېۋالودوۋىچ بارمىقىنى چىشلەپ، پۇشايمان قىلىۋاتقاندۇ. ئېھتىمال ئۇ ئۆلۈپ كەتكەن ئون مىڭ لەشكەرنى ئەپسۇن ئوقۇپ تىرىلدۈرۈپ، تاتارلارغا قارشى جەڭگە سالىدىغان سېھىرگەرنى نەدىن تاپارمەن دەپ خىيال سۈرۈۋاتقاندۇ. ئەمما ۋىلادىمىر كىنەزى قانچە چوقۇنسىمۇ، قانچىلىك زىكرى قىلسىمۇ ئۆلگەن ئۆلۈكنى تىرىلدۈرۈۋالالمايدۇ. گەپ شۇ يەردە. لېپا بويىدىكى سوقۇشلاردىن ماڭا ئوخشاش ئامان قالغان بىرەر - يېرىم چاللار ھەممىزمۇ داداڭنىڭ كەينىدىن ماڭمايدۇ!

— نېمىدەپ دۈشمەننىڭ سۆزىنى سۆزلەپ تۇرىسەن؟ — دېدى كىنەز ۋىلادىمىر چىچىلغان ھالەتتە، — سەن كىم بولىسەن؟ بۇ سۆزلەرنىڭ ئۈچۈن ھازىرنىڭ ئۆزىدىلا بۇ يورۇق دۇنيادىن يوق قىلىنىسەن!

— ناھايىتى ئۆلۈپ كەتكەن كۆپنىڭ بىرى بولارمەن. بىراق تاتارلارنىڭ بۇ يەرگە كېلىشى ئېنىق. كىنەز ماقۇل بولسۇن، بولمىسۇن دېھقانلار ئۆزىمىز جەڭگىۋار سەپ تۈزۈپ، تاتارلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىمىز. ئۇلارنى تۇپرىقىمىزدىن قوغلاپ چىقىرىشقا تىرىشىمىز. كىنەز گىئورگىي ۋىسېۋالودوۋىچنىڭ قانداق ئۇرۇشىدىغانلىقىنى تېخى كۆرەرمىز. مەن ئۆز باللىرىم ۋە نەۋرىلىرىم بىلەن ئۆز قوشۇنۇمنى قۇرىمەن. باشقا پىدائىيلار چىقسا ئۇلارنىمۇ نېرى تۇر، دېمەيمەن. تاتارلارنىڭ لەشكەرلىرىنى ئىشتىكلىرىمىز بىلەن قارشى ئالىمىز... كىنەز ۋىلادىمىر سەن مېنىڭدەك بىر چالغا كايىماي قوي. ئۇنىڭدىن مېنىڭ ماۋۇ كىيىكىمنى ئېلىپ، گۆشىنى يە. بىراق ئۇرۇشتا تاتارلارغا ئىتتىكنىڭ قۇيرۇقىنى كۆرسەتكۈچى بولما. قايتماي ئۇرۇش... — ئۇ شۇنداق دېدى - دە، بېشىدىكى بۆكىنى ئېلىپ ۋىلادىمىر كىنەزگە باش ئېگىپ ھۆرمەت

بىلدۈردى. ئاندىن كۈمۈشتەك چاچلىرىنى ئارقىغا تاشلاپ، گەۋ-
دىسىنى تىك تۇتۇپ، ئاستا مېڭىپ كەتتى. چاتقاللىقنىڭ
ئارىسىدىن نەيزە ۋە ساداقلارنى ئاسقان، ئۇزۇن تېرە جۇۋىلار-
نى كىيگەن ئېگىز بويلۇق، كېلىشكەن، بىر توپ دېھقانلار
چىقتى - دە، قاقىردەك تىزىلىپ ئاتىسىنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ
ماڭدى.

## بەشىنچى باب

## مەشكافقا باردىمىز

بىر كۈنى سۇبىتاي باھادىر باتۇخانغا مۇنداق دېدى:

— جاھانگىر، سادىق خىزمەتكارىڭنىڭ ساڭا ئېيتىدى-
غان سۆزى بار، قولاق سالغايسەن. مۇھىم ئىشلار ئەمدى
باشلانغۇسى، پۈتۈن دۇنيانىڭ دەرۋازىسىنى ئاچىدىغان ئاچقۇچ
تېخى ئالدىمىزدا تۇرۇپتۇ. شۇڭا بىز دەرھال مەشفا① شەھرىگە
ئاتلىنىپ، ئۇنى باشقا خانلاردىن بۇرۇن قولغا چۈشۈرۈشىمىز
كېرەك. ئۇنىڭدا چەت ئەللەردىن كەلتۈرۈلگەن نۇرغۇن جاۋا-
ھىرلار، جاھازا - مۈلۈكلەر ساقلىنىۋاتقان خەزىنىلەر بار. ئۇنىڭ-
دا پۈتۈن ئالەمنى كەزگەن، ھەددى ھېسابسىز بېيىغان سودى-
گەرلەر كۆپ. ئۇ يەردە بىز ھېسابسىز نۇرغۇن بايلىققا كۆمۈ-
لىمىز. چەت ئەلدىن كەلتۈرۈلگەن ئالتۇن - كۈمۈش، يۇناننىڭ
قىزىل شارابى، گېرمانىنىڭ مۇۋۋەت رەختلىرى بىزنىڭ ئىلكىمىزگە
ئۆتىدۇ.

---

① مەشفا، مەشكاف — قەدىمكى شەرق كىتابلىرىدا موسكۋانى شۇنداق
دەپ ئاتايتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

باتۇخان ئۇنىڭغا كۆزىنى چەكچەيتىپ قاراپ بىر ئاز-دىن كېيىن:

ھازىر مەن ئىنتايىن بىر مۇھىم ئىش ئۈستىدە ئويلىنىۋاتىمەن. سەن دېگەن ئىشلار ئۈستىدە ئويلىنىشقا ھازىر ۋاقىت يوق. ئەتە بىر گەپ بولار، — دەپ جاۋاب بەردى.

سۇبىتاي پۇشۇلداپ تۇرۇپ، باتۇخاننىڭ ئالتۇن ھالقا سالغان قۇلىقىغا ئېگىشىپ، ئاچچىقى بىلەن:

— ئۇرۇشتا بىر كۈن ھەتتا بىر سائەتنى قولدىن بېرىپ قويۇش، غەلىبىنى قولدىن بېرىپ قويۇش دېگەنلىك. توقسەن توققۇز يىل قىلغان ئىبادەتنى بىر كۈندە يوق قىلىۋەتكەنلىك. ئەڭ مۇھىم پەيتنى بىكارغا ئۆتكۈزۈۋاتىسەن. ماۋۇ يىغلاڭغۇ، غەيۋەتخورلارنى بۇ يەردىن كېيىن يېنىڭغا يولاتما! بۇ ئاقىنلارنى يە ئۆزۈڭ يوقات، يا بولمىسا ماڭا قويۇپ بەر. ئىجازەت بەرسەڭلا بەس. «پىدائىيلار» نى ئەۋەتىپ ھەممىسىنىڭ ۋەت - ۋەرىكىنى چىقىرىۋېتىمەن، — دېدى.

غەزەپتىن باتۇخاننىڭ پۈتۈن بەدىنى غالىلداپ تىترەپ كەتتى. ئۇ سۇبىتاي باھادىرغا ئالىيىپ قارىغانىدى، قېرى يولپىزىنىڭ يەكچەشمە كۆزى غەزەپتىن قىسىلىپ، ئۆمۈر بويى سۇ كۆرمىگەن يۈزى پۈرلىشىپ، قۇيقا چېچى تىك تۇرۇپ، ئاغزىدىن كۆپۈك قايناپ، سەبرى قاچىسىنىڭ تاشقانلىقى مەلۇم بولدى.

باتۇخان ئۆزىنى بالىلىق دەۋرىدىن باشلاپ تەربىيىلەپ ئۆستۈرگەن بۇ ئۇستازىدىن ئەيمىنىپ، ئېھتىيات قىلاتتى. شۇڭا ئۇ ئاچچىقىنى دەرھال ئىچىگە يۇتتى. ئۇ ئىلتىماس بىلەن ئالدىغا كېلىپ تىزلىنىپ باش ئېگىپ تۇرغان مۇڭغۇللارغا بۇرالدى. ئادەم ئىنتايىن كۆپ ئىدى — بىر ئۇچى ياغاچ چېركاۋنىڭ ئىچىدە بولسا، يەنە بىر ئۇچى چەكسىز كەتكەن

دالاغا سوزۇلغان بولۇپ ئاخىرىغا كۆز يەتمەيتتى. باتۇخان كەيپىنىڭ ئۇچقانلىقىنى بىلدۈرمەسلىككە تىرىشىپ:

— مىنى كۆپچىلىك «تەڭدىشى يوق ياخشى ئادەم»، «شاپائەتلىك خاقان»، «ساھىب قىران خان» دەپ ئاتايدۇ. مەن ئۇنىڭغا مۇناسىپ ئەمەس! ماڭا چىن ئىخلاس بىلەن سادىق خىزمەت قىلىۋاتقان ھەرقانداق بىر كىشى توپتوغرا ئالدىمغا كېلىپ، ئەرز ھالىنى ماڭا بىۋاسىتە ئېيتالايدۇ...، — دېدى.

سۇبىتاي توختىماي كالپۇكىنى يالايتتى. باتۇخان ئۇنىڭغا كۆزىنىڭ قۇيرۇقى بىلەن قاراپ قويدى.

— يەنە ئىككى چېقىمچىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ قوياي، ئىككىمىز ئاندىن كېيىن سۆزلىشەيلى، — دېدى قېرى قوماندانغا.

باتۇخان چېركاۋ مېھرابىنىڭ ئۈستىدە چازا قۇرۇپ ئولتۇراتتى. چېركاۋنىڭ خۇدا رەسمى ئېسىلغان تېمىدىكى ئوچۇق تۆرغان ئىشىكىدىن قىپچاقچە ئالا چاپان كىيگەن بىر چال ئۆملەپ، خاننىڭ قېشىغا كەلدى. باتۇخان ئۇنىڭغا سالقىن نەزەر بىلەن قارىدى.

— نېمە ئارزۇ - ئارمىنىڭ بار؟

— مېنىڭ ئىسمىم نەزەر - كەرىزەك. سېنىڭ غالىب قوشۇنۇڭ بىلەن يىراقتا قالغان چىغانلىق شەھەردىن بىرگە كېلىۋاتىمەن... شۇندىن بېرى قانداق ئىش تاپشۇرۇلغان بولسا، ئىخلاس بىلەن ئىشلەپ كەلدىم.

— ئاقساقال، سەن نېمە ئىش بىلەن مەشغۇل بولىسەن؟

— مەن تەڭدىشى يوق باتۇر سۇبىتاي باھادىرنى ئويغاتقۇچى خورازنى باقىمەن...

باتۇخان ئۆزىنىڭ قەھرلىك ئۇستازىنىڭ ئۈستىدىن قىلىنغان ئەرزنى ئاڭلاشقا خۇشتار ئىدى. شۇڭا: بۇ چالنى سۇبىتاينىڭ ئۈستىدىن ئەرز قىلىدىغان ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپ، كۆڭۈل ئاسمىنى ئېچىلغاندەك بولدى.

— ئەرزىگىنى ئېيت! سۇبىتاي باھادىر ساڭا جەبىر كۆرسەتتىمۇ؟

— ياق، ئۇلۇغ پادىشاھىم! ماڭا ئاللاتائالانىڭ قەھرى تەگدى. ئاللاتائالا ئىگەم بىزنىڭ گۇناھىمىزنى مەغپىرەت قىلغاي. سوقۇشقا ئۆزۈم بىلەن بىرگە تۆت بالام بىللە ئاتلانغانىدى. ئۇلار بىر - بىرىدىن باتۇر، يېنىپ تۇرغان ئوت ئىدى.

— يارايسەن! ئۇ ساڭا بېرىلگەن ئەڭ چوڭ مەرتىۋە. ئۇنىڭ ئۈچۈن ماختىنىشىڭ كېرەك.

— رۇسلار بىلەن دەسلەپكى تۇتۇشقان كۈنى، تۆمۈر دېگەن ئوغلۇم قازا بولدى. ئۇ ئىنتايىن باتۇر ئەزىمەت ئىدى. ئوغلۇمنىڭ ئىمانى كامىل. ياتقان يېرى جەننەت بولغاي! — دەپ يېڭى بىلەن كۆزىنى توسۇپ، تىترەپ يىغلاشقا باشلىدى.

— بالاڭنىڭ ئۇرۇشتا ئۆلگەنلىكى ئۈچۈن خۇشال بولغىن. ساڭا قانداق مۇكاپات كېرەك.

نەزەر - كەرىزەك قولى بىلەن بۇرنىنى سۈرتۈپ، شۇۋرىلىغان ئاۋاز بىلەن:

— سېنىڭ قولۇڭدىكى قۇربانلىق قوشقارىڭمەن. ماڭا نۇرغۇن مۇكاپات ھاجەتسىز، سېنىڭ مېھرىبان سۆزلىرىڭ ماڭا ئەڭ چوڭ مۇكاپات، — دېدى.

— بۇ چالىنى مەن ئوبدان بىلىمەن. ئۆزى ئەدەب - قائىدىلىك، قانداق ئىش تاپشۇرۇلسا ئىخلاس بىلەن ئىشلەيدۇ. شۇڭا بۇنىڭغا ئۆزىمىزگە پايدىلىق بىر ئىشنى تاپشۇرساق بولىدۇ. ئاقساقال بۇياققا چىقىپ كۈتۈپ تۇر، — دېدى سۇبىتاي.

ئەھۋال ئېيتىپ كەلگەنلەرنىڭ نۆۋەتتىكىسى ئەرەبچە كىيىنگەن كىشى ئىدى. ئۈستىدە ئالا چاپان. بېشىدا مۇسۇل-

ھانچە سەللىسى بولۇپ، ئۈستىدىكى كەمزۇلى يىرتىلىپ پارە - پارە بولۇپ كەتكەنىدى. بۇ چەتتىن كەلگەن سودىگەر ئىدى. ئۇ خاننىڭ يېنىغا ئۆمىلەپ بېرىپ تىزلىنىپ ئولتۇر-دى - دە، مۇشتۇمىسى بىلەن مەيدىسىنى مۇشتلاپ تۇرۇپ بىر نەرسىلەرنى دەپ، بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتى.

— بۇنىڭغا نېمە كېرەككەن. سۆزىنى چۈشىنەلمىدىم، — دېدى خان.

— ئۇ بۇخارالىق ئون ئىككى سودىگەرنىڭ باشلىقى. ئۇلار سىنىڭ شۆھرەتلىك قوشۇنىڭ بىلەن بىرگە يۈرۈپ، لەشكەرلە-رىڭ ئۇرۇشتا ئولجا ئالغان كىيىم - كېچەك ۋە ھەر تۈرلۈك نەرسىلەرنى سېتىۋالىدۇ. بۇ، بۇخارالىق سىنىڭ لەشكەرلىرىڭ ماڭا زۇلۇم قىلدى، ھېچبىر گۇناھسىز مەن بىچارىنى ئۇرۇپ، بارلىق مۈلكۈمنىڭ بىرىنى قويماي تارتىۋالدى، دەپ لەش-كەرلىرىڭ ئۈستىدىن شىكايەت قىلىپ كەپتۇ، — دەپ خانغا سودىگەرنىڭ سۆزىنى تەرجىمە قىلىپ بەردى تىلماچ.

بۇنى ئاڭلىغان باتۇخان بىردىنلا ھوشيارلىنىپ، بۇرۇن-قىسىدىن كۆتۈرۈلۈپرەك ئولتۇردى:

— سودىگەرلەرنىڭ ماڭا پايدىسى كۆپ. ئۇلار بىزگە ئېھتىياجلىق بولغان نەرسىلەرنى ئەكىلىپ بېرىدۇ. سودىگەر-لەرنىڭ لەشكەرلەرگىمۇ نۇرغۇن پايدىسى تېگىدۇ. ئۇلارنىڭ ئۇرۇشلاردا غەنىيمەت ئالغان قىممەتلىك ماللىرىنى دۈمبىسىگە ئارتىپ پۈتۈن دۇنيانى ئايلىنىپ چىقىشى مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا سودىگەرلەرگە زۇلۇم سالغانلار جىنىدىن ئۈمىد كۈتمىسۇن. سېنى بۇلىغان ئاشۇ ئىتلارنىڭ ئەڭ بولمىغاندا بىرىنى بىلسىمۇ تونامسەن؟ — دېدى.

— سىنىڭ لەشكەرلىرىڭنىڭ سانى ئاسماندىكى يۇلتۇزدىن-مۇ كۆپ. ئۇنىڭ قايسى بىرىنى بىلەي. لېكىن مېنى بۇلىغان ئادەملەرنى كۆرسەملا تونۇيالايمەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

— ماقۇل ساڭا بىر مەسلىھەت كۆرسىتەي، ماۋۇ ئويغاتقۇچى خورازنى باقىدىغان قېرىنى چەت ئەلدىن كەلگەن سودىگەرلەرگە مەسلىھەتچى ۋە تىلماچ قىلىپ قويساق. بۇ ناھايىتى پىششىق چال ئۇلارنىڭ غېمىنىمۇ قىلار، يەنە بىر جەھەتتىن ئۆزىنىمۇ ئۇنتۇپ قالماس، — دېدى سۇبىتاي.

— بۇ كېپىڭ توغرا! — دېدى باتۇخان ئورنىدىن تۇرۇۋېتىپ. نۆكەرلەر دەرھال خانىنى قولتۇقىدىن يۆلەپ تۇرغۇزدى. باتۇخان چېركاۋدىن چىقىدىغان ئىشككە قاراپ ماڭغانىدى، ئەرز - شىكايەت قىلغۇچىلار چۇقىرىشىپ كەتتى. كۆپچىلىك تەرەپ - تەرەپتىن يىغلاپ، ئىڭراپ چېركاۋنى بېشىغا كىيدى.

— ئەڭ بولمىغاندا بىر - ئىككى ئېغىز سۆزىمىزنى بولسىمۇ ئاڭلا. بۈيۈك قەھرىمان، ساھىب قىران! — دەپ يېلىنغان ئاۋازلار پەلەككە كۆتۈرۈلدى.

— بۇلارنى يېنىمغا كەلتۈرمە دېمەپمىدىم! — دېدى سۇبىتاي ئاچچىقى بىلەن.

— قازىلىق قىلىپ سوراق سوراش سېنىڭ ئىشىڭ ئەمەس، سېنىڭ ئىشىڭ جەڭ قىلىش. نۆكەرلەر! مۇنۇلارنىڭ ھەممىسىنى قوغلاپ چىقىپ ئۆينى بوشىتىڭلار! — دەپ ۋارقىرىدى باتۇخان.

تاتار لەشكەرلىرى قوشۇنلارغا بۆلۈنۈپ، ھەرقايسىسى ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل ھالدا ئالغا ئىلگىرىلىدى. يولدا ئۇچرىغان شەھەر ۋە يېزا - قىشلاقلارنى بۇلاپ - تالاشتا ئۆز ئارا جاڭجاللاشماسلىق ئۈچۈن ئۇلار ئارىلىقنى كەڭ قويۇپ، سەپنى ئۇزۇن قىلدى. بىرلىشىپ ئۇۋغا چىققان ئوۋچىلاردەك موڭغۇللار رۇس تۇپرىقىنى ئالا قويماي قورشاپ ماڭدى. بۇلغارچى، قىرال-

ياراق ياسىغۇچى، ھەر تۈرلۈك كىيىم تىكىدىغان ھۈنەرۋەنلەردىن باشقىلارنىڭ ھەممىسىنى دەل مۇشۇ قورشاۋنىڭ ئوتتۇرىسىغا قامىماقچى بولدى.

تاتار - مۇڭغۇل لەشكەرلىرى يېزا - قىشلاقلارنى قويماي ئاقتۇرۇپ قولغا چۈشكۈدەك بىر نەرسىنىڭ يولۇقمىغانلىقىدىن زارلاندى.

— باتۇخان بىزنى نەگە باشلاپ كەلدى! ئۇ بىزگە رۇسلار بىزگە پۈتۈنلەي قوندۇز قولاقچا، بولغۇن، سۇسەر جۇۋا كىيىدۇ. رۇس يېرىگە بارغاندىن كېيىن ھەممىڭلار ئاتاقلىق تويانلار بىلەن سودىگەرلەرگە ئوخشاش يۇزۇر كىيىملەرنى كىيىپ كېلىسىلەر، دەپ قىزىقتۇرغانىدى. ئۇ شۇنداقلا دەپ قويغان سۆز ئىكەن - دە، بۇ يەرگە ئۇنداق رۇس تۈگۈل ئەڭ بولمىغاندا پۇتىغا بولغار ئۆتۈك كىيگەن ئادەمنى كۆرمىدۇق. بۇلارنىڭ كىيىپ يۈرگىنى ساپلا قولدا توقۇغان چەكمەن بىلەن تېرە جۇۋا ئىكەن. پۇتىغا كىيگىنى قەدىمكى زامانلاردىكى تالنىڭ قاسرىقىدىن توقۇغان چوقاي، شۇنچە يىراقتىن ئات تەرلىتىپ كەلگىنىمىز نېمە بولدى! بۇ يەرگە نېمە دەپ كەلدۇق! ئاتلىرىمىز ئۆيىنىڭ چېدىرىغا سېلىنغان سېسىق چۆپ بىلەن قارا بۇغداينى يەيمىز دەپ خېلى جاپا چەكتى. ئاتلىرىمىز قېلىن قارنى ئېچىپ ئوتلىيالمايۋاتىدۇ. مۇشۇنداق كېتىۋېرىدىغان بولسا ئاستىمىزدىكى ئاتلاردىن ئايرىلىپ قالىدىغان ئوخشايمىز. رۇسلاردىن غەنىيمەت ئالغان ئاتلار ھۇجۇمغا يارىمايدۇ. كېچە - كۈندۈز چانىدا سۆرەپ يۈرىدىغىنىمىز كالا گۆشى، مۇشۇ كەمگىچە قولىمىزغا بىر دانە تۈلكە جۇۋىسى چۈشمىدى. بۇ ھېلىگەرلەر بارلىق ئېسىل ماللارنى ئورماننىڭ ئەڭ ئىچكىرىسىگە ئەكىرىپ تىقىۋەتكەن ئوخشايدۇ. ئورمانلارنى بولسا ئادەمنىڭ بېلىگە كەلگۈدەك قېلىن قار بېسىپ ياتىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئۇ يەردە چۈپمۇ يوق. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەربىر دەرەخ تۈۋىدە ئەجەل سېنى كۈتۈپ تۇرىدۇ... — دېيىشىپ لەشكەرلەر ئۆز نارازىلىقىنى ئەتراپىدىكىلەر بىلەن ئورتاقلىشاتتى.

موڭغۇل لەشكەرلىرى ئولجا كۆڭۈلدىكىدەك بولمىغانلىقىدىن پۈتۈن ئۆچىنى تۇتقۇنلاردىن ئالىدىغان بولدى. ئۇلار تۇتقۇنلارنىڭ ھەممىسىنى ئاندىن تۇغما قىلىپ يېشىندۇرۇپ ھەممە نەرسىسىنى بۇلىۋالاتتى. ئۈستىدىكى چەكمىنى قىرىق ياماق بولسىمۇ ئاياپ قويمايتتى. ئۇلارنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىر تال كۆڭلىكىمۇ يەشكۈزۈۋېلىندى. ھەممە نېمىسى تالىنىپ بولغان بىچارىلەرنى ئاندىن تۇغما ھالدا دالاغا تاشلىۋەتتى. جاڭىلداپ تۇرغان سوغۇقتا ئۇلار توپ - توپى بىلەن قېتىپ قالدى.

باتۇخان بىلەن سۇبىتاينىڭ قوشۇنى يىلاندەك تولغىنىپ ئاقىدىغان ئوكا دەرياسىنى ياقىلاپ كېچە - كۈندۈز توختىماي ماڭدى. ئۇلار مەشكاف دېگەن شەھەرگە باشقىلاردىن بۇرۇن بېرىشقا ئالدىرىغانىدى. باشقىلارنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، ئۇ يەردە چەت ئەللەردىن كەلتۈرۈلگەن ئېسىل نەرسىلەر ھەددى - ھېسابسىز كۆپمىش.

يەكچەشمە قېرى قوماندان بىرنەچچە بۇلغار سودىگەرلىرىنى بىرگە ئېلىپ ماڭدى. توختىغان يەرلەردە ئۇ سودىگەرلەرنىڭ قايسى يۇرتلۇقلۇقىنى، قايسى يول بىلەن كەلگەنلىكىنى، دېڭىز ئارقىلىق چەت ئەللەرگە قانداق ماللارنى ئاپىرىپ ساتىدىغانلىقىنى. گەپ ئاڭلىمايدىغان رۇسلاردىن قانداق نەرسىلەرنى سېتىۋالىدىغانلىقىنى سوراتتى. ئۇ يەنە «مەشكاف قانداق شەھەر؟ سودىگەرلەر شەھەرنىڭ قايسى تەرىپىدە تۇرىدۇ؟ ئۇلارنىڭ خەزىنىلىرى قانداق؟ ئۇلار ئالتۇنلارنى نەگە قويىدىكەن؟ سودىگەرچىلىكنىڭ پايدىسى كۆپمۇ؟ سودىنى قەيەردە ئۆگەنگەن؟» دەپ تەكرار سورايتتى.

باتۇخاننىڭ «يەتتە يۇلتۇز» دەپ ئاتالغان يەتتە خوتۇنى ئالدىنقى قوشۇننىڭ كەينىدىن قالماي كېلىۋاتاتتى. چۈنكى جاھانگىرنىڭ ئۆزى شۇنداق دەپ ئەمىر قىلغانىدى.

ئىچى ئىسسىق، قاماللىرى مۇستەھكەم مۇناستىرلار بولسىمۇ جاھانگىر ئۇلارنى مۇناستىرلارغا قويمىدى. ئۇ يەردە جەڭدە غەنىيمەت ئالغان ئەڭ ئېسىل ماللىرىنى قالدۇرۇپ كەتتى. «مەن نەگە بارسام مېنىڭ ‹يۇلتۇزلىرىم› شۇ يەرگە بېرىشى كېرەك» دەيتتى باتۇخان. شۇڭا ئۇ ئاياللىرى، خىزمەتچىلەر بىلەن بىللە چانىلارغا چۈشۈپ قوشۇننىڭ كەينىدىن قالماي ماڭاتتى.

پەقەت باتۇخاننىڭ مۆڭگۈلدىن ئالغان ئەڭ چوڭ ئاغىچا خېنىمى ئالتۇن كىرېست بار، ئالىپتا ياسالغان قىزىل پاۋوسكىغا مۇيەسسەر بولدى. بۇ بۇرۇن رەزان ئېپىسكوپىنىڭ يۇرت ئارىلىغان ۋاقتىدا چۈشىدىغان پاۋوسكىسى ئىدى. ئالتۇن كىرېست بار، قىزىل پاۋوسكىنى كۆرگەن رۇسلار بۇرۇنقى ئادىتى بويىچە دەرھال زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ چوقۇناتتى.

دەريانىڭ ئايلانما بىر دوقمۇشىدا باتۇخان ئاستىدىكى قارا ئايغىرنىڭ تىزگىنىنى تارتىپ توختاتتى. ئالغا كېتىۋاتقان قوشۇنلار ئۆتۈپ بولغۇچە قاراپ تۇردى. خان توختىغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ مۇھاپىزەتچى يۈز لەشكىرى خاننىڭ تۇغى ئاستىغا كېلىپ يىغىلدى.

ئۆتۈپ كېتىۋاتقان قوشۇنلارنىڭ ئۇرغۇنىنىڭ بىر ئىككىسىدىن يېتەكلىكتە ئېتى بار ئىدى. ئۇلارغا ئاشلىق ۋە باشقا نەرسىلەر سېلىنغان خۇرجۇنلار ئارتىلغانىدى.

ئالدىنقى قوشۇننىڭ كەينىدىن تاپ بېسىپلا بىر توپ چانا كەلدى. بۇ باتۇخاننىڭ يەتتە ئايالى ۋە ئۇلارنىڭ خىزمەتكارلىرىنىڭ كارۋىنى ئىدى. باتۇخان بىر نۆكەرنى چاقىردى - دە، ئۇنىڭغا شىۋىرلاپ بىر نەرسە دېدى.

www.uyghurkitap.com

ئاغىچا خېنىمنىڭ پاۋوسكىسىغا ئۈچ ئاق بوز ئات قوشۇلغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئالدىدىكى ئاتقا ئىسسىق جۇۋا كىيگەن بىر يىگىت مىنىۋالغانىدى. ئاتچىنىڭ قولىدا ئۇزۇن نەيزە تۇراتتى. ئۇلارنىڭ كەينىدىن ئېيىق تېرىسىگە پۈركەنگەن بەش چانا كېلەتتى. بۇ چانىلارغا ھەرتۈرلۈك مۈلۈكلەر قاچىلانغانىدى. جاھانگىر يېتىپ كەلگەندە ئالدىدىكى پاۋوسكا توختىدى. جاھانگىرنىڭ چوڭ خوتۇنى ئۈستىگە كۆك يېپەكتىن كىيىم كىيگەنىدى. سېمىزلىكىدىن، ھاسىراپ يۈرۈپ پاۋوسكىنىڭ ئىشىكىدىن ئاران چىقتى. موڭغۇل ئادىتى بويىچە پاۋوسكىدىن چۈشۈپلا كۆلتۈك قاردا بىر پۇتى بىلەن تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ باتۇخان نېمە دەيدىكىن دەپ كۈتۈپ تۇردى.

باتۇخان تۇرغان ئورنىدىن قوزغالمىدى. بۇ چاغدا چوڭ خوتۇنىنىڭ يېنىغا بىر نۆكەر يۈگۈرۈپ كەلدى:

— جاھانگىر سىزنى چانىغا چۈشۈۋالسۇن، دەيدۇ. ئەھۋالدىن قارىغاندا ھۇجۇم باشلانسا كېرەك، — دېدى.

شۇ ئارىدا جاھانگىرنىڭ ئىككىنچى ئايالى يېتىپ كەلدى. ئۇنىڭ ئۈستىدە كىيگىنى ئۇققالىق زەرباب بىلەن تاشلانغان سۆسەر جۇۋا تۇراتتى. چانىغا كەينى - كەينىدىن قاتار قىلىپ قوشۇلغان پاكار ئۈچ ئاتنىڭ ئۈچىلىسى چىپار ئات ئىدى. ئالدىدىكى ئات ئۈستىدە ئۆڭۈپ كەتكەن چاپان كىيگەن بىر يىگىت ئولتۇراتتى.

چانىلار ئاستا ئىلگىرىلەيتتى. چۈنكى چانىنىڭ كەينىگە بىر سېيرىنى باغلىۋېلىشقانىدى. كالا بەزىدە تىرەجەپ تۇرۇۋالاتتى. بەزىدە ئىتتىك مېڭىپ كېتەتتى. كالىنىڭ كەينىدىن ئۈستىبېشى جۇل - جۇل بىر رۇس يىگىتى توختىماي يۈگۈرۈپ كېلەتتى. يىگىت قولىدىكى چىۋىق بىلەن سېيرىنى ھەر بىر ئۇرغاندا سېيىر تېز - تېز قەدەم تاشلايتتى. سېيىرنىڭ كەينىدىن يۈك - تاق ئارتىلغان ئۈچ چانا كېتىۋاتاتتى. ئاخىرقى

چانىغا ئۈچ رۇس كىنىزىكى چۈشكەنىدى.

جاھانگىرنىڭ باشقا ئاياللىرىنىڭ چانىلىرىمۇ ئوخشاشلا مال - مۈلۈككە تولغان بولۇپ، ھەرقايسىسىنىڭ قوشقان ئاتلىرى ھەرخىل رەڭدە، بىرىنىڭ قارا، بىرىنىڭ كۈرەڭ، توروق ياكى ساپلا كۆل رەڭ ئىدى. باتۇنىڭ ئالتىنچى ئايالى — قىپچاق بۇيانداۋخاننىڭ قىزىنىڭ چانىسى كەينىدىن بىر قىپچاق يىگىت يوپۇق يېپىلغان ئىككى يوگوروك ئاتنى يېتىلەپ كېلەتتى. سۆپەتلىك ئۈچ چىپار ئات قوشۇلغان ئەڭ ئاخىرىدىكى چانىدا ھېچكىم يوق ئىدى.

چانىلارنىڭ ھەممىسى جاھانگىرنىڭ قېشىغا كېلىپ خوتتىدى. ئۇلاردىن چۈشۈپ، دەرھال تىز پۈكۈپ، جاھانگىرنىڭ ئوچۇق چىراي كۆرسىتىشىنى كۈتتى.

— يۇلتۇز خېنىم قېنى؟ — دېدى باتۇخان بىرئاز سۈكۈتتە تۇرغاندىن كېيىن.

بىر نۆكەر باتۇرخاننىڭ سوئالىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، دەرھال يەتتىنچى چانىنىڭ ئېتىغا مىنگەن بالىنىڭ قېشىغا يۈگۈرۈپ بېرىپ ئۇنىڭ بىلەن بىر نەرسە دېيىشكەندىن كېيىن يەنە دەرھال قار پۇرقىرىتىپ، قايتىپ كەلدى.

— يۇلتۇز خېنىم خىزمەتچى ئايال بىلەن سالتاك ئاتقا مىنىپ ئالدىدىكى چارلىغۇچى قوشۇنغا كېتىپ قاپتۇ، — دېدى ئۇ.

باتۇخان خۇنداي دېگەن يۈز بېشىنى چاقىرىپ، ئاچچىقلاندى:

— خۇتۇنلار دەرھال رەزان يېنىدىكى مېنىڭ تۇرارىمغا قايتسۇن، شۇ يەردە دەم ئالسۇن. باشقا ياققا كېتىپ قالمىسۇن.

ئەتراپتا پۈتۈنلەي دېرەنىشلەر① تىمىسقىلاپ يۈرىدۇ. بىز ئىنتايىن چوڭ قانلىق جەڭگە كېتىۋاتىمىز. ئۇ يەردە ئاياللار

---

①دېرەنىش — موڭغۇلچە قاراقچى دېگەن سۆز.

بىكاردىن - بىكارغا نابۇت بولۇشى مۇمكىن، — دېدى.

بۇيرۇق بېرىپ بولغاندىن كېيىن، باتۇخان يولغا چۈشۈپ ئالغا قاراپ چېپىپ كەتتى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن باتۇخانىنىڭ يۈز قورۇقچىسى ئېتىنىڭ بېشىنى قويۇۋەتتى.

باتۇخان كېتىش بىلەن ئۇنىڭ ئاياللىرى چۇۋۇلدىشىپ يىغلاشقا باشلىدى.

— بىزمۇ بارىمىز! جاھانگىرگە يالغۇز مالاي ئاياللا ئەگىشىپ بارامدۇ؟ يۇلتۇزمۇ بىز بىلەن بىرگە قايتىپ كەتسۇن! بولمىسا بىزمۇ جاھانگىردىن قالمايمىز. ئۇ نەگە بارسا بىزمۇ شۇ يەرگە بارىمىز. جەھەننەمگە بارسا بىزمۇ كەينىدىن بارىمىز!... — دەپ ئېگىز - پەس ۋارقىراشقا باشلىدى.

نۆكەرلەر باتۇخانىنىڭ بۇيرۇقىنى ھەر قاچان ئىخلاس بىلەن ئورۇندايتتى. خۇدداي يۈز بېشىنىڭ بۇيرۇقى بويىچە ئۇلار جاھانگىرنىڭ خوتۇنلىرىنى چانىلارغا مەجبۇرى بېسىپ ھەممىسىنى رەزانغا قارىتىپ يولغا سالدى.

بۇ كارۋانغا ئەللىك تەك سالتاڭ ئاتلىق نۆكەر پاسىبانلىق قىلىپ كېلەتتى. ئاياللار دەسلەپتە دات - پەريات كۆتۈرۈپ يىغلاشتى. لېكىن بىرئاز ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن بىرىنىڭ چانىسىغا بىرى چۈشۈپ پىچىرلىشىپ سۆزلىشىپ پىخىلداپ كۈلۈشكە باشلىدى. جاھانگىرنىڭ رەزاندىن، پىرىياسلاۋدىن، ئىجىسلاۋدىن ۋە باشقا شەھەرلەردىن قانداق ئېسىل نەرسىلەرنى غەنىيمەت ئالغانلىقىنى سۆزلىشىپ يول بويى ئاغزى بېسىلمىدى.

— ھەتتىگىنەي، مەشكافقا بارالمىدۇق! ئۇنىڭدا دېگىزنىڭ ئۇ چېتىدىكى مەملىكەتلەردىن ئەكەلگەن ئېسىل بۇيۇملار كۆپ دېگەنىدى. بىراق ھېچ ۋەقەسى يوق. جاھانگىرنىڭ قولى ئۇچۇق ئادەم، بىزنى ئۇنتۇپ قالمايدۇ... — دېيىشتى ئۇلار.

## ئالتىنچى باب

# باتۇخان چەت ئەل سودىگەرلىرىگە ھۆرمەت كۆرسەتتى

باتۇخان مەشكافقا باشقىلاردىن بۇرۇن بېرىشقا ئالدىرايتتى. بۇلغار سودىگەرلىرى ئۇنىڭغا: «مەشكاۋ يېڭى قۇرۇلۇۋاتقان بىر شەھەر، سودا يولىنىڭ تۈگىنى. بەزىدە ھەرقايسى ئەللەردىن ۋىلادىمىر بىلەن بۇلغارغا ئوخشاش باي شەھەرلەرگە بارىدىغان سودىگەرلەر بۇ يەردە توختاپ ئۆتىدۇ» دېگەنىدى.

شۇڭا جاھانگىر مەشكاۋ شەھىرىگە چىڭگىزنىڭ باشقا باللىرىنى كىرگۈزمەي، ئۆزى يالغۇز كىرىشنى نىيەت قىلدى. «مۇبادا ئۇلار بالدۇر يېتىپ كەلسە شەھەرنى ئورۇنسىز ۋەيران قىلىۋېتىدۇ. بۇ شەھەر كەلگۈسىدە كېرەك بولۇپ قېلىشى مۇمكىن». باتۇخاننىڭ بۇ توغرىسىدا ئۆز خىيالى، نىيىتى ۋە پىلانى بار ئىدى. بۇ توغرىلىق ئۇ ھېچكىمگە تىنمىغان، پەقەت سۇبىتايغىلا بەزى نەرسىلەرنىلا پۇرىتىپلا قويغانىدى. بىراق سۇبىتاي قاپىقىنى ئاچماي تۇرۇپ:

— بارغاندا كۆرەيلى! — دېگەندىن باشقا سۆز قىلمىدى.

باتۇخان ئالدىنقى ئەڭ كىشىلىك لەشكەرلەر بىلەن ئەتىگەندە، بىر دەريانىڭ بۈك قارىغايلىق، تىك يار بويىغا كېلىپ توختىدى. تۆۋەندە مۇز قاتقان دەريا يىلاندەك تولغىنىپ تا ئۇپۇقىچە سوزۇلۇپ ياتاتتى.

ئۇ قاتتىكى دۆڭنىڭ ئۈستىدە ئەتراپى ياغاچ بىلەن قورشالغان كىچىككىنە شەھەر كۆرۈندى. قورغان ئىچىدە يېقىن ـ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

يېقىن قىلىپ سېلىنغان بىرنەچچە ئۆي، ئۆگزىسى كۆك ئىككى ساراي، بىرنەچچە ئامبار، كىچىك - كىچىك تۆت چېركاۋ بار ئىدى. قار ئاستىدا قالغان كىچىك شەھەرنىڭ تۇرخۇنلىرىدىن تۈتۈن تولغىنىپ چىقاتتى.

بۇلار تاتارلارنى، بۇنداق تېز كېلىدۇ دەپ ئويلىمىغان بولسا كېرەك. شەھەر تەرەپكە قاراپ ئۇرغۇن ھارۋىلار، چانىلار، يولۇچىلار كېتىپ باراتتى. بەزىلەر دەريا بويىغا كېلىپ يەنە كەينىگە قايتىپ كېتىۋاتاتتى. خوتۇنلار ئەپكەش بىلەن ياغاچ سىرغىلاردا سۇ توشۇيتتى. دەريانىڭ بىرمۇنچە يېرىنىڭ مۇزلىرى تېشىپ قويۇلغانىدى. سۇ بويىدا يوغان - يوغان تۈگىلەر بېسىلغان چانىلار تۇراتتى. بىر ئادەم يوغان چۆمۈچ بىلەن تۈگىلەرگە سۇ قويۇۋاتاتتى. بىرنەچچە ئايال سۇ بويىدا كىر يۇيۇۋاتاتتى. ئۇلار ئارىلاپ كىرلىرىنى ياغاچ توقماق بىلەن ئۇرۇپ قوياتتى.

دەريا بويىدا قاتار سېلىنغان بىرنەچچە پاكار ئۆيلەر بولۇپ، ئىس بۇلارنىڭ تۇرخۇنىدىن تۇرۇلۇپ چىقاتتى. قىپيالىڭاچ ئادەملەر ئۆيلەردىن يۈگۈرۈپ چىقىپ سۇغا شۇڭغۇدى-دە، سۇدىن دەرھال چىقىپ قۇيۇندەك يۈگۈرۈپ ھېلىقى ئۆيگە يېنىپ كىرىپ كېتەتتى.

باتۇخان ئاشۇ ئۆيلەرنى قامچىسى بىلەن كۆرسىتىپ:

— ئاۋۇ ساراڭلار نېمە ئىش قىلىۋاتىدۇ؟ — دېدى.

— ئۇ، ئادەم يۇيۇنىدىغان يەر، — دېدى تىلماچ، — كىشىلەر ئۇ يەردە ئۆزىنى قېيىن يوپۇرمىقى بىلەن ياسالغان سۈپۈرگىدە ساۋايدۇ. كەينىدىن ئىسسىق سۇ بىلەن ۋە كېۋەز بىلەن يۇيۇپ ئارقىدىن سوغۇق سۇغا باش چۆكۈرۈپ چىقىدۇ. بۇ تەن سالامەتلىككە ئىنتايىن پايدىلىق ۋە ئاغرىق - سىلاققا شىپالىق. رۇسلارنىڭ كۈچلۈك بولۇشى مۇشۇنىڭدىن بولسا كېرەك.

— ئادەم بەدىنىدىكى كىرنى يۇسا، ئۆز بەختىدىن ئايرىلىدۇ. موڭغۇللارنىڭ سىرقۇشتا دائىم غالىب بولۇشى ئۇلارنىڭ ئۆمۈر بويى بەدىنى ۋە يۈز - قولىنىمۇ يۇماسلىقىدا، — دېدى باتۇخان كۆرەڭلىگەن هالدا.

باتۇخان ئەمدى دەريا بويىدىكى قىسىمىپ تۇرغان چوڭ كېمىلەرگە قارىدى. بەزى كېمىلەر مۇز بىلەن بىرگە قېتىپ دەريانىڭ ئوتتۇرىسىدا ماچتىلىرىنى چوقچايتىپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ ئەتراپىدا بىر توپ ئادەم ئوت يېقىپ يۈرەتتى.

— بۇ يەردە هەرقايسى ئەللەردىن كەلگەن سودىگەرلەر بىلەن ئۇلارنىڭ خىزمەتكارلىرى بىرگە تۇرىدۇ، — دېدى تىلماچ، — ئاشۇ كېمىلەر بىلەن سىدىگەرلەر بۇ يەردە نوۋگورود، كيېۋ، بۇلغارلارغا بارىدۇ. سىمولىنىسكى ئارقىلىق لاتىن① ئەللىرىگىمۇ بارالايدۇ. ئۇلار يىراق مەملىكەتلەردىن كەلگەن چەت ئەل ئادەملىرى. بۇ يىل قىش بۇرۇن چۈشۈپ، دەريا توڭلاپ كەتكەنلىكتىن ئۇلار مەشكافتا قىشلاپ قالغان ئوخشايدۇ.

مېنىڭ چەت ئەل سودىگەرلىرى بىلەن كۆرۈشۈپ، سۆزلەشكۈم بار. ئۇلارنى ئۆلتۈرمەڭلار، تىرىك تۇتۇپ مېنىڭ ئالدىمغا ئېلىپ كېلىڭلار، — باتۇخان شۇنداق دېدى - دە، ئاستىدىكى قارا ئايغىرغا بىر قامچا ئۇرۇپ، سەل نېرىدىكى 100 يىللىق بىر چوڭ قارىغاينىڭ تۈۋىگە بېرىپ توختىدى. شۇ يەردە قېلىن قارنىڭ ئاستىدىن ئۆگزىسى ئاران چىقىپ تۇرغان ئاۋارە بىر ياغاچ ئۆي تۇراتتى. ئۇنىڭ ئىشىكىنىڭ ئۈستىدىن تۈتۈن چىقىپ تۇرغىنىغا قارىغاندا بۇ ئۆيدە ئادەم باردەك قىلاتتى. ئىككى نۆكەر يۈگۈرۈپ بېرىپ، ئۇنىڭ قاقجىراپ كەتكەن ئىشىكىنى چالاق - جۇلۇق قىلىپ تارتتى. بۇ چاغدا ئۆي ئىچىدىن ئاۋۋال بىرىنىڭ يۆتەلگەن ئاۋازى ئاڭلاندى. ئاندىن:

① ئۇ چاغلاردا رۇسلار كاتولىك دىنىدىكى چەت ئەللەرنى لاتىنلار دەپ ئاتايتتى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

— جىن سوققان ئالۋاستىلار، سىلەرگە نېمە كېرەك! ئاران تۇرغان ئۆيىنى ئۆرۈۋېتەي دېدىڭلارغۇ! — دەپ ئاچچىقلانغان بىر ئاۋاز ئاڭلاندى.

موڭغۇللار ئۇنىڭغا پەرۋا قىلماي ئىشىكنى تارتىۋەردى.

— خۇدا ھەققى بىر ئاز تۇرۇپ تۇرۇڭلار، پايتىمامنى ئوراپ، ئايىغىمنى كىيىۋالاي. جىنىڭلار چىقىپ كەتمەس! — دېدى ئۆي ئىگىسى.

خېلىدىن كېيىن كىچىك ئىشىك ئېچىلىپ، ئۇستىگە سۇر چەكمەن كىيگەن، ئىنچىكە بىرىلۇق بىر ئادەم ئېڭىشىپ چىقتى. ئۇنىڭ قويۇق ئاپئاق ساقال - بۇرۇتى، قاتلىمىدەك قورۇلۇپ كەتكەن يۈزىنى تامامەن يوشۇرۇپ تۇراتتى. ئىككى كۆزى قىزىرىپ ياشاڭغىراپ تۇراتتى. ئۇ ئالقىنىنى كۆزىگە سايىۋەن قىلىپ، ئۆزىنىڭ خاتىرجەملىكىنى بۇزغۇچى نۆكەرلەرگە سىنىچىلاپ قارىدى. ھايت - ھۇيت دېگۈچە نۆكەرلەر ئۇنىڭ پۇت - قولىنى يەرگە تەگكۈزمەي باتۇخاننىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدى. بۇ ئادەم ئۇزۇن ۋاقىت پاكار ئۆينىڭ ئىچىدە ئېڭىشىپ يۈرگەچكە دومچەك بولۇپ قالغانىدى.

— كىم بولىسەن؟ — دەپ سورىدى باتۇخان.

— بۇ يەرنىڭ مۇللىسىمەن.

— ئىسمىڭ نېمە؟

— نېۋپوكوي، خرىستىئانچە نىكىتا، كىشىلەر مېنى «نىكىتا جىن تەگمەس» دەيدۇ.

— نېمە ئۈچۈن؟

— پىرىم نىكىتا ئەۋلىياغا، جىن قورقۇپ ھەرگىز يېقىن يولىمايدۇ. مەن ئەۋلىيا بىلەن ئوخشاش ئىسىملىك بولغاچقا ماڭىمۇ يېقىن كېلەلمەيدۇ.

— بۇنداق ئادەم ماڭا بەكمۇ ئېھتىياجلىق! — دېدى باتۇخان.

— مەن نېمە قىلىپ بېرەلەيمەن؟ ئۆزۈم ھەم ئاغرىقچان، ھەم قېرى ئۆلەرمەن تۇرسام.

— بۇ يەردە نېمە ئىش قىلىۋاتىسەن؟

— خۇدادىن مەغپىرەت تىلەپ كىشىلەرنىڭ گۇناھىنى يەڭگىللىتىمەن. تەلەپ قىلغۇچىلارنىڭ بويىنىدىكى جىن - شەيتاننى قوغلايمەن.

— جىن، ئىنتايىن پاسىق، مەلئۇن، ئۆزى مۆڭگۈزلۈك ھەم قۇيرۇقلۇق بولىدۇ. بەزىدە ئادەم سۈرىتىدىمۇ بولالايدۇ. ئادەمزاتقا ئىنتايىن ئۆچ. ئەگەر كىشىلەرگە زىيان يەتكۈزەلىسە ئۆمۈر بىرىي خۇشال بولىدۇ.

— ئۇ مەلئۇنلارنى ئوبدان بىلىمەن! — دېدى باتۇخان، — بىزچە ئۇلارنى «قىزىل ماڭقۇسلار» دەيدۇ. بىزدىمۇ ئۇلار ئادەم سۈرىتىدە بولىدۇ. مەن ھەر دائىم ئۇلارنىڭ كاشىلىسىغا ئۇچراپ تۇرىمەن. سەن بىزگە ئۇچرىغان ئامەت. ئەمدى مېنىڭدىن قالغان نەرسەڭنى سورىساڭ بولىدۇ.

— گەرچە سېنى تونۇمىساممۇ، ئىسىم - شەرىپىڭنى بىلمىسەممۇ، بىر ئىلتىماسىمنى ساڭا ئېيتاي: چانىڭغا قىرچاڭغۇ ئېتىمنى قوشۇپ موسكۋانى ئارىلاپ ئۆلگەن ئۆلۈكلەرنى يەرلىكىگە قويۇشۇمغا رۇخسەت قىلغايسەن. ئورۇق - تۇغقىنى يوق مۇساپىرلارنىڭ ئىگىسىز قالغان جەسەتلىرىنى تېپىپ ئەڭ بولمىغاندا ئۇلارنىڭ ئوچۇق قالغان كۆزلىرىنى يېپىپ قوياي. سەن ماڭا مۆھۈر باسقان قەغەز بەرسەڭ نۆكەرلىرىڭ كۆرگەن يېرىدە ئۆلتۈرۈپ كەتمىسۇن.

— غوجىدار بۇنىڭ بويىنىغا ياغاچ پەيزىدىن بىرنى ئاس. بىزنىڭ يىگىتلەر ئۇنىڭغا تەگمەيدىغان بولسۇن، — دېدى باتۇخان رازىمەنلىك بىلەن بېشىنى لىڭشىتىپ.

شۇندىن كېيىن باتۇخان بىر ھازاغىچە سۆز قىلماي جىم تۇردى - دە:

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

— كېسەلنى ساقايتالامسەن؟ — دەپ مولـلا ئېۋپېرگويغا يەنە سوئال قويدى.

— ساقايتالايمەن، ئۇلۇغ موڭغۇل خاقانى. سېھىر كۈچۈم دورا ۋە گىياھلار بىلەن داۋالايمەن. مەن ساقايتالمايدىغان كېسەل، تۈگىتەلمەيدىغان قايغۇ - ھەسرەت يوق. ئۇنى ئۆتكۈر تىغ بىلەن كېسىپ تاشلىغاندەك ئېلىپ تاشلايمەن...

باتۇخان ئەمدى، ئېۋپوگوينىڭ ئاخىرقى سۆزلىرىگە قۇلاق سالمىدى.

يىراقتىن، كىچىككىنە مەشكاف شەھىرىنىڭ ئەتراپىدا، ئاسمانغا كۆتۈرۈلگەن قاپقارا تۈتۈن كۆرۈندى. بۇ چاغدا شەھەر ئەتراپىدىكى ئۈچ يېزا كۆيۈۋاتاتتى. تۈرۈلۈپ كۆتۈرۈلۈۋاتقان قاپقارا تۈتۈنىنىڭ ئارىسىدىن ئوتنىڭ قىزىل تىلى ھە دەپ كۆككە كۆتۈرۈلەتتى. ياغاچ ئۆيلەرنىڭ لىملىرى، تاختايلىرى چارسىلداپ ئەتراپقا ئۇچقۇن چاچرىتىپ، تېز كۆيۈشكە باشلىدى. ئوت يامراپ قوشنا ئۆيلەرگە تۇتاشماقتا، ئۇلغايماقتا ئىدى. دەريا بويىدىمۇ، شەھەر ئىچىدىمۇ كىشىلەر ئۇياقتىن - بۇياققا قالايمىقان قېچىپ يۈرەتتى.

سۇ توشۇغۇچى دەرھال قولىدىكى چۆمۈشنى تاشلاپ، ئېتىنى قامچىلاپ شەھەر دەرۋازىسىغا قاراپ چاپتى. خوتۇنلارمۇ كىرلىرىنى قۇچاقلاپ ھەر تەرەپكە پىتىراشقا باشلىدى.

— شۈيبان!... شۈيبان خان كەپتۇ! شۈيبان مەشكافقا بىزدىن بۇرۇن كېلىپ ھۇجۇم باشلاپتۇ، — دېدى بۇنى كۆرگەن موڭغۇللار.

سۇبىتاي باھادىرمۇ بۇ يەرگە يېتىپ كېلىپ، بويىنى سوزۇپ يانغىنغا قارىدى.

— شۈيبان قانداق كېلىپ قالغاندۇ؟ — دېدى باتۇخان.

— شۈيبان شەھەرنى كۆيدۈرۈۋاتىدۇ! — دېدى سۇبىتاي

باھادىر، — بىزدىن بۇرۇن يېتىپ كېلىش ئۈچۈن، ئۇ يازدىرا، ئوگرا دەريالىرىدىكى مۇزلىنىڭ ئۈستى بىلەن مېڭىپ كەتتۇ، قاچقانلارنى ئورمان ئەرەپكە قويۇپ بەرمەيدىغاندەك تۇرىدۇ. شۇڭا سىلەر شەھەرنىڭ مۇشۇ تەرىپىنى قورشاڭلار، ئۈستىلار بىلەن سودىگەرلەرنى پۈتۈنلەي تۇتقۇنغا ئېلىڭلار. ئۇزۇن ئۆتمەي ياش كىنەز ۋىلادىمىر ئالدىمىغا كېلىپ باش قويۇپ، كەچۈرۈم سورىشى مۇمكىن.

— مەن مۇشۇ تاغدا تۇراي، — دېدى باتۇخان ئېتىدىن چۈشۈپ، — ماڭا مۇشۇ يەرگە ئۆي تىكىڭلار.

بۇ سۆز سۇبىتايغا ياقمىدى.

— مۇشۇ ئەتراپتا پىنھان بىر يېزا بار. شۇنىڭدىن ياخشىراق بىر ئۆينى تاللىۋالساق بولمامدۇ؟ — دېدى.

— ھېچقىسى يوق. بىز دالادا گۈلخان يېنىدا ئۇخلاپ چوڭ بولغان. قاراپ تۇرۇپ ئۆزىمىزنى گۆرگە تىقمايلى.

— دېگىنىڭىز توغرا! — دېدى سۇبىتاي، — لېكىن جاڭىلداپ تۇرغان بۇ سوغۇقتا گۈلخاننى قۇچاقلاپ ياتماق ئانچە ئوڭاي ئەمەس. مەشكافنى قورۇق قول بىلەن ئالالمايسەن. ئۇنىڭدا ئىنتايىن قۇۋ بىر سەركەردە بار، ئۇنى ئېلىشقا خېلى ۋاقىت كېتىدۇ. مېنىڭ كالتە پەمىمچە كىگىز ئۆيدىن كۆرە ياغاچ ئۆي ھەم ئىسسىق، ھەم ئەپلىك بولامدىكىن دەيمەن.

— مەيلى، مېنى دېسە ەمەك يىل ھىمايە قىلسىمۇ ئوخشاش، مەشكافنىڭ مېنىڭكى بولىدىغىنىدا شەك يوق، — دېدى باتۇخان.

باتۇخان بىلەن ئۇنىڭ ئىنىسى شۇيبان مەشكافنى مۇھا-سىرىگە ئېلىپ، بەش كۈن ئۇدا ھۇجۇم قىلدى. شەھەر ئاھالىسى ئېگىز ياغاچ قورغاننىڭ مۇداپىئەسىدە تۇرۇپ، ئۇلانغان شوتىلار ئارقىلىق قامال ئۈستىگە چىقماقچى بولغان تاتارلارنى كەينى-

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

كەينىدىن موللاق ئاتقۇزدى. دۈشمەن بىلەن جان تىكىپ كۆرەش قىلدى. قوماندان فىلىپ تىيانكا بىلەن كىنەز ۋىلادىمىر مۇداپىئەگە بىۋاستە قوماندانلىق قىلىپ، چارچىغان، يارىدار بولغان لەشكەرلەرنىڭ ئورنىغا ئادەم ئالماشتۇرۇپ، ئەڭ خەۋپلىك دىگەن ئورۇنلارغا جىددىي ياردەم ئەۋەتىپ تۇردى.

بەشىنچى كۈنى، تاش ئاتىدىغان، قورغان بۇزىدىغان قوراللار يېتىپ كەلدى. ئۇلارنى نەچچە يۈز ئات، نەچچە يۈز تۇتقۇنلار سۆرەپ قورغان يېنىغا ئەكىلىپ ئورناتتى. ھەش - پەش دىگۈچە شەھەر ئىچىگە قازاندەك - قازاندەك تاشلار بىلەن لاتا يۆگەپ، مايغا چىلاپ ئوت ياققان ساداق ئوقلىرى يامغۇردەك يېغىشقا باشلىدى. قاغجىراپ تۇرغان ياغاچ ئۆيلەرگە بىردىنلا ئوت كەتتى. شەھەر ئاھالىسى بۇ ئوتنى ئۆچۈرۈشكە ئامالسىز ئىدى.

دەريانىڭ ئېگىز يار تەرىپىدە ئىككى گۈلخان لاۋۇلداپ ياناتتى. ئىككى گۈلخان ئوتتۇرىسىدا ياتقان ئىنتايىن يوغان بىر قارىغايغا يېپىلغان زىلچە گىلەم ئۈستىدە باتۇخان بىلەن سۇبىتاي باھادىر ئولتۇراتتى. ھەر ئىككىلىسى دوزاخ ئوتىدەك كۆيۈۋاتقان شەھەرگە خۇددى قىزىقى يوق بىر ئويۇننى كۆرۈۋاتقاندەك بىپەرۋالىق بىلەن قاراپ تۇرۇشاتتى. مەشكاف يانغىن ئىچىدە كۈلگە ئايلىنىپ كېتىۋاتسا، ئۇلارنىڭ بىر يېرى ئېچىشاتتىمۇ؟ بىرەر شەھەر ئورنى ئىزىدىن يوق بولۇپ كەتسە، ئۇلارنىڭ بىر يېرى خوراپ قالاتتىمۇ؟ ئۇلار ئۈچۈن ئەلۋەتتە بەرىبىر - دە. ئۇلار خېلى يىللاردىن بۇيان خىتاي، خارەزىم ۋە باشقا ئەللەرنى ئەنە شۇنداق ۋەيران قىلىپ كەلمىدىمۇ...

بىر چاغدا نۆكەرلەر باتۇخاننىڭ ئالدىغا بىر تۈپ تۇتقۇننى پادىدەك ھەيدەپ كەلدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى قىپيالىڭغاچ، سوغۇتتىن دىرىلدەپ تىترەپ تۇراتتى. پۇت - قولى،

ئېغىز - بۇرۇنلىرى كۆكەرگەن، قوللىرى كەينىگە قىلىپ باغلانغانەدى. شۇڭداقتىمۇ ئۇلار ئۆز غۇرۇرىنى يوقاتمىغان بولۇپ بېشىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ تۇراتتى.

تۇتقۇنلارنىڭ ئىچىدە ئالپتە كىيىنگەن بىر كىشى ئالاھىدە كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى. ئەھۋالغا قارىغاندا تاتارلار ئۇنىڭغا تەگمىگەندەك قوندۇزدىن زىغچا تۇتقان قىزىل جۇۋا، جۇۋىنىڭ ئىچىگە كىيگەن يىپەك چاپاننىڭ يېڭى، يۇڭدىن توقۇلغان شىمى، تۆمۈر ئىلگەكلىك ئايىغى، پەي تاقىغان شلەپىسى تۇتقۇننىڭ چەت ئەل ئادىمى ئىكەنلىكىنى دەلىللەيتتى.

تۇتقۇنلارنى ھەيدەپ كەلگەنلەر ئىچىدە، نۆكەرلەردىن باشقا، ھاجى رەھىم بىلەن نەزەر - كەرىزەك چال بار ئىدى. ئۇلار باتۇخاننىڭ يېنىغا كېلىپ تۇردى.

قىرىلمىق يېتىپ سۆڭمەكدىن ئېتى قاچقان، كۆزلىرى ئالاق - چالاق قىلىپ تۇرغان كەكە ساقال نەزەر - كەرىزەك كۆرەڭلىك بىلەن ئالدىغا چىقتى. ئۇنىڭ بىر قولىدا تۇتقۇنلارنى چېتىپ باغلىغان يىپنىڭ ئۇچى، يەنە بىر قولىدا يالىڭاچ ئىلمەك قىلىچ بار ئىدى. نەزەر بېشىدىكى تۇمىقىنى ئېلىپ، موڭغۇل لەشكەرنىڭ ئۇلۇغ ئەمىرى ئالدىدا تىز پۈكۈپ ئولتۇردى. بۇ چاغدا ھېلىقى ئالاھىدە كىيىنگەن تۇتقۇنمۇ بېشىدىكى شلەپىسىنى قولىغا ئالدى.

— تىزلىنىپ ئولتۇرۇڭلار! — دەپ نەزەر - كەرىزەك تۇتقۇنلارغا ۋارقىرىدى.

تۇتقۇنلار قار ئۈستىدە تىزلىنىپ ئولتۇردى.

— بۇلار نېمە ئىش قىلىدىغان كىشىلەر؟ — دېدى باتۇخان.

— سەن چەت ئەللىك سودىگەرلەرنى كۆرۈشنى ئارزۇ قىلغانىدىڭ، ئالدىڭدا تۇرغان بۇ كىشىلەر شۇلارنىڭ جۈملىسى

دىندۇر. بۇلارنىڭ كىيىملىرىدە ھەر تۈرلۈك ماللار، ئالتۇن جابدۇقلار، قىممەتلىك جاۋاھىرلار بار. ھاجى رەھىم ئىككىمىز بۇلارنى ئاران دېگەندە بۇ يەرگە ئېلىپ كېلەلىدۇق. ئالاھىدە كىيىنگەن بۇ سودىگەر بۇلارنىڭ باشلىقى، بۇنىمۇ تالاپ قىپيالىڭاچ قىلىپ قويۇپتىكەن، ئۇنىڭ يۈزىدىكى كۆكلەر، ھۈررەك ئىششىقلار، قەھرىمان تاتار لەشكەرلىرىنىڭ سالغان نىشانىسىدۇر. شۇنداقتىمۇ مۇقەددەس ھۆرمىتىنىڭ ئۈچۈن، يوشۇرۇپ قويغان بىر قۇر ياخشى كىيىمنى كىيىپ كەلدى.

— ئىسمى نېمە، قايسى ئەلدىن؟ — دېدى باتۇخان، — ئۇ مەشكاف شەھىرىگە نېمە ئىش بىلەن كەپتۇ؟

سودىگەرلەرنىڭ باشلىقى ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ، بىر پۇتىنى ئالدىغا چىقىرىپ، بېشىنى ئېگىپ تۇرۇپ، ئوڭ قولىدىكى پەي تاقىغان شلەپىسى بىلەن بېشلۇققا ئەدەپ بىلەن بىر دائىرىنى سىزىپ، شلەپىنى كۆكسىگە تەگكۈزۈپ باتۇخانغا ھۆرمەت بىلدۈردى - دە، رۇسچە سۆزلەپ كەتتى. ئۇ رۇس تىلىغا پىششىق بولسا كېرەك، تېختىماي راۋان سۆزلەيتتى.

ئۇنىڭ سۆزىنى تىلماچ تاتارچىغا ئاغدۇرۇپ تۇردى:

— مەن، ماۋۇ ئىككى ھەمراھىم ئۈچىمىز گېرمان مەملىكىتىدىكى ۋىند ئوبلاستىنىڭ ليوبىك دېگەن باي شەھىرىدىن بولىمىز. قالغانلار بولسا باشقا شەھەرلەردىن بولىدۇ. ماۋۇ دىتمار بىرىيوگىنىدىن، ئاۋۇ رادولف دېگەن ئادەم دوتماندىن، راينولد سىبستىن، ماۋۇ كارول دېگەن كىشى مېدباختىن. ھەممىمىز پەقەت رۇسلار بىلەن ھەپىلىشىدىغان سودىگەرلەرمىز، ئاتا - بوۋىلىرىمىزمۇ ئۆمۈر بويى مۇشۇ ئىشنى ئىشلەپ كەلگەنىكەن. بىزگە ئودۇم بولۇپ قالغان ئوخشايدۇ. بىزمۇ مانا ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان رۇس يەرلىرىدە سودىگەرلىك قىلىپ يۈرۈپتىمىز. بۇ شەھەردە مال قويىدىغان ئامبارلىرىمىز، دۇكىنى

مىز ۋە بىرنەچچە كېمىلىرىمىز بار. ياز كۈنلىرى شۇ كېمىلەر بىلەن رۇس دەريالىرىدا قاتنايمىز. يۇرتىمىزدا بىزنى «گانزالىقلار» ① دەپ ئاتىشىدۇ. «گانزالىق» سودىگەرلەر خەۋپ-خەتەردىن قورقماي يىراق مەملىكەتلەرگە بېرىپ سودا قىلىدۇ. بىز رۇسلار بىلەن سمولېنسكى دېگەن مەشھۇر شەھەردىن ئۆتۈپ سودا قىلىمىز. سمولېنسكى دېنېپر دەرياسى ئارقىلىق تۆۋەنلەپ كيېۋقا، ئاندىن تېخىمۇ شەرققە قاراپ كېتىمىز. شىمالغا دۇناي دەرياسى ئارقىلىق بارىمىز. بىزنىڭ گانزالىقلار ئىنتايىن قارام، باتۇر كېلىدۇ. داڭقى چىققان نوۋگورود شەھىرىگە ھەتتا كاما دەرياسى بويىدا بايلىقى تېشىپ تۇرغان بۇلغار شەھىرىگىچە بېرىپ ھەر تۈرلۈك نەرسىلەرنى سېتىۋالىدۇ.

— نېمىلەرنى سېتىۋالىسىلەر؟ — دېدى باتۇخان.

— بۇلغارلار بىلەن ئەرەبلەردىن شەرق ماللىرىنى سېتىۋالىمىز. مەسىلەن، مۇشكى ئەنبەر، ئىپار، مۇش، قەلەمپۇر، يەل-يېمىشلەرنى؛ رۇسلاردىن ھەسەل، مۇم، ئوۋ تېرىلىرى،

---

① گانزا ياكى گانزې — قەدىمكى زامان گوت سۆزى بولۇپ، چەت مەملىكەتلەرگە بېرىپ سودا قىلىدىغان گېرمان سودىگەرلىرىنىڭ شىركىتى دېگەن مەنىدە. كېيىنچە XVI - XVII ئەسىرلەردە ھەرقايسى شەھەرلەردىكى گانزا شىركەتلىرىنىڭ ئۇيۇشمىسى ناھايىتى چوڭ بىر ئىتتىپاق قۇرغان. ئۇنىڭ ئۆز ئالدىغا سودا ۋە ئۇرۇش فلوتلىرى يەنە گېبرالتاردىن نوۋگورودقىچە بولغان چەكسىز ئۇزۇن سۇ يوللىرىدا پورتلىرى ۋە سودا باشقارمىلىرى بولغان. باتۇخان ئالدىدىكى گانزا سودىگەرلىرى (ئۇلار ئۇ مەزگىللەردە ئىتتىپاق تۈزمىگەنىدى) ۋولادىمىرغىچە، بولغان شەھەرلىرىگىچە كېلىپ-كېتىپ دۇنا، دېنېپر، دۇناي دەريالىرىنىڭ قىرغاقلىرىدا قىزغىن سودا قىلاتتى. تاتار تاجاۋۇزچىلىقى تۈپەيلىدىن غەربنىڭ شەرق بىلەن سودا ئالاقە قىلىدىغان (بۇ چاغدا كيېۋ بىلەن ئۆتەتتى) جەنۇبىي يولى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغانلىقتىن شىمالدىكى يولنى كۈچەيتكەن. شۇنىڭ بىلەن يۇقىرىدا ئېيتىلغان گانزا ئىتتىپاقى ۋە ئۇنىڭ ئەۋلىيا پېتىر باشقۇرۇش ئورگىنى قۇرۇلغان. بۇ ئورگان نوۋگورود شەھىرىدە ئىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

يۇڭ - تېرە، قاراماي، بۇلغار، تۈگكۆز مېيى، كەندىر سېتىۋالىمىز.

— سىلەر نېمە ساتىسىلەر؟

— بىز مەشھۇر كېرمان مەۋىتىنى ۋە كېرمانىسىنىڭ يىپەكتەك ئاق كانېپىسىنى ساتىمىز. بىز قورال - ياراق، تۆمۈر - تەسەك، رەيىن دەرياسى بويىدىكى ئۆزۈمزارلىقلاردا ئىشلىتىدىغان كۈچلۈك شارابلارنى، نادىر مېتاللاردىن، ئالتۇن - كۈمۈشلەردىن ياسالغان قىممەت باھالىق بۇيۇملارنى. مىستىن ياسالغان بۇيۇملار، قەلەيدىن ياسالغان بۇيۇملارنى، ئىدىش - ئاياغ، قىشۇق - پىچاق قاتارلىق نەرسىلەرنى ساتىمىز. بىزدە قوغۇشۇن، ھەر ياڭزا سىر - بوياقلار، خىل رەڭلىك بوياقلارمۇ كۆپ چىقىدۇ.

— ھازىر شۇ نەرسىلەرنى ماڭا كۆرسىتەلەمسىلەر؟

سودىگەرلەر بايىقىدەك بېشىنى ئىگىپ، قالپىقىنى ئايلاندۇرۇپ تەزىم بەجا كەلتۈردى - دە:

— سېتىۋاتقان نەرسىلىرىمىزنى خان ئالىيلىرىغا كۆرسىتىش شەرىپىگە ئىگە بولۇش، ئەلۋەتتە بىز مۇساپىرلار ئۈچۈن ئەڭ ئالىي ھۆرمەت، يۇقىرى مەرتىۋە، زور ئابروي، تۈگىمەس خۇشاللىق، ئەپسۇسكى، بۇ ئىشقا كىچىككىنە تېسقۇنلۇق سايە تاشلاپ تۇرۇپتۇ. شۇڭا پادىشاھى ئالەمگە مۈلۈكىمىزنى كۆرسىتىشكە ئاجىزلىق قىلىپ تۇرىمىز. ئۇلۇغ پادىشاھى ھەززەتلىرى چەكسىز ساخاۋەت يالقۇنىنىڭ زەررىچىسىنى بىزگە مەرھەمەت قىلغان بولسا، بىزنىڭ مۇشكۈلىرىمىز ئاسان بولاتتى، — دېدى ئۇ.

— نېمە ئىش بولغان؟ — باتۇخان سودىگەرنىڭ سۆزلىرىدىن ھېچنېمىنى بىلمىگەن، ھېچ ئىشتىن خەۋىرى يوق ئادەمدەك ھەيرانلىق ئىچىدە سورىدى. لېكىن ئۇنىڭ قىساپىي

كېتىۋاتقان كۆزىدىن چاقناپ تۇرغان ئوتلار ئۇنىڭ خۇپسەلىكنى يوشۇرالمىدى.

— مال - مۈلۈكىمىز قويۇلغان ئامبارلارغا سېنىڭ تەگدىشى يوق باتۇر قوشۇنۇڭ، قەدىرلىك مېهمان بولۇپ كەلگەنىدى. ئۇلار خالىغان نەرسىلىرىنى ئاللاپ ئالدى. كەلگەنلەر ئىنتايىن كۆپ بولغاچقا تەييارلىغان ماللىرىمىز يېتىشمەي قالدى. ئۆكەرلەرنىڭ ھەممىسى پۇخادىن چىققۇچە ئىچتى. مىۋۋت رەختلەرنى، كاناپلارنى خالىغانچە كېسىۋالدى. سېنىڭ بۈيۈك مەرتىۋەڭنىڭ ھۆرمىتى ھەم ئۆزىمىزنىڭ ساداقىتىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن، ساڭا تەييارلىغان سوۋغاتلىرىمىز بار ئىدى. بىراق كەلگەن مېهمانلار ئىنتايىن كۆپ بولغاچقا، ساقلاپ قېلىشقا ئامالسىز قالدۇق.

— بۇلارنىڭ ھەممىسى جاسۇس. بىرنى قويماي ئۇجۇقتۇرۇش كېرەك! — دېدى سۇبىتاي باتۇخاننىڭ قۇلىقىغا پىچىرلاپ.

— ياق! مەن بۇلارغا ئىنتايىن چوڭ ھۆرمەت بىلدۈرىمەن! — دەپ باتۇخان ئالدىرىماي جاۋاب بەردى.

— بۇ تەۋەككۈلچىلىك!...

— سۆزلىمە! شۇنداق قىلىش كېرەك، — باتۇخان شۇنداق دېدى - دە، يەنە سودىگەرلەرگە قاراپ:

— بۇ گەپچە، سىلەر مېنىڭ قوشۇنۇم ئۈستىدىن ئەرز قىلماقچىمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس! تەڭرى بىزنى ئۇنداق ھارامنىيەتلەردىن خالاس قىلغاي، — دەپ سودىگەرلەر باشلىقى ۋەزمەن جاۋاب بەردى، — ئۇلارغا مېهماندوستلۇق كۆرسىتەلمىگەنلىكىمىز ئۈچۈن ئۆكۈنمەكتىمىز، خىجىللىق ئىلكىدە تۇرماقتىمىز. مۇناسىپ كەلمىسىمۇ دانا پادىشاھ ئۈچۈن ئەرزىمەس بۇ سوۋ-

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

غىنى ساقلاپ قويغانىدۇق. سودىگەر قويىنىدىن يوغان بىر كۈمۈش لېڭگىنى ئېلىپ باتۇخانغا تۇتتى. لېڭگا ئىنتايىن نەپىس ياسالغان بولۇپ، ئۇنىڭ سىرتىغا ئالتۇن يالىتىپ ھەر تۈرلۈك رەسىملەر سىزىلغانىدى.

سوۋغاتنى كۆرگەن باتۇخان مىيىقىدا كۈلۈپ، باياتىن قاپىقىنى ئاچماي ئولتۇرغان سۇبىتاي باھادىرغا كۆزىنىڭ قۇيرۇقى بىلەن قاراپ قويدى. ئاندىن سودىگەرلەرنىڭ قولىدىكى لېڭگىنى ئېلىپ، ئېغىزىنى ئېچىپ قارىدى.

— قۇشنىڭ پەقەت يېرىم سۈرىتىلا سىزىلغىنى نېمىسى؟ بۇ ئاچقۇچمۇ؟ — دېدى ئۇ لېڭگىنىڭ ئىچى ۋە تېشىنى كۆرگەندىن كېيىن.

— بۇ بىزنىڭ لىۋبېك شەھىرىدىكى گانزا ستېرىكىنىڭ ئالاھىدە بەلگىسى: گېرمان قارا سۇمۇرۇغىنىڭ يېرىم رەسىمى. ئۇ تەرەپتىكىسى سودىگەرلەرنىڭ پېتىرى ئەۋلىيا پېتىرنىڭ ئاچقۇچى. ئۇ بۇنىڭ بىلەن بېھىشنىڭ ئىشىكىنى ئاچىدۇ. بېھىشكە پەقەت تەڭرىگە يېقىن كىشىلەرنىڭ بارىدىغانلىقى ساڭا مەلۇم.

باتۇخان دىمىقىدا كۈلۈپ قويدى.

— سودىگەرلەر خۇدانىڭ يېقىن ئادەملىرىمۇ؟ يېقىن كەلگۈسىدە سىلەر لېڭگىلارنىڭ سىرتىغا، تەڭگىلەرنىڭ ئۈستىگە «غالىب باتۇخان جاھانگىر» دەپ يازىسىلەر، — دېدى ئۇ، — مەن سىلەرنىڭ مەملىكىتىڭلارغا بېرىپ لىۋبېك شەھىرىڭلارنى بېسىۋالىمەن.

— لىۋبېكنى بويسۇندۇرغىچە ئەڭ بولمىغاندا، قېلىن كىيىملىرىمىزنى قايتۇرۇپ بەرگىن! سوغۇق بىزنى خاراب قىلدى! — دەپ چۇرقىراشتى بۇلانغان گانزا سودىگەرلىرى.

— سىلەرنى كەچۈردۈم، سىلەر مەندىن مۇكاپاتقا ئېرىشىق

تاتار جۇۋىلىرىدىن ئالسىلەر، باتۇر سودىگەرلەر، سىلەرنى ياقتۇرۇپ قالدىم. سىلەرگە ئوخشاش ئادەملەر مەن ئۈچۈن ئىنتايىن قىممەتلىك. بۇندىن ئېتىبارەن بۇلغار رۇس، گېرمان - پىرمانلارنىڭ پادىشاھلىرى بولمايدۇ. ئەمدى پۈتۈن يەر يۈزىدە پەقەت مۇڭغۇل پادىشاھلىقىلا بولىدۇ. شۇڭا سىلەر، بۇندىن كېيىن مېنىڭ پادىشاھلىقىمدا ماڭا ئېھتىياجلىق نەرسىلەرنى ساتىسىلەر. ئۇ چاغدا مېنىڭ ئالىكىمدىكى قايسى جايلارغا بېرىپ سودىگەرچىلىك قىلىمەن دېسەڭلار ئىختىيار سىلەردە بولىدۇ. كۆپ ئۆتمەي چەكسىز بايلىق ئىچىگە پاتىسىلەر، تارتقان زىياننىڭ ئورنىنى تولدۇرۇپ، دېڭىز ئاتلاپ كەلگەن چەت ئەل سودىگەرلەرنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ بايلىرى بولىسىلەر. باشقا ئىلتىماسىڭلار بارمۇ - يوق؟ — دېدى باتۇخان.

— كېمىلىرىمىزدىن ئەنسىرەيمىز. شەۋكەتلىك لەشكەرلىرىڭ پالتا بىلەن چېپىپ ئوت يېقىشقا باشلىدى. يەنە بىر ئىلتىماسىمىز، بۇ شەھەر ئىنتايىن مۇھىم، شۇڭا شەھەرنى جۇملىدىن بىزنىڭ دۇكانلىرىمىز بىلەن كېمىلىرىمىزنى بۇزماسلىق توغرىسىدا بۇيرۇق بەرسەڭ، — دېدى.

سودىگەرلەرنىڭ ئاخىرقى ئىلتىماسىنى ئاڭلىغان باتۇخاننىڭ چىرايى تۇتۇلۇپ، مۇشتۇملىرى تۈگۈلدى.

— سىلەر ئۆزۈڭلارغا مۇناسىۋەتلىك بولغان بۇلغار، مۇم، مۇرۋەت توغرىسىدا سۆزلەڭلار. لېكىن مېنىڭ قوشۇنلىرىم بىلەن چاتىقىڭلار بولمىسۇن. ئېتىلغان ئوق كەينىگە يانمايدۇ. شەھەرنى ئېلىڭلار دەپ بۇيرۇق بەرگەندىن كېيىن، شەھەرنى تەلتۆكۈس ئېلىپ بولغۇچە، ئۇلارغا مېنىڭ سۆزۈم ئۆتمەيدۇ. لەشكەرلەر ئۇلۇغ بوۋىمىز قالدۇرۇپ كەتكەن «قوشۇن» قانۇنى بويىچە شەھەرنى ئۈچ كېچە - كۈندۈز تالاشقا ھەتتا شەھەرنىڭ كۈلىنى كۆككە سورۇۋېتىشقا ھەقلىق. بۇنى ئۇلار ئوبدان

بىلىدۇ، بۇ چاغدا ھەرقانداق كىشى ئۇلارنى نېرى تۇر دېيەلمەيدۇ، ئويۇن - تاماشىسىنى بۇزالمايدۇ. ئۈچ كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، شەھەردە تىرىك لەشكەر قىلىشقا رۇخسەت قىلىنمايدۇ. مۇبادا، شەھەردە يۈرگەن بىرەر نۆكەر سېزىلسە، ئۇنىڭ كاللىسى تېنىدىن جۇۋا قىلىنىدۇ. بىزنىڭ تەرتىپىمىز ئەنە شۇنداق... بەس! ئەمدى كېتىۋەرسەڭلار بولىدۇ، — دەپ باتۇخان سۆزىنى بىراقلا ئۈزدى.

سودىگەرلەر نېمە دېيىشىنى ۋە نېمە قىلىشىنى بىلمەي بىر - بىرىگە قاراپ تۇرۇپ قالدى. بۇ چاغدا نەزەر - كەرزەك كېلىپ ئۇلارنى بىر تەرەپكە قاراپ باشلاپ كەتتى.

— يۈرۈڭلار، تېزرەك بېرىپ غوجىداردىن خاننىڭ بېرەمەن دېگەن جاۋابىنى ئېلىۋېلىڭلار، سۆزىدىن يېنىۋالمىسۇن يەنە، — دېدى ئۇ كېتىۋېتىپ.

— بايىقى ئادەم نېمىدېگەن ئەقىللىق كىشى، - دېدى باتۇخان سۇبىتايغا قاراپ.

— شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئىنتايىن خەۋپلىك، — دېدى قاپقى تۈرۈلگەن سۇبىتاي.

كىچىككىنە مەشكاف شەھىرى بىرنەچچە كۈنگىچە تۈختىماي كۆيدى. ياغاچ ئۆيلەر تۇتاش يېنىپ، ئاسماننى قارا تۈتۈن قاپلىدى. شەھەر ئاسمىنىدا قاغىلار نەگە قونۇشنى بىلمەي ئەنسىز قاقىلدىشىپ ئۇياقتىن - بۇياققا ئۇچۇپ يۈرەتتى. قورغان بۇزىدىغان ئەسۋابلار قامالنى پۈتۈنلەي ۋەيران قىلدى. بۇزۇلغان ئورۇنلاردىن موڭغۇللار قىستىلىشىپ شەھەرگە قاراپ ئاقماقتا ئىدى.

«بۈيۈك بوۋىمىز چىڭگىزخان بىزگە يېزىپ قالدۇرۇپ كەتكەن ‹قىرشۇن› قانۇنىدا بۇيرۇق شۇنداق! ئۇر، يىقىت، ئايىماي ئۇر، يىقىت! موڭغۇللار! قى، قۇۋ، قى، قۇۋ» دەپ تاتارلار چۇقان

سىلىپ ئالدىغا يولۇققان ئادەمنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇنىڭ ئۈستىدىكى كىيىمىنى يەشتۈرۈۋالاتتى. ئۇلار شەھەرنىڭ تار كوچىلىرىنى پۇتۇنلەي ئارىلاپ، ئۆيمۇ - ئۆي تىنتىپ، بۇلاڭ - تالاڭ قىلدى. كۆيۈۋاتقان ئۆيلەرنىڭ يېنىغا كېلىشكە بولمايتتى. كوچ-لۇق يالقۇن تەپتى ئادەم بەدىنىنى قىزدۇرۇپ كۆيدۈرەتتى. تۇ-تۇن كىشىنىڭ كۆزىنى ئېچىشتۇرۇپ، نەپەسنى بوغاتتى. ئولجىغا غەرق بولغان تاتارلار شەھەردىن تېزرەك چىقىپ كېتىش ئۈچۈن ئالدىراشاتتى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئاياللارنى ئالدىغا سېلىپ ھەيدەپ كېتىۋاتاتتى. بەزىلەر بولسا نارسىدە باللارنى ھارۋىغا سېلىپ ئېلىپ كېتىۋاتاتتى. بەزىلىرى بولسا قوللىرى ئارقىغا قىلىپ باغلانغان ئوتقۇنلارنى دۆشكەلەپ سۆرەپ يۈرۈشەتتى.

شەھەر ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى يېزىلار ئىككى كۈن تاتار-لارنىڭ قولىدا بولدى. ئۇلار خىيالىغا كەلگەننىڭ ھەممىسىنى قىلدى. كىرمىگەن ئۆي، ئاختۇرمىغان تۆشۈك قالمىدى. كېرىكى يوق دېگەن ئوتقۇنلارنى شۇ يەردىلا ئۆلتۈرۈپ كېتىۋەردى.

ئۈچىنچى كۈنى تاتارلار بۆلەك - بۆلەك بولۇپ يىغىلىش-قا باشلىدى. ئەتراپتىن ئوتتۇن يىغىپ، ئۇرۇشتا ئۆلگەن لەش-كەرلىرىنى سەرجان قىلىپ تىزىپ ئوت يېقىپ كۆيدۈرۈۋەتتى. پۈتۈنلەي ۋەيران بولغان مەشكافتا يەنە گۈلدۈرلەپ ئوتلار يېنىشقا باشلىدى. تاتارلار قولۇن، تاي گۆشلىرىنى ئوتقا قاق-لاپ ئولتۇرۇپ يېيىشتى، ۋارقىراشتى. بەزىدە ئاجايىپ مۇڭلۇق ناخشىلارنى ئېيتتى. ئارىلاپ يولداشلىرى بىلەن ۋىدالىشىپ «خوش!» دەپ ۋارقىراپ قوياتتى.

ئەتىسى تاڭ سەھەردە تاتارلار كۆزنى ئېچىپ يۇمغۇچە كۆزدىن غايىب بولدى. ئەمدى بۇ يەردە تاتارلاردىن ئەسەرمۇ قالمىغانىدى. بۇ چاغدا نېپوكوي دەل ئۆزىگە ئوخشاش ئورۇق، قىرچاڭغۇسىنى چانىغا قوشۇپ، ئۆلۈكلەر دۆۋىلىنىپ كەتكەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئۇ قاتقا ئۆتتى. چالىنىڭ چانىسى يول ئۈستىدە قېتىپ ياتقان جەسەتلەرگە ماڭدامدا بىر تېگىپ، خۇددى زارلانغاندەك غىچىلدايتتى...

نېۋپوكوي بەزىدە توختاپ، يول ئۈستىدىكى ئۆلۈكلەرنى سۆرەپ بىر چەتكە چىقىرىپ قويماقچى بولاتتى، لېكىن يالغۇز چامى يەتمەيتتى. «قارا يەر ئۆلۈكلەرنى باغرىغا چىڭ بېسىپ قويۇپ بەرگىسى يوق» دەپ غودۇڭشۇپ قويۇپ يەنە ئالدىغا كېتىپ قالاتتى. بىر ئازدىن كېيىن ئۇنىڭغا بىر چال بىلەن بىر يىگىت قوشۇلدى. چال ھەممە بالىلىرىدىن ئايرىلغانىدى. ياش يىگىت بولسا توختىماي كۆز يېشى قىلىپ، ئاشىقىنىڭ جەسىتىنى ئىزدەيتتى.

— ئۆزۈڭنى ئاۋارە قىلىپ نېمە تولا يىغلايسەن؟ — دېدى ئۇنىڭغا نېۋپوكوي، — سۆيگىنىڭنى ئۆلتۈرگەنلىكىنى ئۆز كۆزۈڭ بىلەن كۆردۈڭمۇ؟ گۇمان بىلەن ئۆزۈڭنى سەكيارە قىلما. ئېھتىمال ئۇ قىزنى تاتار خانلىرى ئۆزىگە خوتۇن قىلىپ ئالغاندۇ.

— ئۆلگەنلىكىنى يۈرىكىم سەزگەندەك قىلىدۇ، — دەپ يىگىت تېخىمۇ ئەلەم بىلەن يىغلاپ كەتتى.

— يۈرىكىم سەزگەندەك تۇرىدۇ، دېگەنمۇ گەپمىكەن؟ قۇرۇق خىيال قىلماي، ماڭا ياردەملەشكىن. بۇ ياتقان جەسەتلەرنىڭ كۆپلۈكىنى كۆرۈپ تۇرۇپسەن، بۇلارنىڭ روھى كېچىدە دۇنيانى كېزىپ كېتىشتىن بۇرۇن يەرلىككە قويۇشىمىز لازىم.

شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئۆلۈكلەرنى مۇز ئۈستىگە سۆرەپ ئەكىلىپ، بىر ئورۇنغا يىغىشقا باشلىدى. بىر بۇردا نان چىقارمىغىن دەپ جەسەتلەرنىڭ جۇل - جۇل كىيىملىرىنى ئاختۇرۇپ چىقىشتى. ئاندىن ئۇلارنى سەرجان قىلىپ تىزدى. ئۆلۈكلەرنىڭ

ئىچىدە بىرنەچچە تاتارلارنىڭ جەسىتىمۇ بار ئىكەن. ئۇلارنى كۆرگەن نېۋېركېي چىرقىرىۋېتىپ ئۆز - ئۆزىگە پىچىرلاپ:

— ئەمدى ئۆزئارا ماجرا قىلىشماڭلار، يېقىندا قار يېغىپ، دەريانىڭ سۈيى تاشقاندا، سۇ ھەممىڭلارنى كۆپكۆك دېڭىزغا ئېلىپ كېتىدۇ. سىلەر شۇنچىۋالا كۆپ تۇرساڭلار، ھەممىڭلارغا قانداقمۇ قەبرە قېزىپ بېرەلەيمەن، — دېدى ئۇ ئۆلۈكلەرنى ئارىلاپ يۈرۈپ.

## يەتتىنچى باب

## قۇلقانخان كالومنا تۈۋىدە

دېڭىزغۇللار كالومنا① قەلئەسىنى قورشاپ، ھۇجۇم قىلىشقا باشلىدى. شەھەرنىڭ ياغاچتىن ياسالغان قورغىنى شەھەر ئاھالىسىنىڭ نەزەرىدە ھەرقانداق دۈشمەن ئالالمايدىغان مۇستەھكەم قامال ئىدى. ئۇنىڭ تۆمۈر دەرۋازىلىرى ھەم يېپىلغان، شەھەر ئاھالىسى قورغان ئۈستىگە چىقىپ ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىغان ناتونۇش كىشىلەرنىڭ توپ - توپ بولۇپ شەھەرنى ئايلىنىپ چېپىپ يۈرگەنلىكىگە غەرەپ بىلەن ھەمىيىپ قارايتتى. ئۇلارنىڭ ئاستىدىكى كىچىك ئەمما پاكار ئاتلىرى، ئالدىغا ئۇچرىغان دۆمبەش، چاتقاللاردىن ئېپچىللىك بىلەن سەكرەپ ئۆتۈپ، يانىڭ ئوقىدەك تېز يۈگۈرەيتتى. بەزىدە تۇساتتىن

---

① كالومنا ئۆز زامانىدا كۆچمەنلەرنىڭ ھۇجۇمىدىن مۇداپىئەلىنىش ئۈچۈن ئالدىنقى سەپكە سېلىنغان قامال بولۇپ، رەزان كىنەزىگە قارايتتى.

www.uyghurkitap.com

چېپىندە توختاپ، بىر ئورۇندا ئويناقشىپ تۇراتتى ـ دە، ئاندىن يەنە باشقا بىر تەرەپكە قاراپ قۇيۇندەك چېپىپ كېتەتتى.

بەزىدە تۆمۈر دەرۋازا غىچىلداپ ئېچىلىپ، شەھەردىن لەك ـ لەك رۇس لەشكەرلىرى دالاغا ئېتىلىپ چىقاتتى ـ دە، قىرغان تۇۋىدە توپلىشىپ تۇرغان مۇڭغۇللارنىڭ كەينىدىن قوغلايتتى. چۈنكى شەھەر قوماندانىنىڭ «تىل تۇتۇپ كېلىڭلار» دېگەن بۇيرۇقى بار ئىدى. لېكىن مۇڭغۇللار قولغا ئاسان چۈشمەيتتى. ئۆزىگە خەۋپ كەلگەنلىكىنى ھېس قىلغان ھامان تەرەپ ـ تەرەپكە پىتىراپ قاچاتتى ۋە ئۇنداق قېچىشىنى ئانچە ھار ئالمايتتى. رۇس قوشۇنلىرى شەھەردىن يىراقلاپ كېتىشتىن ئەنسىرەيتتى. قوماندانىمۇ «ئەگەر شەھەردىن يىراقلاپ كەتسەڭلار تۇزاققا چۈشۈپ قالىسىلەر» دەپ ئۇلارنى ئاگاھلاندۇرغانىدى.

تاتارلارنىڭ بەزى يۈرەكلىك ئەزىمەتلىرى دەل دەرۋازا ئالدىغا كېلىپ، قورغان بېشىدىكى كالومنا ھىمايىچىلىرىغا قارىتىپ ساداقتىن ئوق ئۈزەتتى. مۇڭغۇللارنىڭ ئوقى ئۇزۇن بولۇپ، پولاتتىن ئۆتكۈر ئۇچ بېكىتىلگەنىدى. تاتارلارنىڭ ئاتقان ئوقى زايە كەتمەيتتى. ئەگەر ئادەمگە تېگىدىغان بولسا بەدەننى تېشىپ ئۆتۈپ كېتەتتى.

قىرغان ئۈستىدىكى ياشانغان بىر نۆكەر مۇڭغۇللارنى تىللاپ تۇرۇپ، بەدىنىگە سانجىلغان ئوقنى سۇغۇرۇۋالدى، ئۇنىڭ جاراھىتىدىن شورقىراپ قان ئېقىشقا باشلىدى.

كىشىلەر ھېلىقى ساداق ئوقىنى ھەيران بولۇپ، قولدىن ـ قولغا ئېلىپ كۆرۈشتى. ئۇلار، مۇڭغۇللار ساداق ئوقىغا لايدىن ياسالغان ئۈشتەك باغلايدىكەن. ئۇلار: «بۇنى ئوق ئۇچقاندا چىقىراپ كىشىلەرگە ھەيۋە كۆرسىتىش ئۈچۈن ئالاھىدە قىلغان ئىكەن» دېيىشتى.

شامالدەك يۈگۈرەك ئاتلارغا مىنگەن بىر تۈپ تاتار چەۋەندازلىرى ئات ئويىنىتىپ، شەھەر دەرۋازىسىنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئۇياق - بۇياققا مېڭىپ، قورغاندىكىلەرنى مازاق قىلىپ، تېرىكتۈرۈپ، جەڭ مەيدانىغا چاقىردى. ئۇلارنىڭ مەقسىتى — قامال ئىچىدىكى ھىمايىچىلەرنى سىرتقا چىقىرىپ ئەپلەپ تۇ-تۇش ئىدى. كالومنا يىگىتلىرى قىزىپ كېتىپ، قوماندانىدىن سىرتقا چىقىرىشقا ئىجازەت سورىۋىدى، لېكىن كۆپنى كۆرگەن تەجرىبىلىك سەركەردە:

— تېخى ۋاقتى بار، قۇۋ تاتارلارغا ئىشەنمەڭلار، ئۇلار سىلەرنى ئالداپ تۇتۇشنىڭ قەستىدە، — دەپ ئۇلارنى توسۇپ قويدى.

كالومنا قورغىنىنىڭ مۇداپىئەسىگە يېرمەي گلېبوۋىچ دېگەن كىشى قوماندانلىق قىلاتتى. ئۇ قىپچاقلار بىلەن بولغان ئۇرۇشلاردا داڭ قازانغان. ئۇنىڭغا بۈيۈك كىنەزنىڭ ئوغلى ۋسېۋولود گېئورگىۋىچ بىلەن رومان ئىنگۋارېۋىچ ئىككىسى ياردەملەشتى. رومان ئىنگۋارېۋىچ تاتارلار رىزاننى ئالغاندا قېچىپ قۇتۇلغانىدى. بۇ ئىككىسى توپ قوشۇنغا يېتەكچىلىك قىلدى. ۋسېۋولود كىنەز — سۇزدالى قوشۇنىغا، رومان — رىزاندىن قېچىپ چىققان لەشكەرلەردىن تۈزۈلگەن قوشۇنغا باش بولدى.

تاتارلار گەرچە شەھەرنى قورشىۋالغان بولسىمۇ، لېكىن تاتار لەشكەرلىرىنىڭ سانى شەھەر ئاھالىسىنىڭ سانىدىن كۆپ ئەمەس ئىدى. شۇڭا ۋسېۋولود بىلەن رومان ئىككىسىنىڭ تا-تارلار بىلەن تىغمۇ تىغ ئېلىشقۇسى كېلەتتى. ئۇلارنىڭ مەقسىتى ئالدى بىلەن شەھەر ئەتراپىدىكى تاتارلارنى يېڭىپ يۈرەك توختاتقاندىن كېيىن، نېرىدىكى قالغان لەشكەرلەرگە ھۇجۇم قىلىش ئىدى.

قوماندان ھەرقايسى تۈپنى يۈزدىن قىلىپ، جەمئىي ئون بۆلەك نۆكەر تەييارلىدى ھەم ئۇلارنى تاڭ سەھەردە ھەممە دەرۋازىدىن بىر ۋاقىتتىلا ئېتىلىپ چىقىپ، دۈشمەنگە تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن ئورۇنلاشتۇردى ۋە ئۇلارغا:

— تاتارلاردىن «تىل» تۇتۇپ كېلىڭلار. ئۇنىڭدىن تاتارلارنىڭ نەچچىلىك قوشۇنى بار ئىكەنلىكىنى، كالومنا ئېغىزىدا قايسى خاننىڭ تۇرغانلىقىنى، باشقا خانلارنىڭ نەدە ئىكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ كالومناغا كېلىدىغان - كەلمەيدىغانلىقىنى بىلىش كېرەك. «تىل» ئالماي قايتقۇچى بولماڭلار، — دەپ كەسكىن بۇيرۇق بەردى.

كالومناغا قورشاپ ھۇجۇم قىلىۋاتقان قوشۇننىڭ سەركەردىسى بۈيۈك چىڭگىزخاننىڭ كەنجى ئوغلى ياش قۇلقانخان ئىدى. ئۇنىڭ قول ئاستىدا! بىر تۈمەن تاتار موڭغۇل لەشكىرىدىن باشقا، باياندارخاننىڭ بەش مىڭ قىپچاق قوشۇنى ۋە باشقا تاتار قەبىلىلەردىن قۇرۇلغان بىر تۈمەن قوشۇنى بولۇپ جەمئىي يىگىرمە بەش مىڭ كىشىلىك قوشۇنغا ئىگە ئىدى. لېكىن پۈتۈن قوشۇن كالومناغا كەلمىگەن، بىر قىسمى سۇزدالى زېمىنىدە پىتىراپ، ئورمان ئىچىگە كىرىپ كەتكەن، خەلقنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلىش بىلەن بەنت بولۇپ كەتكەنىدى. بىر ئاي ئىچىدە ئۇلار چوڭ - كىچىك ئون تۆت شەھەرنى كۆيدۈرۈپ، يەر بىلەن يەكسان قىلدى.

قۇلقانخان كالومناغا تازا قاتتىق سوغۇق بولۇۋاتقان كۈنلەردە يېتىپ كەلدى. ئۇ يۈرۈش قىلغاندا ئۆزى بىلەن بىرگە ئېلىپ يۈرىدىغان كىگىز ئۆيلەرنى دەريانىڭ شەھەرگە ئۇدۇل تۇرىدىغان قىرغىقىدىكى قېلىن ئورماننىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئوچۇقچىلىققا تىكتۈردى. بۇ يەردىن كالومنانىڭ يوغان -

يوغان لىم ياغاچلار بىلەن قورشالغان ئېگىز قورغىنىنى، مۇستەھكەم تۆمۈر دەرۋازىسىنى، قامال ئۈستىدە بۈرگەن نۆكەرلىرىنى ئېنىق كۆرگىلى بولاتتى. مۇز پارچىلىرى ئۈستى - ئۈستىگە مىنگىشىپ قېتىپ كەتكەن دەريانىڭ كەڭ ساھىلى خۇددى ئىنسانلار دۇنياسىدىن خالى ھالدا يىگانە تۇرغاندەك غەمكىن كۆرۈنەتتى. بۇنداق كەڭرى تۈزلەڭلىك سىرقۇش قىلىشقا ۋە ئۇرغۇن قوشۇننىڭ ھەرىكەت قىلىشىغا ئىنتايىن قولايلىق ئىدى.

دادىسى چىڭگىزخاندەك بەستلىك كەلگەن قۇلقانىخان ئېگىز ئۆيىنىڭ يېنىدا تۇرۇپ، قامالدىن كۆز ئۈزمەي قاراپ تۇراتتى. بۇ قامال ئۇنىڭ ئۈچۈن چوڭ سىناق ئىدى. ئەگەر ئۇ بۇ قامالنى ئالالىسا، ئۇنىڭ داڭقى چىقىپ، قەھرىمانلىق شۆھرىتى ئالەمگە پۇر كېتەتتى. گەرچە ئۇنىڭ چىرايىدىن ھازىر جىددىيلىك ئالامىتىنى كۆرۈۋالغىلى بولمىسىمۇ، ئەمما ئۇ ئىچ - ئىچىدىن شەۋكەتلىك غەلىبىگە مۇيەسسەر بولۇشقا تەقەززا ئىدى. بىراق ئۇنىڭ كۆڭلىنىڭ نېرى تەرىپىدە شېرىن خىيالىغا قارا سايە تاشلاپ تۇرغان ئەندىشىمۇ يوق ئەمەس ئىدى.

«يېشىم ئون تۇققۇزغا كەلدى — دەپ ئويلايتتى ئۇ ئىچىدە. — لېكىن ھازىرغىچە بىرەر چوڭ ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرالمىدىم. داداممۇ مېنىڭ يېشىمدا ئادەتتىكىدەك ئونبېشى ئىكەن. ھەتتا ئون لەشكەرنىمۇ باشقۇرالماي تېزىتىۋېتىپتىكەن. دادام بىر قېتىملىق جەڭدە تۇتقۇنغا ئېلىنىپ، دۈشمەنگە قول بولغان. بويىنىغا قوۋۇق سېلىنىپ ئەتىدىن - كەچكىچە ئېغىر ئەمگەك قىلىپتىكەن. كېيىن بىر تۆمۈرچى ئۇستىنىڭ دۇكىنىدىمۇ ئىشلەپتۇ. ئۇ ئىنتايىن رەھىمسىز ئادەم ئىكەن. دادام ئەتىدىن-كەچكىچە بازغان ئۇرۇپ، چارچاپ قالغۇدەك بولسا، نازارەتچىلەر قامچا بىلەن ساۋايدىكەن. ئۇنىڭغا قارىغاندا مەن ھۆكۈ-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مۇم يۈرۈپ تۇرغان قۇدرەتتى كۈچلۈك قۇلقانىخان ئەدەسمۇ! پۈتۈن دۇنيادىكى ئىنسانلارنىڭ ئۇلۇغ ئەمىرىنىڭ تۇغۇلمەن. نەسىللىك ئېسىل ئاتلىرىم بار. قولۇمدا يىگىرمە بەش دەلىك نۆكەرىم بار. ئۇلار قولۇمنى شىلتىگەن يەرگە يېتىپ بارالايدۇ. مەن قۇلقانىخان دادامنىڭ ئارزۇسىغا ۋارىسلىق قىلىپ ئەڭ ئاخىرقى دېڭىزغىچە يېتىپ بېرىپ، پۈتۈن جاھاننى بويسۇندۇرىمەن. لېكىن بۇ ئىشىمغا توسقۇنلۇق قىلىدىغان ئادەم كۆپ. بىرىنچىسى، كۆيمەك خان. مەقسىتىمگە يېتىپ غەلىبە قىلغىچە ئۇنىڭ بىلەن دوست بولۇشۇم كېرەك. ئەڭ يامىنى باتۇخان. ئۇنى نېمىشقىمۇ جاھانگىر سايلاپ قويۇشقاندۇ؟ بىر كۈنى ئۇ ئىشى ئۇڭ كەلمەي ياۋدىن يېڭىلسە، «باتۇخان قولىدىن ئىش كەلمەيدىغان ناچار ئادەم» دەپ جاكالاپ، ئۇنى ئۆلتۈرۈپ كۆزدىن يوقىتىش كېرەك. كەينىدىنلا كۆيمەك خاننى كۆزدىن يوقىتىش لازىم. لېكىن ھازىر ھەممىدىن مۇھىمى كالىزمىنا تۆۋەندە قىپقىزىل قان بىلەن قەھرىمانلىق شەجەرىسىنى يېزىپ، غەلىبىنى قولىغا كەلتۈرۈش. نۆكەرلەرگە كەڭ قوللۇق بولۇپ، ئۇلارنى مال دۇنياغا غەرق قىلىش، شۇ ئارقىلىق ئۆز شۆھرىتىمنى ئاشۇرۇشۇم كېرەك. ئەگەر مەن ئۇلارنى رازى قىلالىسام، ئۇلار ئەمەلىيەتتە مېنى ھىمايە قىلىدۇ. ئەل ئىچىدە ئابرويۇم ئۆسىدۇ. كېيىن ئۇلار مېنىڭ خاقان بولۇپ سايلىنىشىم ئۈچۈن كۈچ چىقىرىدۇ...».

باياندارخان ئۆزىنىڭ بەش مىڭ قىپچاق نۆكىرى بىلەن قۇلقانىخاننىڭ قوشۇنىدا ئىدى. ئۆزلىرىنى پاك مۇسۇلمان دەپ ھېسابلايدىغان بۇ قىپچاقلار موڭغۇل - تاتار قوشۇنلىرىدىن ئايرىم قونالغۇ ھازىرلايتتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە كۆك سەللىلىك، بېلىگە كۆك يېپەكتىن بەلباغ باغلىغان سەييىتلار① مۇ-

① سەييىت — ئۆزىنى مۇھەممەت پەيغەمبەرنىڭ نەسلى بىز دەپ ھېسابلايدىغان كىشىلەر.

بار ئىدى. ئۇلار قىپچاقلارغا مۇسۇلمان دىنىنىڭ قائىدە -
يوسۇنلىرىنى، جەڭ مەيدانىدا ئادەم ئۆزىنى قانداق تۇتۇش
لازىملىقىنى، غازات يولىدا شېھىت بولغانلارنىڭ ساۋابى توغ-
رىسىدا ئاغزىدىن كۆپۈك قايناتقۇچە ۋەز ئېيتاتتى. ئۇلار دائىم
كاپىرلارنى قىرىڭلار! غازات يولىدا قۇربان بولغانلار شېھىت
بولىدۇ. ئۇلارنىڭ روھى جەننەتتىن ئورۇن ئېلىپ، ھۇر - غىل-
مانلار ئىچىدە پاراغەتلىك تۇرمۇش كەچۈرىدۇ» دېگەن سۆزلەر
بىلەن ۋەزلىرىنى ئاخىرلاشتۇراتتى.

مۇسۇلمان قوشۇنلىرى سۈننى ۋە شىئە دېگەن ئىككى
مەزھەپكە بۆلۈنەتتى. قىپچاقلار — سۈننى مەزھەپىگە، پارىس
تىلىدا سۆزلەيدىغان ئىران نۆكەرلىرى شىئە مەزھەپىگە مەن-
سۇپ ئىدى. قوشۇن تەختاپ بىرنەچچە كۈن تۇرغان قونالغۇ-
دىمۇ سۈننىلەر بىلەن شىئەلەر ھەرگىز بىر داستىخاندا تاماق
يېمەيتتى. ھەرقايسى مەزھەپتىكىلەر ئۆز ئالدىغا ئايرىم قازان
ئاساتتى. شىئە مەزھەپىنىڭ تەقۋادارلىرى گۈلخان يېنىدا ئول-
تۇرۇپ، نۆكەرلىرىگە ئەينى زامانلاردا تاغ ئاستىغا كىرىپ
غايىب بولغان «بەندىلەر تۆت كۆزى بىلەن كۈتۈۋاتقان» مەدى
دېگەن ئادەم يەر يۈزىگە قايتىپ چىقىدىكەن دەيتتى.

— يەر يۈزىدە ياۋۇزلۇق، زورلۇق - زومبۇرلۇق چېكىگە
يەتكەندە مەدى يەر يۈزىگە چىقىدۇدەك. ئۇ چاغدا پۈتۈن دۇنيا-
غا ئادىللىق ئورناپ، باي بىلەن گادايىنىڭ پەرقى تۈگەپ،
بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرىدىكەن.

شىئە مەزھەپىدىكى لەشكەرلەر بۇنداق سۆزلەرگە
بەكمۇ ھېرىسمەن ئىدى. شۇڭا سېيىت يېنىغا كېلىپ قالسا
ئوت يېنىۋاتقان بولسا، گۈلخان ئەتراپىدىن، تاماق يەۋاتقان
بولسا، داستىخاندىن بىر كىشىلىك ئورۇن بېرەتتى. ئۇنىڭدىن:

— مەدى يىراق ئەللەرگە كېتىپ قالغانمىدۇ؟ مەريەم

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئالىنىڭ ئەمچىكىنىڭ سۈتى چۈشكەن خاسىيەتلىك قۇدۇقنى قانداق ئاپقىلى بولىدۇ؟— دەپ سورايتتى. كىشىلەرنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، ئاشۇ قۇدۇقنىڭ سۈيىنىڭ ئۈستىدە مەريەم ئانىنىڭ سۈتى خۇددى ئايدەك نۇر چېچىپ تۇرارمىش.

— بىر ئامال قىلىپ ئۇ قۇدۇقنى تېپىش كېرەك. — دېدى سىيىت مايلىق پولۇنى بەش قولى بىلەن ئاغزىغا سېلىۋېتىپ، — شۇ قۇدۇقتىكى مەريەم ئانىنىڭ ئاق سۈتىدىن چېچىلغان نۇرنى كۆرگەن كىشى ئۇ دۇنيادا دوزاخ ئوتىنى كۆرمەيدۇ...

قىپچاق نۆكەرلىرى بۇرۇنقى زامانلاردا ئۆتكەن باتۇرلارنىڭ ئاجايىپ قەھرىمانلىقلىرى تەسۋىرلەنگەن جەڭنامىلەرنى ياكى قىپچاقلار ئىچىدە ئېغىزدىن - ئېغىزغا كۆچۈپ يۈرگەن مەشھەل پالۋان توغرۇلۇق ھېكايىلەرنى ئاڭلاشقا خۇشتار ئىدى. لېكىن ھەممىدىن قىزىقى تۆلەپبەرگەن يۈزبېشى توغرىسىدىكى چاقچاقلار ئىدى بولۇپمۇ پۇت - قولى باغلانغان تۇتقۇن رۇس بالىسىنىڭ يۈزبېشىنىڭ تولپاردەك ئېتىنى مىنىپ قېچىپ كەتكەنلىكى ئېسىگە چۈشكەندە ھەممىسى كۈلۈپ، تۆلەپبەرگەننى ئىلگىرى - كېيىن ئەخمەق قىلاتتى. بەزىلەر كالۇمنا قورغانىدىن چىقىپ يۈرگەن رۇس نۆكەرلىرىنىڭ ئىچىدە تۆلەپبەرگەننىڭ توروق ئايغىرىنى مىنىپ يۈرگەن بىر باتۇرنى كۆرۈپتۇ، دېگەن بىر سۆز تارقالدى. شۇڭا ئۇدۇل كەلگەن كىشىنىڭ ھەممىسى تۆلەپبەرگەنگە ئاتنى قانداق قىلىپ قولغا چۈشۈرۈش توغرىسىدا ئەقىل ئۆگىتەتتى.

تۆلەپبەرگەن بۇنداق كىشىلەرنى يىراقتىن كۆرگەن ھامان بۇرۇلۇپ كېتىپ قالاتتى. بەزىدە ئاچچىقىنى باسالماي چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ، كۆزلىرىنى ئالايتىپ، ئۆزىنى مازاق قىلغان ئادەمنى يەۋەتكۈدەك قىلاتتى.

— پۈتۈن قوشۇن ئىچىدىن مېنىڭ ئېتىمدەك ئاتنى تاپ-

قىلى بولمايتتى، مەن ئۇنىڭ بىلەن قاناتلىقنىمۇ قىزغلاپ يېتەت-
تىم. ئەمدى ئۇنى قانداق ئات بىلەن قىزغلاپ يەتكۈلۈك؟ سەن
خەق مىنىپ يۈرگەن سوكال ئاتلار بىلەن ئۇنىڭ تۇيىقىدىن
چىققان چاڭغىمۇ يەتكىلى بولمايدۇ، — دەيتتى ئۇ.

ئابدۇرۇسۇل موللا تۆلەپبەرگەنگە ھېسىداشلىق قىلغان بولۇپ:

— بۇ ئايالىلارنىڭ ياردىمىسىز ئەمەلگە ئاشماي-
دۇ؟ — دېدى.

— نېمە ئۈچۈن؟ — دەپ قىپچاقلار ۋارقىراشتى.

— سېنىڭ كۆڭلۈڭدىكىدەك ئاتنى پەقەت قۇلقانىخانىلا
تېپىپ بېرەلەيدۇ. قۇشتىن ئىتتىك. شامالدىن تېز يۈگۈرىدىغان
ئاتلار ئۇنىڭ قولىدا بار. بىراق ئۇ ھاراق - شارابقا كەڭ
قوللۇق قىلغان بىلەن ئاتقا كەلگەندە، پىششىق نەرسە. ئەگەر
سەن رۇس گۈزىلىدىن بىرنى تۇتۇپ كېلىپ قۇلقانىخانغا
تۇتساڭ، ئەنە شۇ چاغدا خان ساڭا تارتۇق ئۈچۈن دېگەندەك
ئاتتىن بىرنى بېرىشى مۇمكىن. ئۇنىڭ ئېپى ئەنە شۇ.

— ماڭا تارتۇق قىلمىسىمۇ، ئېتىمنى قىزغلاپ تۇتۇش
ئۈچۈن بىر ئېتىنى بېرىپ تۇرسىلا بولاتتىغۇ، — دېدى تۆلەپ-
بەرگەن ئۈمچىيىپ.

— ئېھتىيات قىل، رۇسلار بۇ ئېتىڭنىمۇ تارتىۋالمىسۇن، —
دېدى موللا يەنە سۆز قىستۇرۇپ.

تۆلەپبەرگەن ئاخىرى قىلقانىخانىدىن ياردەم سوراشقا مەج-
بۇر بولدى. ئۇستىبېشىنى قار بېسىپ كەتكەن ئىككى مۇھا-
پىزەتچى مىڭ تەسلىكتە يۈز بېشىنى خانىنىڭ كىگىز ئۆيىگە
كىرىشكە رۇخسەت قىلدى. ئوتتۇرىسىدىكى گۈلخانغا ئوتۇننى
ئىنتايىن كۆپ سالغاچقا، ئۆي ھۇپپىدە ئىسسىپ كەتكەنىدى.
تۆردە يولۋاس تېرىسىنىڭ ئۈستىدە بۈيۈك چىڭگىزخانىنىڭ ئوغلى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قۇلقانخان ئولتۇراتتى. خاننىڭ سول تەرىپىدە ئالتە مىڭبېشى قىستىلىشىپ ئولتۇراتتى. ھەربىرىنىڭ قولىدا بىردىن ياغاچ چۆچەك بار ئىدى. كىگىز پايپاق كىيگەن مالاي مۇڭغۇل باغلاقلىق تۇرغان تۇرسۇقتىن چۆچەكلەرگە ھېلىدىن - ھېلىغا ئارزا دېگەن كۈچلۈك ئىچىملىكنى قۇيۇپ تۇراتتى. تۆلەپبەرگەن بېشىدىكى تۈلكە قولاقچىنى ئېلىپ، بېلىدىكى بەلبېغىنى يېشىپ، بويىنىغا ئارتىپ، بوسۇغىدا ئىنتايىن ئەدەب بىلەن قىسىلىپ ئولتۇردى. (ئۇ چاغلاردا بەلبېغىنى يېشىپ بويىنىغا ئېلىش، سېنىڭ يولۇڭدا جېنىم پىدا دېگەن مەنىنى بېرەتتى.) قۇلقانخان تەكەببۇرلۇق بىلەن ئەتەي ئۇنى كۆرمىگەنگە سېلىپ يېنىدىكىلەر بىلەن پاراڭلاشتى. بىر ھازادىن كېيىن ئۇنىڭغا قاراپ:

— نېمە ئارزۇ - ئارمانلىرىڭ بار، تۆلەپبەرگەن باتۇر؟ تۆرگە چىقىپ ئولتۇرغىن، — دېدى ئىللىق چىراي كۆرسىتىپ.

— سېنىڭ يولۇڭدا جېنىم پىدا! مېنى بالايى - قازادىن ساقلاپ قالغۇچىسەن. شۇڭا سېنىڭدىن ياردەم سوراپ كەلدىم. ئەگەر ماڭا ياردەم قىلمىساڭ ماڭا كۆزۈمنى يۇمۇپ، ئۇرۇش قايىنىمىغا كىرىپ، رۇسلارنىڭ قىلىچى ئاستىدا ئۆلۈشتىن باشقا يول قالمايدۇ. ئەگەر دۈشمىنىمنى يېڭىپ، مەقسىتىمگە يېتىپ، ئېتىمنى قولۇمغا ئالالمىسام ئۇنىڭدىن ئۆلگىنىم ياخشى.

— نېمىدىن قايغۇرىسەن؟ — دېدى بۇ تەرەپتە ئولتۇرغان قېرى سەركەردە بورۇنتاي. بۇ قېرى چىڭگىزخاننىڭ تالاي ئۇرۇشلىرىدا داڭق چىقارغان تەجرىبىلىك قوماندانلارنىڭ بىرى ئىدى. — سەن تېخى ياش، ئەمدىلا خەلق ئاغزىغا چىقىپ غەيرەتلىك لەشكەر، قورۇقماس چارلىغۇچى دېگەن ناملارغا ئىگە بولغان يىگىتسەن. بەلنى قويۇۋەتسەڭ بولمايدۇ. يولۇڭدىن قايتما.

— ئۇنىڭ ھەممىسى ئۆتمۈش بولۇپ قالدى. ھازىر

كىشىلەر ئالدىدا خارلىنىپ قالدىم. ھېچنېمە كۆرمىگەن نادان
باللارمۇ مېنى مازاق قىلىدىغان بولدى. ئۇلاردىن زادىلا قۇتۇ-
لالمايدىغان بولدۇم.

— مېنى نېمە قىل دەيسەن؟ — دېدى قۇلقانىخان.

— ماڭا رەھىم قىلساڭ!... كالۇمنا قامالىدىن سىرتقا
چىقىپ يۈرگەن رۇس نۆكەرلىرى ئىچىدە مېنىڭ تۇرۇق ئېتىم-
نى مىنىپ يۈرگەن بىر كىچىك بالىنى كۈندە دېگۈدەك كۆرىمەن.
ئۇنى ھەر كۆرگەندە ئىچىمگە ئوت كېتىدۇ. ئۇنى قايتۇرۇۋالال-
مىغانلىقىمغا بەكمۇ ئۆيلىمەن. پەقەتلا چىدىغۇچىلىكىم قالمىدى...

— لەشكەرنىڭ ئېتىنى دۈشمەن تارتىپ مىنىۋاپتۇ. دې-
گەن ئىنتايىن نومۇس گەپ! ئۇنى دەرھال تارتىۋېلىشىڭ كېرەك.

— سەن لەشكەرلىرىڭنىڭ نېمە خىيالدا ئىكەنلىكىنى
بىر قاراپلا بىلىۋالىسەن. ھازىر مېنىڭ نېمە ئۈچۈن كەلگەنلى-
كىمنى ئېيتمىساممۇ ئوبدان چۈشىنىسەن.

— ھەممىنى چۈشەندىم سادىق خىزمەتكارىم! ھەي، ماۋۇ
تۆلەپبەرگەنگە ئارزا قويغىن. ئۇ يۈگەنسىز رۇسقا ھەممىز بىرلىكتە ھۇ-
جۇم قىلايلى... ئۇنى قورشاۋغا ئېلىپ ئاتىنىمۇ، ئۆزىنىمۇ تىرىك قولغا چۈ-
شۈرۈش كېرەك. ئۇنى سەن يېنىڭغا مېنىڭ ئادەملىرىم ئىچىدىن تاللاپ
تۇرۇپ قىرىق يىگىت ئالغىن. ئۇلار مېنىڭ ئاتاقلىق يۈگۈرۈكلىرىمگە
مىنسۇن، سەن ئۇلارنى دەريا ياقىسىغا ئاپىرىپ ھەر ئۈچ يۈز قەدەم
يەرگە تۆتتىن ئادەمنى قويىسەن. رۇسلار دەرۋازىدىن چىققاندىلا،
مېنىڭ يۈزلۈكۈم ئۇلارغا ئوقتەك ئېتىلىپ بېرىپ، بالىنى توپتىن
ئايرىۋالىدۇ. بۇ چاغدا مۆكتۈرمىگە قويغان ئادەملەر سالمىلىرى-
نى تەييارلاپ ئۇنىڭ كەينىدىن قوغلايدۇ. ئۇ دەريانى بويلاپ
قېچىشقا باشلىغاندا ھەر ئۈچ يۈز قەدەمدە ئاتلىق تۆت يىگىت
قوغلىغۇچىلارغا قوشۇلۇپ ماڭىدۇ. ھەر قانداق يۈگۈرۈك ئات
بولسىمۇ بۇنداق قوغلاشقا بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ. ئۇ ئات يۇ-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

گۆرۈپ ھالىدىن كەتكەندە تۇتۇش ئوڭاي ئىش...

— ياشاپ كەت! سېنىڭدىن ئارتۇق ئادەم يوق. سېنىڭ-دىن ئېشىپ كېتىدىغان مەرد يوق، — دەپ تۆلەپبەرگەن خۇد-دى خوتۇنى ئوغۇل تۇغقاندەك خۇشال بولۇپ كەتتى.

— ئەنە شۇ چاغدا ئۇ بالىدىن جاۋابنى ئۆزۈم ئالىمەن. سەن ئۇنى راستىنى ئېيتقۇزۇش ئۈچۈن ئۇنىڭ دۈمبىسىگە قىزىتىلغان تۆمۈرنى سانجىپ تۇرىسەن. بۇ يۈرۈشكە چىقىش ئۈچۈن ساڭا تاللانغان ئاتلىرىمدىن بىرنى بېرەي.

— ئۆمرۈم بويى سېنىڭ قۇلۇڭ بولاي! شۇ كېپىڭ ئۈچۈن مال - دۇنيالىرىم ۋە جېنىم سېنىڭ بولسۇن! — دەپ تۆلەپ-بەرگەن يەرگە باش قويدى.

## سەككىزىنچى باب

## قورشاۋنى بۆسۈش

... تاپقۇر كىشى ئىدى ئۇل،
ئۇقدانىغا سالدى قول.
قاتتىق تارتتى كىرىچنى،
پولات ئوقى ئالدى يول.

مەنزىل بويلاپ ئوق ئۇچۇپ،
نىشانىغا باردى يېتىپ.
قادالدى ئوق كانايغا،
يىگىت ياتتى قان يۇتۇپ.

(قەدىمكى زامان رۇس قوشىقى)

تۇرۇپكا كالومناغا كەلگەندە رومان ئىنگوۋارېۋىچ كىنەز باشلىغان رەزان قوشۇنىمۇ يېتىپ كەلگەندى. ئۇ ئۆزىگە تاپشۇرۇلغان ئىشنى ھەرقاچان ۋاقتىدا ۋە كۆڭۈل تىندۇرۇپ پۈتتۈرەتتى. شۇڭا كىنەز ئۇنى ئىنتايىن ياخشى كۆرەتتى ۋە دائىم ئۆز يېنىدا ئېلىپ يۈرىدىغان چاپارمەن قىلغانىدى.

— تۇرۇپكىغا ھەرقانداق مۈشكۈل ئىشنى تاپشۇرساڭمۇ ئورۇنداپ كېلىدۇ، — دەيتتى كىنەز رومان. — ۋەزىپىنى ئورۇنداش ئۈچۈن ئوتقا سەكرەشتىنمۇ يانمايدۇ.

تۇرۇپكىنىڭ سۆيۈملۈك دوستى — ئۇنى تاتار تۇتقۇنىدىن قۇتۇلدۇرغان سومباتلىق تورۇق ئايغىر ئىدى. تۇتقۇندىن قېچىپ كەلگەندىن بېرى تۇرۇپكا بۇ ئاتنى كۆز قارىچۇقىدەك ئاسراپ، بىر قوللۇق كۈتۈپ كەلدى. ئاتقا يەم ئورنىدا دائىم نان بېرەتتى. ئۆزى ئاچ قالغان چاغلاردىمۇ ئالدى بىلەن ئېتىنىڭ غېمىنى قىلاتتى. كالومنادا ئاشلىق، چۆپ قىس بولغانلىقى ئۈچۈن ئات بىر ئاز جۈدەشكە باشلىدى. خەلق مۇھاسىرىنىڭ قانچىلىك داۋاملىشىنى پەرەز قىلالمىغاچقا، ئاشلىقنى يوشۇرۇپ چىقارمايتتى. يىراق - يېقىندىن كەلگەن قاچاقلارنىڭ ھەممىسى كالومنانى پاناھ قىلغانلىقتىن شەھەر ئاھالىسى ئىنتايىن كۆپىيىپ، تىقما - تىقماق بولۇپ كەتتى. ئوزۇق يېتىشمىگەنلىكتىن خەلق ئات گۆشىنىمۇ يېيىشكە باشلىدى.

تۇرۇپكا ئېتىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن خەۋپلىك ۋە بالالىق بولسىمۇ يەنىلا شەھەر سىرتىغا چىقىپ ۋەزىپە ئۆتەشنى ياخشى كۆرەتتى. ئۇنىڭ خۇرجۇنىدا دائىم ئارپا - سۇلۇ تەييار ئىدى.

تۇرۇپكا ئۇرۇشتا ئۆلگەن بىر موڭغۇلنىڭ سادىقىنى غەنىمەت ئېلىپ ئوقيا ئېتىشنى ئۆگەندى. ساداق ئوقىنى تېپىش قىيىن ئەمەس ئىدى. موڭغۇللار ھەر كۈنى قامال ئۈستىدىكى لەشكەرلەرگە ئوقنى ياغدۇرۇپ تۇراتتى.

www.uyghurkitap.com

تورۇپكا تاغارغا سامانلىنى تىقىپ، ئۇنى تامغا ئېلىپ قويۇپ ئات ئۈستىدە كېتىۋېتىپ ئۇنى قارىغا ئېلىپ ئېتىشنى مەشىق قىلدى. ساداق ئېتىش ئۇنىڭ ئۈچۈن دەسلەپتە ئىنتايىن ئېغىر بىلىندى. چۈنكى تاغ ئۆشكىسىنىڭ ئەگرى مۈڭگۈزىدىن ياسالغان تاتار سادىقىنىڭ كىرىچى ئىنتايىن چىڭ تارتىلغانىدى. تورۇپكا دەسلەپتە كىرىچنى ئوقنىڭ يېرىمىچىلىك تارتالايتتى. ئۇنداق ئېتىلغان ئوقنىڭ تېزلىكى ئىنتايىن ئاستا بولاتتى-دە، يىراققا بارالمايتتى. مۇڭغۇللار بولسا سول قولنى ئالدىغا تۈز سوزۇپ، كىرىچنى تۇتقان ئوڭ قولنى بولسا قۇلىقىنىڭ يېنىغىچە سوزۇپ ئەكىلىپ قويۇپ بېرەتتى. بۇنداق ئېتىلغان ئوق ۋىژىلداپ ئۇچقان پېتى ھەرقانداق نەرسىنى تېشىپ ئۆتەتتى. بارا - بارا تورۇپكىمۇ ئەنە شۇنداق ئاتىدىغان بولۇپ قالدى.

بىر كۈنى كىنەز رومان تورۇپكىنى چاقىرىپ، ئۇنىڭغا تورۇلۇپ يۆگەلگەن قىزىل لاتىغا ئورالغان بىر مەكتۇپنى بېرىۋېتىپ:

— ساڭا تورۇپكا، راستورۇپكا (چاققان) دېگەن ئىسىمنى بىكارغا قويمىغان. ۋسېۋالود كىنەز ساڭا ئىنتايىن مۇھىم بىر ۋەزىپىنى تاپشۇردى. ئەتە تاتارلارغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلماقچىمىز. دەھشەتلىك قىرغىن بولىدۇ. سەن شۇ پەيتتىن پايدىلىنىپ دەريادىن ئۆتۈپ، قارىغايزارلىقنىڭ ئىچىگە قاراپ يۈرسەن. ئېھتىمال تاتارلار ساڭا دىققەت قىلماسلىقى مۇمكىن. ئورمان ئىچىگە كىرگەندىن كېيىن، ئوۋچىلار ماڭىدىغان سوقماق يول بىلەن شىمالغا قاراپ ماڭىسەن. ۋسېۋالود كىنەز خېتىدە دادىسى بۈيۈك كىنەز گېئورگى ۋسېۋالودوۋىچقا بىزنىڭ شەھەرگە داۋاملىق مۇداپىئە قىلىشىمىزنىڭ قىيىنغا چۈشۈۋاتقانلىقىنى، دادىسىنىڭ ياردەم بېرىشى لازىملىقىنى يازدى. تاتارلار كالومناغا ئارقا - ئارقىدىن توختىماي كېلىۋاتىدۇ.

ئۇلار ئۆزۈنغا قالماي قامالنى ۋەيران قىلىشى مۇمكىن. سەن كىرجاش، روستوۋ، ئوكىلىچ شەھەرلىرىگە قاراپ ماڭغىن. ئۇ يەرلەرگە تاتارلار تېخى يېتىپ بارالمىدى. يول بىرىش. بىز يەنە ئىككى ئايغا بەرداشلىق بېرەلەيمىز. بىراق ئۇ ۋاقىتقىچە بۈيۈك كىنەز كېلىپ ياردەم قىلمىسا، بىرىمىز قالماي قىرىلىپ تۈگەيمىز، دېگەن گەپ. بارلىق ئۈمىدىمىز سېنىڭدە. سېنى بۈيۈك كىنەزنى تېپىپ، ئۇنىڭ قوشۇنىنى باشلاپ كېلىپ بىزنى قۇتقۇزۇۋالىدۇ، دېگەن ئۈمىد بىلەن كۈتۈپ تۇرىمىز، — دېدى ئۇ.

ئەتىسى تاڭ سەھەر ۋاقتى. يەرگە ئەمدى يورۇق چۈشكەندە تولۇق قوراللانغان ئاتلىق نۆكەرلەر، شەھەرنىڭ تار كوچىلىرىدىن قىستىلىشىپ ئۆتۈپ قورغان دەرۋازىسىغا قاراپ ماڭدى.

يېنىدا كىنەزنىڭ ئۈچ يىگىتى بار، تۇرۇپكىمۇ بۇ چاغدا دەرۋازا يېنىدا ھازىر بولغانىدى. بۇ ئۈچ يىگىتمۇ تۇرۇپكىغا ئوخشاش كىنەزنىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە تاتارلارنىڭ مۇھاسىرىسىدىن ئۆتۈپ ئۈچ شەھەرگە مەكتۇپ يەتكۈزمەكچى ئىدى.

يېرىم كېچىدە قار - شۇرغان باشلانغانىدى. چىلبۆرىدەك ھۇۋلىغان مۇدھىش بوران ئۆي چېدىرلىرىنىڭ ئۈستىدىكى قارنى ئاتلىق نۆكەرلەرنىڭ بېشىغا قۇياتتى. نۆكەرلەرنىڭ ئىچىدە ساۋۇت كىيگەنلەر ئاز ئىدى. كۆپى تېرە جۇۋا كىيىپ ئوق ئۆتمەسلىكى ئۈچۈن مەيدە ۋە بەللىرىگە قەلەي پارچىلىرىنى بېكىتىۋالغانىدى.

— نېمىنى كۈتىمىز؟ كۆزەتچىلەر دەرۋازىنى تېزرەك ئېچىڭلار! — دەپ كۆپچىلىك تەقەززا بولۇپ ۋارقىراشتى.

بۇ چاغدا دۇب ياغىچىدىن ياسالغان دەرۋازىنىڭ دات باسقان ئىلغۇرلىرى غىچىلداپ دەرۋازىنىڭ ئىككى قانىتى ئېچىلىپ، تۇم قاراڭغۇلۇق ئىچىگە يول ئاچتى. بۇ قاراڭغۇلۇقنىڭ

ھەربىر قەدەمدە كىشىلەرنى ئەجەل كۈتۈپ تۇرغاندەك قىلاتتى. ئىلمەك قىلىچلىرىنى تويىنتىپ مىخلىغان قىيسىق كۆزلەر ھازىر تۇرغاندەك ئىدى. لەشكەرلەر دەرۋازىدىن چىقىپ دالاغا قاراپ ئات سالدى.

تۇرۇپكىنىڭ ئاستىدىكى تورۇق ئايغىر ئۆزىگە قامچا تەگكۈزمەيلا باشقا ئاتلارنىڭ كەينىدىن يۈرۈپ كەتتى. قوشۇنىنىڭ ئالدىدا بىر توپ قورۇقچىلارنىڭ مۇھاپىزىتىدە كىنەز رومان ئىنگىۋاربۇچ كېتىپ باراتتى. قوشۇنىنىڭ مەقسىتى — دەريانىڭ ئۇ قېتىدىكى ئورماندا ياتقان تاتارلارغا ئوشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلىپ تەييارلىقى يوق ياۋنى قىرغىن قىلماقچى. تۇرۇپكا توپتىن ئايرىلىپ ئەمدى ئۆز يولىغا چۈشكەندى. توساتتىن:

— موڭغۇللار ئالغا!... — دېگەن بىر قاتتىق ئاۋاز ھاۋادا ياڭرىدى.

نۇرغۇن ئاتلارنىڭ مۇز ئۈستىدىكى تاراسلىغان تۇياق ئاۋازى ئاڭلىناتتى. تۇرۇپكا ھوشيارلىنىپ ئالدىغا قاراپ قارشى تەرەپتىن بىر توپ ئاتلىق نۆكەرلەرنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردى. ئۇلار تۇرۇپكا بۇرۇن ئاڭلاپ باقمىغان بىر خىل تىلدا سۆزلىشىپ كېلىۋاتاتتى.

بۇنى كۆرگەن تۇرۇپكا ئىككىنچى تەرەپكە بۇرالغانىدى، ئۇ تەرەپتىمۇ ئاتلىق ئادەملەرنىڭ قارىسى كۆرۈندى. ئاخىرى تۇرۇپكا ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ، بىلىنەر - بىلىنمەس بىر يالغۇز ئاياغ يولغا چۈشۈپ، ئېتىنىڭ تېزگىنىنى قويۇۋەتتى. ئۇچقۇر ئات كېرىچتىن ئايرىلغان ئوقتەك كەتتى. تۇرۇپكا ئېتىنى سىلىق مۇزدا تېيىلىپ كەتمىگىدى، دەپ ئەنسىرەيتتى.

ھايت - ھۇيت دېگۈچە يان تەرەپتىن ئۈچ موڭغۇل ئېتىلىپ چىقتى. تۇرۇپكىنىڭ ئەتراپىدا ساداق ئوقلىرى ۋىژىلداپ ئۇچاتتى. تورۇق ئات ئالدىغا يولۇققان ئويمان - چوڭقۇر، مۇز،

دۈمپەشلەردىن سەكرەپ ئۆتۈپ توختىماي ئىلگىرىلەيتتى. تاتار-
لار قىيقاس - چۇقان سېلىپ خېلى يەرلەرگىچە كەينىدىن قوغ-
لاپ كەلدى - دە، يېتىشەلمەي يەنە كەينىدە قالدى. كەين-
دىن كېلىۋاتقان قوغلىغۇچىلارنىڭ چۈشۈپ قالغانلىقىنى سەزگەن
تۇرۇپكا ئېتىنىڭ تېزگىنىنى تارتىپ ئاستا ماڭدى. بىر ئازدىن
كېيىن ئېتىنى توختىتىپ ئەتراپقا قۇلاق سېلىۋىدى، ئالدى تە-
رەپتىن كىشىلەرنىڭ سۆزلەشكەن ۋە ئاتلارنىڭ تۇياق ئاۋازى
ئاڭلاندى. تۇرۇپكا دەررۇ ئېتىنىڭ بېشىنى باشقا ياققا بۇرىدى.
بىراق ئۇ ئاتلارنىڭ تېزگىنىنى تۇتۇپ دالادا يوشۇرۇنۇپ تۇر-
غان بىر توپ موڭغۇلنىڭ دەل ئۈستىدىن چىقىپ قالدى.
بۇ چاغدا:

— تۆلەپبەرگەن! تورۇق ئېتىنىڭ ئۆزى ئالدىڭغا كەلدى!
تۇت ئەنە ئېتىڭ، — دېگەن خۇشال ۋارقىرىغان ئاۋازلار
ئاڭلاندى.

موڭغۇللار دەرھال ئاتلىرىغا مىنىپ، تۇرۇپكىنىڭ كەينى-
دىن قوغلىدى. ھەممىسىنىڭ مىنگەن ئاتلىرى يۈگرۈك ئاتلار
ئىكەن. ئۇلارمۇ تورۇق ئاتتىن قېلىشماي يۈگۈردى. كۆپ ئۆت-
مەي ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بىرى تورۇق ئاتقا بارغانسېرى يېقىن-
لاشقىلى تۇردى. تورۇق ئايغىر قۇيۇندەك ئۇچۇپ، غەزەپ بى-
لەن يۈگۈرەيتتى. لېكىن ئۇ چارچىغانىدى. يۈگۈرۈش بۇرۇنقىسىغا
يەتمەيتتى، ئەلۋەتتە. قوغلىغۇچى بىلەن تۇرۇپكىنىڭ ئارىلىقى
بارغانسېرى قىسقىراشقا باشلىدى. يەنە بىرنەچچە غۇلاچ ئار-
لىق قالغاندا تۇرۇپكا كەينىگە بۇرۇلۇپ، قوغلاپ كېلىۋاتقان
كىشىنىڭ بېشىنى كۆزلەپ تۇرۇپ ساداقتىن ئوق ئۈزدى. بۇ
چاغدا ھېلىقى ئادەم ئىككى قولىنى پۇلاڭلاتقانچە ئات ئۈستى-
دىن مۇللاق ئېتىپ چۈشتى. ئۇنىڭ كەينىدىن چېپىپ كېلىۋات-
قان موڭغۇللار:

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

— تۈگەشتۇق! تۈگەشتۇق! قۇلىقانخان ئۆلدى! — دەپ داد - پەرياد كۆتۈرۈشتى.

تورۇق ئات ئەمدى ئۇلاردىن ئۈزاپ كەتتى. موڭگۇللار كەينىدە قالدى.

تۇرۇپكا مۇز قېتىپ كەتكەن كىچىك بىر دەرياغا بۇرۇلدى. بۇ دەريانىڭ بويىدىكى قېلىن تاللىق ئىچىدە رەسمىي بىر يېزىل بار بولۇپ، بۇ يەرلەرنىڭ ھەممىسى تۇرۇپكىغا بەش قولدەك تونۇش ئىدى. موشۇ يىلان ئىزىدەك تولغىنىپ ئاققان دەريانىڭ بېشى تۇرۇپكىنىڭ تۇغۇلغان يېزىسى پىرونوۋ بىرنىڭ يېنىدىكى سازلىقتىن باشلىناتتى. ئات ئىچىنى سوقۇپ ئېغىر نەپەس ئالاتتى. بۇرۇن تۆشۈكلىرى كېرىلىپ ئاران يۇگۇرەيتتى. بىر ئازدىن كېيىن تۇرۇپكا ئاتنىڭ تىزگىنىنى تارتىپ ئۆز يۇرۇشى بىلەن ماڭدى. ئاز ماڭغاندىن كېيىن تىختىدى. ئەتراپتىكى بۈك ئورمان قېلىن قار ئىچىدە قىشلىق ئۇيقۇغا چۆمگەندەك ھەرىكەتسىز ئىدى. ئاسماندىكى بۇلۇتلار تارقىلىپ ھاۋا سۈزۈلۈۋاتاتتى. شامال يالغۇز - يېرىم ئەمەن قورايلىرىنىڭ بېشىنى لىڭشىتىپ، ئۆز مۇڭىنى ئىرھار قىلاتتى.

«مەن نېمە ئۈچۈن پىرونوۋ بىرغا قاراپ كېتىۋاتىمەن؟ — دېگەن ئوي ئۇنىڭ خىيالىدىن كەچتى، — شىمالغا ماڭىدىغان يولنى تاشلاپ بۇ تەرەپتە نېمە ئىش قىلىمەن؟ ياكى ۋەھشىيانە كىشىنىڭ ئويناپ تۇرغان رەڭگار كۆزلىرى مېنى چاقىرىۋاتامدۇ؟ ياق شىمالغا قاراپ ماڭغان يولۇمدىن موڭگۇللار قوغلاپ چىقتى. ھازىر مېنىڭ تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يېزام يىراق ئەمەس. شۇ يەرگە بارماي كەتسەم بولارمۇ؟ تىرىك قالغان بىرەر - يېرىم ئادەم بولسا، ئۇنىڭدىن نېمە ئىشلار بولغانلىقىنى بىلەرمەن».

چۈشكە يېقىن، ئادەم يۈرمەيدىغان خەتەرلىك يەرلەر يولۇقۇشقا باشلىدى. سازلىقلار كۆپكۆك مۇز بولۇپ قاتقان

بولۇپ، مۇز ئويۇلغان يەرلەر قۇدۇق ئاغزىدەك قارىيىپ تۇراتتى، ئۇنىڭدىن پۇرقىراپ ھور كۆتۈرۈلەتتى. تۇرۇپكا ئېھتىيات بىلەن ئىلىك ۋە بۆكەنلەرنىڭ ئىزى بىلەن ماڭاتتى. ئەگەر قىلىدىن قىيىق كەتسە، سازلىقنىڭ ئۆزىنى يۇتۇپ كېتىدىغانلىقىنى ئۇ ئوبدان بىلەتتى.

بىر ئاز يۈرگەندىن كېيىن پەرونوۋبورنىڭ چېتىدىكى يۈز يىللىق دۇپ ياغاچلىرى ئۇنىڭ كۆزىگە بەكمۇ ئىللىق كۆرۈنۈپ كەتتى. بۇ دەرەخلەرنى ئۇ خۇددى ئۆزىنىڭ ئەڭ قەدىناس دوستىنى كۆرگەندەك قەدىرلەپ ئۇنىڭ يېنىغا سۆيۈنۈش ھېسسىياتى بىلەن بارغانىدى. ئۇ يەردىكى ئاتا - بوۋىسىدىن تارتىپ چوقۇنۇپ كېلىۋاتقان يوغان ياغاچ بۇتنىڭ يەردە يابقانلىقىنى كۆردى. ئەھۋالدىن قارىغاندا يېقىندىلا بىر ئادەم ئۇنىڭ ئۈستىدىكى قارنى سۈپۈرۈپ تازىلىغان ئوخشايدۇ. يەردە بىر سۈپۈرگە تۇراتتى. ياغاچ بۇتنىڭ ئاسمانغا تىكىلىپ تۇرغان كۆزىدىن «مېنى نېمە ئۈچۈن يىقىتىۋەتتى، مېنىڭ نېمە گۇناھىم بار» دېگەن بىر سوئال چىقىپ تۇرغاندەك قىلاتتى.

ئەتراپتا يېڭىلا چۈشكەن نۇرغۇن ئىزلار كۆرۈندى. بۇ يەرگە خوتۇن - باللار كېلىپ تاۋاپ قىلىپ يۈرگەن ئوخشايدۇ. تۇرۇپكا ئېتىغا قامچا سېلىپ دەرھال دۆڭلۈك ئۈستىگە چىقتى.

يېزىدىكى ئۆيلەرنىڭ نۇرغۇنى كۆيۈپ كەتكەن بولۇپ، پەقەت چەت ياقىسىدىكى بىرقانچە ئۆيلەرلا ساق قالغانىدى. «بۇنى كىم كۆيدۈرگەندۇ؟ بىچارە ئورمانچىلارنى مۇشۇنداق قاتتىق سوغۇقتا باش - پاناھسىز قالدۇرغان قانداق ياۋۇزدۇر؟» دەپ ئويلىدى تۇرۇپكا.

ساۋېلى دىكاروسىنىڭ ئۆيى بۇزۇۋېتىلگەن بولۇپ، ئۇنىڭ ئورنىدا قارا قۇرۇم باسقان يوغان قورساق پەچ تۇراتتى. ئەتراپ-

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

تا چالا كۆيگەن ياغاچلار قار ئاستىدىن دوڭغىيىپ چىقىپ قالغانىدى.

بىر چاغدا يىگىتنىڭ ئالدىغا بىر ئالا ئىت قاۋاپ يۈگۈرۈپ كەلدى. ئۇنى ئاڭلىغان بىرقانچە ئىتلارمۇ كەينى ـ كەينىدىن قاۋاپ چىققىلى تۇردى. «راستىنلا ماۋۇ مېنىڭ بويناق ئىتىمغۇ؟ بۇ تىرىك قاپتىكەن ـ دە» دېدى تۇرۇپكا. بويناق ئۆزىنىڭ ياش خوجايىنىنى تونۇپ، قۇيرۇقىنى شىپاڭلىتىپ ئەركىلەپ، ئات ئۈستىدىكى يىگىتكە سەكرەپ ئېسىلدى.

تۇرۇپكا كۆيۈپ قاپقارا كۆيە قاپلاپ كەتكەن كىچىك بىر ئۆيگە يېقىن كەلدى. بۇنىڭدا بۇرۇن زىۋىياگا تۇرغانىدى. تۇرۇپكا ئۆيىنىڭ دېرىزىسىدىن يىلىنجىغان ئوت يورۇقىنى كۆرۈپ قالدى ـ دە، دېرىزىگە يېقىن كېلىپ ئۇنى ئاستا چەكتى:

— ئادەم بارمۇ؟ ئىشىكنى ئېچىڭلار! مەن ئۆز ئادەم. — دەپ ۋارقىرىدى ئۇ.

ئۆي ئىچىدىكى كىچىك باللارنىڭ ئۆزئارا شىۋىرلىشىپ:

— ئاپا، ئاچما! ئالدى بىلەن كىملىكىنى سوراپ ئاندىن ئاچقىن! — دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى.

بۇ چاغدا دېرىزىدىن:

— ئۆزۈڭ كىم بولىسەن؟ نەدىن كېلىشىڭ؟ — دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى.

— ئاۋازىمنى تونۇمىدىڭلارمۇ؟ مەن تۇرۇپكا، ساۋېلىي دىكاروسنىڭ ئوغلىمەن. تېزرەك ئېچىڭلار. مەن بۇ يەردە كۆپ تۇرالمايمەن. يىراق ئۇستىدىن كەلدىم. ئازراق ئىسسىنىۋالغاندىن كېيىن كېتىمەن، — دېدى تۇرۇپكا.

ئىشىك غىچىرلاپ ئېچىلدى. زىۋىياگانىڭ ئېگىز بويلۇق، ئورۇق كەلگەن ئايالى يىرتىق چەكمەنىنى سۆرەپ چىقىپ كەلدى ـ دە، تۇرۇپكىنىڭ ئېتىنىڭ تىزگىنىنى ئېلىپ، لەمپىنىڭ ئاستىغا ئاپىرىپ باغلىدى

— چۆپ تېپىلارمىكىن، — دېدى تۇرۇپكا.

— ئازراق بار. ھازىر ئېلىپ كېلەي، ئەمدى ئۇنى كىمگە ساقلايمىز. بۇ دۇنيالىقتا بار بىر ئېتىمىز بىلەن بىر سېيرىمىزنى ياۋۇزلار سويۇپ يەۋەتتى. ئېمىشقا تۇرىسەن، ئۆيگە كىرگىن.

بىقسىغان ئوتتۇن بەزىدە كۆزىنى يۇمۇپ، بەزىدە لاپىلداپ يېنىپ ئەتراپقا قىزىل شولا چېچىپ تۇراتتى. زىۋياگانىڭ ئايالى ۋە ئۇنىڭ ئۈچ سېرىق باش بالىسى تۇرۇپكىدىن كۆز ئۈزمەي قاراپ تۇراتتى.

بەزىدە ئۇلار ئۇنىڭ ئۈستىدىكى كىيىمىنى، پولات دۇبۇلغىسىنى، پۈتىدىكى ئۇزۇن قونچلۇق قىزىل ئۆتۈكىنى سىلىشىپ باقاتتى...

— ئۇ ياۋۇزلار بۇ يەرلەرگىمۇ كەلدى. كۈتۈلمىگەندە خۇددى ئۈستىمىزدىن چاقماق چۈشكەندەك بولدى، — دېدى جۇدەپ قاقشال بولۇپ قالغان ئايال، — خەلقىنىڭ ئاشلىقىنى بۇلىدى، چۆپلەرگە ئوت قويدى، خوتۇن - قىز، بالا - چاقىلار- نىڭ ھەممىسىنى ئالدىغا سېلىپ ھەيدەپ كەتتى. ماۋۇ ئۈچ بالام ئۆي تۈۋىدىكى دۆۋىلەكلىك ئوتتۇننىڭ تېگىگە مۆكۈنۈۋېلىپ ئامان قالدى. تاتارلار بۇلارنى تاپالمىدى. قالغان ئۈچىنى ھەيدەپ كەتتى... ماڭا ئەمدى ئۇلارنى كۆرۈش نېسىپ بولماس. ئۇپالىنىخانىمۇ ھەيدەپ كەتتى. ئۇنىڭ بىلەن بىرگە سېنىڭ... — دەپ ئۆكسۈپ - ئۆكسۈپ يىغلاپ كەتتى، — سېنىڭ ۋىشنيان- كاڭنىمۇ ھەيدەپ كەتتى، ئۇلارغا دائىم دۇئا قىلغىن. تاتار تۇتقۇنىدىن بىر ئادەممۇ تىرىك قۇتۇلالمايدىغان ئوخشايدۇ. بىزنىڭ زىۋياگانىڭ قەيەردىلىكىنى بىلەلىدىڭمۇ؟ بەزىلەر ئۇنى رەزان قورغىنىنىڭ ئۈستىدە كۆرۈپتىمىش دېسە، بەزىلىرىنىڭ ئېيتىشىچە ئۇ رەزاندىن كېتىپ ئورمان ئىچىدە يوشۇرۇنۇپ يۈرۈپتۇدەك. ئەگەر كىشىلەرنىڭ ئېيتقىنى راست بولسا، ئۇ پات

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئاردا ئۆيگەمۇ كېلىپ قالار... جېنىم بالام ئەڭ بولمىسا ئانغا بولسىمۇ ئېغىز تەگ. ھازىر بىز قارىغاينىڭ قىرۋىزىقىنى ئالقان قىلىپ، قارا بۇغدايىنىڭ ئۇنىغا ئارىلاشتۇرۇپ نان ئېتىپ يەيمىز. شۇنداق قىلمىساق ئاشلىقىمىز باھارغا يەتمەيدىغان ئوخشايدۇ... بەزىدە كۆلدىن بېلىق تۇتۇپ كېلىپ شۇنى يەيمىز. قىيىن دەرىخىنىڭ غولىدىن قايناپ چىققان شورلارنى ئېلىپ كېلىپ خۇدانىڭ داغ سۈيىدە قايىنتىپ ئىچىپ ئىچىمىزنى بىرئاز ئىسسىتىمىز. بىر قازان قايناقسۇغا ئىككى قوشۇق ئۇنىنى ئارىلاشتۇرۇپ بالىلارغا بەرسەم ئۇلار خېلىلا تويۇنۇپ قالغاندەك بولىدۇ...

— باشقا دېھقانلاردىن خەۋەر بارمۇ...

— ئورماندا پاناھلانغان قاچاقلار قوشۇن تۈزۈپ، بەزى ئاخىرىدا قالغان موڭغۇللارنى ئۆلتۈرۈپ، شۇلارنىڭ ئاتلىرىغا مىنىپ، ياۋغا قارشى ئاتلىنىۋاتقان ئوخشايدۇ. تاتارلارنى ئىنتايىن كۆپ دەيدۇ. ئۇلار چۈمۈلىدەك يامراپ يۈرسە كېرەك. ئۇلار بېسىپ ئۆتكەن يەرلەردە ھەممە نەرسە ۋەيران بولۇپ كەتكۈدەك. بىزنىڭ دېھقانلارمۇ بوش كەلمەي، ئۇلارغا ئارام بەرمەيۋاتقان ئوخشايدۇ. مېنىڭچە تاتارلار بۇ يەردە ئانچە ئۇزۇن تۇرماس. ئۇلار قايتىپ كەتسە، بىز ئۆي - جايلىرىمىزنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، قايتىدىن تۇرمۇشىمىزنى باشلايمىز...

تۇرۇپكا بىرئاز دېمىنى ئېلىپ ئاندىن ئۆز يولىغا راۋان بولدى. ئۇنىڭ ئالدىدا قويرۇقىنى كۆتۈرۈپ، بويناق يۈگۈرۈپ باراتتى. ئۇ باشقا ئىتلارغا ماختىنىپ «ئەمدى مېنى ئىگەمدىن ھېچكىم ئايرىيالمايدۇ، مېنى كۆردىڭلارمۇ! مەن سوقۇشقا كېتىۋاتىمەن» دېگەندەك قىلىپ، ئاندا - ساندا قاۋاپمۇ قوياتتى.

## توققۇزىنچى باب

## باتۇخاننىڭ غەزىپى

ئارقا ـ ئارقىدىن ئەۋەتىلگەن چاپارمەنلەر باتۇخانغا مۇقەددەس چىڭگىزنىڭ كەنجى ئوغلى قۇلقانخاننىڭ قازا بولغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەرنى ئېلىپ كەلدى.

جاھانگىرنىڭ ھېچكىم بىلەن كۆرۈشكىسى يوق ئىدى. چاپارمەنلەر: «ئات سۇۋۇتۇشقا ۋاقتىمىز يوق، جاھانگىرنىڭ جاۋابىنى ئېلىپ دەرھال قايتىساق» دېسەمۇ، ئۇلارنى قوبۇل قىلمىدى.

— قوماندانىمىز قالدۇق! پۈتكۈل قوشۇن نېمە قىلىشنى بىلمەي تۇرىدۇ، — دەپ خاننىڭ چېدىرىنىڭ ئالدىدا تۇرۇۋالدى ئۇلار.

تۇرغاۋۇتلار ئۇلارنى ئۆيگە يېقىن يولاتماي:

— كىرىشكە بولمايدۇ، بۇيرۇق كۈتۈڭلار، — دېيىشتى.

چاپارمەنلەر ئۆز يېنىدىن ئۆتكەن نۆكەرلەردىن ئاستاغىنە:

— جاھانگىر نېمە ئىش قىلىۋېتىپتۇ، — دەپ سورايتتى.

— ئۇ ھازىر ئىنتايىن مۇھىم مەسىلىلەر ئۈستىدە ئويلىنىپ، رۇس باخشىلىرى بىلەن كەلگۈسى غەلىبىنى قانداق قىلىپ قولغا كەلتۈرۈشنىڭ يولىنى ئىزدەۋېتىپتۇ، — دېدى ئۇلار.

جاھانگىرنىڭ جاۋابىنى كۈتۈپ ئولتۇرغان چاپارمەنلەر ئاتتىن چۈشۈپ، تىزگىننى بىلىگە باغلاپ، چېدىرنىڭ ئالدىدا ئۇدۇل كەلگەن يەردە ئولتۇردى. كەينىدىن كەلگەن يېڭى چاپارمەنلەرمۇ بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى كېلىپ بۇ توپقا قوشۇلۇۋەردى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بىر چاغدا قورۇقچى يۈزبېشى ئەرەپشاھ بۇ تىزلىنىپ تۇرغان چاپارمەنلەرنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ توختىدى. ئىگىز بويلۇق، جۇدەڭگۈ كەلگەن، سوغۇق چىراي ئەرەپشاھ چاپارمەنلەرنىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە قاراپ:

— سىلەرگە مۇڭگۈز، قولاق چىقتىمۇ؟ — دېدى ئۇ، — ئەمدى سىلەرنىڭ ھالىڭلارغا ۋاي.

— بىزدە نېمە گۇناھ بار؟ بىز بۇيرۇق بولسىلا جاننى تىكىپ ئورۇندايمىز. ھازىر بىز جاھانگىرگە تۆمەنبېشى يورۇنتايدىن خەۋەر ئېلىپ كەلدۇق. بىزنىڭ گۇناھىمىز شۇ.

— سىلەر شۇم خەۋەر ئېلىپ كەلدىڭلار. ئەلۋەتتە بۇنىڭ ئۈچۈن سىلەر گۇناھلىق. ئۇنىڭ ئۈچۈن قانداق مۇكاپات بېرىلىدىغانلىقىنى بىلىسىلەرغۇ؟

ئەرەپشاھنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغان چاپارمەنلەر ئولتۇرغان ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ، ئېتىغا مىنىپ ئالدى - كەينىگە قارىماي قاچاي دېۋىدى، بىراق ئەرەپشاھ:

— ھەي، نۆكەرلەر، ئاڭلاڭلار ۋە ئورۇنداڭلار! «شۇم خەۋەرچىلەرنىڭ» بىرىنىمۇ كەتكۈزمەڭلار، ئاتلىرىنى تۇتۇڭلار! — دەپ ۋارقىرىدى. ئاندىن چاپارمەنلەرگە بۇرۇلۇپ، — سىلەر بىرئاز سەۋر قىلىڭلار. بىر ئازدىن كېيىن جاھانگىر كېلىپ سىلەر بىلەن ئايرىم سۆزلىشىدۇ، — دېدى - دە، ئۆيگە كىرىپ كەتتى.

باتۇخان تۆردە بەدەشقاننى قۇرۇپ ئولتۇرغانىدى. ئۇنىڭ چىرايىدىن بەكمۇ خاپىلىقى چىقىپ تۇراتتى. بېشى ساڭگىلاپ كەتكەنىدى. ئۇ كىرىشتۈرگەن بارماقلىرىنىڭ ئۈچىدىن كۆزىنى ئۈزمەي قادىلىپ ئولتۇراتتى.

باتۇنىڭ يېنىدا زوڭزىيىپ ئولتۇرغان سۇبىتاي باھادىر بوسۇغىدا تۇرغان ئەرەپشاھقا يالت قىلىپ قارىدى - دە، ئەرەپشاھنىڭ ئاستاغىنە «رۇخسەتمۇ» دېگەن ئىشارىتىگە رۇخسەت دېگەندەك قىلىپ بېشىنى لىڭشىتتى.

— كۆيۈك خان ئىككىنچى مېنىڭ ئەڭ ئەشەددىي
دۈشمىنىم، — دېدى باتۇخان، — مەن خۇشال بولماي كىم
خۇشال بولىدۇ.
— باتۇخان ئەگەر سەن ئادەتتىكى ئادەم بولغان بولساڭ
مەيلىدى. بىراق سەن پۈتۈن قۇشۇننىڭ جاھانگىرى. بۇنداق
خەۋەر ئۈچۈن ئەلۋەتتە قايغۇرۇشۇڭ كېرەك! — سۇبىتاي قېرى
باتۇر سۆزىنى سىلىق ئەمما خاننىڭ جېنىغا تەگكۈدەك
قىلىپ ئېيتتى.
— قۇلقان ماڭا ئۆلۈم تىلىگەنىدى. ئۇ ماڭا ساقاللىق
خوتۇن دەپ لەقەم قويغان ۋە ئۇنى كۆپچىلىك ئىچىگە تارقات-
قان. شۇ چاغدا سېنىڭ سۆزۈڭ بىلەن توختاپ قالغانىدىم.
بولمىسا ئۇ ئىتنىڭ قارنىنى يېرىپ، قارا يۈرىكىنى سۇغۇرۇۋا-
لاتتىم! دۈشمەنلىرىمنىڭ تېخى كۆپى ھايات. ئەڭ ئەشەددىي
دۈشمىنىم كۆيۈك خان. تېخى ئۇنىڭ جاجىسىنى بېرىمەن.
— ئۇ سۆزلىرىڭنى ماڭا ئېيتىپ ئولتۇرۇشنىڭ نېمە
ھاجىتى. مەن سېنىڭ سادىق قۇلۇڭ ئەمەسمۇ؟ مەن سېنى
كۆز قارىچۇغۇمدەك ئاسراپ، سېنى قوغداپ يۈرىمەنغۇ؟...
— ئەرەپشاھ مېنى ئۇنىڭ ماڭا قەست قىلىش ئۈچۈن
ئاستىرتتىن ئەۋەتكەن قورالىق جاسۇسلىرىنىڭ قولىدىن ئۈچ
رەت قۇتقۇلدۇرۇۋالدى...
— ئاستاراق سۆزلە!... — دەپ سۇبىتاي قاپىقىنى تۈرۈپ
ۋارقىرىدى، — بۇنى نۆكەرلەردىن ھېچكىم بىلمەسلىكى كېرەك.
ئۆزۈڭ دەيتتىڭغۇ. قوماندان ھەرقاچان ئىنتايىن كەم سۆز،
ھېچكىمگە سىر بەرمەيدىغان ئادەم بولۇشى كېرەك، دەپ...
ئەگەر سەن ئۈچۈقتىن - ئۈچۈق خۇشال بولۇپ ئۆزۈڭنى
تۇتالمىساڭ، كۆپچىلىك «باتۇخانمۇ ئادەتتىكى ئادەملەرگە
ئوخشاش ئىكەن، ئۇنىڭ ھېچقانداق ئالاھىدىلىكى يوق ئىكەن»

www.uyghurkitap.com

دېمەمدۇ؟ بۇنداق قىلىش ساڭا ھەرگىزمۇ مۇناسىپ ئەمەس ئەكسىچە سەن ئوچۇق ھاۋادا چاقماق چاققاندەك قەھرىڭ بىلەن ئەتراپىڭدا يۈرگەن تىلى ھەسەل، دىلى زەھەرلەرنى، كۈيىكىنىڭ ئادەملىرىنى تاڭ قالدۇرۇشۇڭ كېرەك. كۆپچىلىككە نېمە ئىش قىلىش توغرىسىدا يوليورۇق بەر. سېنىڭ نېمە خىيالدا ئىكەنلىكىڭنى كىشىلەر بىلمەيدىغان سىرلىق ئادەم بولغىن...

باتۇخان باياتىن بېرى ئۈگدەۋاتقان كىشىدەك يېنىك تەۋرىنىپ ئولتۇرغانىدى. ئەمدى چۆچۈپ ئويغانغاندەك ئورنىدىن چاچراپ تۇردى - دە، ئەگرى قىلىچىنى سۇغۇرۇۋېلىپ:

— ھېلىقى «شۇم خەۋەرچىلەر» قەيەردە؟ نېمە قىلىشنى مەن ئۆزۈم بىلىمەن، — دەپ بۇرۇنقىسىدىن بەتتەررەك غەزەپلەندى.

— ئۇلار سىرتتا، بوسۇغىدا سېنىڭ بۇيرۇقىڭنى كۈتۈپ تۇرۇپتۇ، — دېدى ئەرەپشاھ.

باتۇخان قولىغا قىلىچىنى ئېلىپ چىقتى - دە، سىرتتا ئولتۇرغان چاپارمەنلەرگە باشتىن - ئاياغ بىر قاراپ چىقتى. خاننى كۆرۈپلا ئۇلارنىڭ ھەممىسى تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ بېشىنى يەرگە تەگكۈزۈپ تەزىم قىلدى.

باتۇخان قاپىقىنى تۈرۈپ، ۋەزمىن ئاھاڭدا سۆزلەشكە باشلىدى. ئۇ سۆزلىگەنسېرى ئاۋازى كۆتۈرۈلۈپ ئاخىرى ۋارقىراشقا باشلىدى.

— سەنلەرگە يىگىتلەرنىڭ قاپلىنى، ئۇلۇغ بوۋامنىڭ ئۆز پۇشتىدىن بولغان بالىسىنى ئىشىنىپ تاپشۇرغانىدىم. ئۇ سىلەرنىڭ بېشىڭلارغا قونغان بەخت قۇشى ئىدى. ئۇنىدىن قۇغدىشىپ سەن. سەنلەرنى، قانداق قارا باستى؟!

— ئۆزى بوي بەرمىدى. ئۆزۈم سوقۇشىمەن، ئۆزۈم قوغلاپ تۇتىمەن، — دەپ بىرنىڭ دېگىنىمىزگە ئۇنىمىدى، — دېدى چاپارمەنلەر.

— ئۆزۈم سوقۇشمەن دېسە شۇنىڭغا خوش بولۇپ ئولتۇرۇشتۇڭمۇ؟ قوشۇننىڭ ئالدىغا چۈشۈپ ئاددىي نۆكەرلەردەك سوقۇش قىلىش قوماندانىنىڭ ئىشىمۇ؟ ئەلمىساقتىن مۇشۇنداق ئىشنى كۆرگەنمۇ سىلەر؟ مۇقەددەس بوۋىمىز چىڭگىزخان شۇنداق قىلاتتىمۇ؟ ئۇ ھەقىقىي قوماندان ئىدى. دۇنيادا ئۇنىڭ ئالدىغا ئۆتىدىغان قوماندان بولغان ئەمەس. ئۇ دائىم نۆكەر-لەرنىڭ كەينىدىن يۈرۈپ كېلەتتى. ئۇ تىرىقۇز ئېغىز سۆز بىلەن نەچچە يۈز مىڭ كىشىلىك قوشۇننى باشقۇرغان. شۇڭا ئۇ پۈتۈن دۇنيانى تىترىتىپ، ئالەمشۇمۇل غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن...

— ئۇنى بىز ئەلۋەتتە بىلىمىز... ئېسىمىزدىن چىقمىدى... — دېيىشتى چاپارمەنلەر.

— بىلىشەك قۇلقانىخانىنى نېمە قىلىشقىنىڭنى چۈشىنىشتىڭمۇ؟ — دېدى باتۇخان چاپارمەنلەرنى تېخىمۇ قىستاپ، — سەنلەر ئۇنىڭ ئاددىي نۆكىرى بولۇپ، قوشۇننىڭ ئالدىغا چۈشۈپ، روسلار بىلەن ئۆزىنىڭ سوقۇشماقچى بولغانلىقىغا خوشال بولۇپ قاراپ تۇرۇشقانسەن! نېمىشقا ھېچقايسىڭ ئۇنىڭ يولىنى توسۇشمىدىڭ. ئەڭ بولمىغاندا ئۇنىڭ يېنىدا دائىم ھەمراھ بولۇپ، خەتەرلىك پەيتلەردە ئۇنى قوغداپ قېلىشالمىدىڭمۇ؟ سەن ۋاپاسىزلارغا ھەرقانداق جازا بەرسەممۇ ئازلىق قىلىدۇ!..

چاپارمەنلەر جاھانگىرنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، قار ئۈستىگە ئۆزىنى ئېتىپ، يەرگە باش ئۇردى.

— دەرھال قايتىش. نۆكەرلەرگە. جاھانگىر ئۆزى يېتىپ كەلگىچە كالۋىمانى دەرھال ئېلىپ، ئۆز گۇناھىنى يۇسۇن، دېدى دېيىش... ئەگەر مەن يېتىپ بارغاندا يەنە ئورنىڭدىن قوزغىلىشماي، شەھەرنى ئايلىنىپ يۈرىدىغان بولۇشساڭ مەھمىڭ مېنىڭدىن ياخشىلىق كۆرمەيسەن. ئۇلۇغ چىڭگىزخان قورغان

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بۈيۈك قوشۇننىڭ قۇربانى سۈپىتىدە ھەممىڭنى قىرىپ تاشلاي-مەن. كۆزۈمدىن ھازىر يوقىلىش! بىكار تەلەت لالما ئىتلار! نېمە دەپ يېتىشىسەن؟ تېز قايتىش!

چاپارمەنلەر دەرھال ئورنىدىن چاچراپ تۇردى ـ دە، ئاتلىرىغا ئالدىراپ مىنىشىپ، كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە غايىب بولدى.

ــ مىنىڭ نېمە دېگىنىمنى ئاڭلىدىڭمۇ سۈبىتاي باھادىر، ــ دېدى باتۇخان قىرى قوماندانغا بۇرۇلۇپ.

ــ ھەئە، جانابىي تەخسىز! سېنىڭ ئاۋازىڭدىن مەرھۇم بوۋاڭنىڭ ئاۋازى ئاڭلانغاندەك بولۇپ روھىم كۆتۈرۈلۈپ قالدى. سېنىڭدىن رازىمەن، ــ دېدى سۈبىتاي باھادىر.

باتۇخان غەزەپ ئېتىغا مىنىپ:

ــ ئىنسانلارنىڭ ئەڭ داناسى بولغان چىڭگىزخاننىڭ ئۆز پۇشتىدىن بولغان بالىسىنى ئۆلتۈرگەن رۇسلارغا ئۆزۈمنى تونۇتۇپ قويىمەن... پۈتكۈل رۇس تۇپرىقىنى قانغا بويايمەن. ھويلىدىكى ئىتنى، زاكىدىكى بالىسىنى قويماي قىرىپ تاشلاي-مەن. موڭغۇل قوشۇنى رۇس يەرلىرىنى يەر بىلەن يەكسان قىلىپ، ئىگىسىز قەبرىستانلىققا ئايلاندۇرىدۇ. پۈتۈن رۇس تۇپرىقىدا قاغا ـ قۇزغۇنلار بىلەن ئاچ بۆرىلەر بەزمە قۇرىدۇ. ئېتىم دەرھال كەلتۈرۈلسۇن!... ــ دېگىنىچە كۆزلىرى پارقىراپ، ئاغزىدىن كۆپۈك چىقىپ، ئاچچىقىغا بەس كىبلەلمەي يەرنى تەپتى، ــ ئېتىمنى كەلتۈر! تېز! ــ دەپ ۋارقىرىدى.

جارچىلار دەرھال سىس چاڭنى چېلىپ نۆكەرلەرنى يىغدى. بۇغرا ـ سۇنايلارنى چېلىپ يۈرۈشنىڭ باشلانغانلىقىنى جاكالىدى. پەقەت سۈبىتاي باھادىر بىلەن ئەرەپشاھ ئۆز ئورنىدىن تېخىچە قىمىرلىماي خاتىرجەم تۇراتتى.

ــ جانابىي تەقسىر، رۇخسەت قىلساڭ، بىر ئېغىزلا سۆزۈم بار ئىدى، ــ دېدى سۈبىتاي باھادىر پەس ئاۋاز بىلەن، ــ

چاپارمەنلەرنى قايتۇردۇڭ، لېكىن قازا بولغان خاننىڭ ئورنىغا كىم تەيىنلەنگەنلىكىنى ئېيتمىدىڭغۇ؟

— يەنىلا قوشۇننى پېشقەدەم قوماندان بورۇنتاي باشقۇر-غىنى ياخشى. ئۇنىڭ تەجرىبىسى مول، مەن ئەتە ئۇ يەردە بولىمەن. قاماللغا قانداق ھۇجۇم قىلىشنىڭ پىلانىنى ئۆزۈم تۈزەيمەن، — دەپ جاۋاب بەردى خان.

بىر كۈن ئۆتكەندىن كېيىن باتۇخان بىلەن سۇبىتاينىڭ ئالدىن يۈرەر قوشۇنى كالومناغا كېلىشكە ئۈلگۈردى. ئۇرۇش ئىنتايىن جىددىي كېتىۋاتاتتى. موڭغۇل قوشۇنلىرى ئارقا-ئارقىدىن ھۇجۇم قىلىپ قورغان ئۈستىگە يامىشىپ چىقىشقا تىرىشىشمۇ، لېكىن رۇس لەشكەرلىرى ئۇلارنى چالمىدەك دومىلاتماقتا ئىدى. بارا - بارا رۇس لەشكەرلىرى ھالسىراشقا باشلىدى. ئۇلارغا سىرتتىن ھېچقانداق ياردەم بولمىدى. شۇڭا تاتارلار ئۆزۈن ئۆتمەي شەھەر ئىچىگە بېسىپ كىردى.

رەزان كىنەزى رومان ئىنگوۋارېۋىچ رەزان لەشكەرلىرىنىڭ ئارىسىدا ياۋ بىلەن قەھرىمانلارچە ئېلىشىپ قۇربان بولدى. ئۇنىڭ بىلەن يېرمەي گىلوبوۋىچ دېگەن قوماندانمۇ ئانا ۋەتەن ئۈچۈن جېنىنى پىدا قىلدى.

شەھەر ئاھالىسىدىن ئىنتايىن ئاز ئادەمنى تۇتقۇن قىلىپ، قالغانلارنى پۈتۈنلەي قىلىچتىن ئۆتكۈزدى.

موڭغۇللار ۋەيران قىلىنغان كالومنا شەھىرىدە ئۈچ كېچە - كۈندۈز بەزمە قۇرۇپ تاماشا قىلدى.

باتۇخان شەھەر مەركىزىدىكى ۋاسكرېسىيىن چېركاۋىنىڭ ئالدىدىكى مەيدانغا يوغان بىر ياغاچ ئۆي سالدۇردى. ئۆينىڭ ئۆگزىسىگە ياش قۇلقانخاننىڭ جەستىنى قويدى. موڭغۇللار كالومنا قىزلىرىنىڭ ئىچىدىن ئەڭ گۈزەل قىرىق قىزنى تاللاپ قۇلقانخاننىڭ جەستى بىلەن بىرگە تىرىك كۆيدۈردى. يەنە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قولقان ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان پۈتۈن ئېگەر — جابدۇقلىرى ئالتۇندىن ياسالغان ئىككى ئېتىنىمۇ بىرگە كۆيدۈردى. گۈزەل قىرىق قىز بىلەن ئۇنىڭ سۆيۈملۈك ئاتلىرى ئۇ دۇنياغا بېرىپ قولقانىخان ئۈچۈن خىزمەت قىلارمىش. خوراپاتلىقى ئىنتايىن ئېغىر بولغان موڭغوللار بۇنىڭغا قاتتىق ئىشىنەتتى. مەيدانىنىڭ ئۇ چېتىدە يەنە بىر كىچىك يانغىن كۆتۈرۈلدى. ئۇ يەردە ئۇرۇشتا ئۆلگەن لەشكەرلەر كۆيدۈرۈلۈۋاتاتتى. كۆيۈۋاتقان غايەت چوڭ ئىككى گۈلخانغا — بۇ سەلتەنەتلىك جىنازىغا — باتۇخان قارا ئېتىدىن چۈشمەي كۆڭۈلسىز قاراپ تۇراتتى. بەزىدە نۆكەرلەرگە قوشۇلۇپ:

— خوش، خوش نۆكەرلىرىم! — دەپ ۋارقىراپ قوياتتى.

## ئونىنچى باب

## پايتەخت خەۋپ ئاستىدا

كنەزگىنە ئاگافىيە قورقۇنچلۇق ۋە خەۋپ-خەتەرلىك كۈنلەرنى ئۆتكۈزمەكتە ئىدى. ئەمما ئۇ يېتىپ كېلىۋاتقان دەھشەتلىك كۈنلەرنى خىيالىدىن نېرى قىلىش ئۈچۈن بالىلار-نىڭ ئىشى ۋە سارىيىنىڭ كۈندىلىك ئىشلىرى بىلەن ئىنتايىن ئالدىراش ئۆتەتتى. كۆپچىلىكنى غەيرەتلەندۈرۈپ: «ئەل بىلەن ئۆلۈم بەجايىكى توي» ھەرگىز قورقماڭلار، غەيرەتلىك بولۇڭلار، دەيتتى. ماريا ۋە خرىستىنا دېگەن ياش كېلىنلىرى بىلەن بويارلارنىڭ ئاياللىرى ئاخىر زامان بولدى، دەپ يىغلاپ ئۆينى بېشىغا كىيدى. بالىلار بولسا ساراي ئىچىدىن قېچىپ، قورغان بېشىغا بېرىۋالدى.

— مەكتەپتە ئوقۇغىنىمىز يوق! — دەيتتى ئۇلار، — ئەمدى بىز لەشكەرلەرگە ياردەملىشىپ، قامالغا كىرمەكچى بولغان مۇڭغۇللارغا ساداق ئېتىپ، تاش ياغدۇرىمىز.

ئاگافىيە خېنىم كېچە - كۈندۈز خۇداغا سېغىنىپ ئىبادەت قىلاتتى. تاڭ ئاتماستا ئورنىدىن تۇرۇپ شەھەر مەركىزىدىكى خۇدا - ئانا چېركاۋىسىغا بېرىپ مىتروفان يېپىسكوپ بىلەن سۆھبەتلىشەتتى.

— خۇداغا سېغىن، دۇئا - تىلاۋەت قىل، — دەيتتى مىتروفان، — خۇدادىن رۇس قوشۇنىغا مەدەت بېرىپ، خۇدادىن يۈز ئۆرۈگەن دەھرى تاتارلارغا ئەجەل يەتكۈز، دەپ تىلىگىن. ئېرىڭ كىنەز گېئورگى ۋسېۋالودوۋىچ بىلەن بالىلىرىڭنىڭ ئامانلىقىنى تىلە!

كىنەزگىنە ئاگافىيە ئېرىنىڭ «چوڭ قوشۇن تۈزۈپ تېز ئارىدا قايتىپ كېلىمەن، رۇس تۇپرىقىنى تاتارلاردىن ئازاد قىلىمەن» دېگەن سۆزلىرىگە چىن پۈتكەنىدى. شۇڭا ئۇ پۈتۈن ئىخلاسى بىلەن ئىبادەت قىلىپ، كۆز ياشلىرىنى سەلدەك تۆكۈپ دۇئا - تىلاۋەت قىلاتتى. ياشقا تولغان كۆزلىرىنى يۇمغاندا، ئېرىنىڭ بەستلىك قامىتى ئۇنىڭ كۆڭۈل كۆزىدە ئايان بولاتتى. ئېرىنىڭ كەسكىن سۆزلىرى ئۇنىڭ قۇلىقىدا جاراڭلىغاندەك بولاتتى. بۇ چاغدا خانىم: «ئۇ ئەلەم ئىشلىرىنى ياخشى بىلىدۇ. تېزدىن قوشۇن تۈزۈپ، تاتارلارنى قوغلاپ چىقىرىدۇ. ياۋنى مەغلۇپ قىلغاندىن كېيىن، ئۇ ئاق بوز ئېتىغا مىنىپ ۋىلادىمىرنىڭ ئالتۇن قاپقىسىدىن كىرىپ كېلىدۇ. ئۇ چاغدا مەن كېلىنلىرىم بىلەن ئۇنىڭ ئالدىغا چىقىپ قارشى ئېلىپ، ئېتىنىڭ تىزگىنىدىن تۇتۇپ، ئۆزۈم يېتىلەپ، ساراي قورۇسىغا ئەكىرىمەن» دەپ ئويلايتتى.

ئەنە شۇنداق ئۆتۈۋاتقان كۈنلەرنىڭ بىرىدە خۇددى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئاسماندىن چۈشكەندەك كالىمنادىن كىنەز ۋسېۋالېد كېلىپ قالدى. ئۇنىڭ يېنىدا بىرنەچچىلا لەشكەر بار ئىدى. كىنەز ۋسېۋالېد كەلگەندىن كېيىن، كىنەزگىنە ئاگافىيە كۆڭلى يېقىن بويارلارنى چاقىرىپ دەرھال كېڭەش ئۆتكۈزدى. ئۇنىڭغا قىماندان ئويلىيادوكرۇيېچ، بەزى مىڭبېشىلار ۋە كىنەزنىڭ ئىككى كېلىنى ھەم قاتناشتى.

— مېنى خۇدايىم ئوتنىڭ ئىچىدە پاختىنى ساقلىغاندەك ساقلىدى. ئۆزۈمنىڭ ئامان كەلگەنلىكىمگە ئۆزۈم ھەيرانمەن. بەلكىم پەرىشتىلەرنىڭ قانىتىنىڭ ئاستىدا قالغاندىمەن. تاتارلار كالىمنانى ھەممە تەرەپتىن قورشىۋالدى. ئۇلارنىڭ قوشۇنلىرى ھېسابسىز نۇرغۇن. قوشۇننىڭ باشلىقى چىڭگىزنىڭ ئوغلى ياش بىر خان ئىكەن. بۇنىڭدىن ئۈچ كۈن بۇرۇن تاتارلارنىڭ بارگاھىدا تۇساتتىن چوقان كۆتۈرۈلۈپ كەتتى. نۆكەرلەر جاھاننى بېشىغا كىيىپ ۋارقىراپ، داقا - دۇمباق چېلىشتى. قولغا چۈشكەن تۇتقۇنلارنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا شۇ كۈنى ئۇلارنىڭ داھىيسى قۇلقانخانغا بىزنىڭ ئوقىمىز تېگىپ قازا بوپتۇ. ئۇلارنىڭ ياۋايى ھايۋانلاردەك ھۇۋلاپ يۈرگىنى شۇنىڭ ئۈچۈن ئىكەن. خۇداسىغا ئەرز - شىكايەت قىلغىنىنى بىلسا كېرەك. مەڭغۇللار ئاشۇ مالىمانچىلىقتا يۈرگەن پەيتتە مەن ئۇلاردىن ئامان - ئېسەن قۇتۇلۇپ كەتتىم. تاتارلار بوياقتا زور كۈچ بىلەن كېلىۋاتىدۇ. ئۇلار ئادەم قېنىدىن دەريا ياساماقچى . ئۇ چاغدا بۇ شەھەردە بىزگە دەسسەيدىغان يەر، قۇشلارغا قونىدىغان جاي قالمايدۇ... ئاياللارنىڭ ماغدۇرى بارلىرى شىمالدىكى نوۋگورود، كاستروما، گالىچ شەھەرلىرىگە ياكى ئاق كۆل تەرەپلەرگە كەتسۇن. ئەمدى ئورمان ئىچىگە ۋە باشقا پىنھان يەرلەرنى تېپىپ يوشۇرۇنۇش كېرەك. كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى ۋىلادىمىردا ئالەمشۇمۇل قىرغىنچىلىق بولىدۇ. كىنەز

ئالىيلىرى كەلگىچە بىز بەرداشلىق بېرەلمەسمىزمىكىن دەپ ئەنسىرەيمەن، — دېدى.

بۇ چاغدا كىنەزگىنە ئاگافىيە ئورنىدىن تۇرۇپ:

— بىز سىلەرنى تاشلاپ ھەرگىز كەتمەيمىز. نېمە كۆرسەك تەڭ كۆرىمىز! — دېدى.

ئۇنىڭ يېنىدىكى ئىككى كېلىن يىغلاپ تۇرۇپ:

— سىلەرنى تاشلاپ ھېچيەرگە بارمايمىز! ئادەم ئايىغى تەگمىگەن چۆللەرگە بېرىپ نېمە قىلىمىز؟ بەرىبىر كىچىك باللار بىلەن تۈڭلاپ ئۆلىمىز. ئۇنىڭدىن قورغان ئۈستىگە چىقىپ سىلەر بىلەن بىرگە ياۋ بىلەن كۈرەش قىلىپ ئۆلىمىز! — دېيىشتى.

— سىرقۇش قىلىش ئاياللارنىڭ ئىشى ئەمەس! — دېدى قوماندان پېتىر ئوسلىيا. كىنەز كېلىنلىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئولتۇرغان ئاگافىيەنىڭ ئاسىرىۋالغان قىزى پىروكوۋدا سۆز قىستۇردى:

— ئاڭلىشىمچە، تاتار ئاياللىرى ئاتقا مىنىپ ئەرلەر بىلەن بىرگە جەڭ مەيدانىغا چۈشىدىكەن. شۇلاردىن نەرىمىز كەم؟ — دېدى.

— جىم، پىروكوۋدا! ئاغزىڭنى يۇم! — دەپ ئاگافىيە ئۇنىڭغا ۋارقىرىدى، — سېنىڭ بېشىڭ يېغىناپ كېتىپتۇ، ئۆيدە ئولتۇرماي قورغان ئۈستىگە بارماقچىمۇ؟ خان قىز دېگەن ئادەتتىكى پۇقرا بىلەن پاراڭلىشىپ، ئارىلىشىپ، بىرگە يۈرەمتى؟

— بەرىبىر بۇ يەردىن قېچىپ كېتىمەن. ئىدىلنىڭ ئۇ قېتىدىكى ئورمانلارغا بېرىپ، ئۇ يەردىن دادام كىنەزنى تاپىمەن. بىكاردىن - بىكارغا ئاھ ئۇرۇپ، پەرياد چەككەنىنىڭ، كۆز يېشى قىلىشنىڭ نېمە ھاجىتى؟ ئۇنىڭدىن كۆرە مەيلى ئورمان-

دا، مەيلى دالادا بولسۇن ياۋ بىلەن ئېلىشقان ياخشى ئەمەسمۇ؟ ئەگەر ئەجەل يېتىدىكەن ئۇنىڭدىن قېچىپ قۇتۇلغىلى بولمايدۇ.

— ئاغزىڭنى يۇم، تىلى ئۇزۇن، سېنى سارايغا قاماپ تاشلايمەن، — دېدى ئاگافىيە ئۇنىڭغا ئىنتايىن سوغۇقلۇق بىلەن.

— تاتارلار كەلسە سارايمۇ بەربات بولىدۇ. بىزنىڭ كۆزىمىزمۇ يۇمۇلىدۇ، — دېدى پىروكۇدا تەپ تارتماي.

— بۇ نېمىدېگەن يۈگەنسىز قىز، — دېدى ئاگافىيە جەھلى بىلەن، — كىملەر ماۋۇ پىروكۇدانى ئۆيگە ئاپىرىپ قاماپ قويۇڭلار.

بۈگۈن مەكتەپتە دەرس بار. مۇئەللىم بىلەن خوشلىشىپ كېلەي، رۇخسەت قىلغىن! — دېدى - دە، پىروكۇدا ئۆيدىن يۈگۈرۈپ چىقىپ كەتتى.

## ئون بىرىنچى باب

## گرېك - رۇس مەكتىپىدە

مەركىزي چېركاۋغا پاسىل قىلىپ سېلىنغان كىچىككىنە تاش ئۆيگە ئون نەچچە ئوغۇل بالا يىغىلغانىدى. ئۇلار ئايىغىدىكى قارلارنى تازىلاپ ئۆيگە كىرىپ چاپانلىرىنى يېشىپ بىر بۇلۇڭغا دۆۋىلەپ قويۇپ، ئۈستەل ئۈستىگە قويۇلغان يېغان ياغاچ تارغاق بىلەن ئاستى تەكشى قىلىپ قىرقىلغان چاچلىرىنى تاراشقا باشلىدى. ئاندىن ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرۇپ، ئەترابىغا چىراغ ياندۇرۇپ قويۇلغان خۇدالارنىڭ رەسىمىگە

قاراپ ئەدەپ بىلەن چىرقۇنۇشتى. چىرقۇنۇش ئاياغلاشقاندىن كېيىن، ئۇلار تۆر تەرەپتىكى ياغاچ ئورۇندۇقتا ئولتۇرغان ئوقۇتقۇچىنىڭ ئالدىغا بېرىپ يۇقىرى ئاۋاز بىلەن:

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، ماكسىم دالماتوۋىچ، — دەپ ئۇنىڭغا سالام بەردى.

بۇغداي ئۆڭلۈك، قارا ساقاللىق، قاڭشا بۇرۇن كەلگەن، ياشانغان ئوقۇتقۇچى باللارغا قاپىقىنى تۈرۈپ، سالقىن ئاھاڭدا:

— ئورنۇڭلارغا ئولتۇرۇپ، كىتابىڭلارنى ئېچىڭلار! — دېدى.

ئوغۇللار ئۇن ئىككى ئىدى. ئۇلار ئىنى تار كەلگەن، ئۇزۇن، قېيىن ئۇستەلنىڭ ئىككى تەرىپىگە قويۇلغان ئورۇندۇقلارغا كېلىپ ئولتۇرۇپ، ئالدىغا يالتىراق قەغەزلىك قول يازما كىتابىنى ئېچىپ قويدى. بۇ كىتابلارنى بۇندىن بۇرۇنمۇ تالاي باللار ئوقۇغان بولغاچقا، بەتلىرى يىرتىق ۋە كىر ئىدى.

— تۇرۇڭلار، — دېدى مۇئەللىم بېشىدىكى قۇندۇز قۇلاقچىنى تامدىكى كىتاب تەكچىسىنىڭ يېنىدىكى قوزۇققا ئىلىۋېتىپ، باللار ئورنىدىن دەسسىدە تۇردى. بۇ چاغدا ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرى دۇئا ئوقۇدى.

— ئولتۇرۇڭلار، — دېدى مۇئەللىم دۇئا ئاخىرلاشقاندىن كېيىن.

باللار قايتىدىن ئۆز ئورۇنلىرىغا ئولتۇردى. ئىشىك ئېچىلىپ، ئۆيگە پىروكودا يۈگۈرۈپ كىردى. كەينىدىن تاپ بېسىپ كىرگەن كۆتكۈچى ئۇنىڭ جۇۋىسىنى يەشتۈرۈپ، كۆڭلەكلىرىنى تۈزەشتۈردى - دە، ئاندىن بولۇڭدىكى ساندۇق ئۈستىدە ئولتۇردى.

پەرروكودا ئوقۇتقۇچىغا ئېگىلىپ چوڭقۇر تەزىم قىلدى - دە، ئاندىن چەتتىكى ئوقۇغۇچىنى جەينىكى بىلەن ئىچىگە بىرئاز ئىتتىرىپ ئۇلارنىڭ قاتارىدىن ئورۇن ئالدى.

ئوقۇتقۇچى قاپقارا ساقىلىنى بىر سىيپاپ، تاسقىنى قىرىپ، يۆتىلىپ قويۇپ:

— بۈگۈن سىلەرگە ناھايىتى مۇھىم ئەقلىيە سۆز ئېيتماقچىمەن. بۇلاتكو، بۇ ياققا قارا، ۋىرشاكا سەن چاپىرانى ئىتتەرمەي تىنچ ئولتۇر. ھەممىڭلار بۇياققا قاراڭلار ... — دەپ سۆزىنى باشلىدى.

مۇئەللىم يەنە بىر قېتىم قاتتىق يۆتىلىپ قويدى.

— مەن ماكسىم مۇناخ بولىمەن، مېنىڭ ئىشىم كىتاب يېزىپ، سىلەرگە ئوخشاش ياش ئۆسمۈرلەرنىڭ ساۋادىنى چىقىرىش. مېنىڭ ئويۇم سىلەرگە ھەپتىيەك، ئاندىن زابۇر، تەۋرات كىتابلىرىدىن ۋە باشقا دىنىي كىتابلاردىن بىلىم بېرىش ئىدى...

باللار ئاغزىنى ئاچقان پېتى قاراپ قېلىشتى. پەرروكىدا ئېگىلگىنى تۇتۇپ قىشۇمىسىنى تۈرگەن ھالدا پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئوقۇتقۇچىنىڭ سۆزىنى تىڭشايتتى.

— بۇ «گرېك — رۇس» مەكتىپىنى ۋىلادىمىر سۇزدالىسكىنىڭ بۈيۈك كىنەزى كىنىستانتىن ۋىسېۋالىدوۋىچ قۇرقانىدى. ئۇ تەڭداشسىز باتۇر، ئادىل پادىشاھ ئىدى. ئۇنىڭ زامانىسىدا نۇرغۇن بىلىملىك زاتلار يېتىشكەن. كىنەز ئۆزىمۇ كىتابتىن ئايرىلمايدىغان كىشى ئىدى. ئۇنىڭ سارىيىدا گرېك تىلىدىكى كىتابتىنلا مىڭ پارچە بار ئىدى. كىتابلارنىڭ بىر قىسمىنى ئۆزى سېتىۋالغانىدى. قالغانلىرىنى دۇنياۋى پاتىر ئارىخلار① مۇكاپاتقا بەرگەنىدى...

① پاتىر ئارىخ — خرىستىيان روھانىلىرىنىڭ ئەڭ چوڭ دەرىجىلىكى.

ئوقۇتقۇچى بېشىنى ئالقىنى بىلەن تىرەپ خىيالغا پاتقاندەك بولۇپ جىم بولۇپ قالدى.

باللار بىر - بىرىنى نوقۇپ: «نېمىلەرنى دەۋاتىدۇ، بۈگۈن مۇئەللىمگە نېمە بولدىكىنە؟» دېيىشىپ پىچىرلاشتى.

بىر هازادىن كېيىن مۇئەللىم بېشىنى كۆتۈردى - دە، سۆزلەپ كەتتى:

— ئەل بېشىغا ئېغىر كۈن چۈشتى. مۇدهىش، ئاپەتلىك كۈنلەر يېتىپ كەلدى. جاھالەت ئاسمىنىدا پارلاپ يانغان يۇلتۇزدەك چاقناپ تۇرغان بۇ مەكتىپىمىز جايلاشقان مەشھۇر ۋىلادىمىر شەھىرىمىزنىڭ ئۈستىگە قارا بۇلۇت بېسىپ كەلمەكتە. هاۋا گۈلدۈرلەپ چاقماق چېقىپ، ئالەمنى توپان سۈيى باسىدىغان ئوخشايدۇ. پۈتۈن دۇنيا يانغىن ئىچىدە قېلىپ، كۈلى سورۇلىدىغاندەك تۇرىدۇ. ئىلىم - بىلىم دېگەندىن ئەسلا خەۋىرى يوق، ھايۋان تەبىئەتلىك ياۋايىلارغا بۇ مەكتەپنىڭ، كىتابخانىدىكى بىباها كىتابلارنىڭ نېمە هاجىتى؟ تاتارلاردىن بىرى كېلىدۇ - دە، كىتابلارنى ئوتقا تاشلاپ، يالقۇنىدا كاۋاپ پىشۇرۇپ يەيدۇ.

مۇئەللىم كۆزىنى سۈرتۈپ، باللارغا تەكشى قاراپ چىقتى - دە، خوشلاشقاندەك ئىشارەت قىلدى.

— بۇ بىزنىڭ ئەڭ ئاخىرقى دەرسىمىز. بۇندىن كېيىن سىلەرنىڭ ئورنۇڭلار قورغان ئۈستىدە بولىدۇ. بىز چوڭلار قولىمىزغا قورال ئېلىپ، ياۋغا قارشى ئۇرۇشىمىز. سىلەر ئوق يىغىپ، تاماق توشۇپ، ئاكا - هەدىلىرىڭلارغا ياردەم قىلىسىلەر...

— بىزمۇ شۇنداق ئويلىغان، — دېيىشتى باللار.

— سىلەرگە ئېيتماقچى بولغان بىر ئىلتىماسىم بار. تاتارلار مەكتەپكە بېسىپ كىرىپ ئۇنى كۆيدۈرۈۋېتىشى مۇمكىن.

شۇڭا بۇ كىتابلارنى رەتلەپ، ساندۇققا سېلىپ، يەر ئاستى ئۆيىگە ئەكىرىپ قويايلى. ئامان قالغانلار، تاتارلار كەتكەندىن كېيىن بۇ كىتابلاردىن پايدىلىنىدۇ. بۇ سىلەرنىڭ ۋە كەلگۈسى ئەۋلادلارنىڭ ئىستىقبالى ئۈچۈن بەكمۇ مۇھىم. بىلىم چىرىغىنى ئۆچۈرمەي ساقلاپ قېلىش بىزنىڭ مۇقەددەس بۇرچىمىز... تېزدىن كىيىمڭلارنى كىيىڭلار.

بۇ ئىشنى قىزىق كۆرگەن باللار خۇشاللىقىدىن سەكرىشىپ، ئالدىراپ چاپانلىرىنى كىيىشكە باشلىدى. بۇ چاغدا پىروكودا تۈپنىڭ ئىچىدىكى باللاردىن بىرىنى ئايرىم چاقىرىۋېلىپ:

— بىلاتكى، مەن ساڭا بىر سىر ئېيتاي، ھەرگىز ئاغزىڭدىن چىقارغۇچى بولما، ماڭا ئەسكى چاپان، ئىشتان، كۆڭلەك تېپىپ بەرگىن... — دېدى.

— مېنىڭ كىيىملىرىم بەكمۇ جۇل - جۇل.

— ماڭا يېڭىنىڭ كىرىكى يوق. ئاشۇنداق جۇل - جۇل كىيىملەر كېرەك. ئەگەر تاتارلار كەلسە، ئانام چېركاۋدىن چىقماي، شۇ يەردە كۆيۈپ ئۆلمەكچى... مەن كىيىمىمنى ئۆزگەرتىپ، ئورمان ئىچىگە قېچىپ كەتمەكچىمەن. تاتارلارنى يۇرتىمىزدىن پۈتۈنلەي قوغلاپ چىقارمىغۇچە دۈشمەنگە قارشى جەڭنى توختاتمايمەن...

— مەنمۇ سېنىڭ بىلەن بىرگە بولىمەن، پىروكودا ساڭا لازىمەتلىكىنىڭ ھەممىسىنى تاپىمىز! — دېدى بىلاتكو قىن - قىنىغا سىغماي، — باشقا باللارمۇ سېنىڭ بىلەن بىرگە ماڭىدۇ.

## ئون ئىككىنچى باب

# ۋىلادىمىرنىڭ قايغۇلۇق كۈنلىرى

تاتارلار شەھەر ئەتراپىدا تويۇقسىز پەيدا بولدى. دەرۋازا يېنىغا توپلانغان نۇرغۇن چانىلار تاڭ سەھەردىلا كەتكەنىدى. ئۇلاردا ئورمانىنى پاناھ قىلماقچى بولغان بىر قىسىم شەھەر ئاھالىسى بار ئىدى. شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىندىن باشلاپ ۋىلادىمىر شەھىرىنىڭ سىرت بىلەن بولغان ئالاقىسى پۈتۈنلەي ئۈزۈلدى.

تاتارلار خۇددى بايرام كۈنلىرى يەرمەنكىگە كېلىۋاتقان خەقلەرگە ئوخشاش شەھەرگە ئالدىرىماي، خاتىرجەملىك بىلەن يېقىنلىشاتتى. ۋاقىت ئۆتكەنسېرى ئۇلارنىڭ سانى كۆپىيىشكە باشلىدى. ئۇزۇن ئۆتمەي پۈتۈن شەھەر تاتارلارنىڭ قورشاۋى ئىچىگە چۈشۈپ قالدى. ھەش - پەش دېگۈچە شەھەر ئەتراپىغا بارگاھلار قۇرۇلۇپ، گۈلخانلاردىن ئىسلار كۆتۈرۈلۈشكە باشلىدى. گۈلخان ئەتراپلىرىغا مىڭلىغان ھارۋىلار چىقىرىلىپ قويۇلدى. تاتارلار خۇددى سەپەر ئۈستىدىكى كارۋانلار قونالغۇغا چۈشكەندەك خاتىرجەم ۋە بىمالال ئىدى. ئۇلاردا قورغان ئىچىدە رۇسلار بار، بىزگە تويۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ قالارمۇ، دېگەن خىيال پۈتۈنلەي يوق ئىدى.

بىر ئازدىن كېيىن بويى پاكار، كۈچلۈك ئاتلارغا مىنگەن بىرنەچچە مۇڭغۇللار ۋىلادىمىر شەھىرىنى ئايلىنىپ چىقتى. ئۇلار ئۈستىگە ئەترەڭ كېلەڭسىز جۇۋىلارنى، بېشىغا تۈلكە قۇلاقچىلارنى كىيگەن بولۇپ، قۇلاقچىلىرى ئۇلارنىڭ بويىنىنى، ئاغزى بۇرنىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

پۈتۈنلەي يېپىپ تۇراتتى. پەقەت قىسىق كۆزلىرىلا پىلدىرلاپ كۆرۈنەتتى. ئۇلار ۋارقىراپ - جارقىراپ، خۇددى ئۆزئارا سۇقۇ-شۇۋاتقاندەك سۆزلىشەتتى. جاڭىلداپ تۇرغان قاتتىق سوغۇقتا ئۇلارنىڭ كۆتۈرگەن غوغىلىرى قورغان ئۈستىگە ئېنىق ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

ۋىلادىمىرلىقلار بۇرۇن كۆرۈپ باقمىغان بۇ نامەلۇم تائىپىنىڭ ئادەملىرىنى كۆرۈشكە قىزىقىپ، قورغانغا قاراپ يۈگۈرەيتتى. چۈنكى ۋىلادىمىردا ئۇلارنىڭ ئادىمى ھەيران قالغۇدەك ئۆرۈپ - ئادەت، قائىدە - يوسۇنلىرى ھەققىدە ئاشقان ياۋۇزلۇقلىرى توغرىسىدا ئۇزۇن ۋاقىتلاردىن بېرى ھەر خىل گەپ - سۆزلەر بولغانىدى.

كىنەزگىنە ئاگافىيە ئۇنىڭ مارىيا ۋە خرىستىنا دېگەن كېلىنلىرى، كۆڭلى يېقىن بويار ئاياللىرى ۋە بالا تەربىيىلىگۈچى ئاياللارنى باشلاپ، ئالتۇن قاپقا تەرەپتىن قورغاننىڭ ئۈستىگە چىقتى. بۇ يەرگە شەھەر قوماندانى بىلەن ۋېسېۋالود ۋە مىستىسلاۋ كىنەزلەر بالدۇر كېلىشكەن بولۇپ، بۇلارنىڭ ھەممىسى تاتار لەشكەرلىرىنىڭ يۈزلىنىشىنى كۆزىتىپ تۇراتتى.

بىر چاغدا ئالتۇن قاپقىنىڭ يېنىغا بىر توپ قوشۇن كەلدى. بۇلارنىڭ ئىچىدىكى ھەر خىل رەڭدىكى ئېسىل تونلارنى كىيگەن خانلار ئالاھىدە كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ ئاستىدا پۈتۈنلەي ئالتۇن - كۈمۈش جابدۇقلارغا پۈركەنگەن ئارغىماقلار بار ئىدى. خانلارنىڭ كەينىدە تولۇق قوراللانغان يۈز مۇھاپىزەتچى ئاتلىق نۆكەرلەر بار ئىدى.

توپ ئىچىدىن چابدار ئات مىنگەن بىر تىلماچ بۆلۈنۈپ چىقتى. تۇرقىغا قارىغاندا ئۇ قىپچاق بولسا كېرەك. بۇ تىلماچ دەرۋازىنىڭ ئۇدۇلىغا كېلىپ، قورغان بېشىدىكىلەرگە:

— ئاتىمالار! بۇ يەرگە ئۆزىنىڭ غالىب قوشۇنىنى

باشلاپ ئۇلۇغ جاھانگىر باتۇخان كەلدى. ئۇلۇغ كىنەز ۋە جانابىي پادىشاھ گېئورگى ۋسېۋولودوۋىچ ئۆز يۇرتىغا ئۇلۇغ خاننىڭ كەلگەنلىكىنى بىلەمدىكىن؟ مۇشۇ ۋاقىتقىچە ئۇ ئۇلۇغ خاننىڭ ئالدىغا سالام بېرىشكە نېمە ئۈچۈن چىقمايدۇ؟ شەھەر دەرۋازىسىنى نېمە ئۈچۈن ئاچمايسىلەر؟ كىنەز ئۆزى قەيەرگە مۆكۈندى؟ بۇ ياققا چاقىرىڭلار! ئۆزى بىلەن سۆزلىشەيلى... — دەپ ۋارقىرىدى.

قورغان ئۈستىدىكى بويارلار ئۆزئارا پىچىرلىشىپ سۆزلىشەتتى. قوماندان نېمە قىلارىنى بىلمەي:

— قانداق جاھان بولۇپ كەتتى - ھە! — دەپ ئۆز - ئۆزىگە غۇدۇڭشىدى.

بەزى قىزىققان ۋىلادىمىرلىقلار ساداقتىن يوق ئۈزدى. ئوق تەگكەن تاتار ئېتى خۇددى ساراڭ بولغاندەك پىررىدە ئايلىنىپ كەتتى. تاتارلارمۇ جاۋابەن دەرھال ئوق ياغدۇردى. قورغان ئۈستىدىكىلەرنىڭ بىرى داد - پەرياد كۆتۈردى.

بۇ چاغدا تۆۋەندىكى تىلماچ قورغان بېشىدىكىلەرگە يەنە ۋارقىرىدى:

— ئاتىمالار! بۇ ياققا قاراڭلار، بۇنىڭ كىملىكىنى تونۇمسىلەر؟

سالتاڭ ئاتقا مىنگەن ئىككى نۆكەر بويىنى ئارقان بىلەن باغلانغان بىر ياش يىگىتنى قورغان تەرەپكە سۆرەپ كەلدى. يىراقتىن قارىغاندا يىگىت مىڭىشقا قارشىلىق قىلىپ تىرەجەۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. راستىنى ئېيتقاندا ئىنتايىن چارچاپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن ئۇنىڭ مىڭىشقا ماجالىمۇ قالمىغاندەك قىلاتتى، ئۇنىڭ پۇتى ياغاچتەك قېتىپ قالغان بولۇپ، پەقەت بويىندىن باغلىغان ئارقاننىڭ چىڭلىقىدىن يىقىلماي كېلەتتى. ئىككى نۆكەر خۇددى يىرتقۇچ ھايۋاننى تۇتۇۋالغان ئوۋچىلارغا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئوخشاش، ئۇنىڭدىن خەۋپسىرەپ، ئاۋۇقاننى ئىككى تەرەپكە چېلىپ تارتىپ كېلەتتى.

قىرغان ئۇستىدە بۇ مەنزىرىنى كۆرۈپ تۇرغان توپنىڭ ئىچىدىن بىرىنىڭ ئۆكسۈپ يىغلىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. ئۇ، تاتارلار باغلاپ كېلىۋاتقان ئادەمنىڭ ئۆز ئوغلى ۋلادىمىر ئىكەنلىكىنى تونىغان ئانا. كىنەزگىنە ئاگافىيە ئىدى. زەھەردەك بىلۇپ تۇرغان سىرغۇقتا ئۇستىگە يالاڭ ئىشتان. يالاڭ كۆڭلەك كىيگەن، پۇتىدا پايپىما بىلەن قار دەسسەپ كېلىۋاتقان بۇ ياش يىگىتنى كۆرگەندە، كىنەزگىنەنىڭ ئەتراپىدىكى ئاياللار- نىڭ ھەممىسى ئۆزىنى باسالماي ھۆكرەپ يىغلاپ كەتتى.

— ۋلادىمىر جېنىم بالام، كۆزۈمنىڭ قارىچۇقى، — دەپ يىغلاپ ئاگافىيە بىرشلۇققا قولىنى سوزاتتى. — ئىتلارنىڭ ساڭا كۆرسەتكەن زۇلۇمىغا قانداق چىداي!

— ئانا، ھەرگىز كۆز يېشى قىلما! — دېدى ۋلادىمىر كىنەز تۆۋەندىن، — شەھەرنى ياۋغا بەرمەڭلەر! جان پىدالىق بىلەن مۇھاپىزەت قىلىڭلار، بۇ مەلئۇنلارغا تېتىڭلار! قىرقماڭلار، بۇلار بۇ يەردە ئۇزۇن تۇرالمايدۇ. كۆپ ئۆتمەي ئۆز دالالىرىغا كېتىشكە مەجبۇر بولىدۇ. بۇلار ماڭا ئىنسان بالىسى كۆرمىگەن خورلۇقنى كۆرسەتتى. لېكىن مېنى يېڭەلمىدى. ئۇلار بىزنى مەڭگۈ يېڭەلمەيدۇ! ئىتتىپاق بولۇڭلار! زالىم دۈشمەننىڭ ھۇجۇمىنى چېكىندۈرۈڭلار!

ۋلادىمىرنى سۆرەپ كېلىۋاتقان نۆكەرلەر ئۇنىڭ باش- كۆزىگە قامچا بىلەن ئۇرۇشقا باشلىدى.

— بەس، — دېدى تىلماچ، — تىلىڭنى تارت! ھەي، جاھىل ۋلادىمىرلىقلار! مانا سىلەرنىڭ ئالدىڭلاردا ۋلادىمىر ئىسىملىك ئەقلىدىن ئازغان، تەكەببۇر ياش كىنەزىڭلەر تۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ ئادىمى كۆرگۈسىز تەلەتىنى كۆرۈپ تۇرۇپسىلەر، بۇنىڭ

ھەممىسى ئۇنىڭ جاھىللىقىدىن بولدى. بۈيۈك جاھانگىرگە بويسۇنمىغانلىقى ئۈچۈن ئۇ تېگىشلىك جازاغا ئۇچرىدى. جاھىللىق قىلغۇچىلارنىڭ ئاقىۋىتى ئەنە شۇ. رەزان، پېرونسكى، ئىجسلاۋىل، مەشكاق ۋە باشقا نۇرغۇن شەھەرلەرنىڭ كۈلى كۆككە سورۇلدى. ئۇلارنىڭ مەڭگۈللارغا بويسۇنمىغان ئاھالىرى پۈتۈنلەي قىلىچتىن ئۆتكۈزۈلدى ياكى تۇتقۇن قىلىندى. ۋلادىمىر كىنەزنىڭ ھالى بولسا ماۋۇ. بىز ئۇنىڭ بويىنىدىن باغلاپ كىشىلەرگە ئېيىق ئويۇنى كۆرسەتكەندەك ئايلاندۇرۇپ يۈرىمىز. سىلەرمۇ مۇشۇنداق بولۇشنى خالامسىلەر؟ ئەگەر خالىمىساڭلار شەھەر دەرۋازىنىڭ ئاچقۇچىنى بىزگە بېرىڭلار. ئەنە شۇ چاغدا بۈيۈك باتۇخاننىڭ ئۇلتىپاتىغا ئىگە بولىسىلەر، بېشىڭلار ئامان قېلىپ بەختلىك ھايات كەچۈرىسىلەر!...

— مۇتىھەملەرنىڭ سۆزىگە ھەرگىز ئىشەنمەڭلار! — دەپ ۋارقىرىدى ۋلادىمىر، — ئەڭ ئاخىرقى نەپەسكىلەرغىچە ئېلىشىڭلار! تاتارلاردا ئىنسانلاردا بولىدىغان رەھىم - شەپقەت يوق. تەسلىم بولساڭلارمۇ ھەممىڭلارنى قىرىپ تاشلايدۇ. ئۇلار سىلەرنى ئالداپ قولىغا چۈشۈرمەكچى. ئېيتقان سۆزىنىڭ ھەممىسى يالغان!

قورغان ئۈستىدىكىلەر ئۇنىڭغا: «ئۆلسەكمۇ تىز پۈكمەيمىز» دەپ جاۋاب بەردى.

ۋسېۋالود كىنەز بىلەن مستىسلاۋ كىنەز قورغان ئۈستىدىكىلەر بىلەن بىرلىكتە:

— ئۆلسەكمۇ سىلەرگە تەسلىم بولمايمىز! خام خىيال قىلماي ھايات ۋاقتىڭلاردا دالالىرىڭلارغا قايتىپ كېتىڭلار! رۇس تۇپرىقىدا سىلەرنىڭ نېمە ھەققىڭلار بار؛ — دەپ تەرەپ - تەرەپتىن ۋارقىرىدى.

قورغان ئۈستىدىكىلەرنىڭ جاۋابىنى ئاڭلىغان تاتارلار ئاتلىرىنىڭ بېشىنى بۇراپ كەينىگە قايتتى. ۋلادىمىرنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

يېنىدىكى ئىككى ئاتلىق ئۇلىنى تورۇپ يىقىتىپ، خۇددى ئۆلۈكنى سۆرىگەندەك سۆرىتىپ ئېلىپ كەتتى.

شۇ كۈنى تاتارلار ئالتۇن قاپقاقنىڭ ئۇدۇلىدىكى تۆپىلىكنىڭ ئۈستىگە خاننىڭ سېرىق يىپەك چېدىرىنى تىكتى. ئۇنىڭ ئىككى تەرىپىگە خۇددى دۈم كۆمتۈرۈلگەن بۆككە ئوخشاش ئۇندەك كىگىز ئۆيمۇ تىكىلدى. موڭغۇل بارگاھىدا يىغىلغان مىڭلىغان گۈلخانلاردىن كۆتۈرۈلگەن تۈتۈن ۋىلادىمىر ئاسمىنى ئۈستىدە قارا بۇلۇت ھاسىل قىلدى.

تاتارلارنى قانداق قىلاركىن، دېگەن خىيال بىلەن ۋىلادىمىرلىقلار قورغان بېشىدا تۇرۇپ ئۇلاردىن كۆز ئۈزمەي قارايتتى. ياۋغا تەسلىم بولۇش ياكى ئۇنىڭدىن يوشۇرۇنۇش ھېچكىمنىڭ ئويىدا يوق ئىدى. ھەممە كىشى تاتارلارنىڭ قولىغا چۈشكەن ئادەمنىڭ تەقدىرى قانداق بولىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى. تاتارلارنىڭ ھىيلىگەرلىك بىلەن شەھەرگە كىرىۋېلىپ، ئاندىن قورالدىن ئايرىلغان خەلقنى قوينى بوغۇز-لىغاندەك بوغۇزلايدىغانلىقى توغرىسىدا ئۇلار نۇرغۇن ئاڭلىغانىدى. بۇ توغرىسىدا رۇسلار: «تاتارلارنى شەھەرگە كىرگۈزۈپ بولمايدۇ، شەھەرگە كىرىۋالسا تىرىك جاننى قويمايدۇ» دېيىشەتتى.

ۋسېۋالىد كىنەز بىلەن مىستىسلاۋ كىنەز ئۆزىنىڭ لەش-كەرلىرىنى باشلاپ، قورغاندىن چىقىپ، دۈشمەن بىلەن ئېلىشىشنى ئويلاپ يۈگۈرۈپ يۈرەتتى.

— ئۆلسەكمۇ، جەڭ مەيدانىدا مەردلەرچە ئۆلەيلى، — دېيىشەتتى ئۇلار.

بىراق ياشانغان قوماندان پىتر ئوسلىيا دوكوۋىچ ئۇلارغا رۇخسەت قىلمىدى.

— ئۆلۈش ئانچە قىيىن ئىش ئەمەس. ئۆلۈشكە تېخى

ئۆلگۈرىمىز، ئەڭ بولمىغاندا، ئالدىمىزغا بىرنەچچە مىڭ موڭغۇلنى سېلىپ ئۇ دۇنياغا ھەيدەپ كېتىمىز. لېكىن گەپ ئۇنىڭدا ئەمەس. بىر ئاز ۋاقىت سەۋر قىلايلى. ئۇلۇغ پادىشاھىمىز گېئورگى ۋسېۋالودوۋىچ دۇنيانى زىلزىلىگە كەلتۈرگەن بۈيۈك قوشۇن قۇرۇۋاتىدۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇ ياردەمگە كېلىدۇ. سۆيۈملۈك دىيارىمىزنى، پايتەخت شەھىرىمىزنى ياۋدىن قوغداپ قالىدۇ، — دەپ كىنەزلەرنى تىنجىتاتتى.

تاتارلار ھۇجۇمغا تەييارلىنىۋاتقان چاغدا ئۇلاردىن چوڭ بىر قوشۇن ئايرىلىپ چىقىپ، سۇزدالىغا قاراپ كەتتى. شەھەر ئۆزىنى ئىككى كۈن ھىمايە قىلالىدى. ئۈچىنچى كۈنى تاتارلار سۇزدالىغا بېسىپ كىرىپ، پۈتۈن شەھەرنى تالان - تاراج قىلىپ شەھەردىكى كىنەز سارىيى بىلەن دىمىترى مۇناستىرىنى كۆيدۈرۈپ، قولغا چۈشكەن ئاھالىنى پۈتۈنلەي قىرغىن قىلدى. پەقەت بىرنەچچە كۈن بۇرۇن ئورمان ئىچىگە يوشۇرۇنۇپ قالغانلارلا ئامان قالدى. سۇزدالدىكى قىرغىن ئىنتايىن قەبىھ بولدى. قېرى - ياش، ئەر - ئايال، بالا - چاقا، مەجرۇھ - مېيىپلار پەرقلەندۈرۈلمەي، بىرىنمۇ تۇتقۇن قىلماي، پۈتۈنلەي قىرىپ تاشلاندى. موڭغۇللار ئەزەلدىن روھانىلارنى ئۆلتۈرگەن ئەمەس ئىدى. بۇ قېتىم پوپلار بىلەن مۇناخلارنىمۇ بىرنى قويماي قىرىپ تاشلىدى. تاتارلار پەقەت ياش مۇناخ ئاياللارنىلا تۇتقۇنغا ئالدى ۋە ئۆز يۇرتلىرىغا ھەيدەپ كەتتى.

بۇ قىرغىنچىلىقتىن پەقەت باگارودىسكى قىزلار مۇناستىرى دېگەن مۇناستىرلا ئامان قالدى. چۈنكى ئۇ شەھەر سىرتىدىكى بىر قېلىن ئورماننىڭ ئىچىدە ئىدى. شۇڭا تاتارلار ئۇنى بايقىماي قالدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلار بۇ يەردىن بېرىپ ۋىلادىمىردىكى ئاساسىي قوشۇنغا تېزدىن قوشۇلۇشى لازىم ئىدى.

ئالتىنچى فېۋرال① كۈنى تاتارلار قورغان تۈۋگە يوغان - يوغان ياغاچلاردىن ياسالغان ئاجايىپ بىر نەرسىلەرنى ئېلىپ كەلدى. بۇنداق نەرسىلەرنى ۋلادىمىرلىقلار كۆرمىگەنىدى. بۇلار قورغان بۇزىدىغان قورال ۋە تاش ئاتىدىغان مانجانىق ئىدى. تاتارلار مىڭلىغان چانىلارغا تاش، ياغاچ ۋە باشقا نەرسىلەرنى بېسىپ ئەكېلىپ دۆۋىلىدى. قورغانغا چىقىدىغان شوتىلارنىڭ تەييارلىقى ئىشلەندى.

ئۇلار شەھەردىن قاچقان ئاھالىنى تۇتۇش ئۈچۈن شەھەر ئەتراپىنى دەرھال ياغاچ خادىلار ئارقىلىق ياسالغان تام بىلەن قورشاپ چىقتى.

ۋلادىمىرلىقلاردا ئەمدە ھايات قالىمىزمىكىن، دەيدىغان ئۈمىد پۈتۈنلەي ئۈزۈلدى. تاتارلار شۇنچىلىك كۆپ ئىدىكى، ھەربىر شەھەر ئاھالىسىگە يىگىرمىدىن تاتار نۆكىرى توغرا كېلەتتى. بۇنى كۆرگەن ۋلادىمىرلىقلار يىغلىشىپ - قاقشىشىپ، بىر - بىرى بىلەن خوشلاشتى.

— ئەتە فېۋدورستىراتلات ئەۋلىياغا دۇئا قىلىدىغان كۈنى دەھشەتلىك بوران چىقىپ، ھەممىمىزنىڭ دۇئاسى ئىجاۋەت بولار، — دېيىشتى.

يەتتىنچى فېۋرال كۈنى تاڭ سەھەردە تاتار لەشكەرلىرى شەھەرگە ئومۇميۈزلۈك ھۇجۇم باشلىدى.

كىنەزگىنە ئاگافىيە خانىم بىلەن ئۇنىڭ ئىككى كېلىنى ۋە يېقىن بويارلارنىڭ ئاياللىرى، قېرى پوپلار بىلەن مۇناخلار-نىڭ ھەممىسى تاشتىن ياسالغان مەركىزىي چېركاۋغا بېرىپ بېكىندى. بۇ يەردە ئۇلارنى يېپىسكوپ مىتروفان ھەزرەت كۈتۈپ

① 1238 — يىلى. شۇ چاغدىكى يىل ھېسابى بويىچە — «دۇنيا يارالغان-دىن بۇيانقى 6746 - يىلى»

تۇراتتى. ئۇ ئۇزۇن بويلۇق، ئورۇق كەلگەن، قارا ساقاللىق، يۈزى دۈگىلەك ئادەم ئىدى. مېھرابنىڭ ئالدىدا خۇدانىڭ سۈرىتى ئېسىلغان، تامنىڭ قارشى تەرىپىدە ئادەتتە مۇسىبەت كۈنلىرى كىيىدىغان قارا كىيىملەرنى كىيىپ بارلىق روھانىلار ئولتۇرۇشاتتى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى لەرزان ناخشا ئاھاڭى بىلەن دۇرۇت ئوقۇپ، خۇدادىن تىلەك تىلەيتتى. يېپىسكوپ ئۆزىنىڭ بوغۇق ئاۋازى بىلەن يىغلىغان كۆپچىلىكنىڭ سەۋر قىلىشىنى ئۈمىد قىلدى.

— ئالدىرىماڭلار، چىن نىيەتىڭلار، پۈتۈن ئىخلاسىڭلار بىلەن خۇداغا سېغىنىڭلار، تەقدىرنىڭ يازمىش ئازابلىق ئۆلۈمگە تەن بېرىڭلار، — دەپ ئۇلارغا ۋەز نەسىھەت قىلدى.

— ياۋغا قارشى تۇرۇشنىڭ ئورنىغا خۇداغا شۈكرى كەلتۈرۈپ، ئۇ دۇنيادىكى ئىمانىڭلارنىڭ سالامەت بولۇشىنى ئويلاڭلار. مەن سىلەر ئۆلۈشتىن بۇرۇن ھەممىڭلارنىڭ چېچىڭىنى تاقىر قىلىپ قىرقىمەن①. ئاندىن سىلەر گۇناھتىن پاك پەرىشتىلەرگە ئايلىنىسىلەر. دىنسىز تاتارلار سىلەرنى ئۆلتۈرگەندىن كېيىن، سىلەر تىختاۋسىز جەننەتكە كىرىپ خۇدا بىلەن كۆرۈشىسىلەر...

چېركاۋدا تۇرغانلارنىڭ ھەممىسى نۆۋەت بىلەن مىتروفان ھەزرەتنىڭ يېنىغا كېلىشكە باشلىدى. ئۇ ھەرقايسىنىڭ بىر تۇتام چېچىنى قىرقىۋېلىپ، ماڭلىيىغا خاسىيەتلىك ماي بىلەن كرېست سىزىپ، مۇناخ بولغانلىقىنىڭ رەسمىيىتىنى ئادا قىلدى. ئاندىن ئۇلار پېشانىسىدە ئاق كرېست بەلگىسى بار ئېگىز قارا قالپاقلارنى كىيىپ قول تۇتۇشۇپ، مۇقەددەس زابۇر

① پاك دىنلىق رۇس چېركاۋىنىڭ قائىدىسى بويىچە كىشىلەرنىڭ چېچىنى قىرقىش، تەركى - دۇنيا بولۇپ كەتكەنلىكىنىڭ ۋە ئۇ دۇنياغا ئۆز ئىختىيارى بىلەن كەتكەنلىكىنىڭ بەلگىسى ئىكەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كىتابىدىن ئايەت ئوقۇشقا باشلىدى. بۇ چاغدا سىرتتا غەزەپلەنگەن تاتارلارنىڭ ھۆكۈرگەن ئاۋازى بىلەن ئۇلارنىڭ قىلىچلىرىنىڭ زەربىسىگە ئۇچرىغان ئاياللارنىڭ، نارسىدىلەرنىڭ چىرقىرىغان ئاۋازى ئاڭلىنىشقا باشلىدى.

كۆپ ئۆتمەي تاتارلار چېركاۋغىمۇ يېتىپ كەلدى. ئۇلار چېركاۋنىڭ ھەم ئېتىلگەن مۇستەھكەم ئىشىكىنى ئېغىر لىملار بىلەن ئۇرۇشقا باشلىدى. ئىشىكنىڭ تاختىيى زەربىگە بەرداشلىق بېرەلمەي ئاجراپ چۈشتى. بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئىچىدىكى ئادەملەرگە ئېنىق ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ئەنە شۇ چاغدا كىنەزگىنە ئاگافىيە ئۆزىنىڭ يېنىدا ئاسراندى قىزى پىروكودانىڭ يوقلۇقىنى بىلدى. ئاياللار تەرەپ - تەرەپتىن ۋارقىراپ پىروكودانى چاقىرىشتى. بىراق ئۇنىڭدىن جاۋاب بولمىدى. خىزمەتكار ئاياللار يۇقىرىغا چىقىپ پۈتۈن چېركاۋنى ئىزدەپ چىقتى ھەتتا قوڭغىراق ئۆيگىچە كىردى. لېكىن پىروكودانىڭ خەۋىرى بولمىدى.

— شور پېشانە قىز، ئىبادەت قىلماي، ئۇ دۇنياغا ئىمانسىز كېتىدىغان بولدى، — دەپ ئاگافىيە ئۆكسۈپ - ئۆكسۈپ يىغلايتتى. — ئەمدى ئۇ مېنىڭ بىلەن جەننەتكە كىرەلمەيدىغان بولدى. مېنىڭدىن ئارتۇق بەختسىز ئادەم بارمىدۇ؟ بارلىق تۇغقانلىرىمدىن ئايرىلىپ يەككە - يېگانە قالدىم.

## ئون ئۈچىنچى باب

## تىرىك ئوت

باتۇخان كىلىيازما دەرياسىنىڭ ئېگىز يار ئۈستىدە ۋىلادىمىر شەھىرىگە قىلىنىۋاتقان ھۇجۇمىدىن كۆز ئالماي قاراپ تۇراتتى. يانغىنىنىڭ قىپقىزىل شولىسى خانىنىڭ ئاستىدىكى ئاتنىڭ ئالتۇن

ئېگەر - جابدۇقلىرىدا جىلۋە قىلاتتى. بېشىدىكى پولات دۇبۇلغىنىڭ ئالتۇن تاجىسىغا چۈشكەن شولا ئۇنى تېخىمۇ ھەيۋەتلىك كۆرسىتەتتى.

تاتار لەشكەرلىرىنىڭ توپى ئارقا - ئارقىسىدىن ئۈزۈلمەي شەھەرنىڭ مەركىزىي دەرۋازىسىنىڭ ئالدىغا كېلەۋەردى. ئۇلار دەرھال ئاتلىرىدىن چۈشۈپ، ئارقانلار بىلەن ئۇلانغان شوتىلارنى قورغانغا يۆلەپ، يۇقىرى يامىشىپ ئۆرلەشكە باشلىدى.

تاش قورغانىنىڭ ئۈستىدە كەسكىن جەڭ بولۇۋاتاتتى. ۋىلادىمىرلىقلار ياۋغا شىددەت بىلەن تاشلىناتتى. تاتارلارمۇ ئۇلار بىلەن قويۇن - قولتۇق ئېلىشىپ كەتتى. رۇس لەشكەرلىرىنىڭ بىرى قازا بولسا ئورنىنى دەرھال بىرى بېسىپ دۈشمەننى شەھەر ئىچىگە كىرگۈزمەسلىكنىڭ ئامالىنى قىلىپ باقتى. بىراق ئۇلارنىڭ كۈچى بارغانسېرى ئاجىزلاپ كەتتى. تاتارلار بولسا يەر جاھاننى قاپساپ، ۋارقىراپ، بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى يامىشىپ قورغان ئۈستىگە چىقتى.

باتۇخاننىڭ سول تەرىپىدە، پاكار كەلگەن كىچىككىنە چابدار ئاتقا مىنگەن سۇبىتاي باھادىر تۇراتتى. ئۇنىڭ كەڭ يەلكىسى ئالدىغا بىرئاز ئېگىشكەن بولۇپ، ئات ئۈستىدە يەنىلا مەزمۇت، ياغاچ بۇتلارغا ئوخشاش ھەرىكەتسىز ئولتۇراتتى. باتۇخاننىڭ ئوڭ تەرىپىدە تۈمەنبېشى بۇرۇنتاي بولۇپ، قومۇش قۇلاق، قولا يورغىنى مىنىۋالغانىدى. بۇ قېرى سەركەردىنىڭ قەددى پۈكۈلۈپ، دۈمچەك بولۇپ قالغانىدى.

— جاھانگىر، ئۇنى كۆردۈڭمۇ! — دېدى بۇرۇنتاي ئۆزىنىڭ ساقالسىز سېرىق يۈزىنى باتۇخانغا بۇراپ، — كۈيۈك خاننىڭ لەشكەرلىرى شەھەرنىڭ ئىككى تەرىپىدە ئوت قويۇۋاتقان ئوخشايدۇ.

سۇبىتاي چىرايىنى تۈرۈپ ئاچچىقى بىلەن:

www.uyghurkitap.com

— كۆيىك خاننىڭ لەشكەرلىرى قاچان ئالدى بىلەن شەھەرگە كىرەلىگەن؟ كۆيدۈرۈۋاتقانلار رۇسلارنىڭ ئۆزى.... — دېدى.

— «غالىبلار» قېنى؟ ئۇلار نېمە ئۈچۈن ئۆلگۈرۈپ كېلەلمەيدۇ؟ — دېدى بۇرۇنتاي سۇبىتاينى گەپتە چېقىپ.

— بۇرۇنتاينىڭ سۆزىگە قۇلاق سالما، — دەپ سۇبىتاي باھادىر خانغا بۇرۇلدى، — مۇھاسىرىگە چۈشكەنلەرنىڭ جەڭگىۋارلىقى، قەيسەرلىكى، قورقماس باتۇرلۇقى ئەزەلدىن ئۇزۇنغا بارغان ئەمەس. ئازراق سەۋرى قىلايلى. چۈشتىن كېيىن قاما جۇۋا كىيگەن ئاقساقاللار، شەھەرنىڭ ئاچقۇچىنى ئالتۇن تاۋاققا سېلىپ ئالدىڭغا ئېلىپ چىقىدۇ...

خىتايدا، تاڭغۇت ئېلىدە، بۇخارادا، سەمەرقەنتلەردە شۇنداق بولغان. بۈگۈنمۇ ئەنە شۇنداق بولىدۇ.

لېكىن باتۇخاننىڭ كۈتۈشكە تاقىتى يوق ئىدى. ئۇ بىر ئورۇندا تىنچ تۇرالماي تەقەززا بولاتتى. ئاستىدىكى قارا ئايغىرمۇ تىنچ تۇرماي، يەرنى تەپچىپ تىزگىننى سېرىپ تۇراتتى.

— بۇرۇنتاي! دەرۋازا ئالدىغا بېرىپ ئەھۋالنى بىر كۆرۈپ كەلسەڭ. خىتاي ئۇستىسى لى توڭپو مەڭگۈلۈك ئۇيقۇغا كەتمىگەنمىكىن؟ — دېدى باتۇخان.

بۇرۇنتاي قولا يورغىغا بىر قامچا سېلىۋىدى، ئات خۇددى ئاققان يۇلتۇزدەك يۈگۈرۈپ كەتتى.

يوغان تۆمۈر باشلىق قورغان بۇزىدىغان قورال، چانا تاپىنىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان يوغان لىملاردىن ياسالغان تۆشۈكىدىن چىقىپ شىددەت بىلەن بېرىپ دەرۋازىغا قاتتىق ئۇرۇلاتتى. قىپيالىڭاچ تۇتقۇنلار قورالنى ئۇياقتىن - بۇياققا ئىتتىرىپ، بىرخىل رىتىمدا ۋارقىراپ: «قاتتىق ئۇر! يەنە بىر!» دەپ بىر - بىرىگە مەدەت بېرەتتى.

موڭغۇللار تۇتقۇنلارنى ھايۋان كەبى قامچا ئاستىغا ئالاتتى. دەرۋازىنى تېخىمۇ زور كۈچ بىلەن ئۇرۇشقا مەجبۇرلايتتى. بەزى تۇتقۇنلار ياۋغا ياردەم قىلىشتىن باش تارتسا شۇ ئورۇندىلا ئۇلارنىڭ كاللىسىنى ئالاتتى.

رۇسلار قورغان ئۈستىدىكى ساداق ئاتىدىغان تۆشۈكلەردىن ئالتۇن قاپقا تەرەپتىكى چوڭ چېركاۋنىڭ دېرىزىلىرىدىن تۆۋەندىكى موڭغۇللارغا خىش ئېتىپ، ئوت چېچىپ، ساداق ئوقىنى يامغۇردەك ياغدۇرۇپ تۇراتتى. دۇپ ياغىچىدىن ياسالغان دەرۋازا، قورغان بۇزغۇچىنىڭ كۈچلۈك زەربىسىگە بەرداشلىق بېرەلمەي يېرىلىپ ئاجراپ، كېيىن پۈتۈنلەي پاچاق-پاچاق بولۇپ كەتتى. بۇنى كۆرگەن موڭغۇللار ئۆلە-تىرىلىشىگە قارىماي شەھەر ئىچىگە قاراپ يوپۇرۇلۇپ ماڭدى. ئۇلار ئالدىغا ئۇچرىغان شەھەر ھىمايىچىلىرىنى ئاتلىرىغا دەسسىتىپ شەھەر كوچىلىرىغا كىرىپ كېتىشتى. شەھەرنىڭ ئىككى ھارۋا ئۆتۈشەلمەيدىغان تار كوچىلىرىغا ياغاچلارنى دۆۋىلەپ، ھارۋا، چانىلارنى دۈم كۆمۈرۈپ، تاملارنى ئۆرۈپ پۈتۈنلەي توسۇۋەتكەنىدى. شۇڭا تاتارلار كوچىلاردا ئەركىن ماڭالماي قالدى. تاتارلارنى ئۆتكۈر پالتىلار ۋە بازغاندەك ئېغىر چوقماقلار بىلەن قارشى ئالدى. شەھەر ھىمايىچىلىرى ئۆيلەرنىڭ چېدىرىغا چىقىۋېلىپ تاتارلارنىڭ ئۈستىدىن ساداق ئوقىنى يامغۇردەك ياغدۇرۇشاتتى. ئېغىر تاشلارنى دومىلىتاتتى... كوچىلار بارا-بارا ئۆلۈككە تولدى. جەسەتلەر ئۈستى-ئۈستىگە دۆۋىلەندى. بىراق ياۋۇزلۇقتا چېكىگە يەتكەن سەھرا ياۋايىلىرى ھېچ نەرسىگە پەرۋا قىلمايتتى. ئۇلار ئاتلىرىدىن سەكرەپ چۈشۈپ جەسەتلەرنىڭ ئۈستىدىكى كىيىملەرنى يەشتۇرۇۋالاتتى. ئۆيمۇ ئۆي، دۇكانمۇ دۇكان تىمىسقىلاپ بۇلاپ-تالايتتى. ھەممە نەرسىنى تۈگەتكەندىن كېيىن، ئاتلىرىغا مىنىپ ئىلگىرىلەيتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئاستىدىكى پاكار ئەمما قوۋۋەتلىك ئاتلار توساقلاردىن خۇددى مۈشۈكتەك چاققانلىق بىلەن سەكرەپ ئۆتەتتى. نۆكەرلەر كەينىدىن كېلىۋاتقان باتۇخان ۋە ئۇنىڭ مۇلازىملىرى ئۈچۈن يول ئېچىش بىلەن ئاۋارە ئىدى.

جاھانگىر ئالدىرىماي ماڭدى. ئاستىدىكى قارا ئارغىماق دەسلەپىدە پۇشقۇرۇپ، ئىككى قولىقىنى دىڭگايتىپ، بىرئاز تۇرۇۋالغاندىن كېيىن، جەسەتلەرنىڭ ۋە تېخى جان تەسلىم قىلمىغان يارىدارلارنىڭ ئۈستىدىن ئاتلاپ مېڭىشقا باشلىدى. جان ھەلقۇمىغا كەلگەن يارىدارلارنىڭ زارلانغان ئاۋازىنى موڭغۇللارنىڭ خۇشاللىق بىلەن ۋارقىرىغان چۇقانلىرى بېسىپ كەتتى.

باتۇخان شەھەر مەركىزىدىكى مەيدانغا كېلىپ، مەرمەردىن ياسالغان باش چىركاۋنىڭ ئالدىدا توختىدى. بۇ يەرگە «غالىبلار» مۇ ئاللىقاچان كېلىپ بولغانىدى. جاھانگىرنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن نۆكەرلەر ئاتلىرىدىن چۈشۈپ، قار ئۈستىدە باش قويۇپ ياتتى. باتۇخان گويا ھېچنەرسە كۆرمىگەندەك، مەغرۇر ۋە تەكەببۇرانە قىياپىتىنى بۇزماي توپتوغرا شۇ يەرگە كېلىپ توختىدى. ئۇنىڭ ئەزەلدىن مۇز يېغىپ تۇرغان چىرايى بۈگۈن بىرئاز ئېچىلغاندەك، قىسىق كۆزلىرى كۈلگەندەك قىلدى. بىر چاغدا ئۇ يېنىغا كەلگەن سۇبىتاي باھادىرغا بۇرۇلۇپ:

— بولغار بىلەن رەزاندىن كېيىن، مانا بۇ ئۈچىنچى پايتەختنى بويسۇندۇرۇشۇم! — دېدى.

سۇبىتاي ئىنجىقلاپ تۇرۇپ:

— موڭغۇللارنىڭ بۇ بۈيۈك يۈرۈشىدە يېزىلگەن پايتەختلەر سېنىڭ ئىلكىڭگە ئۆتكۈسى... — دەپ جاۋاب بەردى.

— بايا شەھەر دەرۋازىسىنىڭ ئاچقۇچىنى پەتنۇسقا سېلىپ ئالدىڭغا ئەكېلىدۇ. دېگەن ئاقساقاللىرىڭ قېنى؟ — دېدى بۇ-

رۇنتاي سۇبىتاينى مەسخىرە قىلدى.

— كەلمىسە ئۆز گۇناھى ئۆزىگە، — سۇبىتاي شۇنداق دېدى - دە، بۇرۇلۇپ كېتىپ قالدى.

— ئۆز گۇناھى ئۆزىگە! — دېدى باتۇخان ھەم. — ئەگەر ئەمدى ئۇلار كەچۈرۈم سورىسا ھەرگىز كەچۈرمەيمەن... شەھەر ئاھالىسىدىن بىرنى قويماي قىرىپ تاشلايمەن! بۈگۈن — ئارماندا كەتكەن قۇلقانىخان ئۈچۈن رۇسلارنىڭ قېنىنى دەريادەك ئاققۇزۇپ، موڭغۇل - تاتار لەشكەرلىرىنىڭ ئەنتىمىنى ئالىدىغان كۈن.

ئاق مەرمەردىن ياسالغان ھەيۋەتلىك ئېگىز چېركاۋ دۇشمەن ئالالمايدىغان مۇستەھكەم قامال ئىدى. ئىشىك ئالدىغا يىغىلغان توپ - توپ تاتارلار ئۇياق - بۇياققا چېپىشىپ ئاۋارە بولاتتى. ئۇلار چېركاۋنىڭ دۇپ ياغىچىدىن خىلمۇ خىل نەقىشلەر ئويۇپ ياسالغان دەرۋازىسىنى پالتىلار بىلەن ئۇرۇپ چېقىشقا ئالدىرايتتى. چېركاۋ ئىچىدە نۇرغۇن ئادەملەرنىڭ خۇدادىن مەدەت تىلەپ ناخشا ئاھاڭىدا دۇئا ئوقۇۋاتقىنى ئاڭلاندى.

— بۇلار نېمە دەپ ناخشا ئېيتىۋاتىدۇ؟ تىلماچ قېنى؟ — دەپ ۋارقىرىدى ھەيران قالغان جاھانگىر.

— مانا مەن تەييار! — كىلىپ كىنەز دەرھال ئالدىغا چىقتى. — چېركاۋنى پاناھ قىلغان كىشىلەر ئۆلۈمنىڭ ئوڭاي بولۇشىنى تىلەپ، ئىمان ئېيتىپ، ئۆزلىرىنىڭ جىنازا نامىزىنى چۈشۈرۈۋاتىدۇ، — دېدى ئۇ.

بىر چاغدا نۆكەرلەر چېركاۋ ئالدىغا ئۇزۇن - ئۇزۇن لىم ياغاچلارنى ئەكەلدى. ئۇنى بىر قانچە ئادەم بىرلىكتە كۆتۈرۈپ، بار كۈچى بىلەن ئىشىككە ئۇرۇشقا باشلىدى. ئۇزۇن ئۆتمەي ئىشىك پاچاق - پاچاق بولۇپ كەتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ناخشا ئېيتىۋاتقان كىشىلەرنىڭ ئاۋازى ئېخىمۇ كۈچەيگىلى تۇردى. ئەرۋاھى ئۇركۈپ، كۆزلىرى چانىقىدىن چىقاي دەپ قالغان ئاياللار كۆرۈنۈشكە باشلىدى. بۇ ئاياللار ئۈستىگە قارا كىيىم، بېشىغا ئاق كرېست چۈشۈرۈلگەن ئۇزۇن قارا بۆك كىيىپ، قولىغا شام تۇتۇپ «بىزگە ئەۋلىيالار يېنىدىن ئورۇن بەرگەيسەن» دەپ يىلىناتتى.

چېركاۋنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى سۇپىدا ئۇزۇن قارا چاپان، بېشىغا ئالتۇن تاج كىيگەن مىتروفان يېپىسكوپ تۇراتتى. ئۇ قولىدىكى ئالتۇن كرېستنى قوش قوللاپ ئېگىز كۆتۈرۈپ، كۆپچىلىككە توختىماي دۇئا بېرەتتى.

— ئاكا - ئۇكىلار، ھەدە - سىڭىللار، خۇداغا توۋا قىلىڭلار! قىيامەت بولدى. ھېچنەرسىدىن قورقماڭلار!... بۇنداق قازا بولغانلارنىڭ روھى ئۇ دۇنيادا ئىمانلىق كىشىلەرنىڭ يېنىدىن ئورۇن ئالىدۇ... توۋا قىلىڭلار! — دەپ ۋارقىراپ تۇراتتى.

قورقۇپ ھېچ ماجالى قالمىغان بىچارە ئاياللار بوينىنى سوزۇپ:

— ئەي خۇدا ئۆزۈڭ رەھىم قىلغايسەن! توۋا قىلدۇق، — دەپ چۇقان كۆتۈرۈشەتتى.

باشقىلارمۇ «ئەۋلىيالار يېنىدىن ئورۇن بەرگەيسەن» دەپ ۋارقىرايتتى.

باتۇخان ئېتىنى دېۋىتىپ، ئىشىك ئالدىدىكى تاش پەلەمپەي ئۈستىگە چىقىپ توختاپ، چېركاۋ ئىچىگە سەپسېلىپ قارىدى - دە، ئەتراپىدىكى نۆكەرلەرگە:

— ئالغا! يۈرەكلىك شۇڭقارلار! ئالدىڭلاردا ئاققۇدەك ئاپپاق، مامۇقتەك يۇمشاق ئاياللار تۇرىدۇ. ئېلىڭلار، قولۇڭلارغا چىققان ئۆلجىنىڭ ھەممىسى ئۆزۈڭلارنىڭ! — دەپ ۋارقىرىۋىدى،

موڭغۇللار خۇشاللىقىدىن: «ئالغا! ئالغا ئىلگىرىلە موڭغۇللار!» دەپ چۇقان سېلىپ، چېركاۋ ئىچىگە ئۆزىنى پەرۋانىدەك ئاتتى.

چېركاۋ ئىچىگە كىرىشكە تەقەززا بولغان موڭغۇللار ئىنتايىن كۆپ بولغانلىقتىن تار ئىشىككە بىردىنلا قاپسىلىپ قالدى. ئۈستىگە ئۇزۇن قارا چاپان كىيگەن موناخلار پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ ئۇزۇن ساپلىق ئايپالتىلىرىنى بىر - بىرىگە يول بەرمەي قىستىلىشىپ تۇرغان موڭغۇللارنىڭ بېشىدا ئوينىتىتتى. پالتا زەربىسىدىن چېركاۋ ئىچىگە كىرگەن ھەربىر موڭغۇل ئۆدۈللۇق يەر چىشلىدى. ئۈستى - ئۈستىگە يىقىلغان جەسەتلەر دۆۋىسى موڭغۇللارنىڭ ئولجا ئۈچۈن ماڭىدىغان يولىنى توسۇپ قويدى.

— كۆيدۈر! — دېدى سۇبىتاي باھادىر جاھانگىرغا پەس ئاۋاز بىلەن.

— ئوت قويۇڭلار! — دەپ ۋارقىرىدى باتۇخان.

نۆكەرلەر دەرھال ئەتراپتىكى ئۆيلەرنى بۇزۇپ ئۇزۇن ياغاچلارنى چېركاۋ ئىشىكىنىڭ ئەتراپىغا دۆۋىلەپ ئوت قويدى. لاۋۇلداپ كۆيگەن ئوتنىڭ يالقۇنى پەلەككە كۆتۈرۈلدى. چېركاۋ ئىشىكىدىن كىرگەن كۈچلۈك يالقۇن ئۇنىڭ مەرمەردىن ياسالغان ھەيۋەتلىك تاملىرىنى يالاپ، دېرىزىلەردىن قاپقارا تۈتۈن بىلەن بىرگە تۇرۇلۇپ چىقتى. بىراق چېركاۋ ئىچىدىن چىقىۋاتقان مۇڭلۇق ناخشا توختىمىغانىدى. بۇ دۇئا ناخشىسىنى بەزىدە ئاياللارنىڭ قاتتىق چىرقىرىغان ئاۋازى بۇزۇپ تۇراتتى.

ئوتنىڭ يالقۇنى كۆتۈرۈلگەنسېرى، ناخشا ئاۋازىمۇ پەسىيىشكە باشلىدى. موڭغۇللار ۋىلادىمىر ئاياللىرىنىڭ قەيسەرلىكىگە تاڭ قېلىپ بىرئاز تۇرۇپ قالدى.

بىر ھازادىن كېيىن ۋارقىرىغان ئاۋازلارمۇ توگەپ يېگانە بىر ئادەمنىڭ زارلانغان ئاۋازى چىقتى - دە، توختىدى. ئەمدىلىكتە

www.uyghurkitap.com

گۈلخان ئىچىدە يېنىۋاتقان قورۇق تاختايلارنىڭ چارسىلدا-كۆيۈشىلا جىمجىتلىقنى بۇزۇپ تۇراتتى.

موڭغۇللار كۆيۈۋاتقان ياغاچلارنى تەرەپ - تەرەپكە چېچىۋېتىپ چېركاۋنىڭ ئىچىگە كىرىشكە باشلىدى. ئۇلار جان تالىشىۋاتقان نىمجان ئاياللارنى چېركاۋدىن سۆرەپ چىقىپ، ئۇلارنىڭ باغرىدىكى نارىسىدە باللىرىنى يۇلۇۋېلىپ، كۆيۈۋاتقان ئوتقا تاشلىدى. قولغا چۈشكەن ئاياللارنى پۈتۈنلەي يېشىندۈرۈپ، كىيىممنى ئولجا قىلغاندىن كېيىن، نەپسىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن زورلۇق قىلدى. ئاندىن ئاياللارنىڭ ئەمچەكلىرىنى كېسىپ، ئىچ - باغرىنى يېرىپ تاشلىدى.

نۆكەرلەر قولغا چۈشكەن ئولجىلىرىنى ئاتلىرىغا ئارتىپ، يەنە ئولجا تېپىشنىڭ كويىدا ھەر تەرەپكە قاراپ كېتىشتى.

باتۇخان «خاسىيەتلىك ئولجىنىڭ»① ئۆزىگە تېگىشلىك ئۈلۈشىنى كۈتۈپ سۈرلۈك قىياپەتتە مەيداندا تۇراتتى.

جاھانگىرنىڭ ئالدىغا ھەر تۈرلۈك ئاياللار جۇۋىلىرى، ھالقا، ئالتۇن - كۈمۈشتىن ياسالغان كرېستلار، بالىيانت ئۈزۈك، بىلەيزۈك ۋە باشقا قىممەت باھالىق نەرسىلەر دۆۋىلىنىپ كەتتى. پوپلار بىلەن بىيارلارنىڭ ئۈستىدىن يەشتۈرۈۋالغان قاما جۇۋىلار، خۇدالارنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن ئالتۇن رامكىلار، قىممەت باھالىق ئالتۇن بۇيۇملارمۇ دۆۋىنىڭ ئۈستىگە تاشلانغانىدى. مىتروفان يېپىسكوپنىڭ ئالتۇن تاجىسى ئەڭ ئۈستىدە ئۆزگىچە جۇلالىنىپ تۇراتتى.

موڭغۇللار، بۈيۈك كىنەزنىڭ بىھوش ياتقان ئايالى ئاگا-

---

① چىڭگىزخان يېزىپ قالدۇرغان «لەشكەر» قانۇنىدا ئۇرۇش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ھەربىر لەشكەر جاھانگىرنىڭ ئالدىغا كېلىپ، باش قويۇپ تاپقان ئەڭ قىممەتلىك ئولجىنىڭ بەشتىن بىرىنى خانغا بېرىشى، يەنە بىر بۆلىكىنى موڭغۇل يۇرتىدا قالغان ئۇلۇغ خاقانغا قالدۇرۇپ قويۇشى لازىم.

قىيەنى سۆرەپ ئەكېلىپ، باتۇخاننىڭ قارا ئارغىمىقىنىڭ ئال-
دىغا تاشلىدى.
نۆكەرلەر ئۇنىڭ ئۇستىدىكى يىپەك كىيىمنى، بويىنىدىكى
ئۈنچە - مارجانلارنى، پۇتىدىكى قىزىل خۇرۇم ئۆتۈكىنى يۇلۇ-
ۋېلىپ، يېنىدىكى ئۇلجىلار دۆۋىسىنىڭ ئۈستىگە ئاتتى. باتۇخان
چىرايىنى قىلچە ئۆزگەرتمەي بۇ مەنزىرىنى تاماشا قىلىپ تۇ-
راتتى. بىر هازادىن كېيىن ئۇ:
— ها ها! ها! — رۇس گۈزەللىرى كىمگە كېرەك! ماڭا
كېرەك ئەمەس! سىلەرنىڭ لەززىتىنى تېتىشىڭلارغا رۇخ-
سەت! — دېدى.
— ئەلۋەتتە ئۇنى بۇرۇنتاي قوۋاندان ئالىدۇ - دە! -
دېدى موڭغۇللار پاراققىدە كۈلۈشۈپ، — بۇرۇنتاي ئەزەلدىن
سېمىز كەلگەن ئاياللارنى ياخشى كۆرەتتى...
— بۇرۇنتاي، ئۇنىڭ كۆكسىگە قارىغىنا، جانىۋارنىڭ
ئەمچەكى يېڭىلا سالغان سېرىنىڭكىدەككەنغۇ.
بۇرۇنتاي ئاندىن تۇغما. هېچقانداق مۇداپىئەسىز ياتقان
ئايالنىڭ قېشىغا بېرىپ ئۇنىڭ يۇمران تەنلىرىنى كۆرۈپ هو-
زۇر قىلدى. ئاستىدىكى جەدە ئات بېشىنى جۇلقۇپ، پۇشقۇرۇپ
كەينىگە داجىدى. بۇ چاغدا بۇرۇنتاي ئېتىدىن سەكرەپ چۈشتى.
بىرنەچچە مىڭبېشى ئاغزىدىن سېرىق سۈيىنى ئاققۇزۇپ، نەپ-
سىنى تۇتالماي، بۇرۇنتايدىن كېيىن بۇ قەدىرلىك ئۇلجىغا
ئىگە بولۇشنى ئويلاپ، ئايالنىڭ يېنىغا ئولاشتى.
بىرئازدىن كېيىن كىنەزگىنە ئاگافىيە هوشىغا كەلدى...
بىراق ئۇ ۋارقىرىمىدى، يىغلىمىدى، پەقەت ئۇياتلىق يېرىنى
قولى بىلەن يېپىپ، ئۇيالغىنىدىن قىپقىزىل بولۇپ كەتتى. ئۇ
بۇ خورلۇققا چىدالمىدى. يېنىغا شالىنى ئېقىتىپ كېلىۋاتقان
ئاۋاق بىر موڭغۇلغا خەنجەردەك تىكىلىپ قارىغىنچە تۇرۇپ
قالدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

موڭغۇللار باتۇخاننىڭ ئالدىغا بىر رۇس چالنى سۆرەپ ئېلىپ كەلدى. ئۇنىڭ پۇت - قوللىرى ئارقان بىلەن باغلانغان بولسىمۇ، چال يەنىلا قۇتۇلۇپ كېتىش ئۈچۈن تىرىشىپ ھەرىكەت قىلاتتى.

— جاھانگىر، سەن دۈشمەننىڭ ئەڭ باتۇر ئەزىمەتلىرىنى كۆرسەتكىن دېگەنىدىڭ! — دېدى يۈزبېشى ئەرەپشاھ باتۇخاننىڭ يېنىغا كېلىپ، — ماۋۇ چال رۇس خۇداسىنىڭ ئۆيىدە ھەممىنىڭ ئاخىرىدا قېلىپ يالغۇز ئۆزى پۈتۈن لەشكەر بىلەن سوقۇشتى... ئوتمۇ، تۇتۇنمۇ، كۆكرىكىگە قادالغان ئۇچلۇق ئوقمۇ ئۇنى توختىتالمىدى.

— باتۇرلۇقۇڭغا بارىكاللا! — دېدى باتۇخان قايىل بولغان ھالدا، — گىلىپ كىنەز ئاقساقالنىڭ ئىسمى - شەرىپىنى سورا.

گىلىپ كىنەز چالنىڭ ئىسمىنى، قاچاندىن باشلاپ لەشكەر بولغانلىقىنى سورىدى.

— مېنىڭ ئىسمىم شىبالكا، ئوتتۇز يىلدىن بېرى شەھەر قورغىنىنىڭ ئالتۇن قاپقىسىدا قاراۋۇللۇقتا تۇرىمەن، — دېدى شىبالكا بوۋاي.

— قەھرىمانلىقىڭ ئۈچۈن گۇناھىڭنى كەچۈردۈم، — دېدى باتۇخان مەمنۇنىيەت بىلەن، — بۈگۈندىن ئېتىبارەن مېنىڭ نۆكىرىم بولدۇڭ.

كىنەز گىلىپ جاھانگىرنىڭ سۆزىنى رۇسچىغا ئۆرۈپ، شىبالكىغا چۈشەندۈردى.

— شىبالكا! بۈيۈك تاتارخانى ساڭا ئىنتايىن چوڭ ئىلتىپات كۆرسەتتى. ئۇ سېنىڭ بىلمەسلىكتىن ھۆرمەتلىك پادىشاھى ئالەمگە قارشى چىققانلىقىڭنى كەچۈرۈم قىلدى. ئەمدى سېنى ئۆز خىزمىتىگە قويماقچى. بۇ ئىلتىپات ئۈچۈن خان جا-

نابىلىرىنىڭ ئالدىدا باش قېيۇپ ھۆرمەت بىلدۈرگەن، — دېدى ئۇ. شىبالكا غەزەپ بىلەن ھەمىيىپ، قانغا تولغان كۆزلىرى بىلەن ئالىيىپ قارىدى. ئۇنىڭ نەپىسى تېزلىشىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ بەدىنىدە ھازىرمۇ ئۈچ تال ساداق ئوقى سانجىلغان پېتى تۇراتتى.

— بولىدۇ! مەن ئۇنىڭغا چىن ئىخلاسىم بىلەن خىزمەت قىلاي! بىرلا تەلىپىم مېنىڭ نەيزەمنى قولۇمغا قايتۇرۇپ بې- رىڭلار. مەن ئۇنىڭ بىلەن بۈيۈك تاتارخاننىڭ تەگىنىدەك قور- سىقىنى يېرىپ، خۇدادىن يۈز ئۆرىگەن سەن مۇناپىقنى ھەم جەھەننەمگە يولغا سالاي، — دېدى - دە، چال پۈتۈن كۈ- چىنى يىغىپ، ئاغزىغا يىغىلغان قاننى، كىنەز گلىپنىڭ يۈزىگە شالاقىدە تۈكۈردى...

— لالما ئىت! — دەپ باتۇخان قاتتىق ۋارقىراپ، شىبالكىنىڭ بېشىغا قامچا سالدى. شىبالكا ئۇنىڭغا پەرۋا قىل- ماي تۇردى. تۆت مەڭغۇل چال ئۇنى ئىككى تەرىپىدىن بېسىپ قىمىر قىلغۇزمايتتى.

— ھەي نۆكەرلەر، — دەپ ۋارقىرىدى سۇبىتاي باھا- دىر. يېقىندا تۇرغان بىر مەڭغۇل ئېتىدىن سەكرەپ چۈشۈپ، ئەگىر قىلىچىنى قىنىدىن چىقىرىپ، ئۇنى شىبالكىنىڭ قورسى- قىغا دەستىسىگىچە تىقتى.

ياشانغان لەشكەرنىڭ ئاغزىدىن قان ئوقتەك ئېتىلىپ چى- قىپ، ئاپئاق ساقىلىنى قىپقىزىل قىلىپ بېيىۋەتتى.

بۇ چاغدا شىبالكا:

— بىزگىمۇ ئازادلىق تېگى ئاتىدۇ! — دەپ ۋارقىرىدى - دە، لاسسىدە قار ئۈستىگە دومىلاپ چۈشتى.

## يەتتىنچى قىسىم

# «زەردىلىك يېۋپاتىي»

قۇدۇققا تاش چۈشكەندەك،
تىمتاس ئىچۈن بۇ ئەتراپ!
سۇكۇنات ئىدى بۇ قانداق،
قالدىمۇ دۇنيا تىنچلاپ!
بەرى غۇلاپ تاش قوچقان،
تالاي سەرۋاز، تالاي ئەر.
بويۇن سۇنۇپ تەقدىرگە،
قوينىغا ئالغان قارا يەر.

(ۋ. گيو. «شەرق قوشاقلىرى»)

### بىرىنچى باب

## رەزانىنىڭ يىلتىزى

چېرنىگوۋ بىلەن رەزانىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ۋەھشىي دالانى بېسىپ ئۆتىدىغان يولدا بىر توپ ئاتلىق قېشىۇن كېلىۋاتاتتى. لەشكەرلەرنىڭ ھەممىسى ئۇچىسىغا ساۋۇت، باشلىرىغا دۇبۇلغا، تىزلىرىغا تۆمۈردىن تىزلامچى كىيىۋالغانىدى. ئۇزۇنغا سوزۇلغان

بۇ لەشكەرلەر سېپى ئۈن - تىنسىز كېلىۋاتاتتى. لەشكەرلەرنىڭ ئۈستىدىكى ساۋۇتلىرى كۈن نۇرىدا يالت - يۇلت قىلاتتى. سەپ ئارىسىدىن چاقچاق، ئويۇن - كۈلكە، تالاش - تارتىش دېگەنلەر زادىلا ئاڭلانمايتتى. رەزانغا يېقىنلاشقانسېرى ۋەيران بولغان ئۆيلەر، بىر باغ ئاشلىقمۇ قالدۇرۇلماي پۈتۈنلەي قۇرۇقدالغان خامانلار پات - پات كۆزگە چېلىقىشقا باشلىدى... بۇ يەرلەردىمۇ تاتار لەشكەرلىرى ۋەيرانچىلىق سالغاندەك تۇراتتى!

قوشۇننىڭ ئەڭ ئالدىدا ئويناقلاپ تۇرغان قىپچاق ئېتىغا مىنگەن ياش باتۇر كېلىۋاتاتتى. ئۇ پات - پات ئۈزەڭگىگە دەسسەپ ئۆرە تۇرۇپ ماڭغانسېرى يىراقلاپ كېتىۋاتقاندەك بېلىنگەن دالاغا تىكىلىپ قاراپ قوياتتى. ئانا يۇرتى رەزانغا يېقىنلاشقانسېرى ئۇنىڭ يۈرەكلىرى ئويناپ «قانداق بولۇۋاتىدىكىن؟ قوشۇنۇم كېچىكىپ قالمىغاندۇ؟ راستىنلا ياردىمىمنىڭ ھاجىتى بولماي قالارمۇ؟» دەپ تاقەتسىزلىنەتتى...

رەزاندىن ئەلچى بولۇپ كەلگەن يېۋپاتىي كۈلوۋراتنى چېرنىگوۋ كىنەزى مىخائىل سېۋوقلا قارشى ئالغانىدى. يېۋپاتىي كىنەزگە يوغان كۆكسىنى بېسىپ ئېگىلىپ تەزىم قىلدى ۋە يەرگە باش قويۇپ ئېھتىرام بىلدۈردى.

— باش ئېگىپ ئۆتۈنىمەن، كىنەز جانابلىرى، بىزنى قوللا، ياردەم قىل! رەزاننىڭ ئۇلۇغ كىنەزى ھەم پادىشاھى يۇرى ئىنگىۋارېۋىچ مېنى ساڭا زور ئۆتۈنۈش بىلەن ئەۋەتتى، بېشىمىزغا مۇشۇنداق ئېغىر كۈنلەر چۈشكەندە بىزنى يالغۇز تاشلاپ قويمىسۇن، دېدى...

يېۋپاتىي شۇ ئارىدا چېرنىگوۋ كىنەزى ۋە ئۇنىڭ بويارلىرىغا① ۋەھشىي دالا ئارقىلىق رۇس ئېلىنىڭ شىمالىغا چېكەت-

---

①بويار — ئۆز زامانىسىدىكى رۇسىيە ھۆكۈمران سىنىپىنىڭ يۇقىرى تەبىقىسىگە مەنسۇپ بولغان چوڭ يەر ئىگىلىرى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كىدەك بېسىپ كېلىۋاتقان كۈچلۈك موڭغۇل قوشۇنى ھەققىدە تەپسىلىي سۆزلەپ بەردى.

— رەزانلىقلارنىڭ ياش - قېرى ھەممىسى قولىرىغا قورال ئېلىپ، ئانا ۋەتىنىنى قوغداشقا ئاتلاندى. بىراق رەزانلىقلارنىڭ بىر ئۆزى ئازلىق قىلىدۇ. سان - ساناقسىز موڭغۇل لەشكەرلىرىگە ئۇلارنىڭ چامى يەتمەيدۇ!... — دېدى ئۇ.

— سۆزگە چېچەن ئىمىسەن - دە، يېۋپاتىي①، — دېدى چېرنىگوۋ كىنەزى مىخائىل ئۇنىڭغا قاراپ. — بىراق شۇنداق بولغان تەقدىردىمۇ سېنىڭ تەلىپىڭ توغرىسىدا ئويلىنىپ بېقىش كېرەك... لەشكەرلىرىمىزنى بولسا، ئەۋەتەلمەيمىز!

بىر ياقتىن بويارلارمۇ چۇرقىرىشىپ كەتتى.

— ئاساسىي كۈچىمىزنى موڭغۇللارغا قارشى ئاتلاندۇرۇشقا بولمايدۇ!

— چېرنىگوۋنى لەشكەرسىز قالدۇرساق بولامدۇ؟

— ئۇنداقتا ئۇنى كىم قوغدىماقچى؟ — دېيىشتى ئۇلار.

بويارلار بىر پەس غۇلغۇلا قىلىشتى. يېۋپاتىي ئۇلارغا يالۋۇرۇپمۇ باقتى، ئاچچىقلىنىپمۇ باقتى، بىراق بۇنىڭدىن ھېچنەرسە چىقمىدى. ئاخىردا كۆپچىلىك: ئۆز ئىختىيارى بىلەن بېرىشنى تەلەپ قىلغۇچىلارلا بارسۇن، دېگەن قارارغا كېلىشتى.

جارچىلار جار سېلىپ چېرنىگوۋ خەلقىنى بىر يەرگە يىغدى. يېۋپاتىي قۇرۇلتاي يىغىنلىرى بولغاندا ناتىقلار چىقىپ سۆزلەيدىغان ئېگىز مۇنبەرگە چىقىپ خەلققە سۆز قىلدى. ئۇ رەزاننىڭ ھەمدە پۈتۈن رۇس يېرىنىڭ خەۋپتە قالغانلىقىنى ئېيتتى. يېۋپاتىينىڭ جامائەت ئالدىدا سۆز قىلىشى بۇلا ئەمەس ئىدى، ئۇ ئۆزىنىڭ تۇغۇلغان شەھىرىدە رەزان خەلقىنىڭ چۇقان - سۈ-

① قەدىم زاماندىكى بەزى رۇس كىتابلىرى يېۋپاتىي كولوۋراتنى «زەردامەك يېۋپاتىي» دەپ ئاتايدۇ.

رەنلىك يىغىنلىرىدا تالاي قېتىم سۆز سۆزلەپ خېلى ئۆگىنىپ
قالغان ئادەم ئىدى.
چېرنىگوۋلىقلار دۈشمەنگە قارشى ئاتلىنىشقا تەييار ئىكەن-
لىكىنى بىر ئېغىزدىن بىلدۈردى. رەزانغا ياردەم بېرىشنى ئۆز
ئىختىيارى بىلەن تەلەپ قىلغۇچىلار خېلىلا كۆپ بولدى. بىراق
قۇرال - ياراق، ئات ئۇلاغ، قېلىن كىيىمى بولمىغان بۇ
پىدائىيلار نېمىگە يارار؟ ئۇلار قانداقمۇ يارامىلىق لەشكەر
بولسۇن! يېۋپاتىينىڭ چېرنىگوۋ رەھبەرلىرىدىن رايى قايتىپ،
خېلىلا ئۈمىدسىزلەندى: رەزاندىكىلەر بۇلاردىن زور ياردەم كۈ-
تۈپ، كۆزىنى ئۈزمەي تەلمۈرۈپ تۇرسا، بۇلارنىڭ قىلىۋاتقى-
نىنى كۆرمەمدىغان...
بۇ چاغدا چېرنىگوۋ كىنەزى مىخائىل مۇنداق دېدى:
— يېۋپاتىي، سۆزۈمگە قۇلاق سال! مەن ساڭا شۇنى
دېمەكچىمەنكى، سەن باتۇر يىگىتلەردىن ئۈچ يۈزنى تاللىۋال.
مەن ئۇلارنىڭ ھەربىرىگە بىردىن ياخشى ئات، قورال - ياراق،
كىيىم - كېچەك ۋە يولغا يەتكۈدەك ئوزۇق - تۈلۈك بېرەي.
مېنىڭدىن ساڭا ئۇنىڭدىن باشقا بەرگۈدەك نەرسەم يوق، ئەمدى
مەندىن رەنجىمە!
يېۋپاتىي چېرنىگوۋ خەلقىگە رەھمەت ئېيتىپ، ئۇلارنىڭ
ئىچىدىن ئۈچ يۈز يىگىتنى تاللىۋالدى. كىنەز مىخائىل ئۆزىنىڭ
بەرگەن ۋەدىسى بويىچە لەشكەرلەرنى تولۇق قوراللاندۇردى،
ئاتمۇ، ئوزۇقمۇ بەردى. شۇنداق قىلىپ يېڭىدىن تەشكىللەنگەن
بۇ قوشۇن يىراقتىكى، دۈشمەن كېكىرتىكىدىن ئېلىپ، نەپەسى
بوغۇلۇپ دەرمانسىزلانغان رەزانغا قاراپ شىددەت
بىلەن ئاتلاندى.

قوشۇن ئادەم ئاز ماڭىدىغان يوللار بىلەن چاپالىق يۈرۈش
قىلىپ، رەزانغا يېقىنلىشىپ قالدى. لەشكەرلەر بارغانسېرى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

يۈرۈشلىرىنى تېزلىتىش ئۈچۈن ئاتلىرىغا قامچا ئۇراتتى. تېخى يېقىندىلا ئوكا دەرياسىنىڭ ئېگىز قىرغىقىدا كېلىشكەن گۈزەل بىر شەھەر قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. ئەمدىلىكتە لەشكەرلەر ئۇنىڭ خانىۋەيران بولۇپ قار ئاستىدا ياتقان خارابىسىنىلا كۆردى.

دەريا بويىغا كەلگەندە لەشكەرلەر ئاتلىرىدىن چۈشۈپ، ئاتلىرىنى مۇزدىن يېتىلەپ ئۆتكۈزدى. ئۇ يەر، بۇ يەردە مۇز بولۇپ قېتىپ قالغان ئۆلۈكلەر سۇنايلىنىپ ياتاتتى. دەريانىڭ تىك قىرغاقلىرىدا، شەھەر ئەتراپىدىكى چوڭقۇر ئورەكلەردە ۋە يول ئۈستىلىرىدە ئوڭدا، دۈمدە ياتقان جەسەتلەر ئىنتايىن كۆپ ئىدى.

شەھەر ئەتراپىغا ئايلاندۇرۇپ ياسالغان مۇستەھكەم ياغاچ قورغان ئۆرۈلۈپ چۈشكەنىدى. بۇرۇن شەھەرنىڭ باش دەرۋازىسى ئورۇنلاشقان يەردىكى گۈمۈرۈلگەن يوغان كامىردىن يۈڭلىرى پاخپىيىپ كەتكەن بىر توپ لالما ئىت يۈگۈرۈپ چىقتى - دە، تەرەپ - تەرەپكە پىرقىراپ قېچىشقا باشلىدى. لەشكەرلەر ۋەيران بولغان ئۆيلەرنىڭ ئارىسىدىن دۆۋىلىنىپ كەتكەن خىش، توپىلاردىن ئاۋايلاپ ئۆتۈپ، شەھەرنىڭ مەركىزىي مەيدانىغا كېلىپ توختىدى. يېۋپاتىي تېخى يېقىندىلا مىغىلدىغان كىشىلەر يىغىن ئېچىپ، ۋاڭ - چۇڭ قىلىشىدىغان بۇ چوڭ مەيداننى ئارانلا تونۇيالىدى. تېخى تۈنۈگۈنلا مۇشۇ ئەتراپتا گۈمبەزلىرى ئالا - يېشىل چاقناپ تۇرىدىغان مەركىزىي چىركاۋ ۋە ئۇلۇغ كىنەزنىڭ سەلتەنەتلىك كۆركەم سارايلىرى رەت - رېتى بىلەن قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. كىنەز سارايلىرىغا كىرگەندىكى ئىشىك ئالدىلىرى ئاجايىپ كۆركەم، ھەشەمەتلىك نەقىشلەر بىلەن بېزەلگەنىدى. كىنەز ئەنە شۇ يەرلەر ئارقىلىق خەلق ئالدىغا چىقىپ سۆز سۆزلەيتتى، ئەمدىلىكتە بولسا ئۇلار-

نىڭ ھەممىسىنى تاتارلار ۋەيران قىلىپ كۆيدۈرۈپ، تۈپتۈز قىلىۋەتكەنىدى.

مەيداننىڭ ئوتتۇرىسىدا ئىنتايىن چوڭ دائىرىدە ئوت كۆيگەن ئورۇن كۆرۈنۈپ تۇراتتى. كۆيۈپ قاپقارا بولۇپ كەتكەن ئادەم سۆڭەكلىرى، ئادەم باشلىرى، ئۆرتەلگەن قان ۋە دۇبۇلغىلار دەستىدىن دەسسەپ ماڭغۇدەك يەرمۇ قالمىغانىدى.

— رۇسلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن تاتارلارمۇ ئاز ئەمەستەك تۇرىدۇ، — دېيىشەتتى لەشكەرلەر بەزى باشلارنى كۆرۈپ.

لەشكەرلەر ئاتلىرىدىن چۈشۈپ، بىپايان چۆللۈكتە ئۇنتۇلۇپ قالغان قەبرىستانلىقتەك خاراب بولۇپ يېيىلىپ ياتقان كۆڭۈلسىز، مۇڭ باسقان شەھەرگە قايغۇلۇق كەيپىياتتا بىر ئاز قاراپ تۇرۇشتى. يىغىن مەيدانى ئېگىزرەك بىر ئورۇنغا جايلاشقانىدى. بۇ يەردىن ۋەيران بولغان، ئۆرتۈنۈپ كۈلگە ئايلانغان رەزان ئالقاندا تۇرغاندەك ئېنىق كۆرۈنەتتى. مەيلى قاياققا قارىما ئۆلۈمنى، خاراب بولغان دۇنيانى كۆرىسەن... مەيداندىكى يىغىنلاردا ناتىقلار سۆز قىلىدىغان ياغاچ مۇنبەرنىڭ يېنىدا ئۆرتۈنۈپ كۈيە بولۇپ كەتكەن يوغان مىس قوڭغۇراق دومىلىشىپ تۇراتتى. ئۆز ۋاقىتلىرىدا مۇشۇ قوڭغۇراقنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندىمۇ، بولدى، رەزان خەلقى ئۇششاق - چوڭ، پىششىق - تۇگمى قالماي تولۇق يىغىلاتتى - دە، داغدۇغىلىق يىغىنلار ئۆتكۈزەتتى.

يېۋپاتىي بىر پەس سۈكۈتتە تۇرغاندىن كېيىن، لەشكەرلەرنىڭ ئارىسىدىن ئاستا ئاۋايلاپ ئۆتۈپ ئالدىغا چىقتى. لەشكەرلەر داجىشىپ ئۇنىڭغا يول بەردى. ئۇ شەھەر ئورنىنى ئارىلاپ يۈرۈپ، ئۆزىنىڭ ئۆيى جايلاشقان ئورۇننى ئاران تاپتى. مانا مۇنۇ يەردىكى كوچا دوقمۇشىدا چوڭ چېركاۋنىڭ تاش پەلەمپىيى، ئەنە، ئاۋۇ يەردىكى دۆڭلۈكتە ئۆزىنىڭ كەڭ بۆلۈملۈك كونا ئۆيى جايلاشقان. مانا ئۆينىڭ ئورنىدا لايدىن ياسالغان

پېچ چوقچىيىپ تۇرۇپتۇ، ئۆيىنىڭ ياغاچ - تاشلىرى كۆيۈپ كۆسەي بولۇپ تەرەپ - تەرەپكە تاشلىنىپ يېتىپتۇ.

يېۋپاتىي قالايمىقان چېچىلىپ كەتكەن تۆمۈر - تەسەك، ياغاچ - تاش، خىش - كاھىشلار ئارىسىدىن ئاۋايلاپ ئۆتۈپ، نېرىراققا بېرىۋېدى، ئۇ يەردىكى ۋەيرانە ئۆيلەرنىڭ بىرىدە جەينىكىگە تايىنىپ، بېشىنى ساڭگىلىتىپ سۈكۈتتە ئولتۇرغان بىر ئادەمنى كۆردى. ئۇنىڭ دۈۋدەك يوغان بەستى ئۆسكىلەك ئاق چاچلىرى يېۋپاتىيغا بىر تۈرلۈك يېقىملىق سېزىلدى... دەل شۇ پەيتتە يېۋپاتىينىڭ ئاياغ ئاستىدىن دومىلاپ چىققان تاش ئىككىنچى بىر تاشقا تېگىپ «چاق» قىلغان ئاۋاز چىقىۋىدى، ھېلىقى ئادەم چۆچۈپ ئۇنىڭغا قارىدى.

— يېۋپاتىي!...

— راتىبورمىسەن؟...

— سېنى كۈتۈپ ئولتۇراتتىم، دوستۇم، — دېدى راتىبور ياش لەشكەرلەرنى قۇچاقلاپ تۇرۇپ، — سېنىڭ بۇ يەرگە قايتىپ كېلىدىغانلىقىڭنى بىلەتتىم، سېنىڭ بوش كەپ قىلمايدىغانلىقىڭنى بىلەتتىم...

— ۋاقتىدا ئۈلگۈرۈپ كېلەلمىدىم، ئەمدى بۇنىڭ نېمە پايدىسى، — دېدى يېۋپاتىي ۋەيران بولغان شەھەرنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ، — مېنىڭ ئۆي ئىچىمنىڭ نەدە ئىكەنلىكىدىن خەۋىرىڭ بارمۇ؟

— بۇلارنىڭ ھەممىسى خۇدانىڭ ئىرادىسى بىلەن بولدى دېسەڭچۇ! ئەجەل كەلسە قېچىپ قۇتۇلغىلى بولامدۇ! قايغۇرما يېۋپاتىي، چىداملىق بول! مەن بۇ يەرگە كەلگەندە قېرى ئاناڭ جان ئۈزۈۋاتقانىكەن. ئايالىڭنى بولسا تاتارلار تۇتقۇن قىلىپ ئېلىپ كەتمەك بولغانىكەن، بىراق ئۇ قولىغا پالتا ئېلىپ، قارشىلىق بىلدۈرۈپ، خېلىغىچە يېنىغا بىرىنىمۇ يولات-

ماپتۇ. شۇڭا تاتارلار ئۇنى باشقىلار بىلەن بىللە بىراقلا ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ.
— بالىلىرىمچۇ؟
— ئۇلارنى باشقا ئائىلىلەر بىلەن بىرلىكتە تۇتقۇن قىلىپ ھەيدەپ ئەكېتىپتۇ ...، — دېدى راتىبور.
بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان يېۋپاتىي ئۈن - تىنسىز تىڭىرقاپ تۇرۇپلا قالدى.
— يېۋپاتىي! دۈشمەننىڭ ئارقىسىدىن قوغلايلى! قوغلاپ يېتىپ ئۆچ ئالايلى! ... چېرنىگوۋدىن لەشكەر ئېلىپ كېلەلىدىڭمۇ؟ — دېدى راتىبور شۇ ئارىدا.
— ئەكەلدىم، بىراق ئاز! بارلىقى بولۇپ ئۈچ يۈزلا ئادەم.
— ئادەم تېپىلىدۇ! ئائىلىلەرنىڭ كۆپى ئورمانلىق ئىچىدە يوشۇرۇنۇپ ياتىدۇ. مەن يېقىندىلا ئۇلارنىڭ قېشىغا بېرىپ كەلدىم. ئۇلارنىڭ سانى كۈندىن - كۈنگە كۆپەيمەكتە. شۇلارغا قوشۇلۇپ، تاتارلارغا قوغلاپ يېتەيلى! ... يۈر، دوستۇم! — دېدى راتىبور.
يېۋپاتىي ئۆزىنىڭ ۋەيران بولغان ئۆيىگە ئاخىرقى قېتىم بۇرۇلۇپ قاراپ قويدى - دە:
— يۈر! — دېدى.
ئىككى رۇس يىغىن مەيدانىغا قاراپ ماڭدى.
راتىبور يولدا كېتىۋېتىپ يېۋپاتىيغا رەزان لەشكەرلىرىنىڭ دالادىكى ئۇرۇشتىمۇ ئۇرغۇن قان تۆككەنلىكىنى، ئۆزىنى ياش كىنەز رومانىڭ دالادىن تېپىپ ئالغانلىقىنى، ئۇ ئىككىسى رەزانغا قايتىپ كېتىۋاتقاندا ئۆزىنىڭ يارىدار بولغان ئايىغى ئاغرىپ كېتىپ كەينىدە قالغانلىقتىن كىنەز رومانىڭ رەزانغا بىرىنچى ئالدىراپ ئۇنى تاشلاپ كەتكەنلىكىنى تولۇقى بىلەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

سۆزلەپ بەردى. راتىبور شۇنداق قىلىپ ئاران ھوشىنى يىغىپ، تىرىشىپ - تىرمىشىپ ئۆيگە يېتىۋېلىشقا ئالدىراپتۇ. بىراق ئۇ يېتىپ بارغاندا شەھەر تاتارلار قولىدا ئاللىنغاچان تۈگىشىپ بولغان بولۇپ، تاتارلار ئۇ يەردىن ۋىلادىمىر تەرەپكە كېتىپ بولغانىكەن، شۇڭا بۇ ئەتراپتا ئۇلار كۆرۈنمەپتۇ.

كۆيۈپ قارا كۆسەيگە ئايلانغان لىملارنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرغان چېرنىگوۋلۇق لەشكەرلەر يېۋپاتىي بىلەن راتىبورنى كۆرۈپ، ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا كەلدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىن كەڭ يەلكىلىك، قاراقۇمچاق كەلگەن بىر لەشكەر ئالدىغا چىقتى، چېرنىگوۋلۇقلارنىڭ ئەڭ چوڭ باشلىقى شۇ ئىدى.

— نېمىلەرنى ئويلاۋاتىسەن يېۋپاتىي! بىز ئەمدى نېمە قىلىشىمىز كېرەك؟ — دېدى ئۇ.

يېۋپاتىي بېشىدىن پولات دۇبۇلغىسىنى ئېلىپ، تەمكىن قىياپەتتە كۆپچىلىككە بىر قۇر كۆز يۈگۈرتۈپ چىقتى - دە:

— چېرنىگوۋلۇق قېرىنداشلىرىم، ئۆزۈڭلارنىڭ قانداق ئويلىرى بار؟ — دېدى.

— سەن بىزنى رەزانلىقلارغا ياردەمگە باشلاپ كەلگەن ئىدىڭ. رەزاننىڭ خاراب قىلىنغانلىقىنى كۆرۈپ تۇرۇپتىمىز! تاتارلار ئۇنى يەر بىلەن يەكسان قىلىپ، كۆرىستانلىققا ئايلاندۇرۇپ قويۇپتۇ. — دېيىشتى لەشكەرلەر.

يېۋپاتىي بۇ گەپكە بىر نېمە دېمىدى.

— ھەي بۇرادەر، بۇنداق خورلۇققا چىداپ تۇرغىلى بولامدۇ، — دېدى لەشكەرلەرنىڭ باشلىقى. — بىزنىڭ دېمەكچى بولغىنىمىز شۇكى، بىز چېرنىگوۋلۇقلار تاتارلار بىلەن جەڭ قىلىپ، ئۇلاردىن رۇس خەلقىنىڭ ئىنتىقامىنى ئالماقچى بولدۇق.

يېۋپاتىي ئۇلارغا باش ئېگىپ رەھمەت ئېيتتى.

— بارىكاللا قېرىنداشلار! — دېدى ئۇ، — ماۋۇ تۇرغان راتىبور ئاكام ئىككىمىزمۇ شۇنداق ئويلىغانىدۇق. ئەمدى يەنە ۋاقىت ئۆتكۈزۈپ تۇرۇۋەرمەيلى. تاتارلارنىڭ ئىزىغا چۈشەيلى! بەلكى ئەڭ بولمىغاندا، ئۇتقۇنىدىكى كىشىلىرىمىزنىڭ بىر قىسمىنى بولسىمۇ قۇتۇلدۇرۇۋالارمىز ...

— بولىدۇ، ماقۇل! — دېيىشتى لەشكەرلەر گۈرۈلدەپ.

— ئالدى بىلەن قوشۇننى كىم باشقۇرىدىغانلىقىنى كېلىشىۋالايلى.

— يېۋپاتىي! بىزنى يېۋپاتىي باشقۇرسۇن! — دېگەن ئاۋازلار ئاڭلاندى.

بۇ چاغدا چېرنىگوۋلۇقلارنىڭ ھېلىقى باشلىقى سۆزلەشكە باشلىدى:

— يېۋپاتىي، تاتارلارغا قارشى جەڭگە بىزنى سەن باشلىمساڭ، كىم باشلايدۇ؟ سەن بۇ يەرنىڭ ئوي - چوڭقۇرنى، ئەلىم - تەلىمنى ئوبدان بىلىسەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆزۈڭ ھەربىي ئادەمسەن. بىز بولساق، ساپلا دېھقانىمىز، سوقا ئېيىندىن يېڭىلا ئايرىلىپ، ئەمدى جەڭگە كىرمەكچى بولۇۋاتىمىز. شۇنداقتىمۇ قورۇنما! رۇس ئېلى ئۈچۈن بىزمۇ جان تىكىپ جەڭ قىلالايمىز! بىز ئورماندا ياغاچ كېسىپ ئۆگەنگەن ئادەملەر، تاتارلارنىمۇ ئاشۇنداق غولىتىۋېرىمىز، ئېسىدىن چىقمىغۇدەك زەربە بېرەرمىز تېخى.

— توغرا، توغرا! — دېگەن ئاۋازلار ئاڭلاندى.

— رەھمەت سىلەرگە، چېرنىگوۋلۇق قېرىنداشلار، — دېدى يېۋپاتىي ئۇلارغا.

دەل شۇ پەيتتە ئەتراپتىن چاقماق چېقىلغاندەك داڭلىدىغان بىر ئاۋاز ئاڭلاندى. يېۋپاتىي ئاۋاز چىققان تەرەپكە

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئۈشتىنىڭ بۇرۇلۇپ قاراپ، نېرىراق يەردە بىر توپ ئادەملەرنىڭ يەردە ياتقان ئېغىر قوڭغۇراقنى كۆتۈرۈۋاتقانلىقىنى كۆردى. ئۇلار ئۈچ تال چىڭ لىم ياغاچنى سۆرەپ ئەكىلىپ، ياغاچلارنىڭ ئۇچىنى ئاچىلاشتۇرۇپ بىر - بىرىگە باغلاپ، ئۈچ پۇتلۇق قىلىپ ئاسما شەكلىگە كەلتۈردى - دە، ئارقان بىلەن قوڭغۇراقنى يۇقىرىغا تارتىشقا باشلىدى، بىر قىسمى بولسا، قوڭغۇراقنىڭ گىرۋىكىدىن تۇتۇپ كۆتۈرۈشكە باشلىدى. ئاخىرى قوڭغۇراق يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ ئاسمىغا ئېسىلدى. بۇ چاغدا بەزى لەشكەرلەر بارماقلىرىنى ئاغزىغا سېلىشىپ شورلاۋاتاتتى، چۈنكى قاتتىق تىرمىشىپ زورۇققانلىقتىن ئۇلارنىڭ تىرناقلىرى يېرىلىپ قاناپ كەتكەندى.

— بۇنى يەرگە تاشلاپ قويساق بولامدۇ، — دېدى چېرىكوۋلۇقلارنىڭ كاتتىبېشى — بۇنىڭ ئاۋازى خەلقنىڭ ئاۋازى ئەمەسمۇ!

لەشكەرلەر قوڭغۇراقنىڭ قېشىغا باردى.

— بەلكى بۇ يەردە تىرىك ئادەملەرمۇ باردۇر! — دېدى يېۋپاتىي، — قېنى قايسىڭ ئەڭ كىچىك؟ قوڭغۇراقنى سوق! تاتارلار رەزالىقلارنىڭ ھەممىسىنى تېگىل قىرىپ كېتەلمىگەندۇ، ئەلۋەتتە! تىرىك قالغانلىرى بولسا ئويغىنار!

لەشكەرلەرنىڭ ياشراق بىرى قوڭغۇراقنىڭ تىلىنى ئۇيان - بۇيان سىلكىپ تارتىشقا باشلىۋىدى، قوڭغۇراق ياڭراپ، ئاۋازى ئەتراپنى بىر ئالدى.

— قەبرىدە ياتقان مۇردىلارنى تۇرغۇزالماسلەر! — دەپ قويدى لەشكەرلەردىن بىرى شۇ چاغدا.

قوڭغۇراق سوقۇۋاتقان ئەشكەر ئىشنى داۋام قىلىۋەردى. شۇنداق قىلىپ مىس قوڭغۇراقنىڭ ئاۋازى خاراب قىلىنغان شەھەرنى، شەھەر ئەتراپىدىكى ئۆرتەنگەن مەھەللىلەرنى ئار-

لاپ ئۆتۈپ، يىراقلاردىكى ۋەيران بولغان قىشلاقلارغىمۇ ئاڭلاندى.

يېۋپاتىي يىغىن مەيدانىدىكى مۇنبەرگە چىقىپ ئەتراپقا نەزەر سالماقتا. «شۇنداق قىلىپ ھېچكىمنىڭ ئاۋازى چىقماسمۇ!» دەپ ئويلاشتى ئۇ.

تۇۋا، مۇنۇ نېمىدۇ؟ سىر باسقان قاراڭغۇ ئۆڭكۈردىكى كۆيۈپ ئۆلگەن ياغاچلارنىڭ ئارىسىدىن قىمىرلاۋاتقان بىر ئادەمنىڭ بېشى كۆرۈندى. ئۇ قەددىنى رۇسلاپ، كۈن نۇرى قاماشتۇرغان كۆزىگە قولىنى دالدا قىلىپ، يىغىلىش ئۈچۈن چېلىنىۋاتقان قوڭغۇراقنىڭ ئاۋازى چىققان تەرەپكە قاراشقا باشلىدى. ئۇنىڭ كەينىدىن يەنە بىرى چىقتى، ئارقىدىن ئۈچىنچى بىر ئادەمنىڭ بېشى مىدىرلاشقا باشلىدى. شۇنداق قىلىپ تەرەپ - تەرەپتىن، ئۆڭكۈرلەردىن، ئۆي - ئۆيلەرنىڭ تېگىدىن ئادەم بىلمەيدىغان يەرلەردىن، يەر ئاستى ئۆيلەردىن ياداپ قۇرۇق سۆڭەك بولۇپ قالغان، ئۇستىباشلىرى كۈيىگە مىلىنىپ كەتكەن لەشكەرلەر، موماي - بوۋايلار، ئاياللار، باللار سۆرۈلۈپ چىقىۋەردى. ئۇلار دەلدۈگۈنۈپ ئاياغلىرىنى سۆرەپ كېلىۋېتىپ رۇس لەشكەرلىرىنى كۆرۈشى بىلەن ئالدىراپ - تېنەپ مەيدانغا قاراپ يۈگۈرەيتتى.

ئۆلگەن شەھەرگە قايتىدىن جان كىرگەندەك بولدى. كىشىلەر دۆۋىلىنىپ ياتقان تاش - تۇپراق، ياغاچلاردىن سەكرەپ ئۆتۈپ يىقىلىپ - قوپۇپ يۈرۈپ مەيدانغا قاراپ كەلمەكتە. سانى ئانچە كۆپ بولمىسىمۇ بۇلار رەزانلىقلار ئىدى.

يىراقلاردىن شەھەر ئەتراپىدىكى ئاقىرىپ تۇرغان قارلىق دالانىڭ ھەممە تەرىپىدىن قىمىرلىغان قارا چېكىتلەر بىر - بىرلەپ كۆرۈنۈشكە باشلىدى. خېلىدىن بېرى يوشۇرۇنۇپ ياتقان كىشىلەر جاكاچى قوڭغۇراقنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ كۆيۈپ كۆل

بولغان يۇرتى — قەدىمىي رەزانغا قاراپ يۈگۈرۈشتى.
بۇنى كۆرگەن راتىبور غۇلاچلىرىنى يايغىنىچە يۈگۈرۈپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقتى.

— رۇس ئېلى تېخى ھايات!... رەزاننىڭ ياتىسىزى يەنىلا بار! — ... دەپ ۋارقىرىدى ئۇ.

## ئىككىنچى باب

### ئورمان سەيناسىدا

قەدىمىي قېلىن ئورمان جىمجىت. دەرەخ يوپۇرماقلىرىدىن قېتىشقان قار پارچىلىرىنىڭ چۈشكىنى، تېيىنلارنىڭ سەكرىگىنى، ئورماندا قىشلاپ قالغان بىرەن - سىرەن قۇشلارنىڭ «پۇر» قىلىپ ئۇچقىنى — مانا مۇشۇلارنىڭ ھەممىسى ئېنىق ئاڭلىنىپ تۇراتتى. بەزىدە جاڭىلدىغان قاتتىق سوغۇقتا چىدىماي يېرىلغان دەرەخ پوستىنىڭ تۇيۇقسىز تارسىلدىشى بۇ جىمجىتلىقنى بۇزۇپ يىراقتىكى چاتقاللىق ئارىسىدا ياڭرايتتى. سۆلەتلىك ئېگىز قارىغايلارنىڭ باشلىرى ئارىلاپ - ئارىلاپ چىققان شامالدا ئېغاڭلاپ يېنىككىنە شۇۋۇرلايتتى. شۇنداق قىلىپ ئاخىرىدا يەنە بۇ سىرلىق قەدىمىي ئورمان ئېمىدىندۇر چۆچۈپ قولىقىنى دىڭگايتقان ھايۋاندەك قايتىدىن ھەيۋەتلىك سۈكۇناتقا چۆمەتتى.

ئەۋرىشىم تاللارنى، بۈك ئارچىلارنى، تېۋىلغا سىمان رەزگى نوتىلارنىڭ ھەممىسىنى قېلىن قار قاپلىغان. بۇ يەرلەردىن مەيلى ئاتلىق، مەيلى پىيادە بولسۇن ئۆتكىلى بولمايتتى. بۇنداق ئورمانلاردىن تاپىنىغا يىلقا تېرىسى قاپلانغان ئۇچقۇر چاڭغىلار بىلەنلا ئۆتكىلى بولاتتى.

ئۇرمان ئىچىدىكى يالغۇز ئاياغلىق چىغىر يول ئەگرى - بۈگرى تولغىنىپ كېچىككىنە بىر ئۇچۇقچۇلۇققا ئېلىپ باراتتى. مانا مۇشۇ سەينا «سەرۋاز» لارنىڭ بىر - بىرى بىلەن ئۇچرىشىدىغان جايى ئىدى. بۇ يەرگە توپلاشقان كىشىلەر — تاتارلارنىڭ پارقىراق قىلىچلىرىدىن، سىرتماق - سالمىلىرىدىن، قاپقانلىرىدىن قانداقتۇر ئامان قالغان بەختلىك ئادەملەر ئىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە: ئۆرتەلگەن يېزىلارنىڭ دېھقانلىرى، رەزاننى قوغداشقا قاتنىشىپ تىرىك قالغان بىرەن - سىرەن لەشكەرلەر، قىرىلىپ تۈگىگەن خەلق قوشۇنلىرىنىڭ ئاز ساندىكى لەشكەرلىرى بار ئىدى. ئۇرمان سىرتىدىكى تۈگۈلۈپ ئۆسكەن قار باسقان كەڭ دالانى قايغۇ - ھەسرەت قاپلاپ، دۈشمەن قىلىچى يالىلداپ، رۇس ئاتالغانلىكى ئادەمنىڭ قېنى تۆكۈلۈپ، ئۆي - ماكانلىرى كۆيدۈرۈلۈپ تالانماقتا ئىدى ...

مۇزلاپ كەتكەن لەشكەرلەر گۈلخان ئەتراپىدا ئوتقا قاقلىنىپ، بەزىلىرى بولسا، يەرگە سېلىنغان قارىغاي پوتاقلىرىنىڭ ئۈستىدىن قىڭغىيىپ دەم ئېلىۋاتاتتى.

توساتتىن بىرىنىڭ ئالاھىدە يېقىملىق ئاۋاز بىلەن مۇڭلۇق ئېيتقان ناخشىسى ئاڭلاندى:

ئاغىنىلەر نېمىشقا
چىرايىڭدا قايغۇ - غەم؟
ئەر يىگىتلەر نېمىشقا
تارتتىڭ مۇنچە دەرد - ئەلەم؟
شۇنچە روھىڭ چۈشكىدەك
بۈگۈن ساڭا نېمە بولغان؟
قارا يەرگە تەلمۈرۈپ،
كۆزلىرىڭگە ياش تولغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مۇشۇنداق بولۇشىنى كۈتۈپ تۇرغاندەك بىرنەچچە ئادەم ئاخشىغا قوشۇلدى - دە، ئەۋجىنى كۆتىرىپ ئېيتىشقا باشلىدى:

ياۋۇز دۈشمەن يۇرەمدۇ
چىشىن بىلەن ئۇرۇشقا.
زالىم تاتار يۇرەمدۇ
كۆز تىكىپ بىزنىڭ قونۇشقا①

كۆپچىلىكنىڭ ناخشىسىنى بىر چەتتە ئاڭلاپ ئولتۇرغان ياش لەشكەر:

— سىلەرنىڭ بۇ ناخشاڭلار ياخشىلىق ئەمەس!— دېدى - دە، ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ ماڭدى. بۇ چاغدا كىچىلىك بىر قول ئۇنىڭ يەلكىسىدىن شاپىدە تۇتۇۋالدى. يىگىت بۇ كىمدۇ، دەپ بۇرۇلۇپ قاراپ، يېنىدا ئۈستىگە ياغاق جۇۋا، بېشىغا ئىت تېرىسىدىن قۇلاقچا كىيگەن، ئايپالتىسىنى بەلبېغىغا قىستۇرۇۋالغان ئېگىز بىرىلۇق بىر دېھقانىنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆردى.

— نېمىگە بۇنچىلا ئاچچىقلاپ كەتتىڭ؟ — دېدى ئۇ.

ھېلىقى يىگىت بولسا مۈرىسىنى ئۇۋۇلاپ تۇرۇپ:

— ھە... زۇۋاياكا ئىكەنسەنغۇ، ياائاللا، سىبىنىڭ مۇشۇ قولۇڭنىڭ قاتتىقلىقى! — دېدى - دە، مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى.

— بىزنىڭ ئېيتقان ناخشىمىز ساڭا نېمىشقا ياقماي قالدى؟

— تاتارلار ئاڭلاپ قېلىشى مۇمكىن...

— ۋاي ئەخمەق، ئۇلار بۇ يەرگە قانداق كېلەلەيتتى! قارغا كۆمۈلۈپ قالار!

— شۇنداقتىمۇ ھازىر ناخشا ئېيتىدىغان ۋاقىت ئەمەسقۇ؟...

---

① قونۇش — قارارگاھ.

— نېمىشقا ئېيتمايمىزكەن؟

— ئۆيىمىزنى كۆيدۈرۈپ، دادامنى ئۆلتۈرۈپ... سۆيگەن قىزىم ليۇباشامنى بۇلاپ ئەكەتتى...— دېدى يىگىت يىغلامسىراپ تۇرۇپ.

— شۇنداقمۇ؟ ھەي بىچارەم، بۇ يالغۇز سېنىڭ بېشىڭغىلا كەلگەن ئىش ئەمەسقۇ؟ قايسىبىرىگە قايغۇرىسەن! بۇلارنى ھەممىمىز كۆردۇق، بەلكى ئەتىلا ئۇ قىسىق كۆز ياۋۇزلارنىڭ كاللىسىنى ئالارمىز! قانداقلا بولمىسۇن ئۇلارنى تۇغۇلغان يېرىمىزدىن قوغلاپ چىقىرارمىز!

يىگىت زۇياگانىڭ سۆزىگە چۇمپۇتمىگەندەك بېشىنى چايقاپ قويدى.

— ياق! ناخشا ئېيتماي بولمايدۇ! — دېدى زۇياگا بىر تەرىپى ئوتقا تاشلانغان قارىغاي شاخلىرىنىڭ ئۈستىگە ئولتۇرۇپ تۇرۇپ، — بىزنىڭ ئىشىمىز ھەق! ئۆزۈڭ ئويلاپ كۆرگىنە، بۇ تاتار دېگەن بىر نېمىلەرنىڭ ئۆمرىدە بىرەر كۆڭۈللۈك ناخشا ئېيتمايدىغانلىقى نېمىسى؟ ئۇلارنىڭ دائىم بۆرىلەردەك ھۇۋلاپ، چۇقان سالىدىغىنى نېمىسى؟ بۇنىڭ سەۋەبى ئۇلارنىڭ ئىشى ناھەق! ئىشى ھەق ئادەم، ئادىل ئادەم ناخشا، قوشاقسىز يۈرەلمەيدۇ! بىلدىڭمۇ؟ — دېدى ئۇ يىگىتكە يېقىنراق سۈرۈلۈپ.

— ئۇنداقتا مېنىڭ قارىنىم ئاچلىقتىن ناخشا ئېيتىۋاتىدۇ! بۇنى قانداق قىلىش كېرەك؟ — دېدى يىگىت بوش كەلمەي.

— قارائىلار، ماۋۇنىڭ دەۋاتقان گەپلىرىنى، — دېدى «سەرۋازلار» نىڭ ئۇچىنچى بىرى قاقاقلاپ كۈلۈپ، — ساڭا تېگىشلىك كاللەك بەسەي شورپىسى تېخى پىشمىدى.

— ھېچقىسى يوق! ئازراق سەۋرى قىل! — دېدى زۇياگا سالماقلىق بىلەن. — ئىدىشتىكى سۇ قايىنىسۇن. ئان

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

دىن كېيىن، بىرئاز ئۇن سېلىپ بولكا پىشۇرۇپ يەرمىز. بىرلا يېرى تۈز يوق، ئۇ تەرىپىنى ئانچە ئىلغاپ كەتمەيسەن.

— ئۇنىڭمۇ ئاخىرقى بىر ئوچۇمىلا قالدىغۇ...

— بۇمۇ بىزگە پايدىلىق، قاتتىق ئۇخلاپ چۈشىمىزدە سامسا، كۆمەچلەرنى كۆرۈپ چىقىمىز.

بۇ چاغدا تۇيۇقسىز بىرسىنىڭ: «توختا! كېلىۋاتقان كىم؟» دەپ قاتتىق ۋارقىرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى.

ئورمانلىقتىن كەڭ يەلكىلىك، ئاياغلىرى قىسقا دوغىلاق كەلگەن بىر دېھقان چاڭغا تېيىلىپ چىقىپ كەلدى. ئۇ «سەرۋازلار» نى ئىزدەپ ئۇيان - بۇيان بۇرۇلۇپ ئەتراپقا سەپسالاتتى. ئۇنىڭ ئېگىكىدىكى قويۇق قارا ساقىلى يۇقىرى قايرىلىپ چوقچىيىپ قالغانىدى. دۈمبىسىدە بولسا، بىر قاپ ئۇن تېڭىقلىق تۇراتتى. سەرۋازلارنىڭ بىرقانچىسى ئۇنىڭ يېنىغا كەلدى. قالغانلىرى بولسا، لاۋۇلداپ يېنىۋاتقان ئوتقا مەيدىسىنى قاقلىغان پېتى ئۇنىڭغا قاراپ تۇرۇپلا قېلىشتى.

— ھەي باتۇرلار، قېلىچتەك ئۆتكۈر يىگىتلەر! ماۋۇ ئادەم قۇدىسىنىڭ ئۆيىگە مېھمانغا بارغانىكەن، كۆپ ھاپال قىلماي قېچىپ كەپتۇ! يۈز چاقىرىمدىن كەم يول يۈرمىسە كېرەك! يوغان بىر قاپ قارا ئۇن يۈدۈپ كەپتۇ. قايسىڭ ھۆرۈن بولمىساڭ، چاققان بولساڭ ئەكەل قاچاڭنى. بولمىسا قولاقچاڭنى تۇت! ياكى ئالقىنىڭنى ياي! تېزرەك چەلپەك پىشۇرۇڭلار، بولمىسا ناندىن ئايرىلىپ قالىمىز! — دەپ ۋارقىرىدى بوغۇق ئاۋاز بىلەن.

— نەدىكى ئۇن! كىم ئەكەپتۇ؟

دېھقانلار ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ، ۋاڭ - چۇڭ قىلىشىپ، ئۇنىڭ يېنىغا كېلىشتى.

— مانا ماۋۇ چاڭگا ساقال، كۆرۈمسىز ئادەم ئەكەپتۇ.

ئاتارلار ئۇنى قىيناپ ھېچ ھالىنى قويمىغانلىقتىن گاچا بو-
لۇۋالغانىكەن، شۇندىن بۇيان ئۇ ياۋلا دەپ ئاتىلىدىغان بولۇپ
قاپتۇ.

بۇنى ئاڭلىغان زۆياگا چاچراپ ئورنىدىن تۇردى.

— باۋلا قۇدام! — ئۇ يۈگۈرۈپ بارغان پېتىچە باۋلانى چىڭ قۇچاقلىدى.

— سىلەرنىڭ بۇ يەردە ئاچ قالغانلىقىڭلارنى ئويلاپ، بىرئاز ئۇن ئالغاچ كەلگەنىدىم، — دېدى باۋلا كېلىشتىكى سەۋەبىنى ئۇقتۇرۇپ.

— بارىكاللا، يىگىت ئىكەنسەن! ئاچلىقتىن ئۆلەي دەپ قالغاندا قارنىمىزنى بىر تويغۇزىدىغان بولدۇڭ! — دېيىشتى دېھقانلار خوش بولۇپ.

— بىزنىڭ يېنىمىزدا ئولتۇر، باۋلا!

— ياق، مانا بىزنىڭ يېنىمىزغا كەل!... دېھقانلار باۋلانى ئۆزلىرىگە تارتىشقا باشلىدى.

— خوش، ئەمدى ئۆز ئەھۋالىڭنى سۆزلىگىنە! — دېدى زۆياگا، — مەن سېنىڭ رەزان قورغىنىدىن دومىلاپ دەرياغا چۈشۈپ كەتكىنىڭنىلا كۆرگەنىدىم... تايىنلىق ئۇ سۇغا چۆكۈپ كەتتى، دەپ ئويلاپ يۈرەتتىم.

— «ئۆلدى دېگەن يىگىتنىڭ، ئۆكۈز مىنىپ كېلىپ قاپتۇ» دېگەن مۇشۇ - دە! ئەجىلىم توشمىغانىكەن، سۇدا ئۆلۈپ كېتىشىممۇ مۇمكىن ئىدى، خۇدا ساقلاپ ئامان قالدىم. سۇدىن چىقىپ كىيىملىرىمنى قۇرۇتۇۋېلىش ئۈچۈن ئىككى كېچە - كۈندۈز ئورمانلىق ئىچىدە كېزىپ يۈردۈم.

— ھا - ھا - ھا! — دەپ كۈلۈشتى مەسلىكى كەلگەن دېھقانلار، — ياپىر، قانداقمۇ قۇرۇتقانسەن! ئاغزىڭدا پۈۋلەپ قۇرۇتتۇڭمۇ يە؟ — دەپ چاقچاق قىلىشتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

— ئەمدى قانداق قىلارمەن، دەپ شۇ ئەتراپتا يۈگۈرۈپ يۈرۈپ ئۆز كىشىلىرىمىزنى ئىزدىدىم. شۇنداق قىلىپ ئاخىرى بىر قىشلاققا توغرا كېلىپ قالدىم. ئۇ يەردە ئەر جىنىستىكلەردىن بار - يوقى ئىككىلا بوۋاي قالغانىكەن. ئۇلار مېنىڭ ئۇستىبېشىمنى قۇرۇتتى، ئاندىن ماڭا بىر چاڭغا، بىر قاپ ئۇن ۋە بىر كۆمەچ نان بەردى - دە، «خوش، يىگىت، ئەمدى كۈن پېتىشقا قاراپ ماڭ! سەرۋازلار شۇ تەرەپتە» دېيىشتى. ئۇلار يەنە: «ئۆز ۋەتىنىنى قوغداۋاتقانلارنى كۆرسەڭ بىزدىن سالام ئېيت، پات ئارىدا بىزمۇ ئۇلارغا قوشۇلىمىز، قىلىچلىرىمىزنى بىلەپ تەييارلىنىۋاتىمىز» دېدى.

— بىز تەرەپتىن قانداق خەۋەر ئاڭلىدىڭ؟ — دېدى سەرۋازلارنىڭ بىرى.

— ھازىرقى ۋاقىتنىڭ قانداقلىقىنى بىلمەمسىلەر؟ ھەممە ياققا يامراپ كەتكەن تاتارلار ئۇچرىغاننى چېپىپ، دارغا ئېسىپ كېتىپ بارماقتا. تىرىك جاننىڭ بىرەرسىگە رەھىم قىلىشنى بىلمەيدۇ. ھازىر بۇنىڭدىن باشقا يەنە قانداق خەۋەر بولاتتى دەيسەن؟

تۇيۇقسىز نېرىراق يەردە سوزۇپ ئىسقىرتقان ئاۋاز ئاڭلاندى. بۇنىڭغا جاۋابەن كۆزەتتە تۇرغان چارلىغۇچى:

— تاتار ئېتىغا مىنىۋېلىپ كېتىۋاتقان قايسىڭ؟ — دەپ ۋارقىرىدى.

— ئاستىمدا تاتار ئېتى بولمىسا، مەنمۇ ساڭا ئوخشاشلا بىر رۇس! — دەپ جاۋاب بەردى قىزلارنىڭكىمدەك ئىنچىكە بىر ئاۋاز.

شۇ ئارىدا مەيدانغا ئاتلىق بىرى چىقىپ كەلدى. ئۇنىڭ ئاستىدىكى ئىلمەك تۇمشۇق ئېتى تاناپتەك ياداپ، بېلى تايغاننىڭ بېلىدەك تارتىشىپ كەتكەنىدى. ئاتنىڭ ئۇس-

تىدىكى ئالتۇن - كۈمۈشلەر بىلەن بېزەلگەن تاتار ئېگەر - ترۇقۇمى يال - يۇل قىلىپ تۇراتتى. ئاتقا يەنە گىلەم خۇرجۇن ئارتىلغانىدى. يولۇچى بولسا بېشىغا قازاندەك قارا تۇماق، ئۇچىسىغا ياماق چاپان كىيىۋالغان ياپياشلا بىر بالا ئىدى. ئۇنىڭ ئۇچىسىغا تار كېلىپ قالغان چاپىنى بەدىنىگە چاپلىشىپ تۇراتتى. ئۇ سارغۇچ ئۆتۈك كىيىۋالغان قورۇقتەك ئايىغىنى قىسقا تارالغىنىدەك قاتار ئۆزەڭگىگە تىرەپ دىۋىتىپ قوياتتى. ئۇنىڭ ئارقىدىن بولسا، ئاتنىڭ قۇيرۇقىغا ئېسىلىۋالغان بىر بالا دەلدەڭشىپ كېتىۋاتاتتى.

ئۇلارنى كۆرگەن سەرۋازلار: «ها - ها - ها!» دەپ قاقاقلاپ كۈلۈشەتتى ۋە: «بارىكاللا، مانا بۇمۇ ئۆزىچە بىرلەشكەن ئىكەن!» دېيىشىپ، ئاتنىڭ ئۈستىدە چوڭ ئادەملەردەك كېدىيىپ ئولتۇرغان بالىغا قىزىقىپ قارىشاتتى.

— ئۇنىڭ ئارقىسىدا يەنە بىرى بار ئىكەنغۇ، ئاتنىڭ قۇيرۇقىغا ئېسىلىۋېلىپ كېلىۋاتقىنىنى كۆرمەمدىغان بۇنىڭ؟

— تېخى تۆنۈگۈنلا سازاڭدەك ئۈملەپ يۈرگەن بۇ بىر نېمىلەرنى قاراڭلار!

— بۇنداق ئوغۇل تاپقان ئانىدىن ئۆرگىلىپ كېتەي!— دېيىشتى سەرۋازلار. شۇ پەيتتە ھېلىقى ئاتلىق بالا سەرۋازلارنىڭ يېنىغا كېلىپ توختىدى.

— ئاكىلار بىزنى ئاراڭلارغا ئېلىڭلار، بىز تاتارلار تۇتقۇنلۇقىدىن قېچىپ كەلدۇق.

— يارايسىلەر بالىلار!

— كېلە، چۈشمەمسەن، باتۇرۇم! ماۋۇ يېنىڭدىكى ھەمراھىڭ كىم بولىدۇ؟

— ئۇ پوسپىلكا ئەمەسمۇ؟ ئۇنىڭ ھېرىپ ھېچ ھالى قالمىدى... باشتا بىز ئىككىمىز ئاتقا مىنگىشىپ قاچقانىدۇق.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئاخىرىدا ئاتقا ئوۋەت بىلەن مىنىشكە مەجبۇر بولدۇق.

— كېلىڭلار بالىلار، ئولتۇرۇڭلار! — دېدى دېھقانلاردىن بىرى بالىلارنى ئوت يېنىغا چاقىرىپ.

ھېلىقى بالا ئاتتىن چۈشۈپ، ئېتىنى چاتقالغا باغلاپ قويدى-دە، لاۋۇلداپ يېنىۋاتقان ئوتنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى. بالىنىڭ چىرايى قارىداپ كەتكەنىدى. ئىنتايىن جۇدەپ كەتكەنلىكتىن ئۇنىڭ قاپقارا كۆزلىرى چانىقىنىڭ ئىچىدا پارقىراپ تۇرغاندەك كۆرۈنەتتى. ئۇ يېنىدىكى ھەمراھىغا قارىدى-دە، ئۆزىنى تۇتالماي «پىخ» قىلىپ كۈلۈۋەتتى.

— پىرسىپىلكا، بىرلدى ئەمدى يىغلىما! قۇتۇلدۇق! مۇشۇنىڭغىمۇ شۈكرى قىل! مۇشۇنىڭغىمۇ قۇللۇق! — دېدى ئۇ.

— ھەي... تاتارلار بىلاتكونى نېمە قىلىۋەتكەندۇ-ھە؟ — دېدى ھەمراھى ئۆپكىدەپ ياش تۆكۈپ تۇرۇپ.

— بولدى، ئۇنىڭدىن ۋايىم يېمە. بىز ئۇنى ئەمدى چوقۇم قۇتۇلدۇرۇپ قالىمىز!

— شۇنداق قىلىپ، ئېيتىڭلار، تۇتقۇندىن قانداق قىلىپ قۇتۇلدۇڭلار؟

— ھازىر ئېيتىمەن ئالدى بىلەن ئاكىلار، ئاتقا بەرگۈدەك بىرئاز چۆپىڭلار يوقمۇ؟ ئۇنىڭسىز بىزنىڭ كۈنىمىز تەسقۇ.

— پاھ، بۇنىڭ كېپىنىڭ چوڭلۇقىنى قارا! بىزدە نەدىكى چۆپ بولسۇن، ئۇنداق دېگۈچە ئۆزۈڭنىڭ خۇرجۇنىڭغا قاراپ باققىنە، نېمە باركىن. نان بولۇپ قالمىسۇن يەنە؟

— راستىنى ئېيتسام ئۇنىڭدا نېمە بارلىقىنى ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن. چۈنكى خۇرجۇن مېنىڭ ئەمەس.

— ئۇنداق بولسا، ھازىرلا ئېچىپ قاراپ باقايلى. تاتارلار سىلەرگە قانداق مۇكاپات بەردىكىن؟

يىگىتلەر ئېگەرگە ئېسقلىق خۇرجۇننى ئېلىپ ئىزمىلى-
رىنى يېشىشكە كىرىشتى، دېھقانلاردىن بىرى يوغان چاپىنىنى
قار ئۈستىگە يېيىپ خۇرجۇننىڭ ئىچىدىكى نەرسىلەرنى شۇ-
نىڭغا تۆكتى. خۇرجۇندىن بىر ئايالار كۆڭلىكى ۋە كەشتە
باسقان ئەرلەر كۆڭلىكى، بىر دانە كۈمۈش لېگەن، بويۇنغا
ئاسىدىغان بىرقانچە كرېستلار ۋە باشقا بۇيۇملار چىقتى. ئۇن-
دىن باشقا ئۈچ تال تۈگۈنچەك بار بولۇپ، بىرىنچى تۈگۈن-
دىن بىرنەچچە ئالتۇن ۋە مىس ھالقىلار؛ ئىككىنچى تۈگۈندىن
بىر ئۇش كۈمۈش تەڭگە ۋە يارماقلار؛ چەكراق ئۈچىنچى تۈ-
گۈندىن قۇرۇتقان نانىنىڭ تالقىنى چىقتى.

— ھەممىدىن كۆرە مانا ماۋۇ ئولجاك قالتىس ئىكەن، —
دېيىشتى يىگىتلەر، — ئېتىڭغا قۇرۇتقان ناندىن بىر-
ئاز بېرىپ قوي، ئۇ بىرلىسمۇ ناشتا قىلىۋالسۇن.

— ياللا، ھەي يىگىتلەر! ماۋۇ ۋەھشىلىكنى قاراڭلار!
ئۇ ياۋۇزلار ھالقىلىرىنى ئالغىنىنى ئاز دەپ قىزلارنىڭ قۇلاق-
لىرىنىمۇ بىللە كېسىۋاپتىغۇ! — دەپ ۋارقىرىدى ھېلىقى خۇر-
جۇننى ئاقتۇرغان دېھقان.

باشقا دېھقانلارمۇ ئورۇنلىرىدىن چاچراپ تۇرۇشۇپ، ھەي-
ران بولغان ھالدا ئىسغلىق تۇرغان قۇلاقلارنى قول-
دىن - قولغا ئېلىپ كۆرۈشتى.

— بۇ ۋەھشىلىك مەڭگۈ ئەستىن چىقماس! خەپ زالىم-
لار، زادى نەدىدۇ ئۇلار! باللار سىلەر قەيەردىن كەلدىڭلار؟

باللار ئوتقا يېقىنراق كېلىپ، ئالدىراپ - تېنەپ سۆز-
لەشكە باشلىدى. ئۇلار بىر - بىرىنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ ئاغزى-
ئاغزىغا تەگمەي سۆزلەيتتى:

— بىز ۋلادىمىر شەھىرىدىن ئىدۇق. تاتارلار شەھەرنى
كۆيدۈرۈۋەتتى. بىز ئۈچ بالا ئورمانغا قېچىپ كەتتۇق. ئۇ

چاغدىكى مەقسىتىمىز — ئۆزىمىزنىڭ سەرۋازلىرىغا قوشۇلۇش ئىدى... بىزنى بايمۇرات دىگەننىڭ قىسمىدىن بولغان تاتارلار تۇتۇۋالدى (بۇ ئىتلار ھايۋاننىڭ نەق ئۆزى ئىكەن). بوينىمىزغا سىرتماق سىلىپ ئاتقا سۆرىتىپ ئېلىپ ماڭدى. ئۇلار ناھايىتى كۆپ ئادەمنى تۇتقۇن قىلغانىدى. تۇتقۇن بولغانلار ئاۋازىنى چىقىرالمايتتى. ئۇلارنىڭ قوللىرىنى ئارقىسىغا باغلاپ سۆرەپ يۈرەتتى. ياروستوۋوغا كەلگەندە تاتارلار بىزا ۋە قىزىل شاراب قاچىلانغان بىرنەچچە تۇڭ تېپىۋالدى - دە، تويغۇچە ئىچىپ غەرق مەست بولۇپ يىقىلىشتى. ھەممىسى ئۇيقۇغا كەتكەندە پوسپىلكا ئىككىمىز قولىمىزنى باغلىغان تاسمىنى چىشىمىز بىلەن چىشلەپ ئۈزدۇقتە، ئاستا بېرىپ بايمۇراتنىڭ ئېتىغا مىنىپ تىكىۋەتتۇق. بىراق ئەڭ ئۆكۈنۈشلۈك بولغىنى بىراتكونى قۇتقۇزۇپ قالالمىدۇق.

بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ چىدىيالماي قالغان باۋلا ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ كەتتى.

— يىگىتلەر، ياروستوۋۇ ئانچە يىراق ئەمەس، ئۇنىڭغا بارىدىغان يولنى مانا مەن ياخشى بىلىمەن، يۈرۈڭلار شۇ تەرەپكە، — دىدى ئۇ.

— بۇمۇ توغرا! بەلكى ئۇ ھايۋانلارنىڭ مەستلىكى ھازىرمۇ يېشىلمىگەندۇر... — دىدى سەرۋازلار بىردەك ۋارقىرىشىپ.

— بىزنىڭ زۇياكا ئىككىمىز ئۇ يەرگە بارىدىغان چىغىر يوللارنىڭ ھەممىسىنى بىلىمىز، — دىدى باۋلا، — ئۇ يەرگە يەتكۈزۈپ قويۇش ۋەزىپىسىنى بىز ئۈستىمىزگە ئالايلى!

سەرۋازلار: «ئانداق بولسا، ئاتلاندۇق» دىيىشىپ، دەرھال يىغىلىشقا باشلىدى.

— پوسپىلكا، يۈر بولاتكونى قۇتقۇلدۇرايلى، — دىدى ھىلىقى چاڭىلداپ سۆزلەيدىغان ئۆتكۈر بالا ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ.

— يارايسەن، يىگىتكەنسەن، ئېتىڭ نېمە ئۆزۈڭنىڭ؟ — دەپ سورىدى بالىدىن دېھقانلاردىن بىرى.

— مېنىڭمۇ؟ مېنىڭ ئېتىم پروكودا.

— نېمە دېدىڭ؟ پروكودا! نېمە، ئۆزۈڭ قىز بالا ئەمەسدۇرسەن؟

— ئەمەسە كىم دەپ ئويلىۋىدىڭ! — دېدى ھېلىقى ئىلمەك بۇرۇنلۇق بالا. ئۇ بېشىدىكى يىرتىق تۇمىقىنى يۇلۇۋېلىپ، قېيۇق چاچلىرىنى چوخېلاپ - چوخېلاپ قويدى.

سەرۋازلار ياروستوۋوغا قاراپ ئارقا - ئارقىدىن يولغا چىقتى. ئۇلارنىڭ ئالدىدا باۋلا، ئۇنىڭ كەينىدىن پروكودا بىلەن پېسېلكا كېلىۋاتاتتى. ئۇن ۋە باشقا ئۇششاق - چۈششەكلەر تاتار ئېتىغا ئارتىلغان بولۇپ، ئاتنى زۇيىاگا يېتىلەپ كېتىپ باراتتى.

## ئۈچىنچى باب

## سوۋغات

يۇلتۇزسىز ئاسماندا پارقىرىغان ئاي ئاستا ئۈزۈپ ئۆتمەكتە ئىدى. ئۇششاق پارچە بۇلۇتلار تىختىماي كۆچەتتى. بۇلۇتلار خۇددى ئاينى سىيپاپ ئۆتكەندەك بىر پەس ئاي يۈزىنى تېسۇپ تۇراتتى - دە، ھايال قىلماي نېرىغا سىلجىپ كېتەتتى.

باۋلا نېمىكىدۇ ئەنسىرىگەندەك بېشىنى چايقاپ قويدى.

— ئاز ئۆتمەي بوران چىقىشى مۇمكىن، — دېدى ئۇ يېنىدا كېلىۋاتقان ساقاللىق ئادەمگە.

— شەپىسى ھازىرلا باشلاندىمۇ نىمە؟ — دېدى ساقاللىق ئادەم.

— بىز ئۈچۈن بۇراننىڭ چىققىنى ياخشى، — دېدى زۇيـاگا ئۇنىڭغا. — بەلكى تاتارلار ئۆيلەرگە تىقىلىۋېلىپ دەم ئېلىپ ياتقاندۇر، بۇ ئىتلار بىزنى سېزىپ قالماس.

قېلىن قارا بۇلۇتلار ئاي يۈزىنى توراپ، ئورمان ئىچىنى بىردەمدىلا قاراڭغۇلۇق باستى. پىدائىيلار بىر - بىرىدىن يىراقلاپ كەتمەي، سەپ بىلەن ئاستا ئىلگىرىلىمەكتە. ئالدىدىكىلەر چاڭغىدا، ئارقىدىكىلەر پىيادە تىزىغىچە قار كېچىپ قېلىشماي كەلمەكتە ئىدى.

سەپ ئىچىدىن ئارىلاپ - ئارىلاپ:

— ئارقىدا قالماڭلار يىگىتلەر! تېزرەك مېڭىڭلار! — دېگەن ئاۋاز ئاڭلىناتتى.

ئاز ئۆتمەي گۈركىرەپ بوران چىقىشقا باشلىدى. قەدىمىي ئورمان ھۇۋۇلداپ، ئۇزۇن يىللىق ئېگىز قارىغايلار بىلەن تاغ دەرەخلىرىنىڭ باشلىرى ئۇيان - بۇيان ئېگىلىشكە باشلىدى. شىددەت بىلەن چىقىۋاتقان تەلۋە بوران يولۇچىلارنىڭ ئۈستى بېشى، قويۇن - قونچىنى بىردەمدىلا قارغا تولدۇردى.

ھايۋاندەك ھۇۋۇلىغان بوراندا دەرەخلەرنىڭ گۈرسىلدەپ ئۆرۈلگىنى، دەرەخ شاخلىرىنىڭ غارس - غۇرس قىلىپ سۇنغانلىرى ئاڭلىنىشقا باشلىدى.

زۇيـاگا پات - پات: «ئايرىلىپ قالماڭلار، چېچىلىپ كەتمەڭلار، جۈپتىڭلاردىن ئايرىلماڭلار!» دەپ ۋارقىراپ قوياتتى.

يول يۈرۈش بارغانسېرى قىيىنلاشقىلى تۇردى. يۈزگە ئۇرۇلۇۋاتقان قار كۆز ئاچقۇزمايتتى، زەھەردەك سوغۇق بەدەنگە نەشتەردەك سانجىلاتتى. بۇراننىڭ ئەلپازى شۇنچىلىك يامان ئىدىكى، ئادەمنى ئۇچۇرۇپ كېتىدىغاندەكلا، نەپەسنى بوغۇپ



ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر بىكى ئادرىسى
www.uyghurkitap.com

ئۇچۇقتۇرۇپ قويمىغانىدەكلا قىلاتتى.

— ھەي، يىگىتلەر! ئايرىلىپ قالماڭلار ... — بورانىدا ھالسىراپ زەئىپلەشكەن ئاۋازلار بىردە ئاڭلىنىپ، بىردە ئاجىزلاپ ئاڭلانماي قالاتتى.

ئۇلار بىر - بىردىن ئايرىلىپ قالماسلىققا تىرىشىپ، شىددەتلىك بورانغا تاقابىل تۇرۇپ توختىماي كېلىۋاتاتتى. قېلىن ئورمانلاردا بۇنداق شارائىتتا ئايرىلىپ - ئادىشىپ قالغۇچىغا ئەجەل كەلگۈچە قوچاق ئىچىپ تۇرىدىغانلىقى ھەممىگە مەلۇم.

ئۇلار شۇنداق بىر مەھەل يۈرگەندىن كېيىن باۋلا: «ئاستىراق ماڭساقمۇ بولىدۇ، ئەمدى ياروستۇۋو يىراق ئەمەس ...» دېدى.

ئاز ئۆتمەي شىددەتلىك بوراننىڭ ئاۋازىغا قوشۇلۇپ ئىتلارنىڭ ھاۋشىغان ئاۋازىمۇ ئاڭلىنىشقا باشلىدى. بۇ ئىتلار بۈگۈن ئادەتتىكىدىن باشقىچە — قانداقتۇر دۈشمەن كېلىۋاتقانلىقىنى سەزگەندەك جان - جەھلى بىلەن توختىماي قاۋاشاقتا ئىدى.

ئۇلار بىردەم تىڭ - تىڭلاپ تۇرۇشتى - دە:

— قىشلاقتا تاتارلار بار ئىكەن! ... — دەپ جەزىم قىلىشتى.

— يېقىنراق كېلىڭلار، بۇ يەرگە يىغىلىڭلار، — دەپ سەرۋازلار بىر - بىرىنى ئاستا چاقىرىشقا باشلىدى.

ئۇلار ئورماننىڭ چېتىدىكى خالى بىر يەرگە توپلاندى. قارلىق بوران يەنىلا گۈر - گۈر قىلىپ سۈرەن سالماقتا ئىدى. لەشكەرلەر يوشۇرۇن تىمىسقىلاپ يۈرگەن بىرەرسىنىڭ بولۇپ قېلىشىدىن ئېھتىيات قىلىپ، ئېخىنمۇ سەگەكلىشىپ ئۇيان - بۇيانغا سەپسالاتتى. بىردە بۇلۇتلار ئارىسىغا يوشۇرۇنۇپ، بىردە

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئېچىلىپ تۇرغان غوۋا ئاي يورۇقىدا قىشلاقنىڭ ئۆيلىرى قارىيىپ كۆرۈنەتتى. بەزى ئۆيلەرنىڭ مورىسىدىن قويۇق ئىس كۆتۈرۈلەتتى. ئۇ تەرەپتىن چۈچۈتۈلگەن ماي ۋە كۆيگەن ناننىڭ پۇرىقى دىماغقا ئۇرۇلاتتى. بەزى ئۆيلەرنىڭ دېرىزىسى-دىن شامنىڭ غوۋا يورۇقى كۆرۈنەتتى.

— ئەنە، ئاۋۇ چەتتىكى ئۆيدە ئۇلارنىڭ باشلىقى بايمۇرات دېگەن قاراقچى تۇرىدۇ، — دېدى پىروكودا زۋياگا-نىڭ يېڭىنى تارتىپ.

زۋياگا گەپ قىلماي بىر ئاز تۇردى - دە:

— ئۇ تېخىچىلا شۇ يەردە ئوخشايدۇ، چۈنكى، ئۇ ئۆيدىن ھېلىمۇ ۋاڭ - چۇڭ، قىيا - چىيالار ئاڭلىنىۋاتىدۇ، — دېدى.

گۇركىرەپ چىقىۋاتقان شامالدا بىر ئايال كىشىنىڭ يىغا ئاۋازى، كىمدۇر بىرىنىڭ ئېچىنىشلىق زارلىنىشى ۋە مەست ئادەملەرنىڭ ۋارقىرىغان ئاۋازلىرى ئاڭلاندى.

زۋياگا يولداشلىرىغا ئاستا پىچىرلاپ بۇيرۇق بەردى. سەرۋازلار ئۇنىڭ بۇيرۇقىنى دىققەت بىلەن ئاڭلىدى ۋە گۇرۇپپىلارغا بۆلۈنۈپ، كەينى - كەينىدىن قاشاتاملارغا قاراپ ئېتىلدى. كىچىك بىر گۇرۇپپا زۋياگانىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ ماڭدى. پىروكودامۇ شۇلار بىلەن بىللە ئىدى. قالغانلىرىنى باۋلا باشلاپ ماڭدى. پېسىپلىكا ئىنتايىن ھېرىپ كەتكەنلىكتىن ئۇلار بىلەن بىللە ماڭالماي ئورماننىڭ بىر چېتىدە تاتارلار-دىن قولغا چۈشۈرگەن ئېتىنى بېقىپ قېلىپقالدى.

بوران باشتا قانداق تۇيۇقسىز چىققان بولسا، شۇنداق تۇيۇقسىز پەسىيىپ قالدى. سەرۋازلار بىلىندۇرمەي ئىلگىرىلەپ خادىلارنىڭ تۈۋىگە كەلدى. بۇ يەردە بىر مۇڭغۇل كۆزەتچى خادىغا يۆلەنگەن ھالدا ئۈگدەپ قالغانىدى. زۋياگا ئوقتەك ئېتىلىپ بارغان پېتى كۆزەتچىنىڭ ئاۋازىنى چىقىرىشقىمۇ

يۇرسەت بەرمەي ئىشنى تامام قىلدى. ئۇ بىردەم قولىرىنى ئۇيان - بۇيان پۇلاڭلاتتى - دە، گۈپپىدە يىقىلدى.

شۇ يەردىكى قاشادا بىرمۇنچە تاتار ئاتلىرى باغلاقلىق تۇراتتى. ئەتراپتا قار ئۈستىدە قىپيالىڭاچ ھالدا تۇگۈلۈپ قالغان جەسەتلەر ئىنتايىن كۆپ ئىدى.

— يا خۇدا! بۇ نېمىدېگەن ياۋۇزلۇق! — دېيىشەتتى سەرۋازلار بىر - بىرى بىلەن پىچىرلىشىپ.

— يۇرۇڭلار! بەلكى تېخى تىرىك قالغانلار بولسا، قۇتقۇزۇۋېلىشقا ئۈلگۈرەرمىز! — دېدى زۆياگا ئۇلارنى ئالدىرىتىپ.

سەرۋازلار باغلاقلىق تۇرغان ئاتلارنى يېشىپ بىر - بىرلەپ مىنىۋالدى - دە، قىشلاقنى ئاستا بىر ئايلىنىپ چىقتى، ئۇلار كېتىپ بېرىپ، زادىلا يوقەن سېلىنىپ باقمىغان بىر تۈپ موگىغۇل يىلقىسىنىڭ ۋە ئۇرۇشلاردا بولىۋالغان ئاتلارنىڭ يېيىلىپ يۈرگەنلىكىنى كۆردى. سەرۋازلار بۇ يىلقىلارنى ھەيدەپ پالتا - نەيزىلىرىنى، تاياق - توقماقلىرىنى چىڭ تۇتۇپ ئالغا قاراپ كېتىۋەردى.

قىشلاق ئەتراپىدىكى باغچىغا يېقىن كەلگەندە ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ئۈچ ئادەم ئاتلىرىدىن چۈشۈپ يېقىنلا يەردە قارىيىپ تۇرغان بىر قوروغا باردى - دە، ئوت قويىۋەتتى. شۇ زامان قورودىكى قۇرۇپ كەتكەن سامان لاپ قىلىپ تۇتاشتى. قىزىل يالقۇن قورونىڭ تېگىدىن - تۆپىسىگىچە بىر يالاپ چىقتى - دە، تېزلا ئۆچۈپ قالدى. بىر ئازدىن كېيىن ئۇ قايتا يېنىشقا باشلىدى. لاۋۇلدىغان قىزىل يانغىننىڭ يورۇقىدا بۇرقۇپ - بۇرقۇپ چىقىۋاتقان قارا ئىس كۆرۈنۈشكە باشلىدى.

— رەزىللىقلار، ئالغا!

دېھقانلار تەرەپ - تەرەپتىن چۇقان سېلىپ، ئۆي -

ئۆيلەرگە قاراپ ئېتىلدى. ئۇلارنىڭ قىقاس - چۇقانلىرى تاتارلارنىڭ ئاللا - تۇۋلىرى بىلەن قوشۇلۇپ ئەتراپنى زىلزىلىگە كەلتۈردى.

رۇسلارنىڭ تۇيۇقسىز ھۇجۇمىغا ئۇچرىغان تاتارلار ھوش - كاللىسىنى يوقاتقان ساراڭلاردەك ئىسسىق ئۆيلەردىن چاڭىلدىغان سوغۇق تالاغا يۈگۈرۈشۈپ چىقماقتا ئىدى. ئۇلار مەستلىكتىن ئېسىنى يىغالماي ئالاقزادە بولۇپ، ئۇيان - بۇيان يۈگۈرۈشۈپ ئاتلىرىنى ئىزدەشكە باشلىدى. بىراق ئاتلار يوق ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە قاراڭغۇدا پايلاپ تۇرغان يات ئادەملەر ئۇلارغا ھۇجۇم قىلىپ، پالتىلىرىنى ئىشقا سېلىپ ئۇجۇقتۇرۇۋەردى. بۇنىڭغا چىدىمىغان تاتارلار تەرەپ - تەرەپكە پىتىراپ، يەقىلىپ، سۆرۈلۈپ قېچىشقا باشلىدى، ئۇلارنىڭ پېيىگە چۈشكەن سەرۋازلار قوغلاپ يۈرۈپ ئۇدۇل كەلگەن يەردە ئېتىشنى تامام قىلاتتى.

باۋلا پېپىنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىدا ئولتۇرغان مەست كۆزەتچىنىڭ چوققىسىغا بىرنى قويۇپ يىقىتتى - دە، ئەپلەپ ئىچكىرىگە كىردى.

سەرۋازلار قورۇ ئىچىدىن پۇت قولى باغلانغان بىر توپ تۇتقۇنلارنى تاپتى. ئۆلۈمدىن قۇتقۇزۇلغان كىشىلەر باغلاقلىرى يېشىلىشى بىلەنلا تۇشمۇ تۇشتىن قاشا ياغاچلىرىنى سۇغۇرۇۋېلىپ ئۆزلىرىنى قىينىغان زالىملارنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ كەتتى.

ئۇستەل ئۈستىدە يېگىلى يېيىلگەن تاماقنىڭ قالدى - قاتتىلىرى، غاجىلانغان ئۇستىخانلار، نان ئۇۋاقلىرى قالايمىقان چېچىلىپ تۇراتتى. بىرنەچچە تاتار غەرق مەست ھالدا سۇنايلىنىپ ياتاتتى، قېرى پوپ بىر بۇلۇڭدا بېلىگىچە يالىڭاچ ھالدا ئىككى تىزىنى قۇچاقلاپ ئولتۇراتتى. بىچارە بىۋاي

ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ، قايتا ـ قايتا: «خۇدا ئۆزۈڭ ساقلا! ئۆزۈڭ بار پەرۋەردىگارىم! نېمە قىلىۋاتقىنىنى ئۆزلىرىمۇ بىلمەيدىغان قانداق ئادەملەر بولار ئۆزى!» دەپ ھەسرەت چېكەتتى.

قىزنىغان پەش ئۈستىدە پوپنىڭ ئۇزۇن قارا يىپەك چاپىنىنى ئۈستىگە يېپىنىۋالغان بايمۇرات خىرىلداپ ئوخلاۋاتاتتى. ئۇنىڭ يېنىدا قىرى پوپنىڭ قىز نەۋرىسى قىپيالىڭاچ ھالدا ئۆپكىدەپ يىغلىماقتا ئىدى.

شۇ ئارىدا سەرۋازلار بايمۇراتنىڭ پۇت ـ قولىنى باغلاپ، ئۇنى ئاسما جازىسى قىيسايغان، ئەتراپى مۇز تۇتۇلغان چوڭقۇر قۇدۇقنىڭ بېشىغا سۆرەپ ئېلىپ كەلدى. بايمۇرات نېمە بولۇۋاتقانلىقىنى چۈشىنەلمەي ئۆزىچە بىر نېمىلەرنى دەپ چۈيلۈپ، دەلدەڭشىپ تۇراتتى. ئۇ ئەتراپىنى قورشىۋالغان دېھقانلارغا كۆز ئالايتىپ كالۋالاشقان تىلى بىلەن:

— سوۋغات، سوۋغات! — دەۋەردى.

— ساڭا نەنىڭ سوۋغىسى، — دېدى باۋلا قولاق بىلەن بىللە كېسىپ ئېلىنغان ھالقىنى بايمۇراتنىڭ كۆزىگە تىقىپ، — مۇنۇ ھالقىنى نەدىن ئالغان ئىدىڭ؟ بۇ سېنىڭ خورجۇنىڭدىن تېپىلدى! بىزنىڭ قىزلىرىمىزنىڭ قۇلىقىنى كەسكەن كىم؟ تۇتقۇنلارنىڭ كىيىملىرىنى يەشتۇرۇۋېلىپ قەھرىتان سوغۇقتا قىپيالىڭاچ تالاغا تاشلىغان كىم؟ بۇنىڭ بارلىقىنى كىم قىلغان؟ ھەي ئىتنىڭ كۈچۈكى! بۇنىڭ ئۈچۈن كىمنى ئۆلتۈرۈش كېرەك؟ سېنى، سەن ئەبلەخنى!

شۇ ئارىدا پىروكودا يۈگۈرۈپ كېلىپ، مۇشتۇملىرىنى تۈگۈپ تۇرۇپ:

— بۇلارنىڭ بولاتكوغا قىمغىنى قالدىمۇ! ئۇنى قۇدۇقنىڭ جازىسىغا باغلاپ قويۇپ ئۈستىگە سوغۇق سۇ چاچتى ... ئەنە ئۇنىڭ چالا ئۆلۈك ھالدا تۇرغىنىنى كۆردۈڭلارمۇ؟ —

ئۇيغۇر كىتاب تورى ئۇيغۇرچە ئېلېكترونلۇق كىتابلار ئامبىرى www.uyghurkitap.com

دېدى ۋە نېرىدا تۇرغان بالىنى كۆرسەتتى.

— بۇ قاراقچى ئىتنىڭ ئۆزىنىمۇ چازىغا باغلاڭلار! — دېدى باۋۇلا غەزەپلىنىپ، — قولىقىنى ياغاچقا مىخلاپ قويۇڭلار، جۇۋاينىمەكنى! بىزنىڭ قولىقى كېسىلگەن قىزلىرىمىزنىڭ تارتقان ئازابىنى بۇلارمۇ تېتىپ باقسۇن! نېمە تەرسەڭ شۇنى ئالىسەن، ھەي ئىت! كۆرگۈلۈكۈڭنى كۆر ئەمدى!

بىر چاغدا تاتار ئېتىغا مىنىۋالغان زۇياگامۇ يېتىپ كەلدى.

— بۇ زالىمنىڭ نېمىسىگە مۇنچىۋالا ئاۋارە بولۇپ يۈرىسىلەر؟ تېزرەك ئىشنى تامام قىلىڭلار - دە، دەرھال ئاتلىنىڭلار! قىشلاقتا ئەمدى بىرمۇ تاتار قالمىدى ... — دېدى ئۇ.

تاتارلارنىڭ تۇتقۇنلۇقىدىن ئازاد قىلىنغانلار سەرۋازلارنى ئورىۋالغانىدى. خوتۇنلار، بالىلار يىغا - زارە قىلىشماقتا. بەزىلىرى قوللىرىنى سوزۇپ نان تىلەيتتى. سەرۋازلار تاتارلاردىن تارتىپ ئېلىنغان نەرسىلەرنى كۆپچىلىككە بۆلۈپ بەردى. ئۆزلىرىگە بولسا پەقەت تاتار ئاتلىرى ۋە ساۋۇتلىرىنى، قورال - ياراقلارنىلا ئېلىپ قالدى. ئاياللار بالىلىرىنى يېتەكلەپ، ئورمان ئارىسىدىكى خالى يوللار بىلەن ئۆزلىرىنىڭ ئانا ماكانلىرىغا قايتماقچى بولۇشتى.

— بۇ تېخى بىزنىڭ ئارام ئالىدىغان ۋاقتىمىز ئەمەس! بىز تېخى ئاز، كۆپچىلىكنىڭ قىزغىنلىقىغا سوغۇق سۇ سېپىشكە بولمايدۇ. شۇڭا تاتارلار ئېسىنى يىغىۋالغىچە ئۆزىمىزنى يوشۇرۇپ بۇ يەردىن تېزرەك يىراپ كېتەيلى! — دېدى. ئاندىن، — تېز ئاتلىنىڭلار، ئالغا، رەزانلىقلار! — دەپ شۇئار توۋلىدى. پروكودا:

— مەن ئاياللار بىلەن كەتمەيمەن، نېمە كۆرسەممۇ سىلەر بىلەن بىللە كۆرىمەن، — دەپ ئۇنىماي تۇرۇۋالدى. ئۇ

بولاتكونى ئاتقا مىنگۈزۈپ قويدى، پوسپىلكا بولاتكونىڭ ئارقىسىغا مىنگىشىۋالدى.

— بولاتكو يىقىلىپ چۈشمىسۇن، چىڭ تۇتۇپ ئولتۇر! — دېدى پىروكودا جېكىلەپ. ئۆزى بولسا تاتار ئېتىغا سەكرەپ مىنىۋالدى - دە، سەپكە قوشۇلۇپ يۈرۈپ كەتتى.

تاڭ ئېتىپ كۈن يورۇشقا باشلىدى. بۇلۇتلار سوزۇلۇپ كۆك ئاسمان تەكشى چىراي ئاچتى. بوران توختىغاندىن كېيىن، ئەتراپ ئەزەلدىن شامال چىقمىغاندەك جىمجىت بولۇپ قالغانىدى. ياروستوۋودا ھېچكىم قالمىدى، پەقەت ئۇ يەر - بۇ يەردە تاتار جەسەتلىرى ياتاتتى. قىشلاقتا ھۇۋۇلدىغان خارابە ئۆيلەرنى ماكان قىلغان ئىتلاردىن باشقا تىرىك جان كۆرۈنمەيتتى. يەمتۈكنىڭ پۈركىنى ئالغان قوزغۇنلار بۇ يەرگە توپ-توپى بىلەن ئۇچۇپ كېلىپ قونىماقتا ئىدى.

بىر توپ ئىت قۇدۇق بېشىدىكى ئاسما جازىنىڭ ئەتراپىنى قورشاپ چۈچقىيىپ ئولتۇراتتى. ئۇلار تىللىرىنى ساڭگىلىتىپ، شۆلگەيلىرىنى ئېقىتىپ، قىزارغان كۆزلىرى بىلەن باغلاقتا يالىڭاچ تۇرغان بايمۇراتتىن كۆز ئۈزمەيتتى. غەزەپكە تولغان، ئەلەس كۆزلىرى چەكچەيگەن بايمۇراتنىڭ تىللىرىنى كالۋالاشتۇرۇپ: «سوغات، سوغات!» دېگەن ئاخىرقى سۆزلىرى ئاڭلانماقتا ئىدى:

## تۆتىنچى باب

### «ئۇقتۇڭمۇ!»

سوبىتاي باھادىر ئالدىدا تىزلىنىپ ئولتۇرغان يۇرتداشلىرىغا ئەڭ ئاخىرقى بۇيرۇقىنى بېرىۋاتاتتى. يۇرتداشلىرى ئۈچ ئادەم ئىدى. ئۇلار قىرى قوماندانىنىڭ ئىتىقانلىرىنى بىرەر

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

سۆزىنىمۇ چۈشۈرۈپ قويماي ئەسكە ئېلىۋېلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ قىرىق ۋە يارا ئىزلىرى بىلەن بۈدۈر - چىقۇر بولۇپ كەتكەن يۈزىگە تىكىلگەن ھالدا دىققەت بىلەن ئاڭلىماقتا ئىدى.

— بولۇپمۇ ... ئۇزۇن ساقاللارنىڭ يېڭى قوشۇنلىرى قەيەردە تېپىلىنىۋاتقانلىقىنى بىلىۋېلىش كېرەك ...

— چۈشەندۇق! — دېيىشتى يۇرتداشلىرى خىرىلداپ.

— تۇتقۇنلار بىلىدۇ، شۇلارنى تىلغا كەلتۈرۈڭلار ... — دېدى سۇبىتاي.

— ئۇلارنى زۇۋانغا كەلتۈرىمىز! — دېدى يۇرتداشلىرى باش لىڭشىتىپ.

سۇبىتاي ئۆز تىزىغا ئۆزى ئۇرۇشقا باشلىدى.

— يەنە نېمىگە ساقلاپ تۇرۇشىسەن؟ سەنلەرگە يەنە نېمە كېرەك؟ كېتىش! — دېدى ئۇ قاپىقىنى تۈرۈپ.

— ئەمرىڭگە قۇللۇق تەقسىر! — دېدى يۇرتداشلىرى پېچىرلاپ ۋە ئىشىك تەرەپكە چېكىندى.

سۇبىتاي ئۆزى يالغۇز قالدى. ئۇ بىر بۇلۇڭدا ئىسسىقلىق تۇرغان خۇداسىنىڭ سۈرىتى يېنىدىكى يۇمشاق ئورۇندۇق ئۈستىدە بەدەشقىنىنى قۇرۇپ ئولتۇراتتى.

بىر چاغدا ئىشىك تىرىقلىغاندەك بولدى - دە، كەشىسىنى سۆرەپ ئوپالىنخا كىرىپ كەلدى، ئۇنىڭ كەينىدىن سىڭدىشىپ ۋېشنىيانكىمۇ كىردى. ئۇششۇپ ئۆلەي دەپ قالغان بالىسىنى تىرىلدۈرگەندىن بويان سۇبىتاي باتۇر ئوپالىنخانى يېنىدىن ئايرىماي، نەگە بارسا بىرگە ئېلىپ بارىدىغان بولۇپ قالغانىدى.

ئوپالىنخا ئۈچىسىدىكى تېشقان جۇۋىنى يېشىپ تاختا ئۈستىگە تاشلاپ قويدى - دە، كاناپ كۆڭلىكىنىڭ يېڭىنى تۈرۈپ، تاش ئىدىشتا قولىنى يۇيۇشقا باشلىدى. ئاندىن

ئۇ قىزىق پەشنىڭ ئالدىدىكى خېمىر ئېچىتىدىغان تۇگىنىڭ قېشىغا بېرىپ چۈقۇندى - دە، تۇگىنىڭ قاپقىقىنى ئېچىۋەتتى.

— خېمىر كۆۋەجەشكە باشلاپتۇ! ئەمدى ئۇنى چەيلەش كېرەك، — دېدى ۋېشنىيانىكىغا.

سۇبىتاي ئوپالىنىخانىڭ خېمىر چەيلەۋاتقان ئاق بىلەكلىرىدىن، ئالدىغا تارتىۋالغان پەرتۇقىنىڭ تېگىدە تومپىيىپ تۇرغان ئىككى ئەمچىكىدىن كۆز ئۈزەلمەي ئېگىكىنى كۆتۈرۈپ قايتا - قايتا قاراۋەردى. بىر چاغدا ئۇ قويىنىدىن بىر پارچە مىس قاڭالتىرنى سۇغۇرۇۋالدى - دە، بەكىسى بىلەن ئۇرۇپ جىرىڭلىتتۇۋىدى، ئۇستىبېشى قار بولۇپ كەتكەن بىر قېرى نوكەر ھۆمۈدەپ ئۆيگە كىردى.

— ئەمرىڭگە قۇللۇق، تەقسىر! — دېدى ئۇ خىرىلدىغان ئاۋازدا.

— ھېلىقى ئالا كۈرەڭ ئاتنىڭ ئۇستىدىكى خۇرجۇننى ئېلىپ كىرگىنە! — دەپ بۇيرۇدى سۇبىتاي ئۇنىڭغا. نوكەر دەرھال تالاغا يۈگۈرۈپ چىقىپ كەتتى. ئوپالىنىخا تۇگىدىكى بار خېمىرنى ئىككى قىللاپ كۆتۈرۈپ ئالدى - دە، ئەزەپلەنگەن ھالدا بار كۈچى بىلەن تاۋاققا ئۇرۇۋىدى، خېمىر سىلىچچىدە قىلىپ قالدى. ئاندىن ئۇ ئۇچۇق قالغان ئىشىككە بېرىپ جەينىكى بىلەن ئىتتىرىپ ئىشىكنى ياپتى.

— بولمىسىز كىسا! سوغۇق كىرىپ كېتىدىغانلىقىنىمۇ بىلمەيدۇ! — دەپ ئۆزىچە غىدۇڭشۇپ قويدى ئۇ.

ۋېشنىيانىكا ئوپالىنىخاغا ئاستا پىچىرلاپ تۇرۇپ:

— ئاۋۇ يۇمۇق كۆزنىڭ ساڭا تىكىلىپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈۋاتامسەن؟ سېنى كۆزى بىلەن يەۋېتىدىغاندەكلا تۇرىدۇ ... — دېدى.

— ھەجەپمۇ زېرىكتىم بۇ بىر نېمىدىن! — دېدى ئوپالىنىخا ئاچچىق بىلەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

شۇ ئارىدا بايىقى نەۋكەر مۈرىسىگە يوغان بىر بۆلغار خۇرجۇن ئارتىپ قايتىپ كىردى - دە، خۇرجۇننى يەرگە قويدى،

— ئاغزىنى ئاچ! — دەپ بۇيرۇدى سۇبىتاي ئۇنىڭغا.

نەۋكەر خۇرجۇننىڭ ئاغزىنى ئېچىپ، ئىچىگە قول سېلىشىغا، سۇبىتاي:

— ئېمىشقا قولۇڭنى تىقىسەن؟ ئۇنىڭدا سېنىڭ نېمەڭ بار ئىدى؟ يوقال! — دېدى تېرىكىپ.

نەۋكەر كەينىچە مېڭىپ ئۆيدىن چىقىپ كەتتى.

سۇبىتاي بۇيرۇق ئاھاڭىدا:

— ھەي، ئۇقتۇغمۇ، ئۇقتۇغمۇ دەيمەن؟ — دەپ ۋارقىرىدى.

— ئاۋۇ سېنى چاقىرىۋاتىدۇ! — دېدى ۋېشىنيانىكا يېنىدا تۇرغان ئوپالىنخاغا.

ئوپالىنخا ئالدىرىماي قولىنى پەرتۇقىغا ئېرتتى - دە، دادىل قەدەم تاشلاپ سۇبىتاينىڭ يېنىغا باردى.

سۇبىتاي قايتا - قايتا:

— ئۇقتۇغمۇ، ئۇقتۇغمۇ؟ ئوپالىنخا! — دەۋەردى.

ئوپالىنخا! سەل تارتىنىپ دەسسەپ سۇبىتاينىڭ يېنىدا ھازىر بولدى. سۇبىتاي باھادىر ئاغزى ئوچۇق تۇرغان خۇرجۇننى كۆرسىتىپ:

— داۋاي! مېنە! داۋاي!① — دەپ رۇسچە بىر نېمەلەرنى بىلجىرلىدى.

ئوپالىنخا! خۇرجۇننىڭ يېنىدا تىزىنى پۈكۈپ يۈكۈندى - دە، ئۇنىڭ ئىچىدىن ئۇراقلىق بىر نېمىلەرنى ئېلىشقا باشلىدى. ئوپالىنخا خۇرجۇندىن چىققان يېڭى يوق يىپەك كۆڭلەك بىلەن كەشتىلىك ئاياللار كۆڭلىكىنى ئېچىپ كۆردى ۋە مايماق

① نەكەل! ماڭا! نەكەل.

پاشنىلىق قىزىل بەتىنكىلەرنى ئېلىپ كۆرۈشكە باشلىدى. سۇبىتاي ئوپالىنخاغا يەڭسىز كۆڭلەكنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ، ماۋۇنى كىيگىن، دېگەندەك ئىشارە قىلدى.

— ئوقتۇڭمۇ؟ تېز! — دەيتتى ئۇ تاقەتسىزلىك بىلەن.

ئوپالىنخا كۆز ئالايتىپ تۇرۇپ:

— ھەي، رەھىمسىزخان، بۇلارنى ماڭا بېرسەڭ دېگۈچە، ماۋۇ ۋېشنيانكىنى كىيىندۇرسەكچۇ! مەن بۇنداق تۈرلەر كىيىدىغان ئېسىل كىيىملەرنى كىيىپ نېمە قىلاتتىم، — دېدى.

— ھەي! مەن ياشلارنى ئانچە ياقتۇرمايمەن! — دەپ رۇسچە سۆزلىدى سۇبىتاي قاپىقىنى تۈرۈپ، بېشىنى چايقىغان ھالدا.

— بۇنىڭ قۇۋۇلۇقىنى قارا! بىزچە سۆزلەۋاتقىنىنى كۆردۇڭمۇ ... — دېدى ئوپالىنخا سۇبىتاينىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن.

ئوپالىنخا پەشىنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈپ، يەڭسىز كەڭ كۆڭلەكنى تېزلا كىيىۋالدى - دە، ئۇنىڭ پۈرۈلگەن يەرلىرىنى تۈزەشتۈردى، ئاندىن ئايىغىغا ئادەم ھەيران قالغۇدەك قىزىل بەتىنكىنىمۇ كىيىۋالدى.

— بېرى كەل! ئوقتۇڭمۇ، بېرى كەل دەۋاتىمەن! — دېدى سۇبىتاي ئۆزى بىلىدىغان رۇسچە سۆزلەرنىڭ ھەممىسىنى ئىشلىتىشكە تىرىشىپ.

ئوپالىنخا دەرھال ئۇنىڭ قېشىغا يېقىن باردى.

ئۆزۈن ئورۇندۇققا سېلىنغان ياغاق تېرىنىڭ ئۈستىدە خىلمۇ خىل ئېسىل تاشلاردىن ۋە ئالتۇن - كۈمۈشتىن ياسالغان بىلەيزۈك، ئالتۇن قاداق، ھالقا، ئۈزۈككە ئوخشاش بۇيۇملار تىزىلىپ ياتاتتى. سۇبىتاي ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ساپ تىللادىن ياسالغان بىر دانە ئالتۇن زوننار، ئۇنچە - مارجان

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

لاردىن گۈل چېكىلگەن يىپەك ياغلىق ۋە بىرقانچە ئالتۇن بىلەيزۈكلەرنى تاللىۋېلىپ، ئوپالىنخاغا سۇندى - دە، ئىنجىقلاپ تۇرۇپ:

— تېز، تېز! — دېدى.

ئوپالىنخا سېيقىدا كۈلۈپ قويۇپ، ئېغىر ئالتۇن زۇننار-نى بېرىنىغا ئاستى، جالالىرى تۆكۈلۈپ تۇرغان ياغلىقنى ماڭلىيىغا چۈشۈرۈپ تېڭىۋالدى - دە، كۆزلىرىنى ئوينىتىپ، قاشلىرىنى سىزۇپ قەھرىلىك قىماندانغا يەر ئاستىدىن قاراشقا باشلىدى. ئاندىن كېيىن بىر ئاز كەينىگە داجىپ ئېڭەكىنى ئېگىز كۆتىرىپ، ئىككى قولى بىلەن بېلىگە تايانىدى ۋە بىر ئېچىلىپ بىر تۈتۇلغاندەك قىياپەتتە سىپايە مېڭىپ كېلىپ خۇددى تىيىلاردىكىدەك ئۇسسۇلغا چۈشتى. ئۆز ۋاقتىدا ئوتالاي تىيىلاردا ئاشۇنداق ئۇسسۇللارنى ئوينىغانىدى. ئۇنىڭ بۇ قىياپىتىنى كۆرگەن ۋىشنيانكىنى كۈلكە قىستاپ ئىككى قولى بىلەن ئاغزىنى تىسۋالدى.

— ۋاۋۋ، ئەخمەق شەيتاننىڭ قىلىۋاتقان قىلىقىنى قاراڭلار؟ — دېدى ئوپالىنخا.

سوبىتاي يانپىشىغا ئۇرۇپ تۇرۇپ، جىرتاق كۆزىنى ئوپالىنخادىن ئۈزمەي قارايتتى ۋە بىر خىل خۇش چىراي بىلەن مىڭغۇلچە:

— كىرلىتى! كىرلىتى! — دەيتتى. بۇ سېنى ياخشى كۆرىمەن، دېگىنى ئىدى.

ئوپالىنخا ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىغا بېرىپ توختىدى - دە:

— بەس! ئاز - تولا ئويۇن - كۈلكە قىلدۇق، ئەمدى نان پىشۇرۇش كېرەك! — دېدى ۋە قاپىقىنى تۈرۈپ، ئوستىدىكى چىلاق يەك كۆڭلەكنى يېشىشكە باشلىدى.

سوبىتاي بېشىنى چايقاپ قولىنى شىلتىپ تۇرۇپ:

— بىلدى! يەشمە! ئۇ ساڭا بەرگەن مۇكاپاتىم... ئۇقتۇڭمۇ؟ ساڭا...— دېدى.

سۇبىتاي بىر نەرسىنىڭ تەۋشىنى سەزگەندەك تېساتتىن ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ، دېرىزىگە تايىنىپ تۇرۇپ سىرتقا قۇلاق سالدى، كېچىدا: «رۇسلار! رۇسلار!» دېگەن ۋارقىراشلار ئاڭلانماقتا ئىدى. كۆزەتچىلەر مىس قالقانلىرىنى داراڭلىتىپ داڭ ئۇرماقتا ئىدى.

سۇبىتاينىڭ چىرايى تۇتۇلۇپ، رەڭگى ئۆزگىرىپ كەتتى. ئۇ بەكسى بىلەن مىس قاڭالتىرنى جىرىڭلاتتى-دە، ئورۇندۇق ئۈستىدە يېيىلىپ تۇرغان، ھالقىلارنى سىيپاپ يىغىۋېلىپ خۇرجۇنغا سالدى. ئايال بىلەن كارىمۇ بىلماي بىر پۇتىنى سۆرەپ دەسسىگەن پېتى ئۆيدىن چىقىپ كەتتى.

ئوپالىنخا قېرقۇپ كەتكەن ۋېشنيانكىنى قۇچاقلاپ تۇرۇپ سىرتتىكى ئۇپۇر-تېپۇرگە قۇلاق سالاتتى. جىمىپ كېلىۋاتقان ئاتلارنىڭ دۈپۈر-دۈپۈرى، مىڭغۇللارنىڭ ۋارقىراش-جارقىراشلىرى ئاستا-ئاستا يىراقلاپ بىر ئازدىن كېيىن بېسىلىپ قالدى.

ئوپالىنخا ئىشىكتىن بېشىنى چىقىرىپ ئەتراپقا قاراپ باقتى-دە:

— ھەممىسى بىر ياققا چېپىپ كېتىشتى... ۋېشنيانكا تېز بول! قاچساق ھازىر قاچايلى! بىلمىسا تۈگىشىپ كېتىمىز...— دېدى.

ئۇ ئالدىراش ئۈستىدىكى يېڭى يېرىق يېپەك كۆڭلەكنى يەشتى-دە، پۈكلەپ-پۈكلەپ ئۈستەل ئۈستىدىكى خىلمۇخىل ئېسىل نەرسىلەر بىلەن قىزىل بەتىنكىنىڭ ئۈستىگە تاشلىدى.

قېرقۇۋاتىمەن! — دېدى ۋېشنيانكا ئالدىراش-تېنەش كىيىنىۋېتىپ، — تۇتۇلۇپ قالساق شورىمىز قۇرۇيدۇ، دېگىنە،

قىسىق كۆزلەر بىزنى ئانچىلا جەبىرلەپ كەتمىگەنىدى... ئەمدى تىرىك پېتى ئوتقا تاشلىشى مۇمكىن.

— ئۆلىنىڭ ئىشىمپ - تىشىمپ تۇرغان بايلىقىنىڭ بىزگە كېرىكى يوق! — دېدى ئوپالىنخا قىزىنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ.

ئوپالىنخا ئۈستىدىكى كىيىنىمى كاناپ كۆڭلەكنى تۈزەشتۈرۈپ، توشقان جۇۋىسىنى يېپىنچاقلىۋالدى. پۇتىغا كەشىنى كىيىپ، بېشىغا ياغلىقنى تارتىپ چەگدى. ۋېشنىيانكمۇ تەييارلىنىپ بولغانىدى.

— ئانداق بولسا كەتتۇق!... خۇدايىم بۇيرۇسا، ئۆز ئادەملىرىمىزگە قېشۇلۇۋالارمىز!... — دەيتتى ئوپالىنخا.

ئىككى ئايال ئەپلەپ ئۆيدىن چىقتى - دە، ئىشىكنى چىڭ يېپىپ كەتتى. ھويلىدا تۇرغان پەشنىڭ يېنىدا بولدۇرۇلغان خېمىر ياغاچ تۇگىدىن تۆكۈلگەن پېتىچە قالدى.

## بەشىنچى باب

## باتۇنى قوغلاش

ھەممىلا جايدا: «دۈشمەن كۆيدۈرۈپ كەتكەن زېمىننىڭ ۋەيرانىلىقىدىكى ئوت كەتكەن چېركاۋنىڭ غۇلاپ چۈشكەن قوڭغۇراقلىرى خۇدانىڭ قۇدرىتى بىلەن داڭلداپ سىرقۇلۇپتۇ» دېگەن رىۋايەت تارقىلىپ يۈردى... كىشىلەر ئارىسىدا يەنە: «يەردە ياتقان يىغىن قىرغىنقى گۈللەر ئارىسىدىن ئۆزىچىلا يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، داڭ - دۇڭ قىلىپ رېزان خەلقىنى تاتارلارغا قارشى كۈرەشكە چاقىرىپتۇ» دېگەن گەپ - سۆزلەرمۇ بار ئىدى.

دۈشمەن قىرغىنچىلىقىدىن پارچىلىنىپ كەتكەن رۇس

ئېلىنىڭ ئورغۇن يەرلىرىدىكى خەلقلەر قوزغىلىشقا باشلىدى. كىشىلەر: «قېلىن ئورمانلىقلاردا يوشۇرۇنۇپ يۈرگەن دېھقانلار ئادەم يىغىپ، قوشۇن تەشكىللەپتۇ، ئۇلارنىڭ باشلىقى يېۋپاتىي كولوۋرات دېگەن باتۇر يىگىت ئىكەن، ئۇ ئورمان يوللىرىنىڭ، دالانىڭ ھەممە ئوي - چوڭقۇرىنى بەش قولدەك بىلىدىكەن، ئۇنىڭ قوشۇنلىرى موڭغۇل باسقۇنچىلىرى بىلەن ئېلىشىپ، ئۇ يەر يۇتقۇرلارنىڭ قوشۇنلىرىنى پۈتۈنلەي تار - مار قىلىپتۇ.» دېيىشىپمۇ يۈرەتتى.

بۇ كەپلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئەزەلدىن بۇيان ئورماننى ماكان تۇتۇپ كەلگەن دېھقان، ئوۋچى، چارۋىچى، قىسقىسى قورال تۇتالىغۇدەك بارلىق ئادەملەرنىڭ ھەممىسى ھەرىكەتكە كەلدى. ئۇلار توخماقلارنىڭ ئۇچىغا ئۆتكۈر پىچاق، خەنجەرلەرنى، سۇنۇق چالغا، ئورغاقلارنى بېكىتىۋېلىپ، تۆمۈر ئارا ۋە نەيزىلىرىنى ئوچلاپ، پالتىلىرىنى بېلىگە قىستۇرۇپ، ئېيىق ئوۋلىغۇچى يېۋپاتىينىڭ قوشۇنىنى ئىزدەپ سەپەرگە ئاتلاندى.

ئۇلار شۇنداق قىلىپ يۈرگەندە، يېۋپاتىي كولوۋرات باتۇ لەشكەرلىرىنىڭ ئىزىدىن قوغلاپ، شىمالغا قاراپ كېتىپ باراتتى.

يېۋپاتىي قوشۇنىغا ئۆز ئىختىيارى بىلەن قوشۇلغان كىشىلەرنى ئونلۇق ۋە يۈزلۈك قىلىپ بۆلەكلەرگە بۆلۈپ، ئۇلارنىڭ ھەرقايسىسىغا ئاتامانلارنى بەلگىلىدى. يېۋپاتىي ئۇلارغا ھېلىگەر، ھەم سىنچى دۈشمەنگە قارشى قانداق جەڭ قىلىشنى، تاتارلارنىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشۈپ قالماسلىق ئۈچۈن قانداق تاكتىكا ئىشلىتىشنىڭ ئاماللىرىنى ئۆگەتتى. يېۋپاتىي قوشۇنلىرىنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمىلا ئاتلىق بولۇپ، قالغانلىرى پىيادە ئىدى. يولدا بۇ پىيادە قىسىملارغا ئاتلىقلارنىڭ

كەينىدە قالماسلىق ئۈچۈن خېلى يەرلەرگىچە يۈگۈرۈپ مېڭىشقا توغرا كېلەتتى.

يېۋپاتىي دۈشمەن بىلەن ئېلىشىشقا ئالدىرايتتى. ئۇ يولدا ئۇچرىغان كىشىلەردىن باتۇنىڭ قانلىق ئىزىنىڭ قايسى تەرەپكە يۆلەنگەنلىكىنى سوراشتۇراتتى. ئۇ بەزىدە ئورمانلىقلاردا ئاز ۋاقىت توختاپ قوشۇننى دەم ئالدۇراتتى. ئۇنىڭ بۇنداق قىلىشىمۇ يەنىلا سەپەر جەريانىدا ئادەملىرىگە ئوزۇق - تۈلۈك، ئۇلاغلىرىغا يەم - چۆپ تېپىپ، ئەشەددىي دۈشمىنى پادىشاھ باتۇخاننى تېزرەك قوغلاپ يېتىش ئۈچۈن ئىدى.

بىر كۈنى كۆزەتچى لەشكەرلەر ئورمانلىقتىن ئىككى مۇناخنى① تۇتۇپ كەلدى. ئۇچىسىدىكى ئۇزۇن قارا چاپىنىنىڭ ئېتەكلىرىنى تۈرۈپ بەلبېغىغا قىستۇرۇۋالغان، يۈك خالتىلىرىنى دۈمبىسىگە ئارتىۋالغان بۇ ئىككى مۇناخ جەنۇبتىكى قىپچاق دالاسىغا قاراپ كېتىۋاتقانىكەن.

ئۇلارنىڭ ئىنچىكە تاياقتەك كەلگىنى ئالدىدا راۋرۇس قەدەم تاشلاپ كېتىپ بېرىپتىكەن. پاكارراق دوغىلاق كەلگىنى بولسا، ياشاڭغىرىغان قىزىل كۆزلىرىنى دۆلدۈرلىتىپ، قولىدىكى ھاسىسىنىڭ ئۇلمەك بېشىنى ئالدىدىكى ھەمراھىنىڭ بەلبېغىغا ئىلمىۋېلىپ، ئۇنىڭ ئارقىدىن سۆرۈلۈپ كېتىپ بېرىپتىكەن.

— سىلەرنى قەيەرگە ھەيدەپ كېتىپ باردۇ؟ — دېدى باۋلا ئۇلارغا. — ئۇستۈڭلاردىكى چاپانلىرىڭلارنىڭ بىرىنىڭ ئۇچىسىدىن يەشتۈرۈۋالغاندەك ئۇچاڭلارغا توغرا كەلمەي، شالاقلاپ تۇرغىنى نېمىسى؟

قىزىل كۆز مۇناخ سېرىق ساقىلىنى سىيپاپ قويۇپ ئالدىغا

① مۇناخ — راھىب.

چىقتى - دە، ئۆزلىرىنى تۇتۇۋالغان كىشىلەرگە باش ئېگىپ تەزىم قىلدى.

— ئىنىلىرىم ئىشەنسەڭلەر، ئاللەمگە پاتماي كېلىۋاتقان ئەشەددى ياۋۇز تاتارلاردىن قېچىپ كېلىۋاتىمىز. ئۇلار ھېلىھەم يەر يۈزىدە تىرىك جان قويماي، كۆزگە كۆرۈنگەننىڭ ھەممىسىنى قىرىپ - چېپىپ، يەر - جاھاننى سۈپۈرۈپ كەلمەكتە.

— ماۋۇ ئۇزۇن چاپانلارنى شۇنىڭ ئۈچۈن كىيىۋاپسىلەر - دە؟

— بۇ ئۆزىمىزنىڭ چاپىنى ئىكەنلىكى بىر خۇداغا ئايان. ئاچلىقتىن قۇرۇق ئۇستىخان بولۇپ ئۆلەي دەپ قالغان ئادەملەرنىڭ كىيىمى ئېتىگە ئەت بولۇپ، بەدىنىگە چاپلىشىپ تۇراتتىمۇ؟ ئورۇقلاپ كەتكەنلىكتىن كەڭ كېلىپ قالغان - دە! — دېدى ئېگىز بويلۇق مۇناخ ئاياللارنىڭكىگە ئوخشاش ئىنچىكە ئاۋازىنى سوزۇپ چىقىرىپ، — ئاھالە ھېشنى يوقاتتى، مال - مۈلكىدىن پۈتۈنلەي ئايرىلىپ نامراتلىق ۋە خەيرىچىلىككە ئۆتتى. ئۇلار ئۆتكەندىكىدەك روھانىيلارغا، دىنىي ئادەملەرگە ئىززەت - ھۆرمەت كۆرسىتىپ، رەھىم قىلالمايدىغان بولدى. بۇ قېتىم يولدا كېلىۋېتىپ كۆرمىگىنىمىز قالمىدى. ھازىر يۈز بېرىۋاتقان ۋەقەلەر ئادەم تۇرماق تىلسىز ھايۋاننى ياكى جانسىز قارا تاشلارنىمۇ ھۆڭ - ھۆڭ يىغلىتىۋېتەر! زور ئاپەتكە، ئېيتقۇسىز زور بالا - قازاغا ئۇچرىدۇق!... يائاللا قانداق زامان بولۇپ كەتتى!... — دېدى مۇناخ ياش ئەگىگەن كۆزلىرىنى سۈرتۈپ تۇرۇپ.

— ئانداق بولسا، نەگە قاراپ كېتىۋاتىسىلەر؟ ئەجەلدىن قېچىپ كېتىپ بارامسىلەر؟ ياكى ئەجەلنى قوغلاپ كېتىپ بارامسىلەر؟ — دېدى باۋلا بۇيرۇق ئاھاڭدا.

— ئۇنداق دېمە، يامان بولىدۇ، بۇرادەر!... مۇشۇ مېڭىشىمىزدا كيىۋقا كېتىپ بارىمىز. كىشىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

يەردە بىزگە ئوخشاش مۇناخلار ئاچ-يالىڭاچ، قېچىپ-مۆكۈپ يۈرمەيدىغان ئوخشايدۇ. بەلكى مۇناستىر ئۆيلىرىنى پاناھلاپ، ئىززەت-ئىكرام بىلەن خۇداغا سېغىنىپ، خاتىرجەم تۇرىدۇ، دەيدۇ... چۈنكى، ئۇ يەردىكىلەر خۇدادىن قورقىدىغان سوپى، تەقۋادار ئادەملەر ئىكەن. نا ئەھلى تاتارلار ئۇ يەرلەرگە تېخى يېتىپ بارالمىغان ئوخشايدۇ. ئۇ يەردىكى كىشىلەر تاتارلار توغرىسىدا ھېچنېمە ئاڭلىمىغان بولسا كېرەك.

— سىلەر ئۆزۈڭلار، قولۇڭلاردا پالتا تۇتۇشنى بىلەمسىلەر؟ ياكى پالتىلىرىڭلارنى پەشنىڭ ئارقىسىغا تىقىپ قويۇپ قېچىپ كېلىۋاتامسىلەر؟ — دەپ سورىدى باۋلا.

— دۇنياغا تۆرەلگەندىن بېرى قولىمىزغا پالتا ئېلىپ باققان كىشىلەر ئەمەسمىز. بىزگە بۇ دۇنيانىڭ ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىشقا ۋاقىت نەدە! بىز خۇدا يولىدا مېڭىپ، ئۇ دۇنيادا سەپەر قىلغان كىشىلەرنىڭ بېشىدا ئايەت ئوقۇپ پەتە قىلىشنىلا بىلىمىز، ئۇندىن باشقا قولىمىزدىن ھېچنېمە كەلمەيدۇ.

— يۇرت بېشىغا يامان كۈنلەر چۈشۈپ، قانلار سەل بولۇپ ئېقىۋاتقاندا، مۇڭغۇللار كىچىك نارەسىدىلەرگىچە ئايىماي چىرقىرىتىپ ئوتقا تاشلاۋاتقاندا، سىلەرنىڭ جېنىڭلار كىمدىن ئارتۇق ئىدى شۇنچە! — دېدى زۇيا ئاچچىقلىنىپ، — ھازىر ئۆز ئېلىنى قوغداش ئۈچۈن ئاتلانمىغان ئادەم قالمىدى. سىلەردەك تالاي مۇناخلارمۇ سەرۋازلارغا قوشۇلدى. بىزنىڭ قوشۇنىمىزدىمۇ راتىبىر دېگەن قېرى مۇناخ بار. ئۇندىن باشقا يەنە تۆت مۇناخ بۇرۇنقى دىني كىيىملىرىنى يېشىپ تاشلاپ، ئۇچىسىغا قەدىمكىدەك قارا پەرىجە كىيىپ قوللىرىغا ئارا، نەيزە ئالدى. يۇرتنىڭ ھەممىسى شۇنداق قىلىۋاتسا، سىلەر ئۆز جېنىڭلارنىڭ غېمىنى يەپ، قېچىپ-مۆكۈپ يۈرسەڭلار بولامدۇ؟

— سەن ھارام تاماقلارنىڭ ئەمدى ھېچكىمگە كېرىكىڭلار

يوق، ھېچكىمگە پايدىڭلارمۇ تەگمەيدۇ. جېنىڭلارنىڭ بارىدا ئېيتىڭلارچۇ، تاتارلارنى قەيەردە كۆردىڭلار؟

— ئۇلار ھازىر سۇزدال ئەتراپىدا يۈرىدۇ، تۇغقانلار! ئۇ يەردە تاتارلار بىلەن موڭغۇللار چۇمۇلىدەك مىغىلداپ قاپلاپ كەتكەن. ئەيسانىڭ ئۇممەتلىرىنى جەبىرلەپ، خورلاپ، يەر ـ جاھانغا ئوت قويماقتا.

— ئۇلار ھېچنەرسىدىن قورقمامدىكەن؟

— كىمدىن قورقاتتى؟ سۇزدال كىنەزى گېئورگى ۋسېۋالودوۋىچ يىراقلارغا كېتىپ قاپتۇ. ھازىر ئۇ ئورمانلاردا زور قوشۇن توپلاۋاتسا كېرەك. ئۇنىڭ ئۆز جايىدا قالغان لەشكەرلىرى شەھەر ـ شەھەرلەرگە بۆلۈنۈپ مۇستەھكەم قورغانلارغا جايلىشىپ، شۇنىڭ ئىچىدە تىقىلىپ ياتقۇدەك، دېيىشىدۇ. شۇڭا ھازىر ئۇلارنى «تاق، پۇش» دېگۈدەك ھېچكىم يوق. سادىغاڭ كېتەيلەر، يۈرەك قانغۇدەك بىرەر نېمەڭلار يوقمۇ؟ بار بولسا ئامان بولمايتتى.

— بىلىمدۇ! ئانداق بولسا، ئوتقا يېقىن كېلىپ ئولتۇرۇڭلار، بەلكى بىرەرسىنىڭ سىلەر بىلەن تەڭ ـ تالاش قىلغۇدەك ئازدۇر ـ كۆپتۇر بىرەر نېمىسى چىقىپ قالار.

ئىككى مۇناخ تەڭلا دېگۈدەك ئارقىسىغا ئارتىۋالغان خالتىلىرىنى يەرگە قويۇپ، ئوت سۇنۇپ ئولتۇردى. ئوت ئۈستىدە قاپقارا كۈيە بولۇپ كەتكەن كورا ۋاراقلاپ قايناۋاتاتتى.

— نېمە قاينىتىۋاتىسىلەر؟

— كۆرمەيۋاتامسەن، بېلىق قاينىتىۋاتىمىز.

— بېلىق دەمسەن؟ ياخشى بولدى ـ دە. تەۋەررۈك شورپا! مۇشۇنداق قېلىن ئورماندا نەنىڭ بېلىقى ئۇ؟

— بېلىق بولغاندىمۇ قاندىقى دېمەمسەن؟ — دېدى ئۇنىڭغا باۋلا، — كۈنلەرنىڭ بىرىدە نەق مۇشۇ ۋاقتىنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكىتى
www.uyghurkitap.com

ئۆزىدە، ئۇشۇ ئورماننىڭ ئارىسىدىن بىر چورتان بېلىقى بىلەن بىر ئاق بېلىق كېتىپ بارغانىكەن. تويۇقسىز ئورمانلار غۇلاپ چۈشۈپ، بېلىقلارنىڭ قۇيرۇقىنى بېسىۋاپتۇ. ئاشۇ قۇيرۇق بىزگە ئولجا قالغان.

— خۇدا، ئۆزۈڭ ساقلا، تېخى بۇنداق كېلىشمەسلىكلەرمۇ بولىدىكەن - دە! — دېدى ئېگىز بويلۇق مۇناخ كورىنغا ئېگىشىپ قاراپ.

ئۇ شۇنداق بىر پەس قاراپ تۇرغاندىن كېيىن بېشىنى كۆتۈرۈپ:

— كوراڭلاردا بېلىق تۇرماق شەيتانمۇ يىرقتۇ! — دېدى.

— شۇنداق، يوق بولسىمۇ يىرقتۇر. لېكىن كىرىدا يوق چورتاننىڭ قۇيرۇقى سېنىڭ خالتاڭدىن چىقىپ قالامدۇ - قانداق! ئانداق بولغاندىن كېيىن بىرى ئەكەل، كورىنغا سال!

مۇناخ ئامالسىزلىقتىن ئارقىسىدىكى خالتىسىنىڭ ئاغزىنى ئىنجىقلاپ تەسلىكتە ئېچىپ، ئۇنىڭ ئىچىدىن تېڭىلاپ قېتىپ قالغان چورتاننى سۇغۇرۇۋالدى - دە، لەشكەرلەرنىڭ ئالدىغا تاشلىدى.

— ساخاۋەتلىك بىر ئادەم يولدا زوقۇم قىلارسىلەر، دەپ بەرگەنىدى. يولىمىز تېخى ئۇزاق. تالاي كۈنلەر يول يۈرۈشىمىز كېرەك... شۇنداق بولسىمۇ يېسەڭلار يەڭلار. تۇغقانلار، پەقەت بىزنى قويۇپ بەرسەڭلارلا بولىدۇ! — دېدى مۇناخ.

باۋلا قولىچىدىن پىچىقىنى سۇغۇرۇۋالدى - دە، بېلىقنىڭ قاسىرقىنى قىرىۋېتىپ، پارچىلاپ كورىنغا سالدى.

— ھەتتەك، بۇنىڭغا ئاز - تولا ئۇن قوشۇۋەتسەك ئەبەپ بەلەن شورپا بولار ئىدى - ھە! بەلكى تۇزۇڭمۇ باردۇر؟ — دېدى باۋلا.

— يېرىم ئوچۇملا بار ئىدى...

— ئانداقتا تۆزۈڭنىمۇ ئەكەل، خېلىدىن بېرى تۆز تېتىـ
مىغانىدۇق، شورپىمىز تەملىك بولسۇن.

ئېگىز مۇناخ ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ خالتىسىدىن خالـ
تىغا تۆكۈلگەن تۆزنى ئېلىپ ئۇنىڭدىن كۆرىنغا ئازراق سەپتى - دە،
قالغىنىنى خالتىسىغا تىقىۋەتتى. ئاندىن كېيىن ئۇلارنىڭ
ئىككىلىسى قوللىرىغا ياغاچ قوشۇق ئېلىپ كورىنىنىڭ يېنىدا
زوڭزىيىپ ئولتۇردى.

— نىمانچىلا ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ كەتتىڭ ئاتا! —
دېدى زۇياگا، — يۇرت ئۇنىڭدىن چوڭ نېمىلىرىدىن ئايرىلىـ
ۋاتقاندا، بىر چىمدىم تۆزۈڭنى ئاياپ كەتتىڭمۇ؟ بۇ بىر ئوچۇم
تۆزنى ئاخىرەتكە ئۆزۈڭلار بىلەن ئالغاچ كەتمەكچىمىدىڭلار - يە!

— ۋاي - يەي ئاياپ نېمە قىلاتتۇق! ئېلىۋېرىڭلار! —
دېدى مۇناخلار قورقانلىقىدىن، — زادى سىلەردىن سىرايدىـ
غىنىمىز، شورپىنى ئىچىۋالغاندىن كېيىن مۇشۇنداق ئامان -
ئېسەن ۋاقتىمىزدا بىزنى قىيىپ بەرسەڭلار ئىكەن. بىزدەك
بىچارىلەرنى تۇتۇۋېلىپ نېمە قىلىسىلەر، سىلەرگە دۇئا قىلايلى،
بەلكى ئۇنىڭ ساۋابى بولار!

— سىلەرنى تۇتۇۋېلىپ نېمە قىلاتتۇق. ئاغرىق بېشىمغا
ئالتە تاياق، دېگەندەك بىزگە سىلەرنىڭ نېمە پايداڭلار، نەگە بارـ
مەن دېسەڭلار، ئىختىيار ئۆزۈڭلەردە! — دېدى باۋۇلا كۈلۈمسىرەپ.

باۋۇلانىڭ ئاخىرقى سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، ئىككى مۇناخ
ئورنىدىن سەكرەپ تۇردى - دە، بايىقى «شورپا ئىچىپ...»
دېگەنلىرىنى ئۇنتۇپ، بالادىن قۇتۇلغان كىشىلەردەك ئالمان -
تالمان چىقىنىشقا باشلىدى. ئاندىن چۆرىدەپ ئولتۇرغان كىـ
شىلەر بىلەن ئالدىراپ - تېنەپ خوشلىشىپ، ئالدى - كەينىگە
قارىماي يۈرۈپ كەتتى.

ئۇلارمۇ كېتىشى بىلەنلا باياتىن بېرى ئۆزلىرىنى ئاران

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئۆتۈپ تۇرغان سەرۋازلار پاراخلاپ كۈلۈپ كەتتى. سەرۋاز بىلىق شورپىسىنى ئەمدى ئىچمەكچى بولۇپ تۇرۇشىغا، دەرەخلەر ئارىسىدىن ئىتىنى يېتەكلەپ كېلىۋاتقان يەنە بىر يولۇچى كۆرۈندى.

— كېلىۋاتقان قايسىڭ؟ — دەپ ۋارقىرىدى كۆزەتچى.

— كىرلومنادىن كېلىۋاتقان خەۋەرچىمەن.

— ياخشى كەپسەن! ھازىر بىزگە كېرىكىمۇ نەق سەن ئىدىڭ. ياخشى بولدى. يۈز باشلىقىنىڭ قېشىغا بارايلى!

دەرەخلىك ئوتتۇرىسىدىكى سەينادا ئوت لاۋۇلداپ يانماقتا. ئېرىراق يەردە بىر توپ ئات باغلاقلىق تۇرۇپتۇ. بىرمۇنچە لەشكەرلەر ئوت سۈنۈپ ئولتۇراتتى. لەشكەرلەر ئىچىدىكى كالتە جۇۋا كىيگەن بىرى ئۆتۈكىنى ياماۋاتاتتى. يەنە بىرى پالتىسىنى تاشقا سۈركەپ بىلەۋاتاتتى. ئۈچىنچى بىرى بولسا، قانداقتۇر بىر ھېكايىنى ئېيتماقتا ئىدى:

— شۇ چاغدا رۇس پالۋىنى ئاليوشا بىلەن پېچىنىگ دېگەن يەرنىڭ داڭلىق پالۋىنى رىدىيا تۇتۇشۇپ قاپتۇ. ئۇ بار كۈچىنى يىغىپ ئاليوشانىڭ كۆكرىكىگە ئۇرماقچى بولۇپ تۇرغاندا، ئاليوشا پوپوۋىچ رىدىيا پالۋاننىڭ كېلىنى بوغۇپ، قامقاقتەك كۆتۈرگەن پېتى يەرگە بىر ئۇرغانىكەن، رىدىيا پالۋان تىن تارتماي ئۆلۈپتۇ! — دەيتتى ئۇ.

ئۆزلىرى تەرەپكە كېلىۋاتقان ئادەمنى كۆرۈپ يىگىت ھېكايىسىنى توختاتتى. ئولتۇرغانلارنىڭ ھەممىسى يېڭى كەلگەن ئادەمدىن كۆز ئۈزمەي قاراپ تۇراتتى. ئۇ تېخى بۇرۇتىمۇ چىقمىغان ياش بالىلاردەك بىر يىگىت بولۇپ، ئۈستىگە ساۋۇت، پۇتىغا ئۆزۈن قىنچلىق بولغار ئۆتۈك كىيىۋالغانىدى. ئۇنىڭ يېتەكلەپ كېلىۋاتقان ئىتىنىڭ سۆڭىكى ئىنتايىن قاملاشقان، چىرايلىق ئات بولسىمۇ، ئورۇقلاپ قورۇق ئۈستىخانغا ئايلىنىپ قالغانىدى.

— ئېتىڭنىڭ بوپ قالغىنىغا قارىغاندا، خېلى ئۇزاق يول باسقاندەك تۇرىسەن، يولۇڭ بولسۇن، نەدىن كېلىۋاتىسەن؟ — دېدى يولۇچىغا ئوت قېشىدا ئولتۇرغانلاردىن بىرى.

— كولىمنادىن كېلىۋاتىمەن، ئۇلۇغ كىنەز گېئورگىگە خەۋەر يەتكۈزمەكچىمەن.

— ئۇنداق بولسا، مۇنچە ئايلانما يوللار بىلەن ماڭغىنىڭ نېمىسى؟ — دېدى ھېلىقى ئۆتۈك ياماۋاتقان لەشكەر.

— ھەممە يەرنى تاتارلار قاپلاپ كەتكەن. ئوڭايلا ئۇلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالىسەن. شۇڭا ئايلىنىپ يىراق يوللار بىلەن مېڭىشقا توغرا كەلدى!

— بالام، سېنى بىر يەردە كۆرگەندەكلا قىلىمەنغۇ، چىرايىڭ تونۇشتەكلا تۇرىدۇ، ئىسمىڭ نېمە؟ كىمنىڭ بالىسىسەن؟

— مەنمۇ سېنى تونۇۋاتىمەن، — دېدى كەلگەن يىگىت، — ئۆز ۋاقتىدا پەرونوۋبورغا ئېيىق ئوۋلاشقا كېلىپ يۈرەتتىڭغۇ؟ مېنىڭ دادام ساۋېلىي دىكاروۋ سېنىڭ بىلەن بىللە تالاي قېتىم ئوۋغا چىققانىدى. سالامەتمۇ سەن يېۋپاتىي كولوۋرات!

— ياپىر، سەن ھېلىقى كىچىككىنە تۇرۇپكامۇ سەن؟ چوپچوڭلا يىگىت بولۇپ كېتىپسەنغۇ! نېمىشقا ئۆرە تۇرىسەن، ئولتۇر!

تۇرۇپكا ئېتىنى دەرەخكە باغلاپ قويدى - دە، ئوتنىڭ يېنىدىكى بىر قۇچاق شاخ - شۇمبىنىڭ ئۈستىدە ئولتۇردى. شۇ ئارىدا ئۇ تاتارلارنىڭ كولىمنا بىلەن ۋلادىمىرنى قورشىۋالغانلىقى، ئۆزىنىڭ تۇتقۇندىن قېچىپ چىققانلىقى ھەتتا مۇڭغۇللار بىلەن تۇتۇشۇپ قالغانلىقى قاتارلىق ئىشلارنى بىرمۇ بىر سۆزلەپ بەردى. يېۋپاتىي ئۇنىڭدىن تاتار

قوشۇنلىرىنىڭ ھازىر قەيەرگە جايلاشقانلىقىنى، باتۇنىڭ يۈزلىنىشى قانداقلىقىنى سورىدى، تۇروپكا كۆرگەن - بىلگەنلىرىنى قالدۇرماي باشتىن - ئاياغ تولۇق سۆزلەپ بەردى.

يېۋپاتىي تۇروپكىنىڭ ئېيتىپ بەرگەنلىرىنى كۆڭلىگە پۈكۈپ ئالدى - دە، سەرۋازلىرىغا: «دەرھال شىمالغا قاراپ ئاتلىنايلى!» دەپ بۇيرۇق قىلدى.

## ئالتىنچى باب

### كېچىدىكى جەڭ

...بولساقمۇ بىز ئازلا سىلاۋيان،
زەربىمىز ئېغىر، ئەجەللىك ۋە دەل.
(ن.م.يازىكوۋ)

يېۋپاتىي يولدا ئۇچرىغان دېھقانلاردىن ئۇلۇغ كىنەز گېئورگى ۋسېۋولودوۋىچنىڭ سۇزدالدىكى داچىسىدا تاتار قوشۇنلىرى ئەيش - ئىشرەت، كەيپ - ساپا قىلىپ، خىيالىغا كەلگەن ئەسكىلىك ۋە بۇزغۇنچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدى. كىشىلەرنىڭ ئېيتىشىچە ئۇ يەردە بايراق قادالغان ۋە ئالاھىدە بەلگىلىرى بار بىرنەچچە ئاتاقلىق خانلارمۇ پەيدا بولۇپ قالغان.

«بەلكى ئۇ يەردە باتۇخاننىڭ ئۆزىمۇ بولۇشى مۇمكىن!.. ئامال قىلىپ، ھازىرنىڭ ئۆزىدىلا ئۇنىڭ جاجىسىنى بېرىش كېرەك. بىلمىسا ئەمدى ئۇنى ئۆمۈر بويى قولغا چۈشۈرەلمەيمەن...» دەپ ئويلايتتى يېۋپاتىي.

شۇنداق قىلىپ يېۋپاتىينىڭ قوشۇنى ئىككىگە بۆلۈندى-دە، ھېچنېمىگە قارىماي ئۇدۇل سۇزدالىغا قاراپ ئاتلاندى. ئاتلىق «شۇڭقار» لار ئەتراپىدا ئايلىنىپ يۈرگەن تاتار لەشكەرلىرىگە ئۇچراپ قالماسلىق ئۈچۈن ئادەم كۆپ ماڭمىدىغان يوللار بىلەن ماڭماي، چەتلەرنى ئايلىنىپ ماڭدى. پىيادە «كۆك قاشقىر» لار بولسا، ئورمان ئىچىدىكى يالغۇز ئاياغ چىغىر يوللار بىلەن توغرا كېسىپ ماڭدى.

يېۋپاتىي كىنەز داچىغا يېقىنلاپ كەلگەندە ئاتلىق چېرنىگوۋلۇقلارنى ئورمان ئىچىدە توختىتىپ، ئۆزى بىر ئاز ئىلگىرىلەپ ئورمان چېتىگە چىقتى.

ئېگىز ياغاچ تاملارنىڭ ئىچىدىن تاتار نېيىنىڭ ئۇزۇن-قىسقا ئاۋازى ئاڭلىناتتى. بۇ چاغدا قاش قارىيىپ تۇن پەردىسى يېيىلىشقا باشلىغانىدى. بىر چاغدا كىنەز سارىيىنىڭ دەرۋازىسىدىن يۈزچە ئاتلىق لەشكەر چىقىپ كەلدى. ئۇلاردىن بىرىنىڭ قولىدا تۇققۇز قۇيرۇقلۇق ئاق تۇغ بار ئىدى. مۇڭغۇللار ئاتلىرىنى قامچىلاپ، يولنىڭ قارلىرىنى تۇزۇتقان پېتى قاياققىدۇر كېتىپ قېلىشتى.

ئوبدان قاراڭغۇ چۈشۈپ، ئۆگەنگەن ئورماننىڭ ئۈستىگە سۈتتەك يورۇق ئاي كۆتۈرۈلگەندە، زۆيۇاگا يېۋپاتىينىڭ قېشىغا باردى.

— «كۆك قاشقىر» لار ھەممە ھازىرلىقنى پۈتتۈرۈپ جەڭگە تەييار تۇرماقتا، ئەمدى باشلىمامدۇق؟... — دېدى ئۇ.

— باشلاڭلار! — دېدى ئۇنىڭغا يېۋپاتىي، — بىراق، چۇقان سالماي، تۇيدۇرماي ھەرىكەت قىلىڭلار. ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن تۇيۇقسىز چۈشۈپ، ئاۋازىنى چىقىرىشقىمۇ پۇرسەت بەرمەڭلار!

سەرۋازلار دۈشمەن بىلەن ئاۋاز چىقارماي تۈن-تىنىسىز



١

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

جەڭ قىلدى. غەرق مەست ھالدا قاتتىق ئۇيقۇدا ياتقان تاتارلار نامەلۇم دۈشمەننىڭ قانداق كېلىپ قالغانلىقىنى خېلىغىچە ئاڭقىرالماي مەڭدەپ قېلىشتى. سارايىنىڭ كەڭ قورۇسى ئىچىگە كىرىۋالغاپ ئاتلىق لەشكەرلەر جان - جەھلى بىلەن دۈشمەننى قىرىشقا باشلىدى. لەشكەرلەرنىڭ ئۈستىدىكى تۆمۈر ساۋۇتلىرى كۈمۈشتەك پارقىراپ يالت - يۇلت قىلاتتى. ئۇلار قولىدىكى ئۇزۇن قىلىچ، يوغان چوماقلىرى بىلەن دۈچ كەلگەن دۈشمەننى بىر باشتىن غۇلىتىۋەردى. ئەتراپ جىمجىت. جىملىقنى پەقەت يارىدارلارنىڭ ئىڭجىقلىغان، زارلىغان ئاۋازلىرىلا بۇزۇپ تۇراتتى. بىر چاغدا:

— ئالۋاستى باستى! — دېگەن ۋارقىراش ئاڭلاندى. ئۇيقۇدىن چۆچۈپ ئويغىنىپ، ئەس - ھوشىنى يوقاتقان دۈشمەنلەر ۋالايمىقان ۋارقىرىشىپ، ئاشۇ بىر سۆزنىلا تەكرارلايتتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە بىرئاز ھوشىنى يىغىۋالغانلىرى ساراي قورۇسىدىن قانداق قىلىپ قېچىپ چىقىشنىڭ غېمىدە ئۇتتۇر كەلگەن تەرەپكە ئۆزىنى ئۇراتتى. قېچىپ دەرۋازىنىڭ ئالدىغا كەلگەنلىرىنى دەرۋازا ئالدىدا كۈتۈپ تۇرغان نامەلۇم دۈشمەن بىر چېپىش بىلەپ يەر چىشلىتەتتى.

لاۋۇلدىغان ئوت تېخىمۇ كۈچەيمەكتە ئىدى. قىر - چاپ تۈن بويى داۋام قىلدى. قۇرۇپ قاغجىراپ كەتكەن كونا ياغاچ ئۆيلەرگە تاراسلاپ ئوت تۇتاشماقتا. ئەتراپ ئوت شولىسىدىن خۇددى كۈندۈزدىكىدەك يورۇپ كەتتى. دۇنيادىن بىغەم ئۇخلاۋاتقان ۋاقتىدا تۇيۇقسىز قولغا چۈشۈپ قالغان مۇڭغۇللارنىڭ كۆزلىرى ئالا چەكمەن بىراۋۇپ، ماڭارغا يەر، كىرەرگە تۆشۈك تاپالماي، ئات، قوراللىرى بىلەن ئۆيلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇدۇل كەلگەن تەرەپكە يۈگۈرۈشمەكتە.

ئىككى تەرەپ بىر - بىرى بىلەن گىرەلىشىپ ئارىلىشىپ

كەتتى. شۇڭا ئۇلارنىڭ قايسىسى موڭغۇل، قايسىسى رۇس ئىكەنلىكىنى ئايرىش ئىنتايىن قىيىن ئىدى.

سەرۋازلار شۇ كېچىدىكى قىرغىن جەڭدە نۇرغۇنلىغان موڭغۇل لەشكەرلىرىنى قىرىپ تاشلىدى، بىراق ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ چىقىممۇ ئاز بولمىدى.

## يەتتىنچى باب

## بېرپىندەي سازلىقى

باتۇخان موڭغۇل قوشۇنلىرىنىڭ ئاپەتكە ئۇچرىغانلىقىدىن خەۋەر تېپىشى بىلەن سۇزدال ئەتراپىدا پاراكەندىچىلىك سېلىۋاتقان كۈچلىرىنى يىغىش ئۈچۈن تەرەپ - تەرەپكە نۆكەر ئەۋەتتى.

باتۇخاننىڭ بۇيرۇقى بويىچە بۇ لەشكەرلەر پراسلاۋل - زالىسكى شەھىرىنىڭ يېنىغا يىغىلىشى كېرەك ئىدى. ئاندىن كېيىن ئۇلار تەرەپ - تەرەپتىن ئاتلىنىپ، ئۇۋۇنى قاپساپ تۇتۇش ئۇسۇلى بويىچە يىراقتىن قورشاپ ياي شەكلىدە يۈرۈش قىلىپ، قورشاۋدىكىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئىسكەنجىگە ئالماقچى بولدى.

خەۋەرچىلەر باتۇخانغا تۇتۇلماس «ئۇچقۇر رۇس»لارنىڭ يەنە بىرقانچە قوشۇنلارنى يوق قىلىپ، پراسلاۋل - زالىسكى ئەتراپىدىكى قېلىن ئورمانغا كىرىپ غايىب بولغانلىقى توغرىسىدىكى يېڭى - يېڭى خەۋەرلەرنى پات - پات يەتكۈزۈپ تۇردى.

ئۇلار شۇنداق قىلىۋاتقاندا، يېۋپاتىي ئۆزىنىڭ سەرۋاز-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

لىرىنى باشلاپ شىمالغا قاراپ ئىلگىرىلەۋەردى. يول بويى تاتارلاردىن قېچىپ، ئورماندا پاناھلىنىپ يۈرگەن ئادەملەر كۆپلەپ ئۇچراپ تۇراتتى. يېۋپاتىي ئۇلاردىن تاتارلارنىڭ ئالغا ماڭماي، كەينىگە بۇرالغانلىقىنى ئۇقتى. بۇ خەۋەر يېۋپاتىينى ئويغا سېلىپ قويدى. شۇ ئارىدا تاتارلار ئۇيان - بۇياندىن كۆزگە چېلىقىشقا باشلىدى، يېۋپاتىي ئۇ يەر، بۇ يەردە قۇتراپ يۈرگەن بۇنداق موڭغۇل قىسىملىرى بىلەن دوقۇرۇشۇپ قېلىشتىن ساقلىنىپ، ئالغا قاراپ يولنى داۋام قىلىۋېرىش كېرەك، دېگەن نىيەتكە كەلدى. بۇ چاغدا ئۇلارنىڭ ئاتلىرىنىڭ يەم - چۆپى، ئادەملىرىنىڭ ئوزۇقى تۈگەي دەپ قالغانىدى.

يېۋپاتىي ئورمانلىقتىكى يالغۇز ئاياغ چىغىر يوللار ئارقىلىق مېڭىپ بېرىپ، بېرېندەي سازلىقى دېگەن يەردىن بىراقلا چىقتى. تروبېژ دېگەن دەريا ئەنە شۇ بېرېندەي سازلىقىدىن باشلىناتتى ۋە پېلېشېۋ كۆلى دەپ ئاتىلىدىغان كۆلگە بېرىپ قۇيۇلاتتى. يېۋپاتىينىڭ مەقسىتى — تاتار قوشۇنلىرىغا بىلىندۈرمەي ئاشۇ دەريانىڭ مۇز قاتقان ئىزى بىلەن يۈرۈش قىلىپ، ئوگلىچ شەھىرىگە بېرىش ئىدى.

ئۇلار شۇنداق كېلىۋاتقاندا، ئەينەكتەك پارقىراپ مۇز قاپلىغان سازلىقتا ئويلىمىغان يەردىن بىر توپ تاتار لەشكەرلىرى پەيدا بولدى. ئۇلار نەيزىلىرىنى ئالدىغا تىرەپ تۇتقان پېتى قېلىن ئورمانلىقتىن تۇيۇقسىز چىقىپ كەلدى - دە، يېۋپاتىينىڭ مۇز ئۈستىدە كېلىۋاتقان قوشۇنىغا قۇيۇندەك ئات سالدى. ئۇلارنىڭ مىنىۋالغان ئاتلىرى پاكار بولغىنى بىلەن كۈچلۈك ۋە چىداملىق ئىدى. تاتارلار سەرۋازلارغا يېقىنلاپ كېلىپ، ساداقلىرىدىن يامغۇردەك ئوق ياغدۇردى - دە، تۇيۇقسىز ئارقىغا بۇرۇلۇپ قۇيرۇقىنى خادا قىلدى. بۇ ئۇلارنىڭ

دۈشمەن ئارقىمىزدىن قوغلىسا، ئېچكىرى كىرگۈزۈپ ئالىمىز - دە، ئۇنىڭ بىلەن قىلتاققا چۈشۈرىمىز، دېگەن ھىيلىسى ئىدى.

يېۋپاتىي تاتارلارنىڭ بۇنداق ھىيلىسىنى خېلى بۇرۇنلا بىلەتتى، شۇڭا ئۇ قوشۇننى پىلىپشىپ كۆلگە قاراپ باشلاپ مېڭىۋەردى. يولدا يەنە بىر توپ تاتار لەشكەرلىرى ئۇچراپ قالدى. ئەمما ئۇلار بۇ قېتىم ئۇرۇش قىلىشنى خالىماي، ئاستا ئۇرمانلىققا چېكىنىپ كەتتى. يېۋپاتىي يەنىلا نىشاننى ئۆزگەرتمەي، داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلەپ، تروبېژ دەريا ساھىلىغا يېقىنلاپ كەلدى.

ئالدى تەرەپتە قېلىن قارىغاي بىلەن قاپلانغان ئېگىز بىر دۆڭلۈك كۆرۈندى. دۆڭنىڭ ئۈستىدىكى ئۇچۇقچىلىق بىر يەردە قەدىمىي خارابىلەر كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

— ئەنە ئاۋۇ قەدىمكى زاماندىكى بېرېندەي پادىشاھنىڭ سارايلىرى! ئۇ يەردە ئۆز زامانىسىدا ساقاللىرى تىزىغا چۈشۈپ تۇرىدىغان بېرېندەي پادىشاھ ئۆتكەنىكەن، — دېيىشەتتى سەرۋازلار بىر - بىرىگە.

خارابىنىڭ يېنىدىكى دۆڭلۈكتىن يەنە بىر تاتار قوشۇنى چىقىپ كەلدى، ئۇلارنىڭ ئەڭ ئالدىدا كېلىۋاتقان بىرى لەپىلدەپ تۇرغان ئاق تۇغ كۆتۈرۈۋالغانىدى.

بۇنى كۆرگەن يېۋپاتىي:

— ئەنە باتۇخاننىڭ ئۆزى كېتىپ بارىدۇ!... شۇڭقارلار، ئالغا! — دەپ ۋارقىرىدى. لەشكەرلەر قاتارلىشىپ دۆڭگە قاراپ ئات سالدى.

چېرنىگوۋلۇق يولداشلىرىغا ياردەم بېرىشكە دائىم پەرمانبەردەر بولغان پىيادە سەرۋازلار بىر خىل سۈرئەتتە مېڭىشنى داۋام قىلماقتا ئىدى. شۇ چاغدا دۆڭدە تۇرغان تاتارلار پەستىكى مۇزلۇققا قاراپ چۈشۈشكە باشلىدى. دۆڭ ئېتىكىدە

www.uyghurkitap.com

رۇس لەشكەرلىرى بىلەن تاتارلار ئېلىشىشقا باشلىدى. يېۋپاتىي ئالدىغا كەلگەن بىرقانچە تاتارنى چېپىپ تاشلاپ، ئاق تۇغ كۆرۈنگەن تەرەپكە قاراپ قوغلاپ كەتتى.

ئاستىدا ئالا ئېتى بار ئېگىز كەۋدىلىك بىر موڭغۇل يېۋپاتىينىڭ يان تەرىپىدە قىلىچىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ چاپ - چاپ قىلىپ كېلىۋاتاتتى. بۇنى كۆرگەن يېۋپاتىي ئېتىنىڭ بېشىنى بۇراپ، موڭغۇلغا يېقىن بېرىپ، ئۇنىڭ بىلەن تۇتۇشتى. موڭغۇل ئالدى بىلەن ھەملە قىلىپ قىلىچ كۆتۈرۈۋىدى، يېۋپاتىينىڭ بىر ئۇرۇشى بىلەن ئۇنىڭ ئەگرى قىلىچى ئوتتۇرىدىن ئىككى بۆلۈپ كەتتى. ئىككىنچى قېتىمدا يېۋپاتىي بار كۈچى بىلەن موڭغۇلنىڭ يەلكىسىگە قىلىچ ئۇرۇپ، ئۇنى ئاتتىن موللاق ئاتقۇزۇپ چۈشۈرۈۋەتتى. بۇ چاغدا تاتارلار ئارىسىدا:

— ۋايجان، تۇغرىل پالۋان قازا تاپتى!... ۋاي خۇدايىم! تۇغرىلنى ئۆلتۈرۈۋەتتى! — دېگەن ۋارقىراشلار ئاڭلاندى. يېۋپاتىي قايتا دۆڭ تەرەپكە قاراپ چاپتى. قوغلاپ كېلىۋاتقان ئاتلىق لەشكەرلەرمۇ يېۋپاتىي بىلەن قاتارلىشىپ قىر - چاپ قىلاتتى. ئۇلار ئالدىغا دۇچ كەلگەن دۈشمەننى قويماي ئۆلاتماقتا ئىدى. دۆڭ تۆپىسىدە تۇرغان تاتارلار بۇنى كۆرۈپ تەرەپ - تەرەپكە پىتىراپ قېچىشقا باشلىدى.

يېۋپاتىي دۆڭ تۆپىسىگە چىقىپ ئېتىنى توختاتتى - دە، ئەتراپقا كۆز يۈگۈرتتى. تاتارلار تەرەپ - تەرەپتىن قاپساپ كەلمەكتە ئىدى. تاتار لەشكەرلىرى ئورمانلىقتىن كەينى - كەينىدىن تۈركۈم - تۈركۈملەپ چىقىۋاتاتتى. شۇنداق قىلىپ ئۇلار كونا خارابىنىڭ يېنىدا تۇرغان «شۇڭقار» لار بىلەن «قاشقىر» لارنى تەرەپ - تەرەپتىن قورشىۋالدى. جەڭ ئۇزاق داۋام قىلدى. سانسىزلىغان تاتار لەشكەرلىرى كەينى - كەينىدىن سەپ تارتىپ رۇس جەڭچىلىرىگە ھۇجۇم قىلدى.

چېرنىگوۋلۇق لەشكەرلەر مۈرىنى - مۈرىگە تىرەپ، دۈشمەننىڭ
بارغانسېرى كۈچەپ قىلىۋاتقان ھۇجۇملىرىنى باتۇرلارچە
زەربە بىلەن قايتۇرۇپ تۇردى. شىددەتلىك بۇ جەڭلەردە سەر-
ۋازلار قىرال - ياراقلىرىنىڭ ناچارلىقىغا قارىماي نۇرغۇن
تاتارلارنى يوقاتتى. بىراق بۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا قوشۇنىنىڭ
ئۆزىمۇ قاتتىق ھالسىراپ كەتتى.

ئىككى تەرەپ لەشكەرلىرى ئارىلىشىپ - گىرەلىشىپ
كەتكەن، كىرىچتىن ئېتىلىپ چىققان ئوقلار ۋىژىلداپ، كۈچ
بىلەن ئۇرۇلغان قىلىچلارنىڭ چاقىر - چۇقىرى ئەۋجىگە
كۆتۈرۈلۈۋاتقان يەردە گىگانت ئىككى رۇس لەشكىرىنىڭ
ھەرىكىتى ئالاھىدە كۆزگە تاشلىناتتى. بۇ ئىككى لەشكەر
زەربىگە قىلچە بوي بەرمەيتتى، يامغۇردەك يېغىۋاتقان ئوقلارمۇ
ئۇلارنى قايتۇرالمايتتى. ئۇلار ئىككىسى پۇت تىرەپ تۇرۇپ
تاتارلار بىلەن جان تىكىپ جەڭ قىلدى، ئارقىغا چېكىنىش
دېگەننى ئويلاپمۇ قويمىدى. قالغان رۇس لەشكەرلىرىمۇ
ئۇلار بىلەن بىر قاتاردا قېلىشماي ئۇرۇش قىلدى. تاتار
مەرگەنلىرىنىڭ ئاتقان ئوقلىرى ئۇلارنىڭ ساۋۇتلىرىغا تېگەت-
تى. ئەمما تېشىپ ئۆتەلمەيتتى. ئۇلار دۈشمەننىڭ بارغانسېرى
كۈچىيىۋاتقان ھۇجۇملىرىنى زەربە بىلەن كۈتۈۋېلىپ، زەربە
بىلەن قايتۇرۇپ تۇردى.

ئارىلاپ - ئارىلاپ ئادەم ئاڭلاپ باقمىغان بۇ دەھشەتلىك
جەڭنىڭ ۋاڭ - چۇڭىنى، تاتارلارنىڭ كىشىنىڭ قورقىقىسى
كەلگۈدەك ئاچچىق چىرقىراشلىرىنى، رۇسلارنىڭ ۋارقىراشلىرىنى،
ئاتلارنىڭ كىشنىشى ۋە قىلىچ - پالتىلارنىڭ بىر - بىرىگە
ئۇرۇلۇپ چاراق - چۇرۇق قىلىشىنى ھەممە يارىدارلارنىڭ
ئىڭراشلىرىنى بېسىپ چۈشۈپ:

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

— دوستۇم يېۋپاتىي، بوي بەرمە! بۇ مەلئۇنلارنى قىرۋەر! — دېگەن ئاۋاز ئېنىق ئاڭلىناتتى.

ئۇنىڭغا جاۋابەن ھېلىقى رەزان خەلقىنىڭ يىغىنلىرىدا كۆپچىلىكنى ھەيران قالدۇرىدىغان يېقىملىق ئاۋاز:

— مېنىڭ غېمىمنى يېمە، راتىبورئاتا! بوي بەرمەسمەن! — دەپ ۋارقىراپ قوياتتى.

يېۋپاتىي قولىدىكى پارقىراپ تۇرغان زۇلپىقارىنى ئۇيان-بۇيان شىلتىپ، دۈشمەننى توختىماي چاپاتتى. راتىبورمۇ ئۇنىڭدىن قېلىشماي، يېپىلىپ كېلىۋاتقان تاتارلارنى گۈرزىدەك يوغان توقمىقى بىلەن بىر-بىرلەپ ئۇرۇپ ئۇجۇقتۇراتتى.

موڭغۇل خانلىرى تاللانغان لەشكەرلىرىنى كەينى-كەينىدىن ئۈزۈلدۈرمەي ئۇرۇشقا سالدى. بىراق ئۇلارنىڭ ئاتلىرى ئۈركۈپ يېقىن بارماي، باشقا تەرەپلەرگە ئۈركۈپ قاچاتتى. رۇس لەشكەرلىرى دۆڭلۈككە يېقىنلىغان دۈشمەننى زەربە بىلەن مۇللاق ئاتقۇزۇۋەردى. يېۋپاتىينىڭ قىلىچىدىن قۇتۇلۇپ قالغانلار راتىبورنىڭ قىلىچىدىن قۇتۇلالمايتتى.

بېشىدىكى يالتىراپ تۇرغان دۇبۇلغىسىنى چۆكۈرۈپ كىيىۋالغان دېۋىدەك ھەيۋەتلىك راتىبور باتۇر ئىككى تاناۋى لىپىلدەپ، ئاق سېرىق يۈزى قىپقىزىل بولۇپ، قان تولغان ئىككى كۆزىدىن ئوت چاقناپ دۈشمەننى ۋەھىمىگە سالاتتى. ئۇنىڭ چىرايى ئادەم قورققىدەك ھالەتتە ئىدى. ئۇ قولىدىكى توقمىقىنى بىر ئۇيان - بىر بۇيان ئۇرۇپ يېنىغا ئادەم يولاتمايتتى. قەھرى - غەزەپكە تولغان يېۋپاتىيغا كەلسەك، ئۇنىڭ جەسۇرلۇقى بىلەن قەھرىمانلىقىغا دۈشمەن تەڭ كېلەلەيدىغاندەك ئەمەس ئىدى.

قورقۇنچقا چۈشكەن تاتارلار چېكىنىپ قېچىشقا باشلىدى...

نېرىراق يەردە ئۆزىنىڭ ياخشى كۆرىدىغان چىپار ئايغىرىغا مىنىۋالغان باتۇخان داڭلىق سەركەردىلىرى بىلەن بىللە بۇ قانلىق جەڭدىن كۆز ئۈزمەي كۆزىتىپ تۇراتتى. بىر چاغدا ئۇ قول ئىشارىسى قىلىپ سۈبىتاي باھادىرنى قېشىغا چاقىرىۋالدى.

— ئاۋۇ ئىككى رۇسنى تىرىك پېتى مېنىڭ ئالدىمغا كەلتۈرۈڭلار! — دېدى ئۇ سۈبىتايغا.

سۈبىتاي خاننىڭ ئەمرىنى بەجا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئاۋۋال تاللانغان يۈز لەشكىرىنى ئەۋەتتى، ئاندىن يەنە يۈز لەشكەر ئەۋەتتى... بىراق بۇ لەشكەرلەر شۇ كەتكەنچە قايتىپ كەلمىدى. رۇسلارغا قانچىلىك لەشكەر ئەۋەتسىمۇ تەڭ كېلەلمىدى. ئۇلار يېقىن كەلگەن لەشكەرلەرنى ئۇ ئالەمگە يولغا سېلىۋەردى.

بىرئاز ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ئۈركىگەن بىر ئات قويۇندەك چاپقان پېتى خاننىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى. ئاتنىڭ ئۈستىدىكى يىگىت ئېغىر يارىلانغان بولۇپ، ئېگەرنىڭ قېشىنى قۇچاقلاپ، ئاتنىڭ يالىغا ئېسىلغان ھالدا ئاران كەلگەنىدى. ئۇ باتۇخاننىڭ ئالدىغا كېلىپ ئاتتىن غۇلاپ چۈشتى - دە:

— جاھانگىر تەقسىر! ئۇلارنى قولغا چۈشۈرمەك ئىنتايىن مۈشكۈل. ئۇلار خۇددى بىزنىڭ ئۇرۇش ئىلاھىمىز سولدېغا ئوخشاش رۇسلارنىڭ ئىلاھلىرىمىكىن دەيمەن! — دېدى.

ياردار يىگىت ئۆزىنىڭ ئاخىرقى سۆزلىرىنى ئاڭلىنار - ئاڭلانماس ھالەتتە ئېغىزىدىن ئاران چىقاردى - دە، پۈتۈن بەدىنى جالاقلاپ تىترەپ، تىزى پۈكۈلۈپ كۆپپىدە يىقىلدى ۋە شۇ ياتقانچە ئىككىنچى باش كۆتۈرەلمىدى. نۆكەرلەر ئۇنى نېرىراق يەرگە سۆرەپ ئاپىرىپ تاشلىۋەتتى. باتۇخاننىڭ چىرايى تۇتۇلۇپ، تەتۈر قارىۋالدى، ئۇ يەنە تۇيۇقسىزلا:

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

— مېنىڭ باخشىلىرىم ئۇخلاپ قالدىمۇ؟ ئۇلار ئۆزى ئېمىشقا كۆرۈنمەيدۇ؟ — دەپ ۋارقىرىدى.

بۇنى ئاڭلىغان باخشىلار يۈگۈرۈشۈپ كېلىپ، داپ - دۇمباقلىرىنى چېلىپ، زىكرى - تىلاۋەت قىلىپ چىلتەنلىرىنى قىچقىرىشقا باشلىدى ۋە قۇدرىتى ئۇلۇغ مۇڭغۇل ئىلاھى سولدىيدىن رۇس ئىلاھىنى يوق قىلغايسەن، دەپ دۇئا قىلدى. ئۇلار ۋارقىرىشىپ - جارقىرىشىپ ئىلاھ ۋە جىنلىرىغا يالۋۇراتتى. توققۇز باش قارا ئات ۋە تۇتقۇندىكى يىگىتلەردىن توقسەن توققۇزىنى يولۇڭلارغا ئاتاپ قۇربانلىق قىلىمىز، دەپ ۋەدە بېرەتتى.

بىراق ئۇرۇش ئىلاھى سولدىي خاپا بولۇپ قالغاندەك ئۇلارنىڭ تىلەكلىرىگە زادىلا قۇلاق سالمىدى، بەلكى باخشىلارنىڭ تىلەكلىرىنى ئورۇنداش ئۈچۈن يەرگە چۈشۈپ، قار كېچىپ، لاي - پاتقاقتا مېڭىپ يۈرۈشنى خالىمىسا كېرەك... قالايمىقان بوران چىقىپ، كۆز ئاچقۇزمايدىغان قاتتىق سوغۇق شاماللىرى ئەۋج ئېلىۋاتقان رۇس تۇپرىقى باخشىلارنىڭ ئۆزلىرىگىمۇ ئانچە يېقىپ كەتمەيتتى. ئۇلار كەڭ مۇڭغۇل دالالىرىغا قايتىشنى چىن كۆڭلىدىن ئارزۇ قىلاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ تەرەپنىڭ ئىلاھىمۇ بۇ يەردىكى ئىلاھلاردىن كۆرە مېھرىشەپقەتلىكرەك ئىدى.

رۇس باتۇرلىرى مۇڭغۇل لەشكەرلىرىنى كەينى - كەينىدىن ئۇجۇقتۇرۇۋەردى.

ئۇرۇش باشلانغىنىغا خېلى ۋاقىت بولدى، بىراق راتىبور بىلەن يېۋپاتىي ھېلى توختايدىغاندەك ئەمەس. ئېغىر گۈرزە ئاۋۋالقىدەكلا ئۇچرىغان دۈشمەننى ئۇجۇقتۇرماقتا. ئۆتكۈر قىلىچ بۇرۇنقىدەكلا دۈشمەننى چۆپ چاپقاندەك چېپىپ چۈشۈرمەكتە. راتىبورنىڭ ئاۋازى بۇرۇنقىدەكلا يەر - جاھاننى زىلزىلىگە

كەلتۈرمەكتە، يېڭىپاتقىنىمۇ ئارسلاندەك نەرە تارتماقتا.

رۇس لەشكەرلىرى ھېرىش - چارچاشنى ئۇنتۇپ، مۈرىنى - مۈرىگە تىرەپ جەڭ قىلىۋەردى. ئۇلار تاتارلارغا قارشى ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، شۇئار توۋلاپ بىر - بىرىنى روھلاندۇراتتى.

— چېرنىگوۋۇلۇقلار ئالغا! رەزان چىڭ تۇر، دۈشمەنگە بوي بەرمە! — دەپ شۇئار توۋلايتتى ئۇلار.

باتۇخان ئاۋۋالقىدەكلا جەڭدىن كۆز ئۈزمەي قاراپ تۇرۇۋەردى. ئۇ رۇسلارنىڭ تاتارلار ئۈچىنچى قېتىم ئەۋەتكەن يۈز لەشكىرىنىمۇ يوقاتقانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەرنى ئاڭلاپ چىدىيالماي ئەسەبىيلەرچە ۋارقىراپ - جارقىراشقا باشلىدى.

— يائاللا، ئەڭ خىللانغان لەشكەرلىرىمدىن پۈتۈنلەي ئايرىلىپ قالىدىغان بولدۇمغۇ!... — دەپ ۋارقىرايتتى ئۇ.

بۇ چاغدا جاھانگىرنىڭ يېنىدا ئەگىشىپ يۈرگەن سەركەردىلەر بىرەر بالا - قازانىڭ تۈگىشىنى سەزگەندەك كەينىگە داجىشتى.

— ھەي خۇدا! — دەپ چۇرقىراشتى ئۇلار، — بۇلارغا يەنە قانداق ئامال ئىشلىتەرمىز؟ قارا تاشتىنمۇ چىڭ ئادەملەركەن ئەمەسمۇ!

باتۇخان ئۆز - ئۆزىنى كاچاتلاپ: «سۇبىتاي! سۇبىتاي!» دەپ ۋارقىرىدى.

جاھانگىرنىڭ چاقىرغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ دەرھال ھازىر بولغان قېرى سەركەردىگە باتۇخان بىر نېمىلەرنى دەپ بۇيرۇق قىلدى.

نۆكەرلەر شۇ زامان ئۇيان - بۇيان يۈگۈرۈشكە باشلىدى. بىردەمدىن كېيىن ئىنتايىن كۆپ ئاتلارنىڭ دۈپۈر - دۈپۈرى، قانداقتۇر بىر نېمىلەرنىڭ قاتتىق غىچىرلىشى، «ھە - ھۇ» دېگەن چۇقان - سۈرەنلەر ئاڭلىنىشقا باشلىدى ھەمدە تاتار-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

لار مىس جاڭلىرىنى تاراڭلىتىپ، دۆڭ تۆپىسىدە رۇسلار بىلەن جەڭ قىلىۋاتقان لەشكەرلىرىنى قايتۇرۇۋالدى.

يېۋپاتىي تاتارلارنىڭ تۇيۇقسىز چېكىنىپ، ئارقىسىغا قايتقانلىقىنى كۆرۈپ، قىلىچىنى ئېگىز كۆتۈرگەن هالدا:

— ئالغا! ۋەتەن!... — دەپ ئاخىرقى قېتىم ۋارقىراپ قالدى.

دەل شۇ پەيتتە زەرب بىلەن گەۋدىسىگە ئۇرۇلغان تاش بۇ ئېسىل ئوغلانىنىڭ ئۈنىنى بىراقلا ئۆچۈرگەنىدى. يېۋپاتىي ئۇستىبېشى قانغا بويالغان هالدا يەرگە يىقىلدى.

ئەمدىلىكتە رۇسلار تۇرغان دۆڭنىڭ ئۈستىگە ئۇچرىغانلا نەرسىنى ۋەيران قىلىپ، لەشكەرلەرنى بېسىپ - يەنجىپ، يوغان - يوغان تاشلار يېغىشقا باشلىدى.

بۇ — رۇسلارنى يېڭىشنىڭ باشقا ئامالىنى تاپالمىغان تاتارلارنىڭ خىتاينىڭ تاش ئاتقۇچ قوراللىرىنى ئېلىپ كېلىپ ئېتىۋاتقان تاشلىرى ئىدى.

راتىبور قانغا مىلىنىپ سۇنايلىنىپ ياتقان يېۋپاتىينى كۆرۈپ هۆكرەپ يىغلىۋەتتى ۋە قولىدىكى توقمىقىنى پىرقىرىتىپ تاشلاپ سۆيۈملۈك دوستىغا ئۆزىنى ئاتتى.

— يېۋپاتىي تىرىكمۇ سەن؟... ئاۋازىڭنى چىقارغىنە، دوستۇم! — دەيتتى ئۇ يېۋپاتىينى ئىرغىتىپ.

ئاۋازى چىقمىغاندىن كېيىن ئاستا ئېگىلىپ يېۋپاتىينىڭ يۈرىكىگە قۇلىقىنى ياقتى... ئۇنىڭ يۈرىكى سوقۇشتىن توختاپ بەدىنى مۇزلاشقا باشلىغانىدى. راتىبور ئەمدى رۇس ئېلى ئۈچۈن دوستى بىلەن قايتا مۈرىنى - مۈرىگە تىرەپ جەڭ قىلالمايدىغانلىقىغا كۆز يەتكۈزگەنىدى.

ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ، ئەتراپقا قاراپ ساندۇقتەك يوغان تاشلارنىڭ ئۇچۇپ كېلىپ، رۇس ئوغلانلىرىنى هالاك قىلىۋاتقانلىقىنى كۆردى.

راتىبور قازا تاپقان دوستىغا ئاخىرقى قېتىم باش ئېگىپ قاراپ قويدى - دە، گىگانت قەددىنى رۇسلاپ، بېشىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ۋۇجۇدىدا ئۆچمەنلىك قاينىغان، ئىككى كۆزىدىن ئوت چاقنىغان هالدا ۋۇجۇدىدىكى پۈتكۈل غەزەپ نەپرىتى بىلەن، رەهىمسىز ئەجەلگە قارشى دادىل قەدەم تاشلاپ مېڭىپ كەتتى...

## سەككىزىنچى باب

## ئەڭ ئاخىرىدا دۆڭدە قالغانلار

...يېۋپاتىي ئېسىل ئوغلان
قەبرىسى نەگە قويۇلغان؟
ۋاقىت كۆزدىن يوشۇرغان،
تۇپتۇزلا يەر ئۇ تۇرغان.
تۆهپىسى زور بۇ باتۇر
قوشاقلارغا قېتىلغان.
بولدى، كونا قوشاقلار،
بولدى، هەممە ئۇنتۇلغان.

(لي مەي «يېۋپاتىي توغرىسىدا قوشاق»)

ئۇزۇنغا سوزۇلغان قانلىق جەڭ ئاخىرلىشاي دەپ قالدى. دۆڭ تۆپىسىدىكى قارىغايلىقتا يەنىلا بىر توپ ئادەم تۇراتتى. بۇلار كولوۋرات قوشۇنى ئىچىدە تىرىك قالغان ئەڭ ئاخىرقى لەشكەرلەر ئىدى. دۆڭ ئۈستىگە چۈشۈۋاتقان تاشلار بۇرۇنقىغا قارىغاندا پەسىيىپ قالدى. دۆڭ تۆپىسىدىكىلەر قەددىلىرىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

رۇسلاپ، بىر - بىرىگە تېخىمۇ يېقىن كېلىپ، تەمكىنلىك بىلەن تەقدىرىنىڭ بۇيرۇقىنى كۈتۈپ تۇرۇۋەردى. دۈشمەنگە ئېتىۋېرىپ ئۇلارنىڭ ئوقلىرىمۇ تۈگىگەن، ئەمدى باشقا ئىلاجىمۇ قالمىغانىدى.

ياق!... ئۇلار يەنىلا ئاسانلىقچە جان بېرىدىغاندەك ئەمەس! بىر چاغدا ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى باللارنىڭكىدەك زىل ئاۋازلىق بىرى جاراڭلىق، كۆتۈرەڭگۈ ئاۋاز بىلەن ناخشا باشلىدى. بۇ ناخشا ئۇ يەردىكى ھەممىيلەننىڭ يۈرەك تارىنى چېكىدىغان، مۇڭ - زارىنى ئىپادىلەيدىغان رۇس ناخشىسى ئىدى.

ئاغىنىلەر، نېمىشقا
چىرايىڭدا قايغۇ - غەم؟
ئەر - يىگىتلەر، نېمىشقا
تارتتىڭ مۇنچە دەرد - ئەلەم؟
شۇنچە روھىڭ چۈشكۈدەك
بۈگۈن ساڭا نېم بولغان؟

لەشكەرلەرنىڭ ھەممىسى ناخشىغا قوشۇلۇپ ئېيتىشقا باشلىدى. ناخشا ئاۋازى تېخىمۇ ئۇلغىيىپ ئورماننى زىلزىلىگە كەلتۈردى. بۇ ناخشا رۇسلارنىڭ ئۆلۈم ئالدىدا سۆيۈملۈك ۋەتىنى بىلەن خوشلىشىۋاتقانلىقىنىڭ ئىپادىسى ئىدى. بۇ ناخشا يەنە تاتارلارنىڭ رۇسلارنى تېخى يېڭەلمىگەنلىكىنىمۇ بىلدۈرەتتى.

باتۇخان دۆڭ تۆپىسىدە تىرىك قالغان بىر تۈپ رۇسنى كۆرۈپ «تاش ئاتقۇچى قۇراللارنى توختىتىڭلار» دەپ بۇيرۇق قىلدى. شۇنىڭ بىلەن تاراس - تۇرۇس، گۇلدۇر - غالاپلار

بىردىنلا جىمىپ قالدى. بىر تەكشى سوزۇلۇپ ئېيتىلىۋاتقان ناخشا ئاۋازى ئەمدى موڭغۇل سەركەردىلىرىنىڭ قۇلىقىغىمۇ كىرگەنىدى. جاھانگىر ھاڭ - تاڭ بولۇپ ناخشىغا قۇلاق سالدى.

بىر ئازدىن كېيىن ئۇ:

— ناخشا ئېيتىۋاتقانلارنى تىرىك قولغا چۈشۈرۈپ ئېلىپ كېلىڭلار! — دەپ بۇيرۇق قىلدى.

«غالىبلار» جاھانگىرنىڭ ئەمرىنى تولۇق بەجا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئالغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى. ئۇلار تىرىك قالغان رۇس-لارنى قورشىۋېلىپ، تەرەپ - تەرەپتىن بېسىپ كېلىپ، بويۇن-لىرىغا سىرتماق - سالما تاشلاشقا باشلىدى. رۇسلار قارشىلىق قىلماقچىمۇ بولدى، بىراق ئەمدى بونداق قىلىشتىن ھېچ نەتىجە چىقمايدىغانلىقىنى ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىمۇ چۈشەنىدى. موڭغۇللار ئۇلارنىڭ ئاخىرقى قارشىلىقلىرىنى بېسىپ، ھەممە-سىنى قولغا چۈشۈردى ۋە قوللىرىنى ئارقىسىغا قايرىپ باغلىدى. جاھانگىرنىڭ قەتئىي بۇيرۇقى بولغانلىقى ئۈچۈنلا موڭغۇللار رۇسلارغا تېگەلمىدى، بولمىسا، شۇ جاينىڭ ئۆزىدىلا پۈتۈنلەي يوق قىلغان بولاتتى.

لەشكەرلەر تۇتقۇنلارنى جاھانگىرنىڭ قېشىغا ھەيدەپ كەلدى. خان ئۇلارغا تەكشى كۆز يۈگۈرتۈپ چىقتى.

رۇسلارنىڭ كۆپچىلىكى يارىدار بولۇپ، ئۇستىباشلىرى قانغا بويالغانىدى. كۆپىنچىسىنىڭ سۆڭەكلىرى تاش تېگىپ سۇندۇرۇپ كەتكەن. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئاقساقال بوۋايلارمۇ، ئاغزىدىن ئۇغۇز سۈتىنىڭ تەمى كەتمىگەن ئىككى كىچىك بالىمۇ بار ئىدى. رۇسلار قاپاقلىرىنى تۈرۈپ، ھېچنېمىگە پىسەنت قىلمىغاندەك قىياپەتتە قاراپ تۇراتتى. ئۇلار گۇنا-ھىنى بويىنىغا ئالغان كىشىلەردەك باش ئېگىپمۇ ئولتۇرمىدى،

ھودۇقۇپ ـ قورقۇپمۇ كەتمىدى. بەلكى ئۇلار ھېچنېمە بولمىغاندەك تەمكىنلىك بىلەن تۇرۇۋەردى. ئۇلارنىڭ قەتئىي بەل باغلىغان بۇ لەشكەرلەر قەھرىلىك خاننىڭ يۈزىگە ھېيىقماستىن قادىلىپ قاراپ تۇراتتى.

لەشكەرلەرنىڭ باتۇرلۇقىغا قايىل بولغان باتۇخان:

— ئۇتقۇنلارنىڭ قوللىرىنى يېشىڭلار! سۇبىتاي باھادىر، رۇسلارنىڭ ھەربىرىنىڭ بويىنىغا بىردىن تاختاي پەيزە ئاس! — دەپ ئەمر قىلدى.

— ئەمرىڭگە قۇللۇق، تەقسىر! — دېدى قېرى لەشكەر باشلىقى ئۇنىڭغا.

— كىنەز كىلىپ، — دېدى جاھانگىر يېنىدا تۇرغان تىلماچقا، — سەن ماۋۇلارغا، باتۇخان سىلەرنىڭ باتۇرلۇقۇڭلارغا قايىل بولدى، شۇڭا گۇناھلىرىڭلارنى ئەپۇ قىلىپ، ئەركىنلىك بېرىدۇ، دەپ ئېيت.

كىنەز گىلىپ چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ، خاننىڭ سۆزىنى ياقتۇرمىغاندەك قىياپەتتە تۇراتتى. لېكىن شۇنداق بولسىمۇ، خاننىڭ ئەمرىنى ئورۇنداشقا توغرا كەلدى، چۈنكى باتۇخان كىنەزدىن كۆز ئۈزمەي چەكچىيىپ قاراپ تۇراتتى. ئاندىن كېيىن باتۇخان ئۇتقۇن بولغان رۇسلارنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ، ھەممىگە ئاڭلانغۇدەك ئۈنلۈك سۆزلەشكە باشلىدى:

— ئانا ۋەتىنىڭنى مانا مۇشۇلاردەك سۆيۈپ، شۇلاردەك قوغدىشىڭ كېرەك! — دېدى ئۇ ئەتراپىنى بىر ئالغان لەشكەرلىرىگە.

بىر چاغدا باتۇخاننىڭ يېنىغا تارىخچى ھاجى رەھىم كەلدى ـ دە، باش ئېگىپ تەزىم قىلدى.

— سەن ئۇلۇغ، ئادىل كىشىسەن، جانابىي خان! سىنىڭ ھازىرقى سۆزۈڭ خاسىيەتلىك دانىشمەن ئاتاڭنىڭ سۆزىگە.

ئوخشايدۇ. ئۇمۇ قول ئاستىدىكىلىرىگە: دۈشمەنلىرىڭدىن ئۆگەن، دەيتتى... — دېدى ھاجى رەھىم ياش جاھانگىرگە.

نېمە بولۇۋاتقانلىقىنى چۈشىنەلمەي، ھاڭ - تاڭ بولۇپ قالغان رۇسلارنىڭ يېنىغا ھېلىقى تىلماچ كەلدى. ئۇ بىر نېمە دېمەكچى بولۇپ تۇرغاندا، باتۇخان ئۇنى سىلكۈەتتى. كىنەز گىلىپ تامىقىنى قىرىپ يۆتىلىپ قويدى - دە، جاھانگىرنىڭ:

— ناخشىنى باشلاپ بەرگەن قايسىڭ؟ — دېگەن سۆزىنى تەرجىمە قىلدى.

رۇسلار بىر پەس بىر - بىرىگە قارىشىپ، ئۈندىمەي تۇرۇپ قېلىشتى. ئاندىن ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن قويۇق ساقاللىق ياشانغان ئۈچ لەشكەر تەڭلا ئالدىغا چىقتى. دەل شۇ پەيتتە ياش بىر لەشكەر، تۇيۇقسىز ھېلىقى ئۈچىنى نېرى - بېرى ئىتتىرىپ، ئۇلارنىڭ ئالدىغا ئۆتىۋالدى.

— ناخشا باشلىغان بۇلار ئەمەس، مەن! — دېدى ئۇ ئىنچىكە ئاۋازدا. ئۇ شۇنداق دېدى - دە، ھېچقانداق تارتىنىپ، ئەيمىنىپمۇ قويماي جاھانگىرگە تىكىلىپ قاراپ تۇردى.

بالىنىڭ بۇ سۆزىنى ئاڭلىغان باتۇخان كۈلۈمسىرىگەن ھالدا ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ قويدى. ئۇنىڭ كىچىككىنە قىسىق كۆزلىرى بالىنىڭ ياداڭغۇ، بۇغداي يۈزىگە، پارقىراپ تۇرغان ئۆتكۈر قارا كۆزلىرىگە چەكچەيگەن پېتى قادىلىپ تۇرۇپلا قالدى. جاھانگىر تىلماچقا بۇرۇلۇپ بىر نېمە دەپ تۇرۇشىغا، بىر ياقتىن تۇيۇقسىز پەيدا بولغان سەركەردە بۇرۇنتاي ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلىۋەتتى.

ئۇ ياش لەشكەرنىڭ يېنىغا بېرىپ:

— رەھىم قىلىپ جېنىڭلارنى قۇتۇلدۇرۇپ قالغىنى ئۈچۈن، بۇ رەھىمدىلنىڭ ئالدىدا باش قويۇشۇڭ كېرەك، ھەي رۇس

كۆچكى! ياكى تېز پۈكۈپ ھەشقاللا ئېيت! — دېدى — بالىنى دولىسىدىن بىر ئىتتىرىۋىدى، بالا يەرگە كۈپپىدە يىقىلىپ چۈشتى. ئۇنىڭ بېشىدىكى تېرە قۇلاقچىسىمۇ ئۇچۇپ كەتتى. بۇ چاغدا بالىنىڭ بېشىدىكى ئىككى ئۆرۈم سېرىق چېچى كۆرۈنۈپ قالدى.

بۇنى كۆرگەن يەنە بىر رۇس بالىسى يۈگۈرۈپ كېلىپ بۇرۇنتاينىڭ ياقىسىغا ئېسىلدى.

— ئۇنىڭغا تەگكۈچى بولما! — دېدى بالا چوڭ ئادەملەردەك ۋارقىراپ تۇرۇپ.

بۇرۇنتاي غەزەپكە كېلىپ قىلىچىنى قىنىدىن سۇغۇرۇۋالماقچى بولغاندا، جاھانگىر ئۇنىڭغا بىر كۆز ئالايتىپ قويدى. شۇنىڭ بىلەن بۇرۇنتاينىڭ قولى ئۆزلۈكىدىن توختاپ قالدى.

— توۋا قىلدىم، ماۋۇ قىز بالىمۇ نېمە؟ — دېدى باتۇخان ياش لەشكەرنىڭ ئىككى ئۆرۈم چېچىنى قۇلاقچىسى بىلەن يېشۇرۇۋاتقانلىقىغا دىققەت قىلىپ.

— بۇ قىزنىڭ ئىسمى نېمە؟

— ئۇ كىنەز قىزى... — دېدى يېنىدىكى بالا.

ئۇ شۇنداق دەپ ئاغزىنى ئېچىشىغىلا، ھېلىقى قىز:

— جىم تۇر، پوسپىلكا، ھېچكىم سېنىڭدىن سورىمىدى! — دېدى ـ دە، ئالدىرىماي باتۇخانغا بۇرۇلۇپ:

— مېنىڭ ئىسمىم پىروكودا. مەن بىچارە يېتىم قىز مەن... — دېدى.

— قايسى يەرلىكسەن؟

— مەركىزىمىز ۋىلادىمىر شەھىرىدىن.

باتۇخان قىزنىڭ ئاخىرقى سۆزلىرىنى ئاڭلىمىغاندەك يەرگە قاردۋالدى.

— مېنىڭ لەشكەرلىرىم ئۇ شەھەردىمۇ بولغانىدى. ئەمدى ئۇ ۋىلادىمىرنىڭ يوق، ئۇنىڭ ئورنى - ئىزنىمۇ تاپالمايسى-لەر! — دېدى ئۇ سوغۇقلا.

— ئۇنداقلىقىنى مەنمۇ ياخشى بىلىمەن. شەھەرنى كۆيدۈرۈۋەتكىنىڭلارنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەنمەن! نەق ئاشۇ ۋاقىتتا بىز پوسپىلكا ئىككىمىز شەھەردىن قېچىپ چىققانىدۇق.

باتۇخان كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ:

— ۋاي بەللى! — دەپ قويدى.

بۇ چاغدا باتۇخانىنىڭ يېنىغا يۈگۈرۈشۈپ كەلگەن نۆكەرلىرى:

— ھېلىقى تاش تېگىپ ئۆلگەن رۇسلارنىڭ جەسەتلى-رىنى يىغىپ كەلدۇق. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ھېلىقى كۈچلۈك ياش لەشكەر بىلەن قېرى باخشىنىڭ ئۆلۈكىمۇ بار ئىكەن، — دەپ خەۋەر قىلدى.

باتۇخانىنىڭ ئۇلارنى كۆرۈپ باققىسى كەلدى.

نۆكەرلەر يېۋپاتىي بىلەن راتبورنىڭ جەسىتىنى چانىغا سېلىپ ئېلىپ كەلدى. جاھانگىر جەسەتلەرگە بىرئاز قاراپ تۇرغاندىن كېيىن، يېۋپاتىينىڭ چالا يۇمۇقلۇق كۆزىنى بار-مىقى بىلەن ئىتتىرىپ ئاچتى - دە:

— ياق، بۇلار دىۋە - پەرىمۇ، باشقا بىرىمۇ ئەمەس، ھەقىقىي قەھرىمان لەشكەرلەر ئىكەن. ئاجايىپ باتۇرلار ئىكەن. ئۇلار تىرىك بولغان بولسا، مېنىڭ دۈشمەنلىرىمنىڭ ھەممىۋاسى مانا مۇشۇلاردەك بولسا تۇغرا بولاتتى. مېنىڭ لەشكەرلىرىم بۇلاردىن ئۆلگە ئېلىشى كېرەك! — دېدى.

ئاندىن كېيىن باتۇخان ئەتراپىدا سانجاق - سانجاق تىپىرلىشىپ تۇرغان موڭغۇللارغا:

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

— بۇلار ھەربىي ھۆرمەت - ئېھتىرام بىلەن دەپنە قىلىنسۇن! — دەپ بۇيرۇق قىلدى.

بۇنى ئاڭلاپ غالىب قوماندان سۇبىتاي باھادىرنىڭ باشلامچىلىقىدا ئاتاقلىق سەركەردىلەر بىلەن نۆكەرلەرنىڭ ھەممىسى بىرئاز سۈكۈتتە تۇردى، ئاندىن ئۇلار يالىلداپ تۇرغان قىلىچلىرىنى قىنىدىن سۇغۇرۇۋېلىپ يۇقىرى كۆتۈردى - دە، ئۈچ مەرتەم:

— قى-قۇ! قى-قۇ! — دەپ ئاسمان زېمىننى زىلزىلىگە كەلتۈرگۈدەك چۇقان سېلىشتى.

سەككىزىنچى قىسىم

# بوران داۋاملاشماقتا

... باتۇخان باشچىلىقىدىكى تاتارلار رۇس ئېلىنىڭ شەرق تەرىپىنى قاتتىق ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچراتتى. ھەرقايسى جايلاردىكى رۇسلار كۆكرەك كېرىپ مەيدانغا چىقىپ، باتۇرلارچە قارشىلىق كۆرسەتتى. ئۆز ئىختىيارى بىلەن تاتارلارغا تەسلىم بولغان بىرمۇ كىنەز ئۇچرىمىدى.

(ك. كوستوموروۋ «رۇس تارىخى»)

بىرىنچى باب

## روستوۋ كىنەزى ۋاسىلكو

ئۇلۇغ كىنەز ھەم پادشاھ گېئورگىي ۋسېۋالودوۋىچ ئۆزىنىڭ پايتەختى ۋلادىمىر شەھىرىدىن چىقىپ شىمال تەرەپكە قاراپ يول ئالدى. چانىغا قېتىلغان ئۈچ ئات توختىماي قار تۇزۇتۇپ، بىر قىشلاقتىن يەنە بىر قىشلاققا ئۇچقاندەك

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

چىقىپ كەلمەكتە. كىنەز تىختىغانلىكى يېرىدە، دەرھال ئات يەڭگۈشلەپ، ھايال قىلماي يولغا چىقىپ ئالغا قاراپ كېتىپ باراتتى. ئۇ ئۇلۇغ كىنەز كەپتۇ، دەپ قارشى ئېلىشقا چىققان ئادەملەرگە:

— قۇلۇڭلارغا قورال ئېلىڭلار! قوشۇن تەشكىللەڭلار! كىنەزلىرىڭلارنىڭ باشلامچىلىقىدا ياۋۇز ھەم ھىيلىگەر دۈشمەنگە قارشى قىلىچ جەڭگە تەييارلىنىڭلار! ئۇلارنى ئۆزلىرىنىڭ دالاسىغا قوغلىۋېتىش ئۈچۈن بىز ئۆزىمىزگە تايانمىساق، كىمگە تايىنىمىز؟ بىزگە ھېچكىم ياردەم بەرمەيدۇ! ئانا يۇرتىمىزنى بىز ئۆزىمىز قوغدىشىمىز كېرەك. بىزگە يار - يۆلەك بولغۇچى بىر خۇدا بار! خۇدايىتائالا بىزنى يالغۇز قالدۇرماس! سىلەرنى دۈشمەنگە قارشى مەن ئۆزۈم باشلاپ ماڭىمەن! — دېگەندىن باشقا گەپ قىلمايتتى.

شۇنداق قىلىپ كىنەزنىڭ چانىلىرى تار يولغا چۈشۈرۈلۈپ ۋىژىلداپ كېتىپ باراتتى. يوغان ئېيىق جۇۋىسىغا ئورىلىۋالغان كىنەز چانىدا ئولتۇراتتى. ئارقىسىدىكى چانىدا ئۇنىڭ ئىككى نەۋرە تۇغقىنى كېلىۋاتاتتى، ئۈچىنچى چانىغا بولسا، ئوزۇق - تۈلۈك بېسىلغان بولۇپ، كىنەزنىڭ خىزمەتچىسى شۇ چانىدا ئىدى. كىنەزنى بىر توپ ئاتلىق مۇھاپىزەتچىلەر قوغداپ كەلمەكتە ئىدى. يولباشلىغۇچى يىگىت پات - پات ئات چاپتۇرۇپ ئۇلاردىن ئۆزاپ كېتەتتى - دە، بىردەمدە يەنە قايتىپ كېلەتتى. چۈنكى، قىش كۈنلىرى قار بېسىپ ئۇيقۇدا ياتقان كۆڭۈلسىز كەڭ تۈزلىكتە قىشلاقلارنى بىر - بىرىدىن پەرق قىلىش قىيىن بولۇپ، ئوڭايلا يولدىن ئادىشىپ قېلىش بولۇپ تۇراتتى.

كىنەز چانا ھەيدىگۈچىلەرنى ئالدىرىتىپ، يول بويى ھېرىپ قالغان ئاتلىرىنى ئالماشتۇرۇشقىلا بىرئاز ھايال

قىلغاندىن باشقا ھېچ يەردە توختىماي ئالغا يۈرمەكتە ئىدى. جىمجىت قىش كېچىسىدىكى قەھرىتان سوغۇق ئادەمنىڭ جان-جېنىدىن ئۆتۈپ بەدەننى شۈركۈندۈرەتتى. چانىكەش ئارىلاپ-ئارىلاپ ئاتلىرىغا قامچا ئۇرۇپ قوياتتى. كىنەز چانىنىڭ بىر خىل تەۋرىنىشى بويىچە مۈگدەپ كەلمەكتە. بەزى مۈگدەك باسقان پەيتلەردە ئۇنىڭ قۇلىقىغا ئاگافىيە خانىمنىڭ خوشلاشقان ۋاقتىدىكى ئاۋازى، قۇچاقلاپ سۆيۈپ تۇرۇپ: «سۆيۈملۈك يارىڭنى كىمگە تاشلاپ كېتىپ بارىسەن؟ نېمە كۆرسەممۇ ئۆزۈڭ بىلەن بىرگە كۆرۈشنى خالايتتىم!» دېگەن سۆزلىرى ئاڭلانغاندەك قىلاتتى.

«خانىمنى ئۇچار قاناتلارمۇ يېتىپ بارالمايدىغان ئاقكۆلگە ئوخشاش جايلارغا ئەۋەتىشكىمۇ بولاتتى، ئەلۋەتتە. بىراق ئۇ چاغدا ۋىلادىمىرلىقلارغا قايسى يۈزۈم بىلەن قارايمەن؟ ئۇلار: «ئۆزىمۇ كەتتى، ئايالىنىمۇ قاچۇرۇۋەتتى، دېمەمدۇ» دەيتتى ئۇ ئىچىدە، قايسى كۈنكى يولغا چىقىش ۋاقتىدا قۇچاقلاپ تۇرۇپ خوشلاشقان ئايالىنىڭ قولىنى ئاستا ئىتتىرىۋەتكەنلىكى يادىغا يېتىپ.

بەزىدە ئۇنىڭ خىيالى بۆلۈنۈپ، كۆزىنى ئېچىپ ئەتراپقا زەڭ سالاتتى. بۇنداق چاغلاردا ئۇنىڭ كۆزىگە يول ئەگمىلىرىدە ياكى ئىككى يول كېسىشكەن جايلاردا قاندாقتۇر قارا كۆرەڭ بىر نېمىلەر چوقچىيىپ تۇرغاندەك كۆرۈنەتتى-دە، ئۇيقۇدىن چۆچۈپ ئويغانغاندەك قاپىقىنى تۈرۈپ تىكىلىپ قارايتتى. كىنەزنىڭ كۆزىگە ئاتلىرىنىڭ يالىرىغا يېپىشۋالغان تاتار لەشكەرلىرى چوڭ ساداقلىرىنى بەتلەپ، كىرىچىنى تارتقىلى تۇرغاندەك كۆرۈنۈپ كېتەتتى. بىراق چانىكەشنىڭ ۋارقىراپ تۇرۇپ قامچا ئۇرۇشىدىن چۆچۈگەن ئاتلار چانىنى ئۇچقاندەك ئېلىپ ماڭغاندا، ھېلىقى يولدىكى قارا كۆرەڭ نېمىلەر ئۆز

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئورنىدا تۇرغان پېتى ئارقىدا قالاتتى.

ئەتىسى تاڭ سۈزۈلگەن چاغدا كىنەز قار قاپلىغان كەڭ بىر تۈزلەڭلىكتەك بولۇپ قالغان، ئىرو دەپ ئاتىلىدىغان كۆلنى كېسىپ ئۆتتى. بىر ئازدىن كېيىن روستوۋ قەلئەسىنىڭ ئالدى تامىلىرى ۋە ئۇنىڭ ئىچىدىكى چېركاۋلارنىڭ يالىلداپ تۇرغان گۈمبەزلىرى كۆرۈنۈشكە باشلىدى.

كىنەز گېئورگى ۋسېۋالودوۋىچ ئۆزىنىڭ بىر نەۋرە ئىنىسى ۋاسىلكو كونستانتىنوۋىچ دېگەن كىنەزگە يولۇقۇپ ئۆتۈش باھانىسى بىلەن روستوۋدا قونماقچى بولدى. ۋاسىلكونى مەيلى ئۇرۇق - تۇغقانلىرى، مەيلى باشقا كىنەزلەر بولمىسۇن ئىنتايىن ياخشى كۆرەتتى، بەكمۇ ھۆرمەت قىلاتتى. يۇقىرالار ئۇ ھەققىدە: «ۋاسىلكو يۇرتىنىڭ سۆيۈملۈك ھەم مېھرىبان ئادىمى. ئۇ تەكەببۇرلۇق، مەنمەنلىك دېگەننى ئىنتايىن ئۆچ كۆرىدۇ» دېيىشەتتى. ئۇ يەنە يۈرىكى قاپتەك باتۇر يىگىت ئىدى. بۇنىڭدىن ئون بەش يىل بۇرۇنقى بالا ۋاقتىدىلا ئۇ روستوۋ قوشۇنى بىلەن بىرگە كېيېۋگە بېرىپ، قالقا دەرياسىنىڭ بويىدا بولغان تاتارلارغا قارشى قانلىق جەڭلەرگە قاتناشقانىدى.

كىنەزنىڭ چانىلىرى روستوۋ شەھىرىنىڭ قىڭغىر - قىيسىق تار كوچىلىرىدىن ئۆتۈپ، كىنەز سارىيىنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى. كىنەزنىڭ خىزمەتچىلىرى بىلەن ھويلىدا يۈرگەن لەشكەرلەر يۈگۈرۈپ كېلىشىپ گېئورگىنى چانىدىن يۆلەپ چۈشۈردى ۋە قولتۇقلىغان پېتى ئۆيگە باشلىدى.

— كىنەزىمىز ۋاسىلكو كونستانتىنوۋىچ قەيەردە؟ — دەپ سورىدى گېئورگى ۋسېۋالودوۋىچ ھويلىدىكىلەردىن.

— ئۇستىكارلىق دۇكىنىدا.

— قىلىچ سوقۇۋاتىدۇ.

— ئۇنداقتا مىنىمۇ شۇ يەرگە ئاپىرىڭلار!

كىنەز گېئورگى ۋىسېۋولودوۋىچ ئۈچىسىدىكى ئېيىق جۇۋىسىنى يېشىۋېتىپ، كالتە تۈلكە جۇۋىسى بىلەنلا لەشكەرلەرنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ شەھەرنىڭ قىڭغىر - قىيسىق يوللىرى بىلەن ئۇستىكارلىق دۇكىنىغا قاراپ ماڭدى.

— تۆمۈرچىلىك دۇكانلىرىمىز سېپىلنىڭ سىرتىدا، ئارىلىقى خېلىلا بار! — دېيىشتى لەشكەرلەر.

كۆل بويىدا قاتار سېلىنغان بىرمۇنچە دۇكانلار قارىيىپ تۇراتتى. دۇكانلارنىڭ ئىچىدىن چىرىيۈن بازغاننىڭ گۈپ - گۈپ قىلىپ ئۇرۇلغىنى ئاڭلىناتتى. دۇكان مورىلىرىدىن تۈرۈلۈپ - تۈرۈلۈپ يالقۇن ئارىلاش قىزغۇچ تۈتەك چىقىپ تۇراتتى، لاۋۇلدىغان قىزىل ئۇچقۇنلار ئاسمانغا بوي تارتىپ يۇقىرى كۆتۈرۈلەتتى - دە، بىر دەمنىڭ ئىچىدە ئېگىزدە ئۆچۈپ يۈرگەن قارا بۇلۇتلارغا قوشۇلۇپ كېتەتتى.

دۇكانلاردا ئىش ئىنتايىن قىزىپ كەتكەنىدى. تۆمۈرچى ئۇستىلار ئۇزۇن قىسقۇچلىرى بىلەن قىپقىزىل چوغقا ئايلانغان تۆمۈرلەرنى ئوتتىن سۇغۇرىۋېلىپ سەندەلگە قوياتتى - دە، كىچىك بولقىلىرىنى تاقىلدىتىپ بازغانچىغا قەيەرگە ئۇرۇش كېرەكلىكىنى كۆرسىتىپ بېرەتتى. يوغان، كۈچلۈك بازغانچىلار بولسا، غولاچلىرىنى كەڭ ئېچىپ ئېغىر بازغانلارنى گۈرس - گۈرس قىلىپ ئۇراتتى.

— مانا ھازىر، ھۆرمەتلىك مېھمان! — دېدى بازغانچىلارنىڭ ئىچىدىكى باشقىلارغا ئوخشاشلا ئاغزى - بۇرنى كۆيىگە سىلىنىپ كەتكەن بىرى.

— ماۋۇ ئىككى پارچە تۆمۈرنى تاۋلاۋاتىمەن! بۇ يەردە تۆمۈر تاپماق قىيىن. شەھەردىكى ھەممە تۆمۈرنى — لوم تۆمۈر بولامدۇ، شىنا تۆمۈر بولامدۇ قويماي يىغىۋالدىم!...

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئاپپالتا بىلەن قىلىچ ياساشقا ئىشلە-
تىۋاتىمەن. تۆمۈرچىلەرمۇ يوق... شۇڭا ئۆزۈم تۆمۈر
تاۋلاۋاتىمەن!

— كىنەز ۋاسىلكو، سەن بىر ئاددىي قارا بازغانچىدەك
تۆمۈر سوقىساڭ بولامدۇ؟ — دېدى كىنەز گېئورگى ۋسېۋالو-
دوۋىچ بىر نەۋرە ئىنىسىگە.

بۇ چاغدا ئۇلارنىڭ يېنىدا تۇرغان تۆمۈرچىلەردىن
بەزى تۇرۇپ:

— كىنەزىمىزنىڭ قولىدىن كەلمەيدىغان ئىش يوق.
ئۇ ھەممىگە ماھىر ئادەم، — دېدى.

— مانا ھازىر، قولۇمنى يۇيۇۋالاي، ئاندىن بىزنىڭكىگە
بېرىپ كېلىنىمنىڭ ئەتكەن تاماقنى بىللە يەيمىز. ھەي، بوژىر،
مەيەرگە كەل، مېنىڭ ئورنۇمدا ئىشلەپ تۇر! — دېدى كىنەز
ۋاسىلكو بىرىنى چاقىرىپ.

ئۇ شۇنداق دېدى-دە، بازغاننى قېشىغا كەلگەن ئېگىز
بويلۇق، چوقۇر بىر يىگىتكە تۇتقۇزۇپ قويدى. ئاندىن كېيىن
ئۇ ياغاچ چېلەكتىكى سۇدا قولىنى يۇيۇپ، ئۇتتا سارغايغان
پەرتۇقىغا ئېيتتى-دە، پەرتۇقنى يېشۋېتىپ كىنەز گېئورگى
ۋسېۋالودوۋىچنىڭ يېنىغا كەلدى.

يالقۇنلاپ يېنىۋاتقان ئوت يورۇقىدا كىنەز ۋاسىلكونىڭ
يوغان، كۈچلۈك گەۋدىسى، كېلىشكەن چىرايى ئېنىق كۆرۈندى.
ئۇنىڭ قاپىقىدىن قار يېغىپ خاپىلىقىنى باسالماي
تۇرغاندەك سوغۇق-تۈمسە كۆرۈنۈشى ھەم ئۆتكۈر كۆزلىرىدە
قادىلىپ، قاراشلىرى قانداقتۇر ئالاھىدە بىر ھوشيارلىقنى،
غەيرەت-شىجائەتنى، باتۇرلۇقنى ئىپادىلەپ تۇراتتى.

كىنەزلەر قۇچاقلىشىپ ئۈچ قېتىم سۆيۈشتى.

— زامان مۇشۇنداق بولۇۋاتىدۇ! «پالان شەھەر قولدىن

كېتىپتۇ، پالانى باتۇر يىگىتلەر قازا تېپىپتۇ، پالانچىنىڭ ئايالىنى ئاياغ - ئاستى قىلىپتۇ!» دېگەن شۇم خەۋەرلەرنى ئاڭلىغىنىڭ ئاڭلىغان. ئەمدى بارلىقىمىز سەپەرۋەرلىككە كېلىپ كۈچ توپلاپ، مۇرىگە - مۇرە تىرەپ، بىر يەڭدىن قول، بىر ياقىدىن باش چىقىرىپ، دۈشمەنگە قارشى بەردەك ئاتلىنىشىمىز كېرەك... — دېدى ۋاسىلكو.

— بىرلىشىشىمىز كېرەك! — دېدى كىنەز گېئورگىمۇ ۋاسىلكونىڭ سۆزىنىڭ تېگىگە يېتىپ بىر قىسما بولغاندەك. ئاندىن ئۇ راۋۇرۇس قەدەم تاشلاپ نەۋرە ئىنىسىغا ئەگىشىپ ئۈستىكارلىق دۈكىنىدىن چىقىپ كەتتى.

ئىككى كىنەز تۈن بويى كەندىر مېيى قۇيۇلغان پىلتىلىق شامنى پىلىلدىتىپ يېقىپ قويۇپ، ئۇ - بۇ ئىشلار ھەققىدە پاراڭ قىلىپ ئۇزاق ئولتۇردى ھەمدە ئالدىلىرىغا قويۇلغان ئىچىگە سازاڭ بېلىق سېلىپ پىشۇرۇلغان سامسا، تاتلىق قوي- ماق ۋە ئېيىقنىڭ سۈرلەنگەن تاپان گۆشى قاتارلىقلاردىن ئاز - تولا ئېغىز تەگدى. ئاندىن كېيىن ساقلانغىنىغا ئۇزۇن بولغان بال① ئىچكەچ كەلگۈسىدە نېمە قىلىپ، نېمە قويۇش كېرەكلىكىنى مۇلاھىزە قىلدى.

گېئورگى ۋسېۋالودوۋىچ نەۋرە ئىنىسىغا قانداق ئۇرۇش قىلىش ھەققىدە ئۆزىنىڭ ئويلىغانلىرىنى سۆزلەپ مۇنداق دېدى:

— تاتارلار كەلگۈن كەلگەندەك بارا - بارا پۈتۈن رۇسىيىگە يېيىلماقتا. بىزمۇ ئەمدى بىرلىشىپ ئۇلۇغ كۈچ توپلاپ ھەيۋەتلىك قوشۇن تۈزۈشىمىز كېرەك. بىراق بۇ ئىشنى

---

① ھەسەلدىن ئىشلەنگەن ھاراق.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ھېچكىمگە شاۋقۇن قىلماي يوشۇرۇن قىلغىنىمىز، ئەخىپى ھالدا
ئادەم بالىسى ئاياغ باسمىغان بىرەر قېلىن ئورمانغا يېتىۋالغىنى-
مىز تۈزۈك. ئىش قىلىپ تاتارلار بىزنىڭ كۈچىمىزنىڭ
قانچىلىك ئىكەنلىكىنى، ئۇنى قەيەردە توپلاۋاتقانلىقىمىزنى
بىلمەيدىغان بولسۇن. ئۇبدان كۈچلىنىۋېلىپ، ئالدى بىلەن
تاتارلارنىڭ بىر قوشۇنىنى يوقىتىپ، ئاندىن ئىككىنچىسىنى،
ئۈچىنچىسىنى، شۇنداق قىلىپ بارلىقىنى يوقىتىش كېرەك.
ئۇلارنىڭ بىر - بىرى بىلەن بىرلىشىۋېلىشىغا يول بەرمەي
يەككە - يەككە بۆلۈنگەن پېتى پارچىلاپ يوقاتقان تۈزۈك.

— ئەڭ قولايلىق پەيتلەر ئۆتۈپ كېتىپ بارىدۇ. شۇنداق
قىلىپ قوشۇننى قايسى ئورۇنغا توپلىماقچىسەن؟ — دېدى
كىنەز ۋاسىلكو.

— گالىچ ۋېسىگونىسىك ياكى ئاقكۆلگە ئوخشاش
يەرلەرنىڭ بىرەرسىگە توپلىماقچىمەن.

— بەكمۇ يىراق ئىكەن.

— ئۇنداق بولسا، لەشكەر توپلاشقا يەنە بىر قولايلىق
يەر — مۇلوگا دەرياسىنىڭ بويىدىن ياخشى يەر يوق. ئۇ يەر
پايانسىز قېلىن ئورمانلىق. يالغۇز شىبرۇين ئورمانلىقىنىڭ
ئۆزىلا يېتىپ ئاشىدۇ. ئۇنىڭ يەنە بىر پايدىلىق تەرىپى:
تاتارلار ئاچكۆز، خەزىنە - مال مۈلۈككە بەكمۇ ئامراق
كېلىدۇ، شۇڭا ئۇلار چوقۇم نوۋگورودقا يۈرۈش قىلماي قالمايدۇ.
چۈنكى ئۇلار نوۋگورود سودىگەرلىرىنىڭ ئامبارلىرىنى
بۇلاڭ - تالاڭ قىلمىسا، قىممەتلىك چەت ئەل ئەشيالىرىنى
نەدىن تاپىدۇ؟ تاتارلار نوۋگورودلۇقلار بىلەن تۇتۇشۇپ
قالغاندا، بىزنىڭ قوشۇنىمىز ئۇلارنىڭ يولىنى كېسىپ تاشلاپ
ئارقىسىدىن بېسىپ چۈشىدۇ - دە، شۇ يەرنىڭ ئۆزىدىلا ئىشنى
تامام قىلىدۇ.

— مەن بولسام باشقىچە قىلغان بولاتتىم، — دېدى ۋاسىلكو، — يېۋپاتىيىنى كولوۋرات بىر يېرىم مىڭغا يېتەر-يەتمەس ئەسكىرى بىلەن تاتارلارنىڭ ئىككى تۈمىنى بىر ئۆتۈككە تىقىپ، باشلىرىدا ئەجەل توقمىقىنى ئوينىتىقانلىقىنى بىلىسەڭغۇ!

— بىراق ئۇ تاتارلارنىڭ قولىدا قۇربان بولغان ئەمەسمىدى؟

— قۇربان بولسىمۇ ئۇلارنى بىر ھالسىرىتىۋېتىپ قۇربان بولدى. ئۇلار بىلەن ئەنە شۇنداق ئۇرۇش قىلىش كېرەك. ئۇلارنى ئارقىدىن ئىز بېسىپ قوغلاپ، ئۇخلاپ ياتقان يېرىدە يانچىپ تاشلاپ، ئاندىن ئورمانلىقلارغا يوشۇرۇنۇپ، پەيت كۈتۈپ بېكىنىپ ساقلاپ تۇرۇش كېرەك... مېنىڭچە جاي - جايلاردا پىدائىيلار قوشۇنلىرىنى قۇرۇش ۋە ئۇلارغا ياردەم بېرىش كېرەك. قىسقىسى تاتارلار ئۆزلىرىگە قەيەردىن خەۋپ كېلىدىغانلىقىنى بىلەلمەي، مەڭدەپ تېنەپ يۈرىدىغان بولسۇن.

— ياق، ئۇنداق قىلىش توغرا ئەمەس! ئۇنداق قىلغاندا لەشكىرىي كۈچىمىز بۆلۈنۈپ كېتىدۇ. بىز خۇدا قوللاۋاتقان بۇ ئىشقا چىن يۈرەكتىن بېرىلىپ، ھەيۋەتلىك قوشۇن تۈزۈپ، دىن تۇغىنى چىڭ تۇتۇپ، پوپلارنى باشلامچى قىلىپ ئاخىرقى جەڭگە ئاتلىنىشىمىز كېرەك. شۇ چاغدىلا خۇدايىتائالانىڭ ئۆزى بىزنى قوللاپ، بۇ زېمىنگە نائەھلىلەرگە غەزەپ ياغدۇرۇپ ئۇلارنى تۈگەل ھالاك قىلىدۇ - دە، بىزنى مەقسىتىمىزگە يەتكۈزىدۇ. بۇنداق ئۇلۇغ غەلىبىگە ئىگە بولىدىغانلىقىمىزغا ئىشەنچىم كامىل! ھازىر پۈتۈن رۇس ئېلى مېنىڭدىن ياردەم كۈتمەكتە. مەن ئۇنى دۈشمەندىن قۇتۇلدۇرىمەن!... شۇڭا كىنەز ۋاسىلكو كونستانتىنوۋىچ، ماڭا ياردەم

www.uyghurkitap.com

قىلىشىڭنى بەكمۇ ئۆتۈنۈپ سورايمەن، يۇرت ساڭا ئىشىنىدۇ، گېپىڭنى ئاڭلايدۇ، مەسلىھەتىڭنى قوبۇل قىلىدۇ. بارلىق كىنەزلەرگە، بويارلار بىلەن سەركەردىلەرگە چاپارمەن ئەۋەتىپ خەۋەر قىل. ئۇلار لەشكەرلىرىنى باشلاپ مولوگا دەرياسىنىڭ بويىغا تۈگەل يىغىلسۇن، دېگىن. شۇ يەردە يىغىلىپ، شۇ يەردىن قوشۇن باشلاپ تاتارلارنى يوق قىلىشقا ئاتلىنىمەن.

— ۋەتىنىم ئۈچۈن قولۇمدىن كەلگەن ئىشنىڭ ھېچ قايسىسىنى ئايىمايمەن، روستوۋ باتۇرلىرىغا باش بولۇپ ئۆزۈممۇ بارارمەن، — دېدى ۋاسىلكو ھاياجانلىنىپ.

## ئىككىنچى باب

## لەشكەرلەر ياتىقى

روستوۋدىن تەرەپ - تەرەپكە خەۋەرچىلەر ئەۋەتىلدى. ئۇلار ئۇلۇغ كىنەز گېئورگى ۋسېۋولودوۋىچ بىلەن كىنەز ۋاسىلكو كونسانتىنوۋىچتىن نوۋگورود، پىسكوۋ ۋە ئىدىل بويىدىكى نودىسلاۋىل، كوستروما قاتارلىق يېقىن ئەتراپتىكى شەھەرلەرنىڭ ھەم ئۇلارنىڭ نېرىسىدىكى گالىچ بىلەن ئاقكۆل شەھەرلىرىنىڭ كىنەزلىرىگە، لەشكەر باشلىقلىرىغا، ھوقۇقدارلىرىغا خەۋەر ئېلىپ ماڭغانىدى. كىنەز لەشكەرلەرنى قىزىل ئېدىر دېگەن يەرنىڭ ئەتراپىدا توپلىنىشقا چاقىردى. شۇ يەردە رۇس قوشۇنلىرى تولۇق باش قوشۇپ چوڭ قوشۇن تۈزمەكچى بولدى. كىنەزلەرنىڭ خەۋىرىنى ئاڭلىشى بىلەن تەڭ لەشكەرلەر قىزىل ئېدىر تەرەپكە كېلىشكە باشلىدى. ئۇلارنىڭ

بەزىلىرى ساۋۇت كىيگەن ئاتلىق لەشكەرلەر بولۇپ، قوللىرىدا قىلىچ، نەيزىلىرى بار ئىدى. قالغان كۆپچىلىكى بولسا، ئۈستىلىرىگە ئۇزۇن - قىسقا تونلارنى كىيىۋالغان بولۇپ، پالتا، ئارا قاتارلىق قوراللارنى تۇتۇپ پىيادە كەلمەكتە ئىدى. بىراق ئۇلار يېتىپ كەلگەندە قىزىل ئېدىردا كىنەز گېئورگى ۋسېۋالودوۋىچ يوق ئىدى. شۇڭا لەشكەرلەر:

— ماۋۇ ئىشنى قاراڭ، بۇ يەردىكى قوشۇنلار نەدىدۇر؟ — دېيىشەتتى ھاڭ - تاڭ بولۇپ.

— ئۇلارنىڭ ياتقان يېرى يوشۇرۇندەك قىلىدۇ. ئۇنداق بولمىسا تاتارلار بىزنىڭ قوشۇنىنىڭ نەدە تۇرۇۋاتقانلىقىنى ئالدىنئالا بىلىۋېلىشى مۇمكىن... — دېيىشەتتى بەزىلەر.

لەشكەرلەر ئوت سىنغاچ ئولتۇرۇپ پاراڭغا چۈشتى:

— ۋلادىمىرنىڭ ئۇلۇغ كىنەزى ئۇزاق ئويلاپ تۇرۇۋېلىپ، ئاخىرى ئىشقا كىرىشكىنى ياخشى بولدى - دە! ئۇ ھازىرقى رۇس كىنەزلىرىنىڭ ئەڭ كىچىكى. شۇڭا رۇس قوشۇنلىرىغا ئۇنىڭ ئۆزى باشچىلىق قىلغىنى تۈزۈك. «تاتارلار كېلىۋاتىدۇ» دېگەن خەۋەرنى ئاڭلىشى بىلەنلا شۇنداق قىلىشى كېرەك ئىدى!... بىراق ئامال قانچە، چالا ئىش قىلىپ، رەزانلىقلارغا ياردەم قىلماي ۋاقىتنى ئۆتكۈزۈپ قويدى. كىرمىگىلىغان رۇس لەشكەرلىرى ئورۇنسىز قۇربان بولدى. بىز ھېلىھەم بولسىمۇ بارلىقىمىز بىراقلا كۆتۈرۈلۈپ، ئەشەددىي دۈشمەنگە قارشى ئاتلىنىشىمىز كېرەك، شۇنداق قىلغاندىلا ئۇنى يېڭەلەيمىز... ئېسىت، بۇ كىنەزلەرنىڭ بىر - بىرى بىلەن چىقىشالماي، ئالا كۆڭۈللۈك قىلىپ، پۇت تېپىشىپ ھەتتا ئۇرۇش - ماجرا قىلىشىپ يۈرگەنلىكى سەۋەبىدىن رۇس ئېلى — رۇس يېرى تۈگىشىپ كېتىۋاتىدۇ - دە! — دېيىشتى ئۇلار.

www.uyghurkitap.com

ئۇلۇغ كىنەز گىئورگى ۋسېۋولودوۋىچ روستوۋدا ئالتە ھايال قىلماي، ئۇگلىچكە قاراپ يۈرۈپ كەتتى. ئۇ يەردىن ئىدىلنى بويلاپ مېڭىپ مىشكىن شەھىرىگىچە، ئاندىن ئۇنىڭ نېرىسىدىكى ئورمانلىقلارنى ئارىلاپ ئۆتۈپ، سىت دەرياسىنىڭ بويىغا باردى ۋە بۇ دەريانىڭ مولوگا دەرياسىغا قوشۇلغان يېرىگە بېرىپ توختىدى. كىنەز بۇ يەرنىڭ بېژىنكى دېگەن قىشلىقىدا تۇرۇشلۇق باخرامەي ھەززەت دېگەن پوپنىڭ ئۆيىگە چۈشتى. پوپ ئۆزىنىڭ كونىراپ، بىر يېقىغا قىڭغىيىپ كەتكەن كىچىككىنە چېركاۋىغا ئوخشاش يېشى بىر يەرگە بېرىپ قالغان، قېرىلىقتىن بەللىرى مۈكچىيىپ كەتكەن ئادەم ئىدى. ئۇ كېلە - كېتە پاراڭلارغا ئامراق بولۇپ چىقتى. پوپنىڭ ئايالى ئولىمپىيادا قوشناچ، سېمىز، خۇش چىراي، ئوچۇق كۆڭۈل ئايال ئىدى. ئۇ ياشانغانلىقىغا قارىماي ئۆي ئىچىدە قولى - قولىغا، پۇتى - پۇتىغا تەگمەي يۈگۈرۈپ يۈرەتتى. كۆڭۈلدىكىدەك كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن ئۇ مېھماننىڭ ئالدىغا تۇزلانغان موگو، يېرىمىغا بوتقا، يېرىمىغا قايماق بىلەن بېلىق قوشۇپ پىشۇرۇلغان كۆمەچ قويدى.

باخرامەي ھەززەت كىنەزگە بېژىنكى قىشلىقىغا پەقەت غەرب تەرەپتىكى بېژىتسك شەھىرىدىن كېلىدىغان بىرلا يول بارلىقى، شەرق تەرەپتىن بولسا، قىش كۈنلىرىلا مولوگا بىلەن سىت دەريالىرىنى بويلاپ كەلگىلى بولىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بەردى. ئۇ يەنە: ئەتراپ قېلىن ئورمان بىلەن قاپلانغان، ياز كۈنلىرى بۇ يەردە پاتقاق دەستىدىن ئاياغ ئېلىپ يۈرگىلى بولمايدۇ، پاتقاقلىقلارنىڭ كۆزلىرى قىش كۈنلىرىدىكى قەھرىتان سوغۇقلاردىمۇ قاتماي قايناۋاتقان سۇدەك بۇلدۇقلاپ تۇرىدۇ، دەپ تونۇشتۇردى.

— ئۇنداقتا تاتارلار بۇ يەرگە زادىلا كېلەلمەيدۇ، دېگىنە، — دېدى كىنەز گېئورگى.

— ئۇلارنىڭ ھەنىۋاسى پىتىپ قالدۇ، — دىدى باخرامەي ھەزرەت كىنەزنى قۇۋۋەتلەپ.

— بۇ يەر ماڭا يېقىن قالدى. مەن لەشكەرلىرىمنى مۇشۇ يەرگە ئەكىلىپ ئورۇنلاشتۇرسام بولغۇدەك.

— خۇدا تەلىپىڭنى ئىجاۋەت قىلغاي! — دىدى باخرامەي ھەزرەت ئۇنىڭغا دۇئا قىلىپ، — سەن ئۆزۈڭ بىر پادىشاھ، سەن كۆپچىلىكنى باشلا. مەن ھەر كۈنى قۇدرىتى ئۇلۇغ خۇدايتائالاغا سېغىنىپ سىنىڭ لەشكەرلىرىڭنىڭ غەلىبىلەرگە ئىگە بولۇشىنى تىلەۋىرەي.

لەشكەر توپلاپ بىر جايغا يىغىلىش توغرىسىدىكى خەۋەر ئالدى بىلەن بۇ يەرگە يېقىنراق بولغان سىت كىنەزلىكىگە يېتىپ بارغاندى. ئۇلار تۈركۈم - تۈركۈملەپ لەشكەرلەرنى ئوزۇق - تۈلۈك، يەم - چۆپ، ئۇن، تۇزلانغان بېلىق بېسىلغان ھارۋا - چانىلىرىنى كەينى - كەينىدىن يولغا سېلىشقا باشلىدى. ئۇچىسىغا چەكمەن، قىزغۇچ يىشىل لىبىتا بېكىتىلگەن كالتە تىشقان جۇۋا، باشلىرىغا بۆرە قۇلاقچا كىيگەن، چاچلىرى ئۆسۈپ يەلكىلىرىگە چۈشكەن سىت دىھقانلىرىمۇ يىتىپ كەلدى. بىر چاغدا كىنەز ئىشىك ئالدىغا چىققاندى. ئۇنى ئارىلىرىنى تاينىۋالغان دىھقانلار بىر-بىرىنى ئىتتىرىشىپ دۈررىدە كېلىپ ئورىۋېلىشتى. دىھقانلارنىڭ ئارىسىدىكى يېشى چوڭراق بىرى ئالدىغا چىقىپ، ئالدىراپ-تىنەپ سۆزلەشكە باشلىدى:

— بىزنى نېمىگە چاقىرغان ئىدىڭ؟ سىت بويىدىكى خەلقنى نېمىگە قوزغىمىدىڭ؟ دەيدىغىنىڭنى دېمەمسەن، بىز ھەممىمىز ئورمانچىلارمىز، خوش قىنى، بىزگە نېمىنى چاپ دەيسىلەر، ئورماننى چاپىمىزمۇ، دۈشمەننى چاپىمىزمۇ؟

كىنەز كېنۇرگى ئۆزىنىڭ ئىگىلىك ئىشلىرىدا باشقىلاردىن

www.uyghurkitap.com

ئۇستاراق ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىماقچى بولۇپ، كۆپچىلىكنىڭ بىر قىسمىغا ئىت دەرياسىنىڭ بويىغا ياغاچ ئۆي سېلىشنى، ئۆيلەرنىڭ ئىچىگە كۆمۈلاچ لاي ۋە پېچ ياساشنى، قالغانلىرىغا بولسا، چوڭقۇر ۋە ئۇزۇن ئورەك كولاشنى بۇيرۇدى.

— ھە. بۇلار بىزنىڭ قولىمىزدىن كېلىدىغان ئىشلارغۇ! زەيكەش كولاش، قارىغاي - دەرەخ كېسىش دېگەنلەرنى بىزگە قويۇپ بەر. بىز بۇ ئىشلارنىڭ ماھىرلىرى، — دېدى ئىت بويىدىن كەلگەن دېھقانلار.

كۆپ ھايال بولماي ئۇلار كەينى - كەينىدىن ئورمانغا قاراپ ماڭدى ۋە بىردەمنىڭ ئىچىدىلا قېلىن ئورمانلىققا كىرىۋېلىپ، پالتىلىرىنى تاقىلدىتىپ يوغان - يوغان قارىغاي - دەرەخلەرنى غولىتىشقا باشلىدى. شۇنداق قىلىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئىت دەرياسىنىڭ ئېگىز قىرغىقىدا ئورغۇنلىغان ياغاچ ئۆيلەر پەيدا بولدى. بىرنەچچە كۈندىن كېيىن بۇ ئۆيلەرنىڭ مۇرىلىرىدىن بۇرقۇپ تۈتۈن چىقىشقا باشلىدى.

ئۆز ئىختىيارى بىلەن ئاتلانغان پىدائىي لەشكەرلەرمۇ بەزىلىرى يالغۇز، بەزىلىرى ئوندىن بولۇپ تۈركۈم - تۈركۈملەپ كېلىشكە باشلىدى. كىنەز گېئورگىي ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە ئىش تېپىپ بەردى. بەزىلىرىگە يەر كولىتىپ كەڭ - يوغان گەمە ئۆيلەر ياساتتى. بەزىلىرىگە بولسا، ياغاچ - تاش، قۇرۇق شاخ - شۇمبىلارنى توشۇتۇپ، ئۇنىڭدىن ئۇزۇن توسۇق — تام تۇرغۇزدى.

كۆپ كېچىكمەي روستوۋ كىنەزى ۋاسىلكو كونىستانتىنوۋىچمۇ يېتىپ كەلدى. ئۈتۈچ - يۈزدەك ئاتلىق، مىڭدەك پىيادە لەشكەر ئېلىپ كەلگەنىدى. ئۇلارنىڭ كەينىدىن دەستە - دەستە گۆش، تاغار - تاغار ئۇن ۋە تۇز قاچىلانغان چانىلارمۇ كېلىشكە باشلىدى.

كىنەز ۋاسىلكو قاپاقلىرى سىلىنغان ھالدا، ئۇرغۇن كىشىلەر ئۇپۇر - توپۇر، ۋاڭ - چۇڭ قىلىشىۋاتقان قەلئەنى بىر ئارىلاپ چىقتى. ئاپئاق قىلىپ يونۇلغان لىملاردىن ياسالغان يېپيېڭى ئۆيلەرگىمۇ بىر قۇر نەزەر سالغان بولدى. ئاندىن ئۇزۇن تام - توسۇقنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئېتىنىڭ تىزگىنىنى تارتىپ، بېشىنى چايقىغان ھالدا بىرئاز قاراپ تۇردى - دە، نېرىراق يەرگە جايلاشقان چېركاۋغا قاراپ يول ئالدى. پوپنىڭ ئۆيىگە يانداپ سىلىنغان يېڭى بىر ئۆينىڭ ئۈستىدە ئۇلۇغ كىنەزنىڭ پالاسچىلىك قارا بايرىقى لەپىلدەپ تۇراتتى. بايراقتا زەر يىپ بىلەن «مەڭگۈ ھايات سىپاس ئەۋلىيا» نىڭ رەسمى كەشتىلەنگەنىدى.

ئۇچىسىغا ئۇزۇن كونا پېرىجە كىيگەن، ئاپئاق ساقاللىق، ئېگىز تال قىلىپ ئۆرۈلگەن ئاق چېچى بار بىر پوپ ئىشىك ئالدىغا چىقتى.

— قەدىمىڭگە مۇبارەك بولسۇن، مەرتىۋەڭ ئۈستۈن بولسۇن كىنەز ۋاسىلكو كونستانتىنوۋىچ! ئاددىي كۈلبىمىزنى ئىلىك ئېلىپ ئۆيگە كىرىپ ئىسسىنىۋال! — دېدى كىنەزگە.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، باخرامەي ھەزرىتىم! ئۇزلىرىنى خېلىدىن بېرى كۆرمىگەنىدىم، ئاخىرقى قېتىم بولان ئوۋلاشقا چىققاندىن بۇيان ئۇچراشقىنىمىز مۇشۇغۇ دەيمەن! ئۆزلىرىگىمۇ چېركاۋلىرىغىمۇ قېرىلىق يېتىپ قالغانمۇ، نېمە؟

— بىلىم مۇكچىيىپ، كەيپىم ياخشى بولمىغىنى بىلەن كاللام بوش كېلىدىغاندەك ئەمەس. بەلكى مېنىڭ بۇ يامان كاللام بىرەر ئىشقا يارامۇ قالار!

كىنەز ئېگىز، بوز ئارغىماقتىن چۈشۈپ، يېنىغا يۈگۈرۈپ كەلگەن بىر لەشكەرگە ئېتىنىڭ تىزگىنىنى تۇتقۇزۇپ قويدى - دە، ئۆرۈلۈپ كېتەي دەپ قالغان ئىككى ئېغىز كونا ئۆينىڭ

نىڭ ئالدىدىكى پەلەمپىيى بىلەن چىقىپ، ئۇ يەردە تۇرغان باخرامەي ھەزرەتنىڭ قارا تارمۇشتەك قېتىپ قالغان قولىنى ئېگىشىپ تۇرۇپ سۆيدى. باخرامەي ھەزرەت ئۈچ بارمىقىنى جۈپلەپ تۇرۇپ كىنەزنى ئۈچ قېتىم چوقۇندۇردى ۋە ئۇنىڭغا ئاتاپ دۇئا قىلدى.

— بۇ يەرگە يېڭى شەھەر سېلىۋاتامسىلەر نېمە؟ — دېدى كىنەز قېرى پوپقا قاراپ.

— ھە، ئەشۇنداق بولۇشى مۇمكىن، — دېدى پوپ.

— بۇ شەھەر دۈشمەنگە قانچىلىك ۋاقىت چىداشلىق بېرەلەر؟ بىر يىلمۇ ياكى ئىككى يىل...

— مەن شور پېشانە نېمىنى بىلەي، بۇنى مەن بېچارە-دىن سوراپ نېمە قىلاتتىڭ. مەن دىن يولىدا ئۆزۈمنى ئاتىغان ئادەممەن، مېنىڭ بىلىدىغىنىم شۇ، قالغىنىنى ئۇلۇغ كىنەز كېئورگى ۋسېۋالودوۋىچ بىلىدۇ، بارلىق مەسىلىنى ئۇ ئۆزى ھەل قىلىدۇ. ياغاچ توشۇپ كېلىپ ئۆي سېلىڭلار، دېگەنمۇ شۇ كىشى. مانا شۇنىڭ ئۈچۈن مۇشۇنداق زور ھەربىي قەلئە ياسىلىۋاتىدۇ.

— بۇ يەرگە توپلانغان ئادەم خېلى نۇرغۇندەك قىلىدۇ، بۇلارنىڭ ھەممىسىگە تاماقنى قانداق يەتكۈزمەكچىسىلەر؟

— ھەممىنىڭ غېمىنى يەيدىغان پادىشاھىمىزنىڭ ئۆزى بار. بۇ يەرگە كەلگەن لەشكەرلەرنىڭ ھەممىسى يەيدىغىنىنى ئۆزلىرى غەملەپ كەلدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلۇغ كىنەزنىڭ بۇيرۇقى بويىچە ھەرقايسى جايلاردىن ئۇن ۋە تۇزلانغان بېلىق توشۇۋاتىدۇ. بۇ يەردىكى سىت ئاياللىرى خېمىر يۇغۇرۇپ نان پىشۇرۇپ بېرىۋاتىدۇ.

— چۆپلەرىڭلار بارمۇ؟ مەن بىلەن كەلگەنلەرنىڭ

ئىچىدە ئاتلىق لەشكەرلەر بار ئىدى. شۇلارنىڭ ئېتىغا يەم كېرەك.

— ئۆزۈمنىڭ ئېتىغا يېتەرلىك چۆپ تېپىلىپ قالار. يازدا كالىغا چۈشلۈق ئوت - چۆپ تەييارلىۋالغانىدىم. لەشكەرلەرنىڭ ئاتلىرىغا بولسا، كىنەزنىڭ ئۆزى تېپىپ بېرەر. دېھقانلارنىڭ چۆپ توشۇۋاتقانلىقىنى كۆرگەنمەن... توۋا، ما ئىشنى قارا، باياتىن بېرى سوغۇقتا مۇزلاپ ئىشىك ئالدىدا تۇرغىنىمىز نېمىسى؟ يوق، ئۆيگە كىرەيلى. ئەڭ بولمىغاندا ئەسكى كۆلبەمنى كۆرگەچ كېتەرسەن.

كىنەز ۋاسىلكو ئۆزىگە قاراپ تىزىلىپ تۇرغان لەشكەرلەرگە بۇرۇلۇپ قارىدى - دە، ئالدىنقى يۈز لەشكەرنىڭ باشلىقىنى چاقىرىۋالدى. ئاندىن ئۇنىڭغا:

— بولاتكو! ئاتلارنى ئورۇنلاشتۇرۇشقا مۇۋاپىق بىرەر ئورۇن ئىزدەشتۈرۈپ كۆرگىنە. ئاڭغىچە مەن كىنەز گېئورگى ۋسېۋالودوۋىچ بىلەن ئاتلارغا بېرىلىدىغان يەم - چۆپ توغرىسىدا سۆزلىشىۋالاي، — دېدى.

— ئىككى - ئۈچ كۈنگە يەتكۈدەك چۆپىمىز بار. ئۇنىڭ ئۈستىگە سۇلۇمۇ ئون كۈنگە يېتىپ قالىدىغۇ، دەيمەن.

— ئاتلىرىمىزنى سوقۇمغا سويۇۋالمىساقلا بولاتتىغۇ! ئادەم دېگەن تىقىلىپ كېتىپتۇ. مۇنچە كۆپ ئادەمنى ئوزۇقلاندۇرۇش ئوڭايغا چۈشمەس... ئەنە ئۇلۇغ كىنەزنىڭ ئۆزىمۇ كېلىۋاتىدۇ.

گېئورگى ۋسېۋالودوۋىچ كېلىۋاتاتتى. ئۇ جۇۋىسىنى يېپىنچاقلاپ، قىزىرىپ تەرگە چۆمگەن هالدا ئالچاڭلاپ كەلمەكتە. ئۇنىڭ تۇرقىدىن خۇشاللىقى چىقىپ تۇراتتى.

— مۇنچىغا چۈشۈپ يۇيۇنۇپ راسا راھەتلىنىپ كېلىۋاتىمەن. ۋاھ، مۇنچىدا يۇيۇنۇشنى نەقەدەر ياخشى كۆرىدىغانلىقىمنى دېمەمسەن... بۇ يەرگە كەلگەندىن بۇيان ئوپئوخشاش ئالتە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مۇنچا سالدۇرۇشقا ئۈلگۈردۈم. مۇنچا بولمىسا كۆپچىلىك كېتىر پەت - قۇش بولۇپ كېتىدۇ - دە، ھەممىنىڭ غېمىنى بىر ئۆزۈڭ يېيىشىڭ كېرەك. شۇنىڭغىلا بېشىم قېتىپ بىر بولدى... خوش، ياخشى سالامەت تۇردۇڭمۇ ئومىقىنىم، كۆپ ياشا قاپاشىم. مانا ئەمدى قۇچاقلىشىپ كۆرۈشەيلۇقتە، مېنىڭ يېڭى سالدۇرغان ئۆيۈمگە بارايلۇق، — دېدى ئۇ.

## ئۈچىنچى باب

## باتۇخان موناستىردا

ئۇكلىچ شەھىرىگە يېقىن كەلگەن باتۇخان ئاتىنىڭ تىزگىنىنى تارتىپ توختاتتى. ئۇ نېرىراق يەردىكى بىر - بىرىگە گىرەلىشىپ كەتكەن، ئۈستىگە كرېست ئورنىتىلغان خەلتە ياغاچ ئۆيلەرنى قامچىسى بىلەن كۆرسىتىپ تۇرۇپ:

— ئاۋۇ تۇرغان نېمىلەر ئۇ؟ — دېدى ھەيران بولغان ھالدا:

جاھانگىرنىڭ يېنىدا ئات ئۈستىدە ئۈگدەپ ئولتۇرغان سۇبىتاي باھادىر بۇ گەپكە بىر نېمە دېيەلمەي مەڭدەپ قالدى ھەمدە ئۇ:

— تىلماچ نەدە؟ تىلماچنى چاقىرىڭلار! — دەپ ۋارقىرىدى.

— تىلماچ! — دەپ چۇقان سېلىشتى نۆكەرلەرمۇ.

كۆپ ئۆتمەي تىلماچمۇ ھازىر بولدى.

— بۇ ۋوسكرېسېنسكى دەپ ئاتىلىدىغان ئەرلەر موناستىرى، ئۇ يەردە بىرنەچچە يۈز موناخلار تۇرىدۇ. موناخ دېگىنىمىز — بىزنىڭ باخشىلىرىمىز سىياقىدىكى ئادەملەر. پەرقى شۇكى،

ئۇلارغا ئاياللار بىلەن يېقىنلىشىشقا رۇخسەت قىلىنمايدۇ. ئۇ-
لارنىڭ دائىملىق ئەمىلى — چوقۇنۇش ۋە قارنىنى تويغۇزۇش-
تىن ئىبارەت...

— ئۇلار چوقۇنغاندا نېمىنى تىلەپ چوقۇنىدۇ؟

— يەر يۈزىدە ئۇرۇش-جېدەللەر بېسىلىپ، تىنچلىق
بولسىكەن، دەپ تىلەيدۇ...

— ماڭا نىسبەتەن ئەھمىيىتى چاغلىق!

— ئۇلار يەنە: خۇدا، ئاچارچىلىقتىن، يەر تەۋرەشتىن،
ئوت ئاپىتىدىن ساقلىغايسەن، دەپ تىلەيدۇ...

— ماڭا نىسبەتەن بۇنىڭمۇ زۆرۈرىيىتى يوق. بۇلارنى
قويۇپ تۇرۇپ، مۇھىمى، كىمنەز: كېيىنكى ئىككىمىزنىڭ ئۇرۇشى
قانداق ئاياغلىشىدىغانلىقى توغرىسىدا خۇدالىرىدىن سوراپ بىر
نېمە دەپ بېرەلەمدۇ-يوق؟ مانا بۇ گەپنى قىل!

— دەپ بېرىدۇ، بۇنى شۇلارلا بىلىدۇ!

— ئانداق بولسا مەن بۈگۈن ئاشۇ خۇدانىڭ ئۆيىدە قو-
نىمەن، — دېدى باتۇخان سۇبىتايغا چەكچىيىپ قاراپ. سۇبىتاي
ئۇنىڭ بۇ سۆزىنى ياقتۇرمىغاندەك ئىنجىقلاپ بىر پەس تۇردى-
دە، ئاندىن تىلماچقا قاراپ:

— ھەي، تىلماچ! نۆكەرلەردىن بىرىنى يېنىڭغا ئېلىپ
توپتوغرا ئاۋۇ تۇرغان رۇس خۇداسىنىڭ ئۆيىگە بار، ئۇ يەردىكى
باخشىلارنىڭ ئەڭ چوڭىغا: بۇ يەرگە ھازىر ئۇلۇغ جاھانگىر
باتۇخاننىڭ ئۆزى كېلىدۇ، دەپ ئېيت! — دېدى.

— خوپ بولىدۇ، تەقسىر! — دېدى تىلماچ ۋە نۆكەر-
نىڭ ئالدىغا چۈشۈپ موناستىر تەرەپكە چېپىپ كەتتى. سۇبىتاي
باھادىر نۆكەرلەرنىڭ يۈزبېشىنى چاقىردى. شۇ زامان ئۇنىڭ
يېنىغا ئۇستىبېشى ھەشەمەتلىك ياساندۇرۇلغان، كېلىشكەن تو-
رۇق ئاتقا مىنىپ يۈزبېشى ئەرەپشاھ يېتىپ كەلدى. توروق

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئاتنىڭ بويىنىدىكى كۈمۈش تۆمۈلدۈرىگى يال-يۇل قىلىپ تۇراتتى. ئېگەر-توقۇملىرىغا بولسا، رۇسلارنىڭ ئۇرۇشتا قازا تاپقان لەشكەر باشلىقىنىڭ ئېتىدىن سۇيۇرۇۋېلىنغان ئېگەرنىڭ ئالتۇن-كۈمۈش يالىتىلغان ئاي شەكلىدىكى تۆمۈرلىرىنى، خىلمۇ خىل زەنجىرلىرىنى ئېسىۋالغانىدى.

سۇبىتاي باھادىر ئۇنىڭغا مۇنداق بۇيرۇق بەردى:

— دەرھال بىرىپ ئاۋۇ مۇناستىرنى قورشىۋال! دەرۋازىلارغا كۆزەتچى قوي. بارلىق ئۆيلەرنىڭ ئىچىنى ئالا قويماي تەكشۈرۈپ چىق. پوللارنىڭ تېگىدە يوشۇرۇنغان دۈشمەن بارمۇ-يوق؟ بىزنى تۇيۇقسىز قولغا چۈشۈرمەكچىمۇ-قانداق؟ مانا مۇشۇلارغا ئوبدان دىققەت قىل! رۇسلارغا: «سىلەرگە خۇدايىم بەردى، بەختىڭلار ئېچىلدى. پۈتكۈل ئالەمنىڭ شاھى بۈگۈن ئۆيۈڭلارغا كېلىپ قونىدىغان بولدى» دېگىن. ئۆي-ئۆيلەرگە، پەلەمپەيلەرگە، يول-يولغا، دوقمۇش-دوقمۇشلارغا پوست قوي. نۆكەرلەرنىڭ ئىچىدىن ئېچىرقاپ كەتكەن ئون نۆكەرنى تاللىۋېلىپ، ئاشخانىغا نازارەتچىلىككە قوي. ئۇلار ئالدى بىلەن ئۆزلىرى ئوبدان تويۇۋالسۇن، ئاندىن رۇسلارنىڭ ھېلىقى باخشىلىرىنى كۆزەتسۇن، كىم بىلىدۇ، بەلكى بۇ بولمىغۇر نېمىلەر تاماققا بىر نېمە قوشۇۋەتتىمۇ؟ ياكى ھارام تاماق ئېتىپ بۇزغۇنچىلىق قىلامدۇ؟ ئەگەر ئۇلارنىڭ بىرەر يامان نىيەتلىك ئىشى سېزىلسە، دەرھال ئاشپەزلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ بويىنىنى ئۈزۈش كېرەك. شۇ نەرسە ئېسىڭدە بولسۇنكى، جاھانگىر باتۇخان ئارام ئېلىۋاتقان ۋاقىتتا ئۇ تۇرغان ئۆيگە باشقا قوشۇنلاردىكى موڭغۇل لەشكەرلىرىنىڭ بىرىمۇ يېلغۇچى بولمىسۇن.

— ئاڭلىدىم، بولىدۇ! — دېدى ئەرەپشاھ ۋە قوماندانىنىڭ بۇيرۇقىنى ئورۇنداش ئۈچۈن ئات چاپتۇرۇپ ئۇچقاندەك يۈرۈپ كەتتى.

مونастىرنىڭ باش چىركاۋىدا سەلتەنەتلىك دۇئا - تەكبىر ئوقۇلماقتا ئىدى. چىركاۋنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى يوغان گىلەم سېلىنغان سۇپىغا ئىككى دانە يۇمشاق ئورۇندۇق قويۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭ بىرىدە، ئەگەر قىلىچىنى يېنىغا تاشلاپ قويۇپ، بەدەشقىنىنى قۇرغان ھالدا باتۇخان ئولتۇراتتى. ئىككىنچى ئورۇندۇقتا بولسا، جاھانگىرنىڭ ئايالى يۇلتۇز خانىش ئولتۇراتتى. ئۇ جىيەكلىرىگە ئالتۇن تەڭگىلەر تىكىلگەن، ئۇنچە - مارجانلاردىن نەقىش بېسىلغان ئۇزۇن قالپاق كىيىۋالغانىدى. باتۇخاننىڭ ئەڭ يېقىن ئالتە ھەمراھى ئۇنىڭ ئالدىدا پەستە ئولتۇراتتى. سۇبىتاي باھادىرمۇ شۇلارنىڭ قاتارىدا ئىدى. ئۇ نېمىدىندۇر خەۋپسىرىگەندەك چىركاۋدا بولۇۋاتقان ئۇ - بۇ ئىشلارغا ئارىلاپ كۆز تاشلاپ قوياتتى.

دۇئا - تەكبىر بەكمۇ سەلتەنەتلىك بولدى. دۇئانى تاتارلار ئىچىدىن مۇناستىرغا قېچىپ كەلگەن ئېپىسكوپنىڭ ئۆزى ئوقۇماقتا ئىدى. ئېپىسكوپ قېرىلىقتىن بەللىرى مۈكچىيىپ كەتكەن قاتاڭغۇر ئادەم ئىدى. ئۇ ئۇچىسىغا ئۇزۇن تون، بېشىغا يالتىراپ تۇرغان ئالتۇن تاج كىيىپ چىركاۋنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى سۇپىدا تۇراتتى. ئېپىسكوپنىڭ ئالدىدىكى ئوڭ ۋە سول تەرەپتە ئالتە - ئالتىدىن بۆلۈنگەن ئون ئىككى پوپ تاياقتەك قېتىپلا قالغانىدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇچىسىغا ئۇزۇن ۋە كەڭ تىكىلگەن ئاق يوللۇق سېرىق كىمخاپ تون كىيىۋالغانىدى. ئېپىسكوپنىڭ ئىككى يېنىدا ئۇزۇن شام تۇتقان ئىككى بالا تۇراتتى. بۇ ئىككىيلەنمۇ ئۇچىسىغا كىمخاپ تون كىيىۋالغانىدى. مۇئەككەل - ئىلاھلارنىڭ سۈرەتلىرى ئالدىغا شام - چىراغلار يېقىلغان بولۇپ، شاملارنىڭ پىلىلدىغان نۇرى كىمخاپ تونلارغا، ئالتۇندىن ھەل بېرىلگەن ئىلاھ سۈرەتلىرى ئېسىلغان تاملارغا چۈشۈپ، ئۆي ئىچىنى يوپيورۇق قىلىۋەتكەنىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

باتۇخان بۇنداق تاماشىنى ئۆمۈر بويى كۆرۈپ باقمىغانىدى. شۇڭا ئۇنىڭ چىرايىدىن ھاڭ ـ تاڭ قالغانلىقى ۋە ئۆزىچە قانائەت ھاسىل قىلىپ، راھەتلىنىۋاتقانلىقى ئىپادىلىنىپ تۇراتتى. بەزىدە ئۇ باش لىڭشىتىپ كۈلگىنىدەك ھەتتا ئوقۇلۇۋاتقان دۇئا ـ تەكبىرلەرنىڭ بەزى جايلىرىنى كۆپچىلىك بىلەن قوشۇلۇپ ئېيتقاندەكمۇ كۆرۈنەتتى. جاھانگىرنىڭ بېشىدىكى تۆمۈر دۇبۇلغىسى ۋە ئۇنىڭ ئالتۇندىن ياسالغان ماڭلاي ياپقۇچى، ئۇچىدىكى كۈمۈش يالىتىلغان ساۋۇتى، بوينىدىكى زۇمرەت زۇننار، ئۈنچە ـ مارجانلىرى چىراغ يورۇقىدا يال ـ يۇل قىلاتتى.

ئېگىز، گەۋدىلىك كەلگەن ياردەمچى راھىب باتۇخاننىڭ قېشىغا كېلىپ، قولىدىكى ئىسرىقدانىنى ئايلاندۇرغاندى، ئىپار پۇراقلىق ئىس ئەتراپىنى قاپلىدى. ياردەمچى راھىب ئىسرىقدانىنى ئايلاندۇرغاندا باتۇخان بېشىنى ئېگىشتۇرۇپ پىس ـ پىس قىلىپ ئىسرىقدانىنىڭ خوش پۇرىقىنى پۇراپ قوياتتى.

يۇلتۇز بولسا، لوم ـ لوم ئورۇندۇقتا چوككەن پېتى مىدىر قىلماي ئولتۇراتتى. خانىش ئۇچىسىغا خىتايچە كۈمۈش جىيەكلىك يىپەك كىيىم كىيىۋالغان بولۇپ، ئۇنىڭغا قادالغان ئالتۇن ـ كۈمۈش تەڭگىلەر شالدىرلاپ تۇراتتى. ئۇ قوللىرىغا خىلمۇ خىل ئېسىل كۆزلەر ئورنىتىلغان ئالتۇن ـ كۈمۈش بىلەزۈك ۋە ئۈزۈكلەر تاقىۋالغان بولۇپ، يۈزىگە ئاپپاق ئۇپا سۈركىگەن، قېشىغا سۈرمە تارتقانىدى. ئۇ مۇنداق قارىماققا زادىلا تىرىك ئادەمگە ئوخشىمايتتى، بەلكى ئاق مەر ـ مەر تاشتىن ئويۇپ ياسالغان بۇتقىلا ئوخشايتتى. ئۇنىڭ پەقەت چەكچەيگەن ئىككى كۆزىلا تىنىمسىز يالىلداپ تۇراتتى.

خانىشنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان خىزمەتچى ئايال يىلىيەنخې يۇلتۇزغا كۆز قىرىدا پات ـ پات قاراپ قوياتتى ۋە ئۇنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلاتتى.

— زادىلا قورقۇنما! ھېچنەرسىگە قورقۇنما! قورقۇپ ھودۇقۇۋاتقىنىڭنى بىلىندۈرۈپ قويما. بولمىسا ئالىيلىرى سېزىپ قېلىشى مۇمكىن!

— ئۇ ئەنە ئولتۇرىدۇ! دېرىزىنىڭ ئالدىدا... يېقىنلا يەردە! مەن ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىشىم كېرەك، — دەيتتى يۇلتۇزمۇ شىۋىرلاپ.

ئىشىك تۈۋىدە نەيزىسىگە تايانغان ھالدا بىر نۆكەر تۇراتتى. ئۇ بېشىغا دۇبۇلغا، ئۇچىسىغا ساۋۇت، پۇتىغا قىزىل بۇلغار ئۆتۈك كىيگەن ياپياشلا بىر يىگىت ئىدى. ئۇنىڭ چىرايلىق يۈزى تاتىراڭغۇ سۇلغۇن كۆرۈنەتتى. ئۇ ئارىلاپ باتۇخان تەرەپكە ئالاق-جالاق قىلىپ قاراپ قوياتتى-دە، يەنە قايتىدىن قىش كۈنلىرىدىكى ئاجىز، غۇۋا قۇياش نۇرى چۈشۈپ تۇرغان كىچىككىنە دېرىزە تەرەپكە قاراشنى داۋام قىلاتتى. بۇ ئىشىك تۈۋىگە پوستقا قويۇلغان مىسىق دېگەن يىگىت ئىدى. بىر چاغدا ئۇ خانىشىنىڭ ئۆزىگە تويۇقسىز تىكىلىپ قاراۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدى. ئايالنىڭ ئۆتكۈر قارا كۆزلىرى ئۇنىڭ قەلبىنى تېشىپ ئۆتۈپ كېتىدىغاندەك قادالغانىدى. شۇ ئارىدا خانىش بۇرۇلۇپ تەتۈر قارىۋالدى. لېكىن ئاز ئۆتمەيلا بۇ ياش جۇۋاننىڭ ئۆتكۈر كۆزلىرى مىسىقنىڭ كۆزى بىلەن قايتا ئۇچراشتى.

— «تووۋا، ئۇ شۇنچە نېمىگە قىزىقىۋاتقاندۇ؟ خانىشىنىڭ ماڭا مۇنچىۋالا تىكىلىپ قاراپ كەتكىنى نېمىسى؟» دەپ ئويلايتتى ئۇ.

بىر ئازدىن كېيىن مىسىق خانىشىنىڭ ئۆزىگە تىكىلىپ تۇرغانلىقىنى يەنە كۆرۈپ قالدى. خانىشىنىڭ يېنىدىكى خىزمەتچى ئايال ئۇنىڭغا ئېگىشىپ بىر نېمىلەرنى دەپ، ئۇنى خاتىرجەم قىلغاندەك بولدى. بۇ چاغدا مىسىقنىڭ كۆڭلىدە پەيدا

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

بولغان بىر ئۆي ئۇنىڭ يۈرىكىنى مۇجۇشقا باشلىغانىدى.

«ياپىر، ئاشۇ بىر جۈپ قارا كۆز، ئاشۇ گۈزەل جامال، ئاشۇ بىر يۇتۇم سۇ بىلەن قوشۇپ يۇتۇۋەتكۈدەك كېلىشكەن قەددى - قامەت... ئۇ راستلا شۇنىڭغا ئوخشامدۇ؟ ياق، ھېچنېمىسى يوق گادايىنىڭ دالادا تۇپىغا مىلىنىپ ئۆسكەن بىچارە قىزى پۈتۈن ئالەمگە ھوقۇق يۈرگۈزۈۋاتقان جاھانگىرنىڭ ئۇنچە - مەرۋايىت، ئالتۇن - كۈمۈشلەرگە پۈركەلگەن ئايالىغا قانداقمۇ ئوخشىسۇن؟ ئوڭۇممۇ بۇ چۈشۈممۇ؟ ياق ئۇنداق بولۇشى مۇمكىن ئەمەس!»

تۇيۇقسىز ئاڭلانغان قۇلاق مېڭىنى يەپ كەتكۈدەك جار - جۇر ۋارقىرىغان ئاۋاز مىسقىنى ئويقۇدىن چۆچۈتۈپ ئويغاتقاندەك بولۇپ، ئۇنىڭ خىياللىرىنىڭ بېلىگە تېپىۋەتتى. قارىغۇدەك بولسا، بۇ ئۇزۇن تون كىيگەن، ئېگىز، گەۋدىلىك كەلگەن ياردەمچى راھىبنىڭ ئاۋازى ئىكەن. ياردەمچى راھىب پۈتۈن كۈچىنى ئىشقا سېلىپ، بار ئاۋازى بىلەن:

— شۆھرىتى ئالەمگە مەشھۇر، دوستىنى خۇش قىلىپ دۈشمىنىنى يىغلاتقان، ئۆمرىدە تەڭ كەلگۈدەك ئادەم چىقمىغان ھەيۋىتى پۈتۈن دۇنيانى تىترەتكەن، جاندىن ئەزىز ئۇلۇغ خان!... — دەپ ناخشا ئېيتقاندەك سوزۇپ - سوزۇپ ۋارقىرىماقتا ئىدى. خۇش پىچىم، ئىللىق چىراي خوجىدار ھەزرەت بولسا، موناخلار توپىدىن ئايرىلىپ چىقىپ، پۇتىنىڭ ئۇچىدا ئاۋايلاپ دەسسەپ، ياردەمچى راھىبنىڭ يېنىغا باردى - دە، ئۇنىڭ قىپ قىزىل بولۇپ قىزىرىپ كەتكەن تۆگە تاپىنىدەك يوغان سالپاڭ قۇلىقىغا شىۋىرلاپ:

— تېخىمۇ چىڭراق سۆزلە! — دېدى ۋە ياردەمچى راھىبنىڭ يېنىدا ئۇنىڭغا لوقما سېلىپ تۇردى. ياردەمچى راھىب تېخىمۇ كۈچەپ ۋارقىراپ چىركاۋنى تىترىتىۋەتتى:

— پادىشاھى ئالەم ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرسۇن، شان - شۆھرىتى ئۈستۈن بولسۇن!... — دەپ ۋارقىرايتتى ئۇ. كۆچەنگەنلىكىدىن ئۇنىڭ گەدەن تومۇرلىرى كۆپۈپ، چىرايى بوينىلىرىغىچە قىزىرىپ كەتكەنىدى.

— يىراق - يېقىندىكى ھەممە يەرلەرنىڭ ھۆكۈمرانى جۇجى ئوغلى باتۇخان پادىشاھقا ئۇزۇن ئۆمۈر تىلەيمىز، — دەپ ۋارقىرايتتى ئۇ يەنە.

چېركاۋ مېھرابىنىڭ ئالدىدا تۇرغان موناخلار ئۇنىڭغا جۆر بولۇپ، قويلار مەرەشكەندەك چۇقان سېلىپ:

— ئۇزۇن - ئۇزۇن ئۆمۈر تىلەيمىز! — دەپ ئۈچ نۆۋەت قايتا تەكرارلايتتى.

دۇئا - تەكبىر ئوقۇلۇپ بولۇنغاندىن كېيىن، تاللاپ ئېلىپ قېلىنغان ئاسىلىق مۇھىم ئادەملەر پەستىكى ئاشخانىغا چۈشتى. چېركاۋ ئاشخانىسى سوزۇنچاق، تار بۆلمىگە جايلاشقانىدى. مېھمانلارنىڭ ئالدىغا خىلمۇ خىل مەززىلىك تائاملار قويۇلدى. ئاشپەز موناخلار بۇ تائاملارنى خوجىدار ھەزرىتىمىنىڭ مەسلەھەتى بويىچە بار ھۈنىرىنى ئىشقا سېلىپ ئاران تەييارلىغانىدى. داستىخان ئۈستىگە كۆك سەركە بېلىقىنىڭ شورپىسى، پۈتۈن پىشۇرۇلغان چوڭ دېڭىز بېلىقى، ئارىسىغا بېلىق سېلىپ پىشۇرۇلغان كۆمەچ، ئۇنغا مىلەپ پىشۇرۇلغان موگولار قويۇلغانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەسەل قوشۇپ پىشۇرۇلغان قۇيماق، تۈرلۈك قىزىل ئالمىلار، بېلىق ئىكراسى① قاتارلىقلار تولۇپ تېشىپ ياتاتتى. خىزمەتچى ئاياللار ئۇيان - بۇيان يۈگۈرۈشۈپ، خىلمۇ خىل نەقىش ئويۇلغان يوغان ياغاچ تاۋاقلاردا تاماق توشۇماقتا ئىدى.

① بېلىق تۇخۇمى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

موناخلار كومزەككە قاچىلىنىپ يەر ئاستىدا ئۇزۇن مۇددەت ساقلانغان كۆكۈش بوغداي ھارىقى، قاتتىق ئىچىتىلگەن كونا ھەسەل شارابى قاتارلىقلارنىمۇ مېھمانلارنىڭ ئالدىغا قويدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە تاتارلار كۆپىنچە چىقىرىپ تۇرغان تاتلىق براگىما ۋە باشقا مېۋىلەردىن ياسالغان ئىچىملىكلەرنى تويغۇچە ئىچمەكتە ئىدى.

ئۇزۇن ئۈستەلنىڭ بىر بېشىدا باتۇخان ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ سول تەرىپىدە چىركاۋ ئىمامى، ئۇنىڭ نېرىسىدا سۇبىتاي باھادىر ئورۇنلاشقان. خاننىڭ ئوڭ تەرىپىدە بولسا، ئالتۇن - كۈمۈش بىلەن قاپلانغان ئېسىل كىيىملەرنى يالىلدىتىپ يۇلتۇز خانىش ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ نېرىسىدا باتۇنىڭ ئەڭ يېقىن ئەمەلدارلىرىدىن ئالتىسى ئولتۇراتتى. ئۇلارنىڭ تۆۋىنىدە موناخلار ئىچىدىكى مويسپىتلىرى جايلاشقان بولۇپ، ئۇلار ئۇچىسىغا ئۇزۇن قارا چاپان، باشلىرىغا ئۇچلۇق قالپاق كىيىۋالغانىدى. ئاش تارتىلىپ بولغاندىن كېيىن، قېرى ئېپىسكوپ، ئاللا يار بولسۇن، دەپ دۇئا قىلدى - دە، كەيپىم تازا جايىدا ئەمەس، ھۇجرامغا بېرىپ دەم ئالمىسام بولمىغۇدەك دېگەن بانا بىلەن كېتىپ قالدى.

باتۇخان بىر نېمە سېلىۋەتمىگەنىدۇ، دېگەن گۇمان بىلەن تاماقنى بەكمۇ ئاز يېدى. بىراق ئالدىغا قويۇلغان تائام تۈرلىرىنىڭ ھەممىسىدىن ئاز - ئازدىن ئېغىز تەگدى. سۇبىتاي باھادىر قايماق بىلەن كەندىر مېيىدا قورۇلغان قارا پۇرچاق بىرتىقىسىنىلا يېدى. ئۇ ئۆزىنىڭ مىس قاچىسىغا ئوتتۇرىدا تۇرغان چوڭ لىگەندىكى بوتقىدىن بۆلۈپ ئالدى - دە، ئۇنى يەپ تۈگەتتى ۋە قاچىنىڭ تېگىدىكى يۇقىنى تىلى بىلەن تەكشى يالاپ چىقتى. ئاندىن ئالدىدا تۇرغان ھاراق - شارابلارنىڭ ھەممە تۈردىن ئاز - ئازدىن ئىچىپ تېتىپ كۆردى، ياقتۇرمىغان ھا-

راقلارنى بولسا، پولغا تۆكۈۋەردى.

زىياپەت ئوتتۇرىغا كەلگەندە خىزمەتچى خىتاي ئايال يى ليەنخې باتۇخاننىڭ يېنىغا كېلىپ ئۇنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلاپ تۇرۇپ:

— خانىمىڭىز يۇلتۇز تۇزلانغان بېلىقنىڭ قاڭسىق پۇرىقى بىلەن رۇس باخشىلىرىنىڭ قاتتىق ۋاڭ-چۇڭلىرىغا چىدالمايلا قالدى. بەكمۇ چارچاپ ھالسىراغانلىقتىن يېقىلىپ چۈشىدىغاندەكلا تۇرىدۇ، شۇڭا ئۇنى بۇ يەردىن دەرھال يۆتكىۋېتىش كېرەك. بولمىسا ئاغرىپ قالارمىكىن! — دېدى.

خىزمەتچى ئايالنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغان باتۇخان يۇلتۇزغا سەپسالدى. بۇ چاغدا يۇلتۇز ئۇخلاۋاتقاندەك كۆزىنى يۇمۇپ، ىشىنى تۆۋەن سېلىپ ئولتۇراتتى. باتۇخان: يۇلتۇزنى ئۆز بۆل-ىسىگە ئاپىرىپ ياتقۇزۇپ قويۇڭلار، ئارام ئالسۇن، دەپ يرۇدى.

تەق-تۇرقى ئالاھىدە سالاپەتلىك بولغان خوجىدار ھەزرەت ئورنىدىن تۇرۇپ، چاڭگا ساقىلىنى سىيپاپ قويۇپ، خانىش بىلەن خىزمەتچى خىتاي ئايالنى ئەڭ ياخشى ھۇجرىغا ئۆزى ئېلىپ كەتتى.

## تۆتىنچى باب

## ھۇجرا ئىشىكى ئالدىدا

ئەرەپشاھ مىسىقىنى چاقىرتىۋېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇستى يېپىق دەھلىزلەردىن ئۆتۈپ، پەلەمپەي ئارقىلىق يۇقىرىغا چىقتى، ئاندىن يەنە ئاللىقانداق قاراڭغۇ چوڭقۇرلارغا چۈشۈپ،

بۇلۇڭ-پۇشقاق، ئېشىك-تۈڭلۈكلەرنى قويماي ئارىلاپ ئۆتۈپ، ئاخىرىدا ئۇزۇندىن-ئۇزاق سوزۇلغان تار كوچىنىڭ ئىچكىرىگە مېڭىپ كەتتى. بۇ كوچىنىڭ بىر تەرىپىدىكى بېلىق تېرى تارتىپ قويۇلغان دېرىزىلەردىن غۇۋا يورۇق چۈشۈپ تۇراتتى. ئىككىنچى تەرىپىدە بولسا، بىرنەچچە ئېشىك تىزىپ قويغاندەك قاتار كۆرۈنەتتى، ئېشىكلەرنىڭ ھەممىسى يېپىقلىق ئىدى. ئەرەپشاھ ئاشۇ ئېشىكلەرنىڭ بىرىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ:

— بۇ يەردە جاھانگىرنىڭ توقال خانىشى دەم ئېلىۋاتىدۇ، شۇڭا ئۇ يەرگە ھېچكىمنى كىرگۈزمە. بۈگۈن سەن تۈن بويى كۆزەت قىلىپ چىقىسەن. نۆۋەتچى ئالماشتۇرۇشقا ئۆزۈم كېلىمەن، ئورنىڭدىن قىمىرلىما! — دېدى.

مىسىق ئۇ يەردە ئۇزاق پوستتا تۇردى. بەزىدە ئۇنىڭ يېنىدىن باشلىرىغا قارا بۆك، ئۇچىسىغا ئۇزۇن قارا چاپان كىيىۋالغان مەناخلار ئۆتۈپ تۇراتتى. ئۇلار قوللىرىدىكى يېنىپ تۇرغان شاملارنى ئالقانلىرى بىلەن توراپ، ئىچىدە بىر نېمىلەرنى پىچىرلاپ ئوقۇپ ئۆتەتتى.

بىر چاغدا ئۆزگىچە بىر ئاۋاز ئاڭلانغاندەك قىلدى. مىسىق چۆچۈپ قارىغانىدى، نېرىراقتا سۇبىتاي باھادىر كېلىۋاتقانىكەن. ئۇنىڭ ئارقىدىن بىرنەچچە ئادەم باتۇخاننى قولتۇقىدىن يۆلەپ كېلىۋاتاتتى. ئۇ ھاۋادا ئۇچۇپ يۈرگەن بىر نېمىلەرنى ئۇرۇپ چۈشۈرمەكچى بولغاندەك قوللىرىنى ئۇيان-بۇيان سىلكىپ، كالۋالاشقان تىلى بىلەن نېمىلەرنىدۇر دەپ بىلجىرلاپ كەلمەكتە ئىدى.

— خاسىيەتلىك ئەرۋاھلار ئېيىغا ئۈچ قېتىم ھاراق ئىچىشنى بەلگىلىگەنىدى. بىراق مېنىڭ ئويۇمچە، ئاخىر ئىچكەندىن كېيىن كەلتۈرۈپ تۇرۇپ بىرلا قېتىم ئىچكەن دۇرۇسمىكىن دەيمەن... مەن شۇنى دېمەكچىمەنكى،... مەيلى موڭغۇل باخ-

شىلىرى، مەيلى ئەرەب موللىلىرى، مەيلى رۇس پوپلىرى بولمىسۇن، ھەممىسى ماڭا پايدىلىق ئادەملەر، بەكمۇ ئىشەنچلىك ئادەملەر! ئۇلار خەلقنى ھۆكۈمەتكە ئىتائەتچان بولۇشقا ئۆگىتىدۇ، ئۇلار تۈرلۈك بۇزۇقچىلىقلارنى خوپ كۆرمەيدۇ، خەلققە تۈرلۈك سېلىقلارنى ۋاقتىدا تۆلەشنىڭ مۇھىملىقى توغرىسىدا ئەقىل كۆرسىتىپ تۇرىدۇ. شۇڭا مەن باخشىلارنىڭ ھەممىسىگە پەيزە بېرىمەن، ئۇلارغا يەنە قول ئاستىمدىكى ھەممە يەرلەردە ئىختىيارىچە كېزىپ يۈرۈپ، پۇل تېپىشىغا يول قويىمەن. مەن باخشىلارغا، مولللارغا، پوپلارغا ھېچقانداق سېلىق سېلىنمىسۇن، دەپ بۇيرۇق قىلىمەن... — دەيتتى ئۇ.

چېركاۋ پوپى بىلەن تۆت موناخ قوللىرىدا شام كۆتۈرۈشۈۋالغان ھالدا باتۇخاننى ھۇجرىنىڭ ئىشىك ئالدىغىچە ئۇزىتىپ كەلدى. باتۇخان ھۇجرا ئىشىكىدىن قىسىلىپ كىرىپ كەتتى. چېركاۋ پوپى سۇبىتايغا ئېگىلىپ تەزىم قىلدى-دە، قېشىدىكى موناخلار بىلەن بىللە قايتتى.

ئۇلار كەتكەندىن كېيىن سۇبىتاي باھادىر: «ھوشۇ تۇرقىدا بۇ خۇدانىڭ ئۆيىدىكى چوڭ-كىچىك جامائەتنىڭ ھەممىسى غەرق مەست. بىرەرى بۇ يەرگە ئوت قويۇۋەتمىسە بولاتتىغۇ! نۆكەرلەر موناخلارنى بوزەك قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا قانلىق جېدەل چىقمىسىلا بولاتتىغۇ» دەپ ئويلىدى-دە، ھۇجرىنىڭ ئالدىدا تۇرغان مىسقىقا قاراپ:

— ھەي، نۆكەر! سەن مۇشۇ ئەتراپتىن نېرى كەتمەي تۇرۇپ تۇر، ھەممىگە قۇلاق سال! ھوشيار بول! مىناستىرنى ئۆزۈم ئايلىنىپ قاراپ كېلىمەن، بارلىق پوستلارنى ئۆزۈم تەكشۈرۈپ چىقىمەن! — دېدى.

مىسقىق بولسا ئۆزىچە بىر نېمىلەرنى ئويلاپ، نېمىدىندۇر ئەنسىرىگەندەك دەككە-دۈككە ئىچىدە تۇراتتى...

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

«ئىخ جېنىم، سەن ئاشۇ يۇلتۇزمۇسەن؟... ياق، ئۇنداق بولۇشى مۇمكىن ئەمەس، راستىنلا مەن يېڭىلىشىۋاتسام كېرەك. تۇرمۇشتا بۇنداق ئىشنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. بۇنداق ئىشلار پەقەت چۆچەكلەردىلا بولىدۇ. بىراق ئانداق بولسا، ھېلىقى ۋاقىتتا ماڭا بىر ئوش خورما تاشلاپ بەرگەن كىمدۇ؟ دالادا مېنىڭ ئىسمىمنى ئاتاپ چاقىرغان كىمدۇ؟ يىپەك رومالغا تۈگۈلگەن تۇق چىلار بىلەن ئالتۇن تەڭگىلەرنى تاشلاپ بەرگەن كىمدۇ، ئەمسە؟» دېگەن ئويلار مىسىقنى دىلىغۇل قىلماقتا ئىدى.

دېرىزىگە تارتىلغان پەردىنىڭ يىرتىقىدىن مۇناستىرنىڭ چوڭ بېغىدىكى ياپراقلىرى تۆكۈلۈپ يالىڭاچ بولۇپ قالغان دەرەخلەر قاپقارا بولۇپ كۆرۈنەتتى. قارلىرى تولا دەسسىلىپ تاقىرلاشقان يالغۇز ئاياغ يول باغنى كېسىپ ئۆتۈپ يىراقلارغا سوزۇلاتتى. ياش نۆكەر مىسىق ئەنە شۇ يولدا ئۈستىگە ئۇزۇن تون كىيىپ، قولىدا نەيزە تۇتقان ھالدا گۇرس-گۇرس دەسسەپ ئۇيان-بۇيان مېڭىپ يۈرەتتى... گۇرۇلدەپ چىقىۋاتقان شامال قارلارنى توزۇتۇپ ھېلىدىن-ھېلىغا ئۇنىڭ يۈزىگە پۇرقاتتى.

تۇساتتىن بىر نېمە شىلدىرلىغاندەك شەپە ئاڭلاندى. مىسىق ئىتتىك بۇرۇلۇپ قاراپ، ئالدىدا يالاڭ كىيىم بىلەن تۇرغان كېلىشكەن بىر نازىنىننى كۆردى. ئايال بېشىغا ئالا-بۇلماچ ياغلىق ئارتىۋالغان بولۇپ، كۆزلىرىنى ئالاق-جالاق قىلىپ قاراپ تۇراتتى. ئۇ بىر نېمە دېمەكچى بولغاندەك ئېغىزىنى ئۇمەللەپ، ئالدىغا بىر قەدەم باستى ۋە:

— مىسىقمۇسەن؟ — دېدى.

مىسىق ئايالنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ، ئۇ تەرەپكە بۇرۇلۇۋىدى، ئۈستىدىكى ساۋۇتلىرى جالدۇر-جۇلدۇر قىلىپ كەتتى.

ئايال مىسىققا تونۇش ئاۋازدا:

— كاللامغا بىر ئوي كىرىۋېلىپ، يۈرەك-باغرىمنى تاتىلا-

غاندەك زادىلا ئارام بەرمەيۋاتىدۇ! ئېيتقىنا، مېنى ساتقان پۇلدىن سەنمۇ ئۆز ئۈلۈشىڭنى ئالغانمىدىڭ؟ — دېدى تىكىلىپ تۇرۇپ.

— مىسىق ئۇنىڭ چەكچەيگەن كۆزلىرىگە قادىلىپ قاراپ تۇراتتى.

— مېنىڭدىن ئۆتكەن گۇناھ، — دېدى ئۇ، — ئاكىلىرىم كىچىككىنە يۇلتۇز جېنىمنى زورلۇق بىلەن ئېلىپ كەتكەن كۈنى ئۆيدە بولالمىغىنىم، ئەگەر مەن بۇ ئىشنىڭ ئۈستىدە بېلغان بولسام، ئۇلار بىلەن خۇددى دۈشمەن بىلەن ئېلىشقاندەك جان تىكىپ ئېلىشقان بولاتتىم. ئۇلارنىڭ قىلغان ئىشلىرىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، ئۆي ئىچىدىكىلەرنىڭ ھەممىسىدىن نەپرەتلىنىپ، ئاتام ۋە ئاكىلىرىمدىن بېزىپ كەتتىم، ئۇلار بىلەن قايتا يۈز كۆرۈشمەسلىككە قەتئىي بەل باغلىدىم.

— مېنىڭ كۆڭلۈم ئەمدى ئىمىن تاپتى. ئۇنداق بولغان بولسا، سېنىڭدىن قىلچە رەنجىمەيمەن، — دېدى يۇلتۇز. ئۇ يەنە بىر نېمىلەرنى دېمەكچى بولدىيۇ، لېكىن تۇيۇقسىز جىمىپ كەتتى.

مىسىق يۇلتۇزنىڭ كۆڭلىنى بىراقلا سوۋۇتماقچى بولۇپ، ئاچچىق گەپلەرنى قىلىشقا باشلىدى:

— يۇلتۇز، ئەمدى سەن مېنىڭ خوجامنىڭ — ئەمىرىمنىڭ ئايالىسەن. ئۇ ماڭا مىنىشكە ئات بەردى، قولۇمغا قورال تۇتقۇزدى، ئۇچامغا ساۋۇت كىيگۈزدى. ئۇ بەكمۇ سېخى، يۇرتقا غەمخور، نۆكەرلىرىگە بەكمۇ ئادىل ئادەم. ئۇ ئىنتايىن باتۇر ئادەم، ھەرقانداق ئىشلار ئۇنىڭ قولىدا تېزلا ھەل قىلىنىدۇ، كۆپ ئويلىنىپمۇ ئولتۇرمايدۇ. ئۇ ئۇلۇغ ئىشلارنى قىلىۋاتىدۇ. ئۇ پۈتۈن ئالەمنى بىر ئايلىنىپ چىقىدۇ، يەر يۈزىدە ئۇنىڭغا تەڭ كەلگۈدەك ئادەم يوق... شۇڭا بىر چاغلاردا مەن ئۇنى ياخشى كۆرەتتىم...

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

— ئەمدىچۇ؟ — دەپ سورىدى يۇلتۇز تاقەتسىزلىنىپ.

— ئەمدى مەن ئۇنى يامان كۆرۈشۈم كېرەك.

بۇ سۆزنى ئاڭلىغان يۇلتۇز مىسقىقا ئۆزىنى ئاتتى ۋە ئۇنىڭ بوينىغا گىرە سېلىپ قۇچاقلاشقا باشلىدى. يۇلتۇزنىڭ يۇمران نازۇك قوللىرىنى مۇزدەك تۆمۈر ساۋۇتلار قىرىپ-سىجاپ كەتكەندەك بولدى. مىسقىنىڭ چىرايى بېغىر رەڭ بولۇپ كەتتى. شۇندىمۇ ئۇ ئۆزىنىڭ ساۋۇتىدەك سوغۇقلىشىپ، ئورنىدىن قوزغالماي قاتقان پېتىچە تۇراتتى.

— مېنىڭدىن كۆڭلۈك سوۋۇپ كەتمىگەندۇ، مىسقىم! ئۇز ۋاقىتتىكى كونا دوستلۇقىمىزنى ئۇنتۇپ قالمىغانسەن؟ — دېدى يۇلتۇز.

يۇلتۇزنىڭ نازۇك بارماقلىرى مىسقىنىڭ يۈزىگە يېقىنلىشىشى بىلەن ئۇنىڭ دىمىغىغا ئۆمرىدە زادىلا كۆرۈپ باقمىغان بىر گۈلنىڭ خۇش پۇرىقى ئۇرۇلغاندەك بىلىندى. مىسق تىترەپ، كۆزىنى چىمچىقلىتىپ نېمە قىلارىنى بىلمەي تۇراتتى.

— يۇلتۇز، سەن ئېيتقىنا، خان سېنى بەك ياخشى كۆرەمدۇ؟

— مېنى دەمسىز؟... ئۇنىڭ مېنى نېمە ئۈچۈن ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن. بىر كۈنى باتۇخان ماڭا: «دۈشمەنلەردىن قېچىپ ئاچ-زېرىن يۈرگىنۈمدە سەن ماڭا ئۈچ دانە چەلپەك بەرگەن ئىدىڭ. ئاشۇ ئۈچ پارچە ناننىڭ بەدىلىگە مەن ساڭا شىمالدىكى، شەرقتىكى ۋە غەربتىكى ئۈچ پادىشاھلىقنى ھەدىيە قىلىمەن» دېگەنىدى... ئەمدى مەن ئۇنىڭغا سېنى ئۆز ئاكام دەپ تونۇشتۇرىمەن. شۇنداق قىلساق، ئۇ سېنى توگمەس بايلىققا ئىگە قىلىدۇ. سەن خۇددى چۆچەكلەردە ئېيتىلغاندەك پۈتمەس-توگمەس بايلىققا كۆمۈلىسەن. ئۇ سېنى كىمخاپ تونلارغا ئوراپ، ئالتۇن-كۈمۈش، ئۈنچە-مەرۋايىتلارغا پۈركەپ

تاشلايدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇيۇر ـ ئۇيۇرى بىلەن يىلقىنى بېرىدۇ.

— سەن مېنى ئۇنىڭغا ئۆزۈڭنىڭ ئاكىسى دېمەكچىمۇ؟ ئاكا دېگەندىن نېمە ۋاپا كېلىدۇ؟... ئاكاڭنىڭمۇ ئاكىسى بار ئەمەسمۇ؟ مېنىڭ ئاكىلىرىم جېنىمدىنمۇ ئەزىز كۆرىدىغان ئەڭ سۆيۈملۈكۈم بولغان سىنىمۇ سېتىۋەتكەن، ئاكا دېگەن ئاشۇدۇر. ئەمدى مېنىڭ يالغۇز ئېتىمدىن باشقا ھېچنەرسەم يوق، ئۇ ئەمدى ماڭا ئاكامدىنمۇ ئارتۇقراق. مەن ئەمدى باتۇخانىنىڭ يېنىدىن كېتىمەن، ئەمدى ئۇنىڭ قول ئاستىدا يۈرەلمەيمەن.

يۇلتۇز چۆچىگەندەك كەينىگە بىر ئاز داجىدى ـ دە، قايتىدىن مىسقىقا ئېسىلىپ، ئۇنىڭ تۇتۇلغان يۈزىنى قولى بىلەن ئاۋايلاپ سىيپاشقا باشلىدى.

بۇ چاغدا ئىشىك تۇيۇقسىز «تىرىق» قىلىپ ئېچىلغاندەك ۋە «خى... خى!» دەپ زاڭلىق قىلىپ كۈلگەن بىر تاۋۇش ئاڭلانغاندەك بولدى.

ئۇلار ئىككىسى بىردەك بۇرۇلۇپ قاراپ، ئىشىك ئالدىدا باتۇخانىنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆردى.

قوشنا بۆلۈمنىڭ قىيا ئېچىلغان ئىشىكىدە باتۇخانىنىڭ يېقىن ھەمراھلىرىمۇ ھەيران بولۇشۇپ قاراپ تۇراتتى.

## بەشىنچى باب

## «تېز بول!»

خوجىدار ھەزرەتنىڭ تار ھوجرىسىدا يوغان كۆرپە جۇۋايىپىنى چاقلىغان، كەڭ مۈرىلىك سېمىز، يالپاق يۈزلۈك سۇبىتاي باھادىر بەدەشقىنىنى قۇرۇپ لاپچىيىپ ئولتۇراتتى. ئۇ تامدا ئېسىق

لىق تۇرغان كونا تاختىدىكى قەدىمىي ئەۋلىيانىڭ سۈرىتىگە كۆز ئۈزمەي قاراپ تۇراتتى. سۈرەتتىكى ئەۋلىيا ئۆي ھايۋانلىرى ۋە باشقا مەخلۇقلارنىڭ مۇئەككىلى ۋىلاسىي① ئىدى.

— مانا بۇ خۇدا بىزنىڭ موڭغۇل خەلقىگە تازا باب ئىكەن، — دەيتتى ئۇ ئۆز - ئۆزىگە پىچىرلاپ، ۋىلاسىي ئەۋلىيانىڭ قارا بېغىررەڭ، سۆزلۈك چىرايىغا ۋە ئاق بۇدۇر ساقىلىغا تىكىلىپ تۇرۇپ، — بۇ نەق موڭغۇل خۇداسىنىڭ ئۆزى ئىكەن، ئۇ چارۋىنى ياخشى كۆرىدۇ، ئۇنى دۈشمەندىن ساقلايدۇ. كالا، قوي، يىلقا قاتارلىق ماللارنى باقىدۇ ۋە بالا - قازادىن ساقلايدۇ. بىزنىڭ يىلقىلىرىمىزغا خۇددى ئەنە شۇنداق بىر ئاسرىغۇچى كېرەك، چۈنكى ئۇلارنىڭ يوللىرىدا پاتقاقلىق يەرلەر، ئېگىز چوققىلىق تاغلار، قېلىن ئورمان - چاتقاللار تېخى كۆپ. شۇڭا ئۇلار رۇس يەرلىرىدە قىرىلىپ كېتىشىمۇ مۇمكىن. ئاددىي - نادان ئادەملەر ئاچچىقىغا پايلىماي ئەخمەقلىق قىلىپ ساڭ - ساڭدىكى ئاشلىقنى، دۆۋە - دۆۋە ئوت - چۆپلەرنى... ئۆرتەپ كۆيدۈرمەكتە... ساقلاپ، سەن ئۆزۈڭ رۇسقۇ، ئېيتقىنا، ئۇلار نېمىشقا بۇنداق قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن موڭغۇل خانى باتۇخانغا ئىتائەت قىلغىنى ياخشى ئەمەسمۇ! — دېدى ئۇ بىر چەتتە ئولتۇرغان قولى ساقلاپقا قاراپ.

ئەشىك تۈۋىدىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇرغان ياداڭغۇ قول ئويقۇلۇق ئادەملەردەك پەس ئاھاڭدا:

— مېنىڭ بۇ يەرلەردىن ئايرىلغىنىمغا قىرىق يىل بولدى. سۇزدال دېھقانلىرىنىڭ ھازىر نېمە ئويلاپ، نېمە قىلىۋاتقانلىقىنى مەن نەدىن بىلەي. سېنىڭ كەينىڭدە تەمتىرەپ يۈرۈپ پۈتۈن دۇنيانى كېزىپ چىقتىم. مەندە ئەل - يۇرت بىلەن ئالاقە دې-

---

① ھايۋانلارنىڭ بۇرۇنقى ئەجداتلىرى.

گەن نەدە بولسۇن، قازان - قومۇچتىن باشقىسىنى بىلمەيمەن.
ئۆمۈر بويى سۇدا ھۆل پەش، كۆلدە كۆمەچ بولۇپ يۈرگىنىم-
يۈرگەن، — دېدى ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ.

— ساقلاپ، سەن دۇنيانىڭ مەۋجۇتلۇقىنىمۇ ئۇنۇتقان ئوخشايسەن! ئۇنداق قىلىشىڭ توغرا ئەمەس. سەن ئۆزۈڭنىڭ خوجىڭغا يۈز بەرگەن ھەممە ئىشلارنى قالدۇرماي مەلۇم قىلىپ تۇرۇشۇڭ كېرەك! — دېدى سۇبىتاي قۇلغا.

ئاندىن كېيىن سۇبىتاي پۇتلىرىنى يىغىپ، بۇيرۇق ئاھاڭىدا جاۋۇلداپ سۆزلەپ كەتتى:

— نۆكەرلەر ئۆز ئورۇنلىرىدا تۇرۇۋاتامدۇ - يوقمۇ؟ مۈگدەپ ئۇخلاپ قالغانلىرى بارمۇ - يوقمۇ؟ مانا مۇشۇلارنى قاراپ تەكشۈرگىنىدە، مېنىڭ يېنىمغا كېچىكمەي تېز قايتىپ كەل! — دېدى.

— مۇشۇنداق قىلىدىغانلىقىنى بىلىپ تۇراتتىم! تۈن - كېچىلەردىمۇ ئارام بەرمەيدۇ! — دېدى ساقلاپ ۋە غودۇڭشىغان پېتى چىقىپ كەتتى.

سۇبىتاي ئۇيقۇسى كەلگەندەك بولۇپ كۆزىنى يۇمۇۋىدى، بىردەمدىلا بېشى قېيىپ، ئاغزى ئېچىلىپ ئۇيقۇغا كەتتى. ئاشۇ پېتى ئۇخلاۋېتىپ ئۇ بىر چۈش كۆردى. چۈشىدە كۆپكۆك كۆكىرىپ تۇرغان پايانسىز بىر دالادا تۇرغىدەك. شامالدا يەلپۈنگەن ئېگىز سېرىق گۈللەر گويا ئۇنىڭغا باش قويۇۋاتقاندەك كۆرۈنگىدەك، قىزىرىپ پىشىۋاتقان كۈن ئۇپۇق سىزىقىنى بويلاپ كۆپكۆك دۆڭ ئۈستىدىن نېرىغا سىلجىپ كېتىپ بارغۇدەك. بىردەمدە قاش قارىيىپ تۈن پەردىسى تارتىلغاندەك بولۇپتۇدە، ئايدالادا كېتىپ بارغان بىر كىيىك كۈننىڭ ئۈستىدىن قاڭقىپ ئۆتۈپ، ئۇچقاندەك چېپىپ كېتىپتۇ.

---

شۇ چاغدا بىرى سۇبىتاينىڭ قۇلىقىغا پىچىرلاپ: «كۈن،

www.uyghurkitap.com

ياتقۇچە ئىلىڭگە يېتىۋال!» دېگەندەك بولۇپتۇ. ئۇ پېتىپ كېتىپ بارغان قۇياشنى تۇتۇپ توختىتىۋالماقچى بولغاندەك قولىنى سوز-غىنىكەن، بىردەمدىلا قولىدا ئوزۇن نەيزە پەيدا بولۇپ قاپتۇ. قارىسا نەيزىنىڭ ئۇچىدا قۇياش ئىلىقلىق تۇرغۇدەك. يەنە بىر قارىسا ئىلىنىۋالغىنى قۇياش ئەمەس، بەلكى رەزان قوماندانى كافانىڭ قانغا بويالغان بېشى بولۇپ قاپتۇدەك. كافا يارىدار بولغان-لىقتىن قىلىغا چۈشۈپ قالغان، بىراق شۇندىمۇ ئۇ بوي بەرمەي قارشىلىق كۆرسەتكەنىدى. شۇ چاغدا ئاتاقلىق تۇغرىل پالۋان كېلىپ، رۇسلارنىڭ بۇ قېرى قوماندانىنىڭ بېشىنى بىراقلا كېسىپ تاشلىغانىدى... ئەمدىلىكتە ئۇ باش كۆزىنى ئېچىپ زاڭلىق قىلىپ كۈلگەندەك ۋە كۆزىنى قىسىپ تۇرۇپ: «تېز بول! بولمىسا سېنىڭ بۇ بولاڭچى، قانخور لەشكەرلىرىڭ قېلىن قارغا پېتىپ تۈگىشىدۇ!» دېگۈدەك...

تۇيۇقسىز ئېچىلغان ئىشىكنىڭ غارت قىلغان ئاۋازى ئۇنى ئويقۇدىن ئويغىتىۋەتتى. شامدان پولاڭلاپ ئۆي ئىچىدىكى نەر-سىلەرنىڭ شولىسى تورۇستا ئالاڭ - بولاڭ كۆرۈنۈشكە باشلىدى ھۇجرىغا ئۈستىبېشى قار بولۇپ كەتكەن، ئېگىز، گەۋدىلىك بىر موڭغۇل نۆكەر يول تۆپىسىدىكى ئورۇندۇقلارغا پۇتلىشىپ ئالدىراپ كىرىپ كەلدى. ئۇ تېرە تۇمىقىنى چۆكۈرۈپ كىيىپ ئۇنىڭ بېغىنى مەھكەم باغلىۋالغانىدى. ئۇنىڭ پەقەت چوقچىي-يىپ تۇرغان بۇرنى بىلەن ئاران ئەيۋەشكە كېلىپ تىترەپ تۇرغان ئېڭىكىلا كۆرۈنۈپ تۇراتتى. بۇرنىنىڭ ئۇچى بولسا ئۇششۇپ قارىداپ كەتكەنىدى.

— ئەمرىڭگە قۇللۇق، تەقسىر!

— سۆزلە! — دېدى قوماندان پەس ئاۋازدا.

— رۇسلارنىڭ ھېلىقى بىر باخشىسى، سۇبىتاي، — دېدى ھېلىقى نۆكەر، — بۇ يەرگە كىرىمەن دەپ دىۋەيلەپ تۇرۇ-

ۋالغانىدى. يۈزبېشى ئەرەپشاھ ئۇنى سېنىڭ يېنىڭغا باشلاپ ئاپار، دەپ ماڭا بۇيرۇق قىلدى.

— ئۇ باخشىنىڭ ئۆزى قېنى؟

— مانا مۇشۇ يەردە، مېنىڭ ئارقامدا تۇرىدۇ! — موڭغۇل شۇنداق دەپ بىر تەرەپكە ئۆتكەنىدى. ئۇنىڭ كەينىدە ئۇستىبېشى قار بولۇپ كەتكەن، بىر قولىدا ئۇزۇن ھاسا تۇتۇۋالغان، دۈمبىسىدە خۇرجۇننى بار. بىر قارا موناخ پەيدا بولدى. ئۇ بېشىدىكى قارا پاپىقىنى كۆزىگە چۈشۈرۈپ كىيىۋالغانىدى.

سۇبىتاي موناخقا بىر پەس چەكچىيىپ قاراپ تۇردى. موناخ بېشىدىكى پاپىقىنى ئېلىۋىدى، ئۇنىڭ ئاپئاق چاچلىرى بىلەن ئۇزۇن قارا ساقاللىرى سۇبىتايغا تونۇشتەكلا كۆرۈندى. موناخ تاتارچە:

— ئاڭلا سۇبىتاي باھادىر، ئىنتايىن مۇھىم خەۋەر ئېلىپ كەلدىم! — دېدى.

— سەن بىرئاز چىقىپ تۇرغىن. ئىشىككە قارا، كىيىن ئۆزۈم چاقىرارمەن! — قوماندان ھېلىقى نۆكەرنى سىرتقا چىقىرىۋەتتى.

موڭغۇل پۇتىدىكى يوغان ئۆتۈكى بىلەن تورۇك - تورۇك قىلىپ سىرتقا چىقىپ كەتتى. ئىشىك يېپىلىشى بىلەن موناخ ئالاق-جالاق قاراپ قويدى - دە، سىرتقى كىيىملىرىنى يېشىپ تاشلاپ، سۇبىتاينىڭ قېشىغا بېرىپ ئولتۇردى.

— مەن موناخلاردەك ياسىنىۋېلىپ، ئەل ئارىلاپ ئاددىي پۇقرالار ئۈچۈن دۇئا ئوقۇپ يۈرۈۋەردىم. ئۇلارنىڭ ھەممىسى مېنىڭ قىلۇمنى سۆيۈپ، ماڭا ئىقتىدا قىلىپ بىر بولدى.

— سۆزلەۋە، كىنەز گىلىپ!

— ئۇچرىغان ئادەمنىڭ ھەممىسىدىن ئۇلۇغ كىنەز گېئورگى

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

ۋېسىۋالودوۋىچنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىنى سوراشتۇرۇۋەردىم. ئا
شىلەر مېنىڭ سوئاللىرىمغا: «كىنەز گېئورگىي ۋېسىۋالودوۋىچ قەيەردىكىن؟ لەشكەرلىرىنى قەيەرگە تېپلاۋاتىدىكىن؟» دەپ قايتۇرۇپ سوئال سوراش بىلەن جاۋاب بېرەتتى. بارغانلا يەردە قورال تۇتالىغۇدەك ماغدۇرى بار جىمى ئادەمنىڭ ئىتتىك نەيزىلىرىنى ئۇچلاپ، پالتىلىرىنى بىلەۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسى قوزغىلىپ ئاتلىقى - ئاتلىق، پىيادىسى - پىيادە شىمالغا قاراپ يۈرۈش قىلماقچى ئىكەن. شۇڭا مەنمۇ ئالدىراپ - تېنەپ شۇ تەرەپكە ماڭدىم، يول بويى بەزىدە ئۇرنى بېرىلۈپ قالسا چانىغا چۈشۈپ ماڭدىم، ئات - ئۇلاغ تېپىلمىغاندا پىيادە بولسىمۇ مېڭىۋەردىم.

— سۆزلەۋە، كىنەز گىلىپ، سۆزلەۋە!

— بەزى ئاغزىدىن نېنى چۈشۈپ قالىدىغان ھاماقەتلەر مېنى چانىلىرىغا سېلىۋېلىپ، خېلى يەرلەرگىچە ئاپىرىپ قويغانىمۇ بولدى، ئۇلار يەنە «بىز ئۇچۇن دۇئا قىل، غەلىبە قازىنىشىمىزنى ئاسانلاشتۇر» دېيىشىپمۇ قويىدۇ تېخى.

— قانداق بېرىپ، قانداق كەلگەنلىكىڭ، كىمنىڭ نېمە دېگەنلىكى بىلەن مېنىڭ كارىم يوق. بۇ ھەقتە سۆزلىگەنلىرىڭمۇ يېتەر! ئۇلارنى قويۇپ تۇرۇپ زادى گېئورگىي كىنەز نەدە؟ شۇنى دېگىنە! — دېدى سۇبىتاي.

— يالغۇز ئاياغ چىغىر يوللار بىلەن مېڭىپ، نۇرغۇنلۇغان قېلىن ئورمانلاردىن ئۆتتۈم...

— قەيەردە؟ نەگە ئۆتتىڭ؟

— مولاگا دەرياسى دېگەن دەريانى بويلاپ مېڭىۋەردىم.

— مولاگا دەمسەن؟ ئۇ مولاگاڭ قەيەردە؟

— شىمال تەرەپتە... مۇھىم خەۋەر ئېلىپ كەلگىنىم ئۈچۈن بىر قاپچۇق ئالتۇن بېرەمسەن، دەپ ۋەدە بەرگەن ئىدىڭغۇ؟

— مۇھىم خەۋىرىڭنى تېخى ئاڭلىغىنىم يوق. سەن تېخى-چىلا يول يۈرگەنلىكىڭ توغرىسىدىكى گەپتە ئايلىنىپ يۈرۈۋاتىسەن، تېخىچىلا ئالغا قاراپ كېتىۋاتىسەن، كېتىپ بارىسەن، لېكىن ئۇنىڭ نەتىجىسى توغرىسىدا ھېچنەرسە بىلەلمىدىم.

كىنەز گىلىپ سۆزىنى توختىتىپ، قوماندانىنىڭ سۇر رەڭ سۇلغۇن يۈزىگە خۇدۇكسىنىپ قاراپ قويدى ۋە بارماقلىرىنى ئۇۋۇلاپ قوماندانىنىڭ ۋەدە بويىچە بەرمەكچى بولغان ئالتۇنىنى كۈتۈپ ئولتۇردى.

— ئۆزۈمنىڭ قان - قېرىنداشلىرىمغا قارشى چىقىپ، مەڭگۈ كەچۈرۈلمەس گۇناھقا پاتتىم، ئۇ دۇنياغا بارغاندا مەلئۇنلار مېنى نەيزىگە سانجىپ ئوتتا كاۋاپ قىلىدۇ، — دېدى ئۇ خورسىنىپ.

— ئۇنداقتا بەكمۇ ياخشى ئىش قىلىدىكەن! ساڭا لازىممۇ شۇ، ئۆز ئۇۋالىڭ ئۆزۈڭگە!

— مەن سېنىڭ بېرىمەن دېگەن ئالتۇنلىرىڭنى كۈتۈپ ئولتۇرۇۋاتىمەن.

— بېرىمەن، نۇرغۇن بېرىمەن. بىراق كۆرگەن - بىلگەنلىرىڭنى تولۇق چۈشۈرۈپ قويماي ئېيتىپ بېرىشىڭ كېرەك.

— مولاگا دەيارسى ئىدىلغا قويۇلىدۇ. مولاگانىڭ ئۆزىگە بولسا سىت دېگەن بىر كىچىك دەريا قوشۇلىدۇ. ئاشۇ سىت دېگەن دەريانىڭ بويىدا بوژىنىسكى دېگەن يېزا بار. بۇ يېزىدا كونا بىر چېركاۋ بولۇپ، كىنەز گېئورگى ۋىسېۋلودوۋىچ ھازىر ئاشۇ چېركاۋنىڭ يېنىدىكى پوپنىڭ ئۆيىدە تۇرىدۇ. ئۇ لەشكەرلەرنى شۇ يەرگە توپلىماقتا.

سۇبىتاي يېنىدا ئولتۇرغان گىلىپنىڭ ئۆز قېرىنداشلىرىنى تۇتۇپ بەرگىنىگە ھەيران بولۇپ، پارقىراپ قاراپلا قالدى. بىرئازدىن كېيىن، سول قولىنى قوينىغا تىقىپ كونا تېرە قاپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

چۇقنى سوغۇرۇۋالدى. قاپچۇقنىڭ ئاغزى ئالا يىپەك يىپ بىلەن مەھكەم باغلانغانىدى.

— مانا بۇنىڭ ئىچىدە ئۈچ يۈز تەڭگە ئالتۇن بار. بۇنىڭ يېرىمىنى ھازىر ئالىسەن، قالغىنىنى بولسا، ھېلىقى ئۆزۈڭ ئېيتقان سىت دەرياسىغا بارغاندىن كېيىن ئالىسەن. سەن بىزگە يول باشلاپ ماڭىسەن. ئەگەر بۇ ئېيتقانلىرىڭنىڭ ھەممىسى يالغان بولۇپ چىقسا، سىت دەرياسىنىڭ بويىدا سېنى ئارىغا سانجىپ كاۋاپ قىلىمىز، مېنىڭ موڭغۇللىرىم سېنى تىرىك پېتىچە ئوتقا تاشلاپ، مايغا ئوخشاش پىژىلدىتىدۇ...

كىنەز گىلىپ سۇبىتاي بەرگەن ئالتۇنغا قانائەت قىلماي دۇدۇقلاپ تۇرۇپ:

— بۇ بەكمۇ ئازغۇ! — دېدى ئاستا پىچىرلاپ.

— ئاز كۆرسەڭ ئالماي قوي! — دېدى سۇبىتاي ۋە بىر قولى ۋە چىشى بىلەن قاپچۇقنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى ئالتۇن تەڭگىلەرنىڭ يېرىمىنى سانىماي-لا ئالدىغا تۆكتى، ئاندىن يەنە بىر ئوش ئالتۇننى ئېلىپ ئۇنىڭغا قوشۇپ كىنەزگە سۇندى. كىنەز ئىككى قولىنى ئېچىپ ئۇنىڭغا قاراپ تۇردى.

— بۇ ئالتۇنلارنى مەن كۆزلىگەن مەقسىتىمگە يېتىش ئۈچۈن خىراجەت قىلىشقىلا ئالىمەن، — دېدى ئۇ، — خوش، سۇبىتاي باھادىر، يۈرۈشلەر ئاخىرلاشقاندا سەن مېنىڭ رەزان، سۇزدال ۋە باشقا يەرلەرگە ئۇلۇغ كىنەز بولۇشۇمغا ياردەم قىلالامسەن؟ مەن ئەنە شۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈنلا، ئەشەددىي دۈشمىنىم ۋىلادىمىر كىنەزى گېئورگىنگە قارشى ھەمكارلىشىۋاتىمەنغۇ!

— بەش كۈن ئاۋۋال ھوددە قىلغانىنىڭ نېمە پايدىسى؟ ئاۋۋال دۈشمەننى يوقىتايلى، ئاندىن كېيىن قاراپ باقارمىز،

ئەتىمۇ كۈن بارغۇ، ئالدىراپ نېمە قىلىمىز.

گەپ شۇ يەرگە كەلگەندە بىرىنىڭ تويۇقسىز ۋارقىراپ ئىشىك ئۈرۈشى ئۇلارنىڭ سۆھبىتىنى بۇزۇۋەتتى

«قارا، قارا! سۇبىتاي باھادىر، قارا!» دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى. بۇنى ئاڭلىغان مۇناخ ئالتۇن - تەڭگىلەرنى ئالمان - تالمان قويىنىغا تىقىۋەتتى. سۇبىتاي باھادىر ئورنىدىن تۇرۇپ بېرىپ ئىشىكنىڭ ياغاچ تاقىقىنى ئىتتەرگەنىدى، ھوجرىغا قارا يەپەك ياغلىق ئارتقان خىتاي ئايال يى ليەنخې جاۋۇلدىغان ھالدا يۈگۈرۈپ كىرىپ كەلدى. ئۇ قوماندانىنىڭ ئالدىدا بىر تىزىنى پۈكۈپ ئولتۇردى - دە، ئۇنىڭ چاپىنىنىڭ پېشىغا ئېسىلىپ تۇرۇپ ھۆركىرەپ يىغلاشقا باشلىدى. قوماندان يى ليەنخېنى نېرى ئىتتىرىۋېتىپ، ئالدى بىلەن مۇناخنى ئۆيدىن چىقىرىۋەتتى، ئاندىن ئالدىرىماي بېرىپ ئىشىكنى يېپىپ قايتىپ كەلدى.

— ۋاي، شور پېشانەم! ئەمدى بالانىڭ چوڭىغا قالدۇق! — دەيتتى خىتاي ئايال ئۆپكىدەپ يىغلاپ، — ھېلىقى كۆيۈپ كۈل بولۇپ كەتكۇر رۇس خۇداسىنىڭ ئۆيدە باخشىلار جاھانگىرگە زەھەر بېرىپ ئۆلگۈدەك مەست قىلىپ قويۇپتۇ. ھازىر ئۇ ھوش - كاللىسىنى يوقىتىپ، قۇترىغان ئادەمدەك ھەممىنى ۋەيران قىلىۋاتىدۇ. نېمە قىلىپ، نېمە قويغىنىنى ئۆزىمۇ بىلمەيدۇ. قولىغا قىلىچ ئېلىپ ئەتراپتا يۈگۈرۈپ يۈرۈپ، كۆزىگە كۆرۈنگەنىنىڭ ھەممىسىنى ئۇرۇپ سوقۇپ، رۇس خۇدالىرىنىڭ سۈرەتلىرىنى قىلىچ بىلەن چېپىپ قىيما - چىيما قىلماقتا. قولىغا چىققان نەرسىنىڭ ھەممىسىنى تامغا ئۇرۇپ پەچەق - پەچەق قىلىۋاتىدۇ.

— بۇ ئىشلار بىلەن مېنىڭ كارىم يوق! — دېدى سۇبىتاي باھادىر پىسەنت قىلماي، — مەن جاھانگىرنىڭ ھەربىي ئىشلار مەسلىھەتچىسىمەن، ئۆز ئۆيدىكى ئىشلارغا كەلسەك،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

نېمە قىلىمەن دېسە، ئۇنىڭ ئىختىيارى.

يى لىيەنخې سۇبىتاينىڭ پېشىغا ئېسىلىۋېلىپ ھۆكرەپ يىغلاۋەردى. سۇبىتاي باھادىر ئايالىنىڭ دەسمالدەك كۆكىرىپ كەتكەن نازۇك يۈزىگە، تۇشقاننىڭ چىشىدەك ھىڭگاراپ تۇرغان بىر جۈپ ئۇدۇل چىشىغا قاراپ تۇراتتى.

— نېمىشقا يىغلايسەن؟ رۇس خۇدالىرىغا ئىچىڭ ئاغرىۋاتامدۇ-يە. ئۇلارنىڭ ساڭا نېمە كېرىكى؟

— ئۇنىڭ قىلمىغىنى قالمىدى. بۇزمىغىنى قالمىدى، ساراڭلىقى تۇتۇپ بىكاردىن بىكار كىچىككىنە يۇلتۇز خېنىمنىڭ قول-پۇتىنى باغلىتىۋەتتى.

— ئۇنداق قىلىشقا ھەققى بار. ئېرى خوتۇنىنى نېمە قىلىمەن دېسە قىلالايدۇ. ئۇنىڭغا ھېچكىم ئارىلاشماسلىقى كېرەك.

— سۆيۈملۈك خانىش خېنىم بىلەن ئىشىك ئالدىدا كۆزەتتە تۇرغان ھېلىقى ياش يىگىتنى قوشۇپ باغلىتىپ... ئىككىسىنى باغقا ئاپىرىپ قارغا تاشلاتقۇزدى. ئۇ يەردە ئادەم يەيدىغان ئاچكۆز ئىتلار ناھايىتى كۆپ. بىردەمدىن كېيىن جاھانگىرنىڭ بۇيرۇقى بويىچە بەكى باخشى ۋە ئۇنىڭ يىگىتلىرى كېلىپ يۇلتۇز خانىش بىلەن ھېلىقى ياش نۆكەرنى بوغۇپ ئۆلتۈرمەكچى.

— بۇ ئىشلارنىڭمۇ ماڭا ئالاقىسى يوق. مەن ئۇرۇش قىلىشنىلا بىلىمەن. جاھانگىرنىڭ ئاياللىرىنىڭ ئۆيىدە ئۇنىڭ باخشىلىرى ۋە خىتاي قۇللىرى خوجايىن. جاھانگىرنىڭ ئايالىنى نېمە قىلىمەن دېسە، ئۇلارنىڭ ئىختىيارى.

— غالىب قوماندانىم، جاھانگىر سىزنىڭدىن باشقا ھېچكىمنىڭ سۆزىنى ئاڭلىمايدۇ، يۇلتۇز خېنىمنى بۇ بالادىن قۇتۇلدۇرۇۋال! قەسەم ئىچىمەنكى، ئۇنىڭدا ھېچقانداق گۇناھ يوق. چۈنكى ھېلىقى نۆكەر ئۇنىڭ بىر تۇغقان ئاكىسى.

— سەن قارا خوتۇن مېنىڭ يېنىمغا بىكارلا كەپسەن!

ئۇنىڭدىن كۆرە باتۇخانىنىڭ يۈرۈشلىرىنى كىتاب قىلىپ يېزىۋاتقان تارىخچى ھاجى رەھىمنى ئىزدەپ تاپساڭ بوپتىكەن. ئۇ جاھانگىرنىڭ ئۇستازى، جاھانگىر ئۇنى بەكمۇ ھۆرمەت قىلىدۇ، ھاجى رەھىم ئۇنىڭغا سەگىتىدىغان دورا بېرەتتى - دە، جاھانگىرنىڭ مەستلىكى يېشىلىپ، ياش تۇقالنىڭ جىنايىتىنى كەچۈرۈم قىلاتتى.

— بۇنداق تۈن قاراڭغۇسىدا مېنى نەگە بار دەيسەن! ئۇنىڭ ئۈستىگە قەدەمدە بىر كۆزەتچى، ئۇلار مېنى قويۇپ بېرەرمۇ! بۇ كېچىدە ھاجى رەھىمنى نەدىنمۇ ئىزدەپ تاپىمەن! باخشىلار بۈگۈن مېنىڭ كىچىككىنە خانزادەمنى بوغۇپ ئۆلتۈرۈۋەتسە، ئەتىلىككە ئۇنى تىرىلدۈرۈش ھەرقانداق دوختۇر ياكى تېۋىپنىڭ قولىدىن كەلمەس!

خىتاي ئايال شۇنداق دېدى - دە، پولغا ئۆزىنى ئېتىپ بېشىنى يەرگە ئۇرۇپ، ھۆكۈرەپ يىغلاشقا باشلىدى. سۇبىتاي پۇتىنىڭ ئۇچى بىلەن مىكىپ، ئايالنى ئايلىنىپ ئۆتۈپ، كۆزەتچى نۆكەرنى چاقىرىۋالدى ۋە ئۇنىڭغا:

— تېز يۈگۈرۈپ بېرىپ جاھانكەشتىنى چاقىرىپ كەل! — دەپ بۇيرۇدى.

— ئەمرىڭگە قۇللۇق، تەقسىر! — دېدى نۆكەر ۋە قورال - ياراقلىرىنى جالدۇر - جۇلدۇر قىلغان پېتى يۈگۈرۈپ چىقىپ كەتتى.

## ئالتىنچى باب

## موناستىرنىڭ بېغىدا

ئېلىپتەك ئىنچىكە چىققان ئاينىڭ غۇۋا يورۇقىدا موناستىرنىڭ يېنىدىكى قار بىلەن قاپلانغان دەرەخلەر ئەتراپىغا شولا چۈشۈرۈپ ئۇيقۇغا كەتكەندەك جىمجىت تۇراتتى.

ئەگرى - بۈگرى پۈتاقلىرى ھەر تەرەپكە يېيىلغان، سۇنۇپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن ئاچا بىلەن تىرەپ قويۇلغان چوڭ ئالما دەرىخىنىڭ تۈۋىدە نەيزىسىگە تايىنىپ بىر مۇڭغۇل نۆكىرى تۇراتتى. ئۇ تىزىغىچە قار كەچكەن ھالدا ئالدىدىكى بىر - بىرىگە قېشىپ باغلىۋېتىلگەن ئىككى ئادەمگە ھاڭ - تاڭ بولۇپ قاراپ تۇراتتى. باغلانغانلارنىڭ بىرى، ساۋۇت كىيگەن لەشكەر، يەنە بىرى يېپەك كۆڭلەكلىرى ئالتۇندەك يالىداپ تۇرغان ياش جۇۋان ئىدى. ئۇلار ئىككىسىنىڭ دۈمبىسىنى بىر - بىرىگە چاپلاپ قىل ئارقان بىلەن چىرماپ باغلىۋەتكەنىدى. لەشكەر يالاڭباش بولۇپ، ئۇزۇن قارا چېچى يەلكىسىدە يەلپۈنۈپ تۇراتتى. ئۇ چاغلاردا مۇنداق ئۇزۇن چاچ پەقەت قىپچاقلارغىلا خاس ئىدى. لەشكەر ئۆزىچە بىر نېمىلەرنى دەپ غۇدۇڭشىسا، ئايال ئۇنىڭغا ئارىلاپ - ئارىلاپ ئىڭراپ قويۇشى بىلەن جاۋاب قايتۇراتتى. نۆكەر ئۇلارنىڭ پىچىرلىشىپ سۆزلەشكەن سۆزلىرىدىن ھېچنېمىنى چۈشىنەلمىدى. بىراق شۇنداقتىمۇ ئۇلارنىڭ سۆزلەشمەسلىكىگە ئاگاھلاندۇرۇش بەرگەندەك نەيزىسى بىلەن يەرنى تۇرتۇپ - تۇرتۇپ قوياتتى.

— سېنى ئاكام ئىدى، دەي. شۇنداق دېسەم بىزنى بوشىتىپ قويۇپ بېرىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە جاھانگىر ساڭا قانچىلىك تىلىسەڭ، شۇنچىلىك ئالتۇن بېرىدۇ، مىنىشكە ئات بېرىدۇ، ئۇچاڭغا تون كىيگۈزىدۇ... — دېدى يۇلتۇز يىغىستىكە.

— مېنىڭ ساڭا پەقەت ئاكا بولۇش بىلەنلا بولدى قىلغۇم كەلمەيدۇ. مۇشۇ تۇرقىدا سېنىڭ قېشىڭدا جان بەرسەممۇ مەندە قىلچە ئارمان قالمايدۇ. مەن باتۇخانىغا سېنى ئۆزۈمنىڭ سۆيگەن يارىم ئىدى، دەيمەن.

— ياق سەن ئۇنداق دېمىگىن. بىز قانداقلا بولمىسۇن بۇ بالادىن قۇتۇلۇپ ئامان - ئېسەن قېلىشىمىز كېرەك... شۇڭا

سەن مېنى قېرىندىشىم ئىدى، دەيدىغانلىقىڭ توغرىسىدا خۇدا ئالدىدا قەسەم بېرىسەن.

ئۇلارنىڭ سۆزلىشىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغان ھېلىقى مۇڭغۇل يىگىتى نەيزىسىنى كۆتۈرۈپ:

— ھەي! ئۇنىڭلارنى ئۆچۈرۈڭلار! جاھانگىر سىلەرنى تىل بىرىكتۈرۈۋالمىسۇن دېگەنىدى! — دەپ ئۇلارنىڭ سۆزىنى توختىتىۋەتتى.

كۆزەتتە تۇرغان نۆكەر باغلاغلىق تۇرغان لەشكەرنى ناھايىتى ياخشى بىلەتتى. ئۇ ئالدىنقى سەپتىكى باشلامچى يۈزلۈكنىڭ ئادىمى ئىدى. ئۇ دائىم ياخشى ئات مىنىپ يۈرىدىغان، ھايت دېسە، ھۇيت دەپ دائىم تەييار تۇرىدىغان باتۇر يىگىت ئىدى. ئۇنى يۈز بېشى ئەرەپشاھنىڭ ئۆزىمۇ ئىنتايىن ياخشى كۆرەتتى.

«ئاۋۇ كېلىشمەسلىكنى قارىمامدىغان! جاھانگىرنىڭ ياش ئايالىغا نېمىشقىمۇ كۆز تىكىپ، كۆڭۈل بېرىپ يۈرگەن بىرلىغىدى؟... جاھانگىر ئەمدى ئۇنى بوش قويامدۇ، جازاغا تارتىپ جېنىنى ئالمىسىلا بولاتتىغۇ!» دەيتتى كۆزەتتە تۇرغان نۆكەر ئىچىدە.

باغ ئىچىدىكى يوزيالىق دەرەخلەر ئارىسىدىن مۇناسىرنىڭ ئېشەكتەك يوغان بىر توپ ئىتى چىقىپ ئۇلارغا ئېتىلىپ كەلدى. ئالدىدا كەلگەن ئىتلار قار ئۈستىدە باغلاقلىق ياتقان يۇلتۇز بىلەن يىگىتنىڭ قېشىغا يېقىنراق كېلىپ، ئۇلارنى ئۆز ئۇلۇشىدىكى يەمتۈك قاتارىدا كۆرۈپ، ئاغزىدىن شۆلگەيلىرىنى ئېقىتىپ ئاچكۆزلۈك بىلەن قاراپ تۇردى. ئۇلار شۇ تۇرقىدا بىر سەكرەپ بېرىپ بېسىۋالىدىغاندەكلا كۆرۈنەتتى. ئىتلاردىن بىرى ھېچنېمىدىن ھېيىقماي ئۇلارنىڭ يېنىغا باردى، بۇنى كۆرگەن نۆكەر نەيزىسىنى بىر ئېتىۋىدى، نەيزە بارغان پېتى

ئىتنىڭ دۈمبىسىگە سانجىلىپ قالدى. ئىت ئاچچىق كاڭشىپ، سانجىلغان نەيزىنى سۆرەپ قاچتى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن باشقا ئىتلارمۇ تىپىرلاپ قېچىشقا باشلىدى. مۇڭغۇل يىگىت قېلىن كۆلتۈك قاردا سۈرۈلۈپ - يىقىلىپ يۈرۈپ، ئىتلارنى قوغلاپ باردى - دە، يەردە ياتقان نەيزىسىنى ئېلىپ ئۆز ئورنىغا قايتىپ كەلدى.

بىر چاغدا باغنىڭ ئالدى دەرۋازىسى تاراقلاپ ئېچىلىشقا باشلىدى. نۆكەر بۇرۇلۇپ قاراپ، دەرۋازىدىن كىرگەن بىرنەچچە ئادەمنىڭ يالغۇز ئاياغ يول بىلەن بېرى كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردى. بايىقى ئىتلار ئۇلارنىڭ ئالدىغا ھاۋشىغان پېتى ئېتىلىپ باردى.

كېلىۋاتقانلار ئىچىدە سۇبىتاي باھادىر، ئەرەپشاھ، ھاجى رەھىم ۋە ئۈچ لەشكەر بار ئىدى. ھاجى رەھىم قولىدا يېپەك پىلىكلىك ماي شام كۆتۈرۈۋالغانىدى. ئۇ ھەممىنىڭ ئالدىدا ئىتتىك مېڭىپ يولتۇزنىڭ يېنىغا باردى - دە، ئۇنىڭ ئازاب تارتقان سولغۇن يۈزىگە قولىدىكى شامنىڭ غۇۋا يورۇقىنى چۈشۈردى.

— بىر چاغلاردا سەن مېنىڭ باشپاھىم ئىدىڭ... ماڭا كۆپ قېتىم سۈت، ئىسسىق چەلپەك، نان ئەكىلىپ بېرىپ، بىچارە دەرۋىشنىڭ ھاياتىنىڭ داۋاملىشىشىغا سەۋەب بولغانىدىڭ! ئەمدىلىكتە رۇس يېرىدە قېلىن قاردا ياتقىنىڭ نېمىسى، يولتۇز خېنىم؟ سەن بۇنداق يېتىۋەرسەڭ ھازىرلا ماۋۇ قۇتۇرغان ئاچكۆز ئىتلارغا يەم بولىسەنغۇ! تېزرەك كۆزۈڭنى ئاچ، تېزرەك ھوشۇڭنى يىغ! — دېدى ئۇنىڭغا ھاجى رەھىم.

ھاجى رەھىم قولىدىكى شامنى قار ئۈستىگە قويۇپ، يىگىت بىلەن جۇۋاننى قوشۇپ باغلىغان قىل ئارقاننى يېشىشكە باشلىدى. توڭلاپ قېتىپ كەتكەن ئارقان تەسلىكتە يېشىلدى.

ئۇ مۆزلاپ چالا ئۆلۈك ھالەتتە ياتقان يۇلتۇزنى قولتۇقىدىن
يۆلەپ ئورنىدىن تۇرغۇزدى. شۇ ئارىدا ئەرەپشاھ كېلىپ ئۇنى
قولىدا تۇتۇپ تۇرغان بۇلغۇن جۇۋا بىلەن ئوراپ قويدى.
پاغلاقتىن يېشىلگەن مىسىق ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ، بىرئاز
سەنتۈرۈلگەندەك بولدى - دە، سۇبىتاي باھادىرنىڭ يېنىغا
باردى. سۇبىتاي بۇ ۋەقەدە ھېچقانداق مۇناسىۋىتى يوق ئادەمدەك
كېرىلگەن پېتى مىدىر قىلماي تۇراتتى.
— سەن ئۆزۈڭ كىمنىڭ بالىسىسەن؟ راستىڭنى ئېيتقىن
نا! — دېدى ھاجى رەھىم مىسىققا.
— ئەركىن چىققان شامالنىڭ بالىسىمەن! — دەپ
جاۋاب بەردى مىسىق.
— ماۋۇ ئايال نېمەڭ بولىدۇ! — دېدى ھاجى رەھىم، —
ئۇنى تونامسەن؟
مىسىق ئۈن - تىنسىز تۇرۇپ قالدى. شۇ پەيتتە ئىشىك
نىڭ ئارقىسىدىن نازۇك بىر ئاۋاز ئاڭلاندى:
— ئۇ مېنىڭ مىسىق دېگەن ئاكام بولىدۇ، بىز ئىككىمىز
چىغاناق شەھىرىدە تۇرۇشلۇق نەزەركەزىرەك دېگەن بوۋاينىڭ
بالىسى بولىمىز.
— بۇلارنىڭ ئېيتقانلىرى پۈتۈنلەي توغرا. مەن بۇ ئىك
كىلىسىنى تونۇۋاتىمەن! — دېدى ھاجى رەھىم ئۇنى قوۋۇۋەتلەپ.
— بەس! — دېدى باياتىن بېرى ئۈندىمەي تۇرغان
سۇبىتاي سۆزگە ئارىلىشىپ، — ھاجى رەھىمنىڭ ئېيتقانلىرى
نىڭ ھەممىسى توغرا. ئۇ يالغان ئېيتىشنى زادىلا بىلمەيدىغان
ئادەم! كۆپچىلىكنىڭ ھەنىۋاسى ئاشۇ قارا باخشىلارنىڭ ئۆيىدە
ئەقلىدىن ئادىشىپ ساراڭ بولۇپ قالغان ئوخشايدۇ... لەشكەر
مىسىق، سەن ماڭا (ئەركىن چىققان شامالدىن تۇغۇلغان) لى
قىڭنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىشىڭ كېرەك. سەن ئالغا، ئەڭ مۇ-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

شەقەتلىك چارلاشقا بېرىپ كېلىسەن... ھەي نۆكەرلەر، يۇلتۇز خېنىمنى دەرھال كۆتۈرۈپ ئاپىرىپ ئۆيگە يەتكۈزۈپ قويۇڭلار.

جاھانگىر ياتقان ھۇجرىدىن بىر خىل تۇۋلىغان، ئىنجىقلاپ يىغلىغان ئاۋاز ئاڭلىناتتى. نۆكەرلەر تامغا چاپلىشىۋېلىپ، ئۆيگە كىرىشكە پېتىنالماي تۇراتتى.

— ئۇ يەردە نېمە ئىش بولدى؟ — دەپ سورىدى سۇبىتاي باھادىر.

— جاھانگىر خۇدىنى يوقىتىپ ئالەمنى مالەم قىلىۋاتىدۇ. تامدا ئېسىقلىق تۇرغان رۇس خۇدالىرىنىڭ سۈرەتلىرىنى چېيىپ، ۋەتۋەرىكىنى چىقىرىپ بولۇپ، ئۆزىگە ھاي بەرگەن خىزمەتچىلەردىن ئىككى ئادەمنى ئۆلتۈردى، ئەمدىلىكتە ھۆركىرەپ يىغلىماقتا.

— ھوي، مۇنۇ نېمە دەۋاتىدۇ، يىغلاۋاتىدۇ دەمدۇ؟

— ئاڭلىمايۋاتامسەن؟ تېخىچە ئاۋازىنى پەرق قىلالمىدىڭمۇ؟

سۇبىتاي ئىشىككە يېقىنلاپ بېرىپ، ئۆي ئىچىدە بىرىنىڭ بۆرىنىڭ ھۇۋلىغىنىدەك غەلىتە ھۆركىرىگەن تاۋۇشىنى ئاڭلىدى.

— كىرمە، ئۇ سېنىمۇ ئۆلتۈرىدۇ! — دېيىشتى نۆكەرلەر چۇرقىرىشىپ.

شۇ ئارىدا ئەرپشاھ يۇلتۇزنى قوشنا بۆلۈمگە كۆتۈرۈپ ئاپىرىپ ئورنىغا ياتقۇزۇپ قويدى. ئۇ يەردىكى لېيەنخې ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنىنى ئالقىنى بىلەن سىيلاشقا ۋە ئۇۋۇلاشقا باشلىدى.

سۇبىتاي ئىشىك تۈۋىدە بىرئاز كۈتۈپ تۇرۇپ، باتۇخاننىڭ ۋارقىراش - جارقىراشلىرى بىلەن تۆۋەندىكى سۆزلىرىنى ئېنىق ئاڭلىدى:

— نېمىدىگەن شۇملۇق بۇ - ھە! ھەي!... نېمىدىگەن ۋاپاسىزلىق. قارا نىيەتلىك بۇ - ھە! سۇيىقەستچىلەر، سىلەر يەنە باش كۆتۈرۈپ، مېنىڭ پېيىمگە چۈشۈپسىلەر - دە! يولۇمغا

ٴكۆلدىلەك تۆرۈۋېلىپ، مېنى پۈتلىماقچى بولۇپسىلەر – ھە! ھەي... مەن سىلەرگە ٴئۇلۇغ چىڭگىزخاننىڭ نەۋرىسى ٴئىكەنلىكىمنى كۆرسىتىپ قويىمەن تېخى!... مېنىڭ كىم ٴئىكەنلىكىمنى تونۇپمۇ قالارسىلەر تېخى!...

سۇبىتاي باھادىر يەلكىسىنى قىسىپ ٴئىڭىشكەن پېتى ٴئىشىكنى ٴئېچىپ ھۇجرىغا كىرىپ كەتتى.

ٴئۈستەل ٴئاستىدىن ٴئۆلگەن ٴئادەملەرنىڭ ٴئاياغلىرى سوزايلىنىپ چىقىپ تۇراتتى، ٴئۇلاردىن ٴئاققان قان پولنى قىپقىزىل بويىۋەتكەنىدى. ٴئۈستەل ٴئۈستىدە بولسا، باتۇخان بەدەشقىنىنى قۇرۇپ ٴئولتۇراتتى. ٴئەگرى قىلىچى ٴئالدىدا تۇراتتى. يۈزى كۆپتەك ٴئىششىپ كەتكەن، كۆزلىرى قىپقىزىل قانغا تولغان بولۇپ، سۇبىتايىنى كۆرۈپ كۆزلىرىنى چەكچەيتكىنىچە تىكىلىپ تۇرۇپلا قالدى. سۇبىتايمۇ ٴئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ خانغا بىر پەس قاراپ تۇردى – دە، ٴئۇنىڭ ھالىغا يەتكەندەك ٴئوچۇق چىراي بىلەن:

— نېمىشقا يىغلايسەن جاھانگىر؟ ساڭا نېمە بولدى؟— دېدى.

باتۇخان بىرىنى چېپىپ تاشلىماقچى بولۇپ قىلىچىنى ٴئېگىز كۆتۈردى – دە، بىر نېمە يادىغا يەتكەندەك ٴئويلىنىپ تۇرۇپ قالدى. ٴئاندىن ٴئۇ شارتتىدە كەينىگە بۇرۇلۇپ، ۋىلاسىي ٴئەۋلىياھنىڭ سۈرىتىگە ٴئالاھىدە قەھىر – غەزەپ بىلەن قىلىچ ٴئۇرۇپ سۈرەتنى پارە – پارە قىلىپ تەرەپ – تەرەپكە ٴئۇچۇرۇۋەتتى.

— بۇ رۇس خۇداسىنى نېمە قىلمىدىڭ دەپ جازالاۋاتىسەن؟ — دېدى سۇبىتاي باھادىر ٴئادەتتىن تاشقىرى بىر خىل ٴئاتىلارچە كۆيۈمچانلىق ٴئاۋازى بىلەن.

— بۇ ٴئۇزۇن ساقاللىق خۇدا بەختسىز بىچارىلەرنى بالا- قازادىن قوغداپ قالىدۇ. مال – ۋارانلىرىنى ٴئامان ساقلايدۇ، دېيىشەتتى. بىراق ماڭا ٴئۇنىڭ ھېچقانداق پايدىسى تەگمىدى...

www.uyghurkitap.com

ئامدا ئېسىقلىق پېتى ماڭا چەكچىيىپ قاراپ تۇرغاندىن باشقا ھېچنېمىنى بىلمەيدۇ. شۇڭا مەن: يوقالسۇن رۇس خۇدالىرى، دەيمەن!

— بىراق ئۇنىڭ ساڭا ھېچبىر يامانلىقىمۇ تەگمىدىغۇ! ھېچكىم بالا - قازاغا ئۇچرىغىنى يوققۇ؟ — دېدى سۇبىتاي.

— ھېچكىم ئۆلمىدى دېدىڭما؟ ھەي، سېنىڭمۇ ئاۋۇ ياتقان «دوستلىرىم» قاتارىدا بولغۇڭ كېلىۋاتامدۇ. نېمە؟ ماڭا ئۇنداق ھارامتاماقلارنىڭ كېرىكى يوق! ماڭا ھالال خىزمەتچىلەرلا كېرەك. مەن قارا نىيەت سۈيىقەستچىلەرنى قەتئىي كەچۈرمەيمەن، ئەنە، مېنىڭ بىلەن دوست بولىمەن دەپ يۈرگەنلەردىن ئىككىسىنىڭ ئاياغلىرى ئۈستەل تېگىدە سۇنايلىنىپ يېتىپتۇ! مەن ئۇلارنىڭ تېگىشلىك جازاسىنى بەردىم. ئۇلار سىرتىمدىن مېنىڭ نامىمنى سېتىپ، مېنىڭ نامىمدىن ھوقۇق يۈرگۈزمەكچى بولۇپتۇ. ئۇلۇغ چىڭگىزخاننىڭ ئالدىدا ئۇلار بۇنداق قىلالايتتىمۇ؟ ھەي!... بۇ ئۆينىڭ بۇلۇڭ - پۇشقاقلىرىدىن چىقىپ كەلگەن سۈيىقەستچى قارا جىنلار كۆپچىلىكنىڭ بېشىنى ئايلاندۇرۇپ، ئەقلىدىن ئازدۇرۇپ قويۇپتۇ - ھە!

سۇبىتاي چىرايىنىمۇ ئۆزگەرتمەي، قىمىر قىلماي قاراپ تۇرۇۋەردى، باتۇخان ئۈستەلدىن سەكرەپ چۈشۈپ سۇبىتاينىڭ يېڭىدىن تۇتقان پېتى ئۇنى سۆرەشتۈرۈپ ئېلىپ ماڭدى:

— يۈر! مەن ساڭا ماۋۇلارنىڭ نېمە قىلغانلىقىنى كۆرسىتىپ قوياي! يۈر، مېنىڭ ئارقامدىن ئەگىشىپ ماڭ! ھاجى رەھىممۇ بىز بىلەن بىللە بارسۇن. شام نەدە؟ شامنىمۇ ئېلىۋالسۇن!

باتۇخان شۇنداق دېدى - دە، ھەممىنىڭ ئالدىدا تېز - تېز قەدەم تاشلاپ مېڭىپ كەتتى، ئارقىدىن باشقىلار ئەگىشىپ كېتىپ باراتتى. ئۇ بارغان پېتى ئۇدۇل باققا قاراپ يول ئالدى.

— ئۇ يەردە ھېچكىم يوق! — دېدى سۇبىتاي.

— سەنمۇ مېنى ئالدىماقچى بولۇۋاتامسەن؟ — دېدى باتۇخان ۋە باراقسان يوغان ئالما دەرىخىنىڭ يېنىغا بېرىپ توختاپ ئەتراپقا سەپسالدى، ئاندىن بىر ئۇشقىتىپ قويدىدە: «دىزە، دىزە» دەپ ئالغا قاراپ كېتىۋەردى. موگۇللار باغنىڭ كىچىك ئىشىكىدىن ئۆتۈپ، مۇناستىرنىڭ تىمتاس ھويلىسىغا كىردى. ئۇ يەردە لاپاس ۋە ئات ئېغىللىرى ئىنتايىن كۆپ ئىدى.

— ھاجى رەھىم، يېزۇقۇڭنى بۇياققا ئەپكەلگىنە؟ — دېدى باتۇخان. ئۇ يەردىكى قار ئۈستىدە پۇتلىرىنى داردايتىپ بىر قارا ئات ياتاتتى. يېنىغا ئادەم كەلگىنىنى تۇيغان ئات بېشىنى كۆتۈردى ۋە ئەقىللىق، بۇرتۇپ چىققان كۆزلىرى بىلەن باتۇخانغا تىكىلىپ قارىدى. بىراق بۇنىڭغا ئۇزاق چىداشلىق بېرەلمەي بېشىنى قايتىدىن كۆپپىدە يەرگە قويدى. بىر ئازدىن كېيىن، ئات ئاياغلىرى بىلەن يەرتىلغاپ، قارلارنى توزىتىپ تېپىرلاشقا باشلىدى.

— بىرەرى ئېتىمنى سېھىرلەپ كەتكەن ئوخشايدۇ: بەلكى جىن شۇنداق قىلغاندۇ ياكى رۇس باخشىلىرىدۇر ۋە ياكى ھېلىقى ماڭا «دوست» بولماقچى بولۇپ يۈرگەن نېمىلەرنىڭ بىرىدۇر! ئۇلار ماڭا ھەسەت قىلىپ، مۇشۇ ئات بىلەن كىنەر كېتۈرگىنى قوغلاپ يېتەلمىسۇن، ئۇنى ئۆلتۈرۈپ، ئەل - يۇرتنى بېقىندۇرۇشقا چامى يەتمىسۇن، دېيىشكەندۇ! ھەي... بىچارە قارا تۇلپارىم، سېنىڭ جېنىڭنى مۇشۇنچىلا قىيىنىغان كىمدۇ - ھە، جانىۋارىم!

ئات خۇددى ئادەمگە ئوخشاش ئىنجىقلاپ، بوينىنى سوزۇپ تۇرۇپ بۆرىكىنى يالاشقا باشلىدى.

— ھاجى رەھىم، سەن ئۆزۈڭ ئاسماندىكى يۇلتۇزلارنىڭمۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تىلىنى بىلەتتىڭغۇ، مېنىڭ تۇلپارىم بىلەن سۆزلىشىپ كۆرگىن ئۇنى ئۆلتۈرمەكچى بولغان كىم ئىكەن؟ شۇنى بىلىپ بەرگىنە ا— دېدى خان.

ھاجى رەھىم قولىدىكى شامنى كۆتۈرۈپ، ئاتنىڭ ھېلىقى يالاۋاتقان يېرىگە قارىدى ھەمدە ئۇ يەرنى قولى بىلەن تۇتۇپ كۆرۈپ، ئىششىپ كەتكەنلىكىنى بايقىدى ۋە سىقىشقا باشلىدى.

— مۇنۇ يېرى كۆپتەك ئىششىپ كېتىپتۇ، قان ئارىلاش يىرىڭ ئېقىۋاتىدۇ. ئاتنىڭ قىينىلىپ ئۆلەي دەپ قالغىنى مانا شۇنىڭدىن ئىكەن...— دېدى دەرۋىش ۋە ئاتنىڭ بۆرىكىدىكى يارىغا سانجىلىپ تۇرغان بىر تال تۆمۈر پارچىسىنى سۇغۇرۇۋالدى.

— ئاياللارنىڭ چاچ بىگىزىنغۇ بۇ!— دېدى كەينىدە تۇرغانلاردىن بىرى جەزىم قىلىپ.

— ياق، بۇ ئاياللارنىڭ چاچ بىگىزى ئەمەس!— دېدى سۇبىتاي باھادىر تۆمۈرنى قولىغا ئېلىپ.— ئاياللار چاچ بىگىزى بىلەن ئۆز خوجىسىنىلا ئۆلتۈرىدۇ، ئۆلتۈرگەندىمۇ خوجىسى ئۇخلاپ ياتقاندىلا ئۆلتۈرەلەيدۇ. بىراق ھەرگىز ئۇنىڭ ئېتىغا تەگمەيدۇ. دېمەك، بۇ ئىشنى قىلغان چوقۇم يېقىن دوست - يارەنلىرىڭىزنىڭ بىرىدەك تۇرىدۇ. مەن ساڭا بىرنەچچە قېتىم بۇنداق خۇشامەتچى ئىتلارنى يېنىڭغا يولاتما، ئىشەنچلىك خىزمەتچىلەرگىلا يېقىن بول، دەپ ئېيتقان ئىدىمغۇ... بۇ ئەسلى خەنجەرنىڭ بىر پارچىسى ئىكەن!

ئات تۇگۈلۈپ ئاياغلىرىنى يەنە تىپىرلاتتى. باتۇخان ئاتنىڭ يېنىغا بېرىپ تىزلىنىپ ئولتۇردى.

— جانىۋار قارا ئېتىم، ئەمدى سەن خوجاڭ بىلەن بىرگە دۈشمەننىڭ ئوت ئىچىدىكى شەھەرلىرىگە كىرەلمەيدىغان بولدۇڭ... سەن ماڭا ھالال خىزمەت قىلغانىدىڭ. بىراق ئۆمرىڭ بەكمۇ قىسقا بولدى.

باتۇخان ھۆركىرىگەن پېتى ئورنىدىن ئۇچقۇپ تۇردى-دە، باغنىڭ ئوتتۇرىسى بىلەن ئۆينىڭ ئىشىكىگە قاراپ يۈگۈرۈپ كەتتى، يېنىدىكى ھەمراھلىرىمۇ ئۇنىڭ كەينىدىن يۈگۈردى. باتۇخان ئۆز ھۇجرىسىنىڭ ئالدىغا بېرىپ توختىدى-دە، بىرىنى ئىزدىگەندەك كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ ئۇيان-بۇيان قاراشقا باشلىدى ۋە ھۇجرىغا كىرىپ لىپمۇ لىپ شاراب قويۇلغان تاش كۈپنى چېقىپ، سۇبىتايغا قاراپ تۇرۇپلا قالدى.

— ماۋۇ قوشنا ئۆيدە كىم بار؟ — دېدى ئۇ بىردەمدىن كېيىن.

— ئۆزۈڭ كىرىپ قاراپ باق! — دەپ سوغۇقلا جاۋاب بەردى سۇبىتاي.

باتۇخان قولىدىكى كۈپنى كۆتۈرگەن پېتى قوشنا ھۇجرىغا كىرىپ، مايشامنىڭ غۇۋا يورۇقى چۈشۈپ تۇرغان ئورۇندا ياتقان يۇلتۇز خانىمنى كۆردى. يۇلتۇز يېنىغا كەلگەن باتۇخانغا قايغۇلۇق نەزەر بىلەن بىر قاراپ قويدى-دە، بۇلغۇن جۇۋىسىنى بېشىغا پۈركەپ ئۈن چىقارماي يېتىۋالدى.

— تېنى ساقمۇ؟ — دەپ سورىدى باتۇخان خانىشنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان كۈتكۈچى ئايالدىن.

— يۇلتۇز خانىشنىڭ تېنى ساق، ھېچكىمدىن رەنجىشىمۇ يوق! — دېدى كۈتكۈچى ئايال يى لىيەنخې.

باتۇخان سۇبىتايغا بۇرۇلۇپ قارىدى-دە:

— بۇ سېنىڭ قىلغان ئىشىڭغۇ دەيمەن. ئۇنى ئۆزۈڭ قۇتقۇزۇپ قالغان ئوخشايسەن-ھە! — دېدى.

— ھەئە مەن.

— مېنى پەقەت سەنلا چۈشىنىسەن... سەن مېنىڭ سادىق خىزمەتچىمسەن! مەن ئۇنى ئۆلتۈر دەپ ھېچكىمگە بۇيرۇق قىلمىغانىدىم. بۇ ئىشلارنى قىلغان مېنىڭ ھېلىقى دېيىقىن دوست-

لىرىم» ئوخشايدۇ... — باتۇخان شۇنداق دېدى - دە، قولىدىكى
كۈپىنى كۆتۈرۈپ ئۇنىڭدىكى شارابنى غۇرتىلدىتىپ يۇتۇشقا باش-
لىدى. ئۇنىڭ ئاغزىدىن ئاققان شاراب كۆكسىگە شۇرقىراپ قۇ-
يۇلاتتى. ئاندىن كېيىن باتۇخان سەنتۈرۈلۈپ بېرىپ پولغا
يىقىلدى - دە، سۇنايلىنىپ ياتتى. سۇبىتاي باھادىر ئۇنىڭ
قولىدىكى كۈپىنى ئاۋايلاپ ئاجرىتىۋالدى ۋە پۈتىنىڭ ئۇچىدا
دەسسەپ ئۆيدىن چىقىپ كەتتى.

— تاڭ ئېتىشى بىلەن يولغا چىقىمىز، — دېدى سۇبىتاي باھادىر كۈتۈپ تۇرغان نۆكەرلىرىگە، — بارىدىغان يېرىمىز يىراق، تېز يۈرۈشىمىزگە توغرا كېلىدۇ، تولۇق تەييارلىق قىلىڭلار! يول باشلىغۇچىلارنى چاقىر، دەپ بۇيرۇق قىلغانىدىم. ئۇلار قېنى؟

— ئۇلار سىزنى كۈتۈپ تۇرۇۋاتىدۇ، غالىب قوماندا، — دېيىشتى نۆكەرلەر.

## يەتتىنچى باب

## باتۇخاننىڭ چۈشى

موڭغۇللار ئۇگلىچ شەھىرىدىن لاۋۇلداپ يېنىۋاتقان قىپ-
قىزىل ئوت يورۇقىدا چىقىپ كەتتى. تەرەپ - تەرەپتىن ئوت
تۇتاشقان مۇناستىرنىڭ ئۆيى خۇددى ئوچاقتىكى ئوتتەك گۈ-
كىرەپ كۆيمەكتە. مۇناخلار ئۆلە - تىرىلىشىگە قارىماي ئۇ-
يان - بۇيان يۈگۈرۈشۈپ، كۆيۈۋاتقان مۇناستىرنىڭ ئىچىدىن
كۈپ - كۈپلەردە شاراب، خۇش پۇراقلىق ئىپار مايلىرى، مۇئەك-
كەل - ئەۋلىيالارنىڭ سۈرەتلىرى ۋە باشقا نەرسىلەرنى سىرتقا

توشۇماقتا. باتۇخاننىڭ «رۇس مۇللىرىغا تەگمەڭلار، ئۇلارغا زۇلۇم سالماڭلار» دېگەن جىددىي بۇيرۇقى بولغاچقا، موڭغۇل لەشكەرلىرى مېناخلارغا تەگمىدى. بىراق شۇنداق بولسىمۇ ئۇرىتى كەلگەندە ئۇلار مېناخلارنىڭ ئۇچىسىدىكى ئېسىل يىپەك تونلارغا ھەۋەس قىلىپ، ئۇ كىيىملەرنى سالدۇرۇۋېلىشتىنمۇ تارتىنىپ ئولتۇرمايتتى.

مېناستىردىكى ئۆزۈندىن بىرى ساقلىنىۋاتقان ھەسەل شارابلىرى بىلەن مېۋىدىن تەييارلانغان ئىچىملىكلەرگە يۈرىكى چىلاشقۇدەك تويۇنۇۋالغان باتۇخان تېخىچىلا ھوش - كاللىسىنى يىغالماي، ئەتراپىدا نېمىلەر بولۇۋاتقانلىقىنى چۈشىنەلمەي ئولتۇراتتى. سۇبتاي باھادىرنىڭ بۇيرۇقى بويىچە نۆكەرلەر خاننى چېركاۋ پېپى سوۋغا قىلغان ئۇزۇن، ئىسسىق جۇۋىغا ئوراپ، ئىچىگە چۆپ تولدۇرۇلغان چاناغا جايلاشتۇرۇپ قويغانىدى. خاننىڭ يېنىدا يوغان يىپەك چاپانغا ئورالغان خانىش يۈلتۈز ئولتۇراتتى. خىتاي ئايالى يى ليەنخې باشقا چانىدا يۈلتۈزنىڭ خەزنە - مۈلكىنى قوغداپ كەلمەكتە ئىدى.

جەنۇب بىلەن غەربكە قاراپ ئاتلانغان موڭغۇل لەشكەرلىرى يول بويى ئۇچرىغانلىكى يېزا - قىشلاقلارنىڭ ھەممىسىگە دوقۇرۇپ ئۆتەتتى. لەشكەرلەر ئۆيمۇ ئۆي يۈرۈپ تىنتىپ، ساندۇقلا بولسا ئاقتۇرۇپ، قولىغا چىققان كىيىم - كېچەك، رومال - ياغلىق قاتارلىق نەرسىلەرنىڭ بىرىنى قالدۇرماي خۇرجۇنلىرىغا تىقىشتۇراتتى، خۇرجۇندىن ئېشىپ قالغانلىرىنى چانىلارغا سېلىۋاتاتتى. ئۇلار يەنە ئورىلاردىن ئارپا - بۇغداي، تېرىقلارنى كولاپ ئېلىپ قازاندا قورۇپ ئېلىۋالاتتى ۋە شۇ يەرنىڭ ئۆزىدىلا ئۇشلاپ ئاغزىغا سېلىپ تاراسلىتىپ چايناشقا باشلايتتى.

باتۇخان ئەتىسى — ئاتلارنى تويغۇزۇۋېلىش ئۈچۈن توخ-

www.uyghurkitap.com

تىغان يەردە ئاران هوشىغا كەلدى. ئۇ يىپپىنىڭ بولۇپ سەك-
رەپ ئورنىدىن تۇردى - دە، «ۋاي جېنىم، بىز نەگە كېلىپ
قالدۇق؟» دېگەندەك ئەتراپىغا هاڭ - تاڭ بولۇپ قاراشقا باش-
لىدى. چانىلارغا باغلاپ قويۇلغان ئاتلار بېشىغا ئىلىقلىق
تورۇسىدىن يەم يەۋاتاتتى. قار ئۈستىدە ھەممىلا يەردە چېچى-
لىپ كەتكەن ئارپا - بۇغداي ۋە قۇچاق - قۇچاق چۆپلەر
كۆزگە چېلىقاتتى. چانىدا ياش بىر ئايال تۈگۈلۈپ ئولتۇراتتى.
ئۇ تېرە توقۇمىنىڭ ئاستىدىكى بىر جۈپ قارا كۆزىنى مۆلدۈر-
لىتىپ، خانغا تىكىلىپ قاراپ تۇراتتى. باتۇخان ئۇنىڭغا ئۇدۇل
قاراشقا پېتىنالماي باشقا ياققا قارىۋالدى.

ئۇلار تۇرغان يەرنىڭ سەل نېرىراقىدىن تارتىپ قېلىن
ئورمانلىق باشلىناتتى. ئورمانلىقنىڭ چۆرىسىدىكى لاۋۇلداپ
يېنىۋاتقان ئوتلار ئەتراپىدا توپ - توپ ئادەملەر يۈرەتتى،
كېلىپ - كېتىپ تۇرۇۋاتقان ئاتلىق لەشكەرلەرمۇ كۆزگە چېلى-
قاتتى. نېرىدا يەنە بىر يېزا جايلاشقان بولۇپ، ئۇنىڭ ئوچۇق
كۆرۈنۈپ تۇرغان چېتىدىكى بىرقانچە ئۆيلەر لاۋۇلداپ كۆيمەك-
تە ئىدى. ئۇ يەردىكى ئادەملەرنىڭ ۋاڭ - چۇڭلىرى بىلەن ئىت-
لارنىڭ هاۋشىغىنى ئېنىق ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

— زادى بىز نەدە تۇرۇۋاتىمىز؟ — دېدى باتۇخان.

بېشىدىكى تېرە تۇمىقىنى قىراۋ قاپلىغان بىر نۆكەر مى-
دىر قىلماي كۆزەتتە تۇراتتى. ئۇ ئاغزىنى ئاران مىدىرلىتىپ:

— هازىر بىز رۇس باخشىلىرىنىڭ سارايلىرى كۆيدۈرۈ-
ۋېتىلگەن شەھەردىن بىر كۈنلۈك يەردە تۇرىمىز، — دەپ جا-
ۋاب بەردى.

— ئاۋۇ نېمە بولغان جاي ئىكەن؟

— ئۇ بەكمۇ جاهىل بىر قورغانىكەن. ئۇ يەردىكى رۇس-
لار قىلچە باش ئەگمەي، قوللىرىغا پالتا ئېلىپ جان تىكىپ

ئۇرۇش قىلىۋاتىدۇ، ئۇلار بوزەك بولىدىغاندەك ئەمەس. بىزنىڭ بىر قىسىم لەشكەرلىرىمىزنى قىرىۋەتتى. بىز ئۇلارنىڭ كەينىگە كىرىۋېلىپ ئىز بېسىپ قوغلىدۇق، لېكىن ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ قۇتۇلۇپ كېتەلمەيدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ تۇرسىمۇ، ئۆچەكەشكەن بۆرىدەك ئاخىرقى نەپىسىگىچە ئېلىشىۋاتىدۇ.

— سۇبىتاي باھادىر قەيەردە؟

— ئەنە ئاۋۇ يەردىكى ئوتنىڭ يېنىدا، مىڭبېشىلارنىڭ ھەممىسى شۇ يەردە ئولتۇرىدۇ.

— ئۇنى بۇ يەرگە چاقىرىپ كەل!

نۆكەر ئىككى قولىنى ئاغزىغا كاناي قىلىپ تۇرۇپ ۋارقىرىدى:

— ئەمىرىڭگە قۇللۇق. تەقسىرلەر، جاھانگىر ئويغاندى!

نۆكەرلەر ئاۋازىنى ئاڭلىغان موڭغۇل سەركەردىلىرى ئورۇنلىرىدىن ئۇچقۇپ تۇرۇشۇپ چانىنىڭ قېشىغا يۈگۈرۈپ كېلىشتى ۋە چانىنى سۆرەپ ئوتنىڭ قېشىغا ئېلىپ كېلىشتى. باتۇخان كۆپچىلىككە تېخىچىلا ئىشەنچ قىلالمايۋاتقاندەك قاپاقلىرىنى تۈرگەن پېتى تۇراتتى. بىر ئازدىن كېيىن، ئۇ چانىسىدىن چۈشۈپ، يېڭىنى تۈرۈپ تىزلىنىپ ئولتۇردى ۋە قاپقارا كىر بولۇپ قىسماق باغلاپ كەتكەن قوللىرىنى يېيىپ ئوت سۇنۇشقا باشلىدى.

ئەمەلدارلار بىلەن سەركەردىلەر ئۇنىڭ سۆز قىلىشىنى كۈتۈپ ھۆرمەت بىلەن سۈكۈتتە تۇرۇۋەردى.

بىر ئازدىن كېيىن، باتۇخان ئورنىدىن تۇردى. بۇنى كۆرگەن كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسى تىترىشىپ تۇرغان يېرىدە قېتىپلا قېلىشتى.

باتۇخان سۆزلەشكە باشلىدى:

— رۇسلارنىڭ ھېلىقى پوپ دەپ ئاتىلىدىغان باخشىلىرى ماڭا نەپسۇن ئوقۇپ سېھىرلىۋەتكەن مىۋە - چېۋىلەردىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ياسالغان كۈچلۈك ئىچىملىكلەرنى بېرىپ ئۇخلىتىۋەتتى. بـ
بۇنىڭلىق بىلەن مەن ئۆلگىنىم يوق. ئاسماندىكى خۇدالار مېنى موڭغۇل قوشۇنىنىڭ شۆھرىتىنى ئاشۇرىدىغان ئۇلۇغ ئىشنى باشقۇرسۇن، دەپ ئاماز - ئىسەن ساقلاپ قالدى. ئىچىلىپ قالغان ئاغزىمدىن چىقىپ كەتكەن جىنىم مېنى ئەۋلىيا - مەر-ھۇم پادىشاھ ئاتامنىڭ قول ئاستىدىكى كۆپكۆك ئاسمانغا ئېلىپ باردى. شۇنداق، مەن ئۇنىڭ جامالىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم!

ئۇنىڭ سۆزى مۇشۇ يەرگە كەلگەندە ئاڭلاۋاتقانلارنىڭ ھەممىسى قوللىرىنى پۇلاڭلىتىپ «خۇدا، مەدەت قىل!» دەپ چۇ-قان سالدى - دە، قايتىدىن تېزلا جىم بولدى.

— مەن ئۇنى كۆردۈم! — دەپ داۋاملاشتۇردى سۆزىنى باتۇخان، — مەرھۇم بۇرۇنقىدىنمۇ ئېگىز، كەۋدىلىك بولۇپ كېتىپتۇ. ئاق ساقىلى ئېخىمۇ ئۇزىراپ تىزىغا چۈشۈپتۇ. ئۇ ماڭا: «بالام، سەن مېنىڭ يولۇمنى ھەقىقەتەنمۇ توغرا داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتىسەن، سەن ئېگىز سامىرسىن دەرىخى تۈۋىگە ئالتۇن ساندۇقتا سېلىپ كۆمۈلگەن جەسەدىم بار بۇرخان - خالدۇن تېغىدىن غەربكە قاراپ توققۇز يۈز توقسەن توققۇز كۈنلۈك يەرگە ئۇزىراپ كەتتىڭ. مەن بۇلارنىڭ ھەممىسىنى كۆرۈپ بىلىپ تۇرۇۋاتىمەن. كەنجە بالام قۇلقانىخاننى سېنىڭ ئامان ساقلاپ قالالىغانلىقىڭنىمۇ بىلىمەن، سەن ئۇنى نېمىشقا قوغداپ قالالمىدىڭ؟» دېدى. مەن ئاتامغا: «ئەيىبدارمەن، گۇناھكارمەن، ئاتا. كاللامنى ئالساڭمۇ ئىختىيار ئۆزۈڭدە!» دېدىم. خاسىيەتلىك ئەرۋاھ بولسا: «سېنىڭ كاللاڭنى ئېلىشقا ئېخى بالدۇر. قۇلقانىخان قازا بولغان ۋاقىتتا سەن ئۇنىڭدىن بەكمۇ يىراقتا ئىدىڭ» دېدى. ئۇ يەنە ماڭا: «مەن ئالدى بىلەن بالامنى ئۆلتۈرگەن ياۋۇزلار-نىڭ جېنىنى ئالىمەن. قۇلقانىخاننىڭ روھ چىۋىنى تېخى مې-نىڭ يېنىمغا ئۇچۇپ كەلگىنى يوق. ئۇنىڭ روھى قېلىن قار

قاپلىغان سېغۇق رۇس دالاسىنى كېزىپ يۈرگەن بېرلۇشى مۇمكىن. ئۇ، ئورمانلارنى چارلاپ، بۆرىدەك ھۇۋلاپ، تۈن - كېچىلەردە ئۇخلاپ ياتقان مەڭغۇللارنى ئارىلاپ يۈرۈپ، ئۆز قاناللىرىنى ئىزدىمەكتە. قۇلقانخان جان ئۈزۈش ۋاقتىدا: غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈپ، شۆھرەت قازانماقچىدىم. بىراق داڭقىمنى چىقىرالماي ئارماندا كەتتىم. ياش تۇرۇپلا پېيىم قىرقىلدى، دەپ زار يىغلىغانىدى. ياش تۇرۇپ ئۆلگەن قۇلقانخاننىڭ ئەمدى ھېچكىم ئىز - دېرىكىنى ئالمايدۇ. مەڭغۇللار دۈشمەنلىرىمىزنىڭ بېرىنى شۈركۈنۈپ، ئۆڭگى ئۆچكىندەك. نەۋرە - چەۋرىلىرىمىز پەخىرلىنىپ تىلغا ئالغۇدەك ئۇلۇغ غەلىبىنى قولغا كەلتۈرمىگىچە مېنىڭ كۆڭلۈم ئىمىن تاپمايدۇ. يۈرىكىم بېسىلمايدۇ» دېدى.

باتۇخان قاپىقىنى تۈرگەن پېتى سۆزىنى توختاتتى. تەلەتىنى تېخىمۇ سۈرۈنلەشتۈرۈپ، قىسىق كۆزلىرىنى ئويىنىتىپ، يېنىدا ئۆلۈكتەك قېتىپ تۇرغان لەشكەر باشلىقلىرىغا بۇرۇلۇپ قارىدى ۋە:

— «خاسىيەتلىك ئەرۋاھ» نىڭ نېمىدېگەنلىكىنى ئاڭلىدىڭلارغۇ دەيمەن؟ — دېدى.

— ئاڭلىدۇق، ئاڭلىدۇق! — دېيىشتى مەڭغۇللار.

— مەن ئۇلۇغ داھىمىزغا: «ئېيتقانلىرىڭىزنى چۈشەندىم، ئەمرىڭىزگە قۇللۇق تەقسىر!»، «مەن زور خاتالىق ئۆتكۈزدۈم، خاتالىقىمنى تۈزىتىمەن» دېدىم. قۇلقاننىڭ جېنى يەر ئۈستىدىن ئورۇن تاپىدۇ. ئۇ قاناتلىق تۇلپارغا مىنىپ ئاسماندىكى ئەرۋاھقا ئايلانغان لەشكەرلىرىڭىزنىڭ قاتارىغا قوشۇلۇش ئۈچۈن سېنىڭ قېشىڭغا بارىدۇ!» دېدىم.

بۇ چاغدا سۇبتاي باھادىر يوغان ئۆتۈكىنى سۆرەپ دەسسەپ جاھانگىرنىڭ يېنىغا بېرىپ تۇردى ۋە بېشىنى ئېگىپ يىغلامسىراپ:

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— توغرا!... توغرا دەيسەن! بىز ئاشۇنداق قىلىمىز، — دېدى.

— قۇلقانىخان قازا تاپقان كۈنى ئۇنىڭ يېنىدا كىم بار ئىدى؟ — دەپ سورىدى باتۇخان بۇيرۇق ئاھاڭىدا.

— بۇرۇنتاي سەركەردە بار ئىدى، — دەپ چۇرقىراشتى كۆپچىلىك.

— بۇرۇنتاي سەركەردە قەيەردە؟ — دەپ سورىدى باتۇخان ۋە ئۇنى ئىزدەپ ئۇيان - بۇيان قارىدى.

شۇ ئارىدا كىشىلەر ئارىسىدىن ئېگىز بويلۇق، بېلى سەل دۈمچەكرەك كەلگەن، يالپاق يۈزلۈك، كۆسا ساقال، سېرىق رەڭلىك بىر موڭغۇل چىقتى - دە، جاھانگىرنىڭ ئالدىغا كېلىپ يەكتىمىز بولۇپ ئولتۇردى ۋە:

— مەن ئەيىبلىك! غەپلەتتە قاپتىمەن، بىر كېلىشمەسلىك بولدى. سەۋەنلىك مەندىن ئۆتتى! — دېدى ئۇ يىغلامسىراپ.

باتۇخان ئۇنىڭ ئالدىغا غەزەپ بىلەن باردى - دە:

— يا سەن گۇناھىڭنى يۇيىسەن، ياكى ئۆلىسەن! مۇشۇ ئىككىسىنىڭ بىرى بولىدۇ. مەن ساڭا بىر ۋەزىپە تاپشۇرىمەن، ئۇنى ئورۇندىمىغىچە كەينىڭگە قايتقۇچى بولما. ئۆز لەشكەر-لىرىڭنى ۋە قول ئاستىڭدىكى بىرلەشمە قىپچاق لەشكەرلىرىڭنى ئېلىپ، ئەنە ئاۋۇ تەرەپكە ئاتلىنىسەن! — دېدى ئۇ قار بىلەن قاپلانغان كەڭ دالاغا قاراپ قولىنى سوزۇپ، — ئاشۇ ياقتىكى پايانسىز ئورمانلىقلارنىڭ نېرىسىدىكى مۇز توڭلىغان دەريانىڭ بويىغا بارىسەن...

— ستت دەرياسىنىڭ بويىغا! — دېدى سۇبىتاي باھادىر بارىدىغان نىشاننى تېخىمۇ ئېنىقلاپ.

— رۇس كىنەزى گېئورگى ستت دەرياسىنىڭ بويىدا قەلئە سالدۇرۇپ، قوشۇن توپلاۋېتىپتۇ. سەن شۇ يەرگە بارىسەن - دە،

ئالدى ـ كەينىگە قارىماي رۇسلارنىڭ ئۈستىگە باستۇرۇپ كىرىسەن، يېڭىش ـ يېڭىلىش توغرىسىدا ئويلاپمۇ ئولتۇرمايسەن. لەشكىرىڭ بىر قەدەممۇ كەينىگە چېكىنمەي دۈشمەننى قىرىۋېتىشى كېرەك. شۇنى بىلىپ قويغىنكى: قولقانىخانىنىڭ ئەرۋاھى سېنىڭ لەشكەرلىرىڭ ئالدىدا دائىم ئۇچۇپ يۈرىدۇ. بۇنى ھەرگىز ئېسىڭدىن چىقارما! بارغانلا يېرىڭدە رۇسلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشىڭ كېرەك. شۇ چاغدىلا قولقانىخان مۇڭغۇل لەشكەرلەرىنىڭ يېڭى غەلىبىلىرى توغرىسىدىكى خۇش خەۋەرنى ئېلىپ، ئاتىسىنىڭ يەنى مېنىڭ ئاتامنىڭ يېنىغا روھلانغان ھالدا بارالايدۇ. مۇبادا سەن دۈشمەندىن يېڭىلىپ، بارارغا يەر، كىرەرگە تۆشۈك تاپالماي تەمتىرەپ قالساڭ، قولقانىخانىنىڭ ئەرۋاھى كېچىلەپ سېنىڭ يېنىڭغا ئۇچۇپ كېلىدۇ ـ دە، كۆزۈڭنى ئويۇپ، قېنىڭنى شورايدۇ...

باتۇخان شۇنداق دېدى ـ دە، سۆزىنى توختاتتى. ئۇنىڭ بۇرۇن چانىقى توختىماي لېپىلدايتتى ۋە بىر نەرسىدىن چۆچىگەندەك پات ـ پات سۇبىتايغا قاراپ قوياتتى. ئاندىن ئۇ ئارقىسىغا بۇرۇلدى ـ دە، ئۆز ـ ئۆزىگە:

— توغرا، توغرا! — دەپ قويدى.

— بۈگۈن كېچىلەپ، — دېدى يەنە باتۇخان، — لەشكەرلىرىڭنى دۈشمەنگە قارشى ھۇجۇمغا تەييارلا! ئۇلار رۇس ئاياللىرى بىلەن ئەيش ـ ئىشرەت قىلىپ خېلى پۇخادىن چىققاندۇ. بەس، يېتەر شىرىنچىلىك! شۇ نەرسە ئېسىڭدە بولسۇنكى، بىز غالىب قوماندان ئىككىمىز لەشكەرلىرىمىزنى ئېلىپ ئارقاڭلاردىن ئىز بېسىپ ماڭىمىز. سەگەك بولۇڭلار، بىز ئارقاڭلاردىن قوغلاپ ئۆتۈپ كەتمەيلى يەنە. ئۇنداقتا دۈشمەن ئۈستىگە ئالدى بىلەن باستۇرۇپ كىرىدىغان سىلەر ئەمەس، بىز بولىمىز...! سىلەر غەلىبىدىن قۇرۇق قالىسىلەر!

www.uyghurkitap.com

— ئەمرىڭگە قۇللۇق، تەقسىرا! — دېدى بۇرۇنتاي ئۆزىنى يەرگە ئاتقان پېتى قارغا باش قويۇپ. ئاندىن ئۇ ئورنىدىن سەكرەپ تۇردى - دە، بېلىدىكى ئەگرى شەمشىرىنىڭ دەستىسىنى تۇتۇپ، لەشكەرلىرى تۇرغان تەرەپكە قاراپ يۈگۈرۈپ كەتتى.

باتۇخان بىر چەتكە چىقىپ سۇبىتاي باھادىر بىلەن پىچىرلىشىپ مەسلىھەت قىلىشماقتا ئىدى، غالىب قوماندان جاھانگىرگە مەسلىھەت بەرمەكتە:

— لەشكەر مىسىق ئايدەك گۈزەل يەتتىنچى خانىش يۇلتۇزنىڭ ئاكىسى بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇنى توققۇز يىلدىن كېيىن ئاران قايتىپ كېلەلەيدىغان يەرگە، ئەڭ ياخشىسى بارسا كەلمەس يەرگە ئەۋەتىۋېتىش كېرەك. ئادەتتە پادىشاھنىڭ يېڭى ئۆيلەنگەن ياش ئايالىنىڭ ئاغا - ئىنىسىگە ئاددىي پۇقرالار بار - يوقىنى ئايىماي تەقدىم قىلىدۇ، ھاللىق كىشىلەر ئۇنىڭغا ھەر خىل قىممەتلىك سوۋغا - سالاملارنى ھەدىيە قىلىدۇ. شۇڭا ئۇ تۈگىمەس بايلىققا ئىگە بولۇپ، يېڭى دوستلىرى بىلەن بىللە ئىچكىلىككە بېرىلىپ، ئاز ئۆتمەيلا تۆشۈك ساپالدەك ھېچنېمىگە ئەرزىمەس بىر نېمىگە ئايلىنىپ قالىدۇ. شۇڭا ئۇنىڭغا ئۆزىگە لايىق بىرەر ۋەزىپە تاپشۇر. ئۇ ۋەزىپە ھەم شەرەپلىك، ھەم مۇشەققەتلىك ۋەزىپە بولسۇن... ئۇنىڭغا قول ئاستىدىكى يۈز لەشكىرىنى ئېلىپ ست. دەرياسىنىڭ بويىغا بېرىپ، گېئورگىنىڭ لەشكىرى بار جاينى چارلاپ كېلىش ۋەزىپىسىنى تاپشۇر. ئۇنى ئەۋەتكەنلىكىڭنى سەركەردە بۇرۇنتاي بىلمەسلىكى كېرەك. شۇ چاغدىلا بىز بۇرۇنتاي سەركەردىنىڭ نېمە قىلىپ، كىنەزنىڭ نېمە قويۇپ يۈرگەنلىكىنى بىلىپ تۇرىمىز، ئۇنىڭ سېنىڭ بۇيرۇقۇڭنى قانداق ئورۇنداۋاتقانلىقىنى تەكشۈرۈپ تۇرالايمىز.

— باتۇخان كۆپنى كۆرگەن قېرى قوماندانىنىڭ بۇ سۆزلە-

رىنىڭ قانداق يوشۇرۇن مەنىسى بارلىقىنى، نىمە مەقسەت بىلەن سۆزلىنىۋاتقانلىقىنى بىلمەكچى بولغاندەك سۇبىتايغا تىكىلىپ قارىدى ۋە قاپىقىنى سىلىپ ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ قويدى.

— سەن مىنىڭ سادىق خىزمەتچىم ھەمدە ئۇستازىمسەن، سەن ھېچقاچان ماڭا زىيانلىق مەسلىھەت بەرمىگەنسەن. سەن ئېيتقان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى دىگۈدەك قىلاي. مىسىق بىلەن بىللە يېزىبىشى تۈلەپبەرگەنىمۇ قوشۇپ ئەۋەتەي. ھېلىقى ۋاقىتىدا تۇتقۇن قىلىنغان بىر رۇس بالىسى ئۇنىڭ يۈگۈرۈك ئېتىغا مىنىپ قېچىپ كەتكەنىدى. شۇندىن بۇيان ئۇرۇسلارغا قارشى چىشىنى بىلەپ پۇرسەت كۈتۈپ يۈرىدۇ. ئۇ ئاجايىپ باتۇر يىگىت. دۈشمەننى قوتۇرغان ئارسلاندەك بوغۇپ تاشلايدۇ! — دىدى باتۇخان.

— توغرا! — دىدى سۇبىتاي، — ئالدىراش كېرەك! كىنەز گېئورگى دۇنيادىن بىغەم ياتقاندا بىز كەپتەرگە ئېتىلغان لاچىندەك ئېتىلىپ بېرىپ ئۇنى بېسىۋېلىشىمىز كېرەك.

## سەككىزىنچى باب

## باتۇخاننىڭ يولى

... رۇس خەلقى ئۇزۇن زامانلاردىن بۇيان ئىدىلنىڭ يۇقىرى تەرىپىدىكى پايانسىز ئورمانلىقلارنى، سازلىق، پاتقاقلىق يەرلەرنى ماكان تۇتۇپ كەلگەن. باتۇخان ئېلىپ بارغان دەھشەتلىك قىرغىنچىلىق ۋە ئۇ سالغان مىسلى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

كۆرۈلمىگەن ۋەيرانچىلىق توغرىسىدىكى رىۋايەتلەر تا مۇشۇ كۈنگىچە ئۇ يەرلەردىكى خەلق ئېغىزىدا ئېيتىلىپ كەلمەكتە ھەتتا لازىم تېپىلسا ئۇلار «باتۇنىڭ يولى» نى، ئۇنىڭ قەيەرلەرنى بېسىپ ئۆتكەنلىكىنى كۆرسىتىپمۇ قويىدۇ... ئۇ يەرلەر ھېلىمۇ ئۆزىنىڭ ئاتام زامانىدىكى قەدىمىي خارابىلىق قىياپىتىنى ساقلاپ قالغان.

(پ. ئى. مېلنىكوۋ — پېچېرىسكىنىڭ «ئورمانلاردا» دېگەن كىتابىدىن)

تاتارلار سۇزدالدىكى ۋىلادىمىر شەھىرىنى كۆكۈم-تالقان قىلىۋەتكەندىن كېيىن، ئۈچ چوڭ قىسىمغا بۆلۈنۈپ غەربىي جەنۇبقا قاراپ يۈرۈش قىلدى. يۇرۇنتاي سەركەردە باشلىغان قىسىم سۇزدال يورىيېۋ، پېرياسلاۋىل، ئىسكىنياتىن ۋە كاشىن ① تەرەپلەرنى كۆزلەپ ماڭدى. ئۇلار يەنە بېژېتسىك بىلەن كراسنى خولىم تەرەپكە قاراپ يول ئېلىشى لازىم ئىدى.

باتۇخان قىسىملىرى ئۇگلىچ شەھىرىگە يېتىپ بارغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ نېرىسىدىكى كوروژېچنايا دېگەن دەريانى بويلاپ مېڭىپ قېلىن ئورمانلىقتا جايلاشقان كويى دېگەن بىر جايغا كېلىپ توختىدى. ئۈچىنچى قىسىم بولسا، مىشكىن شەھىرىگە بارغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ نېرىسىدىكى ئورمانلىقتىكى چىغىر يوللار ئارقىلىق مولوگا دەرياسىنىڭ يۇقىرى تەرىپىگە قاراپ ماڭدى. تاتارلار يول بويى قولغا چۈشكەن دېھقانلاردىن ۋىلادىمىر كىنەزى گېئورگىنىڭ لەشكەرلىرى قەيەردە تۇرۇۋاتقانلىقىنى

① ھازىرقى كالىيازىن شەھىرى، ئۇ چاغلاردا يوق ئىدى. ئۇ پەقەت XV ئەسىردە بىنا بولغان.

بىلىۋېلىش ئۈچۈن ئۇلارنى كۆرگەنلا يەردە ئازابلاپ قىيىن - قىستاققا ئالاتتى.

باتۇخان بىرنەچچە كىچىك كۆلەمدە تاتار قىسىملىرىنى ۋىلادىمىر كىنەزلىكىنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلىشقا ئەۋەتتى. ئۇلار يولدا ئۇچرىغانلىكى شەھەرلەر بىلەن مەھەللىلەرنى ئالا قويماي كۆيدۈرۈپ ماڭدى.

باتۇخان مارت ئېيىنىڭ باشلىرىدا ئورمانلىقتىكى كويى شەھىرىدە تۇراتتى. ئۇ يەردىن ئۇ كۆكلەم مەزگىلىدە سال ئارقىلىق توشۇۋېلىش ئۈچۈن تەييارلاپ قويۇلغان دۆۋە - دۆۋە ئوت - چۆپ تېپىۋالدى. سەركەردە بۇرۇنتاي بېژېتسىك شەھرىگە ئورۇنلاشقانىدى. ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسى ئۇلۇغ كىنەز گېئورگىنىڭ لەشكەرلىرى مۇشۇ ئەتراپتىكى قېلىن ئورمانلىققا قولايلىق بىر ئورۇنغا يوشۇرۇنۇۋالغانلىقىنى ئاللىقاچان بىلىۋالغانىدى.

مىڭبېشىلارنىڭ كېڭىشىدە باتۇخان مۇنداق دېدى:

— رۇسلارنىڭ ئاساسىي كۈچىنى مۇشۇ بىر قېتىملىق ئۇرۇشتىلا يوق قىلىشىم كېرەك. ئۇنداق بولمىسا، قېلىن قار قاپلىغان كەڭ ئورمانلىق ۋە باش - ئۇچى يوق سازلىق - پاتقاقلىقلاردا يۈرۈپ مەسخىرىلىك ھالدا ئۆزىمىز تۈگىشىپ كېتىمىز. نام - ئەمەلىمىز بىراقلا يوق بولىدۇ. سىلەر جان تىكىپ ئۇرۇش قىلىشىڭلار كېرەك. رۇسلارنىڭ ئاساسىي قىسىملىرىنى يوقاتقاندىن كېيىن، پۈتۈن رۇسىيىگە ئۆزۈم خوجا بولىمەن. چۈنكى ئۇ ۋاقىتتا خەۋپلىك دۈشمەنمۇ قالمايدۇ، كۆرەك ساقاللىق سېرىق ئېيىقلار ئېلى ماڭا سۆزسىز بويسۇنىدۇ، ئۇ چاغدا ئۇلار مېنىڭ دېگىنىمنى قىلىدىغان، بار دېگەن يېرىمگە بارىدىغان، تۇر دېگەن يېرىمدە تۇرىدىغان بولىدۇ. مەن ئەمدى ئۇلارنى زۇۋان چىقىرالماس قىلىۋېتىمەن... مېنىڭ

www.uyghurkitap.com

ئەلى «ئۇلۇغ بوۋام» مانا ئاشۇنداق قىلغىن، دەپ ۋەسىيەت قالدۇرۇپ كەتكەن. ئۇنىڭ ئۆزىمۇ دائىم شۇنداق قىلاتتى. ئەتىكى كۈن يا پۈتۈن موڭغۇل قوشۇنىنىڭ دالىقى پۈتۈن ئالەمنى زىلزىلىگە كەلتۈرىدىغان، يا تىلغا ئالغۇسىز رەسۋاچىلىقتا قالىدىغان كۈن بولىدۇ.

— ھەرگىز رەسۋا بولماسمىز! — دەپ چۇرقىراشتى مەڭبېشىلار.

كىنەز گېئورگىنى يەڭگەندىن كېيىن، ئەمدى پولدى دەپ قاراپ تۇرمايمىز. ئېتىمىزنىڭ بېشىنى رۇسلارنىڭ ئەڭ باي شەھىرى نوۋگورودقا بارىدىغان چوڭ يولغا قاراپ بۇرايمىز. قارلار ئېرىپ، دەريالار تېشىپ كەلگۈچە ئۇ يەرگە يېتىۋېلىش ئۈچۈن يۈرىشىمىزنى تېخىمۇ تېزلىتىشىمىز كېرەك...— دېدى باتۇخان تېخىمۇ قەتئىيرەك قىلىپ.

— ئاندىن كېيىن نېمە قىلىمىز؟ — دەپ سورىدى مىڭبېشىلاردىن بىرى.

— ئاندىن كېيىن، راسا يەپ - ئىچىپ تويۇۋېلىپ، ھاردۇق چىقىرىۋەدەك دەم ئېلىۋېلىپ، ھېلىقى مەشكاپ شەھىرىدە تۇتۇۋالغان ئېگىز گەۋدىلىك تەكەببۇر سودىگەرلەرنىڭ يۇرتىغا قاراپ ماڭىمىز. ئۇ ياقتىكى شەھەرلەر نوۋگورودتىنمۇ بايراق. ھە، راست، ھاجى رەھىم، ئېيتقىنا، ئۇ شەھەرلەرنىڭ ئىسمى نېمە ئىدى.

— ليۇبېك، گامبورگ، بىرېيوگې، — دېدى دەرۋىش ئاستا پەس ئاۋازدا.

— ھە، ھە شۇنداق! مەن ئاشۇ شەھەرلەرنىڭ ھەممىسىنى قولغا كىرگۈزمەكچىمەن. بىراق ئالدى بىلەن بىز رۇس كىنەزى گېئورگىنى يوق قىلىشىمىز كېرەك.

# توققۇزىنچى باب

## پايانسىز ئورماندا

ئورمان ئىچى قاراڭغۇ،
سازلىق ئىچى پاتقاقلىق،
ئەمدى نەگە بارامىز.
(كونا خەلق قوشاقلىرىدىن)

يۈزبېشى تۆلەپبەرگەن بىلەن مىسىق تايشا① ئىككىسىنىڭ مەسلىھەتى خېلى ئۇزۇن داۋام قىلدى.

جاھانگىر ئۆزىنىڭ كىچىك خوتۇنى يۇلتۇز خانىمنىڭ ئاكىسى مىسىقنى ئويلىمىغان يەردە ئەتىۋارلاپ (ياقتۇرۇپ قىلىپ) ئۇنىڭغا «تايشا» دېگەن ئالىي دەرىجىلىك مەنسەپ بەرگەنىدى. شۇڭا بۇ ئىككىسى ھەممىنى بېسىپ كىرىپ چۈشكىدەك بىرەر قەھرىمانلىق كۆرسىتىپ، كۆپچىلىكنى ھەتتا دۇنياغا داڭ چىقارغان سۇبىتاي باھادىرنىمۇ تاڭ قالدۇرماقچى بولدى.

ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ بەختى ـ تەلىيىنى سىناپ كۆرۈش ئۈچۈن ئاساسىي كۈچلەردىن بۇرۇن يولغا چىقىپ، ئۆمەر بويى زادىلا كۆرۈپ باقمىغان، تىلسىملىق سوكوناتقا چۆمگەن، نامەلۇم قېلىن رۇس ئورمانلىقىغا تەۋەككۇل قىلىپ بېسىپ كىردى. قوشۇننى تۆلەپبەرگەن باشقۇراتتى، ئۇ نى ـ نى يۈرۈش ـ سەپەرلەردە بولغان، تالاي جەڭلەرگە، ھۇجۇملارغا قاتناشقان تەجرىبىلىك لەشكەر ئىدى. مىسىق تايشا ئۇنىڭ دېگىنىنى

① تايشا ـ موڭغۇلچە تۆرە دېگەن سۆز.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قىلىپ، يېتىلگىنىگە كۆنۈپ، ئۆزىدىن چوڭ بولغان بۇ يېڭى سەپدىشىنىڭ بۇيرۇقىنى سۆزسىز ئىجرا قىلىدىغان بولدى.

— ناھايىتى ياخشى، ھەربىي ئىشلاردا سەن ماڭا دائىم ئۆگەتكۈچى ۋە مەسلىھەت بەرگۈچى بول! — دېگەنىدى مىستىق تۆلەپبەرگەنگە.

ئۇلار نۇرغۇن يەرلەرنى ئارىلاپ - كېزىپ، تېخى بويسۇندۇرۇلمىغان رۇس ۋىلايەتلىرىنىڭ بۆلۈك - پۇچقاقلىرىنى تۈگەل ئاقتۇرۇپ كىنەز كېئورگىنىڭ ئاساسىي قوشۇنى يوشۇرۇنۇۋالغان يەرنى ئىزدەپ تېپىشى كېرەك ئىدى. چۈنكى كويى شەھرىدە ياتقان باتۇخانمۇ بېتىرىپسكىدىكى بۇرۇنتايمۇ تۆلەپبەرگەننىڭ خەۋىرىگە قاراپ ئولتۇراتتى.

ئەتراپتىكى ئورمان بەكمۇ قېلىن بولۇپ، باش تىققۇدەك ئورۇن يوق ئىدى. يۈز يىللىق قارىغايلار ئارىسىدىكى يوللار ئوپئوخشاش بولۇپ، زادىلا پەرقلەندۈرگىلى بولمايتتى. ئۇۋ ئۇۋلاپ يۈرۈپ تاسادىپى قولغا چۈشۈپ قالغان بىرەن - سىرەن ئوۋچىلارنىڭ سۆزلىرىنى بولسا زادىلا چۈشەنگىلى بولمايتتى، ئۇلار ئاران تىللىرىنى چايناپ «ساڭا نىمە كېرەك؟» دېگەندىن باشقىنى بىلمەيتتى. بىر نېمىلەرنى سورىساڭ، ئۇلار:

— بىزنىڭ ئۆيىمىز چوڭ يولدىن بەكمۇ چەتتە. شۇڭا بىز ھېچنەرسىنى كۆرمەيمىز ھەم ھېچنەرسىنى بىلمەيمىز! — دەپ ئىششىپ قاراپ تۇراتتى. تاتارلار بۇنداق كىشىلەرنى قارشىلىق كۆرسەتتى، دەپ قاتتىق جازالايتتى. ئۇچىسىدىكى كىيىملىرىنى سالدۇرۇۋېلىپ، قىپيالىڭاچ ھالدا قويۇپ بېرەتتى. ئۇلار پۇتلىرىغا بىر نېمىلەرنى كىيىۋالغاندىن باشقا ھېچنېمىسى يوق، يالىڭاچ ھالدا قېچىپ نېرىراق باراتتى - دە، كەينىگە بۇرۇلۇپ پۇتلىرىنى كېرىپ، قوللىرىنى قوزۇقتەك قىلىپ كۆرسىتىپ تاتارلارنى زاڭلىق قىلىپ تېرىكتۈرۈپ جىننىنى ئالاتتى.

ئاتلىق ئائار يىگىتى بۇ مەسخىرە ـ ئەلەمگە چىدىماي ئۇلارنى قىلىچ بىلەن چېپىپ ئۇجۇقتۇرۇۋەتمەكچى بولۇپ، ئات چاپتۇرۇپ مېڭىشىغا ئاياغ ئاستىدىكى مۇز چۇشۇپ كېتىپ ئۇلار ئىككىسى ئات ـ پاتلىرى بىلەن مۇز تېگىدىكى پاتقاققا پېتىپ چۆكۈپ كەتتى. قىپيالىڭاچ ھېلىقى ئۇۋۇچىلار توشقانلاردەك سەكرىشىپ قېلىن ئورمان ئىچىگە كىرىپ غايىب بولدى.

تۆلەپبەرگەن بىلەن مىسىق رۇسلارنىڭ قېلىن ئورمانلىرىدا خەۋپ ـ خەتەرنىڭ بارغانسېرى كۆپىيىۋاتقانلىقىنى ياخشى بىلەتتى. شۇڭا ئۇلار ھەربىر قەدەمنى ئويلاپ، ئاۋايلاپ بېسىپ ئىنتايىن سەزگۈرلۈك بىلەن ئالغا ئىلگىرىلىمەكتە ئىدى. ئۇلار ئىككىگە بۆلۈندى. تۆلەپبەرگەن ئۆز قوشۇنى بىلەن ئىككى يولنىڭ كېسىشكەن جايىدا قېپقالدى، مىسىق بولسا، ئۇندەك ئاتلىق لەشكەر ئېلىپ چارلاشقا ماڭدى.

بوران بارغانسېرى كۈچەيمەكتە ئىدى. توختىماي ئۇچۇۋاتقان قار يوللارنى كۆممەكتە. ئالدى تەرەپتىن ئىتنىڭ ھاۋشىغىنىنى ئاڭلىغان مىسىق ئېتىنى ھەمراھلىرىغا تۇتقۇزۇپ قويۇپ، پىيادە ئاۋايلاپ دەسسەپ ئالغا قاراپ مېڭىپ كەتتى. ئۇ بىرئاز ماڭغاندىن كېيىن ئەتراپىغا زەڭ سېلىپ قارىۋىدى، نېرىراق بىر يەردىكى قارىيىپ كۆرۈنگەن باغچىنىڭ ئىچىدە بىرمۇنچە ئاتلارنىڭ باغلاقلىق تۇرغانلىقىنى كۆردى. بۇ رۇس قوشۇنلىرى مۆكۈنۈۋالغان جاي ئىدى. مىسىق ئاستا ئارقىسىغا قايتىپ بېرىپ، ئېتىغا سەكرەپ مىندى ـ دە، تۆلەپبەرگەننىڭ قېشىغا چاپتۇرۇپ كەتتى.

تۆلەپبەرگەن بۇرۇنتايغا دەرھال خەۋەرچى ئەۋەتىپ، ئۆزى ئەتراپىدىكى لەشكەرلىرى بىللەن قېلىن ئورمان ئىچىدە يوشۇرۇنۇپ قوماندانىنىڭ بۇيرۇقىنى كۈتۈپ ياتتى. كەچكە يېقىن بۇرۇنتايدىن جاۋاب كەلدى. بۇرۇنتاي ئۇنىڭغا

www.uyghurkitap.com

بىرئاز كۈتۈپ تۇرسۇن، رۇسلارنى بىھۇدە ئۈركىتىپ قويمىسۇن، دەپ بۇيرىغانىدى.

كۆپ كېچىكمەي ئۇ يەرگە بۇرۇنتاينىڭ ئالدىنقى يېزىلۈكلىرى يېتىپ كېلىشكە باشلىدى. ئۇلار رۇسلار ياتقان مەھەللىنىڭ ئەتراپىنى قورشىۋالدى - دە، قورغاننىڭ ئىچىگە بېسىپ كىردى ۋە ئاتلارنى تۇتۇۋېلىپ، دۇنيادىن بىغەم ئۇخلاۋاتقان رۇس كۆزەتچىلىرى بىلەن گەمىلەردىن يۈگۈرۈشۈپ چىققان كىشىلەرنىڭ ھەممىسىنى قىرىپ تاشلىدى. ئۇلاردىن ئەسىرگە چۈشكەن ئىككى لەشكەر قالغانىدى. بۇ ئىككى لەشكەر چاچلىرىنى يۇلۇپ، ئۆزلىرىنى كاچاتلاپ بىر نېمىلەرنى دەپ ۋارقىرايتتى، لېكىن سورالغان سوئاللارغا زادىلا جاۋاب بەرمەي قارشىلىشىپ تۇرۇۋالدى. ئۇلارنىڭ ئاغزىدىن چىققىنى پەقەت: «بۇلار دوروۋا دېگەن لەشكەر باشلىقىنىڭ كۆزەتكە قويغان لەشكەرلىرى ئىدى.» دېگەن سۆزلا بولدى. تاتارلار ئۆلگەنلەرنىڭ قايسىسى ئاشۇ دوروۋا ئىكەنلىكىنى زادىلا بىلەلمىدى. چۈنكى ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ كىيىملىرى ئوپئوخشاش بولۇپ، ئۇچىسىغا كالتە كۆرپە جوۋا، پۇتلىرىغا پىيما كىيىۋالغانىدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى كۈچلۈك دۈشمەن بىلەن ئېلىشىپ قازا بولغان يەنى بۇ قېتىمقى ئېلىشىش ئۇلارنىڭ بىرىگە يىگىرمە دۈشمەن يوپۇرۇلۇپ كەلگەنىدى.

بۇرۇنتاي بۇ يەرگە يېتىپ كەلگەندە رۇسلارنىڭ ھەممىسى قىرىپ تاشلانغانىدى. ئۇ يېتىپ كېلىشى بىلەن كويى دېگەن جايدىكى باتۇخانغا خەۋەرچى ئەۋەتتى. ئۇ بۇ قېتىمقى خەۋىرىدە يوللارنىڭ چىگدىلىپ تېيىلغاق بولۇپ كەتكىنىگە قارىغاندا كىنەز گېئورگىنىڭ يوشۇرۇنغان ئورنى مۇشۇ بېسىۋېلىنغان جايدىن ئانچە يىراق بولمىسا كېرەك، شۇڭا مەن تاڭ ئاتقىچە كۈتۈپ تۇرۇپ، تاڭ بىلەن تەڭ ئالغا قاراپ ئاتلىنىمەن دېگەنىدى.

كېچىدە مىسىق يېنىغا ئۈچ ئاتلىق يىگىتنى ئېلىپ يەنە

چارلاشقا چىقتى. ئۇ كۆپ كېچىكمەي مۇز توڭلاپ كەتكەن دەريانىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بىر ئارالغا يېتىپ كەلدى. دەريانىڭ نېرىقى تەرىپىدە كىچىككىنە بىر مەھەللە كۆرۈندى. مەھەللىنىڭ ئوتتۇرىسىدا كونا چېركاۋ چوقچىيىپ تۇراتتى. مەھەللىدە ئاتلىق لەشكەرلەرنىڭ ۋە پىيادە ئادەملەرنىڭ ئۇيان - بۇيان ماڭغانلىرى كۆرۈنەتتى. بىرمۇنچە يېڭى ئۆيلەر ۋە لاپاس، قوراللارمۇ بار ئىدى.

مىسىق كىنەز كېنورگىنىڭ يوشۇرنۇۋالغان ئورنى چوقۇم مۇشۇ يەردە دەپ ئويلىدى. شۇڭا ئۇ چاتقاللىقلارنىڭ ئارىسىغا يوشۇرۇنۇپ كۈتۈپ ئولتۇردى. قاش قارىيىپ، قاراڭغۇلۇق قاپلىدى، ئەتراپىنى قويۇق تۇمان باستى، بوران پەسىيىپ قالدى. كۈمۈشتەك تولۇن ئاي چاتقاللارنىڭ ئۈستىدە ئېسىلىپ تۇرغاندەك كۆرۈنەتتى. مىسىقتا تۇيۇقسىز مەھەللىنىڭ قاق ئوتتۇرىسىنى يېرىپ ئۆتسەم قانداق بولار، دېگەن دادىل بىر پىكىر پەيدا بولدى. ھەممە ئادەم ئۇخلاپ قالغاندەك مەھەللە جىمجىت ئىدى. پەقەت ئۇيەر - بۇيەردە ئىتلار ھۇۋلايتتى، دەريانىڭ نېرىقى تەرىپىدە بىرقانچە يەرگە يېقىلغان گۈلخان بىردەم پىلىلداپ تۇرۇپ، ئاستا - ئاستا ئۆچۈشكە باشلىدى.

مىسىق ئاستا مېڭىپ كەلمەكتە ئىدى. ئۇ ئىستىھكاملارنىڭ قانداق ئىكەنلىكىنى قەيەردىن ھۇجۇمغا ئۆتسە قولايلىق بولىدىغانلىقىنى بىلىۋېلىش ئۈچۈن قاراڭغۇدا ئەتراپقا دىققەت بىلەن سەپسالاتتى. بىر چاغدا تۇيۇقسىز بىرىنىڭ ئاۋازى ئاڭلانغاندەك بولدى. مىسىق بۇرۇلۇپ قاراپ، ئېگىز بويلۇق بىرىنىڭ ئۇنىڭغا قاراپ يۈگۈرۈپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردى - دە، ئۆز قىشۇنى بار يەرگە قاراپ تىكىۋەتتى. ئارقامدىن قوغلاپ كېلىۋاتقان بولمىسۇن يەنە، دېگەن ئەندىشىدە ئارقىسىغا قارىماي چاپتى.

www.uyghurkitap.com

بىراق ئورمان ئىچى جىمجىت بولۇپ، ھېچقانداق شەپە ئاڭلانمايتتى.

بۇرۇنتاي ئۆزىنىڭ قىسىملىرىنى مىستىق كۆردۇم دېگەن مەھەللىگە يېقىنراق سىلجىتتى. لەشكەرلەر تۈن بويى ئاتلىرىنىڭ يېنىدا قار ئۈستىدە ئولتۇرۇپ چىقتى. يېرىم كېچە بولغاندا شامال چىقىپ قار يېغىشقا باشلىدى. بوران ئىتلاردەك ھۇۋلايتتى، دەرەخ شاخلىرى لىڭشىپ شالدىرلايتتى. تاڭ ئېتىشى بىلەن «ئاتلارغا بىر ئوشتىن يەم بېرىڭلار، قورال - ياراقلىرىڭلارنى قايتا تەكشۈرۈپ چىقىڭلار، بۇ يەردە بىز يېڭى تۇغۇلغان بوۋاق بالاغەتكە يەتكىچە ھەتتا ئۇنىڭغا ساقال - بۇرۇت چىققىچە ئۇرۇش قىلىشقا توغرا كەلسىمۇ، زادىلا چېكىنمەي ئۇرۇش قىلىۋېرىمىز» دېگەن بۇيرۇق بېرىلدى.

## ئونىنچى باب

## ئاق پەردىلەر، مەدەت قىلىڭلار!

ئۈچ كېچە - كۈندۈز توختىماي قار ياغدى. قاتتىق بوران قارىغايلارنىڭ ئۈستىدىن ھۇۋۇلداپ ئۆتۈپ، قارلارنى پۇرقىرىتىپ ئۇچۇرۇپ كېلىپ دۆمچەك - دۆمچەك قار دۆۋىلىرىنى پەيدا قىلاتتى - دە، بىردەملا ئۇنىڭدىن يالتايغاندەك بۇ قاردۆمچەكلىرىنى پاك - پاكىز ئۇچۇرۇپ كېتەتتى ۋە ئىككىنچى بىر يەردە يەنە شۇنداق قار دۆۋىلىرىنى پەيدا قىلاتتى.

لەشكەرلەر گەزەرمىسىدىكى بىر - بىرى بىلەن گىرەلىشىپ كەتكەن ئېگىز - ئېگىز ياغاچ ئۆيلەر بىلەن گەمىلەر توتاش

ئاق تونغا پۈركەنگەن، بارغانسېرى كۈچىيىۋاتقان دەھشەتلىك بوراندىن قېچىپ جېنى بارلىكى نەرسىنىڭ ھەممىسى مۆكۈپ-يوشۇرۇنۇۋالغانىدى.

پەقەت دۆڭ تۆپىسىدە يالغۇز بىر ئادەم چاقماق چۈشۈپ باش تەرىپى ئۈزۈلۈپ كەتكەن قىيىن دەرىخىنىڭ كۆتىكىدە يەككە-يېگانە ھالدا چوقچىيىپ ئۆرە تۇراتتى. قولىدىكى ئۇزۇن نەيزىسىگە تايىنىپ، ئىسسىق جۇۋىغا ئورىنىۋالغان بۇ ئادەم مامۇقتەك ئاق قارلار ئۇيان-بۇيان ئۇچۇپ يۈرگەن دالاغا قاراپ نېمىلەرنىدۇ سۆزلىمەكتە ئىدى. ئۇنىڭ ئاۋازىغا بوران جۆر بولۇپ بەزىدە ھۇۋۇلىغاندەك، بەزىدە شىۋىرلاپ سۆزلىگەندەك ئاڭلىناتتى.

«دەرۋازىدىن چىقسامەندە، كەڭ دالاغا قاراپ ماڭسامەن. ياپيېشىل ئوتلاقلار، سەھرالاردىن ئۆتسەمەن، جىمجىت قېلىن ئورمانلىق بىلەن مېڭىپ، زۇمرەتتەك سۈزۈك بۇلاق تۆۋىگە بارىمەن. ئاندىن ئۇنىڭ نېرىسىدىكى مىڭ يىللىق كونا دۇپ دەرىخىنىڭ تۈۋىدىكى ئوتتەك يېنىپ تۇرغان ئالاتېر دېگەن تاشنىڭ يېنىغا بارىمەن... بۇ تاشنىڭ ئاستىدا بىر-بىرىگە باغلاپ چېتىپ قويۇلمىغان بولسىمۇ، لېكىن بىر-بىرىگە جۈپلىشىپ قالغان يەتتە بوۋاي بار. ھېلىقى ئالاتېر تېشىنى قومۇرۇپ ئالىمەن-دە، بوۋايلارنى ۋارقىراپ يۈرۈپ يەر ئۈستىگە چىقىرىمەن ۋە ئۇلارنىڭ ئالدىدا باش كىيىمىمنى ئېلىپ، باش ئېگىپ سالام بېرىمەن. ئاندىن كېيىن: مېيىسپىتلەر، يەر ئاستىدىكى ساندۇقلىرىڭلارنى ئېچىڭلار ھەم ساندۇقلاردىكى ئاق پەرىلەرنى قويۇۋېتىڭلار!» دەيمەن... ئاق پەرىلەر ئاسمانغا ئۇچۇپ چىقىپ، بوران-چاپقۇنلارنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ، ياۋۇز تاتار لەشكەرلىرىنى قار بىلەن كۆمۈۋېتىدۇ، ئۇلارنى مىسلىسىز دەھشەتلىك قاتتىق سوغۇقلاردا توڭلى-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

تىپ ئۆلتىرىدۇ! ھەي نائەھلى ياۋۇز تاتارلار، سوغۇق تەلەت تاتارلار! سەنلەر بىز تەرەپكە نېمە دەپ كېلىشتىڭ. ھېلىگەر تاتارلار، سەنلەر مېنىڭ قولۇمغا شۇنداق چۈشتىڭلاركى، ئەمدى ھەرگىز قېچىپ قۇتۇلۇپ كېتەلمەيسەن! سەنلەرنى تۈپ يىلتىزىڭ بىلەن قومۇرۇپ ئالىمەن - دە، تاغۇ تاشلاردىن ئارتىلدۇرۇپ تاشلايمەن!... ئۇ چاغدا سەنلەر قورايدەك قۇرۇپ، كۆلدەك تۈزۈپ يوق بولۇشىسەن! شۇ چاغدىلا سەنلەر ئۆز خاتالىقلىرىڭنى چۈشىنىسەن! بىراق ئەمدى ئۇنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۇڭايغا چۈشمەس. مېنىڭ گېپىم - گەپ، ئېيتقان سۆزۈمدىن ھەرگىز يانمايمەن. ئەمدى قايتا مېنى ماقۇلغا كەلتۈرەلمەيسەن. مېنىڭ سۆزۈم تاشتىن قاتتىق، ئوقتىن ئۆتكۈر، شۇنداق قىلىپ مېنىڭ سېھىرلىرىمنىڭ كۈچىنى بوران - چاپقۇن بىلەنمۇ، سۇ بىلەنمۇ ئاجىزلاشتۇرۇشالمايسەن، ئۇنىڭغا ھېچكىمنىڭ كۈچى يەتمەيدۇ. بىزنىڭ قوشۇنىمىز خىل، مېنىڭ يۈرىكىممۇ پۇتۇن... مېنىڭ قاغاشلىرىم سادىقىنىڭ ئوقىدەك تېز، تاشنى كېسىدىغان شەمشەردەك ئۆتكۈر، دېگەنلىرى بىردەمدىلا ۋۇجۇدقا چىقىدۇ. دۈشمەن يوق بولىدۇ، مېنىڭ سېھىرلىرىمگە ھېچكىم تەڭ كېلەلمەيدۇ!» دەيتتى ھېلىقى ئادەم.

خۇددى مۇشۇ سېھىرگەرنىڭ سېھىرگە بويسۇنغاندەك بوران تېخىمۇ كۈچىيىپ، تېخىمۇ ئەدەپ، يەر - جاھاننى ئاستىن - ئۈستۈن قىلماقتا ئىدى. سۆزى بولۇۋاتقان بۇ ئادەمنى ئۇرۇپ ئۆرۈۋەتمەكچى بولغاندەك غەزەپ بىلەن تۇرۇلۇپ كېلىپ ئۇنىڭغا ئۇرۇلماقتا ئىدى.

شۇ ئارىدا بىرىنىڭ:

— ھاي! ئادەم بارمۇ! ئۆلەي دەپ قالدۇقۇ! — دەپ ۋارقىرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى.

— بۇ ياققا كەل! يول بۇياقتا! — دەپ جاۋاب

قايتۇردى سېھرگەر ئۇنىڭغا.

ئالدىدىكى ئادەمنى پەرق قىلغۇسىز قاپقاراڭغۇ ئورمان ئىچىدىن ئاۋۋال بىر ئادەم، ئاندىن يەنە بىرى، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۈچىنچىسى چىقىپ كەلدى.

— ئامان - ئېسەن تۇردۇڭلارمۇ؟ زادى بىز قەيەرگە كېلىپ قالدۇق، بۇ نە ئۆزى؟

— نەق ئىزدىگەن يېرىڭلارنىڭ ئۆزىدە تۇرۇۋاتىسەن! تاتارلارغا قارشى ئاتلانغانمىدىڭلار؟

— ئەلۋەتتە، تاتارلارغا قارشى! بىز ھەممىمىز يىگىرمە ئادەم ئون ئۈچ ئەر، يەتتىسى ئايال...

— بىز بىر ھەربىي قوشۇن دېگىنىمە، بۇ يەردە نەيزىلىرىمىزنى ئۆچلاپ، قىلىچلىرىمىزنى بىلەپ، تاتارلارغا قارشى ئاتلانماقچى بولۇپ تۇرىمىز.

— بىز كىنەز كېئورگى ۋسېۋالودوۋىچنىڭ لەشكەرلىرى تۇرۇشلۇق جايىنى ئىزدەپ يۈرىمىز.

— بارىكاللا، سىلەردەك باتۇرلارنى تۇغقان ئاناڭلارغا رەھمەت! ئۆزۈڭلارمىغۇ تەلەيلىك كۆرۈنىسلەر! ئىزدىگەن يېرىڭلارنىڭ دەل ئۈستىدىن چۈشتىڭلار! ئەمدى قاتار تىزىلىپ ماڭا ئەگىشىپ مېڭىڭلار، بولمىسا سىلەرنى قارىغۇ ياپىلاق ئوتتۇۋالىدۇ، پەرىلەر ئۇرۇپ كېتىدۇ، جادۇگەر موماي سېھىرلەپ قويىدۇ، ئۇ چاغدا كۆن بويى ئىككى قارىغاينىڭ ئارىسىدا ئادىشىپ يۈرگىنىڭلار يۈرگەن بولىدۇ!

— ئا - ھا - ھاي! رەزالىق ئورمانچىلار، سەرۋازلار، قەيەردىسلەر؟ تېزرەك بۇياققا كېلىڭلار! بولمىسا، ماۋۇ بىرۋاي بىزنى تاشلاپ كېتىپ قالىدۇ... — دەپ ۋارقىرىدى يېڭى كەلگەنلەردىن بىرى.

ئارقىدا قالغانلىرى تەڭلا جاۋاب بەردى:

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

— ماقۇل دادا، بارلىقىمىز كېلىۋاتىمىز!

— ئۇ ھەمراھلىرىڭ كىم بولىدۇ؟ — دەپ سورىدى كۆزەتچى بوۋاي.

— ئۆزۈمنىڭ ئون ئىككى ئوغلۇم ۋە قىزلىرىم... قىزلىرىم تاتارلارنىڭ تۇتقۇنلۇقىدىن قېچىپ چىققانىدى، مانا ئەمدى ئۇلار تاتارلارغا قارشى جەڭگە قاتنىشىش ئۈچۈن ئاتلاندى.

— ئىلاھىم مەقسەتلىرىڭلارغا يېتىڭلار، بەختلىك بولۇڭلار، مەرتىۋەڭلار ئۈستۈن بولسۇن!

يولۇچىلارنىڭ ھەممىسى تېزلىشىپ، بىر - بىرىگە ئەگىشىپ، قولىدىكى ئارىلىرىغا تايانغان ھالدا كېتىپ باراتتى. توپنىڭ ئالدىدا ھېلىقى تاتارلارغا قارشى دەھشەتلىك بوران چىقىشىنى قاتتىق سوغاق بولۇشىنى تەلەپ قىلغان بوۋاي، ئۇنىڭ كەينىدىن يېڭى كەلگەن رەزانلىقلار قاتارلىشىپ ماڭماقتا ئىدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى كۆرپە جۇۋا كىيىۋالغان، كۈچ - قۇۋۋەتتى تولۇپ - تېشىپ تۇرغان لەشكەرلەر ئىدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى كەڭ يەلكىلىك، قىسقا پاچاقلىق بولۇپ، خۇددى ئالچاڭلاپ كېتىپ بارغان ئېيىقلارغا ئوخشايتتى.

رەزانلىقلار مۇز توڭلىغان دەريادىن ئۆتۈپ، رۇس لەشكەرلىرى بوراندىن پاناھلىنىۋاتقان نۇرغۇنلىغان كەمىلەرنى ئۇچراتتى. يىپقا تىزىلغاندەك ئۇزۇنغا سوزۇلغان بۇ كەمىلەرنى ئاپئاق قاردا پەرق قىلماق بەكمۇ تەس ئىدى. پەقەت تۇرخۇنلىرىدىن بۇرقۇپ چىقىۋاتقان ئىسلارلا بۇ كەمىلەردە ئادەم بارلىقىنى، ئۇنىڭ ئىچى ئىسسىق ئىكەنلىكىنى، قازاندا تاماق پىشىۋاتقانلىقىنى؛ رۇس لەشكەرلىرى بولسا، ئوت بېشىدا ئولتۇرۇپ، بىر - بىرى بىلەن قىزغىن بەس - مۇنازىرە، سۆھبەت قىلىۋاتقانلىقىنى بىلدۈرۈپ تۇراتتى.

## ئون بىرىنچى باب

## سىت پاتقاقلىقىدا

كىنەز ۋاسىلكو خېلىغىچە ئۇخلىيالماي ئىچى پۇشۇپ، ئۇيان - بۇيان ئۆرۈلۈپ، ئۇستىگە يېپىنغان جۇۋىسىنى قايتا - قايتا تۈزەشتۈرۈش بىلەن ئاۋارە بولدى. ئۇ ئاستىغا بىر قۇچاق پاخال سېلىپ، ئىشىك تەرەپتىكى يەردە ياتقانىدى. يېنىدا ياتقان لەشكەرلىرى خورۇلداپ ئۇخلىماقتا. ئىشىكنىڭ ئاراش - ئاراشلىرىدىن ۋىژىلداپ شامال كىرمەكتە.

«ئەلنىڭ بېشىغا مۇشۇنداق ئېغىر كۈن چۈشكەندە مەن نېمە قىلىشىم كېرەك» دېگەن خىيال كىنەزنى قىينىماقتا، يۈرىكىنى تاتلىماقتا ئىدى. ھەممە نېمە ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا كېلىۋېلىپ ئاۋارە قىلاتتى، خىيالدىن خىيال تۇغۇلۇپ بارغانسېرى چېگىشلەشمەكتە ئىدى.

«ئاكام كىنەز كېئوكىنىڭ تەييارلىقلىرى قانداق بولۇۋاتىدىغاندۇ، ئۇ يەنىلا يېڭى ئورۇنغا كۆچۈۋېلىپ، ئۆزىنىلا ئويلاپ، ئۆز غېمى بىلەنلا بولۇپ يۈرەمدىغاندۇ؟ ئۇ مۇشۇنداق قىلىۋەرسە، شىمالىي روسىيەدىكى ئەڭ كۈچلۈك كىنەزگە ئايلىنىپ، مۇشۇ ئەتراپقا يەنە ۋىلادىمىردەك سەلتەنەتلىك پايتەختنى قۇرۇۋپمۇ ئالار بەلكى. ئۇ خېلىدىن بېرى مۇشۇ ئەتراپقا ئامبار، ئورا ياسايلى، دەريانى ئۈچ يەردىن توراپ سۇ تۈگمىنى قۇرۇۋالايلى، لەشكەرلەر بارغانسېرى كۆپىيىۋاتىدۇ، شۇڭا ئۇنىنى ئۆزىمىز تارتقىنىمىز تۈزۈكمىكىن، دەپ قاقشاپ يۈرىدۇ. كىنەز بىرلغۇچى مانا مۇشۇنداق خاتىرجەم يۈرۈپتۇ.

www.uyghurkitap.com

بۇ يەردىن سەللا نېرىدىكى مەھەللىلەر بولسا ئوتتا كۆيمەكتە.
كۆزىگە كۆرۈنگەن، قولىغا چۈشكەنىنىڭ بىرىنى قويماي قىرىپ
ئېچىشكە قان، تالاشقا نەرسە ئىزدەپ يۈرگەن تاتارلار غال-
جىر ئىتلاردەك يەر - جاھاننى ئىمىسقىلاپ كەلمەكتە. مەن
ئەمدى كۆپ ساقلاپ تۇرالمايمەن. ئەگەر كىنەز گېئورگىنى
ئۇرۇش باشلىمىسا. مەن ئۆزۈمنىڭ روستوۋلۇق قوشۇنلىرىمنى
باشلاپ ئورمانغا كىرىمەن. شۇ يەردە يوشۇرۇنۇۋېلىپ، چوڭ
يول ئەتراپلىرىدا دۈشمەنلەرنىڭ ئالدىنى توراپ، تاتارلارنىڭ
قارا يىلىنى باتۇخاننى قوغلاپ يەتكىچە، ئۇچرىغان تاتارلارنى
قىرىۋېرىمەن...» دەيتتى ئۇ ئىچىدە.

كىنەز ئورنىدىن تۇرۇپ، قاراڭغۇدا سىيپىلاپ يۈرۈپ
پەشنىڭ ئۈستىگە يېيىپ قويغان پايتىمىسىنى ئېلىپ پۇتىغا
ئوردى، ئۇنىڭ ئۈستىگە يۇڭ ياغلىقنى ئوراپ بۇلغار ئۆتۈ-
كىنى كىيىۋالدى. ئۈستىگە كالتە جۇۋىسىنى كىيىپ، بەلبېغىنى
چىڭ تارتىپ بېلىگە قىلىچ ئاستى - دە، ئىشىكنى ئېچىپ
سىرتقا چىقتى. ئۆيدىكىلەر بولسا، ھېچنېمىنى ئۇقماي غەرق
ئۇيقۇدا ياتقىنىچە قېلىۋەردى.

ئەتراپ جىمجىت، يۇلتۇزسىز ئاسمانغا يېڭى چىققان
ئاي ئۇنىڭ تەرەپتىن شولا چۈشۈرۈپ نۇر چاچماقتا. تېخىمۇ
قاتتىق چىقىشقا باشلىغان ئىزغىرىن شامال قار ئۇچقۇنلىرى-
نى ئادەمنىڭ يۈزىگە ئۇرۇپ كۆز ئاچقۇزمايتتى، كىنەز لەش-
كەرلەر ياتقان مەھەللىنى ئايلىنىپ ماڭدى. تاڭ ئېتىشقىمۇ
يېقىنلاپ قالغانىدى. يېڭىدىن سېلىنغان ياغاچ ئۆيلەر، كەمە-
لەر ۋە ياغاچ توسۇقلار ئاپئاق قاردا ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى.
لەشكەرلەرنىڭ ياتاقلىرى جىمجىت، كۆپچىلىك تاتلىق ئۇيقۇدا
ئىدى. دۈشمەن تېخى يىراقتا، بۇنداق قەھرىتان سوغۇقتا،
بۇنداق خىلۋەت ماكانغا كىممۇ كېلەتتى دەيسەن! بىراق يا

كۆزەتچىنىڭ ئاۋازى ئاڭلانمايدۇ، يا تاقىلداق ياغىچىنىڭ
ئۈنىمۇ ئېشىتىلمەيدۇ ياكى ئۇنىڭ قېلىن قارلارنى غارسىلدى-
تىپ باسقان ئاياغ ئاۋازىمۇ ئاڭلانمايدۇ...

كىنەز تىزىپ قويۇلغان ياغاچ دۆۋىلىرىدىن بىرىنىڭ
ئۈستىدە بىر پەس ئولتۇرۇپ بېقىۋىدى، يۈرىكى ئاغقاندەك
بولۇپ، ئەندىشىگە چۆمۈپ، زادىلا خاتىرجەم بولالمىدى.

«ھەي، سەن رۇس يېرى! سېنىڭ مىسلىسىز گۈزەل،
پايانسىز كەڭ داللىرىڭ قار ئاستىدا، قېلىن ئورمانلىرىڭ
سۈكۈتتە ئۈگدەپ تۇرۇپتۇ. سېنىڭ بار - يوقى ئىستىھكامىڭ
ئورمان ئارىلىرىدىكى ساي جىلغىلار بىلەن دېھقانلارنىڭ قارا
كۈچىلا - ھە! ئەتتەڭ، ئەتراپتىكى ھەممە يېزىلارنىڭ دېھقان-
لىرىنى بىر يەرگە يىغقىلى بولسا، يەنە كېلىپ ئۇلارنى چۆ-
چەكلەردىكى ئىليا مۇرومېس باتۇرغا ئوخشاش پېشقەدەم بىر
باتۇر جەڭگە باشلاپ كىرگەن بولسا - ھە! ئۇ چاغدا ھەر-
قانچە ھېلىگەر، دەھشەتلىك دۈشمەن بولسىمۇ، بەرداشلىق
بېرەلمىگەن بولاتتى، دۈشمەننىڭ بىرىنى قويماي سۈرۈپ
چىققان بولاتتۇق. ۋەھالەنكى، ھازىر نەدىكى بىر يات، ياۋۇز،
رەھىمسىز بىر نېمىلەر زېمىنىمىزنى زەبت قىلدى. ھازىر ئۇلار
رۇس يېرىنىڭ كىندىكى ھەتتا يۈرىكىگە بېسىپ كىرىپ،
بۆلۈك - پۇچقا قىلىنغىچە ئالا قويماي بۇلاڭ - تالاڭ قىلىپ،
ئېسىنى يىغىۋېلىشقا پۇرسەت بەرمەي، ئاۋۋال پارچە - پارچە
قىلىپ بۆلۈۋېتىپ، ئاندىن بىر باشتىن يالماپ يۇتۇشقا ۋە
سۆڭەك غاجىلىغاندەك تارتقۇشلاپ، ئۇيان - بۇيان سىلكىشكە
باشلىدى... ئەتتەڭ! كۈچ توپلىۋېلىپ، يەلكىگە مىنىۋالغان
بۇ دۈشمەننى ئېسىدىن يوقاتقىچە ئۇرغان بولساق - ھە!...»
دەپ ئويلايتتى ئۇ تىت - تىت بولۇپ.

بىر چاغدا ئۇزەڭگىنىڭ ئاۋازى ئاڭلانغاندەك

بولدى، كىنەز بۆرۆلۈپ قاراپ، ئالدى تەرەپتىن كېلىۋاتقان
ئاتلىق بىر ئادەمنىڭ قارىسىنى كۆردى. بۇ كۆلەڭگە بارغان-
سېرى يېقىنلاشقا باشلىدى. كىنەز ئۇنىڭغا قاراپ بىر پەس
تۇرغان يېرىدىن قوزغالماي تۇرۇپلا قالدى. «مۇشۇنداق تۈن
كېچىدە ئۇخلاپ ياتقانلارنى چارلاپ يۈرگەن كىمدۇ؟ كىنەز
كىنەزگىمۇ-يە؟— دەپ ئويلىدى ۋاسىلكو— بىراق ئۇنداق دەي
دېسەڭ، ئېتىنىڭ كۆرۈنۈشى ئوخشىمايدۇ. بۇ ئات ئېگىز،
كېلىشكەن قىپچاق ئېتىدەك قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئات ئۈس-
تىدىكى ئادەممۇ رۇسقا ئوخشىمايدۇ، نەدىن كەلگەن نېمىدۇ بۇ؟
تاتارمۇ يە!». كىنەز ۋاسىلكو قىلىچىنىڭ دەستىسىنى
تۇتقان پېتى سەكرەپ ئورنىدىن تۇردى ۋە ئۇ تەرەپكە
قاراپ ئېتىلدى. ئات ئۇنىڭدىن ئۆركۈپ بۆرۈلۈپ ئېلىپ قاچتى.
ئات ئۈستىدىكى ئادەم بولسا، ئاتنى چىڭ تېبىقىمداپ، ئوچۇق-
چىلىقتىن ئورمانلىققا قاراپ چاپتۇرۇپ قېلىن چاتقاللىق
ئىچىگە كىرىپ غايىب بولدى.

— تاتار!... چارلىغۇچى!... — دېدى كىنەز ئۆز
ئۆزىگە گۇدۇڭلاپ. ۋاسىلكو ئۇنىڭ ئارقىدىن قوغلىماقچى
بولۇپ يۈگۈرگەنىدى، بىراق يېتىشەلمەي قالدى. ئۇ شۇنداق
قىلىپ يۈگۈرگەندە ئىككىنچى بىر تەرەپتىن يەنە بىر ئاتلىق
چىقىپ كەلدى. ئۇنىڭ ئالدىدا يوغانلىقى تايدەك بىر بۆرە
باسار تايغان يۈگۈرۈپ كەلمەكتە ئىدى. ياپىر، يەنە دۈش-
مەن كېلىپ قالدىمۇ نېمە؟ ياق، ئەمدى بۇنى قانداق قىلىپ
بولسىمۇ قولدىن چىقىرىپ قويمايسەن...» دېدى كىنەز. شۇ
ئارىدا ئاتلىق ئادەم بۇنىڭغا يېقىنلا كېلىپ قالغانىدى. ئۇ
ئاستىدىكى يارامىلىق، چىرايلىق ئېتىنى بىر خىل يورغىلۇتۇپ
كەلمەكتە. ئالدىدا كېلىۋاتقان ئىت كىنەزنىڭ قارىسىنى
كۆرۈپ، خىرىلدىغان پېتى توختاپ قالدى. ئاتلىق ئادەممۇ
ئاتنىڭ تىزگىنىنى تارتىپ توختاتتى.

— كېلىۋاتقان قايسىڭ؟ — دېدى كىنەز ئۇنىڭغا قىلىپ.

— خەۋەرچىمەن. ۋىلادىمىر شەھىرىدىن كېلىۋاتىمەن ئۇلۇغ كىنەز كېيىۈرگى ۋىسېۋالودوۋىچنى ئىزدەپ يۈرىمەن.

— ئىزدىگەن يېرىڭنىڭ نەق ئۈستىدىن چۈشتۈڭ. ۋىلادىمىردىن يولغا چىققىنىڭغا قانچىلىك ۋاقىت بولدى؟ كۆپ بولدىما؟

— كۆپ بولدى. ئون بەش كۈندىن ئېشىپ كەتتى. چەت - ياقا يوللار بىلەن ئايلىنىپ يۈرۈشكە توغرا كەلدى. تاتارلار ھەممە ئەتراپتا قارا چۈمۈلىدەك يامراپ يۈرىدۇ. نەگىلا بارساڭ شۇلار. ئۇلار بىلەن ئۈچ قېتىم ئېلىشىپ قالدىم. ئېتىم قاۋۇل، يۈگرۈك بولغانلىقى ئۈچۈنلا قېچىپ قۇتۇلدۇم... بولمىسا ھالاك بولغان بولاتتىم.

— ۋىلادىمىر توغرىسىدا نېمە خەۋىرىڭ بار؟

— مەن يولغا چىققاندا ۋىلادىمىر تېخى ئامان ئىدى. لېكىن يولدا كېلىۋېتىپ ئۇ ھەقتە شۇم خەۋەر ئاڭلىدىم...

— ياپىرىم، ۋىلادىمىرنىمۇ دۈشمەن زەبت قىلغاندىمۇ؟

— شۇنداقتەك تۇرىدۇ. ئۇنى تاتارلار كۆيدۈرۈۋەتتى، دېيىشىدۇ، كۆپچىلىكنىڭ دېيىشىچە شەھەر ئۈچ كېچە كۈندۈز كۆيۈپتۇ. لاۋۇلدىغان ئوت يالقۇنى ئاسماننى قىپقىزىل قىلىۋېتىپتۇ، — دېدى خەۋەرچى.

بۇنى ئاڭلىغان كىنەز ۋاسىلكونىڭ رەڭگى ئۆچۈپ بېشى چۈشۈپ كەتتى. بىراق ئاز ئۆتمەي ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ ئېسىنى يىغىۋالدى.

— يېگىلا سېنىڭ ئالدىڭدا مۇشۇ يەردىن بىر ئاتلىق ئادەم ئۆتكەندى، مېنىڭ ۋارقىرىغىنىمنى ئاڭلاپلا قېچىپ كەتتى......

— ئۇ ئادىمىمىز بولسا قاچماس ئىدى! ئانداقتا ئۇ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

تىڭچى تاتار دېگىنە! پەخەس بول! تاتارلار مۇشۇ يېقىن ئەتراپتا بولۇشى مۇمكىن. ئۇلار مۇشۇ پېتى كېلىپ قالسا، ئۇنىمىزنىمۇ چىقىرالماي قالىمىز...

— يۈر تېزرەك كىنەزنىڭ يېنىغا بارايلى!

## ئون ئىككىنچى باب

## سىت ۋادىسىنى بوران كەزمەكتە

ۋىلادىمىر شەھىرىدىن خەۋەر ئېلىپ كەلگەن تۇرۇپكا بۇ يەردە ئۆزىنىڭ بەزى يۇرتداشلىرىنى ئۇچراتتى. ئۇلار تۇرۇپكىغا دادىسى ساۋېلى دىكاروسنىڭ مۇشۇ جايدا بولغانلىقىنى بىر كۈن بۇرۇن ئات بىلەن ئاشلىق، ئۇن، چاي ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن كەتكەنلىكىنى ئېيتىپ بەردى. تۇرۇپكا بۇ جايدا كۆپ تۇرالمىدى. روستوۋكىنەزى ۋاسىلكو ئۇنى سىت دەريا بويلىرىدىن مىشكىن شەھىرىگە بارىدىغان يوللارنىڭ كېسىشكەن جايلىرىنى كۆزەت قىلىشقا ئەۋەتتى.

— سېنىڭ ئاستىڭدىكى ئېتىڭ قامقاقتەك يېنىك، شامالدەك يۈگرۈك، — دېدى ئۇنىڭغا كىنەز ۋاسىلكو، — ئەگەر تاتار چارلىغۇچىلىرى كۆرۈنگەندەك بولسا، دەرھال كەينىڭگە بۇرۇلۇپ چاپ، بىز بالدۇرراق تەييارلىق قىلىۋالايلى.

ئېگىز يار تۈۋىدىكى سايدا تەرەپ - تەرەپتىن دۈۋىلىگەن شاخ - شۇمبىلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا كىچىككىنە گۈلخان چاراسلاپ يانماقتا.

— پاپىر، نېمىدېگەن ئېغىر كۈنلەر بۇ! تاتارلارنىڭ

تىمىسقىلاپ يۈراپ يۈرمەيدىغان يېرى يوق. ئورمان ئارىسىدا ئوت كۆرۈندىمۇ بولدى، دەرھال يېتىپ كېلىدۇ... سەن بولساڭ ئىمان ئېيتىشقىمۇ ئۈلگۈرەلمەي قالىسەن. كۆزۈڭنى ئېچىپ - يۇمغىچە بېشىڭنى ئۈزۈپ ئېلىپ كېتىدۇ.

تاتارلارنىڭ ئوتىنى كۆرۈپ قالماسلىقى ئۈچۈن كۆزەتچىلەرنىڭ ئەتراپىغا شاخ - شۇمبا، ياغاچلاردىن قورشاۋ - توسۇق ياسىۋالىدىغانلىقىمۇ ئەنە شۇنىڭدىن ئىدى.

قەدىمىي قېلىن ئورمان ئېگىز يارنىڭ گىرۋىكىدىن سايغا غۇلاپ چۈشىدىغاندەكلا كۆرۈنەتتى.

بۇ ئورمان خۇددى ئۇۋۇچىلار ئېيتقاندەك ئاشۇ شىمالدىكى قاتقان دېڭىز① غىچە سوزۇلىدۇ. بۇ ئورماننىڭ ئىچىدە پەقەت ھاڭلارنىڭ يولىنى، تىلىنى، مىجەز - خۇلقىنى ياخشى بىلىدىغان ئادەملا يۈرەلەيتتى. بۇ يەردىكى يالغۇز ئاياغ يوللار سانسىز ئەسىرلەر بويى ھەر خىل ياۋايى ھايۋانلار بىلەن ئورماندىكى جىن - شەيتانلارنىڭ ۋە پەرىلەرنىڭ ئاياغ ئىزىدىن پەيدا بولغان. بۇ يوللاردىن ئوڭ ياكى سولغا بىر قەدەم چىقىپ كەتتىڭمۇ بولدى، بورانلار غۇلاتقان دەرەخلەرنىڭ كۆپلىكىدىن ئاياغ ئېلىپ يۈرەلمەيسەن. ئۈستىنى موخ قاپلاپ كەتكەن تېگىگە تارتىدىغان پاتقاقلىقلارغا بېلىڭگىچە پېتىپ قالىسەن...

ئوت قېشىدا تۆت يىگىت ياتاتتى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى چېلەكلەپ قۇيۇۋاتقان يامغۇر - يېشىندىن، قېلىن قارلاردىن، دەھشەتلىك بورانلاردىن، ئورمانلاردا يۈرىدىغان جادۇگەرلەرنىڭ سېھرىدىن قىلچە قورقمايدىغان، بىر - بىردىن قېلىشمايدىغان باتۇر يىگىتلەر ئىدى. ئۇلار ئۇچىدىكى تېرە چاپانلارغا ياۋايى ھايۋان تېرىسىدىن تىكىلگەن جۇۋىلارغا ئورىنى-

① ئو زامانلاردا ناق دېڭىزنى «قاتقان دېڭىز» دەپ ئاتايدىكەن.

www.uyghurkitap.com

ۋېلىپ، ئاتلىرىغا قارىغاينىڭ قۇرۇق شاخ - شۇمبىلىرىنى
سېلىپ، ئاشۇ شاخ - شۇمبىلاردىن كەپە ياساۋېلىپ، غەزەپ
بىلەن ئۇرزۇۋاتقان قىش شامىلىنىڭ ھۇۋۇلىغان ناخشىسىغا قۇلاق
سېلىپ، ھېچنېمىدىن خەۋەرسىز خاتىرجەم ياتاتتى. بەزىلىرى
ئېيىز كېسىلگەن ئات گۆشىنى ئىشتىكە ئۆتكۈزۈپ كاۋاب
قىلماقتا ئىدى. شاخلارنىڭ ئۈستىدە يىگىتلەر سويغان قىرچاڭغۇ
ئاتنىڭ گۆشى يېيىقلىق تۇراتتى. لەشكەرلەر ئۇنى جېنى تۇم-
شۇقىغا كېلىپ قالغاندا بىكاردىن - بىكار ھارام ئۆلمەسۇن،
دەپ سويۇۋاتقانىدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئۇرۇپكىمۇ بار ئىدى،
ئۇنىڭ يېنىدا سادىق يولدىشى بويناق تۇمشۇقىنى باغرىغا
تىقىپ تۈگۈلۈپ ياتاتتى. كۆزەتچىلەرنىڭ ئۆتىلىسى يىرىكى
قاپتەك باتۇر يىگىتلەر، رەزانىنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن ئوغلانلى-
رى بولۇپ، ئۇلار رەزاندا تاتارلار قولىدىن قېچىپ چىققان،
ئۇلارنىڭ دارىلىرىدىن قۇتۇلۇپ قالغانىدى. بۇ ئۆتىلەن بىر
لىشىپ، ئۆز ئالدىغا «پىدائىيلار قوشۇنى» قۇرۇپ تاتارلارغا
قارشى ئۇرۇش قىلىپ، تاتارلارنىڭ ئويەر - بويەرلەردە
تىنەپ قالغان ۋە ھېرىپ ئارقىدا قالغان لەشكەرلىرىنى ئۆل-
تۈرۈپ، ئۇلارغا ئارام بەرمەي يۈرگەنىدى. ئۇلار كىنەز گېئورگى
ۋسېۋالودوۋىچ ئىدىل دەياسىنىڭ باش تەرىپىدە لەشكەرلەر
تىپلاپ، تاتارلارغا قارشى ئۇرۇشقا تەييارلىنىۋېتىپتۇ، دېگەن
خەۋەرنى ئاڭلاپ، ئوۋچىلارنىڭ چاڭغىسىدا يول يۈرۈپ، بۇ
جايغا يېتىپ كەلگەنىدى. ئۇلار كىنەز گېئورگى ۋسېۋالودو-
ۋىچنىڭ بۇيرۇقى بويىچە مۇشۇ يەر تىزۋىدىكى ئادەم يۈرمەيدى-
غان يول تۈگۈنىگە كۆزەتكە قويۇلغانىدى.

كىنەز ئۇلارغا بىر ياخشى ئات بېرىپ، تاتارلارنىڭ
قارىسىنى كۆرگەن ھامان دەرھال گەزەرمىگە كېلىپ ئۆزىگە
مەلۇم قىلىشنى تاپشۇردى. كىنەز ئۇلارغا ئات بەرگىنى بىلەن

ئۇنىڭ يەم - چۆپىنى بەرمىدى. «يەمنى ئۆزۈڭلار بىر ئامال قىلارسىلەر!» دېگەنىدى. ئۇ لەشكەرلەرگە بۇ ئەتراپتىن بىر قۇچاق چۆپ تاپقىلىمۇ بولمايتتى. شۇڭا كۆزەتچىلەر ئىككى پۇتىغا شۇنىڭدەك ھەم يېنىك، ھەم چىدامىلىق چاڭغىلىرىغا ئىشەنچ قىلىپ ئاتنى سويۇۋالدى.

كۆزەتچىلەر ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىش ئۈچۈن قەدىم زامانلاردا ئۆتكەن تەڭداشسىز قەھرىمانلارنىڭ غەلىبىلىك ئېلىشىشلىرى، مۇللىلار بىلەن پالچىلارنىڭ ۋە سېھرگەرلەرنىڭ خىلمۇخىل كارامەتلىرى توغرىسىدىكى قىزىقارلىق ھېكايە - چۆچەك، رىۋايەتلەر ئېيتىشىش بىلەن ۋاقىت ئۆتكۈزەتتى. مۇشۇنداق ئامال قىلمىسا قىش كېچىلىرى بەكمۇ ئۇزۇن ھەتتا تاڭ ئاتمايدىغاندەك بىلىنىپ كېتەتتى. كۆزەتكە قويۇلغانلارنىڭ ئىچىدە تۇرۇپكىمۇ بار ئىدى. ئۇ لەشكەرلەرنىڭ ھېكايىسىنى ئاڭلاپ ئولتۇرۇپ، نېمىگىدۇر خىيالى بۆلۈنۈپ، قىرچاڭغۇ ئاتنىڭ يېيىپ قويۇلغان تېرىسىگە يېنىش - يېنىشلاپ قاراۋەردى. ئۇ ئىچىدە، تورۇق ئېتىمنىڭ ئاقىۋىتىمۇ ئاشۇنداق بولۇپ قالمى-غىدى، دەپ ئەندىشە قىلدى.

— كونىلەرنىڭ بىرىدە، — دەيتتى يىگىتلەرنىڭ بىرى، — ئورمانلىقتا دېھقانلار كېلىۋاتسا، ئوتۇن سۆرىتىپ كېتىۋاتقان بىر دۈمچەك بوۋاي ئۇچراپتۇ. ئۇنىڭ سۆرىتىۋالغان ئوتۇنى ئۆزىدىن ئون ھەسسە يوغان ئىمىش. «ھەي، بوۋاي! ئۆزۈڭ ئورمان ئىچىدە تۇرۇپ ئوتۇن سۆرەپ يۈرگىنىڭ نېمىسى؟ ئەتراپىڭدا قاياققا ئۆرۈلسەڭ ياغاچقۇ!» دەپتۇ دېھقانلار بوۋايغا. شۇ چاغدا ھېلىقى بوۋاي ئۇلارغا: «مۇشۇنداق قىلىش كېرەك، مەن ئانا ۋەتىنىمنى قوغدايمەن، ياغاچلارنى تاتارلارغا قارشى ئىشلەتمەكچىمەن!» دەپتۇ. دېھقانلار ئۇنىڭغا: «ئۆزۈڭ قىزىق نېمە ئىكەنسەنغۇ، ياغاچ بىلەن قانداق جەڭ قىلماقچىسەن؟» دەپتۇ.

www.uyghurkitap.com

ئۇلار شۇنداق دەپ تۇرۇشىغا كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە، كۈتمىگەن يەردىن تاتارلار كېلىپ قېلىپ، ئۇلارغا ھۇجۇم قىلىشقا باشلاپتۇ. بۇ چاغدا ھېلىقى بوۋاي سۆرىتىپ كېلىۋاتقان ئوتۇننى يەرگە قويۇپ، بىر - بىرلەپ تاتارلارغا ئېتىشقا باشلاپتۇ. ئۇ بىر ياغاچنى ئاتقانىكەن، بىر لەشكەر پەيدا بولۇپتۇ، ئىككى ياغاچنى ئاتقانىدا بولسا، پۈتۈن بىر قوشۇن پەيدا بولۇپ، ناغرا - سۇنايلارنى چېلىپ، قىلىچ - نەيزىلىرىنى شىلتىپ تاتارلارغا قارشى دەھشەتلىك جەڭگە كىرىشىپتۇ. ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى بىر خىل جەڭگەرلىك باتۇر يىگىتلەر ئىمىش. ئۇلار تاتارلار ئىچىگە بۆسۈپ كىرىپ، ئۇلارنى چۆپ چاپقاندەك قىرىشقا باشلاپتۇ... ھەممىدىن خەۋىرى بار كىشىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، ھېلىقى دۇمچەك بوۋاي مۇشۇ سىت دەرياسىنىڭ بويىغا تاتارلار بىلەن جەڭ قىلغىلى كەپتۇدەك. دېگەن گەپلەرمۇ بار ئىكەن.

— بۇ يەرگە يەنە بىر دېھقانمۇ كەلگەنىدى، — دېدى كۆزەتچىلەرنىڭ ئىككىنچى بىرى، — ئۇنىڭ ساقىلى شۇنچىلىك ئۇزۇنكى، يەرگە سۆرۈلۈپ تۇرىدۇ دېسىمۇ لاپ بولمايدۇ. بۇرۇتىمۇ ئىنتايىن ئۇزۇن بولۇپ خۇددى ژايىن بېلىقىنىڭ بۇرۇتىغا ئوخشايدۇ. ئۇ بۇرۇتىنى ئىككى قۇلىقىغا قىستۇرۇپ ساڭگىلىتىپ قويىدىكەن. ئۇ كېلىش بىلەنلا ماختىنىپ: «مەن سېھىرگەرمەن، دەھشەتلىك بوران چىقىرالايمەن، قاتتىق يامغۇر ياغدۇرالايمەن، خالىسام ئاسماننى سۈتتەك ئېچىلدۇرۇۋېتىمەن ھەتتا قارلارنى ئېرىتىپ سۇغا ئايلاندۇرۇۋېتىمەن، دەپتۇ. كېيىنكە قارىغاندا ئاق پەرىمۇ، كۆك پەرىمۇ، جىن - شەيتانلارنىڭ ھەممىسىمۇ ئۇنىڭ سېھىرىدىن چىقمايدىغان ئوخشايدۇ، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى سېھىرلەپ ئۆزىگە قارىتىۋالغان بولسا كېرەك. «جىن - پەرىلەرنى چاقىرسام، ئۇلار تاتارلارنى سۇ-

غۇقتا تولغىنىپ قارغا كۆمۈپ تاشلايدۇ. شۇ تاپنىڭ ئۆزىدىلا ئۈجۈقتۇرىدۇ. لېكىن ئەيسا پەيغەمبەرنىڭ ئۈممەتلىرى بولغان رۇس خەلقىغە ھېچقانداق زىيان - زەخمەت يەتكۈزمەيدۇ، چۈنكى ئۇلار ئۇنىڭغا قارشى نەچچە تۈرلۈك دۇئالارنى ئوقۇشنى بىلىدۇ» دەيتتى ئۇ. ئۇنىڭ ئىسمى باربا بىۋاي ئىدى.

تۇرۇپكانىڭ كۆزەتتە تۇرغىنىغا ئانچە ئۇزۇن بولمىغانىدى، بىر ۋاقىتتا ئۇنىڭ كۆزى سىت دەرياسىغا بارىدىغان ئورمان يولىدا يىراقتىن پۇرقىراپ چىقىۋاتقان قارا ئىسقا چۈشتى.

— يائاللا، ئاۋۇ كۆيۈۋاتقان بوژنىنىڭكى يېزىسىغۇ! — دېيىشتى يىگىتلەر ئۆگلىرى ئۆچكەن ھالدا. — تاتارلار كېلىپ قالدىمىكىنە؟...

كۆزەتتە بىرلا لەشكەر قالدى. قالغانلىرى لەشكەرلەر جايلاشقان گەزەرمىگە قاراپ ئۇچقاندەك يۈگۈرۈپ كېتىشتى.

## ئون ئۈچىنچى باب

## قورقۇنچلۇق خەۋەر

كىنەز گېئورگى باخرامىي پوپنىڭ ئۆيىدە دۈپ ياغىچىدىن ياسالغان كونا ئۈستەلدە ئېگىكىگە تايىنىپ ئولتۇراتتى. ئۇ ئاق كىرگەن بۈدۈر چېچىنى يۇلقۇشلاپ ئاھ ئۇراتتى ۋە ھېلىدىن ھېلىغا چوڭقۇر ئۇلۇغ - كىچىك تىناتتى. ئۇنىڭ ئالدىدا ئالدىراشچىلىقتا دىنىي كىتابتىن يىرتىپ ئېلىنغان، كونا سارغىرىپ كەتكەن بىر ۋاراق قەغەز تۇراتتى. كىنەز خوتۇنى ئاگافىيە خانىمنىڭ ئۆز قولى بىلەن ئالدىراش يازغان خېتىنى قايتا - قايتا ئوقۇپ چىقتى. ئۇ خەتتە مۇنداق دەپ يېزىل-

غانىدى: دۇنيادا مەن ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان قەدىرلىكىم سايىبقىران شۇڭقارىم بولغان كىنەز كېنوركى! سۆيۈملۈك يارىڭنى يالغۇز تاشلاپ نەلەردە يۈرىسەن؟ ياۋۇز تاتارلار چۆمۈلىدەك مىغىلداپ، شەھەر ئەتراپىدا يىڭنىنىڭ تۆشۈكىدەك يەرنى ئالا قويماي تەرەپ - تەرەپنى تۈگەل قورشىۋالدى. ماڭا، بالا - چاقىلارغا، پۈتكۈل ئەل - يۇرتقا ئەجەل دىۋەيلەپ تۇرماقتا، ئەمدى بىزدە پەقەت سېنى قايتىپ كېلىپ قارا يۈز دۈشمەنلەرنىڭ ھەممىسىنى قىرىپ، بىزنى قۇتقۇلدۇرۇپ ئالار دېگەن ئۈمىدتىن باشقا ئۈمىد يوق... سېنىڭ سۆيۈملۈك يۈزۈڭنى، كۈلۈپ تۇرغان كۆزلىرىڭنى قايتا بىر كۆرۈشكە نېسىپ قىلىسكەن، دەپ ياراتقان ئىگەمگە، ئەۋلىيا - ئەنبىيالارغا يالۋۇرۇپ سېغىنماقتىن باشقا ئامالىم يوق! ئەمدى نېمە بولسىمۇ، پېشانىمىزگە پۈتۈلگىنىچە بولار. بەندىنىڭ تەقدىرىدىن قۇتۇلۇش ئامالى بارمۇ! تېزرەك قايت...»

باخرامىي پوپ قولىدىكى كونا مىس كرېستنى قۇچاقلىۋېلىپ، بىلىدىغان ھەممە ياخشى گەپلىرىنى ئىشلىتىپ كىنەزنىڭ كۆڭلىنى ئېلىشقا تىرىشىپ كۆردى. بىراق ئۇنىڭ سۆزلىرى كىنەزنىڭ قۇلىقىغا زادىلا كىرمىدى. كىنەزنىڭ ئوي - خىيالىنى ئۇ يولغا چىقىشتىن ئاۋۋال خوتۇنى بىلەن خوشلاشقان ۋاقىتتىكى ئاگافىيە خانىمنىڭ زار - زار يىغلىغانلىقى، ئۇنىڭ كۆز ياشلىرى، چىڭ قۇچاقلاشلىرى، ئىسسىق لەۋلىرى بەنت قىلىۋېلىپ، كۆڭلى بۇزۇلماقتا. يۈرەك - باغرى ئۆرتەنمەكتە ئىدى...

بىر چاغدا سىرتتىن: «كىنەز قەيەردە؟ تېز ئويغىتىڭلار...» دەپ ۋارقىرىغان ئاۋاز ئاڭلاندى. كىنەز كېنوكى دەرھال ھوشىنى يىغىپ ئاۋازغا قۇلاق سالدى.

— كىنەزگە ئېيت، تاتارلار قارا چۆمۈلىدەك قاپلاپ كېلىۋاتىدۇ!... — دەيتتى ھېلىقى ئاۋاز.



www.uyghurkitap.com

بۇ گەپنى ئاڭلىغان كىنەز ئورنىدىن سەكرەپ تۇردى ـ دە، ئاستىدىكى ئورۇندۇقنى تېپىپ ئۆرۈۋېتىپ، ئىشىكتىن ئېتىلىپ چىقتى. ھاڭدەك ئوچۇق تۇرغان ئىشىكتىن ئىسسىق ئۆيگەسو غۇق كىرىشكە باشلىدى. باخرامىي پوپ ئىنجىقلاپ يېرىۋېپ ئۇچىسىغا يوغان چاپىنىنى كىيىپ يەردە تۇرغان چىگە بىلەن بېلىنى مەھكەم باغلىۋالدى ـ دە، ھوش كاللىسىنى يوقىتىپ، كرېست تۇتۇۋالغان قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈۋالغان ئايالىغا:

ــ ئۆلىمىسۇ دۇشكا جېنىم، سېنى خۇداغا تاپشۇردۇم. مەن ئەمدى لەشكەرلەر ئارىسىدا بولىمەن. ھازىرنىڭ ئۆزىدە قانلىق جەڭ بولىدىغاندەك تۇرىدۇ، ــ دېدى.

ئۇ شۇنداق دېدى ـ دە، تىترەپ تۇرغان ئاياغلىرىنى ئاۋايلاپ دەسسەپ، قاراڭغۇلۇق ئىچىگە كىرىپ غايىب بولدى.

كىنەز كېنۇرگى يېڭى سالدۇرغان ياغاچ ئۆيىگە يۈگۈرگەن پېتى يېتىپ كەلدى.

ــ ئارگون! تېز بول! ساۋۇتۇم بىلەن قىزىل ئۆتۈكۈمنى كەلتۈر! تېزرەك، ئارگون! تورۇق ئاتنى ئېگەرلە!... ــ دەپ ۋارقىراشقا باشلىدى ئۇ كېلىپلا.

كىنەز ئالدىراپ ـ تېنەپ تامدا ئېسىغلىق تۇرغان قورال ـ ياراقلىرىنى ئېلىپ جابدۇشقا باشلىدى. قېرى خىزمەتچىسى ئۇنىڭغا ساۋۇتنىڭ ئۈستىدىن كالتە تونىنى كىيگۈزۈپ، بەلبېغىنى باغلىشىپ چامىنىڭ يېنىشچە ياردەملەشمەكتە. لەشكەرلەر ئارقا ـ ئارقىدىن ئۆيگە كىرىپ كىنەزنىڭ بۇيرۇقىنى ئېلىپ چىقىپ كېتەتتى. قورۇدا ۋاڭ ـ چۇڭ قىلغان ئاۋازلار كۆپىيىشكە باشلىدى. توساتتىن بىرى ئىشىكنى ئاچتى ـ دە، ئاندىن توغما ھالدىكى بەدەنلىرى ئۇششۇپ كۆكىرىپ كەتكەن، ماشلداپ ـ يۆتىلىپ تۇرغان ئىككى دېھقاننى ئۆيگە ئىتتىرىپ كىرگۈزۈۋەتتى. ئۇ ئىككىسى قايتا ـ قايتا:

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

— بۇ نېمە قىلغىنىڭ! ئۇيات ئەمەسمۇ!... — دەپ ئۇنى تارتىپ كەينىگە داجىشىپ تۇراتتى.

— كىرىڭلار، كىرىۋېرىڭلار! كۆرگەن - بىلگەنلىرىڭلارنى كىنەزگە ئۆز ئاغزىڭلار بىلەن بايان قىلىڭلار!... — دەيتتى ھېلىقى لەشكەر.

ئۇ يەنە ئاۋازىنى تالادىكى ۋاڭ - چۇڭلارنى بېسىپ چۈشكۈدەك يۇغان چىقىرىپ، غەمگە پېتىپ بۇرۇختۇم بولۇپ تۇرغان كىنەز گېئورگىگە:

— ئۇلۇغ كىنەز، ماۋۇلارغا قارىغىنا! بۇلار سىت دەرياسىنىڭ بويىدا تۇرۇشلۇق باتۇر دېھقانلار. تاتارلار ئۇلارنىڭ كىيىملىرىنى سالدۇرۇۋېلىپ، قىيپيالىڭاچ قىلىپ قويغانىكەن، ئۇلار قېچىپ قۇتۇلۇپ كەپتۇ، — دېدى.

— بەرىكە تاپسۇن! ئارگون، بۇ ئىككىسىگە بىردىن چاپان، بىردىن ئۆتۈك بەرگىنە! — دېدى كىنەز گېئورگى.

ھېلىقى لەشكەر سۆزىنى يەنە داۋاملاشتۇردى:

— سىت دېھقانلىرى تاتارلارنى بىر مەھەل كۆزىتىپ يۈرۈپتۇ. ئۇلار قوماندان دوروژانىڭ جان تىكىپ كۆرەش قىلىپ دۈشمەن قولىدا قازا تاپقانلىقىنى كۆرۈپتۇ... ھازىر تاتارلار يېقىنلاپ قاپتۇدەك، پات ئارىدا بۇ يەرگىمۇ يېتىپ كېلىشى مۇمكىن...

كىنەز گېئورگى چالا - پۇلا كىيىنىپ، ھويلىغا يۈگۈرۈپ چىققاندا لەشكەرلەر ئۇنىڭ تورۇق ئارغىمىقىنىڭ تومشۇقىنى چىڭىتىۋاتقانىدى. كىنەز ئاتقا مىندى - دە، بارماقلىق پەلەي كىيگەن ئوڭ قولىدا ئاتنىڭ تىزگىنىنى تۇتۇپ، سول قولىنىڭ بېغىشىغا كىچىككىنە دۈگىلەك قالقىنىنىڭ بېغىنى ئۆتكۈزدى. بېغىشىغا ئالتۇن دۇبۇلغىسىنى چۆكۈرۈپ كىيدى.

— ھاي، شۇڭقارلىرىم، تەييارمۇ سىلەر؟ ... — دېدى ئۇ لەشكەرلىرىگە ئۈنلۈك قىلىپ.

بۇ چاغدا لەشكەرلەرمۇ تەرەپ - تەرەپتىن ئاتلىرىنى يېتىلەپ كېلىپ توپلىنىپ بولغانىدى. لەشكەرلەر گەزەرمىسىنىڭ ھەممە تەرىپىدىن كاناي - سۇناي، داقا - دۇمباقلار ئاۋازى ياڭراشقا باشلىدى.

## ئون توققۇزىنچى باب

## ئۇرۇش

قويۇپ بەرمە ئېتىڭنى چۇشەك سالماي،
ئۇخلاپ قالما ئەتراپقا كۆزەت قويماي.
(قەدىمكى ئاتلىق لەشكەرلەر ناخشىسى)

ھاجى رەھىم يېزىشنى داۋام قىلماقتا ئىدى: «ھەي قۇدرىتى ئۇلۇغ خۇدا! سەن مېنى تا مۇشۇ كۈنگىچە ئادەمنىڭ جېنى شۈركەنگۈدەك جىنايى قىلمىشلارغا شاھىت قىلىپ، ئىچ - قارنىمنى ئۆرتەپ، يۈرەك - باغرىمنى كاۋاب قىلدىڭ. لېكىن ئۇنىڭ بىرەر ئامال - چارىسىنى قىلغۇدەك كۈچ - قۇۋۋەت بەرمىدىڭ. سەن مېنى قاراپ تۇرۇپ مۇشۇنداق پۇقرا ئۈچۈن غەم قىلىپ ئىچ ئاغرىتىشقا، پۇقرا ئۈچۈن ھەسرەت چېكىشكە مۇپتىلا قىلغىنىڭ نېمىسى؟ مەن مۇز توڭلىغان تالاي پېتىق پاتقاقلىقلارنىڭ ئۈستىدە، جاڭگىلدىغان قاتتىق سوغۇقلاردا يۈز بەرگەن، ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز دەھشەتلىك قىرغىنچىلىقلارنى كۆپ قېتىم كۆردۈم. كىرمىگىلىغان تاتارلارنىڭ ھايۋانلارچە قوتراپ، بىرنەچچە مىڭ رۇس دېھقانلىرىنىڭ ئۈستىگە باستۇرۇپ كېلىپ، ئۇلارنى قىرغانلىقىنى، رۇسلاردىن بىرەرسىمۇ جېنىنى ساقلاپ

www.uyghurkitap.com

قىلىش ئۈچۈن ئەسىرگە چۈشۈشنى خالىمىغانلىقىنى، بەلكى ئۇلارنىڭ قولىغا قىلىچ، پىچاق، پالتىلارنى ئېلىپ، ئوۋچىلار-نىڭ قورشاۋىدا قالغان بۆرىلەردەك ئۆچەكىشىپ، ئاخىرقى نەپەسكىچە قارشىلاشقانلىقىنى كۆردۈم.

مەن بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم. بىراق مەن يەنىلا ئۆلگىنىم يوق، يەنىلا تىرىكمەن....»

ھاجى رەھىم قوماندان بىرۇنتاينىڭ يىگىرمە مىڭ لەشكىرىنىڭ قاتارىدا ئىدى. ئۇ بىرۇنتايدىن بىر يۇۋاش ئات سورىۋېلىپ، ئۇنىڭغا تېرە خۇرجۇننى ئارتىپ، خۇرجۇننىڭ ئىچىگە پاكىز لاتا، گۈڭگۈرت تالقىنى، كۆيدۈرۈلگەن كىگىز قورۇمى، چۆپ دورىلار ۋە باشقا جاراھەتكە ئەم بولىدىغان دورا - دەرمەكلەرنى سېلىپ يۈرەتتى.

ئۆزى پاكار، دىغماق بولسىمۇ، ئىنتايىن چىداملىق كەلگەن بۇ موڭغۇل ئېتى يەر - جاھانغا پاتماي كېتىپ بارغان موڭغۇل قوشۇنلىرىدىن زادىلا قېلىشماي كەلمەكتە ئىدى. كۆپ چىلىك توختىسا ئۇمۇ توختايتتى، ماڭسا ماڭاتتى. ئۇ ئىنتايىن بېشى قاتتىق ئات بولۇپ، ھاجى رەھىمگە زادىلا بوي بەرمەيتتى، ئۆز خاھىشى بويىچە كېتىۋېرەتتى. ھاجى رەھىم ئېتى چاپقاندا يىقىلىپ كەتمەسلىك ئۈچۈن پۈتۈن كۈچى بىلەن ئېگەرگە يېپىشىۋالاتتى، بەزى ئىنتايىن خەۋپلىك پەيتلەردە بولسا، يالىنى چىڭ تۇتۇۋالاتتى.

بىرۇنتاي لەشكەرلىرىگە كانايىنىڭ ئاۋازى چىقىشى بىلەن تەڭ يۈرۈشكە تەييار بولۇڭلار، دەپ بۇيرۇق بەرگەنىدى. شۇڭا لەشكەرلەر ئاتلىرىنىڭ قېشىدىن نېرى كەتمەي، تىزگىنىنى بېلىگە باغلىۋېلىپ، قار ئۈستىدە مۈشۈكتەك تۈگۈلۈپ ياتقان پېتى تۈنەپ چىقتى. تاڭ ئېتىپ كاناي چېلىنغاندا ئۇلارنىڭ ئاتلىرىنىڭ ئۈستىنى قىرو قاپلاپ ئاپئاق كۆمۈشتەك پارقىراپ تۇراتتى.

قىسىم رۇسلارنىڭ لەشكەرلىرى ياتقان كەزمىرىكە ھۇجۇم قىلىشى كېرەك ئىدى. بۇ قېتىمقى ھۇجۇم ئىنتايىن خەۋپلىك بولىدىغاندەك تۇراتتى. رۇسلار قوغدىنىشقا، جان تىكىپ جەڭ قىلىشقا دائىم تەييار، شۇڭا موڭغۇل لەشكەرلىرىنىڭ ھەرقانداقى بۇنداق يېراق، يات يەردىكى ئۇرۇشتا ئۆزلىرىنى يا ئۆلۈم، يا غەلىبە قىلىشتىن ئىبارەت ئىككى خىل ئاقىۋەتنىڭ بىرى كۈتۈپ تۇرغانلىقىنى ياخشى بىلەتتى. قىسىم ئاتلىرىنى يېرغىلىتىپ يولغا چىقتى، بەزىدە ئۇلار ئات چېپىشقىمۇ چۈشەتتى. بۇ چاغدا كېرىمگىلىغان ئاتنىڭ دۈپۈر - دۈپۈرىدىن يەر تەۋرىگەندەك، مۇزلار چىدىماي چاراسلىغاندەك بولاتتى. ھەممە ئەتراپ ئادەمنىڭ قۇلاق - مېڭىسىنى يېگۈدەك قىقاس - چۇقان، ۋاڭ - چۇڭ بىلەن تولاتتى.

ھاجى رەھىم ئۆزىنىڭ چىدامىلىق ئېتىغا ئىشىنىپ، ئۇنى نەگە بارسا بارمىدۇ، دېگەندەك تىزگىنىنى تارتماي ئۆز ئەركىگە قويۇپ بەردى.

بارا - بارا تۇمان شالاڭلاشقا باشلىدى، ئالدى تەرەپتە ئىلاندەك تولغىنىپ يىراققا سوزۇلغان، مۇز قاتقان دەريا ئېنىق كۆرۈندى.

بىر چاغدا لەشكەرلەر بۇرۇنتاينىڭ:

— قىزالىڭلارنى قولغا ئېلىڭلار! — دېگەن بۇيرۇقىنى قۇلاقتىن - قۇلاققا يەتكۈزدى.

موڭغۇللار بىلەكلىرىنى شىمايلاپ، ئوق يەڭلىرىنى تۈرۈشتى، ئەگەر قىلىچلىرىنى قىنىدىن سۇغۇرۇۋېلىپ ئوق مۈرىسىگە قويدى. ئاستىدىكى ئاتلىرى چېپىشقا ئۆتتى. تۇمان تۈگەپ، ئوچۇقچىلىق باشلاندى. ئۇلار قېلىن قار قاپلىغان كەڭ تۈزلەڭلىككە چىقىپلا:

— موڭغۇللار ئالغا، ئالغا باس! ئۇر، يوقات! — دەپ شوئار توۋلىشىپ ئات سېلىشتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تۈزلەڭلىك دەريا قىرغىقىنى بويلاپ ئۇزاقلارغا سوزۇلاتتى. ئۇنىڭ تەرەپتە دەرەخلىرى پاكار، لېكىن ئىرماش-چىرماش ئۆسكەن، ئېگىز سازلىق بولغان ئورمانلىق بار ئىدى. نېرىدراقتا بىر دۆڭ كۆرۈنۈپ تۇراتتى. دۆڭ تۆپىسىدىكى ئون تۈپتەك قارىغاينىڭ لەپىلىرىنى قار باسقانىدى. دەريانىڭ سول تەرىپىدىكى قىرغىقىدا كونا چىركاۋ بار بىر رۇس يېزىسى جايلاشقانىدى. شۇ ئەتراپتا يەنە يېڭىدىن سېلىنغان بىرقانچە ئاق ئۆيلەرمۇ قاتار تىزىلىپ تۇراتتى.

دەريانىڭ ئىككى تەرىپىگە ئاتلىقلارنى ئۆتكۈزمەسلىك ئۈچۈن تاش، دەرەخ يىلتىزى ۋە لىم ياغاچلارنى دۆۋىلەپ ئۇزۇن توسۇق ياسالغانىدى.

رۇسلار تاتارلارنىڭ بۇنداق تۇيۇقسىز كېلىپ قالىدىغانلىقىنى زادىلا ئويلاپ باقمىغانىدى. شۇڭا ئۇلار ئالدىراپ-تېنەپ ئۆيلىرىدىن چىقىپ، كىيىملىرىنى ماڭغاچ كىيىشىپ، ئۈستىدە بايراق لەپىلدەپ تۇرغان ئۆيگە قاراپ يۈگۈرۈشمەكتە ئىدى. رۇسلار كاناي-سۇناي، داقا-دۇمباق چېلىشقا باشلىغاندا موڭغۇللار يېقىنلا كېلىپ قالغانىدى.

ئاز ئۆتمەي چىركاۋنىڭ يېنىغا سالاپەتلىك ۋە چىرايلىق، كەۋرىلىك ۋە قويۇق قارا ساقاللىق بىر ئادەم ئات ئوينىتىپ يېتىپ كەلدى. ئۇنىڭ مىنگىنى تورۇق ئارغىماق، ئۇچىسىغا كىيگىنى كۈمۈش ساۋۇت بولۇپ، بېشىدىكى ئالتۇن دۇبۇلغىسى كۈن نۇرىدا يالت-يۇلت قىلىپ تۇراتتى. رۇسلارنىڭ ئۇلۇغ ئەمىرى كىنەز گېئورگى مانا مۇشۇ ئادەم ئىدى. كىنەزنىڭ ئارقىدىن ئۈچ لەشكەر بىللە كەلدى. ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىدىكىسى جىنەكلىرىگە زەر يىپ بىلەن كەشتە بېسىلغان بايراق كۆتۈرۈۋالغانىدى.

موڭغۇللار جاھانگىرنىڭ: ھېچ نېمىگە قارىماي، ھەرقانداق

پۇتلىكاشىڭنى ئىرغىتىپ تاشلاپ، ئالغا ئىلگىرىلەڭلار، دېگەن قەتئىي بۇيرۇقنى ئەستە مەھكەم تۇتاتتى. شۇڭا قىسمنىڭ بىر بۆلىكى سولغا بۇرۇلۇپ توڭلىغان دەريانىڭ ئۇ قېتىمغا ئۆتۈۋالدى - دە، ئۆيلەرگە قاراپ ئات سالدى. يەنە بىر بۆلىكى ئوڭ تەرەپكە بۇرۇلۇپ، ياغاچ توسۇقلارنى ياقىلاپ ئات سالدۇرۇپ، ئۇنىڭ چېتىدىن ئايلىنىپ ئۆتتى. ئۇلارمۇ دەرياغا كېلىپ، مۇز ئۈستىدە رۇس لەشكەرلىرى بىلەن ئېلىشىشقا باشلىدى.

موڭغۇل قىسملىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئۈچىنچى بۆلىكى بولسا، ئۆلە - تىرىلىشىغا قارىماي، ھېچقانداق پۇتلىكاشىڭغا پىسەنت قىلماي، ئۇدۇل ياغاچ توسۇق ۋە چوڭقۇر ئورەكلەرگە قاراپ ئات سالدى. مىڭلىغان موڭغۇل ئاتلىرى يولدا ئۇچرىغان توسۇقلارنى دەسسەپ ۋەيران قىلىپ، كوكسى بىلەن تاملارغا ئۇرۇلاتتى. ئاتلار مىدۇرۇلۇپ يىقىلاتتى. ئۈستىدىكى ئادەملەرمۇ ئاتلار بىلەن تەڭلا دومىلاپ چۈشمەكتە ئىدى. كەينى - كەينىدىن ئات چاپتۇرۇپ كېلىۋاتقان توپ - توپ لەشكەرلەر يولدا يىقىلىپ ياتقانلارنى دەسسەپ ئۆتۈپ، بەزىدە توسۇقلارنىڭ نېرىسىغا ئۆتۈپ قالاتتى، بەزىدە بولسا ئازگال - ئورەكلەرگە چۈشۈپ كېتەتتى. موڭغۇل لەشكەرلىرىنى توسۇقلارمۇ توسۇپ قالالمىدى، ئۇلار ھۇجۇمنى بوشاشتۇرماي دەريانىڭ ئېگىز قىرغىقىنى بويلاپ ئات چاپتۇرۇپ دەرياغا چۈشمەكتە ئىدى.

بۇنچە نۇرغۇن ئادەمنى كۆتۈرەلمەي دەريانىڭ مۇزى يېرىلىپ كېتىپ، بىر قىسىم لەشكەرلەر سۇغا چۆكۈشكە باشلىدى.

بۇ چاغدا دەريانىڭ ئىككىنچى تەرىپىدىن موڭغۇللارغا قارشى ئېتىلىپ كەلگەن رۇس لەشكەرلىرى مۇز ئۈستىدە دۈشمەن بىلەن قوچاقلاشما جەڭگە چۈشۈپ كەتكەنىدى. مۇز يېرىلغان يەردىكى جەڭ بولۇپمۇ قاتتىقراق بولدى. سۇغا چۆكۈپ كېتىپ بارغانلار ئىچىدە رۇسلارمۇ، موڭغۇللارمۇ بار ئىدى. ئۇلار سۇغا

چۆكۈپ كېتىپ بارغاندىمۇ بىر - بىرىنى قويۇپ بەرمەي، بىر - بىرىگە ئېسىلىپ، بوغۇشۇپ، پومىلاقلاشقان پېتى چۆكۈپ كېتەتتى.

بىردەمدىن كېيىن رۇس كىنەزى گېئورگىمۇ بىرنەچچە يۈز لەشكەرنى باشلاپ دەريا بويىغا يېتىپ كەلدى ۋە دەريانىڭ ئۇ قانىتىغا ئۆتۈۋېلىپ جەڭگە كىرىشىپ كەتتى. رۇسلار ئورماندىن چىقىۋاتقان موڭغۇللارغا قارشى ھېچ نەرسىدىن قورقماي، جان تىكىپ جەڭ قىلدى. ئۇلار قولىدىكى ئۇزۇن ھەم ئېغىر قىلىچلىرىنى ئۇستىلىق بىلەن ئوينىتىپ، موڭغۇللارغا بوش كەلمىدى. تاتارلارنىڭ نېپىز ۋە يەڭگىل قىلىچلىرىنى ئۇرۇپ چۈشۈرۈپ بىتچىت قىلدى. بىراق رۇسلارنىڭ ھەرقايسىسى ئۆز ئالدىغا پىتىراپ جەڭ قىلغان بولسا، تاتارلار ئون - ئوندىن گۇرۇپپىلارغا بۆلۈنۈپ، مۈرىسىگە مۈرە تىرەپ، بىر - بىرىدىن ئۇزاپ كەتمەي، سەپنى بۇزماي جەڭ قىلدى.

ھاجى رەھىم قارا چۈمۈلىدەك قاپلىغان ئاتلارنىڭ ئارقىسىغا كىرىپ قېلىپ، ئاستىدىكى دوغىلاق موڭغۇل ئېتىنىڭ بېشىغا ئىگە بولالماي توپتوغرا توسۇققا قاراپ چېپىۋەردى.

مۇشۇنداق يەنە بىرئاز چاپىدىغان بولسا، بىراقلا ئۇ دۇنياغا سەپەر قىلىدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ، سەبرى - تاقىتى تۈگىگەن ھاجى رەھىم ئاتنىڭ ئۈستىدىن ئۆزىنى تاشلاپ، كۈلتۈك قارغا موللاق ئېتىپ چۈشتى. ئارقىدىن چېپىپ كېلىۋاتقان بىرقانچە موڭغۇل لەشكەرلىرى ئۇنى دەسسىۋېتىشكە ئازلا قالدى. دېگەن بىلەن ئۇ ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ، ئۆزىنى چەتكە ئالغانلىقتىن ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ قالدى.

ئالدى تەرەپتە كىچىككىنە تۆپىلىك بار ئىدى. ھاجى رەھىم شۇنىڭ ئۈستىگە چىقىپ، ئەمدىلا قىزىشقا باشلىغان جەڭنى كۆزىتىپ تۇردى. ئۇ جەڭنىڭ كېتىپ بېرىش ئەھۋالىنى مۇنداق مۆلچەرلىدى: ئەگەر كىنەز گېئورگى لەشكەرلىرىنى



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

باشلاپ تاتار لەشكەرلىرىنىڭ قورشاۋىنى بۆزۈپ ئۆتۈشكە ئۇرۇ-
نۇپ كۆرگەن بولسا ۋە ئورمان ئارىلاپ، ئادەم بىلمەيدىغان
يوللار بىلەن يۈرۈپ ئۆزىنى دالىدىغا ئالغان بولسا، بەلكى
جېنىنى ساقلاپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى ... بىراق ھازىرقى بۇ
ئەھۋالدا ئۇلارنىڭ پۈتۈنلەي تۈگىشىدىغانلىقى ھەممىگە ئايان
بولۇپ قالدى. رۇس لەشكەرلىرى نىشانسىز ئۇيان - بۇيان
يۈگۈرۈپ، بىر - بىرىدىن يىراقلاپ پىتىراپ كەتتى. بارا - بارا
ئۇلار تاتارلار بىلەن ئارىلىشىپ، ئىككى تەرەپ بىر - بىرى
بىلەن قوشۇلۇپلا كەتتى. كىنەز گېئورگىنىڭ بايرىقى جەڭ
مەيدانىدا خېلىغىچە لەپىلدەپ تۇردى ھەمدە ئۇيان - بۇيان
چېپىپ يۈرۈپ تاتارلار بىلەن بوغۇشۇۋاتقان رۇس لەشكەرلىرى
بىلەن بىللە بىر يەردىن يەنە بىر يەرگە پات - پات يۆتكىلىپ
تۇردى. ئۇ شۇنداق بىر ئاز لەپىلدەپ تۇردى - دە، تۇيۇقسىز
يىقىلىپ چۈشتى. چۈنكى شۇ يەرنىڭ ئۆزىدە رۇس كىنەزى
گېئورگىمۇ ئوق تېگىپ قازا بولغانىدى.

جەڭگە قوماندانلىق قىلىۋاتقان سەردار بورۇنتاي ھېلىقى
ھاجى رەھىم چىقىۋالغان قارىغايلىق تۆپىلىكنىڭ ئۈستىدە
جەڭنى كۆزىتىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ سارغۇش رەڭگى تېخىمۇ
سارغىيىپ كەتكەندەك، قاتاڭغۇر بەدىنى تېخىمۇ ئورۇقلاپ كەت-
كەندەك كۆرۈنەتتى. ئۇ قويدەك قۇلا① يورغىسىنىڭ ئۈستىدە
بۇ قانلىق جەڭ بىلەن ئانچە ئالاقىسى يوق ئادەمدەك بىپەرۋا
قىياپەتتە سوغۇق نەزەر تاشلاپ تۇراتتى. ئۇرۇش بارغانسېرى
يۇقىرى پەللىگە چىقتى، نەچچە مىڭ ئاتلىق ۋە پىيادە لەشكەر-
بىر بىرى بىلەن كىرەلىشىپ، ئالدىغا ئۇچرىغانلىكى ئادەمنى

---

① چىڭگىزخان قۇلا ئاتقا مىنىپ يۈرەتتىكەن. شۇڭا ئۇنىڭ قىرى قوماندانلىرىمۇ ئۇنى دوراپ ساپلا قۇلا ئات مىنىدىغان بولغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

جان ـ جەھلى بىلەن قىر ـ چاپ قىلماقتا ئىدى. بورۇنتاي بۆلار-غىمۇ ئانچە دىققەت قىلىپ كەتمىدى. بەلكى ھېچنېمىنى كۆر-مىگەن ئادەمدەك ئورنىدىن قوزغالماي تۇرۇۋەردى.

بورۇنتاي پەقەت قارا تۇغنىڭ لەپىلدەپ يىرىپ يەرگە يىقىلغانلىقىنى كۆرگەندىن كېيىنلا، تۇساتتىن چۆچۈگەندەك: «ئالغا، مېنىڭ ئارقىمدىن ئەگىشىپ مېڭىڭلار!» دەپ ۋارقىرىدى-دە، ئۆزىنى مۇھاپىزەت قىلىۋاتقان يۈزلۈكنى ئەگەشتۈرۈپ تۆۋەنگە قاراپ ئات سالدى. ئۇنىڭ نۆكەرلىرى يولدا ئۇچرى-غان ھەممە نەرسىنى دەسسەپ ـ چەيلەپ ئۆتۈپ ھېلىقى كىنەز كېنۈرگى تۇرغان يەرگە يېتىپ باردى. ئۇلارنىڭ مەقسىتى كىنەز كېنۈرگىنى تىرىك پېتى قولغا چۈشۈرۈش ئىدى. بىراق ئۇ يەردە ئۆلۈك ياتاتتى. ياردارلارنىڭ كۆپلۈكىدىن كىنەزنى تونۇۋېلىش تەسكە توختىدى. خېلى ۋاقىت ئىزدەپ يۈرۈپ ئاران دېگەندە كىنەزنى ئۈستىدىكى كۈمۈش ساۋۇتىدىن، ئايىغىدىكى يېڭى قىزىل ئۆتۈكىدىن تونۇۋالدى. قارا بايراقمۇ شۇ يەردە — ئۆلگەنلەر ۋە ياردار بولۇپ ئىڭراۋاتقانلار ئارىسىدا ياتاتتى. تاتارلار ئۆزلىرىنىڭ ياردار بولغان لەشكەرلىرىنى تېزلا يىغى-ۋېلىپ، تېخى ئۆلمىگەن رۇس ياردارلىرىنى يانچىپ ئۆلتۈرۈشكە باشلىدى.

كىنەز كېنۈرگى جانسىز ياتاتتى. ئۇنىڭ بېشىغا تەگكەن تاتار قىلىچى دۇبۇلغىسىنى ئۇچۇرۇپ چۈشۈرۈپ، پېشانىسىنى يېرىۋەتكەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە كانىيىغا ساداقنىڭ ئوقى بىراقلا سانجىلغانىدى.

بورۇنتاي قىپقىزىل قانغا بويالغان كۆلتۈك قارغا سەكرەپ چۈشۈپ، بېلىدىكى ئۆتكۈر خەنجىرىنى سۇغۇرۇۋېلىپ، ئادەتتىكى بىر ئىشنى قىلىۋاتقان ئادەمدەك خاتىرجەم، ئالدىرىماي كىنەز كېنۈرگىنىڭ بېشىنى كېسىۋالدى. ئاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئىككى

قولىقىنى تېشىپ، ئىنچىكە تاسما ئۆتكۈزدى - دە، چاچلىرى پاخپايغان، ئۇزۇن قارا ساقىلى يەلپۈنۈپ تۇرغان باشنى ئانجۇغىسىغا باغلىۋالدى. قانغا مىلەنگەن قولىنى جۇۋىسىنىڭ پېشىگە سۈرتۈۋېتىپ ئاتقا مىنگەچ مۇنداق دېدى:

— مانا، رۇس كىنەزىنىڭ بېشىنى كېسىپ، ئېتىنىڭ قۇيرۇقىغا باغلىۋالدىم. ئەمدىغۇ باتۇخان موڭغۇل قىسىملىرىنىڭ شان - شۆھرىتى ئۈچۈن ھېچقانداق تۆھپە قوشالمىدىڭ، دەپ ماڭا ۋە لەشكەرلىرىمگە تاپا - تەنە قىلالماس.

— بىراق، كىنەزنىڭ بېشى باتۇخاننىڭ ئېتىنىڭ قۇيرۇقىدا ئەمەستە، — دېدى پېشقەدەم نۆكەرلەردىن بىرى، — پەخەس بول! جاھانگىر سېنىڭ بۇ قىلغىنىڭنى ئۇقايلىقچە كەچۈرمەيدۇ!...

تۇرۇپكا لەشكەرلەر گازارمىسىغا يىغىلىپ كەلدى. تېخى يېقىندىلا بۇ يەردە كۆپچىلىك خاتىرجەم ئۆز ئىشى بىلەن مەشغۇل ئىدى، ئۆي - جاي سېلىشىپ بەخىرامان يۈرەتتى. ئەمدىلىكتە بۇ يەردە قانلىق جەڭ بولۇۋاتاتتى. ئەتراپىنى، دەريانىڭ ئىككى قىرغىقىنى قاپلاپ كەتكەن تاتارلار ۋارقىراپ - جارقىراپ چۇقان سالاتتى. ھايۋانلاردەك ھۆۋلايتتى، ئەگرى قىلىچلىرىنى شىلتىپ، ئۇيان - بۇيان چېپىپ يۈرەتتى. رۇسلارمۇ پالتا، ئارىلىرىنى ئىشقا سېلىپ، دۈشمەننىڭ ھۇجۇملىرىنى قايتۇرۇپلا قالماي، قايتۇرما ھۇجۇمغىمۇ ئۆتۈپ تۇراتتى.

تۇرۇپكا كىنەز ۋاسىلكونى كۆرۈپ قالدى. ئۇ روستوۋ پىدائىيلىرىنىڭ ئالدىنقى رېتىنىڭ سول تەرىپىدە كېتىپ باراتتى. روستوۋلۇقلار قولىغا قىلىچ بىلەن پالتا ئېلىپ، سەپ تارتىپ دۈشمەنگە يېقىنلاپ كەلمەكتە ئىدى. سەپ بۇزماي، قاتارلىشىپ كېلىۋاتقىنىغا قارىغاندا، ئۇلار دۈشمەنگە بوي بېرىدىغاندەك ئەمەس ئىدى. بىر چاغدا تاتارلار ئۇلارنىڭ ئالدىنى توراپ ئات سالدى. تاتارلارنىڭ مەقسىتى رۇسلارنى ئاتلىرىغا دەسسە-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تىپ تىرىپىرەن قىلىۋېتىش ئىدى. بىراق روستوۋلۇقلار مۆرىگە - مۆرە تىرەپ جەڭ قىلىپ، تاتارلارنىڭ سېپىنى بۇزۇپ ئۆتۈپ، نورمانغا قاراپ يول ئالدى.

ئىككى تەرەپنىڭ كۈچى تەڭلىشىپ قالغانىدى. رۇس لەشكەرلىرى تاتارلارنىڭ دەسلەپكى زەربىسىدىن كېيىن ھوشىنى يىغىپ، ئۇلارنىڭ ئۆزىنى ئىرغىتىپ تاشلاشقا كىرىشتى. تاتارلار نېمە قىلارىنى بىلمەي، تەمتىرەپ، ئۇيان - بۇيان چېپىپ يۈرەتتى. بەزىدە ئاتلىرىنىڭ بېشىنى بۇراپ ئارقىسىغا قاراپ قاچاتتى - دە، ئېرىراقتا بىرىپلا باشقىدىن سەپ تۈزۈپ رۇسلارغا قايتا ئات سالاتتى. كىنەز ۋاسىلكو روستوۋ لەشكەرلىرىنىڭ ئارىسىدا جان تىكىپ باتۇرانە جەڭ قىلماقتا ئىدى. بۇنى كۆرگەن تۇرۇپكا شۇ تەرەپكە ئۆزىنى ئاتتى.

رۇسلار دۈشمەننى بارا - بارا ھالسىرىتىپ يېڭىشكە باشلىغانىدى. بىراق شۇ چاغدا تۇيۇقسىز ئورمانلىقتىن يەنە بىر نەچچە قىسىم تاتار لەشكەرلىرى چىقىپ كەلدى. ئۇلار بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى چۇقان سېلىپ، ئۈزۈلمەي ئوقتەك ئېتىلىپ چىقماقتا ئىدى. بۇ قېتىم كەلگەنلەر سۈبىتاي باھادىر بىلەن باتۇخاننىڭ لەشكەرلىرى ئىدى. تاساددىپىي كېلىپ قالغان تاتارلار كىنەز ۋاسىلكونى سالما تاشلاپ تۇتۇۋالدى. ئۇ بوينىدىكى بىر ئارقاننى كېسىپ تاشلىشىغا، ئىككىنچى ئارقان ئىلىنغانلىقتىن ئاتتىن يۇلاپ چۈشتى. بۇنىڭدىن خۇش بولۇپ كەتكەن تاتارلار قىيا - چىيا قىلىشىپ ئۇنى قار ئۈستىدە سۆرىتىپ ئېلىپ ماڭدى①.

---

① تارىخىي مەلۇماتلارغا قارىغاندا تاتارلار روستوۋ كىنەزى ۋاسىلكونى تۇتۇۋېلىپ ئۇنىڭ قەھرىمانلىقىنى ماختاپ، مېھمان قىلىپ، باتۇنىڭ قىسمىغا قاتنىشىشنى تەلەپ قىلىپتۇ. بىراق ۋاسىلكو تاتارلار بىلەن تاماق يېيىشنى رەت قىلىپتۇ ۋە ۋەتەنگە قارشى چىقمايمەن، باتۇغا لەشكەر بولمايمەن، دەپ تۇرۇۋاپتۇ. بۇنى كۆرگەن باتۇ ۋاسىلكونى قىيناپ ئۆلتۈرگۈزۈپتۇ. ۋاسىلكو ئازاب چەكسىمۇ ئۈنىنى چىقارماي، قىيناشلارغا بەرداشلىق بېرىپتۇ. ئۆلۈمنى قەھرىمانلارغا خاس داديللىق بىلەن كۈتۈۋاپتۇ.

تۇرۇپكا ئۇنىڭغا ياردەم قىلىش ئۈچۈن يۈگۈرگەنىدى. ئارقىدىن قوغلاپ يەتكەن بىر ئات ئۇنى پۇتلاشتۇرۇپ يىقىتىۋەتتى. شۇنداقتىمۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، جەسەتلەرنى ئاتلاپ بىرقانچە قەدەم مېڭىشىغا ئارقىدىن يېتىشىپ كەلگەن يەنە بىر ئات كۆكسى بىلەن بىر ئۇرۇپ، تىك مۇللاق چۈشۈردى. ئۇ يىقىلغاندا تاتار لەشكەرلىرى بىلەن رۇس لەشكەرلىرىنىڭ ئوتتۇرىسىغا چۈشكەنىدى. ئۇنىڭ قولىقىغا بىردەم قىيقاس - چۇقانلار ئاڭلىنىپ تۇردى. بىراق بۇ ۋارقىراشلار بىر دەمدىلا پەسىيىپ قالغاندەك بىلىندى. ۋەھالەنكى، بۇ چاغدا ئۇ ھوشىدىن كەتكەنىدى.

## ئون بەشىنچى باب

## مۇسىبەتلىك كۈنلەر

1238 - يىلى 11 - ئايدا يورى (سۇزدال يەنى ۋىلادىمىرنىڭ ئۇلۇغ كىنەزى) ... سىت دەرياسى بويىدا يېڭىلىپ ئاتاقلىق ئادەملىرى بىلەن بىللە جەڭ مەيدانىدا قۇربان بولدى. شۇ چاغدىن باشلاپ ئىككى يېرىم ئەسىر جەريانىدا رۇسىيىنىڭ تەقدىرى ھەل قىلىندى.

(ك. ماركس. «تارىخىي خاتىرىلەر»)

باتۇخان لەشكەرلىرىنىڭ ئالدىدا ئات چاپتۇرۇپ جەڭ بولۇۋاتقان يەرگە يېتىپ كەلدى. ئۇنى كۆرگەن سۇبىتاي باھادىر ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلدى:

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

— دانىشمەن ئاتاك ئىسىڭدە بارمۇ؟ ئۇ ھېچ ۋاقىتتا نامنى چىقىرىش ئۈچۈن مەست نۆكەردەك لەشكەرلىرىنىڭ ئالدىغا چۈشۈۋېلىپ ئات چاپمايتتى. ئۇ ھەر دائىم ئۆزىنىڭ پولاتتەك مۇستەھكەم غالىب قوشۇنىنىڭ ئارقىسىدا تۇرۇپ، ئۇنى ئاجايىپ ئۇستىلىق بىلەن باشقۇراتتى. ئۇقتىلىق زەربە بېرىلىدىغان ئورۇن-لارغا دېگەن ۋاقىتتا ياردەم ئەۋەتىپ تۇراتتى. ياش ئۆلۈپ كەتكەن قىزىققان، قارام ئاكاڭ قۇلقانىخانىنىڭ تەقدىرى قانداق بولغانلىقىنى ئۇنتۇپ قالمىغانسەن؟ ئۇ داڭقىنى چىقى-رىش ئۈچۈن راسا بىر قەھرىمانلىق كۆرسەتمەكچى ئىدى، بىراق ئوققا ئۇچراپ بىھۇدە ئۆلۈپ كەتتى ... — سۇبىتاي باھادىرنىڭ بۇ مەسلىھەت سۆزلىرى خاننىڭ قۇلىقىغا زادىلا كىرمىدى. ئۇ بىر پەس جىم تۇرۇپ ئاڭلىدى - دە، ياقتۇر-مىغان قىياپەتتە:

— ھەرقانچە بولسىمۇ قولۇمدىكى غەلىبىنى قوماندان بورۇنتايغا تارتقۇزۇپ قويالمايمەن! — دېدى قەتئىي قىلىپ.

باتۇخاننىڭ لەشكەرلىرى سىت دەرياسىنىڭ بويىغا تاتار-لارنىڭ يېڭىش - يېڭىلمەسلىكى جىددىي تۈردە تارازا پەللىسىگە قويۇلغان بىر پەيتتە يېتىپ كەلگەنىدى. رۇسلار چېكىنمەي جان تىكىپ جەڭ قىلغانىدى. ئۇلارنىڭ بۇنداق قارشىلىقىغا بەرداش-لىق بېرەلمىگەن تاتارلار تەرەپ - تەرەپكە پىتىراپ قاچتى. ئەسلىدە قوماندان بورۇنتاي بۇ بويسۇنماس، قەيسەر دۈشمەننى بىر قېتىملىق زەربىدىلا ئۇجۇقتۇرۇۋەتمەكچى بولغانىدى. لېكىن ئىش ئانداق بولمىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ تەرەپ - تەرەپكە پىتىراپ كەتكەن ئەسكىرىنى قايتا يىغىۋالالماي قالدى. مانا مۇشۇنداق پەيتتە يېتىپ كەلگەن ئىككى تۈمەن لەشكەرلا ئۇرۇشنىڭ تەقدىرىنى تېز بىر تەرەپ قىلدى. يېڭى كەلگەن لەشكەرلەرنىڭ ھۇجۇمىغا تاقابىل تۇرالمىغان رۇسلار ئۇرۇشقاچ ئارقىغا چېكىنىپ،

دەريانىڭ ئېگىز قىرغىقىدىن تۆۋەنگە چۈشۈپ ئورمانلىققا قاراپ قېچىشقا باشلىدى. رۇسلارنىڭ يېڭى كەلگەن تاتار لەشكەرلىرىگە قارشى قويغۇدەك كۈچى يوق ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلارنى بىر يەرگە جەم قىلىپ، كۈچنى توپلاپ ئەڭ خەۋپلىك يەرلەرنى بۆسۈپ ئۆتۈشكە يېتەكچىلىك قىلىدىغان قوماندانمۇ يوق ئىدى. قارا تۇغ يىقىلدى، كىنەز گېئورگى قۇربان بولدى. باتۇر يۈرەك ھەم تەجرىبىلىك كىنەز ۋاسىلكو ئەسىرگە چۈشۈپ قالدى. رۇس لەشكەرلىرى چۇۋالچاقلىشىپ پىتىراپ كەتتى. رۇس لەشكەرلىرىنىڭ ھەرقايسىسى ئۆز ئالدىغا جەڭ قىلماقتا ئىدى. ئۇلارنىڭ مىسلىسىز باتۇرلۇقى بىلەن پىداكارلىقىنىڭ ئەمدىلىكتە ئانچە ئەھمىيىتى يوق ئىدى.

باتۇخان بىر تۆپىلىكنىڭ ئۈستىگە چىقىۋېلىپ، تاتار لەشكەرلىرىنىڭ قىيقاس سېلىپ رۇسلارنى قوغلاپ يەتكەنلىكىگە، بەزىدە ئۈن - تىنسىز باستۇرۇپ بېرىپ، ئۇلار بىلەن جان تىكىپ قىلىچۋازلىق قىلىشقانلىرىغا قاراپ تۇردى. قار بىلەن قاپلانغان كەڭرى دالا ئېغىر يارىدار بولغان لەشكەرلەرنىڭ ئادەم چىداپ تۇرغۇسىز زارلاشلىرى، تۇۋلاش ۋە ئاھ - پەريادلىرى بىلەن زىلزىلىگە كەلگەنىدى.

قوماندان بورۇنتاي ئاتتىن چۈشۈپ، ئاستا مېڭىپ تۆپىلىككە چىقتى. دائىم قاپىقى ئېچىلمايدىغان بورۇنتاي باتۇخانغا يېقىنلاپ بېرىپلا، بىر تىزىنى پۈكۈپ ئولتۇردى - دە، جاھانگىرنىڭ ئېتىنىڭ تۇيىقىنى سۆيدى. ئاندىن كېيىن بىللە كەلگەن نۆكەرنىڭ قولىدىن ئالتۇن يالاتقان كىچىككىنە پولات قالقاننى ئېلىپ، ئۇنى ئېگىز كۆتۈرۈپ تۇردى. قالقاننىڭ ئۈستىدە كىنەز گېئورگىنىڭ بېشى تۇراتتى.

باتۇخان بورۇنتاينى كۆرمەسكە سېلىپ يىراقلارغا تىكىلگەن پېتى تۇرۇۋەردى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

— ئاۋۇ رۇس خۇداسىنىڭ ئۆيى نېمىشقا كۆيۈۋاتىدۇ؟ — دېدى باتۇخان تەكەپ. — مەن رۇس مۇللىرىغا تەگمەڭلار. ئۇلارنى ساقلاپ قېلىڭلار. ئۇلار مۇڭغۇللارنىڭ ئۇلۇغ خاقانىنىڭ ساقلىقى ئۈچۈن دۇئا - تىلاۋەت قىلىپ يۈرىدىغان بولسۇن دېگەن ئىدىمغۇ؟

بورۇنناي قالقاننى ئېگىز كۆتۈرۈپ، تىز پۈككەن پېتى ئۈندىمەي تۇراتتى. بىر هازادىن كېيىن رۇس كىنەزى كېنەزكىنىڭ بېشىغا باتۇخانىنىڭ كۆزى چۈشۈپ قالدى. كىنەزنىڭ قانغا مىلەنگەن قارا ساقاللىق، بۇدۇرچاچلىق چىرايىدىن هېچقانداق قايغۇ - ھەسرەت بەلگىسى كۆرۈنمەيتتى. بەلكى تاتلىق ئۇخلاۋاتقاندەكلا تۇراتتى.

باتۇخان ئېگىشىپ تۇرۇپ، كېسىلگەن باشنىڭ قۇلىقىنى تۇتۇپ كۆردى.

— قۇلىقى تۆشۈك تۇرىدىغۇ... سەن ماڭا ئاۋۋال ئۆزۈڭ ئېتىڭنىڭ قۇيرۇقىغا ئېسىلىپ سازايى قىلغان باشنى ئەكىلىپ سوۋغا قىلماقچىمۇ سەن؟ سەن تېخى مېنى مەسخىرە قىلماقچىمۇ سەن؟ يىرقال، كۆزۈمگە كۆرۈنگۈچى بولما! — دېدى خان غەزەپلىنىپ.

باتۇخان قىلىچى بىلەن قالقانغا بىرنى ئۇردى، ئۇنىڭ ئۈستىدىكى باش يەرگە چۈشۈپ دومىلاپ بېرىپ، قارغا تىقىلىپ توختاپ قالدى. بورۇنتاي ئاچچىقىنى ئىچىگە يۇتۇپ، بېشىنى تۆۋەن سېلىپ، ئاۋايلاپ دەسسەپ باشقا بىر يەرگە بېرىپ تۇردى.

باتۇخاننىڭ نۆكەرلىرى جاھانگىر ئەمدى نېمە قىلاركىن، ئۇنىڭ ئاچچىقى ئەمدى نەگە ئاپىراركىن، دېيىشىپ، تاماشا كۆرۈپ قاراپ تۇرۇشتى. ئەمما باتۇخان سىر بەرمەي جەڭنى كۆزەتكەن بويىچە تۇرۇۋەردى.

رۇسلار تەرەپ - تەرەپتىن ئارقىغا چېكىنىپ، ئېگىز قىر-

غاقتىن پەسكە چۈشۈپ، ئاندىن كېيىن نېرىقى قىرغاقتا چىقىۋېلىپ قېلىن ئورمان ئىچىگە كىرىپ ئۆزلىرىنى دالدىغا ئېلىشقا باشلىدى. تاتارلار رۇسلارنى قوغلاپ، ئۇلار بىلەن ئېلىشىپ، قىلىچلىشىپ يۈرۈپ ئىلگىرىلەيتتى. قازا بولغان لەشكەرلەر جەڭ مەيدانلىرىدا يەر قۇچۇپ قېلىۋەردى.

جاھانگىر كىنەز گېئورگىنىڭ جەسىتىنى كۆرگىسى كېلىپ، دۆڭدىن پەسكە چۈشتى. جاھانگىرنىڭ ئاستىدىكى سۇر ئېتى ئايىغىنى ئاۋايلاپ دەسسەپ، قار ئۈستىدە ياتقان جەسەتلەرنى ئاتلاپ ئاستا مېڭىپ كەلمەكتە ئىدى. بورزىنتاي ئالدىدا يول باشلاپ كەلمەكتە.

رۇس كىنەزىنىڭ جەسىتى ياتقان يەردە ئىككى لەشكەر جاڭجاللىشىۋاتقانىدى. ئۇلارنىڭ بىرى كىنەزنىڭ پۇتىدىكى بىر پاي ئۆتۈكنى يېشىپ قولتۇقىغا قىستۇرۇۋېلىپ، ئەمدى ئىككىنچىسىنى يېشىۋالماقچى بولۇۋاتقانىدا، يەنە بىرى ئۇنى ئىتتىرىۋېتىپ، ياڭاق تۈۋىگە بىرنى سالدى. ئۇلار ئىككىسىنىڭ جەدەل ۋە تالاش - تارتىشى قىزىپ شۇ دەرىجىگە يەتكەنكى، ئەڭ ئالىي قوماندانىنىڭ كېلىپ قالغانلىقىنى تۇيمايلا قالدى.

— ئىككىلىسىنى تۇتۇڭلار! ئۆتۈكنى مېنىڭ چانامغا ئاپىرىپ قويۇڭلار! — دەپ بۇيرۇق قىلدى باتۇخان.

ئۇ شۇنداق دېيىشىگىلا نۆكەرلەر ئاتلىرىدىن سەكرەپ چۈشۈپ ئەيىبدارلارغا ئېتىلدى.

— پۈتۈن ئالەمنى ئۆزىگە قاراتقان ئۇلۇغ ئەرۋاھنىڭ لەشكەرلىرى ئۇرۇش - جەدەل ئوغرى - يالغان، زورلۇق - زومبۇرلۇق، ئادەم ئۆلتۈرۈش دېگەنلەر بولماسلىقى كېرەك! ئەگەر موڭغۇل لەشكەرلىرى ئۆزلىرى بىلەن ئۆزلىرى جەدەللىشىدىغان بولسا، ئۇ چاغدا قانداقمۇ دۈشمەن ئۈستىدىن غەلىبە قىلالايدۇ؟ چىڭگىزخاننىڭ چوڭقۇر مەنىلىك جازا قانۇنىنى قەتئىي قوغداش

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كېرەك. ماۋۇ گۇناھكارلارنىڭ ھەر ئىككىلىسى ئوخشاشلا جازالانسۇن، ھەر ئىككىلىسىنىڭ كاللىسى ئېلىنسۇن! ئۇلارنى مۇشۇ تۇرقىنىڭ ئۆزىدە، ھازىر جازالاڭلار! — دەپ بۇيرۇق قىلدى باتۇخان.

نۆكەر خۇش بولۇپ كۈلۈشۈپ، بايقى جاڭجال قىلىشقان ئىككى لەشكەرنىڭ بىرىنىڭ پۇتىنى يوقىرى بېشىنى تۆۋەن قىلىپ تۇرغۇزۇپ قويدى. ئۇنىڭ ياماق چۈشمىگەن يىرى قالمىغان پاشنىسىز سىرىق ئۆتۈكىنىڭ تاپىنى ئاسمانغا قاراپ تۇراتتى. ئۇ تىترلاپ ۋاي - ۋايلاپ: «مەن ئەيىبلىك ئەمەس، مەندە ھېچقانداق گۇناھ يوق، ھەممە گۇناھ ئاۋۇ قىپچاق ئىتتا. ھەممىنى قىلغان ئاشۇ تۇڭگۇزنىڭ بالىسى، ئاشۇ بۆرە» دەپ يىغلايتتى. شۇ ئاردا دىۋىدەك يوغان ئىككى موڭغۇل يىگىتى كېلىپ ھېلىقى جازاغا تارتىلغان كىشىنىڭ پۇتىنى غارسىلدىتىپ ئارقىسىغا قايرىپ پاشنىسىنى يەلكىسىگە يەتكۈزدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئۆلى ئۆچتى. جىدەلگە قاتناشقان ئىككىنچى لەشكەرمۇ يوقىرىقىدەك جازالاندى. ئۇ: «مەن بولسام سۇبىتاي باھادىرنىڭ سىرىق خورىزىنىڭ كۈتكۈچىسى نەزەر كەرىزەكنىڭ بۆرىباي دىگەن بالىسى بولىمەن» دەپ ۋارقىراپ كۆرگەنمۇ بولدى. بىراق ئۇنىڭ گېپىگە ھېچكىم قۇلاق سالمىدى. يەنە قانداقتۇر بىر غارسىلدىغاندەك ئاۋاز ئاڭلاندى. شۇنداق قىلىپ جازالانغان بۇ ئىككىسى بىر نەرسىگە ھەيران بولغان كىشىلەردەك كۆزلىرىنى چەكچەيتكەن پېتى قار ئۈستىدە مەڭگۇ قالدى.

ئۇرۇش ئاخىرلىشىپ قالغانىدى. موڭغۇللار رۇسلارنى رەھىمسىزلىك بىلەن قىرغانىدى. رۇسلار قاتىمۇ قات قورشاۋ ئىچىدە قالغان بولسىمۇ، ئاخىرقى نەپەسكىچە قارشىلىق بىلدۈرگەنىدى. باتۇخان ئۆلگەن لەشكەرلەرنىڭ جەسەدلىرى بىلەن تولغان ئۇرۇش ئىستىھكاملىرىنى ئايلىنىپ دەريانىڭ ئۇقېتىغا

ئۆتتى - دە، كۆيۈپ كەتكەن بىر چىركاۋ ئورنىدا لاۋۇلداپ يېنىۋاتقان ئوتنىڭ قېشىغا بېرىپ توختىدى. ئۇ نەق مۇشۇ يەردە دەم ئالماقچى بولغانىدى. نۆكەرلەر رۇس موللىسىنىڭ ئۆيدىن تىمىسقىلاپ تېپىۋالغان پۈتۈن بىر قوينىڭ توغلىغان گۆشىنى ياغاچقا باغلاپ، پۈتۈن پېتىچىلا ئوتتا كاۋاپ قىلماقتا ئىدى.

سۇبىتاي باھادىر باتۇخاننىڭ قېشىغا كېلىپ، ئات يوپۇقىنىڭ ئۈستىدە ئولتۇردى - دە، ئاسمانغا قاراپ:

— ھەرنېمە دېگەن بىلەنمۇ رۇس موللىلىرى بەكمۇ چىڭ ئىكەن، ئۇلار تېخى بىزگە كۆپ زىيان سالىدىغاندەك كۆرۈنىدۇ. «ئىبسىنىڭ بارىدا ئىلگىنى تاپ» دەپ بىكار ئېيتمىغان، مۇشۇ قېلىن ئورمانلىقتىن ئامان - ئېسەن كېتىۋالساق بولاتتىغۇ! — دەيتتى ئۇ ئۆز ئۆزىگە سۆزلىگەندەك.

— ئاۋۋال نوۋگورودنى ئېلىشىمىز كېرەك،— دېدى باتۇخان ئۇنىڭغا جاۋاپ بېرىپ.

چۈشكە يېقىن شامال يۆنىلىشىنى ئۆزگەرتىپ باشقا تەرەپتىن ئۇرۇشقا باشلىدى. ئاسماندا سۇر بۇلۇتتىن ئەسەرمۇ قالمىدى. بىردەمدە ئەتىيازنىڭ كۆكۈش ئوچۇق ئاسمىنىدا قۇياش پارقىراپ نۇر چاچتى. قۇياشنىڭ ئىللىق نۇرى دالادىكى قارنى ئېرىتىشكە باشلىدى. ئېرىدىگەن قار سۇلىرى ئەگىز بولۇپ ئاقتى، موڭغۇللارنىڭ ئاتلىرى قورسىقىغىچە قارغا پېتىپ ئاران ماڭاتتى.

قاياقتىندۇر ۋىژىلداپ ئۇچۇپ كەلگەن بىر قۇش قار باسقان ئۆلۈكلەرنىڭ ئۈستىگە قويدى. بۇنى كۆرگەن تاتارلار بېشىدىكى تۇماقلىرىنى ئېلىپ، قىرىپ چۈشۈرۈلگەن گەدەنلىرىنى تاتىلاپ، ھاۋادىن تويغىچە نەپەس ئالدى.

— موڭغۇل دالاسى تەرەپتىن يېقىملىق شامال ئۇرۇشقا باشلىدى... قۇشلارنىڭ ئۇچۇپ كەلگىنىنى كۆردۈڭلارمۇ؟ ئۇلار كەلدىمۇ بولدى، ئەمدى ئاز ئۆتمەي كۆكلەمنىڭ يېتىپ كېلى-

ئۇيغۇر كىتاب تورىتى
www.uyghurkitap.com

دىغانلىقىمنى ئوبدان بىلىسىلەرغۇ! — دېيىشتى ئۇلار.

مىس قوڭغۇراقلار قايتا - قايتا ئۇرۇلۇپ، لەشكەرلەرنىڭ كەينىگە قايتىشى، بىر يەرگە جەم بولۇشى توغرىسىدا بۇيرۇق بېرىلدى. قاتتىق تەرتىپكە بويسۇنۇپ ئۆگىنىپ قالغان تاتارلار ئولجىلاردىن قۇرۇق قېلىۋاتقىنىغا نارازى بولۇپ باشلىقلىرىنىڭ كەينىدىن تىللاشتى ۋە ئۆلۈكلەرنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلىشنى ئامالسىز توختىتىپ، ئاتلىرىنىڭ بېشىنى ئارقىسىغا بۇراپ بۇرتۇپ كۆيۈۋاتقان مەھەللىدىكى ئوتقا قاراپ ئات سالدى. ئۇ يەردە ئوتتىن ئامان قالغان بىرلا ئۆي بولۇپ، ئۇستىگە قادالغان خادىنىڭ بېشىدا جاھانگىرنىڭ جىرەن ئېتىنىڭ قۇيرۇقى بىلەن قوشۇپ ئېسىلغان ساپ ئالتۇن - كۈمۈشتىن ياسالغان بەلگىسى يالتىراپ تۇراتتى.

يۈزبېشىلىرى تەرەپ - تەرەپكە يۈگۈرۈشۈپ، لەشكەرلىرىنى قىسىم - قىسىملار بويىچە رەتكە تۇرغۇزۇشقا باشلىدى.

— نوۋگورود شەھىرىگە بارىدىغان بولدۇق. ئۇنى تازىمۇ باي شەھەر دېيىشىدۇ. ئىشقىلىپ مۇشۇ سېپىللەنگەن تىلسىملىق پاتقاقلىقتىن تېزرەك كەتكىنىمىز ياخشى! تېزرەك! بولمىسا ھەممىمىز بۇ يەردە قىرىلىپ تۈگەيمىز! — دېگەن ئاۋازلار ئاڭلىناتتى.

تاتارلار ئۈنىنىڭ بارىچە ۋارقىرىشىپ ئون - ئوندىن، يۈز - يۈزدىن بولۇپ سەپكە تۇرۇۋاتاتتى. بەزىلىرى ئولجا ئالغان ئورۇق ئاتلىرىنى ئارغامچا بىلەن باغلاپ يېتىلىشىۋالغانىدى. كۆپ ئۆتمەي جاھانگىرنىڭ بەلگىسى قادالغان بايراق مۇھاپىزەتچى قىسىمنىڭ ئالدىغا ئۆتتى. باتۇخان يورغا ئاتقا مىنىۋېلىپ، نېمىگىدۇر خاپا بولۇپ قالغاندەك كۆڭۈلسىز كېتىپ باراتتى. ئۇ يۇمۇق كۆزلىرىنى يىرتىپ ئېچىپ بۇ قەدىمىي ئورماننى ئوتتۇرىدىن ئىككىگە ئايرىپ تۇرغان يولغا قايتا - قايتا كۆز تىكەتتى.

باتۇخاننىڭ ئارقىسىدىن غالىب سۇبىتاي باھادىر ۋە باشقا ئەمەلدارلار كېتىپ باراتتى.

ئۇلارنىڭ كەينىدىن كېتىپ بارغان ئۇزۇن سوزۇلغان موڭغۇل قوشۇنىنىڭ ئايىغى ئۈزۈلگەندەك ئەمەس ئىدى.

## ئون ئالتىنچى باب

# جەڭ ئاخىرلاشقاندىن كېيىن

... يېقىملىق رۇس ناخشىسى،
توغۇلغان ئەمەسسەن ئۆز - ئۆزۈڭدىن؟
سەن تۆرەلگەن ئىدىڭ ئۇ چاغدا،
چېلەكلەپ قۇيۇلغان يامغۇر - يېشىمىزدىن،
گۈركىرەپ تۇرغان بوران - چاپقۇندىن!
دەريا - ئاققان كۆز ياشتىن،
ئۇلۇغ يانغىن، ئۇلۇغ ئوتقاشتىن.
سەن تۆرەلگەن ئېغىر كۈنلەردە
ئايرىلغاندا يېقىن يولداشتىن،
ئاتا - ئانا ھەم قېرىنداشتىن.

(لېۋمېي «قايتۇرما»)

قانداقتۇر بىر خىل ئىسسىق، يۇمشاق تىل ئۇنىڭ يۈزىنى قايتا - قايتا يالايدۇ. ئارىلاپ ئاستا ھۇۋلىغان بىر ئاۋاز ئاڭلىنىدۇ... بۇ نېمىدۇ؟ تۇرۇپكا ئاستا - ئاستا ھوشىغا كەلمەكتە ئىدى. ئۇ ھوشىغا كېلىپلا ئەرۋاھى ئۇچۇپ: «ئادەم يەيدىغان بۆرە ئىت دېگەن مۇشۇمىدۇ! ئۇنى ئالدى بىلەن ئادەمنىڭ قې-

www.uyghurkitap.com

نىنى يالاپ، ئاندىن كېيىن ئۇستىخىنىنى غاجىلايدۇ دەيدىغان، دەپ ئويلىدى.

تورۇپكا بىر نېمىنىڭ ئاستىدا قالغان قولىنى ئاران تارتىۋېلىپ، ئىتنىڭ كانىيىغا ئېسىلىۋىدى، قولى ئىتنىڭ بويىندىكى يىپقا تېگىپ كەتتى... «خۇدايىم توۋا، بۇ، بويناقمۇ - نېمە؟ بويىنىغا باغلاقلىق يىپنى چىشلەپ ئۈزۈۋېتىپ، ئىگىسىنى ئىزدەپ كەلگەن ئوخشىمامدۇ، راستىنلا، بويناقنىڭ نەق ئۆزى!» دەيتتى تورۇپكا قاراڭغۇدا ئىتنىڭ ئۇستىبېشىنى سىيپاپ. ئۇ ئىتنى سىيپاپ يۈرۈپ، ئۇنىڭ ئۇزۇن تومشۇقىنى، قىرمۇشتەك دىڭ تۇرغان بىر جۈپ قۇلىقىنى، كەڭ كۆكسىدىكى قاشقىر چىشلىگەن تارتۇق ئىزىنى سىلاپ تونىغانىدى.

تورۇپكا ئورنىدىن تۇرۇشقا خېلى ئۇرۇنۇپ كۆرسىمۇ، ئۇنىڭ ئىككى پۇتىنى ئېغىر بىر نېمە بېسىپ تۇرغاچقا زادىلا تۇرالمىدى. پۇتىنى ئاتنىڭ ئۆلۈكى بېسىپ تۇراتتى، ئۇنىڭ سول قولىمۇ قانداقتۇر بىر نېمىنىڭ ئاستىدا ئىدى... بەلكى ئەجىلى توشتى، دېگەن مۇشۇدۇر... تورۇپكا نۇرغۇنلىغان جەسەتنىڭ ئارىسىدا ياتاتتى. كىم بىلىدۇ بەلكى، ئۇنىڭغىمۇ نۆۋەت كېلىپ قالغاندۇر. «ھەتتىگىنەي، بىر يۇتۇم سۇ ئىچىۋالغىلى بولسا - ھە!» تورۇپكا شۇنداق دەپ ئاغزىغا بىر سىقىم قار سالغانىدى، قار قان تېتىدى.

«ياپىرىم، نەلەردە ياتىدىغاندىمەن؟» دەپ ئويلايتتى ئۇ. ئاخىرقى مىنۇتلاردىكى ۋەقەلەر بىر - بىرلەپ ئۇنىڭ ئېسىگە كېلىشكە باشلىدى. مانا ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ئېغىزلىرىنى قىيسايتىۋېلىپ ئات چاپتۇرۇپ كېلىۋاتقان تاتارلار كۆرۈنگەندەك بولدى، ئاندىن كېيىن بىرى ئۇنىڭ بېشىغا بىرنى ئۇرۇپ يىقىتقانلىقىنى ئېسىگە ئالدى... «بىراق بۇ ئىشلار جەڭ مەي-

دانىدا يۈز بەرگەنىدى... جەڭ مەيدانىنىڭ ئۆزى مۇشۇ دېيىلسە، ھازىر بۇيەر نېمىشقا بۇنچە جىمجىت؟» دەپ ئويلايتتى ئۇ. بۇ چاغدا ئۇ يۇقىرىغا قارىۋىدى، ئۇنىڭ كۆزىگە قاراڭغۇ ئاسماندا كۈمۈشتەك پارقىراپ تۇرغان، سەركىنىڭ مۈڭگۈزىدەك ئېگىزلىگەن يېڭى ئاي كۆرۈندى. ئاينىڭ غۇۋا يورۇقى بىلەن قاپلانغان پايانسىز تۈز، كەڭرى دالادىكى سۈكۈتتە ئۈگدەپ تۇرغان ئورمانلىققا، ئاسمان بىلەن بويى تالاشقان قەدىمىي قارىغايلارغا چۈشۈپ تۇراتتى. ئىڭرىغاندەك بىر ئاۋاز ئاڭلاندى... بۇ ئادەمنىڭ ئىڭرىشى ئىدى، باشقا بىر تەرەپتىن يەنە بىرىنىڭ ئاھ ئۇرۇپ زارلانغان ئاۋازى ئاڭلاندى. تەرەپ - تەرەپتىن ئاشۇنداق بىر - بىرىدىن قايغۇلۇق ئاۋازلار چىقىپ، بەئەينى رۇس تۇپرىقى زىلزىلىگە كېلىپ، مۇشۇ قانلىق دالادا قۇربان بولغان ئوغۇللىرىنى ياد ئېتىپ، داد - پەرياد قىلىۋاتقاندەك ئىدى.

«تاتارلار نەدىدۇ؟ ئۇلار ئۇرۇشتا يارىدار بولغانلارنى زادىلا تىرىك تاشلاپ كەتمەيدۇ. ھەممىسىنى قويماي ئۆلتۈرۈپ كېتىدۇ» تۇرۇپكا شۇلارنى ئويلىدى - دە، ئاۋازىنىڭ بارىچە ۋارقىراپ يارىدەم سورىغۇسى كەلدى. بىراق تاتارلار بىلىپ قېلىشى مۇمكىن، دەپ قورقۇپ ئاۋازىنى چىقارمىدى.

بويىناق ھاۋشۇشنى توختىتىپ بىر دەم تىڭشاپ تۇردى - دە، يەنە خىرقىراشقا باشلىدى. جىمجىت قاراڭغۇ تۈندە ئاللىقانداق شۇئۇرلىغان بىر ئاۋاز ئاڭلاندى. بىرى ئۆز - ئۆزىچە بىر نېمىلەرنى دەپ كېلىۋاتاتتى. بىراق ئۇنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىنى چۈشەنگىلى بولمايتتى. تۇرۇپكا ئاران دېگەندە بېشىنى كۆتۈرۈپ قاراپ، نېرىدىن ئۇزۇن چاپانلىق، بېشىغا كولا كىيگەن، ئىنچىكە، ئېگىز بىر ئادەمنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردى. ئۇنىڭ مۈرىسىگە ئېسىۋالغان خالتىسى بار بولۇپ، بىر قولىدا ھاسا تۇتقان، ئىككىنچى قولىدا پىلدىرلاپ يېنىۋاتـ

قان شام كۆتۈرۈۋالغانىدى. شامنىڭ غۇۋا يورۇقى چۈشكەن ئەتراپتىكى قارلار يالتىراپ كۆرۈنەتتى.

«بۇ تۈن قاراڭغۇسىدا كېلىۋاتقان كىم؟ بۇلاڭچىلىق قىلىدىغان ئوغرى بولمىسۇن يەنە؟ چالا ئۆلۈك كىشىلەرنى ئوجۇقتۇرماقچى بولۇپ يۈرگەن تاتارمۇ، يا!» دەپ ئويلايتتى تۇرۇپكا خاۋاتىرلىنىپ.

يېقىنلا بىر يەردىن ئىڭراپ زارلىغان بىرىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى:

— ئۇھ، جېنىمەي! بىر يۇتۇم ئۇسسۇلۇق بولسىچۇ كاشكى... ئۆلىدىغان بولدۇمغۇ... — دەيتتى ھېلىقى ئادەم. ئېگىز بويلۇق ھېلىقى ئادەم ئۇنىڭغا يېقىنلاپ كېلىپ، ئېگىشىپ قارىدى. بۇ چاغدا تۇرۇپكا كۈچىنىڭ بارىچە:

— بۇ ياققا، مېنىڭ يېنىمغا كەل! — دەپ ۋارقىرىدى. ھېلىقى ئاجايىپ ئادەم بىر دەمدىن كېيىن تۇرۇپكىنىڭ قېشىغىمۇ يېتىپ كەلدى. ئۇ ئىتتىن قورقۇپ، قولىدىكى ھاسىنى كۆتۈرگەن پېتى تۇرۇپلا قالدى. بويناق تۈكلىرىنى ھۇرپەيتىپ خىرىلدىماقتا ئىدى.

— بويناق، بەس! — دېدى تۇرۇپكا، ئاۋازىنى ئاران چىقىرىپ.

ھېلىقى ئادەم ئالدىغا يەنە بىر قەدەم چامدىدى-دە، كاتىرلاپ:

— مەن باخشىمەن... سالامەتمۇسەن؟... — دېدى.

«بۇ تېخى تاتار باخشىسى بولمىسىلا بولاتتىغۇ، بەلكى ماڭا تەگمەس؟ ئەگەر ئۇ تاتار ئەمەسلىكىمنى بىلىپ قالسا، قولىدىكى ھاسىسى بىلەن بىرنى قويسا قانداق قىلارمەن...! ۋاي قۇرۇپ كەتسۇن، مەيلى ئەمەسمۇ؟» بەربىر ئۆلۈمغۇ دەپ ئويلىدى تۇرۇپكا ۋە:



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

— ياردەم قىل! — دەپ ۋارقىرىدى.

ھېلىقى ئۇزۇن ساقاللىق ئادەم ئېڭىشىپ قولىدىكى شامنى ئات ئۆلۈكىنىڭ ئۈستىگە قويدى - دە، ھاسىسى بىلەن خالتىسىنى يەرگە تاشلىدى. ئاندىن كېيىن ئۇ تۇرۇپكىنى بېسىۋالغان جەسەتنى كۆتۈرۈپ ئېلىۋېتىمەن، دەپ بىر مۇنچە ئاۋارە بولدى ۋە ئۆزىچە بىر نېمىلەرنى كاتىرلاپلا كەتتى. بىر ئازدىن كېيىن تۇرۇپكا بۇرۇنقىغا قارىغاندا خېلىلا ئازادە بولۇپ، ئىككىنچى قولىنىمۇ مىدىرلىتىشقا باشلىدى. بىراق ئۆلگەن ئات تېخىچىلا ئۇنىڭ پۇتىنى بېسىپ تۇراتتى. بىر ئازدىن كېيىن ئۇ ئىككى پۇتىنىمۇ چىقىرىۋالدى.

تۇرۇپكا ئەمدى ئۆرە ئولتۇراتتى.

باخشى ئۇنىڭ بېشىنى، يەلكىلىرىنى سىيلاپ - سىيپاپ قوياتتى. ئۇنىڭ ماڭلىيىغا چۈشۈپ تۇرغان چېچى قان بىلەن ئۇيۇپ چاپلىشىپ كەتكەنىدى. يەلكىسى ھۆلۈلدەپ ئېچىشاتتى، ئوڭ قولىنى مىدىرلىتالمايتتى. باخشى تۇرۇپكىنىڭ قېشىدا تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىدىكى كالتە چاپىنىنىڭ تۈگمىلىرىنى يېشىشكە باشلىدى. ئۇنىڭ قاپقارا قان ئۇيۇپ قالغان يەلكىسىنى ئاچتى. قولىغا بىر پارچە لاتا ئېلىپ، ئۇنىڭغا قاپچىسىدىكى دورىسىنى قويدى ۋە جاراھەتنى تېڭىپ بولۇپ، چاپىنىنى قايتا كىيگۈزۈپ قويدى.

ئاندىن كېيىن ئۇ تۇرۇپكىنىڭ چىرايىغا تىكىلىپ تۇرۇپ:

— سالامەتمۇ سەن! — ئۇ ئۆزىنى كۆرسەتتى، — مەن باخشى ھاجى رەھىم...، — دېدى.

ئۇ شۇنداق دېدى - دە، ئابايىقى ئاۋاز چىققان تەرەپكە قاراپ ئاستا سالماق قەدەم بىلەن يۈرۈپ كەتتى. تۇرۇپكا ئۆلگەن ئاتنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ: «ئەمدى نېمە قىلىش كېرەك؟ تاتارلار قەيەردىدۇ؟ قاياققا قاراپ كەتكەندۇ؟»

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

دەپ ئويلاندى. «ئەمدى ئورمانغا بېرىپ ھېلىقى باغلاپ قويغان ئاتنى تېپىۋېلىشىم كېرەك. بىچارە ئاچ قالغاندۇ ـ ھە! ئاتنى تېپىپ ئۇنى يالغۇز ئاياغ يول بىلەن ئورماندىن ئەپچىقىپ پىرونوۋېردىكى ئۆيگە بېرىشىم كېرەك، — دەيتتى ئۇ ئىچىدە، — ئەمدى مېنىڭ ئېتىم بىلەن بويناقىمدىن ئىبارەت ئىككىلا دوستۇم قالدى. دادام قەيەردىدۇ؟ ئۇمۇ قانلىق جەڭدە قۇربان بولدىمىكىن؟ ئۇنى ئىزدەپ تېپىشىم كېرەك!» دېگەن ئويغا كەلدى ئۇ.

تۇرۇپكا ئۆزىنىڭ ئويلىرىنى بويناققا چۈشەندۈرگۈسى كېلەتتى، ئۇمۇ ئىگىسىنىڭ سۆزىنى بىلگۈسى كەلگەندەك غىڭشىپ، ئالدى ئايىغى بىلەن يەرلەرنى تاتىلاپ، چىدالماي پات ـ پات ھاۋشۇپ قوياتتى.

— ھەي، بويناق! يۈگۈرۈپ بېرىپ ماۋۇ ياتقان جەسەتلەرنى ئارىلاپ تەكشۈرۈپ كەلگىنە، ئۇلارنىڭ ئىچىدە بىزنىڭ غوجىمىزمۇ بارمىكىن؟ بار، يۈگۈر نەدىن بولسۇن غوجىمىزنى ئىزدەپ تاپ! — دېدى ئۇ ئىتقا خۇددى ئادەمگە سۆزلىگەندەك سۆزلەپ.

تۇرۇپكا بويناقنىڭ تۇمشۇقىنى سىيلاپ، ئۇنى ئىتتىرىپ تۇرۇپ يەنە:

— يۈگۈر بېرىپ غوجاڭنى ئىزدەپ كەل! — دېدى.

بويناق ئۆلۈكلەرنى ئاتلاپ تىمىسقىلاپ يۈگۈرۈشكە باشلىدى. ئۇ بىردەم شۇنداق يۈگۈرۈپ يۈردى ـ دە، بىر يەرگە بېرىپ توختاپ قاۋاشقا باشلىدى.

بۇنى ئاڭلىغان تۇرۇپكا ئورنىدىن تۇرۇپ شۇ تەرەپكە ماڭدى. ئۇ جەسەتلەرنى ئاتلاپ، ئاۋايلاپ دەسسەپ بارماقتا ئىدى. ئاتنىڭ ئاستىدا ئۇزۇن ۋاقىت بېسىلىپ تۇرغان ئايىغى تېخىچىلا ئەيۆشكە كەلمەيۋاتاتتى. شۇنداقتىمۇ تۇرۇپكا چىدام بىلەن زورىغا مېڭىپ كېتىپ باراتتى.

تۇرۇپكىنىڭ ئاياغلىرى ئاستا - ئاستا ئەيۋەشكە كېلىپ قەدەملىرى ئىتتىكلەشكە باشلىدى. ئۇ، بويناق دادامنى تاپقان ئوخشايدۇ، دەپ ئويلايتتى.

ئىگىسىگە بەكمۇ ئىجىل بولۇپ كەتكەن بويناق ئۇستى - ئۇستىگە يېقىلغان بىرنەچچە جەسەتنىڭ قېشىدا تۇراتتى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى تاتارلارنىڭ ئۇقى تېگىپ ياكى قىلىچىدا چېپىلىپ ئۆلگەنلەر ئىدى.

تۇرۇپكا دەرمانسىزلىنىپ پۈتۈن بەدىنى تىترىگەن پېتى قار ئاستىدىكى ئۆلۈكلەرگە يېقىنلاپ باردى - دە، ئېگىشىپ قاراشقا باشلىدى ۋە ئىتنىڭ يېنىدا ياتقان بىر جەسەتنىڭ يېنىغا بېرىپ توختىدى. بۇ ئۇنىڭ دادىسى ئەمەس، بەلكى ئادەم ھەيران قالغۇدەك چىرايلىق بىر ياش بالا ئىدى. ئۇنىڭ چىرايى قانسىراپ خۇددى ئاققۇدەك ئاپئاق تاتىرىپ كەتكەنىدى. بەلكى ئوغۇل بولۇشى مۇمكىن... ئۇزۇن كىرپىكلىك كۆك كۆزلىرى دۇنيادىن بىغەم ئاسمانغا تىكىلگىنىچە پارقىراپ تۇراتتى. كىرپىكىگە يېپىشقان قار ئۇچقۇنلىرى مۇز بولۇپ قېتىپ قالغانىدى. يۈزىدىكى شالاڭ سەپكۈنلىرى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئويماقتەك كېلىشكەن ئاغزى ئاللىقانداق بىر يېقىملىق سۆزنى ئېيتقۇسى كەلگەندەك سەل - پەل ئوچۇق ئىدى.

— بۇ تونۇش ئادەم... ياپىرىم، ۋىشنىيانكىغۇ بۇ. سەن بۇ يەرگە قانداق كېلىپ قالغانىدىڭ؟ ئەرەنچە ياسىنىۋالغىنىڭنى قارىمامدىغان، ساڭمۇ تاتارلارنىڭ ئەگرى قىلىچى تەگكەنىكەن - دە! — دېدى تۇرۇپكا يىغلامسىراپ. ئۇ ۋىشنىيانكىنىڭ جەسىتى قېشىدا ئولتۇردى. ئەتراپتا ئۇنىڭغا ئوخشاش ئەرەنچە كىيىنىۋالغان بىرقانچە قىزلارنىڭ ئۆلۈكى ياتاتتى. ئۇلارمۇ ۋەتىنىنى قوغداپ، تاتارلار بىلەن جەڭ قىلىپ، دۈشمەن قولىدا قۇربان بولغانلار ئىدى.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

تۇرۇپكا ئاستا ئېڭىشىپ، جانسىز ياتقان ۋىشنىيانكىنىڭ يۈزىدىن سۆيدى. بۇ ھەقىقەتەنمۇ ۋىشنىيانكا ئىدى. تۇرۇپكا ۋىشنىيانكىنىڭ خوشلىشىش ۋاقتىدىكى يېقىملىق سۆزلىرىنى، كۈلۈمسىرەپ تۇرغان چىرايىنى ئەسلىدى.

— ۋىشنىيانكا! — دەيتتى ئۇ شىۋىرلاپ، — ئەڭ بولمىغاندا ئاخىرقى بىر ئېغىز سۆزۈڭنى ئېيتىۋالغان بولساڭچۇ، سەن مېنى كۈتمەن، دەپ ۋەدە بەرگەن ئىدىڭغۇ، ئاشۇ ۋەدەڭنى ئورۇندىيالماي راستىنلا ئارماندا كەتكىنىڭمۇ بۇ! ئاخىرى ئىككىمىزنىڭ جەسەت بىلەن توشقان بۇ قارلىق دالادا ئۇچرىشىپ قالغىنىمىز مۇشۇ بولدىمۇ...

تۇرۇپكا ئۇنىڭ مۇزلاپ كەتكەن مەڭزىگە سۆيدى ۋە قولىنى تۇتۇپ كۆردى. ئۇنىڭ قولى ئاللىقاچان مۇزدەك قېتىپ قالغانىدى... تۇرۇپكا شۇ پېتى بىردەم ئويلىنىپ تۇردى. ئۇ شۇنداق تۇرغاندا جىمجىتلىق قاپلىغان كەڭ دالادا كىملەرنىڭدۇر زارلىنىپ ئېيتقان مۇڭلۇق ناخشىسى ئاڭلاندى. تۇرۇپكا مۇنداق ناخشىنى پىرونوۋبوردىكى ئۆيىدە يۈرگەندە، ۋاپات بولغان ئورۇق - تۇغقانلىرىنى يەرلىككە قويغاندا تالاي قېتىم ئاڭلىغانىدى. بىر چاغدا زىل ئاۋازلىق بىر ئايالنىڭ چىرقىراپ ئېيتقان ناخشىسى ئاڭلاندى. ئۇنىڭغا يەنە بىر ئايال قوشۇلدى. ئۇنىڭ ئاۋازى ئالدىنقىسىنىڭكىدىن يۇمشاق چىقاتتى. ئەمدى ناخشىنى ئۇلار ئىككىسى بىرلىشىپ ئېيتىشقا باشلىدى. قار بىلەن قاپلانغان كەڭ دالادا كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ ئۆلۈك ياتقان رۇس لەشكەرلىرى ئۇلارنىڭ ناخشىسىغا قۇلاق سېلىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى.

ھېلىقى زىل، مۇڭلۇق ئاۋازلىق ئايال مۇنداق دەپ ناخشا ئېيتاتتى.

زۇلپىقارىم، شەمشىرىم
كۈچ ـ مادارىم سەن ئىدىڭ!
سەن جېنىمدىن ئايرىلىپ،
تاشتى قايغۇ ـ ھەسرىتىم.
مەن يېتىم بىچارەگىنى،
كىمگە تاشلاپ كەتتىڭسەن؟
يورۇق كۈنۈم، يۇلتۇزۇم،
مېنى دەپ پاتتىڭ
ئۆچتۇڭسەن...
ئەزىزىمدىن ئايرىلدىم،
قاناتىم سۇندى قايرىلدىم،
يالغۇز بوزلاپ قالدىم مەن.

يوغان ئاۋازلىق ئايال بولسا، ئۇنىڭغا ئۇلاپلا ناخشىنى داۋاملاشتۇردى:

رەھىمسىز ئەجەل، شۇم ئەجەل،
رەھىملىك سوغ ئەجەل.
قۇتراپ، كېزىپ يۈرىدۇ،
جان ئالغۇچى بىر دەججال!
ئوغرىدەك ماراپ كېلىدۇ،
تۇيۇقسىز چاڭگال سالىدۇ.
مۇزدەك سوۋرۇن قوينىغا،
قېرى ـ ياشنى ئالىدۇ.
ئايرىلدۇق كۆپ باتۇردىن،
نەرە تارتىپ جەڭ قىلغان.
مەردلەر ئۈچۈن يىغلايمىز،
دۈشمەننى تالاي قىرغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىن ئامبىرى

تۇرۇپكا ماغدۇرسىزلىقتىن تىترەپ سەنتۈرۈلۈپ يۈرۈپ ناخشا ئېيتىۋاتقان ئىككى ئايالنىڭ قېشىغا باردى. ئاياللار قاتار تىزىلىپ قويۇلغان بىرنەچچە لەشكەرنىڭ جەسىتىنى ئوتتۇرىغا ئېلىپ تۇرغانىكەن. ئۇلارنىڭ كۆپى ئەرەنچە ياسىنىۋالغان بولۇپ، قار ئۈستىدە پالتا ئارىلىرى تاشلاقلىق تۇراتتى. ئاياللار تۇرۇپكىنى كۆرۈپ ناخشىلىرىنى توختاتتى ۋە كېلىۋاتقان يىگىتنى كۆرۈپ چۆچۈپ ۋە ھەيران بولۇپ داڭقېتىپ تۇرۇپلا قالدى.

— ياخشىمۇ سىلەر؟ يېڭىلاردىكى جەسەتلەرنىڭ قاتارىغا يەنە بىر قىزنىڭ جەسىتىنى ئەكىلىپ قويسام بولامدۇ؟

— بۇ ياققا كەل، يېقىنراق ئولتۇر، ئۆزۈڭ نەلىكەن؟ — دېدى ئاياللار.

— رەزانىنىڭ ئۆزىدىنمەن...

— ئۇنىمۇ ياد ئېتىپ دۇئا قىلايلى، ئۆزىمىزنىڭ ئەرلىرىگە ئوخشاشلا قولىمىزدىن كېلىشىچە ئەتىۋارلاپ، تاۋۇتسىز بولسىمۇ يەرلىكتە قويايلى.

ئۇلار شۇنداق دېيىشتى - دە، ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ، تۇرۇپكىنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ ماڭدى ۋە ۋىشنىيانكىنىڭ جەسىتىنى ئەكىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ يېقىن ئادەملىرى قاتارىغا قويدى. تۇرۇپكا قار ئۈستىدە ئولتۇرۇپ، ئاياللارنىڭ ناخشىسىنى تىڭشاشقا باشلىدى. ئاياللار بولسا، بىردە ھەممىسى قوشۇلۇپ، بىردە ئايرىم - ئايرىم نۆۋەت بىلەن ناخشا ئېيتىشقا باشلىدى:

دەرد تۆككىن، بوشاتقىن ئىچىڭنى،
يۈرەكتە غەم - غۇسسە قالمىسۇن.
دۈشمەنىنىڭ سۇيىقەستى گۇم بولسۇن
ئۇچۇقسۇن،

زوۋانى تۇتۇلسۇن.
ھەسرەتلىك تۇمانلار تارقىسۇن،
ئاپتاپ چۈشسۇن ئەلنىڭ بېشىغا.
خۇدايىم ئىشلارنى ئاسان قىلسۇن،
ئىچىنسۇن خەلقنىڭ كۆز يېشىغا.

بىر چاغدا ئۇلارنىڭ قېشىغا پۇتىنىڭ ئۇچىدا ئاۋايلاپ دەسسەپ ھاجى رەھىم يېتىپ كەلدى. ئاياللار ئۆزلىرىنىڭ يېنىدا تۇيۇقسىز پەيدا بولغان بۇ ئادەمنى كۆرۈپ، چۆچۈپ كېتىپ ئېيتىۋاتقان ناخشىلىرىنى توختىتىپ قويدى. ھاجى رەھىم قولىنى كۆكسىگە ئاپىرىپ سالام بەردى ۋە ئالقىنى بىلەن يۈز - كۆزىنى سىيپاپ دۇئا قىلدى.

— چىرقىرىۋاتىدۇ، بۇ كىم ئۆزى؟ — دېدى بىرى ئۇنى كۆرۈپ.

— بۇ تاتار باخشىسى! — دېدى تۇرۇپكا، — ئۆزى ئەۋلىيا ئادەم. دىۋانىلارغىلا ئوخشايدۇ، مەيلى دۈشمەن بولسۇن، مەيلى دوست بولسۇن ئۇچرىغىنىنى ئاللىماي ئەملەۋېرىدۇ. بۇنىڭ بەدىلىگە ھەق سوراپمۇ ئولتۇرمايدۇ.

ھاجى رەھىم ھاسىسىغا تايانغان پېتى، يەردە ياتقان جەسەتلەرگە خېلى ئۇزاق تىكىلىپ قاراپ تۇردى. ئۇنىڭ بۇ ئەھۋالىنى كۆرۈپ، بىر ئاز خاتىرجەم بولغان ئاياللار بىر - بىرىگە قارىشىپ قويۇپ، قايتىدىن قوشاق قېتىپ يىغلاشقا باشلىدى. بۇ چاغدا بويناق يات ئادەمنىڭ ئارقىدىن ئاستا كېلىپ، ئۇنىڭ ئۆتۈكىنى ئاستا - ئاستا يىراپ قويدى - دە، ياراتمىغاندەك قۇيرۇقىنى قىسىپ نېرىغا كەتتى ۋە تۇرۇپكىنىڭ ئالدىغا بېرىپ ياتتى.

ھاجى رەھىم ئاياللارغا قاراپ قولىنى كۆتۈرۈۋېدى،

www.uyghurkitap.com

ئۇلار قوشىقىنى توختاتتى. ھاجى رەھىم كۆمۈردەك قا-
كۆزلىرىنى چاقنىتىپ بىر نېمىلەرنى دەپ سۆزلەشكە باشلىدى. ئارىلاپ رۇسچە سۆزلەرنىمۇ ئىشلىتىپ قوياتتى. ئاياللار ھاڭ-
تاڭ بولۇپ، ئاغىزلىرى ئېچىلىپلا قالدى، ئۇلار ئۆزلىرىگە يات تىلدىكى سۆزلەرنى قۇلاق سېلىپ ئاڭلاۋاتاتتى...

— نېمە دەۋاتقانلىقىنى دەۋاتامسەن؟ سۆزىگىمۇ چۈشەنمىدۇق، لېكىن ئۇ ئۆزى بىر ئالىم بولسا كېرەك، — دېيىشەتتى، ئاياللار شىۋىرلىشىپ.

شۇنداق قىلىپ ھېلىقى تاتار باخشىسى قولىنى كۆكسىگە ئېلىپ سالام بەردى-دە، ئاستا مېڭىپ بېرىپ، چەكسىز تۈن قاراڭغۇسىدا غايىب بولدى.

## ئون يەتتىنچى باب

## ئىگناچ - كرېست يېنىدىكى كېلىشمەسلىك

ھاجى رەھىم يېزىشنى داۋام قىلاتتى:

«مېنىڭ كۆزۈمگە ئۆلۈمدىن باشقا ھېچنەرسە كۆرۈنمەيدۇ. ئۆلۈم پۇتۇمغا پۇتلىشىپلا يۈرىدۇ. بىراق شۇنداقتىمۇ تېخىچە بىرەر نەيزىنىڭ تىغى ياكى قىلىچنىڭ بىسى تەگمەي، بىرەر ساداقنىڭ ئوقى سانجىلماي ئامان يۈرمەكتىمەن. بۇ دېگىنىم بالا - قازادىن قۇتۇلۇپ قالدىم، دېگەنلىكىم ئەمەس. ئۇ ھېلىمۇ تەھدىت سېلىپ تۇرۇپتۇ. دۇنيادىن بىغەم، خاتىرجەم يۈرگەن كۈنلىرىمنىڭ بىرىدە، بېشىمغا چاقماق چۈشكەندەك ئىشىمنى تۈيۇقسىز تامام قىلىدىغانلىقىمنىمۇ ئوبدان بىلىمەن...».

ھاجى رەھىم يېڭى چىققان ئاينىڭ غۇۋا يورۇقىدا

كۆرمىڭلىغان تاتار لەشكەرلىرى بېسىپ ئۆتكەن ئورمان ئىچىدىكى يولغا چۈشۈپ، شۇ يول بىلەن ئالغا قاراپ مېڭىۋەردى. مىڭلىغان ئاتلار قېلىن قارنى تىلغاپ بۆسۈشتىپ كەتكەنلىكتىن ئۇ تىزىغىچە قار كېچىپ، يىقىلىپ ئاران كېتىپ باراتتى. ئاچال يېزىل ئېغىزىغا كەلگەندە، ھاجى رەھىم تۇيۇقسىز ئۆزىنىڭ نامىنى ئاتاپ چاقىرغان بىر ئاۋازنى ئاڭلىدى. ئاز ئۆتمەي ئاتلىق تۆت ئادەم يېتىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ بىرى ھاجى رەھىمنىڭ تىنىققان ئالا ئېتىنى يېتىلەپ كېلىۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ بىرى ئەرەپشاھ، قالغانلىرى باشقا تاتار لەشكەرلىرى ئىدى.

ئەرەپشاھ ھاجى رەھىمنىڭ يېنىغا كېلىپ ئېتىدىن چۈشتى - دە، ئۇنىڭ قولىنى سۆيدى. ئاندىن كېيىن قولى بىلەن كۆزلىرىنى ئېرتتى.

— مەن سېنىڭ مۇرىدىڭمەن. شۇڭا سېنىڭ بېشىڭغا ئېغىر كۈن چۈشكەندە دالادا يالغۇز تاشلاپ كېتىشنى ھەرگىز راۋا كۆرمىدىم. سېنىڭ ئېتىڭ دالادا مۇڭغۇل قىسىملىرىنىڭ ئارىسىدا ئېگەرنى قارنىغا ئېلىپ، كىشنەپ ئۇيان - بۇيان يۈگۈرۈپ - قېيغىتىپ يۈرگەندىكەن. ئۇنى جاھانگىر تونۇۋالدى. ئاندىن كېيىن ئۇ مېنى چاقىرىپ، سېنىڭ جەستىڭنى تېپىپ ئەكەل، دەپ ئارقامغا قايتۇردى. ئۇ سېنى قازا بولغان ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپ قالغاندى. ئەگەر رۇسلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغان بولساڭ سېنى چوقۇم تىرىك قويمايتتى.

— رۇسلارمۇ بىزگە ئوخشاشلا ئادەم بالىسىغۇ، مەن ياردار بولغان رۇسلارنى داۋالىدىم. ئۇلارنىڭ جەسەتلىرىنىڭ بېشىدا ئۆلگەنلەرنى ياد ئېتىپ، دۇئا ئوقۇغىنىنى ئاڭلىدىم. ئۇلار ھېچقانداق يامانلىق قىلمىدى، بەلكى تەقدىردە شۇنداق يېزىلغاندۇ، بىراق بۈگۈن بىر سەن مېنى تېگى يوق ھاڭغا

چۈشۈپ كېتىپ بارغان يېرىمدە قۇتۇلدۇرۇپ قالدىڭ، دوستۇم. ئەرەپشاھ ھاجى رەھىمنى قىلتۇقىدىن يۆلەپ، ئۈزەڭگىگە پۇتىنى دەسسىتىپ ئاللا ئىتىغا مىندۈرۈپ قويدى.

مۇڭغۇل لەشكەرلىرى رۇسلارنىڭ شىمالدىكى باي مەركىزى نوۋگورود شەھىرىگە قاراپ كېچىچە ئالدىراپ - تېنەپ يول ماڭدى. بىراق چۈشكە يېقىن يىل يۈرۈش ئىمكانىيىتى زادىلا بولماي قالدى. ئۇلارنىڭ ئاتلىرى قېلىن قارغا پېتىپ، پۇتلىرىنى ئارانلا يۆتكەيتتى. تېخى يېقىندىلا توڭلاپ تاشتەك قېتىپ كەتكەن يوللار كۈننىڭ ئىسسىقى بىلەن ئېرىپ، بۇزۇلۇپ كەتكەنىدى. يوللاردا پات - پاتلا تېيىلىپ يىقىلىپ چۈشۈۋاتقان ئاتلىرىنى يۆلەپ تۇرغۇزىمەن، دەپ لەشكەرلەرنىڭ ھېچ ھالى قالمىدى. رۇس ئەسىرلىرىدىن بولغان يولباشلىغۇچىلار بۇ يوللارنىڭ داۋامى تېخىمۇ يامان، كەلكۈن سۇلار دېڭىزغا بېرىپ قۇيۇلغىچە بولغان ئەللىك كۈن ئۆپچۆرىسىدە بۇ يوللار بىلەن زادىلا ماڭغىلى بولمايدۇ، دەپ ئۇقتۇردى.

بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن باتۇخان تىرىكىپ، ناھايىتى چېچىلغاق بولۇپ قالدى. باتۇخان پاتقاققا پېتىپ كېتىپ بارغان مۇڭغۇل لەشكەرلىرىنىڭ ھالىنى كۆرۈپ، كۈلۈپ قويغان بىر رۇس لەشكىرىنى ئۆز قولى بىلەن چېپىپ تاشلىدى.

— باتۇر، يۈرەكلىك، ئىرادىلىك ئادەمگە ھېچ نەرسە توسقۇن بولالمايدۇ. يول باشلىغۇچىلار بىزنى بىرەر پالاكەتكە يولۇقتۇرۇش ئۈچۈن قەستەن مۇشۇ پاتقاقلىققا باشلاپ كەلدى. بىراق بەربىر ئۇلاردىن بىزنىڭ كۈچىمىز ئارتۇق، قولىمىز ئۇزۇن. ئۇلار ھەرقانچە ھىيلە ئىشلەتمىسۇن، بىز داڭلىق نوۋگورود شەھىرىگە بارماي قويمايمىز! — دېدى باتۇخان.

لەشكەرلەر بارا - بارا بۇ ئەھۋالغا نارازى بولۇپ،

ئۇچۇق ئاشكارىلا غۇتۇلداشقا باشلىدى. ئىككى يولنىڭ كېسىشكەن جايىدا ئېگىزلىكى ئۈچ ئادەم بويى كەلگۈدەك ياغاچ كرېست يەرگە ئورنىتىلغانىدى. لەشكەرلەر نەق شۇ يەرگە كېلىپ توختىدى ۋە مۇشۇ يەردە ئاتلىرىنى دەم ئالدۇرۇۋالماقچى بولدى. ئۇ يەردە سۇبتاي باھادىر كېرىنكى زادە دەپ ئاتىلىدىغان باخشى ئايالنى يېنىغا چاقىرىپ، ئۇنىڭغا «خۇدايىڭلارغا دۇئا-تىلاۋەت قىلىڭلارچۇ، بەلكى ئۇ يولىمىزنى ئاسان قىلىشى مۇمكىن» دېدى.

كۆپ كېچىكمەي باخشى ئايال تۈكلىرى تەتۈر ئۆرۈلۈپ تۇرغان قارا ئاتقا مىنىپ يېتىپ كەلدى. ئۇ باتۇخاننى كۆرۈشى بىلەنلا قوڭغۇراقلىرىنى جىرىڭلىتىپ، دېپىنى چېلىپ، ئات ئۈستىدە ئۇيان - بۇيان دىۋىنىپ ئاللا - تۇۋا دەپ زىكرى قىلىپ جىنلىرىنى چاقىرىشقا باشلىدى.

— ھەي ئاسماندىكى تەڭرىلەرنىڭ سادىق خىزمەتكارى، مەن ئالغا ماڭسام بولامدۇ ياكى بولمامدۇ، نوۋگورودتا ئىشلىرىم ئوڭۇشلۇق بولامدۇ ياكى مەشەدە قازا تاپىمەنمۇ؟ مانا مۇشۇلارنى ئېگىلىرىڭدىن سوراپ باققىنە! — دېدى باتۇخان ئۇنىڭغا.

كېرىنكى زادە مۇرىسىگە ھايۋان تېرىسى ئارتىۋالغان، دوپپىسىغا بىرنەچچە تال قۇشلارنىڭ بېشىنى چىگىۋالغانىدى. ئۇ ئېتىدىن سەكرەپ چۈشۈپ بىردەم ئۇسسۇل ئوينىغاندەك ئۇيان - بۇيان سەكرەپ يۈردى - دە، بىردىنلا ئېرىراق يەردە ئۆسكەن ئېگىز بىر قارىغاينىڭ تۈۋىگە باردى ۋە: «ئاسمان بىلەن سۆزلىشىپ كۆرەي، يىراقلارغا كۆز سېلىپ باقاي، تەڭرىلەر ھەممىنى بىلىدۇ. ماڭا ھەممىنى سۆزلەپ بېرىدۇ!» دەپ ۋارقىرىدى.

باخشى ئايال قارىغاينىڭ بېشىغا قىينالمايلا چىقىۋېلىپ،

ئۇنى ئۇيان - بۇيانغا ئىرغىتىشقا باشلىدى. بۇنى كۆرگەن موڭغۇللار:

— بايقا سونۇپ كەتمىسۇن يەنە! تېزرەك قايتىپ چۈش! — دەپ ۋارقىراشتى. بىراق باخشى خوتۇن ئۇلارنىڭ سۆزىنى ئاڭلايدىغاندەك ئەمەس ئىدى. دېگەندەك قارىغاينىڭ ئۇچى بىر تەرەپكە بارغانسېرى قىيسىيىپ، چىرتلا سۇنۇپ كەتتى. قارىغاي بىلەن بىللە گۈپ قىلىپ، قار ئۈستىگە چۈشكەن باخشى خوتۇن، قار ئاستىدىكى مۇزنى تېشىپ ئۆتۈپ، لاي سۇغا پېتىپ چۆكۈشكە باشلىدى. باخشى پاتقاقتىن چىقىۋېلىشقا ئۇرۇنۇپ خېلى يۇلقۇنۇپ باققان بولسىمۇ، پېتىق پاتقاق بارغانسېرى ئۇنى تۆۋەنگە تارتماقتا ئىدى. بۇنى كۆرگەن سۇبىتاي:

— تېزرەك ئارقان ئەكىلىڭلار! ئارقان تاشلاڭلار! — دەپ ۋارقىرىدى ۋە ئېگەرنىڭ قېشىدا تۇرۇقلۇق تۇرغان ئارقاننى يېشىۋېلىپ، باخشى خوتۇنغا تاشلىدى، بىراق ئارقان سەل قىسقا كېلىپ ئۇنىڭغا يەتمەي قالدى. سۇبىتاي ئارقاننى قايتا يىغىۋېلىپ ئېتىنى كېرىنكى زادە تەرەپكە يېقىنراق ئاپاردى. سۇبىتاي باھادىرنىڭ ئېتى تىزىغىچە قارغا پېتىپ، ئاران ئالغا سىلجىيتتى. سۇبىتاي ئارقاننى باخشى خوتۇنغا يەنە تاشلىدى. بۇ قېتىم ئارقاننىڭ ئۇچى باخشى خوتۇننىڭ بېشىغا تېگىۋىدى، باخشى خوتۇن شاپىدە تۇتۇۋالدى. بىراق شۇنىڭدىمۇ ئۇ قويۇق قارا پاتقاققا بارغانسېرى چۆكمەكتە ئىدى. سۇبىتاينىڭ ئېتى ئۇ تەرەپكە يەنە بىر قەدەم بېسىشىغا ئۇنىڭ ئاياغ ئاستىمۇ ئۆيۈلۈپ كېتىپ پاتقاققا كىرىپ كەتتى. سۇبىتاي ئات ئۈستىدىن سەكرەپ چۈشمەكچى بولۇپ تۇرغاندا مۇز يېرىلىپ ئات پاتقاققا تېخىمۇ چوڭقۇر پېتىشقا باشلىدى. ئات پۇتلىرىنى مىدىرلاتقانسېرى چۆكمەكتە ئىدى.



www.uyghurkitap.com

— ۋايجان، غالىب قوماندان پاتقاقتا پېتىپ قالدى! ئېمىگە قاراپ تۇرىسىلەر! ھەرىكەت قىلمامسىلەر! — دەپ چۇرقىراشتى موڭغۇللار.

شۇ ئەتراپتا تۇرغان بىرنەچچە موڭغۇل قوماندان پاتقاقتا پېتىپ قالغان يەرگە يۈگۈرۈشۈپ كەلدى. ئۇلار سالما قىلىپ تاشلىغان قارا قىل ئارقان سۇبىتاينىڭ كۆتىرىلۈپ تۇرغان قولى بىلەن بوينىغا ئىلىنىپ قالدى. موڭغۇللار بار كۈچىنى ئىشقا سېلىپ قوماندانىنى پاتقاقتىن سۆرەپ چىقىشقا باشلىدى.

سۇبىتاي شۇ ھالدا تۇرۇپ:

— ئاتنى قۇتۇلدۇرۇڭلار!... ئېتىمنى پاتقاقتىن تارتىپ چىقىرىڭلار! — دەپ ۋارقىرىدى.

موڭغۇللار سۇبىتاينى يول ئۈستىگە سۆرەپ ئېلىپ چىققاندا، ئۇنىڭ ئېتى بوينىغىچە پاتقاققا پېتىپ كەتكەنىدى. ئۇ شۇ پېتىچە بىردەم پۇشقۇرۇپ تۇردى. ئاندىن زارلانغان ئادەمدەك بىرنەچچە قېتىم قاتتىق كىشنىدى - دە، جىم بولدى. ئەمدى ئۇنىڭ بېشىمۇ كۆرۈنمەي قالدى. بىرئاز ئۆتكەندىن كېيىن سازلىقتا چۆكۈپ كەتكەن ئايال ۋە ئاتنىڭ ھېچقانداق ئىزناسى قالمىدى. پەقەت باخشى خېتۇنىڭ ئۇششاق ھالقىلىق دۇگىلەك دېپىلا پاتقاق ئۈستىدە لەيلەپ تۇراتتى...

ئۈستىبېشى قاپقارا پاتقاق بولۇپ كەتكىنىگە قارىماي قايتا - قايتا ئېتىغا ئۆمىدلىنىۋاتقان سۇبىتاينى موڭغۇللار ئاران توختىتىۋالدى. ئۇ پەقەت: «تەڭگە چىپار ئېتىم! سەن مېنى تالاي قېتىم ئەڭ ئېغىر قىيىن قىستاڭلاردىن سالامەت قۇتۇلدۇرۇپ چىققانىدىڭ. سەن مېنىڭ ئەقىللىق مەسلىھەتچىم ئىدىڭ. جانىۋار! ئەمدى سېنىڭسىز قانداق كۈن كۆرەرمەن. ھەي، سەن قاغىش تەگكۈر رۇس يېرى...» دەپ ھەسرەت چەكتى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئۆزۈندىن بىرى ئۇنىڭ بىلەن بىللە لەشكىرىي تۇرمۇش كەچۈرۈپ كېلىۋاتقان مۇڭغۇللار ئاتلىرىدىن سەكرەپ چۈشۈپ، قوماندانىنى قورشىۋالدى ۋە سۇبىتاينىڭ گەپ ئاڭلىمايدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ، ھەممىسى يىپىرۇلۇپ كېلىپ، ئۇنى يىقىتتى - دە، ئاتلىرىغا بېسىپ ئۈستىدە ئولتۇرۇۋالدى.

تىنچ ئولتۇر، ئۇ تەرەپكە بارما، رۇسلارنىڭ قارا جىنلىرى قان تىلەيدۇ. بۇ كۆيۈپ كەتكۈر قاغىش تەگكەن يەرلەر باتۇر كېرىنكى زادە بىلەن بىللە سېنىڭ ھارماس، ئەقىللىق ئېتىڭنى يۇتۇپ كەتتى. بىز ئەمدى مۇشۇ يەردە بولىدى قىلىپ، ئالغا ماڭماي ئارقىمىزغا قايتىشىمىز كېرەك. ئاۋۇ تۇرغان ئېگىز ياغاچ كرېستنى كۆردۈڭمۇ؟ رۇسلار ئانداق كرېستنى ئۆلگەن باخشىلىرىنىڭ بېشىغىلا قادايدۇ. بىر چاغلاردا مۇشۇ ئەتراپتا رۇسلارنىڭ ئىگىناچ دېگەن قاراقچىسى خېلى كۆپ يولۇچىلارنى ئاشۇ تۇرغان سازلىقتا ئۆز قولى بىلەن تاشلىۋەتكەنىكەن... جاھانگىرگە ئېيت، بىزگە نىزۇگېرودنىڭ كېرىكى يوق. ئۇنىڭ خەزىنە - مۈلكىنىڭمۇ ھاجىتى يىزق. ئۇنىڭدىن كۆرە ساق - سالامەت ۋاقتىدا ئارقىمىزغا قايتايلى... ساڭا باشقا ئاتمۇ تېپىلىپ قالار، ساڭا تېخى تالاي ئات خىزمەت قىلار، نىمانچە خاپا بولىسەن، جېنىڭدىن ئارتۇق ئەمەسقۇ؟ خالىغان ئېتىڭنى تاللىۋال! — دەپ سۇبىتاينى بەزلىمەكتە ئىدى.

بىر چاغدا سۇبىتاي باھادىر بىر يۇلقۇنۇپ، ئۈستىدىن بېسىپ تۇرغان مۇڭغۇللارنى كۆتۈرۈپ تاشلىۋەتتى. ئۇ پاتقاقلىقتا قارايمۇ قويماي ئاشۇ ئەتراپتا تۇرغان بىر ئاتقا سەكرەپ مىندى - دە، چاپقان پېتىچە باتۇخاننىڭ قېشىغا باردى. باتۇخان بۇ چاغدا قارا تەرگە چۆمۈپ، ئۈستىبېشى پاتقاققا مىلىنىپ كەتكەن كۆك ئايغىرنىڭ تىزگىنىدىن تۇتۇپ،

ئۇنىڭغا قارا نانىنى پارچىلاپ يېگۈزمەكتە ئىدى.

سۇبىتاي باھادىر ئاتتىن چۈشۈپ، باتۇخاننىڭ ئالدىغا باردى ـ دە، بىر تىزىنى پۈكۈپ ئولتۇردى. بىردەمدىلا ئۇ ئىككىسىنى مىڭبېشىلىرى ئورىۋالدى. ئۇلار گەپ ـ سۆز قىلماي باشقىلار نېمە دەركىن دەپ، ئۇلارنىڭ ئاغزىغا تەلمۈرۈپ قاراپ تۇراتتى.

— مۇشۇ ۋاقىتقىچە مېنىڭ يولۇمنى توسقىدەك ھېچنېمە ئۇچرىمىغانىدى. مېنىڭ لەشكەرلىرىم بۇ يەرگە تالاي سۇسىز چۆللەرنى، ئېگىز تاغلارنى، قېلىن ئورمانلارنى بېسىپ ئۆتۈپ، كەلگەنىدى. دولقۇنلاپ تۇرغان ئېدىل دەرياسىدىن، ئۇندىن باشقا تالاي ئەزىم دەريالاردىن ئۆتكەنىدى! ئەمدىلىكتە دەريالار تېشىپ، يوللارنى سۇ بېسىپ كەتكەن بىر ۋاقىتتا ياۋۇز رۇس جىنلىرى لەشكىرىمنىڭ پېيىغا چۈشكەندەك قىلىدۇ. مەن ئەمدى كەينىمگە قايتىمەن. بىز قىپچاق دالاسىغا بېرىپ دەم ئېلىشىمىز كېرەك! — دېدى. باتۇخان بىر ئازدىن كېيىن.

— خۇش خەۋەر! سەھرايىمىزغا قايتىمىزكەن! — دەپ چۇرقىرىشىپلا كەتتى بۇنى ئاڭلىغان مۇڭغۇللار. بۇ خۇش خەۋەر پاتقاقلىق يوللار بىلەن سوزۇلۇپ كېلىۋاتقان باش ـ ئاخىرى يوق لەشكەرلەرنىڭ ھەممىسىگە بىردەمدىلا يېتىپ بولدى ...

## ئون سەككىزىنچى باب

## قارشىلىق باستۇرۇلسۇن

بولدۇم غەمگە مۇپتىلا:
ۋەتەن تەقدىرى نېمە بولار...
يېتىلسە ياشلار، ئەۋلادلار

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

## ياۋدىن شۇلار ئۆچ ئالار!
(ئا. تولستوي «زىمىي تۇگارىن»)

«ئادەمنى چۆچۈتىدىغان قايغۇلۇق ھەم داغلىق ۋەقەلەرنى يېزىپ بايان قىلىشتا جۈرئىتىم يەتمەيدىغان، قولۇمنى زورىغا ئارانلا سۈرىدىغان بولۇپ قالدىم» دەپ يازىتتى ھاجى رەھىم.

تاتار لەشكەرلىرى بىرنەچچە قىسىملارغا بۆلۈنۈپ، رۇس يەرلىرىدىن كەڭ قىپچاق سەھرالىرىغا قاراپ يېرىلغا چىقتى. تاتارلار يول بويى ئۇچرىغانلا شەھەرلەرگە بېسىپ كىرىپ، مال - مۈلۈكلىرىنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلىپ، ئاھالىنى قىرىپ - چېپىپ، يەر بىلەن يەكسان قىلىپ ماڭدى. ئۇلار تورژوكنى، تۋېرنى، ۋلىخوۋنى، دىمىتروۋنى ۋە باشقا نۇرغۇن شەھەرلەرنى ۋەيران قىلىۋەتتى. بۇ يەرلەر بەربىر بىزنىڭ ماكانىمىز ئەمەس، قول بولۇشقا ئۇنىمىغانلار كۈل بولۇپ كەتسۇن، دېيىشىپ ھەممە ئەسكىلىكنى قىلدى. ئۇلار يەنە تاتارلارنىڭ بۇ مۇدھىش ۋەيرانچىلىقى رۇسلارنىڭ مەڭگۈ ئېسىدىن چىقمايدىغان بولسۇن، دېگەندەك ئىش قىلدى.

تاتارلارنىڭ مال ئۇزۇقى پۈتۈنلەي تۈگىگەنىدى. ئۇلارنىڭ ئاتلىرى ئاچلىقتىن ئورۇقلاپ ئۆلۈشكە باشلىدى. ئۇلارغا سۇ بۇزۇۋەتكەن پاتقاق يوللار بىلەن يۈرۈشكە، نۇرغۇن قىيىنچىلىقلارنى يېڭىشكە توغرا كەلدى. شۇ يىلى قار قېلىن ياغقانىدى. ئەتىياز باشلىنىشى بىلەن بۇ قارلار ئېرىپ، كەلكۈن كېلىپ، يەر - جاھاننى سۇ بېسىپ، يول بويى ئۇچرىغانلىكى دەريالارنىڭ ھەممىسى قىنىدىن تېشىپ كەتكەنىدى. كىچىككى يوق بۇنداق دەريالاردىن ئاتلار ئۈزۈپ ئۆتەتتى. ھېرىپ - ئېچىپ ئاران كېلىۋاتقان ئاتلارنىڭ ئىچىدە ئەنە شۇنداق

ئۇلۇغ سۇلاردىن ئۆتكەندە پەرق بولغانلىرىمۇ بولدى.

يول بويى مەيلى قايسى يول بىلەن يۈرمە ھەممىلا يەردە يۈگۈچى چۈشۈپ كەتكەن كونا كۆرپە جۇۋىلار، قانغا مىلەنگەن كىيىم - كېچەكلەر، يىرتىق چاپانلار، ئەسكى ئۆتۈكلەر، جۇل - جۇل بولۇپ كەتكەن لاتىلار، سۇنۇق چىنە - قاچا، كوزا - تاۋاقلار، يېرىلغان ياغاچ تۇگلار، ئېگەر - توقۇملار ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەر لىق تولغان چانىلار ئۇچرايتتى. تاشلانغان پېتى چېچىلىپ ياتقان بۇ نەرسىلەر ئەمدى بارغانسېرى ئارقىدا قالماقتا ئىدى. بۇنىڭ ھەممىسى رۇس دېھقانلىرىدىن تارتىۋېلىنغان نەرسىلەر ئىدى. مىغىلدىغان چىۋىنلىدەك يالماۋۇز بۇ تاتارلارغا ھەرقانداق ئوزۇق - تۈلۈك، ئات يېمى توشمايتتى. ئۇلارنىڭ ئاچ ھەم ئورۇقلاپ مۇردىدەك بولۇپ قالغان ئاتلىرى چانىلارنى ئاران سۆرەپ كېلەتتى. ئۇلار چانىلارنى يولدىكى كاتاڭلاردىن تارتىپ چىقالماي مۇدرىپ يىقىلاتتى. يىقىلىپ چۈشكەن ئاتلارنى ئەسىرگە چۈشكەن دېھقانلار بىرى قۇيرۇقىدىن، بىرى بېشىدىن تۇتۇپ يۆلەپ ئاۋارە بولاتتى. بىراق قورۇق ئۇستىخان بولۇپ دەرمانى قالمىغان بۇ ئاتلار ھەرقانچە قىلسىمۇ ئورنىدىن تۇرالمايتتى. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن دېھقانلار نېمە قىلارىنى بىلمەي ھۆكرەپ يىغلاپ كېتەتتى. مۇڭغۇللار بۇنداق ئاتلارنى چانا - پانىلىرى بىلەن قوشۇپلا تاشلاپ كېتىۋېرەتتى. ئۇلار تاشلىنىپ قېلىۋاتقان بۇ نەرسىلەرنى ئويلاپمۇ قويمايتتى. تاتارلارنىڭ بىر قىسمى كوزېلسك قەلئەسىنىڭ قېشىدا بىر مەھەل ھايال بولۇپ قالدى. بۇ قەلئە رۇس يېرى بىلەن ۋەھشىي دالانىڭ چېگرىسىغا جايلاشقان، بازارلىرى ئاۋات بىر جاي ئىدى.

بۇ ئەتراپتىكى مۇڭغۇل قىسىملىرىنى كۆيۈك خان باشقۇراتتى. ئۇ ئۇزۇندىن بېرى داڭقىنى چىقىرىشقا خىيالى كۆپ

ئۇرۇنۇپ كۆرگەن بولسىمۇ، باشقا قوماندانلار بۇرۇن ھەرىكەت قىلمىغانلىقتىن ئۇرغۇن غەلىبىلەرنى ئۇنىڭ قولىدىن تارتىۋالغانىدى. كوزېلىسك شەھىرىنى قورشاۋغا ئېلىش ۋە ئۇنىڭغا ھۇجۇم قىلىش خېلى ئۇزۇن داۋام قىلدى. شەھەر ئادەملىرى قولىغا قىلىچ ئېلىپ جان تىكىپ جەڭ قىلدى. ئۇلار بەزىدە تۈن قاراڭغۇسىدا تاتارلارغا ھۇجۇم قىلىپ، خاتىرجەم ئۇخلاۋاتقان بىر قىسىم تاتارلارنى قىرىپ تاشلاپ كېلەتتى. قەلئە تاملىرىغا يامىشىپ چىققان دۈشمەن لەشكەرلىرىنى ئىتتىرىپ تۆۋەنگە غۇلىتىپ تۇردى.

كۈيۈك خان تاتار قوشۇنلىرىنىڭ شەھەرنىڭ يېنى بىلەن مېڭىپ قىپچاق دالاسىغا قايتىپ كېتىپ بارغانلىقىنى كۆردى. ئۇنىڭ لەشكەرلىرى بولسا كوزېلىسك شەھىرىنى قورشىۋېلىپ، ھەرقانچە ھۇجۇم قىلىپ باقسىمۇ ھېچ نەتىجە چىقمىغانلىقتىن، شەھەرنى ئېلىشتىن ئۈمىد ئۈزۈپ، رۇس پاتقاقلىرىدىن بىزار بولۇپ، ئىشەنچلىك ۋە ئەركىن ئازادە يۈرەلەيدىغان ۋەھشىي دالاغا كېتىشنى خالايتتى. شۇڭا كۈيۈك خان ھۇجۇمىنى توختىتىپ، شەھەرنى قورشاپ تۇرغان قوشۇننى چېكىندۈرۈپ، قايتىپ كېتىش نىيىتىگە كەلدى.

بىراق بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقان باتۇخان ئۇ يەرگە دەرھال يېتىپ باردى. ئۇ كېلىپلا شەھەرنىڭ ئەتراپىنى بىرەر ئۇرۇنىمۇ بوش قالدۇرماي تولۇق قورشىۋالدى. سۇبىتاي باتۇخاننىڭ «جەڭگىۋارلىرى» كۈيۈك خان قوشۇنىنىڭ ئالدىنى توراپ، ئۇلارنى ئارقىسىغا قىستاپ، كوزېلىسك قەلئەسىنىڭ تۆۋىنگىچە ھەيدەپ كەلدى.

شەھەر بېگى ۋاسىلى تېخى يېشىغا يەتمىگەن بالا كىنەز ئىدى. شەھەر قوغدىغۇچىلىرى تاتارلار بىلەن چېكىنمەي جەڭ قىلىپ دۈشمەننى خېلى ئۆلتۈردى. ئەسىرگە چۈشكەن لەشكەرلەر:

«بىزنىڭ كىنەزىمىز تېخى ياش. بىز ۋەتىنىمىزنىڭ سادىق ئوغلانلىرىمىز. شۇڭا دۈشمەن بىلەن تامچە قېنىمىز قالغىچە جەڭ قىلىمىز! زۆرۈر بولسا جېنىمىزنىمۇ ئايىمايمىز. شۇنداق قىلىپ ئەڭ بولمىغاندا خەلق ئاغزىدا ياخشى نام قالدۇرىمىز. ھەرگىز يامان ئاتلىق بولمايمىز...» دېيىشتى.

— تاتارلار كوزىلسك شەھىرىنىڭ يېنىدا ئۇدا قىرىق توققۇز كۈن تۇردى. بىراق شۇنداقتىمۇ ئۇلار شەھەرنىڭ باتۇر قوغدىغۇچىلىرىنى بويسۇندۇرالمىدى. تاتارلارنىڭ كەڭچىلىك قىلىمىز دېگەن ۋەدىلىرى ۋە يوق قىلىۋېتىمىز، دېگەن قورقۇتۇشلىرىدىنمۇ ھېچقانداق نەتىجە چىقمىدى. شەھەر خەلقى قەلئەدە مۇستەھكەم ئورۇنلىرىدىن تەۋرەنمەي چىڭ تۇرۇۋالدى. تاتارلار ئاخىرى قورغان بۇزغۇچى قۇراللارنىڭ كۈچى بىلەنلا كوزىلسك شەھەر قەلئەسىنى بۇزۇشقا مۇۋەپپەق بولدى. بىراق شەھەر خەلقى يەنىلا تىز پۈكمەي، ئۆلەر - تىرىلىشىگە قارىماي جەڭ قىلدى. ئۇلار بەرىبىر بىر ئۆلۈم دەپ، ئەڭ بولمىغاندا دۈشمەن بىلەن بىر پىچاقلىشىۋېلىشقا تىرىشتى. شۇڭا ئاشۇ بىر كۈننىڭ ئىچىدە جەڭدە ئۆلگەن موڭغۇل لەشكىرى تۆت مىڭغا يەتتى. كوزىلسكنىڭ قوغدىغۇچىلىرىدىنمۇ كۆپ ئادەم چىقىم بولدى. بۇنى كۆرگەن باتۇخان بەكمۇ غەزەپلەندى، ئۇ لەشكەرلىرىگە شەھەردىكى خوتۇن - قىز، بالا - چاقا، قېرى چۆرىلەرنىڭ بىرىنى قويماي تۈگەل قىرىپ تاشلاشنى بۇيرۇق قىلدى.

— بۇ ئۆتۈپ كەتكەن جاھىل شەھەر ئىكەن! — دېدى باتۇخان، — شۇڭا ئۇنى يەر بىلەن يەكسان قىلىپ، يانجىپ تاشلاش كېرەك. ئەگەر بۇنداق ۋەھشىي قاراقچىلارنىڭ تېگىشلىك جازاسىنى بەرمىسەم، ئۇلار ھېچكىمگە ئىتائەت قىلماي، ھامان بىر كۈنى ئىسيان كۆتۈرۈپ قارشىلىق كۆرسىتىدۇ ۋە

يوشۇرۇن زىيانكەشلىكىنى توختاتمايدۇ. ئۇشۇ پىتى ئەسكىرىمنى غەربكە باشلاپ كىتىۋەرسەم ئۇ چاغدا بولغار، ئوردىۋا خەلقلىرى رەزان، ۋىلادىمىر شەھەرلىرىنىڭ ۋە باشقا يۈزلىگەن شەھەرلەرنىڭ بارلىق ئاھالىسى قوراللىرىنى بەتلەپ، قىلىچلىرىنى بىلەپ، نەيزىلىرىنى ئۇچلاپ كۈتمىگەن يەردىن تۇيۇقسىز كىلىپ زەربە بىرىشى مۇمكىن. پۈتۈن دۇنيانى دىر - دىر تىترەتكەن ئۇلۇغ چىڭگىزخاننىڭ ئۆزى قوروپ بەرگەن مىنىڭ بۇ قۇدرەتلىك دۆلىتىمگە قارشى چىققان ھەرقانداق ئادەمنىڭ جازادىن قۇتۇلۇپ قالالمايدىغانلىقىنى بۇ جاھىل رۇسلار ئوبدان تونۇپ قويسۇن! ئەگەر رۇسلارغا جان كىرەك بولسا، ئۇلارنىڭ بوندىن كىيىن يەنە داۋاملىق ھايات يۈرگۈسى كەلسە، ماڭا ئىتائەت قىلىشى، ماڭا ھۆرمەت قىلىشى كىرەك...

باتۇخاننىڭ نۆكەرلىرى بالا كىنەز ۋاسىلىنى ئىزدەپ ئوت قاپلاپ كەتكەن شەھەرنى بىر ئايلىنىپ چىققان بولسىمۇ، ئۇنى ھىچيەردىن تاپالمىدى. ئۇ ھەققىدە بەزىلەر: بالا كىنەز شەھەردە ئاققان قانلاردىن پەيدا بولغان كۆلگە چۈشۈپ تۇنجۇقۇپ ئۆلۈپتۇ، دىگەن سۆزلەرنى قىلىپ يۈرىدۇ.

باتۇخاننىڭ ئەمدى بۇ يەردە بىر كۈنمۇ تۇرغۇسى كەلمەي، قىپچاق دالاسىغا قاراپ ماڭدى.

شۇنداق قىلىپ تېخى تۈنۈگۈنلا ۋاڭ - چۇڭ بىلەن تولغان، كىشىلەر ئويان - بويان مىڭىپ يۈرگەن كوزىلىسك شەھىرىدە ئەمدى دۆۋە - دۆۋە كۈل - تۇپراق، غۇلاپ چۈشكەن تاشلارلا قالدى.

شۇنداق قىلىپ، قىرىپ - چىپىش ئارقىلىق بىقىندۇرۇلغان، دەسسەپ - يانجىپ خانىۋەيران قىلىنغان، قانسىراپ ئۆلەي دەپ قالغان رۇس يىرى ئارقىدا قىلىۋەردى...

— روسىيە ئەمدى ئۆمۈرۋايەت يارىسىنى ساقايتىپ، قەد

كۆتۈرۈپ تۇرالمايدۇ! مېنىڭ ئەمرىمنىڭ قۇدرىتى، زەربەمنىڭ ئېغىرلىقى ئەنە شۇنداق! — دېدى باتۇخان رۇس يېرىدىن يولغا چىقار ۋاقتىدا.

## ئون توققۇزىنچى باب

## سەھراغا قايتىش

«ھەرقانداق ياخشىلىقنىڭ ئۆز ۋاقتىدا بېرىلگىنى ياخشى!... ھەممىدىن ياخشى ئىش — ئۆز ئېلىڭدە ئەسكى بولسىمۇ، بىر پاناھ جايىڭ بولسا، ئاشۇ پاناھ جايىڭدا ھاياتىڭنىڭ قىزىقىنى كۆرۈشتۇر. باشقىلارنىڭ يۇرتىدا تەمتىرەپ يۈرگەندىن، ئۆز يۇرتۇڭنىڭ سوغۇقلىرىدا مۇزلاپ، ئاپتاپلىرىدا كۆيۈپ يۈرگىنىڭ ئەلا. يات يەرلەردە ئۇزۇن ۋاقىت تېنەپ يۈرگەن ئادەم ئاخىرى ئەجەل يېتىپ، ئىز - دېرەكسىز يوق بولىدۇ!...» دەپ يازىدۇ. ھاجى رەھىم.

سان - ساناقسىز موڭغۇل لەشكەرلىرى قىپچاق دالاسىدا ئەتىيازدىكى دەريا سۈيىدەك ئايىغى ئۈزۈلمەي جەنۇبقا قاراپ شىددەت بىلەن كېتىپ باراتتى.

تىك كۆتۈرۈلگەن كۈن يەر ۋە ئاسماننى ئالتۇن نۇرغا چۈمدۈرۈپ، ئەتراپىغا كۆز يەتكۈسىز كەڭ دالاغا كۈلۈمسىرەپ قارايتتى ھەم بۇ پايانسىز دالانى بارغانسېرى قىزدۇراتتى. ئىلاندەك تولغىنىپ، ئۇزۇنغا سوزۇلغان دالا يوللىرىدەك تۈگىمەس ناخشىلىرىنى غىڭشىپ ئېيتىپ كېتىپ بارغان مىڭ كىشىلىك قىسىم كۈن بويى توختىماي يول ماڭدى. ئۇلارنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ھەممىسى شادلىققا چۆمگەن بولۇپ، چىرايلىرىدىن كۈلكە يېغىپ تۇراتتى.

ئۇلارنىڭ يۈزلىرى پاخپىيىپ سالپىيىپ تۇرغان، ئورۇق ئاتلىرى يېڭى ئۈنۈپ چىققان كۆك چۆپلەرگە ھېلىدىن - ھېلىغا ئۆزىنى ئۇراتتى. باھارنىڭ سالقىن شامىلى تىۋىلغا ۋە شىۋاقنىڭ دىماقنى يارغۇدەك خۇش پۇرىقىنى تارقىتاتتى.

بەزىدە دالانىڭ ئۇيەر - بۇ يېرىدە، سىبىغان ۋە يىرتقۇچلار تالاپ جۇلىقىنى چىقارغان جەسەتلەرنىڭ سېسىق پۇرىقى دىماقنى ئېچىشتۇرۇپ، كۆڭۈلنى ئاينىتاتتى.

قىرلار، ئېدىرلار، تېزلەڭلىكلەر بىر - بىرى بىلەن نۆۋەتلىشىپ ئالمىشىپ تۇراتتى. بەزىدە سايلار ۋە جىلغىلاردا ئېرىپ تۈگەي دەپ قالغان تۇقۇمدەك - كىگىزدەك يەردىكى قار دۆۋىلىرى ئاقىرىپ كۆرۈنەتتى. ھەممىلا يەردە ئەتىيازدىكى قار سۇيىدىن پەيدا بولغان كۆلچەكلەر پارقىراپ كۆرۈنەتتى. بۇ كۆلچەكلەردە ئاق بولۇتتەك ئۈزۈپ يۈرگەن ئۆردەكلەر، كۈمۈشتەك پارقىرىغان ئاققۇلار ھەم غازلار پالاقشىپ ئۈزۈپ يۈرەتتى.

لەشكەرلەر بەزىدە ئاتلىرىنى تويغۇزۇۋېلىش ئۈچۈن قولايلىق بولغان ئوتلۇق يەرلەرنى ئىزدەپ بىر - بىرىدىن ۋاقىتلىق ئايرىلىپ تارقىلىپمۇ كېتەتتى.

بىر كۈنى باتۇخان، ئاتلىرىمىز ھېرىپ قالدى، ئالماشتۇرۇپ مىنىشكە دەملىك ئاتلار ئېلىپ كېلىنسۇن، دەپ بۇيرۇق بەردى. بۇ گەپ ئۇنىڭ ئاغزىدىن چىقىشىغىلا ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىپ، باش ئېگىپ ئۆگىنىپ قالغان قويدىنمۇ ياۋاش قىپچاقلار جاھانگىرنىڭ ئالدىغا ئوتتۇرا قىلدەك خىل يىلقىلىرىنى پادا-پادىسى بىلەن ھەيدەپ كەلدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە باتۇخان سەپەرگە ئاتلانغاندا مىنگەن ئاقچايان ناملىق ئاقبوز ئايغىرمۇ بار ئىدى. ئۇ رەزاننى ئالغاندىن كېيىن، ئۆزى ياخشى كۆرـ

دىغان، نازۇك بەدەنلىك، كېلىشكەن بۇ ئەرەب ئارغىمىقىنى
ئاياپ، قىپچاق خانلىرىنىڭ بېقىپ بېرىشىگە ئەۋەتكەنىدى.

ئەمدىلىكتە بولسا باتۇخان ئاغزى قاتتىق، يىلدىكى تۇم،
شوخ ئارغىماققا مىنىپ يېنىغا «ساھىب قىرانلار» نىڭ ئىچىدىن
يۈز مۇھاپىزەتچى لەشكەرلەر بىلەن ئاز ساندا نۆكەر ئېلىپ
سەھرادىكى كىچىككىنە بىر دەريانىڭ بويىدا ئالدىنئالا تەييار-
لاپ قويۇلغان جايغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى.

بۇ دەريانىڭ بويىغا ئالتۇندەك پارقىراپ تۇرغان سېرىق
رەڭلىك چېدىر تىكىلگەنىدى. خاننىڭ يەتتە ئايالىنىڭ چېدىر-
لىرىمۇ شۇ ئەتراپقا تىكىلگەنىدى.

جاھانگىر چوڭ ئايالى بۇرا قېشىدىن باشلاپ بارلىق
ئاياللىرىنىڭ چېدىرلىرىغا بىر باشتىن كىرىپ چىقتى. ئۇ ھەربىر
ئايالىغا سوۋغا قاتارىدا خىلمۇ خىل ئېسىل بىلەيزۈك، ھالقا،
ئۈزۈك، زۇننار، ئالتۇن - كۈمۈش، يىپەك رەخت قاتارلىق
نەرسىلەرنى بەرگەنىدى. ئۇ، باشقا ئاياللىرىنىڭ ئۇنى قوندۇرۇپ
قېلىش ئۈچۈن قىلغان يىغا - زارە، ناز - كەرەشمىلىرىگە پەرۋا
قىلماي، كىچىك ئايالى يۇلتۇز خانىمنىڭ چېدىرىغا كىرىپ
قوندى. ئۇ شۇ يەردە قونغاچ قىپچاق خانلىرى ئېلىپ كەلگەن
كۈچلۈك قىمىزدىن راسا بىر ئىچمەكچى بولدى.

چېدىرىنىڭ بوسۇغىسىدا يوغان گەۋدىلىكلىكى بىلەن باش-
قىلاردىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇرىدىغان لى تيەنبېر ئولتۇراتتى.
ئۇ بىر تىزىنى پۈكۈپ ئولتۇرغان بولسىمۇ، يەنىلا دىۋىدەك
يوغان كۆرۈنەتتى. ئۇ جەڭلەردە تالاي قېتىم ئىشلىتىلگەن
قورغان بۇزغۇچى قوراللارنى ياسىغۇچى ئاتاقلىق خىتاي ئۇس-
تىسى ئىدى. ئۇنىڭ يېنىدىكى تېخى يېقىندىلا تۆرلىك مەنسە-
پىگە ئىگە بولغان ياش دىمىسىق تايشا ئىدى. لى تيەنبېر
ئۈچىسىغا كەڭ يىپەك چاپان كىيگەن بولۇپ، بېشىدىكى سۈرلۈك

www.uyghurkitap.com

ئەجدىھا سۈرەتلىك، تاۋۇس قۇشىنىڭ پېيى قادالغان بۆكنى گەجگىسىگە قىيسايتىپ كىيىۋالغانىدى. يەتتىنچى خانىش يۈلتۈزنىڭ سۆيۈملۈك ئاكىسى بولسا، بېشىغا ئېسىل تاشلىرى يالتىراپ تۇرغان ئالا يىپەك ھىندى سەللىسى ئورىغان، بېلىگە ئالتۇن كەمەر باغلىغانىدى. كەمىرىگە شام شەھىرىدىن كەلتۈرۈلگەن ئەگرى قىلىچ ئېسىۋالغانىدى.

جاھانگىر ئۇلار ئىككىسىگە سوغۇق كۆز قىرىنى سېلىپ قويدى. ئاندىن خىتاي ئۈستىسىغا قاراپ مۇنداق دېدى:

— ئۇلۇغ لى تيەنپو! سېنى مەن چاقىرتقانىدىم. سەن ئۆزۈڭ بىلەن بىللە ئاۋۇ تۇرغان ئەر يۈرەك لەشكەر ۋە يۈزچە نۆكەرنى ئېلىپ، ئىدىل بويىغا — بىزنىڭ قوشۇن بېسىپ ئۆتكەن يەرگە بارغىن. ئۇ يەردە سېھىرلىك ئوراق تېغى دېيىلىدىغان بىر تاغ بار. شۇ يەردە ئىدىل دەرياسىنى بويلاپ تۈۋەنلەپ مېڭىپ، دۇنيادا يوق سەلتەنەتلىك، گۈزەل ساراي سېلىشقا قولايلىق ئورۇن ئىزلە. سەن شۇنداق ئورۇننى تاپقىنىڭكى، دېڭىز كېمىلىرى دەريا ئارقىلىق ئۈزۈپ كېلىپ دەل سارايىنىڭ ئالدىدا توختايدىغان بولسۇن. سارايىنىڭ ئېگىزلىكى شۇنداق بولسۇنكى، ئۇنىڭ ئۈستىگە چىقىپ قارىغاندا ئۆزىمىزنىڭ ئانا سەھرايىمىز — تۇغۇلغان يۇرتىمىز كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان بولسۇن. ئۇنىڭ ئۈستىگە شۇ ئەتراپتا مال ئوتلىغۇدەك ئوتلاقلار كۆكىرىپ تۇرىدىغان بولسۇن. ساراي سەھرا قاراقچىلىرى كېلىپ بۇلاڭ - تالاڭ قىلىپ كېتىشكە ئەپلىك قانداقتۇر كەڭ ئوچۇق چىلىقتا بولماسلىقى، بەلكى دەريانىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئادەم بارالمايدىغان ئارالغا قۇرۇلۇشى كېرەك.

— ماقۇل، ئەمرىڭگە قۇللۇق، ئېيتقىنىڭ تولۇق ئورۇندىلىدۇ! — دېدى لى تيەنپو.

— ئاشۇ سارىيىم پۈتكۈل ئالەمنىڭ يۈرىكى، بېشى

بولۇشى كېرەك. مېنىڭ ئەمىر - پەرمانلىرىم ئەنە شۇ يەردىن تەرەپ - تەرەپكە ساداقىنىڭ ئوقىدەك تېز يېتىپ بارىدىغان بولسۇن. مەن ئاشۇ يەردە تۇرۇپ موڭغۇلىستاندىكى ھازىرقى كەڭ شەھىرىمىز قاراقۇرۇمغا خانلارنى تەيىنلەيمەن، بېقىندۇرۇلغان ئەللەرنىڭ شەھەرلىرىنى سوراشقا پۈتۈنلەي ئۆز ئەمەلدار - تۆرىلىرىمىزنى بەلگىلەيمەن. ئۇ چاغدا مەغرىبتىن - مەشرىققىچە بارلىق دۆلەتلەرنىڭ ھەممىسى ماڭا ئىتائەت قىلىدىغان بولىدۇ... ئۇلۇغ چىڭگىزخان ئۆز ۋەسىيىتىدە ماڭا تاپشۇرۇپ كەتكەن ئىشلار تولۇق بەجا كەلتۈرۈلگەن بولىدۇ.

— بولىدۇ، ئەمىرىڭگە قۇللۇق جانابىي شاھىم! — دېدى يەنە لى تيەنپو.

— شۇنداق بولىدۇ!... تېخى سەن بۇ ئالتۇن سارايىنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ، پۈتۈن ئالەمنىڭ بويىنىغا سىرتماق تاشلاپ ئۇنى كۆچلۈك قوللىرىڭ بىلەن بىر تارتىپ ئاياغ ئاستىڭغا باستۇرىدىغان بولىسەن... — دېدى سۇبىتاي باھادىرمۇ خاننى قۇۋۋەتلەپ.

باتۇخاننىڭ نەزەرى ئەمدى ھودۇقۇپ رەڭگى ئۆزگىرىپ كەتكەن مىسقىنىڭ قايغۇلۇق چىرايىغا ئاغدى.

— ئۇلۇغ بىناكار لى تيەنپونى قوغدايدىغان يۈز لەشكەرنىڭ باشلىقى سەن بولىسەن. ئۇ ساراي سېلىنىدىغان يەرنى تاللاپ كۆزەت مۇنارىسىنى ياساپ پۈتتۈرگەندە، ماڭا ئادەم ئەۋەتىپ خەۋەر قىلىسەن. ئاندىن مەنمۇ ئۇ تەرەپكە بارىمەن. بۇ ساراي مۇشۇ كۈنگىچە يەر يۈزىدە بىنا قىلىنغان ھەرقانداق سارايدىن ئارتۇق بولۇشى كېرەك.

— چۈشەندىم، ئەمىرىڭگە قۇللۇق! — دېدى مىسقىمۇ.

— ئانداق بولسا بۈگۈندىن قالماي يولغا چىقىڭلار! — باتۇخان شۇنداق دېدى - دە، چېدىرغا كىرىپ كەتتى. ئۇنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئارقىسىدىن سوزدىشىپ جاھانگىرنىڭ ياخشى كۆرىدىغان ئىنىسى شايبان، غالىب قوماندان سۇبتاي باھادىر ۋە تارىخچى ھاجى رەھىمۇ چېدىرغا كىردى.

يۇلتۇز خانىم ئۇچىسىغا زەرىسپ بىلەن گۈل ۋە ياپراقنىڭ كەشتىسى بېسىلغان قىزىل يىپەك كۆڭلەك كىيگەن پېتى باتۇخاننىڭ ئالدىغا چىقتى. ئۇنىڭ رەڭگى سولۇپ، تورۇقلاپ، كۆزلىرى قىزىرىپ كەتكەنىدى. باتۇخاننى كۈتۈۋېلىشقا چىققان يۇلتۇز ئۇنىڭ ئالدىدا تىزلىنىپ ئولتۇردى -دە، ئايىغىدىكى قىزىل چىگىرىن ئۆتۈكنى سۆيۈشكە باشلىدى. تاتار لەشكەرلىرى بۇ ئۆتۈكنى ئۆزلىرى ئۆلتۈرگەن رۇس كىنەزى گېئورگىنىڭ پۇتىدىن يەشتۈرۈۋېلىپ، باتۇخانغا تەقدىم قىلغانىدى. يۇلتۇز دەلدۈگۈنۈپ يىقىلىپ چۈشەيلا دەپ تۇراتتى. ئۇنى يى لىيەنخې يۆلەپ ئورنىدىن تۇرغۇزدى ۋە قولتۇقلاپ نېرىراق جايدىكى ياستۇق قويۇلغان ئورۇنغا ياتقۇزۇپ قويدى. ھەمدە جاھانگىرنىڭ سۆيۈملۈك خوتۇنىنىڭ ئەھۋالىنى چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى:

— ياش توقىلىك ساقسىز بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە خەۋەر ئالالماي، بەكمۇ قايغۇرۇپ، ئەندىشە قىلىپ يۈرەتتى. ھازىر ئۇنىڭ ئەھۋالى بەكمۇ ناچار ھەتتا ئۆرە تۇرۇشقىمۇ دەرمانى يوق. شۇڭا ئۇنى تەجرىبىلىك بىرەر تېۋىپقا كۆرسىتىپ كېسىلىنى داۋالاپ ساقلىقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش كېرەك.

— ياق، بۇنىڭ ئېيتقانلىرى توغرا ئەمەس! ئۇلۇغ مۇرەببەمنى ساق-سالامەت كۆرگىنىمدە مېنىڭ ئاغرىقلىرىم شىپا تېپىپ، كۈچ-قۇۋۋىتىم ئەسلىگە كېلىدۇ. مۇشۇ تۇرقىدا مەن بۇرۇنقىدەكلا ئىش قىلالايمەن. ناخشا، چۆچەكمۇ ئېيتالايمەن... — دېدى يۇلتۇز بېشىنى تۆۋەن سالغان ھالدا ئاستا پىچىرلاپ.

باتۇخان يۇلتۇزنىڭ قېشىغا بېرىپ كىلەم ئۈستىدە ئولتۇردى. شۇ چاغدا ئىشىكتىن كىرىپ كەلگەن كۈتكۈچى ئۇنىڭغا يوغان بىر كۆك يىپەك رومالنى سۇندى. باتۇخان يىپەك رومالنىڭ ئۈستىگە يانچۇقىدىكى رۇس شەھەرلىرىدىن ئولجا ئالغان قىممەتلىك بويۇملارنى تۆكتى. ئۇنىڭ ئىچىدە بويۇنغا ئاسىدىغان ئالتۇن كرېستلار، كىچىككىنە ئىلاھ سۈرەتلىرى، ئەتىر، ئىپار مېيى، ھالقا، چاش تەڭگە، بىلەيزۈك، زۇننار ۋە باشقا كۆپلىگەن ئەتىۋارلىق نەرسىلەر بار ئىدى. خىتاي ئايال بۇ ئېسىل بويۇملارنى بىر-بىرلەپ قولىغا ئېلىپ ئۆزىنىڭ ئايال خوجىسىغا كۆرسەتتى. يۇلتۇز بۇ نەرسىلەرگە بىر پەس پەرۋا قىلمىغاندەك قاراپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى:

— رەھمەت ساڭا، ئۇلۇغ جاھانگىر. بۇلارنىڭ ھەممىسى دۇنيادا يوق بەكمۇ ئېسىل بويۇملار ئىكەن. بىراق مەن سېنىڭ بۇنچىلىك كايىپ كېتىشىڭگە ئەرزىمەيمەنغۇ دەيمەن.

يۇلتۇزنىڭ ئوپپا بىلەن ئاپئاق ئاقارتىلغان يۈزى، قولقىغىچە سۈرمە سۈرگەن قاپقارا قاشلىرى بۇرۇنقىدەكلا قايغۇلۇق، سولغۇن كۆرۈنەتتى. ئۇ بىر كىچىك كۈمۈش ئەينەكنى كۆرگەندە بىرئاز كۆڭلى كۆتۈرۈلۈپ خۇشال بولغاندەك بولدى. ئۇ ئەينەكنى قولىغا ئېلىپ، ئۇنىڭغا بىر پەس قاراپ ئولتۇردى.

— مانا ھازىر مېنىڭ چىرايىمنىڭ بولۇپ قالغىنى مۇشۇ! بۇرۇن ئاپتاپلىق دالىلاردا يۈرگەن ۋاقتىمدا سېمىز، ئىككى مەڭزىم قىپقىزىل ئىدى! — دېدى يۇلتۇز ئۆزىچىلا.

— سەن بۇندىن كېيىن يى لىيەنخې دېگەن ئايالغا يۈز-كۆزۈڭنى بويىتىپ كۆرگەنلا خىتاي مايلىرىنى سۈركەپ يۈرمىسەڭمۇ بولىدۇ. بەلكى سېنىڭ ماڭا ئېيتىدىغان باشقا تەلەپلىرىڭمۇ باردۇ، بار بولسا، تارتىنماي ئېيتىۋەر! — دېدى باتۇخان.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

— مېنىڭ بىرلا تەلىپىم بار، ئۇنى ئورۇنداش سەن ئۈچۈن ئاسانلا بىر ئىش. سېنىڭ قوشۇنىڭ ئىچىدە بىر بوۋاي بار. مەن ئۇنى كۆرسەملا ھوشۇمنى يوقىتىپ، پۇت - قولۇم تىترەپ يىقىلىپ چۈشىدىغاندەكلا بولۇپ قالىمەن، ئاشۇ ئادەمنى چىغاناق شەھىرىگە قايتۇرۇۋەتسەڭ ياخشى بولاتتى. شۇ چاغدىلا مېنىڭ يۈرىكىم ئورنىغا چۈشۈپ، بىرئاز خاتىرجەم بولۇپ قالاتتىم. — دېدى يۇلتۇز خانىم.

— راستلا ئۇ قېرىنىڭ كۆزى يامان بولسا، ئۇنىڭ ساڭا كۆزى تەگكەنلىكتىن ئاغرىق - سىلاققا دۇچار بولۇۋاتقان بولساڭ. ئۇنداقتا مەن ئۇنى دۇشۇ ئەتراپتىكى پاتقاق سۇغا پاتۇرۇۋېتىڭلار، دەپ بۇيرۇق قىلاي. ئۇ، قېرىنىڭ ئېتى نېمە ئىدى؟ ئۇ قەيەردە ئۆزى؟

— ياق! ئۇنىڭغا ھەرگىز خىيانەت قىلغۇچى بولما! سەن ئۇلۇغ ۋە مەرد ئادەم ئىكەنلىكىڭنى كۆرسەت! ئۇ قېرىغا سەن گىلەم يوپۇق يېپىلغان تۆت ئات ھەدىيە قىل - دە، بۇ يەردە كۆپ ھايال بولماي ئۆز يۇرتۇڭغا تېز قايت، دەپ بۇيرۇق قىل. ئۇنىڭ ئىسمى نەزەر كەرىزەك. ئۇ يېڭىلمەس سۇبىتاي باھادىرنىڭ كەينىدىن قالماي ئەگىشىپ يۈرىدىغان خىزمەتچىسى. ئۇنىڭ قوشۇننى ئۇيقۇدىن ئويغاتقۇچى خورىزىنى ئاشۇ ئادەم باقىدۇ.

— ماقۇل، ئەمرىڭگە قۇللۇق تەقسىر! — دېدى سۇبىتاي باھادىر خانىنىڭ ئالدىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ، — يۇلتۇز خانىمنىڭ ئېيتقانلىرى ماڭا پادىشاھى ئالەمنىڭ ئەمرى بىلەن ئوخشاش! مەن ئۇ بوۋاينى قويۇپ بېرەي، خورىزنىمۇ، تۆگىسىنىمۇ ئۆزى ئالسۇن، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىككى ساندۇقنىمۇ

ئۆزى ئالسۇن. ئۇ ساندۇقلىرىغا رۇس شەھىرىدىن قولغا چۈ-
شۈرگەن خاسىيەتلىك ئولجا[1] لىرىنىمۇ سېلىپ ئەكەتسۇن.

## يىگىرمىنچى باب

## ئاسىينىڭ ئاقىۋىتى

كىنەز گىلىپ كىگىز ئۆيىگە كىرىپ كەلدى. ئۇ ئۆيدە ئولتۇرغان كۆپچىلىككە ئالاق - چالاق قاراشقا باشلىدى. با-تۇخان ئۇنىڭدىن رازى بولغاندەك، سۈبىتاي باھادىرمۇ بۇرۇن-قىغا قارىغاندا يۇمشاپ قالغاندەك كۆرۈنەتتى. كىنەز گىلىپ بىلىنى پۈكۈپ ئېگىشكەن پېتى باتۇخاننىڭ ئالدىغا باردى - دە، دۇم ياتتى ۋە يەرنى سۆيۈشكە باشلىدى. بىراق باتۇخان ئۇنىڭغا پەرۋا قىلماي باشقا ياققا قارىغان پېتى تۇرۇۋەردى. بىردەمدىن كېيىن كىنەز گىلىپ بىر تىزىنى پۈكۈپ ئولتۇرۇپ «خان نېمە دەركىن» دېگەن ئويى بىلەن ئۇنىڭغا ھېلىدىن - ھېلىغا ئالاق - جالاق قاراۋەردى. باتۇخان ئاخىرى ئۇنىڭغا قارىدى - دە: «كىنەز گىلىپ سېنىڭ نېمە ئىشىڭ بار؟» دېدى.

— سەن ئۇلۇغ ئادەمسەن! سەن تەڭداشسىز مەردانە ئادەمسەن! شۇڭا سەن مېنىڭدەك ئىشەنچلىك سادىق قولۇڭغا رەھىم - شەپقەت قىلىشىڭ كېرەك، — دېدى ئۇ كۈچۈكلىنىپ.

— زادى ساڭا نېمە كېرەك؟ — دېدى يەنە باتۇخان چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ، گىلىپنىڭ سۆزىنى ياقتۇرماي.

---

① خاسىيەتلىك ئولجا — ئۇ چاغلاردا شەھەرلەرگە ھۇجۇم قىلغاندا قولغا چۈشۈرگەن ئولجىلارنىڭ ھەممىسى «خاسىيەتلىك ئولجا» دېيىلەتتىكەن ۋە قولغا چۈشۈرگۈچى كىشىنىڭ شەخسى مۈلكى بولۇپ قالاتتىكەن.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

— خۇدا بەرگەن تەقسىرىم! سېنىڭ ئۇلۇغ يۈرۈشلىرىڭ... مەن ساڭا داۋاملىق ھالال خىزمەت قىلىپ كەلدىم. ئەمدىلىكتە بولسا، سېنىڭ غالىب قوشۇنۇڭ تۇغۇلغان سەھراسىغا، ئۆز ۋەتىنىگە قايتماقتا. مەن بولسام بۇ يەردە دۈشمەنلىرىمنىڭ ئارىسىدا يالغۇز قالىدىغاندەك تۇرىمەن...

كىنەز گىلىپ جىم بولۇپ قالدى - دە، پەسەنت قىلماي ئولتۇرغان جاھانگىرنىڭ نېمىلەرنى ئويلاۋاتقانلىقىنى بىلگۈسى كەلگەندەك ئۇنىڭغا تەلمۈردى.

— ساڭا زادى نېمە كېرەك، قانداق تەلىپىڭ بار؟ — دېدى خان.

— رۇخسەت بولسا، ساڭا يەنە خىزمەت قىلسام!

باتۇخان ئۇنىڭغا جاۋاب بەرمەي، ئۈن - تىنسىز ئولتۇردى. خاننىڭ جىمجىپ كەتكەنلىكىنى كۆرگەن كىنەز گىلىپ تېخىمۇ دادىللىق بىلەن سۆزلەشكە باشلىدى.

— سېنىڭ ئۆز يۇرتۇڭدا، ئۇ يەردىكى گۈلدەك ياشنىغان سەھرادا مېنىڭ ساڭا كېرىكىم يوقتۇر بەلكىم. بىراق رۇس يېرىدە مېنىڭ ساڭا كەلتۈرىدىغان پايدام كۆپ. ماڭا رەھىم قىل! مېنى رەزانغا ھۆكۈمدار قىلىپ بەلگۈلە! ھەرقانچە بولسىمۇ مەن ساڭا ھالال خىزمەت قىلغان ئادەمغۇ...

كىنەز گىلىپ سۆز ئارىسىدا «ماۋۇ مېنى قوللارمۇ؟» دېگەندەك سۇبىتاي باھادىرغا قاراپ - قاراپ قوياتتى. بىراق سۇبىتاي باھادىر ئۇنىڭ بىلەن كارى بولماي تۆۋەن قاراپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ چىرايىدىن ئىچىدىكىنى بىلگىلى بولمايتتى. كىنەزنىڭ سۆزىنى ياقتۇرمىغان يۇلتۇز خانىم تەتۈر قارىۋالدى.

باتۇخان يەنە سۆزلەشكە باشلىدى:

— ۋەتىنىگە خائىنلىق قىلغان ئادەم - ھالال ئادەم ئەمەس. ئۇنىڭغا ئىشىنىشكە بولمايدۇ. ئۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە

خوجايىنغىمۇ ۋاپاسىزلىق قىلىپ، ئۇنى سېتىۋېتىشتىن قايتمايدۇ.

— مەن ساڭا سادىقلىق بىلەن خىزمەت قىلغان ئىدىمغۇ، — دېدى كىنەز گىلىپ جىلى بولۇپ يىغلاۋېتىشكە تاس - تاس قىلىپ، — مەن ساڭا زور خىزمەت كۆرسەتكەنىدىم... كىنەز كېيۈرگىنىڭ قوشۇنى قەيەردە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بەرگەن مەن ئەمەسمىدىم...

— شۇنداق...

— مەن ساڭا ئۆز ئىختىيارىم بىلەن كېلىپ خىزمەت قىلغانىدىمغۇ، ئەڭ بولمىغاندا ئاشۇ ئىشىمنى بولسىمۇ ئېتىۋارغا ئالساڭچۇ!

— ماڭا كەلمەي يەنە قەيەرگە بارالايتتىڭ! ئۇنىڭدىن باشقا نېمە ئامالىڭ بار ئىدى؟ دوستلىرىڭ سېنى قوغلاپ چىقارغان. ئەمدى پاناھلىنارمەن دېگەن يېرىڭ — قىپچاق يەرلىرى باشقۇرۇشۇمدا تۇرسا.

— شۇنداقتىمۇ... — دېدى گىلىپ يىغلامسىراپ.

باتۇخان سۇبىتاي باھادىرغا بۇرۇلۇپ:

— دانىشمەن مەسلەتچىم! سەن ماڭا ئۆز ۋاقتىدا ئاتامنىڭ يان خان ئىسىملىك مىسلى كۆرۈلمىگەن، قورقۇمسىز باتۇر بىلەن قانداق جەڭ قىلغانلىقىنى ھېكايە قىلىپ بېرىمەن دېگەن ئىدىڭغۇ، — دېدى.

سۇبىتاي باھادىر ئۇيقۇدىن چۆچۈپ ئويغانغاندەك بېشىنى ئىتتىك كۆتۈردى - دە، ياش جاھانگىرگە تىكىلىپ قاردى ۋە خىرىلدىغان ئاۋازى بىلەن ئەپلەپ ھېكايە ئېيتىشقا باشلىدى.

— سېنىڭ ئۇ مەڭگۈ نامى ئۆچمەس خاسىيەتلىك مەرھۇم ئاتاڭ ئۆز ۋاقتىدا كېرەي① ئېلىنىڭ يان خان دېگەن ئەمىرى

---

① كېرەيلەر بىر زامانلاردا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئەڭ كۈچلۈك ئەللەرنىڭ بىرى بولغان. چىڭگىزخان ياش ۋاقتىدا كېرەي خانىنىڭ ئاددىي نۆكىرى بولۇپ خىزمەت قىلغان.

www.uyghurkitap.com

بىلەن ئۇرۇش قىلغانىدى. كېرەيلەر كۈچلۈك، جەسۇر خەلق بولسىمۇ، شۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا يېڭىلىپ قالدى. بىراق يۈرەكلىك يان خان تىرىك ئەسىرگە چۈشۈشكە زادى ئۇنىمىدى. ئۇ ئاخىرىدا قالغان لەشكەرلىرىنى يىغىپ، قاتتىق قارشىلىق كۆرسىتىپ، ئۇزۇن ۋاقىت بوي بەرمىدى. ئۇ خاسىيەتلىك ئاتاڭنىڭ ئۆچەكەشكەن ئەشەددىي دۈشمىنى ئىدى! شۇنداق بولسىمۇ سىنىڭ ئۇلۇغ ئاتاڭ ئۇنىڭ باتۇرلۇقىنى، يۈرەكلىكلىكىنى يۇقىرى باھالىدى...

— شۇنداق قىلىپ ئاخىرى نېمە بولدى؟

— چىڭگىزخاننىڭ قوشۇنىنى ھېچكىم يېڭەلىگەن ئەمەس. ئۇنىڭ بىلەن داۋاملىق قارشىلىشىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۇ خېلى تىركىشىپ كۆرگەن بولسىمۇ، ئاخىرىدا موڭغۇل لەشكەرلىرى تەرىپىدىن قورشاۋغا ئېلىندى. شۇنداق قىلىپ يان خان قىسماققا چۈشۈپ قالدى. يان خان يېنىدىكى نۆكەرلىرىدىن ئايرىلىپ، ساق قالغان ئىككى خىزمەتچىسى بىلەن قورشاۋدىن قېچىپ چىقتى.

باتۇخان پېشقەدەم قوماندانىنىڭ ھېكايىسىنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلاۋاتاتتى، بەزىدە رازىمەنلىكىنى بىلدۈرۈپ بېشىنى لىڭشىتىپ قوياتتى. ھېكايە يۇلتۇز خانىمغىمۇ يېقىپ كەتتى. شۇڭا ئۇ ئۇلارغا يېقىنراق بېرىپ ئولتۇردى. يى ليەنخې ھېكايىگە بېرىلىپ، ئاغزى ئېچىلىپ داڭقېتىپلا قالغانىدى. كىنەز كىلىپ ئىچى - ئىچىدىن ئازابلىنىپ ئولتۇرغانلارغا ھومىيىپ قاراپ قوياتتى.

— پاھ، ھەقىقىي باتۇر ئىكەن - دە! شۇنداق قىلىپ يان خان بىراقلا قۇتۇلۇپ كەتتىمۇ ياكى بىرەر يەردە قولغا چۈشۈپ قالدىمۇ؟

سۈبىتاي باھادىر تامىقىنى قىرىپ بىر يۆتىلىپ

قويدى - دە، سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— ياق قۇياشىم! ئاتىسىغا لەنەت يۇندىخور خىزمەتچىلىرى ئۇنىڭغا خائىنلىق قىلدى. بۇ نېمىلەر ئۇنىڭ ئۇخلاۋاتقان ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ ئۆزلىرىنىڭ خانىنى ياۋۇزلارچە ئۆلتۈرۈپ، بېشىنى كېسىۋېلىپ چىڭگىزخانغا ئەكىلىپ سوۋغا قىلدى.

كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسى جىمجىت ئولتۇراتتى. سۇبىتاي باھادىر ھېكايىسىنى توختىماي داۋام قىلدى:

— بۇ نائەھلى ئىتلار، مۇشۇنداق قىلساق قوماندان بىزنىڭ گۇناھىمىزنى كەچۈرىدۇ، بىزگە ياخشىلىق قىلىدۇ، دەپ ئويلىغان ئوخشايدۇ. بىراق دانىشمەن چىڭگىزخان غەزەپلىنىپ: «يان خانىنىڭ بېشىدىن دۆلەت قۇشى كەتمىگەن، كۈچ-قۇدرىتى بار ۋاقتىدا سىلەر ئۇنىڭ يولىدا ئۆلۈشكە تەييار ئىدىڭلار، ئۇنىڭ ئالدىدا پۇتۇڭلارنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ مېڭىپ يورغىلاپ كېتەتتىڭلار! ئەمدىلىكتە ئۇنىڭ بېشىغا مۇشۇنداق قىيىن كۈنلەر چۈشۈپ، سىلەردىن باشقا ئىشەنگۈدەك بىرەر يۆلەنچۈكى قالمىغاندا بولسا، ئۆزۈڭلارنىڭ شەخسىي پايداڭلار ئۈچۈن ئۇنىڭغا زىيانكەشلىك قىلىپسىلەر-دە!» دېدى-دە، خائىنلارنىڭ بەل ئومۇرتقىسىنى ئۈزۈپ تاشلاشقا بۇيرۇدى.

باتۇخان گىلىپكە ئاستا بۇرۇلۇپ قارىدى ۋە:

— ۋاپاسىز خائىنلارغا تېگىشلىك جازانىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى ئاڭلىدىڭمۇ؟ — دېدى.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان كىنەز گىلىپنىڭ پۇت - قولىدا جان قالمىدى. مېنىمۇ ئۆلتۈرۈۋېتەرمۇ دەپ ئويلاپ، يەرگە باش ئۇرۇپ زار يىغلاپ جاھانگىرنىڭ ئايىغىنى قۇچاغلاپ سۆيۈشكە باشلىدى. باتۇخان ئۇنى ئىتتىرىۋەتتى.

— سېنىڭ ماڭا خىزمەت قىلغىنىڭ راست. بىراق بۇنىڭ بەدىلى ئۈچۈن بىز دائىم ساپ ئالتۇن تۆلەپ تۇرغانىدۇق. ئەمدى

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

بولسا ۋاپاسىزلىقنىڭ جازاسىنى تارتىسەن...

باتۇخان بۇ گەپلەرنى قىلىۋېتىپ كىنەز گىلىپنىڭ ئەسكى لاتىدەك پۈرۈلۈپ، تامدەك تاتىرىپ كەتكەن يۈزىگە چەكچىيىپ قارىدى.

— ئادەمگەرچىلىكى بار، ئوغۇل بالا ئۆلۈمدىن قورقمايدىغاندۇ... — دېدى يەنە باتۇخان.

— خۇدا يار بولغاي تەقسىر، مېنى كەچۈر... مېنى ئايا... — دەيتتى گىلىپ، كىچىككىنە ئورۇق قوللىرى بىلەن باتۇخاننىڭ يوغان بىلەكلىرىگە مەھكەم يېپىشىۋېلىپ.

— بولىدۇ... ئۇنداق بولسا تىرىك قېلىۋەر... سېنى ئۆلتۈرمەيلى!

كىنەز گىلىپ بۇ سۆزنى ئاڭلىشى بىلەن باتۇخاننىڭ قىزىل چىگرىن ئۆتۈكىنى چوكۇلدىتىپ سۆيۈشكە باشلىدى.

— ئەمدى كېتىۋەر! يېتەر شۇنچىلىكى. ئەرەپشاھ! نۆكەرلەرگە ئېيت، ماۋۇ كېنەزنى دالاغا ئاپىرىپ، بېشى قايغان تەرەپكە قويۇپ بەرسۇن.

— ئەمدى مەن نەگە بارىمەن؟... دالادا مەن نېمە قىلىمەن، مېنى ئۆزۈڭ بىللە ئېلىپ كەت! — دەيتتى كىنەز گىلىپ بۇقۇلداپ يىغلاپ.

باتۇخان ئەمدى ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلىماي تەتۈر قارىۋالدى. شۇ ئارىدا ئىككى نۆكەر گىلىپنى① مەجبۇرلاپ ئۆيدىن سۆرەپ چىقىپ كەتتى. ئەدەپشاھ ئۇنى ئىتتىرىشىپ تالاغا چىقىرىپ بولۇپ ئىشىكنى يېپىۋالدى.

---

① تارىخىي ماتېرىياللارغا قارىغاندا كىنەز گىلىپ بىر مەزگىل قىپچاق دالاسىدا تېنەپ يۈرۈپتۇ. كېيىنرەك ئېسىنى يوقىتىپ ساراڭ بولۇپ قالغانىكەن. ئۇنىڭ قاچان ئۆلگەنلىكى توغرىسىدا مەلۇمات يوق.

## يىگىرمە بىرىنچى باب

# «رۇس ئېلى قايتىدىن باش كۆتۈرمەكتە»

مارت ئايلىرىدا پېرونوۋبوردىكى ھەممە يەر جىمجىت بولۇپ، تىرىك جان يوقتەكلا بولۇپ قالاتتى. لېكىن بۇ يەرگە كىشىلەرنىڭ رەزان كىنەزنىڭ چاقىرىقى بويىچە لەشكەرلىككە كەتكەن لەشكەرلەر سۇزدال ئەتراپىدا، بىرىندەي سازلىقىدا، سىت ۋە مولوگا دەريالىرىنىڭ بويلىرىدا جەڭ قىلىۋېتىپتۇ، دېگەن خەۋەرلەر كەينى كەينىدىن كېلىپ تۇراتتى. «ئۇلار يەنە قايتىپ كېلەرمۇ؟ دۈشمەن ئىنتايىن رەھىمسىز، كىشىلەرنىڭ ئېيتىشىچە ئۇلار قولىغا چۈشكەن ئادەمنى تىرىك قويمايدىغاندەك تۇرىدۇ» دېيىشەتتى پرونوۋبوردىكىلەر.

تاتارلار ۋەيران قىلىۋەتكەن يېزىنىڭ ئۆيلىرى ئورنىدا تۇرخۇنلىرى چوقچىيىپ قالغان كېسەك پېچلار ۋە كۆيۈندى بولغان قالدى - قاتتىلارلا قالغانىدى. پەقەت كۆل تەرەپ چەتتىكى بىرنەچچە ئۆيلەرلا بىر - بىرىگە يېپىشىپ ئۆرە تۇراتتى. پۈتكۈل يېزىدىكى تىرىك قالغان باللار شۇ ئۆيلەرگە پاناھلانغانىدى. ئۇلارغا زىنۋىياگانىڭ ئايالى ۋە ئاران جېنى قالغان ئىككى موماي پاسىبانلىق قىلاتتى. زىنۋىياگانىڭ ئايالى ئورۇقلاپ قۇرۇق ئۇستىخان بولۇپ قالغانىدى. ئۇلار كۈن بويى كۆلدىن قارا بېلىق ۋە تاپان بېلىق تۇتۇپ ھەممىسى بىرلىكتە شۇ بېلىقلارنى تالغا ئۆتكۈزۈپ كاۋاپ قىلىپ يەيتتى ۋە قارىغاي قوۋزىقىنى ئۇن قىلىپ قارا نان قىلىپ يەيتتى. ياز يورۇپ، قۇياش نۇرى يەر يۈزىنى بارغانسېرى

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

قىزىتىشقا باشلىدى. قىش بويى قەدىمى ئورمانلارنى بېسىپ ياتقان قارلار ئېرىپ، ساي - جىرالاردا سۇلار شارقىراپ ئېقىشقا باشلىدى. پېرۇنوۋىر يېزىسىنىڭ ئەتراپىدا يۈرۈشكىمۇ، ئۇ تەرەپكە ئۆتۈشكىمۇ بولماي قالدى. ئەتراپقا توپ - توپ قۇشلار ئۇچۇپ كەلمەكتە ئىدى. سان - ساناقسىز غاز ئۆردەكلەر بىر - بىرى بىلەن مۇڭداشقاندەك غاق - غاق قىلىشىپ كۆل ئەتراپىدا ئايلىنىپ ئۇچۇپ يۈرەتتى. ئورمان كۆزەتچىسى دەپ ئاتالغان قۇشلار «توك - توك» قىلىپ دەرەخ قوۋزاقلىرىنى چوقۇيتتى.

ئاپرېل ئېيىنىڭ باشلىرىدا تېنەپ يۈرگەن مۇساپىرلارنىڭ دەسلەپكى توپلىرى يېزا - قىشلاقلىرىغا ئۆيلىرىگە قايتىپ كېلىشكە باشلىدى. ئۇلار بېلىقچى ئاياللار بىلەن تاتارلارنىڭ ئاڭلاپ قېلىشىدىن قورققاندەك پىسىرلاپ سۆزلىشەتتى. ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كەلگەنلىكى ئېنىق بولسىمۇ، قاتتىق قورقۇپ كەتكەنلىكتىن ئەتراپىغا ئالاق - جالاق قارايتتى.

— ئۇلارنىڭ ئاز بىر قىسمى مۇشۇ ئەتراپتىكى يوللاردا تەمتىرەپ يۈرىدۇ، بىراق ئاساسىي كۈچى ۋەھشىي دالاغا كېتىپ قالغاندەك تۇرىدۇ. ھازىر ئاخىرقى قىسىملىرىمۇ شۇ تەرەپكە قاراپ مېڭىشقا باشلىدى. بىز يېقىندا سىلەر تەرەپكە كۆچۈپ كەلسەك، دەپ ئويلاشقانىدۇق. مۇشۇ يەردە تېرىقچىلىق ۋە باشقا كەسىپلەرنى قىلساق... بۇنىڭغا سىلەر ئانچە قارشىلىق قىلماسسىلەر، بۇ يەر بىزگە بەك ياراپ كەتتى ھەم چوڭ يوللاردىن چەتتىرەك، ھەم تىنچ ئىكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە كۆلدىمۇ بېلىق مولدەك قىلىدۇ. بۇ يەردە زىرائەتلەر ئوبدان ئوخشايدىغاندەك تۇرىدۇ، ئەمدى ئۇنى بىزدىن ھېچكىم تارتىۋالالماس، — دېيىشەتتى ئۇلار مومايلارغا.

بۇ يەرگە كەلگەن مۇساپىرلار بارغانسېرى كۆپىيىشكە

باشلىدى. ئەتىياز سۇلىرى تارتىلىپ، يەرلەر ئەكچىشكە باشلى-
غان ۋاقىتىدا جاۋغايلىرى سىيلىنىپ تۇرغان ئاتلارمۇ پەيدا بو-
لۇشقا باشلىدى. مۇساپىرلار ئورۇقلاپ ئۆلەي دەپ قالغان ئات-
لارنىڭ بەزىلىرىگە سوقا ياكى تىرنىلارنى سۆرىتىپ كەلگەنىدى.

كىشىلەرنىڭ بارا - بارا كۆپىيىشى بىلەن پىرۇنوۋىرمۇ
بۇرۇنقىغا قارىغاندا كۆڭۈللۈك بولۇپ قالدى. كۆپ ئۆتمەي
ئورمانلىقتا دەرەخكە ئورۇلغان نورغۇن پالتىلارنىڭ تاق - تۇق
قىلغان ئاۋازى بىلەن جاڭگال كۆزەتچىلىرى ۋە باشقا قۇشلار-
نىڭ ئاۋازلىرى قوشۇلۇپ ئۇزاققىچە ئاڭلىنىپ تۇرىدىغان بول-
دى. بارا - بارا قوۋزىقى ئاقلانغان قارىغاي ياغاچلىرىدىن
گىرەلەشكەن يېڭى ياغاچ ئۆيلەر پەيدا بولۇشقا باشلىدى. قە-
يەرلەردىندۇر تۆكلىرى سالۋاراپ كەتكەن بىر توپ ئىت كېلىپ
كېچە - كۈندۈز قاۋاپ چىقىدىغان بولدى.

تاتارلار توغرىسىدىكى خەۋەرلەرمۇ ئاستا - ئاستا سىلكىش-
كە باشلىدى، دېھقانلار ئىشنىڭ ئاخىرى قانداق بولىدىغانلىقى
توغرىسىدا ھەرخىل پەرەزلەرنى قىلىشاتتى. ھەركىم ئۆز پىكرى-
نى ئېيتىپ، بىرى ئۇنداق دېسە، بىرى مۇنداق دەپ يۈرۈ-
شەتتى. لېكىن ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكى تاتارلار خۇددى قىپچاقلار-
غا ئوخشاش ۋەھشىي دالاسىغا كېتىپ قالغاندۇر، ئۇلار ئەمدى
يەنە رۇس يېرىگە كەلمەس، دېگەن پىكىردە ئىدى.

بىر كۈنى ئورۇقلاپ قورۇق سۆڭەك بولۇپ قالغان، ئېگىز
بويلۇق بىر ئايال پەيدا بولدى. ئۇ خۇددى ئۆزىدەك ئورۇق
بىر ئىنەكنى ھەيدەپ كەلگەنىدى. ئايال ئۆرە تۇرغۇدەك مادا-
رى قالمىغان بۇ ئىنەكنى سۆرەپ دېگۈدەك ئەكەلگەنىدى. ئا-
ياللار بۇ قىزىل ئىنەكنى ئورىۋېلىپ، ئۇنىڭ ئۆپكىدەك بىرشاپ
كەتكەن ئەمچەكلىرىنى تارتىپ كۆرۈپ، ئىچ ئاغرىتىپ باشلىرى-
نى چايقىشىپ قويۇشتى. ئىنەكنىڭ ئىگىسى بولسا، بۇنىڭغا
قىلچە پەرۋا قىلمىغاندەك تۇراتتى.

www.uyghurkitap.com

— بۇ جانىۋار مېنىڭ قورسىقىمنى باقىدۇ! خۇداغا شۈكرى ھازىر كۆكلەم پەسلى. كۆك چۆپ تولا. ئۇنىڭ ئۈستىگە مېنىڭ بۇ يەردە بىلمەيدىغان جايىم يوق. قەيەردە قانداق چۆپ ئۆسۈپ چىقىدىغانلىقىنى بىلىمەن. مېنىڭ بۇ ئورۇق ئىنىكىم بۇ يەردە ئوڭايلا تويۇنۇپ قالىدۇ... — دېدى ھېلىقى ئايال.

— سەن مۇشۇ يەرلىكمىدىڭ؟

— ئەلۋەتتە! مانا ماۋۇ تۇرغان مېنىڭ ئۆيۈمنىڭ پېچىنغۇ. سادىغاڭ كېتەي، بۇ يەر مېنىڭ تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يېرىم ئەمەسمۇ!

بۇ چاغدا زىنۋىياگانىڭ تۇل ئايالى: «ۋاي جېنىم خۇدايىمەي، سەن ئوپالىنخامۇسەن؟» دەپ ۋارقىرىدى ۋە توپ ئىچىنى يېرىپ غۇلاچلىرىنى كېرىگەن پېتى ئۇنىڭغا ئېتىلدى. ئىككى ئايال بىر پەس قۇچاقلىشىپ يىغا - زار قىلىشتى. ئۇلارنىڭ بىرى: «ئوپالىنخا جېنىم، سېنىڭ قەدىناسىڭ نەدە؟» دەپ سورىسا، يەنە بىرى: «ئۆي ئىچىدىكى باشقىلار نەدە؟ بىرەر جايدا يەر قۇچاغلاپ، ئىت قۇشلارغا يەم بولۇپ كەتتىمۇ يا» دەپ ئۆكسۈپ - ئۆكسۈپ يىغلايتتى.

ئايالLAR ئوپالىنخادىن بۇ يەردىن كەتكەن كىشىلەرنىڭ ھەممىسىنى سورىدى. بىراق ئۇ تۈزۈكرەك بىرەر خەۋەر ئېيتىپ بېرەلمىدى.

— ساۋېلىنى سىت دەرياسىنىڭ بويىدا قازا بولۇپتۇ، دەيدۇ، باۋلانىڭ سۈزدال ئەتراپىدا سەرۋازلار قاتارىدا يۈرگەنلىكىنى كۆرگەن كىشىلەر بار، تۇروپكىنى چوپ - چوڭلا يىگىت بولۇپ قاپتۇ، دېيىشىدۇ. بىراق تاتارلارنىڭ ئوقى ئۇنىمۇ ئۇجۇقتۇرمىغان بولسىلا، — دېيىشتى ئايالLAR.

ماي ئېيىنىڭ بىر كۈنى تۇروپكىمۇ تويۇقسىزلا پەيدا بولۇپ قالدى. بۇ يىگىتنىڭ ئون ئىككى ئەزاسى سالامەت بولۇپ،

بالاغەتكە يېتىپ قالغان بولسىمۇ، خېلىدىن بېرى ئاچ يۈرگەنلىكتىن قورايدەك ئورۇق ئىدى. ئۇ بۇ يەرگە كېلىپلا ئالدى بىلەن كۆپچىلىكتىن ئۆزىنىڭ ئاتا - ئانىسىنى سوراشتۇردى.

— ئۇلار تىرىكمىكىن؟ ئۇلارنى قەيەردىن تاپقىلى بولار؟ — دەپ سورايتتى تۇرۇپكا. ئاندىن كېيىن كۆپچىلىككە ئۆزىنىڭ كۆرگەن - بىلگەنلىرىنى ئېيتىپ بەردى. ئۇنىڭ تاتارلاردىن تارتىۋالغان بىر ياخشى ئېتى بولغانىكەن، بىراق دىنسىز ۋەھشىيلەر ئۇنىڭ كەينىگە كىرىۋېلىپ قوغلاۋېرىپتۇ. دۈشمەندىن قېچىپ كېلىۋاتقاندا چېپىپ كېلىۋاتقان ئات بىر ئورەكتىن سەكرىيمەن، دەپ مۈدۈرۈپ كېتىپ پۇتىنى سۇندۇرۇۋاپتۇ، تۇرۇپكىنىڭ ئۆزى مىڭ بىر جاپادا ئورمانلىق ئارىسىغا كىرىپ ئاران قۇتۇلۇپتۇ. ئارقىدىن قوغلاپ كېلىۋاتقان تاتارلار ئۇنى تاپالماي ئادىشىپ قاپتۇ...

تۇرۇپكا كەلگەن كۈنى يەنە بىر قېپچاق ئېتىغا مىنىپ لىخاركودىرياشمۇ كېلىپ قالدى. ئۇ كېلىپلا تۇرۇپكىدىن ۋىشنىيانكىنىڭ قازا بولغانلىقىنى ئاڭلاپ ھوشىدىن كېتىپ ئاتتىن غۇلاپ چۈشتى. بىردەمدىن كېيىن ئۇ چېچىنى يۇلۇپ، بېشىنى تاشقا ئۇرۇپ، ھۆكرەپ يىغلاشقا باشلىدى. ئۇ يەردىكى مۇمايلار كۆز يېشى قىلغاچ ئۇنىڭغا سۇ سەپتى ۋە دەم سالدى. بىراق لىخار يىغىسىنى توختاتمىدى:

— مەن ئەمدى كىم ئۈچۈن ياشايمەن؟ ئەمدى ماڭا ھاياتنىڭ نېمە قىزىقى بار؟ — دەپ ئاھ ئۇراتتى ئۇ.

بىردەمدىن كېيىن كودىرياش يىغىسىنى توختىتىپ بىر نەرسىنى ئويلاۋاتقان ئادەمدەك ياتقان يېرىدە تۇرۇپ قالدى ۋە ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ، يېنىدا تۇرغان تۇرۇپكىغا سۆزلەشكە باشلىدى:

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

— بالام، مەن مۇنداق بىر گەپ ئاڭلىدىم: تاتارلارنىڭ ئاساسىي كۆچى بۇ ئەتراپتىن كېتىپ بولۇپتۇ. بىراق ئۇلار چوڭ-چوڭ شەھەرلەردە دېھقانلار ئىسيان كۆتۈرمىسۇن دەپ ئاز-تولا لەشكەر قالدۇرۇپ كەتكەندەك تۇرىدۇ. رەزاننىڭ يېڭى كىنەزى ئىنگۋار ئىنگۋارەۋىچ چېرنىگوۋدىن پىراسلاۋىلغا كېلىپتۇ. ئۇ ئەمدى ئۆرتەنگەن رەزاندا ئۆز كىنەزلىكىنى قۇرماقچى ئىكەن. ئۇ ھازىر لەشكەر توپلاۋاتىدۇ. مەن ئۇ كىنەزگە ئىشەنچلىك يىگىتلەرنى ئېلىپ كېلىمەن دەپ ۋەدە بەرگەنىدىم.

ئۇلارنىڭ ئەتراپىدا تۇرغان ئۇششاق باللار بارماقلىرىنى چىشلىشىپ لىخارنىڭ پۈتىدىكى ئالا شالۋۇرى بىلەن بېشىدىكى قىپچاق قالپىقىغا ھاڭ-تاڭ بولۇپ قاراپ تۇراتتى.

— ماۋۇ باللارنىڭ تېخى ئۇستىخىنى قېتىپ، ۋايىغا يەتمىگەنلىكىنى كۆرۈپ تۇرىدىغانسەن، ئۇلارنى ئوبدان پەرۋىش قىلىپ، تەربىيىلەپ ئۆستۈرۈش كېرەك. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئاتىسىز يېتىم باللار. بۇندىن كېيىن بىر مەزگىل تاتارلار بىلەن كېلىشمىگە كېلىپ، بويسۇنغان قىياپەتتە ئۇلار بىلەن دوست-ئىناق يۈرگەندەك بولىمىز-دە... ئارقىدىن... ئۇلار بىلەن ئوبدان ھېسابلىشىمىز... كىنەز ئىنگۋار ئىنگۋارەۋىچنىڭ ئۆزى قول ئاستىدىكى لەشكەرلىرىگە ئەنە شۇنداق دېگەنىدى، — دېدى لىخار كۈدىر ياش.

بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغان تۇرۇپكا:

— مەنمۇ سېنىڭ بىلەن بىللە كېتىمەن، — دېدى.

ئۇلار ئىككىسى كۆپ ھايال قىلماي پىرونوۋبوردىن يولغا چىقتى. ئۇلار قېلىن ئورمانلىق ئىچىدىكى ئوچۇق يول بىلەن ئالغا كېتىۋەردى. قاش قارايدى، يامغۇر يېغىپ قالىدىغاندەكلا تۇراتتى. يامغۇر ئالدىدىكى شامالسىز، تىنجىق ھاۋادا دەرەخكە ئۆرۈلۈۋاتقان پالتىلارنىڭ تاقىلداشلىرى بىلەن ئۆي سېلىۋاتقان

خوتۇنلارنىڭ جاراڭلىق پاراڭلىرى خېلىغىچە ئۇلارغا ئاڭلىنىپ تۇردى.

لىخار مېڭىشنى توختىتىپ، پالتا ئاۋازى ئاڭلىنىۋاتقان پىرونوۋبور تەرەپنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ:

— كۆردۈڭمۇ، رۇس ئېلىنىڭ قايتىدىن دەس تۇرۇۋاتقانلىقىنى! — دېدى.

## يىگىرمە ئىككىنچى باب

## يىراقتىكى ۋەتەندە

نەزەر كەرىزەك بىۋاي يۇرتىغا قايتىشنى تەلەپ قىلغان ياردار قىپچاقلار ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ توپىغا قوشۇلۇپ باتۇخانىنىڭ ئوردىسىدىن يولغا چىقتى. ئۇلار باتۇخانىنىڭ رۇس يېرىگە ھۇجۇم قىلغاندا بېسىپ ئۆتكەن يوللىرى بىلەن مېڭىپ، تۆت ئاي ئۆتكەندىن كېيىن، كۆز ئايلىرىنىڭ باشلىرىدا چىڭغاناق شەھىرىگە يېتىپ كەلدى.

شەھەرنىڭ ۋە شەھەر ئەتراپىدىكى مەھەللىلەرنىڭ ئاياللىرى ئۆزۈندىن بېرى غەربتىن كېلىدىغان يول ئېغىزىغا چىقىپ، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنىڭ يولىغا قاراپ كۈتۈپ تۇرۇشاتتى.

نەزەر كەرىزەكنىڭ ئايالى قىز تۇغماس توغان ئىسىملىك كىچىككىنە ئوغلى بىلەن ئۆت كېلىشنى يېنىغا ئېلىپ، ئۆزلىرىنىڭ كىگىز ئۆيىنىڭ ئالدىدا تۇراتتى. ئۇلار يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىپ بارغان ئاتلىق ئادەملەرنىڭ كۈندە كۆيگەن چىرايىغا كۆز ئۆزمەي قارىشىپ تۇراتتى.

بىر چاغدا كىگىز ئۆيىنىڭ يېنىغا خانلاردەك ئالچاڭلاپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مېڭىپ، لوپ - لوپ قەدەم بېسىپ كېلىۋاتقان يوغان بىر سېرىق تۆگە يېقىنلاشتى. ئۇنىڭ ئارقىدىن ئېگەر - توقۇملۇق تۆت ئات كېلىۋاتاتتى. ئاتلارنىڭ ھەممىسىگە گىلەم يېپىق يېپىلغانىدى. تۆگىگە ئارتىلغان يوغان ساندۇقنىڭ ئۈستىدە ئۇچىسىغا كىمخاپ تون، بېشىغا دۇگىلەك بۆك كىيىۋالغان بىر بوۋاي ئولتۇراتتى. ئۇ سىرتقى كۆرۈنۈشكە قارىغاندا بەئەينى چەت ئەللىكلەرگىلا ئوخشايتتى. بوۋاي قولىدا شادا پاچاق بىر خوراز تۇتۇۋالغانىدى.

توغان تۇيۇقسىزلا:

— ۋاي جېنىم، بۇ مېنىڭ دادامغۇ! ئاكىلىرىم قېنى؟ — دەپ ۋارقىرىدى.

قىز تۇغماس بىلەن ئۇنىڭ كېلىنى بوۋاينى تونۇپ ئاۋازىنىڭ بارىچە جار - جۇر قىلىشتى. ئۇلارنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغان ئۆيلەردىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسى سىرتقا يۈگۈرۈشۈپ چىقىشتى. ئۇلار ئۈستىدە ئادەم يوق، ئېگەرلىرىگە نەزەر كەرىزەكنىڭ بالىلىرىنىڭ ئەگرى قىلىچلىرى ئېسىلغان تۆت ئاتنى كۆرۈپ ھاڭ - تاڭ قېلىشتى.

نەزەرنىڭ كېلىنلىرى ئالمان - تالمان ئاتلارغا يۈگۈرۈپ ھەرقايسىسى بىردىن ئاتنىڭ تىزگىنىدىن تۇتۇپ، ھۆكۈرەپ يىغلاشقان پېتى ئاتلارنى ئۆز ئۆيلىرىگە يېتىلەپ ئېلىپ ماڭدى. قىز تۇغماس يەرگە ئۆزىنى ئېتىپ دومىلاپ، يۈز - كۆزىنى تاتىلاپ، ئاقارغان چاچلىرىنى يۇلۇپ ئۈن سېلىپ يىغلاشقا باشلىدى.

— مېنىڭ قولۇنچاقلىرىم، بالىلىرىم نەدە قالدى؟ ئەمدى قانداق قىلارمەن، — دەپ يىغلايتتى قىز تۇغماس.

نەزەر كەرىزەك ئايالىنىڭ يېنىغا كېلىپ تىزلىنىپ ئولتۇردى - دە، يېڭى بىلەن كۆزىدىكى ياشلارنى ئېرتىقاچ:

— ئەر يۈرەك، باتۇر تۆت بالاڭنىڭ خۇدايىم ئۇ دۇنيالىقىنى بەرسۇن! يىغلىغان بىلەن ئورنىغا كەلمەيدۇ! تەقدىرنىڭ بۇيرۇقى شۇنداق ئوخشايدۇ، خۇدا ئىماننى سالامەت قىلسۇن؟ — دەپ ئايالنى بەزلەشكە باشلىدى.

بىر چاغدا قىز تۇغماس ئورنىدىن چاچراپ تۇردى - دە:

— مىنىڭ مىسىق جىنىم قەيەردە؟ سەن ئۇنىڭ ھەققىدە ھېچقانداق خەۋەر ئالالمىدىڭمۇ؟ — دېدى.

نەزەر كەرىزەك ئىسىگە بىر نېمە كەلگەندەك قاپاقلىرىنى تۈرگەن پېتى بىردەم جىم ئولتۇردى. ئاندىن ئاپپاق ساقىلىنى سىيپاپ قويۇپ:

— ئۇرۇشقا بارغان بارلىق ئوغۇللىرىمىزنىڭ ئىچىدە ساق قالغىنى شۇ مىسىقلا. خۇدايىتائالا ئۇنىڭغا ئۇزۇن ئۆمۈر بەرسۇن، — دېدى.

قوشنا ئاياللار كېلىپ قىز تۇغماسنى ئورنىدىن تۇرغۇزۇپ، يۆلەپ ئۆيىگە كىرگۈزۈپ قويدى. ئۇلار بار ئامال بىلەن قىز تۇغماسنى بەزلەشكە تىرىشاتتى. بىراق شۇنداق بولسىمۇ، ئۇلار قىز تۇغماسقا قوشۇلۇپ غەربكە ئاتلىنىپ، ئۇلۇغ يۈرۈشلەردە قۇربان بولغان: تۆمۈر، بۆرىباي، ياناتاق ھەمدە قىلىچنىياز قاتارلىق ئەر يۈرەك تۆت قىپچاق يىگىتنى ياد ئېتىپ ئۇن سېلىپ زار - زار يىغلىدى. ئۇستىلىرىدىكى كىيىملىرىنى يىرتىپ، يۈز - كۆزىنى تاتىلاپ، چاچلىرىنى يۇلدى.

كۆپچىلىك ئاشۇنداق يىغلاپ - قاخشىشىپ بولۇپ، بىر ئاز سەۋرى قىلدى. ئاندىن كېيىن:

— ھە راست، سەن نېمە ئولجا ئەكەلدىڭ؟ — دەپ نەزەر كەرىزەكتىن سوراشقا باشلىدى.

— مىنىڭ ئولجامنى دەمسىلەر، ئۇ قەيەردە دېمەكچىسىلەر؟ مەندە نېمە ئولجا بولاتتى! باياندارخان ئەمدى قولغا

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

باي بولدى. ئۇلار يەنە كارۋانغا ئارتىپ كۆپلەپ ئولجىلارنى ئېلىپ كەلمەكتە. ئولجىنى شۇلاردىن كۈتۈڭلار. مەن... خان ئەمەسمەن - دە! — نەزەر كەرىزەك سۆزىنى براقلا ئۈزۈپ تاشلىدى.

نەزەر كەرىزەك كەچقۇرۇنلۇقى شادا پاچاق سىرىق خورازىنىڭ گۆشىنى بىسىپ پىشۇرغان مايلىق پولوغا ئوبدان تويۇۋالغاندىن كېيىن، ئىشىك ئالدىغا چىقىپ ئات يوپۇقىنى ئاستىغا سېلىپ ئولتۇراتتى. بىردەمدە قىپچاقلار ئۇنى ئوتتۇرىغا ئېلىپ، ئۇلۇغ ئىدىل دەرياسىنىڭ نېرىسىدا ياشايدىغان، ھېچكىم بىلمەيدىغان ھەيران قالارلىق يات ئادەملەر ھەققىدىكى ۋە ئۇلارنى «خاسىيەتلىك ئەرۋاھ» ئۇلۇغ چىڭگىزخاننىڭ ئوغۇل نەۋرىسى، جوجى خاننىڭ بالىسى باتۇر ياش قوماندان باتۇخاننىڭ پۈتۈنلەي يەڭگەنلىكى ۋە بىقىندۇرغانلىقى توغرىسىدىكى ھېكايىسىنى قىزىقىپ ئاڭلاشتى.

ھاجى رەھىمنىڭ «قول يازمىلىرىدىن» كۆچۈرمە «مەيلى رۇسلارنىڭ دېھقانچىلىق دالالىرىدا، ياكى جەمجەت قېلىن ئورمانلىرىدا بولسۇن، مەيلى قىپچاقلارنىڭ پايانسىز كەڭ سەھرالىرىدا بولسۇن موڭغۇل قوشۇنلىرى دەريا - دەريا قان تۆكتى... بۇ ياۋايىلارنىڭ ياۋۇز لەشكەرلىرىگە قارشىلىق قىلغان تىنچ ئاھالىلارنىڭ تۆككەن قېنى ئۇنىڭدىنمۇ كۆپرەك بولدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى پەقەت موڭغۇللارنىڭ شۆھرىتىنى ئاشۇرۇپ، كۆپچىلىكنىڭ يۈرىكىنى مۇجۇش ئۈچۈنلا ئىشلەنگەن ئىشلار ئىدى.

جاھانگىر باتۇخاننىڭ بولغار، رۇس، بورتاش ئەللىرىنى ۋە باشقا غەرب خەلقلىرىنىڭ يەرلىرىنى بېسىۋېلىش ئۈچۈن قىلغان بىرىنچى سەپىرى تاتار لەشكەرلىرىنىڭ قىپچاق سەھراسىغا قايتىپ كېلىشى بىلەن ئاخىرلاشتى. بىراق چىڭگىزنىڭ

نەۋرىسى بولغان بۇ ياش قوماندانىنىڭ ئالدىغا قويغان ئۇلۇغ مەقسىتى بۇنىڭ بىلەن ئاياغلاشقىنى يوق. باتۇخان قىپچاق يەرلىرىدە ئىككى يىلچە تۇرۇپ، سەپەر داۋامىدا ئورۇقلاپ، ھېرىپ قالغان موڭغۇل ئاتلىرىنى دەم ئالدۇرۇپ، يەر - جاھاننى بىر ئالغان سانسىز نۇرغۇن لەشكەرلىرىنى باشلاپ غەربكە قاراپ داغدۇغا بىلەن قايتا ئاتلاندى. ئۇ يەرلەردىكى خەلقلەرنىمۇ قىرىپ - چېپىپ، دەسسەپ - يانجىپ قانلىق ۋەيرانچىلىققا دۇچار قىلدى.

بىراق بۇ ۋەقەلەر توغرىسىدا مەن باشقا بىر كىتابىمدا بايان قىلغانىدىم. شۇڭا بىلىمگە تەشنا ئوقۇغۇچىمغا ئاشۇ كىتابىمنى ئوقۇشنى تەۋسىيە قىلىمەن. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇنىڭ ئۇزۇن ۋاقىت تىنچ خاتىرجەم ئۆمۈر كۆرۈشىنى، ھېچقانداق قايغۇ - ھەسرەت چەكمەي ئازاب - ئوقۇبەتلەر كۆرمەي، تىنچ ياتقان خەلقلەرنىڭ ئۈستىگە قارا بۇلۇتتەك تۇيۇقسىز باستۇرۇپ كېلىدىغان دەھشەتلىك ئۇرۇشتىن ئامان - ئېسەن بولۇپ، مۇراد - مەقسەتلىرىگە يېتىشىنى تىلەيمەن...».

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

بۇ كىتاب سوۋېت ئىتتىپاقى قازاقىستان دۆلەتلىك بەدىئىي ئەدەبىيات نەشرىياتى ئالمۇتا 1950 - يىل قازاقچە نەشرىگە ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

本书根据苏联哈萨克斯坦国立艺术出版社阿拉木塔1950年哈文版本翻译出版。

责任编辑：阿布力米提·伊明

拔都汗　　（维吾尔文）

〔苏〕米·格雅尼　著

阿布都瓦力·木克衣提　译

新疆人民出版社出版

（乌鲁木齐市建中路54号）

新疆新华书店发行　新疆新华印刷二厂印刷

850×1168毫米　32开本　27.5印张　1插页

1988年2月第1版　1988年5月第1次印刷

印数：1—7.500

ISBN7—228—00166—4/I·63　定价：3.75元



ISBN7－228－00166－4
I.63（民文） 定价：3.75元